بسم الله الرحمن الرحيم

# جواهر التفاسير

**مختارات من جواهر التفاسير التالية:**

الطبري، القرطبي، ابن كثير، البغوي، الجلالين، تيسير الكريم الرحمن في تفسير كلام المنان، التفسير الواضح، تفسير الشعراوي، التفسير الميسر، المختصر في التفسير، التحرير والتنوير، صفوة التفاسير، أيسر التفاسير لكلام العلي الكبير، التفسير الكبير للرازي.

محمد يوسف محمد تورسون

٣

من سورة المائدة إلى سورة الأعراف

# تەپسىر جەۋھەرلىرى

تەپسىرى تەبەرىي، تەپسىرى قۇرتۇبىي، تەپسىرى ئىبنى كەسىر، تەپسىرى بەغەۋىي، تەپسىرى جەلالەين، تەپسىرى سەئدىي، تەپسىرى ۋازىه، تەپسىرى شەئراۋىي، تەپسىرى مۇيەسسەر، تەپسىرى مۇختەسەر، تەپسىرى ئىبنى ئاشۇر، سەفۋەتۇتتەفاسىر، تەپسىرى جەزائىرىي، تەپسىرى رازىي قاتارلىق تەپسىرلەرنىڭ جەۋھەرلىرى تاللاپ ئېلىنغان.

مۇھەممەد يۈسۈپ مۇھەممەد تۇرسۇن

3

مائىدە سۈرىسىدىن ئەئراف سۈرىسىگىچە

# تەپسىر جەۋھەرلىرى

## جواهر التفاسير

تەپسىرى تەبەرىي، تەپسىرى قۇرتۇبىي، تەپسىرى ئىبنى كەسىر، تەپسىرى بەغەۋىي، تەپسىرى جەلالەين، تەپسىرى سەئدىي، تەپسىرى ۋازىھ، تەپسىرى شەئراۋىي، تەپسىرى مۇيەسسەر، تەپسىرى مۇختەسەر، تەپسىرى ئىبنى ئاشۇر، سەفۋەتۇتتەفاسىر، تەپسىرى جەزائىرىي، تەپسىرى رازىي قاتارلىق تەپسىرلەرنىڭ جەۋھەرلىرى تاللاپ ئېلىنغان.

مختارات جواهر كل من التفاسير: الطبري، القرطبي، ابن كثير، البغوي، الجلالين، تيسير الكريم الرحمن في تفسير كلام المنان، التفسير الواضح، تفسير الشعراوي، التفسير الميسر، المختصر في التفسير، التحرير والتنوير، صفوة التفاسير، أيسر التفاسير لكلام العلي الكبير، التفسير الكبير للرازي.


**مۇھەممەد يۇسۇپ مۇھەممەد تۇرسۇن**

محمد يوسف محمد تورسون



ئۈچىنچى توم | المجلد الثالث

بىرىنچى نەشرى | الطبعة الأولى

2024م / 1446ھ

ISBN:978-625-00-1246-8

شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى نەشر قىلدى

ئىستانبۇل-تۈركىيە

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

﴿وَأَنزَلۡنَآ إِلَيۡكَ ٱلذِّكۡرَ لِتُبَيِّنَ لِلنَّاسِ مَا نُزِّلَ إِلَيۡهِمۡ وَلَعَلَّهُمۡ يَتَفَكَّرُونَ﴾

﴿(ئى پەيغەمبەر!) بىز ساڭا بۇ قۇرئاننى ئىنسانلارغا چۈشۈرۈلگەن (ئەھكاملار)نى بايان قىلىپ بەرسۇن، ئۇلار تەپەككۇر قىلسۇن دەپ نازىل قىلدۇق﴾

نەھل سۈرىسى: 44 ـ ئايەت.

﴿وَإِذۡ أَخَذَ ٱللَّهُ مِيثَٰقَ ٱلَّذِينَ أُوتُواْ ٱلۡكِتَٰبَ لَتُبَيِّنُنَّهُۥ لِلنَّاسِ وَلَا تَكۡتُمُونَهُۥ﴾

﴿ئۆز ۋاقتىدا، ئاللاھ كىتاب بېرىلگەنلەردىن «كىتابنى كىشىلەرگە چوقۇم بايان قىلىپ بېرىسىلەر ۋە يوشۇرمايسىلەر» دەپ ئەھدە ئالغان ئىدى﴾

ئال ئىمران سۈرىسى: 187 ـ ئايەت.

تەپسىرنى كۆرۈپ چىققۇچىلار:
دوكتور ئابدۇلئەزىز رەھمەتۇللاھ
ئۇستاز ئابدۇلئەھەد ھاپىز
مۇھەممەد ئۆمەر قارىھاجىم
مۇھەممەد ئەمىن (بىشارەت) قارىھاجىم
ئۇستاز ئۇبۇلقاسىم ئەھمەدى
ئابدۇررازاق قارىھاجىم

ئەدەبىي تەھرىرلەر:
ئابدۇلئەزىز ئاقھۇن
ئالماس ھاجىم
ئىسمايىل قادىر ھاجىم
ئەلانۇر ئەتتار خانىم

لايىھەلىگۈچى: ئا. ئاقھۇن

بۇ تەپسىر پالۋان مەرپەت فوندىنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمى بىلەن شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى تەرىپىدىن نەشر قىلدۇرۇلدى.

# مۇندەرىجە

مائىدە سۈرىسى...009

ئەھدىگە ۋاپا قىلىش...009
هارام قىلىنغان يېمەكلىكلەر...015
هارام قىلىنغان ئون تۈرلۈك نەرسە...017
هالال قىلىنغان يېمەكلىكلەر...023
تاھارەت، غۇسلى ۋە تەيەممۇم...033
تاھارەتنىڭ پەرزلىرى...035
تاھارەتنى بۇزىدىغان ئامىللار...037
تاھارەت بىلەن غۇسلىنىڭ ھېكمەتلىرى...038
قېتىرقىنىپ ئىشلەش، ئادالەت بىلەن گۇۋاھلىق بېرىش...040
يەھۇدىيلارنىڭ ئەھدىنى بۇزۇشى...044
«قۇرئان كەرىم» ۋە ئەھلى كىتابنىڭ يوشۇرغانلىرى...050
خىرىستىيانلارنىڭ ئەقىدىسى ھەققىدە ئۇلار بىلەن مۇنازىرە...053
يەھۇدىيلارنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا تۇتقان پوزىتسىيەسى...061
تارىختا تۇنجى قېتىملىق قاتىللىق جىنايىتى...066
قاراقچىلارنىڭ جازاسى...072
ئاخىرەتتە نىجات تېپىشنىڭ ئاساسى...076
ئوغرىلىقنىڭ جازاسى...080
يەھۇدىيلار ۋە ئۇلارنىڭ «تەۋرات»قا قارىتا پوزىتسىيەسى...083
تەۋراتتىكى ئىلاھىي ھۆكۈملەردىن يۈز ئۆرۈگەن يەھۇدىيلار...089
ئاللاھ تائالانىڭ كىتابى بىلەن ھۆكۈم قىلىش...095
يەھۇدىي ۋە خىرىستىيانلارغا تەرەپدار بولۇشنىڭ ئاقىۋىتى...100
مۇرتەدلەر ۋە ئۇلارغا قارشى كۈرەش قىلغۇچىلار...105
ئۆز ۋاقتىدا مۇرتەد بولغان قەبىلىلەر...106

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا مۇرتەد بولغان قەبىلىلەر .... 106
ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زامانىدا مۇرتەد بولغان قەبىلىلەر 107
كاپىرلارنىڭ تەرىپىنى ئېلىشتىن مەنئى قىلىشنىڭ سەۋەبى ............ 109
يەھۇدىيلارنىڭ رەزىللىكى ۋە ئىككى دۇنيالىق سائادەت يولى ............ 115
پەيغەمبەرلەرنىڭ دىننى يەتكۈزۈش ۋەزىپىسى ................................ 120
يەھۇدىيلارنىڭ قاباھەتلىرىدىن ................................................ 126
خرىستىيانلارنىڭ نەزىرىدىكى ئىلاھ ........................................... 129
«قۇرئان كەرىم»نىڭ مەسىھ ھەققىدىكى مەۋقەسىنىڭ خۇلاسىسى .. 133
«ئىنجىل» دىكى مەنىسى مۇئەييەن ئەمەس تېكىستلەر .................. 135
خرىستىيانلاردىكى بۇزغۇنچىلىقنىڭ سەۋەبلىرى ............................ 137
يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىيانلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا تۇتقان
پوزىتسىيە-سى ................................................................... 143

## يەتتىنچى پارە

دىندا ئاشقۇنلۇق قىلىشنىڭ ھاراملىقى ........................................ 150
قەسەم ۋە ئۇنىڭ كاپارىتى .......................................................... 154
ھاراق ئىچىش ۋە قىمار ئويناشنىڭ گۇناھى .................................. 158
ھاراق بىلەن داۋالىنىش مەسىلىسى .............................................. 164
ئېھرامدا تۇرۇپ ئوۋ ئوۋلاشنىڭ جازاسى ........................................ 165
كەئبە، ھەج ئايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئىسلام نەزىرىدىكى ئورنى .............. 172
رىغبەتلەندۈرۈش ۋە ئاگاھلاندۇرۇش ............................................. 175
زىيانلىق سوئاللار .................................................................. 178
جاھىلىيەتنىڭ خۇراپاتلىرىدىن مىساللار ........................................ 181
ئەمر- مەرۇپ، ۋەز-نەسىھەت توغرىسىدا ....................................... 184
ئۆلۈش ئالدىدا ۋەسىيەتكە گۇۋاھچى چاقىرىش مەسىلىسى ................. 188
قىيامەتنىڭ ئەھۋاللىرىدىن ........................................................ 192
ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن مۆجىزىلەر ................................... 194
ئاسماندىن چۈشۈرۈلگەن داستىخان ................................................ 198
ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ خرىستىيانلارنىڭ تۆھمەتلىرىدىن
پاكلىقى ............................................................................ 201
ئەنئام سۈرىسى ..................................................................... 207

ئەنئام سۈرىسىنىڭ ئالدىنقى سۈرە (مائىدە سۈرىسى) بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ........ 208
ئاللاھنىڭ بىرلىكى، ئىلمىنىڭ كەڭلىكى ۋە قىيامەتنىڭ بايانى ........ 208
كۇفرىلىقنىڭ سەۋەبلىرى ۋە كاپىرلارنىڭ شۈبھىلىرىگە رەددىيە ........ 213
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تەسەللى ........ 219
ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكى ۋە ئاخىرەتنىڭ ھەقلىقى ........ 221
ئىلاھىي قۇدرەتنىڭ كۆرۈنۈشلىرى ۋە ئاللاھنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا گۇۋاھلىقى ........ 227
ھەقىقەتنى يوشۇرۇشنىڭ ۋە ئاللاھ نامىدىن يالغان ئېيتىشنىڭ گۇناھى ........ 231
مۇشرىكلارنىڭ بەزى قىلمىشلىرى ........ 235
مۇشرىكلارنىڭ قىيامەتتىكى ئەھۋالى ........ 238
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەسەللى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ كائىناتتىكى قانۇنىيىتى ........ 243
ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىنىڭ ئالامەتلىرى ........ 250
ئىنسانلارنىڭ قىيىنچىلىقلاردا ئاللاھ تائالاغا يۈزلىنىدۇ ........ 252
ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىنىڭ دەلىللىرى ........ 257
پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋەزىپىسى ........ 260
ئاللاھ تائالانىڭ شەيئىتىدىن ئۆرنەكلەر ........ 268
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇشرىكلارغا قارشى مەۋقەسى ........ 270
ئاللاھ تائالانىڭ ئىلمىنىڭ چەكسىزلىكى ........ 274
قۇدرەت ۋە رەھمەتنىڭ نامايەندىلىرى ........ 279
قۇرئاننى مەسخىرە قىلغۇچىلار ۋە ئۇلارنىڭ جازاسى ........ 285
ئىسلام ۋە شېرىك ئەقىدىسى ........ 291
ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇشرىكلارنى مات قىلىشى ........ 295
ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز قەۋمى بىلەن ئېلىپ بارغان مۇنا-زىرىسى ........ 301
پەيغەمبەرلەرنىڭ پېشۋاسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ مەرتىۋىسى ........ 306
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىنىڭ ھەقلىقى ........ 311
ئاللاھ تائالانىڭ نامىدىن يالغاننى توقۇشنىڭ يامان ئاقىۋىتى ........ 316

ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتى ۋە رەھمىتىنىڭ ئالامەتلىرى.......318
مۇشرىكلارنىڭ ئاللاھ نامىدىن ئىپتىقان يالغانلىرىغا رەددىيە.......325
پەيغەمبەرلىككە مۇناسىۋەتلىك ھەقىقەتلەر.......328
كاپىرلارنىڭ مەبۇدلىرىنى تىللاشنىڭ مەنئى قىلىنىشى.......331

## سەككىزىنچى پارە

مۇشرىكلارنىڭ تەلەپلىرىگە رەددىيە.......336
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق.......339
ئاللاھتىن باشقىسىنىڭ نامىنى ئاتاپ بوغۇزلىغان مالنىڭ ھاراملىقى.......343
مۇئمىن بىلەن كاپىرنىڭ مىسالى.......347
مۇشرىكلارنىڭ مەغرۇرلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتى.......349
ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزگەرمەس قانۇنىيىتى ۋە ھەق دىنى.......352
كائىنات قانۇنىيەتلىرى ۋە ئاخىرەت ئەھۋالىدىن بەزى بايانلار.......356
ئاگاھلاندۇرۇش.......363
جاھىلىيەت ئەرەبلىرىنىڭ بەزى ئادەتلىرى.......366
ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتى ۋە مۇشرىكلارغا رەددىيە.......372
«قۇرئان كەرىم» ۋە «تەۋرات»تا ھارام قىلىنغان يېمەكلەر.......379
مۇشرىكلارنىڭ سەپسەتىلىرى.......383
ھالال-ھارام پرىنسىپلىرى ۋە ئىسلامدىكى پەزىلەتلەر.......387
«قۇرئان كەرىم»گە ئىمان ئېيتقانلار ۋە ئۇنى ئىنكار قىلغانلار.......395
كاپىرلارنى ئاگاھلاندۇرۇش.......399
تەرىقچىلىكنىڭ ئاقىۋىتى ۋە ياخشى ئەمەلنىڭ مۇكاپاتى.......403
تەۋھىد ۋە ئىخلاس.......407
ئاللاھ تائالانىڭ كائىناتتىكى قانۇنىيىتى.......411

### ئەئراف سۈرىسى

ئەئراف سۈرىسى.......415
«قۇرئان كەرىم» ۋە ئۇنى ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ ئاقىۋىتى.......415
ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلارغا قىلغان ئاتا-ئېھسانى.......423
ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ جەننەتتىكى ئورنى ۋە ئۇنىڭدىن

چىقىرىلىشى ............ 427
ئاللاھ تائالانىڭ بىزگە ئاتا قىلغان نېمەتلىرى ............ 432
مۇشرىكلارنىڭ سەپسەتىلىرى ............ 435
يېمەك-ئىچمەك ۋە كىيىم كېچەك ھەققىدە كۆرسەتمىلەر ............ 439
ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە ھارام قىلغان نەرسىلەر ............ 443
پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋەزىپىسى ۋە ياخشى ئەمەلنىڭ نەتىجىسى ............ 446
ئاللاھ نامىدىن يالغان ئېيتىشنىڭ ئاقىۋىتى ۋە قىيامەتنىڭ
ئەھۋالى ............ 448
كاپىرلارنىڭ جازاسى ............ 451
مۇئمىنلەرنىڭ مۇكاپاتى ............ 455
جەننەت ئەھلى بىلەن دوزاخ ئەھلى ئوتتۇرىسىدىكى دىيالوگ ............ 458
سېپىل ئۈستىدىكىلەر بىلەن دوزاخ ئەھلى ئوتتۇرىسىدا دىيالوگ ............ 462
قىيامەتنىڭ كۆرۈنۈشلىرىدىن بىر كۆرۈنۈش ............ 463
كاپىرلارنىڭ جازاسى ۋە ئارمانلىرى ............ 466
ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكى ۋە دۇئانىڭ ئەدەبلىرى ............ 468
ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشنىڭ دەلىللىرى ............ 472
نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى ............ 475
ھۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى ............ 479
ئاد قەۋمى ھەققىدە قىسقىچە بايان ............ 481
سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى ............ 485
سەمۇد قەۋمى ھەققىدە قىسقىچە بايان ............ 487
لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى ............ 492
بەچچىۋازلىقنىڭ جازاسى ............ 495
شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى ............ 496
شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ پوزىتسىيەسى ............ 500

## توققۇزىنچى پارە

كاپىرلارنىڭ ئاقىۋىتى ............ 503
ئاللاھ تائالانىڭ ئۈممەتلەرگە تۇتقان يولى ............ 507
مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى ............ 510
مۇسا ئەلەيھىسسالام ۋە پىرئەۋننىڭ سېھىرگەرلىرى ............ 517

پىرئەۋن تەۋەلىرى بىلەن ئىسرائىل ئەۋلادى ئوتتۇرىسىدا بولغان ئىشلار ..... 521
ئاسىيلارنىڭ بۇ دۇنيادىكى جازاسى ..... 524
كۇفرىنىڭ ئاقىۋىتى ۋە ئاللاھنىڭ جازاسى ..... 528
ئاللاھ تائالانىڭ ئىسرائىل ئەۋلادىغا ئاتا قىلغان نېمەتلىرى ..... 530
ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ تۇزكورلۇقى ..... 532
مۇسا ئەلەيھىسسالامغا تەۋراتنىڭ بېرىلىشى ..... 536
كۇفرىنىڭ ھەقىقىي سەۋەبى ..... 541
موزايغا چوقۇنۇش قىسسىسى ۋە مۇسا ئەلەيھىسسالام ..... 544
مۇسا ئەلەيھىسسالامغا دۇئا ئەسناسىدا بولغان ئىشلار ..... 548
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنى ۋە ئۇنىڭغا ئىشەنگۈچىلەر ..... 551
ئاللاھ تائالانىڭ ئىسرائىل ئەۋلادىغا ئاتا قىلغان بەزى نېمەتلىرى ..... 557
ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلغۇچىلارنىڭ ئاقىۋىتى ..... 561
يەھۇدىيلارنىڭ بۇ دۇنيادىكى ئەھۋالى ..... 567
ئادەم ئەۋلادىدىن ئېلىنغان ئومۇمىي ئەھدە ..... 572
ئازغۇنلارنىڭ ئەھۋالى ..... 576
دوزاخ ئەھلىنىڭ سۈپىتى ..... 579
ئاللاھ تائالانىڭ گۈزەل ئىسىملىرى ..... 582
ھىدايەت تاپقۇچىلار ۋە ئازغۇنلار ..... 585
قىيامەتنىڭ ۋاقتىنى پەقەتلا ئاللاھ بىلىدۇ ..... 589
پەيغەمبەرمۇ ئاللاھقا موھتاج ئىنساندۇر ..... 591
ئىنسان ئەنە شۇنداق تۇزكور مەخلۇقتۇر ..... 593
بۇتلارنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى ..... 597
شەيتاننىڭ يامانلىقىدىن ساقلىنىش چارىسى ..... 600
«قۇرئان كەرىم»نىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغانلىقى ..... 605
«قۇرئان كەرىم»نى ئاڭلاشنىڭ ۋە زىكرىنىڭ ئەدەبلىرى ..... 606

# مائىدە سۈرىسى

مائىدە سۈرىسى 120 ئايەتلىك سۈرە بولۇپ، 3-ئايەتتىن باشقا ئايەتلىرىنىڭ ھەممىسى مەدىنىدە نازىل بولغان. ئىمام بۇخارىي بىلەن ئىمام مۇسلىم ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: «مەن بۇ ئايەتنىڭ قايسى كۈنى نازىل بولغانلىقىنى بىلىمەن. بۇ ئايەت ئەرەپات كۈنى نازىل بولغان. ئۇ كۈن جۈمە كۈنى ئىدى»[1] دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: ئەھدىلەرگە ۋاپا قىلىشقا، دىنىنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلىشقا، ئۇنىڭ چەك-چېگراسىغا رىئايە قىلىشقا دەۋەت قىلىش ۋە دىنىنىڭ ئەھكاملىرىنىڭ مۇكەممەللەشكەنلىكىنى بىلدۈرۈشتىن ئىبارەتتۇر.

مائىدە-داستىخان دېگەن مەنىدە بولۇپ، 112-ۋە 114-ئايەتلىرىدە، ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا، ئاسماندىن چۈشۈرۈلۈشى تەلەپ قىلىنغان داستىخان توغرۇلۇق توختالغانلىقى ئۈچۈن، بۇ سۈرە ﴿المائدة﴾ «مائىدە» دەپ ئاتالغان.

بۇ سۈرىمۇ نىسا سۈرىسىگە ئوخشاشلا بىر قانچىلىغان ئەھدە-مىساقلارنى، شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ۋە ھالال-ھارام مەسىلىسىنى بايان قىلغان. بۇ سۈرىدە يەنە ئەھلى كىتاب بىلەن مۇناپىقلار ھەققىدە بايانلار كەلگەن. نىسا سۈرىسى ھاراقنى ھارام قىلىشنىڭ مۇقەددىمىسىنى باشلىغان بولسا، مائىدە سۈرىسىدە ھاراق كەسكىن ھارام قىلىنغان.

## ◄ ئەھدىگە ۋاپا قىلىش

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ أَوۡفُواْ بِٱلۡعُقُودِۚ أُحِلَّتۡ لَكُم بَهِيمَةُ ٱلۡأَنۡعَٰمِ

[1] «صحيح البخاري» 9-توم، 91-بەت، 7268 - ھەدىس.

إِلَّا مَا يُتْلَىٰ عَلَيْكُمْ غَيْرَ مُحِلِّي ٱلصَّيْدِ وَأَنتُمْ حُرُمٌۗ إِنَّ ٱللَّهَ يَحْكُمُ
مَا يُرِيدُ ۞١ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ لَا تُحِلُّوا۟ شَعَٰٓئِرَ ٱللَّهِ وَلَا ٱلشَّهْرَ
ٱلْحَرَامَ وَلَا ٱلْهَدْىَ وَلَا ٱلْقَلَٰٓئِدَ وَلَآ ءَآمِّينَ ٱلْبَيْتَ ٱلْحَرَامَ يَبْتَغُونَ
فَضْلًا مِّن رَّبِّهِمْ وَرِضْوَٰنًاۚ وَإِذَا حَلَلْتُمْ فَٱصْطَادُوا۟ۚ وَلَا يَجْرِمَنَّكُمْ
شَنَـَٔانُ قَوْمٍ أَن صَدُّوكُمْ عَنِ ٱلْمَسْجِدِ ٱلْحَرَامِ أَن تَعْتَدُوا۟ۘ وَتَعَاوَنُوا۟
عَلَى ٱلْبِرِّ وَٱلتَّقْوَىٰۖ وَلَا تَعَاوَنُوا۟ عَلَى ٱلْإِثْمِ وَٱلْعُدْوَٰنِۚ وَٱتَّقُوا۟ ٱللَّهَۖ إِنَّ
ٱللَّهَ شَدِيدُ ٱلْعِقَابِ ۞٢

### ◄ تەرجىمىسى

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1ـ ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئەھدىلەرگە ۋاپا قىلىڭلار. (بۇ سۈرىدە تۆۋەندە ئوقۇپ بېرىلىدىغانلاردىن باشقا چارۋىلارنىڭ ھەممىسى سىلەرگە ھالال قىلىندى. لېكىن سىلەر ئېھرام (ياكى ھەرەم دائىرىسى) دا بولغىنىڭلاردا ئوۋ ئوۋلاشنى ھالال سانىماڭلار. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئۆز ئىرادىسى بويىچە ھۆكۈم قىلىدۇ.

2ـ ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھنىڭ دىنىنىڭ ئالامەتلىرىگە، ئۇرۇش قىلىش ھارام قىلىنغان ئايغا، قۇربانلىق مالغا، (قۇربانلىق مالغا) ئېسىپ قويۇلغان بويۇنچۇقلارغا، رەببىنىڭ پەزلىنى ۋە رازىلىقىنى تىلەپ بەيتۇللاھقا كەلگۈچىلەرگە چېقىلىشنى ھالال سانىماڭلار. ئېھرامدىن چىققان چېغىڭلاردا ئوۋ ئوۋلىساڭلار بولىدۇ، بىرەر قەۋمنىڭ سىلەرنى مەسجىدى ھەرەمدىن توسقانلىقىدىن كېلىپ چىققان ئۆچمەنلىكىڭلار ھەرگىزمۇ ھەددىڭلاردىن ئېشىشىڭلارغا ئېلىپ بارمىسۇن، ياخشى ئىشقا ۋە تەقۋادارلىققا ھەمكارلىشىڭلار، گۇناھقا ۋە زۇلۇمغا ھەمكارلاشماڭلار، ئاللاھتىن قورقۇڭلار. چۈنكى، ئاللاھنىڭ ئازابى قاتتىقتۇر.

### ◄ تەپسىرى

بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ بارلىق مۇسۇلمانلارغا ئۇقتۇرۇشىدۇر. ئى ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەن،

دىللىرى ئىمان بىلەن بېزەلگەن، شەيتاننىڭ يولىغا ئەگىشىشتىن يىراق بولغان مۆئمىنلەر! سىلەر قىلىشقان ئەھدىلەرگە ۋاپا قىلىڭلار، ئاللاھ تائالا بىلەن سىلەرنىڭ ئوتتۇراڭلاردىكى ئەھدەڭلارغا (يەنى ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداپ، توسقانلىرىدىن يېنىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا تەقۋادارلىق قىلىشتىن ئىبارەت مەجبۇرىيىتىڭلارغا) رىئايە قىلىڭلار، سىلەرنىڭ ئۆز ئاراڭلاردىكى ئېلىم-سېتىم، نىكاھ، توختام ۋە كېلىشىم قاتارلىق ئەھدىلىرىڭلارغا، شۇنداقلا ئۆزۈڭلارغا ئۆزۈڭلار بەرگەن ۋەدىلىرىڭلارغا ۋاپا قىلىڭلار. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «الْمُسْلِمُونَ عِنْدَ شُرُوطِهِمْ» يەنى «مۇسۇلمانلار ئۆزى قويغان شەرتلەرگە ئەمەل قىلىشى كېرەك»[1] دەپ كۆرسەتكەن. بۇنىڭغا ئاساسەن دېيىمىزكى، تۈزۈلگەن ھەرقانداق ئەھدە ۋە كېلىشىملەرگە ۋاپا قىلىش پەرزدۇر.

«قۇرئان كەرىم» بۇ يەردە ئەلمىساقتا بىزدىن ئېلىنغان ئەھدىلەرنى ۋە بىزنىڭ ئەھدىلەرگە ۋاپا قىلىشىمىزغا تۈرتكە بولىدىغان نېمەتلەرنى بايان قىلىدۇ.

تۆۋەندە بايان قىلىنىدىغان 10 تۈرلۈك ھارامدىن باشقا، تۆگە، كالا، قوي ۋە ئۆچكە قاتارلىق چارۋىلارنى ئاللاھ تائالانىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ بوغۇزلاپ، گۆشىنى يېيىش سىلەرگە ھالال قىلىندى.

گۆشىنى يېيىش ھارام قىلىنغان ھايۋانلار: ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋان، قان، چوشقا گۆشى، ئاللاھ تائالادىن باشقىسىنىڭ نامى بىلەن بوغۇزلانغان، بوغۇپ ئۆلتۈرۈلگەن، ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەن، ئېگىزدىن يىقىلىپ ئۆلگەن، ھايۋانلار تەرىپىدىن ئۈسۈپ ئۆلتۈرۈلگەن، يىرتقۇچ ھايۋانلار يىرىپ ئۆلتۈرۈپ يېگەن ھايۋان ۋە ھەرقانداق يىرتقۇچ ھايۋانلاردۇر.

شۇنىڭدەك، سىلەر ئېھرام ئىچىدە ياكى ھەرەمدە بولغان ۋاقىتىڭلاردا سىلەرگە ئوۋ ئوۋلاش ۋە ئۇنىڭ گۆشىدىن يېيىش ھارام قىلىندى. ھەج ياكى ئۆمرىگە ئېھرام باغلىغاندىن كېيىن، مەيلى ھەرەمدە بولسۇن، مەيلى ھەرەمنىڭ سىرتىدا بولسۇن، ئوۋ ئوۋلاش ھارام قىلىنغاندەك، ئېھرام باغلىمىغان بولسىمۇ ھەرەمنىڭ چېگراسى (ھۇدۇدى) ئىچىدە بولغان كىشىنىڭ ئوۋ ئوۋلىشى ۋە ئوۋنىڭ گۆشىنى يېيىشى ھارامدۇر. ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھ تائالا ھالال ۋە ھارامنى بەلگىلەش ئىشلىرىدا ئۆز ھېكمىتى ۋە ئادالىتىگە ئاساسەن، ئۆز ئىرادىسى ۋە خاھىشى بويىچە ھۆكۈم قىلىدۇ.

---

[1] «صحيح البخاري» 3-توم، 92- بەت.

ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنىڭ ئالامەتلىرىنى ئاياق ئاستى قىلماڭلار، ئۇلارنى ھەرگىزمۇ ئاددىي سانىماڭلار. خۇسۇسەن ھەج ئىبادەتلىرىنىڭ ۋە ھەج ئىبادىتى قىلىنىدىغان مۇقەددەس جايلارنىڭ ھۆرمىتىنى دەپسەندە قىلماڭلار. مۇسۇلمانلارنىڭ ھەج ئىبادەتلىرىنى ئادا قىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلماڭلار. ئۇرۇش قىلىش چەكلەنگەن زۇلقەئدە، زۇلھەججە، مۇھەررەم ۋە رەجەب قاتارلىق ئايلارنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلاڭلار. بۇ ئايلاردا ھېچكىمگە ئۇرۇش ئاچماڭلار، ناۋادا دۈشمەنلەر ئۇرۇش قىلىش چەكلەنگەن بۇ ئايلاردا سىلەرگە قارشى ئۇرۇش ئاچسا، سىلەرمۇ ئۇلارغا زەربە بېرىڭلار. مۇپەسسىرلەر زۇلقەئدە، زۇلھەججە، مۇھەررەم ۋە رەجەب قاتارلىق تۆت ئايدا ئۇرۇش قىلىشنىڭ چەكلەنگەنلىكى ھەققىدىكى ھۆكۈم ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانمۇ ياكى ھۆكمى باقىيمۇ دېگەن مەسىلىدە ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، بەزىسى، بۇ ئايلاردا ئۇرۇش باشلاش ھارامدۇر، ئەمما دۈشمەنلەر ئۇرۇش ئاچقان بولسا، ئۇلارغا رەددىيە بېرىش ھارام ئەمەس، دەپ قارايدۇ. «كۆپ سانلىق مۇپەسسىرلەر ئايەتتىكى چەكلىمە ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان دەپ قارايدۇ»[1]. ئەمما سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ سابىق مۇپتىسى ئەللامە ئىبنى باز مۇنداق دېگەن: «ئۆلىمالار مەزكۇر تۆت ئايدا ئۇرۇش قىلىش مەسىلىسىدە ئىككى خىل قاراشتا بولغان بولۇپ، بەزىسى، ئۇرۇش قىلىشنىڭ چەكلەنگەنلىكى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان دەپ قارايدۇ، يەنە بەزىسى، ئەمەلدىن قالدۇرۇلمىغان دەپ قارايدۇ، كېيىنكىلەرنىڭ قارىشى دەلىل جەھەتتىن كۈچلۈكتۇر»[2].

كەئبىگە ئاتالغان قۇربانلىقلارغا چېقىلماڭلار، ئۇلارنى تارتىۋېلىش ياكى يولىنى توسۇش بىلەن زىيانكەشلىك قىلماڭلار. خۇسۇسەن، ھەجدە قۇربانلىق قىلىشقا ئاتالغان ھايۋانلارنىڭ بويۇنلىرىغا ئېسىپ قويۇلغان بويۇنچۇقلارغا (يەنى مەخسۇس بەلگىلەرگە) قەتئىي چېقىلماڭلار. ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى ئىزدەپ ھەج ياكى ئۆمرە ئۈچۈن كەلگۈچىلەرگە چېقىلماڭلار. ئاللاھ تائالا شۇنى ئەسكەرتىدۇكى، ھەج قىلىدىغان ۋاقىتلار ۋە ھەج ئىبادىتى قىلىنىدىغان جايلار پۈتۈنلەي ئامانلىق، خاتىرجەملىك ئىچىدە بولۇشى لازىم. ھاجىلار ياكى ئۆمرە قىلغۇچىلار جېنىغا ياكى پۇل-مېلىغا بىرەر خەۋپ يېتىپ قېلىشىدىن قىلچە ئەنسىرىمىگەن ۋە ئاللاھ تائالانىڭ پەزلىنى تەلەپ قىلىشتىن باشقا ھېچقانداق غېمى بولمىغان ھالدا، ئىبادەتلىرىنى بىمالال ئادا قىلىشى ئۈچۈن ئۇلارنى

---

[1] «روح المعاني» 10- توم، 91- بەت.

[2] «مجموع فتاوى ابن باز» 18- توم، 433- بەت.

قوغداش ۋە ئۇلارغا شۇنداق مۇناسىپ شارائىتنى ھازىرلاپ بېرىش ھەربىر مۇسۇلماننىڭ دىنىي بۇرچىدۇر.

سىلەر ئېھرامدىن ۋە ھەرەمنىڭ دائىرىسىدىن چىققاندىن كېيىن، خالىغان جايدىن خالىغانچە ئوۋ ئوۋلىساڭلار ۋە گۆشىنى يېسەڭلار سىلەر ئۈچۈن ھالالدۇر. چۈنكى، سىلەر ئېھرامدا ياكى ھەرەم دائىرىسىدە بولمىغان ئىكەنسىلەر، ئوۋ ئوۋلاشتا سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. مۇشرىكلارنىڭ سىلەرنى ھۇدەيبىيە كېلىشىمى بولغان يىلى مەسجىدى ھەرەمگە كىرىشتىن توسقانلىقى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئۆچمەنلىكىڭلار سىلەرنى ھەددىڭلاردىن ئېشىشىڭلارغا ئېلىپ بارمىسۇن، ئۇلارنى ئەپۇ قىلىڭلار، ئۇلارغا ئادالەت بىلەن مۇئامىلە قىلىڭلار.

ياخشى ئىشلارغا ۋە ياخشىلىققا سەۋەب بولىدىغان ئىشلارغا ياردەم قىلىڭلار، ئىسلام شەرىئىتىنىڭ «قىل» ۋە «قىلما» دېيىش ئاساسىدا سىلەردىن تەلەپ قىلغانلىرى ھەقىقەتەن كۆڭۈلنى خاتىرجەم قىلىدىغان، ئادەمنى ياخشى ئاقىۋەتلەرگە ئېلىپ بارىدىغان ئەمر-پەرمانلاردۇر. گۇناھ ۋە دۈشمەنلىك ئىشلىرىغا ياردەملەشمەڭلار. شۇنداقلا، باشقىلارنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىغا تاجاۋۇز قىلىشقا ياردەملەشمەڭلار.

﴿ياخشى ئىشقا ۋە تەقۋادارلىققا ھەمكارلىشىڭلار، گۇناھقا ۋە زۇلۇمغا ھەمكارلاشماڭلار﴾ دېگەن بۇ ئايەت پۈتۈن ياخشىلىق - يامانلىق، ساۋاب-گۇناھ ئىشلارنى ئىنتايىن ئىخچام ھالدا ئۆز ئىچىگە ئالغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «الْبِرُّ حُسْنُ الْخُلُقِ ، وَالْإِثْمُ مَا حَاكَ فِي صَدْرِكَ ، وَكَرِهْتَ أَنْ يَطَّلِعَ عَلَيْهِ النَّاسُ» يەنى «ياخشىلىق - گۈزەل ئەخلاقتۇر، گۇناھ - سېنى بىئارام قىلىدىغان ۋە سەن باشقىلارنىڭ كۆرۈپ قېلىشىنى ياقتۇرمايدىغان ئىشتۇر»[1].

«قۇرئان كەرىم» بىزنى ئىسلام ئۈممىتىنىڭ دىن ۋە دۇنيالىق ئىشلىرىغا مەنپەئەتلىك بولغان بارلىق ئىشلاردا ئۆزئارا ھەمكارلىششقا ۋە ياردەملىششكە بۇيرۇيدۇ. شۈبھىسىزكى، بۇ ئۇلۇغلۇق بىر ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ پرىنسىپىدۇر. ئىنسانلار كۆپەيدى، بۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۇلارنىڭ يۆنىلىشلىرى ۋە مەنپەئەتلىنىش يوللىرىمۇ كېڭەيدى. ھەتتا ئۇلار ئۆزلىرى قانچىلىك كۈچلۈك ۋە قابىلىيەتلىك بولۇپ كەتكەندىمۇ، ھاياتلىق ئىشلىرىدا باشقىلار بىلەن ھەمكارلىششتىن بىھاجەت بولالمايدىغان بىر

---

[1] «صحيح مسلم» 4-توم، 1980-بەت، 2553-ھەدىس.

ۋەزىيەتكە كېلىپ قالدى. شۇڭا ئۆزئارا ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش، دىنىي ۋە ئىجتىمائىي خەيرىيەت جەمئىيەتلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئىش ئېلىپ بېرىش بۇ ئەسىردە ھەر ئىشتا غەلىبە قىلىش ۋە مەقسەتلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ئەڭ چوڭ ئامىللىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى. ئىسلامنىڭ ئاۋۋالقى ئەسىرلىرىدە ياشىغان مۇسۇلمانلار بۇنداق جەمئىيەتلەرگە ۋە كوللېكتىپ ھالدا ئىش قىلىشنى تەشكىللەيدىغان ئۇيۇشمىلارغا موھتاج بولماستىنمۇ، ئۆزئارا ھەمكارلىق ۋە خالىسانە ياردەملىشىش ئىشلىرىنى ئۆزلۈكىدىن داۋاملاشتۇرغان ئىدى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئەھدى-مىساقلىرىغا بولغان ۋاپادارلىقى كۈچلۈك ئىدى. ئەمما بىز ھازىرقى ئەھۋالىمىزدا بىرلىككە ۋە بىرلىكتە ئىش ئېلىپ بېرىشقا ئىنتايىن موھتاجمىز. شۇنداق قىلغاندا كىشىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ يولىغا يېتەكلەيدىغان ئىسلامىي دەۋەت ئۆز مېۋىسىنى تېخىمۇ ياخشى بېرەلەيدۇ.

بۇ ئايەت كىشىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇندىماسلىق ۋە توسقانلىرىغا خىلاپلىق قىلىشتىن قاتتىق ھەزەر ئەيلەشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئەسكەرتىش ۋە خىلاپلىق قىلغۇچىلارغا ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىنىڭ ناھايىتى قاتتىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش بىلەن ئاخىرلاشقان.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالا بىلەن ئۆزىمىز ئوتتۇرىسىدىكى ئەھدىگە ۋاپا قىلىش پەرزدۇر. بۇ پەرز ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداش ۋە مەنئىي قىلغانلىرىدىن يىراق تۇرۇش بىلەن ئادا قىلىنىدۇ.

2. مۇسۇلمان كىشى باشقىلار بىلەن تۈزگەن ئەھدىلىرىگە ۋە بەرگەن ۋەدىلىرىگە ۋاپا قىلىشقا بۇيرۇلغان. قارشى تەرەپ مەيلى مۇسۇلمان بولسۇن ياكى باشقا دىندىكىلەردىن بولسۇن، ئۇلارغا بەرگەن ئەھدە ۋە ۋەدىلەرگە ۋاپا قىلىش پەرزدۇر. شۇنداقلا ئىنسان ئۆزىگە ئۆزى بەرگەن ئەھدە ۋە ۋەدىلىرىگىمۇ ئەمەل قىلىشى لازىم. بۇ مۆئمىنلىكنىڭ ئىپادىسىدۇر. ئەكسىچە ئىش كۆرۈش مۇناپىقلىقنىڭ ئالامىتىدۇر. چۈنكى، مۇناپىقلار ۋەدىسىدە تۇرمايدۇ.

3. قوي، ئۆچكە، كالا، تۆگە قاتارلىق گۆشى يېيىلىدىغان ھايۋانلارنى ئاللاھ تائالانىڭ ئىسمىنى ئاتاپ بوغۇزلاپ يېيىش جائىزدۇر.

4. ھەرەم دائىرىسى ئىچىدە ياكى ئېھراملىق ھالەتتە ئوۋ ئوۋلاش ۋە

ئۈۋنىڭ گۆشىنى يېيىش هارامدۇر. ئەمما ئېھرامدىن ۋە ھەرەم دائىرىسىدىن چىقىپ بولغان كىشىلەر ئۈچۈن ئۇۋ ئۇۋلاش ۋە يېيىش ھالالدۇر.

5. ئۇلۇغ ئايلار بىلەن ئۇلۇغ جايلارنىڭ، شۇنداقلا ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنىڭ ئالامەتلىرىدىن بولغان نەرسىلەرنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلاش زۆرۈردۇر. ھۆرمىتىنى ساقلىمىغانلار گۇناھكار بولىدۇ.

6. ھېچقانداق بىر ئىنسانغا ناھەقچىلىك قىلىشقا بولمايدۇ. ھەتتا باشقا دىندىكىلەرگىمۇ ئادالەتلىك ۋە توغرا بولۇش پەرزدۇر. كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى ياكى پىكىر ئېقىمى سەۋەبلىك يامانلىق قىلىش قەتئىي خاتادۇر. مۇنداق قىلغۇچىلار ئاللاھ تائالا ئاگاھلاندۇرغان ئازابقا تېگىشلىك بولغۇچىلاردۇر.

7. دىنغا، جەمئىيەتكە ۋە پۈتۈن ئىنسانىيەتكە پايدىلىق ياخشى ئىشلاردا كىشىلەر بىلەن ھەمكارلىشىش تەلەپ قىلىنىدۇ. يامان ئىشلارغا، گۇناھ، زۇلۇم ۋە يولسىزلىققا ياردەملىشىش ئېغىر گۇناھتۇر.

### ◄ هارام قىلىنغان يېمەكلىكلەر

﴿حُرِّمَتۡ عَلَيۡكُمُ ٱلۡمَيۡتَةُ وَٱلدَّمُ وَلَحۡمُ ٱلۡخِنزِيرِ وَمَآ أُهِلَّ لِغَيۡرِ
ٱللَّهِ بِهِۦ وَٱلۡمُنۡخَنِقَةُ وَٱلۡمَوۡقُوذَةُ وَٱلۡمُتَرَدِّيَةُ وَٱلنَّطِيحَةُ وَمَآ أَكَلَ
ٱلسَّبُعُ إِلَّا مَا ذَكَّيۡتُمۡ وَمَا ذُبِحَ عَلَى ٱلنُّصُبِ وَأَن تَسۡتَقۡسِمُواْ
بِٱلۡأَزۡلَٰمِۚ ذَٰلِكُمۡ فِسۡقٌۗ ٱلۡيَوۡمَ يَئِسَ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ مِن دِينِكُمۡ
فَلَا تَخۡشَوۡهُمۡ وَٱخۡشَوۡنِۚ ٱلۡيَوۡمَ أَكۡمَلۡتُ لَكُمۡ دِينَكُمۡ وَأَتۡمَمۡتُ
عَلَيۡكُمۡ نِعۡمَتِي وَرَضِيتُ لَكُمُ ٱلۡإِسۡلَٰمَ دِينٗاۚ فَمَنِ ٱضۡطُرَّ فِي
مَخۡمَصَةٍ غَيۡرَ مُتَجَانِفٖ لِّإِثۡمٖ فَإِنَّ ٱللَّهَ غَفُورٞ رَّحِيمٞ ٣﴾

### ◄ تەرجىمىسى

3ـ سىلەرگە ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋان، قان، چوشقا گۆشى، ئاللاھتىن باشقىسىنىڭ نامى تىلغا ئېلىنىپ بوغۇزلانغان ھايۋان، بوغۇپ ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋان، ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋان، ئېگىزدىن چۈشۈپ ئۆلگەن ھايۋان، ئۈسۈپ ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋان، يىرتقۇچ ھايۋانلار يەپ قويغان ھايۋان (نىڭ گۆشىنى

يېيىش) هارام قىلىندى. لېكىن (يۇقىرىقىلاردىن كېيىنكى بەش خىلدىن) جېنى چىققۇچە بوغۇزلىۋالغانلىرىڭلار هالالدۇر. بۇتلارنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپ بوغۇزلانغان هايۋانلار هارام قىلىندى. پال ئوقلىرى بىلەن پال سېلىشىڭلار هارام قىلىندى. بۇنداق قىلىش ئاللاهنىڭ ئىتائىتىدىن چىققانلىقتۇر. كاپىرلار بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلار (نى يوقىتىش) دىن ئۈمىدىنى ئۈزدى. شۇڭا ئۇلاردىن قورقماڭلار، مەندىنلا قورقۇڭلار. بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى كامالىغا يەتكۈزدۈم، سىلەرگە نېمىتىمنى تا- مامىلىدىم، ئىسلامنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم. كىمكى ئاچلىقتا، ئىلاجسىزلىقتىن، گۇناهنى مەقسەت قىلماستىن هارام قىلىنغان نەرسىلەردىن يېسە (ئۇنىڭغا گۇناه بولمايدۇ). ئاللاه ناهايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ئىنتايىن مېهرىباندۇر.

## ◄ تەپسىرى

ئاللاه تائالا بىزگە قۇرۇقلۇق ۋە سۇ هايۋانلىرىنىڭ، ئۇچارلىقلارنىڭ گۆشىنى يېيىشنى هالال قىلغان. ﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا تُحَرِّمُواْ طَيِّبَٰتِ مَآ أَحَلَّ ٱللَّهُ لَكُمۡ وَلَا تَعۡتَدُوٓاْۚ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يُحِبُّ ٱلۡمُعۡتَدِينَ﴾ يەنى ﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاه سىلەرگە هالال قىلغان پاك نەرسىلەرنى ئۆزۈڭلارغا هارام قىلىۋالماڭلار ، چەكتىن ئاشماڭلار. چۈنكى، ئاللاه چەكتىن ئاشقۇچىلارنى قەتئىي ياقتۇرمايدۇ﴾[1]، ﴿أُحِلَّتۡ لَكُم بَهِيمَةُ ٱلۡأَنۡعَٰمِ إِلَّا مَا يُتۡلَىٰ عَلَيۡكُمۡ﴾ يەنى ﴿(بۇ سۈرىدە تۆۋەندە) ئوقۇپ بېرىلىدىغانلاردىن باشقا چارۋىلارنىڭ هەممىسى سىلەرگە هالال قىلىندى﴾[2]. بىزگە يېيىش هارام قىلىنغان نەرسىلەر ئومۇمەن تۆت تۈرلۈك نەرسىدۇر. ئۇلار: ﴿إِنَّمَا حَرَّمَ عَلَيۡكُمُ ٱلۡمَيۡتَةَ وَٱلدَّمَ وَلَحۡمَ ٱلۡخِنزِيرِ وَمَآ أُهِلَّ لِغَيۡرِ ٱللَّهِ بِهِۦۖ فَمَنِ ٱضۡطُرَّ غَيۡرَ بَاغٖ وَلَا عَادٖ فَإِنَّ ٱللَّهَ غَفُورٞ رَّحِيمٌ﴾ يەنى ﴿ئاللاه سىلەرگە ئۆزى ئۆلۈپ قالغان هايۋاننى، قاننى، چوشقا گۆشىنى، ئاللاهتىن باشقىسىنىڭ نامى ئېيتىلىپ بوغۇزلانغان هايۋاننى هارام قىلدى. كىمكى (ئۇلارنىڭ گۆشىدىن) ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئەمەس، پەقەت ئىلاجسىزلىقتىن، هاياتىنى ساقلاپ قالغۇدەك مىقداردا (يېسە)، شەكسىزكى، ئاللاه (ئۇنى) ناهايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (ئۇنىڭغا) بەك مېهرىباندۇر (ئۇنى بۇ سەۋەبلىك جازا-

[1] مائىدە سۈرىسى: 87-ئايەت.

[2] مائىدە سۈرىسى: 1-ئايەت.

لىمايدۇ)﴾[1].

بىز توختىلىۋاتقان بۇ ئايەتتە بايان قىلىنغان هارام نەرسە ئون تۈرلۈك بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

◄ هارام قىلىنغان ئون تۈرلۈك نەرسە

### 1. ئۆزى ئۆلۈپ قالغان هايۋان

ئاللاھ تائالا بىزگە ئۆزى ئۆلۈپ قالغان هايۋاننىڭ گۆشىنى يېيىشنى هارام قىلغان. ئۆزى ئۆلۈپ قالغان هايۋاننىڭ گۆشىنى يېيىشنىڭ هارام قىلىنىشىغا تۈرتكە بولغان سەۋەبلەردىن بىرى ئۇنىڭ تەن ساقلىقىغا زىيانلىق بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. چۈنكى، ئۆزى ئۆلۈپ قالغان هايۋان كۆپىنچە كېسەللىك سەۋەبتىن ئۆلىدۇ. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ قېنىدىكى مىكروبلار ئۇنىڭدا شۇ بويىچە قېلىپ قالىدۇ. ئەمما بوغۇزلانغان مالنىڭ قېنى ئېقىتىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ قېنىدا مىكروب بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇ قان بىلەن ئېقىپ چىقىپ كېتىدۇ. ئۆزى ئۆلۈپ قالغان هايۋاننىڭ گۆشىنى يېيىشنى ساغلام تەبىئەتلىك كىشىلەر ياقتۇرمايدۇ ۋە ئۇنىڭدىن ئەلۋەتتە يىرگىنىدۇ.

### 2. قان

بۇ ئايەتتىكى قان ئاقىدىغان قان بولۇپ، تال بىلەن جىگەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا. قان پاسكىنا بولغانلىقى سىرتىدا، ئۇ ئادەمنى ئۆلتۈرۈش كۈچىگە ئىگە خەتەرلىك مىكروبلار ئورۇنلىشىدىغان نەرسىدۇر. ساغلام تەبىئەتلىك ئادەم قاندىن يىرگىنىدۇ، ئۇنى پاسكىنا سانايدۇ. قان بەدەن سىرتقا چىقىرىدىغان زىيانلىق نەرسىلەرنىڭ قاتارىدىن بولۇپ، ئۇنى ئىستېمال قىلىش قەتئىي هارامدۇر.

### 3. چوشقا گۆشى

چوشقىنىڭ گۆشىنى، مېيىنى يېيىش، ئۇنىڭ سۆڭىكىدە ياكى تېرىسىدە ياسالغان نەرسىلەرنى يېيىش ياكى بەدەننىڭ قانداقلا بىر يېرىگە ئىشلىتىش قەتئىي هارامدۇر. مەلۇمكى، چوشقا ئۆزىنىڭ تەرىتىنى ۋە ئەڭ

[1] نەهل سۈرىسى: 115-ئايەت.

پاسكىنا نەرسىلەرنى يەيدىغان مەينەت هايۋان. هازىرقى زامان مېدىتسىنا ئىلمى چوشقا گۆشىدا ئەڭ خەتەرلىك مىكروب ۋە باكتېرىيەلەرنىڭ يېتىشىدىغانلىقىنى، چوشقا گۆشىنىڭ ھەزىم قىلىنىشى ئىنتايىن قىيىن ۋە ئاشقازانغا زىيانلىق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىققان. ئىسلام دىنى چوشقا بىلەن ئىتنىڭ گۆشىنى يېيىشنى ھارام قىلىشتا ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلىگەن ۋە ئۇلارنى بۇ ئىككى پاسكىنا نەرسىنىڭ زىيانلىرىدىن قوغداشنى مەقسەت قىلغان.

## 4. ئاللاھتىن باشقىسىنىڭ نامى بىلەن بوغۇزلانغان هايۋان

جاھىلىيەت دەۋرىدىكى بۇتپەرەس ئەرەبلەر مال بوغۇزلىغاندا، ئۇززا ۋە لات بۇتلىرىنىڭ نامىنى جاراڭلىق ئاۋازدا ئاتاپ تۇرۇپ بوغۇزلايتتى. ئىسلام دىنى كەلگەندىن كېيىن، ئاللاھ تائالادىن باشقىسىنىڭ نامى ئېيتىلىپ بوغۇزلانغان مالنىڭ گۆشىنى يېيىش دىنىمىزدا قەتئىي ھارام قىلىنغان. چۈنكى، مۇنداق مالنىڭ گۆشىنى يېيىش بۇتلارغا چوقۇنغۇچىلارنى قوللىغانلىق ۋە بۇتلارغا چوقۇنۇشتا ئۇلار بىلەن ھەمكارلاشقانلىق بولۇپ سانىلىدۇ. شۇڭا بۇنداق هايۋاننىڭ گۆشىنى يېيىش مۇسۇلمانلارغا ھارام قىلىنغان.

## 5. بوغۇپ ئۆلتۈرۈلگەن هايۋان

بوغۇپ ئۆلتۈرۈلگەن هايۋان شەرىئەتتە كۆرسىتىلگەن ئۇسۇل بويىچە ئۆلتۈرۈلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ ئۆزى ئۆلۈپ قالغان هايۋان قاتارىدىن سانالغان. كىشىلەرنىڭ «بۇ هايۋان ئۆزى ئۆلۈپ قالمىغان، بەلكى مەلۇم شەخس تەرىپىدىن بوغۇپ ئۆلتۈرۈلگەن، شۇڭا بۇ ھالال بولىدۇ» دەپ ئويلاپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئايەتتە ﴿بوغۇپ ئۆلتۈرۈلگەن هايۋان﴾ دەپ ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغان. چۈنكى، مۇنداق هايۋان بوغۇزلىنىپ قېنى ئېقىتىلمىغان ئىكەن، ئۇنىڭدىكى بۇزۇق قان گۆشىنىڭ ئىچىدە شۇ پېتى قالغان بولىدۇ. شۇڭا ئۇمۇ ئۆزى ئۆلۈپ قالغان هايۋانغا ئوخشاشتۇر. ئىسلام شەرىئىتىنىڭ مالنىڭ گۆشىنى يېيىشتە، ئۇنى بوغۇزلاپ، قېنىنى تولۇق ئاققۇزۇۋېتىپ، ئاندىن يېيىشكە بۇيرۇغانلىقىمۇ چىقىپ كېتىشى زۆرۈر بولغان بۇزۇق قاننىڭ هايۋاننىڭ گۆشىدە قېلىپ قېلىشى سەۋەبلىك يېگۈچىلەرنىڭ كېسەللىككە ئۇچرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈندۇر.

## 6. ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەن هايۋان

بوغۇزلاپ قېنىنى ئېقىتماستىن، ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەن هايۋاننىڭ گۆشىنى يېيىشنىڭ ھاراملىقىنىڭ سەۋەبىمۇ ئۇنىڭدا قېلىپ قالىدىغان بۇزۇق

قانىنىڭ زىيىنىدىن ساقلىنىش ئۈچۈندۇر. تاياق بىلەن ياكى تاش بىلەن ۋەياكى قانداقلا بىر نەرسە بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋاننىڭ گۆشىنى يېيىش ھارامدۇر. ئەمما ئوۋ مىلتىقلىرى بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەنلىرى ھالالدۇر. بۇنىڭ شەرتى ئوۋچى ئوق ئۈزگەندە ئاللاھ تائالانىڭ ئىسمىنى ئاتىغان ۋە ئوۋنىڭ قېنى ئېقىتىلغان بولۇشىدۇر. ئوق ئوۋنىڭ قانداقلا بىر يېرىگە تېگىپ قان چىقارغان بولسا كۇپايىدۇر. ئۇنى بوغۇزلاش ھاجەتسىز. چۈنكى، قان ئېقىتىلغان ئىكەن، مەقسەت ئورۇندالغان بولدى. شۇنىڭدەك، ئوۋنى قىرلىق تاش بىلەن ئۇرۇپ كېسىپ قان ئاققۇزغان بولسا، ئۇنى يېيىشمۇ ھالالدۇر.

## 7. غولاپ چۈشۈپ ئۆلگەن ھايۋان

تاغدىن ياكى ئۆگزىدىن ۋەياكى قانداقلا بىر جايدىن غۇلاپ چۈشۈپ ئۆلگەن ياكى قۇدۇققا ۋەياكى ئازگالغا چۈشۈپ ئۆلگەن ھايۋان ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننىڭ قاتارىدىن سانىلىدۇ. شۇڭا بۇنداق ھايۋاننىڭ گۆشىنى يېيىش ھارامدۇر.

## 8. ئۈسۈپ ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋان

ھايۋانلار تەرىپىدىن ئۈسۈپ ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋانمۇ قېنى ئېقىتىلمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋانغا ئوخشاشتۇر. شۇڭا ئۇنىڭ گۆشىنى يېيىش ھارامدۇر.

## 9. يىرتقۇچلار يەپ قويغان ھايۋان

يىرتقۇچلار پارچىلاپ يېگەن ھايۋاننىڭ ئېشىپ قالغان گۆشىنى يېيىشمۇ خۇددى ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننىڭ گۆشىنى يېگەنگە ئوخشاشلا ھارامدۇر.

يۇقىرىقىلاردىن باشتىكى ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننىڭ گۆشى، قان، چوشقا گۆشى، ئاللاھتىن باشقىسىنىڭ نامى بىلەن بوغۇزلانغان ھايۋان قاتارلىق تۆت خىل ھارام ھېچبىر سەۋەب بىلەن ھالاللىققا ئايلانمايدۇ. ئەمما كېيىنكى بەش خىلدىن جېنى چىقىپ بولغۇچە بوغۇزلاپ قېنىنى ئاققۇزغانلىرىنىڭ گۆشىنى يېيىش ھالالدۇر. شۇنىڭدەك، يىرتقۇچلار يېگەن بولسىمۇ تېخى جان ئۈزمىگەن ھايۋاننى بوغۇزلاپ، قېنىنى ئاققۇزۇپ، قالغان قىسمىنى يېيىش ھالالدۇر.

## 10. بۇتلارنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپ بوغۇزلانغان ھايۋانلار

بۇ يېيىش ھارام قىلىنغان ھايۋانلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى تۈرىدۇر. جاھىلىيەتتىكى (يەنى ئىسلامدىن بۇرۇنقى) ئەرەبلەر قۇربانلىقنى بۇتلارنىڭ يېنىغا ئېلىپ كېلىپ، ئاشۇ بۇتلارنىڭ ناملىرىنى ئاتاپ تۇرۇپ بوغۇزلايتتى. بۇنداق ھايۋان ئاللاھ تائالادىن باشقىسىنىڭ نامى بىلەن بوغۇزلانغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ گۆشىنى يېيىش ھارام قىلىنغان.

«قۇرئان كەرىم» يېمەك-ئىچمەكلەردە ھارام قىلىنغان نەرسىلەرگە جاھىلىيەتتىكى ئەرەبلەرنىڭ خۇراپاتلىرىدىن بىرىنى ئەگەشتۇرۇپ بايان قىلغان. ئۇ بولسىمۇ ئەزلام (يەنى پال ئوقلىرى بىلەن پال سېلىش)دۇر. جاھىلىيەتتە پال ئوقلىرى ئۈچ تال ياغاچتىن ئىبارەت ئىدى. ئۇلار بۇ پال ئوقلىرى بىلەن پال سېلىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ قىسمەتلىرىنى ۋە قىلماقچى بولغان ئىشلىرىنىڭ خەيرلىك بولۇپ- بولماسلىقىنى بىلمەكچى بولاتتى. بۇ ئۈچ تال ئوقنىڭ بىرىنچىسىگە «قىل»، ئىككىنچىسىگە «قىلما»، ئۈچىنچىسىگە «ئېنىق ئەمەس» دەپ يېزىلغان بولاتتى. ئاندىن ئۇلار بۇ ئۈچ تال ئوقتىن بىرىنى تارتاتتى، قولىغا «قىل» دېگەن ئوق چىقسا، نىيەت قىلغان ئىشنى قىلاتتى، «قىلما» دېگەن ئوق چىقسا، نىيىتىدىن ۋاز كېچەتتى. پال سېلىشنىڭ يەنە بىر قانچە خىل ئۇسۇللىرى بار ئىدى.

ئاللاھ تائالا شۇنداق بايان قىلىدۇكى، سىلەرگە پال سېلىش ھارام قىلىندى. چۈنكى، بۇ جاھىلىيەتنىڭ خۇراپاتلىرىدىن بىرىدۇر. قىسمەتلەرنى پال سېلىش ئارقىلىق بىلىمىز دەپ ئويلاش ئەخمەقلىقتۇر. چۈنكى، قىسمەتنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى پال ئارقىلىق بىلگىلى بولمايدۇ. بۇنداق قىلىش شەخسلەر ۋە كوللېكتىپنىڭ ھاياتلىقتىكى قىزغىنلىقىنى سۇسلاشتۇرۇپ قويىدۇ، ئادەمنى ھورۇنلۇققا، خاتا چۈشەنچىلەر ئارقىسىدىن يۈرۈشكە، كەلمەيدىغان تەلەينى كۈتۈشكە ئېلىپ بارىدۇ. بۇ كىشىلەرنى ئالدامچى پالچىلارنىڭ ئويۇنچۇقلىرىغا ئايلاندۇرۇپ قويىدىغان بىر خىل خۇراپاتتۇر. ئىسلام دىنى مۇنداق خۇراپاتلارنى ئەلۋەتتە چەكلەيدۇ. غەيبنى بىلىمەن دېگۈچىلەر مۇسۇلمانلاردىن ئەمەستۇر. ئەپسۇسكى، ھازىرمۇ بەزى جايلاردا پالچىلارغا ۋە رەمچىلەرگە ئىشىنىدىغان ئەھۋاللار داۋاملاشماقتا. بۇنداق ئىشلارنى ساغلام ئەقىل ئىگىلىرى بولغان مۇسۇلمانلار قەتئىي رەت قىلىدۇ ۋە ھەرگىزمۇ ئۇلارغا ئىشەنمەيدۇ. شۇنىڭدەك، ئالىقانغا ۋە پىيالىگە ئوقۇش ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ بەختىنى سىناش دىن ۋە ئەقىل قوبۇل قىلمايدىغان خۇراپاتلاردۇر.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان هارام نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىش قەتئىي هارامدۇر. بۇ نەرسىلەرنى هارام ساناش دىن ۋە ئەقلىنىڭ بىردەك تەلىپىدۇر.

قىلماقچى بولغان ئىشنىڭ خەيرلىك بولۇپ-بولماسلىقىنى بىلىش ئۈچۈن ئىسلام شەرىئىتىدە يوللۇق قائىدە بار. ئۇ بولسىمۇ، ئىستىخارەدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ساھابىلىرىگە ئىستىخارە قىلىشنى ئۆگەتكەن. ئىستىخارە – ئاللاھ تائالادىن ياخشىلىق تىلەش دېمەكتۇر. بىرەر ئىشنىڭ خەيرلىك بولۇپ- بولماسلىقى توغرۇلۇق ئاللاھ تائالادىن مەنىۋى بېشارەت ئېلىشنى خالىغان ئادەم ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ، ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىدۇ. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بىزگە ئىستىخارە قىلىشنى خۇددى قۇرئان ئۆگەتكەندەك ئۆگەتەتتى ۋە مۇنداق دەيتتى: ‹سىلەر بىرەر ئىشقا ئاتلانماقچى بولغاندا، ئىككى رەكئەت نەپلە ناماز ئوقۇپ بولۇپ، مۇنۇ دۇئانى ئوقۇڭلار، ئاندىن ئاللاھتىن هاجىتىڭلارنى تىلەڭلار : [اَللَّهُمَّ إِنِّي أَسْتَخِيْرُكَ بِعِلْمِكَ وَأَسْتَقْدِرُكَ بِقُدْرَتِكَ وَأَسْأَلُكَ مِنْ فَضْلِكَ الْعَظِيْمِ فَإِنَّكَ تَقْدِرُ وَلاَ أَقْدِرُ وَتَعْلَمُ وَلاَ أَعْلَمُ وَأَنْتَ عَلَّامُ الْغُيُوبِ اَللَّهُمَّ إِنْ كُنْتَ تَعْلَمُ هَذَا الْأَمْرَ خَيْرًا لِي فِي دِينِي وَمَعَاشِي وَعَاقِبَةِ أَمْرِي وَ عَاجِلِهِ وَآجِلِهِ فَاقْدُرْهُ لِي وَيَسِّرْهُ لِي ثُمَّ بَارِكْ لِي فِيهِ اَللَّهُمَّ إِنْ كُنْتَ تَعْلَمُ أَنَّهُ شَرٌّ لِي فِي دِينِي وَمَعَاشِي وَعَاقِبَةِ أَمْرِي عَاجِلِهِ وَآجِلِهِ فَاصْرِفْهُ عَنِّي وَاصْرِفْنِي عَنْهُ وَاقْدُرْ لِيَ الْخَيْرَ حَيْثُ كَانَ ثُمَّ رَضِّنِي بِهِ] ‹ئى ئاللاھ! سېنىڭ چەكسىز ئىلمىڭگە سىغىنىپ سەندىن ياخشىلىق تىلەيمەن، سېنىڭ قۇدرىتىڭگە سىغىنىپ سەندىن كۈچ - قۇۋۋەت تىلەيمەن، سېنىڭ ئۇلۇغ پەزلىڭدىن سورايمەن. سەن ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىرسەن، مەن ئاجىزمەن. سەن ھەممىنى بىلىسەن، مەن بىلمەيمەن. سەن پۈتۈن غەيبلەرنى بىلگۈچىسەن. ئى ئاللاھ! بۇ ئىش (ھاجىتىنى ئېيتىدۇ) مېنىڭ دىنىم، دۇنيالىقىم ۋە ئاخىرەتلىكىم ئۈچۈن ھازىردا ۋە كېلەچەكتە ياخشى بولىدىغان بولسا، ئۇنى ماڭا تەقدىر قىلغىن ۋە ماڭا ئۇنى ئاسان قىلغىن، ئاندىن ئۇنىڭدا ماڭا بەرىكەت ئاتا قىلغىن. ئەگەر بۇ ئىش مېنىڭ دىنىم، دۇنيالىقىم ۋە ئاخىرەتلىكىم ئۈچۈن ھازىردا ۋە كېلەچەكتە زىيانلىق بولسا، ئۇنى مەندىن يىراق قىلغىن ۋە مېنىمۇ ئۇنىڭدىن يىراق قىلغىن، نەدىلا بولمىسۇن ماڭا ياخشىلىقنى نېسىپ قىلغىن. ئاندىن مېنى ئۇنىڭ بىلەن مەمنۇن قىلغىن› »[1].

---

[1] «صحيح البخاري» 9- توم، 118-بەت، 7390- ھەدىس.

ئىستىخارە قىلغاندىن كېيىن، كۆڭۈل تارتقان بويىچە ئىش كۆرۈشتە ياخشىلىق بار. چۈنكى، كۆڭۈلنىڭ تارتىشى ۋە ئادەمنىڭ قىزىقىشى ئىستىخارىنىڭ ياخشىلىققا ئىشارەت قىلغىنى بولۇپ سانىلىدۇ. ئەمما ئىستىخارە قىلغاندىن كېيىن، چۈش كۆرۈش شەرت ئەمەس. بەزىدە خەيرلىك ئىش چۈشىدە ئايان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما بۇ ئۆلچەم ئەمەس.

ئى ئىمان ئېيتقانلار! بۈگۈن ۋىدا ھەجى قىلىنىۋاتقان بۇ ئۇلۇغ كۈندە كاپىرلار سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى يوق قىلىشتىن، شەيتانلار بۇ زېمىندا ئاللاھ تائالادىن باشقىسىغا ئىبادەت قىلىنىشتىن ئۈمىدىنى ئۈزدى. شۇڭا سىلەر ئەمدى ئۇلاردىن ھەرگىز قورقماڭلار، چۈنكى ئۇلار سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى قەتئىي يوق قىلالمايدۇ، دىنىڭلارغا زىيانكەشلىك قىلالمايدۇ ۋە سىلەرنى دىنىڭلاردىن قايتۇرالمايدۇ، سىلەر ئاللاھ تائالانىڭ دىنىدا مەھكەم تۇرۇشتا ھېچكىمدىن قورقماڭلار، كاپىرلارنىڭ دۈشمەنلىكى، ئۆچمەنلىكى سىلەرنى ئەندىشىگە سالمىسۇن. چۈنكى، ئاللاھ تائالا سىلەرنى ئۇلارنىڭ يامانلىقىدىن ساقلاشقا يېتەرلىكتۇر. شۇڭا سىلەر ئۇلاردىن قورقماي، پەقەت ئاللاھ تائالادىن ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىپ قويۇشنىڭ ئاقىۋىتىدىن قورقۇڭلار.

بۈگۈن مەن سىلەرگە پاك نەرسىلەرنى ھالال قىلىش، ناپاك نەرسىلەرنى ھارام قىلىش ۋە شەرىئەت ئەھكاملىرىنى تولۇق بايان قىلىپ بېرىش ئارقىلىق سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى كامالىغا يەتكۈزدۈم. دىنىڭلاردا ھەرقانداق مەسىلە ناھايىتى ئېنىق ۋە ئوچۇق بايان قىلىندى. دۈشمەنلىرىڭلارغا قارشى غەلىبە سىلەرگە مەنسۇپ بولدى. بۇنىڭدىن كېيىن، سىلەر ھەقىقىي مۇئمىنلىك ھالىتىڭلاردا تۇرغان مۇددەت ئىچىدە كاپىرلار سىلەردىن ئۈستۈن بولالمايدۇ. بۇنىڭ بىلەن سىلەرگە نېمىتىمنى تاماملىغان بولدۇم. ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ مەڭگۈلۈك ئۆزگەرمەس دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم.

ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ۋەدىسى ئۇزۇنغا قالمايلا ئەمەلگە ئاشتى. مەككە فەتھى قىلىندى. كىشىلەر بۇ دىنغا توپ-توپ بولۇپ كىرىشكە باشلىدى. شۇنداق قىلىپ، ئىسلام دىنى دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا يىلتىز تارتىشقا باشلىدى.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئون تۈرلۈك ھارام نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىش مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ھارامدۇر. پەقەت ئاچلىقتىن ئۆلۈم گىردابىغا كېلىپ قالغان كىشىنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قالغۇدەك مىقداردا يېيىشىگە رۇخسەت قىلىنغان. بۇ مىقدارنى ئاللاھ تائالا ئەپۇ قىلىدۇ. چۈنكى،

ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى بەكمۇ ئەپۇ قىلغۇچىدۇر، ئۇلارغا ناھايىتى بەك مېھرىباندۇر.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئايەتتە بايان قىلىنغان ئون تۈرلۈك گۆشنى يېيىش هارامدۇر.

2. پال سېلىش ۋە پالچىلارنىڭ كېلەچەكتىن سۆزلىگەن سۆزلىرىگە ئىشىنىشنىڭ گۇناھى ئېغىردۇر. چۈنكى، بۇ ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرگەنلىكتۇر.

3. مازار- ماشايىخلارغا، ئاتالمىش ئەۋلىيالارنىڭ قەبرىلىرىگە ئاتاپ مال بوغۇزلاش ئېغىر گۇناھتۇر. چۈنكى، بۇ جاھىلىيەتتىكى مۇشرىكلارنىڭ خۇراپاتلىرىدىندۇر.

4. ئۆلۈش ئالدىدا تۇرغان هايۋاننى بوغۇزلاپ قېنىنى ئاققۇزۇش بىلەن ئۇ هايۋاننىڭ گۆشىنى يېيىش هالالدۇر.

5. ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇغانلىرى ۋە توسقانلىرىغا خىلاپلىق قىلىشتىن قاتتىق هەزەر ئەيلەش لازىم. چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ ئازابى قاتتىقتۇر.

6. ئىسلام دىنى مۇھەممەد ئەلەيهىسسالامنىڭ هايات ۋاقتىدىلا تاكامۇللىشىپ بولغان بولۇپ، ئۇنىڭغا دىنىي تەرەپتىن يېڭىلىق كىرگۈزۈشكە ئۇرۇنۇشقا قەتئىي بولمايدۇ. دىنغا يېڭىدىن كىرگۈزۈلگەن نەرسىلەرنىڭ هەممىسى بىدئەت بولۇپ، بىدئەتنى پەيدا قىلىش ۋە ئۇنى قىلىش ئازغۇنلۇقتۇر.

7. ئاچلىقتىن ئۆلۈم گىردابىغا چۈشۈپ قالغان كىشىنىڭ يۇقىرىقى هارام نەرسىلەردىن هاياتىنى ئۆلۈمدىن ساقلاپ قالغۇدەك مىقداردا يېيىشى جائىزدۇر.

### ◄ هالال قىلىنغان يېمەكلىكلەر

﴿يَسۡـَٔلُونَكَ مَاذَآ أُحِلَّ لَهُمۡۖ قُلۡ أُحِلَّ لَكُمُ ٱلطَّيِّبَٰتُ وَمَا عَلَّمۡتُم
مِّنَ ٱلۡجَوَارِحِ مُكَلِّبِينَ تُعَلِّمُونَهُنَّ مِمَّا عَلَّمَكُمُ ٱللَّهُۖ فَكُلُواْ مِمَّآ
أَمۡسَكۡنَ عَلَيۡكُمۡ وَٱذۡكُرُواْ ٱسۡمَ ٱللَّهِ عَلَيۡهِۖ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَۚ إِنَّ ٱللَّهَ
سَرِيعُ ٱلۡحِسَابِ ٤ ٱلۡيَوۡمَ أُحِلَّ لَكُمُ ٱلطَّيِّبَٰتُۖ وَطَعَامُ ٱلَّذِينَ

أُوتُواْ ٱلۡكِتَٰبَ حِلّٞ لَّكُمۡ وَطَعَامُكُمۡ حِلّٞ لَّهُمۡۖ وَٱلۡمُحۡصَنَٰتُ مِنَ
ٱلۡمُؤۡمِنَٰتِ وَٱلۡمُحۡصَنَٰتُ مِنَ ٱلَّذِينَ أُوتُواْ ٱلۡكِتَٰبَ مِن قَبۡلِكُمۡ
إِذَآ ءَاتَيۡتُمُوهُنَّ أُجُورَهُنَّ مُحۡصِنِينَ غَيۡرَ مُسَٰفِحِينَ وَلَا مُتَّخِذِيٓ
أَخۡدَانٖۗ وَمَن يَكۡفُرۡ بِٱلۡإِيمَٰنِ فَقَدۡ حَبِطَ عَمَلُهُۥ وَهُوَ فِي ٱلۡأٓخِرَةِ
مِنَ ٱلۡخَٰسِرِينَ ٥

### ◄ تەرجىمىسى

4-(ئى پەيغەمبەر!) ئۇلار سەندىن ئۆزلىرىگە نېمىلەرنىڭ هالال قىلىنغانلىقىنى سورايدۇ، ئېيتقىنكى، «سىلەرگە پاك نەرسىلەر ۋە سىلەر ئاللاھنىڭ سىلەرگە بىلدۈرگىنى بويىچە سىلەر تەربىيەلەپ شىكارغا ئۆگەتكەن (ئىت، قارچىغا، قۇشقا ئوخشاش) ئوۋچى جانىۋارلارنىڭ ئوۋلىغان نەرسىلىرى هالال قىلىندى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ سىلەر ئۈچۈن ئوۋلاپ تۇتۇپ تۇرغان نەرسىلىرىدىن يەڭلار، (ئوۋچى جانىۋارلارنى قويۇپ بەرگەن چېغىڭلاردا) ‹بىسمىللاھ› دەڭلار، ئاللاھتىن قورقۇڭلار. ئاللاھ ھەقىقەتەن تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر».

5-بۈگۈن سىلەرگە پاك نەرسىلەر هالال قىلىندى، كىتاب بېرىلگەنلەرنىڭ تامىقى (يەنى بوغۇزلىغان چارۋىلىرى) سىلەرگە هالالدۇر ۋە سىلەرنىڭ تامىقىڭلارمۇ ئۇلارغا هالالدۇر، سىلەر ئىپپەتلىك بولغان، زىنانى كۆزلىمىگەن ۋە يوشۇرۇن ئاشنا تۇتمىغان هالىتىڭلاردا مۆئمىنلەردىن بولغان ئىپپەتلىك ئاياللارنى ۋە سىلەردىن ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەنلەردىن بولغان ئىپپەتلىك ئاياللارنى مەھرىنى بېرىپ (ئالساڭلار، ئۇلار سىلەرگە هالالدۇر). كىمكى ئىماننى (يەنى ئاللاھ ئىمان ئېيتىشقا بۇيرىغان مەسىلىلەرنى) ئىنكار قىلىدىكەن، ئۇنىڭ (بۇرۇن قىلغان ياخشى) ئەمەلى بىكار بولۇپ كېتىدۇ، ئاخىرەتتە ئۇ زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىدۇ.

### ◄ نازىل بولۇش سەۋەبى

ۋاھىدىي سەئىد ئىبنى جۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، بىر كۈنى ئەدىي ئىبنى هاتەم ۋە زەيد ئىبنى مۇھەلھەل ئىككىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن «يارەسۇلۇللاھ! ئاللاھ بىزگە ئۆزى ئۆلۈپ قالغان هايۋاننىڭ گۆشىنى هارام قىلدى. ئەمدى ئاللاھنىڭ

بىزگە ھالال قىلىنغانلىرى قايسى؟» دەپ سورىغاندا، ئاللاھ تائالا ﴿يَسْـَٔلُونَكَ مَاذَآ أُحِلَّ لَهُمْۖ﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلغان[1].

### ◄ تەپسىرى

ئىسلام شەرىئىتىنىڭ پرىنسىپىدا «ھارام ئىكەنلىكى ھەققىدە دەلىل كەلمىگەن نەرسىلەر ھالالدۇر» دېيىلگەن قائىدە بار. بۇ قائىدىگە ئاساسەن دېمەككى، يەر يۈزىدە پايدىلىنىشقا بولىدىغانلىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىدىن پايدىلىنىشقا بولىدۇ، پەقەتلا ھاراملىقى ھەققىدە «قۇرئان كەرىم» ياكى ھەدىس دەلىللىرى كەلگەن نەرسىلەردىن پايدىلىنىش ھارامدۇر. ئاللاھ تائالا يەر يۈزىدىكى بارلىق شەيئىلەرنى بىزنىڭ مەنپەئەتىمىز ئۈچۈن يارىتىپ بېرىپ، بۇلارنى بىزگە بويسۇندۇرۇپ بەردى. شۇڭا بىز مۇسۇلمانلارغا ئاللاھ تائالا چەكلىگەن نەرسىلەردىن باشقا بارلىق نەرسىلەردىن پايدىلىنىش، ئاللاھ تائالا ھارام قىلغان نەرسىلەردىن باشقا نەرسىلەرنى يېيىش جائىزدۇر.

«ھارام ئىكەنلىكى ھەققىدە دەلىل كەلمىگەن نەرسىلەر ھالالدۇر» دېگەن قائىدە ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالامدۇ؟

جاۋاب: يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك، دورا-دەرمەك قاتارلىق نەرسىلەردە بۇ قائىدە بويىچە ئىش كۆرۈلىدۇ. ئەمما ئۆزى پاك بولسىمۇ، تەن ساقلىقىغا زىيانلىق ماددىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نەرسىلەر ۋە گۆش بۇ قائىدىگە كىرمەيدۇ. چۈنكى، زىيانلىق نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىش ئۆزىنى ھالاك قىلغانلىقتۇر. دىنىمىز بۇنىڭغا يول قويمايدۇ. گۆشكە كەلسەك، گۆش نېمىنىڭ گۆشى؟ يېيىشكە بولىدىغان مالنىڭ گۆشى بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇ گۆش مۇسۇلمانلارنىڭ ياكى يەھۇدىي ۋە خىرىستىيانلارنىڭ دۆلىتىدىن كەلگەنمۇ ياكى بۇددىستلارنىڭ ۋە دىنسىزلارنىڭ دۆلىتىدىن كەلگەنمۇ؟ ئۇنى سۈرۈشتە قىلماي تۇرۇپ، ئۇ گۆشنى يېيىش ھالال ئەمەس. چۈنكى، مۇسۇلمان ياكى يەھۇدىي ۋەياكى خىرىستىيان بوغۇزلىغان مالنىڭ گۆشى ھالال، ئەمما ئاللاھ تائالاغا ئىشەنمەيدىغان كاپىرلارنىڭ، بۇددىستلارنىڭ بوغۇزلىغان مېلى ھارامدۇر.

بۇ ھەقتە سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ كاتتا ئۆلىمالىرىدىن مۇھەممەد سالىھ ئەلمۇنەججىد مۇنداق دەيدۇ: «گۆشنى يېيىشكە بولىدىغان

---

[1] «أسباب النزول للواحدي» 191-بەت.

قانداقلا بىر مالنى مۇسۇلمان ياكى خىرىستىيان ۋەياكى يەھۇدىي بوغۇزلىغان دەپ بىلسەك، ئۇنى ھالال دەپ ھۆكۈم قىلىمىز. قانداق ئۇسۇلدا بوغۇزلىغان، نەدە بوغۇزلىغان دەپ سۈرۈشتە قىلىشقا ھاجەت يوق. بۇنىڭغا ئاساسەن، مۇسۇلمانلارنىڭ دۆلەتلىرىدە ياكى خىرىستىيان ۋەياكى يەھۇدىيلارنىڭ دۆلەتلىرىدە بوغۇزلانغان قوي، ئۆچكە، كالا، تۆگە قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ گۆشلىرىنى ھالال دەپ ھۆكۈم قىلىمىز. ئەگەر بىزگە بۇ ھايۋانلارنىڭ بوغۇپ ياكى توك بىلەن ياكى ئاللاھ تائالانىڭ ئىسمىدىن باشقا بىرىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ ۋەياكى بىزنىڭ دىنىمىزغا خىلاپ كېلىدىغان بىر ئۇسۇل بىلەن ئۆلتۈرگەنلىكى ھەققىدە ئىشەنچلىك مەلۇمات كەلگەن بولسا، ئۇ چاغدا ئۇ گۆشلەرنى يېيىش ھارامدۇر. شۇنىڭدەك، ھارام ئىكەنلىكى ھەققىدە دەلىل كەلمىگەن ياكى ئىچىدە ھارام ماددا بارلىقى ئۈستىگە يېزىلمىغان يېمەكلىكلەرنى ھالال دەپ سانايمىز. ئاساسى بولمىغان گۇمان ۋە پەرەزلەر بىلەن ئۇنى ھارام دېمەيمىز»[1].

بۇ مەسىلە شۇنداق ئېنىق تۇرسىمۇ، بەزى كىشىلەر يېمەك-ئىچمەكلەردە ھالالنى ھارام، ھارامنى ھالال ئورنىدا قوللىنىدۇ. ھالبۇكى، ئاللاھ تائالا بىزگە بۇ ئايەتلەردە ھالال بىلەن ھارامنى ئوچۇق بايان قىلىپ بەرگەن.

ئى پەيغەمبەر! مۇئمىنلەر سەندىن يېمەكلىكلەر ۋە گۆشلەردىن نېمىنىڭ ھالال ئىكەنلىكىنى سورايدۇ. ئۇلارغا دېگىنكى، سىلەرگە پاك نەرسىلەر ھالال قىلىندى، يەنە ئۆگىتىلگەن ئوۋ جانىۋارلىرى سىلەرگە ئوۋلاپ بەرگەن نەرسىلەرمۇ ھالال قىلىندى.

پاك نەرسە دېگەن نېمە؟

پاك نەرسە- پاسكىنا ئەمەس، تەن ساقلىقىغا زىيانلىق ئەمەس، دىنىمىزدا چەكلەنمىگەن نەرسە دېمەكتۇر.

يېمەك-ئىچمەكلەردە ھالال-ھارامنىڭ ئۆلچىمى نېمە؟

جاۋاب: ئىسلام دىنىدا يېمەك-ئىچمەكلەر ھالال ۋە ھارام دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ئۆزى پاكىز، تەبىئىتى پاك، تەمى، پۇرىقى نورمال، ئىنسان تەبىئىتىگە ياقىدىغان، تەركىبىدە ئوزۇقلۇق قىممىتى بار، تەن ساقلىقىغا زىيىنى بولمايدىغان، ئىسلامدا چەكلەنمىگەن ھەرقانداق يېمەك-ئىچمەكنى ئىستېمال قىلىش ھالالدۇر. ئەكسىچە، ئۆزى پاسكىنا، تەبىئىتى پاك

[1] ئەللامە مۇھەممەد سالىھ ئەلمۇنەججىدنىڭ https: //islamqa.info تور بېكىتى 88206-نومۇرلۇق سوئالغا بېرىلگەن جاۋابىدىن قىسقارتىپ ئېلىندى.

ئەمەس، ئادەمگە بىئاراملىق ئېلىپ كېلىدىغان، تەن ساقلىقىغا زىيان يەتكۈزىدىغان، مەست قىلىدىغان، ئەقلىنى بۇلغايدىغان، ئىسلامدا چەكلەنگەن ھەرقانداق يېمەك-ئىچمەكنى ئىستېمال قىلىش ھارامدۇر.

ئالدىنقى ئايەتلەردە بايان قىلىنغان ئون تۆرلۈك نەرسىنىڭ ھاراملىقى «قۇرئان كەرىم»نىڭ كەسكىن بەلگىلىمىسىدۇر. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: يەنى «نَهَى رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ عَنْ كُلِّ ذِي نَابٍ مِنَ السِّبَاعِ، وَعَنْ كُلِّ ذِي مِخْلَبٍ مِنَ الطَّيْرِ» «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى يىرتقۇچلاردىن مەرگەن چىشلىقى، ئۇچارقاناتلاردىن يىرتىدىغان تىرنىقى بارلىرىنىڭ گۆشىنى يېيىشتىن مەنئى قىلغان»[1]. يىرتقۇچلار قايسى دېگەندە، ئىمام شافىئىي ئۇنى «ئىنسان ۋە ھايۋانلارغا چېقىلىدىغان جانىۋارلار» دەپ تەرىپلىگەن. ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىفە «گۆش يەيدىغان جانىۋار» دەپ تەرىپلىگەن.

بىر مىللەتتە يېيىش ئادەتلەنمىگەن نەرسىلەر ھارام قاتارىغا كىرمەيدۇ. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما خالىد ئىبنى ۋەلىدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: «بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسا-لام مەيمۇنەنىڭ ئۆيىگە كىرگەن ئىدى. داستىخانغا پىشۇرۇلغان كىلە گۆشى كەلتۈرۈلدى. ئاياللاردىن بىرى ‹رەسۇلۇللاھقا بۇ گۆشنىڭ كىلە گۆشى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ قويايلى› دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلاردىن بىرى ‹يارەسۇلۇللاھ! ئۇ كىلە گۆشى› دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەرھال قولىنى داستىخاندىن تارتتى. مەن ‹يارەسۇلۇللاھ! كىلە گۆشى ھاراممۇ؟› دەپ سورىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ‹لَا، وَلَكِنْ لَمْ يَكُنْ بِأَرْضِ قَوْمِي، فَأَجِدُنِي أَعَافُهُ› يەنى ‹ھارام ئەمەس، لېكىن ئۇ بىزنىڭ يۇرتتا يېيىلمەيدۇ، شۇڭا كۆڭلۈم تارتمىدى› دېدى. ئاندىن مەن يېيىشكە باشلىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە قاراپ ئولتۇردى»[2]. ئىمام نەۋەۋى ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىقى كىلە گۆشىنى يېيىشنىڭ ھالال ئىكەنلىكىدە بىرلىككە كەلگەنلىكىنى، پەقەت ھەنەفىي مەزھىپىدىلا ئۇنى مەكرۇھ سانايدىغانلىقىنى بايان قىلغان.

مەكرۇھ-قىلماسلىق تەلەپ قىلىنغان بولسىمۇ، ھاراملىقىغا كەسكىن دەلىل بولمىغان ۋە قىلسا گۇناھ بولمايدىغان ئىش دېگەنلىك بولۇپ،

---

[1] «صحيح مسلم» 3-توم، 1534-بەت، 1934 ـ ھەدىس.

[2] «صحيح البخاري» 7-توم 71-بەت 5391 -ھەدىس، «شرح النووي على مسلم» 13-توم، 98-بەت.

تاھارەت ئالغاندا سۈنى ئىسراپچىلىققا يېقىن دەرىجىدە ياكى نورمالدىن ئاز ئىشلىتىش، نامازدا كۆزنى يۇمۇۋېلىش ياكى ئۇياق-بۇياققا قاراش، ئاممىۋى سورۇنلارغا ۋە مەسجىدلەرگە بېرىپ تۇرىدىغان كىشىلەرنىڭ خام سامساق ۋە خام پىيازغا ئوخشاش سېسىق پۇرايدىغان نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىشى قاتارلىق ئىشلارنى كۆرسىتىدۇ.

بۇلار قۇرۇقلۇق ھايۋانلىرىنىڭ بايانى بولۇپ، سۇ ھايۋانلىرىدىن مەيلى گۆش يەيدىغان جانۋار بولسۇن، مەيلى ئوت-چۆپ يەيدىغان جانۋار بولسۇن، ھەممىسىنىڭ گۆشى ھالالدۇر (بۇ شافىئىي مەزھىپىنىڭ رايىدۇر). ئەمما پاقا ۋە تىمساھقا ئوخشىغان ھەم قۇرۇقلۇقتا ھەم سۇدا ياشايدىغان جانۋارلارنىڭ گۆشىنى يېيىش ھارامدۇر. يىلان بىلەن تاشپاقا ھارامدۇر. چۈنكى، تاشپاقا پاسكىنا، يىلان زەھەرلىكتۇر.

ئەمما ئۆگىتىلگەن ئوۋ جانۋارلىرىنىڭ-ئوۋچى تەرىپىدىن ئوۋغا ئەۋەتىلگەن بولۇشى شەرتى بىلەن-ئۇنىڭ ئوۋلىغان نەرسىلىرىنى يېيىش ھالالدۇر. چۈنكى، بۇ ۋاقىتتا، ئۇ بوغۇزلانغان چارۋىغا ئوخشاشتۇر. ئوۋ جانۋارلىرى ئۆزلىرى ئوۋلىغان نەرسىلىرىنى ئوۋچىغا تىرىك ئېلىپ كەلگەن تەقدىردە، ئوۋچى ئۇنى چوقۇم بوغۇزلىشى لازىم.

ئوۋچى جانۋارلارنىڭ ئۆگىتىلگەن بولۇپ-بولماسلىقى مۇنداق بىلىنىدۇ: ئىگىسى ئۇنى ئوۋغا ئەۋەتكەندە، ئۇ دەرھال بارسا، «توختا» دېگەندە، توختىسا ۋە ئوۋلىغان نەرسىسىدىن قەتئىي يەپ قويماستىن ئىگىسىگە ساق ئېلىپ كەلسە، مۇنداق جانۋار ئۆگىتىلگەن ئوۋ جانۋارى دېيىلىدۇ. ئەگەر ئوۋلىغان نەرسىسىدىن يەپ قويسا، كۆپ ساندىكى ئۆلىمالارنىڭ قارىشىچە، ئۇنىڭ ئوۋلىغان نەرسىسى يېيىلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ ئوۋلىغان نەرسە بۇ ھالەتتە ئالدىنقى ئايەتلەردە بايان قىلىنغان يىرتقۇچلار يەپ قويغان چارۋىلارغا ئوخشاشتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەدىي ئىبنى ھاتەمگە مۇنداق دېگەن: «إِذَا أَرْسَلْتَ كِلَابَكَ الْمُعَلَّمَةَ ، وَذَكَرْتَ اسْمَ اللَّهِ ، فَكُلْ مِمَّا أَمْسَكْنَ عَلَيْكَ ، إِلَّا أَنْ يَأْكُلَ الْكَلْبُ فَلَا تَأْكُلْ ، فَإِنِّي أَخَافُ أَنْ يَكُونَ إِنَّمَا أَمْسَكَ عَلَى نَفْسِهِ ، وَإِنْ خَالَطَهَا كَلْبٌ مِنْ غَيْرِهَا فَلَا تَأْكُلْ» يەنى «ئۆگىتىلگەن ئىتىڭنى ئوۋغا «بىسمىللاھ» دەپ ئەۋەتكەن بولساڭ، ئۇنىڭ ئوۋلىغان نەرسىسىنى يېگىن. ئەگەر ئۇ ئوۋلىغان نەرسىسىدىن يەپ قويغان بولسا، سەن ئۇنى يېمىگىن، چۈنكى ئوۋچى جانۋار بۇ ئوۋنى سەن ئۈچۈن ئەمەس، ئۆزى ئۈچۈن ئوۋلىغان بولىدۇ.

باشقا ئىت بىلەن بىللە ئۇۋلىغان بولسىمۇ يېمىگىن»[1].

يەنە بىر رىۋايەتتە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوقيا بىلەن ئۇۋلانغان ئوۋ توغرۇلۇق سورالغىنىدا: «وَمَا صِدْتَ بِقَوْسِكَ فَذَكَرْتَ اسْمَ اللَّهِ فَكُلْ» يەنى «ئوقيا بىلەن ئۇۋلىغان ۋە ئاتقاندا «بىسمىللاھ» دەپ ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ئاتىغان ئۇۋنىڭ گۆشىنى يېگىن»[2] دېگەن. ئوۋ مىلتىقى بىلەن ئۇۋلانغان ئوۋ ئوقيا بىلەن ئاتقانغا ئوخشاشتۇر. بەزىلەر مۇنداق ئۇۋلانغان ئوۋ ئەگەر تىرىك قولغا چۈشكەن بولسا ئۇنى بوغۇزلاشنى شەرت قىلغان.

﴿ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ئاتاڭلار﴾ دېگەن ئايەت ئوۋچى جانىۋارنى ئوۋغا ئەۋەتكەن چاغدا، «بىسمىللاھ» دېيىشنى كېرەكلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. بەزى ئۆلىمالار ئۇۋلانغان نەرسىنى يېگەن چاغدا دېيىلىدۇ، دېگەن.

مال بوغۇزلىغاندا «بىسمىللاھ» دېيىشنىڭ ھۆكمى نېمە؟

«بۇ مەسىلىدە ئۆلىمالار ئۈچكە بۆلۈنگەن بولۇپ، ھەنەفىي، مالىكىي ۋە ھەنبەلىي مەزھەپلىرىنىڭ قارىشىچە، مال بوغۇزلىغاندا ياكى ئوۋ ئۇۋلىغاندا «بىسمىللاھ» دېيىش پەرزدۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ﴿وَلَا تَأْكُلُوا۟ مِمَّا لَمْ يُذْكَرِ ٱسْمُ ٱللَّهِ عَلَيْهِ وَإِنَّهُۥ لَفِسْقٌ﴾ يەنى ﴿(ئى ئىمان ئېيتقانلار!) ئاللاھنىڭ ئىسمى ئېيتىلماي بوغۇزلانغان ھايۋانلارنى يېمەڭلار، ئۇنى يېيىش ئەلۋەتتە گۇناھتۇر﴾[3] دەپ بۇيرۇغان. ئەگەر ئۇنتۇپ قالغانلىقتىن «بىسمىللاھ» دېمىگەن بولسا، مال ھارام بولۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «إِنَّ اللَّهَ قَدْ تَجَاوَزَ عَنْ أُمَّتِي الْخَطَأَ ، وَالنِّسْيَانَ ، وَمَا اسْتُكْرِهُوا عَلَيْهِ» يەنى «ئاللاھ مېنىڭ ئۈممىتىمدىن ئۈچ ئىشنى كەچۈرۈۋەتتى. ئۇلار: ئۇنتۇپ قالغانلىق، خاتالاشقانلىق ۋە مەجبۇرلانغانلىقتۇر»[4] دەپ كۆرسەتكەن. شافىئىي مەزھىپىنىڭ قارىشىچە، «بىسمىللاھ» دېيىش سۈننەتتۇر. بۇنىڭغا ئاساسەن، «بىسمىللاھ» دېمەي بوغۇزلىسىمۇ مال ھارام بولمايدۇ. زاھىرىي مەزھىپىنىڭ[5] قارىشىچە،

[1] «صحيح البخاري» 7ـ توم 88ـبەت 5487ـھەدىس.

[2] «صحيح البخاري» 7ـتوم، 86ـبەت، 5478ـھەدىس.

[3] ئەنئام سۈرىسى: 121ـ ئايەت.

[4] «سنن ابن ماجه» 1ـتوم، 659ـبەت، 2043 ـھەدىس.

[5] زاھىرى مەزھىپى ھىجرىيەنىڭ ئۈچىنچى ئەسىرىدە باغداتتا مەيدانغا كەلگەن پىكرى مەزھەپ بولۇپ، بەزى مەنبەلەر ئۇنى ئىسلامدا ئېتىراپ قىلىنغان ھەنەفى، شافىئىي، مالىكى ۋە ھەنبەلىي قاتارلىق مەزھەپلەرنىڭ قاتارىدىن سانايدۇ. قۇرغۇچىسى ئەللامە

مال بوغۇزلىغاندا ياكى ئوۋ ئوۋلىغاندا «بىسمىللاھ» دېيىش شەرتتۇر. ئۈنتۇپ قالغانلىقتىن ياكى قەستەن «بىسمىللاھ» دېيىلمىگەن مال ھارامدۇر. شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە بۇ قاراشنى كۈچلەندۈرگەن»[1]. ھازىرقى زامان ئۆلىمالىرىدىن ئەللامە مۇھەممەد سالىھ ئۇسەيمىن بۇ مەزھەپنىڭ قارىشىنى قوللايدۇ. بۇلارنىڭ قارىشىچە، ھەرقانداق بىر ئىبادەتنىڭ شەرتلىرى تولۇقلانمىسا، ئىبادەت قوبۇل بولمىغاندەك، بوغۇزلاشنىڭ شەرتى بولغان «بىسمىللاھ» دېيىلمىسە، بوغۇزلانغان مال ھارام بولىدۇ.

ئەللامە ئىبنى كەسىر مۇنداق دېگەن: «ئۆلىمالار قەستەن ياكى ئۇنتۇپ قالغانلىقتىن ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ئاتىماي بوغۇزلانغان مالنىڭ گۆشىنى يېيىش مەسىلىسىدە تۆۋەندىكىدەك ئۈچ مەزھەپكە ئايرىلغان:

بىرىنچى مەزھەپ: قەستەن ياكى ئۇنتۇپ قالغانلىقتىن ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ئاتىماي بوغۇزلانغان مالنىڭ گۆشىنى يېيىش قەتئىي ھارامدۇر، دەپ قارايدۇ. بۇ ئىبنى ئۆمەر، نافىئ، ئامىر، ئىمام ئەھمەد، ئىمام مالىك قاتارلىقلاردىن كەلگەن رىۋايەتلەرگە ۋە شافىئىي مەزھىپىنىڭ كېيىنكى بەزى ئۆلىمالىرىنىڭ سۆزلىرىگە ئاساسلانغان مەزھەپتۇر. ئۇلار ئۆز مەزھەپلىرىنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن، ئوۋ ھەققىدە نازىل بولغان مۇنۇ ئايەتنى دەلىل قىلغان: ﴿أُحِلَّ لَهُمۡۖ قُلۡ أُحِلَّ لَكُمُ ٱلطَّيِّبَٰتُ وَمَا عَلَّمۡتُم مِّنَ ٱلۡجَوَارِحِ مُكَلِّبِينَ تُعَلِّمُونَهُنَّ مِمَّا عَلَّمَكُمُ ٱللَّهُۖ فَكُلُواْ مِمَّآ أَمۡسَكۡنَ عَلَيۡكُمۡ وَٱذۡكُرُواْ ٱسۡمَ ٱللَّهِ عَلَيۡهِۖ﴾ يەنى ﴿سىلەرگە پاك نەرسىلەر ۋە سىلەر ئاللاھنىڭ سىلەرگە بىلدۈرگىنى بويىچە سىلەر تەربىيەلەپ شىكارغا ئۆگەتكەن (ئىت، قارچىغا، قۇشقا ئوخشاش) ئوۋچى جانىۋارلارنىڭ ئوۋلىغان نەرسىلىرى ھالال قىلىندى. شۇڭا ئۇلارنىڭ سىلەر ئۈچۈن ئوۋلاپ تۇتۇپ تۇرغان نەرسىلىرىدىن يەڭلار، (ئوۋچى جانىۋارلارنى قويۇپ بەرگەن چېغىڭلاردا) ‹بىسمىللاھ› دەڭلار﴾[2].

ئىككىنچى مەزھەپ: مال بوغۇزلىغاندا «بىسمىللاھ» دېيىش شەرت ئەمەس، بەلكى مۇستەھەپتۇر. ئەگەر قەستەن ياكى ئۇنتۇپ قالغانلىقتىن، «بىسمىللاھ» دېمىسە ھېچ نەرسە بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇ شافىئىي

---

ئىبنى ھەزم دېگەن كىشى بولۇپ، ئۇ نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك ئىسلامىي ئەسەرنى قالدۇرغان كاتتا ئالىمدۇر.

[1] «الإسلام سؤال وجواب» 235020- نومۇرلۇق پەتۋا.

[2] مائىدە سۈرىسى: 4- ئايەت.

مەزھىپىدىكى بارلىق ئۆلىمالارنىڭ قارىشى بولۇپ، ئىمام ئەھمەد ۋە ئىمام مالىكتىن كەلگەن بەزى رىۋايەتلەردىمۇ بۇ مەزھەپ كۈچلەندۈرۈلگەن. ساھابىلەردىن ئىبنى ئابباس، ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەتائ ئىبنى ئەبۇ رەباھ قاتارلىقلارمۇ شۇنداق دېگەن. توغرىسىنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ.

ئۈچىنچى مەزھەپ: مال بوغۇزلىغاندا «بىسمىللاھ»نى ئۇنتۇپ قالغانلىقتىن تەرك ئەتكەن بولسا، ئۇ گۆشنى يېسە بولىدۇ، ئەگەر قەستەن تەرك ئەتكەن بولسا، ئۇ گۆش ھارامدۇر، دەپ قارايدۇ. بۇ ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىفەنىڭ مەزھىپى بولۇپ، ئىمام مالىك ۋە ئىمام ئەھمەدتىن كەلگەن مەشھۇر رىۋايەتلەر بۇنى كۈچلەندۈرىدۇ. بۇ ساھابىلەردىن ئەلى، ئىبنى ئابباس قاتارلىقلارنىڭ، تابىئىنلەردىن سەئىد ئىبنى مۇسەييەب، ئەتائ، تاۋۇس، ھەسەن بەسرى قاتارلىقلارنىڭ مەزھىپىدۇر»[1].

ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھ تائالانىڭ بۇ بەلگىلىمىلىرىدىن چەتنەپ كېتىپ ئۇنىڭ غەزىپىگە يولۇقۇپ قېلىشتىن قورقۇڭلار ۋە بۇ بەلگىلىمىلەرگە ئەمەل قىلىڭلار، چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ ھېساب ئېلىش ئىشى ناھايىتى تېزدۇر. سىلەر بارلىق قىلمىشىڭلاردىن ئەلۋەتتە ھېساب بېرىسىلەر.

بۈگۈن سىلەرگە ھالال نەرسىلەر ئوچۇق بايان قىلىندى. خىرىستىيانلار بىلەن يەھۇدىيلارنىڭ بوغۇزلىغان چارۋىلىرى سىلەرگە ھالالدۇر. ئەمما مۇشرىك، بۇددىست ۋە ئاتېئىست قاتارلىق كاپىرلارنىڭ بوغۇزلىغان چارۋىلىرى سىلەرگە ھەرگىز ھالال ئەمەس. مال بوغۇزلاشتا «بىسمىللاھ» دېيىش شەرتتۇر. ئاللاھ تائالادىن باشقىسىنىڭ نامى ئېيتىلىپ بوغۇزلانغان مالنىڭ گۆشى يېيىلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ ھارامدۇر.

بۇ ئەھلى كىتابتىن بولغان مال بوغۇزلىغۇچىنىڭ ئاللاھ تائالادىن باشقىسىنىڭ نامىنى تىلغا ئالغانلىقىنى ئۆز قۇلىقىڭىز بىلەن ئاڭلىسىڭىز ياكى ئىشەنچلىك كىشىدىن ئاڭلىغان بولسىڭىز شۇنداق. ئەگەر ئۇنىڭ ئاللاھ تائالادىن باشقىسىنىڭ نامى بىلەن بوغۇزلىغانلىقىنى ئاڭلىمىغان بولسىڭىز، بۇ ۋاقىتتا، ئۇنىڭ بوغۇزلىغان چارۋىسى سىزگە ھالالدۇر. يېيىش ئالدىدا «بىسمىللاھ» دەپ يەيسىز، خالاس.

ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەرنىڭ ئامىقىڭلارمۇ ئەھلى كىتابقا ھالالدۇر. شۇڭا ئۇلارنى غىزالاندۇرۇش ياكى ئۇلارغا تاماق سېتىشتا سىلەرگە ھېچ گۇناھ يوقتۇر.

---

[1] «تفسير ابن كثير» 3-توم، 326-بەت.

ئىپپەت ۋە نومۇسلىرىنى قوغدىغان ھالدا تۇرمۇش قۇرۇشنى نىيەت قىلىش ۋە مەھرىنى تولۇق بېرىش شەرتى بىلەن مۆئمىنلەردىن ۋە خىرىستىيان ياكى يەھۇدىيلاردىن بولغان ئىپپەتلىك ۋە پاك ئاياللارنى نىكاھلاپ ئېلىش سىلەرگە ھالالدۇر. ئەمما ئۇلارنى يوشۇرۇن دوست ياكى ئاشنا تۇتۇش ھارامدۇر.

مۇپەسسىرلەر ﴿وَمَن يَكْفُرْ بِالْإِيمَنِ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى توغرۇلۇق ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، ئەللامە بەغەۋىي بىر قانچە خىل تەپسىرنى بايان قىلغاندىن كېيىن، مۇنداق دېگەن: «ئىبنى ئابباس، مۇجاھىد قاتارلىقلار ئايەتتىكە ‹كىمكى ئىمان ئېيتىش زۆرۈر بولغان زات ئاللاھنى ئىنكار قىلىدىكەن› دەپ مەنە ئېيتقان. كەلبىي ‹كىمكى (ئاللاھتىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوقتۇر) دېگەن كەلىمە تەۋھىدنى ئىنكار قىلىدىكەن› دەپ مەنە ئېيتقان»[1]. يەنە بەزى مۇپەسسىرلەر «كىمكى ھالالنى ھالال، ھارامنى ھارام دېيىشنى تەقەززا قىلىدىغان ئىماننى ئىنكار قىلىدىكەن» دەپ مەنە ئېيتقان. مۇقاتىل «كىمكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا كەلگەن قۇرئاننى ئىنكار قىلىدىكەن» دەپ مەنە ئېيتقان. ئەللامە ئىبنى جەرىر تەبەرىي «كىمكى ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ راست پەيغەمبەر ئىكەنلىكى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ ھەق ئىكەنلىكى قاتارلىق ئاللاھ ئىمان ئېيتىشقا بۇيرۇغان مەسىلىلەرنى ئىنكار قىلىدىكەن»[2] دەپ مەنە ئېيتقان. يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسىنى نەزەرگە ئالغان ۋاقتىمىزدا بۇ ئايەتنى مۇنداق تەپسىر قىلىشقا بولىدۇ: كىمكى ئاللاھ تائالانى ئىنكار قىلىدىكەن ياكى پەيغەمبەرلەرگە ئىمان ئېيتىش، ساماۋى كىتابلارغا ئىمان ئېيتىش، ئاخىرەتكە ئىمان ئېيتىش قاتارلىق ئاللاھ تائالا ئىمان ئېيتىشقا بۇيرۇغان مەسىلىلەرنى ئىنكار قىلىدىكەن ياكى ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى ئىنكار قىلىدىكەن، ئۇنىڭ بۇرۇن قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنىڭ ھەممىسى بىكار بولۇپ كېتىدۇ. چۈنكى، ئۇ مۇرتەد بولغان بولىدۇ. مۇرتەد بولغان ئادەمنىڭ بۇرۇنقى ياخشى ئەمەللىرى بىكار بولۇپ كېتىدۇ. مۇنداق ئادەم ئاخىرەتتە قاتتىق زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىدۇ. ئىمانى يوق ئادەم قانچىلىك كۆپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلسىمۇ، ئۇنىڭ ئەمەلى قوبۇل قىلىنمايدۇ. چۈنكى، ئەمەللەرنىڭ قوبۇل بولۇشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى ئىماندۇر.

---

[1] «تفسير البغوي» 3-توم، 19-20-بەت.

[2] «تفسير الطبري» 9-توم، 591-بەت.

ئوۋ ئوۋلاشقا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ھەققىدە فىقھى كىتابلىرىدا تەپسىلىي بايانلار بار. بۇ ماۋزۇدا ئىزدىنىشنى خالىغانلار فىقھىي كىتابلارغا مۇراجىئەت قىلسا بولىدۇ.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

**1.** ئوۋ جانىۋارلىرى تۇتۇپ كەلگەن ئوۋنىڭ گۆشىنى يېيىشنىڭ شەرتى ئوۋچى جانىۋارنىڭ ئۆگىتىلگەن بولۇشى، ئۆزى ئوۋلىغان نەرسىسىدىن يەپ قويمىغان بولۇشى ۋە ئۇنى ئوۋغا ئەۋەتكەن كىشىنىڭ ئەۋەتكەن ۋاقتىدا «بىسمىللاھ» دېگەن بولۇشىدۇر. مىلتىق بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرگەن جانىۋارنىڭ گۆشىنىمۇ ئاتقاندا «بىسمىللاھ» دەپ ئاتقان بولسا يېيىش ھالالدۇر.

**2.** يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىيانلارنىڭ بوغۇزلىغان چارۋىلىرى مۇسۇلمانلارغا ھالال، مۇسۇلمانلارنىڭ بوغۇزلىغانلىرىمۇ ئۇلارغا ھالالدۇر. بۇ ھۆكۈم زامانىمىزدىكى يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىيانلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**3.** يەھۇدىي ۋە خرىستىيان ئاياللار بىلەن ئۆيلىنىشنىڭ شەرتى ئۇلارنىڭ ئىپپەتلىك بولۇشىدۇر. ئەمما مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ ئۇلارغا ياتلىق بولۇشى جائىز ئەمەس.

**4.** گۇناھ-مەئسىيەتلەر گاھىدا كۇفرىغا ئېلىپ بارىدۇ.

## ◄ تاھارەت، غۇسلى ۋە تەيەممۇم

﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ إِذَا قُمۡتُمۡ إِلَى ٱلصَّلَوٰةِ فَٱغۡسِلُواْ وُجُوهَكُمۡ
وَأَيۡدِيَكُمۡ إِلَى ٱلۡمَرَافِقِ وَٱمۡسَحُواْ بِرُءُوسِكُمۡ وَأَرۡجُلَكُمۡ إِلَى
ٱلۡكَعۡبَيۡنِۚ وَإِن كُنتُمۡ جُنُبٗا فَٱطَّهَّرُواْۚ وَإِن كُنتُم مَّرۡضَىٰٓ أَوۡ عَلَىٰ سَفَرٍ
أَوۡ جَآءَ أَحَدٞ مِّنكُم مِّنَ ٱلۡغَآئِطِ أَوۡ لَٰمَسۡتُمُ ٱلنِّسَآءَ فَلَمۡ تَجِدُواْ
مَآءٗ فَتَيَمَّمُواْ صَعِيدٗا طَيِّبٗا فَٱمۡسَحُواْ بِوُجُوهِكُمۡ وَأَيۡدِيكُم مِّنۡهُۚ
مَا يُرِيدُ ٱللَّهُ لِيَجۡعَلَ عَلَيۡكُم مِّنۡ حَرَجٖ وَلَٰكِن يُرِيدُ لِيُطَهِّرَكُمۡ
وَلِيُتِمَّ نِعۡمَتَهُۥ عَلَيۡكُمۡ لَعَلَّكُمۡ تَشۡكُرُونَ ٦ وَٱذۡكُرُواْ نِعۡمَةَ ٱللَّهِ

عَلَيْكُمْ وَمِيثَٰقَهُ ٱلَّذِى وَاثَقَكُم بِهِۦٓ إِذْ قُلْتُمْ سَمِعْنَا وَأَطَعْنَا ۖ
وَٱتَّقُوا۟ ٱللَّهَ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ عَلِيمٌۢ بِذَاتِ ٱلصُّدُورِ ﴿٧﴾

## تەرجىمىسى

6ـ ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر ناماز ئوقۇماقچى بولغىنىڭلاردا، يۈزۈڭلارنى يۇيۇڭلار، قولۇڭلارنى جەينىكىڭلار بىلەن قوشۇپ يۇيۇڭلار، بېشىڭلارغا مەسھى قىلىڭلار، پۇتۇڭلارنى ئوشۇقۇڭلار بىلەن قوشۇپ يۇيۇڭلار؛ ئەگەر جۇنۇب بولساڭلار (غۇسلى قىلىپ) پاكلىنىڭلار، ئەگەر (سۇ ئىشلىتەلمەيدىغان) كېسەل بولساڭلار ياكى سەپەر ئۈستىدە بولۇپ، ياكى سىلەرنىڭ بىرىڭلار ھاجەت قىلىپ كەلگەن بولۇپ (تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن)، ياكى ئاياللىرىڭلار بىلەن يېقىنچىلىق قىلغان بولۇپ (غۇسلى قىلىش ئۈچۈن) سۇ تاپالمىساڭلار، پاك تۇپراققا (قولۇڭلارنى) ئۇرۇپ، ئۇنىڭ بىلەن يۈزۈڭلارنى ۋە قولۇڭلارنى سىلاڭلار (يەنى تەيەممۇم قىلىڭلار)، ئاللاھ سىلەرنى مۇشەققەتتە قويۇشنى خالىمايدۇ، لېكىن ئاللاھ شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈن سىلەرنى پاك قىلىشنى، نېمىتىنى سىلەرگە تاماملاپ بېرىشنى خالايدۇ.

7ـ ئاللاھنىڭ سىلەرگە ئاتا قىلغان نېمىتىنى ۋە سىلەر (ئىمان ئېيتىش ئارقىلىق) «ئاڭلىدۇق ۋە ئىتائەت قىلىمىز» دەپ ئاللاھقا بەرگەن ۋەدەڭلارنى ئۇنتۇماڭلار، ئاللاھتىن قورقۇڭلار. شەكسىزكى، ئاللاھ دىللاردىكى سىرلارنىمۇ تولۇق بىلگۈچىدۇر.

## بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئاللاھ تائالا ئالدىنقى ئايەتلەردە يېمەك-ئىچمەكلەردىكى ھالال-ھارامنى ۋە نىكاھ مەسىلىلىرىنىڭ قانۇن-پرىنسىپلىرىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، بۇ ئايەتلەردە ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ئىلتىپاتى ئۈچۈن، بىزنىڭ قىلىشىمىز زۆرۈر بولغان شۈكۈر، ناماز ۋە نامازنىڭ ئاچقۇچى بولغان تاھارەت، غۇسلى ۋە تەيەممۇم قاتارلىقلارنى بايان قىلىدۇ. ئايەت تاھارەتنىڭ ھېكمىتىنى بايان قىلىش ۋە ئۈستىمىزگە ئالغان ئەھدە-مىساقلارنى بىزگە ئەسلىتىش بىلەن ئاخىرلاشقان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مِفْتَاحُ الْجَنَّةِ الصَّلَاةُ ، وَمِفْتَاحُ الصَّلَاةِ الْوُضُوءُ» يەنى «جەننەتنىڭ ئاچقۇچى نامازدۇر، نامازنىڭ ئاچقۇچى تاھارەتتۇر»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

[1] «سنن الترمذي» 1ـتوم، 55ـبەت، 4ـھەدىس.

### ◄ تەپسىرى

ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر ناماز ئوقۇماقچى بولغان چېغىڭلاردا، ئەگەر تاھارەتسىز بولساڭلار، تاھارەت ئېلىشىڭلار لازىم. چۈنكى، تاھارەت ناماز ئوقۇش ئۈچۈن شەرتتۇر. تاھارەتسىز ناماز ئوقۇشقا بولمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «لاَ يَقْبَلُ اللَّهُ صَلاَةَ أَحَدِكُمْ إِذَا أَحْدَثَ حَتَّى يَتَوَضَّأَ» يەنى «ئاللاھ تاھارەتسىز كىشىنىڭ نامىزىنى قوبۇل قىلمايدۇ»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

### ◄ تاھارەتنىڭ پەرزلىرى

يۇقىرىقى: ﴿ناماز ئوقۇماقچى بولغىنىڭلاردا، يۈزۈڭلارنى يۇيۇڭلار. قولۇڭلارنى جەينىكىڭلار بىلەن قوشۇپ يۇيۇڭلار، بېشىڭلارغا مەسھى قىلىڭلار، پۇتۇڭلارنى ئوشۇقۇڭلار بىلەن قوشۇپ يۇيۇڭلار﴾ دېگەن ئايەتتە بايان قىلىنغان مەسىلىلەر تاھارەتنىڭ پەرزلىرىنى تەشكىل قىلىدۇ. ﴿بېشىڭلارغا مەسھى قىلىڭلار﴾ يەنى ھۆل قىلىنغان قوللىرىڭلار بىلەن بېشىڭلارنى سىلاڭلار. شافىئىي مەزھىپىنىڭ قارىشىچە، باشنىڭ بىر تال تۈكىنى بولسىمۇ ھۆل قىلسا مەسھى قىلغانلىق بولىدۇ. ئەمما ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىفەنىڭ قارىشىچە، مەسھىنىڭ دۇرۇس بولۇشى ئۈچۈن، ئاز دېگەندە باشنىڭ تۆتتىن بىرىگە سۇ تەگكۈزۈش شەرتتۇر. مالىكى مەزھىپىدە ئېھتىيات ئۈچۈن باشنىڭ ھەممىسىگە مەسھى قىلىش پەرزدۇر. چۈنكى، ئايەتنىڭ مەنىسى بۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئېھتىمال كەلتۈرىدۇ. ئەللامە مۇھەممەد مۇتەۋەللىي شەئراۋىي مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا بېشىمىزغا مەسھى قىلىشقا بۇيرۇغان ئايەتنىڭ بېشىغا «ب» ھەرپىنى كەلتۈرۈپ، ﴿بِرُءُوسِكُمْ﴾ دېگەن. ئەرەب تىلىدا «ب» ھەرپىنىڭ كۆپلىگەن مەنىلىرى بار بولۇپ، «مَعَ»، «مِنْ»، «عَنْ» دېگەن مەنىلەرنىمۇ ئىپادىلەيدۇ. «ب» ھەرپى چاپلاش ۋە تەككۈزۈش دېگەن مەنىنى ئىپادىلىگەندەك، سەۋەب مەنىسىنىمۇ ئىپادىلەيدۇ، ئۇ يەنە ئۆتۈمسىز پېئىلنى ئۆتۈملۈك قىلىش ئۈچۈنمۇ قوشۇلۇپ كېلىدۇ. ‹باشنىڭ بىر قىسمىنى، ھەتتا بىرەر تال چاچنى بولسىمۇ سىلاش مەسھى ئۈچۈن كۇپايە قىلىدۇ› دېگۈچىلەرنىڭ قارىشىمۇ توغرىدۇر. چۈنكى، «ب» ھەرپىنىڭ مەنىسى بۇنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسھى توغرۇلۇق ئېيتىلغان قاراشلارنىڭ ھەممىسى توغرىدۇر. چۈنكى، ئەگەر ئاللاھ تائالا

---

[1] «صحيح البخاري» 9-توم، 23-بەت، 6954 -ھەدىس.

بىردىن مۇئەييەن مەسھىنى تەلەپ قىلغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇنى بىرگە ئېنىق بايان قىلغان بولاتتى. ئەگەر بېشىمىزنىڭ ھەممىسىگە مەسھى قىلىشىمىزنى ئىرادە قىلغان بولسا ئىدى، ﴿فَٱغۡسِلُواْ وُجُوهَكُمۡ﴾ دېگەن ئايەتتىكىگە ئوخشاش ﴿فَٱمۡسَحُواْ رُءُوسَكُمۡ﴾ دەپ كەلتۈرگەن بولاتتى. ئەگەر بېشىمىزنىڭ مۇئەييەن جايلىرىغا مەسھى قىلىشىمىزنى خالىغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە ﴿وَأَيۡدِيَكُمۡ إِلَى ٱلۡمَرَافِقِ﴾ دېگەن ئايەتتىكىگە ئوخشاش ئىبارە كەلتۈرگەن بولاتتى. ئاللاھ تائالا بېشىمىزغا مەسھى قىلىشقا بۇيرۇغان ئايەتنى «ب» ھەرپى بىلەن كەلتۈرگەن ئىكەن، بىزمۇ «ب» ھەرپى ئىپادىلەيدىغان مەنىلەرنىڭ قايسىبىرىگە ئەمەل قىلساق بولىۋېرىدۇ»[1].

شافىئىي مەزھىپىگە ئاساسەن، نىيەت تاھارەتنىڭ پەرزلىرىدىن سانىلىدۇ. ئۇلار ﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ إِذَا قُمۡتُمۡ إِلَى ٱلصَّلَوٰةِ﴾ دېگەن ئايەت بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «إِنَّمَا الْأَعْمَالُ بِالنِّيَّاتِ، وَإِنَّمَا لِكُلِّ امْرِئٍ مَا نَوَى، فَمَنْ كَانَتْ هِجْرَتُهُ إِلَى اللَّهِ وَرَسُولِهِ فَهِجْرَتُهُ إِلَى اللَّهِ وَرَسُولِهِ، وَمَنْ كَانَتْ هِجْرَتُهُ لِدُنْيَا يُصِيبُهَا أَوْ امْرَأَةٍ يَنْكِحُهَا فَهِجْرَتُهُ إِلَى مَا هَاجَرَ إِلَيْهِ» يەنى «ئەمەللەر پەقەت نىيەتلەرگە باغلىقتۇر، ھەرقانداق ئادەم ئۆزى نىيەت قىلغان نەرسىسىگە ئېرىشىدۇ، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ئۈچۈن ھىجرەت قىلغان كىشىنىڭ ھىجرىتى ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ئۈچۈن بولۇپ قوبۇل قىلىنىدۇ، كىمكى مال-دۇنياغا ئېرىشىشنى ياكى بىرەر ئايالغا ئۆيلىنىشنى كۆزلەپ ھىجرەت قىلغان بولسا، ئۇنىڭ ھىجرىتى شۇنىڭ ئۈچۈن بولىدۇ»[2] دېگەن ھەدىسنى دەلىل قىلىدۇ. شافىئىي مەزھىپىدە تەرتىپمۇ تاھارەتنىڭ پەرزلىرىدىن سانىلىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن، تاھارەتنىڭ پەرزلىرى شافىئىي مەزھىپىدە ئالتە بولۇپ، ئۇلار:

1. تاھارەت ئېلىشنى نىيەت قىلىش،
2. يۈزنى يۇيۇش،
3. ئىككى قولنى جەينىكى بىلەن قوشۇپ يۇيۇش،
4. بېشىغا مەسھى قىلىش (يەنى قولنى ھۆل قىلىپ سىلاش)،
5. ئىككى پۇتنى ئوشۇقى بىلەن قوشۇپ يۇيۇش،

---

[1] «تفسير الشعراوي» 6- توم، 2959- بەت.

[2] «صحيح البخاري» 1-توم، 6-بەت، 1- ھەدىس.

6. تاھارەتنىڭ تەرتىپىگە رىئايە قىلىشتۇر.

ئەمما ھەنەفىي مەزھىپىدە تاھارەتنىڭ پەرزى تۆت بولۇپ، ئۇلار:

1. يۈزنىڭ چاچ ئۈنگەن يېرىدىن باشلاپ ئېڭەكنىڭ ئاستىغىچە ۋە ئىككى قۇلاقنىڭ يۇمشاقلىرىغىچە بولغان جايلىرىنى تولۇق يۇيۇش،

2. ئىككى قولنى جەينەكلىرى بىلەن قوشۇپ يۇيۇش،

3. ئىككى پۇتنى ئوشۇقلىرى بىلەن قوشۇپ يۇيۇش،

4. باشنىڭ تۆتتىن بىرىگە مەسھى قىلىشتۇر.

ئىمام تىرمىزى قاتارلىقلار بەزى ساھابىلەردىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تاھارەت ئالغىنىنى كۆردۇق. ئۇ ئاۋۋال ئىككى قولىنى پاكىز يۇدى، ئاندىن ئاغزىغا ئۈچ قېتىم سۇ ئېلىپ چايقىدى، ئاندىن بۇرنىغا ئۈچ قېتىم سۇ ئېلىپ تازىلىدى، ئاندىن يۈزىنى ئۈچ قېتىم يۇدى، ئاندىن ئىككى قولىنى جەينەكلىرى بىلەن قوشۇپ ئۈچ قېتىم يۇدى، ئاندىن بېشىغا بىر قېتىم مەسھى قىلدى، ئاخىرىدا ئىككى پۇتىنى ئوشۇقلىرى بىلەن قوشۇپ ئۈچ قېتىم يۇدى، ئاندىن ‹مەن سىلەرگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قانداق تاھارەت ئالىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ قويماقچى بولۇپ شۇنداق قىلدىم› دېدى»[1]. بۇ ھەدىستە تاھارەتنىڭ پەرزلىرى بىلەن بەزى سۈننەتلىرى بايان قىلىنغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قانداق تاھارەت ئالىدىغانلىقى توغرۇلۇق كەلگەن ھەدىسلەرگە ئاساسلانغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاھارەت ئالغىنىدا يۇيۇلىدىغان ئەزالارنى بەزىدە بىر قېتىمدىن، بەزىدە ئىككى ۋە بەزىدە ئۈچ قېتىمدىن يۇياتتى. ئەمما ئۈچ قېتىمدىن يۇيۇش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ كۆپ ئادەت قىلغان ئىشى بولغانلىقتىن، تاھارەتتە ھەربىر ئەزانى ئۈچ قېتىمدىن يۇيۇش سۈننەت بولۇپ بېكىتىلگەن.

## ◄ تاھارەتنى بۇزىدىغان ئامىللار

چوڭ ياكى كىچىك تەرەت، جىنسىي مۇناسىۋەتتە بولۇش، ئېغىز توشقۇچىلىك قۇسۇش، بەدەننىڭ قايسىبىر يېرىدىن يىرىڭ، زەرداب چىقىشى، قان چىقىپ ئېقىشى، ئىسپىرىمنىڭ قايسىبىر سەۋەب بىلەن چىقىشى، يېتىپ (ياكى بىر يەرگە ياكى بىر نەرسىگە يۆلىنىپ) ئۇخلاش قاتارلىق ئىشلار تاھارەتنى بۇزىدۇ.

---

[1] «سنن الترمذي» 1-توم، 67-بەت، 48-ھەدىس.

غۇسلى-پاكىز سۇ بىلەن پۈتۈن بەدەننى يۇيۇشتۇر. غۇسلىنى كېرەك قىلىدىغان ئامىللار ئىسپېرمىنىڭ كەيپ بىلەن ئېتىلىپ چىقىشى، جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش (گەرچە ئىسپېرما چىقمىسىمۇ غۇسلى پەرز بولىدۇ)، ئاياللاردا ئايلىق ئادەتنىڭ ياكى تۇغۇتنىڭ قېنىنىڭ توختىشى ۋە باشقىلار.

**تەيەممۇم**-پاكلىق ھۆكمىگە كىرىپ، تاھارەت بىلەن قىلىنىدىغان ئىبادەتلەرنى ئورۇنداشقا سالاھىيەتلىك بولۇش نىيىتى بىلەن تۇپراققا ئۇرۇلغان قوللار بىلەن يۈزنى ۋە ئىككى قولنى جەينەكلىرى بىلەن قوشۇپ سىلاش دېمەكتۇر. تەيەممۇمنى كېرەك قىلىدىغان ئامىللار: تاھارەت ئېلىشقا يېتەرلىك سۇ تېپىلمىغانلىقى ياكى تېپىلغاندىمۇ، قاتتىق سوغۇق ياكى كېسەللىك سەۋەب بىلەن سۇ ئىشلىتىش زىيانلىق بولغانلىقى قاتارلىق ئۆزرىلەر كۆرۈلگەندە، تاھارەتنىڭ ئورنىغا تەيەممۇم قىلىش پەرزدۇر. تەيەممۇم قىلىش ئارقىلىق تاھارەتسىزلەر بىلەن جۇنۇپلار (غۇسلى قىلىشى پەرز بولۇپ قالغانلار) پاكلىق ھۆكمىگە كىرىدۇ. بۇ ھەنەفىي مەزھىپىنىڭ كۆزقارىشىدۇر.

## ◄ تاھارەت بىلەن غۇسلىنىڭ ھېكمەتلىرى

تاھارەت بىلەن غۇسلىنىڭ پەرز بولغانلىقىنىڭ ھېكمەتلىرى: بەدەننى ياكى ئۇنىڭ بەزى مۇھىم ۋە ئاشكارا تۇرىدىغان ئورگانلىرىنى يۇيۇش بەدەنگە يېنىكلىك، كۆڭۈلگە راھەت بېغىشلايدۇ. بەدەننى يۇيۇپ تازىلىغان كىشىنىڭ ھەرىكەتچانلىقى ۋە پائالىيەتچانلىقى ئاشىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ مەنىۋى ھۇزۇرىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا ئىبادەت بۇرچىنى ئۆتۈمەكچى بولغان مۇسۇلمان ئادەمنىڭ تاھارەت ياكى غۇسلى بىلەن پاكلانغان ۋە روھلانغان ھالدا ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىشى ئىبادەتلىرىنىڭ قوبۇل بولۇشى ۋە ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىق ھاسىل قىلىشى ئۈچۈن ئەڭ ياخشى پۇرسەتتۇر. چۈنكى، ئىنسان غۇسلىنى لازىم قىلىدىغان ئىشلارنى قىلغىنىدىن كېيىن، ئۇنىڭ بەدىنىنى ئېغىرلىق، روھىنى ھورۇنلۇق باسىدۇ. ئۇ بەدىنىنى يۇيۇپ تازىلاپ چىققاندىن كېيىن، ئۇنىڭ روھىي كەيپىياتى باشقىچە كۆتۈرۈلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا «الطُّهُورُ شَطْرُ الْإِيمَانِ» يەنى «پاكىزلىق ئىماننىڭ يېرىمىدۇر»[1] دېگەن ھەدىس بويىچە، مۇسۇلمان كىشىنىڭ پاكىز يۈرۈشى ئۇنىڭ ئىمانىنىڭ تەقەززاسىدۇر.

---

[1] «صحيح مسلم» 1-توم، 203-بەت، 223-ھەدىس

ئاللاھ تائالا ناماز ئوقۇش ئۈچۈن تاھارەتنى، سۇ ئىشلىتىش مۇمكىن بولمىغاندا تەيەممۇم قىلىشنى پەرز قىلىش بىلەن بەندىلىرىنى قىيىنچىلىققا ۋە تەسلىككە بۇيرۇغان ئەمەس، بەلكى ئۇلارغا ئوڭايلىق تۇغدۇرۇپ بېرىشنى ۋە بۇ ئىشلار ئارقىلىق ئۇلارنى پاكلاپ چىقىشنى مەقسەت قىلغان. تاھارەت ياكى غۇسلى بىلەن پاكلانغان ئادەم ماددىي كىرلاردىن ۋە پاسكىنىلىقلاردىن پاكلانغىنىدەك، ھورۇنلۇق، چۈشكۈنلۈك قاتارلىق مەنىۋى ئىللەتلەردىنمۇ پاكلىنىپ چىقىدۇ. ھەتتا بۇ پاكلىنىش سايىسىدا بەزى گۇناھلاردىنمۇ پاكلىنىدۇ. چۈنكى، تاھارەت ئارقىلىق كىچىك گۇناھلار يۇيۇلۇپ كېتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إِذَا تَوَضَّأَ الْعَبْدُ الْمُسْلِمُ - أَوِ الْمُؤْمِنُ - فَغَسَلَ وَجْهَهُ خَرَجَ مِنْ وَجْهِهِ كُلُّ خَطِيئَةٍ نَظَرَ إِلَيْهَا بِعَيْنَيْهِ مَعَ الْمَاءِ - أَوْ مَعَ آخِرِ قَطْرِ الْمَاءِ -، فَإِذَا غَسَلَ يَدَيْهِ خَرَجَ مِنْ يَدَيْهِ كُلُّ خَطِيئَةٍ كَانَ بَطَشَتْهَا يَدَاهُ مَعَ الْمَاءِ أَوْ مَعَ آخِرِ قَطْرِ الْمَاءِ -، فَإِذَا غَسَلَ رِجْلَيْهِ خَرَجَتْ كُلُّ خَطِيئَةٍ مَشَتْهَا رِجْلَاهُ مَعَ الْمَاءِ - أَوْ مَعَ آخِرِ قَطْرِ الْمَاءِ - حَتَّى يَخْرُجَ نَقِيًّا مِنَ الذُّنُوبِ» يەنى «مۇسۇلمان ئادەم تاھارەت ئېلىپ يۈزىنى يۇغاندا، ئۇنىڭ ئىككى كۆزى بىلەن قاراپ سادىر قىلغان گۇناھلىرى شۇ سۇ بىلەن ياكى ئاخىرقى بىر تامچە سۇ بىلەن چىقىپ كېتىدۇ، ئۇ ئىككى قولىنى يۇغاندا، ئۇنىڭ قوللىرى بىلەن سادىر قىلغان گۇناھلىرى شۇ سۇ بىلەن ياكى ئاخىرقى بىر تامچە سۇ بىلەن چىقىپ كېتىدۇ، ئۇ ئىككى پۇتىنى يۇغاندا، ئۇنىڭ پۇتى بىلەن بېرىپ قىلغان گۇناھلىرى شۇ سۇ بىلەن ياكى ئاخىرقى بىر تامچە سۇ بىلەن چىقىپ كېتىدۇ»[1]. ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈن ئىبادەت يوللىرىنى كۆرسىتىپ بېرىش ئارقىلىق سىلەرگە نېمەتلىرىنى تاماملاپ بېرىشنى خالايدۇ.

سىلەر ئۆزۈڭلارنى ئاللاھ تائالانىڭ ئىسلامغا ھىدايەت قىلغانلىق ۋە «قۇرئان كەرىم»نىڭ يولغا باشلىغانلىق نېمىتىنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالماڭلار! ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتىپ، ئىسلام دىنىغا كىرگەن چېغىڭلاردا، «ئاڭلىدۇق ۋە ئىتائەت قىلىمىز» دېيىش ئارقىلىق بۇ دىنغا سادىق قالىدىغانلىقىڭلارغا دائىر ئاللاھ تائالاغا بەرگەن ۋەدەڭلارنى ئەسلەڭلار، ھەر ئىشتا ئاللاھ تائالادىن قورقۇڭلار، بەرگەن سۆز ۋە ۋەدىلىرىڭلارغا ۋاپا قىلىڭلار. چۈنكى، ئاللاھ تائالا بارلىق قىلمىشىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ، ھەتتا قەلبلەردە يوشۇرۇن تۇتۇلغان سىرلارنىمۇ بىلىپ

---

[1] «صحيح مسلم» 1-توم، 215-بەت، 244-ھەدىس.

تۇرىدۇ. ئاللاھ تائالادىن ھېچبىر سىرنى يوشۇرالمايسىلەر.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. نامازنىڭ ئاچقۇچى تاھارەتتۇر، تاھارەتسىز ئوقۇلغان ناماز قوبۇل بولمايدۇ. سۇ بىلەن تاھارەت ئېلىش ياكى غۇسلى قىلىشقا ئىمكانىيەت بولمىغاندا، تەيەممۇم ئارقىلىق پاكلىق ھۆكمىگە كىرگىلى بولىدۇ. بۇ ئىسلام دىنىنىڭ كەڭچىلىكى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە بولغان كۆيۈمچانلىقىنىڭ بىر ئىپادىسىدۇر.

2. شۈكۈرنىڭ تۈرتكىسى نېمەتتۇر. نېمەت بەرگۈچىنى قەدىرلەش، ئۇلۇغلاش ۋە ئۇنىڭغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش ھەقىقىي مۇئمىنلىكنىڭ ئىپادىسىدۇر.

### ◄ قېتىرقىنىپ ئىشلەش، ئادالەت بىلەن گۇۋاھلىق بېرىش

﴿يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ كُونُواْ قَوَّٰمِينَ لِلَّهِ شُهَدَآءَ بِٱلْقِسْطِ ۖ وَلَا يَجْرِمَنَّكُمْ شَنَـَٔانُ قَوْمٍ عَلَىٰٓ أَلَّا تَعْدِلُواْ ۚ ٱعْدِلُواْ هُوَ أَقْرَبُ لِلتَّقْوَىٰ ۖ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ خَبِيرٌۢ بِمَا تَعْمَلُونَ ۝٨ وَعَدَ ٱللَّهُ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّـٰلِحَـٰتِ لَهُم مَّغْفِرَةٌ وَأَجْرٌ عَظِيمٌ ۝٩ وَٱلَّذِينَ كَفَرُواْ وَكَذَّبُواْ بِـَٔايَـٰتِنَآ أُوْلَـٰٓئِكَ أَصْحَـٰبُ ٱلْجَحِيمِ ۝١٠ يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ ٱذْكُرُواْ نِعْمَتَ ٱللَّهِ عَلَيْكُمْ إِذْ هَمَّ قَوْمٌ أَن يَبْسُطُوٓاْ إِلَيْكُمْ أَيْدِيَهُمْ فَكَفَّ أَيْدِيَهُمْ عَنكُمْ ۖ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ ۚ وَعَلَى ٱللَّهِ فَلْيَتَوَكَّلِ ٱلْمُؤْمِنُونَ ۝١١﴾

### ◄ تەرجىمىسى

8ـئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھ (نىڭ رازىلىقى) ئۈچۈن ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇڭلار ۋە ئادىللىق بىلەن گۇۋاھلىق بېرىدىغان بولۇڭلار. بىرەر قەۋمگە بولغان ئۆچمەنلىكىڭلار (ئۇلارغا) ئادىل بولماسلىقىڭلارغا سەۋەب بولمىسۇن، ئادىل بولۇڭلار، بۇنداق قىلىشىڭلار تەقۋادارلىققا ئەڭ يېقىندۇر، ئاللاھتىن قورقۇڭلار. شەكسىزكى، ئاللاھ قىلىۋاتقان ئىشىڭلاردىن خەۋەرداردۇر.

9ـئاللاھ ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا مەغپىرەت ۋە

كاتتا مۇكاپاتنى ۋەدە قىلدى.

10-كاپىر بولغان ۋە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى يالغان دېگەنلەر دوزاخ ئەھلىدۇر.

11-ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى ئەسلەڭلار، ئەينى زاماندا بىر جامائە سىلەرگە (خىرىس قىلىپ) قول سالماقچى بولغان ئىدى. ئاللاھ ئۇلارنىڭ قوللىرىنى سىلەردىن توسۇپ قالدى. ئاللاھتىن قورقۇڭلار، مۆئمىنلەر ئاللاھقىلا تەۋەككۇل قىلسۇن!

## ◄ تەپسىرى

ئى ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتقان مۆئمىنلەر! سىلەر دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ھەرقانداق بىر ئىشنى ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىخلاس قىلغان ھالدا، قېتىرقىنىپ تولۇق ئورۇندايدىغان، نەپسى پاك، روھى مەنىۋىيىتى ئۈستۈن كىشىلەردىن بولۇڭلار. ئاللاھ تائالا ياخشى ئەمەللەرنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلغۇچىنىڭ ئەجرىنى ۋە مۇكاپاتىنى ھەرگىز بىكار قىلىۋەتمەيدۇ. ئىشنى ئىخلاس بىلەن پۇختا قىلىش غەلىبە قىلىشنىڭ ئاساسىدۇر. ھەربىر ئىشتا ئادىل ۋە ھەققانىي بولۇش، گۇۋاھلىق بېرىشتە ئادالەتلىك بولۇش بەخت-سائادەتنىڭ ئۇلى، ئادالەتلىك جەمئىيەتنىڭ ئاساسى ۋە خاتىرجەملىكنىڭ ھەم ئامانلىقنىڭ يولىدۇر.

سىز گۇۋاھلىق بېرىشتە براۋغا يان باسماستىن، تۇغقىنىم، دوستۇم ۋە يېقىنىم دېمەستىن، مالامەت قىلغۇچىلارنىڭ مالامەتلىرىدىن ۋە تاپا-تەنىلىرىدىن قورقماستىن ياكى براۋغا بولغان ئاداۋىتىڭىز، ئۆچمەنلىكىڭىز سەۋەبلىك ئۇنىڭ ھەققىدە بېرىلىدىغان گۇۋاھلىقتا ئادالەتسىزلىك قىلماستىن، ئادالەت ۋە راستچىللىقنى ئاساس قىلغان ھالدا، ئاللاھ رازىلىقىنى كۆزلەپ ھەققانىي گۇۋاھلىق بەرسىڭىز، سىز «ئاللاھ ئۈچۈن ھەقىقەتتە چىڭ تۇرغۇچىلار ۋە ئادالەتلىك گۇۋاھلىق بەرگۈچىلەر» قاتارىدىن بولغان بولىسىز.

ئادالەت كىشىنى تەقۋالىققا ئېلىپ بارىدىغان ئەڭ كاپالەتلىك يول ۋە تۈرلۈك ھالاكەتلەردىن، گۇناھلاردىن ساقلايدىغان قالقاندۇر.

ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن قورقۇڭلاركى، ئاللاھ تائالا سىلەرنى ئوبدان بىلىدۇ، ئەمەللىرىڭلارنى كۆرۈپ تۇرىدۇ، قىيامەت كۈنىدە سىلەرگە ئەمەللىرىڭلار ۋە نىيىتىڭلارغا قاراپ مۇئامىلە قىلىدۇ،

ئەمەللەرگە قاراپ بېرىلىدۇ. ياخشى ئەمەللەر ۋە نىيەتلەر ياخشى بولسا مۇكاپات، يامان بولسا جازا بېرىدۇ.

«بۇ ئايەتلەر ۋە نىسا سۈرىسىدىكى مۇشۇ ماۋزۇدا كەلگەن ئايەتلەرنىڭ ھەممىسى گۇناھلارنىڭ ئەڭ چوڭى بولغان، پالاكەتنى ئېلىپ كېلىدىغان زور بولغان بىر ئىللەتنى داۋالاشقا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ، گۇۋاھلىقنى يوشۇرۇش ۋە يالغاندىن گۇۋاھلىق بېرىشتۇر. ئاللاھ تائالا ئىمان ئېيتقان ۋە شۇ ئىماننىڭ تەلىپى بويىچە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرگە ئۆز دەرگاھىدىن مەغپىرەتنى ۋە قانداق ئىكەنلىكىنى ئۆزىلا بىلىدىغان كاتتا مۇكاپاتلارنى ۋەدە قىلدى.

ئەمما ھەقىقەتنىڭ ئوپئوچۇق دەلىل-پاكىتلىرىنى كۆرۈپ، ھەممىنى بىلىپ ۋە ئاڭلاپ تۇرۇقلۇق، ئىمان ئېيتىشنى خالىماستىن، كۇفرىلىقنى تاللىغان كاپىرلار، ئاللاھ تائالانىڭ كائىناتتىكى ۋە «قۇرئان كەرىم»دىكى ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلار دوزاخقا كىرىدۇ. ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ. مەلۇمكى پەيغەمبەرلەرنىڭ بىرەرسىنى ياكى دىندا چىن ئىشىنىشكە بۇيرۇلغان ئىشلاردىن قايسىبىرىنى ئىنكار قىلغان ئادەم ھەممىنى ئىنكار قىلغانغا ئوخشاش سانىلىپ كاپىر بولىدۇ»[1].

ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھ تائالانىڭ سىلەرگە ئاتا قىلغان سانسىز نېمەتلىرىنى ئەسكە ئېلىڭلاركى، دۈشمەنلىرىڭلارنىڭ سۇيىقەستلىرىنى سىلەردىن قايتۇرۇۋەتكەنلىكى، ئۇلار سان ۋە كۈچ جەھەتتە سىلەردىن نەچچە ھەسسە ئۈستۈن تۇرسىمۇ، ئۇلارنى سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا مەغلۇپ قىلغانلىقىمۇ، ئاللاھ تائالانىڭ شۇ سانسىز نېمەتلىرى قاتارىدىندۇر.

بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى توغرۇلۇق كۆپلىگەن رىۋايەتلەر بار بولۇپ، ھەممىسى قورallıق بىر ئادەمنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قورالسىز تۇرغان ھالىتىدە ئۆلتۈرمەكچى بولغانلىقى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى بۇ سۇيىقەستتىن ساقلاپ قالغانلىقىغا مەركەزلىشىدۇ. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ۋە ساھابىلىرىنى دۈشمەنلىرىنىڭ سۇيىقەستلىرىدىن ساقلاپ قېلىش بىلەن مۇئمىنلەرگە كاتتا ئىنئام قىلغان بولدى، ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى سۇيىقەستلەردىن ساقلىغانلىقى ئەمەلىيەتتە دىننى ساقلىغانلىقى ئىدى. بۇنى بايان قىلىشتىن مەقسەت كېيىنكى مۇئمىنلەرنى ئاۋۋالقى ئۆلگىلىك كىشىلەرنىڭ يولىنى داۋاملاشتۇرۇشقا تەرغىب قىلىش، ئەگەر ئۇلار ئاللاھ

[1] «التفسير الواضح» 1- توم، 489- بەت.

تائالانىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ھەقىقەتتە چىڭ تۇرىدىغان ۋە ئادالەتلىك گۇۋاھلىق بېرىدىغانلاردىن بولسا، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنى دۈشمەنلىرىنىڭ سۇيىقەستلىرىدىن ھەمىشە شۇنداق ساقلايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتۇر.

ئى ئىنسانلار! ئاللاھ تائالادىن قورقۇڭلار، مۆئمىنلەر ھەر ئىشتا ئاللاھ تائالاغا تەۋەككۇل قىلسۇن، ئۇلار ئۆز كۈچ-قۇۋۋىتىگە ئىشىنىپمۇ كەتمىسۇن، دۈشمەنلىرىدىن، ئۇلارنىڭ كۆپلۈكىدىن، كۈچ-قۇۋۋىتىدىن ۋە تەرەققىياتىدىن، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ دۇنيانى خاراب قىلالايدىغان قىرغۇچ قوراللارغا ئىگە بولغانلىقىدىن قورقۇپ ئۆزلىرىنى تۆۋەن چاغلىمىسۇن. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ھەقىقىي مۆئمىنلەرنىڭ ياردەمچىسى، مەدەتكارى ۋە نىجاتكارىدۇر. ئۇلار ھەقىقىي مۆئمىنلىك ھالىتىنى داۋاملاشتۇرغان مۇددەتكىچە ئاللاھ تائالا ئۇلار بىلەن بىللىدۇر. ئاللاھ تائالا بىلەن بىللە بولغانلار ھەرگىز يېڭىلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ قوشۇنىدۇر.

◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئادالەتنى بەرپا قىلىش، ئاللاھ تائالانىڭ ۋە بەندىلەرنىڭ ھەقلىرىنى تولۇق ئادا قىلىش مۆئمىنلىكنىڭ نىشانىسىدۇر.

2. ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىنى ئادا قىلىش ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىش بىلەن، بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداش، نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىش، زىكىر، تەسبىھ ئېيتىش ۋە ئۇنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە رىئايە قىلىش بىلەن بولىدۇ.

3. مەيلى ئۇرۇق-تۇغقانغا بولسۇن، مەيلى دۈشمەنگە بولسۇن ئادالەتلىك بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. گۇناھلارنىڭ ئەڭ چوڭى يالغاندىن گۇۋاھلىق بېرىش ياكى گۇۋاھلىقنى يوشۇرۇش ۋە ھەققانىي گۇۋاھلىقتىن باش تارتىشتۇر.

4. نېمەتلەرنىڭ بايان قىلىنىشى ئىنسانلارنىڭ ئاللاھ تائالاغا كۆپلەپ شۈكۈر قىلىشى ئۈچۈندۇر.

5. ئاللاھ تائالاغا ئىشەنچ بىلەن تايىنىش ئىبادەتتۇر. ئەمما ئاللاھ تائالاغا تەۋەككۇل قىلىش سەۋەب بىلەن بىرگە بولۇشى لازىم. چۈنكى، سەۋەبكىلا چوقۇنۇپ ئاللاھ تائالانى ئۇنتۇش خاتا بولغاندەك، ئاللاھ تائالاغىلا يۆلىنىۋېلىپ سەۋەب قىلماسلىقمۇ خاتادۇر. شۇڭا ھەر ئىككىسىنى بىرگە ئېلىپ بېرىش تەلەپ قىلىنىدۇ. چۈنكى، بۇ ئىككىسى قۇشنىڭ ئىككى قانىتىغا ئوخشاشتۇر.

## يەھۇدىيلارنىڭ ئەھدىنى بۇزۇشى

﴿وَلَقَدْ أَخَذَ ٱللَّهُ مِيثَٰقَ بَنِيٓ إِسْرَٰٓءِيلَ وَبَعَثْنَا مِنْهُمُ ٱثْنَيْ عَشَرَ
نَقِيبًاۖ وَقَالَ ٱللَّهُ إِنِّي مَعَكُمْۖ لَئِنْ أَقَمْتُمُ ٱلصَّلَوٰةَ وَءَاتَيْتُمُ ٱلزَّكَوٰةَ
وَءَامَنتُم بِرُسُلِي وَعَزَّرْتُمُوهُمْ وَأَقْرَضْتُمُ ٱللَّهَ قَرْضًا حَسَنًا لَّأُكَفِّرَنَّ
عَنكُمْ سَيِّـَٔاتِكُمْ وَلَأُدْخِلَنَّكُمْ جَنَّٰتٖ تَجْرِي مِن تَحْتِهَا ٱلْأَنْهَٰرُۚ
فَمَن كَفَرَ بَعْدَ ذَٰلِكَ مِنكُمْ فَقَدْ ضَلَّ سَوَآءَ ٱلسَّبِيلِ ١٢ فَبِمَا
نَقْضِهِم مِّيثَٰقَهُمْ لَعَنَّٰهُمْ وَجَعَلْنَا قُلُوبَهُمْ قَٰسِيَةًۖ يُحَرِّفُونَ ٱلْكَلِمَ
عَن مَّوَاضِعِهِۦ وَنَسُواْ حَظّٗا مِّمَّا ذُكِّرُواْ بِهِۦۚ وَلَا تَزَالُ تَطَّلِعُ عَلَىٰ
خَآئِنَةٖ مِّنْهُمْ إِلَّا قَلِيلٗا مِّنْهُمْۖ فَٱعْفُ عَنْهُمْ وَٱصْفَحْۚ إِنَّ ٱللَّهَ يُحِبُّ
ٱلْمُحْسِنِينَ ١٣ وَمِنَ ٱلَّذِينَ قَالُوٓاْ إِنَّا نَصَٰرَىٰٓ أَخَذْنَا مِيثَٰقَهُمْ فَنَسُواْ
حَظّٗا مِّمَّا ذُكِّرُواْ بِهِۦ فَأَغْرَيْنَا بَيْنَهُمُ ٱلْعَدَاوَةَ وَٱلْبَغْضَآءَ إِلَىٰ يَوْمِ
ٱلْقِيَٰمَةِۚ وَسَوْفَ يُنَبِّئُهُمُ ٱللَّهُ بِمَا كَانُواْ يَصْنَعُونَ ١٤﴾

### تەرجىمىسى

12ـ شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئىسرائىل ئەۋلادىدىن چىن ۋەدە ئالغان ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئون ئىككى باشلىقنى (كېپىللىك ئۈچۈن ئەمالىقەلەرگە[1]) ئەۋەتتۇق، ھەمدە ئاللاھ: «مەن سىلەر بىلەن بىللە، ئەگەر سىلەر نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلساڭلار، زاكات بەرسەڭلار، پەيغەمبەرلىرىمگە ئىمان ئېيتساڭلار ۋە ئۇلارغا ياردەم بەرسەڭلار، (ئاللاھ يولىدا پۇل ـ مېلىڭلارنى سەرپ قىلىپ) ئاللاھقا ياخشى قەرز بەرسەڭلار، ئەلۋەتتە سىلەرنىڭ گۇناھىڭلارنى يوققا چىقىرىمەن، سىلەرنى ئەلۋەتتە ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىمەن. شۇنىڭدىن (يەنى چىن ۋەدىدىن) كېيىن سىلەردىن كىمكى ئىنكار يولىنى تۇتىدىكەن، ئۇ ئەلۋەتتە توغرا يولدىن ئازغان بولىدۇ» دېدى.

13ـ ئۇلار ۋەدىسىنى بۇزغانلىقى ئۈچۈن، بىز ئۇلارنى رەھمىتىمىزدىن يىراق قىلدۇق ۋە دىللىرىنى قاتتىق قىلدۇق. (شۇڭا) ئۇلار (تەۋراتتىكى) سۆزلەرنى ئۆز

[1] ئەمالىقە ـ ئەرەبلەرنىڭ قەدىمي قەبىلىلىرىدىن بىرىنىڭ ئىسمى.

ئورنىدىن ئۆزگەرتىۋېتىدۇ، ئۇلار ئۆزلىرى ئۇچۇن قىلىنغان نەسىھەتنىڭ بىر قىسمىنى ئۇنتۇدى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ خىيانەت قىلغانلىقىنى بايقاپ تۇرىسەن، (سەن يەنىلا) ئۇلارنى ئەپۇ قىلغىن ۋە كەچۈرگىن، چۈنكى، ئاللاھ ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ.

14ـبىز خىرىستىيانمىز دېگەنلەردىنمۇ چىن ۋەدە ئالغان ئىدۇق. ئۇلار (ئىنجىلدا) ئۆزلىرىگە قىلىنغان نەسىھەتنىڭ بىر قىسمىنى ئۇنتۇدى، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئارىسىغا قىيامەتكە قەدەر ئاداۋەت ۋە دۈشمەنلىك سالدۇق. (قىيامەت كۈنى) ئاللاھ ئۇلارغا قىلمىشلىرىنى بىر-بىرلەپ ئېيتىپ بېرىدۇ.

## ◄ بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئاللاھ تائالا بىزنى ۋەدىگە ۋاپا قىلىشقا بۇيرۇغاندىن كېيىن، بۇ ۋەدىنىڭ هالالنى هالال، هارامنى هارام بىلىپ ئىش كۆرۈش بىلەن ئىپادىلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئاندىن بىزنى تاهارەت ۋە غۇسلى بىلەن پاكلىنىپ نامازغا هازىر بولۇشنى ئۆگەتتى. ئاندىن ھەقىقەتنى بەرپا قىلىش، گۇۋاھلىقتا ئادالەتلىك بولۇشقا ئەمر قىلدى. ئارقىدىنلا ئاللاھ تائالانىڭ بىزگە ئاتا قىلغان سانسىز نېمەتلىرى ۋە بىزدىن (يەنى ئەلمىساقتا بىزنىڭ روھىمىزدىن) ئالغان ئەھدىلەرنى بىزگە ئەسلىتىپ ئۆتتى. شۇلاردىن كېيىن، بىزلەرنىڭ ئىبرەت ئېلىشىمىز ۋە هالىمىزنى ئىسلاھ قىلىشىمىز ئۈچۈن، ئەھلى كىتابنىڭ ئەھۋالىنى ۋە ئۇلارنىڭ ۋەدىنى بۇزۇشتەك قىلمىشلىرىنى، بۇ قىلمىشلىرىنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى جازاسىنى بايان قىلىشنى مۇناسىپ كۆردى.

ئىسرائىل ئەۋلادى پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قوشۇنلىرىدىن قۇتۇلغاندىن كېيىن، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى بەيتۇلمۇقەددەسكە كىرىشكە بۇيرۇپ، بۇ مەندە ئەمر قىلدۇ: «مەن كەنئانلىق ئەمالىقەلەر تۇرۇۋاتقان بەيتۇلمۇقەددەس شەھىرىنى سىلەر ئۈچۈن ۋەتەن قىلىپ بەلگىلىدىم. سىلەر شەھەرگە كىرىپ ئۇلار بىلەن جىھاد قىلىڭلار ۋە ئۇلارنى شەھەردىن قوغلاپ چىقىرىڭلار. ئەگەر شۇنداق قىلساڭلار، مەن سىلەرگە چوقۇم ياردەم بېرىمەن». مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئۇلارنىڭ ئون ئىككى ئايمىقىنىڭ ھەربىرىدىن بىردىن باشلىقنى تەيىنلەپ چىقىشقا ۋە تەيىنلەنگەن باشلىقلارنى بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن كېپىل قىلىپ بەلگىلەشكە بۇيرۇيدۇ. باشلىقلار تاللىنىدۇ ۋە ئۇلار ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ نامىدىن مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ۋەدە بېرىدۇ، ئۇلار ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ جىھادقا يۈرۈش قىلىش ئىشلىرىغا ۋە تەلەپ قىلىنغان بارلىق ئىشلارنىڭ ئىجرا

قىلىنىشىغا كاپالەت بېرىدۇ. ئاندىن ئۇلار بەيتۇلمۇقەددەسكە قاراپ يولغا چىقىدۇ. ئۇلار شەھەرگە يېقىن بىر جايىنى چۈشكۈن قىلىپ، تەيىنلەنگەن مەزكۇر باشلىقلارنى شەھەردىن خەۋەر ئېلىشقا ئەۋەتىدۇ. ئۇلار قاۋۇل بەدەنلىك ۋە كۈچلۈك ئەمالىقەلەرنى كۆرگەندىن كېيىن، قورقۇپ كېتىپ تىترەۋېتىدۇ ۋە قەۋمىگە كېلىپ كۆرگەنلىرىنى ئەينەن ئېيتىپ بېرىدۇ. ئەسلىدە مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى خەۋەر ئېلىشقا ئەۋەتكەندە، ئۇ جايدا كۆرگەنلىرىنى قەۋمىگە ئېيتماسلىقىقا بۇيرۇغان بولسىمۇ، ئۇلار قىلغان ۋەدىسىنى بۇزۇپ قەۋمىگە ھەممىنى ئەينەن ئېيتىپ قويىدۇ. پەقەت ئىككى كىشىلا ۋەدىسىدە تۇرىدۇ. ئۇلار يۇشەئ ئىبنى نۇن ۋە كالىب ئىبنى يافنا ئىدى. «قۇرئان كەرىم» بۇ ئىككى كىشى توغرۇلۇق ﴿قَالَ رَجُلَانِ مِنَ ٱلَّذِينَ يَخَافُونَ أَنْعَمَ ٱللَّهُ عَلَيْهِمَا ٱدْخُلُواْ عَلَيْهِمُ ٱلْبَابَ فَإِذَا دَخَلْتُمُوهُ فَإِنَّكُمْ غَٰلِبُونَۚ وَعَلَى ٱللَّهِ فَتَوَكَّلُوٓاْ إِن كُنتُم مُّؤْمِنِينَ﴾ يەنى ﴿ئاللاھتىن قورققۇچىلاردىن بولغان، ئاللاھنىڭ نېمىتىگە ئېرىشكەن ئىككى ئادەم ئۇلارغا: «(شەھەرنىڭ) دەرۋازىسىدىن (ھۇجۇم قىلىپ) كىرىڭلار، ئۇنىڭدىن كىرسەڭلار چوقۇم غەلىبە قىلىسىلەر، ئەگەر ھەقىقىي مۇئمىن بولساڭلار، ئاللاھقىلا تايىنىڭلار» دېدى﴾[1] دېگەن.

## ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئىسرائىل ئەۋلادىدىن «تەۋرات»نىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلىش ۋە ئۇنى ئاكتىپچانلىق بىلەن قوبۇل قىلىش ئۈچۈن چىن ۋەدە ئېلىپ، ئۇلارغا: ﴿خُذُواْ مَآ ءَاتَيْنَٰكُم بِقُوَّةٍ﴾ يەنى ﴿بىز بەرگەن كىتابنى مەھكەم تۇتۇڭلار﴾[2] دېگەن ئىدى. بۇ ۋەدە يەھۇدىيلارنىڭ مۇقەددەس كىتابى بولغان «تەۋرات»تا ھېلىھەم بار.

ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ ئون ئىككى ئايمىقىنىڭ ھەربىرىدىن بىردىن باشلىق سايلاپ چىقىشقا بۇيرۇيدۇ، ئۇلار باشلىقلارنى سايلاپ چىقىدۇ ۋە سايلانغانلار قەۋملىرىنىڭ جىھاد ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلىنىدۇ. ئۇلار ئاۋۋال دۈشمەننىڭ ئەھۋالىنى كۆزىتىش ئۈچۈن ئەۋەتىلىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلى ئارقىلىق ئۇلارغا: «مەن دۈشمىنىڭلارغا قارشى سىلەرگە نۇسرەت ئاتا

---

[1] مائىدە سۈرىسى: 23ـ ئايەت.

[2] بەقەرە سۈرىسى: 63ـ ئايەت

قىلىمەن، ئەمەللىرىڭلارنى كۆرۈپ تۇرىمەن ۋە شۇنىڭغا ئاساسەن سىلەرگە مۇكاپات ياكى جازا بېرىمەن» دەپ ۋەدە بېرىدۇ.

ئاندىن يەنە ئۇلارغا مۇنداق دەيدۇ: ئەگەر نامازنى پۈتۈن شەرتلىرىگە رىئايە قىلغان ھالدا مۇكەممەل ئادا قىلساڭلار، پۇل-مېلىڭلاردىن بىر قىسمىنى زاكاتقا بېرىپ نەپسىڭلارنى پاكلىساڭلار، مۇسا ئەلەيھىسسا-لامدىن كېيىن كېلىدىغان داۋۇد، سۇلەيمان، زەكەرىييا، يەھيا، ئىيسا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاملارغا ئىمان ئېيتساڭلار، ئۇلارغا ياردەم بەرسەڭلار، ئۇلارنى دۈشمەنلىرىدىن قوغدىساڭلار، ياخشى ۋە يامان كۈنلەردە ھەممىشە ئۇلارنىڭ تەرىپىدە تۇرساڭلار، ئۇلارغا ياردەم بېرىش يولىدا مەمنۇنىيەت بىلەن ئاللاھقا ياخشى قەرز بەرسەڭلار (يەنى ئاللاھ يولىدا پۇل-مال چىقىم قىلساڭلار)...

قەسەمكى، ئەگەر سىلەر بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئادا قىلساڭلار، گۇناھلىرىڭلارنى مەغپىرەت قىلىمەن. چۈنكى، ﴿إِنَّ ٱلۡحَسَنَٰتِ يُذۡهِبۡنَ ٱلسَّيِّـَٔاتِۚ﴾ يەنى ﴿ھەقىقەتەن ياخشى ئىشلار ئارقىلىق يامان ئىشلار يۇيۇلىدۇ﴾[1]. سىلەر بۇنداق قىلىش بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ۋە قەسىرلىرىنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان ئېسىل جەننەتلەرگە ئېرىشىسىلەر. سىلەر شۇنداق چىن ۋەدە بەرگەندىن كېيىن ئىچىڭلاردىن كىمكى كاپىر بولىدىكەن ۋە ۋەدىسىنى بۇزىدىكەن، ئۇ توغرا يولدىن ئازغان، ئاللاھ تائالانىڭ ياخشى بەندىلىرى ئۈچۈن سىزىپ بەرگەن داغدام يولنى يۈتتۈرۈپ قويغان ۋە چوڭقۇر ئازغۇنلۇققا پاتقان بولىدۇ.

يەھۇدىيلار ئەنە شۇنداقتۇر. «قۇرئان كەرىم»نىڭ نۇرغۇن ئايەتلىرىدە ئۇلارنىڭ رەزىللىكلىرى بايان قىلىنغان. ئۇلارنىڭ خاراكتېرى تەرسالىق، تۇتقان يولى كۇفرىلىق ۋە ئاسىيلىقتۇر. مۇنداقلارنىڭ جازاسى ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىدىن قوغلىنىشتۇر. ئۇلار ۋەدىلىرىنى بۇزغانلىقى، ئاللاھ تائالانى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلغانلىقى، پەيغەمبەرلەرگە ياردەم قىلمىغانلىقى ۋە ئۇلارنى لايىقىدا ھۆرمەتلىمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپىگە ۋە لەنىتىگە ھەقلىق بولدى ھەم رەھمىتىدىن قوغلاندى. مەلۇمكى، ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىدىن قوغلىنىش گۇناھ-مەئسىيەتلەرنى كۆپ قىلىپ قەلبىنىڭ قارىيىپ كەتكەنلىكىنىڭ نەتىجىسىدۇر. ئىنساننىڭ سادىر قىلغان گۇناھى ئۇنىڭ قەلبىدە قارا بىر چېكىتنى پەيدا قىلىدۇ. گۇناھلىرى كۆپەيگەنسېرى ئۇنىڭ قەلبى

[1] ھۇد سۈرىسى: 114-ئايەت.

قارىتىپ بېرىپ ئاخىرى قاپقارا ھالغا كېلىپ قالىدۇ -دە، ئۇنىڭغا ھىدايەت ۋە نۇر قەتئىي كىرەلمەيدۇ. ﴿خَتَمَ ٱللَّهُ عَلَىٰ قُلُوبِهِمْ وَعَلَىٰ سَمْعِهِمْۖ وَعَلَىٰٓ أَبْصَٰرِهِمْ غِشَٰوَةٞۖ وَلَهُمْ عَذَابٌ عَظِيمٞ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىللىرىنى ۋە قۇلاقلىرىنى پېچەتلىۋەتكەن (شۇڭا ئىماننىڭ نۇرى كىرمەيدۇ)، ئۇلارنىڭ كۆزلىرى پەردىلەنگەن (شۇڭا ئۇلار ھەقىقەتنى كۆرمەيدۇ)، ئۇلارغا چوڭ بىر ئازاب بار﴾[1]. يەھۇدىيلارنىڭ پەيغەمبەرلەرنى ناھەق ئۆلتۈرگەنلىكى، ھەزرىتى مەريەمدىن ئىبارەت ئېپپەت ئابىدىسىگە زىنا قىلدى دەپ تۆھمەت چاپلىغانلىقى، ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرمەكچى بولغانلىقى قاتارلىق بىر يۈرۈش جىنايەتلىرى «قۇرئان كەرىم»دە ۋە تارىخ كىتابلىرىدا قەيت قىلىنغان. يەھۇدىيلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ قىلمىشى تۈپەيلىدىن ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىدىن قوغلاندى، ئۇلارنىڭ قەلبلىرى تاشتەك، ھەتتا تاشتىنمۇ قاتتىق قېتىپ كەتتى. ئۇلار «تەۋرات»تىكى سۆزلەرنىڭ ئورۇنلىرىنى ئالماشتۇرۇۋەتتى، بەزى جۈملىلەرنى ئالدىغا ۋە بەزىلىرىنى كەينىگە سۈرۈپ بۇ جۈملىلەرنىڭ مەنىلىرىنى ئۆزگەرتىۋەتتى ۋە بىر قىسمىنى ئۆچۈرۈپ تاشلىدى. «تەۋرات»نى قەستەن تىللىرىنى ئەگرى-بۈگرى قىلىپ ئوقۇش بىلەن كىشىلەرنى ئازدۇردى. «تەۋرات» نىڭ چوڭ بىر بۆلۈكىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇدى.

نىھايەت، مۇسا ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام چىڭ ساقلاشقا بۇيرۇغان «تەۋرات» بىر نۇسخا ئىدى. يەھۇدىي ۋە خرىستىيان تارىخچىلىرىنىڭ ئورتاق ئېتىراپىغا ئاساسلانغاندا، بابىللىقلار قۇددۇستىكى يەھۇدىيلارغا ھۇجۇم قىلىپ ئۇلارنى ئەسىرگە ئالغان ۋاقىتتا، بۇ بىر نۇسخا «تەۋرات» يوقالغان ئىدى. ئۇلاردا «تەۋرات»نىڭ باشقا نۇسخىلىرى يوق ئىدى، ئۇنى يادلىۋالغان ئادەممۇ يوق ئىدى.

«تەۋرات» نىڭ بەش بۆلۈمىلا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا مەنسۇپ قىلىنغان. بۇ بۆلۈمدە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى ۋە ئۆلۈمى توغرۇلۇق بەزى قىسسىلەر بار. ئۇنىڭدا مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن ئۇنىڭغا ئوخشاش بىر پەيغەمبەرنىڭ كەلمىگەنلىكى قەيت قىلىنغان. ئېنىقكى، بۇلار مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن خېلى كۆپ ۋاقىت كېيىن يېزىلغان. بەزى رىۋايەتلەردە كېلىشىچە، بۇلارنى ئەزرا ئىسىملىك بىرى بابىل ئاسارىتى ۋە قەتلىئامىدىن كېيىن تىرىك قالغان يەھۇدىي

---

[1] بەقەرە سۈرىسى: 7- ئايەت.

ئۆلىمالىرىدىن ئاڭلاپ يېزىپ چىققان.

شۇنداق قىلىپ، يەھۇدىيلار «تەۋرات» نىڭ بۈيۈك بىر قىسمىنى ئۇنتۇغان. بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، ئايەتتىكى ﴿ئۇنتۇدى﴾نىڭ مەنىسى «ئەمەل قىلمىدى» دېگەنلىك بولۇپ، يەھۇدىيلارنىڭ «تەۋرات»نىڭ ئەھكاملىرىدىن كۆپ قىسمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋەتكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇز ۋاقتىدا يەھۇدىيلارنىڭ كۆڭۈللىرىدە يوشۇرغانلىرىدىن ئاللاھ تائالانىڭ بىلدۈرۈشى ئارقىلىق مۇئمىنلەرگە خەۋەر بەرگەن. بۇمۇ پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان مۆجىزىلەرنىڭ بىرىدۇر.

ئى پەيغەمبەر! سەن ئۇ يەھۇدىيلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن غەمكىن بولما، ئۇلارنىڭ تەرسالىقىدىن ئەجەبلەنمە. چۈنكى، ئۇلار بۇرۇنمۇ ھەممە يامانلىقنى قىلغان ئىدى. سەن ھەمىشە ئۇلارنىڭ ئارقا-ئارقىدىن قىلغان خىيانەتلىرىدىن خەۋەردار بولۇپ تۇرىسەن. پەقەت ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ساناقلىقلا ئىمان ئېيتىپ، شۇ ئىماننىڭ تەقەززاسى بويىچە ياشىغان ئاز بىرقىسمى بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، سەن ئۇلاردىن تەۋبە قىلغان ياكى جىزيە تۆلەپ ئامانلىققا ئېرىشكەنلەرنى ئەپۇ قىلغىن. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ياخشىلىق قىلغانلارنى ۋە كىشىلەرنى ئەپۇ قىلغانلارنى ياخشى كۆرىدۇ.

ئەھلى كىتابتىن بولغان خىرىستىيانلاردىنمۇ ئۆز ۋاقتىدا ئاللاھ تائالا چىن ۋەدە ئالغان ئىدى. ئۇلارمۇ ئۆزلىرىگە بىلدۈرۈلگەنلەرنىڭ بۈيۈك بىر قىسمىنى ئۇنتۇدى. شۇ سەۋەبتىن ئاللاھ تائالا جازا ئورنىدا ئۇلارنىڭ ئارىسىغا ئاداۋەت بىلەن دۈشمەنلىكنى سېلىۋەتتى. نەتىجىدە، بۇ دۈشمەنلىك بىلەن ئاداۋەت تا قىيامەتكىچە ئۇلارنىڭ ئايرىلماس سۈپىتىگە ئايلاندى. ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى توغرۇلۇق قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالا ئۇلارغا بىر-بىرلەپ خەۋەر بېرىدۇ.

تارىخنى بىلىدىغان ۋە تەرەپسىزلىك بىلەن ئىش كۆرىدىغان ھەرقانداق ئادەم ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالا تەرەپكە ئېلىپ كېتىلگەندە، يېزىپ قالدۇرۇلغان بىرەر «ئىنجىل» يوقلۇقىنى ئوبدان بىلىدۇ. كېيىنچە، يەھۇدىيلار ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاۋارىيلىرىنى (يەنى ئەگەشكۈچىلىرىنى) قوغلاپ يۈرۈپ كۆپىنچىسىنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىدى. زۇلۇم ۋە تەھدىتلەر ئازىيىپ زامان بىر ئاز تىنچىغان بىر ۋاقىتتا،

شەرقىي رىم ئىمپېراتورى كونستانتىن[1] خرىستىيان دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، زامانىمىزدىكى «ئىنجىل»لار ئارقا-ئارقىدىن يېزىلىشقا باشلىغان. شۇڭا بۇ «ئىنجىل»لار سان جەھەتتە كۆپ، مەزمۇن جەھەتتە بىر- بىرىگە زىت بولۇپ شەكىللەنگەن. شەكسىزكى، ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنى ئۇلارغا بۇ دۇنيادىكى پۈتۈن قىلمىشلىرىدىن بىر-بىرلەپ خەۋەر بېرىدۇ ۋە شۇنىڭغا ئاساسەن ئۇلارنى جازالايدۇ.

## مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ۋەدىنى بۇزۇش ئېغىر گۇناھتۇر.

2. خىيانەت قىلىش يەھۇدىيلارنىڭ ئايرىلماس سۈپىتى بولۇپ، بۇنىڭدىن ساغلام قالغانلىرى ئىنتايىن ئازدۇر.

3. ئىنتىقام ئېلىشقا كۈچى يېتىدىغان تۇرۇپ كەچۈرۈۋېتىش ئېسىل پەزىلەتتۇر.

4. خرىستىيانلارنىڭ ئەھۋالى يەھۇدىيلارنىڭكىدىن كۆپ پەرقلىق ئەمەس، بولۇپمۇ ئۇلار ئىسلامغا ۋە مۇسۇلمانلارغا دۈشمەنلىك قىلىشتا ئوخشاشتۇر. ئۇلار بىر- بىرىگە ئەشەددىي دۈشمەن بولۇپ تۇرۇپ، ئىسلامغا ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى تۇرۇشتا بىرلىشەلەيدۇ.

## «قۇرئان كەرىم» ۋە ئەھلى كىتابنىڭ يوشۇرغانلىرى

﴿يَٰٓأَهۡلَ ٱلۡكِتَٰبِ قَدۡ جَآءَكُمۡ رَسُولُنَا يُبَيِّنُ لَكُمۡ كَثِيرٗا مِّمَّا كُنتُمۡ تُخۡفُونَ مِنَ ٱلۡكِتَٰبِ وَيَعۡفُواْ عَن كَثِيرٖۚ قَدۡ جَآءَكُم مِّنَ ٱللَّهِ نُورٞ وَكِتَٰبٞ مُّبِينٞ ﴿١٥﴾ يَهۡدِي بِهِ ٱللَّهُ مَنِ ٱتَّبَعَ رِضۡوَٰنَهُۥ سُبُلَ ٱلسَّلَٰمِ وَيُخۡرِجُهُم مِّنَ ٱلظُّلُمَٰتِ إِلَى ٱلنُّورِ بِإِذۡنِهِۦ وَيَهۡدِيهِمۡ إِلَىٰ صِرَٰطٖ مُّسۡتَقِيمٖ ﴿١٦﴾﴾

## تەرجىمىسى

15-ئى ئەھلى كىتاب! سىلەرگە كىتابىڭلاردا سىلەر يوشۇرغان نەرسىلەرنىڭ

---

[1] كونستانتىن (272-337م) شەرقىي رىم ئىمپېراتورى، مىلادىيەنىڭ 306- يىلى خرىستىيان دىنىنى قوبۇل قىلىپ، خرىستىيان دىنىنى دۆلەت دىنى قىلىپ ئېلان قىلغان.

نۇرغۇننى ئاشكارا بايان قىلىپ بېرىدىغان ۋە نۇرغۇنىدىن (پايدىسى بولمىغانلىقتىن بايان قىلماي) ئۆتۈپ كېتىدىغان ئەلچىمىز كەلدى، ھەقىقەتەن سىلەرگە ئاللاھ تەرىپىدىن نۇر ۋە روشەن كىتاب كەلدى.

16ـ ئاللاھ شۇ كىتاب ئارقىلىق رازىلىقىنى ئىزدىگەنلەرنى نىجاتلىق يوللىرىغا يېتەكلەيدۇ، ئاللاھ ئۆز ئىرادىسى بويىچە ئۇلارنى (كۇفرىنىڭ) قاراڭغۇلۇقلىرىدىن (ئىمانىنىڭ) نۇرىغا چىقىرىدۇ ۋە ئۇلارنى توغرا يولغا يېتەكلەيدۇ.

### تەپسىرى

ئى يەھۇدىي ۋە خرىستىيانلاردىن ئىبارەت ئەھلى كىتاب! مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام سىلەرگە مەڭگۈ داۋاملاشقۇچى مۆجىزە ـ «قۇرئان كەرىم» مۆجىزىسى بىلەن كۈچلەندۈرۈلگەن ھالدا كەلدى. شۇڭا سىلەر ئۆزىڭگە ئەگىشىڭلار، باشقا يوللارغا ئەگەشمەڭلار، چۈنكى باشقا يوللار سىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ يولىدىن توسۇپ قويىدۇ. مانا بۇ پەيغەمبەر سىلەر خەلقتىن يوشۇرۇپ كەلگەن كۆپلىگەن مەسىلىلەرنى ئاشكارا بايان قىلىپ بېرىدۇ، ھەقىقەتنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ.

مۇپەسسىرلەرنىڭ بايان قىلىشىچە، بۇ ئايەت يەھۇدىيلار ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولغان تۇرۇپ زىنا قىلغانلارغا مۇناسىۋەتلىك «تەۋرات»نىڭ ھۆكمىنى يوشۇرغان ۋاقىتتا نازىل بولغان[1]. يەھۇدىيلارنىڭ كاتتا ئۆلىمالىرىدىن بىرى بولغان ئىبنى سۇرەييا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىدا ئاللاھ تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىپ تۇرۇپ، بۇ ھۆكۈمنىڭ «تەۋرات»تا بارلىقىنى ئېتىراپ قىلغان ئىدى.

يەھۇدىيلار يەنە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاخىر زامان پەيغەمبىرى بولۇپ كېلىدىغانلىقىنى بايان قىلغان «تەۋرات» بېشا-رەتلىرىنى ئىنكار قىلغان ئىدى. ئۇلارنىڭ بۇنى يوشۇرۇپ ئىنكار قىلغانلىقىنى «قۇرئان كەرىم» پاش قىلغان. ئۆز ۋاقتىدا «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئۇلار يوشۇرغانلارنى ئاشكارا قىلغانلىقى ئۇلاردىن كۆپلىگەن ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشىغا تۈرتكە بولغان ئىدى.

«تەۋرات»تا ئورۇن ئالغان تۇرسىمۇ، يەھۇدىيلار كىشىلەردىن يوشۇرۇپ كەلگەن مەسىلىلەرنىڭ نۇرغۇنلىرىنى جانابى ئاللاھ تائالا مۇھەممەد

---

[1] «التفسير الواضح» 1ـ توم، 495ـ بەت.

ئەلەيھىسسالامغا قىلغان ۋەھىيلىرى ئارقىلىق ئاشكارىلاپ بايان قىلدى ۋە ئېھتىياج تۇيۇلمىغان كۆپ مەسىلىلەرنى بايان قىلماستىن شۇ پېتى قالدۇرۇپ قويدى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاشكارا قىلغىنىدىن باشقا نۇرغۇن ھەقىقەتلەرنى يوشۇرغان ۋە بۇ گۇناھىنى بىلگەن تۇرۇقلۇق تەۋبە قىلمىسا، ئۇلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىشنىڭ ھېچبىر پايدىسى يوق ئىدى.

ئى ئەھلى كىتاب! سىلەرگە ئاللاھ تائالادىن بىر نۇر كەلدى. ئۇ بولسىمۇ، «قۇرئان كەرىم»دۇر. بۇ ھەق ئىكەنلىكىدە، بايانلىرىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىدە قىلچە شەك بولمىغان، ھەقىقەتنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدىغان نۇرلۇق قۇياشتۇر. ئاللاھ تائالا بۇ كىتاب بىلەن ئۆزىنىڭ رازىلىقىنى ئىزدىگۈچىلەرنى ياخشىلىق يولىغا يېتەكلەيدۇ. مەلۇمكى، ئايەتتىكى ياخشىلىق يولى ئۇنىڭدا ئىزچىل يۈرگەن كىشىنى ئاخىرەتنىڭ ئازابلىرىدىن قۇتقۇزۇپ جەننەتكە ئېلىپ بارىدىغان يولدۇر. بۇ يول يەنە ئۇنىڭدا ماڭغان كىشىنى، كۇفرىنىڭ، شېرىكنىڭ، خۇراپاتنىڭ ۋە سەپسەتىلەرنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدىن چىقىرىپ، ئىسلامنىڭ يورۇقلۇقىغا، ئىماننىڭ نۇرىغا ئۇلاشتۇرىدۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسى بىلەن نازىل بولغان «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھىدايىتىگە ئېرىشتۈرىدۇ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ياخشىلىقىغا ئېلىپ بارىدىغان داغدام يولغا يېتەكلەيدۇ.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىيانلار ئەگەر ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلسا، ئۆز دىنلىرىغىمۇ ئەمەل قىلغان بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىككى ھەسسە ئارتۇق ساۋابقا ئېرىشىدۇ.

2. ئۆزلىرىنىڭ مۇقەددەس كىتابلىرىدىكى شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن، يوشۇرغان ۋە بۇرمىلىغانلار ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىغا لايىق بولغۇچىلاردۇر.

3. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىدا يۈرگەن ئادەم ئىككى دۇنيالىق سائادەتكە ئېرىشكەن بولىدۇ.

4. «قۇرئان كەرىم» پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ توغرا يول تېپىشى ئۈچۈن بىر مەشئەلدۇر.

5. ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى سەمىمىيەت بىلەن تەلەپ قىلغان ئادەم

چوقۇم مەقسىتىگە يېتىدۇ.

### خرىستىيانلارنىڭ ئەقىدىسى ھەققىدە ئۇلار بىلەن مۇنازىرە

﴿لَّقَدۡ كَفَرَ ٱلَّذِينَ قَالُوٓاْ إِنَّ ٱللَّهَ هُوَ ٱلۡمَسِيحُ ٱبۡنُ مَرۡيَمَۚ قُلۡ فَمَن
يَمۡلِكُ مِنَ ٱللَّهِ شَيۡـًٔا إِنۡ أَرَادَ أَن يُهۡلِكَ ٱلۡمَسِيحَ ٱبۡنَ مَرۡيَمَ وَأُمَّهُۥ
وَمَن فِي ٱلۡأَرۡضِ جَمِيعٗاۗ وَلِلَّهِ مُلۡكُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ وَمَا بَيۡنَهُمَاۚ
يَخۡلُقُ مَا يَشَآءُۚ وَٱللَّهُ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ قَدِيرٞ ١٧ وَقَالَتِ ٱلۡيَهُودُ
وَٱلنَّصَٰرَىٰ نَحۡنُ أَبۡنَٰٓؤُاْ ٱللَّهِ وَأَحِبَّٰٓؤُهُۥۚ قُلۡ فَلِمَ يُعَذِّبُكُم بِذُنُوبِكُمۖ
بَلۡ أَنتُم بَشَرٞ مِّمَّنۡ خَلَقَۚ يَغۡفِرُ لِمَن يَشَآءُ وَيُعَذِّبُ مَن يَشَآءُۚ وَلِلَّهِ
مُلۡكُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ وَمَا بَيۡنَهُمَاۖ وَإِلَيۡهِ ٱلۡمَصِيرُ ١٨ يَٰٓأَهۡلَ
ٱلۡكِتَٰبِ قَدۡ جَآءَكُمۡ رَسُولُنَا يُبَيِّنُ لَكُمۡ عَلَىٰ فَتۡرَةٖ مِّنَ ٱلرُّسُلِ أَن
تَقُولُواْ مَا جَآءَنَا مِنۢ بَشِيرٖ وَلَا نَذِيرٖۖ فَقَدۡ جَآءَكُم بَشِيرٞ وَنَذِيرٞۗ
وَٱللَّهُ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ قَدِيرٞ ١٩﴾

### تەرجىمىسى

17ـ«ئاللاھ ـ مەريەم ئوغلى مەسىھتۇر» دەۋالغان كىشىلەر ھەقىقەتەن كاپىر بولدى. (ئى پەيغەمبەر! خرىستىيانلارغا) ئېيتقىنكى، «ئەگەر ئاللاھ مەريەم ئوغلى مەسىھنى، ئۇنىڭ ئانىسىنى ۋە يەر يۈزىدىكى بارلىق كىشىلەرنى ھالاك قىلىشنى ئىرادە قىلسا، ئاللاھ (نىڭ ئىرادىسى)دىن بىرەر نەرسىنى توسۇشقا كىم قادىر بولالايدۇ؟» ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنىڭ ئىگىدارچىلىقى ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھ خالىغىنىنى يارىتىدۇ، ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر.

18ـ يەھۇدىيلار ۋە خرىستىيانلار: «بىز ئاللاھنىڭ ئوغۇللىرى ۋە ئۇنىڭ يېقىن دوستلىرىدۇرمىز» دېدى. ئېيتقىنكى، «ئۇنداق بولسا ئاللاھ نېمە ئۈچۈن سىلەرگە گۇناھىڭلار تۈپەيلىدىن ئازاب قىلىدۇ؟» ئەكسىچە، سىلەرمۇ باشقا ئىنسانلارغا ئوخشاشلا ئاللاھ ياراتقان ئىنسان. ئاللاھ خالىغان ئادەمگە مەغپىرەت قىلىدۇ، خالىغان ئادەمگە ئازاب قىلىدۇ. ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنىڭ ئىگىدارچىلىقى ئاللاھقا خاستۇر،

**(ئاخىر) قايتىدىغان جاي ئاللاھنىڭ دەرگاھىدۇر.**

**19ـ ئى ئەھلى كىتاب! سىلەرنىڭ «بىزگە خۇش خەۋەر بەرگۈچى ۋە ئاگاھـلاندۇرغۇچى كەلمىدى» دېمەسلىكىڭلار ئۈچۈن، پەيغەمبەرلەر ئۈزۈلۈپ قالغان بىر زاماندا سىلەرگە (ھەقىقەتنى) بايان قىلىپ بېرىدىغان ئەلچىمىز كەلدى. ھەقىقەتەن سىلەرگە خۇش خەۋەر بەرگۈچى ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچى (پەيغەمبەر) كەلدى. ئاللاھ ھەممە نەرسىگە قادىردۇر.**

## ◄ تەپسىرى

زامانىمىزدىكى خىرىستىيانلار پىرقىلەرگە بۆلۈنۈپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەشھۇرلىرى مۇنۇ ئۈچ پىرقىدۇر: پروتېستانت، كاتولىك ۋە ئورتودوكس. بۇلار ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئىلاھ دەيدۇ ۋە «ئاللاھ ـ مەريەم ئوغلى مەسىھتۇر» دەيدۇ. مەسىھ ـ ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ لەقىمى بولۇپ، «ئىنجىل» لاردا كۆپرەك شۇنداق ئاتىلىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇلار گۇمان قىلغاندەك بولۇشتىن ئەلۋەتتە ئۈستۈن ۋە پاكتۇر. ئۆتمۈشتىكى خىرىستىيانلار ئاشكارا بۇنداق دېمەيتتى. پەقەت ئۇلارنىڭ يەئقۇبىيە پىرقىسىدىكىلەرلا «ئىيسا ـ ئاللاھتۇر» دەيتتى. ھازىرقى خىرىستىيانلاردىن خۇسۇسەن كاتولىك ۋە ئورتودوكسچىلار ئاللاھنى بىر دەپ ئېتىقاد قىلغانلارنى خىرىستىيان ھېسابلىمايدۇ. بۇ باتىل ئەقىدىنىڭ ئاساسى «يۇھەننا ئىنجىلى» دا كەلگەن «باشلىنىشتا كەلىمە ئىدى، كەلىمە ئاللاھنىڭ يېنىدا ئىدى. ئاللاھ شۇ كەلىمە ئىدى» دېگەن تېكىست بولۇپ، ئۇلار كەلىمىنى ئىيسا ئەلەيھىسسالام دەۋالغان، ئاندىن بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى «ئاللاھ ـ ئىيسادۇر» دېگەنگە ئاپارغان. «قۇرئان كەرىم» ئۇلارنىڭ بۇ سەپسەتىسىنىڭ خاتالىقىنى بايان قىلغان.

شۇ ئېنىقكى، يۇھەننا ئۆزىگە قويۇلغان قايتا ـ قايتا تەلەپ يۈزىسىدىن ئۆزىنىڭ مەزكۇر «ئىنجىل» ىنى ھاياتىنىڭ ئاخىرقى ۋاقىتلىرىدا يازغان ئىدى. شۇڭا بۇ سۆز بىلەن ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھېچبىر ئالاقىسى يوق. نەتىجىدە، بۇ سۆزنى ئىيسا ئەلەيھىسسالام دېگەن بولمايدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن بىر پەيغەمبەرنىڭ مۇنداق كۇفرى سۆزنى سۆزلىشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئىيسا ئەلەيھىسسالام ھەرگىز مۇنداق سۆزلەرنى ئىنسانلارغا سۆزلىگەن ياكى ئۇنىڭغا دەۋەت قىلغان ئەمەس. ئەكسىچە، ئۇ كىشىلەرنى ئاللاھ تائالانى بىر دەپ ئېتىقاد قىلىشقا ۋە ئۇنى لايىقىدا ئۇلۇغلاشقا دەۋەت قىلغان، ئۆزىنى بولسا ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ۋە بەندىسى، دەپ تونۇشتۇرغان ئىدى.

دوكتور پوسسېت «مۇقەددەس كىتابنىڭ تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ باراۋەر ئۈچ جەۋھەردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئاللاھ-ئاتا، ئاللاھ-ئوغۇل ۋە ئاللاھ-مۇقەددەس روھتۇر. ئاتىغا يارىتىش، بالىغا ئۆزىنى پىدا قىلىش، مۇقەددەس روھقا پاكلاش ۋەزىپىسى يۈكلەنگەن. بۇ ئۈچ جەۋھەر بارلىق ئىشلارنى تەڭدىن بۆلۈشىدۇ»[1]. بۇ نېمىدېگەن يامان كۇفرى سۆز!

«قۇرئان كەرىم» مۇنداق باتىل ئېتىقادنى ئەلۋەتتە رەت قىلغان. «قۇرئان كەرىم» بۇ سەپسەتىگە رەددىيە بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ئى پەيغەمبەر! ئىلاھلىق ماقامىغا تىل ئۇزىتىشقا جۈرئەت قىلغان شۇ ئىنسانلارغا دېگىنكى: ئەگەر ئاللاھ تائالا مەريەم ئوغلى مەسىھ بىلەن ئۇنىڭ ئانىسىنى ھالاك قىلىشنى خالىسا، ئۇ چاغدا ئاللاھ تائالاغا كىم قارشى چىقالايدۇ؟ كىم ئۇلارنى ئاللاھ تائالادىن قۇتقۇزالايدۇ؟ ئېنىقكى، ئاللاھ تائالاغا ھېچكىمنىڭ كۈچى يەتمەيدۇ! ھېچكىم، ھېچ ئىش قىلالمايدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرىگە ھېچكىم قارشى چىقالمايدۇ، ئۇنىڭ ئىرادىسىنى ھېچكىم توسۇپ قالالمايدۇ. يەنە ئاللاھ تائالانىڭ رۇخسىتىسىز ھېچكىم ھېچكىمگە شاپائەت قىلالمايدۇ. ئىيسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ ئانىسى ھەزرىتى مەريەمنىڭ بېشىغىمۇ باشقا ئىنسانلارنىڭ بېشىغا كەلگەن مۇسىبەتلەرنىڭ ئوخشىشى كەلگەن. ئۇلار ئۆزلىرىنى مۇداپىئە قىلالىغانمۇ؟ ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ نە ئۆزىنى، نە ئانىسىنى دۈشمەنلىرىنىڭ ئەزىيەتلىرىدىن قوغداپ قالالمىغانلىقى، ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى باشقا ئىنسانلارنىڭمۇ قوغداپ قالالمىغانلىقى قاتارلىق ئەھۋاللار ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ باشقا ئىنسانلارغا ئوخشاشلا ئىنسان ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ ھەر شەيئىنىڭ ئىگىدارچىلىقى ئىلكىدە بولغان «ئاللاھ» بولۇشى مۇمكىن ئەمەسلىكىنى كۆرسەتمەمدۇ؟! ئاللاھ تائالا كاپىرلارنىڭ سەپسەتىلىرىدىن ۋە سۈپەتلەشلىرىدىن ئەلۋەتتە پاكتۇر، ئەلۋەتتە ئۈستۈندۇر!

بۇ باتىل ئېتىقادقا خىرىستىيانلارنىڭ ئۆز سۆزلىرى بىلەن رەددىيە بېرىمىز: ئى خىرىستىيانلار! سىلەر ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈلگەن، دەپ ئېتىقاد قىلىسىلەر، شۇنداقمۇ؟ ئۇنداقتا، قېنى جاۋاب بېرىپ بېقىڭلار؟ ئىيسا ئەلەيھىسسالام راستتىنلا ئىلاھ بولىدىغان بولسا، ئۇ ئۆلۈملەرنىڭ ئەڭ يامىنى بولغان دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈلۈشتىن ئۆزىنى نېمە ئۈچۈن قوغداپ قالالمىدى؟ «ئىنجىل»دا: «دارغا ئېسىلغان

[1] «النصرانية لابي زهرة» 103-بەت.

ھەرقانداق ئادەم مەلئۇندۇر» دېيىلىدۇ. بۇ پاۋلۇسنىڭ[1] مەكتۇبلىرىدىن نەقىل كەلتۈرۈلگەن سۆزدۇر. يەنە «ئىنجىل»دا كېلىشىچە، ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئەجەل شەربىتى قۇيۇلغان قەدەھنى ئىچىشتىن ئۆزىنى قوغداپ قېلىشنى تىلەپ، قورقۇنچ ئىچىدە ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىپ، ئۇنىڭدىن مەدەت تىلىگەن بولسىمۇ، ئاللاھ ئۇنىڭ بۇ تەلىپىنى قوبۇل قىلمىغان. «مەتتا ئىنجىلى» دە ئىيسا ئەلەيھىسسالام: «ئىلاھىم! ئىلاھىم! مېنى نېمە ئۈچۈن مۇنداق تاشلاپ قويدۇڭ؟ ئى ئاتا! ئەگەر مۇمكىن بولسا ئۆلۈم شەربىتى قۇيۇلغان بۇ قەدەھنى مەندىن يىراقلاشتۇرساڭ، بۇنى مەندىن يىراقلاشتۇرۇش مۇمكىن بولمىسا، ئۇنى ئىچىشكە مەجبۇر بولۇپ قالىمەن. بولدى، سېنىڭ خاھىشىڭ ئەمەلگە ئاشسۇن!» دېگەن دەپ قەيت قىلىنغان.

خۇلاسە قىلغاندا، ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئىلاھ ئەمەس، بەلكى پەيغەمبەردۇر، ئاللاھ تائالانىڭ ئەلچىسىدۇر، ئۇمۇ باشقا ئىنسانلارغا ئوخشاش بىر ئىنساندۇر، ھەممىدە ئاللاھ تائالادىن قورقىدىغان ۋە ئۇنىڭغا ئىلتىجا قىلىدىغان بىر ئىنساندۇر. خىرىستىيانلارنىڭ قوللىرىدىكى كىتابلىرىمۇ بۇنىڭغا گۇۋاھتۇر. ئۇ يەنە دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈلۈشنىڭ ئۆلۈملەرنىڭ ئەڭ يامىنى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان بىر ئىنساندۇر. ئۇ رەببىگە ئىخلاسمەن ۋە راستچىل بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىگە قارشى قۇرۇلغان بارچە تۇزاقلار بەربات قىلىنىپ، رەببىنىڭ ئىرادىسى بىلەن ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالغان ئىدى. ﴿وَمَا قَتَلُوهُ وَمَا صَلَبُوهُ وَلَٰكِن شُبِّهَ لَهُمْ﴾ يەنى ﴿ھالبۇكى، ئۇلار ئىيسانى ئۆلتۈرگەنمۇ ئەمەس، دارغا ئاسقانمۇ ئەمەس، لېكىن (ئۇلار ئۆلتۈرگەن ئادەم) ئۇلارغا ئىيساغا ئوخشاش

[1] پاۋلۇس-خىرىستىيان دىنى تارىخىدا ئىككىنچى چوڭ شەخسىيەت بولۇپ، ئىيسا ئەلەيھىسسالامدىن قالسا ئەڭ مۆتىۋەر دىن ئادىمى سانىلىدۇ. پاۋلۇس مىلادىيەنىڭ 5-يىلى بىلەن 10- يىللىرى ئارىسىدا ھازىرقى تۈركىيىنىڭ تارسۇس دېگەن يېرىدە بىر يەھۇدى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، چېدىر تىكىش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بولۇپ، يەھۇدىي شەرىئىتىنى ئۆگىنىشكە زور ئەھمىيەت بېرەتتى. پاۋلۇس كېيىنچە، ئېرۇسالىمغا بېرىپ، يەھۇدىيلارنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئەڭ كاتتا ئۇستازى گامالائىل دېگەن كىشىدە ئوقۇغان. ئۇنىڭ ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى كۆرمىگەنلىكى مەلۇم. پاۋلۇس ئۆزى يازغان«پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىشلىرى» دېگەن كىتابنىڭ 22- باب، 6-11-تېكىستلىرىدە بايان قىلىشىچە، ئۇ چۈشىدە ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى كۆرگەندىن كېيىن، خىرىستىيان دىنىغا كىرىپ، بۇ دىننىڭ مۇخلىسلىرىغا ئايلىنىدۇ. پاۋلۇس شۇنىڭدىن كېيىن خىرىستىيان دىنىنى ئاسىيا ۋە ياۋروپا قىتئەلىرىدە تارقىتىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان، كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى يازغان ۋە ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تەلىماتلىرىدىن كۆپلىرىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن.

كۆرسىتىلدى﴾[1].

ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى، ئۇنىڭ ئانىسىنى ۋە يەر يۈزىدىكى كىشىلەرنى ئۆلۈمدىن ساقلاپ قالالمايدىغان تۇرسا، ئۇلارنى ئۆلۈمدىن باشقا ئىشلاردىن ساقلاپ قىلىشقا كۈچى يېتەمدۇ؟ ئاسمانلاردىكى، زېمىندىكى ۋە بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى شەيئىلەرنىڭ ئىگىدارچىلىقى يالغۇز ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. خىرىستىيانلارنىڭ يولدىن چىقىپ، ئازغۇنلۇق ۋە خۇراپاتلارغا چۈشۈپ قېلىشىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى ئۇلارنىڭ قوللىرىدىكى «ئىنجىللار»دىكى زىتلىقلاردۇر. يەنە ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى بىر تەرىقىدە (يەنى ئاتىسىز ۋاستىسىز) دۇنياغا كەلگەنلىكى ۋە ئۇنىڭ ئادەتتە ئىنسانلارنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان ئادەتتىن تاشقىرى ئىشلارنى قىلالىغانلىقى قاتارلىق ئىشلارنى ئومۇمەن خىرىستىيانلار مۆجىزە دەپ قوبۇل قىلمىغانلىقتىن، ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئىلاھ دەۋالغان. بۇ سەۋەبلەر تۈپەيلى ئۇلار توغرا يولدىن ئېزىپ ئازغۇنلۇققا پېتىپ قالغان. ئەمما «قۇرئان كەرىم» ﴿ئاللاھ خالىغىنىنى يارىتىدۇ﴾ دېگەن بۇ ئايەت بىلەن ئۇلارنىڭ بۇ باتىل ئېتىقادىغا رەددىيە بېرىدۇ. ئاللاھ تائالا ھەممىنىڭ ئىگىسىدۇر، پۈتۈن كائىنات ئۇنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا ۋە باشقۇرۇشى ئاستىدىدۇر. ئۇ ئۆز ئىرادىسى ۋە ھېكمىتىنىڭ تەقەززاسى بويىچە خالىغىنىنى يارىتىدۇ. شۇڭا ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئاتىسى ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ئاتا ۋە ئانىنىڭ ۋاستىسىسىز، ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئاتىنىڭ ۋاستىسىسىز ۋە جانىۋارلارنىڭ ئەسلىنى ئەركەك ياكى چىشى دەپ ئايرىلمايدىغان ماددا - سۇدىن ياراتتى. ﴿وَجَعَلْنَا مِنَ ٱلْمَآءِ كُلَّ شَىْءٍ حَىٍّ﴾ يەنى ﴿ھەممە جانلىقنى سۇدىن ياراتتۇق﴾[2].

جانابى ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلەرنى مۇئمىنلەرگە جەننەت بىلەن خۇش بېشارەت بەرگۈچى ۋە كاپىرلارنى، ئاسىي-گۇناھكارلارنى دوزاخ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتتى. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلەرنى ئۆز دەرگاھىدىن بىر روھ بىلەن كۈچلەندۇردى. ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىشى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ زامانلىرىغا ئۇيغۇن مۆجىزىلەرنى يارىتىپ بەردى.

مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىلىرىنىڭ مەشھۇرلىرى ئۇنىڭ

---

[1] نىسا سۈرىسى: 157- ئايەت.

[2] ئەنبىيا سۈرىسى: 30- ئايەت.

ئەجدىهاغا ئايلاندۇرۇلغان ھاسىسى بىلەن قولىنىڭ چىراغدەك يېنىشى ئىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ زامانىدا سېھىرگەرلىك ئەڭ تەرەققىي قىلغان ھۈنەرلەردىن ئىدى. ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى ئاق كېسەلنى ۋە تۇغما كورنى ساقايتىدىغان تېبابەت، ھەتتا ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسى بىلەن ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈش ئىدى. چۈنكى، تېبابەت شۇ زاماندا ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يەتكەن ئىلىم ئىدى. پەيغەمبەرلەرنىڭ تۈگەنچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى «قۇرئان كەرىم» بولدى، چۈنكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەدەبىياتتا كامالغا يەتكەن ئەرەبلەر ئارىسىغا پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلگەن ئىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكى پەيغەمبەرلىك زەنجىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ھالقىسى، ئۇنىڭغا نازىل بولغان «قۇرئان كەرىم» مەڭگۈلۈك مۆجىزىدۇر. «قۇرئان كەرىم» ھەر تەرەپتىن كامالغا يەتكەن يېگانە كىتابتۇر. بۇ كىتاب مىڭلارچە يىلدىن بېرى دۈشمەنلىرىنىڭ كۆپلۈككە قارىماي، ئۆزىنى ئىسپاتلىغان ھالدا نۇر چېچىپ كەلمەكتە.

ئى خرىستىيانلار! ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرگەنلىكى سىلەرنى ئالداپ قويمىسۇن! بۇ ئاللاھ تائالا يارىتىپ بەرگەن بىر مۆجىزىدۇر. بۇنىڭدا ئەجەبلىنەرلىك بىر ئىش يوق. چۈنكى، ئاللاھ تائالا خالىغىنىنى يارىتىدۇ. ئۇ ھەممىگە قادىردۇر. ئەگەر ئىلاھ ئىيسا بولىدىغان بولسا، ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ئىلاھ كىم ئىدى؟ ئۇ قانداق ۋەزىيەتتە ئىدى؟

شەكسىزكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەھۇدىيلارنى ئاللاھ تائالانىڭ بىر ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلىشتىن ئىبارەت تەۋھىد ئەقىدىسىگە دەۋەت قىلغان، ھەمدە بۇ ئەقىدىنى قوبۇل قىلغۇچىلارغا جەننەت بىلەن خۇش خەۋەر بەرگەن، بۇ ئەقىدىنى رەت قىلغۇچىلارنى قىيامەتنىڭ قاتتىق ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرغان. بۇ ۋاقىتتا يەھۇدىيلار «ئى مۇھەممەد! سەن بىزنى نېمىدىن قورقۇتۇۋاتىسەن؟ بىز ئاللاھنىڭ ئوغۇللىرى ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى تۇرساق؟» دېيىشىدۇ. خرىستىيانلارمۇ شۇنداق دەيدۇ. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ﴿يەھۇدىيلار ۋە خرىستىيانلار: «بىز ئاللاھنىڭ ئوغۇللىرى ۋە ئۇنىڭ دوستلىرىدۇرمىز» دېدى. ئېيتقىنكى، «ئۇنداق بولسا ئاللاھ نېمە ئۈچۈن سىلەرگە گۇناھىڭلار تۈپەيلىدىن ئازاب قىلىدۇ؟» ئەكسىچە، سىلەرمۇ باشقا ئىنسانلارغا ئوخشاشلا ئاللاھ ياراتقان ئىنسان﴾ دېگەن ئايەت نازىل بولدۇ.

ئايەتنىڭ مەنىسى مۇنداق: يەھۇدىيلارمۇ خۇددى خرىستىيانلارنىڭ

دېگىنىگە ئوخشاش «بىز ئاللاھنىڭ ئوغۇللىرى ۋە يېقىن دوستلىرىمىز، شۇڭا ئاللاھ بىزگە ئاتىنىڭ بالىلىرىغا قىلىدىغان مۇئامىلىسىنى قىلىپ شەپقەت قىلىدۇ، بىزگە ئازاب قىلمايدۇ» دېدى. بەزى خرىستىيانلار بۇنىڭدىنمۇ ئاشۇرۇۋېتىپ: «ئىيسا ئاللاھنىڭ ئۆز ئوغلىدۇر، بىزمۇ ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ھېسابلىنىمىز» دېدى.

ئاللاھ تائالا ئۇلارغا رەددىيە بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، ئەگەر ئىش سىلەر دېگەندەك بولىدىغان بولسا، نېمە ئۈچۈن ئاللاھ تائالا سىلەرنى گۇناھىڭلار تۈپەيلىدىن بۇ دۇنيادا جازالىدى؟ كۆرۈۋاتىسىلەركى، بۇددىستلار يۇرتۇڭلارنى خارابىگە ئايلاندۇرۇۋەتتى، قۇددۇس شەھىرىدىكى چېركاۋلىرىڭلارنى يىقىتىۋەتتى. ئاراڭلارغا دۈشمەنلىك ۋە ئاداۋەتنى ھېچ تۈگىمەيدىغان دەرىجىدە سېلىۋەتتى. كېيىنچە، بۇ زىددىيەت تۈپەيلىدىن ئاراڭلاردا قاتتىق ئۇرۇشلار بولدۇ. ئاراڭلاردىكى قانلىق ئۇرۇش تا قىيامەتكىچە داۋاملىشىدۇ.

ئەمدى ئاخىرەتتىكى ئەھۋالىڭلارغا كەلسەك، ئاخىرەتتە سىلەرنىڭ ئازابىڭلار ھەقىقەتەن قاتتىق بولىدۇ. ئى ئەھلى كىتاب! سىلەر ۋە باشقا جىمى ئىنسانلار ھەممىڭلار ئىنسانلىقتا ئوخشاشسىلەر، سىلەرنىڭ باشقا ئىنسانلاردىن ھېچبىر پەرقىڭلار يوقتۇر، سىلەر بۇ بۇتپەرەسلىك ئەقىدەڭلاردىن پاكلىنىپ، ئاللاھ تائالاغا چىن قەلبىڭلار بىلەن ئىمان ئېيتمىغۇچە، ھېچبىر قەدىر-قىممىتىڭلار يوقتۇر. چۈنكى، ھۆرمەت ۋە ئىززەت ئاللاھ تائالاغا تەقۋادارلىق قىلىش بىلەن بولىدۇ. ﴿إِنَّ أَكۡرَمَكُمۡ عِندَ ٱللَّهِ أَتۡقَىٰكُمۡۚ﴾ يەنى ﴿شەكسىزكى، ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئەڭ ھۆرمەتلىك بولىدىغىنىڭلار ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلاردۇر﴾[1].

﴿لَّيۡسَ بِأَمَانِيِّكُمۡ وَلَآ أَمَانِيِّ أَهۡلِ ٱلۡكِتَٰبِۗ مَن يَعۡمَلۡ سُوٓءٗا يُجۡزَ بِهِۦ وَلَا يَجِدۡ لَهُۥ مِن دُونِ ٱللَّهِ وَلِيّٗا وَلَا نَصِيرٗا﴾ يەنى ﴿جەننەت سىلەرنىڭ ۋە ئەھلى كىتابنىڭ قۇرۇق ئارزۇسى بىلەن قولغا كەلمەيدۇ. كىمكى بىرەر يامانلىق قىلىدىكەن، ئۇ بۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ، ئۆزى ئۈچۈن ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق دوست ۋە ھېچقانداق مەدەتكار تاپالمايدۇ﴾[2].

ئاسمان، زېمىن ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنىڭ ئىگىدارچىلىقى ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. ئاخىرى قايتىدىغان جاي يەنە ئاللاھ تائالانىڭ

---

[1] ھۇجۇرات سۈرىسى: 13-ئايەت.

[2] نىسا سۈرىسى: 123- ئايەت.

دەرگاھىدۇر. ﴿إِن كُلُّ مَن فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ إِلَّآ ءَاتِي ٱلرَّحۡمَٰنِ عَبۡدٗا﴾ يەنى ﴿ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا رەھمان ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىغا بەندە بولۇپ كەلمەيدىغان بىرمۇ مەخلۇق يوقتۇر﴾[1]. ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنى كاپىرلارنى ۋە مۇسۇلمانلاردىن بولغان ئاسىي-گۇناھكارلارنى ئازابلايدۇ، ئىتائەتچان، مۇئمىن بەندىلىرىنى مۇكاپاتلايدۇ.

ئى ئەھلى كىتاب! ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا ئۆزۈڭلارنى ئاقلاش ئۈچۈن سىلەرنىڭ ھېچقانداق دەلىل-ئىسپاتىڭلار يوقتۇر. سىلەرگە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كەلدى، سىلەر«تەۋرات » بىلەن «ئىنجىل» دىن زايە قىلىۋەتكەن مەسىلىلەرنى ۋە قانۇنلارنى سىلەرگە بايان قىلىپ بېرىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئاخىر زامان پەيغەمبىرى بولۇپ كېلىدىغانلىقىدىن سىلەرنىڭ كىتابىڭلاردا سىلەرگە ئەلۋەتتە خۇش بېشارەت بېرىلگەن ئىدى. قولۇڭلاردىكى كىتابلارمۇ بۇنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. بۇ پەيغەمبەر پەيغەمبەرلىك زەنجىرى ئۈزۈلۈپ قالغان بىر دەۋردە سىلەرگە ۋەھيى بىلەن كەلدى. ئالىملىرىڭلار كىشىلەردىن يوشۇرۇپ كەلگەن دىنىي مەسىلىلەرنى ئۇ سىلەرگە بايان قىلىپ بەرمەكتە. ئەگەر ئۇ ھەقىقىي پەيغەمبەر بولمىسا ئىدى، مۇنداق قىلالمىغان بولاتتى. سىلەرنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىدا: «بىزگە ئاگاھلاندۇرغۇچى ۋە خۇش بېشارەت بەرگۈچى بىرەر پەيغەمبەر كەلمىگەن ئىدى» دېيەلمەسلىكىڭلار ئۈچۈن، ئۇ ئىسلام دىنىنىڭ پۈتۈن دىنلاردىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان ھالدا، ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ھەق پەيغەمبەردۇر. مانا ئەمدى، سىلەرگە ئاگاھلاندۇرغۇچى ۋە خۇش بېشارەت بەرگۈچى پەيغەمبەر كەلدى. ئەمدى سىلەر ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدىمۇ ئۆزرە كۆرسىتەلمەيسىلەر. شۇڭا ئەڭ ياخشىسى، سىلەر بۇ پەيغەمبەرگە ئىمان ئېيتىپ، ئۇنىڭ دىنىغا ئەگىشىڭلار، ئەگەر ھىدايەت تېپىشنى خالىساڭلار، ئاللاھ تائالا سىلەرنى ئۇنىڭغا يېتەكلەيدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ھەممىگە قادىردۇر.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالانىڭ شەنىگە لايىق كەلمەيدىغان سۈپەتلەرنى ئۇنىڭغا مەنسۇپ قىلغان ئادەم كاپىر بولىدۇ.

2. يەھۇدىيلار بىلەن خىرىستىيانلارنىڭ «بىز ئاللاھنىڭ ئوغۇللىرىمىز ۋە يېقىن دوستلىرىمىز» دېگەن سەپسەتىلىرى ئەقىل ۋە شەرىئەت

[1] مەريەم سۈرىسى: 93- ئايەت.

دەلىللىرى بىلەن رەت قىلىنىدۇ.

3. مەخلۇقاتنىڭ ئىگىدارچىلىقى ئاللاھ تائالاغا خاس بولغان ئىكەن، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى خالىغانچە تەسەررۇپ قىلىدۇ.

4. ئاخىرقى پەيغەمبەرنىڭ كېلىشى بىلەن يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىيانلارنىڭ ھەقىقەتكە ئەگىشىمىگەنلىكى توغرۇلۇق ئۆزلىرىنى ئاقلاش يولى ئۈزۈلگەن بولدى.

## ◄ يەھۇدىيلارنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا تۇتقان پوزىتسىيەسى

﴿وَإِذْ قَالَ مُوسَىٰ لِقَوْمِهِۦ يَٰقَوْمِ ٱذْكُرُوا۟ نِعْمَةَ ٱللَّهِ عَلَيْكُمْ إِذْ
جَعَلَ فِيكُمْ أَنۢبِيَآءَ وَجَعَلَكُم مُّلُوكًا وَءَاتَىٰكُم مَّا لَمْ يُؤْتِ أَحَدًا
مِّنَ ٱلْعَٰلَمِينَ ﴿٢٠﴾ يَٰقَوْمِ ٱدْخُلُوا۟ ٱلْأَرْضَ ٱلْمُقَدَّسَةَ ٱلَّتِى كَتَبَ ٱللَّهُ
لَكُمْ وَلَا تَرْتَدُّوا۟ عَلَىٰٓ أَدْبَارِكُمْ فَتَنقَلِبُوا۟ خَٰسِرِينَ ﴿٢١﴾ قَالُوا۟
يَٰمُوسَىٰٓ إِنَّ فِيهَا قَوْمًا جَبَّارِينَ وَإِنَّا لَن نَّدْخُلَهَا حَتَّىٰ يَخْرُجُوا۟ مِنْهَا
فَإِن يَخْرُجُوا۟ مِنْهَا فَإِنَّا دَٰخِلُونَ ﴿٢٢﴾ قَالَ رَجُلَانِ مِنَ ٱلَّذِينَ يَخَافُونَ
أَنْعَمَ ٱللَّهُ عَلَيْهِمَا ٱدْخُلُوا۟ عَلَيْهِمُ ٱلْبَابَ فَإِذَا دَخَلْتُمُوهُ فَإِنَّكُمْ
غَٰلِبُونَ ۚ وَعَلَى ٱللَّهِ فَتَوَكَّلُوٓا۟ إِن كُنتُم مُّؤْمِنِينَ ﴿٢٣﴾ قَالُوا۟ يَٰمُوسَىٰٓ إِنَّا
لَن نَّدْخُلَهَآ أَبَدًا مَّا دَامُوا۟ فِيهَا فَٱذْهَبْ أَنتَ وَرَبُّكَ فَقَٰتِلَآ إِنَّا
هَٰهُنَا قَٰعِدُونَ ﴿٢٤﴾ قَالَ رَبِّ إِنِّى لَآ أَمْلِكُ إِلَّا نَفْسِى وَأَخِى ۖ فَٱفْرُقْ
بَيْنَنَا وَبَيْنَ ٱلْقَوْمِ ٱلْفَٰسِقِينَ ﴿٢٥﴾ قَالَ فَإِنَّهَا مُحَرَّمَةٌ عَلَيْهِمْ ۛ أَرْبَعِينَ
سَنَةً ۛ يَتِيهُونَ فِى ٱلْأَرْضِ ۚ فَلَا تَأْسَ عَلَى ٱلْقَوْمِ ٱلْفَٰسِقِينَ ﴿٢٦﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

20ـئۆز ۋاقتىدا، مۇسا ئۆز قەۋمىگە مۇنداق دېگەن ئىدى: «ئى قەۋمىم! ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى ئەسلەڭلار، ئاللاھ ئاراڭلاردىن نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن، سىلەرنى ئۆز-ئۆزۈڭلارغا خوجا قىلغان، جاھان ئەھلىدىن ھېچكىمگە بەرمىگەن نېمەتلەرنى سىلەرگە بەرگەن ئىدى.

21ـ«ئى قەۋمىم! ئاللاھ سىلەرنى كىرىشكە بۇيرۇغان مۇقەددەس زېمىنغا كىرىڭلار، ئارقاڭلارغا چېكىنمەڭلار، بولمىسا، زىيان تارتقۇچىلاردىن بولۇپ قالىسىلەر».

22ـئۇلار: «ئى مۇسا! مۇقەددەس زېمىندا كۈچلۈك ۋە زوراۋان بىر قەۋم بار، ئۇلار چىقىپ كەتمىگۈچە بىز ئۇ يەرگە ھەرگىز كىرمەيمىز، ئۇلار ئۇ يەردىن چىقىپ كەتسە چوقۇم كىرىمىز» دېدى.

23ـئاللاھتىن قورققۇچىلاردىن بولغان، ئاللاھنىڭ نېمىتىگە ئېرىشكەن ئىككى ئادەم ئۇلارغا: «(شەھەرنىڭ) دەرۋازىسىدىن (ھۇجۇم قىلىپ) كىرىڭلار، ئۇنىڭدىن كىرسەڭلار چوقۇم غەلىبە قىلىسىلەر، ئەگەر ھەقىقىي مۇئمىن بولساڭلار، ئاللاھقىلا تەۋەككۇل قىلىڭلار» دېدى.

24ـئۇلار (يەنى ئىسرائىل ئەۋلادى): «ئى مۇسا! ئۇلار مۇقەددەس زېمىندىلا بولىدىكەن، بىز ئۇنىڭغا ھەرگىز كىرمەيمىز. شۇڭا، سەن رەببىڭ بىلەن ئىككىڭلار بېرىپ (ئۇلار بىلەن) ئۇرۇشۇڭلار، بىز بۇ يەردە ئولتۇرۇپ تۇرايلى» دېدى.

25ـمۇسا دېدىكى: «ئى رەببىم! شەكسىزكى، مەن ئۆزۈمدىن ۋە قېرىندىشىمدىن باشقىسىغا ئىگە بولالمايمەن. شۇڭا سەن بىز بىلەن بۇ پاسىق قەۋمنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋەتكىن».

26ـئاللاھ دېدى: «(ئى مۇسا!) ئۇلارنىڭ مۇقەددەس زېمىنغا كىرىشى قىرىق يىلغىچە چەكلەندى، (بۇ جەرياندا) ئۇلار زېمىندا ئادىشىپ يۈرىدۇ. بۇ پاسىق قەۋم ئۈچۈن قايغۇرما.

## ◄ بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

«قۇرئان كەرىم» ئالدىنقى ئايەتلەردە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىللەرنى كەلتۈرگەن ۋە ئەھلى كىتابقا خىتاب قىلغاندىن كېيىن، بۇ ئايەتلەر ئارقىلىق يەھۇدىيلارنىڭ تەرسالىقىنى ۋە پەيغەمبەرلەرگە بولغان ئىمانسىزلىقىنى قەيت قىلىش ۋە شۇ ئارقىلىق مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تەسەللى بېرىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ قىسسىسىنى بايان قىلىدۇ.

يەھۇدىيلاردىن ئېلىنغان ئەھدە ۋە ئۇلاردىن سايلانغان ئون ئىككى باشلىق (ياكى ۋەكىل) توغرۇلۇق قىسسە بۇ سۈرىنىڭ 12ـئايىتىدە بايان قىلىنغان ئىدى.

## تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! ئىسرائىل ئەۋلادىغا ۋە دەۋىتىڭ يېتىپ بارغان بارلىق ئىنسانلارغا ئۆز ۋاقتىدا مۇسانىڭ ئۆز قەۋمىگە ئېيتقان مۇنۇ سۆزىنى ئەسلەتكىن: ئى قەۋمىم! ئاللاھ تائالانىڭ سىلەرگە ئاتا قىلغان نېمەتلىرىنى ئەسكە ئېلىڭلار، ئاللاھ تائالاغا بۇ نېمەتلىرى ئۈچۈن شۈكۈر ئادا قىلىڭلار. ئاللاھ تائالا سىلەردىن نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى چىقاردى.

پەيغەمبەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ سارە ئىسىملىك ئايالىدىن تۇغۇلغان ئوغلى ئىسھاقنىڭ نەسلىدىن كەلگەن بولۇپ، ئىسھاقنىڭ ئوغلى يەئقۇب ئىدى. ئىسرائىل ئەۋلادىدىن كەلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىدىن كەلگەن. ئەمما ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاجەر ئىسىملىك ئايالىدىن تۇغۇلغان ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىدىن كەلگەن پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر.

ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! جانابى ئاللاھ تائالا سىلەرگە ئۆتمۈشلەردە كاتتا پادىشاھلىقلارنى ئاتا قىلغان ۋە ھەممە ئېھتىياجىڭلارنى تەل قىلىپ بەرگەن ئىدى. شۇ زامانلاردا باشقىلارغا بېرىلمىگەن نۇرغۇنلىغان نېمەتلەر ۋە ھۆرمەت سىلەرگە بېرىلگەن ئىدى. بۇنىڭغا مىسال تەلەپ قىلامسىلەر؟ دەريانى يېرىپ ئوتتۇرىسىدىن سىلەرگە يول ئېچىپ بېرىش، سىلەرنى سۇدا غەرق بولۇشتىن قۇتقۇزۇپ قېلىش، پىرئەۋنىنىڭ زۇلمىدىن قۇتقۇزۇش، بۇلۇتلارنى سايىۋەن قىلىپ بېرىش، ئاسماندىن تەرەنجۇبىل بىلەن بۆدۈنە قاتارلىق تائاملارنى چۈشۈرۈپ بېرىش ۋە باشقىلار بۇنىڭ مىسالى ئەمەسمۇ؟

ئى قەۋمىم! ئاللاھ سىلەرگە بۇيرۇغان مۇقەددەس زېمىنغا كىرىڭلار. ئۇ جايدا كۆپ پەيغەمبەرلەر ئۆتكەن. ئۇ جاينىڭ پەلەستىن ياكى باشقا جاي ئىكەنلىكىنى بەلگىلەشتە مۇپەسسىرلەر ئىختىلاپلاشقان. كۆپ سانلىق مۇپەسسىرلەر ئۇ زېمىننىڭ پەلەستىندىكى بەيتۇلمۇقەددەس ئىكەنلىكىنى جەزم قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا سىلەرنى ئۇ جايغا كىرىشكە بۇيرۇغان بولۇپ، ئۆز ۋاقتىدا ئۇ جاينى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ ئوغۇللىرىغا ۋەدە قىلغان ئىدى. «تەۋرات»نىڭ «يارىتىلىش» بۆلۈمىدە: «بۇ زېمىن سېنىڭ نەسلىڭگە بېرىلدى» دېيىلگەن. ئېنىقكى، ئۇ جاي ھېچكىمگە خاپىلىق كەلتۈرىدىغان جاي ئەمەس. ئىسرائىل ئەۋلادى شۇ جايدا ۋاقىتلىق تۇرۇش ھەققىگىلا ئىگە ئىدى. ھازىرقى يەھۇدىيلار بۇ ۋەدىدىن

ئۆزلىرىنىڭ پەلەستىن زېمىنىغە مەڭگۈلۈك ئىگىدارچىلىق قىلىش مەنىسىنى چىقىرىشقا ئۇرۇنىدۇ. بۇ توغرا ئەمەس. يەھۇدىيلارنىڭ ھازىرقى ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ۋەھشىيلىكى ۋە ئۆزلىرىنىڭ قورقۇنچ ئىچىدە ھايات كەچۈرۈۋاتقانلىقى ئىسرائىلىيەدىن ئىبارەت بۇ زوراۋان دۆلەتنىڭ ئۇلارنىڭ قولىدىن كېتىپ قالىدىغانلىقىنىڭ خەۋەرچىسى بولۇشى مۇمكىن.

﴿وَلَا تَرۡتَدُّواْ عَلَىٰٓ أَدۡبَارِكُمۡ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇپەسسىرلەر ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، بەزىسى: «ئى قەۋمىم! سىلەر مەن ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئېلىپ كەلگەن تەۋھىد ئەقىدىسى ۋە ئىلاھىي ئادالەتتىن يۈز ئۆرۈپ بۇتپەرەسلىك ۋە بۇزغۇنچىلىققا قايتىۋالماڭلار» دەپ تەپسىر قىلغان. يەنە بەزى مۇپەسسىرلەر ئايەتنى: «سىلەر ئاللاھ تائالانىڭ مۇقەددەس زېمىنغا كىرىشكە بۇيرۇغان ئەمرىنى ئورۇنداشتىن باش تارتماڭلار» دەپ تەپسىر قىلغان.

مۇسا ئەلەيھىسسالام ئەۋەتكەن كۆزەتچىلەر مۇسا ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېدى: «ئۇ جايدا تەن قۇرۇلۇشى ناھايىتى بەستلىك، بويى ئېگىز، كۈچلۈك قەۋملەر بار ئىكەن، ئۇلارغا تەڭ كەلگىلى بولمايدىكەن، شۇڭا بىز ئۇلار چىقىپ كەتمىگۈچە ئۇ جايغا كىرمەيمىز». شۇ ۋاقىتتا پەلەستىندە كەنئانلىق ئەناق قەۋمى ياشايتتى. يەھۇدىيلار ئۇلارنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتىنى تەسۋىرلەشتە بەكمۇ مۇبالىغە قىلىۋەتكەن ئىدى.

يەھۇدىيلارنىڭ پەلەستىن زېمىنىغە جىھاد قىلىپ كىرىشتىن شۇنچىۋالا قورقۇپ كەتكەنلىكى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. چۈنكى، خارلىق، مۇستەملىكە ۋە قۇللۇق ئاستىدا ياشاپ ئادەتلىنىپ قالغان خەلق جاسارەتسىز، قورقۇنچاق، غەيرەتسىز كېلىدۇ. شۇڭا ئۇلار مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئاسىيلىق قىلىپ: ﴿ئۇلار چىقىپ كەتمىگۈچە بىز ئۇ يەرگە ھەرگىز كىرمەيمىز، ئۇلار ئۇ يەردىن چىقىپ كەتسە چوقۇم كىرىمىز﴾ دېگەن.

مۇسا ئەلەيھىسسالام ئەۋەتكەن كۆزەتچىلەر ئىچىدىن ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپىگە ئۇچراشتىن قورقىدىغان، ئاللاھ تائالانىڭ ھىدايىتىگە ۋە ھەق گەپ قىلىشقا مۇيەسسەر قىلىنىشتىن ئىبارەت نېمىتىگە ئېرىشكەن كالىب ئىبنى يۇفەننا بىلەن يۇشە ئىبنى نۇن قاتارلىق ئىككى ئادەم ئۇلارغا: «ئى قەۋمىم! سىلەر شەھەردىكىلەرگە قارشى شەھەر دەرۋازىسىدىن ھۇجۇم قىلىپ كىرىڭلار. سىلەر ئۇلارنىڭ يېنىغا يېتىپ بارغىنىڭلاردا ئاللاھ

سىلەرنى قوللاپ، ئۇلارغا قارشى سىلەرگە ياردەم بېرىدۇ. ئەگەر راستتىنلا ئاللاھقا ئىشەنسەڭلار، ئۇنىڭ ئۆزىگىلا تايىنىپ ئۇنىڭ نۇسرەت بېرىدىغانلىقىغا ئىشەنچ قىلىڭلار» دېدى.

ئەمما ئۇلار مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەمرىگە ئاسىيلىق قىلىپ: «ئەي مۇسا! ئۇلار ئۇ جايدا بولغان مۇددەت ئىچىدە بىز ئۇ جايغا مەڭگۈ كىرمەيمىز. چۈنكى، ئۇلار بەكمۇ كۈچلۈك ئادەملەر ئىكەن. شۇڭا سەن سېنى ۋە بىزنى مىسىردىن چىقىپ بۇ جايغا كېلىشكە ئەمر قىلغان رەببىڭ بىلەن بىللە بېرىپ، ئۇلار بىلەن ئىككىڭلار ئۇرۇشۇڭلار. بىز بۇ يەردە ئولتۇرۇپ تۇرايلى» دېدى.

مۇسا ئەلەيھىسسالام بۇ چاغدا، ئۆز قەۋمىنىڭ قانچىلىك قورقۇنچاق، توخۇ يۈرەك، نامەرد بىر قەۋم ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىپ يەتتى ۋە ئۇلارنى ياخشى تونۇۋالدى، ئۇلارنىڭ نىيەتلىرىنى بىلدى ۋە توغرا سۆز قىلغان ئىككى نەپەر كىشىنىڭ ئۇلارنىڭ ئازدۇرۇشىغا مۇپتىلا بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرىدى. ئاندىن مۇناداق دېدى: «ئى ئاللاھ! مەن پەقەت ئۆزۈم ۋە ئىتائەتچانلىقى ماڭا ئايان بولغان قېرىندىشىم ھارۇنغىلا ئىگە بولالايمەن. ئى رەببىم! توغرا يولدىن ئاداشقان شۇ پاسىق قەۋم بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزنى ئايرىۋەتكىن». ئاندىن ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا: ﴿(ئى مۇسا!) ئۇلارنىڭ مۇقەددەس زېمىنغا كىرىشى قىرىق يىلغىچە چەكلەندى، (بۇ جەرياندا) ئۇلار زېمىندا ئادىشىپ يۈرىدۇ﴾ دەپ بۇيرىدى. جانابى ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلارغا ئەنە شۇنداق ئازابلارنى چۈشۈرىدۇ.

مانا بۇلار يەھۇدىيلاردۇر. بۇ بايانلار ئۇلارنىڭ قەدىمدىن بېرى پەيغەمبەرلىرىگە قارشى سادىر قىلغان قىلمىشلىرىنىڭ بىر قىسمىدۇر.

## مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتلەردە يەھۇدىيلارنىڭ رەزىللىكلىرىنى ۋە ئۆز پەيغەمبەرلىرىگە قارىتا تۇتقان پوزىتسىيەسىنى بايان قىلىش ئارقىلىق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەسەللى بەرگەن.

2. ھەرقانداق ئازغۇن قەۋم ئىچىدىمۇ بىرەر- ئىككى ياخشى كىشىنىڭ تېپىلىدىغانلىقى رېئاللىقتۇر.

3. يەھۇدىيلار ئەزەلدىن شۇنداق قورقۇنچاق ۋە نامەرد قەۋمدۇر.

**4. ئازغۇنلاردىن يىراق تۇرۇش خاتىرجەملىك ئۈچۈن ياخشىدۇر.**

## ◄ تارىختا تۇنجى قېتىملىق قاتىللىق جىنايىتى

﴿وَٱتْلُ عَلَيْهِمْ نَبَأَ ٱبْنَىْ ءَادَمَ بِٱلْحَقِّ إِذْ قَرَّبَا قُرْبَانًا فَتُقُبِّلَ مِنْ
أَحَدِهِمَا وَلَمْ يُتَقَبَّلْ مِنَ ٱلْـَٔاخَرِ قَالَ لَأَقْتُلَنَّكَ ۖ قَالَ إِنَّمَا يَتَقَبَّلُ ٱللَّهُ
مِنَ ٱلْمُتَّقِينَ ﴿٢٧﴾ لَئِنۢ بَسَطتَ إِلَىَّ يَدَكَ لِتَقْتُلَنِى مَآ أَنَا۠ بِبَاسِطٍ يَدِىَ
إِلَيْكَ لِأَقْتُلَكَ ۖ إِنِّىٓ أَخَافُ ٱللَّهَ رَبَّ ٱلْعَٰلَمِينَ ﴿٢٨﴾ إِنِّىٓ أُرِيدُ أَن تَبُوٓأَ
بِإِثْمِى وَإِثْمِكَ فَتَكُونَ مِنْ أَصْحَٰبِ ٱلنَّارِ ۚ وَذَٰلِكَ جَزَٰٓؤُا۟ ٱلظَّٰلِمِينَ
﴿٢٩﴾ فَطَوَّعَتْ لَهُۥ نَفْسُهُۥ قَتْلَ أَخِيهِ فَقَتَلَهُۥ فَأَصْبَحَ مِنَ ٱلْخَٰسِرِينَ
﴿٣٠﴾ فَبَعَثَ ٱللَّهُ غُرَابًا يَبْحَثُ فِى ٱلْأَرْضِ لِيُرِيَهُۥ كَيْفَ يُوَٰرِى سَوْءَةَ
أَخِيهِ ۚ قَالَ يَٰوَيْلَتَىٰٓ أَعَجَزْتُ أَنْ أَكُونَ مِثْلَ هَٰذَا ٱلْغُرَابِ فَأُوَٰرِىَ
سَوْءَةَ أَخِى ۖ فَأَصْبَحَ مِنَ ٱلنَّٰدِمِينَ ﴿٣١﴾ مِنْ أَجْلِ ذَٰلِكَ كَتَبْنَا عَلَىٰ بَنِىٓ
إِسْرَٰٓءِيلَ أَنَّهُۥ مَن قَتَلَ نَفْسًۢا بِغَيْرِ نَفْسٍ أَوْ فَسَادٍ فِى ٱلْأَرْضِ
فَكَأَنَّمَا قَتَلَ ٱلنَّاسَ جَمِيعًا وَمَنْ أَحْيَاهَا فَكَأَنَّمَآ أَحْيَا ٱلنَّاسَ
جَمِيعًا ۚ وَلَقَدْ جَآءَتْهُمْ رُسُلُنَا بِٱلْبَيِّنَٰتِ ثُمَّ إِنَّ كَثِيرًا مِّنْهُم بَعْدَ
ذَٰلِكَ فِى ٱلْأَرْضِ لَمُسْرِفُونَ ﴿٣٢﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

27ـ(ئى پەيغەمبەر!) ئۇلارغا ئادەمنىڭ (ھابىل ۋە قابىل) ئىككى ئوغلىنىڭ قىسسىسىنى ئەينەن بايان قىلىپ بەرگىن، ئۆز ۋاقتىدا ئۇ ئىككىيلەن قۇربانلىق قىلغان ئىدى. بىرى (يەنى ھابىل)نىڭ قوبۇل بولدى، يەنە بىرى (يەنى قابىل)نىڭ قوبۇل بولمىدى. (قابىل ھابىلغا) «مەن سېنى چوقۇم ئۆلتۈ- رىمەن» دېۋىدى، (ھابىل) ئېيتتى: «ئاللاھ پەقەت تەقۋادارلارنىڭكىنى قوبۇل قىلىدۇ.

28ـئەگەر سەن مېنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن قولۇڭنى ئۇزاتىدىغان بولساڭ، مەن سېنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن قولۇمنى ئۇزاتقۇچى بولمايمەن. چۈنكى، مەن

ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھتىن قورقىمەن.

29-مەن ھەقىقەتەن مېنىڭ گۇناھىم ۋە ئۆزۈڭنىڭ گۇناھى ئۈستۈڭگە ئېلىپ دوزاخ ئەھلىدىن بولۇشۇڭنى خالايمەن، زالىملارنىڭ جازاسى شۇدۇر».

30-ئۇ (قابىل)نىڭ نەپسى خاھىشى ئۇنىڭغا قېرىندىشىنى ئۆلتۈرۈشنى چىرايلىق كۆرسەتتى-دە، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويۇپ زىيان تارتقۇچىلاردىن بولدى.

31-ئاللاھ ئۇنىڭغا قېرىندىشىنىڭ جەسىتىنى قانداق كۆمۈشنى كۆرسىتىش ئۈچۈن بىر قاغا ئەۋەتتى. ئۇ (قاغا بىر ئۆلۈك قاغىنى كۆمۈش ئۈچۈن) يەرنى كولاۋاتاتتى. ئۇ (قابىل بۇنى كۆرۈپ): «ۋاي ئىسىت! مەن قېرىندىشىمنىڭ جەسىتىنى كۆمۈشتە مۇشۇ قاغىچىلىكمۇ بولالماپتىمەنغۇ!» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ پۇشايمان قىلغۇچىلاردىن بولدى.

32-مۇشۇ (قاتىللىق جىنايىتى) سەۋەبلىك ئىسرائىل ئەۋلادىغا شۇنداق بەلگىلىدۇق: كىمكى ناھەق ئادەم ئۆلتۈرمىگەن ياكى يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلمىغان بىر ئادەمنى ئۆلتۈرىدىكەن، ئۇ پۈتۈن ئىنسانلارنى ئۆلتۈرگەندەك بولىدۇ، كىمكى بىر ئادەمنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزسا، ئۇ پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزغاندەك بولىدۇ. پەيغەمبەرلىرىمىز ئۇلارغا ھەقىقەتنىڭ ئوپئوچۇق دەلىللىرىنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى، شۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۇلارنىڭ تولىسى يەنە يەر يۈزىدە ھەددىدىن ئاشقۇچىلاردىن بولدى.

## ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ھابىل ۋە قابىلدىن ئىبارەت بۇ ئىككى ئوغلىنىڭ قىسسىسىدە ئىنسانلارنىڭ خاراكتېرىنى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى يېقىنلىق رىشتىلىرىنىڭ ئەڭ كۈچلۈكى بولغان قېرىنداشلىق رىشتىسىنى يىمىرىپ تاشلايدىغان ھەسەتخورلۇقتىن ئىبارەت بىر قەبىھ ئىللەتنى ۋە يەر يۈزىدە تۇنجى قېتىم يۈز بەرگەن قاتىللىق ۋەقەسىنىڭ سەۋەبىنى ئىزاھلاش ئۈچۈن بۇ قىسسىنى بايان قىلغان.

ئى پەيغەمبەر! ساڭا ۋە سېنىڭ ساھابىلىرىڭگە خائىنلارچە قول سالماقچى بولغان يەھۇدىيلارغا ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككى ئوغلى ھابىل بىلەن قابىلنىڭ قىسسىسىنى بايان قىلىپ بەرگىن. شۇنىڭ بىلەن بۇ يەھۇدىيلار قاتىللىق جىنايىتىنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلىپ قالسۇن ۋە يامان غەرىزىدىن يانسۇن.

مەلۇمكى، ئۆز ۋاقتىدا مەدىنىدىكى يەھۇدىيلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسا-

لامغا ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىگە كۆپ قېتىم سۇيىقەست پىلانلىغان بولسىمۇ مۇرادىغا يېتەلمىگەن ئىدى. ئاللاھ تائالا مۇنۇ ئايەتتە ئۇلارنىڭ سۇيىقەستىنى بايان قىلغان: ﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ ٱذْكُرُواْ نِعْمَتَ ٱللَّهِ عَلَيْكُمْ إِذْ هَمَّ قَوْمٌ أَن يَبْسُطُوٓاْ إِلَيْكُمْ أَيْدِيَهُمْ فَكَفَّ أَيْدِيَهُمْ عَنكُمْ﴾ يەنى ﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى ئەسلەڭلار، ئەينى زاماندا بىر جامائە سىلەرگە (خىرىس قىلىپ) قول سالماقچى بولغان ئىدى. ئاللاھ ئۇلارنىڭ قوللىرىنى سىلەردىن توسۇپ قالدى﴾[1].

يەھۇدىيلار ئاللاھ تائالانىڭ كىشىلەرگە ئۆز پەزل-كەرەمى بىلەن ئاتا قىلغان نېمەتلىرىگە ھەسەت قىلىدىغان قەۋمدۇر. بۇ ئورۇندا شۇنىمۇ ئېيتىش كېرەككى، ھەسەتخورلۇق بەزى ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتىگە سىڭىپ كەتكەن ئىللەتتۇر.

ئەللامە ئىبنى جەرىر تەبەري ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ قابىل ۋە ھابىل دەپ ئاتىلىدىغان ئىككى ئوغلىنىڭ قىسسىسىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: «قابىل دېھقان ئىدى، ھابىل بولسا چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئۇلار ئاللاھ تائالا ئۈچۈن ئاتىغىنىنى تەقدىم قىلىشقا بۇيرۇلغان بولۇپ، ھابىل ئەڭ ياخشى ۋە سېمىز بىر قوچقارنى چىن كۆڭلىدىن ئاتاپ تەقدىم قىلدى. ئۇنىڭ نىيىتى دۇرۇس بولغانلىقتىن ۋە ئۆزىنىڭ تەقۋالىقىدىن، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ئاتىغىنىنى قوبۇل قىلدى. قابىل بولسا ئاشلىقنىڭ ئەڭ ناچارلىرىنى ئاتاپ تەقدىم قىلىۋىدى، ئۇنىڭ نىيىتى دۇرۇس بولمىغانلىقتىن، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ئاتىغىنىنى قوبۇل قىلمىدى. ئۇ زامانلاردا ئاللاھ تائالا ئۈچۈن ئاتالغان نەرسە مەيدانغا تۆپلاپ قويۇلاتتى. ئۇ نەرسە ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن قوبۇل بولغان بولسا، ئاسماندىن بىر ئوت كېلىپ ئۇنى كۆيدۈرۈۋېتەتتى، قوبۇل بولمىغان بولسا، شۇ پېتى تۇراتتى. كېيىنكى ۋەقەلىك ئاللاھ تائالا ‹قۇرئان كەرىم› دە بايان قىلغاندەك بولدى»[2].

ھابىلنىڭ ئاتىغان نەرسىسى قوبۇل قىلىنىپ، قابىلنىڭكى قوبۇل قىلىنمىغانلىقى ئۈچۈن قابىل ھابىلغا دۈشمەن بولدى ۋە ئۇنىڭغا «سېنى چوقۇم ئۆلتۈرىمەن» دېدى. ھابىل ئېيتتى: «نېمە ئۈچۈن مېنى ئۆلتۈرمەكچى بولىسەن ئى قېرىندىشىم؟ ئاللاھ سېنىڭ قۇربانلىقىڭنى قوبۇل قىلمىسا، مېنىڭ نېمە گۇناھىم بار؟ سەن ئۆزۈڭنى ئىسلاھ

[1] مائىدە سۈرىسى: 11- ئايەت.

[2] «تفسير الطبري» 10-توم، 202-203-بەت، 11705 -ھەدىس.

قىلغىن، ئاللاھ ئۇچۇن ئىخلاسمەن بولۇپ ئاخىرەتلىكىڭگە ياخشى تەييارلانغىن، تەقۋالىق قىلغىن، چۈنكى ئاللاھ پەقەت تەقۋادار بولغانلارنىڭلا ئەمەلىنى قوبۇل قىلىدۇ. ئى قېرىندىشىم! ئەگەر سەن يامان نىيەتكە كېلىپ مېنى زۇلۇم ۋە دۈشمەنلىك بىلەن ئۆلتۈرمەكچى بولۇپ ماڭا قول ئۇزاتماقچى بولساڭ، مەن سېنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ھەرگىز قول ئۇزاتمايمەن. چۈنكى، مەن ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ قېلىشتىن قورقىمەن. ئۇ بىزنى بارلىق زىيان-زەخمەتلەردىن ھىمايە قىلىدىغانلىقىغا ۋەدە بەرگەن زاتتۇر. ئۇ بىزنى ئەڭ چىرايلىق ۋە مۇكەممەل شەكىلدە ياراتقان زاتتۇر. ئەڭ ئېسىل شەكىلدە يارىتىلغان بۇ مەخلۇقاتقا تاجاۋۇز قىلغان كىشى چوقۇم قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ».

ھابىل يەنە «ئى قېرىندىشىم! مەن جىنايەتكە جىنايەت بىلەن قارشى تۇرمايمەن. ئەگەر سەن بۇ جىنايەتنى سادىر قىلساڭ، مېنىڭ گۇناھلىرىمنى ئۆزۈڭنىڭ گۇناھلىرىغا قوشۇپ ئۈستۈڭگە يۈكلىۋالغان بولىسەن. سەن بۇ يامان نىيىتىڭدىن قايتقىن!» دېدى.

ھابىلنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى «ئى قېرىندىشىم! ئەگەر سەن بۇ جىنايەتنى سادىر قىلساڭ، دوزاخ ئەھلىدىن بولۇپ كېتىسەن. چۈنكى، زالىملارنىڭ جازاسى شۇدۇر!» دېگەندىن ئىبارەت بولىدۇ.

كۆرۈۋاتىمىزكى، ھابىل قېرىندىشى قابىلنى جىنايەت سادىر قىلىشتىن مۇنۇ ئۈچ نەرسە بىلەن قايتۇرۇشقا تىرىشقان ئىدى:

1. ئاللاھ تائالادىن قورقۇش.

2. ئۆزىنىڭ ھەم قېرىندىشىنىڭ گۇناھىنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىشى.

3. دوزاخ ئەھلىدىن ۋە زالىملاردىن بولۇشتىن ئاگاھلاندۇرۇش.

قاتىل ئادەم ئۆلتۈرۈپ ئىنتىقام ئېلىش تۇيغۇسىغا قانچىلىك پاتقان بولسىمۇ، ئۇ قاتىللىق جىنايىتىنى سادىر قىلىشتىن قورقىدۇ، ئۆكۈنىدۇ ۋە ئىككىلىنىدۇ، ئاخىرىدا، ئۇنىڭ يامانلىققا بۇيرۇيدىغان نەپسى ئۇنى بۇ جىنايەتكە تەشەببۇس قىلىش نەتىجىسىدە ئۇنىڭغا جاسارەت بېرىدۇ -دە، جىنايەتنى سادىر قىلىدۇ. ﴿ئۇ (قابىل)نىڭ نەپسى خاھىشى ئۇنى قېرىندىشىنى ئۆلتۈرۈشكە قۇتراتتى-دە، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويۇپ زىيان تارتقۇچىلاردىن بولدى﴾. شۇنداق قىلىپ قابىل ئاللاھ تائالا ياراتقان بىگۇناھ جاننى ئۆلتۈرۈپ تاشلىدى. نەتىجىدە، ئۇ زىيان تارتقۇچىلاردىن

بولدى. دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بۇنىڭدىن ئارتۇق زىيان بولامدۇ؟!

قابىلنىڭ ھابىلنى ئۆلتۈرگەنلىكى ئىنسانىيەت تارىخىدىكى تۇنجى قاتىللىق دېلوسى ئىدى. ئۆلگەن ئادەمنىڭ جەسىتىنى قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. شۇڭا ئاللاھ تائالا بىر قاغىنى ئەۋەتكەن بولۇپ، قاغا بىر ئۆلۈك قاغىنى ئېلىپ كېلىپ يەرنى كولاپ ئۇنى كۆمدى. بۇ ئەھۋالنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن قابىل ھەيران بولۇپ، ﴿ۋاي ئىستت! مەن قېرىندىشىمنىڭ جەسىتىنى كۆمۈشتە مۇشۇ قاغىچىلىكمۇ بولالماپتىمەنغۇ!﴾ دېدى. شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ قاغىنىڭ كولىغىنىغا ئوخشاش بىر ئورا كولاشقا ئەقلى يەتتى. شۇنداق قىلىپ قابىل قېرىندىشى ھابىلنى كۆمۈش ئۈچۈن بىر ئورا كولاپ، ئۇنىڭ جەسىتىنى شۇ ئورىغا كۆمۈپ قويدى.

ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى قابىلنىڭ سادىر قىلغان بۇ قاتىللىق جىنايىتى سەۋەبلىك ئاللاھ تائالا ئىسرائىل ئەۋلادىغا نازىل قىلغان شەرىئەتتە: كىمكى ناھەق ئادەم ئۆلتۈرمىگەن ياكى يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلمىغان بىر ئادەمنى ئۆلتۈرسە، يەنى قاتىلدىن قىساس ئېلىش ئۈچۈن ئەمەس ياكى يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلغانىنى جازالاش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى قاتىللىق قىلمىغان، خاتىرجەملىكنى بۇزمىغان، ئىنسانلارنى ھالاك قىلمىغان، بۇلاڭچىلىق قىلمىغان بىر ئادەمنى ئۆلتۈرسە، ئۇ جىمى ئىنسانلارنى ئۆلتۈرگەنگە ئوخشاش بولىدۇ، كىمكى بىر ئادەمنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزسا، بارلىق ئىنسانلارنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزغان بولىدۇ، دېگەن ھۆكۈمنى بەلگىلىگەن. ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش ئەڭ ۋەھشىي جىنايەت ئەمەسمۇ؟ ئەلۋەتتە، بۇ ئەڭ ۋەھشىي ۋە ئېغىر بىر جىنايەتتۇر! شۇڭا ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرگەنلىكتىن قالسىلا ئەڭ ئېغىر گۇناھ ھېسابلىنىدۇ: ﴿وَمَن يَقْتُلْ مُؤْمِنًا مُّتَعَمِّدًا فَجَزَآؤُهُ جَهَنَّمُ خَـٰلِدًا فِيهَا﴾ يەنى ﴿كىمكى بىر مۇئمىننى قەستەن ئۆلتۈرىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسى جەھەننەم بولىدۇ، ئۇ جەھەننەمدە مەڭگۈ قالىدۇ﴾[1].

گەرچە ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش ئىسرائىل ئەۋلادىدىن بۇرۇنقى مىللەتلەر-دىمۇ قاتتىق چەكلەنگەن بولسىمۇ، «قۇرئان كەرىم»دە بۇ ھەقتىكى سۆز ئىسرائىل ئەۋلادىغا خاس قىلىنغان. چۈنكى، ئىسرائىل ئەۋلادى ئىچىدە يوشۇرۇنچە يىلتىز تارتقان دۈشمەنلىك، ھەسەتخورلۇق تۈپەيلىدىن،

[1] نىسا سۈرىسى: 93- ئايەت.

ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرلەرنى ناھەق ئۆلتۈرگەنلىكى، بەھۇدە قان تۆككەنلىكى ئۈچۈن «تەۋرات» ئادەم ئۆلتۈرۈشنى يازما شەكلىدە چەكلىگەن تۇنجى كىتابتۇر. گەرچە بۇ سۆز ئىسرائىل ئەۋلادىغا قارىتىپ ئېيتىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ھۆكمى باقىيدۇر.

ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ جېنى ئۇنىڭ ئۆز مۈلۈكى ئەمەس. ئەكسىچە، ئۇنىڭ جېنى ئاۋۋال ئاللاھ تائالانىڭ، ئاندىن ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەتنىڭ مۈلۈكىدۇر. شۇڭا كىمكى بىر جاننى يوق قىلسا، ـ ھەتتا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش ئارقىلىق ئۆز جېنىنى ئۆزى يوق قىلسىمۇ، ـ ئۇ قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالانىڭ قاتتىق ئازابىغا دۇچار بولىدۇ. كىمكى قانداق شەكىلدە بولسۇن، بىرەر جاننى قۇتقۇزسا ياكى ئۇنىڭ ھايات قېلىشىغا سەۋەبچى بولسا، ئۇ پۈتۈن ئىنسانلارنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزغاندەك بولىدۇ. چۈنكى، ھەربىر جان جەمئىيەتنىڭ بىر ئەزاسىدۇر. بۇ نېمىدېگەن ئېسىل قانۇن-ھە!

پەيغەمبەرلىرىمىز ئىنسانىيەتكە خۇددى قۇياشتەك، بەلكى قۇياشتىنمۇ روشەن، ئوپئوچۇق دەلىللەر ۋە مۆجىزىلەر بىلەن ئۆزىنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى، ئۇلارغا ھەقىقەتنى ئوپئوچۇق ۋە ئېنىق بايان قىلىپ بەردى. مۇشۇ ئوپئوچۇق ۋە ئېنىق بايانلار كەلگەندىن كېيىنمۇ، ئۇلارنىڭ كۆپ سانلىقى ئۆزىنىڭ كاپىرلىقىدا قېلىشنى راۋا كۆردى، ئىمان ئېيتماي يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىشنى داۋاملاشتۇردى.

بۇ ئايەت، بىر مىللەت ئەزالىرىنىڭ بىرلىك ۋە ھەمكارلىق ئىچىدە ئىش كۆرۈشى لازىملىقىنى ۋە بىر-بىرىنى قوغدىشى كېرەكلىكىنى بىر پىرىنسىپ سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويغان.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالا ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىش ئۇنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشنىڭ ئامىللىرىدىن سانىلىدۇ.

2. ھەسەتخورلۇقنىڭ گۇناھى ئېغىر، خەتىرى چوڭ ۋە ئاقىۋىتى ياماندۇر.

3. ئەمەللەرنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا قوبۇل بولۇشى ئىخلاسقا باغلىقتۇر. چۈنكى، ئەمەللەر ئىخلاس بىلەنلا قىممەتكە ئىگە بولالايدۇ.

4. ئىنسانىيەت تارىخىدا ئادەم ئۆلتۈرۈش جىنايىتىنى تۇنجى سادىر قىلغان كىشى قابىلدۇر.

5. ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ يەر يۈزىدە قىلغان بۇزغۇنچىلىقى ئۇلارنىڭ نادانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ھەسەتخورلۇقى، نەپسى خاھىشىغا ئەگەشكەنلىكى ۋە دۇنيالىقنى دەپ ئاخىرەتلىكنى سېتىۋېتىشقا ئادەتلەنگەنلىكىدىن ئىدى. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئۇلارغا غەزەپ قىلغان.

6. ئادەم ئۆلتۈرۈشنىڭ گۇناھى ئىنتايىن چوڭدۇر.

## قاراقچىلارنىڭ جازاسى

﴿إِنَّمَا جَزَٰٓؤُاْ ٱلَّذِينَ يُحَارِبُونَ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥ وَيَسۡعَوۡنَ فِي ٱلۡأَرۡضِ فَسَادًا أَن يُقَتَّلُوٓاْ أَوۡ يُصَلَّبُوٓاْ أَوۡ تُقَطَّعَ أَيۡدِيهِمۡ وَأَرۡجُلُهُم مِّنۡ خِلَٰفٍ أَوۡ يُنفَوۡاْ مِنَ ٱلۡأَرۡضِۚ ذَٰلِكَ لَهُمۡ خِزۡيٞ فِي ٱلدُّنۡيَاۖ وَلَهُمۡ فِي ٱلۡأٓخِرَةِ عَذَابٌ عَظِيمٌ ٣٣ إِلَّا ٱلَّذِينَ تَابُواْ مِن قَبۡلِ أَن تَقۡدِرُواْ عَلَيۡهِمۡۖ فَٱعۡلَمُوٓاْ أَنَّ ٱللَّهَ غَفُورٞ رَّحِيمٞ ٣٤﴾

### تەرجىمىسى

33ـ ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە قارشى ئۇرۇش ئاچىدىغانلارنىڭ، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغانلارنىڭ جازاسى شۇكى، ئۇلار ئۆلتۈرۈلۈشى ياكى دارغا ئېسىلىشى ياكى ئوڭ قولى ۋە سول پۇتى كېسىلىشى ياكى سۈرگۈن قىلىنىشى كېرەك. بۇ جازا ئۇلارنى دۇنيادا رەسۋا قىلىدۇ، ئاخىرەتتە ئۇلارغا چوڭ ئازاب بار.

34ـ پەقەت سىلەرنىڭ قولۇڭلارغا چۈشۈشتىن ئىلگىرى تەۋبە قىلغانلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا. بىلىڭلاركى، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، تولىمۇ مېھرىباندۇر.

### نازىل بولۇش سەۋەبى

ئىمام بۇخارىي ۋە ئىمام مۇسلىم ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە بايان قىلىنىشىچە، مەدىنىنىڭ سىرتىدىن بىر قانچە كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. ئەمما ئۇلارغا مەدىنىنىڭ ھاۋاسى خىل كەلمىگەنلىكتىن، ئۇلار (قىچىشقاق ۋە بەدىنىگە يارا چىقىش دېگەندەك

كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالدى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەھۋالىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا بىر قانچە تۆگە بېرىشكە بۇيرىدى. ئاندىن ئۇلارغا تۆگىلەرنى ئېلىپ مەدىنىنىڭ سىرتىغا چىقىپ، (مەدىنىنىڭ ھاۋاسىغا كۆنەلمىگەنلىكى سەۋەبلىك ئۇچرىغان كېسەللىكلىرىدىن شىپا تېپىشى ئۈچۈن) تۆگىلەرنىڭ سۈتىنى ۋە سۈيدۈكىنى ئىچىشكە ئەمر قىلدى. ئۇلار تۆگىلەرنى پادىچىسى بىلەن بىرلىكتە ئېلىپ مەدىنىنىڭ سىرتىغا چىقتى. ئۇلار «ھەررە» دېگەن جايغا يېتىپ بارغىنىدا، ئۆزلىرىنىڭ مۇسۇلمان ئەمەسلىكىنى ئاشكارا قىلىپ، كاپىرلىقىنى ئېلان قىلىشتى، پادىچىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى (يەنە بىر رىۋايەتتە، ئۇلارنىڭ پادىچىنى ئەزالىرىنى كېسىپ قىيناپ ئۆلتۈرگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ). ئاندىن ئۇلار تۆگىلەرنى ئالدىغا سېلىپ ئېلىپ كېتىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋەقەدىن خەۋەر تاپتى ۋە ئۇلارنى تۇتۇپ كېلىش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتتى. ئۇلار تۇتۇلۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كەلتۈرۈلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئۇلارنىڭ كۆزلىرى قىزىتىلغان تۆمۈر بىلەن داغلاندى ۋە ئوڭ قوللىرى بىلەن سول پۇتلىرى كېسىلگەن ھالدا ئۆلگۈچە تاشلاپ قويۇلدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن يۇقىرىقى ئايەت نازىل بولدى[1] توغرىسىنى ئاللاھ تائالا ئۆزى بىلىدۇ.

بۇ ئايەت مەيلى مۇسۇلمان بولسۇن ياكى مۇسۇلمان بولمىسۇن، ئىسلام دىيارىدا مۇنداق ۋەھشىي جىنايەتنى ئۆتكۈزگەن ھەرقانداق كىشى ئۈچۈن ئومۇمىي بىر ھۆكۈمنى بايان قىلماقتا. جانابى ئاللاھ تائالا مۇنداق ۋەھشىي بۇزغۇنچىلىقلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن بۇ ئايەتنى شۇنداق قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش بىلەن نازىل قىلغان. بۇنداق بۇزغۇنچىلىق دۆلەت ئىچىدىكى خاتىرجەملىكنى ۋە ئامانلىقنى تەھدىت ئاستىغا ئالىدىغان ۋە ئىنسانلارنى بىئارام قىلىدىغان چوڭ خەتەردۇر.

### ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە قارشى ئۇرۇش ئاچىدىغانلارنىڭ، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغانلارنىڭ جازاسى پەقەت ئاللاھ تائالا بايان قىلغان بويىچە، ئۆلتۈرۈلۈش ياكى دارغا ئېسىلىش ياكى ئوڭ قولى بىلەن سول پۇتىنىڭ كېسىلىشى ۋەياكى جىنايەت سادىر قىلغان يېرىدىن باشقا بىر جايغا سۈرگۈن قىلىنىشىدۇر.

[1] «أسباب نزول القرآن للواحدي» 196-بەت.

ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە قارشى ئۇرۇش ئېچىش – ھەقىقەتتە، ئادالەتكە، تىنچلىققا، ئامانلىققا ۋە كىشىلەر ئارىسىدىكى خاتىرجەملىككە تاجاۋۇز قىلىش بىلەن بولىدۇ. بۇ ئۇرۇش زاكات بېرىشكە ئۇنىمىغان شەرىئەت قانۇنىغا قارشى چىقىش بىلەنمۇ بولىدۇ. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ زاكات بېرىشكە قارشى چىققۇچىلارغا قارشى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇرۇش ئاچقان ئىدى.

ئىنسانلارنى ھالاك قىلىش، زىرائەتلەرنى نابۇت قىلىش ئارقىلىق يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق تېرىش ئەمەلىيەتتە ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە قارشى ئۇرۇش ئاچقانلىقتۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى يەر يۈزىدە تىنچلىقنى قوغداشنى، ئىنسانلارنىڭ خاتىرجەملىكىنى ۋە ئامانلىقىنى كاپالەتلەندۈرۈشنى دىنىنىڭ ئاساسلىق غايىسى قىلىپ بېكىتكەن بولۇپ، بۇنىڭغا قارشى چىققانلار ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە قارشى ئۇرۇش ئاچقان بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا ئادەم ئۆلتۈرۈش، ئوغرىلىق قىلىش ۋە كىشىلەرنىڭ پۇل-مېلىغا تاجاۋۇز قىلىش قاتارلىق جىنايەتلەرنىڭ جازاسى ئۈچۈن يېنىك جازالارنى بەلگىلىدى. مەسىلەن: ئادەم ئۆلتۈرگەن قاتىل ئۈچۈن قىساس جازاسىنى بەلگىلىدى. ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئىگىلىرى قاتىلنى ئەپۇ قىلىۋەتسە، قىساس جازاسى يۈرگۈزۈلمەيدۇ. ئوغرىلىق قىلغانىنىڭ قولى كېسىلىدۇ. كىشىلەرنىڭ پۇل – مېلىنى ئېلىۋېلىش جىنايىتىدە ئېلىۋالغۇ-چى ئېلىۋالغان نەرسىنىڭ ئۆزىنى ياكى ئۇنىڭ قىممىتىنى ھەق ئىگىسىگە تۆلىشى بەلگىلىنىدۇ. چۈنكى، بۇلار شەخسلەرنىڭ ھەق- ھوقۇقىغا قارشى سادىر قىلىنغان تاجاۋۇزچىلىقتۇر.

ئەمما بىز تەپسىرىنى قىلىۋاتقان ئايەتكە كەلسەك، بۇ ئايەتتە كىشىلەرگە تاجاۋۇز قىلىش ئۈچۈن بىرلەشكەن ۋە ئاشكارا جىنايەت سادىر قىلغان قاراقچىلارنىڭ جازاسى بايان قىلىنغان. بۇ سەۋەبتىن بەزى ئۆلىمالار بۇ جىنايەتنى سادىر قىلغان قاراقچىلارنىڭ ۋە بۇلاڭچىلارنىڭ مۇشۇنداق ئېغىر جازاغا تارتىلىشى ئۈچۈن، مۇنۇ ئۈچ شەرتنى بەلگىلىگەن:

1. جىنايەت سادىر قىلغاندا قورال ئىشلەتكەن بولۇشى.

2. بۇ جىنايەتنى چۆلدە ياكى قۇتقۇزغۇچىلارنىڭ يېتىپ بېرىشى مۇمكىن بولمايدىغان جايلاردا سادىر قىلغان بولۇشى.

3. بۇ جىنايەتنى يوشۇرۇن ئەمەس، بەلكى ئاشكارا ھالدا زوراۋانلىق بىلەن قىلغان بولۇشى.

بۇنداق جىنايەتچىلەرنى ئۇلارغا قىلچە ئىچ ئاغرىتماستىن ۋە بوشاڭلىق قىلماستىن دەرھال تۇتۇپ ئىبرەتلىك جازالاش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ ﴿ئۆلتۈرۈلۈشى ياكى دارغا ئېسىلىشى ياكى ئوڭ قولى ۋە سول پۇتى كېسىلىشى ياكى سۈرگۈن قىلىنىشى كېرەك﴾ دېگەن سۆزى بۇنى ئىپادىلەيدۇ.

تەپسىرى ئىبنى كەسىردە بايان قىلىنىشىچە، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ قاراقچىلارنىڭ جازاسى توغرۇلۇق مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان: «ئادەم ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ پۇل-مېلىنى تارتىۋالغانلارنىڭ جازاسى ئۆلتۈرۈش بىلەن بىرلىكتە دارغا ئېسىشتۇر، ئادەم ئۆلتۈرۈپ پۇل-مېلىنى ئالمىغانلارنىڭ جازاسى ئۆلتۈرۈلۈش، پۇل-مېلىنى ئېلىۋالغان بولسىمۇ، ئادەم ئۆلتۈرمىگەنلەرنىڭ جازاسى ئوڭ قولىنى ۋە سول پۇتىنى كېسىش بىلەن جازالاش، ئىنسانلارنى قورقۇتقان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ پۇل-مېلىنى ئالمىغانلارنىڭ جازاسى يۇرتىدىن پالىنىشتۇر»[1].

تاجاۋۇزچىلىق قىلىپ ئادەم ئۆلتۈرگەن جىنايەتتە ئۆلتۈرۈلگۈچى ياكى تاجاۋۇزغا ئۇچرىغۇچىنىڭ ئىگىلىرىنىڭ جىنايەتچىنى كەچۈرۈم قىلىش ھوقۇقى بولمايدۇ. جىنايەتچى چوقۇم جازاغا تارتىلىدۇ. مەسىلەن: ئادەتتىكى قاتىللىق جىنايىتىدە ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئىگىلىرى قاتىلنى ئەپۇ قىلىۋەتسە، ئۇلۇم جازاسى يۈرگۈزۈلمەيدۇ. ئەمما بۇ يەردە ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئىگىلىرى ئەپۇ قىلغان تەقدىردىمۇ، قىساس چوقۇم ئېلىنىدۇ. ئادەم ئۆلتۈرگەن ۋە بۇلاڭچىلىق قىلغانلارغا بېرىلىدىغان بۇ جازا ئۇلارنى بۇ دۇنيادا رەسۋا قىلىشقا يېتەرلىكتۇر، ئاخىرەتتە ئۇلارغا ئەلۋەتتە چوڭ ۋە قاتتىق ئازاب بار.

پەقەت ئۇلار قولغا چۈشۈشتىن ياكى ھەققىدە جازا ئېلان قىلىنىشتىن بۇرۇن تەۋبە قىلغان بولسا، ئۇلار ئەلۋەتتە، شەرىئەتنىڭ جازاسىدىن كەچۈرۈم قىلىنىدۇ. ﴿بىلىڭلاركى، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾ دېگەن ئايەت بۇنىڭغا ئىشارەت قىلىدۇ. پەقەت ئۈستىدىكى قۇل ھەققى ئۈچۈن ھېسابقا تارتىلىدۇ. يەنى ئۆلتۈرۈش ياكى يارىلاندۇرۇش جىنايەتلىرى ئۈچۈن قىساس ئېلىنىدۇ. ھالاك قىلغان جان ۋە ماللارنىڭ ھېسابى ئېلىنىدۇ. ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئىگىلىرى قاراقچىلىق ۋە بۇلاڭچىلىقتىن باشقا جىنايەتچىلەرنى ئەپۇ قىلالايدۇ.

بىلىڭلاركى، دىنغا ئاسىيلىق قىلغانلارنى ۋە جەمئىيەتتە بۇزغۇنچىلىق

---

[1] «تفسير ابن كثير» 3-توم، 100-بەت.

قىلىپ ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە قارشى ئۇرۇش ئاچقانلارنى ئىسلام دۆلىتىنىڭ جازالاش ئىشلىرىغا مۇسۇلمانلارنىڭ ھەمكارلىشىشى ۋە دۆلەتنىڭ تىنچلىقى ئۈچۈن قولىدىن كەلگەننى قىلىشى پەرزدۇر. بۇ يەردىكى ئىسلام دۆلىتى ئىسلام قانۇنى تولۇق تەتبىق قىلىنىدىغان ھەقىقىي ئىسلام دۆلىتىدۇر.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. بۇلاڭچىلىق ۋە قاراقچىلىق جىنايەتلىرى يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق تېرىش، كىشىلەرنىڭ خاتىرجەملىكىنى بۇزۇش ۋە جەمئىيەت ئامانلىقىغا تەھدىت سېلىشتەك ئېغىر جىنايەت بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ جىنايەتلەر ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە قارشى ئۇرۇش ئاچقانلىق دەپ تەبىرلەنگەن. بۇ جىنايەتلەرنى سادىر قىلغۇچىلار مۇسۇلمانلاردىن بولسا، ئۇلار بۇ دۇنيادا بەلگىلەنگەن جازالىرىنى تارتىدۇ، گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلغان بولسا، ئاخىرەتتە ئازابتىن ساقلىنىپ قالىدۇ. چۈنكى، مۇسۇلماننىڭ بۇ دۇنيادا چەككەن جازاسى ئۇنىڭ گۇناھى ئۈچۈن كاپارەتتۇر. ئەگەر بۇ جىنايەتلەرنى سادىر قىلغانلار كاپىرلاردىن بولسا، ئۇلار دۇنيادا جازادىن، ئاخىرەتتە ئازابتىن قۇتۇلالمايدۇ.

2. قاراقچىلار تۇتۇلۇشتىن بۇرۇن تەۋبە قىلغان ۋە ھەقىقەتكە قايتقان بولسا، ئۇلار جازادىن ساقلىنىپ قالىدۇ، ئەمما كىشىلەرنىڭ ھەقلىرى ئۇلاردىن ئېلىپ بېرىلىدۇ.

3. قاتىللار قىساس ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئادەم ئۆلتۈرۈپ مېلىنى بۇلىغانلار دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. كىشىلەرنى قورقۇتۇپ، ئۇلارنىڭ پۇل-مېلىنى ئېلىۋالغانلارنىڭ ئوڭ قولى بىلەن سول پۇتى كېسىلىدۇ. كىشىلەرنىڭ پۇل-مېلىنى ئالمىغان بولسىمۇ، ئۇلارنى قورقۇتۇپ ھاياتىغا تەھدىت سالغانلار سۈرگۈن قىلىنىدۇ.

4. ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتى ناھايىتى كەڭ ۋە چوڭدۇر. تەۋبە قىلغۇچىلارغا بولغان شەپقىتى چەكسىزدۇر.

## ◄ ئاخىرەتتە نىجات تېپىشنىڭ ئاساسى

﴿يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ ٱتَّقُوا۟ ٱللَّهَ وَٱبْتَغُوٓا۟ إِلَيْهِ ٱلْوَسِيلَةَ وَجَـٰهِدُوا۟
فِى سَبِيلِهِۦ لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ ﴿٣٥﴾ إِنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ لَوْ أَنَّ لَهُم مَّا

فِي ٱلۡأَرۡضِ جَمِيعٗا وَمِثۡلَهُۥ مَعَهُۥ لِيَفۡتَدُواْ بِهِۦ مِنۡ عَذَابِ يَوۡمِ
ٱلۡقِيَٰمَةِ مَا تُقُبِّلَ مِنۡهُمۡۖ وَلَهُمۡ عَذَابٌ أَلِيمٞ ٣٦ يُرِيدُونَ أَن يَخۡرُجُواْ
مِنَ ٱلنَّارِ وَمَا هُم بِخَٰرِجِينَ مِنۡهَاۖ وَلَهُمۡ عَذَابٞ مُّقِيمٞ ٣٧

## ◄ تەرجىمىسى

35ـئى ئىمان ئېيتقانلار! مەقسەتكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئۇنىڭغا يېقىن بولۇشنىڭ يولىنى ئىزدەڭلار، ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىڭلار.

36ـكاپىر بولغانلار يەر يۈزىدىكى بارلىق نەرسىلەرگە، يەنە شۇنىڭدەك بىر ھەسسە كېلىدىغان نەرسىلەرگە ئىگە بولغان ۋە قىيامەت كۈنىنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۇنى فىدىيە قىلىپ بەرگەن تەقدىردىمۇ، ئۇلاردىن (بۇ فىدىيە قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئۇلارغا قاتتىق ئازاب بار.

37ـئۇلار دوزاختىن چىقماقچى بولىدۇ-يۇ، ھەرگىز چىقالمايدۇ، ئۇلارغا دائىملىق ئازاب بار.

## ◄ تەپسىرى

ئى قەلبى ئىمان بىلەن پارلىغان ۋە «مۇئمىن»لىكتىن ئىبارەت گۈزەل سۈپەت بىلەن سۈپەتلەنگەن كىشىلەر! ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداش ۋە مەنئى قىلغانلىرىنى تەرك ئېتىش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئازابىدىن ساقلىنىش تەدبىرلىرىنى ئېلىڭلار. ئاللاھ تائالاغا پەقەت ئاللاھ تائالا ئۆزى رازى بولىدىغان ۋە مەمنۇن بولىدىغان ئىشلارنى قىلىش ئارقىلىق يېقىنلىق ھاسىل قىلىشنىڭ يوللىرىنى ئىزدەڭلار. ھارام ئىشلاردىن يىراق بولۇپ، توغرا يولدا ئىزچىل مېڭىش ئارقىلىق نەپسىڭلار بىلەن ئېلىشىڭلار. دىن پۈتۈنلەي ئاللاھ تائالاغا خاس قىلىنغانغا، يەنى ئاللاھ تائالانىڭ قانۇنى يەر يۈزىدە ھۆكۈم سۈرگەنگە قەدەر ئىسلام دۈشمەنلىرى بىلەن ئېلىشىڭلار. ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى قوغداش، مۇسۇلمانلارنى كاپىرلاردىن مۇداپىئە قىلىش، ئادالەتنى بەرپا قىلىش، ئىسلام دىيارىنى كاپىرلارنىڭ خىرىسلىرىدىن قوغداش يولىدا جىھاد قىلىڭلار. بۇنى ئورۇنداشتا بارچە كۈچۈڭلار ۋە ئىقتىدارىڭلار بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسىتىڭلار. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىنغانلىقتۇر.

ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلىشتىن ساقلىنىڭلار، ئۇنىڭ ئازابىدىن قورقۇڭلار. ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا جاپاغا، قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرىڭلار. سىلەر بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ۋە دۇنيادا ھەم ئاخىرەتتە نىجاتلىققا ئېرىشىش ئۈچۈن قىلىڭلار.

يۇقىرىقى ئايەتتە كەلگەن ﴿الوسيلة﴾ يەنى (ۋاستە) سۆزى مۇنداق ئىككى مەندە كەلگەن:

بىرىنچىسى، تائەت-ئىبادەتلەرنى مۇكەممەل قىلىش ئارقىلىق ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىق ئىزدەش. چۈنكى، بۇ ئاللاھ تائالاغا يېقىن بولۇشنىڭ ئەڭ كاپالەتلىك يولىدۇر.

ئىككىنچىسى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىغا ۋە شاپائىتىگە نائىل بولۇش. ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «ئى ئاللاھ! قۇرغاقچىلىق بولغان ۋاقىتلاردا بىز پەيغەمبىرىمىزنى ساڭا ۋەسىلە (يەنى ۋاستە) قىلىپ دۇئا قىلغىنىمىزدا، سەن بىزگە يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرەتتىڭ. ئەمدىلىكتە بىز پەيغەمبىرىمىزنىڭ تاغىسىنى ساڭا ۋەسىلە قىلىمىز، بىزگە يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگىن»[1]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دۇئا قىلغان، ئۇلار ئارقىسىدا تۇرۇپ «ئامىن» دېگەن. بۇ ئىشنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايات ۋاقتىدا بىر دۇئا ۋە شاپائەت ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ئۇنىڭ تاغىسى ئابباسقا ئوخشاش ئۇنىڭغا ئەڭ يېقىن بولغان ئىنسانلارنىڭ دۇئاسى ئۈنۈملۈك سانالغان. دۇئادا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ۋەسىلە قىلماقچى بولغان كىشى ئۆزىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان ئىمانىنى، مۇھەببىتىنى، ئىخلاسىنى ۋەسىلە قىلسا بولىدۇ. مانا بۇ ئەڭ يوللۇق ۋەسىلىدۇر.

ئەمما بەزى كىشىلەر ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىق ئىزدەپ، ئاتالمىش ئەۋلىيالارنى ۋە مازارلاردىكى ئۆلۈكلەرنى ۋەسىلە قىلىدۇ. بۇ ئىسلام ئەقىدىسىگە زىت كېلىدىغان ئازغۇنلۇق بولۇپ، ۋەسىلە ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرىنى، ئۆزىنىڭ ئىمانىنى ۋە ياخشى ئەمەللىرىنى ئارىغا سېلىش بىلەن بولىدۇ. مۇنداق ۋەسىلىنى ئىسلام دىنى ئېتىراپ قىلىدۇ، باشقا تۈردىكىسىنى قوبۇل قىلمايدۇ، چۈنكى باشقىسى خۇراپاتتۇر.

---

[1] «صحيح البخاري» 2-توم، 27-بەت، 1010-ھەدىس.

بۇ دۇنيادا كۇفرى ئەقىدىسىدە چىڭ تۇرۇۋېلىش ياكى ئاللاھ تائالانى ئىنكار قىلىش ۋەياكى ئۇنىڭغا مەخلۇقاتنى شېرىك كەلتۈرۈش ئارقىلىق كاپىر بولغانلار، ئۇنىڭ ئايەتلىرىنى ۋە پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغانلارغا كەلسەك، ئۇلار پۈتكۈل زېمىندىكى بايلىقلارغا، يەنە ئۇنىڭدىن بىر ھەسسە ئارتۇق بايلىققا ئىگە بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنى ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن بۇ بايلىقلارنىڭ ھەممىسىنى فىديە قىلىپ بەرگەن تەقدىردىمۇ، ئاللاھ تائالا ئۇلاردىن بۇ فىديەنى ھەرگىز قوبۇل قىلمايدۇ. ئەكسىچە، ئۇلار مەڭگۈلۈك ئازابقا دۇچار بولىدۇ.

ھەتتا ئۇلاردىن بىرى قىيامەت كۈنىنىڭ دەھشەتلىك ئازابىدىن قۇتۇلۇش بەدىلىگە فىديە ھېسابىدا ئۆز ئوغلىنى بېرىشنى تىلەيدۇ. لېكىن ھەيھات! ھەرگىز ئۇنداق قىلالمايدۇ. ﴿ئۇلار دوزاختىن چىقماقچى بولىدۇ-يۇ، ھەرگىز چىقالمايدۇ، ئۇلارغا دائىملىق ئازاب بار﴾[1].

ئى مۇسۇلمان قېرىنداش! بۇ دۇنيادا بەختلىك ھايات كەچۈرۈش، ئاخىرەتتە جەننەتكە ئېرىشىشنىڭ ئەڭ كاپالەتلىك ئامىلى نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟ ئۇ تەقۋالىق بىلەن گۈزەل ئەخلاقتۇر.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالاغا تەقۋالىق قىلىش، ئۇنىڭغا ئەمەل- ئىبادەت ۋە دۇئالار بىلەن يېقىنلىق ئىزدەش ۋە ئۇنىڭ يولىدا جىھاد قىلىش ھەربىر مۇسۇلمان ئۈچۈن پەرزدۇر.

2. ئاللاھ تائالاغا بىرەر ياخشى ئىشنى ۋاستە (ۋەسىلە) قىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭدىن ھاجەتلىرىمىزنى سورىماقچى بولساق، ئەڭ ياخشى ۋەسىلە ئۆزىمىزنىڭ ئىمانى ۋە ياخشى ئەمەللىرىمىزدۇر. ئەمما مازاردىكىلەرنى ياكى ئاتالمىش ئەۋلىيالارنى ئاللاھ تائالاغا ۋەسىلە قىلماقچى بولغانلار ئازغۇنلاردۇر. چۈنكى، ئۇلار ئاللاھ تائالاغا ۋاستە بولالمايدۇ ۋە ھېچكىمگە ياردەم قىلالمايدۇ.

3. قىيامەتنىڭ ئازابى قاتتىقتۇر. كاپىرلار بىلەن زالىملار ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن ھەرگىز قۇتۇلالمايدۇ.

4. ھاياتتا بولغان سالىھ كىشىلەردىن، تەقۋادار ئۆلىمالاردىن دۇئا تەلەپ قىلىش جائىزدۇر.

---

[1] مائىدە سۈرىسى: 37-ئايەت.

### ئوغرىلىقنىڭ جازاسى

﴿وَٱلسَّارِقُ وَٱلسَّارِقَةُ فَٱقْطَعُوٓاْ أَيْدِيَهُمَا جَزَآءَۢ بِمَا كَسَبَا نَكَٰلًا
مِّنَ ٱللَّهِۗ وَٱللَّهُ عَزِيزٌ حَكِيمٌ ﴿٣٨﴾ فَمَن تَابَ مِنۢ بَعْدِ ظُلْمِهِۦ وَأَصْلَحَ
فَإِنَّ ٱللَّهَ يَتُوبُ عَلَيْهِۚ إِنَّ ٱللَّهَ غَفُورٌ رَّحِيمٌ ﴿٣٩﴾ أَلَمْ تَعْلَمْ أَنَّ ٱللَّهَ
لَهُۥ مُلْكُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ يُعَذِّبُ مَن يَشَآءُ وَيَغْفِرُ لِمَن يَشَآءُۗ
وَٱللَّهُ عَلَىٰ كُلِّ شَىْءٍ قَدِيرٌ ﴿٤٠﴾﴾

### تەرجىمىسى

38-ئوغرىلىق قىلغۇچى ئەرنىڭ ۋە ئوغرىلىق قىلغۇچى ئايالنىڭ قوللىرىنى كېسىڭلار، (بۇ) ئۇلارغا قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى بېرىش ۋە ئاللاھ تەرىپىدىن ئىبرەت قىلىش ئۈچۈندۇر. ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

39-كىمكى (ئوغرىلىق قىلىپ ئۆزىگە) زۇلۇم قىلغاندىن كېيىن تەۋبە قىلىپ ئۆزىنى تۈزىسە، ئاللاھ ھەقىقەتەن ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.

40-بىلمەمسەنكى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ ئىگىدارچىلىقى ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھ خالىغان ئادەمگە ئازاب قىلىدۇ، خالىغان ئادەمگە مەغپىرەت قىلىدۇ، ئاللاھ ھەممە نەرسىگە قادىردۇر.

### بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

«قۇرئان كەرىم» ئالدىنقى ئايەتلەردە، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق تېرىيدىغان قاراقچىلارنىڭ جازاسىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، كىشىلەرنى ئاللاھ تائالاغا تەقۋالىق قىلىشقا ۋە ياردەم تىلەش، ئىشەنچ باغلاش قاتارلىق ھەممە ئىشتا ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگىلا تايىنىشقا بۇيرۇغان بولسا، بۇ يەردە كىشىلەرگە تاجاۋۇز قىلغان ۋە ئۇلارنىڭ مال-مۈلۈكىنى يوشۇرۇنچە ئوغرىلاپ ئېلىۋالغانلارنىڭ جازاسىنى بايان قىلىدۇ.

### تەپسىرى

ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەرگە تىلاۋەت قىلىنىۋاتقان بۇ ئايەتتە ئوغرىنىڭ جازاسى بايان قىلىنىدۇ. مەيلى ئەر بولسۇن، مەيلى ئايال

بولسۇن، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىن كىمكى ئوغرىلىق قىلىدىكەن، باشقىلارنىڭ مال-مۈلۈكىنى ئوغرىلاش ئارقىلىق ئۆلارنىڭ ھەققىگە تاجاۋۇز قىلغانلىقىنىڭ جازاسى ئۈچۈن ئۇنىڭ قولىنى كېسىڭلار.

ئوغرىنىڭ قولىنىڭ كېسىلىشى ئۈچۈن ئوغرىلانغان نەرسىنىڭ ھەرقانداق قىممەتلىك نەرسە ساقلانغاندەك ياخشى ساقلانغان نەرسە بولۇشى شەرتتۇر. بۇنىڭغا بىنائەن، يولغا تاشلاپ قويغان نەرسىنى ئېلىپ كەتكەن ئادەم ئوغرى سانالمايدۇ. ھەرقانداق ئوغرىنىڭ قولى كېسىلەمدۇ؟ ھەتتا بىرەر دىرھەم ئوغرىلىغان بولسىمۇ؟ ياكى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ دېگىنىدەك، ئوغرىلانغان نەرسىنىڭ قىممىتى بىر دىنارنىڭ تۆتتىن بىرى ياكى ئۈچتىن بىرى بولۇشى شەرتمۇ؟ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «تُقْطَعُ اليَدُ فِي رُبُعِ دِينَارٍ» يەنى «بىر دىنارنىڭ تۆتتىن بىرى چاغلىق نەرسىنى ئوغرىلىغان ئادەمنىڭ قولى كېسىلىدۇ»[1]. ھەنەفىي مەزھىپىنىڭ قارىشىچە، ئوغرىنىڭ قولى كېسىلىشى ئۈچۈن ئوغرىلىغان نەرسىنىڭ قىممىتى ئون دىرھەم ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك بولۇشى شەرتتۇر.

ئوغرىلىق دېلوسى ئوغرىنىڭ ئېتىراپ قىلىشى ياكى كۆرگەنلەرنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشى بىلەن تۇرغۇزۇلىدۇ. ئوغرىلىق جىنايىتىنىڭ جازاسى دېلونىڭ مەھكىمىگە يېتىپ بېرىشىدىن بۇرۇن ھەق ئىگىسىنىڭ كەچۈرۈۋېتىشى ياكى ئوغرىنىڭ تەۋبە قىلىشى بىلەن يۈرگۈزۈلمەيدۇ يەنى قولى كېسىلمەيدۇ. ئەمما بۇ ئەھۋالدا، ئوغرىلانغان نەرسىنىڭ ئۆزى ياكى ئۇنىڭ بەدىلى ئۆز ئىگىسىگە ساق تاپشۇرۇلۇشى شەرتتۇر.

ئاللاھ تائالا ئوغرىنى جازالاش، باشقىلارنى ئۇنىڭ سادىر قىلغان بۇ جىنايىتىنى سادىر قىلىشتىن ئاگاھلاندۇرۇش ۋە توسۇش ئۈچۈن بۇ جازانى بەلگىلىگەن. چۈنكى، بىر ئىنسانىنىڭ قولىنىڭ كېسىلىشى ئۇ ئىنسانغا بېسىلغان بىر خارلىق تامغىسىدۇر. مەڭگۈ ئۆچۈرۈلمەيدىغان بىر نومۇس بەلگىسىدۇر. ئاللاھ تائالا خالىغان ھۆكۈمنى بۇيرۇۋېتىدىغان ۋە ئۆزى خالىغىنىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا مۇتلەق ئىختىيار ئىگىسىدۇر، ھەممىگە غالىبتۇر، ئۇ ھەرگىز يېڭىلمەيدۇ، خاتالاشمايدۇ، بەلگىلىگەن پۈتۈن قانۇنلىرىدا ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. ئەمما ئىنسانلار تۈزگەن قانۇنلار بولسا، ئوغرىلار تۈرمىلەردىن ھەرخىل جىنايەتلەرنى ئۆگىنىپ چىقىدىغان ھالەتنى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا. شۇنىڭ ئۈچۈن (ئاللاھ تائالادىن

[1] «صحيح البخاري» 8-توم، 160-بەت، 6791- ھەدىس.

قورقمايدىغانلارنىڭ) قانچە قېتىملاپ تۇرمىلەرگە تاشلانسىمۇ، جىنايى ئىشلارنى ۋە ئوغرىلىق دېلولىرىنى سادىر قىلىشتىن ھېچ توختىماي كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. ئوغرىلىق قىلىپ، ئۆزىگە ۋە باشقىلارغا زۇلۇم قىلغاندىن كېيىن، گۇناھىغا تەۋبە قىلىپ، ئۆزىنى ئىسلاھ قىلغانلارنىڭ تەۋبىلىرىنى ئاللاھ تائالا چوقۇم قوبۇل قىلىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا تەۋبە قىلغان بەندىلىرىنى ئەلۋەتتە كەچۈرگۈچىدۇر، ئەپۇ قىلغۇچىدۇر ۋە ئۇلارغا تولىمۇ مېھرىباندۇر.

سىز ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ ئىگىدارچىلىقى ئاللاھ تائالاغىلا خاس ئىكەنلىكىنى، ئاللاھ تائالا بۇ ئىگىدارچىلىقتا ئۆزىنىڭ ھېكمىتى، ئادالىتى، كەڭ ئىلمى، چەكسىز قۇدرىتى ۋە كاتتا پەزل-كەرەمى بىلەن ئىش كۆرىدىغانلىقىنى بىلمەمسىز؟ ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ ھېكمەت ۋە ئادالىتىنىڭ تەقەززاسى بويىچە، دۆلەتنىڭ ھەر تەرىپىدە خاتىرجەملىك، تىنچلىق ۋە ئامانلىق ئومۇملاشسۇن ۋە ھەركىم خاتىرجەم ھالدا ھاياتلىقتىكى ئۆز ۋەزىپىسىنى داۋاملاشتۇرسۇن، دەپ ئوغرىنىڭ قولىنى كېسىش جازاسىنى بەلگىلىدى. يەنە ئۆزىنىڭ مېھىر-شەپقىتى، پەزل-كەرەمى بىلەن بەندىلىرىنىڭ تەۋبىلىرىنى قوبۇل قىلىپ، گۇناھلىرىنى كەچۈرىدۇ.

بەزىلەر بۇ قول كېسىش جازاسىنى رەھىمسىزلىك، ۋەھشىي قانۇن، سەھرا قانۇنى ۋە مەدەنىي ئىنسانلار ئۇچۇن قوللىنىشقا لايىق كەلمەيدىغان قانۇن، دەپ ئەيىبلەشكە ئالدىرايدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ ئەيىبلىشى تۈپتىن خاتا. چۈنكى، ئىسلام دىنىنىڭ بۇ خىل جازالىرىدا كىشىلەرگە ئىبرەت بېرىش ۋە ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇش ئاساسلىق غايە قىلىنىغان. شۇڭا بۇ جازا قانۇنلىرىنى ئىجرا قىلىشنىڭ شەرتلىرى ئىنتايىن ئېغىردۇر، ئازراق شەك-شۈبھە كۆرۈلسە جازا توختىتىلىدۇ، يۈرگۈزۈلمەيدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئۆزلىرى تۈزگەن قانۇنلىرىنى ماختىشى ۋە ئۇنى ئاللاھ تائالانىڭ قانۇنىدىن ئەۋزەل كۆرۈشى ئوپئوچۇق بىر ئەخمەقلىقتۇر. چۈنكى، ئۇلارنىڭ جازا قانۇنلىرى يەر يۈزىدە رەزىللىكلەرنىڭ ئومۇملىشىشىغا سەۋەبچى بولماقتا. دېمەك، ئىنسانلار تۈزگەن قانۇنلار جىنايەتچىلەرنى رەزىل قىلمىشلىرىدىن توسالىغىنى ياكى ھېچ بولمىغاندا، جىنايەتچىلەرنى قورقۇتالىغىنى يوق. چۈنكى، ئۇلارنىڭ تۈرمىسى ئىشسىز، ھورۇن، تىرىكتاپلارنى بېقىپ، يامانلىقلارنى ۋە تۈرلۈك رەزىللىكلەرنى ئۆگىنىپ جەمئىيەتكە تارقىتىدىغان بىر جىنايەت مەكتىپىگە ئايلىنىپ قالغان. ئەمما ئىنسانلارنىڭ تولىسى بۇنى بىلمەيدۇ، ئاللاھ تائالا تۈزۈپ بەرگەن

قانۇنلارنىڭ نەقەدەر ھېكمەتلىك، نەقەدەر ئادالەتلىك ئىكەنلىكى ئۈستىدە تەپەككۇر قىلمايدۇ.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئوغرىنىڭ قولىنى كېسىش ئاللاھ تائالانىڭ بەلگىلىمىسىدۇر. ھەنەفىي مەزھىپىنىڭ قارىشىچە، ئوغرىنىڭ قولىنى كېسىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئوغرىلىغان نەرسىسىنىڭ قىممىتىنىڭ ئون دىرھەم ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك بولۇشى شەرتتۇر.

2. ئوغرى قانۇنىنىڭ تورىغا چۈشۈشتىن ئاۋۋال تەۋبە قىلسا، ئۇنىڭ قولى كېسىلمەيدۇ. ئەمما قولىدىكى ھەقلەر ئۆز ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىلىدۇ.

3. قولى كېسىلىش بىلەن جازالانغان كىشى گۇناھتىن پاك بولغان بولىدۇ. چۈنكى، شەرىئەتنىڭ جازاسى گۇناھلار ئۈچۈن كاپارەتتۇر. شۇڭا بۇ دۇنيادا جازالانغانلار ئاخىرەتتە جازالانمايدۇ.

4. ئاللاھ تائالانىڭ بەلگىلىمىلىرىگە بويسۇنۇش ۋە ئۇلارنى مەمنۇنلۇق بىلەن قوبۇل قىلىش ھەربىر مۇسۇلماننىڭ دىنىي بۇرچىدۇر

## ◄ يەھۇدىيلار ۋە ئۇلارنىڭ «تەۋرات»قا قارىتا پوزىتسىيەسى

﴿يَـٰٓأَيُّهَا ٱلرَّسُولُ لَا يَحۡزُنكَ ٱلَّذِينَ يُسَٰرِعُونَ فِى ٱلۡكُفۡرِ مِنَ ٱلَّذِينَ
قَالُوٓاْ ءَامَنَّا بِأَفۡوَٰهِهِمۡ وَلَمۡ تُؤۡمِن قُلُوبُهُمۡۛ وَمِنَ ٱلَّذِينَ هَادُواْۛ سَمَّـٰعُونَ
لِلۡكَذِبِ سَمَّـٰعُونَ لِقَوۡمٍ ءَاخَرِينَ لَمۡ يَأۡتُوكَۖ يُحَرِّفُونَ ٱلۡكَلِمَ مِنۢ بَعۡدِ
مَوَاضِعِهِۦۖ يَقُولُونَ إِنۡ أُوتِيتُمۡ هَـٰذَا فَخُذُوهُ وَإِن لَّمۡ تُؤۡتَوۡهُ فَٱحۡذَرُواْۚ
وَمَن يُرِدِ ٱللَّهُ فِتۡنَتَهُۥ فَلَن تَمۡلِكَ لَهُۥ مِنَ ٱللَّهِ شَيۡـًٔاۚ أُوْلَـٰٓئِكَ
ٱلَّذِينَ لَمۡ يُرِدِ ٱللَّهُ أَن يُطَهِّرَ قُلُوبَهُمۡۚ لَهُمۡ فِى ٱلدُّنۡيَا خِزۡىٌۖ وَلَهُمۡ فِى
ٱلۡأَخِرَةِ عَذَابٌ عَظِيمٌ ﴿٤١﴾ سَمَّـٰعُونَ لِلۡكَذِبِ أَكَّـٰلُونَ لِلسُّحۡتِۚ فَإِن
جَآءُوكَ فَٱحۡكُم بَيۡنَهُمۡ أَوۡ أَعۡرِضۡ عَنۡهُمۡۖ وَإِن تُعۡرِضۡ عَنۡهُمۡ فَلَن
يَضُرُّوكَ شَيۡـًٔاۖ وَإِنۡ حَكَمۡتَ فَٱحۡكُم بَيۡنَهُم بِٱلۡقِسۡطِۚ إِنَّ ٱللَّهَ يُحِبُّ

ٱلۡمُقۡسِطِينَ ﴿٤٢﴾ وَكَيۡفَ يُحَكِّمُونَكَ وَعِندَهُمُ ٱلتَّوۡرَىٰةُ فِيهَا حُكۡمُ ٱللَّهِ ثُمَّ يَتَوَلَّوۡنَ مِنۢ بَعۡدِ ذَٰلِكَۚ وَمَآ أُوْلَـٰٓئِكَ بِٱلۡمُؤۡمِنِينَ ﴿٤٣﴾

## ◄ تەرجىمىسى

**41**ـئى پەيغەمبەر! دىللىرىدا ئىشەنمەي تۇرۇپ، ئېغىزلىرىدا: «ئىمان ئېيتتۇق» دەپ قويىدىغان (مۇناپىق)لار بىلەن يەھۇدىيلارنىڭ ئارىسىدىن كۇفرىغا ئۆزىنى ئاتىدىغانلار سېنى غەمكىن قىلمىسۇن، ئۇلار ھەمىشە يالغانغا بەك قۇلاق سالىدۇ، سېنىڭ سۆھبىتىڭگە ھازىر بولمىغان باشقا بىر قەۋمنىڭ سۆزىگىمۇ بەك قۇلاق سالىدۇ، ئۇلار (تەۋراتتىكى) سۆزلەرنى ئەسلى مەنىسىدىن ئۆزگەرتىۋېتىدۇ. ئۇلار: «ئەگەر سىلەرگە بۇ (ھۆكۈم) بېرىلسە، ئۇنى دەرھال قوبۇل قىلىڭلار، ئەگەر باشقا (ھۆكۈم) بېرىلسە، ئۇنى قوبۇل قىلىشتىن ھەزەر ئەيلەڭلار» دەيدۇ، ئاللاھ بىركىمنى ئازدۇرۇشنى ئىرادە قىلسا، سەن ئاللاھتىن (كەلگەن ئازغۇنلۇقنى) ئۇنىڭدىن توسۇپ قالالمايسەن. ئاللاھ دىللىرىنى پاك قىلىشنى خالىمىغان كىشىلەر ئەنە شۇلاردۇر. ئۇلارغا دۇنيادا رەسۋالىق، ئاخىرەتتە چوڭ ئازاب باردۇر.

**42**ـئۇلار يالغانغا بەك قۇلاق سالغۇچىلاردۇر، ھارامنى بەك يېگۈچىلەردۇر. (ئى پەيغەمبەر!) ئەگەر ئۇلار سېنىڭ ئالدىڭغا (دەۋالىشىپ) كەلسە، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم قىلىپ قويساڭمۇ ياكى ئۇلارنى رەت قىلساڭمۇ بولىدۇ؛ ئەگەر ئۇلارنى رەت قىلساڭ، ئۇلار ساڭا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ؛ ئەگەر ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم قىلماقچى بولساڭ، ئادالەت بىلەن ھۆكۈم قىلغىن. چۈنكى، ئاللاھ ئادالەتلىك بولغانلارنى ياخشى كۆرىدۇ.

**43**ـئۇلارنىڭ يېنىدا ئاللاھنىڭ ھۆكمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەۋرات تۇرسا، ئۇلار قانداقلارچە سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلىدۇ، ئاندىن سەن ھۆكۈم چىقارغاندىن كېيىن (سېنىڭ ھۆكمىڭدىن) يۈز ئۆرۈيدۇ؟! ئەنە شۇلار (تەۋراتقىمۇ، قۇرئانغىمۇ) ئىشەنمەيدىغانلاردۇر.

## ◄ نازىل بولۇش سەۋەبى

ئەللامە قۇرتۇبىينىڭ بايان قىلىشىچە، ئىمام ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: يەھۇدىيلاردىن بىر ئەر بىلەن بىر ئايال ئىككىسى زىنا قىلغان بولۇپ، يەھۇدىيلارنىڭ كاتتىباشلىرى ئۇلارغا: «بۇ پەيغەمبەرنىڭ يېنىغا بېرىپ ھۆكۈم تەلەپ قىلىڭلار، چۈنكى

ئۇ ئاسانلىقلا بۇيرۇلغان پەيغەمبەردۇر، ئۇ ئەگەر زىنا قىلغۇچىنى چالما-كېسەك قىلىشتىن باشقا جازاغا بۇيرىسا، ئۇنىڭ ھۆكۈمىنى قوبۇل قىلىمىز ۋە ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا شۇنى دەلىل قىلىپ تۇرۇپ ‹ئى ئاللاھ! سېنىڭ پەيغەمبەرلىرىڭدىن بولغان بىر پەيغەمبەر شۇنداق پەتىۋا بەرگەنتى› دەيمىز» دېدى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كەلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرى بىلەن بىللە مەسجىدتە ئولتۇراتتى، يەھۇدىيلار: «ئى ئەبۇلقاسىم! (يەنى مۇھەممەد!) زىنا قىلغان ئەر بىلەن ئايالغا قانداق جازا بېرىش كېرەك؟» دەپ سورايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ھېچنېمە دېمەيدۇ، ئاندىن ئۇلارنىڭ مەھەللىسىگە كېلىدۇ ۋە ئىشىكنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ ئۇلارغا: «مۇساغا تەۋراتنى بەرگەن ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۆيلەنگەن تۇرۇپ زىنا قىلغان كىشى توغرۇلۇق «تەۋرات» تا قانداق ھۆكۈم بار؟» دېدى، ئۇلار جاۋاب بېرىپ: «ئىككى زىناخورنىڭ يۈزىنى قارا قىلىپ، ئىككىسىنىڭ دۈمبىسىنى بىر-بىرىگە چاپلىغان ھالدا، بىرىنى ئۇلاغ، يەنە بىرىنى تەتۈر قىلىپ ئېشەككە مىندۈرۈپ سازايە قىلىپ شەھەر ئايلاندۇرۇش، ئاندىن قامچا (دەررە) ئۇرۇش جازاسى بار» دېدى. ئۇلار سۆزلەۋاتقاندا ئىبنى سۈرەييا ئىسىملىك بىر ياش ھېچ سۆز قىلماستىن سۈكۈت قىلىپ تۇراتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى كۆرۈپ، ھېلىقى سوئالنى ئۇنىڭغا قايتا تاشلايدۇ. ئۇ: «سىز مەندىن قايتا سورىغىنىڭىز ئۈچۈن ئەمدى دېمىسەم بولمايدۇ، بىز «تەۋرات»تا زىنا قىلغۇچىنىڭ جازاسى رەجىم (چالما-كېسەك) قىلىش ئىكەنلىكىنى بىلىمىز» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنىڭدىن كېيىن: «مەن چوقۇم «تەۋرات»تىكى ھۆكۈم بويىچە ھۆكۈم قىلىمەن» دېدى ۋە زىناخورلارنى رەجىم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. شۇنىڭ بىلەن زىنا قىلغانلارنىڭ ئىككىلىسى رەجىم قىلىنىدۇ[1]. بۇ ماۋزۇدا كەلگەن باشقا رىۋايەتلەرمۇ بار بولۇپ، ھەممىسى يەھۇدىيلارنىڭ «تەۋرات»تىكى رەجىم ھۆكۈمىنى ئىنكار قىلغانلىقى ۋە «تەۋرات»نى ئۆيۈنچۇق ھالىغا كەلتۈرۈۋالغانلىقى ھەققىدە توختالغان.

### ◄ تەپسىرى

جىمى نۇقسانلاردىن ۋە بارچە كەمچىلىكلەردىن پاك بولغان ئۇلۇغ ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا: «ئى پەيغەمبەر!» دەپ خىتاب قىلىش ئارقىلىق بىزگە پەيغەمبىرىمىزگە قانداق خىتاب قىلىشىمىز كېرەكلىكىنى

---

[1] «تفسير القرطبي» 6- توم، 178-بەت.

ئۆگىتىدۇ. ئاللاھ تائالا بەزى ئەرەبلەرنىڭ چاقىرغىنىغا ئوخشاش ئۇنى ئىسمى بىلەن «ئى مۇھەممەد!» دەپ چاقىرمىغان. ساھابىلەر ئۇنىڭغا «يا رەسۇلۇللاھ!» يەنى (ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى!) دەپ خىتاب قىلاتتى. كۆرۈۋاتىمىزكى، ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ناھايىتى بەك ھۆرمەتلىگەن. باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى بىلەن خىتاب قىلىنغان بولسىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۇنىڭ ئىسمى بىلەن خىتاب قىلىنغان ئەمەس، بەلكى پەيغەمبەرلىكتىن ئىبارەت بۇ كاتتا ئۇنۋانى بىلەن خىتاب قىلىنغان. بۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە نەقەدەر ھۆرمەتكە ئىگە بىر زات ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ئى پەيغەمبەر! مۇناپىقلارنىڭ رەزىل قىلمىشلىرى ۋە يەھۇدىيلاردىن كۇفرىغا ئۆزىنى ئاتقانلارنىڭ ئەھۋالى سېنى غەمكىن قىلمىسۇن، ئۇلار ئۇچۇن قايغۇرمىغىن. بەربىر ئاللاھ تائالانىڭ جازاسى ئۇلارنى قورشىغۇچىدۇر. ئۇلار ساڭا بولغان دۈشمەنلىكىنى قانچە كۈچەيتكەنسېرى، ئۇلارنىڭ مەغلۇبىيىتى شۇنچىلىك يېقىنلىشىپ كەلمەكتە. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا قارشى ساڭا چوقۇم ياردەم بەرگۈچىدۇر.

غەمكىن بولماسلىق ۋە قايغۇرماسلىق ئىنسانىنىڭ ئىلكىدە بولمىغان ئىش تۇرسىمۇ، ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ﴿غەمكىن بولما!﴾ دەپ ئەمر قىلغانلىقى مۇسىبەتلەرنى، زىيان-زەخمەتلەرنى ۋە ھەرقانداق بىر كۆڭۈلسىزلىكنى ئەسكە ئېلىش، ۋە ئۇنتۇيالماسلىقتا ئوخشاش كىشىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى قايغۇغا سېلىشىغا سەۋەب بولىدىغان ئىشلارنى قىلماسلىققا بۇيرۇغانلىقىدۇر.

كۇفرىغا ئۆزىنى ئاتقانلار ۋە ئۇنىڭغا ئىچكىرىلەپ كىرىش، كۇفرىلىقنىڭ بىر دەرىجىسىدىن يەنە بىر دەرىجىسىگە ئۆتۈش ئۈچۈن ئالدىراۋاتقانلار كىملەر؟ ئۇلار چىن قەلبىدىن ئىمان ئېيتمىغان، پەقەت ئېغىزلىرىدىلا ئىمان كەلتۈرسىنى ئېيتىپ قويغان مۇناپىقلار بىلەن بىر قىسىم يەھۇدىيلاردۇر. بۇ يەھۇدىيلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەققىدە ئۆزلىرىگە يالغان مەلۇماتلارنى بېرىدىغان يالغانچى مولللىرىغا قۇلاق سېلىشتا بەك ئىلگىرىلەپ كەتكەنلەردۇر. ئى پەيغەمبەر! ئۇلار يالغان خەۋەرلەرنى ھەممىدىن بەك تىڭشايدۇ، يەنە ئۇلار ساڭا قاتتىق ئۆچلۈكى سەۋەبلىك سېنىڭ سۆھبىتىڭگە كەلمىگەن خەيبەرلىك يەھۇدىيلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلايدۇ. ئۇز ۋاقتىدا بەزى يەھۇدىي كاتتىباشلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەجلىسىگە كېلىپ ئولتۇرۇشنى خالىمايتتى. ئۇلار «تەۋرات»تىكى بىر سۆزنى يەنە باشقا بىر سۆزنىڭ ئورنىغا قويۇش ياكى يوشۇرۇش ياكى بەزى سۆزلەرنى ئەسلى

مەنىسىدىن باشقا مەنىلەردە چۈشەندۈرۈش قاتارلىق بۇرمىلاشلارنى سادىر قىلغان ئىدى. بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبىدە ئىزاھلانغاندەك، ئۇلار ئۆزلىرىگە ئەگەشكەنلەرگە «ئەگەر مۇھەممەد رەجىم جازاسىنىڭ ئورنىغا دەررە ئۇرۇشقا رۇخسەت بەرسە، ئۇنىڭ بۇ ھۆكمىنى قوبۇل قىلىڭلار، ئەگەر رەجىم جازاسىنى بەرمەكچى بولسا، ئۇنى قوبۇل قىلماڭلار» دەيتتى. ئى پەيغەمبەر! ساڭا نېمە بولدىكىن ئۇلار ئۈچۈن قايغۇرىسەن؟ ھالبۇكى، ئاللاھ تائالا كىمنىڭ دىنىي جەھەتتىكى ئەھۋالىنى سىناپ كۆرۈشنى، ئۇنىڭ ئىچ يۈزىنى ئاشكارىلاشنى ۋە سىرىنى پاش قىلىشنى خالىسا، سەن ئۇنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئاللاھ تائالاغا قارشى ھېچ ئىش قىلالمايسەن، ئاللاھ تائالانى قىلماقچى بولغان ئىشىدىن ھەرگىز توسالمايسەن.

ئاللاھ تائالا بۇ يەھۇدىيلار بىلەن مۇناپىقلارنى سىناش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ بۇزغۇنچىلىقىنى ۋە ھەقىقىي ئىچ يۈزىنى پاش قىلدى. ئۇلار يالغان سۆزلەرنى بەك تىڭشايدىغان، يالغان ئېيتىشقىمۇ، باشقىلارنى يالغانچى دېيىشكىمۇ ناھايىتى ئۇستا مەخلۇقلاردۇر. ئۇلار كاتتىباشلىرىنىڭ ۋە نوپۇزلۇق كىشىلىرىنىڭ كۆڭۈللىرىنى خۇش قىلىش ئۈچۈن، ئۆزلىرىنىڭ نەپسى خاھىشىغا ئەگىشىپ «تەۋرات»نىڭ سۆزلىرىنى ئۆزگەرتىپ ئىلاھىي ھۆكۈملەرنى يوشۇرۇشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن ئازغۇن كىشىلەردۇر. شۇڭا سەن ئى پەيغەمبەر! ئۇلارنىڭ ھالىغا قايغۇرما ۋە ئۇلارنىڭ ئىسلامنى قوبۇل قىلىپ مۇسۇلمان بولۇشىنى ئۈمىد قىلىپ كەتمە.

ئۇلارنىڭ قەبىھ قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ دىللىرىنى كۇفرىدىن ۋە نىفاقتىن پاكلاشنى خالىمىدى. چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ كائىناتتا بېكىتىۋەتكەن قانۇنىيىتى شۇكى، ھىدايەتكە ئىنتىلمىگەن، ئۇنى خالىمىغان، ھىدايەت ئىزدىمىگەن ۋە ئۇنىڭغا كۆڭلىدىن مايىللىقى بولمىغان ئىنسانلار ھىدايەتتىن مەھرۇم قالىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ بۇ قانۇنىيىتى ئۆزگەرمەيدۇ. ﴿وَلَن تَجِدَ لِسُنَّةِ ٱللَّهِ تَبۡدِيلٗا﴾ يەنى ﴿ئاللاھنىڭ قانۇنىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش تاپالمايسەن﴾[1]. ئىنسان تۈرلۈك يامانلىقلارغا ۋە رەزىللىكلەرگە ئادەتلىنىپ قالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بۇ ئادەتلەردىن قۇتۇلۇشى قىيىنغا توختايدۇ. مۇناپىقلارنىڭ پاش قىلىنىشى، چۈمپەردىلىرىنىڭ يىرتىلىشى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن پايدىلىقتۇر. چۈنكى، مۇسۇلمانلار ئۇلارنىڭ مۇناپىق ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇلاردىن ئېھتىيات قىلىدىغان بولىدۇ ۋە سىرلىرىنى ئۇلارغا بەرمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇناپىقلار مۇسۇلمانلارغا تۇزاق قۇرالمايدۇ، سۈيىقەست

[1] ئەھزاب سۈرىسى: 62ـ ئايەت.

قىلالمايدۇ. ئىسلام دىنى كۈچلىنىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇلارغا غالىب كېلىشى بىلەن ئۇلار بۇ دۇنيادا رەسۋالىققا ئۇچرىغان بولسا، ئاخىرەتتە ئەڭ قاتتىق ئازابلارغا ئۇچرايدۇ.

بۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس، چۈنكى ئۇلار يالغان-ياۋىداق سۆزلەرنى بەك تىڭشايدىغان، يالغان سۆزلەرنى راۋاجلاندۇرۇشقا كۈچ قوشىدىغان، هارامنى بەك يەيدىغان، پارا ئالىدىغان، دىنىنىڭ ۋە ئەخلاقىنىڭ چەك-چېگراسىدىن چەتنەپ كەتكەن رەزىل مەخلۇقلاردۇر. چۈكۈشكە يول ئالغان ھەرقانداق بىر مىللەتتە ئەخلاقسىزلىقلار يامرايدۇ، خۇسۇسەن، يالغانچىلىق، تۆھمەت، هارام يېيىش ۋە پارىخورلۇق قاتارلىقلار كەڭ ئەۋجگە چىقىدۇ.

ئى پەيغەمبەر! ئەگەر ئۇلار سەندىن ھۆكۈم تەلەپ قىلىپ كەلسە، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم قىلساڭمۇ ياكى ھۆكۈم چىقىرىشنى رەت قىلساڭمۇ ساڭا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. بۇ سېنىڭ ئىختىيارىڭدىكى ئىش. بۇ ئايەتتىكى ئەمرىنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ﴿وَأَنِ ٱحۡكُم بَيۡنَهُم بِمَآ أَنزَلَ ٱللَّهُ﴾ يەنى ﴿ئۇلارنىڭ (يەنى يەھۇدىيلارنىڭ) ئارىسىدا ئاللاھ ساڭا نازىل قىلغان كىتاب (قۇرئان) بويىچە ھۆكۈم قىلغىن﴾[1] دېگەن سۆزى ئارقىلىق ئەمەلدىن قالغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەنلەرمۇ بار. چۈنكى، «قۇرئان كەرىم» بار يەردە «تەۋرات» قا ھاجەت قالمايدۇ.

ئى پەيغەمبەر! سەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىشنى رەت قىلساڭمۇ، ئۇلار ساڭا ھەرگىز زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم قىلماقچى بولساڭ، چوقۇم ئادالەت بىلەن ھۆكۈم قىلغىن. ئادالەت «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئەڭ ئاساسلىق پرىنسىپى ئىكەنلىكىدە قىلچە شەك يوق. ئى پەيغەمبەر! ئۇ يەھۇدىيلار ئۆزلىرىنىڭ قولىدا مۇقەددەس كىتابى بولغان «تەۋرات» بار تۇرسا، ئۇلار ساڭا ھۆكۈم قىلدۇرغانىدىن كېيىنمۇ، سېنىڭ قىلغان ھۆكمىڭدىن يۈز ئۆرۈيدىغان تۇرسا، ئۇلار قانداقلارچە سەندىن ھۆكۈم تەلەپ قىلىدۇ؟ ئېنىقكى، «تەۋرات» تا ئىلاھىي ھۆكۈملەر ناھايىتى ئوچۇق بايان قىلىنغان. «تەۋرات» نىڭ ھۆكۈملىرى ئۇلارنىڭ پايدىسىغا كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلار ئۇنى رەت قىلىدۇ. ئەسلىدە ئۇلار «تەۋرات»قىمۇ، «قۇرئان كەرىم» گىمۇ، سېنىڭ پەيغەمبەرلىكىڭگىمۇ ئىشەنمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئىشلىرى ھەققەتەن ئاجايىپتۇر. چۈنكى، ئۇلار «تەۋرات» تىكى ھۆكۈملەرنى قايرىپ قويۇپ، باشقىسىنىڭ ھۆكۈم چىقىرىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇپ، بىزنىڭ «تەۋرات» قا ئىمانىمىز بار دەيدۇ. ئۇلار «تەۋرات» قا ئەمەل

[1] مائىدە سۈرىسى: 49-ئايەت.

قىلماي تۇرۇپ، قانداقمۇ بۇنداق دەيدۇ؟ بۇنىڭدىنمۇ ئەجەبلىنەرلىك يېرى شۇكى، ئۇلار «تەۋرات» نى ئۆزلىرىنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا مۇۋاپىق كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن تەرك ئېتىپ، «قۇرئان كەرىم» بويىچە ھۆكۈم قىلىشنى تەلەپ قىلىشتى، «قۇرئان كەرىم» مۇ ئۇلارنىڭ خاھىشىغا مۇۋاپىق كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلار «قۇرئان كەرىم» دىنمۇ يۈز ئۆرىدى. مانا بۇ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىدۇر. ئۇلار ھەرگىزمۇ ئىمان ئېيتقانلاردىن ئەمەس، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئىمان ئېيتمايدۇ.

ئەمما بىز مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىمىز تېخىمۇ قورقۇنچلۇقتۇر. چۈنكى، بىز «قۇرئان كەرىم»نىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلماي، ئۆزىمىزنىڭ نەپسى خاھىشلىرىمىزغا ئەسىر بولدۇق. دىنىمىزدىن ۋە بىزنىڭ ئىسلامى ئەخلاقىمىزدىن سانالمايدىغان ئىشلارنى باشقىلاردىن قوبۇل قىلدۇق. بۇ سەۋەبتىن ئاللاھ تائالانىڭ ﴿وَمَن لَّمۡ يَحۡكُم بِمَآ أَنزَلَ ٱللَّهُ فَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلۡكَٰفِرُونَ﴾ يەنى ﴿كىمكى ئاللاھ نازىل قىلغان (شەرىئەت) بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىكەن، ئەنە شۇلار كاپىرلاردۇر﴾[1] دېگەن سۆزىگە مۇۋاپىقلىشىپ قېلىشىمىزدىن ئەنسىرەيمىز. جانابى ئاللاھ تائالا بىزلەرنى بۇنىڭدىن ساقلىغاي.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. يالغانغا قۇلاق سېلىشنىڭ ئاقىۋەتى پۇشايماندۇر.

2. مۇناپىقلار ھەر جايدا ۋە ھەر مىللەتتە تېپىلىدۇ. مۇناپىقلارنىڭ يامانلىقىدىن ھەزەر ئەيلەش ئىنتايىن زۆرۈردۇر.

3. مۇسۇلمان ئىش باشقۇرغۇچىلار يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىيانلارنىڭ دەۋا ئىشلىرىنى سوراش ۋە ھۆكۈم چىقىرىش ئىشلىرىدا ئىختىيار ئىگىسىدۇر، خالىسا سورايدۇ، خالىسا ئۇلارنىڭ ئۆز دىنىدىكى ئۆلىمالىرىغا ھاۋالە قىلىدۇ.

4. ئادالەت ئىسلام قانۇنىنىڭ ئاساسىدۇر. ھۆكۈم سورىغۇچىلار مەيلى قايسى دىندا بولسۇن، ئۇلار ھەققىدە ئادالەت بىلەن ئىش كۆرۈش پەرزدۇر.

### ◄ تەۋراتتىكى ئىلاھىي ھۆكۈملەردىن يۈز ئۆرۈگەن يەھۇدىيلار

﴿إِنَّآ أَنزَلۡنَا ٱلتَّوۡرَىٰةَ فِيهَا هُدٗى وَنُورٞۚ يَحۡكُمُ بِهَا ٱلنَّبِيُّونَ ٱلَّذِينَ

---

[1] مائىدە سۈرىسى: 44-ئايەت.

أَسۡلَمُواْ لِلَّذِينَ هَادُواْ وَٱلرَّبَّٰنِيُّونَ وَٱلۡأَحۡبَارُ بِمَا ٱسۡتُحۡفِظُواْ مِن
كِتَٰبِ ٱللَّهِ وَكَانُواْ عَلَيۡهِ شُهَدَآءَۚ فَلَا تَخۡشَوُاْ ٱلنَّاسَ وَٱخۡشَوۡنِ وَلَا
تَشۡتَرُواْ بِـَٔايَٰتِي ثَمَنٗا قَلِيلٗاۚ وَمَن لَّمۡ يَحۡكُم بِمَآ أَنزَلَ ٱللَّهُ فَأُوْلَٰٓئِكَ
هُمُ ٱلۡكَٰفِرُونَ ﴿٤٤﴾ وَكَتَبۡنَا عَلَيۡهِمۡ فِيهَآ أَنَّ ٱلنَّفۡسَ بِٱلنَّفۡسِ وَٱلۡعَيۡنَ
بِٱلۡعَيۡنِ وَٱلۡأَنفَ بِٱلۡأَنفِ وَٱلۡأُذُنَ بِٱلۡأُذُنِ وَٱلسِّنَّ بِٱلسِّنِّ وَٱلۡجُرُوحَ
قِصَاصٞۚ فَمَن تَصَدَّقَ بِهِۦ فَهُوَ كَفَّارَةٞ لَّهُۥۚ وَمَن لَّمۡ يَحۡكُم بِمَآ أَنزَلَ
ٱللَّهُ فَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلظَّٰلِمُونَ ﴿٤٥﴾ وَقَفَّيۡنَا عَلَىٰٓ ءَاثَٰرِهِم بِعِيسَى ٱبۡنِ
مَرۡيَمَ مُصَدِّقٗا لِّمَا بَيۡنَ يَدَيۡهِ مِنَ ٱلتَّوۡرَىٰةِۖ وَءَاتَيۡنَٰهُ ٱلۡإِنجِيلَ فِيهِ
هُدٗى وَنُورٞ وَمُصَدِّقٗا لِّمَا بَيۡنَ يَدَيۡهِ مِنَ ٱلتَّوۡرَىٰةِ وَهُدٗى وَمَوۡعِظَةٗ
لِّلۡمُتَّقِينَ ﴿٤٦﴾ وَلۡيَحۡكُمۡ أَهۡلُ ٱلۡإِنجِيلِ بِمَآ أَنزَلَ ٱللَّهُ فِيهِۚ وَمَن لَّمۡ
يَحۡكُم بِمَآ أَنزَلَ ٱللَّهُ فَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلۡفَٰسِقُونَ ﴿٤٧﴾

### ◄ تەرجىمىسى

44ـ شەكسىزكى، بىز ھىدايەت ۋە نۇرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەۋراتنى نازىل قىلغان ئىدۇق، ئۆزلىرىنى ئاللاھقا ئاتىغان پەيغەمبەرلەر يەھۇدىيلار ئارىسىدا ئۇنىڭ بىلەن ھۆكۈم قىلاتتى، رەببانىي ئالىملار[1] ۋە ئىلىم ئەھلىلىرىمۇ (ئۆزگەرتىۋېتىشتىن) ساقلاشقا بۇيرۇلغان ئاللاھنىڭ كىتابى (بويىچە ھۆكۈم قىلاتتى)، ئۇلار ئۇنى ساقلاشقا نازارەتچى ئىدى. (ئى يەھۇدىي ئالىملىرى!) كىشىلەردىن قورقماڭلار، مەندىنلا قورقۇڭلار. مېنىڭ ئايەتلىرىمنى (ئۆزگەرتىپ) ئازغىنە مەنپەئەتكە سېتىۋەتمەڭلار، كىمكى ئاللاھ نازىل قىلغان (شەرىئەت) بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىكەن، ئەنە شۇلار كاپىرلاردۇر.

45ـ ئىسرائىل ئەۋلادىغا تەۋراتتا شۇنداق بەلگىلىدۇقكى، جانغا جان بىلەن، كۆزگە كۆز بىلەن، بۇرۇنغا بۇرۇن بىلەن، قۇلاققا قۇلاق بىلەن، چىشقا چىش بىلەن ۋە كىشىنى قانداق يارىدار قىلغان بولسا، ئۇنىمۇ شۇنداق يارىدار قىلىش بىلەن

[1] «رەببانىي ئالىملار» دەپ تەرجىمە قىلىنغان «رباني» دېگەن سۆز ئىلىم ـ ھېكمەتكە تولغان ۋە كىشىلەرنى توغرا يولغا سالالايدىغان يېتۈك ئالىمنى ئىپادىلەيدۇ «أيسر التفاسير» 1ـ635ـ بەت.

قىساس ئېلىنىدۇ، كىمكى (جىنايەتچىنى) ئەپۇ قىلسا، بۇ ئۇنىڭ (گۇناھى)غا كاپارەت بولىدۇ. كىمكى ئاللاھ نازىل قىلغان (شەرىئەت) بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىكەن، ئەنە شۇلار زالىملاردۇر.

46ـ ئۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ ئارقىسىدىن مەريەم ئوغلى ئىيسانى ئۆزىدىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان تەۋراتنى تەستىقلىغۇچى قىلىپ ئەۋەتتۇق، ئۇنىڭغا ھىدايەت بىلەن نۇرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئۆزىدىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان تەۋراتنى تەستىقلايدىغان، تەقۋادارلارغا ھىدايەت ۋە ئۈگۈت بولغان ئىنجىلنى ئاتا قىلدۇق.

47ـ ئىنجىل ئەھلى ئاللاھ ئىنجىلدا نازىل قىلغان شەرىئەت بويىچە ھۆكۈم قىلسۇن. كىمكى ئاللاھ نازىل قىلغان (شەرىئەت) بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىكەن، ئەنە شۇلار ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلاردۇر.

### ◄ تەپسىرى

ھەقىقەتەن بىز يەھۇدىيلارنىڭ دىنىي دەستۇرى بولغان«تەۋرات» نى مۇساغا ئاتا قىلغان ئىدۇق، ئۇنىڭدا ھىدايەت بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ يولىغا ئەگەشكەنلەرنى ئۇنىڭ بىلەن تىنچلىق، ئامانلىق ۋە ھەقىقەت يولىغا يېتەكلەيتتى. ئۇنىڭدا نۇر بولۇپ، ئۇنىڭ سايىسىدا ئىنسانلار كۇفرى ۋە زۇلمەتلەردىن قۇتۇلۇپ، ئىمان ۋە ھىدايەتنىڭ يورۇقلۇقىغا چىقاتتى. دېمەك، «تەۋرات» ئۆز ۋاقتىدا ھىدايەتنىڭ مەنبەسى سانىلاتتى. ئەگەر يەھۇدىيلار «تەۋرات»قا ئىزچىل ئەمەل قىلسا، بۇ كىتاب ئۇلارنىڭ ئىككى ئالەملىك بەخت-سائادىتى ئۈچۈن كۇپايە ئىدى. ئەمما ئەپسۇسكى، ئەھۋال بۇنداق بولمىدى. بۇ ئالاھىدىلىكلەر يەھۇدىيلارنىڭ «تەۋرات» دەپ ئاتىۋالغان ھازىرقى كىتابلىرىدا يوق. چۈنكى، ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا تۇرىسىنا تېغىدا بەرگەن ھەقىقىي«تەۋرات» نى ئۇلار يوقىتىپ قويغان. ھازىرقى «تەۋرات»نى كېيىنچە، يەھۇدىي ئالىملىرىدىن بىرى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىش-ئىزلىرىنى خاتىرىلىگەن ھالدا يېزىپ چىققان. مەريەم ئوغلى ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلگەنگە قەدەر «تەۋرات» ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ بىردىنبىر دىنىي دەستۇرى ئىدى. ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئىسرائىل ئەۋلادىدىن چىققان ئاخىرقى پەيغەمبەر ئىدى، ئۇنىڭغا ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن «ئىنجىل» ناملىق ئىلاھىي كىتاب بېرىلگەن. «ئىنجىل» دا ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ «مەن قانۇننى (يەنى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىنى) بۇزۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۇنى تولۇقلاش ئۈچۈن كەلدىم» دېگەنلىكى قەيت قىلىنغان.

بۇنىڭغا ئاساسەن، «ئىنجىل» مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىنىڭ تولۇقلانمىسى ھېسابلىنىدۇ. ئىيسا ئەلەيھىسسالاممۇ «تەۋرات»تا كۆرسىتىلگەن تەلىمات بويىچە ئىش كۆرگەن ئىدى.

پەيغەمبەرلەر ئۈزۈلۈپ قالغان زامانلاردا ھارۇن ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىدىن بولغان ۋە ئۆزلىرىنى ئاللاھ تائالاغا ئاتىۋەتكەن ئىخلاسمەنلەر، ھەقىقىي ئالىملار ۋە باشقا ئىلىم ئەھلىلىرىمۇ «تەۋرات» تىكى ئەھكاملار بويىچە ھۆكۈم قىلغان ۋە ئۇنى ساقلاپ، مۇھاپىزەت قىلىپ كەلگەن ئىدى. چۈنكى، پەيغەمبەرلەر ئۇلاردىن «تەۋرات»نى ئۆزگەرتىلىشتىن ساقلاش توغرۇلۇق مەھكەم ۋەدىلەرنى ئالغان، ئۇلاردىن«تەۋرات» نى ياخشى قوغداشنى تەلەپ قىلغان. شۇڭا ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ كىتابىنى قوغدىغان كىشىلەر ئىدى. ئۇلار «تەۋرات» نى ئۆزگەرتىش ۋە بۇرمىلاشقا قەتئىي يول قويمايتتى.

ئى يەھۇدىيلار! سىلەر نەدە؟ ئۇلار نەدە؟ قېنى سىلەرنىڭ بۇرۇنقى ئىخلاسمەن ئالىملىرىڭلار؟ قېنى سىلەرنىڭ ئاللاھ تائالادىن قورقىدىغان ئىلىم ئەھلىلىرىڭلار؟ ئۇلار «تەۋرات»نى جان تىكىپ قوغدايتتى، سىلەر بولساڭلار ئۇنى ئۆزگەرتىۋەتتىڭلار ۋە ئۇنىڭدىكى ھەقىقەتلەرنى يوشۇرۇۋاتىسىلەر!

ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ئى يەھۇدىي ئالىملىرى! سىلەر ۋاقىتلىق دۇنيا مەنپەئەتلىرىگە ئالدىنىپ ئاخىر زامان پەيغەمبىرىنىڭ «تەۋرات»تىكى سۈپەتلىرى ۋە ئۇنىڭ توغرۇلۇق بېرىلگەن بېشارەتلەرنى يوشۇرماڭلار، كىشىلەردىن قورقماڭلار، سىلەر رەببىڭلار بولغان ئاللاھ تائالادىنلا قورقۇڭلار، ئىلگىرىكى ياخشى كىشىلىرىڭلارغا ئەگىشىڭلار، «تەۋرات»نى ياخشى قوغداڭلار، ئۇنى بۇرمىلاش ۋە ئۆزگەرتىشلەردىن ساقلىنىڭلار. ئى يەھۇدىيلار! سىلەر چىڭ ساقلاشقا ۋە قوغداشقا بۇيرۇلغان ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى نېمە ئۈچۈن بۇ دۇنيانىڭ ئەرزىمەس مەنپەئەتلىرىگە سېتىۋېتىسىلەر؟!

بىلىڭلاركى، ئاللاھ تائالا نازىل قىلغان قانۇنلار بويىچە ھۆكۈم قىلمىغانلار كاپىرلاردۇر. يەھۇدىيلار ئۆيلۈك-ئوچاقلىق تۇرۇپ زىنا قىلغان ئادەمگە رەجىم جازاسىنى ئىجرا قىلماستىن، دەررە جازاسىنى يۈرگۈزۈشنى يولغا قويغان ئىدى. قاتىللىق دېلولىرىدا بولسا ئۆزلىرىنىڭ قورەيزە ۋە نەزىر قەبىلىلىرىگە باشقىچە مۇئامىلە قىلاتتى، ئادالەتنى بەرپا قىلمايتتى، قىساسنى يۈرگۈزمەيتتى. ھالبۇكى، ئۇلار «تەۋرات» تا ھەممىگە ئوخشاش ھۆكۈم قىلىشقا ۋە ھەممىگە ئوخشاش ئادالەتلىك بولۇشقا

بۇيرۇلغان ئىدى. «تەۋرات» تا پادىشاھ بىلەن پۇقرا، باي بىلەن پېقىر قانۇن ئالدىدا ئوخشاش مۇئامىلە كۆرۈلۈشى كېرەكلىكى بەلگىلەنگەن. كىمكى ئاللاھ تائالانىڭ قانۇنلىرىغا قايىل بولماي باشقىسىنى ئەۋزەل كۆرۈپ، ئاللاھ تائالانىڭ قانۇنى بىلەن ھۆكۈم قىلىشتىن باش تارتىدىكەن، ئۇ چوقۇم كاپىر بولىدۇ. كىمكى، ئاللاھ تائالانىڭ قانۇنلىرىنىڭ ئەۋزەللىكىنى، ھەقلىقىنى ئېتىراپ قىلىپ تۇرۇپ، باشقىسى بويىچە ئىش كۆرىدىكەن، ئۇ قاتتىق گۇناھكار بولىدۇ، بۇ ھۆكۈم ئاللاھ تائالانىڭ قانۇنىنى قايرىپ قويۇپ باشقا قانۇنلار بىلەن ئىش كۆرگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئومۇمىي ھۆكۈمدۇر.

ئاللاھ تائالا بۇ مەنىدە دەيدۇكى، بىز «تەۋرات»نى نازىل قىلدۇق. ئۇنىڭدا قىساسنى پەرز قىلىپ، جانغا جان بىلەن، كۆزگە كۆز بىلەن، تىلغا تىل بىلەن ۋە باشقا ئەزالار ئۇچۇنمۇ شۇنداق بىرگە بىر قىساس ئېلىشقا بۇيرىدۇق. ھەتتا يارىلاندۇرغاننىڭ قىساسىمۇ يارىلاندۇرۇش بىلەن بولىدىغانلىقىنى بەلگىلىدۇق. بۇ قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈش ياكى قەستەن يارىلاندۇرۇشنىڭ قىساسى ئۈچۈن بەلگىلەنگەن ھۆكۈمدۇر. ئەمما سەۋەنلىكتىن ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويغان كىشىگە دىيەت (تۆلەم) كېلىدۇ. دىيەتنى قاتىل ئۆلگۈچىنىڭ ئائىلىسىگە تۆلەيدۇ.

كىمكى، ئادالەتتىن ئىبارەت ئاللاھ تائالا نازىل قىلغان شەرىئەت قانۇنى بويىچە ئىش كۆرۈشتىن باش تارتىدىكەن، مۇنداقلار كىشىلەرنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىنى ئاياق ئاستى قىلغان ۋە چوڭ گۇناھ سادىر قىلىش ئارقىلىق ئۆزىگە ۋە باشقىلارغا زۇلۇم قىلغان زالىملاردىن سانىلىدۇ.

ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئۆزىدىن ئىلگىرى كەلگەن مۇسا ئەلەيھىسسالامغا نازىل بولغان «تەۋرات» نى ئېتىراپ قىلغان، ئۇنىڭغا گۇۋاھ بولغان، ئەھكاملىرى بويىچە ھۆكۈم قىلغان ۋە قوغدىغان پەيغەمبەر ئىدى. ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن«ئىنجىل»دا كىشىلەرنى ياخشىلىق يوللىرىغا يېتەكلەيدىغان ھىدايەت ۋە نۇر بار ئىدى. «ئىنجىل» «تەۋرات» نى ئېتىراپ قىلغۇچى ۋە ئۇنى تولۇقلىغۇچى بىر كىتاب ئىدى. ھېچقانداق شەك-شۈبھە قوبۇل قىلمايدىغان ھەقىقەت شۇكى، «تەۋرات» بىلەن «ئىنجىل» دا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام توغرۇلۇق بېشارەتلەر بار بولۇپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرى، ئۇنىڭ جىمى پەيغەمبەرلەرنىڭ تۈگەنچىسى ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ شەرىئىتىنىڭ مۇكەممەللىكى بايان قىلىنغان.

خىرىستىيانلارغا دېدۇقكى، ئاللاھ تائالا «ئىنجىل» دا نازىل قىلغان

قانۇن-تۈزۈملەر بويىچە ئىش كۆرۈشلار، ئۇنىڭدىكى ۋەز-نەسىھەتلەردىن ئىبرەت ئېلىشلار. ئۇنىڭدا «تەۋرات» قا ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈملىرىگە مۇۋاپىقلىشىش بار. پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كەلگەنگە قەدەر ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشلار، دېدۇق. ئەمما خرىستىيانلار «ئىنجىل» نى ئۆزگەرتتى، ئۇنىڭ سۆزلىرىنىڭ مەنىسىنى باشقا سۆزلەرگە ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق بۇرمىلىدى. ئۇنىڭ بىلەن ھۆكۈم قىلمىدى، ئۇنىڭ تەلىماتلىرىغا ئەمەل قىلمىدى. شەكسىزكى، ئاللاھ تائالا نازىل قىلغان قانۇن-تۈزۈملەر بويىچە ھۆكۈم قىلمىغانلار دىن ۋە ئەقلىنىڭ چەك-چېگراسىدىن چىقىپ كەتكەن پاسىقلاردۇر.

ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ «بۇ ئايەتلەر ئىسرائىل ئەۋلادى ھەققىدە نازىل بولغان ئايەتلەرمۇ؟» دەپ سورالغاندا، ئۇ مۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەن: «ھەئە، بۇ ئايەتلەر ئىسرائىل ئەۋلادى ھەققىدە نازىل بولغان. سىلەرمۇ ئۇلارنىڭ ئاياقلىرى بېسىلغان يەرلەرگە ئاياق بېسىش بىلەن ئۇلارنىڭ يوللىرىغا ئەگىشىپ كېتىسىلەر»[1].

«ئىسرائىل ئەۋلادى ئۆزلىرىنىڭ ئۈچ خىل قىلمىشى تۈپەيلىدىن ئۈچ خىل سەلبىي سۈپەت بىلەن سۈپەتلەنگەن: ئۇلار ئاللاھ تائالا «تەۋرات»تا ئۇلارغا نازىل قىلغان قانۇننى ئىنكار قىلغانلىقى ئۈچۈن، «كاپىرلار» دەپ سۈپەتلەنگەن. بۇ قانۇنلارنى ئۆزگەرتىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن «زالىملار» دەپ سۈپەتلەنگەن. توغرا يولدىن چەتنەپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، «پاسىقلار» دەپ سۈپەتلەنگەن»[2].

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئەقۋالىق ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداش ۋە توسقانلىرىنى تەرك ئېتىش بىلەن بولىدۇ.

2. ئاللاھ تائالانىڭ بەلگىلىگەنلىرىنى ھازىرقى ئەسىرگە مۇناسىپ كەلمەيدۇ دېگۈچىلەر كاپىر بولىدۇ.

3. قىساس ئېلىش پەرزدۇر. ناھەق ئادەم ئۆلتۈرگەن قاتىل ئۆلتۈرۈلىدۇ، بىراۋنىڭ كۆزىنى ناھەق قويۇۋەتكەن ئادەمنىڭ كۆزى قويۇۋېتىلىدۇ، كىشىنىڭ بۇرنىنى ناھەق كەسكەننىڭ بۇرنى كېسىلىدۇ، بىراۋنىڭ قۇلىقىنى ناھەق كەسكەننىڭ قۇلىقى كېسىلىدۇ، كىشىنىڭ چىشىنى

---

[1] «أسباب نزول القرآن للواحدي» 196-بەت.

[2] «التفسير الواضح» 1-توم، 520-بەت.

ناھەق تۆككەنلىكى چىشى تۆكۈلىدۇ ۋە بىراۋ بىرسىنى قانداق يارىلاندۇرغان بولسا، ئۇنىمۇ شۇنداق يارىلاندۇرۇش بىلەن قىساس ئېلىنىدۇ. جىنايەتچىنى ئەپۇ قىلىپ ئۇنىڭدىن قىساس ئېلىشتىن ۋاز كەچكەن كىشىنىڭ بۇ كەچۈرۈمى ئۇنىڭ گۇناھىغا كاپارەت بولىدۇ.

4. قىساستا ھەددىدىن ئېشىشقا بولمايدۇ. مۇنداق قىلغۇچىلار زالىملار قاتارىدىن بولۇپ قالىدۇ.

5. قىساس «تەۋرات»، «ئىنجىل» ۋە «قۇرئان كەرىم» دە ئورتاق بۇيرۇلۇپ كەلگەن بىر ئىلاھىي ھۆكۈمدۇر. خىرىستىيانلارنىڭ ئەمەل قىلمىغانلىقى ھەقىقەتنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ.

## ◄ ئاللاھ تائالانىڭ كىتابى بىلەن ھۆكۈم قىلىش

﴿وَأَنزَلْنَآ إِلَيْكَ ٱلْكِتَٰبَ بِٱلْحَقِّ مُصَدِّقًا لِّمَا بَيْنَ يَدَيْهِ مِنَ
ٱلْكِتَٰبِ وَمُهَيْمِنًا عَلَيْهِ ۖ فَٱحْكُم بَيْنَهُم بِمَآ أَنزَلَ ٱللَّهُ ۖ وَلَا
تَتَّبِعْ أَهْوَآءَهُمْ عَمَّا جَآءَكَ مِنَ ٱلْحَقِّ ۚ لِكُلٍّ جَعَلْنَا مِنكُمْ
شِرْعَةً وَمِنْهَاجًا ۚ وَلَوْ شَآءَ ٱللَّهُ لَجَعَلَكُمْ أُمَّةً وَٰحِدَةً وَلَٰكِن
لِّيَبْلُوَكُمْ فِى مَآ ءَاتَىٰكُمْ ۖ فَٱسْتَبِقُوا۟ ٱلْخَيْرَٰتِ ۚ إِلَى ٱللَّهِ
مَرْجِعُكُمْ جَمِيعًا فَيُنَبِّئُكُم بِمَا كُنتُمْ فِيهِ تَخْتَلِفُونَ ﴿٤٨﴾
وَأَنِ ٱحْكُم بَيْنَهُم بِمَآ أَنزَلَ ٱللَّهُ وَلَا تَتَّبِعْ أَهْوَآءَهُمْ
وَٱحْذَرْهُمْ أَن يَفْتِنُوكَ عَنۢ بَعْضِ مَآ أَنزَلَ ٱللَّهُ إِلَيْكَ ۖ فَإِن
تَوَلَّوْا۟ فَٱعْلَمْ أَنَّمَا يُرِيدُ ٱللَّهُ أَن يُصِيبَهُم بِبَعْضِ ذُنُوبِهِمْ ۗ وَإِنَّ
كَثِيرًا مِّنَ ٱلنَّاسِ لَفَٰسِقُونَ ﴿٤٩﴾ أَفَحُكْمَ ٱلْجَٰهِلِيَّةِ يَبْغُونَ ۚ
وَمَنْ أَحْسَنُ مِنَ ٱللَّهِ حُكْمًا لِّقَوْمٍ يُوقِنُونَ ﴿٥٠﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

48-(ئى پەيغەمبەر!) بىز ساڭا بۇ كىتاب (قۇرئان)نى ئۆزىدىن ئىلگىرىكى (ساماۋى) كىتابلارنى تەستىقلىغۇچى ۋە ئۇلارنى كۆزەتكۈچى قىلىپ، ھەق بىلەن نازىل قىلدۇق. سەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاللاھ نازىل قىلغان (شەرىئەت) بويىچە

ھۆكۈم قىلغىن، ساڭا كەلگەن ھەقتىن چەتنەپ، ئۇلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشمىگىن. (ئى ئۈممەتلەر!) سىلەردىن ھەربىر ئۈممەتكە بىر خىل شەرىئەت ۋە ئوپئوچۇق يول تەيىن قىلدۇق. ئەگەر ئاللاھ خالىسا ئىدى، ئەلۋەتتە، سىلەرنى بىر ئۈممەت قىلاتتى. لېكىن، ئاللاھ سىلەرگە بەرگەن (يول ۋە شەرىئەتلەر) بىلەن سىلەرنى سىناش ئۈچۈن (شۇنداق قىلدى). ياخشى ئىشلاردا بەسلىشىڭلار. ھەممىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىسىلەر. ئاندىن سىلەر ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلەر (نىڭ قايسىسىنىڭ ھەق، قايسىسىنىڭ ناھەق ئىكەنلىكى) توغرىسىدا ئاللاھ سىلەرگە خەۋەر بېرىدۇ.

49ـ ئۇلارنىڭ (يەنى يەھۇدىيلارنىڭ) ئارىسىدا ئاللاھ ساڭا نازىل قىلغان كىتاب (قۇرئان) بويىچە ھۆكۈم قىلغىن، ئۇلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشمىگىن، ئۇلارنىڭ سېنى ئاللاھ ساڭا نازىل قىلغان (قۇرئان)نىڭ بىر قىسمىدىن ۋاز كەچتۈرۈشىدىن ھەزەر ئەيلىگىن. ئەگەر ئۇلار يۈز ئۆرۈسە، بىلگىنكى، ئۇلارنىڭ بىر قىسىم گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن ئاللاھ ئۇلارنى جازالاشنى خالايدۇ. شەكسىزكى، ئىنسانلارنىڭ نۇرغۇنى ھەقىقەتەن پاسىقلاردۇر (يەنى رەببىنىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلاردۇر).

50ـ ئۇلار جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ ھۆكمىنى تەلەپ قىلامدۇ؟ (ھەقىقەتكە) جەزم قىلىپ ئىشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن ھۆكۈمدە ئاللاھتىنمۇ ئادالەتلىك كىم بار؟

## ◄ بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئاللاھ تائالا ئالدىنقى ئايەتلەردە «تەۋرات» بىلەن«ئىنجىل» دىن ئىبارەت بۇ ئىككى ساماۋى كىتابنى بايان قىلغان ۋە بۇ ئىككىسىنىڭ ئۆز ۋاقتىدا ھىدايەت ۋە نۇرنىڭ مەنبەسى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن بولسا، بۇ ئايەتلەردە، مەڭگۈلۈك مۆجىزە ۋە ئۆزگەرمەس دەستۇر بولغان «قۇرئان كەرىم» توغرۇلۇق توختالغان.

## ◄ تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! بىز ساڭا «ساماۋى كىتاب» دەپ ئاتاشقا تامامەن لايىق بولغان، مۇكەممەل كىتاب «قۇرئان كەرىم» نى نازىل قىلدۇق. ﴿الٓمٓ ۝١ ذَٰلِكَ ٱلۡكِتَٰبُ لَا رَيۡبَۛ فِيهِۛ هُدٗى لِّلۡمُتَّقِينَ﴾ يەنى ﴿بۇ ئۇلۇغ كىتابتۇر، ئۇنىڭدا قىلچە شەك يوقتۇر، تەقۋادارلارغا يېتەكچىدۇر﴾[1]. ﴿لَّا يَأۡتِيهِ

[1] بەقەرە سۈرىسى: 1ـ 2ـ ئايەتلەر.

ﭐلۡبَٰطِلُ مِنۢ بَيۡنِ يَدَيۡهِ وَلَا مِنۡ خَلۡفِهِۦۖ تَنزِيلٞ مِّنۡ حَكِيمٍ حَمِيدٖ﴾ يەنى ﴿ئۇنىڭغا ئالدىدىنمۇ، ئارقىسىدىنمۇ (يەنى ھېچقايسى تەرەپتىن) باتىل يۈزلەنمەيدۇ. ئۇ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، مەدھىيەگە لايىق ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر﴾[1]. مانا بۇ ئايەتلەر «قۇرئان كەرىم » نىڭ سۈپەتلىرىنى بايان قىلغان ئايەتلەردۇر.

ئى پەيغەمبەر! بىز بۇ «قۇرئان كەرىم »نى ھەقىقەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ھەقىقەتكە چاقىرىدىغان، ھەقىقەتنى قوللايدىغان، ھەقىقەتنى ئىبتىراپ قىلىدىغان، ئۆزىدىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان «تەۋرات» بىلەن «ئىنجىل» قاتارلىق ساماۋى كىتابلارنى تەستىقلايدىغان ھەق كىتاب قىلىپ نازىل قىلدۇق. «قۇرئان كەرىم» ئەسلىدىكى «تەۋرات» بىلەن «ئىنجىل» ھەر ئىككىسىنىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن ئىلاھىي كىتابلار ئىكەنلىكىنى، مۇسا ۋە ئىيسا ئەلەيھىسسالاملارنىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ھەق پەيغەمبەرلەر ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ نامىدىن يالغان سۆزلىمىگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. ئەمما ئى ئەھلى كىتاب! سىلەر ۋە ئاتا-بوۋىلىرىڭلار «تەۋرات» بىلەن «ئىنجىل» نى ئۆزگەرتىۋەتتىڭلار، ئۇنى بۇرمىلىدىڭلار، ئۇنىڭدىكى ھەقىقەتلەرنى يوشۇردۇڭلار، ئۇنىڭدىكى دىنىي مەسىلىلەرنىڭ تولىسىنى ئۇنتۇپ كەتتىڭلار.

شۇ ئىنىقكى، «قۇرئان كەرىم» ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە نازىل قىلىنغان كىتابلارنىڭ ھەممىسىنى قوغداپ كەلدى، ئۇلارنىڭ ھەققىقىغا گۇۋاھچى بولدى. چۈنكى، «قۇرئان كەرىم» بۇ كىتابلارنىڭ ئەسلىسىنىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن ساماۋى كىتابلار ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى. يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىيانلارنىڭ «تەۋرات» بىلەن «ئىنجىل» دا ئېلىپ بارغان ئۆزگەرتىشلىرى، بۇرمىلاشلىرى ۋە يەڭگۈشلەشلىرى قاتارلىق بىر يۈرۈش جىنايەتلىرىنى پاش قىلدى.

ئى پەيغەمبەر! سەن ۋە سېنىڭ يولۇڭدا يۈرگەن ھەربىر مۇسۇلمان ئىش باشقۇرغۇچى ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدا ئاللاھ تائالا نازىل قىلغان شەرىئەت قانۇنى بويىچە ھۆكۈم قىلىڭلار. «قۇرئان كەرىم» ئەينى ۋاقىتتا ئەسلىدىكى «تەۋرات» بىلەن «ئىنجىل» نى تەستىق قىلىش بىلەن بىللە ھازىرقى «تەۋرات» بىلەن«ئىنجىللار»نىڭ ساختىلىقىنى پاش قىلماقتا. يەنە بىر ھەقىقەت شۇكى، «قۇرئان كەرىم »نىڭ كېلىشى بىلەن«تەۋرات»،

---

[1] فۇسسىلەت سۈرىسى: 42-ئايەت.

«ئىنجىل» ۋە باشقا بارلىق ساماۋى كىتابلار ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. چۈنكى، «قۇرئان كەرىم» مەزكۇر ساماۋى كىتابلاردىكى ئەھكاملارنى ئاساسەن ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان، ئۇلارنى تولۇقلايدىغان بىر كىتابتۇر. شۇڭا ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى «قۇرئان كەرىم»نىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ھۆكۈم قىلىشقا بۇيرۇغان. چۈنكى،«قۇرئان كەرىم» ئۇنىڭدىن بىھاجەت بولغىلى بولمايدىغان بىر ھەقىقەتتۇر. ئۇ ئىنسانىيەت ئۈچۈن تا قىيامەتكىچە قانۇن قىلىپ مېڭىشقا تامامەن يارايدىغان ئەڭ ئادالەتلىك دەستۇردۇر. ئاللاھ تائالا بۇ مەنىدە دەيدۇكى: ئى پەيغەمبەر! يەھۇدىيلارنىڭ «تەۋرات»تىكى قىساس، رەجىم ۋە باشقا ئەھكاملاردىن ئۆزگەرتىۋەتكەنلىرىنى ھەرگىز قوبۇل قىلمىغىن، يەنى ئۇلارنىڭ خاھىشىغا ماسلىشىپ «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھەقىقەتلىرىدىن ئېزىپ كەتمە.

ئى ئىنسانلار! ئاللاھ تائالا سىلەرنى بىر دىنغا، بىر كىتابقا ۋە بىر پەيغەمبەرگە باغلىق بولغان بىر ئۈممەت قىلىشنى خالىغان بولسا ئىدى، شۈبھىسىزكى، بۇنى ئەلۋەتتە قىلاتتى. ئەمما ئاللاھ تائالا مۇنداق قىلىشنى خالىمىدى، بەلكى ئۆز ھېكمىتىگە ئاساسەن، ھەربىر پەيغەمبەرگە مۇستەقىل شەرىئەت نازىل قىلىش ئارقىلىق سىلەرنى سىنىدى، ئاندىن ئۆزگەرمەس شەرىئەت – ئىسلام شەرىئىتىنى نازىل قىلدى. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، رەببىڭلارنىڭ مەغپىرىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا ئالدىراڭلار، تائەت-ئىبادەتلەرنى بىر-بىرىڭلار بىلەن بەسلىشىپ قىلىڭلار. بىلىڭلاركى، قايتىش پەقەت ئاللاھ تائالا تەرەپكىدۇر. چۈنكى، ھەممىڭلار ئۇنىڭ دەرگاھىغا بارىسىلەر. ئاندىن سىلەر ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلەرنىڭ قايسىسى ھەق ۋە قايسىسى ناھەق ئىكەنلىكى توغرۇلۇق ئاللاھ تائالا سىلەرگە خەۋەر بېرىدۇ.

ئى پەيغەمبەر! ساڭا «قۇرئان كەرىم »دىن ئىبارەت شانلىق كىتابنى نازىل قىلدۇق. يەنى سېنى ئۇلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشمىسۇن ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بۇ كىتاب بىلەن ھۆكۈم قىلسۇن دەپ، ساڭا بۇ شانلىق كىتابنى نازىل قىلدۇق.

ئاللاھ تائالانىڭ بۇ يەردە، «قۇرئان كەرىم» بىلەن ھۆكۈم قىلىش ئەمرىنى تەكرارلىغانلىقى يەھۇدىيلارنىڭ رەجىم ۋە قىساس مەسىلىسىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇراجىئەت قىلغانلىقى ئۈچۈندۇر.

ئەللامە ئىبنى جەرىر تەبەرىي ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ

ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىدۇكى، كەئب ئىبنى ئەسەد، ئابدۇللاھ ئىبنى سۈرەييا ۋە شاس ئىبنى قەيس قاتارلىق يەھۇدىيلار «كېلىڭلار، مۇھەممەدنىڭ يېنىغا بارايلى، بەلكى ئۇنى ئۆز دىنىدىن ۋاز كەچتۈرەلىشىمىز مۇمكىن» دېيىشىدۇ ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭغا: «ئى مۇھەممەد! بىزنىڭ يەھۇدىيلارنىڭ كاتتىباشلىرى ئىكەنلىكىمىزنى سەن ئوبدان بىلىسەن، شۇڭا ئەگەر بىز ساڭا ئەگەشسەك، يەھۇدىيلارمۇ بىزگە ئەگىشىدۇ ۋە بىز ماڭغان يولدىن ماڭىدۇ، ئۇلار بىزگە ھېچبىر مۇخالىپەتچىلىك قىلمايدۇ. بىزنىڭ مەلۇم بىر قەۋم بىلەن دەۋا ئىشىمىز بار ئىدى، شۇڭا بىز ئۇلار ھەققىدە ساڭا ئەرز قىلىپ كەلدۇق، ئەگەر سەن بۇ مەسىلىدە بىزنىڭ پايدىمىزغا ھۆكۈم قىلىپ بەرسەڭ، بىز چوقۇم ساڭا ئەگىشىمىز ۋە دىنىڭغا كىرىمىز» دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ بۇ رەزىل تەكلىپىنى دەرھال رەت قىلىدۇ. شۇ ۋاقىتتا، ئاللاھ تائالا ﴿سەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاللاھ نازىل قىلغان (شەرىئەت) بويىچە ھۆكۈم قىلغىن، ساڭا كەلگەن ھەقتىن چەتنەپ، ئۇلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشمىگىن﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلىدۇ[1]. بۇ ئايەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پوزىتسىيەسىنى قوللاپ تەستىقلاش ئۈچۈن نازىل بولغان بولۇپ، ئۇنى ھەق يولدا مۇستەھكەم تۇرۇشقا، يەھۇدىيلارنىڭ ھىيلە-مىكىرلىرىگە ئالدانماسلىققا بۇيرۇغان.

ئى پەيغەمبەر! ئۇ يەھۇدىيلار ئەگەر ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتسا، ئۇلارنىڭ بۇ قىلغانلىرى سېنى بىئارام قىلمىسۇن، بۇنىڭغا غەمكىن بولما. بىلگىنكى، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى بەزى گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن جازالاشنى خالايدۇ. ئۇلارغا ئاخىرەتتە ئەڭ قاتتىق ۋە ئەڭ ئەلەملىك ئازابلار تەيياردۇر. بۇ ئازابلارنىڭ ماھىيىتىنى پەقەت ئاللاھ تائالا ئۆزى بىلىدۇ. ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ تولىسى ئەقىل، دىن ۋە مەنتىقىنىڭ چەك-چېگرالىرىدىن چەتنەپ كەتكەن، ئاللاھ تائالانىڭ ئىتائىتىدىن چىققان پاسىقلاردۇر.

ئۇلارنىڭ ھالى نېمىدېگەن ئەجەبلىنەرلىك! ئۇلار سېنىڭ توغرا، ھەققانىي ۋە ئادالەتلىك بولغان ئىلاھىي ھۆكۈملەر بىلەن ھۆكۈم قىلىشىڭدىن يۈز ئۆرۈپ، جاھىلىيەت ھۆكۈمىنى ئارزۇ قىلامدۇ؟ بۇ ھەقىقەتەن ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەسمۇ؟ ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ئادالەتلىك قانۇنلىرىنى ۋە «قۇرئان كەرىم» نىڭ ھىدايىتىنى قويۇپ،

[1] «تفسير الطبري» 10-توم، 393-بەت.

ئەخمەقلەرچە جاھىلىيەتنىڭ ئادەتلىرىنى ئارزۇ قىلامدۇ؟

بىز مۇسۇلمانلار ئۆزىمىزگە قارايدىغان بولساق، بۇ ئايەتلەردە قىسسىلىرى بايان قىلىنغان ئازغۇنلاردىنمۇ بەتتەر ئازغۇن بولۇپ كەتكەنلىكىمىزنى كۆرىمىز. چۈنكى، ئۇلار ئىسلام دىنىدىن مەھرۇم قالغان، ھىدايەت تاپمىغان، ئازغۇنلۇققا پاتقان بىر كاپىر قەۋم ئىدى. ئەمما بىز ئۆزىمىزنى مۆئمىن، مۇسۇلمان دەيمىز، جەننەتنى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ مۇكاپاتىنى ئارزۇ قىلىمىز، دوزاختىن پاناھ تىلەيمىز. ئەھۋال شۇنداق تۇرۇقلۇق، بىز «قۇرئان كەرىم»نىڭ كۆرسەتمىلىرىنى قويۇپ، ئۆزىمىزنىڭ نەپسى خاھىشلىرىمىزغا بېرىلىپ كېتىۋاتىمىز. ئايەت بۇ مەنىلەرگە ئىشارەت قىلماقتا. ﴿ھۆكۈمدە ئاللاھتىنمۇ ئادالەتلىك كىم بار؟﴾ دېگەن بۇ سوئال ئاللاھ تائالادىنمۇ ئادالەتلىك بىرىنىڭ يوقلۇقىغا، ئۇنىڭدىنمۇ ياخشى ھۆكۈم چىقارغۇچىنىڭ بولمايدىغانلىقىغا چىن يۈرەكتىن ئىشىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. مۇسۇلمان ئادەم پۈتۈن ئىشلىرىدا ئاللاھ تائالانىڭ كىتابى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرسەتمىلىرى بويىچە ئىش كۆرۈشكە بۇيرۇلغان.

2. ھەربىر پەيغەمبەرگە كەلگەن شەرىئەتنىڭ ئوخشاش بولمىغانلىقى ئىنسانلار ئۈچۈن ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن بولغان بىر تۈرلۈك سىناق ۋە رەھمەتتۇر.

3. ئىنسانلارنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان مۇسىبەتلەرنىڭ، كىرىزىسلارنىڭ ۋە قىيىنچىلىقلارنىڭ كۆپىنچىسى ئىنسانلارنىڭ يولسىزلىقى ۋە گۇناھلىرى سەۋەبىدىن بولىدۇ.

4. ئىسلام قانۇنى پۈتۈن قانۇنلاردىن ئادالەتلىك ۋە مۇكەممەل قانۇندۇر.

## ◄ يەھۇدىي ۋە خىرىستىيانلارغا تەرەپدار بولۇشنىڭ ئاقىۋىتى

﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا تَتَّخِذُواْ ٱلۡيَهُودَ وَٱلنَّصَٰرَىٰٓ أَوۡلِيَآءَۘ
بَعۡضُهُمۡ أَوۡلِيَآءُ بَعۡضٖۚ وَمَن يَتَوَلَّهُم مِّنكُمۡ فَإِنَّهُۥ مِنۡهُمۡۗ إِنَّ ٱللَّهَ لَا
يَهۡدِي ٱلۡقَوۡمَ ٱلظَّٰلِمِينَ ٥١ فَتَرَى ٱلَّذِينَ فِي قُلُوبِهِم مَّرَضٞ يُسَٰرِعُونَ

فِيهِمْ يَقُولُونَ نَخْشَىٰٓ أَن تُصِيبَنَا دَآئِرَةٌۚ فَعَسَى ٱللَّهُ أَن يَأْتِىَ بِٱلْفَتْحِ
أَوْ أَمْرٍ مِّنْ عِندِهِۦ فَيُصْبِحُواْ عَلَىٰ مَآ أَسَرُّواْ فِىٓ أَنفُسِهِمْ نَٰدِمِينَ ﴿٥٢﴾
وَيَقُولُ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ أَهَٰٓؤُلَآءِ ٱلَّذِينَ أَقْسَمُواْ بِٱللَّهِ جَهْدَ أَيْمَٰنِهِمْ
إِنَّهُمْ لَمَعَكُمْۚ حَبِطَتْ أَعْمَٰلُهُمْ فَأَصْبَحُواْ خَٰسِرِينَ ﴿٥٣﴾

## ◄ تەرجىمىسى

51ـئى ئىمان ئېيتقانلار! يەھۇدىي ۋە خىرىستىيانلارنى دوست تۇتماڭلار. ئۇلار بىر-بىرىنىڭ دوستىدۇر. سىلەردىن كىمكى ئۇلارنى دوست تۇتىدىكەن، ئۇمۇ ئەنە شۇلاردىن سانىلىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ زالىم قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ.

52ـدىللىرىدا (مۇناپىقلىق) كېسىلى بارلارنىڭ «بېشىمىزغا بىرەر پالاكەت كېلىپ قېلىشتىن قورقىمىز» دەپ، ئۇلار (يەنى يەھۇدىي ۋە خىرىستىيانلار) بىلەن دوست بولۇشقا ئالدىرىشۋاتقانلىقىنى كۆرىسەن. ئاللاھ يېقىندا (مۇسۇلمانلارغا) غەلىبە ئاتا قىلىدۇ، ياكى (مۇناپىقلار ھەققىدە) ئۆز تەرىپىدىن بىر ھۆكۈمنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ-دە، (دىلىدا مۇناپىقلىق كېسىلى بارلار) ئۇلارنى كۆڭلىدە يوشۇرۇن دوست تۇتقانلىقى ئۈچۈن نادامەت چېكىدۇ.

53ـ(بۇ چاغدا) مۇئمىنلەر: «بىز چوقۇم سىلەر بىلەن بىللە دەپ ئاللاھنىڭ نامى بىلەن كۈچلۈك قەسەم ئىچكەنلەر مۇشۇلارمۇ؟» دېيىشىدۇ. ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار)نىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرى بىكار بولۇپ كەتتى، ئۇلار زىيان تارتقۇچىلاردىن بولدى.

## ◄ نازىل بولۇش سەۋەبى

ئەللامە تەبەرىي ﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا تَتَّخِذُواْ ٱلْيَهُودَ وَٱلنَّصَٰرَىٰٓ أَوْلِيَآءَ بَعْضُهُمْ أَوْلِيَآءُ بَعْضٍۚ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى ھەققىدە مۇنداق بىر قىسسىنى بايان قىلغان: «بىر كۈنى ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ: ‹ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! مېنىڭ يەھۇدىيلاردىن بولغان خوجايىنلىرىم بار ئىدى، ئۇلار ئادەم سانى ۋە قورال جەھەتتە بەك كۈچلۈك. مەن ئاللاھقا سىغىنىپ يەھۇدىيلارنىڭ ماڭا مۇسەللەت بولۇۋېلىشىدىن پاناھ تىلەيمەن،

ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭلا تەرىپىنى تۇتىمەن› دېدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي دېگەن مۇناپىق ئادەم: ‹مەن بېشىمغا كېلىدىغانلاردىن قورقىمەن، ئۇنىڭ ئۈچۈن دوستلىرىمنىڭ دوستلۇقىدىن ۋاز كېچەلمەيمەن› دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەيگە: ‹ئى ھەببابنىڭ دادىسى! ئۇبادە ئىبنى سامىتنى يەھۇدىيلاردىن قوغداپ قالساڭ، سەن بىلگىنىڭنى قىل› دېدى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ‹مەيلى ئەمىسە، قوبۇل قىلدىم› دېدى. شۇ چاغدا يۇقىرىقى ئايەت نازىل بولدى»[1].

## ◄ تەپسىرى

ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر يەھۇدىي ۋە خرىستىيانلارنى دوست تۇتماڭلار! بۇ خىتاب مەيلى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەيگە ئوخشاش تىلى بىلەن ئىمان ئېيتىپ قويۇپ، دىلىدا كۇفرىنى يوشۇرغان مۇناپىقلار بولسۇن، ياكى چىن قەلبىدىن ئىمان ئېيتقان مۇئمىنلەر بولسۇن، ئۆزىنى «مۇسۇلمان» دەپ يۈرگەن كىشىلەرنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىرەر مۇسۇلماننىڭ ئاللاھ تائالانىڭ دۈشمەنلىرى بولغان يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىيانلارنى دوست تۇتۇشى ۋە ئۇلارغا چىن كۆڭلىدىن ئورۇن بېرىشى دىن ۋە ئەقىل قوبۇل قىلمايدىغان غەلىتە بىر ئىشتۇر. چۈنكى، ئىماننىڭ ئەڭ ئەقەللىي تەلىپى ئاللاھ تائالانىڭ دوستلىرى بولغان مۇئمىنلەرنى سۆيۈش، ئاللاھ تائالانىڭ دۈشمەنلىرى بولغان كاپىرلارنى يامان كۆرۈشتىن ئىبارەتتۇر.

ئى ئىمان بىلەن سۈپەتلەنگەن كىشىلەر! يەھۇدىيلار بىلەن خرىس-تىيانلارنى دوست تۇتۇش ئارقىلىق ئاللاھ تائالا مەنئى قىلغان ئىشنى سادىر قىلىش سىلەرگە ھەرگىز ياراشمايدۇ. سىلەرنىڭ ئۇلارنى يۈرەكتىن بېرىلىپ دوست تۇتۇشۇڭلار، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھەممە ئىشىڭلارنى ئۇلارغا مەلۇم قىلىشىڭلار ۋە ئۇلارنى دوست تۇتقانلىقىڭلارغا مەمنۇن بولۇشۇڭلار سىلەرگە قەتئىي لايىق كەلمەيدۇ. ئۇنتۇماڭلاركى، يەھۇدىيلار بىر - بىرى بىلەن دوست بولغاندەك، خرىستىيانلارمۇ بىر-بىرى بىلەن دوستتۇر. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىرلا سۆز ئەتراپىدا بىرلەشكەن. ئۇ بولسىمۇ، سىلەرگە قاتتىق دۈشمەنلىك قىلىشتۇر. سىلەر ئۇلارغا مۇ-ھەببەت ئىزھار قىلغىنىڭلار بىلەن، ئۇلار سىلەرگە قارشى ئۆچمەنلىكىنى يوشۇرىدۇ، سىلەرنى ھەرگىز دوست تۇتمايدۇ، ۋاقتى كەلگەندە سىلەرگە زەھىرىنى چاچىدۇ.

---

[1] «تفسير الطبري» 10-توم، 393-بەت.

يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىيانلارنىڭ سىلەرگە قارشى بۇ مەۋقەسىنى بىلگەندىن كېيىن، سىلەردىن كىمكى ئۇلارنىڭ تەرىپىنى تۇتىدىكەن، ئۇلارنى دوست تۇتىدىكەن، ئەلۋەتتە ئۇ شۇلارنىڭ قاتارىدىن بولۇپ كېتىدۇ. مۇنداق ئادەملەر ھەقىقىي مۇئمىنلەردىن سانالمايدۇ. چۈنكى، ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ دۈشمەنلىرى بىلەن دوست بولغان ئىكەن، ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ دۈشمىنىگە ئايلانغان بولىدۇ.

يۇقىرىقىلار يەھۇدىيلار، خرىستىيانلار ۋە باشقا دىن دۈشمەنلىرى بىلەن يۈرەكتىن دوستلۇق ئالاقىسى باغلىغان مۇناپىقلار ئۈچۈن ئىنتايىن جىددىي ئاگاھلاندۇرۇشتۇر. سەۋەبى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، كاپىرلارغا قەلبىدىن بېرىلىپ، ئۇلار بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋىتى قۇرغانلار ئۆزىگە زۇلۇم قىلغانلاردۇر. ئېنىقكى، مۇنداق زالىم قەۋمنى ئاللاھ تائالا ھەرگىز توغرا يولغا يېتەكلىمەيدۇ.

ئى پەيغەمبەر! سەن ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش ئىككى يۈزلىمىچى مۇناپىقلارنىڭ ۋە كۆڭۈللىرىدە ساڭا قارىتا شەك ساقلىغانلارنىڭ يەھۇدىيلار ۋە خرىستىيانلار بىلەن دوست بولۇش ئۈچۈن ئالدىرىشىۋاتقانلىقىنى كۆرىسەن. «قۇرئان كەرىم» بۇ ئايەتتە ﴿ئالدىراۋاتقانلىقىنى...﴾ دېمەستىن، ﴿ئالدىرىشىۋاتقانلىقىنى...﴾ دەپ تەبىر كەلتۈرۈش ئارقىلىق مۇناپىقلارنىڭ يەھۇدىيلار ۋە خرىستىيانلار بىلەن دوستلۇق ئىچىدە ئىكەنلىكىگە، ئۇنىڭغا بىر-بىرى بىلەن بەسلەشكەن ھالدا يۈگۈرۈشىۋاتقانلىقىغا ۋە بۇ دوستلۇقنىڭ بىر باسقۇچتىن يەنە بىر باسقۇچقا يۈكسىلىۋاتقانلىقىغا ئىشارەت قىلغان. يەھۇدىيلار ۋە خرىستىيانلار بىلەن دوست بولۇشقانلار ئۇلار بىلەن بولغان دوستلۇقنى نورمال بىر دوستلۇق دەپ ئويلايدۇ. چۈنكى، ئۇلار «پەلەكنىڭ چاقى بىزنىڭ زىيىنىمىزغا ئايلىنىپ، ھاكىمىيەت يەھۇدىيلارنىڭ ۋە باشقا كاپىرلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ، ھۆكۈمرانلىق مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدىن چىقىپ كەتسە، بىز يەھۇدىيلارغا ۋە كاپىرلارغا موھتاج بولۇپ قالساق، ئۇلارنىڭ بىزگە ئاشلىق ۋە باشقا ياردەملەرنى بەرمەسلىكىدىن قورقىمىز» دېگەن چۈشەنچىسى بويىچە ئىش كۆرىدۇ. شۇڭا ئۇلار كاپىرلاردىن ياخشىلىق كۈتىدۇ ۋە ئۇلاردىن ئۈمىدىنى ئۈزەلمەيدۇ. ئى پەيغەمبەر! سەن يەنە بۇ مۇناپىقلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿فَإِنَّ حِزۡبَ ٱللَّهِ هُمُ ٱلۡغَٰلِبُونَ﴾ يەنى ﴿شەكسىزكى، ئاللاھنىڭ قوشۇنى ئەلۋەتتە غالىبتۇر﴾[1] دېگەن ۋەدىسىگە

---

[1] مائىدە سۈرىسى: 56- ئايەت.

ئىشەنمەيدىغانلىقىنىمۇ ئوچۇق كۆرسەن.

ئايەتتىكى غەلىبىدىن مەككىنىڭ فەتھى قىلىنىشى ياكى ئىسلام دۆلىتىنىڭ بەرپا قىلىنىشى، ئۇنىڭ مۇستەھكەملىنىشى ۋە گۈللىنىشى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر چوڭ غەلىبە كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ﴿ياكى (مۇناپىقلار ھەققىدە) ئۆز تەرىپىدىن بىر ھۆكۈمنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ-دە، (دىلىدا مۇناپىقلىق كىسىلى بارلار) ئۇلارنى كۆڭلىدە يوشۇرۇن دوست تۇتقانلىقى ئۈچۈن نادامەت چېكىدۇ﴾ دېگەننىڭ مەنىسى: ئاللاھ تائالا مۇناپىقلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى پاش قىلىدىغان، ئۇلارنىڭ چۈمپەردىسىنى ئېچىپ تاشلايدىغان، ئۇلارنى رەسۋا قىلىدىغان بىرەر ھۆكۈمنى (ياكى بىرەر ئىشنى) مەيدانغا كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىدۇ، ھىيلە-مىكىرلىرىنى پاچاقلاپ تاشلايدۇ ۋە ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا قارشى قىلغان بارلىق سۇيىقەستلىرىنى ئۆزلىرىگە قايتۇرىدۇ، دېگەنلىكتۇر.

دەرۋەقە، ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئاللاھ تائالا بۇ ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇردى، ئۆزىنىڭ تەرەپدارى بولغان مۆئمىنلەرگە نۇسرەت بەردى، بىرلىشىپ كەلگەن دۈشمەن كۈچىنى پۈتۈنلەي مەغلۇپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى مۇناپىقلار ئۆزلىرىنىڭ كاپىرلارغا بولغان سەممىي دوستلۇقىنى قەلبلىرىدە يوشۇرۇپ مۇسۇلمانلارنى ئالداش كويىدا بولغانلىقىغا قاتتىق پۇشايمان قىلىشتى ۋە مەڭگۈلۈك زىيان تارتىشتى.

مۆئمىنلەر يەھۇدىيلارغا خىتاب قىلغان ھالدا، ھەيرانلىق ئىچىدە بۇ يەھۇدىيلار بىلەن دوستلۇق ئورناتقان مۇناپىقلارنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «ئەي يەھۇدىيلار! ئاللاھ تائالانىڭ نامىنى ئاتاپ كۈچلۈك قەسەم قىلىش ئارقىلىق سىلەر بىلەن دوست ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا تىرىشقان مۇناپىقلار مۇشۇلارمۇ؟» دېيىشىدۇ. ئۇلارنىڭ مۇناپىقلىق بىلەن ئوقۇغان ناماز ۋە تۇتقان روزا قاتارلىق ئەمەللىرى ۋە خەير-ساخاۋەت قىلىش، سەدىقە بېرىش دېگەندەك بارلىق ياخشى ئەمەللىرى بىكار بولۇپ كەتتى، شۇڭا ئۇلار دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچىلاردىن بولدى.

بۇ ئاسارەت ئاستىدا قالغان ئاجىز مىللەتلەردە ئومۇملاشقان تولىمۇ خەتەرلىك بىر كېسەلدۇر. زامانىمىزدا ئىمانى ئاجىز، ئىرادىسى سۇس، ئەقىدىسى زەئىپ نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئەجنەبىي دۈشمەنلەرگە يېلىنىۋاتقانلىقىنى ۋە ئۆز دۈشمەنلىرىدىن ياخشىلىق كۈتۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتىمىز. چۈنكى، ئۇلار ھۆكۈمرانلىقنىڭ بىر كۈنى ئۆزلىرىگە قايتىپ كېلىدىغانلىقىغا ۋە ئۆزلىرىنىڭ زەپەر قۇچىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيدۇ.

شۇڭا ئۇلار كاپىرلاردىن مەددەت تىلەيدۇ ۋە ئۇلاردىن ياخشىلىق كۈتىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ ھالى بارغانسېرى ناچارلىققا قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ. مانا بۇ رىئاللىق، مانا بۇ ئاچچىق ئەمەلىيەت. چۈنكى، ئۇلار ئىززەتنى، كۈچ-قۇدرەتنى ئۆز جايىدىن ئىزدىمەي، باشقا جايلاردىن ئىزدەۋاتىدۇ. ھالبۇكى، ئىززەت ۋە كۈچ-قۇدرەتنىڭ مەنبەسى ئاللاھ تائالادۇر. ﴿إِنَّ ٱلۡعِزَّةَ لِلَّهِ جَمِيعًاۚ﴾ يەنى ﴿شەكسىزكى، ئىززەت ۋە شەرەپ ئاللاھنىڭدۇر﴾[1].

ئەي قەۋم! قۇلاق سېلىڭلار ۋە ئىبرەت ئېلىڭلار. بۇ پەند-نەسىھەتلەردىن پەقەت ئەقىل ئىگىلىرىلا ئىبرەت ئالالايدۇ.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. كاپىرلارنى يۈرەكتىن دوست تۇتۇشقا بولمايدۇ. بۇ ئىمانغا دەخلى يەتكۈزىدىغان خەتەرلىك ئىشتۇر. ئەمما كاپىرلار بىلەن مۇرەسسە قىلىپ ئۆتۈشكە بولىدۇ، شۇنداقلا ئىسلامغا ياكى مۇسۇلمانلارغا يامانلىق قىلمىغان كاپىرلارغا ئادالەتلىك بولۇش، ئىنسانىي ياردەم ۋە ياخشىلىقلارنى قىلىشقا بولىدۇ.

2. مۇسۇلمانلارغا قارشى كاپىرلار بىلەن بىرلىشىش قەتئىي ھارامدۇر. مۇنداق قىلغۇچىلار ئۆزلىرىنى ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىغا تۇتقۇچىلاردۇر.

3. مۇناپىقلار ئاللاھ تائالانىڭ ۋە خەلقنىڭ نەزىرىدە ئەڭ رەزىل ۋە پەس مەخلۇقلاردۇر.

4. ئۆز جېنىنى قۇتقۇزۇش ياكى ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بۇرادىرىنى دۈشمەنلىرىگە سېتىۋەتكەنلەر ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزىنى ساتقان بولىدۇ. بۇنداق ساتقۇنلۇقنىڭ جازاسىنى ئىككى ئالەمدە تولۇق تارتىدۇ.

## ◄ مۇرتەدلەر ۋە ئۇلارغا قارشى كۈرەش قىلغۇچىلار

﴿يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ مَن يَرۡتَدَّ مِنكُمۡ عَن دِينِهِۦ فَسَوۡفَ يَأۡتِي
ٱللَّهُ بِقَوۡمٖ يُحِبُّهُمۡ وَيُحِبُّونَهُۥٓ أَذِلَّةٍ عَلَى ٱلۡمُؤۡمِنِينَ أَعِزَّةٍ عَلَى
ٱلۡكَٰفِرِينَ يُجَٰهِدُونَ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ وَلَا يَخَافُونَ لَوۡمَةَ لَآئِمٖۚ ذَٰلِكَ

[1] يۇنۇس سۈرىسى: 65- ئايەت.

فَضْلُ ٱللَّهِ يُؤْتِيهِ مَن يَشَآءُ ۚ وَٱللَّهُ وَٰسِعٌ عَلِيمٌ ﴿٥٤﴾ إِنَّمَا وَلِيُّكُمُ ٱللَّهُ
وَرَسُولُهُۥ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ ٱلَّذِينَ يُقِيمُونَ ٱلصَّلَوٰةَ وَيُؤْتُونَ ٱلزَّكَوٰةَ
وَهُمْ رَٰكِعُونَ ﴿٥٥﴾ وَمَن يَتَوَلَّ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ فَإِنَّ
حِزْبَ ٱللَّهِ هُمُ ٱلْغَٰلِبُونَ ﴿٥٦﴾

## ◄ تەرجىمىسى

54ـئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەردىن كىمكى دىنىدىن يېنىۋالىدىكەن، ئاللاھ (مۇنداقلارنىڭ ئورنىغا) ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان، ئۇلارمۇ ئاللاھنى ياخشى كۆرىدىغان، مۇئمىنلەرگە كەمتەر، كاپىرلارغا قاتتىق قول، ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىدىغان ۋە مالامەت قىلغۇچىنىڭ مالامىتىدىن قورقمايدىغان بىر قەۋمنى ئۇزاققا قالماي مەيدانغا كەلتۈرىدۇ. بۇ (سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىنىش) ئاللاھنىڭ پەزلى بولۇپ، ئاللاھ ئۇنى خالىغان بەندىسىگە بېرىدۇ، ئاللاھ پەزلى كەڭ ۋە ھەممىنى بىلگۈچى زاتتۇر.

55ـشۈبھىسىزكى، سىلەرنىڭ دوستۇڭلار ئاللاھتۇر، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىدۇر ۋە (ئاللاھقا) بويسۇنۇپ، نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلىدىغان، زاكات بېرىدىغان مۇئمىنلەردۇر.

56ـكىمكى ئاللاھنىڭ، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ۋە مۇئمىنلەرنىڭ تەرەپدارى بولىدىكەن، (ئۇ ئاللاھنىڭ قوشۇنىدىندۇر). شەكسىزكى، ئاللاھنىڭ قوشۇنى ئەلۋەتتە غالىبتۇر.

## ◄ ئۆز ۋاقتىدا مۇرتەد بولغان قەبىلىلەر

ئۆز ۋاقتىدا ئەرەبلەردىن ئون بىر قەبىلە ئىسلامدىن يېنىۋالغان بولۇپ، ئۇلاردىن ئۈچى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدا، يەتتىسى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە، يەنە بىرى (جەبەلە ئىبنى ئەيھەم قەبىلىسى) ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە مۇرتەد بولغان ئىدى.

## ◄ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا مۇرتەد بولغان قەبىلىلەر

بىرىنچىسى، مەدلەج قەبىلىسى بولۇپ، ئۇلارنىڭ كاتتىبېشى ئەسۋەد ئىبنى ئەنسى ئىدى. ئۇ يەمەندە ئۆزىنى پەيغەمبەر دەپ ئوتتۇرىغا چىقىپ

مۇرتەد بولغان. ئۇنى ئاللاھ تائالا فىرۇز دەيلىمى دېگەن كىشىنىڭ قولىدا ھالاك قىلغان.

ئىككىنچىسى، ھەنىفە قەبىلىسى بولۇپ، ئۇلار پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا پەيغەمبەرلىكنى تەڭدىن بۆلۈشۈش توغرۇلۇق مەكتۇپ يازغان مۇسەيلەمە ئەل كەززابنىڭ قەۋمى ئىدى. ئۇنىڭ خېتىگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق جاۋاب بەرگەن: «بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ. مِنْ مُحَمَّدٍ رَسُولِ اللَّهِ إِلَى مُسَيْلِمَةَ الْكَذَّابِ. سَلَامٌ عَلَى مَنِ اتَّبَعَ الْهُدَى، أَمَّا بَعْدُ: فَإِنَّ الْأَرْضَ لِلَّهِ يُورِثُهَا مَنْ يَشَاءُ مِنْ عِبَادِهِ وَالْعَاقِبَةُ لِلْمُتَّقِينَ» يەنى «ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن. ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەدتىن كەززاب مۇسەيلەمەگە، ئامانلىق ھىدايەتكە ئەگەشكەنلەرگە بولسۇن! زېمىن ئاللاھنىڭ بولۇپ، ئۇنى خالىغان بەندىلىرىگە مىراس قىلىدۇ، ئاقىۋەت تەقۋادارلارغا خاستۇر»[1]. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇسەيلەمەگە قارشى ئۇرۇش ئاچقان، مۇسەيلەمەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى ھەمزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى شېھىت قىلغان ۋەھشى ئىسىملىك قۇل ئۆلتۈرگەن.

ئۈچىنچىسى، ئەسەد قەبىلىسى بولۇپ، ئۇلارنىڭ كاتتىبېشى تەلھە ئىبنى خۇۋەيلىد ئىدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايات ۋاقتىدا مۇرتەد بولغان. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا قارشى ئۇرۇش ئاچقاندا شامغا قېچىۋالغان، كېيىنچە مۇسۇلمان بولۇپ، ياخشى ئىشلارنى قىلغان.

### ◄ ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زامانىدا مۇرتەد بولغان قەبىلىلەر

1. غەتەفان قەبىلىسى، ئۇلارنىڭ كاتتىبېشى قۇررە ئىبنى سەلەمە ئىدى.
2. فەزارە ئايىمىقى، ئۇيەينە ئىبنى ھۇسەين قەبىلىسىدىن.
3. سەلىم ئايىمىقى، فەجائە قەبىلىسىدىن.
4. يەربۇئ ئايىمىقى، مالىك ئىبنى نۇۋەيرە قەبىلىسىدىن.
5. تەمىم قەبىلىسىنىڭ بىر قىسمى، ئۇلارنىڭ كاتتىبېشى سەجاھ ئىسىملىك ئايال ئىدى.
6. كەندە ئايىمىقى، ئەشئەس ئىبنى قەيس قەبىلىسىدىن.

---

[1] «السيرة النبوية لابن كثير» 4-توم، 97-بەت.

7. بەكرى ئىبنى ۋائىل ئايمىقى.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زامانىدا غەسسان قەبىلىسىدىن جەبلە ئىبنى ئەيھەم مۇرتەد بولۇپ، خىرىستىيان دىنىغا كىرىپ شامغا كەتكەن.

### ◄ تەپسىرى

ئى ئىمان ئېيتقانلار! كېلەچەكتە سىلەردىن كىمكى ئىسلام دىنىدىن يېنىۋېلىپ مۇرتەد بولىدىكەن، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ئورنىغا ئىتائەت قىلىش، بۇيرۇقانلىرىنى ئورۇنداش ۋە مەنئى قىلغانلىرىنى تەرك ئېتىش بىلەن ئاللاھ تائالانى ياخشى كۆرىدىغان ۋە ئاللاھ تائالامۇ ئۇلارنى ياخشى كۆرىدىغان، ئۇلارغا مەرھەمەت قىلىدىغان، رەھىم - شەپقەت قىلىدىغان بىر قەۋمنى كەلتۈرىدۇ. ئۇلار شۇنداق بىر قەۋمكى، مۇئمىنلەرگە ناھايىتى شەپقەتلىك، مېھرىبان ۋە كەمتەردۇر. ئۇرۇش ئاچقان كاپىرلارغا كەسكىن، شىددەتلىك ۋە قاتتىق قولدۇر. ئۇلار ئاللاھ يولىدا، ھەقىقەتنى قوغداش، پەزىلەتنى ئومۇملاشتۇرۇش، دىننى مۇھاپىزەت قىلىش ۋە ئاللاھ تائالانىڭ (تەۋھىد) كەلىمىسىنى ئۈستۈن قىلىش، ئىسلام دىيارىنى، مۇسۇلمانلارنى قوغداش يولىدا جىھىنى ئاتاپ جىھاد قىلىدىغان، ھەقىقەتنى دادىل ئېلان قىلىش ۋە ئۇنى مۇداپىئە قىلىشتا مالامەت قىلغۇچىلارنىڭ مالامەتلىرىدىن، كۈچلۈكلەرنىڭ تەھدىتلىرىدىن قورقمايدىغان، قىلغان ياخشى ئىشلىرى ۋە جاپالىق كۈرەشلىرى ئۈچۈن، ئاللاھ تائالادىن باشقىسىدىن مۇكاپات ياكى مەرتىۋە ئىزدىمەيدىغان، پۈتۈن قىلغانلىرىنى ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ئىخلاس بىلەن قىلىدىغان كىشىلەردۇر.

بۇ بايانلاردا مۇناپىقلارغا قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش بار. يۇقىرىقى ئۈلگىلىك مۇئمىنلەردەك بولۇش ئاللاھ تائالانىڭ كاتتا پەزلى بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۇنى بەندىلىرى ئارىسىدىكى ياخشىلىققا مەيلى بار، ھىدايەتنى خالايدىغان، ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشقا تەييارلىقى بار كىشىلەردىن خالىغان كىشىگە ئاتا قىلىدۇ. ئەمما مۇناپىقلار بۇنىڭدىن تامامەن مەھرۇمدۇر.

ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەرنىڭ سۆيگۈ-مۇھەببىتىڭلارنى ۋە ئىخلاسىڭلارنى بېغىشلاشقا ئەڭ لايىق بولغان زات ئاللاھ تائالادۇر، ئاندىن ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرىدۇر ۋە مۇئمىنلەردۇر. ئۇ مۇئمىنلەرنىڭ سۈپىتى مۇنداق: ئۇلار نامازلىرىنى پۈتۈن شەرتلىرىگە تولۇق رىئايە قىلىپ مۇكەممەل ئادا قىلىدىغان، زاكاتنى تولۇق بېرىدىغان، ئەمەل-

ئىبادەتلەرنى رىياسىز، نىفاقسىز، چىن ئىخلاس ۋە ئىتائەتمەنلىك بىلەن ئادا قىلىدىغان زاتلاردۇر.

ئاللاھ تائالانى، ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرىنى ۋە مۇئمىنلەرنى ياخشى كۆرۈپ، دوست تۇتۇپ، ئۇلارغا ئەقىدە باغلىغان ئادەم چوقۇم غەلىبە قىلىدۇ، مەقسىتىگە يېتىدۇ ۋە ئاخىرەتتىمۇ نىجاتلىققا ئېرىشىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ تەرەپدارلىرى ھەمىشە غەلىبە قىلغۇچىلاردۇر. ﴿يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ إِن تَنصُرُواْ ٱللَّهَ يَنصُرْكُمْ وَيُثَبِّتْ أَقْدَامَكُمْ﴾ يەنى ﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئەگەر سىلەر ئاللاھقا (ئاللاھنىڭ دىنىغا) ياردەم بەرسەڭلار، ئاللاھ سىلەرگە (دۈشمەنلىرىڭلارغا قارشى) ياردەم بېرىدۇ، قەدەملىرىڭلارنى (جىھاد مەيدانىدا) مۇستەھكەم قىلىدۇ﴾[1].

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. دىندىن يېنىۋالغان مۇرتەدنىڭ بۇرۇن قىلغان ياخشى ئەمەللىرى پۈتۈنلەي بىكار بولۇپ كېتىدۇ ۋە بارىدىغان جايى دوزاخ بولىدۇ.

2. مۇئمىنلەرنىڭ ھەقىقىي دوستى ئاللاھ تائالا، ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ۋە مۇئمىنلەردۇر. كاپىرلارغا يۈرەكتىن مۇھەببەت باغلاش ئىمانغا زىت كېلىدىغان خەتەرلىك ئىشتۇر.

3. مۇئمىنلەر ئۆز ئارىسىدا كەچۈرۈمچان، يۇمشاق ۋە شەپقەتلىك بولىدۇ. مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش ئاچقان كاپىرلارغا بولسا، قاتتىق قول، شىددەتلىك ۋە كەسكىن بولىدۇ. ﴿مُّحَمَّدٌ رَّسُولُ ٱللَّهِ ۚ وَٱلَّذِينَ مَعَهُۥٓ أَشِدَّآءُ عَلَى ٱلْكُفَّارِ رُحَمَآءُ بَيْنَهُمْ﴾ يەنى ﴿مۇھەممەد ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىدۇر، ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغانلار كاپىرلارغا قاتتىق قولدۇر، ئۆزئارىسىدا كۆيۈمچاندۇر﴾[2].

4. ئاللاھ تائالاغا تولۇق ئىتائەت قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا تەرەپدار بولغانلار ھەمىشە غەلىبە قىلغۇچىلاردۇر.

## ◄ كاپىرلارنىڭ تەرىپىنى ئېلىشتىن مەنئى قىلىشنىڭ سەۋەبى

﴿يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا تَتَّخِذُواْ ٱلَّذِينَ ٱتَّخَذُواْ دِينَكُمْ هُزُوًا

[1] مۇھەممەد سۈرىسى7-ئايەت.
[2] فەتھ سۈرىسى: 29-ئايەت.

وَلَعِبٗا مِّنَ ٱلَّذِينَ أُوتُواْ ٱلۡكِتَٰبَ مِن قَبۡلِكُمۡ وَٱلۡكُفَّارَ أَوۡلِيَآءَۚ
وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ إِن كُنتُم مُّؤۡمِنِينَ ﴿٥٧﴾ وَإِذَا نَادَيۡتُمۡ إِلَى ٱلصَّلَوٰةِ ٱتَّخَذُوهَا
هُزُوٗا وَلَعِبٗاۚ ذَٰلِكَ بِأَنَّهُمۡ قَوۡمٞ لَّا يَعۡقِلُونَ ﴿٥٨﴾ قُلۡ يَٰٓأَهۡلَ ٱلۡكِتَٰبِ
هَلۡ تَنقِمُونَ مِنَّآ إِلَّآ أَنۡ ءَامَنَّا بِٱللَّهِ وَمَآ أُنزِلَ إِلَيۡنَا وَمَآ أُنزِلَ مِن
قَبۡلُ وَأَنَّ أَكۡثَرَكُمۡ فَٰسِقُونَ ﴿٥٩﴾ قُلۡ هَلۡ أُنَبِّئُكُم بِشَرّٖ مِّن ذَٰلِكَ
مَثُوبَةً عِندَ ٱللَّهِۚ مَن لَّعَنَهُ ٱللَّهُ وَغَضِبَ عَلَيۡهِ وَجَعَلَ مِنۡهُمُ ٱلۡقِرَدَةَ
وَٱلۡخَنَازِيرَ وَعَبَدَ ٱلطَّٰغُوتَۚ أُوْلَٰٓئِكَ شَرّٞ مَّكَانٗا وَأَضَلُّ عَن سَوَآءِ
ٱلسَّبِيلِ ﴿٦٠﴾ وَإِذَا جَآءُوكُمۡ قَالُوٓاْ ءَامَنَّا وَقَد دَّخَلُواْ بِٱلۡكُفۡرِ وَهُمۡ
قَدۡ خَرَجُواْ بِهِۦۚ وَٱللَّهُ أَعۡلَمُ بِمَا كَانُواْ يَكۡتُمُونَ ﴿٦١﴾ وَتَرَىٰ كَثِيرٗا
مِّنۡهُمۡ يُسَٰرِعُونَ فِي ٱلۡإِثۡمِ وَٱلۡعُدۡوَٰنِ وَأَكۡلِهِمُ ٱلسُّحۡتَۚ لَبِئۡسَ مَا
كَانُواْ يَعۡمَلُونَ ﴿٦٢﴾ لَوۡلَا يَنۡهَىٰهُمُ ٱلرَّبَّٰنِيُّونَ وَٱلۡأَحۡبَارُ عَن قَوۡلِهِمُ
ٱلۡإِثۡمَ وَأَكۡلِهِمُ ٱلسُّحۡتَۚ لَبِئۡسَ مَا كَانُواْ يَصۡنَعُونَ ﴿٦٣﴾

### تەرجىمىسى

57ـ ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەردىن ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەنلەر ئىچىدىكى دىنىڭلارنى مەسخىرە ۋە ئويۇن-تاماشا ماۋزۇسىغا ئايلاندۇرۇۋالغانلارنى ۋە كاپىرلارنى دوست تۇتماڭلار. ئەگەر (ھەقىقىي) مۆئمىن بولساڭلار، ئاللاھتىن قورقۇڭلار.

58ـ سىلەر نامازغا چاقىرغان چېغىڭلاردا، ئۇلار نامازنى مەسخىرە ۋە ئويۇن-تاماشا ماۋزۇسىغا ئايلاندۇرۇۋالىدۇ، بۇ ئۇلارنىڭ ئەقلىنى ئىشلەتمەيدىغان بىر قەۋم بولغانلىقىدىندۇر.

59ـ (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى «ئى ئەھلى كىتاب! پەقەت بىزنىڭ ئاللاھقا، بىزگە نازىل قىلىنغان (كىتاب)قا ۋە بۇنىڭدىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان (كىتابلار)غا ئىمان ئېيتقانلىقىمىز ۋە سىلەرنىڭ كۆپچىلىكىڭلارنىڭ پاسىق بولغانلىقىڭلار ئۈچۈنلا بىزگە ئۆچمەنلىك قىلىۋاتامسىلەر؟».

60ـ ئېيتقىنكى، «سىلەرگە ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا بۇنىڭدىنمۇ (يەنى سىلەر-

نىڭ ئەيىبلىغىنىڭلاردىنمۇ) يامانراق جازاغا ئۇچرايدىغانلارنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ ئۇلار (سىلەرنىڭ ئەجدادىڭلار بولۇپ) ئاللاھ ئۇلارنى رەھمىتىدىن يىراق قىلغان ۋە ئۇلارغا غەزەپ قىلغان، ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى مايمۇن ۋە چوشقىغا ئايلاندۇرۇۋەتكەن ۋە تاغۇتقا چوقۇنغان كىشىلەردۇر. ئەنە شۇلارنىڭ ئورنى ئەڭ ياماندۇر، ئۇلار توغرا يولدىن بەكمۇ ئاداشقانلاردۇر».

61-(ئى ئىمان ئېيتقانلار!) ئۇلار يېنىڭلارغا كۇفرى بىلەن كىرىپ كۇفرى بىلەن چىقىپ كەتكەن تۇرۇپ، يېنىڭلارغا كەلگەن چاغدا «بىز ئىمان ئېيتتۇق» دەيدۇ. ئاللاھ ئۇلارنىڭ يوشۇرغانلىرىنى ئوبدان بىلىدۇ.

62-سەن ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ گۇناھتا، زۇلۇم سېلىشتا ۋە هارام يېيىشتە بىر-بىرى بىلەن بەسلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرىسەن، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى نېمىدېگەن يامان!

63-ئۇلارنىڭ رەبباني ئالىملىرى، ئىلىم ئەھلىلىرى نېمە ئۈچۈن ئۇلارنى يالغان سۆزلەشتىن، هارام يېيىشتىن توسمىدى؟ ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى نېمىدېگەن يامان!

### تەپسىرى

ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەردىن ئىلگىرى ئۆزلىرىگە ئىلاھىي كىتابلار بېرىلگەن يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىيانلارنى ۋە بۇتپەرەس مۇشرىكلارنى هەرگىز دوست تۇتماڭلار. ئۇلارغا هەرگىزمۇ تەرەپدار بولماڭلار. سىلەر ئۇلارنى دوست تۇتقان بىلەن ئۇلار سىلەرنىڭ جاپا تارتىشىڭلارنى ۋە قىيىنچىلىققا قېلىشىڭلارنى ئارزۇ قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ سىلەرگە بولغان دۈشمەنلىكى بىلەن ئۆچمەنلىكى ئۇلارنىڭ هەربىر سۆزلىرىدىن مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ سىلەرگە قارىتا كۆڭۈللىرىدە يوشۇرغان دۈشمەنلىكى ئۇنىڭدىنمۇ چوڭدۇر. ئۇلار ئۆزئارا دوستلاردۇر، بىر-بىرىنىڭ تەرىپىنى ئالىدۇ. سىلەرنىڭ ئۇلارغا تەرەپدار بولۇشۇڭلار ئاللاھ تائالانى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرىنى غەزەپلەندۈرىدۇ. ئۇلار سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى مەسخىرە قىلغان، ئىبادەتلىرىڭلارنى ئويۇن-تاماشا ماۋزۇسىغا ئايلاندۇرۇۋالغان مەخلۇقلاردۇر. ئىنسانغا ئەڭ ئېغىر تۇيۇلىدىغان نەرسە دۈشمەنلەرنىڭ ئۇنىڭ ئەقىدىسىنى، ئەقىل-پىكرىنى ۋە كۆزقاراشلىرىنى مەسخىرە قىلىشى هەم كۆزىگە ئىلماسلىقىدۇر. ئى ئىنسانلار! ئەگەر سىلەر هەقىقىي رەۋىشتە ئاللاھ تائالاغا ئىشىنىدىغان مۇئمىنلەردىن بولساڭلار، سىلەر ئاللاھ تائالادىن قورقۇڭلار، ئۇنىڭ ئازابىغا ئۇچراپ

قىلىشتىن ھەزەر ئەيلەڭلار!

«قۇرئان كەرىم»دە مۆئمىنلەرنى كاپىرلارغا تەرەپدار بولۇشتىن توسىدىغان ئايەتلەر ناھايىتى كۆپ جايدا بايان قىلىنغان. بۇنىڭدىن مەقسەت كاپىرلارغا تەرەپدار بولۇشنىڭ خەتىرىدىن ۋە ئۇنىڭ يامان ئاقىۋىتىدىن ئاگاھلاندۇرۇش ھەم ئۇلارنى بۇ ئىشتىن نەپرەتلەندۇرۇش ئۈچۈندۇر.

ئاللاھ تائالا مۇناپىقلارنىڭ ۋە كاپىرلارنىڭ ئىسلام دىنىنى مەسخىرە قىلغانلىقتىن ئىبارەت بۇ رەزىل قىلمىشىنىڭ كەچۈرۈلمەس جىنايەت ئىكەنلىكىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ جازاسى ئىنتايىن ئېغىر بولىدىغانلىقىنى ئەسكەرتكەن.

ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر ئەزان ۋە تەكبىر ئېيتىپ كىشىلەرنى نامازغا چاقىرغان ۋاقىتىڭلاردا ئۇ كاپىرلار نامازنى مەسخىرە ۋە ئويۇن ـ تاماشا ماۋزۇسىغا ئايلاندۇرۇۋېلىپ، سىلەرنىڭ ئىبادىتىڭلارنى ئويۇن دەستىكى قىلىۋالىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇنداق رەزىل ۋە قەبىھ مەسخىرىلەرنى قىلىشىغا تۈرتكە بولغان نەرسە ئۇلارنىڭ چۈشەنمەيدىغان، ئەقىلسىز بىر قەۋم بولغانلىقى ئىدى. چۈنكى، ئۇلار زالالەت پاتقاقلىرىغا چوڭقۇر پېتىپ كەتكەنلەردۇر. يۈرەكلەرنى تىترىتىدىغان، دىللارنى پاكلايدىغان ۋە كۆڭۈللەرنى شاد قىلىدىغان بۇ چاقىرىق (يەنى ئەزان بىلەن تەكبىر نېمىدېگەن ئېسىل بىر چاقىرىق، ھە! بۇنى مەسخىرە قىلىشقا بولامدۇ؟ ھالبۇكى، ئەزان، تەكبىر ئىسلامنىڭ شوئارىدۇر. ئىسلامنىڭ شوئارىنى مەسخىرە قىلغان ئادەمنى ئاللاھ تائالا جازالىماي قويمايدۇ.

ئاللاھۇ ئەكبەر (يەنى ئاللاھ ھەممىدىن چوڭدۇر). ھەقىقەتەن ئاللاھ كائىناتتىكى ھەممە نەرسىدىن ئەلۋەتتە چوڭدۇر! ئەزاندا ئاللاھ تائالانىڭ كاتتىلىقىنى ئېلان قىلغاندىن كېيىنلا «أَشْهَدُ أَنْ لَا إِلَهَ إِلَّا اللَّهُ وأَنَّ مُحَمَّدًا عَبْدُهُ ورَسُولُه» دېگەن شاھادەت كەلىمىسى ئېلان قىلىنىدۇ. ئاندىن «حى على الصلاة ـ نامازغا كېلىڭلار»، «حى على الفلاح ـ نىجاتلىققا كېلىڭلار» دەپ چاقىرىلىدۇ. بۇنىڭدىنمۇ ياخشى نىجاتلىق ئامىلى بارمۇ؟! ﴿قَدْ أَفْلَحَ مَن زَكَّىٰهَا ۝٩ وَقَدْ خَابَ مَن دَسَّىٰهَا﴾ يەنى ﴿نەپسىنى پاكلىغان ئادەم چوقۇم مۇرادىغا يېتىدۇ. ئۇنى (گۇناھ ـ مەئسىيەتكە) كۆمگەن ئادەم چوقۇم زىيان تارتىدۇ﴾[1].

ئەللامە ئىبنى جەرىر تەبەرىي ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن

[1] شەمس سۈرىسى: 9 ـ 10 ـ ئايەتلەر.

رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا يەھۇدىيلاردىن ئەبۇ ياسىر ئىبنى ئەختەب، رافى ئىبنى ئەبۇ رافى قاتارلىق بىر قانچە كىشى كېلىپ، ئۇنىڭدىن پەيغەمبەرلەردىن كىملەرگە ئىمان ئېيتىش كېرەكلىكى توغرۇلۇق سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: ﴿قُولُوٓاْ ءَامَنَّا بِٱللَّهِ وَمَآ أُنزِلَ إِلَيۡنَا وَمَآ أُنزِلَ إِلَىٰٓ إِبۡرَٰهِـۧمَ وَإِسۡمَٰعِيلَ وَإِسۡحَٰقَ وَيَعۡقُوبَ وَٱلۡأَسۡبَاطِ وَمَآ أُوتِيَ مُوسَىٰ وَعِيسَىٰ وَمَآ أُوتِيَ ٱلنَّبِيُّونَ مِن رَّبِّهِمۡ لَا نُفَرِّقُ بَيۡنَ أَحَدٖ مِّنۡهُمۡ وَنَحۡنُ لَهُۥ مُسۡلِمُونَ﴾ يەنى ﴿(ئى مۆئمىنلەر! يەھۇدىيلار بىلەن خىرىستىيانلارغا) ئېيتىڭلاركى، «بىز ئاللاھقا ئىمان ئېيتتۇق، بىزگە نازىل قىلىنغان (قۇرئان)غا، ئىبراھىمغا، ئىسمائىلغا، ئىسھاققا، يەئقۇبقا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىغا نازىل قىلىنغان (كىتابلار)غا، مۇساغا بېرىلگەن (تەۋرات)قا، ئىساغا بېرىلگەن (ئىنجىل)غا، پەيغەمبەرلەرگە رەببى تەرىپىدىن بېرىلگەن (ۋەھىيلەر)گە ئىمان ئېيتتۇق، (بىز ئىمان ئېيتىشتا) ئۇلارنىڭ ھېچبىرىنى ئايرىۋەتمەيمىز. بىز ئاللاھقا بويسۇنغۇچىلارمىز»﴾[1] دېگەن ئايەتنى ئوقۇپ بېرىدۇ. يەھۇدىيلار بۇ ئايەتتىكى ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ نامىنى ئاڭلاش بىلەنلا چۇقان سېلىشىپ كېتىدۇ، ئىسا ئەلەيھىسسا-لامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىنكار قىلىشىدۇ ۋە ‹ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقان كىشىگە ئىمان ئېيتمايمىز› دەيدۇ. يەنە بىر رىۋايەتتە كېلىشىچە، ئۇلار ‹سىلەرنىڭ دىنىڭلاردىنمۇ يامان بىر دىننى كۆرمىدۇق› دەيدۇ. شۇ مۇناسىۋەت ﴿قُلۡ يَٰٓأَهۡلَ ٱلۡكِتَٰبِ هَلۡ تَنقِمُونَ مِنَّآ إِلَّآ أَنۡ ءَامَنَّا بِٱللَّهِ وَمَآ أُنزِلَ إِلَيۡنَا وَمَآ أُنزِلَ مِن قَبۡلُ وَأَنَّ أَكۡثَرَكُمۡ فَٰسِقُونَ﴾ دېگەن ئايەت نازىل بولىدۇ»[2].

ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، ئى ئەھلى كىتاب! پەقەت بىزنىڭ ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ھەقىقىي رەۋىشتە ئىمان ئېيتقانلىقىمىز، ئاللاھ تائالانى ۋە جىمى پەيغەمبەرلەرنى بارچە نۇقسان ۋە كەمچىلىكلەردىن پاك دەپ ئېتىقاد قىلىپ، ئۇلارنى ئەڭ ئېسىل سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىگەنلىكىمىز، ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ، ئۇلارغا نازىل قىلىنغان ئىلاھىي كىتابلارنىڭ ھېچبىرىنى ئايرىۋەتمەستىن ھەممىسىگە ئوخشاشلا ئىمان ئېيتقانلىقىمىز ئۈچۈن ۋە سىلەرنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ تائىتىدىن چىققان، ئەقىل ۋە دىنىڭ چەك-چېگراسىدىن چەتنىگەن پاسىقلار بولغانلىقىڭلار ئۈچۈنلا سىلەر بىزنى ئەيىبلە-

---

[1] بەقەرە سۈرىسى: 136-ئايەت.

[2] «تفسير الطبري» 10- توم، 434-بەت.

ۋاتامسىلەر؟ شۇنىڭ ئۈچۈن بىزدىن ئۆچ ئالماقچى بولۇۋاتامسىلەر؟ زادى بىز سىلەرگە نېمە يامانلىق قىلدۇق؟

ئەللامە ئىبنى جەرىر تەبەري ﴿قُلْ هَلْ أُنَبِّئُكُم بِشَرٍّ مِّن ذَٰلِكَ مَثُوبَةً عِندَ اللَّهِ﴾ دېگەن ئايەتكە «ئى پەيغەمبەر! يەھۇدىي ۋە خىرىستىيانلاردىن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى مەسخىرە قىلغان كاپىرلارغا ئېيتقىنكى، ئى كاپىرلار! مەن سىلەرگە ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا سىلەرنىڭ ئىمانىمىز سەۋەبلىك بىزگە قىلغان يامانلىقىڭلاردىنمۇ يامان بىر جازا بارلىقىنى دەپ بېرەيمۇ؟» دەپ مەنە ئېيتقان[1]. يەنى ئەگەر سىلەر بىزنىڭ بارلىق ساماۋى كىتابلارغا ۋە جىمى پەيغەمبەرلەرگە ئىمان ئېيتقانلىقىمىزنى ئەيىبلەپ، بىزنىڭ دىنىمىزنى يامان دەيدىغان بولساڭلار، سىلەرگە ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا بۇنىڭدىنمۇ يامان جازانىڭ بارلىقىنى ۋە ئەجدادىڭلارنىڭمۇ ئەڭ قاتتىق جازالارغا ئۇچرايدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟

مەلۇمكى، ئاللاھ تائالا ئۆز ۋاقتىدا يەھۇدىيلارنى قىلمىشلىرى سەۋەبلىك ئۆز رەھمىتىدىن يىراق قىلغان، ئۇلارغا لەنەت قىلغان، غەزەپ قىلغان، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى مايمۇن ۋە توڭگۇزلارغا ئايلاندۇرۇۋەتكەن ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئازغۇن كاتتىباشلىرىغا، شۇنداقلا ھەرقانداق يالغان مەبۇدلارغا چوقۇنغان مەقلۇقلاردۇر.

ئى ئىمان ئېيتقانلار! يەھۇدىيلارنىڭ مۇناپىقلىرى سىلەرنىڭ، خۇسۇسەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەجلىسىگە ھازىر بولغان چاغلىرىدا ﴿بىز ئىمان ئېيتتۇق﴾ دەيدۇ، ئەمما ئۇلار سىلەرنىڭ يېنىڭلارغا ئىنكار بىلەن كىرىپ، ئىنكار بىلەن چىقىپ كېتىدۇ (يەنى كاپىر پېتى كىرىپ، يەنە كاپىر پېتى چىقىپ كېتىدۇ، چۈنكى ئۇلارغا ۋەز-نەسىھەت تەسىر قىلمايدۇ). كۇفرىلىق ئۇلاردىن بىر ئانمۇ ئايرىلمايدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىدە يوشۇرغانلىرىنى-كىرىشتە مۇناپىقلىق بىلەن كىرىپ، چىقىشتا ھىيلە - مىكىر ۋە سۇيىقەستلەرنى پىلانلاش بىلەن چىقىپ كەتكەنلىكىنى - ئوبدان بىلىدۇ. مۇناپىقلار ئىنتايىن خەتەرلىك ئادەملەردۇر. شۇڭا سىلەر مۇناپىقلارغا ئىشەنچ قىلىشتىن ۋە ئۇلارنىڭ تەرىپىنى ئېلىشتىن ھەزەر ئەيلەڭلار. ئى پەيغەمبەر! سەن ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ گۇناھ قىلىشقا ۋە سىلەرگە دۈشمەنلىك كۆرسىتىشكە، پارىخورلۇققا، ھارام يېيىشكە ئىنتايىن ھېرىسمەنلىك بىلەن بەسلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرىسەن. ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى نېمىدېگەن يامان!

[1] «تفسير الطبري» 10-توم، 435-بەت.

ئۇلارنى بۇ يامان قىلمىشلىرىدىن توسىدىغان ۋە توغرا يولغا باشلايدىغان بىرەرسى چىقمىدىمۇ؟ نېمىشقا ئۇلارنىڭ رەببانىي ئالىملىرى، ئەھلى ئىلىملىرى ئۇلارنى بۇ يامان قىلمىشلىرىدىن، ھارام يېيىشتىن، ئاللاھ تائالانىڭ نامىدىن يالغان ئېيتىشتىن، پاك كىشىلەرگە تۆھمەت چاپلاشتىن توسمايدۇ؟ بۇ ئىنسانلارنىڭ قىلمىشلىرى نېمىدېگەن يامان!

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما «قۇرئان كەرىم»دە ئۆلىمالارغا بۇ ئايەتتىنمۇ قاتتىق كايىغان ئايەت يوقتۇر» دېگەن[1]. ئۇنىڭ قارىشىچە، بۇ ئايەت كىشىلەرنى ياخشىلىققا باشلاپ، ئۇلارنى يامان ئىشلاردىن توسۇشتىن ئىبارەت مۇقەددەس دىنىي بۇرچىنى مۇكەممەل ئادا قىلمىغان ئۆلىمالارنىڭ جازاغا تارتىلىشى ئۈچۈن پاكىتتۇر.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. مۇسۇلمانلارنى قويۇپ يەھۇدىيلارغا، خىرىستىيانلارغا، شۇنداقلا ھەرقانداق كاپىرلارغا يۈرەكتىن باغلىنىش ياكى مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇلار بىلەن بىرلىشىش ئەڭ قەبىھ خىيانەت ھەم جىنايەتتۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداقلارنى رەسۋا قىلماي ۋە جازالىماي قالمايدۇ.

2. يەھۇدىيلار بىلەن بىرلەشكەن ياكى قانداقلا بىر ئىشتا ئۇلار بىلەن ھەمكارلاشقان مىللەت زىيان تارتىدۇ. چۈنكى، ۋاپاغا جاپا قىلىش يەھۇدىيلارنىڭ قېنىدا بار ئىكەنلىكىنى رېئاللىق ئىسپاتلىماقتا.

3. داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا يەھۇدىيلاردىن بىر قىسمىنىڭ سۈرىتى مۇبەددەل بولۇپ مايمۇن ۋە توڭگۇزغا ئۆزگىرىپ قالغانلىقى تارىخلاردىن مەلۇم.

4. يەھۇدىيلار دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ بۇزغۇنچىلاردۇر. دۇنيادىكى چىرىكلىك، زۇلۇم ۋە خىيانەت قاتارلىقلارنىڭ نۇرغۇنىدا ئۇلارنىڭ قولى بار. يەھۇدىيلار ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابقا مەھكۇمدۇر.

## ◄ يەھۇدىيلارنىڭ رەزىللىكى ۋە ئىككى دۇنيالىق سائادەت يولى

﴿وَقَالَتِ ٱلۡيَهُودُ يَدُ ٱللَّهِ مَغۡلُولَةٌۚ غُلَّتۡ أَيۡدِيهِمۡ وَلُعِنُواْ بِمَا قَالُواْۘ بَلۡ يَدَاهُ مَبۡسُوطَتَانِ يُنفِقُ كَيۡفَ يَشَآءُۚ وَلَيَزِيدَنَّ كَثِيرٗا مِّنۡهُم

[1] «تفسير الطبري» 10-توم، 449-بەت.

مَّآ أُنزِلَ إِلَيۡكَ مِن رَّبِّكَ طُغۡيَٰنٗا وَكُفۡرٗاۚ وَأَلۡقَيۡنَا بَيۡنَهُمُ ٱلۡعَدَٰوَةَ
وَٱلۡبَغۡضَآءَ إِلَىٰ يَوۡمِ ٱلۡقِيَٰمَةِۚ كُلَّمَآ أَوۡقَدُواْ نَارٗا لِّلۡحَرۡبِ أَطۡفَأَهَا ٱللَّهُۚ
وَيَسۡعَوۡنَ فِي ٱلۡأَرۡضِ فَسَادٗاۚ وَٱللَّهُ لَا يُحِبُّ ٱلۡمُفۡسِدِينَ ﴿٦٤﴾ وَلَوۡ أَنَّ
أَهۡلَ ٱلۡكِتَٰبِ ءَامَنُواْ وَٱتَّقَوۡاْ لَكَفَّرۡنَا عَنۡهُمۡ سَيِّـَٔاتِهِمۡ وَلَأَدۡخَلۡنَٰهُمۡ
جَنَّٰتِ ٱلنَّعِيمِ ﴿٦٥﴾ وَلَوۡ أَنَّهُمۡ أَقَامُواْ ٱلتَّوۡرَىٰةَ وَٱلۡإِنجِيلَ وَمَآ أُنزِلَ
إِلَيۡهِم مِّن رَّبِّهِمۡ لَأَكَلُواْ مِن فَوۡقِهِمۡ وَمِن تَحۡتِ أَرۡجُلِهِمۚ مِّنۡهُمۡ أُمَّةٞ
مُّقۡتَصِدَةٞۖ وَكَثِيرٞ مِّنۡهُمۡ سَآءَ مَا يَعۡمَلُونَ ﴿٦٦﴾

## تەرجىمىسى

**64**ـ يەھۇدىيلار: «ئاللاھنىڭ قولى باغلاغلىقتۇر (يەنى ئاللاھ بېخىلدۇر)» دېدى. يەھۇدىيلارنىڭ قوللىرى باغلانسۇن! ئۇلار بۇ سۆزلىرى سەۋەبلىك ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن يىراق قىلىندى. ئەكسىچە، ئاللاھنىڭ ئىككى قولى ئوچۇقتۇر (پەزل ـ كەرەمى كەڭدۇر)، خالىغىنىچە بېرىدۇ. (يەھۇدىيلارنىڭ هاكاۋۇرلۇقىدىن) رەببىڭ تەرىپىدىن ساڭا نازىل قىلىنغان (قۇرئان) ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكىدە يامانلىقنى ۋە كۇفرىنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ. بىز ئۇلارنىڭ ئارىسىغا قىيامەتكىچە داۋاملىشىدىغان ئۆچمەنلىك ۋە دۈشمەنلىكنى سالدۇق. ئۇلار ھەرقاچان ئۇرۇش ئوتىنى ياقماقچى بولسا، ئاللاھ ئۇنى ئۆچۈرىدۇ، ئۇلار يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىپلا يۈرىدۇ، ئاللاھ بۇزغۇنچىلارنى ياقتۇرمايدۇ.

**65**ـ ئەگەر ئەھلى كىتاب ئىمان ئېيتسا ۋە (يامانلىقلىرىدىن) ساقلانسا ئىدى، بىز ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى چوقۇم كەچۈرەتتۇق، ئۇلارنى چوقۇم نازۇ ـ نېمەتلىك جەننەتكە كىرگۈزەتتۇق.

**66**ـ ئەگەر ئۇلار تەۋراتقا، ئىنجىلغا ۋە رەببى تەرىپىدىن ئۇلارغا نازىل قىلىنغان (قۇرئان ئايەتلىرى)گە ئەمەل قىلسا ئىدى، ئۇلار چوقۇم ئۈستىدىن ۋە ئايىغى ئاستىدىن (بېرىلگەن رىزىقنى) يەيتتى، ئۇلاردىن توغرا يولدا بولغان بىر تۈركۈم كىشىلەر بار. ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرىنىڭ قىلمىشى نېمىدېگەن يامان!

## تەپسىرى

«قۇرئان كەرىم» يەھۇدىيلارنىڭ رەزىللىكىنى ۋە ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن تارتىپ داۋاملىشىپ كەلگەن بەزى قىلمىشلىرىنى بايان قىلغاندىن

كېيىن، ئۇلارنىڭ ئەڭ قەبىھ جىنايەتلىرىدىن بىرىنى بايان قىلىش بىلەن قىسسىنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ. ئۇ بولسىمۇ، يەھۇدىيلارنىڭ بارچە كەمچىلىكلەردىن ۋە ھەرقانداق بىر نۇقساندىن پاك بولغان ئاللاھ تائالانى بېخىل دەپ سۈپەتلىشىدۇ. بۇ سۈپەتنى ئەقىل قەتئىي قوبۇل قىلالمايدۇ، بۇنداق سۆز ساماۋى دىنغا مەنسۇپ بولغان بىر ئادەمنىڭ ئېغىزىدىن قانداق چىقىدۇ؟!

قولنىڭ باغلىنىشى ۋە ئېچىلىشى بېخىللىق بىلەن سېخىيلىقنى ئىپادىلەيدۇ. ئەرەبلەر بېخىل ئادەمنى قولى باغلاقلىق، سېخىي، مەرد ئادەمنى قولى ئوچۇق دەيدۇ. ﴿يەھۇدىيلار: «ئاللاھنىڭ قولى باغلاغلىقتۇر» دېدى﴾ دېگەن ئايەت يەھۇدىيلارنىڭ ئاللاھ تائالانى بېخىل دەپ سۈپەتلىگەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ ﴿وَلَا تَجۡعَلۡ يَدَكَ مَغۡلُولَةً إِلَىٰ عُنُقِكَ وَلَا تَبۡسُطۡهَا كُلَّ ٱلۡبَسۡطِ﴾ يەنى ﴿(بېخىللىق قىلىپ) قولۇڭنى بوينۇڭغا باغلىۋالمىغىن، (ئىسراپ قىلىپ) قولۇڭنى پۈتۈنلەي ئېچىۋەتمىگىن﴾[1] دېگەن سۆزىمۇ بېخىللىق بىلەن سېخىيلىقتىن ھالقىغان ئىسراپچىلىقتىن مەنئى قىلىشنى ئىپادىلەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىدىن كېيىن ئاياللىرىنىڭ ئىچىدە ئەڭ بۇرۇن ۋاپات بولىدىغىنى ھەققىدە خەۋەر بەرگەن ھەدىستە: «أَسْرَعُكُنَّ لَحَاقًا بِيَ أَطْوَلُكُنَّ يَدًا» يەنى «سىلەرنىڭ ئەڭ قولى ئۇزۇن بولغىنىڭلار ماڭا ئەڭ تېز ئۇچرىشىدىغىنىڭلاردۇر»[2] دېگەن. مەلۇمكى، قولنىڭ ئۇزۇنلۇقى مەردلىك بىلەن سېخىيلىقنى، قولنىڭ باغلىنىپ قېلىشى بېخىللىقنى ئىپادىلەيدۇ.

يەھۇدىيلارنىڭ قوللىرى باغلانسۇن! يەنى ئۇلارنىڭ قوللىرى ياخشىلىق ۋە سېخىيلىقلاردىن مەڭگۈلۈك شۇنداق تۇتۇلۇپ قالسۇن! چۈنكى ئۇلار ئەزەلدىن بېخىل، چىدىماس، شەخسىيەتچى قەۋمدۇر. ئۇلارنىڭ نالايىق سۆزلىرى ئۈچۈن ئاللاھ تائالا ئۇلارغا لەنەت قىلدى. يەھۇدىيلارنىڭ بۇ نالايىق سۆزلىرىنىڭ ئەكسىچە، ئاللاھ تائالا ئىنتايىن سېخىيدۇر، ئۇنىڭ ئىككى قولى خەير-ئېھسان ۋە ئىنئام قىلىش ئۈچۈن ھەمىشە ئوچۇقتۇر، پەزل-كەرەمى كەڭدۇر، ئاللاھ تائالا ئۆزى سېخىي بولغاندەك سېخىيلىقنى ياقتۇرىدۇ، سېخىيلىق قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ. ئاللاھ تائالا ئىلاھىي ھېكمەتنىڭ تەقەززاسى بويىچە خالىغان بەندىسىگە خالىغانچە ۋە خالىغان ۋاقىتتا كەڭ رىزىق بېرىدۇ، خالىغان بەندىسىدىن خالىغان ۋاقىتتا

---

[1] ئىسرا سۈرىسى: 29-ئايەت.

[2] «صحيح مسلم» 4-توم، 1907-بەت، 2452-ھەدىس.

ئىنئامىنى توختىتىپ قويىدۇ. بەزى كىشىلەرنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلسا، بەزىلەرنىڭكىنى تار قىلىدۇ، بۇنىڭ ھېكمىتىنى پەقەت ئۆزىلا بىلىدۇ. ﴿وَلَوْ بَسَطَ ٱللَّهُ ٱلرِّزْقَ لِعِبَادِهِۦ لَبَغَوْاْ فِى ٱلْأَرْضِ وَلَٰكِن يُنَزِّلُ بِقَدَرٍ مَّا يَشَآءُ ۚ إِنَّهُۥ بِعِبَادِهِۦ خَبِيرٌۢ بَصِيرٌ﴾ يەنى ﴿ئەگەر ئاللاھ بەندىلىرىگە رىزىقنى كەڭ قىلىۋەتسە ئىدى، ئۇلار ئەلۋەتتە (يەر يۈزىدە) ھەددىدىن ئېشىپ كېتەتتى. لېكىن، (ئاللاھ ئۇلارنىڭ رىزقىنى) ئۆزى خالىغان مىقداردا چۈشۈرىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ بەندىلىرى (نىڭ ئەھۋالى)دىن تولۇق خەۋەرداردۇر، (ئۇلارنى) كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴾[1]، ﴿إِنَّ رَبَّكَ يَبْسُطُ ٱلرِّزْقَ لِمَن يَشَآءُ وَيَقْدِرُ ۚ إِنَّهُۥ كَانَ بِعِبَادِهِۦ خَبِيرًۢا بَصِيرًا﴾ يەنى ﴿شۈبھىسىزكى، سېنىڭ رەببىڭ خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلىدۇ، (خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى) تار قىلىدۇ. چۈنكى، رەببىڭ بەندىلىرىنى (ۋە ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇ، كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴾[2].

ئى پەيغەمبەر! رەببىڭنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى،ساڭا نازىل قىلىنغان بۇ «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئايەتلىرى يەھۇدىيلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ئېچىپ تاشلىغاندەك، ئۇلارنىڭ رەزىل قىلمىشلىرىدىن ۋە يامان نىيەتلىرىدىن سېنى خەۋەردار قىلغاندەك، ئۇلارنىڭ ئاشقۇنلۇقىنى، ئاسىيلىقىنى، يامانلىقىنى، كۇفرىلىقىنى ۋە ئازغۇنلۇقىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋېتىدۇ. چۈنكى، ئۇلار ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىدىغان قەۋم ئەمەس. ئۇلار قەلب كۆزلىرى كورلاشقان، ۋىجدانى ئۆلگەن ئىنسانلاردۇر. ﴿فَإِنَّهَا لَا تَعْمَى ٱلْأَبْصَٰرُ وَلَٰكِن تَعْمَى ٱلْقُلُوبُ ٱلَّتِى فِى ٱلصُّدُورِ﴾ يەنى ﴿ھەقىقەت شۇكى، كۆزلەرلا كور بولمايدۇ، بەلكى كۆكرەكلەردىكى قەلبلەر (ھەقىقەتنى كۆرۈشتىن) كور بولىدۇ﴾[3]. شۇڭا باشقىلار ئۈچۈن ياخشىلىققا تۈرتكە بولىدىغان شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى يەھۇدىيلار ئۈچۈن يامانلىققا سەۋەب بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا يەھۇدىيلارنىڭ ئارىسىغا تا قىيامەتكىچە شۇنداق ئاداۋەتنى ۋە دۈشمەنلىكنى تاشلىدىكى، ئۇلار ھەرگىزمۇ بىرلىشەلمەيدۇ. ﴿تَحْسَبُهُمْ جَمِيعًا وَقُلُوبُهُمْ شَتَّىٰ ۚ﴾ يەنى ﴿سەن ئۇلارنى ئۇيۇم دەپ ئويلاپ قالىسەن، ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ دىللىرى تارقاقتۇر﴾[4].

---

[1] شۇرا سۈرىسى: 27-ئايەت.
[2] ئىسرا سۈرىسى: 30-ئايەت.
[3] ھەج سۈرىسى: 46-ئايەت.
[4] ھەشر سۈرىسى: 14-ئايەت.

ئى مۇسۇلمانلار! يەھۇدىيلارنىڭ پەلەستىندە دۆلەت قۇرۇپ بىرلەشكەنلىكىگە ئالدىنىپ قالماڭلار. چۈنكى، باشقىلارنىڭ زېمىنىنى تارتىۋېلىپ قۇرۇۋالغان بۇ دۆلىتى ئۇلار ئۈچۈن قورقۇنچنىڭ مەنبەسى بولۇپ قالماقتا.

يەھۇدىيلار ھەمىشە سىرتتىن ياكى ئىچكىرىدىن ئۇرۇش ئوتىنى ياققان چېغىدا، ئاللاھ تائالا دەرھال ئۇنى ئۆچۈرىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ پىلانلىرىنى بىتچىت قىلىۋېتىدۇ، ئۇلارنى يامان نىيەتلىرىگە يەتكۈزمەيدۇ. ئۇلار ھەمىشە يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ يۈرىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ تائالا بۇزغۇنچىلارنى ھەرگىز ياقتۇرمايدۇ، ئۇلارنى بۇ قىلمىشلىرى ئۈچۈن ئەڭ ئېغىر شەكىلدە جازالايدۇ. يەھۇدىيلارنىڭ ئۆتمۈشى ۋە ھازىرى بۇنى ئىسپاتلىماقتا.

ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتى، مەغپىرىتى ۋە مەرھەمىتى شۇنچىلىك كەڭكى، مەيلى ئەھلى كىتابتىن بولسۇن، مەيلى باشقىلاردىن بولسۇن، گۇناھىغا تەۋبە قىلىپ ھەقىقەتكە قايتقۇچىلارنىڭ تەۋبىلىرىنى قوبۇل قىلىپ، گۇناھلىرىنى ئەلۋەتتە كەچۈرىدۇ.

ئەگەر ئەھلى كىتاب (يەنى يەھۇدىيلار بىلەن خىرىستىيانلار) ئۆزلىرىنىڭ مۇقەددەس كىتابلىرىغا ئىمان كەلتۈرۈش بىلەن بىرگە «قۇرئان كەرىم»گە ئىمان ئېيتقان، ئۆزلىرىنىڭ قوللىرىدىكى ساماۋى كىتابلارنى بۇرمىلىمىغان ۋە پۈتۈن ئىشلىرىدا ئاللاھ تائالادىن قورققان بولسا ئىدى، ئاللاھ تائالا ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ يامانلىقلىرىنى يوققا چىقىرىپ، گۇناھلىرىنى كەچۈرگەن ۋە نازۇنېمەتلىك، ئېسىل جەننەتلەرگە كىرگۈزگەن بولاتتى.

ئەگەر ئۇلار ئۆزلىرىگە يول كۆرسىتىش ئۈچۈن ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان «تەۋرات» بىلەن «ئىنجىل» نى دەستۇر قىلىپ، بۇ ئىككىسىگە ئەمەل قىلغان، نەپسى خاھىشىغا بېرىلىپ دىنىنىڭ ئەھكاملىرىنى ئۆزگەرتىۋەتمىگەن، ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ يوشۇرمىغان، ساماۋى كىتابلارنىڭ ئاخىرقىسى بولغان «قۇرئان كەرىم»گە ئىمان ئېيتقان، ئۆزلىرىنى ئىسلاھ قىلغان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان بولسا ئىدى، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ رىزقىنى كەڭ، بەرىكىتىنى زىيادە، ياخشىلىقىنى كۆپ قىلغان بولاتتى -دە، ئۇلارنىڭ رىزقى ھەر تەرەپتىن كېلىپ تۇراتتى. زېمىنىنىڭ ئۈستىدىكى ۋە ئاستىدىكى بايلىقلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ تۇرمۇشىنى بایاشاتقا ئايلاندۇراتتى. بۇ كامىل ئىمان بىلەن ياخشى ئەمەلنىڭ ئاللاھ تائالانى رازى قىلىشقا، رىزىقنىڭ كەڭ ھەم

مول بولۇشىغا، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەختلىك بولۇشقا تۈرتكە بولىدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلىدۇ.

يەھۇدىيلارنىڭ ۋە خرىستىيانلارنىڭ ئارىسىدا ئەقىل ۋە دىنىنىڭ تەلىپىگە لايىق بولۇپ، ھەقىقەتنىڭ ساداسىغا ئاۋاز قوشقان، توغرا يولدا ماڭغان بىر تۈركۈم كىشىلەر بار. ئەمما ئەھلى كىتابنىڭ كۆپ سانلىقى ئەقلىنىڭ مەنتىقىدىن ۋە دىنىنىڭ چەك-چېگراسىدىن چىقىپ كەتكەن پاسىقلاردۇر.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالانى ئۇنىڭ شەنىگە لايىق كەلمەيدىغان سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەش ئەڭ قەبىھ جىنايەتتۇر. ئاللاھ تائالا كاپىرلار سۈپەتلىگەن نالايىق سۈپەتلەردىن ئەلۋەتتە پاكتۇر ۋە ئۈستۈندۇر.

2. يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىيانلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا بولغان ئۆچمەنلىكى مەڭگۈ داۋاملىشىدىغان دىنىي ئۆچمەنلىكتۇر.

3. يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىيانلاردىن ئاخىر زامان پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭغا نازىل بولغان ئىلاھىي دەستۇر «قۇرئان كەرىم»گە ئىمان ئېيتقانلىرى ئىككى ھەسسە ئارتۇق ئەجىر-ساۋابقا ئېرىشىدۇ. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسى بولغىنىدەك، ئۇلارنىڭ ئۆز پەيغەمبەرلىرىنىڭ تەۋسىيەسىدۇر.

4. يەھۇدىيلاردىن ۋە خرىستىيانلاردىن ھەر زامان ھەقىقەتنى قوللايدىغانلار مەۋجۇتتۇر. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدىن تا ھازىرغىچە ئىسلام دىنىغا كىرىپ مۇسۇلمان بولغان يەھۇدىي، خرىستىيان ئۆلىمالىرى، ئىلىم ئەھلىلىرى ۋە زاھىدلىرى كۆپتۇر.

## ◄ پەيغەمبەرلەرنىڭ دىننى يەتكۈزۈش ۋەزىپىسى

﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلرَّسُولُ بَلِّغۡ مَآ أُنزِلَ إِلَيۡكَ مِن رَّبِّكَۖ وَإِن لَّمۡ تَفۡعَلۡ فَمَا بَلَّغۡتَ رِسَالَتَهُۥۚ وَٱللَّهُ يَعۡصِمُكَ مِنَ ٱلنَّاسِۗ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يَهۡدِي ٱلۡقَوۡمَ ٱلۡكَٰفِرِينَ ٦٧ قُلۡ يَٰٓأَهۡلَ ٱلۡكِتَٰبِ لَسۡتُمۡ عَلَىٰ شَيۡءٍ حَتَّىٰ تُقِيمُواْ ٱلتَّوۡرَىٰةَ وَٱلۡإِنجِيلَ وَمَآ أُنزِلَ إِلَيۡكُم مِّن رَّبِّكُمۡۗ وَلَيَزِيدَنَّ

كَثِيرًا مِّنْهُم مَّآ أُنزِلَ إِلَيْكَ مِن رَّبِّكَ طُغْيَـٰنًا وَكُفْرًا ۖ فَلَا تَأْسَ عَلَى
ٱلْقَوْمِ ٱلْكَـٰفِرِينَ ﴿٦٨﴾ إِنَّ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ وَٱلَّذِينَ هَادُوا۟ وَٱلصَّـٰبِـُٔونَ
وَٱلنَّصَـٰرَىٰ مَنْ ءَامَنَ بِٱللَّهِ وَٱلْيَوْمِ ٱلْـَٔاخِرِ وَعَمِلَ صَـٰلِحًا فَلَا خَوْفٌ
عَلَيْهِمْ وَلَا هُمْ يَحْزَنُونَ ﴿٦٩﴾

## تەرجىمىسى

67ـئى پەيغەمبەر! رەببىڭ تەرىپىدىن ساڭا نازىل قىلىنغان ۋەھيىنى (تولۇق) يەتكۈزگىن، ئەگەر (شۇنداق) قىلمىساڭ، ئاللاھنىڭ دىنىنى يەتكۈزمىگەن بولىسەن. ئاللاھ سېنى كىشىلەرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلايدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ كاپىر قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ.

68ـ(ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «ئى ئەھلى كىتاب! سىلەر تەۋراتقا، ئىنجىلغا ۋە سىلەرگە رەببىڭلار تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان (قۇرئان ئايەتلىرى) گە تولۇق ئەمەل قىلمىغۇچە، سىلەر (ھەقىقەتتىن) ھېچ نەرسىنىڭ ئۈستىدە ئەمەسسىلەر». رەببىڭ تەرىپىدىن ساڭا نازىل قىلىنغان ھەقىقەتلەر ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكىدە يامانلىقنى ۋە كۇفرىنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ. شۇڭا كاپىر قەۋم ئۈچۈن قايغۇرمىغىن.

69ـمۇئمىنلەرگە، شۇنداقلا يەھۇدىيلار، سابىئىيلار[1] ۋە خىرىستىيانلار ئىچىدىن ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەل قىلغانلارغا (ئاخىرەتتە) ھېچقانداق غەم قىلىش يوقتۇر، ئۇلاردا قايغۇرۇشمۇ بولمايدۇ.

## تەپسىرى

جانابى ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ يەر يۈزىدىكى سۆيۈملۈك ئەلچىسى ۋە ھەق پەيغەمبىرى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا «ئى پەيغەمبەر!» دەپ خىتاب قىلىش ئارقىلىق «پەيغەمبەرلىك»تىن ئىبارەت ئۇنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئۇنۋانى، ئەڭ ئېسىل سۈپىتى ۋە ئەڭ شەرەپلىك ۋەزىپىسىنى ئۇنىڭغا ئەسلىتىپ تۇرىدۇ. شەكسىزكى، ھەربىر پەيغەمبەرنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى ئاللاھ تائالادىن كەلگەن ۋەھيىنى كىشىلەرگە تولۇق

[1] سابىئىيلار– مۇئەييەن بىر دىنغا تەۋە بولماستىن، تۇغۇلۇشتىكى ھالىتى بىلەن قالغان كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

يەتكۈزۈشتىن ئىبارەتتۇر.

ئى پەيغەمبەر! رەببىڭ تەرىپىدىن ساڭا نازىل قىلىنغان ۋەھيىنى كىشىلەرگە تولۇق يەتكۈزگىن، ئۇنى تولۇق يەتكۈزۈشتە ھېچكىمدىن قورقمىغىن. ئەگەر سەن ساڭا نازىل بولغان ۋەھيىنى كىشىلەرگە تولۇق يەتكۈزمىسەڭ، پەيغەمبەرلىك ۋەزىپەڭنى ئادا قىلمىغان بولىسەن، ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى يەتكۈزمىگەن بولىسەن. چۈنكى، كىشىلەرگە بىلدۈرۈشكە بۇيرۇلغان ئىشلاردىن بىرەرسىنى ئۇلاردىن يوشۇرۇش خۇددى ھەممىنى يوشۇرغانغا ۋە ھېچ دەۋەت قىلمىغانغا ئوخشاشتۇر. مانا بۇ ھەقىقەتنى يوشۇرۇشنىڭ گۇناھىنىڭ قانچىلىك ئېغىر ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن يېتەرلىكتۇر.

﴿يَـٰٓأَيُّهَا ٱلرَّسُولُ بَلِّغْ مَآ أُنزِلَ إِلَيْكَ مِن رَّبِّكَ ۖ وَإِن لَّمْ تَفْعَلْ فَمَا بَلَّغْتَ رِسَالَتَهُۥ﴾ دېگەن بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆزىگە نازىل قىلىنغان ۋەھيىلەرنى كىشىلەرگە تولۇق يەتكۈزۈشكە بۇيرۇغان بولۇپ، بۇ ئايەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىرادىسىنى كۈچەيتىش، روھىنى يۈكسەلدۈرۈش ۋە ھىممىتىنى كۆتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان. چۈنكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كىشىلەرگە يەتكۈزۈشكە بۇيرۇلغان مەسىلىلەرنى يەتكۈزمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس. ئۇ قانداقمۇ يەتكۈزمىسۇن؟ قانداقمۇ ھەقىقەتنى كىشىلەردىن يوشۇرسۇن؟! ھەقىقەت شۇكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىمدىن قورقمايدىغان، دىنىنى يەتكۈزۈش يولىدا ئۆزىنىڭ ھاياتىنى خەتەرلەرگە ئېتىشتىن ئىككىلەنمەيدىغان، شىجائەتلىك، دادىل بىر پەيغەمبەر ئىدى. ئۇ كىشىلەرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن قورقۇپ، ئاللاھ تائالا يەتكۈزۈشكە بۇيرۇغان ئەھكاملارنى يوشۇرغان ئەمەس، بەلكى ھەممىنى تولۇق يەتكۈزگەن.

ئەللامە قۇرتۇبىي ﴿يَـٰٓأَيُّهَا ٱلرَّسُولُ بَلِّغْ مَآ أُنزِلَ إِلَيْكَ مِن رَّبِّكَ ۖ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دېگەن: «بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ‹ئى پەيغەمبەر! رەببىڭ تەرىپىدىن ساڭا نازىل قىلىنغان ۋەھيىنى ئاشكارا يەتكۈزگىن› دېگەنلىك بولىدۇ. چۈنكى، ئىسلامنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇشرىكلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ئېھتىيات قىلىپ، ۋەھيىنى مۇسۇلمانلارغا مەخپىي يەتكۈزەتتى. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلىش ئارقىلىق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ۋەھيىنى ئاشكارا قىلىشقا بۇيرۇغان ۋە ئۇنىڭغا مۇشرىكلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ئۇنى قوغدايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى

ئوچۇق جاكارلىغان تۇنجى ساھابە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولۇپ، ئۇ ‹بىز ئاللاھقا يوشۇرۇن ئىبادەت قىلمايمىز› دېگەن»[1].

ئى پەيغەمبەر! سېنى رەببىڭ ئىنسانلارنىڭ زىيانكەشلىكلىرىدىن چوقۇم قوغدايدۇ. ساڭا سۇيىقەست پىلانلىغان كاپىرلار سېنى ھەرگىز ئۆلتۈرەلمەيدۇ ۋە يوق قىلالمايدۇ. شۇڭا سەن رەببىڭ نازىل قىلغان ئەھكاملارنى كىشىلەرگە تولۇق يەتكۈزگىن، جاپا-مۇشەققەتتىن، خەتەر-لەردىن قورقۇپ قالمىغىن. ئەمدى بۇ يولدىكى جاپا -مۇشەققەت، ئازاب-ئوقۇبەت، مۇسىبەت ۋە تالاپەت قاتارلىقلارغا كەلسەك، بۇلار پەيداكارلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى ئۈچۈن شەرت- شارائىت ھازىرلايدىغان سىناقلاردۇر. ھەقىقىي مۆئمىنلەر بىلەن يالغانچى مۇناپىقلار مۇشۇنداق قىيىن سىناقلار ئارقىلىقلا بىر-بىرىدىن ئايرىلىدۇ.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ ئەلچىسى تۇرسا، ئاللاھ تائالا ئۇنى قانداقمۇ قوغدىمىسۇن؟ ئەلۋەتتە ئۇنى ھەرتۈرلۈك زىيانكەشلىكلەردىن پەقەت ئاللاھ تائالا ئۆزى قوغداپ قالغان.

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتلەردە، ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھ تائالانىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىنى، ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئۇنىڭغا كەلگەن ۋەھىيلەرنىڭ ھېچبىرىنى كىشىلەردىن يوشۇرماي، ھەممىسىنى تولۇق يەتكۈزگەنلىكىنى ۋە ھېچ-كىمگە ئايرىم مۇئامىلىدە بولمىغانلىقىنى ئېلان قىلىش ۋە كىشىلەرگە بۇنى ئۇقتۇرۇپ قويۇشنى مەقسەت قىلغان. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەممىگە: ﴿وَأَنَّ هَٰذَا صِرَٰطِي مُسۡتَقِيمٗا فَٱتَّبِعُوهُۖ وَلَا تَتَّبِعُواْ ٱلسُّبُلَ فَتَفَرَّقَ بِكُمۡ عَن سَبِيلِهِۦۚ﴾ يەنى ﴿شەكسىزكى، بۇ مېنىڭ توپتوغرا يولۇمدۇر، شۇڭا سىلەر مۇشۇ يولدا مېڭىڭلار، ناتوغرا يوللاردا ماڭماڭلار، بولمىسا (ئۇ ناتوغرا يوللار) سىلەرنى ئاللاھنىڭ يولىدىن ئايرىۋېتىدۇ﴾[2] دەپ ۋەز-نەسىھەت قىلغان.

﴿شەكسىزكى، ئاللاھ كاپىر قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ﴾ يەنى ئى پەيغەمبەر! ساڭا ئازار بەرگەن، ساڭا تۇزاق قۇرغان ۋە ساڭا دۈشمەنلىك كۆرسەتكەن مۇنداق كاپىر قەۋمنى ئاللاھ تائالا ھەرگىز توغرا يولغا يېتەكلىمەيدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئۆزىنىڭ كۇفرىلىقىنى ئىماندىن ئەۋزەل كۆرىدىغان، ھىدايەت يولىنى خالىمىغان ئازغۇنلاردۇر. شۇڭا ئاللاھ تائالا

[1] «تفسير القرطبي» 6- توم، 179- بەت.
[2] ئەنئام سۈرىسى: 153-ئايەت.

مۇنداق ئازغۇنلارنى ئۆز ئازغۇنلۇقىدا قويۇپ قويىدۇ.

ئى پەيغەمبەر! سەن يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىيانلارغا ئېيتقىنكى، ئى ئەھلى كىتاب! سىلەر ھەقىقەتتىن ھېچ نەرسىنىڭ ئۈستىدە ئەمەسسىلەر، چۈنكى سىلەر ئازغۇنلۇق پاتقاقلىرى ئىچىدىسىلەر. سىلەر «تەۋرات» بىلەن «ئىنجىل» نى چىڭ تۇتۇپ، ئۇنىڭغا ئىزچىل ئەمەل قىلمىغۇچە، سىلەرنىڭ مۇسا، ئىيسا ۋە باشقا پەيغەمبەرلەرگە مەنسۇپ بولغىنىڭلارنىڭ سىلەرگە ھېچقانداق پايدىسى يوقتۇر. چۈنكى، سىلەر بۇ كىتابلارغا تولۇق ئەمەل قىلمىغۇچە ھەق دىن ئۈستىدە بولغان بولمايسىلەر. «تەۋرات» بىلەن «ئىنجىل» غا ئەمەل قىلىش دېگەن بۇ كىتابلاردىكى ئاللاھ تائالانىڭ بىر ئىكەنلىكىگە ئېتىقاد قىلىشتىن ئىبارەت تەۋھىد ئەقىدىسىدە چىڭ تۇرۇش، دىنىي ئەھكاملارغا ئەمەل قىلىش ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەققىدىكى بېشارەتلەرنى ئېتىراپ قىلىش بىلەن بولىدۇ. «تەۋرات» بىلەن «ئىنجىل»غا تولۇق ئەمەل قىلىش دېگەنلىك يەنە پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق سىلەرگە نازىل قىلىنغان ۋە ئۆزىدىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە بېرىلگەن ئىلاھىي كىتابلارنى تەستىقلىغۇچى ئۇلۇغ كىتاب-«قۇرئان كەرىم»گە ئەمەل قىلىش بىلەنلا ئەمەلگە ئاشىدۇ. بىز مۇسۇلمانلارمۇ «قۇرئان كەرىم»گە تولۇق ئەمەل قىلمىغۇچە ۋە ھەربىر ئىشىمىزدا ئۇنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىش كۆرمىگۈچە ھەقىقەتتىن، ھەق دىنىدىن ھېچ نەرسە ئۈستىدە بولغان بولمايمىز. چۈنكى، بىزنىڭ ئىززىتىمىز ۋە ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدىكى قەدىر-قىممىتىمىز ئۇنىڭ دىنىغا ئەمەل قىلىش بىلەن ۋە تەقۋالىق قىلىش بىلەن بولىدۇ.

ئى پەيغەمبەر! رەببىڭنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ساڭا نازىل قىلىنغان«قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرى يەھۇدىيلارنىڭ ئاسىيلىقىغا ئاسىيلىق، كاپىرلىقىغا كاپىرلىق، ئازغۇنلۇقىغا ئازغۇنلۇق قاتىدۇ. مانا بۇ يەھۇدىيلاردا ئومۇملاشقان ھەسەتخورلۇق ۋە ھاكاۋۇرلۇقتىن ئىبارەت رەزىل ئىللەتنىڭ سەۋەبىدىندۇر. ﴿وَدَّ كَثِيرٌ مِّنْ أَهْلِ ٱلْكِتَٰبِ لَوْ يَرُدُّونَكُم مِّنۢ بَعْدِ إِيمَٰنِكُمْ كُفَّارًا حَسَدًا مِّنْ عِندِ أَنفُسِهِم مِّنۢ بَعْدِ مَا تَبَيَّنَ لَهُمُ ٱلْحَقُّ﴾ يەنى ﴿ئەھلى كىتاب ئىچىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزلىرىگە ھەقىقەت ئاشكارا بولغاندىن كېيىن، ئىچ-ئىچىدىن ھەسەت قىلىپ، سىلەرنى ئىمانىڭلاردىن قايتۇرۇپ كاپىر قىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ﴾ [1].

[1] بەقەرە سۈرىسى: 109-ئايەت.

ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ كىتابلىرىغا ئىمان ئېيتقان ئاز تۈركۈم كىشىلەرگە كەلسەك، «قۇرئان كەرىم» ئۇلارنىڭ توغرا يول تېپىشىغا ۋە ياخشى ئىشلارنى تېخىمۇ كۆپ قىلىشىغا تۈرتكە بولىدۇ.

ئى پەيغەمبەر! «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە خۇسۇسىيىتى بۇنداق بولغان ئىكەن، يەھۇدىيلارنىڭ قىلمىشلىرى سېنى غەمكىن قىلمىسۇن. كاپىر قەۋم ئۈچۈن ھەرگىز قايغۇرمىغىن. بۇ يەردە ھېچكىمنىڭ تىلى، ئىرقى، رەڭگى ۋە يۇرتى بىلەن ھېسابلاشماي، پۈتۈن ئىنسانىيەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر ئىلاھىي قانۇن بار. شۇڭا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا كەلگەن ئىسلام دىنىنىڭ پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق دىنى بولۇش ئۈچۈن كەلگەنلىكى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. ﴿وَمَآ أَرۡسَلۡنَٰكَ إِلَّا كَآفَّةٗ لِّلنَّاسِ بَشِيرٗا وَنَذِيرٗا﴾ يەنى ﴿سېنى بىز پەقەت پۈتكۈل ئىنسانلار ئۈچۈن خۇش خەۋەر بەرگۈچى ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپلا ئەۋەتتۇق﴾[1]. ئەمدى، تىلى بىلەنلا ئىمان ئېيتىپ قويۇپ، دىلىدا كۇفرىنى يوشۇرىدىغان مۇناپىقلارغا، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىغا ئاسىيلىق قىلغان يەھۇدىيلارغا، دىنىدىن يېنىۋېلىپ ئىمانىنىڭ چەك-چېگراسىدىن چىقىپ كەتكەن مۇرتەدلەرگە، ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئىلاھ قىلىۋالغان خىرىستىيانلارغا كەلسەك، بۇلاردىن كىمكى گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىپ، ھەق دىنغا ئەگىشىپ، ئاللاھ تائالاغا، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ھەقىقىي رەۋىشتە ئىمان ئېيتىدىكەن ۋە شۇ ئىمانىنىڭ تەقەززاسى بويىچە ھاياتىنى ياخشى ئىشلارنى قىلىش بىلەن ئۆتكۈزىدىكەن، مۇنداق كىشىلەرگە قىيامەت كۈنىنىڭ ئازابىدىن مەڭگۈلۈك قورقۇش يوقتۇر. ئۇلارغا ھەرگىزمۇ غەم-قايغۇ بولمايدۇ. ئۇلار نازۇنېمەتلىك جەننەتلەردە، ئېسىل تەختلەر ئۈستىدە خۇشال-خۇرام ئولتۇرۇپ ئەتراپىدىكى گۈزەللىكلەرنى تاماشا قىلىدۇ.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋەزىپىسى ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇقلىرىنىڭ ھەممىسىنى كىشىلەرگە تولۇق يەتكۈزۈشتۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالا نازىل قىلغان ۋەھىيلەرنىڭ ھەممىسىنى تولۇق ۋە كامىل يەتكۈزۈش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ پەيغەمبەرلىك بۇرچىنى

[1] سەبەئ سۈرىسى: 28-ئايەت.

تولۇقى بىلەن ئادا قىلغان ئۆلگىلىك پەيغەمبەردۇر.

2. يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىيانلاردىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئېتىراپ قىلمىغانلارنىڭ ھەممىسى كاپىرلاردۇر.

3. تەبىئىتىدە تەرسالىق بولغانلار، مۇتەكەببىرلەر، ئازغۇنلار ۋە ھەقىقەتنى ئىزدىمەيدىغانلار ئۈچۈن دەلىل-ئىسپات پايدىسىز، نەسىھەت ئۈنۈمسىزدۇر.

4. ئىسلام دىنى پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈن كەلگەن ئومۇمىي دىندۇر. بۇ دىنغا ئەگەشكەنلەر ئۆزلىرىنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت-سائادەتلىرىنى تاپقان، ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگەنلەر ئىككى ئالەملىك بەختسىزلىك يولىنى تاللىغان بولىدۇ.

### ◄ يەھۇدىيلارنىڭ قاباھەتلىرىدىن

﴿لَقَدۡ أَخَذۡنَا مِيثَٰقَ بَنِيٓ إِسۡرَٰٓءِيلَ وَأَرۡسَلۡنَآ إِلَيۡهِمۡ رُسُلٗاۖ كُلَّمَا جَآءَهُمۡ
رَسُولُۢ بِمَا لَا تَهۡوَىٰٓ أَنفُسُهُمۡ فَرِيقٗا كَذَّبُواْ وَفَرِيقٗا يَقۡتُلُونَ ٧٠
وَحَسِبُوٓاْ أَلَّا تَكُونَ فِتۡنَةٞ فَعَمُواْ وَصَمُّواْ ثُمَّ تَابَ ٱللَّهُ عَلَيۡهِمۡ ثُمَّ
عَمُواْ وَصَمُّواْ كَثِيرٞ مِّنۡهُمۡۚ وَٱللَّهُ بَصِيرُۢ بِمَا يَعۡمَلُونَ ٧١﴾

### ◄ تەرجىمىسى

70-شەكسىزكى، بىز ئىسرائىل ئەۋلادىدىن چىن ۋەدە ئالغان ۋە ئۇلارغا پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەن ئىدۇق. ئۇلارغا ھەر قاچان بىرەر پەيغەمبەر ئۇلار ياقتۇرمايدىغان بىرەر نەرسىنى (بىرەر ئەھكامنى) ئېلىپ كەلسە، ئۇلار (پەيغەمبەرلەرنىڭ) بىر قىسمىنى ئىنكار قىلدى، بىر قىسمىنى ئۆلتۈردى.

71-ئۇلار ئازابقا دۇچار بولمايمىز، دەپ ئويلاپ، كور ۋە گاس بولۇۋالدى، (ئۇلار تەۋبە قىلغاندىن) كېيىن، ئاللاھ ئۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى. ئاندىن ئۇلارنىڭ نۇرغۇنى يەنە كور ۋە گاس بولۇۋالدى. ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.

### ◄ تەپسىرى

ئەھلى كىتابنىڭ، خۇسۇسەن يەھۇدىيلارنىڭ قىلمىشلىرى ھەققىدىكى

بايانلار داۋام قىلماقتا. شەكسىزكى، بىز ئىسرائىل ئەۋلادىدىن ئاللاھ تائالاغا، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان ئېيتىدىغانلىقىغا ۋە ھەقىقەتنى قەتئىي يوشۇرمايدىغانلىقىغا چىن ۋەدە ئالغان ئىدۇق. بۇ ۋەدىنى ھەمىشە ئېسىدە چىڭ تۇتسۇن، دەپ ئۇنى تەكىتلەيدىغان ۋە خاتىرىلىتىپ تۇرىدىغان پەيغەمبەرلەرنى ئۇلارغا ئەۋەتىپ تۇردۇق. لېكىن ھەرقاچان بىرەر پەيغەمبەر ئۇلارغا ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئۇلارنىڭ نەپسى خاھىشىغا ياقمايدىغان بىرەر ئىلاھىي ھۆكۈمنى ئېلىپ كەلسە، ئۇلار دەرھال ئۇنىڭغا قارشى دۈشمەنلىك مەۋقەسىدە تۇرۇپ، ئۇ پەيغەمبەرگە قارشى چىقتى ۋە ئۇنىڭغا ئازاب-ئوقۇبەتنىڭ ئەڭ قاتتىقىنى تېتىتتى، ھەتتا بەزىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى.

گويا بىراۋ كېلىپ «بۇ يەھۇدىيلار نېمە ئىش قىلغان ئىدى؟» دەپ سورىسا، ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان جاۋاب شۇكى: ئۇلار پەيغەمبەرلەردىن بىر بۆلۈكىنى ئىنكار قىلدى، يەنە بىر بۆلۈكىنى ﴿رەببىمىز ئاللاھتۇر﴾ دېگەنلىكى ئۈچۈن ناھەق ئۆلتۈرۈۋەتتى. يەھۇدىيلار تەرىپىدىن ناھەق ئۆلتۈرۈلگەن زەكەرىييا ۋە يەھيا ئەلەيھىسسالاملار بۇنىڭ مىسالى. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئۇلارغا لەنەت قىلدى. بۇ يەھۇدىيلار شۇنداق ۋەھشىي، شۇنداق زالىم تۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ بىرەر ئازابقا ياكى چوڭ مۇسىبەتلەرگە دۇچار بولۇپ قېلىشىنى ئېھتىمالدىن تولىمۇ يىراق ساناشتى. بۇ نېمە ئۈچۈن شۇنداق؟ چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىنى «ئاللاھنىڭ ئوغۇللىرى»، «ئاللاھنىڭ يېقىن بەندىلىرى» دەپ جۆيلىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھۆرمەتلىك پەيغەمبەرلەرنىڭ نەسىللىرىدىن كەلگەنلىكىگە ئىشىنىپ، قىلغان گۇناھلىرى، سادىر قىلغان ۋەھشىي جىنايەتلىرى ئۈچۈن جازاغا تارتىلمايدىغانلىقىنى گۇمان قىلىپ شۇنداق قىلاتتى. شۇڭا ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ كىتابلىرىدىكى ئايەتلەرنى، ئوپئوچۇق ھەقىقەتلەرنى كۆرمەسلىك ئۈچۈن كور بولۇۋالدى، ھەقىقەتنىڭ ساداسىغا قۇلاق سالماسلىق، ۋەز-نەسىھەتلەرنى ئاڭلىماسلىق ئۈچۈن گاس بولۇۋالدى. ئۇلار ئۆزلىرىگە قارىتىلغان ئاگاھلاندۇرۇشلارغا قارشى كۆزلىرىنى يۇمۇۋالدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ھېچبىر نەسىھەتنى قوبۇل قىلمايدىغان ھالغا كەلدى. ئوپئوچۇق ھەقىقەتلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان ئايەتلەر ئالدىدا ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرى ئاڭلىماس بولۇپ قالدى. ئۇلار موزايغا چوقۇنغاندىن كېيىن، بۇ گۇناھى ئۈچۈن تەۋبە قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى. ئاندىن ئۇلار ھەددىدىن ئېشىپ ئاللاھ تائالانى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرۈشنى تەلەپ قىلىش، زەكەرىييا ۋە يەھيا قاتارلىق پەيغەمبەرلەرنى ناھەق ئۆلتۈرۈش، ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى

ئۆلتۈرۈشنى پىلانلاش ۋە ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلىپ، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ بۇيرۇغانلىرىغا خىلاپلىق قىلىش بىلەن يەنە كور ۋە گاس بولۇۋالدى.

﴿ئۇلارنىڭ نۇرغۇنى...﴾ دېگەن ئايەت ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئاسىي-گۇناھكارلار ئىكەنلىكىنى، پەقەت ئاز قىسمىنىڭلا ئىمانلىق ياخشى كىشىلەر ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئەمما بىز ئى مۇسۇلمانلار! دىنىمىزنىڭ روھىغا ئەمەل قىلماي تۇرۇپ، قۇرۇق ئارزۇ-ئارمانلار بىلەن ئۆزىمىزنى خۇشال قىلساق بولمايدۇ. بىز ھەر زامان قۇلاقلىرىمىزنىڭ يېنىدا جاراڭلاپ تۇرۇۋاتقان ئىلاھىي ئاگاھلاندۇرۇشلارنى سەل چاغلىماسلىقىمىز لازىم. يەھۇدىيلارغا ئوخشاش بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنىشىمىز لازىم.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. يەھۇدىيلار بىر زامانلاردا ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئەزىزلىككە ۋە ھۆرمەتكە ئېرىشكەن بىر مىللەت ئىدى. ئەمما ئۇلار ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىشنىڭ ئورنىغا ئاسىيلىق قىلغانلىقى ۋە پەيغەمبەرلەرنى ناھەق ئۆلتۈرگەنلىكى سەۋەبلىك ئاللاھ تائالانىڭ لەنىتىگە ۋە غەزىپىگە ئۇچرىغان.

2. ھەقىقەتنىڭ ساداسىغا قۇلاق سالمىغانلار مەنىۋى گاسلار، ھەقىقەتنى كۆرمىگەنلەر مەنىۋى كورلاردۇر. بۇ دۇنيادىكى مەنىۋى كورلار قىيامەت كۈنىدە ھەقىقىي كورلاردىن بولۇپ قوپىدۇ. ﴿وَمَنْ أَعْرَضَ عَن ذِكْرِى فَإِنَّ لَهُۥ مَعِيشَةً ضَنكًا وَنَحْشُرُهُۥ يَوْمَ ٱلْقِيَٰمَةِ أَعْمَىٰ ﴿١٢٤﴾ قَالَ رَبِّ لِمَ حَشَرْتَنِىٓ أَعْمَىٰ وَقَدْ كُنتُ بَصِيرًا ﴿١٢٥﴾ قَالَ كَذَٰلِكَ أَتَتْكَ ءَايَٰتُنَا فَنَسِيتَهَا ۖ وَكَذَٰلِكَ ٱلْيَوْمَ تُنسَىٰ﴾ يەنى ﴿كىمكى مېنىڭ زىكرىمدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، ئۇنىڭ ھاياتى جاپالىق بولىدۇ، قىيامەت كۈنى بىز ئۇنى كور ھالىتىدە تىرىلدۈرىمىز». ئۇ: «ئى رەببىم! نېمىشقا مېنى كور ھالەتتە تىرىلدۈردۈڭ؟ ھالبۇكى، (دۇنيادىكى چاغدا) مېنىڭ كۆزۈم كۆرەتتىغۇ؟» دەيدۇ. ئاللاھ ئېيتىدۇ: «سېنى شۇنداق (كور ھالەتتە تىرىلدۈردۈم)، چۈنكى ساڭا بىزنىڭ ئايەتلىرىمىز كەلگەن تۇرۇقلۇق، سەن ئۇلارنى تاشلاپ قويغان ئىدىڭ. سەنمۇ بۈگۈن ئەنە شۇنداق تاشلىنىپ قالىسەن»﴾[1].

[1] تاھا سۈرىسى: 124-126-ئايەتلەر.

### خىرىستىيانلارنىڭ نەزىرىدىكى ئىلاھ

﴿لَقَدۡ كَفَرَ ٱلَّذِينَ قَالُوٓاْ إِنَّ ٱللَّهَ هُوَ ٱلۡمَسِيحُ ٱبۡنُ مَرۡيَمَۖ وَقَالَ
ٱلۡمَسِيحُ يَٰبَنِيٓ إِسۡرَٰٓءِيلَ ٱعۡبُدُواْ ٱللَّهَ رَبِّي وَرَبَّكُمۡۖ إِنَّهُۥ مَن يُشۡرِكۡ
بِٱللَّهِ فَقَدۡ حَرَّمَ ٱللَّهُ عَلَيۡهِ ٱلۡجَنَّةَ وَمَأۡوَىٰهُ ٱلنَّارُۖ وَمَا لِلظَّٰلِمِينَ مِنۡ
أَنصَارٖ ﴿٧٢﴾ لَّقَدۡ كَفَرَ ٱلَّذِينَ قَالُوٓاْ إِنَّ ٱللَّهَ ثَالِثُ ثَلَٰثَةٖۘ وَمَا مِنۡ إِلَٰهٍ
إِلَّآ إِلَٰهٞ وَٰحِدٞۚ وَإِن لَّمۡ يَنتَهُواْ عَمَّا يَقُولُونَ لَيَمَسَّنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ
مِنۡهُمۡ عَذَابٌ أَلِيمٌ ﴿٧٣﴾ أَفَلَا يَتُوبُونَ إِلَى ٱللَّهِ وَيَسۡتَغۡفِرُونَهُۥۚ وَٱللَّهُ
غَفُورٞ رَّحِيمٞ ﴿٧٤﴾ مَّا ٱلۡمَسِيحُ ٱبۡنُ مَرۡيَمَ إِلَّا رَسُولٞ قَدۡ خَلَتۡ مِن
قَبۡلِهِ ٱلرُّسُلُ وَأُمُّهُۥ صِدِّيقَةٞۖ كَانَا يَأۡكُلَانِ ٱلطَّعَامَۗ ٱنظُرۡ كَيۡفَ
نُبَيِّنُ لَهُمُ ٱلۡأٓيَٰتِ ثُمَّ ٱنظُرۡ أَنَّىٰ يُؤۡفَكُونَ ﴿٧٥﴾ قُلۡ أَتَعۡبُدُونَ مِن
دُونِ ٱللَّهِ مَا لَا يَمۡلِكُ لَكُمۡ ضَرّٗا وَلَا نَفۡعٗاۚ وَٱللَّهُ هُوَ ٱلسَّمِيعُ
ٱلۡعَلِيمُ ﴿٧٦﴾﴾

### تەرجىمىسى

72-شەكسىزكى، «ئاللاھ مەريەم ئوغلى ئىيسادۇر» دېگۈچىلەر ھەقىقەتەن كاپىر بولدى. ھالبۇكى، ئىيسا: «ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! مېنىڭ رەببىم ۋە سىلەرنىڭمۇ رەببىڭلار بولغان ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، كىمكى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭغا جەننەتنى ھارام قىلىدۇ، ئۇنىڭ جايى دوزاخ بولىدۇ، زالىملارغا ھېچبىر ياردەم قىلغۇچى بولمايدۇ» دېگەن ئىدى.

73-شەكسىزكى، «ئاللاھ ئۈچ ئىلاھنىڭ بىرىدۇر» دېگۈچىلەرمۇ ھەقىقەتەن كاپىر بولدى. بىر ئىلاھتىن باشقا (ھەقىقىي) ئىلاھ يوقتۇر. ئەگەر ئۇلار ئېيتىۋاتقان سۆزلىرىدىن قايتمىسا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن كاپىر بولغانلار قاتتىق ئازابقا قالىدۇ.

74-ئۇلار تېخىچە ئاللاھقا تەۋبە قىلىپ، ئۇنىڭدىن مەغپىرەت تەلەپ قىلمامدۇ؟ ھالبۇكى، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.

75ـ مەريەم ئوغلى ئىيسا پەقەتلا پەيغەمبەردۇر، ئۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر ئۆتكەن، ئۇنىڭ ئانىسى ناھايىتى راستچىل ئايال ئىدى، ئۇ ئىككىسى (باشقا ئىنسانلارغا ئوخشاشلا) تاماق يەيتتى. ئايەتلىرىمىزنى ئۇلارغا (خرىستىيانلارغا) قانداق بايان قىلىۋاتقانلىقىمىزغا قارىغىن، ئاندىن ئۇلارنىڭ (ھەقتىن) قانداق بۇرۇلۇپ كېتىۋاتقانلىقىغىمۇ قارىغىن.

76ـ (ئى پەيغەمبەر!) سەن (مۇشرىكلارغا): «سىلەر ئاللاھنى قويۇپ، سىلەرگە پايدا-زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان نەرسىلەرگە چوقۇنامسىلەر؟» دېگىن. ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر».

### ◄ بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

«قۇرئان كەرىم» ئالدىنقى ئايەتلەردە يەھۇدىيلارنىڭ قاباھەتلىك قىلمىشلىرىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، بۇ ئايەتلەردە خرىستىيانلارنىڭ ئاللاھ تائالا توغرىسىدىكى باتىل ئەقىدىسى ئۈستىدە توختىلىدۇ ۋە ئۇلارغا كەسكىن رەددىيە بېرىدۇ.

### ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، «ئاللاھ مەريەم ئوغلى ئىيسادۇر» دېگۈچىلەر شەكسىز كاپىر بولىدى. ئۇلار قانداقمۇ كاپىر بولمىسۇن؟! ئۇلار دىن ۋە ئەقىلنىڭ چەك-چېگراسىدىن چەتنەپ چوڭقۇر ئازغۇنلۇق پاتقىقىغا پاتتى ئەمەسمۇ؟! چۈنكى ئۇلار «ئاللاھ ئاتا، بالا ۋە روھۇلقۇددۇستىن ئىبارەت ئۈچ جەۋھەردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بۇ ئۈچ ئىلاھ بىر-بىرىگە ئوخشاشتۇر، ئۈچ بىردۇر، بىر ئۈچتۇر» دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. ﴿كَبُرَتْ كَلِمَةً تَخْرُجُ مِنْ أَفْوَاهِهِمْ إِن يَقُولُونَ إِلَّا كَذِبًا﴾ يەنى ﴿ئۇلارنىڭ ئېغىزىدىن چىققان سۆز نېمىدېگەن چوڭ (كۇفرىلىق)! ئۇلار پەقەت يالغاننىلا ئېيتىدۇ﴾[1]. ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنىڭ خۇلاسىسى «ئاللاھ ئىيسادۇر، ئىيسا ئاللاھتۇر» دېيىشتىن ئىبارەتتۇر.

«قۇرئان كەرىم» ئۇلارغا رەددىيە بېرىپ دەيدۇكى، سىلەر مۇنداق ئوپئوچۇق بوھتاننى قانداقمۇ ئېغىزىڭلاردىن چىقىرىسىلەر؟ ھالبۇكى، مەريەم ئوغلى ئىيسا ئۆز ۋاقتىدا ﴿ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! مېنىڭ رەببىم

[1] كەھف سۈرىسى: 5ـ ئايەت.

ۋە سىلەرنىڭمۇ رەببىڭلار بولغان ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار﴾ دېيىش ئارقىلىق كىشىلەرنى بىر ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشقا، ئىبادەتتە ئۇنىڭغا ھېچكىمنى ۋە ھېچ نەرسىنى شېرىك قىلىپ قوشماسلىققا بۇيرۇغان ئەمەسمىدى؟

ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئۆز قەۋمىنى ئاللاھ تائالاغا مەخلۇقاتنى شېرىك قىلىۋېلىشنىڭ يامان ئاقىۋىتىدىن ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېگەن ئىدى: ﴿كىمكى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭغا جەننەتنى ھارام قىلىدۇ، ئۇنىڭ جايى دوزاخ بولىدۇ، زالىملارغا ھېچقانداق ياردەم قىلغۇچى بولمايدۇ﴾. يەنى كىمكى ئاللاھ تائالانىڭ مەخلۇقاتلىرىدىن بىرەرسىنى ئىلاھ دەۋالىدىكەن ياكى ئۇنىڭغا ئاللاھ تائالاغا ئەقىدە قىلغاندەك ئەقىدە قىلىدىكەن ۋەياكى ئۇنىڭدىن مەدەت ۋە ياردەم سورايدىكەن، ئاللاھ تائالا ئۇنى چوقۇم جازالايدۇ، ئۇنىڭغا جەننەتنى مەڭگۈلۈك ھارام قىلىۋېتىدۇ، ئۇنىڭ جايى پەقەتلا دوزاخ بولىدۇ، ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئۆزىگە ۋە باشقىلارغا زۇلۇم قىلغان مۇنداق زالىملارغا قىيامەت كۈنى ئۇلارنى ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالىدىغان ھېچبىر مەدەتكار ياكى شاپائەتچى چىقمايدۇ. ﴿مَن ذَا ٱلَّذِى يَشْفَعُ عِندَهُۥٓ إِلَّا بِإِذْنِهِۦ﴾ يەنى ﴿ئاللاھنىڭ رۇخسىتىسىز كىممۇ ئاللاھنىڭ ئالدىدا شاپائەت قىلالىسۇن؟!﴾[1].

﴿شەكسىزكى، «ئاللاھ ئۈچ ئىلاھنىڭ ئۈچىنچىسىدۇر» دېگۈچىلەرمۇ ھەقىقەتەن كاپىر بولدى﴾ يەنى ئاللاھ ئىلاھنى تەشكىل قىلغان ئۈچ جەۋھەرنىڭ بىرىدۇر، دېگۈچىلەر شەكسىز كاپىر بولغانلاردۇر. چۈنكى، كائىناتتا چىن ئەقىدە باغلاپ ئېتىقاد قىلىشقا ۋە ئىبادەت قىلىشقا تېگىشلىك بولغان بىرلا ئىلاھ بار. ئۇ بولسىمۇ، ئاللاھ تائالادۇر! ئاللاھ تائالا ئۆزى يالغۇز ئىلاھ بولۇپ، ئۇ بىرەر ياردەمچىگە ياكى بالىغا موھتاج ئەمەس، ئەكسىچە، ھەممە مەخلۇقات ئاللاھ تائالاغا موھتاجدۇر. ﴿لَمْ يَلِدْ وَلَمْ يُولَدْ ۝٣ وَلَمْ يَكُن لَّهُۥ كُفُوًا أَحَدٌۢ﴾ يەنى ﴿ئۇ بالىلىق بولغانمۇ ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس. ھېچكىم ئۇنىڭغا تەڭداش بولالمايدۇ﴾[2]. ئاللاھ تائالا كاپىرلارنىڭ شېرىك قىلىۋالغان نەرسىلىرىدىن ئەلۋەتتە پاكتۇر.

﴿ئەگەر ئۇلار ئېيتىۋاتقان سۆزلىرىدىن قايتمىسا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كاپىر بولغانلار قاتتىق ئازابقا قالىدۇ﴾ ئۇلارنىڭ كۆزلىرى كور بولۇپ

[1] بەقەرە سۈرىسى: 255-ئايەت.

[2] ئىخلاس سۈرىسى: 3-4-ئايەتلەر.

قالدىمۇ نېمە؟ ئۇلار نېمىشقا گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىپ، ئاللاھ تائالادىن كەچۈرۈم سورىمايدۇ؟ ئۇلار نېمە ئۈچۈن ھەقىقەتكە قايتمايدۇ؟ ھالبۇكى، ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە مەرھەمەت قىلىش يۈزىسىدىن ئۇلارغا رەھىم-شەپقەت قىلىشنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان ۋە تولىمۇ كەچۈرۈمچان زاتتۇر.

ئەمەلىيەتتە، مەريەم ئوغلى مەسىھ (يەنى ئىيسا ئەلەيھىسسالام) باشقا پەيغەمبەرلەرگە ئوخشاش بىر پەيغەمبەردۇر. ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەر خىل مۆجىزىلەر بىلەن ۋە پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مەڭگۈلۈك مۆجىزە بولغان شانلىق «قۇرئان كەرىم» بىلەن كۈچلەندۈرۈلگىنىگە ئوخشاش، مەريەم ئوغلى مەسىھمۇ تۈرلۈك مۆجىزىلەر بىلەن كۈچلەندۈرۈلگەن ئىدى. ئۇنىڭمۇ كۆپلىگەن مۆجىزىلىرى بولغان. ﴿إِنَّمَا ٱلۡمَسِيحُ عِيسَى ٱبۡنُ مَرۡيَمَ رَسُولُ ٱللَّهِ وَكَلِمَتُهُۥٓ أَلۡقَىٰهَآ إِلَىٰ مَرۡيَمَ وَرُوحٞ مِّنۡهُ﴾ يەنى ﴿مەسىھ-مەريەم ئوغلى ئىيسا پەقەتلا ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىدۇر، ئاللاھنىڭ مەريەمگە چۈشۈرگەن كەلىمىسىدۇر[1]، ئاللاھ تەرىپىدىن (كەلگەن) بىر روھتۇر﴾[2].

ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى ھەزرىتى مەريەم ناھايىتى راستچىل، پاك ئايال ئىدى. ئاللاھ تائالا ئۆز ۋاقتىدا ھەزرىتى مەريەمگە ئۆز دەرگاھىدىن بىر روھنى پۈۋلىگەن ئىدى. ھەزرىتى مەريەم بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ خۇسۇسىيىتى ۋە قانداق ئىكەنلىكىگە كەلسەك، ئۇلارمۇ خۇددى باشقا ئىنسانلارغا ئوخشاش ئىنسان ئىدى. بۇ ئىككىسىمۇ ھاياتىنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن تاماق يېيىش ئارقىلىق ئوزۇقلىنىشقا موھتاج ئىدى. ئۇلارنىڭمۇ خۇددى باشقا ئىنسانلارغا ئوخشاش ئىنساني ئېھتىياجلىرى بار ئىدى. باشقا ئىنسانلارنىڭ بېشىغا كەلگەن مۇسىبەتلەر ئۇلارنىڭمۇ بېشىغا كېلەتتى. ئۇلارمۇ باشقىلارغا ئوخشاش ئۆزلىرىنىڭ بېشىغا كەلگەن مۇسىبەتلەردىن ساقلىنىشتىن ئاجىز ئىدى. دېمەك، ئىيسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ ئانىسى مەريەم ئىككىسى ئىنسان ئىدى. ئىنساننىڭ ئىلاھلىق سۈپەتلىرىگە ئىگە بولۇشى ياكى ئۇنىڭ ئىلاھ بولۇشى مۇمكىنمۇ؟

ئەقىل كۆزى بىلەن كۆرۈشنى بىلگەنلەرگە مەلۇمكى، بىز خىرىس-تىيانلارغا ئايەتلىرىمىزنى شۇنچىلىك روشەن، شۇنچىلىك چۈشىنىشلىك

[1] يەنى ئاللاھنىڭ «بول!» دېگەن سۆزىدىن يارىتىلغاندۇر.
[2] نىسا سۈرىسى: 171-ئايەت.

بايان قىلىنغان بولساقمۇ، ئۇلار يەنىلا ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشتىن ئۆزلىرىنى قاچۇرۇپ كەلمەكتە. نېمە ئۈچۈن ئۇلار ھەقىقەتتىن شۇنچىلىك قاچىدۇ؟ چۈنكى ئۇلار قارىغۇلارچە تەقلىدچىلىككە ئادەتلىنىپ كەتكەنلىكتىن، ئەقلىنىڭ ۋەزىپىسىنى تامامەن يوقاتقان. شۇڭا ئۇلار ئەقلىنى ئىشلىتىشنى بىلمەيدىغان كىشىلەردۇر.

## ◄ «قۇرئان كەرىم»نىڭ مەسىھ ھەققىدىكى مەۋقەسىنىڭ خۇلاسىسى

«قۇرئان كەرىم» مەريەم ئوغلى ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئەڭ توغرا رەۋىشتە تونۇشتۇرىدۇ. ئەھلى كىتابنىڭ ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا بولغان كۆزقارىشى توغرا ئەمەس، چۈشەنچىسى ئادىل ئەمەس. چۈنكى، يەھۇدىيلار ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىدۇ، ئۇنى ئاتىسى مەلۇم ئەمەس دەپ ئەيىبلەيدۇ، ئۇنىڭ ئانىسى مەريەمنى نىكاھسىز بالا تۇغقان دەپ ئەيىبلەيدۇ. خرىستىيانلار بولسا، ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئىنسانلىق مەرتىۋىسىدىن ئىلاھلىق مەرتىۋىسىگە كۆتۈرۈۋالغان بولۇپ، خرىستىيانلارنىڭ بەزىسى ئۇنى ئىلاھ دەۋالسا، بەزىسى ئۇنى ئۈچ ئىلاھنىڭ بىرى، دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ، يەنە بەزىسى ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھنىڭ ئۆزىدۇر دېسە، بەزىسى ئۇنى ئاللاھنىڭ ئوغلى دەۋالىدۇ. نىسا سۈرىسىنىڭ 171-172-ئايەتلىرى (بۇ ئايەتلەرنىڭ تەپسىرلىرى يۇقىرىدا ئۆتتى)، مائىدە سۈرىسىنىڭ 17-ۋە 72-73-74-75-76-ئايەتلىرىدە ئىيسا ئەلەيھىسسالام ھەققىدە ئەڭ توغرا بايانلار كەلگەن.

خۇلاسە قىلغاندا، مەريەم ئوغلى ئىيسا ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن نۇھ، ئىبراھىم، مۇسا قاتارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ قاتارىدىن بىر پەيغەمبەردۇر. ئۇ ئىسرائىل ئەۋلادىغا ئەۋەتىلگەن، ئاللاھنىڭ «بول!» دېگەن كەلىمىسى بىلەن تۆرەلگەن، ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن بىر روھ بىلەن كۈچلەندۈرۈلگەن، ئاللاھ تائالانىڭ ئىتائەتمەن بەندىسى بولۇپ، ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىشتىن باش تارتقان ئەمەس. «ئىنجىللار»دا قەيت قىلىنغاندەك، ئۇ ھەمىشە ئاللاھ تائالاغا يېلىنىپ دۇئا قىلىش بىلەن ئۆتكەن ۋە ئۆزىنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ بەندىسى ئىكەنلىكىنى ھەمىشە دېگۈدەك ئىقرار قىلىپ ئۆتكەن.

ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە ئوخشاش زامانىغا مۇناسىپ مۆجىزە بىلەن كۈچلەندۈرۈلگەن پەيغەمبەردۇر. ئاللاھ تائالا خالىغىنىنى يارىتىدۇ، چۈنكى ئاللاھ تائالا ھەممىگە قادىردۇر.

ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ يارىتىلىشىدا ئەجەبلىنىدىغان ئىش يوق. چۈنكى، ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئاتىسىز يارىتىلغان بولسا، ئادەم ئەلەيھىسسالام ھەم ئاتىسىز ھەم ئانىسىز يارىتىلغان. ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ ئايالى ھەۋۋانىڭ ۋە پۈتۈن ھايۋاناتلارنىڭ يارىتىلىش قىسسىسى ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ يارىتىلىش قىسسىسىدىنمۇ بەك ئاجايىپتۇر. پۈتۈن كەمچىلىكلەردىن ۋە نۇقسانلاردىن پاك بولغان ئۇلۇغ ئاللاھ تائالا ھەممىگە قادىردۇر. ئۇنىڭ ئىرادىسىگە قارشى چىقالايدىغان، ئۇنىڭ ھۆكمىنى رەت قىلالايدىغان ھېچقانداق كۈچ يوقتۇر. ناۋادا، ئاللاھ تائالا ئىيسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ ئانىسىنى ۋە يەر يۈزىدىكى پۈتۈن مەۋجۇداتنى ھالاك قىلىۋەتمەكچى بولسا، ئۇنىڭغا كىم توسقۇنلۇق قىلالايدۇ؟

ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئىسرائىل ئەۋلادىغا چاقىرىق قىلىپ: ﴿ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! مېنىڭ رەببىم ۋە سىلەرنىڭمۇ رەببىڭلار بولغان ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار﴾ دېگەن، ئاندىن ئۇلارنى ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈشنىڭ يامان ئاقىۋىتىدىن ئاگاھلاندۇرغان. «قۇرئان كەرىم» ئۈچنى بىر گەۋدە قىلىدىغان (يەنى ئاللاھ، ئىيسا ۋە روھۇلقۇدۇس ئۈچى بىر ئىلاھتۇر، دەيدىغان) ئەقىدىنىڭ تۈپتىن خاتا ئىكەنلىكىنى، ئاللاھ تائالادىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوقلۇقىنى، ئاللاھ تائالانىڭ بىر قانچە ئىلاھتىن تەركىب تاپمىغانلىقىنى، ئۇنىڭ شېرىكى ياكى بالىسى يوقلۇقىنى ۋە ئۇنىڭ كاپىرلار سۈپەتلىگەن نەرسىلەردىن ئەلۋەتتە پاك ئىكەنلىكىنى جاكارلايدۇ. ﴿مَا قُلْتُ لَهُمْ إِلَّا مَآ أَمَرْتَنِي بِهِۦٓ أَنِ ٱعْبُدُوا۟ ٱللَّهَ رَبِّي وَرَبَّكُمْ ۚ وَكُنتُ عَلَيْهِمْ شَهِيدًا مَّا دُمْتُ فِيهِمْ ۖ فَلَمَّا تَوَفَّيْتَنِي كُنتَ أَنتَ ٱلرَّقِيبَ عَلَيْهِمْ ۚ وَأَنتَ عَلَىٰ كُلِّ شَىْءٍ شَهِيدٌ﴾ يەنى ﴿مەن ئۇلارغا پەقەت سەن مېنى ئىبتىشقا بۇيرۇغان: ‹مېنىڭ رەببىم ۋە سىلەرنىڭمۇ رەببىڭلار بولغان ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار› دېگەن سۆزنىلا ئېيتقان ئىدىم. مەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بولغان مۇددەتتە، ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى كۆزىتىپ تۇرغان ئىدىم، مېنى ئىلىپ كەتكىنىڭدىن كېيىن ئۇلارنى سەن كۆزىتىپ تۇرغان ئىدىڭ، سەن ھەممە نەرسىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىسەن﴾[1].

بۇ «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئىيسا ئەلەيھىسسالام توغرۇلۇق بەرگەن خەۋەرلىرىنىڭ خۇلاسىسى بولۇپ، «ئىنجىل»لاردا مەنىسى مۇئەييەن ئەمەس تېكىستلەر ئۇچرايدۇ. بۇ دەل خرىستىيانلارنىڭ گاھ «ئاللاھ ئۈچ ئىلاھنىڭ بىرىدۇر»، گاھ «ئاللاھ ئىيسادۇر» دېيىشىگە تۈرتكە بولغان تېكىستلەردۇر.

[1] مائىدە سۈرىسى: 117-ئايەت.

ئەمما «ئىنجىل»لاردىكى مەنىسى مۇئەييەن تېكىستلەر خۇددى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئايەتلىرىگە ئوخشاش ئاللاھ تائالانىڭ بىر ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن، ئۇنى جاكارلىغان ۋە ئىيسا ئەلەيهىسسالامنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى ئوچۇقلىغان. شۇ ئىنىقكى، يۇنانلىق، رىملىق ۋە مىسىرلىق خرىستىيانلارنىڭ ئىيسا ئەلەيهىسسالامنىڭ ئەسلى تەلىماتىدىن چەتنەپ كېتىپ، ئازغۇنلۇق پاتقاقلىرىغا چۆكۈپ كېتىشىدە بۇتپەرەسلىكنىڭ چوڭ تەسىرى بولغان. «ماركۇس ئىنجىلى»دە قەيت قىلىنىشىچە، ئىيسا ئەلەيهىسسالام خرىستىيانلار توغرۇلۇق مۇنداق دېگەن: «ئۇلار ئىنسانلارنىڭ سۆزلىرىنى تەلىمات ئورنىدا قوبۇل قىلىپ، بولسىزلىق قىلىپ ماڭا چوقۇنىدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئاللاھنىڭ ئەمرىنى قويۇپ ئىنسانلارنى تەقلىد قىلىشنى ئەۋزەل كۆرىدۇ».

## ◄ «ئىنجىل» دىكى مەنىسى مۇئەييەن ئەمەس تېكىستلەر

«يۇھەننا ئىنجىلى» 1-بۆلۈم، 1-تېكىستتە مۇنداق كەلگەن: «باشلىنىشتا كەلىمە ئىدى، كەلىمە ئاللاھنىڭ يېنىدا ئىدى، كەلىمە ئاللاھ ئىدى».

خرىستىيانلارنىڭ چۈشەنچىسىدە، كەلىمە مەسىھ ئىيسادۇر. بۇ چۈشەنچە خرىستىيانلارنىڭ ئىيسا ئەلەيهىسسالامنى ئاللاھ دەپ دەۋا قىلىشىغا تۈرتكە بولغان. يۇھەننانىڭ بىرىنچى مەكتۇبى، بەشىنچى بۆلۈم 7-ۋە 8-تېكىستلىرىدە «ئاسماندا گۇۋاھ بولغۇچى ئاتا، كەلىمە ۋە روھۇلقۇدۇستۇر. بۇ ئۈچى بىردۇر. يەر يۈزىدە گۇۋاھلىق بەرگۈچىلەرمۇ ئۈچ بولۇپ، ئۇلار: روھ، سۇ ۋە قاندۇر. بۇلارمۇ ئۈچى بىردۇر» دەپ قەيت قىلىنغان. بۇ سۆزلەر ئۈچنى بىر گەۋدە قىلىش ئېتىقادىنى ئوچۇقچە بايان قىلماقتا. ئالدىنقى ئۈچى نېمىگە گۇۋاھلىق بېرىدۇ؟ كېيىنكى ئۈچى نېمىگە گۇۋاھلىق بېرىدۇ؟ بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق نېمە؟ قايسى ئۈچكە ئېتىقاد قىلىمىز؟ ئۈچنى بىر دېيىش ياكى بىرنى ئۈچ دېيىش نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟ ئېنىقكى، بۇ ئاجايىپ خۇراپىي سۆزلەردۇر. «ئىنجىل» دىكى مەنىسى مۇئەييەن تېكىستلەرنى دەلىل قىلىپ تۇرۇپ، خرىستىيانلارنىڭ ئىيسا ئەلەيهىسسالامنى ئىلاھ دەيدىغان بۇ خۇراپىي ئەقىدىسىگە مۇنداق رەددىيە بېرىمىز:

1. «شەيتان مەسىھنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنى سىناش ئۈچۈن ‹ئەگەر سەن ماڭا سەجدە قىلساڭ، بۇ جايلارنىڭ ھەممىسىنى ساڭا بېرىمەن› دېدى. مەسىھ شەيتانغا رەددىيە بېرىپ مۇنداق دېدى ‹يوقال ئى شەيتان! چۈنكى،

بىزنىڭ كىتابىمىزدا «سەن ئىلاھىڭ بولغان رەببىڭگە ئۆزىڭلا ئىبادەت قىلغىن ۋە ئۇنىڭغىلا سەجدە قىلغىن» دەپ يېزىلغان، دېدى»[1].

2. ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ۋە ھەقىقىي ئىلاھ بولغان ئاللاھ تائالانىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلىدۇ. ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىپ مۇنداق دېگەن: «مەڭگۈلۈك ھاياتلىق سېنى ۋە سېنىڭ بىرلا ئىلاھ ئىكەنلىكىڭنى، سەن ئەۋەتكەن پەيغەمبەر ئىيسا مەسىھنى بىلگەنلەرگە خاستۇر»[2].

3. ئىيسا ئەلەيھىسسالام بىر پەيغەمبەردۇر. ئۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ كۆپلىگەن پەيغەمبەرلەر كېلىپ كەتكەن. پاۋلۇسنىڭ كورىنتوسلارغا يازغان مەكتۇبىنىڭ 10-بۆلۈم 28-تېكىستىدە مۇنداق دېگەن: «ھەممە بويسۇندۇرغان زاتنىڭ ئۆزىگە ئوغۇلمۇ (يەنى ئىيسامۇ) بويسۇنىدۇ».

4. ئىيسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ ئانىسى ھەزرىتى مەريەم باشقا ئىنسانلارغا ئوخشاش ھاياتنىڭ قىيىنچىلىقلىرىغا ئۇچرايتتى، خۇشال بولاتتى، غەمكىن بولاتتى، تاماق يەيتتى، ھاجەتكە باراتتى. «ئازىر ئۆلۈپ تۆت كۈندىن كېيىن، يەسۇئ ئازىر ئۆلگەن يېرىغا باردى. ئۇ جايدا ئازىرنىڭ ئاچا-سىڭىللىرى مەريەم بىلەن مىرسا ئىككىسى يىغلاپ ئولتۇراتتى، يەسۇئ ئۇلارنى كۆرۈپ قاتتىق بىئارام بولدى ۋە يىغلاپ كەتتى ئۇنىڭ بىلەن كەلگەن يەھۇدىيلارمۇ يىغلاشتى. ئاندىن يەسۇئ «ئازىرنى نەگە دەپنە قىلدىڭلار» دەپ سورىۋىدى، ئۇنىڭغا «ئەي ئەپەندىم! كېلىپ كۆرۈڭ» دەپ جاۋاب بېرىشتى. يەسۇئ يەنە يىغلاشقا باشلىدى». بۇلار ئىنجىلنىڭ تېكىستلىرىدۇر. ئەقىل ئىگىسى بولغان بىر ئىنسان ئاللاھنىڭ بىئارام بولۇپ، كۆڭلىنىڭ سىقىلىشىنى، ئۆلۈكنىڭ نەگە دەپنى قىلىنغانلىقىنى بىلمەسلىكىنى ۋە ئۇنىڭ يىغلىشىنى تەسەۋۋۇر قىلالامدۇ؟ بۇ خۇسۇسىيەتلەرنىڭ ھەممىسى ئىنساني خۇسۇسىيەتلەر ئەمەسمۇ؟ مەزكۇر «ئىنجىل»نىڭ 42-تېكىستىدە ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ تائالاغا مۇنداق مۇناجات قىلغانلىقى قەيت قىلىنغان: «ساڭا رەھمەت ئېيتىمەن. چۈنكى، سەن مېنىڭ دۇئايىمنى ئاڭلىدىڭ. ھەر ۋاقىت ئاڭلايدىغانلىقىڭنى بىلىمەن. پەقەت شۇ تۇرغان خەلقنىڭ ئىمان ئېيتىشى ئۈچۈن مېنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەنلىكىڭنى ئېيتتىم». بۇ تېكىست ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پەقەت پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى كىشىلەرنىڭ

[1] «ئىنجىل مەتتا» 4: 10.
[2] «ئىنجىل يۇھەننا» 3: 17.

بىلىشى ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئارزۇسى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

شۇنى ئەسكەرتىش زۆرۈركى، «ئىنجىل»لاردا كەلگەن «ئاتا» سۆزى ئاللاھ تائالانى ئىپادىلىگەن بولۇپ، ئۇ خىرىستىيانلار دەۋا قىلغاندەك، ھەممىگە تونۇشلۇق بولغان «ئاتا» مەنىسىدە ئەمەس، بەلكى «ياراتقۇچى ئىلاھ» دېگەن مەنىدە كەلگەن. ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ «ئىنجىل»لاردا قەيت قىلىنغان «ئاتا» دېگەن سۆزى «ئاللاھ»، «رەببىم» دېگەن مەنىدە ئىيتىلغان. «ئىنجىل مەتتا»نىڭ 11- باب، 25- ئايەتتە، ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ تائالاغا مۇناجات قىلىپ: «ئى ئاسمان ۋە زېمىننىڭ رەببى بولغان ئاتا!» دېگەنلىكى قەيت قىلىنغان.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. خىرىستىيانلارنىڭ ئۈچنى بىر گەۋدە قىلىش ئەقىدىسى خۇراپىي ئەقىدىدۇر. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ شېرىك قىلغان نەرسىلىرىدىن ئەلۋەتتە پاكتۇر ۋە ئۈستۈندۇر.

2. ئىيسا ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئانىسى ھەزرىتى مەريەم خىرىستىيانلارنىڭ ئىلاھ قىلىۋالغان دەۋالىرىدىن ۋە يەھۇدىيلارنىڭ تۇرلۇك تۆھمەتلىرىدىن ئەلۋەتتە پاكتۇر.

3. خىرىستىيانلار ئاللاھ تائالانىڭ بىر ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلمىغۇچە ئاخىرەتتە نىجاتلىققا ئېرىشەلمەيدۇ.

4. ئىيسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ ئانىسى ھەزرىتى مەريەم ئىنساندۇر.

5. خىرىستىيانلارنىڭ ئىلاھ ھەققىدىكى خاتا چۈشەنچىسى بۇددا دىنىنىڭ خۇراپاتلىرىنى تەقلىد قىلغانلىقتىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئۇلار ئېتىقاد قىلغان خۇراپاتلاردىن ئەلۋەتتە يىراقتۇر.

## ◄ خىرىستىيانلاردىكى بۇزغۇنچىلىقنىڭ سەۋەبلىرى

﴿قُلْ يَـٰٓأَهْلَ ٱلْكِتَـٰبِ لَا تَغْلُوا۟ فِى دِينِكُمْ غَيْرَ ٱلْحَقِّ وَلَا تَتَّبِعُوٓا۟
أَهْوَآءَ قَوْمٍ قَدْ ضَلُّوا۟ مِن قَبْلُ وَأَضَلُّوا۟ كَثِيرًا وَضَلُّوا۟ عَن سَوَآءِ
ٱلسَّبِيلِ ٧٧ لُعِنَ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ مِنۢ بَنِىٓ إِسْرَٰٓءِيلَ عَلَىٰ لِسَانِ دَاوُۥدَ

وَعِيسَى ٱبۡنِ مَرۡيَمَۚ ذَٰلِكَ بِمَا عَصَواْ وَّكَانُواْ يَعۡتَدُونَ ﴿٧٨﴾ كَانُواْ لَا
يَتَنَاهَوۡنَ عَن مُّنكَرٖ فَعَلُوهُۚ لَبِئۡسَ مَا كَانُواْ يَفۡعَلُونَ ﴿٧٩﴾ تَرَىٰ
كَثِيرٗا مِّنۡهُمۡ يَتَوَلَّوۡنَ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْۚ لَبِئۡسَ مَا قَدَّمَتۡ لَهُمۡ أَنفُسُهُمۡ
أَن سَخِطَ ٱللَّهُ عَلَيۡهِمۡ وَفِي ٱلۡعَذَابِ هُمۡ خَٰلِدُونَ ﴿٨٠﴾ وَلَوۡ كَانُواْ
يُؤۡمِنُونَ بِٱللَّهِ وَٱلنَّبِيِّ وَمَآ أُنزِلَ إِلَيۡهِ مَا ٱتَّخَذُوهُمۡ أَوۡلِيَآءَ وَلَٰكِنَّ
كَثِيرٗا مِّنۡهُمۡ فَٰسِقُونَ ﴿٨١﴾

### تەرجىمىسى

77ـ(ئى پەيغەمبەر! خرىستىيانلارغا) ئېيتقىنكى، «ئى ئەھلى كىتاب! دىنىڭلاردا يولسىزلىق قىلىپ چەكتىن ئېشىپ كەتمەڭلار، ئىلگىرى ئۆزلىرى ئازغان، نۇرغۇن كىشىلەرنى ئازدۇرغان ۋە توغرا يولدىن ئاداشقان قەۋم (يەھۇدىيلار) نىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشمەڭلار».

78ـ ئىسرائىل ئەۋلادى ئىچىدىن كاپىر بولغانلارغا داۋۇدنىڭ ۋە مەريەم ئوغلى ئىيسانىڭ تىلى بىلەن لەنەت قىلىندى. بۇ ئۇلارنىڭ ئاسىيلىق قىلغانلىقى ۋە ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكىدىن بولدى.

79ـ ئۇلار ئۆزلىرى قىلغان يامان ئىشلاردىن بىر-بىرىنى توسمايتتى. ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى نېمىدېگەن يامان!

80ـ(ئى پەيغەمبەر!) سەن ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرىنىڭ كاپىرلارنى دوست تۇتقانلىقىنى كۆرىسەن. ئۇلارنىڭ نەپسى خاھىشى قىلدۇرغان قىلمىشلىرى نېمىدېگەن يامان! (بۇ قىلمىشلىرى سەۋەبلىك) ئاللاھ ئۇلارغا غەزەپ قىلدى. ئۇلار مەڭگۈ ئازابقا قالغۇچىلاردۇر.

81ـ ئەگەر ئۇلار ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە ۋە پەيغەمبەرگە نازىل قىلىنغان (ۋەھيى)گە ئىمان ئېيتقان بولسا ئىدى، كاپىرلارنى دوست تۇتمىغان بولاتتى. لېكىن ئۇلارنىڭ تولىسى (ئاللاھنىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئىتائىتىدىن) چىققۇچىلاردۇر.

### تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! خرىستىيانلارغا ئېيتقىنكى، سىلەر ئاللاھ تائالانى قويۇپ، نە دۈشمەنلىرىگە زىيان يەتكۈزەلمىگەن، نە دوستلىرىغا پايدا

يەتكۈزەلمىگەن ئىيساغا ۋە ئاتالمىش ئىلاھلارغا چوقۇنامسىلەر؟ مانا بۇ ئىيسا ئۆزىنىڭ ئەشەددىي دۈشمەنلىرى بولغان يەھۇدىيلارغا زىيان يەتكۈزەلىدىمۇ؟ ياق! ئەكسىچە، يەھۇدىيلار ئۇنى دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈشكە ئۇرۇنۇشتى. مەلۇمكى، دارغا ئېسىش ئۆلۈم تۈرلىرىنىڭ ئەڭ قاتتىقى ۋە ئەڭ خارلىغۇچىسىدۇر. دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈلگەن كىشى (ئىنجىلنىڭ تەبىرى بويىچە) لەنەتكە ئۇچرىغان كىشىدۇر. ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئۆزىنى يەھۇدىيلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن قوغدىيالىدىمۇ؟ دۈشمەنلىرىگە بىر ئازاب چۈشۈرەلىدىمۇ؟ ئۇنىڭ قىلالىغان بىرلا ئىشى ئاللاھ تائالاغا مۇناجات قىلىش ۋە بارلىق ئىشلىرىنى ئاللاھ تائالاغا تاپشۇرۇش بولدى. ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئۆز ۋاقتىدا بارغانلىكى يېرىدە ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنغان ۋە ئەڭ ۋەھشىي قىيىن-قىستاقلارغا ئېلىنغان مۇرتلىرى ئۈچۈن نېمە قىلىپ بېرەلىدى؟ ئۇلارغا بىرەر پايدا يەتكۈزەلىدىمۇ؟ بۇنداق بىر ئىنسان قانداقمۇ ئىلاھ بولالىسۇن؟!

ھەرقانداق ئاۋازنى، ھەتتا پەس ئاۋازدىكى پىچىرلاشلارنىمۇ ئېنىق ئاڭلاپ تۇرغۇچى ۋە ھەممىنى تولۇق بىلىپ تۇرغۇچى زات ئاللاھ تائالادۇر! ئاللاھ تائالا ھەممىگە قادىردۇر، ئىبادەت قىلىنىشقا ۋە ئىلتىجا قىلىنىشقا تامامەن لايىقتۇر! ئى پەيغەمبەر! خىرىستىيانلارغا ئېيتقىنكى، سىلەر ئىيسا ئەلەيھىسسالام ھەققىدە بۇنداق نالايىق سۆزلەرنى قىلماڭلار، ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلىپ ھەددىڭلاردىن ئېشىپ كەتمەڭلار. ئىيسا ئاللاھ تائالانىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرىدۇر، خالاس.

يەھۇدىيلار ئىيسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ ئانىسى ھەزرىتى مەريەمگە تۆھمەت چاپلاش ۋە ئۇ ئىككىسىنىڭ پاكلىقىنى ئىنكار قىلىش ئارقىلىق تولىمۇ ھەددىدىن ئاشقان بولسا، خىرىستىيانلار ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئىلاھ مەرتىۋىسىگە كۆتۈرۈۋالغان، ھەتتا ئۇنىڭغا چوقۇنغان. ئى ئىنسانلار! ئىيسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ ئانىسى ھەزرىتى مەريەم توغرۇلۇق «قۇرئان كەرىم»دە بايان قىلىنغان ھەقىقەتلەرنى قوبۇل قىلىڭلار، چۈنكى ئۇنىڭدا ھېچقانداق ئاشۇرۇۋېتىش ياكى مەرتىۋىسىنى تۆۋەنلىتىۋېتىش يوقتۇر.

ئى خىرىستىيانلار! ئىلگىرى ئۆزلىرى ئازغان، نۇرغۇن كىشىلەرنى ئازدۇرغان ۋە توغرا يولدىن پۈتۈنلەي چىقىپ كەتكەن ئاشۇ يەھۇدىيلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا، ئۇلارنىڭ ھاۋايى-ھەۋەسلىرىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقارغان پىكىر-قاراشلىرىغا ھەرگىز ئەگەشمەڭلار، ئۇلارنىڭ يالغانلىرىغا ئىشەنمەڭلار، ئۇلارنى ھەرگىز دورىماڭلار!

ئېنىقكى، بۇ خىتاب ھازىرقى زامان يەھۇدىيلىرى بىلەن خرىستىيانلىرىغا قارىتىلغان. چۈنكى، يەھۇدىيلارنىڭ ۋە خرىستىيانلارنىڭ موللىلىرى ئۆزلىرى ئېزىپ كەتكەننى ئاز دەپ، ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ ئىنكار قىلىش، «تەۋرات» ۋە «ئىنجىل»نىڭ تېكىستلىرىنى بۇرمىلاش، ئاخىر زامان پەيغەمبىرى توغرۇلۇق كەلگەن بېشارەتلەرنى يوشۇرۇش ۋە بۇرمىلاش ئارقىلىق ئاۋام خەلقنى ئازدۇرۇپ، ئۇلارنى ئىسلام نېمىتىدىن مەھرۇم قىلىپ كەلدى.

ئاللاھ تائالا يەھۇدىيلارنىڭ ئازغان ۋە نۇرغۇن كىشىلەرنى ئازدۇرغانلىقىنى، شۇنداقلا توغرا يولدىن پۈتۈنلەي يىراقلىشىپ كەتكەنلىكىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، تۆۋەندە بۇنىڭ سەۋەبى ئۈستىدە توختىلىدۇ:

يەھۇدىيلارغا «زەبۇر»دا داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلى بىلەن، «ئىنجىل»دا ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلى بىلەن لەنەت قىلىنىدى. بۇ لەنەت ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلغانلىقى، گۇناھ-مەئسىيەت ئىشلارنى ئوچۇق-ئاشكارا قىلغانلىقى ۋە ئۆزلىرى قىلىۋاتقان گۇناھ-مەئسىيەتلەردىن بىر-بىرىنى توسمىغانلىقى سەۋەبتىن ئىدى. داۋۇد ئەلەيھىسسالام ئۇلاردىن شەنبە كۈنىنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلىمىغانلارغا لەنەت قىلغان، ئىيسا ئەلەيھىسسالاممۇ شۇنداق قىلغان.

«قۇرئان كەرىم» ئەھلى كىتابنىڭ گۇناھ-مەئسىيەتنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىشىنىڭ سەۋەبىنى ئىزاھلاپ دەيدۇكى، ئۇلارنىڭ ئادىتىدە يامان ئىش قىلغانلارنى توسۇش يوق ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاسىي-گۇناھكارلارنى گۇناھتىن قايتۇرىدىغان، زالىملارنى زۇلمىدىن مەنئى قىلىدىغان ھەققانىيەتچى كىشىلىرى يوق ئىدى. بۇ سەۋەبتىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بۇزۇقچىلىق، يامان ئادەت، گۇناھ-مەئسىيەتلەر يامراپ كەتكەن. مانا بۇ يوقىلىش ۋە تۈگىشىشنىڭ مۇقەددىمىسى ئىدى. ئاللاھ تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى ھەقىقەتەن يامان ئىدى.

بىر مىللەتتە رەزىللىكلەر ۋە ئەخلاقسىزلىقلار ئومۇملىشىپ، ئىنسانلارنى يامان قىلمىشلىرىدىن مەنئى قىلىدىغان ياكى ئۇنىڭغا قارشى چىقىدىغان ھېچكىم چىقمىسا، ئىنسانلاردىكى ئاللاھ تائالادىن قورقۇش تۇيغۇسى، دىللاردىكى ھايا تۇيغۇسى كېتىپ قالىدۇ-دە، بۇ رەزىللىكلەر ئادەتكە ئايلىنىپ قالىدۇ. بۇنىڭ بىلەن دىنىنىڭ كۆڭۈللەردىكى ھەيۋىتى ۋە سەلتەنىتى كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ، ئاندىن ئىنسانلارنىڭ ئاللاھ تائالا بىلەن بولغان ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالىدۇ.

يامانلىقلارنى توسۇش دىنىنى ساقلايدۇ ۋە ئۇنى قورغان ئىچىگە ئالىدۇ. سادىر قىلىنىۋاتقان يامانلىقلارغا پىسەنت قىلماسلىق ئومۇم خەلق ئۈچۈن، خۇسۇسەن ئۆلىمالار ۋە دىندارلار ئۈچۈن پالاكەتتۇر. بۇ قورقۇنچلۇق زاماندا ئەڭ ئاخىرقى پەللىسىگە يېتىپ قالغان بۇزۇقچىلىقلار، يولسىزلىقلار ۋە ھەر تۈرلۈك يامانلىقلارنى پەقەت شەخسلەر بىلەن كوللېكتىپنىڭ بىردەك كۈچ چىقىرىشى ۋە بىرلىك ئاساسىدا ھەمكار-لىششى بىلەنلا يىلتىزىدىن قۇمۇرۇپ تاشلىغىلى بولىدۇ.

«كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسۇش»تىن ئىبارەت دىنىي بۇرچىنى ئۇنتۇغان ھەرقانداق بىر مىللەت ئۈچۈن بەلگىلەنگەن ئېغىر جازادىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ھەربىر مۇسۇلمان ئادەم قولىدىن كەلگەننى قىلىشى لازىم.

ئىمام ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىمام تىرمىزى ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ بۇزۇلۇشىغا سەۋەب بولغان تۇنجى خاتالىق شۇ ئىدىكى، كىشىلەردىن بىرى (گۇناھ قىلىۋاتقان) بىراۋغا يولۇققان چېغىدا، ئۇنىڭغا ‹ئاللاھتىن قورققىن، بۇ يامان ئىشنى قىلمىغىن› دەيتتى. ئەتىسى يەنە شۇ ئادەمنى ئەينى گۇناھنى قىلىۋاتقان ھالىتىدە ئۇچراتقاندا، ئۇنىڭ بۇ ئەھۋالى ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئولتۇرۇشىغا ۋە بىرگە يەپ- ئىچىشىگە توسقۇن بولمايتتى (يەنى ئۇنىڭ گۇناھ سادىر قىلىشىنى يامان كۆرمەيدىغان بولۇپ قالاتتى). ئۇلار شۇنداق قىلغاندىن كېيىن، ئاللاھ ئۇلارنىڭ قەلبىنى بىر-بىرىگە ئوخشاش قىلىۋەتتى (يەنى ھەممىسىنى گۇناھكار قىلىۋەتتى)». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنىڭدىن كېيىن: ﴿ئىسرائىل ئەۋلادىدىن كاپىر بولغانلار داۋۇدنىڭ ۋە مەريەم ئوغلى ئىيسانىڭ تىلى بىلەن لەنەت قىلىندى. بۇ ئۇلارنىڭ ئاسىيلىق قىلغانلىقى ۋە ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكىدىن بولدى﴾ دېگەن ئايەتنى ئوقۇغان، ئاندىن يەنە مۇنداق دېگەن: «ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سىلەر چوقۇم كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارغا چاقىرىسىلەر، يامان ئىشلاردىن توسىسىلەر، ئاندىن زالىمنىڭ قولىدىن تۇتۇپ، ئۇنى ھەقىقەتكە قايتۇرىسىلەر، ھەقىقەتنى زورلاپ بولسىمۇ قوبۇل قىلدۇرىسىلەر ياكى (ئەگەر شۇنداق قىلمىساڭلار) ئاللاھ سىلەرنىڭ قەلبىڭلارنى بىر-بىرىڭلارغا ئوخشاش قىلىپ قويىدۇ (يەنى گۇناھكار بىلەن گۇناھتىن توسمىغانلارنى ئوخشاش قىلىپ قويىدۇ)، نەتىجىدە، ئاللاھ ئۇلارغا لەنەت قىلغاندەك،

سىلەرگىمۇ لەنەت قىلىدۇ»[1].

«كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسۇش»نى تەرك ئېتىشنىڭ گۇناھىنىڭ ئېغىرلىقىنى بايان قىلغان ھەدىسلەر ئىنتايىن كۆپتۇر.

ئى قەۋم! بىز قاچانغىچە دىنىمىزدىن يۈز ئۆرۈشنى داۋاملاشتۇرىمىز ۋە قاچانغىچە يامانلىقلىرىمىزنى تاشلىمايمىز؟ ئەھلى كىتابنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ئەھۋالى مۇشۇنداق ئىدى. ئۇلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن زامانداش بولغانلىرىغا، خۇسۇسەن يەھۇدىيلارنىڭ شۇ زامانلاردا مەدىنىدە ياشىغانلىرىغا كەلسەك، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى مەككىدىكى بۇتپەرەس ئەرەبلەر بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇسۇلمانلارغا قارشى بىرلەشكەن چوڭ كۈچكە ئايلانغان ئىدى.

ئۆز ۋاقتىدا يەھۇدىيلاردىن كەئب ئىبنى ئەشرەف ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى مەككىگە بېرىپ، مۇشرىكلاردىن ئادەم توپلاپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارشى قوشۇن تەشكىللەشكە تىرىشقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ بۇ ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشمىغان. ئۇلارنىڭ ئىسلامغا قارشى تۈرۈش ئارقىلىق سادىر قىلغان قىلمىشلىرى نېمىدېگەن يامان! بۇ قىلمىشلار ئەلۋەتتە ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپىنى ۋە ئازابىنى ئېلىپ كېلىدىغان يامان ۋە خەتەرلىك قىلمىشلار ئىدى. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئۇلارغا لەنەت قىلغان ۋە ئۇلارنىڭ ئاخىرەتتە مەڭگۈلۈك دوزاختا قالىدىغانلىقىنى بەلگىلىۋەتكەن.

ئەگەر يەھۇدىيلار ئاللاھ تائالاغا، مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭغا نازىل بولغان «تەۋرات»قا راستتىنلا ئىمان ئېيتقان بولسا ئىدى، ئۇلار قۇرەيش بۇتدىستلىرى باشچىلىقىدىكى كاپىر قەبىلىلەرنى دوست تۇتۇپ، ئۇلارنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارشى كۈشكۈرتمىگەن بولاتتى. ئۇلارنىڭ تولىسى دىنىنىڭ چەك-چېگراسىدىن چىقىپ كەتكەن، يالغاندىن ئۆزلىرىنى دىندار قىلىپ كۆرسىتىدىغان ۋە دۇنيالىق مەنپەئەتتىنلا كۆزلەيدىغان ئازغۇنلاردۇر.

جانابى ئاللاھ تائالا بىزنى ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا، «قۇرئان كەرىم» بىلەن پاك سۈننەتنىڭ روھى بويىچە ئىش كۆرۈشكە نېسىپ قىلغاي، ئامىن.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

---

[1] «سنن أبي داود» 4-توم، 121-بەت، 4336-ھەدىس.

1. كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇش، دەۋەت قىلىش، تەشەببۇس قىلىش، ئۇلارنى يامانلىقلاردىن، گۇناھلاردىن، زۇلۇمدىن ۋە ناھەقچىلىكلەر-دىن مەنئى قىلىش، زۇلۇمغا قارشى چىقىش ۋە ئۇنى توسۇش ھەرقانداق مۇسۇلمان ئۈچۈن ئېتىقادىنىڭ ۋە كۆچىنىڭ يېتىشىچە پەرز ئەيندۇر. بۇ پەرزنى تەرك ئەتكەن جەمئىيەت ئەھلى چوقۇم زىيان تارتىدۇ. چۈنكى، بۇ تارىخنىڭ يەكۈنى ۋە بىزگە بەرگەن ئاچچىق ساۋىقىدۇر.

2. دىندا چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش، شەرىئەتنىڭ چەكلىمىلىرىگە رىئايە قىلماسلىق ياكى بىپەرۋالىق قىلىش ۋەياكى بىدئەت پەيدا قىلىۋېلىش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئېغىر گۇناھ ئىشلاردۇر. ئاللاھ تائالانىڭ دىنى چەكتىن ئاشۇرۇۋەتمىگەن ياكى بىپەرۋالىق قىلمىغان ئاساستا ئېلىپ بېرىلىدىغان ئېلغار دىندۇر.

3. بىپەرۋالىق بىلەن ئاشقۇنلۇق ئۆز ئىگىسىگە زىياندىن باشقىسىنى ئېلىپ كەلمەيدۇ.

4. يامانلىققا، زۇلۇمغا، ناھەقچىلىككە سۈكۈت قىلىش ئېغىر گۇناھتۇر.

5. كاپىرلارغا يۈرەكتىن بېرىلىپ، ئۇلارنى دوست تۇتۇشقا بولمايدۇ. بۇ ئىمانغا زىيان يەتكۈزىدىغان خەتەرلىك ئىشتۇر. ئەمما كاپىر بولسىمۇ قوشنىلىق ھەققىنى ئادا قىلىش، ئادالەتلىك بولۇش، ئىنسانىي ياردەملەرنى ۋە ياخشىلىقلارنى قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ، بۇنداق قىلىش مۇسۇلماننىڭ ئەخلاقىدۇر. بۇ كاپىرلاردىن مۇسۇلمانلارغا ياكى ئۇلارنىڭ دىنىغا ئۆچمەنلىك كۆرسەتمىگەنلىرى ئۈچۈنلا خاس ھۆكۈمدۇر. ئەمما مۇسۇلمانلارغا ئۇلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى سەۋەبلىك ئۇرۇش ئاچقان ياكى دۈشمەنلىك كۆرسەتكەن كاپىرلارغا قارشى شىددەتلىك بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. ﴿مُّحَمَّدٌ رَّسُولُ ٱللَّهِۚ وَٱلَّذِينَ مَعَهُۥٓ أَشِدَّآءُ عَلَى ٱلۡكُفَّارِ رُحَمَآءُ بَيۡنَهُمۡۖ﴾ يەنى ﴿مۇھەممەد ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىدۇر، ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغانلار كاپىرلارغا قاتتىق قولدۇر، ئۆزئارىسىدا كۆيۈمچاندۇر﴾[1].

## ◄ يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىيانلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا تۇتقان پوزىتسىيە-سى

﴿لَتَجِدَنَّ أَشَدَّ ٱلنَّاسِ عَدَٰوَةً لِّلَّذِينَ ءَامَنُواْ ٱلۡيَهُودَ وَٱلَّذِينَ أَشۡرَكُواْۖ﴾

[1] فەتھ سۈرىسى: 29-ئايەت.

وَلَتَجِدَنَّ أَقْرَبَهُم مَّوَدَّةً لِّلَّذِينَ ءَامَنُواْ ٱلَّذِينَ قَالُوٓاْ إِنَّا نَصَٰرَىٰۚ ذَٰلِكَ
بِأَنَّ مِنْهُمْ قِسِّيسِينَ وَرُهْبَانًا وَأَنَّهُمْ لَا يَسْتَكْبِرُونَ ﴿٨٢﴾ وَإِذَا سَمِعُواْ
مَآ أُنزِلَ إِلَى ٱلرَّسُولِ تَرَىٰٓ أَعْيُنَهُمْ تَفِيضُ مِنَ ٱلدَّمْعِ مِمَّا عَرَفُواْ
مِنَ ٱلْحَقِّۖ يَقُولُونَ رَبَّنَآ ءَامَنَّا فَٱكْتُبْنَا مَعَ ٱلشَّٰهِدِينَ ﴿٨٣﴾ وَمَا لَنَا
لَا نُؤْمِنُ بِٱللَّهِ وَمَا جَآءَنَا مِنَ ٱلْحَقِّ وَنَطْمَعُ أَن يُدْخِلَنَا رَبُّنَا
مَعَ ٱلْقَوْمِ ٱلصَّٰلِحِينَ ﴿٨٤﴾ فَأَثَٰبَهُمُ ٱللَّهُ بِمَا قَالُواْ جَنَّٰتٍ تَجْرِي مِن
تَحْتِهَا ٱلْأَنْهَٰرُ خَٰلِدِينَ فِيهَاۚ وَذَٰلِكَ جَزَآءُ ٱلْمُحْسِنِينَ ﴿٨٥﴾ وَٱلَّذِينَ
كَفَرُواْ وَكَذَّبُواْ بِـَٔايَٰتِنَآ أُوْلَٰٓئِكَ أَصْحَٰبُ ٱلْجَحِيمِ ﴿٨٦﴾

### ◄ تەرجىمىسى

82-(ئى پەيغەمبەر!) سەن يەھۇدىيلار بىلەن مۇشرىكلارنىڭ مۇئمىنلەرگە ھەممىدىن ئەشەددىي دۈشمەن ئىكەنلىكىنى چوقۇم بايقايسەن. «بىز ناسارا»[1] دېگەن كىشىلەرنىڭ دوستلۇق جەھەتتە مۇئمىنلەرگە ھەممىدىن يېقىن ئىكەنلىكىنىمۇ چوقۇم بايقايسەن. بۇنداق بولۇشى ناسارالارنىڭ ئىچىدە ئۆلىمالارنىڭ، راھىبلارنىڭ بولغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ تەكەببۇرلۇق قىلمايدىغانلىقىدىندۇر.

83-ئۇلار پەيغەمبەرگە نازىل قىلىنغان (ئايەتلەر) نى ئاڭلىغان چاغدا، ھەقىقەتنى تونۇغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلۇۋاتقانلىقىنى كۆرىسەن، ئۇلار ئېيتىدۇ: «ئى رەببىمىز! بىز ئىمان ئېيتتۇق، بىزنى (ھەقىقەتكە گۇۋاھ بولغۇچىلار قاتارىدا يازغىن.

84-بىز رەببىمىزنىڭ بىزنى ياخشىلار بىلەن بىللە (جەننەتكە) كىرگۈزۈشىنى ئۈمىد قىلىپ تۇرۇپ، قانداقمۇ ئاللاھقا ۋە بىزگە كەلگەن ھەقىقەتكە ئىشەنمەيلى؟».

85-بۇ سۆزلىرى ئۈچۈن ئاللاھ ئۇلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان

---

[1] بۇ ئايەتتىكى «ناسارا» دېگەن سۆزدىن خىرىستىيانلار ئارىسىدىكى ئاللاھ تائالانىڭ بىر ئىكەنلىكىگە ئېتىقاد قىلىدىغان ۋە ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر دەپ ئېتىراپ قىلىدىغان پىرقە كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر ئۇلارنىڭ ھەبەشىستاندىن كەلگەن ئەقىدىسى دۇرۇس خىرىستىيانلار ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

جەننەتلەر بىلەن مۇكاپاتلايدۇ. ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ تۇرىدۇ. ئەنە شۇ (تائەت-ئىبادەتنى) مۇكەممەل قىلغۇچىلارنىڭ مۇكاپاتىدۇر.

86-(ئاللاھنى) ئىنكار قىلغان ۋە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى يالغان دېگەنلەر دوزاخ ئەھلىدۇر.

## ◄ نازىل بولۇش سەۋەبى

ئەللامە ئىبنى جەرىر تەبەرىي بۇ ئايەتلەرنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەتلەرنى ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتىدە بولغان ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقان مۇئمىن قەۋم ھەققىدە نازىل بولغان دېسە، يەنە بەزىلەر ھەبەشىستان پادىشاھى نەجاشى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىمان ئېيتقان كىشىلەر ھەققىدە نازىل بولغان دەيدۇ. ئەڭ توغرىسى شۇكى، ئاللاھ تائالا بىزگە ئۆزىنى ‹ناسارا› دەپ ئاتايدىغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دوستلۇق جەھەتتە مۇئمىنلەرگە ئەڭ يېقىن بىر قەۋمنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ كىملەر ئىكەنلىكىنى بىزگە بىلدۈرمىگەن. شۇڭا ئۇلارنىڭ نەجاشىي ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئىمان ئېيتقان خرىستىيانلار بولۇشى مۇمكىن بولغاندەك، ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتىدە بولۇپ، كېيىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتقان مۇئمىنلەر بولۇشىمۇ مۇمكىن» [1].

## ◄ تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! سەن يەھۇدىيلار بىلەن مۇشرىكلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا ھەممىدىن بەك ئەشەددىي دۈشمەن ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنى ھەممىدىن بەك يامان كۆرىدىغانلىقىنى چوقۇم بايقايسەن. چۈنكى، يەھۇدىيلار ئەزەلدىن ئاسىي-گۇناھكار، ئىنكارچى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ كىشىلەرگە ئاتا قىلغان پەزلىگە ھەسەت قىلىدىغان، دىلى قارا قەۋمدۇر. بولۇپمۇ، ئۇلارنىڭ مۇتەئەسسىپ موللىلىرى شۇنداقتۇر. شۇڭا ئۇلار ئۆزلىرىگە ھەق يولنى كۆرسىتىش ئۈچۈن كەلگەن پەيغەمبەرلەرنى، ئىنسانلارنى ئادالەتلىك، توغرا ئىش قىلىشقا چاقىرغان كىشىلەرنى ناھەق ئۆلتۈرگەن. ئۇلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارشى تۇتقان سەلبىي پوزىتسىيەسى ھەممىگە ئاياندۇر. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن

[1] «تفسير الطبري» 10-توم، 499-بەت.

زەھەر بېرىش، سېھىر قىلىش بىلەن كۆپ قېتىم سۇيىقەست پىلانلىغان. ئەرەب قەبىلىلىرىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قارشى كۈشكۈرتكەن. ئۇلار ئۆز ۋاقتىدا مەدىنىدە مۇناپىقلىقنىڭ مەنبەسى بولغان ئىدى. ئۇلارنىڭ ئەھۋالى مۇشۇنداقتۇر. ئۇلار خىيانەتچى، ھىيلىگەر، شەخسىيەتچى، پۇرسەتپەرەس، ناچار خاراكتېرلىك، رەزىل سۈپەتلىك كىشىلەردۇر. ئۇلار بۇ سۈپەتلەردە بۇتپەرەس ئەرەبلەرگە ئوخشاپ كېتىدۇ. گەرچە يەھۇدىيلار رەزىللىكتە مۇشرىكلاردىن ئېشىپ كەتكەن بولسىمۇ، بۇ ئىككىسى كۆپلىگەن رەزىل سۈپەتلىرىدە بىر-بىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەممىدىن قاتتىق دۈشمەنلىك كۆرسەتكەنلەر مەدىنە مۇنەۋۋەرە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يەھۇدىيلار بىلەن مەككە مۇشرىكلىرى، خۇسۇسەن قۇرەيش مۇشرىكلىرى ئىدى.

بەزى ۋاقىتلاردا يەھۇدىيلارنىڭ مۇسۇلمانلار بىلەن تىنىچ ئۆتكەنلىكى سىياسىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئىدى. چۈنكى، يەھۇدىيلارنىڭ شۇنداق قىلىشىغا تۈرتكە بولغان نەرسە ئۇلارنىڭ مال-دۇنياغا بولغان قاتتىق ھېرىسلىقى بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئادالىتى ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىدە تۇنجى ئىسلام دۆلىتىنى قۇرۇپ چىققاندا، مەدىنىدە ياشايدىغان مۇسۇلمانلار، يەھۇدىيلار ۋە مۇشرىكلارنىڭ تىنچلىق ئىچىدە ھايات كەچۈرۈشى ئۈچۈن 52 ماددىلىق «مەدىنە بايانامىسى»نى ئېلان قىلغان بولۇپ، بۇ بايانامىنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن، مۇسۇلمانلار يەھۇدىيلارغا ۋە مۇشرىكلارغا ئادالەتلىك ۋە ئىنسانىيلىق مۇئامىلە قىلغان. كېيىنچە، يەھۇدىيلارنىڭ خىيانىتى ئوتتۇرىغا چىققان ۋە ئۇلار مەككىلىك مۇشرىك ئەرەبلەر بىلەن بىرلىشىپ مەدىنە ئىسلام دۆلىتىنىڭ گۆرىنى قازماقچى بولغاندا، مۇسۇلمانلار ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى بىلەن يەھۇدىيلارنى تارمار قىلغان، بەزىسىنى ئۆلتۈرۈپ يوقاتقان، بەزىسىنى بولسا مەدىنىدىن شام تەرەپكە سۈرگۈن قىلغان.

ئى پەيغەمبەر! سەن يەنە ساڭا ئىمان ئېيتىپ يولۇڭغا ئەگەشكەن مۇئمىنلەرگە دوستلۇق تەرەپتىن ئەڭ ئارتۇق يېقىنلىق كۆرسەتكەنلەرنىڭ ۋە ھەممىدىن بەكرەك مۇھەببەت ئىزھار قىلغانلارنىڭ «بىز ناسارا» دېگەن كىشىلەر ئىكەنلىكىنىمۇ ئەلۋەتتە بايقايسەن. چۈنكى، «بىز ناسارا» دېگەن بۇ كىشىلەر ھەقىقىي خىرىستىيانلار بولۇپ، ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرى مەريەم ئوغلى ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا توغرا رەۋىشتە ئەگەشكەن كىشىلەردۇر. ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئۆز ۋاقتىدا ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە مېھىر- مۇھەببەت ۋە رەھىم-شەپقەتنىڭ ئۇرۇقىنى تىككەن

ئىدى. ئۇلار يەھۇدىيلارغا قارىغاندا ھەر تۈرلۈك دىنىي مۇتەئەسسىپلىكتىن يىراق، كەمتەر كىشىلەردۇر. ﴿ثُمَّ قَفَّيْنَا عَلَىٰٓ ءَاثَٰرِهِم بِرُسُلِنَا وَقَفَّيْنَا بِعِيسَى ٱبْنِ مَرْيَمَ وَءَاتَيْنَٰهُ ٱلْإِنجِيلَ وَجَعَلْنَا فِى قُلُوبِ ٱلَّذِينَ ٱتَّبَعُوهُ رَأْفَةً وَرَحْمَةً وَرَهْبَانِيَّةً ٱبْتَدَعُوهَا مَا كَتَبْنَٰهَا عَلَيْهِمْ إِلَّا ٱبْتِغَآءَ رِضْوَٰنِ ٱللَّهِ فَمَا رَعَوْهَا حَقَّ رِعَايَتِهَا﴾ يەنى ﴿ئۇلاردىن كېيىن پەيغەمبەرلىرىمىزنى داۋاملىق ئەۋەتىپ تۇردۇق، ئارقىدىن مەريەم ئوغلى ئىيسانى ئەۋەتتۇق، ئۇنىڭغا ئىنجىلنى ئاتا قىلدۇق، ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرنىڭ دىللىرىغا شەپقەت ۋە مېھرىبانلىقنى سالدۇق، ئۇلار يېڭىدىن پەيدا قىلىۋالغان رەھبانىيەتكە (تەركىدۇنيالىققا) ئۇلارنى بىز بۇيرۇمىدۇق، لېكىن ئۇلار ئۇنى ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئىزدەپ (پەيدا قىلىۋالدى)، بىراق ئۇلار ئۇنىڭغىمۇ لايىق دەرىجىدە ئەمەل قىلمىدى﴾[1].

خىرىستىيانلارنىڭ دىنىي تەلىماتى ئۇلارنى مېھىر-شەپقەتلىك بولۇشقا دەۋەت قىلاتتى. «قۇرئان كەرىم» ئۇلاردىكى شەپقەت ۋە مېھرىبانلىقنىڭ سەۋەبىگە ئىشارەت قىلغان ھالدا يۇقىرىقى ئايەتكە ئۇلاپلا مۇنداق دەيدۇ: ﴿بۇنداق بولۇشى ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۆلىمالارنىڭ، راھىبلارنىڭ بولغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ تەكەببۇرلۇق قىلمايدىغانلىقىدىندۇر﴾ يەنى بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئۆلىمالار ئۇلارغا دىنىي تەلىماتلارنى ئۆگىتىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئەخلاقىنى ئىسلاھ قىلىش، ئۇلاردا ئېسىل پەزىلەتلەرنى يېتىلدۈرۈش ۋە ئۇلارنى ھەر تەرەپتىن تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈش ئىشلىرىنى بېجىرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى راھىبلار بولسا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىپ، ئازابىدىن قورقۇپ، ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش بىلەن بولىدىغان، كىشىلەرنى تەركىدۇنيالىققا، دۇنيانىڭ لەززەتلىرىدىن پۈتۈنلەي يىراق تۇرۇشقا دەۋەت قىلىدىغان، تەكەببۇرلۇق قىلمايدىغان كىشىلەردۇر. ئەمما-خۇددى ئايەتتە كەلگەندەك-ئاللاھ تائالا ئۇلارنى تەركىدۇنيالىققا بۇيرۇغان ئەمەس. تەركىدۇنيالىقنى ئۇلار ئۆزلىرى چىقىرىۋالغان بولۇپ، ئۇنىمۇ جايىدا قىلالمىغان ۋە مەقسەتكە يېتەلمىگەن.

ئى پەيغەمبەر! يەنە سەن ئۇلارنىڭ «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنى ئاڭلىغان چاغلىرىدا، رەببىڭدىن ساڭا نازىل قىلىنغان ھەقىقەتنى تونۇغانلىقتىن، كۆزلىرىدىن ئىختىيارسىز ھالدا ياش قۇيۇلۇۋاتقانلىقىنى كۆرىسەن. چۈنكى، «قۇرئان كەرىم» ئۇلارنىڭ قولىدىكى ساماۋى كىتاب (ئىنجىل)نىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلايدىغان، ئۇنىڭدا قېپقالغان ھە-

---

[1] ھەدىد سۈرىسى: 27-ئايەت.

قىقەتلەرنى تەستىقلايدىغان ۋە بۇ ھەقىقەتلەردىكى بېشارەتلەرگە مۇۋاپىق كەلگەن بىردىنبىر كىتابتۇر. شۇڭا ئۇلار «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئالدىدا مۇتەكەببىرلىك ياكى مۇتەئەسسىپلىك قىلمىغان، بەلكى ھەقىقەتكە بوي ئەگكەن ۋە ھەق سۆزگە ئەگەشكەن. دېمەك، ئىنسانلار «قۇرئان كەرىم»نى تەرەپسىز بولۇپ تۇرۇپ، چىن قەلبىنى ئاچقان ھالدا تىڭشايدىغان بولسا، ئۇلار ئەلۋەتتە ئۇنىڭدىن چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە بولىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ قەلبى ئىمانغا ۋە ياخشىلىققا ئېچىلىدۇ.

مانا بۇ ھەقىقەتپەرۋەر خىرىستىيانلارنىڭ ئەھۋالىدۇر. ئۇلار مۇنداق دەپ دۇئا قىلىدۇ: «ئى رەببىمىز! ساڭا ۋە سېنىڭ جىمى پەيغەمبەرلىرىڭگە، خۇسۇسەن ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبىرىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتتۇق، بىزنى قىيامەت كۈنىدە پۈتۈن پەيغەمبەرلەرگە ۋە ئۇلارنىڭ ئۈممەتلىرىگە گۇۋاھلىق بەرگۈچى ئەڭ ياخشى ئۈممەت- ئىسلام ئۈممىتىنىڭ قاتارىدا قىلغىن ۋە ئۇلار بىلەن بىللە جەننەتكە كىرگۈزگىن». شەكسىزكى، ئىسلام ئۈممىتى ئادالەتلىك ۋە ياخشى ئۈممەتتۇر. ﴿وَكَذَٰلِكَ جَعَلۡنَٰكُمۡ أُمَّةٗ وَسَطٗا لِّتَكُونُواْ شُهَدَآءَ عَلَى ٱلنَّاسِ وَيَكُونَ ٱلرَّسُولُ عَلَيۡكُمۡ شَهِيدٗاۗ﴾ يەنى ﴿شۇنىڭدەك (يەنى بىز سىلەرنى توغرا يولغا باشلىغاندەك)، سىلەرنىڭ كىشىلەرگە گۇۋاھ بولۇشۇڭلار ۋە پەيغەمبەرنىڭ سىلەرگە گۇۋاھ بولۇشى ئۈچۈن، سىلەرنى ئادالەتلىك ياخشى ئۈممەت قىلدۇق﴾[1].

بىز رەببىمىزدىن بىزنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممەتلىرىدىن ئىبارەت توغرا ئېتىقاد ۋە گۈزەل ئەخلاققا ئىگە، نەپسى پاكلانغان ۋە روھى يۈكسەلگەن ياخشى كىشىلەر بىلەن بىللە جەننەتكە كىرگۈزۈشىنى تىلەپ تۇرۇقلۇق، يەككە-يېگانە رەببىمىز ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۆزىمىزنىڭ قولىدىكى «ئىنجىل»دا نامى ۋە سۈپەتلىرى ئېنىق بايان قىلىنغان بۇ ھەق پەيغەمبەرنىڭ تىلى ئارقىلىق بىزگە يېتىپ كەلگەن ھەقىقەتكە قانداقمۇ ئىشەنمەيلى؟! يەنى توغرا يول ئاشكارا بولغان، مۆجىزىلەر كۆرسىتىلگەن ۋە ھەقىقەتنىڭ دەلىللىرى ئوپئوچۇق ئوتتۇرىغا قويۇلغان تۇرسا، ئەمدى بىز قانداقمۇ ئىمان ئېيتمايلى؟ زادى بىزنىڭ ئىمان ئېيتىشىمىزغا ھېچقانداق توسالغۇ يوقتۇر. بىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام- نىڭ تاللانغان ساھابىلىرى قاتارىدىن بولۇشنى ۋە ئۇلار بىلەن بىللە جەننەتكە كىرىشنى ئارزۇ قىلىمىز.

ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ چىن ئېتىقادى ۋە ھەقىقىي كۆڭۈل رازىلىقى

[1] بەقەرە سۈرىسى: 143- ئايەت.

بىلەن ئېيتقان بۇ سەممىي سۆزلىرى ئۈچۈن، ئۇلارغا ئەلۋەتتە ياخشى مۇكاپات ۋە كۆپ ئەجىر بېرىدۇ، ئۇلارغا قەسىرلىرىنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان، مېۋىلىرى ۋە دەل - دەرەخلىرىنىڭ سايىلىرى ھەممىشە بىر خىل تۇرىدىغان ئېسىل جەننەتلەرنى ئاتا قىلىدۇ. مانا بۇلار ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتقان ۋە ئۇنىڭغا تەقۋالىق قىلغانلارنىڭ، شۇنداقلا تائەت-ئىبادەتنى مۇكەممەل قىلغۇچىلارنىڭ مۇكاپاتىدۇر. ئەمما كاپىرلارنىڭ ئاقىۋىتى ئەلۋەتتە دوزاختۇر.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتقان خرىستىيانلار ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىي تەلىماتلىرىنىڭ سىر-ئەسرارلىرىغا يەتكەن، ئەقلىنى ئىشلىتىشنى ۋە توغرا تەپەككۇر قىلىشنى بىلگەن، مۇتەئەسسىپلىكتىن يىراق ھالدا، ئەركىن ۋە مۇستەقىل پىكىر يۈرگۈزەلەيدىغان ئاز ساندىكى خرىستىيانلاردۇر. ئەمما خرىستىيانلارنىڭ كۆپ سانلىقى مۇتەئەسسىپلىك دېڭىزىغا غەرق بولغان كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار تەپەككۇر قىلمايدۇ، ئىبرەت ئالمايدۇ، ئۆزلىرىنىڭ خۇراپاتچى موللىلىرىغا قارىغۇلارچە ئەگىشىدۇ، ئەجدادلىرىنىڭ خۇراپاتلىرىنى قوغداش يۈزىسىدىن ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ ئىنكار قىلىدۇ ۋە ئۇنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتىدۇ. ﴿ٱلَّذِينَ ءَاتَيۡنَٰهُمُ ٱلۡكِتَٰبَ يَعۡرِفُونَهُۥ كَمَا يَعۡرِفُونَ أَبۡنَآءَهُمۡۖ وَإِنَّ فَرِيقٗا مِّنۡهُمۡ لَيَكۡتُمُونَ ٱلۡحَقَّ وَهُمۡ يَعۡلَمُونَ﴾ يەنى ﴿بىز كىتاب بەرگەنلەر ئۇنى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى) ئۆز ئوغۇللىرىنى تونۇغاندەك تونۇيدۇ. (شۇنداق تۇرسىمۇ) ئۇلارنىڭ بىر پىرقىسى، شۈبھىسىزكى، ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ يوشۇرىدۇ﴾[1]. مۇنداقلارغا ئاللاھ تائالانىڭ ئازابى ھەقىقەتەن تېگىشلىك بولىدۇ.

## مۇھىم نۇقتىلىرى

1. يەھۇدىيلارنىڭ ئىسلام دىنىغا ۋە مۇسۇلمانلارغا بولغان ئاداۋىتى ۋە ئۆچمەنلىكى تارىختىن بېرى داۋاملىشىپ كەلمەكتە. زامانىمىزدىكى ئېچىنىشلىق ۋەقەلەرمۇ بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ. مۇشرىك ئەرەبلەرمۇ ئۆز ۋاقتىدا مۇسۇلمانلارغا خۇددى يەھۇدىيلارغا ئوخشاش دۈشمەنلىك قىلغان.

2. ھەقىقىي دىندار خرىستىيانلار ئۇمۇمەن مۇسۇلمانلارغا يېقىندۇر.

3. كەمتەرلىك ھەر جايدا ئېسىل ئەخلاقتۇر. تەكەببۇرلۇق بولسا ھەممە

[1] بەقەرە سۈرىسى: 146-ئايەت.

ئەلىدە سۆيۈلمەيدىغان ناچار قىلىقتۇر. مۇتەكەببىرلەر ھەقىقەتنى تونۇشتىن مەھرۇم قالىدۇ.

4. ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدىكى ھۆرمىتى ۋە پەزىلىتى باشقا ئۈممەتلەرنىڭكىدىن ئۈستۈندۇر.

5. يەھۇدىيلاردىن ۋە خرىستىيانلاردىن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغانلارغا ئاللاھ تائالا ئىككى ھەسسە ئارتۇق ئەجىر-مۇكاپات بېرىدۇ.

6. ئاللاھ تائالانى ۋە ئۇنىڭ دىنىنى ئىنكار قىلغان كاپىرلارنىڭ بارىدىغان جايى دوزاخ بولۇپ، ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ.

## ◄ دىندا ئاشقۇنلۇق قىلىشنىڭ ھاراملىقى

﴿يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا تُحَرِّمُواْ طَيِّبَـٰتِ مَآ أَحَلَّ ٱللَّهُ لَكُمْ وَلَا تَعْتَدُوٓاْ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يُحِبُّ ٱلْمُعْتَدِينَ ﴿٨٧﴾ وَكُلُواْ مِمَّا رَزَقَكُمُ ٱللَّهُ حَلَـٰلًا طَيِّبًا ۚ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ ٱلَّذِىٓ أَنتُم بِهِۦ مُؤْمِنُونَ ﴿٨٨﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

87-ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھ سىلەرگە ھالال قىلغان پاك نەرسىلەرنى ئۆزۈڭلارغا ھارام قىلىۋالماڭلار، چەكتىن ئاشماڭلار. چۈنكى، ئاللاھ چەكتىن ئاشقۇچىلارنى قەتئىي ياخشى كۆرمەيدۇ.

88-ئاللاھ سىلەرگە رىزىق قىلىپ بەرگەن ھالال، پاك نەرسىلەردىن يەڭلار، سىلەر ئىمان كەلتۈرگەن ئاللاھتىن قورقۇڭلار.

### ◄ نازىل بولۇش سەۋەبى

مۇپەسسىرلەرنىڭ بايان قىلىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى ساھابىلىرىگە قىيامەتنىڭ ئەھۋالىنى تولۇق ۋە ئوچۇق بايان قىلىپ بەرگەن بولۇپ، بۇ بايان ئۇلارغا قاتتىق تەسىر قىلغانلىقتىن، ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد، مىقداد ئىبنى ئەسۋەد قاتارلىق بىر گۇرۇپپا ساھابە ئوسمان ئىبنى مەزئۇننىڭ ئۆيىگە توپلىنىپ، ئۆمۈر بويى ئۆزمەي روزا تۇتۇش، كېچىسى ئۇخلىماي ناماز ئوقۇش، گۆش يېمەسلىك، ئاياللىرىغا يېقىنلاشماسلىق، دۇنيا مەنپەئەتلىرىدىن پۈتۈنلەي يۈز ئۆرۈش، يېڭى كىيىملەرنى كىيمەسلىك ۋە كېچىلىرى ئىبادەت قىلىپ،

كۈندۈزلىرى روزا تۇتۇش ئۈچۈن ئىتتىپاقلىشىدۇ. ھەمدە ئۆزلىرىنى ئاختا قىلىۋېتىشنىمۇ ئويلىشىدۇ. بۇ ئەھۋال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يېتىپ بېرىشى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا رەددىيە بېرىپ: «إِنِّي لَمْ أُومَرْ بِذَلِكَ ، إِنَّ لِأَنْفُسِكُمْ عَلَيْكُمْ حَقًّا ، فَصُومُوا وَأَفْطِرُوا ، وَقُومُوا وَنَامُوا ، فَإِنِّي أَقُومُ وَأَنَامُ ، وَأَصُومُ وَأُفْطِرُ ، وَآكُلُ اللَّحْمَ وَالدَّسَمَ ، وَمَنْ رَغِبَ عَنْ سُنَّتِي فَلَيْسَ مِنِّي» يەنى «مەن بۇنداق قىلىشقا بۇيرۇلغان ئەمەسمەن. سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردا نەپسىڭلارنىڭمۇ ھەققى بار. شۇڭا رامىزاندىن باشقا ۋاقىتلاردا، گاھىدا روزا تۇتۇڭلار، گاھىدا روزا تۇتماڭلار ۋە كېچىلىرى ئۇخلاڭلار. مەن كېچىنىڭ بىر قىسمىدا ئۇخلايمەن، يەنە بىر قىسمىدا ئۇخلىمايمەن. بەزى كۈنلىرى روزا تۇتىمەن، بەزى كۈنلىرى تۇتمايمەن. گۆش - ماي يەيمەن. كىمكى مېنىڭ يولۇمدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، ئۇ مەندىن ئەمەس» دەيدۇ. شۇ چاغدا يۇقىرىقى ئايەتلەر نازىل بولدۇ[1].

## ◄ تەپسىرى

ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھ تائالا سىلەرگە ھالال قىلغان پاك ۋە كۆڭۈل تارتىدىغان لەززەتلىك يېمەكلىكلەرنى ئۆزۈڭلارغا ھارام قىلىۋالماڭلار ياكى «ئۇنى يېمەيمىز، بۇنى يېمەيمىز» دەپ نەپسىڭلارنى ئاللاھ تائالا ھالال قىلىپ بەرگەن نېمەتلەردىن مەھرۇم قىلماڭلار. چۈنكى، ئۇلار سىلەر ئۈچۈن ھالالدۇر. سىلەر ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىمىز ۋە ئۇنىڭغا يېقىنلىشىمىز، دېگەن باھانە بىلەن ھەرگىز ئاللاھ تائالا ھالال قىلغان پاك نەرسىلەردىن ئۆزۈڭلارنى مەھرۇم قىلماڭلار. چۈنكى، ئاللاھ تائالا مۇنداق قىلىشىڭلارنى ياقتۇرمايدۇ.

﴿يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ كُلُوا۟ مِن طَيِّبَـٰتِ مَا رَزَقْنَـٰكُمْ وَٱشْكُرُوا۟ لِلَّهِ إِن كُنتُمْ إِيَّاهُ تَعْبُدُونَ﴾ يەنى ﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئەگەر ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىدىغان بولساڭلار، بىز سىلەرگە ئاتا قىلغان ھالال نەرسىلەردىن يەڭلار ۋە ئاللاھقا شۈكۈر قىلىڭلار﴾[2]، يەنى سىلەر ئاللاھ تائالا سىلەرگە ھالال قىلغان نەرسىلەرنىڭ چەك-چېگراسىدىن ئېشىپ، ھارام قىلىنغان، ناپاك نەرسىلەرگە ئۆتۈپ كەتمەڭلار. چۈنكى، ئاللاھ تائالا سىلەرگە ناپاك نەرسىلەرنى يېيىشنى ھارام قىلغاندەك، ھالال نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىشتا ئىسراپچىلىق قىلىشنى ۋە ھالالدىن ئۆزىنى چەكلەشنىمۇ مەنئى

[1] «أسباب النزول للواحدي» 411- بەت. «التفسير الواضح» 1-توم، 553-بەت.

[2] بەقەرە سۈرىسى: 172- ئايەت.

قىلىدۇ. بەلكى سىلەرنى ئوتتۇراھال يولنى تۇتۇپ، ئوتتۇراھال ئىش كۆرۈشكە بۇيرۇيدۇ. چۈنكى، سىلەر ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتمەيدىغان ياكى كەم قىلمايدىغان ئوتتۇراھال ئۈممەتسىلەر. شۇڭا سىلەر پۈتۈن ئىشلىرىڭلاردا ئاشقۇنلۇق بىلەن پاسسىپلىقتىن خالىي ئوتتۇراھال بولۇڭلار. ﴿وَكُلُواْ وَٱشۡرَبُواْ وَلَا تُسۡرِفُوٓاْۚ إِنَّهُۥ لَا يُحِبُّ ٱلۡمُسۡرِفِينَ﴾ يەنى ﴿يەڭلار، ئىچىڭلار، ئىسراپ قىلماڭلار. چۈنكى، ئاللاھ ئىسراپ قىلغۇچىلارنى ياقتۇرمايدۇ﴾[1]. ئاللاھ تائالا سىلەر ئۈچۈن يېيىشنى ھالال قىلغان رىزىقلارنى يەڭلار، ئۈسسۈم، پارا، كىشىنىڭ ھەققى قاتارلىق ھاراملارغا قەتئىي يېقىنلاشماڭلار. چۈنكى، ئۇلارنى يېيىش ئېغىر گۇناھتۇر. پاك نەرسىلەر سىلەرگە ھالالدۇر، شۇڭا سىلەر بۇ ھالال نەرسىلەرنى يەڭلار، ئىچىڭلار ۋە ئىسراپ قىلماڭلار. چۈنكى، ئاللاھ تائالا شەرىئەتنىڭ چەكلىمىلىرىدىن چەتنەپ كەتكۈچىلەرنى قەتئىي ياقتۇرمايدۇ ۋە دوست تۇتمايدۇ.

يېمەك- ئىچمەك، كىيىم-كېچەك قاتارلىق بارلىق ئىشلاردا ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم » دە بەلگىلەپ بەرگەن شەرىئەت قانۇنى بويىچە ئىش كۆرۈڭلار. شەرىئەتكە مۇخالىپەتچىلىك قىلىپ، ئاللاھ تائالا ھالال قىلغان نەرسىلەرنى ھارام قىلىۋېلىش ياكى ھارام قىلغان نەرسىلەرنى ھالال ئورنىدا ئىستېمال قىلىش بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپىگە ۋە ئازابىغا ئۇچراشتىن ھەزەر ئەيلەڭلار. ئىسراپچىلىقتىن ساقلىنىڭلار. چۈنكى، ئىسراپخورلارنى ئاللاھ تائالا ھەرگىز ياقتۇرمايدۇ. ئىسراپخورلار – «قۇرئان كەرىم»نىڭ تەبىرى بويىچە – شەيتانلارنىڭ قېرىنداشلىرىدۇر. چىقىم قىلىشتا ئۆزىنىڭ چامى يەتمەيدىغان دەرىجىدە چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىپ، قەرزدار بولۇپ قالغۇچىلارمۇ ئىسراپخورلاردۇر. شۇنىڭدەك ئۆزى ۋە ئائىلىسى ئۈچۈن بېخىللىق قىلىپ، ئاللاھ تائالا بەرگەن كەڭ رىزىقنى تارلاشتۇرۇۋالغۇچىلار ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكۈچىلەردۇر. مۇنداقلارنىمۇ ئاللاھ تائالا ياقتۇرمايدۇ.

بۇ ئايەتلەر ئۈستىدە ئەقلىنى ئىشلىتىپ پىكىر يۈرگۈزگەن ئادەم بىلىدۇكى، ئىسلام دىنى روھ ۋە بەدەن ھەر ئىككىسىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاشقا ۋە بۇ ئىككىسىنىڭ ھەققىنى جايىدا ئادا قىلىشقا چاقىرىدىغان ئادالەتلىك دىندۇر. شۇڭا ئىسلام ئۈممىتى ئوتتۇراھاللىق بىلەن سۈپەتلەنگەن مۇكەممەل ئۈممەتتۇر. چۈنكى، ئىشلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئوتتۇراھال بولغىنىدۇر.

---

[1] ئەئراف سۈرىسى: 31- ئايەت.

پاك، لەززەتلىك نەرسىلەرنى ئۆزلىرى ئۈچۈن هارام قىلىۋېلىپ، ئۇلارنى يېيىش ۋە ئىستېمال قىلىشتىن ئۆزلىرىنى چەكلەش، ئۆزىنى (يەنى نەپسى بىلەن بەدىنىنى) ئازابلاش هىندىستان ۋە يۇنان بۇددىستلىرىنىڭ نەزىرىدە ئىبادەت هېسابلىناتتى. كېيىنچە خىرىستىيانلار بۇ تەركىدۇنيالىقنى ئۇلاردىن ئۆگىنىپ خىرىستىيان دىنىغا ئەكىرىۋالغان. شۇڭا خىرىستىيان چېركاۋلىرىدا راهىب ۋە راهىبەلەر ئۆيلىنىشتىن ۋاز كېچىپ بىر ئۆمۈر بويتاق ئۆتۈشنى ئىبادەت سانايدۇ. ئەمما ئىسلام دىنى تامامەن باشقىچە دىن بولۇپ، ئەقلىي بىلىش ئۈستىگە قۇرۇلغان ئىلغار دىندۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيهىسسالامنىڭ تارىخىنى، كەچۈرمىشلىرىنى ۋە تەرجىمىهالىنى ئوقۇغان هەرقانداق ئادەمگە مەلۇمكى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بارغا شۈكۈر قىلاتتى، يوقلا سەۋر قىلاتتى، بەزىدە چارۋا مال، قۇش، توخۇ گۆشلىرىنى يەيتتى، بەزىدە قاتتىق ناننى خورما ياكى تۇز ياكى ماي بىلەنلا يېيىشكە مەجبۇر بولۇپ قالاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بايلارغىمۇ، كەمبەغەللەرگىمۇ ئۈلگە ئىدى. ساهابىلەر ۋە خەلىپىلەر ئىچىدىن بايلار ۋە كەمبەغەللەرمۇ بار ئىدى. ئۇلار ئائىلىسىگە ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئەهۋالىغا قاراپ چىقىم قىلاتتى. ئۇلار ئىسراپچىلىق بىلەن بېخىللىقتىن تامامەن يىراق ئىدى. ﴿لِيُنفِقۡ ذُو سَعَةٖ مِّن سَعَتِهِۦۖ وَمَن قُدِرَ عَلَيۡهِ رِزۡقُهُۥ فَلۡيُنفِقۡ مِمَّآ ءَاتَىٰهُ ٱللَّهُۚ﴾ يەنى ﴿ماددىي ئىمكانىيىتى ياخشى ئادەم (ئائىلىسىنى) شۇ ئىمكانىيىتىگە يارىشا تەمىنلىسۇن﴾[1].

### ◄ مۇهىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالا هالال قىلغان يېمەكلىكلەرنى ئۆزىگە هارام قىلىۋېلىشنىڭ گۇناهى خۇددى ئاللاھ تائالا هارام قىلغان نەرسىلەرنى هالال سانىغانغا ئوخشاشتۇر. چۈنكى، هەر ئىككى هالەت ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلغانلىقتۇر.

2. ئىسلام دىنى ئاشقۇنلۇقنى قەتئىي قوبۇل قىلمايدۇ. ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇشتا چەكتىن ئاشۇرۇۋەتكۈچىلەرنى ئاللاھ تائالا ياخشى كۆرمەيدۇ.

3. ئىسلام دىنى روھ بىلەن بەدەن هەر ئىككىسىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان يېگانە دىندۇر.

---

[1] تەلاق سۈرىسى: 7-ئايەت.

## قەسەم ۋە ئۇنىڭ كاپارىتى

﴿لَا يُؤَاخِذُكُمُ ٱللَّهُ بِٱللَّغْوِ فِيٓ أَيْمَٰنِكُمْ وَلَٰكِن يُؤَاخِذُكُم بِمَا
عَقَّدتُّمُ ٱلْأَيْمَٰنَ ۖ فَكَفَّٰرَتُهُۥٓ إِطْعَامُ عَشَرَةِ مَسَٰكِينَ مِنْ أَوْسَطِ مَا
تُطْعِمُونَ أَهْلِيكُمْ أَوْ كِسْوَتُهُمْ أَوْ تَحْرِيرُ رَقَبَةٍ ۖ فَمَن لَّمْ يَجِدْ
فَصِيَامُ ثَلَٰثَةِ أَيَّامٍ ۚ ذَٰلِكَ كَفَّٰرَةُ أَيْمَٰنِكُمْ إِذَا حَلَفْتُمْ ۚ وَٱحْفَظُوٓا۟
أَيْمَٰنَكُمْ ۚ كَذَٰلِكَ يُبَيِّنُ ٱللَّهُ لَكُمْ ءَايَٰتِهِۦ لَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ ﴿٨٩﴾

### تەرجىمىسى

**89**-ئاللاھ سىلەرنى مەقسەتسىز قىلغان قەسەملىرىڭلار ئۈچۈن جاۋابكارلىققا تارتمايدۇ، لېكىن قەستەن قىلغان قەسەمىڭلار ئۈچۈن جاۋابكارلىققا تارتىدۇ، (بۇنداق قەسەمنى بۇزساڭلار) ئۇنىڭ كاپارىتى ئائىلەڭلاردىكىلەرگە بېرىدىغان ئوتتۇرا دەرىجىلىك تاماق بىلەن ئون مىسكىننى بىر ۋاخ غىزالاندۇرۇشتۇر، ياكى ئۇلارغا بىر قۇردىن كىيىم بېرىشتۇر، ياكى بىر قۇلنى ئازاد قىلىشتۇر. كىمكى تاپالمىسا، ئۈچ كۈن روزا تۇتۇشى لازىم. مانا بۇ سىلەر قەسەم قىلغاندا (بۇزۇۋەتكەن) قەسەمىڭلارنىڭ كاپارىتىدۇر. قەسەمىڭلارغا رىئايە قىلىڭلار. شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ ئايەتلىرىنى سىلەرگە ئەنە شۇنداق بايان قىلىدۇ.

### تەپسىرى

ئاللاھ تائالا سىلەرنى سەۋەنلىك بىلەن قىلغان قەسەمىڭلار، يەنى قەسەم ئىچىشنى ئويلىماستىن، پەقەت مەقسەتسىز هالدا ئاغزىڭلاردىن چىقىرىپ سالغان قەسەمىڭلار ئۈچۈن جاۋابكارلىققا تارتمايدۇ. ئەمەلىيەتتە، كىشىلەر مەقسەتسىزلا ئاغزىدىن چىقارغان مۇنداق قەسەم قەسەم سانالمايدۇ. چۈنكى، بۇنداق سۆزلەر سۆزلىگۈچى ئۆزىنىڭ راست سۆزلەۋاتقانلىقىنى تەكىتلەش ئۈچۈن ئېيتقان، قەسەم نىيەت قىلىنمىغان هالدا، «ۋەللاهى» ياكى «ياق، ۋەللاهى» دېگەنگە ئوخشاش قەسەم لەۋزىلىرىدۇر. ئاللاھ تائالا كىشىلەرنى بۇنىڭغا ئوخشىغان قەسەم لەۋزىلىرىنى مەقسەتسىز ئېيتقانلىقى ئۈچۈن جاۋابكارلىققا تارتمايدۇ. بۇ ئىمام شافىئىينىڭ قارىشىدۇر. مۇجاھىدنىڭ قارىشىچە، مەقسەتسىز قىلىنغان قەسەم – بىراۋ ئۆز گۇمانىغا ئاساسلىنىپ بىرەر ئىشنى

تەكىتلەپ ياكى بىرەر ئىشنى ئىنكار قىلىپ قەسەم قىلغان بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەسلىكىدۇر. ئىمام ئەزەممۇ شۇنداق قارايدۇ. ئەمما ئايەتتىكى «قەستەن» دەپ تەرجىمە قىلىنغان «عقدتم» دېگەن سۆز ئىمام شافىئىينىڭ قارىشىنى كۈچلەندۈرىدۇ.

ئەمما ئاللاھ تائالا قەستەن ۋە تەكىتلىگەن ھالدا قىلغان قەسەمڭلار ئۈچۈن سىلەرنى ئەلۋەتتە جاۋابكارلىققا تارتىدۇ. ناۋادا سىلەر ئاللاھ تائالانىڭ نامىنى ياكى سۈپەتلىرىدىن بىرەرسىنى تىلغا ئېلىپ تۇرۇپ قىلغان بۇ قەسەملەرنى بۇزساڭلار ياكى يالغان ئىشقا شۇنداق قەسەم قىلغان بولساڭلار، ئاللاھ تائالا سىلەرنى چوقۇم جاۋابكارلىققا تارتىدۇ. بۇنىڭغا بىنائەن، ئاللاھ تائالانىڭ نامى ياكى سۈپەتلىرىدىن باشقا سۆزلەر بىلەن قىلىنغان قەسەملەر قەسەم ئەمەستۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دادىسىنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ قەسەم قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ قېلىپ مۇنداق دېگەن: «مَنْ كَانَ حَالِفًا ، فَلْيَحْلِفْ بِاللَّهِ أَوْ لِيَصْمُتْ» يەنى «قەسەم قىلماقچى بولغان كىشى قەسەمنى ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قىلسۇن، بولمىسا قەسەم قىلمىسۇن»[1].

ئاللاھ تائالادىن باشقا بىرىنىڭ نامى بىلەن قىلىنغان قەسەم ئەمەلىيەتتە قەسەم ھېسابلانمايدۇ. بۇنداق قەسەم قىلىش گۇناھتۇر. شۇنداقلا پەرز ياكى ۋاجىپ بولغان بىر ئىشنى قىلىش ئۈچۈن قەسەم قىلىپ ئۇنى بۇزۇۋېتىش ھارامدۇر. مۇستەھەب (قىلسا ساۋاب بولىدىغان، قىلمىسا گۇناھ بولمايدىغان) بىر ئىشنى قىلىش ئۈچۈن قەسەم قىلغان بولسا، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلسا ياخشى، ناۋادا ئۇنى بۇزۇۋەتسە گۇناھكار بولمايدۇ. ئەمما قەسەمنى بۇزغانلىقىنىڭ كاپارىتىنى تۆلەيدۇ. بىرەر ھارام ئىشنى قىلىش ئۈچۈن قەسەم قىلغان بولسا، ئۇنى بۇزۇش پەرز بولىدۇ ۋە قەسەمنى بۇزغانلىقى ئۈچۈن كاپارەت بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مَنْ حَلَفَ عَلَى يَمِينٍ ، فَرَأَى غَيْرَهَا خَيْرًا مِنْهَا ، فَلْيَأْتِ الَّذِي هُوَ خَيْرٌ ، وَلْيُكَفِّرْ عَنْ يَمِينِهِ» يەنى «كىمكى بىرەر ئىش ئۈچۈن قەسەم قىلىپ بولۇپ، ئاندىن بۇ قەسەمنى بۇزۇشنى خەيرلىك دەپ كۆرسە، خەيرلىك بولغاننى قىلسۇن (يەنى قەسىمىنى بۇزسۇن) ۋە قەسىمىنى بۇزغانلىقى ئۈچۈن كاپارەت بەرسۇن»[2].

قەسەمنى بۇزغانلىق سەۋەبلىك بېرىلىدىغان كاپارەت ئىسرايىتىن ياكى

[1] «صحيح البخاري» 3-توم، 180-بەت، 2679 - ھەدىس.

[2] «صحيح مسلم» 3-توم، 1272-بەت، 1650-ھەدىس.

بېخىللىقتىن يىراق بولغان ھالدا نورمال چاغلاردا ئائىلەڭلاردىكىلەرنى غىزالاندۇرىدىغان ئوتتۇرا دەرىجىلىك تاماق بىلەن ئون پېقىرغا بىر ۋاخ تاماق بېرىشتۇر. بۇنىڭدىن ئارتۇق بەرسىمۇ بولىدۇ، ئەمما ئاز بەرسە ئادا تاپمايدۇ، ياكى ئون پېقىرنىڭ ھەربىرىگە ئوتتۇراھال باھالىق كۆڭلەك ياكى شىم قاتارلىق كىيىملەرنىڭ قايسىبىرىدىن بىر قۇردىن بېرىشتۇر، ياكى بىر قۇل ئازاد قىلىشتۇر. كاپارەت بېرىشى لازىم كەلگەن ئادەم بۇ ئۈچ ئىشنىڭ قايسىبىرىنى تاللاپ قىلسا بولىدۇ. پەقەت بۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى قىلالمىسا، يەنى يوقسۇللارغا تاماق ياكى كىيىم بېرەلمىسە ياكى بىر قۇل ئازاد قىلالمىسا، ئۈچ كۈن روزا تۇتۇشى لازىم بولىدۇ. بۇ ئۈچ كۈنلۈك روزىنى – ئەڭ توغرا كۆزقاراشقا ئاساسلانغاندا، – كۈن ئاتلاتماستىن ئارقا-ئارقىدىن تۇتۇش لازىم. ئۆلىمالار ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ بىر كىچە-كۈندۈزلۈكتىن ئېشىپ تۇرىدىغان يېمەك-ئىچمىكى بار كىشىنى پېقىرلارغا تائام بېرىشكە كۈچى يېتىدىغان كىشى، دەپ سانايدۇ.

﴿ذَٰلِكَ كَفَّارَةُ أَيْمَانِكُمْ إِذَا حَلَفْتُمْ﴾ يەنى ﴿مانا بۇ سىلەر قەسەم قىلغاندا (بۇزۇۋەتكەن) قەسەمڭلارنىڭ كاپارىتىدۇر﴾ يەنى شەرىئەتتە قەسەم سانىلىدىغان قانداقلا بىر قەسەمنى قىلىپ بولۇپ، ئۇنى بۇزۇۋەتسەڭلار، ئۇنىڭ كاپارىتى ئەنە شۇدۇر. شۇڭا سىلەر قەسەمڭلارغا رىئايە قىلىڭلار. ئاددىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن قەسەمڭلارنى بۇزماڭلار. قەسەمنى غەرىزىڭلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدىكى بىر چارە ھالىغا كەلتۈرۈۋالماڭلار. قەسەمڭلارنى بۇزغان تەقدىردە كاپارەت بېرىش ئارقىلىق ئۇنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىڭلار. ئالدىراپ قەسەم قىلماڭلار، چۈنكى ھەممىلا ئىشقا قەسەم قىلىدىغان ئادەمنى ئاللاھ تائالا ياقتۇرمايدۇ. ئەگەر قەسەم قىلساڭلار، ئۇنىڭغا چوقۇم ئەمەل قىلىڭلار. مەجبۇر بولۇپ قالمىغان شارائىت سىرتىدا قەسەمڭلارنى بۇزماڭلار. ياخشى ئىشقا قىلىنغان قەسەمنى ساقلاشتىن ئۇنى بۇزۇش ئەلۋەتتە ئەۋزەلدۇر. ئاللاھ تائالا سىلەرنى نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلغۇچىلاردىن قىلىپ يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن سىلەرگە ئايەتلىرىنى ۋە ئەھكاملىرىنى ناھايىتى ئېنىق ۋە چۈشىنىشلىك قىلىپ ئەنە شۇنداق بايان قىلىدۇ.

بىراۋنىڭ ھەققىنى زايە قىلىۋېتىش ياكى يەۋېلىش ياكى خىيانەت قىلىش ۋەياكى ئالداپ ئېلىۋېلىش ئۈچۈن قىلىنغان قەسەم «يەمىن غەمۇس» يەنى «گۇناھقا پاتۇرغۇچى قەسەم» دەپ ئاتىلىدۇ. مۇنداق قەسەمنىڭ گۇناھى كاپارەت بېرىش ياكى قۇل ئازاد قىلىش بىلەنمۇ

يۈيۈلمايدۇ. ئۇ پەقەت ئاللاھ تائالا تەرەپكە توغرا يول ئېلىپ، سەممىي تەۋبە قىلىش ۋە زۇلۇم قىلىپ ھەققىنى ئېلىۋالغان كىشىلەرنىڭ ھەققىنى تولۇق قايتۇرۇپ بېرىپ ئۇلارنى رازى قىلىش بىلەنلا كەچۈرۈم قىلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مَنْ حَلَفَ عَلَى يَمِينِ صَبْرٍ ، وَهُوَ فِيهَا فَاجِرٌ ، يَقْتَطِعُ بِهَا مَالَ امْرِئٍ مُسْلِمٍ ، لَقِيَ اللَّهَ يَوْمَ الْقِيَامَةِ وَهُوَ عَلَيْهِ غَضْبَانُ» يەنى «كىمكى يالغاندىن قەسەم قىلىپ بىر مۇسۇلماننىڭ پۇل-مېلىنى يەۋالىدىكەن، ئۇ قىيامەت كۈنى ئاللاھقا ئاللاھ ئۇنىڭغا غەزەپ قىلغان ھالدا ئۇچرىشىدۇ»[1]. ﴿وَلَا تَتَّخِذُوٓاْ أَيۡمَٰنَكُمۡ دَخَلَۢا بَيۡنَكُمۡ فَتَزِلَّ قَدَمُۢ بَعۡدَ ثُبُوتِهَا وَتَذُوقُواْ ٱلسُّوٓءَ بِمَا صَدَدتُّمۡ عَن سَبِيلِ ٱللَّهِ وَلَكُمۡ عَذَابٌ عَظِيمٞ﴾ يەنى ﴿قەسەملىرىڭلارنى ئۆز ئاراڭلاردا ئالدامچىلىقنىڭ ۋاستىسى قىلىۋالماڭلار، ئەگەر شۇنداق قىلساڭلار، قەدەمىڭلار (ئىسلامدا) مۇستەھكەم بولغاندىن كېيىن تېيىلىپ كېتىدۇ، (ياماڭ ئۈرنەك بولۇپ، كىشىلەرنى) ئاللاھنىڭ يولىدىن توسقانلىقىڭلار ئۈچۈن (دۇنيادا) جازاسىنى تېتىيسىلەر، (ئاخىرەتتە بولسا) چوڭ ئازابقا قالىسىلەر﴾[2].

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. گەرچە توغرا بولسىمۇ، ھەدەپ قەسەم ئىچىۋېرىدىغانلارنى ئاللاھ تائالا ياقتۇرمايدۇ. چۈنكى، بۇنداق قىلىش ئاللاھ تائالانىڭ نامىنى كەلسە-كەلمەس يەرلەرگە قوللانغانلىق بولۇپ ئەدەپسىزلىك سانىلىدۇ.

2. قەسەم پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ نامى بىلەنلا ئىچىلىدۇ. مەسىلەن: ولله، بالله، تالله دېگەنگە ئوخشاش.

3. يامان ئىش قىلىش ياكى ياخشى ئىشنى قىلماسلىق ئۈچۈن قەسەم قىلغان ئادەم قەسەمنى بۇزۇشى لازىم. پەرزنى تەرك ئېتىش ياكى ھارام ئىشنى قىلىش ئۈچۈن قەسەم قىلغان كىشىنىڭ بۇ قەسەمنى بۇزۇشى پەرزدۇر. قەسەمنى بۇزغانلارغا كاپارەت بېرىش ۋاجىپ بولىدۇ.

4. قەسەم ئۈچ تۈرلۈك بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

(1) يەمىن غەمۇس-يالغان ئىشنى راست، دەپ ئۇنى كۈچكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن قىلىنغان قەسەم بولۇپ، بۇنىڭ گۇناھى كاپارەت بېرىش ياكى روزا تۇتۇش بىلەنمۇ كەچۈرۈم قىلىنمايدۇ. پەقەت ئاللاھ تائالاغا سەممىي

---

[1] «صحيح البخاري» 8-توم، 137-بەت، 6677 -ھەدىس.

[2] نەھل سۈرىسى: 94- ئايەت.

تەۋبە قىلىش ۋە زىيانغا ئۇچرىتىلغان كىشىلەرنى رازى قىلىش بىلەنلا ئاللاھ تائالا خالىسا كەچۈرىدۇ.

(2) يەمىن لەغۋ-قەسەمنى نىيەت قىلمىغان ھالدا، بىرەر ئىشنى تەكىتلەش ئۈچۈن ئېيتىلغان سۆزلەر ياكى سەۋەنلىك بىلەن قىلىنغان قەسەم بولۇپ، بۇ قەسەم ھېسابلانمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭدا گۇناھ يوقتۇر، شۇڭا كاپارەتمۇ كەلمەيدۇ.

(3) يەمىن مۇكەففەر-بىرەر ئىشنى قىلىش ياكى تەرك ئېتىش مەقسىتى بىلەن قەسەم قىلىپ، ئاندىن ئۇنى بۇزۇشتۇر. قەسەمنى بۇزغۇچى يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن بويىچە كاپارەت تۆلەيدۇ.

## ◄ ھاراق ئىچىش ۋە قىمار ئويناشنىڭ گۇناھى

﴿يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓا۟ إِنَّمَا ٱلْخَمْرُ وَٱلْمَيْسِرُ وَٱلْأَنصَابُ وَٱلْأَزْلَـٰمُ
رِجْسٌ مِّنْ عَمَلِ ٱلشَّيْطَـٰنِ فَٱجْتَنِبُوهُ لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ ﴿٩٠﴾ إِنَّمَا
يُرِيدُ ٱلشَّيْطَـٰنُ أَن يُوقِعَ بَيْنَكُمُ ٱلْعَدَٰوَةَ وَٱلْبَغْضَآءَ فِى ٱلْخَمْرِ
وَٱلْمَيْسِرِ وَيَصُدَّكُمْ عَن ذِكْرِ ٱللَّهِ وَعَنِ ٱلصَّلَوٰةِ ۖ فَهَلْ أَنتُم
مُّنتَهُونَ ﴿٩١﴾ وَأَطِيعُوا۟ ٱللَّهَ وَأَطِيعُوا۟ ٱلرَّسُولَ وَٱحْذَرُوا۟ ۚ فَإِن تَوَلَّيْتُمْ
فَٱعْلَمُوٓا۟ أَنَّمَا عَلَىٰ رَسُولِنَا ٱلْبَلَـٰغُ ٱلْمُبِينُ ﴿٩٢﴾ لَيْسَ عَلَى ٱلَّذِينَ
ءَامَنُوا۟ وَعَمِلُوا۟ ٱلصَّـٰلِحَـٰتِ جُنَاحٌ فِيمَا طَعِمُوٓا۟ إِذَا مَا ٱتَّقَوا۟ وَّءَامَنُوا۟
وَعَمِلُوا۟ ٱلصَّـٰلِحَـٰتِ ثُمَّ ٱتَّقَوا۟ وَّءَامَنُوا۟ ثُمَّ ٱتَّقَوا۟ وَّأَحْسَنُوا۟ ۗ وَٱللَّهُ
يُحِبُّ ٱلْمُحْسِنِينَ ﴿٩٣﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

90-ئى ئىمان ئېيتقانلار! ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، (مەبۇد قىلىپ تىكلەنگەن نەرسىلەرگە چوقۇنۇش، پال ئوقلىرى (بىلەن پال سېلىش) پەقەت شەيتاننىڭ ئىشى، پاسكىنا قىلىقلاردۇر، بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن شەيتاننىڭ ئىشىدىن يىراق بولۇڭلار.

91-شەيتان ھاراق، قىمار ئارقىلىق ئاراڭلاردا دۈشمەنلىك، ئۆچمەنلىك

تۇغدۇرماقچى، سىلەرنى نامازدىن ۋە ئاللاھنى ياد ئېتىشتىن توسماقچى بولىدۇ، سىلەر ئەمدى (ھاراق بىلەن قىماردىن) يانمامسىلەر؟

92-ئاللاھقا ئىتائەت قىلىڭلار، پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، (ئاسىيلىق قىلىشتىن) ھەزەر ئەيلەڭلار، ئەگەر (ئىتائەت قىلىشتىن) باش تارتساڭلار، بىلىڭلاركى، ئەلچىمىزنىڭ مەسئۇلىيىتى پەقەت دىنني چۈشىنىشلىك قىلىپ يەتكۈزۈشتۇر.

93-ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار ئەگەر (ھارامدىن) ساقلانسا، ئىماندا چىڭ تۇرۇپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلسا، ئاندىن (ھارامدىن) داۋاملىق ساقلىنىپ ئىماندا چىڭ تۇرسا، ئاندىن (ھارامدىن) ئىزچىل تۇردە ساقلانسا ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلىدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ (ھارام قىلىنىشتىن ئىلگىرى) يېگەن-ئىچكەنلىرىدە ئۇلارغا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. ئاللاھ (تائەت-ئىبادەتنى) مۇكەممەل قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ.

## ◄ بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى ھالال ۋە پاك نەرسىلەرنى ئۆزىگە ھارام قىلىۋېلىشتىن توسۇپ، ھالال نەرسىلەردىن ئىسراپ قىلماستىن يېيىشكە بۇيرۇغاندىن كېيىن، ھاراق بىلەن قىمارنىڭ ھاراملىقىنى بايان قىلىشقا باشلايدۇ. چۈنكى، ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار بۇ ئىككىسىنى ھالال سانايتتى.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاللاھ تائالاغا مۇناجات قىلىپ: «ئى ئاللاھ! ھاراق توغرىسىدا بىزگە ئېنىق بىر ھۆكۈم چۈشۈرگەن بولساڭ» دەپ دۇئا قىلاتتى. بەقەرە سۈرىسىدىكى ئايەت نازىل بولغاندىمۇ ئۇ دۇئاسىنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى، نىسا سۈرىسىدىكى ئايەت نازىل بولغاندىمۇ ئۇنىڭ دۇئاسى داۋاملىشىۋەردى. مائىدە سۈرىسىدىكى بۇ ئايەت نازىل بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ ﴿سىلەر ئەمدى (ھاراق بىلەن قىماردىن) يانمامسىلەر؟﴾ دېگەن سۆزىنى ئاڭلاش بىلەنلا: «ياندۇق ئى رەببىمىز! ياندۇق!»[1] دېدى. ھەقىقەتەن بۇ ئايەت ھاراق توغرۇلۇق كەلگەن ئەڭ كەسكىن ۋە ھەل قىلغۇچ ئايەت ئىدى.

ئەمدى بىز ھاراقنىڭ نېمە ئۈچۈن بىراقلا ھارام قىلىنماي، تەدرىجىي ھارام قىلىنغانلىقىنىڭ ھېكمىتىنى سورىشىڭىز مۇمكىن. دېمىزكى، ئەرەبلەر ھاراققا مەپتۇن بولۇپ كەتكەن خەلق ئىدى. ئۇلارنى ھاراق ئىچىشتىن بىراقلا مەنئى قىلىش ئۇلاردا بۇ يېڭى دىندىن نەپرەتلىنىش

---

[1] «تفسير الطبري» 10- توم، 567- بەت. «مسند الإمام أحمد» 1-توم، 442-بەت، 378 - ھەدىس.

كەيپىياتىنىڭ قوزغىلىشىغا سەۋەب بولاتتى. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئۆزىگە خاس ئىلاھىي ھېكمەت بىلەن ھاراقنى ھارام قىلىشتا تۆت باسقۇچلۇق تەدبىرنى قوللانغان.

## ◄ تەپسىرى

ئى ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە چىن دىلىدىن ئىمان ئېيتقان مۆئمىنلەر! بىلىڭلاركى، سىلەرنىڭ «مۆئمىن» دېگەن كاتتا ئۇنۋان بىلەن سۈپەتلەنگىنىڭلارنىڭ ئۆزىلا سىلەرنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇغانلىرىنى تولۇق ئورۇنداپ، ئۇنىڭ توسقانلىرىدىن دەرھال يېنىشىڭلارنى تەقەززا قىلىدۇ. بىلىڭلاركى، ھاراق ئىچىش ئەقىلنى يوقىتىدۇ، ئەخلاقنى زەئىپلەشتۈرىدۇ، جەمئىيەتنى بۇلغايدۇ، ئائىلىلەرنىڭ تىنچلىقىنى بۇزىدۇ، ئادەمنى گۇناھقا پاتۇرىدۇ. شۇڭا ئۇ ﴿شەيتاننىڭ ئىشى﴾ دەپ سۈپەتلەنگەن. مەلۇمكى، شەيتان سىلەرنىڭ ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنىڭلاردۇر. ئۇ سىلەر ئۈچۈن يامانلىقتىن باشقىسىنى ئويلىمايدۇ، ھالاكەتتىن باشقىسىنى خالىمايدۇ، ئۇ بارلىق يامانلىقلارنى سىلەرگە پەردازلاپ كۆرسىتىش ئارقىلىق سىلەرنى ئازدۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر كۈنى مۇنبەردە خۇتبە ئوقۇۋېتىپ مۇنداق دېگەن: «ئى خالايىق! ھاراقنىڭ ھاراملىقى ھەققىدە ئايەت نازىل بولدى. ھاراق ئۈزۈم، خورما، ھەسەل، بۇغداي ۋە ئارپا قاتارلىق نەرسىلەردىن ياسىلىدۇ. ئەقىلنى يوقىتىدىغان ھەرقانداق نەرسە ھاراقتۇر!»[1]. مانا بۇ ھاراق توغرۇلۇق ئەڭ ئېنىق ۋە يېتەرلىك باياندۇر. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ خۇتبىنى ئوقۇغىنىدا مەدىنىدە كاتتا ساھابىلەر، شائىرلار، ئەدىبلەر ۋە ئەرەب تىلىنىڭ ماھىرلىرى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بۇنىڭغا قايىل بولغان. ھېچكىم ئۆمەرنىڭ بۇ سۆزىگە قارشى چىققان ياكى تۈزىتىش بەرگەن ئەمەس. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ سۆزىنىمۇ ئۇنتۇماسلىق كېرەك: «كُلُّ مُسْكِرٍ خَمْرٌ، وَكُلُّ خَمْرٍ حَرَامٌ» يەنى «مەست قىلىدىغان ھەرقانداق نەرسە ھاراقتۇر، ھاراقنىڭ ھەر قاندىقى ھارامدۇر»[2]. چۈنكى، ئادەمنى مەست قىلىدىغان، ئەقىلنى زەئىپلەشتۈرىدىغان ياكى

[1] «صحيح البخاري» 6-توم، 53-بەت، 4619-ھەدىس.

[2] «صحيح مسلم» 3-توم، 1588-بەت، 2003-ھەدىس.

يوقىتىدىغان ھەرقانداق ماددا – گەرچە باشقا ئىسىملاردا ئاتالغان بولسىمۇ، – ھاراقتۇر! بۇنىڭغا بىنائەن، ھاراق پەقەت ئۈزۈمدىنلا ياسىلىدۇ، باشقا نەرسىلەردىن ياسالغىنى ھاراق دېيىلمەيدۇ، دېگۈچىلەر ياكى ھاراق ئىسمىنى ئالمىغان مەست قىلغۇچى نەرسىلەر ھاراق قاتارىغا كىرمەيدۇ، دېگۈچىلەر ئوپئوچۇق خاتالاشقانلاردۇر.

شەكسىزكى، ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، بۇتلارغا چوقۇنۇش، مەيلى پال ئوقلىرى بىلەن بولسۇن، مەيلى باشقا نەرسىلەر بىلەن بولسۇن، پال سېلىش راستتىنلا شەيتاننىڭ ئىشى ۋە پاسكىنا قىلىقلاردۇر. ھاراق ئىچىش بىلەن قىمار ئويناش يىرگىنىشلىك ئىجتىمائىي ئىللەت بولغانلىقتىن، بۇ ئىككىسىنى ئەقىل ۋە دىن ئىككىلىسى بىردەك رەت قىلىدۇ. چۈنكى، بۇلار شەيتانلارنىڭ ئىنسانلارنى ئازدۇرۇش قورالىدۇر. ئى ئىمان ئېيتقانلار! مەڭگۈلۈك بەختكە ۋە ھەقىقىي نىجاتلىققا ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن شەيتاننىڭ بۇ پاسكىنا ئىشلىرىنى قەتئىي تاشلاڭلار، بۇ ئىشلاردىن يىراق تۇرۇڭلار. چۈنكى، ھاراق بىلەن قىمار دىنىي، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ھەر تەرەپتىن زىيانلىق بولغان ئەڭ خەتەرلىك ئىللەتلەردۇر.

ئىجتىمائىي تەرەپتىن ئېيتقاندا، شەيتان سىلەرنى ھاراق ئىچىش ۋە قىمار ئويناشقا ئۈندەش ئارقىلىق ئاراڭلارغا دۈشمەنلىك، ئۆرۈش، ئۆچمەنلىك قاتارلىقلارنى سېلىشنى خالايدۇ، ئاراڭلاردىكى ئادىمگەرچىلىكنى، دوستلۇقنى ۋە ئىناقلىقنى يوق قىلىدۇ، ئەقلىڭلارنى بۇلغايدۇ، دىلىڭلارنى قارايتىدۇ. ھالبۇكى، ئىسلام دىنى سىلەرنىڭ ئۆزئارا قېرىنداشلاردىن بولغان ھالدا بەختلىك، خاتىرجەم ھايات كەچۈرۈشۈڭلارنى خالايدۇ.

ھاراقنىڭ زىيانلىرىنى ۋە ھالاكەتلىرىنى كۆپ سۆزلەپ ئولتۇرۇشقا ھاجەت يوق. چۈنكى، زامانىمىزدا ھەركىم ئۇنىڭ زىيانلىرىنى ئوبدان بىلىدۇ. ھاراقنىڭ ئەقىللىق كىشىلەرنى كارغا كەلمەس قىلىپ قويۇۋاتقانلىقى، ئىنسانىيەتنى كۆپلىگەن ھالاكەتلەرگە ئىتتىرىۋاتقانلىقى ھەممىگە ئايان. شۇڭا ھاراق ئەرەب تىلىدا «خەمر» يەنى (يۆگىگۈچى، پەردىلىگۈچى، ياپقۇچى) دەپ ئاتىلىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئەقىلنى يۆگەيدۇ ۋە ياپىدۇ، ئاندىن يوق قىلىدۇ. ئىنساننىڭ ئەقلى زەئىپلەشكەن ياكى يوقالغاندا ئۇ ھايۋان قىلمايدىغان رەزىل قىلىقلارنى قىلىدۇ ۋە ئۆزىنى ئەڭ پەس ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ.

ئەمدى قىمارغا كەلسەك، قىمار ئۇتۇش ۋە ئۇتتۇرۇش ئارقىلىق ئىشلىمەي پۇل تاپىدىغان ياكى پۇلدىن ئايرىلىپ قالىدىغان ئىش

بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ئىسلام دىنىنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە زىت كېلىدىغان پۇل تېپىش يولى ھېسابلىنىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن قىمار ئۇنى ئوينىغان دوستلارنى بىر-بىرىگە دۈشمەن قىلىدىغان، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۆچمەنلىك ۋە ئاداۋەتلەرگە يول ئاچىدىغان بىر ئىجتىمائىي ئىللەتتۇر.

قىمارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەپتىن ئېلىپ كېلىدىغان زىيانلىرىنى ۋە ھالاكەتلىرىنى تەسۋىرلەپ بولۇش قىيىن. قانچىلىغان ئائىلىلەرنىڭ بۇزۇلغانلىقى، بالىلارنىڭ يېتىم بولغانلىقى، ئاتا-ئانىلارنىڭ زار-زار قاقشىغانلىقى ۋە قىمارۋازلارنىڭ ئەڭ رەزىل، پەس ۋە ئەڭ نامرات ئىنسانلارغا ئايلىنىپ قالغانلىقى بۇ دېگەنلىرىمىزنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ.

قىمارنىڭ دىنىي تەرەپتىن كەلتۈرىدىغان خەتەرلىرىگە كەلسەك، ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ خەتەرلىرىدىن بىرى شۇكى، كىشىلەرنى گۇناھ-مەئسىيەتلەرگە پاتۇرۇش، ئۇلارنىڭ دىللىرىنى قارايتىش، نەپسىنى بۇلغاش ۋە غەپلەتتە قالدۇرۇش ئارقىلىق ئۇلارنى ئاللاھ تائالادىن يىراقلاشتۇرۇۋېتىدۇ، ئاللاھ تائالانىڭ زىكرىنى ئۇنتۇلدۇرىدۇ. ئېنىقكى، ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىش، ئۇنىڭ نېمەتلىرىنى ئەسكە ئېلىش ۋە ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىش دىللارنى ياشارتىدىغان، نەپسلەرنى پاكلايدىغان مەنىۋى قۇۋۋەتتۇر. قىمار ئىنسانلارنى مۇشۇنداق مەنىۋى قۇۋۋەتتىن مەھرۇم قىلىدۇ ۋە ئۇلارنى ئاللاھ تائالانىڭ زىكرىدىن توسىدۇ ئەمەسمۇ؟ شەكسىزكى، ھاراق بىلەن قىمار كىشىلەرنى دىنىنىڭ ئاساسى بولغان نامازدىن توسىدۇ. چۈنكى، ھاراق ئىچىپ ئەقلىنى يوقاتقان بىرى بىلەن قىمارغا ئۆمرىنى سەرپ قىلغان بىرى قانداقمۇ ياخشىلىق يوللىرىغا قەدەم باسسۇن ۋە قانداقمۇ نامازلىرىنى ۋاقتىدا ئوقۇسۇن؟!

ئى ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان، قەلبلىرى ئىمان بىلەن بېزەلگەن كىشىلەر! بۇنچىلىك ئېنىق ۋە ئوچۇق باياندىن كېيىن ئەمدى ھاراق بىلەن قىمارنى تاشلىمامسىلەر؟ بۇ يامان يولدىن يانمامسىلەر؟

«قۇرئان كەرىم»نىڭ ئەدەبىي ئۇسلۇبلۇكىنى بىلەلىگەن كىشىلەرگە ئايانكى، ﴿سىلەر ئەمدى (ھاراق بىلەن قىماردىن) يانمامسىلەر؟﴾ دېگەن ئايەت ئىنتايىن پاساھەتلىك ۋە بەدىئىي ئۇسلۇبتا كەلگەن.

ئاللاھ تائالانىڭ ھاراق بىلەن قىمارنى «پاسكىنا قىلىق، شەيتاننىڭ ئىشى» دەپ ئاتاپ، بۇ ئىككىسىنى بۇتلارغا چوقۇنۇش بىلەن پال سېلىشقا ئوخشاتقانلىقى بۇ ئىشلارنىڭ گۇناھىنىڭ بىر-بىرىدىن قېلىشمايدىغان

دەرىجىدە ئېغىر گۇناھلار ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ھەممىگە مەلۇمكى بۇتلارغا چوقۇنۇش بىلەن پال سېلىش ئەڭ ناچار خۇراپاتلىق ۋە ئەڭ يامان ئىمانسىزلىق بولسا، ھاراق ئىچىش ۋە قىمار ئويناشمۇ ئەڭ ئېغىر گۇناھ ۋە ئەڭ يامان پاسكىنىلىقتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لَعَنَ اللَّهُ الْخَمْرَ وَشَارِبَهَا وَسَاقِيَهَا وَبَائِعَهَا وَمُبْتَاعَهَا وَعَاصِرَهَا وَمُعْتَصِرَهَا وَحَامِلَهَا وَالْمَحْمُولَةَ إِلَيْهِ» يەنى «ئاللاھ ھاراققا، ئۇنى ئىچكۈچىگە، قۇيۇپ بەرگۈچىگە، ساتقۇچىغا، سېتىۋالغۇچىغا، ياسىغۇچىغا، ياساتقۇچىغا، توشۇغۇچىغا ۋە توشۇتقۇچىغا لەنەت قىلدى»[1].

ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەختكە ئېرىشىشىنى ھاراق بىلەن قىماردىن يىراق تۇرۇشقا باغلىغان ۋە بۇ ئىككىسىنى دۈشمەنلىك، ئۆچمەنلىك ۋە بارلىق جېدەللەرنىڭ مەنبەسى قىلىپ كۆرسەتكەن.

ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداش ۋە توسقانلىرىدىن يىراق تۇرۇش ئارقىلىق ئۇنىڭغا تولۇق ئىتائەت قىلىڭلار، ئاللاھ تائالانىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلىشىڭ يامان ئاقىۋەتتىدىن ھەزەر ئەيلەڭلار.

بۇنداق تەپسىلىي نەسىھەتتىن كېيىن يەنە سىلەر ھەقىقەتكە قايتىشتىن باش تارتساڭلار، بۇنىڭ ۋابالىنى ئۆزۈڭلاردىن كۆرۈڭلار. بىلىڭلاركى، ئەلچىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسئۇلىيىتى كىشىلەرگە دىننى چۈشىنىشلىك قىلىپ يەتكۈزۈشتۇر، بىزنىڭ ئىشىمىز بولسا سىلەردىن ھېساب ئېلىشتۇر. ﴿يَوْمَ لَا تَمْلِكُ نَفْسٌ لِّنَفْسٍ شَيْـًٔا ۖ وَٱلْأَمْرُ يَوْمَئِذٍ لِّلَّهِ﴾ يەنى ﴿ئۇ كۈندە بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمگە قىلچە ياردەم بېرەلمەيدۇ، ئۇ كۈندە ھۆكۈم قىلىش تامامەن ئاللاھقا خاستۇر﴾[2].

يۇقىرىقى پاسكىنا قىلىقلار ھارام قىلىنىشتىن بۇرۇن ئۆلگەنلەر قىلمىشلىرى ئۈچۈن جازاغا تارتىلمايدۇ. چۈنكى، دىنىمىزدا ﴿ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار ئەگەر (ھارامدىن) ساقلانسا، ئىمانىدا چىڭ تۇرۇپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلسا، ئاندىن (ھارامدىن) داۋاملىق ساقلىنىپ ئىمانىدا چىڭ تۇرسا، ئاندىن (ھارامدىن) ئىزچىل تۈردە ساقلانسا ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلىدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ (ھارام

[1] «سۇنەن ئىبن ماجە» 2-توم، 112-بەت، 3381-ھەدىس. ئەللامە ئەلبانىي «سەھىھ» دەپ باھالىغان ھەدىس.

[2] ئىنفىتار سۈرىسى: 19-ئايەت.

قىلىنىشتىن ئىلگىرى) يېگەن-ئىچكەنلىرىدە ئۇلارغا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ﴾ دەيدىغان پىرىنسىپ بار. بۇ پىرىنسىپقا ئاساسەن، ھەمزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قاتارلىق ساھابىلەرگە ئوخشاش ھاراق ۋە باشقا نەرسىلەر ھارام قىلىنىشتىن ئىلگىرى شېھىت بولۇپ كەتكەنلەر ھارام قىلىنىشتىن ئىلگىرى ئىستېمال قىلغان نەرسىلىرى سەۋەبلىك جاۋابكارلىققا تارتىلمايدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ تائالا دىن ۋە دۇنيالىق ھەرقانداق ئىشنى قېتىرقىنىپ، مۇكەممەل قىلىدىغان كىشىلەرنى ياخشى كۆرىدۇ.

## ◄ ھاراق بىلەن داۋالىنىش مەسىلىسى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھاراق بىلەن داۋالىنىش توغرۇلۇق «إِنَّهُ لَيْسَ بِدَوَاءٍ، وَلَكِنَّهُ دَاءٌ» يەنى «ئۇ شىپا ئەمەس، بەلكى كېسەللىكتۇر»[1] دېگەن. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھاراق توغرىسىدا: «إِنَّ اللَّهَ لَمْ يَجْعَلْ شِفَاءَكُمْ فِيمَا حَرَّمَ عَلَيْكُمْ» يەنى «ئاللاھ سىلەرنىڭ شىپايىڭلارنى ھارام نەرسىلەردە قىلغان ئەمەس»[2] دېگەن. زامانىمىزدىكى مېدىتسىنا ئالىملىرى «ھاراق بىلەنلا داۋالاش زۆرۈر بولۇپ قالغان بىرمۇ كېسەللىك يوقتۇر» دېگەن پىكىردە بىردەكتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «ئۇ شىپا ئەمەس، بەلكى كېسەللىكتۇر» دېگەن سۆزىنىڭ توغرىلىقىنى ھازىرقى مېدىتسىنا ئىسپاتلىماقتا. چۈنكى، ھاراق كۆپلىگەن كېسەل-لىكنى پەيدا قىلىدىغان نەرسە بولۇپ، ھەر يىلى دۇنيادا نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ھاراق سەۋەبىدىنلا ئۆلۈپ كەتمەكتە.

ئىسلام قانۇنى ئىجرا قىلىنىدىغان جايلاردا ھاراق ئىچكەن ئادەمگە شەرىئەتتە قىرىق دەررە (قامچا) ئۇرۇش بەلگىلىنىدۇ. بەزى رىۋايەتلەردە سەكسەن دەررە دېيىلگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاراقكەشنى قىرىق دەررە ئۇرۇشقا بۇيرۇغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ. ھەر ھالدا ھاراقكەشنىڭ جازاسى قىرىق دەررىدىن ئاز، سەكسەن دەررىدىن كۆپ بولمايدۇ. ھاراقكەشنىڭ ئاخىرەتتىكى جازاسى دوزاخقا كىرىشتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ثَلَاثَةٌ قَدْ حَرَّمَ اللهُ عَلَيْهِمُ الْجَنَّةَ: مُدْمِنُ الْخَمْرِ، وَالْعَاقُّ، وَالدَّيُّوثُ» يەنى «ئۈچ خىل كىشىگە ئاللاھ جەننەتنى ھارام قىلدى. ئۇلار: ھاراقكەش، ئاتا-ئانىسىنى قاقشاتقۇچى ۋە

---

[1] «صحيح مسلم»3-توم، 1573-بەت، 1984-ھەدىس.
[2] «صحيح البخاري» 7-توم 110-بەت.

(ئائىلىسىنى كۈنلىمەيدىغان) دەييۇس ئادەمدۇر»[1].

پۇلغا (ئۇتۇش ياكى ئۇتتۇرۇشقا) ئوينىغان ئويۇنلارنىڭ ھەممىسى قىمارنىڭ ھۆكمىدە بولۇپ، ھەممىسى ھارامدۇر. پۇل تىكىپ ئوينايدىغان ئويۇنلارنىڭ ھەممىسى، شۇنداقلا كىشىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ زىكرىدىن (خۇسۇسەن نامازدىن) توسىدىغان، مەشغۇل قىلىدىغان، غەپلەتتە قويىدىغان، كىشىلەر ئارىسىدا دۈشمەنلىك، جېدەل-ماجىرا پەيدا قىلىدىغان ھەرقانداق ئويۇن خۇددى قىمارغا ئوخشاشلا ھارامدۇر. كىشىنى ئىقتىسادىي ياكى ئىجتىمائىي ۋەياكى دىنىي ۋە ئەخلاقىي جەھەتلەردىن زىيانغا ئۇچرىتىدىغان نەشە، ئەپيۇن ۋە خىروئىنغا ئوخشىغان چېكىملىك ۋەياكى ئىچىملىكلەرنىڭ ھەممىسى خۇددى ھاراققا ئوخشاشلا ھارامدۇر. بۇنىڭدا بارلىق ئىسلام ئۆلىمالىرى بىردەك قاراشتىدۇر.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ھاراق بىلەن قىمار ئىنسانلار جەمئىيىتى ئۇچۇن تۇرلۇك بەختسىزلىكلەرنى ئېلىپ كېلىدىغان يامان نەرسىلەر بولغانلىقتىن، ئاللاھ تائالا بۇ ئىككىسىنى قەتئىي مەنئى قىلغان ۋە بۇ قىلىقلارنى بۇرۇنقى بۇددىست ئەرەبلەرنىڭ بۇتلارغا چوقۇنۇش ۋە پال ئوقلىرى بىلەن پال سېلىشتەك ئەڭ يامان قىلىقلىرى قاتارىدا ئەيىبلىگەن.

2. پەرزەنتلەرنى ھاراق بىلەن قىمارنىڭ تۇزاقلىرىغا چۈشۈپ قېلىشتىن ھەمىشە ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرۇش ۋە ئۇلارنى ھاراق ئىچىدىغان ياكى قىمار ئوينايدىغان كىشىلەرگە قەتئىي ئارىلاشتۇرماسلىق ئاتا-ئانىلارنىڭ مۇھىم بۇرچىدۇر.

3. ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىش مۇسۇلمانلىقنىڭ تەلىپىدۇر.

4. ئاللاھ تائالا دىن ۋە دۇنيالىق ھەرقانداق ئىشنى قېتىرقىنىپ، ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلىدىغان كىشىلەرنى ياخشى كۆرىدۇ، ئۇلارغا ياردەم قىلىدۇ.

## ◄ ئېھرامدا تۇرۇپ ئوۋ ئوۋلاشنىڭ جازاسى

﴿يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ لَيَبْلُوَنَّكُمُ ٱللَّهُ بِشَىْءٍ مِّنَ ٱلصَّيْدِ تَنَالُهُۥٓ

[1] «مسند الإمام أحمد» 9-توم، 272-بەت، 5372-ھەدىس.

أَيۡدِيكُمۡ وَرِمَاحُكُمۡ لِيَعۡلَمَ ٱللَّهُ مَن يَخَافُهُۥ بِٱلۡغَيۡبِۚ فَمَنِ ٱعۡتَدَىٰ
بَعۡدَ ذَٰلِكَ فَلَهُۥ عَذَابٌ أَلِيمٞ ٩٤ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا تَقۡتُلُواْ
ٱلصَّيۡدَ وَأَنتُمۡ حُرُمٞۚ وَمَن قَتَلَهُۥ مِنكُم مُّتَعَمِّدٗا فَجَزَآءٞ مِّثۡلُ مَا
قَتَلَ مِنَ ٱلنَّعَمِ يَحۡكُمُ بِهِۦ ذَوَا عَدۡلٖ مِّنكُمۡ هَدۡيَۢا بَٰلِغَ ٱلۡكَعۡبَةِ
أَوۡ كَفَّٰرَةٞ طَعَامُ مَسَٰكِينَ أَوۡ عَدۡلُ ذَٰلِكَ صِيَامٗا لِّيَذُوقَ وَبَالَ أَمۡرِهِۦۗ
عَفَا ٱللَّهُ عَمَّا سَلَفَۚ وَمَنۡ عَادَ فَيَنتَقِمُ ٱللَّهُ مِنۡهُۚ وَٱللَّهُ عَزِيزٞ ذُو
ٱنتِقَامٍ ٩٥ أُحِلَّ لَكُمۡ صَيۡدُ ٱلۡبَحۡرِ وَطَعَامُهُۥ مَتَٰعٗا لَّكُمۡ
وَلِلسَّيَّارَةِۖ وَحُرِّمَ عَلَيۡكُمۡ صَيۡدُ ٱلۡبَرِّ مَا دُمۡتُمۡ حُرُمٗاۗ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ
ٱلَّذِيٓ إِلَيۡهِ تُحۡشَرُونَ ٩٦

### تەرجىمىسى

94-ئى ئىمان ئېيتقانلار! خىلۋەتتە ئاللاھتىن قورقىدىغانلارنى ئايرىش ئۈچۈن، ئاللاھ سىلەرنى قولۇڭلار ۋە نەيزەڭلار بىلەن ئوۋلىنىدىغان ئاز- تولا ئوۋ بىلەن چوقۇم سىنايدۇ، كىمكى بۇنىڭدىن كېيىن ھەددىدىن ئاشسا (يەنى ئېھرامدا تۇرۇپ ئوۋ ئوۋلىسا)، ئۇنىڭغا قاتتىق ئازاب بار.

95-ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر ئېھرامدا تۇرۇپ ئوۋ ھايۋانلىرىنى ئۆلتۈرمەڭلار. سىلەردىن كىمكى ئۇنى قەستەن ئۆلتۈرىدىكەن، قىلمىشىنىڭ جازاسىنى تېتىشى ئۈچۈن، ئۇنىڭ جازاسى ئادالەتلىك ئىككى كىشىنىڭ باھالىشى بويىچە ھېلىقى ئۆلتۈرۈلگەن ئوۋغا تەڭ كەلگۈدەك چارۋىدىن بىرنى كەئبىگە ئېلىپ بېرىپ قۇربانلىق قىلىشتۇر ياكى كاپارەت بېرىش يۈزىسىدىن مىسكىنلەرگە تائام بېرىشتۇر، ياكى ھەربىر مىسكىنگە بېرىدىغان تائامنىڭ باراۋىرىگە بىر كۈن روزا تۇتۇشتۇر. (ئېھرامدا تۇرۇپ ئوۋ ئۆلتۈرگەن) بۇرۇنقى گۇناھلارنى ئاللاھ ئەپۇ قىلدى، كىمكى بۇ گۇناھنى قايتا ئۆتكۈزسە، ئاللاھ ئۇنى جازالايدۇ، ئاللاھ غالىبتۇر، (گۇناھكارلارنى) جازالىغۇچىدۇر.

96-سىلەرنىڭ ۋە يولۇچىلارنىڭ مەنپەئەتلىنىشى ئۈچۈن، سىلەرگە دېڭىز ھايۋانلىرىنى تۇتۇش ۋە ئۇلارنى يېيىش ھالال قىلىندى. سىلەر ئېھرامدا بولغان ۋاقتىڭلاردا قۇرۇقلۇق ھايۋانلىرىنى ئوۋلاش سىلەرگە ھارام قىلىندى. سىلەر دەرگاھىغا توپلىنىدىغان ئاللاھتىن قورقۇڭلار.

## بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئاللاھ تائالا ئالدىنقى ئايەتلەردە مۇسۇلمانلارغا پاك نەرسىلەرنى هالال قىلغانلىقىنى، پاسكىنا نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىشنى هارام قىلغانلىقىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، بۇ ئايەتلەردە ئېهرامدا تۇرۇپ ئوۋ ئوۋلاشنىڭ هاراملىقى ۋە ئۇنىڭ جازاسىنى بايان قىلىدۇ.

## تەپسىرى

ئى ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە چىن قەلبىدىن ئىمان ئېيتقانلار! ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن هەممە هالەتتە، هەتتا خىلۋەتتىمۇ ئاللاھ تائالادىن قورقىدىغان هەقىقىي مۇئمىنلەرنى ئايرىپ چىقىش ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا سىلەرنى ئوۋ بىلەن سىنايدۇ، يەنى ئوۋلىغىلى بولىدىغان قۇرۇقلۇق هايۋانلىرى بىلەن سىنايدۇ. مەلۇمكى، سىلەر قۇرۇقلۇق هايۋانلىرىنى گاھ قولۇڭلار بىلەن، گاھ نەيزە ياكى ئوقيا بىلەن ئوۋلايسىلەر، ئوۋنىڭ گۆشى تولىمۇ لەززەتلىكتۇر. ئوۋ ئوۋلاش خۇشاللىنارلىق ئىش بولۇپ، بولۇپمۇ سەپەردە بولغان ۋاقىتلاردا ئوۋ ئادەمنىڭ كۆزىگە بەكمۇ چىرايلىق كۆرۈنىدۇ. ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھ تائالا سىلەرنى ئېهرامدىكى ۋاقىتلاردا ياكى هەرەمنىڭ چېگراسى (هۇدۇدى) ئىچىدە بولغان چېغىڭلاردا قۇرۇقلۇق هايۋانلىرىنى ئوۋلاشتىن مەنئى قىلىدۇ. ئەمما ئېهرامدىكى كىشىلەرنىڭ دېڭىز هايۋانلىرىنى تۇتۇشىدا هېچبىر گۇناھ يوق. ئېهرامدا بولغان ۋاقىتلاردا قۇرۇقلۇق هايۋانلىرىنى ئوۋلاشتىن مەنئى قىلىش ئاللاھ تائالانىڭ سىلەرنى چوڭ بىر سىناقتىن ئۆتكۈزگەنلىكىدۇر. ئاللاھ تائالا بۇ سىناق ئارقىلىق هەقىقىي تەقۋادار مۇئمىنلەر بىلەن، ئۆزلىرىنى تەقۋادار قىياپەتتە كۆرسىتىشكە ئۇرۇنۇپ كېلىۋاتقان بىر قىسىم مۇناپىقلارنى ئايرىپ چىقىدۇ. چۈنكى، مۇئمىنلەر ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن هەممە هالەتتە ئاللاھ تائالادىن قورقىدۇ، ئەمما مۇناپىقلار ئاللاھ تائالادىن ئەمەس، بەلكى كىشىلەردىن قورقىدۇ ۋە ئۇلاردىن هايا قىلىدۇ. ئەسلىدە هەممىدىن بەك هايا قىلىشقا تېگىشلىك زات ئاللاھ تائالادۇر.

ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئۇنتۇماڭلاركى، ئاللاھ تائالا مۇشۇنداق سىناقلاردىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق سىلەرنى گۇناهلاردىن ۋە كەمچىلىكلەردىن پاك قىلىشنى، سىلەر ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلغان مۇددەت ئىچىدە سىلەرگە ئاتا قىلىدىغان نېمەتلىرىنى تولۇقلاپ بېرىشنى خالايدۇ. بۇ

بايانىدىن كېيىن، كىمكى ھەددىدىن ئېشىپ ئېھرامدا تۇرۇپ ياكى مەسجىدى ھەرەمنىڭ چېگراسى ئىچىدە تۇرۇپ قۇرۇقلۇق ھايۋانلىرىنى ئوۋلايدىكەن، ئۇنىڭغا ئاخىرەتتە قاتتىق ئازاب بار.

ئى قەلبىگە ئىمان يەرلەشكەن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئېتىراپ قىلغان ۋە «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى ئىكەنلىكىگە چىن ئىشەنچ ئىمان ئېيتقان كىشىلەر! سىلەر ھەج ياكى ئۆمرە قىلىش ئۈچۈن ئېھرام باغلىغان ياكى ئېھرام باغلىمىغان بولساڭلارمۇ ھەرەمنىڭ چېگراسى ئىچىدە بولغان ۋاقتىڭلاردا ئوۋ ئوۋلىماڭلار. بۇ ھەج ۋە ئۆمرە ئىبادەتلىرىنىڭ ۋە ھەرەمنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلاش ھەم ئۇلۇغلاش ئۈچۈندۇر. چۈنكى، ئۇ جاي ھەم ئىنسانلار ئۈچۈن ھەمدە بارلىق جانلىقلار ئۈچۈن خاتىرجەملىك ۋە ئامانلىق ئورنىدۇر.

يۇقىرىدا ئېيتىلغانلار مەككىگە خاس ھۆكۈملەردۇر. ئەمما مەدىنىگە كەلسەك، ھەنەفىي مەزھىپىنىڭ قارىشىچە، مەدىنىدە ئوۋ ئوۋلاش، دەل-دەرەخلەرنىڭ شاخلىرىنى كېسىش مەنئى قىلىنمايدۇ. ئەمما شافىئىي ۋە مالىكىي مەزھەپلىرىنىڭ قارىشىچە، يۇقىرىقى ھۆكۈم مەدىنىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا مەدىنىدە ئوۋ ئوۋلاش، دەل-دەرەخلەرنىڭ شاخلىرىنى كېسىش مەنئى قىلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «اللهُمَّ إِنَّ إِبْرَاهِيمَ حَرَّمَ مَكَّةَ فَجَعَلَهَا حَرَمًا ، وَإِنِّي حَرَّمْتُ الْمَدِينَةَ حَرَامًا مَا بَيْنَ مَأْزِمَيْهَا ، أَنْ لَا يُهْرَاقَ فِيهَا دَمٌ ، وَلَا يُحْمَلَ فِيهَا سِلَاحٌ لِقِتَالٍ ، وَلَا تُخْبَطَ فِيهَا شَجَرَةٌ إِلَّا لِعَلْفٍ» يەنى «ئى ئاللاھ! ئىبراھىم مەككىنى قان تۆكۈش چەكلەنگەن جاي قىلدى، مەنمۇ مەدىنىنى ئۇنىڭ ئىككى تېغىنىڭ ئارىسىدا قان تۆكۈشكە بولمايدىغان جاي قىلدىم. ئۇنىڭدا ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن قورال كۆتۈرۈلمەيدۇ، ئۇ يەردە قان تۆكۈلمەيدۇ، ئۇنىڭ دەرەخلىرى كېسىلمەيدۇ، پەقەت ئۇلاغلارغا يەم قىلىش ئۈچۈن كەسسە بولىدۇ»[1]. بۇ مەسىلىدە شافىئىي، مالىكىي قاتارلىق مەزھەپلەرنىڭ قارىشى كۈچلۈكتۇر.

سىلەردىن كىمكى ئوۋ ھايۋانلىرىدىن بىرەرسىنى قەستەن ئۆلتۈرسە، ئۇ ھايۋانغا تەڭ كېلىدىغان ھايۋان تېپىلسا، چوڭلۇقى ۋە شەكلى جەھەتتىن ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان بىرىنى، ئەگەر ئۇنىڭغا تەڭ كېلىدىغان ھايۋان تېپىلمىسا، ئۇنىڭ نەرخىنى (قىممىتىنى) جازا ئورنىدا پېقىرلارغا بېرىشى لازىم بولىدۇ.

[1] «صحيح مسلم» 2-توم، 1001-بەت، 1374- ھەدىس.

شۇنى بىلىش كېرەككى، ئوۋلىسا جازا كېلىدىغان جانلىقلار ئىككى خىل بولۇپ، ئۇلار تۆت پۇتلۇق ھايۋانلار بىلەن قۇشلاردۇر. ئوۋلانغان تۆت پۇتلۇق ھايۋان ئۈچۈن جىسىم ۋە شەكىل جەھەتتىن ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان بىر ھايۋاننى جازا ھېسابىدا سەدىقە بېرىش لازىم. مەسىلەن: ئېھرامدا تۇرۇپ تۆگە قۇشىنى ئوۋلىغان كىشىنىڭ بىر تۆگە، ياۋا ئېشەك ئوۋلىغان كىشىنىڭ بىر كالا، كېيىك ئوۋلىغان كىشىنىڭ بىر قوي ياكى بىر ئۆچكە بېرىشى لازىم بولىدۇ. بۇنىڭغا ئوخشىغان مىساللار فىقھى كىتابلىرىدا بايان قىلىنغان.

بىرەر ئۇچارلىقنى ئوۋلىغان كىشى ئۇنىڭ جازاسى ئۈچۈن، ئۇنىڭ قىممىتىنى تۆلىشى لازىم. ئەمما مەككىنىڭ كەپتەرلىرىنىڭ ھۆكمى باشقىچە بولۇپ، مەككە كەپتەرلىرىدىن بىرىنى ئوۋلىغان كىشىنىڭ بىر قوي ياكى بىر ئۆچكە بېرىشى لازىم بولىدۇ.

يۇقىرىقى ئايەت شۇنى ئىپادىلەيدۇكى، بىلىپ تۇرۇپ قەستەن بىر ھايۋاننى ئۆلتۈرگەن كىشىگە جازا كېلىدۇ. ھەدىسلەرنىڭ روھىغا ئاساسەن، سەۋەنلىكتىن ئۆلتۈرۈپ قويغان كىشىگىمۇ جازا كېلىدۇ.

ئايەتتە ئوۋلاش مەنئى قىلىنغان ھايۋان گۆشى يېيىلىدىغان ھەرقانداق ياۋايى ھايۋانلاردۇر. ئەمما ئۆي ھايۋانلىرىنى، يىرتقۇچ ھايۋانلارنى، ھاشارەت، قاغا، يىلان، غالجىر ئىت ۋە چاشقانغا ئوخشىغان گۆشى يېيىلمەيدىغان جانلىقلارنى ئۆلتۈرۈشتە جازا يوقتۇر. ئىمام مالىك بۆرە، شىر، يولۋاس قاتارلىقلارنىمۇ غالجىر ئىتنىڭ ھۆكمىگە كىرگۈزگەن.

سىلەردىن كىمكى ئوۋ ھايۋانلىرىنى قەستەن ئۆلتۈرسە، ئۆلتۈرگىنىگە ئوخشاش بىر ھايۋاننى جازا ھېسابىدا تۆلەيدۇ. بۇ مەسىلىدە ئاراڭلاردىن ئادالەتلىك ۋە بىلىملىك ئىككى مۆئمىن كىشى ھۆكۈم چىقىرىدۇ. ئادالەتلىك ۋە بىلىملىك ئىككى كىشىنىڭ ھۆكۈم چىقىرىشىنى شەرت قىلىشىنىڭ ھېكمىتى شۇكى، ئوۋلانغان ھايۋان بىلەن ئۇنىڭغا جازا ھېسابىدا تۆلىنىدىغان ھايۋاننىڭ تەڭداش بولۇپ-بولمىغانلىقىنى بېكىتىش زامانىمىزدا ھەممىلا ئادەمنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان بىر ئىشتۇر. چۈنكى، زامانىمىزدا بۇرۇن كۆرۈپ باقمىغان ھەر تۈرلۈك ھايۋانلارنى تونۇشقا باشلىدۇق. ئوخشىشىنى تاپالمايدىغان ھايۋانلارنى ئوۋلىغانلىقنىڭ جازاسى ئۈچۈن ئۇنىڭ قىممىتىنى تۆلەش بەلگىلىنىدۇ. ئوۋلانغان ھايۋاننىڭ ئوخشىشىنى تۆلەشتە، ئۇنى ھەرەمگە ئېلىپ كېلىپ بوغۇزلاپ مەككىنىڭ پېقىرلىرىغا تارقىتىپ بېرىش لازىم.

دېمەك، ئېھرام ئىچىدە ياكى ھەرەمنىڭ چېگراسى ئىچىدە تۇرۇپ ئوۋ ئوۋلىغان كىشىنىڭ ئوۋلىغان نەرسىسىگە تەڭ كېلىدىغان بىر ھايۋاننى جازا ھېسابىدا تۆلىشى ياكى كاپارەت تۆلىشى لازىم بولىدۇ. كاپارەت مۇنداق بولىدۇ: ئۆلتۈرگەن ھايۋاننىڭ قىممىتىنى تائامغا سۇندۇرۇپ باھالايدۇ. ئاندىن ھەربىر پېقىرغا بىر مۇد (يەنى تەخمىنەن 508 گرام)دىن تائام تارقىتىپ بېرىدۇ ياكى (بېرەلمىسە) ھەربىر مۇد ئۈچۈن بىر كۈندىن روزا تۇتىدۇ.

ئىمام ئەزەمنىڭ قارىشىچە، ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋاننىڭ ئوخشىشى تېپىلسۇن ياكى تېپىلمىسۇن، ئالدى بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن شۇ ھايۋاننىڭ قىممىتى باھالىنىدۇ. ئايەت مۇنداق قىلىشنى تەلەپ قىلمايدۇ. ئەللامە ئىبنى جەرىر تەبەرىي ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئېھرام ئىچىدىكى كىشى بىرەر ھايۋاننى ئۆلتۈرگەن بولسا، ئۇ شۇ قىلمىشى ئۈچۈن جازا تۆلىشى لازىم بولىدۇ. كېيىك ياكى شۇنىڭغا ئوخشايدىغان بىر ھايۋاننى ئۆلتۈرگەن بولسا، مەككىنىڭ پېقىرلىرىغا تارقىتىپ بېرىشكە، بۇنى قىلالمىسا ئالتە پېقىرغا بىر ۋاخ تائام بېرىشكە، بۇنىمۇ قىلالمىسا ئۈچ كۈن روزا تۇتۇشقا بۇيرۇلىدۇ»[1].

ئاللاھ تائالا ئاخىردا دەيدۇكى، بىز بۇ جازانى پەقەت بۇ قىلمىشنى سادىر قىلغان كىشىنىڭ ئۆز قىلمىشىنىڭ جازاسىنى تېتىشى ئۈچۈن بۇيرۇدۇق. چۈنكى، ئۇ ئېھرام ئىچىدە تۇرۇپ ئوۋ ئوۋلاش ئارقىلىق ئېھرامنىڭ ھۆرمىتىنى دەپسەندە قىلغان بولدى. بۇ ئايەت نازىل بولۇشتىن ئىلگىرى ئۆتكۈزۈلگەن گۇناھلارنى ئاللاھ تائالا كەچۈرۈۋەتتى. ئەمما بۇنىڭدىن كېيىن، كىمكى بۇ گۇناھ ئىشنى قايتا سادىر قىلسا، ئاللاھ تائالا ئاخىرەتتە ئۇنى قاتتىق جازالايدۇ.

ئى مۇسۇلمانلار! سۇ ھايۋانلىرىنى- مەيلى ئۇلار تىرىك بولسۇن، ياكى ئۆلۈك بولسۇن، مەيلى دولقۇن قىرغاققا ئېتىۋەتكەن ھايۋان بولسۇن،- تۇتۇپ يېيىش سىلەرگە ھالالدۇر. دېڭىزدا ئۆلگەن ھايۋانلار ھالالدۇر. دېڭىزنىڭ سۈيى پاكتۇر. ئى ئېھرامدىكى كىشىلەر! ئاللاھ تائالا دېڭىز ھايۋانلىرىنى سىلەرنىڭ ۋە يولۇچىلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن ھالال قىلىپ بەردى. ئېھرام ئىچىدە بولغان مۇددەتتىكىلاردا قۇرۇقلۇق ھايۋانلىرىنى

[1] «تفسير الطبري» 10-توم، 18-بەت.

ۋە ئۇچارقاناتلارنى ئوۋلاش سىلەرگە ھارام قىلىندى. ئەمما باشقىلارنىڭ ئوۋلىغانلىرىنى يېيىش سىلەرگە ھالالدۇر. شۇنىڭدەك ئېھرام باغلىمىغان ۋە ھەرەم چېگراسىنىڭ سىرتىدا بولغان ۋاقىتلاردا قۇرۇقلۇق ھايۋانلىرىنى ئوۋلاش سىلەرگە ھالالدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «صَيْدُ الْبَرِّ لَكُمْ حَلَالٌ ، مَا لَمْ تَصِيدُوهُ ، أَوْ يُصَدْ لَكُمْ» يەنى «سىلەر ئېھرام ئىچىدە تۇرۇپ ئوۋلىمىغان ياكى سىلەر بۇيرۇپ ئوۋلاتمىغان (يەنى ئېھرام باغلىمىغانلار ئۆزلىرى ئوۋلىغان) قۇرۇقلۇق ھايۋانلىرى سىلەرگە ھالالدۇر»[1]. سىلەرنى ھۇزۇرىغا توپلاپ، ئاندىن بۇ دۇنيادا قىلغان ئەتكەنلىرىڭلاردىن تەپسىلىي ھېساب ئالىدىغان ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر-پەرمانلىرىغا ئاسىيلىق قىلىشنىڭ ئاقىۋىتىدىن ھەزەر ئەيلەڭلار.

## مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنى خالىغان ئىشلار بىلەن سىنايدۇ. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىنى ھۇدەيبىيەدە چوڭ سىناقتىن ئۆتكۈزگەن. ئوۋ ھايۋانلىرى شۇنچە كۆپ بولغان ۋە ساھابىلەرنىڭ ئاچلىقتىن بۇ ئوۋغا شۇنچىلىك زور ئېھتىياجى بولغان شۇ ۋاقىتتا ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ئوۋ ئوۋلاشتىن مەنئى قىلىش بىلەن ئۇلارنى سىنىغان بولۇپ، ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇپ ئوۋ ئوۋلاشنى تەرك ئېتىش بىلەن سىناقتىن ئۆتكەن. ساھابىلەرنىڭ بۇ ئىشى ئۆز ۋاقتىدىكى ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ ئۆز پەيغەمبىرى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا قارشى قىلغانلىرىنىڭ تامامەن ئەكسىچە ناھايىتى ئىجابىي ئىدى.

2. ئېھرام ئىچىدە بولغان ياكى ھەرەمنىڭ چېگراسى ئىچىدە بولغان كىشى ئۈچۈن قۇرۇقلۇق ھايۋانلىرىنى، ئۇچارقاناتلارنى ئوۋلاش ياكى باشقىلارنى ئەۋەتىپ ئوۋلىتىش مەنئى قىلىنىدۇ. ئەمما سۇ ھايۋانلىرىنى تۇتۇپ يېيىش ھەرقانداق ۋاقىتتا جائىزدۇر.

3. ئېھرام باغلىغان ياكى ھەرەم چېگراسى ئىچىدە تۇرۇپ قۇرۇقلۇق ھايۋانلىرىنى ياكى ئۇچارقاناتلارنى ئوۋلىغان ئادەمگە ئۆلتۈرگەن نەرسىسىنىڭ ئوخشىشىنى تۆلەش بەلگىلىنىدۇ. ئوۋلانغان نەرسە ئوخشىشى تېپىلمايدىغان ھايۋان ياكى ئۇچارلىق بولسا، ئادالەتلىك ۋە بىلىملىك ئىككى نەپەر دىندار كىشىنىڭ باھالىشى بىلەن ئۇنىڭ قىممىتىنى تۆلەيدۇ.

[1] «مسند الإمام أحمد» 23-توم، 171-بەت، 14894-ھەدىس.

## كەئبە، ھەج ئايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئىسلام نەزىرىدىكى ئورنى

﴿جَعَلَ ٱللَّهُ ٱلۡكَعۡبَةَ ٱلۡبَيۡتَ ٱلۡحَرَامَ قِيَٰمٗا لِّلنَّاسِ وَٱلشَّهۡرَ ٱلۡحَرَامَ وَٱلۡهَدۡيَ وَٱلۡقَلَٰٓئِدَۚ ذَٰلِكَ لِتَعۡلَمُوٓاْ أَنَّ ٱللَّهَ يَعۡلَمُ مَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِي ٱلۡأَرۡضِ وَأَنَّ ٱللَّهَ بِكُلِّ شَيۡءٍ عَلِيمٌ ٩٧﴾

### تەرجىمىسى

97ـ ئاللاھ ھۆرمەتلىك ئۆي كەئبىنى، ھەج ئېيىنى، قۇربانلىقنى، (قۇربانلىق ماللارغا ئېسىپ قويۇلغان) بويۇنچۇقلارنى ئىنسانلارنىڭ (دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك) ئىشلىرىنىڭ تۈۋرۈكى قىلدى. بۇ ئاللاھنىڭ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى ۋە ئاللاھنىڭ ھەر شەيئىنى بىلگۈچى ئىكەنلىكىنى سىلەرنىڭ بىلىشىڭلار ئۈچۈندۇر.

### بۇ ئايەتنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئەللامە فەخرۇددىن رازىي مۇنداق دېگەن: «يۇقىرىدا ئۆتكەن ئايەتلەردە، ئاللاھ تائالا ئېھرامدىكى ياكى ھەرەمنىڭ چېگراسى ئىچىدىكى كىشىلەرنىڭ ئوۋ ئوۋلىشىنى مەنئى قىلغان ۋە ئۇچارقاناتلار بىلەن قۇرۇقلۇق ھايۋانلىرىنىڭ تولۇق ئامانلىقتا ئىگە ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان. بۇ ئايەتتە بولسا ھەج ياكى ئۆمرىگە كەلگەن كىشىلەرنىڭ ھەرەمدە تولۇق ئامانلىقتا، خاتىرجەملىكتە ئىگە ئىكەنلىكى، ھەرەمنىڭ ئۇلارنىڭ ھاياتى ئۈچۈن ئامانلىق، دىنىي ئۈچۈن پايدىلىق جاي ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان»[1].

### تەپسىرى

ئىبادەت ئۈچۈن بىنا قىلىنغان ئاشۇ ھۆرمەتلىك ئۆي ـ كەئبىنى ئاللاھ تائالا ئىنسانلار ئۈچۈن ئامانلىق ۋە خاتىرجەملىك مەنبەسى قىلدى. كەئبە ھەرەمنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بولۇپ، ئىنسانلار ھەرەمنىڭ ئەتراپىدا ئولتۇراقلىشىدۇ، ئۇ جاينىڭ بەرىكەتلىرىدىن ۋە ياخشىلىقلىرىدىن بەھرىمەن بولىدۇ، قىشتا ۋە يازدا ھەرخىل مېۋىلەر بىلەن رىزىقلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇ جايغا بارالمىغان ئىنسانلارنىڭ قەلبلىرى

[1] «التفسير الكبير للرازي» 12ـتوم، 439ـبەت.

ئۇنىڭغا تەلپۈنۈپ تۇرىدۇ، ئۇ جايغا كېلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن ھاجىلارنىڭ ۋە ئۆمرە قىلغۇچىلارنىڭ كېلىپ تۇرۇشى سايىسىدا، ئۇ جايدىكى ئىنسانلارنىڭ ئىشلىرى يولغا كىرىدۇ، سودا-سېتىق ئىشلىرى روناق تاپىدۇ، تۇرمۇشى قامدىلىدۇ، ئىقتىسادىي ئەھۋالى ياخشىلىنىدۇ. ھەج ياكى ئۆمرە ئۈچۈن ئۇ جايغا بارغانلارمۇ ئۇ جايدا ياخشىلىق، سائادەت ۋە خاتىرجەملىك تاپىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى پەيغەمبەرلەرنىڭ پېشۋاسى ھەزرىتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنىڭ بەرىكىتى ئىدى. ﴿رَبَّنَآ إِنِّيٓ أَسۡكَنتُ مِن ذُرِّيَّتِي بِوَادٍ غَيۡرِ ذِي زَرۡعٍ عِندَ بَيۡتِكَ ٱلۡمُحَرَّمِ رَبَّنَا لِيُقِيمُواْ ٱلصَّلَوٰةَ فَٱجۡعَلۡ أَفۡـِٔدَةٗ مِّنَ ٱلنَّاسِ تَهۡوِيٓ إِلَيۡهِمۡ وَٱرۡزُقۡهُم مِّنَ ٱلثَّمَرَٰتِ لَعَلَّهُمۡ يَشۡكُرُونَ﴾ يەنى ﴿ئى رەببىمىز! ئەۋلادىمنىڭ بىر قىسمىنى سېنىڭ ھۆرمەتلىك ئۆيۈڭ (كەئبە)نىڭ قېشىدىكى ئېكىنسىز بىر ۋادىغا ئورۇنلاشتۇردۇم، ئى رەببىمىز! (بۇ ئىشنى) ئۇلار نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلسۇن (دەپ قىلدىم). ئى رەببىمىز! ئىنسانلاردىن بىر قىسمىنىڭ دىللىرىنى ئۇلارغا مايىل قىلغىن، ئۇلارنىڭ شۈكۈر قىلىشى ئۈچۈن، ئۇلارنى تۈرلۈك مېۋىلەر بىلەن رىزىقلاندۇرغىن﴾[1].

ئاللاھ تائالا كەئبىنى ئىنسانلار ئۈچۈن ئامانلىق ۋە تىنچلىق مەنبەسى قىلىپ بەرگەن بولۇپ، ھەرەم دائىرىسى ئىچىدە قان تۆكۈش، ئۇرۇش قىلىش قەتئىي چەكلەنگەن. كەئبە يەنە مۇسۇلمانلارنىڭ تەقۋالىقىنى كۈچەيتىدۇرۇشى، ئەخلاقىنى ئىسلاھ قىلىشى، نەپسىنى پاكلىشى ۋە روھىنى يۈكسەلدۇرۇشى ئۈچۈن ۋەسىلە بولىدىغان جايدۇر. قانداقمۇ شۇنداق بولمىسۇن؟! كەئبە مۇسۇلمانلار نامازلىرىدا ۋە دۇئالىرىدا يۈزلىنىدىغان، ئىسلام پەرزلىرىدىن بىرى بولغان ھەج پەرزىنى ئادا قىلىدىغان جاي ئەمەسمۇ؟! باي-گاداي، رەئىس-پۇقرا ھەممە كىشى يىراق يوللارنى بېسىپ ئۇ جايغا كېلىدۇ ئەمەسمۇ؟! كەئبىدىكى ۋە ئەرەپاتتىن ئىبارەت مۇقەددەس جايلاردىكى ئۇچرىشىش مۇسۇلمانلار ئۈچۈن يىللىق چوڭ قۇرۇلتاينىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ. مۇسۇلمانلار بۇ قۇرۇلتاي جەريانىدا ئىمانىنى كۈچلەندۇرىدۇ، گۈزەل ئەخلاق - پەزىلەتلەرنى ئۆگىنىدۇ، پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزئارا دىنىي قېرىنداشلار ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئىسلامىي قېرىنداشلىق رىشتىسىنى كۈچلەندۇرىدۇ. ﴿إِنَّمَا ٱلۡمُؤۡمِنُونَ إِخۡوَةٞ﴾ يەنى ﴿مۆئمىنلەر ھەقىقەتەن قېرىنداشلاردۇر﴾[2].

---

[1] ئىبراھىم سۈرىسى: 37- ئايەت.

[2] ھۇجۇرات سۈرىسى: 10 -ئايەت.

ئاللاھ تائالا ھەج ئايلىرىنىمۇ ئوخشاشلا ئىنسانلار ئۈچۈن ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتلەردىن يۈكسىلىش ۋەسىلىسى قىلدى. ھەج مەزگىلىدە ئىنسانلار بۇ مۇقەددەس جايلاردا خاتىرجەملىك ئىچىدە توپلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ جېنى، پۇل-مېلى ئامانلىق ئىچىدە بولىدۇ، سودا-سېتىق ئىشلىرىنى تولۇق خاتىرجەملىك ئىچىدە ئېلىپ بارىدۇ. بۇ جايدا قورال-ياراقلار يەرگە تاشلانغان، كۆڭۈللەر ئارام تاپقان، خۇسۇمەتلەر ۋە دۈشمەنلىكلەر يوق قىلىنغان، ئۇرۇشنىڭ ئوتلىرى ئۆچۈرۈلگەن بىر پۈتۈن خاتىرجەملىك ئىچىدە ئىنسانلار ئىبادەتلىرىنى ۋە دۇنيالىق ئىشلىرىنى خاتىرجەم ئېلىپ بارىدۇ. مەيلى ئىسلامدىن بۇرۇنقى جاھىلىيەت دەۋرىدە بولسۇن، مەيلى ئىسلامىيەتتە بولسۇن، كەئبە ئىنسانلار ئۈچۈن ئامانلىق ۋە خاتىرجەملىك جايىدۇر. ﴿أَوَلَمۡ يَرَوۡاْ أَنَّا جَعَلۡنَا حَرَمًا ءَامِنٗا وَيُتَخَطَّفُ ٱلنَّاسُ مِنۡ حَوۡلِهِمۡۚ﴾ يەنى ﴿ئۇلار كۆرمەمدۇكى، بىز ئۇلارغا (مەككىنى) چېقىلىشقا بولمايدىغان، ئامان جاي قىلىپ بەردۇق. ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى ئىنسانلار (قاراقچىلار تەرىپىدىن) ئېلىپ قېچىلىۋاتىدۇ﴾[1].

قۇربانلىقماللار بىلەن ئۇلارنىڭ بويۇنلىرىغا ئېسىپ قويۇلغان بويۇنچاقلارمۇ ئىنسانلار ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ دىنىي ئىشلىرىدا يۈكسىلىشىنىڭ ۋاسىتىلىرىدىن بىرى قىلىندى. كىمكى قۇربانلىقنى ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ، ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن جايدا قىلىدىكەن، ئۇنىڭ ئىمانى كۈچلىنىدۇ، گۇناھلىرى ئۆچۈرۈلىدۇ، روھى يۈكسىلىدۇ، نەپسى ۋە پۇل-مېلى پاكلىنىدۇ ۋە ئۆزى خاتىرجەملىككە ئېرىشىدۇ.

ھەج ئەمەللىرىنى ئاللاھ تائالا ئۆزگىچە خاس ھېكمەت بىلەن شۇنداق ئورۇنلاشتۇرغان. ھەج ئەمەللىرىدىكى سىر-ئەسرارلارنى ئاللاھ تائالا ئۆزى بىلىدۇ. بىزگە بۇيرۇلغىنى ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى تولۇق ئورۇنداشتۇر. زادى بۇنداق ھېكمەتلىك ئورۇنلاشتۇرۇش پەقەت ئاسمان، زېمىن ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ھەممە نەرسىنى تولۇق بىلىدىغان ئۇلۇغ بىر زات تەرىپىدىنلا مەيدانغا كېلىدۇ. ئاللاھ تائالا ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىنى ئېنىق بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

ھەج ئىبادىتىگە نەزەر سالغان كىشى ئۇنىڭ ئىسلامىي بىرلىكنى ۋە باراۋەرلىكنى نامايان قىلىدىغان ئەڭ كاتتا ئىبادەت ئىكەنلىكىنى چوقۇم بىلىدۇ. ھەتتا مۇسۇلمان ئەمەسلەرمۇ ھەج ئىبادىتىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى، ئۇنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىدە نەقەدەر چوڭ ئورنى بارلىقىنى، مۇسۇلمانلار

---

[1] ئەنكەبۇت سۈرىسى: 67- ئايەت.

ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى نەقەدەر كۈچەيتىۋاتقانلىقىنى ۋە دىنىي روھنى قانداق ئويغىتىدىغانلىقىنى ياخشى بىلىدۇ.

### مۇھىم نۇقتىلىرى

1. كىشىلەرنىڭ دىلىغا ھەرەمنىڭ مۇھەببىتىنى سېلىش، ئۇلاردا ھەرەمگە بېرىش ئارزۇسىنى يېتىلدۈرۈش، ھەرەمگە كېلىشنىڭ يوللىرىنى ئوڭاي ۋە خاتىرجەم قىلىش، ھەرەمنى ئىنسانلار ۋە جىمى جانلىقلار ئۈچۈن ئامانلىق جايى قىلىش، ھەج ئايلىرىنى خاتىرجەملىك، تىنچلىق ئايلىرى قىلىش ۋە ھەرەمگە كەلگۈچىلەرنى ئامانلىق ھەم باياشاتلىق بىلەن تەمىنلەش پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمى بىلەنلا بولىدىغان ئىشتۇر. چۈنكى، دۇنيادىكى بىر يېرىم مىلياردتىن كۆپرەك مۇسۇلماننىڭ قەلبىگە ھەرەم سۆيگۈسى بىلەن ئۇنى كۆرۈش ئارمىنىنى ياندۇرۇش ۋە ھەر يىلى ھەج قىلىش ئۈچۈن كېلىدىغان بىر قانچە مىليون ھاجىنىڭ مەككىدەك كىچىك بىر شەھەرگە بىرلا ۋاقىتتا توپلىنىپ ئاچ قالماستىن، خەۋپ خەتەرگە ئۇچرىماستىن تىنچلىق بىلەن ھەج پەرزىنى ئادا قىلىپ كېتىشىنى تەمىن ئېتىش ئەلۋەتتە ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمى بىلەن بولىدۇ.

2. كەئبىنى ۋە قۇربانلىقنى ھۆرمەتلەش ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنىڭ ئالامەتلىرىنى ھۆرمەتلىگەنلىكتۇر. ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنىڭ ئالا-مەتلىرىنى ھۆرمەتلەش مۆئمىنلەر ئۈچۈن دىنىي بۇرچتۇر ۋە قەلبتىكى تەقۋالىقنىڭ ئالامىتىدۇر.

### رىغبەتلەندۈرۈش ۋە ئاگاھلاندۇرۇش

﴿ٱعْلَمُوٓا۟ أَنَّ ٱللَّهَ شَدِيدُ ٱلْعِقَابِ وَأَنَّ ٱللَّهَ غَفُورٌ رَّحِيمٌ ﴿٩٨﴾ مَّا عَلَى
ٱلرَّسُولِ إِلَّا ٱلْبَلَٰغُ ۗ وَٱللَّهُ يَعْلَمُ مَا تُبْدُونَ وَمَا تَكْتُمُونَ ﴿٩٩﴾ قُل لَّا
يَسْتَوِى ٱلْخَبِيثُ وَٱلطَّيِّبُ وَلَوْ أَعْجَبَكَ كَثْرَةُ ٱلْخَبِيثِ ۚ فَٱتَّقُوا۟ ٱللَّهَ
يَٰٓأُو۟لِى ٱلْأَلْبَٰبِ لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ ﴿١٠٠﴾﴾

### تەرجىمىسى

98ـ بىلىڭلاركى، ئاللاھ ھەقىقەتەن ئازابى قاتتىق زاتتۇر. شەكسىزكى، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، تولىمۇ مېھرىباندۇر.

**99-پەيغەمبەرنىڭ مەسئۇلىيىتى پەقەت (دىنىنى) يەتكۈزۈشتۇر. ئاللاھ سىلەرنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ.**

**100-(ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «گەرچە ناپاك نەرسىلەرنىڭ كۆپلۈكى سېنى ھەيران قالدۇرسىمۇ، ناپاك بىلەن پاك باراۋەر بولالمايدۇ». ئۇنداقتا، ئى ئەقىل ئىگىلىرى! نىجات تېپىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھتىن قورقۇڭلار.**

### تەپسىرى

ئاللاھ تائالا ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى تولۇق ۋە ئېنىق بىلىپ تۇرىدۇ. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنىڭ ئۈستىدە قەھر قىلغۇچى كۈچكە ئىگىدۇر، ئۇلارغا بەكمۇ شەپقەتلىك ۋە ناھايىتى مېھرىباندۇر. بۇ سۈپەتلەرنىڭ تەقەززاسى شۇنى بىلدۈرىدۇكى، ئاللاھ تائالا بىزلەرنى بىكارغا ياراتقان ئەمەس، بەلكى بىزنى چوڭ سىناقلار ئۈچۈن بۇ دۇنياغا ئەۋەتكەن. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئەلۋەتتە ياخشى ئىش قىلغانلارغا مۇكاپات، يامان ئىش قىلغانلارغا جازا بېرىدۇ.

شۇنى ئېنىق بىلىشىمىز كېرەككى، ئاللاھ تائالانىڭ ئازابى ھەقىقەتەن قاتتىق، ھېساب ئېلىشى تېزدۇر. ئەلۋەتتە، ئىنسانلارغا زۇلۇم قىلىشتا ھەددىدىن ئاشقان زالىملارغا، ئاسىي-گۇناھكارلارغا قارىتا ئاللاھ تائالانىڭ ئازابى ھەقىقەتەن قاتتىقتۇر. ئاللاھ تائالا بۇنىڭ ئەكسىچە ئىتائەتچان بەندىلىرىگە قارىتا ناھايىتى شەپقەتلىكتۇر، تولىمۇ مېھرىباندۇر. ئاللاھ تائالا ئۇلارغا مەرھەمەت قىلىدۇ، گۇناھلىرىنى كەچۈرىدۇ، بىلمەستىن يامان ئىش قىلىپ قويغان ياكى گۇناھ سادىر قىلىپ قويغاندىن كېيىن تەۋبە قىلىپ ھەقىقەتكە قايتقان ۋە ئۆزىنى تۈزەتكەن، ئەمەلىنى ئىسلاھ قىلغان كىشىلەرگە رەھىم-شەپقەت قىلىدۇ. ھەر ئىشتا ئاللاھ تائالاغا ئىتائەتمەن بولۇپ، ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن بويىچە ياشىغان ۋە نەپسىنى يامان ئىشلار بىلەن بۇلغىمىغان كىشىلەرگە مۇبارەك بولسۇن! ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقى ۋە ئېسىل مۇكاپاتلىرى ئۇلارغا كەم بولمىسۇن!

ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، بىلىڭلاركى، پەيغەمبەرنىڭ مەسئۇلىيىتى كىشىلەرنى ھەق دىنغا دەۋەت قىلىش ۋە ئۇلارغا دىنىنى چۈشىنىشلىك قىلىپ تولۇق يەتكۈزۈشتۇر. بەندىلەردىن ھېساب ئېلىش پەقەتلا ئاللاھ تائالانىڭ ئىشىدۇر. قايتىدىغان جاي چوقۇم ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدۇر. ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ ئاشكارا قىلغان ۋە يوشۇرغان بارلىق ئىشلىرىڭلارنى

بىلىپ تۇرىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالاغا ھېچقانداق نەرسە مەخپىي ئەمەستۇر. ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپىگە ئۇچراشتىن، ئۇنىڭ ئازابىغا يولۇقۇپ قېلىشتىن ساقلىنىڭلار، ئۇنىڭغا ھېساب بېرىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىڭلار.

ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، پاك بىلەن ناپاك، ھالال بىلەن ھارام باراۋەر بولالمىغان يەردە، ياخشى بىلەن يامان، كاپىرلار بىلەن مۆئمىنلەر باراۋەر بولالامدۇ؟ بۇلار قانداقمۇ باراۋەر بولسۇن؟! ﴿أَمْ نَجْعَلُ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ وَعَمِلُوا۟ ٱلصَّـٰلِحَـٰتِ كَٱلْمُفْسِدِينَ فِى ٱلْأَرْضِ أَمْ نَجْعَلُ ٱلْمُتَّقِينَ كَٱلْفُجَّارِ﴾ يەنى ﴿بىز ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلار بىلەن ئوخشاش قىلامدۇق؟ ياكى تەقۋادارلارنى گۇناھكارلار بىلەن ئوخشاش قىلامدۇق؟﴾[1]، ﴿أَمْ حَسِبَ ٱلَّذِينَ ٱجْتَرَحُوا۟ ٱلسَّيِّـَٔاتِ أَن نَّجْعَلَهُمْ كَٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ وَعَمِلُوا۟ ٱلصَّـٰلِحَـٰتِ سَوَآءً مَّحْيَاهُمْ وَمَمَاتُهُمْ ۚ سَآءَ مَا يَحْكُمُونَ﴾ يەنى ﴿يامان ئىشلارنى قىلغانلار بىزنىڭ ئۇلارنى ھاياتلىقتا ۋە ئۆلگىنىدە ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار بىلەن ئوخشاش قىلىشىمىزنى ئويلامدۇ؟ ئۇلارنىڭ چىقارغان بۇ ھۆكمى نېمىدېگەن يامان!﴾[2].

ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، ناپاك كاپىرلارنىڭ، مۇناپىقلارنىڭ ۋە ئاسىي-گۇناھكارلارنىڭ كۆپلۈكى ۋە پاك كىشىلەرنىڭ، ئۆلگىلىك مۆئمىنلەرنىڭ ئازلىقى سىلەرنى ئەجەبلەندۈرسىمۇ، ناپاكلار بىلەن پاكلار ھەرگىزمۇ باراۋەر بولالمايدۇ.

ئەللامە ئىبنى جەرىر تەبەرىي ﴿قُل لَّا يَسْتَوِى ٱلْخَبِيثُ وَٱلطَّيِّبُ وَلَوْ أَعْجَبَكَ كَثْرَةُ ٱلْخَبِيثِ ۚ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ دەيدۇكى، ناپاك نەرسىلەرنىڭ كۆپلۈكى سېنى ئەجەبلەندۈرگەن تەقدىردىمۇ، ھەرگىز ناچار بىلەن ياخشى، ئاسىي بىلەن ئىتائەتمەن باراۋەر بولالمايدۇ. بەلكى سەن گۇناھكارلارنىڭ كۆپلۈكىدىن ئەجەبلىنىسەن. گۇناھكارلار شۇنچىلىك كۆپ بولۇپ كەتسىمۇ، ئۇلار بەربىر دوزاخقا كىرىدۇ، چۈنكى ئۇلار ئاخىرقى ھېساباتا زىيان تارتقۇچىلاردۇر. ئىتائەتمەن مۆئمىنلەرنىڭ سانى ئاز بولسىمۇ، ئۇلار جەننەتكە كىرىدۇ، ئاخىرقى ھېساباتا مۆئمىنلەر غەلىبە قىلىدۇ»[3].

[1] ساد سۈرىسى: 28-ئايەت.
[2] جاسىيە سۈرىسى: 21- ئايەت.
[3] «تفسير الطبري» 11-توم، 96-بەت.

ئەللامە سەئدىي ﴿لَّا يَسۡتَوِي ٱلۡخَبِيثُ وَٱلطَّيِّبُ﴾ دېگەن ئايەتنى: «ئىمان بىلەن كۇفرى، تائەت بىلەن مەئسىيەت، دوزاخ ئەھلى بىلەن جەننەت ئەھلى، يامان ئىش بىلەن ياخشى ئەمەل، هارام مال بىلەن هالال مال باراۋەر بولالمايدۇ»[1] دەپ تەپسىر قىلغان.

ئى ئەقىل ئىگىلىرى! ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىغا ئۇچراپ قېلىشتىن ھەزەر ئەيلەڭلار. ئاللاھ تائالانى ئۇنتۇماڭلار. ھەقىقەتەن ساغلام ئەقىل ئىگىسى بولغان كىشىلەرلا ئاللاھ تائالانى كۆپ ياد ئېتىدۇ ۋە ئۇنىڭ نېمەتلىرىنى ئەسلەپ تۇرىدۇ. ئەقىل ئىگىسى بولغان كىشىلەر قانچىلىك جاپا-مۇشەققەت چەكسىمۇ، ئۆزى ئۈچۈن دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە پايدىلىق بولغان ئىشلارنى قىلىدۇ، دۇنيالىقى ئۈچۈن پايدىلىق بولسىمۇ، ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن زىيانلىق بولغان ئىشلارنى ھەرگىز قىلمايدۇ.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. جىمى پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋەزىپىسى كىشىلەرگە ھەق دىنىنى يەتكۈزۈش بولغىنىدەك، پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەزىپىسىمۇ ھەق دىنىنى يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت ئىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئورۇنداپ ئالەمدىن ئۆتكەن زاتتۇر.

2. دۇنيادا كاپىرلارنىڭ مۆئمىنلەردىن كۆپ بولغانلىقى كاپىرلارنىڭ توغرا يولدا ئىكەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ، ئەكسىچە، مۆئمىنلەرنىڭ ئاز بولغانلىقى ئۇلارنىڭ قىممەتلىك ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلىدۇر.

3. تەقۋالىق دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك خاتىرجەملىكنىڭ ۋە مەڭگۈلۈك ئامانلىقنىڭ ئاساسلىق ئامىلىدۇر.

## ◄ زىيانلىق سوئاللار

﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا تَسۡـَٔلُواْ عَنۡ أَشۡيَآءَ إِن تُبۡدَ لَكُمۡ تَسُؤۡكُمۡ وَإِن تَسۡـَٔلُواْ عَنۡهَا حِينَ يُنَزَّلُ ٱلۡقُرۡءَانُ تُبۡدَ لَكُمۡ عَفَا ٱللَّهُ عَنۡهَاۗ وَٱللَّهُ غَفُورٌ حَلِيمٞ ١٠١ قَدۡ سَأَلَهَا قَوۡمٞ مِّن قَبۡلِكُمۡ ثُمَّ أَصۡبَحُواْ بِهَا كَٰفِرِينَ ١٠٢﴾

[1] «تيسير الكريم الرحمن في تفسير كلام المنان» 1-توم، 245-بەت.

## ◄ تەرجىمىسى

101-ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاشكارا قىلىنسا (يەنى جاۋاب بېرىلسە) سىلەرنى بىئارام قىلىپ قويىدىغان نەرسىلەر توغرۇلۇق (سوئال) سورىماڭلار. ئەگەر قۇرئان نازىل بولۇۋاتقان چاغدا ئۇلار توغرۇلۇق سورىساڭلار، سىلەرگە (ھۆكمى) بىلدۈرۈلىدۇ، ئاللاھ (بۇنىڭدىن بۇرۇن سورىغانلىرىڭلارنى) كەچۈرۈۋەتتى. ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدىغان زاتتۇر.

102-سىلەردىن بۇرۇن ئۆتكەن بىر قەۋم (پەيغەمبىرىدىن) شۇنداق مەسىلىلەرنى سورىغان ئىدى، جاۋاب بېرىلگەندىن كېيىن ئۇلار بۇنىڭ سەۋەبىدىن كاپىر بولۇپ كەتتى.

## ◄ نازىل بولۇش سەۋەبى

ئىمام ئەھمەد ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ﴿وَلِلَّهِ عَلَى ٱلنَّاسِ حِجُّ ٱلْبَيْتِ مَنِ ٱسْتَطَاعَ إِلَيْهِ سَبِيلًاۚ﴾ يەنى ﴿قادىر بولالىغان كىشىلەرنىڭ كەئبىگە (كېلىپ) ھەج قىلىشى ئاللاھنىڭ ئىنسانلار ئۈستىدىكى ھەققىدۇر﴾[1] دېگەن ئايەت نازىل بولغاندا، ساھابىلەر: ‹ھەر يىلىمۇ؟ يارەسۇلۇللاھ!› دەپ سوراشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ھېچ نەرسە دېمىدى. ئۇلار يەنە سورىۋىدى، ئاندىن ئۇلارغا: ‹لَا ، وَلَوْ قُلْتُ نَعَمْ لَوَجَبَتْ› يەنى ‹ياق، ئەگەر مەن «ھەئە» دېسەم پەرز بولۇپ قالىدۇ› دېدى. شۇ چاغدا، ئاللاھ تائالا ﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا تَسْـَٔلُواْ عَنْ أَشْيَآءَ إِن تُبْدَ لَكُمْ تَسُؤْكُمْ﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى»[2].

## ◄ تەپسىرى

ئى ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە چىن قەلبىدىن ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھ تائالا سىلەرگە رەھىم-شەپقەت قىلغانلىقتىن، ئىزاھلىماي قويۇپ قويغان دىنىي مەسىلىلەرنى ۋە ئۇنىڭ تەپسىلاتىنى سورىماڭلار.

[1] ئال ئىمران سۈرىسى: 97-ئايەت.

[2] «مسند الإمام احمد» 2- توم،236- بەت، 905- ھەدىس.

بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەتنى: «ئىنسانلارنىڭ سىلەرگە مۇناسىۋەتلىك بولمىغان ئەھۋاللىرى ھەققىدە تولا سوئال سورىماڭلار» دەپ تەپسىر قىلغان. بۇ خۇددى ﴿وَلَا تَجَسَّسُواْ﴾ يەنى ﴿كىشىلەرنىڭ ئەيىبىنى ئىزدىمەڭلار﴾[1] دېگەن ئايەتكە ئوخشاشتۇر.

بۇ ئايەتتىن مەقسەت كىشىلەرنى دىنىي مەسىلىلەر توغرۇلۇق سوئال سوراشتىن توسۇش ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئەكسىچە، «قۇرئان كەرىم» ئىنسانلارنىڭ ئاياللارنىڭ ئىددەت مەسىلىسى، ھاراق ئىچىشنىڭ ھۆكمى ۋە باشقا كۆپلىگەن مەسىلىلەر توغرۇلۇق سورىغان سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىش ئارقىلىق، سوئال سوراشنى ئىنسانلارنىڭ تەبىئىي ھەققى دەپ تونۇغان. ئاللاھ تائالانىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى مۇشرىكلارغا قارىتىپ: ﴿فَسۡـَٔلُوٓاْ أَهۡلَ ٱلذِّكۡرِ إِن كُنتُمۡ لَا تَعۡلَمُونَ﴾ يەنى ﴿(ئى مۇشرىكلار! ئۇنى) بىلمىسەڭلار، ئىلىم ئەھلىلىرىدىن سوراڭلار﴾[2] يەنى ئەگەر سىلەر ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ پەرىشتىلەردىن ئەمەس، بەلكى ئىنسانلار ئارىسىدىن چىققانلىقىنى بىلمىسەڭلار، يەھۇدىي ۋە خرىستىيانلاردىن سوراڭلار، دېگەن سۆزىمۇ بىلمىگەن نەرسىنى بىلىدىغانلاردىن سوراپ ئۆگىنىشنىڭ لازىملىقىغا ئىشارەت قىلىدۇ. بىلمىگەن مەسىلىلەر ئۈستىدە سوئال سوراشنىڭ ھېچبىر سەلبىي تەرىپى يوقتۇر. سەلبىي بولغىنى پەقەت ئەمەللەرنى قىيىنلاشتۇرۇش ۋە مەسئۇلىيەتنى ئېغىر-لاشتۇرۇشقا سەۋەب بولىدىغان سوئاللاردۇر. چۈنكى، مۇنداق قىلىش گاھ كىشىلەرنى بىپەرۋالىققا ئېلىپ بارسا، گاھ ئۇلارنىڭ دىنىنى بەكمۇ قىيىن ھېس قىلىپ دىندىن چىقىپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدۇ. ئىلگىرىكى ئۈممەتلەر ئەنە شۇنداق بولغان.

ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر بىر نەرسىنىڭ ھالال-ھاراملىقى ياكى ھۆكمىنى تەلەپ قىلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ھەققىدە سوئال سورىساڭلار، ئۇلارغا ئەلۋەتتە جاۋاب بېرىلىدۇ. بۇ سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر. بۇ ئايەت سوراشقا ئېھتىياج بولمىغان، جاۋاب بېرىلسە ئىنسانلارغا جاپا-مۇشەققەت كەلتۈرىدىغان سوئاللارنى سوراشتىن مەنئى قىلغان.

بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، ئايەتنىڭ مەنىسى: «ئاللاھ تائالا ئوچۇق دېمىگەن، ئەگەر جاۋاب بېرىلىپ ئىزاھلانسا، سىلەرگە زىيانلىق بولىدىغان سوئاللارنى سورىماڭلار» دېگەنلىكتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إِنَّ اللَّهَ عَزَّ وَجَلَّ فَرَضَ فَرَائِضَ فَلَا تُضَيِّعُوهَا ، وَحَرَّمَ حُرُمَاتٍ

[1] ھۇجۇرات سۈرىسى: 12-ئايەت.
[2] نەھل سۈرىسى: 43- ئايەت.

فَلَا تَنْتَهِكُوهَا ، وَحَدَّ حُدُودًا فَلَا تَعْتَدُوهَا ، وَسَكَتَ عَنْ أَشْيَاءَ مِنْ غَيْرِ نِسْيَانٍ فَلَا تَبْحَثُوا عَنْهَا» يەنى «ئاللاھ پەرزلەرنى بەلگىلىدى، ئۇلارنى زايە قىلىۋەتمەڭلار. ھارام قىلىنغان نەرسىلەرنى بايان قىلىپ بەردى، ئۇنىڭغا يېقىنلاشماڭلار. شەرىئەتنىڭ چەك- چېگراسىنى بېكىتتى، ئۇنىڭدىن چەتنەپ كەتمەڭلار. ئۇنتۇپ قالغانلىقتىن ئەمەس، بەلكى بىلىپ تۇرۇپ بەزى نەرسىلەر توغرۇلۇق سۈكۈت قىلدى، ئۇ نەرسىلەرنى كولىلىماڭلار»[1].

شۇنداق سوئاللارنى سىلەردىن بۇرۇن ئۆتكەن ئۈممەتلەر سورىغان ۋە جاۋاب بېرىلىپ پەرز قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇلار ئۇنى ئىنكار قىلغان، ئۇنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتىپ كاپىر بولۇپ كەتكەن ئىدى. سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ قىسسىسى ۋە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ كالا ۋەقەسى ئەقلىڭىزدىن يىراق بولمىسا كېرەك. ئى ئەقىل ئىگىلىرى! ئىبرەت ئېلىڭلار، ئاشقۇنلۇق قىلىپ دىننى قىيىنلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنماڭلار، دىن ئەسلىدىنلا ناھايىتى ئاساندۇر، كىمكى دىننى قىيىنلاشتۇرماقچى بولىدىكەن، ئۆزى زىيان تارتىدۇ ۋە بۇ ئىشتا چوقۇم مەغلۇپ بولىدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. بىلمىگەننى سوراپ بىلىش ياخشى ئىشتۇر. «قۇرئان كەرىم» بۇنداق قىلىشنى قوللايدۇ ۋە ئۇنىڭغا تەشەببۇس قىلىدۇ. ئەمما بىلىشكە ئېھتىياج بولمىغان مەسىلىلەر ئۈستىدە كۆپ سوئال قىلىش مەنئى قىلىنىدۇ. چۈنكى، مۇنداق قىلىش كۆپىنچە ۋاقىتتا سورىغۇچىغا ياخشىلىق ئېلىپ كەلمەيدۇ.

2. دىننى قىيىنلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنۇش ئۆزىنى بىھۇدە ئاۋارە قىلغانلىقتۇر. مۇنداق قىلىش ئىسلام پرىنسىپىغا زىت كېلىدۇ.

### ◄ جاھىلىيەتنىڭ خۇراپاتلىرىدىن مىساللار

﴿مَا جَعَلَ ٱللَّهُ مِنۢ بَحِيرَةٖ وَلَا سَآئِبَةٖ وَلَا وَصِيلَةٖ وَلَا حَامٖ وَلَٰكِنَّ
ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ يَفۡتَرُونَ عَلَى ٱللَّهِ ٱلۡكَذِبَۖ وَأَكۡثَرُهُمۡ لَا يَعۡقِلُونَ ١٠٣ وَإِذَا
قِيلَ لَهُمۡ تَعَالَوۡاْ إِلَىٰ مَآ أَنزَلَ ٱللَّهُ وَإِلَى ٱلرَّسُولِ قَالُواْ حَسۡبُنَا مَا وَجَدۡنَا
عَلَيۡهِ ءَابَآءَنَآۚ أَوَلَوۡ كَانَ ءَابَآؤُهُمۡ لَا يَعۡلَمُونَ شَيۡـٔٗا وَلَا يَهۡتَدُونَ ١٠٤﴾

[1] «سنن الدارقطني» 5-توم، 325-بەت، 4396-ھەدىس.

## تەرجىمىسى

103-ئاللا بەھىرە[1]، سائىبە[2]، ۋەسىلە[3] ۋە هام[4] ناملىق تۆگىلەرنىڭ ھېچبىرىنى (بۇتلارغا ئاتاشنى) بۇيرۇغان ئەمەس، لېكىن كاپىرلار ئاللاھنىڭ نامىدىن يالغاننى توقۇۋاتىدۇ، ئۇلارنىڭ تولىسى ئەقلىنى ئىشلەتمەيدۇ.

104-ئۇلارغا «ئاللاھ نازىل قىلغان (قۇرئان)غا ۋە پەيغەمبەر (بايان قىلغان ھۆكۈم)گە ئەمەل قىلىڭلار» دېيىلسە، ئۇلار: «ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ تۇتۇپ ماڭغان يولى بىزگە كۇپايە» دەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى ھېچ نەرسە بىلمەيدىغان ۋە ھىدايەت تاپمىغان تۇرسىمۇ (ئۇلارغا ئەگىشەمدۇ؟).

## تەپسىرى

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلغان ئۇلۇغ ئىسلام دىنىنىڭ شەرىئەت ئەھكاملىرىدا بەھىرەنى سېغىشنى مەنئى قىلىش، سائىبەنى قويۇپ بېرىش، ۋەسىلەنى بۇتلارغا تەقدىم قىلىش ۋە هامنى قوغداش دېگەندەك ھۆكۈملەرنىڭ ھېچبىرى يوق. ئاللاھ تائالا بۇ هايۋانلارنى شۇنداق قىلىشقا قەتئىي بۇيرۇغان ئەمەس. بۇ جاھىلىيەت ئەرەبلىرىنىڭ قىلىقلىرى بولۇپ، ئىسلامدا قەتئىي رەت قىلىنىدۇ ۋە ھەرگىز قوبۇل قىلىنمايدۇ.

كاپىرلار ئاللاھ تائالانىڭ نامىدىن يالغاننى توقۇپ ﴿وَٱللَّهُ أَمَرَنَا بِهَاۗ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ بىزنى مۇشۇنداق قىلىشقا بۇيرۇغان﴾[5] دەيدۇ. ئۇلار يەنە ﴿لَوۡ شَآءَ ٱللَّهُ مَآ أَشۡرَكۡنَا وَلَآ ءَابَآؤُنَا وَلَا حَرَّمۡنَا مِن شَيۡءٖۚ﴾ يەنى ﴿ئەگەر ئاللاھ خالىسا ئىدى، بىزمۇ، ئاتا-بوۋىلىرىمىزمۇ (ئاللاھقا) شېرىك

[1] بەھىرە-بەشىنى تۇغقان، بەشىنچىسىنى چىشى تۇغقان ھىنگان تۆگە بولۇپ، جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئەرەبلەر بۇ تۆگىنىڭ قۇلىقىنى تىلىپ ئەن سېلىپ قويۇپ، ئىشلەتمەي ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرەتتى.

[2] سائىبە-ئىلاھلارغا ئاتالغان چىشى تۆگە بولۇپ، مىنىلمەيتتى، قىرقىلمايتتى، ئەركىن قويۇپ بېرىلەتتى، خالىغان جايدا ئوتلايتتى، سۈتى مۇساپىرلارغىلا بېرىلەتتى.

[3] ۋەسىلە-ئەركەك ۋە چىشى ئىككىنى بىر ۋاقىتتا تۇغقان ھىنگان تۆگە بولۇپ، جاھىلىيەت ئەرەبلىرى ئۇنى ئەركىنگە قويۇپ بېرەتتى ۋە ئىلاھلىرىغا خاس قىلاتتى.

[4] هام-ئون بوتىلاقنىڭ ئاتىسى بولغان بۇغرا تۆگە بولۇپ، ئۇلار ئۇنى مىنمەي، يېمەك ئىچمەكتە ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرەتتى.

[5] ئەئراف سۈرىسى: 28- ئايەت.

**كەلتۈرمىگەن ۋە ھېچ نەرسىنى ھارام قىلىۋالمىغان بولاتتۇق﴾**[1] دېيىشىدۇ. ئەگەر ئۇ مۇشرىكلارغا «كىلىڭلار ئى ئازغۇنلار! ‹قۇرئان كەرىم›نىڭ نۇرىغا، پەيغەمبەرنىڭ يولىغا ئەگىشىڭلار، ئەقلىڭلارنى ئىشلىتىڭلار، ئەقلىڭلارنى يۆگەپ تۇرۇۋالغان كورلۇق پەردىسىنى يىرتىپ تاشلاڭلار» دېيىلسە، ئۇلار مەغرۇرلۇق، نادانلىق، ئەقىلسىزلىق ۋە ئەخمەقلىق قىلىپ: «ئاتا- بوۋىلىرىمىزنىڭ دىنى بىزگە كۇپايە» دەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى ھېچ نەرسىنى بىلمەيدىغان، توغرا يولدا ماڭمىغان تۇرسا، ئۇلار يەنە قارىغۇلارچە ئاتا-بوۋىلىرىغا ئەگىشەمدۇ؟ بۇ قارىغۇلارچە تەقلىدچىلىك يۈزىسىدىن ھەق دىنغا ئەگىشىشنى رەت قىلامدۇ؟ بۇنىڭدىن ئەجەبلىنىپ كېتىشكىمۇ بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇلار دۈشمەنلىك، ئۆچمەنلىك، قان دەۋاسى قىلىپ ئۇرۇشۇش، ھاراقنى ئىچىش، پاھىشە قىلىش قاتارلىق ئەخلاقسىز قىلىقلار ئومۇملاشقان ۋە نومۇستىن، پىقىرلىقتىن قورقۇپ ئۆز قىزلىرىنى تىرىك تۇرغۇزۇپ كۆمۈشتەك جىنايەت سادىر بولىدىغان بىر جەمئىيەتتە ياشىغان ئىنسانلاردۇر. بۇنىڭدىنمۇ چوڭ نادانلىق ۋە ئازغۇنلۇق بارمۇ؟!

**﴿ئۇلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى ھېچ نەرسە بىلمەيدىغان ۋە ھىدايەت تاپمىغان تۇرسىمۇ (ئۇلارغا ئەگىشەمدۇ؟)﴾** يەنى ئۇلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى ئەۋجىگە چىققان جاھالەت ۋە خۇراپاتنىڭ زۇلمەتلىرى ئىچىدە ياشاپ ئۆتكەن تۇرسا، بۇ مۇشرىكلار ئەقلىنى ئىشلىتىپ، ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ بۇ باتىل دىنىنى مۇھاكىمە قىلسا بولمامدۇ؟ ئۇلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى ئۆز قوللىرى بىلەن ياساپ چىققان بۇتلارغا چوقۇنىدىغان، قىز بوۋاقلىرىنى تىرىك كۆمىدىغان، ھاراقتىن باش كۆتۈرەلمەيدىغان، زىنا-پاھىشە قىلىدىغان ئازغۇن قەۋم تۇرسا، بۇلار يەنە شۇ ئاتا-بوۋىلىرىغا ئەگىشەمدۇ؟!

تارىخ كىتابلىرىدا قەيت قىلىنىشىچە، ئەرەب يېرىم ئارىلىغا بۇتپەرەسلىكنى بىرىنچى بولۇپ ئېلىپ كەلگەن ئادەم ئەمر ئىبنى لۇھەي ئىدى. ئېنىقكى بۇ مۇشرىكلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ھەقىقەتنى چۈشىنىشكە ئەقلى يەتمەيدۇ ۋە ئۇنى بىلمەيدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. دىندا پەيدا قىلىنغان ھەرقانداق بىر بىدئەتنى قوبۇل قىلىش، ئۇنى تەشۋىق قىلىش ئىنتايىن چوڭ بۇزغۇنچىلىقتۇر. چۈنكى، بۇرۇنقى

[1] ئەنئام سۈرىسى: 148- ئايەت.

پەيغەمبەرلەرنىڭ دىنىنىمۇ بىدئەتلەر بۇزغان ۋە ئاخىرى مەزكۇر دىنىنى ساماۋى دىنلىق خۇسۇسىيەتلىرىدىن تامامەن ئايرىپ قويغان.

2. ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىشىش ۋە ئۇنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن بويىچە ئەمەل قىلىش بىلەن بولىدۇ. ئىسلام شەرىئىتى ئېتىراپ قىلمايدىغان ئىبادەت سىستېمىلىرى ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا قوبۇل ئەمەستۇر. شۇڭا دىنىي ئىشلاردا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرسەتكەنلىرى بويىچە ئىش كۆرۈش ھەربىر مۇسۇلماندىن تەلەپ قىلىنىدىغان ئىشتۇر.

### ◄ ئەمر-مەرۇپ، ۋەز-نەسىھەت توغرىسىدا

﴿يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ عَلَيۡكُمۡ أَنفُسَكُمۡۖ لَا يَضُرُّكُم مَّن ضَلَّ
إِذَا ٱهۡتَدَيۡتُمۡۚ إِلَى ٱللَّهِ مَرۡجِعُكُمۡ جَمِيعٗا فَيُنَبِّئُكُم بِمَا كُنتُمۡ
تَعۡمَلُونَ ١٠٥﴾

### ◄ تەرجىمىسى

105-ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر ئۆزۈڭلارنى (گۇناھتىن) ساقلاڭلار، سىلەر قاچانكى توغرا يولدا ماڭساڭلار، توغرا يولدىن ئاداشقانلار سىلەرگە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. ھەممىڭلارنىڭ قايتىدىغان جايى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدۇر، ئاندىن ئاللاھ سىلەرگە قىلغان ئەمەللىرىڭلاردىن خەۋەر بېرىدۇ.

### ◄ بۇ ئايەتنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئاللاھ تائالا ئالدىنقى ئايەتلەردە بۇددىست ئەرەبلەرنىڭ ئازغۇنلۇقىنى ۋە ئاتا-بوۋىلىرىنى تەقلىد قىلىشتەك قارىغۇلارچە مۇتەئەسسىپلىكىنى ئەيىبلىگەندىن كېيىن، بۇ ئايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىغا ئەگىشىپ ئۆزىنىڭ قىلىشقا تېگىشلىكلىرىنى جايىدا ئادا قىلغانلارغا ئازغۇنلارنىڭ زىيان يەتكۈزەلمەيدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

### ◄ تەپسىرى

ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر ئۆزۈڭلارنى گۇناھ-مەئسىيەتتىن ساقلاڭلار، ئۆزۈڭلارنى تائەت-ئىبادەت بىلەن، ئىلىم ۋە ئەمەل بىلەن يېتىشتۈرۈڭلار،

تەقۋالىق بىلەن قوراللاندۇرۇڭلار، ئۆزۈڭلارنى ۋە ئەمەللىڭلارنى «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىسنىڭ روھى بويىچە ئىسلاھ قىلىڭلار، ئاخىرەتتە پەيغەمبەرلەر، شېھىتلەر ۋە سالىھلار بىلەن بىرگە بولۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى ئاللاھ تائالاغا يېقىنلاشتۇرىدىغان ئەمەللەرنى قىلىشتا مۇستەھكەم بولۇڭلار. سىلەر قاچانكى توغرا يولدا ماڭساڭلار، توغرا يولدىن ئازغانلار سىلەرگە قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. چۈنكى، ھەربىر ئادەم ئۆز ئەمەلىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدۇ، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان بولسا مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ، يامان ئىشلارنى قىلغان بولسا جازاسىنى تارتىدۇ.

توغرا، سىلەر ئۈستۈڭلارغا چۈشكەن مەجبۇرىيەتلەرنى ئورۇندىغان، كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسۇشتىن ئىبارەت پەرزنى ئادا قىلغاندىن كېيىن، ئازغۇنلارنىڭ ئازغۇنلۇقى سىلەرگە ھېچقانداق زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَا تَزِرُ وَازِرَةٌ وِزْرَ أُخْرَىٰ﴾ يەنى ﴿ھېچبىر گۇناھكار باشقا بىرىنىڭ گۇناھىنى ئۈستىگە ئالمايدۇ﴾[1].

ئاندىن ھەممىڭلارنىڭ قايتىدىغان جايىڭلار ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدۇر. شۇ چاغدا ئاللاھ تائالا ھەركىمگە ئۆزىنىڭ قىلغان ياخشى-يامان ئەمەللىرىنى ئېيتىپ بېرىدۇ، ھەركىمگە قىلغان ئەمەللىرىنىڭ مۇكاپاتىنى ياكى جازاسىنى بېرىدۇ.

بىر كۈنى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جامائەتكە خۇتبە ئوقۇۋېتىپ مۇنداق دېگەن: «ئى خالايىق! سىلەر ﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر ئۆزۈڭلارنى (گۇناھتىن) ساقلاڭلار﴾ دېگەن ئايەتنى ئوقۇيسىلەر، ئەمما ئۇنىڭ مەنىسىنى بىلمەيسىلەر. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: ‹ھەقىقەتەن ئىنسانلار بىرەر يامانلىقنى كۆرۈپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا قارشى چىقمىسا، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئاللاھنىڭ ئازابى چۈشىدىغانلىقى يېقىندۇر› دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم»[2].

سەئىد ئىبنى يەئقۇب دېگەن كىشى ئەبۇ ئۇمەييە ئەل شەيبانىيدىن رىۋايەت قىلىپ دەيدۇكى، مەن ئەبۇ سەئلەبە دېگەن كىشىدىن ‹قۇرئان كەرىم›دىكى ﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر ئۆزۈڭلارنى (گۇناھتىن) ساقلاڭلار، سىلەر قاچانكى توغرا يولدا ماڭساڭلار، توغرا يولدىن

[1] زۇمەر سۈرىسى: 7- ئايەت.

[2] «تفسير الطبري» 11-توم، 151-بەت، 12878-ھەدىس.

ئاداشقانلار سىلەرگە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ...﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسىنى سورىۋىدىم. ئۇ كىشى ماڭا مۇنداق دېدى: «سىز بۇنى بىلىدىغان كىشىدىن سورىدىڭىز. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بۇ ئايەتنىڭ مەنىسىنى سورىغىنىمدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن ئىدى: «بَلِ ائْتَمِرُواْ بِالْمَعْرُوفِ، وَتَنَاهَوْا عَنِ الْمُنْكَرِ، حَتَّى إِذَا رَأَيْتَ شُحًّا مُطَاعًا، وَهَوًى مُتَّبَعًا، وَدُنْيَا مُؤْثَرَةً، وَإِعْجَابَ كُلِّ ذِي رَأْيٍ بِرَأْيِهِ، فَعَلَيْكَ - يَعْنِي - بِنَفْسِكَ، وَدَعْ عَنْكَ الْعَوَامَّ، فَإِنَّ مِنْ وَرَائِكُمْ أَيَّامَ الصَّبْرِ، الصَّبْرُ فِيهِ مِثْلُ قَبْضٍ عَلَى الْجَمْرِ، لِلْعَامِلِ فِيهِمْ مِثْلُ أَجْرِ خَمْسِينَ رَجُلًا يَعْمَلُونَ مِثْلَ عَمَلِهِ» يەنى ‹بىر-بىرىڭلارنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسۇڭلار. ئەگەر سەن بېخىللىق ئومۇملاشقان، ھاۋايى-ھەۋەسكە ئەگىشىلگەن، دۇنيا مەنپەئەتى ئاخىرەت ئىشلىرىدىن ئۈستۈن قىلىنغان ۋە ھەركىم ئۆز رايىنى توغرا دەپ تونۇۋالغان بىر زاماندا ياشىساڭ، سەن ئۆزۈڭنىلا بىلگىن، ئاۋام خەلققە ئەگەشمىگىن. چۈنكى، سىلەردىن كېيىن شۇنداق بىر زامان كېلىدۇكى، ئۇ زامانلاردا دىنىنى تۇتقان كىشى خۇددى چوغنى ئالىقىنىدا تۇتقان كىشىگە ئوخشايدۇ. ئۇ زامانلاردا ياخشى ئىش قىلغان كىشىنىڭ ئەمەلىنىڭ ئەجرى سىلەرگە ئوخشاش ئەمەل قىلغان 50 كىشىنىڭ ئەمەلىنىڭ ئەجرىگە تەڭ كېلىدۇ›»[1].

بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى توغرۇلۇق سەئىد ئىبنى مۇسەييەب رەھمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «سىلەر كىشىلەرنى ياخشى ئىشقا بۇيرۇش ۋە يامان ئىشتىن توسۇش بۇرچۇڭلارنى ئادا قىلساڭلار، ئۆزۈڭلار توغرا يولدا بولغاندىن كېيىن، باشقىلارنىڭ ئازغۇنلۇقى سىلەرگە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ»[2].

خۇلاسە قىلغاندا، ئىسلام ئۆلىمالىرى «مۇسۇلمان ئادەم ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش، يامان ئىشلاردىن يىراق تۇرۇش ئارقىلىق ئۆزىنى، ئاندىن باشقىلارنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسۇش (يەنى ئەمرۇ-مەرۇپ، ۋەز-نەسىھەت قىلىش) ئارقىلىق ئۇلارنى مۇكەممەل قىلىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ بىر كىشىلىك مۇسۇلمانلىق ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىدۇ. باشقىلارنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسۇش شۇنداق مۇھىم پەرزدۇركى، بۇ پەرز زامان بۇزۇلۇپ، ئىنسانلار ئۆزلىرىگە

---

[1] «سنن أبي داود» 4-توم، 123-بەت، 4341-ھەدىس. (ئەلبانى بۇ ھەدىسنىڭ باش قىسمىنى «ئاجىز»، «شۇنداق بىر زامان كېلىدۇكى» دىن ئاخىرغىچە بولغان قىسمىنى «سەھىھ» دېگەن).

[2] «الدر المنثور في التفسير بالمأثور» 3- توم، 219-بەت.

ۋەز-نەسىھەت قىلغان كىشىگە ئۆلۈم بىلەن تەھدىت سالىدىغان دەرىجىگە يەتكەن چاغدىلا ئۇ كىشىدىن ساقىت بولىدۇ» دېگەن نۇقتىدا بىرلىككە كەلگەن[1]. توغرىسىنى ئاللاھ تائالا ئۆزى بىلىدۇ.

بۇ ئايەتلەردە ئاللاھ تائالا كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن مەنئى قىلىش ئىشلىرىغا ئاتالغان جامائەتكە خىتاب قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا بەقەرە سۈرىسىدە مۇنداق دېگەن: ﴿وَلۡتَكُن مِّنكُمۡ أُمَّةٞ يَدۡعُونَ إِلَى ٱلۡخَيۡرِ وَيَأۡمُرُونَ بِٱلۡمَعۡرُوفِ وَيَنۡهَوۡنَ عَنِ ٱلۡمُنكَرِۚ وَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلۡمُفۡلِحُونَ﴾ يەنى ﴿سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا (كىشىلەرنى) خەيرلىك ئىشلارغا دەۋەت قىلىدىغان، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسىدىغان بىر جامائە بولسۇن؛ ئەنە شۇلار مەقسىتىگە ئېرىشكۈچىلەردۇر﴾[2]. كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسۇش ئىشلىرىغا ئاتالغان بۇ جامائە ئەگەر ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىپ، ئۆزىگە مەھكەم بولۇپ، ئەقىدىسىدە مۇستەھكەم تۇرۇپ، توغرا يولدا ئىزچىل ماڭىدىكەن، توغرا يولدىن ئاداشقان ئازغۇنلار ئۇلارغا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ، ئازغۇنلارنىڭ ئازغۇنلۇقى سەۋەبلىك ئۇلارغا زىيان يەتمەيدۇ.

كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسۇش ۋەزىپىسى بەزى زامانلاردا بەزى مۇئەييەن كىشىلەردىن يېنىكلىتىلگەن، ھەتتا ساقىت بولغان تەقدىردىمۇ، ھېچبىر زامان ئومۇمىي مۇسۇلمانلاردىن يېنىكلىتىلمەيدۇ ۋە پۈتۈنلەي ساقىت بولمايدۇ.

ئەمەلىيەتتە، شەخسلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا ئېلىپ بارغان ۋەز-نەسىھەتتىن بىرەر توپنىڭ ياكى جامائەتنىڭ بىرلىكتە ئېلىپ بارغان ۋەز-نەسىھىتىنىڭ ئۈنۈملۈك ئىكەنلىكىدە شەك يوق. چۈنكى، كۆپ سانلىق كىشىلەر تەرىپىدىن قوللاپ- قۇۋۋەتلەنگەن بىر جامائەتنىڭ ئېلىپ بارغان ھەرىكىتى غەلىبىلىك بولىدۇ. شۇنداقتىمۇ ھەربىر مۇسۇلماننىڭ ئۆزىنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن، گەپ-سۆزى ۋە نەسىھەتلىرى بىلەن قولىدىن كەلگەنچە، ئىقتىدارىنىڭ يېتىشىچە ۋە شارائىتىنىڭ يار بېرىشىچە كىشىلەرگە ۋەز-نەسىھەت قىلىش ۋەزىپىسى باردۇر.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. مۇسۇلمان كىشىنىڭ ۋەزىپىسى ئالدى بىلەن ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىش،

[1] «التفسير الواضح» 1- توم، 572- بەت.

[2] ئال ئىمران سۈرىسى: 104- ئايەت.

ئەخلاقىنى تۈزەش ۋە ئىمانىنى كۈچەيتىشتۇر.

2. ھەرقانداق ئادەم كىشىلەرگە ھەق دىننى توغرا چۈشەندۈرۈپ ئىسلام پەرزىنى ئادا قىلغاندىن كېيىن، بەزىلەرنىڭ ئېزىپ كېتىشى ۋە زالالەتكە چۆمۈپ كېتىشى سەۋەبلىك ئۇنىڭغا زىيان يەتمەيدۇ.

3. ئىنسانىنىڭ بەختلىك ياكى بەختسىز بولۇشىدا ئەمەلىنىڭ تەسىرى چوڭدۇر.

4. ئۆزۈم توغرا يولدا ماڭسام بولدى، باشقىلار بىلەن كارىم يوق دېيىش توغرا ئەمەس. چۈنكى، ھەربىر مۇسۇلماننىڭ باشقىلارنى توغرا يولغا يېتەكلەش ۋەزىپىسى بار.

### ◄ ئۆلۈش ئالدىدا ۋەسىيەتكە گۇۋاھچى چاقىرىش مەسىلىسى

﴿يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ شَهَـٰدَةُ بَيْنِكُمْ إِذَا حَضَرَ أَحَدَكُمُ ٱلْمَوْتُ
حِينَ ٱلْوَصِيَّةِ ٱثْنَانِ ذَوَا عَدْلٍ مِّنكُمْ أَوْ ءَاخَرَانِ مِنْ غَيْرِكُمْ إِنْ
أَنتُمْ ضَرَبْتُمْ فِى ٱلْأَرْضِ فَأَصَـٰبَتْكُم مُّصِيبَةُ ٱلْمَوْتِ ۚ تَحْبِسُونَهُمَا
مِنۢ بَعْدِ ٱلصَّلَوٰةِ فَيُقْسِمَانِ بِٱللَّهِ إِنِ ٱرْتَبْتُمْ لَا نَشْتَرِى بِهِۦ ثَمَنًا
وَلَوْ كَانَ ذَا قُرْبَىٰ ۙ وَلَا نَكْتُمُ شَهَـٰدَةَ ٱللَّهِ إِنَّآ إِذًا لَّمِنَ ٱلْـَٔاثِمِينَ ﴿١٠٦﴾
فَإِنْ عُثِرَ عَلَىٰٓ أَنَّهُمَا ٱسْتَحَقَّآ إِثْمًا فَـَٔاخَرَانِ يَقُومَانِ مَقَامَهُمَا مِنَ
ٱلَّذِينَ ٱسْتَحَقَّ عَلَيْهِمُ ٱلْأَوْلَيَـٰنِ فَيُقْسِمَانِ بِٱللَّهِ لَشَهَـٰدَتُنَآ أَحَقُّ
مِن شَهَـٰدَتِهِمَا وَمَا ٱعْتَدَيْنَآ إِنَّآ إِذًا لَّمِنَ ٱلظَّـٰلِمِينَ ﴿١٠٧﴾ ذَٰلِكَ أَدْنَىٰٓ
أَن يَأْتُوا۟ بِٱلشَّهَـٰدَةِ عَلَىٰ وَجْهِهَآ أَوْ يَخَافُوٓا۟ أَن تُرَدَّ أَيْمَـٰنٌۢ بَعْدَ أَيْمَـٰنِهِمْ ۗ
وَٱتَّقُوا۟ ٱللَّهَ وَٱسْمَعُوا۟ ۗ وَٱللَّهُ لَا يَهْدِى ٱلْقَوْمَ ٱلْفَـٰسِقِينَ ﴿١٠٨﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

106-ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاراڭلاردىن بىرىڭىم ئۆلىدىغان چېغىدا ۋەسىيەت قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭغا ئىچىڭلاردىن ئادالەتلىك ئىككى كىشى گۇۋاھ بولسۇن، ياكى سىلەر سەپەردە بولۇپ، بېشىڭلارغا ئۆلۈم دەھشىتى كەلسە، (ئىككى مۇسۇلمان گۇۋاھچى تېپىلمىسا) باشقا دىندى-

كىلەردىن ئىككى كىشى گۇۋاھ بولسۇن. ئەگەر سىلەر (باشقا دىندىكى ئىككى گۇۋاھچىنىڭ راستچىللىقىدىن) گۇمانلانساڭلار، نامازدىن كېيىن ئۇلارنى ئېلىپ قېلىڭلار، ئۇلار: (بىز گۇۋاھلىق بېرىدىغان ئاشۇ كىشىلەر) «بىزنىڭ يېقىنىمىز بولغان تەقدىردىمۇ، قەسىمىمىزنى ھېچ نەرسىگە ساتمايمىز، ئاللاھ (رازىلىقى) ئۈچۈن بولغان گۇۋاھلىقنى يوشۇرمايمىز، ئەگەر ئۇنى يوشۇرساق، بىز ئەلۋەتتە گۇناھكارلاردىن بولىمىز» دەپ ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلسۇن.

107-ئەگەر ئۇ ئىككى گۇۋاھچىنىڭ (يالغان گۇۋاھلىق بەرگەنلىك ياكى مىراسقا خىيانەت قىلغانلىق) گۇناھى بىلىنسە، ئۇلارنىڭ ئورنىغا مىراس ئېلىشقا ئەڭ ھەقلىق بولغان ۋارىسلاردىن ئىككى كىشى گۇۋاھ بولۇپ: «بىزنىڭ گۇۋاھلىقىمىز ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقىدىنمۇ توغرىدۇر، بىز (ھەقىقەتتىن) چەتنەپ كەتمىدۇق، بولمىسا بىز چوقۇم زالىملاردىن بولۇپ قالىمىز» دەپ، ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلسۇن.

108-بۇ (ئۇسۇل) گۇۋاھچىلارنى ئەڭ توغرا گۇۋاھلىق بېرىدىغان قىلىشقا ياكى قىلغان قەسىمىنىڭ (ۋارىسلارنىڭ قەسىمى بىلەن) رەت قىلىنىشىدىن قورقىدىغان قىلىشقا ئەڭ يېقىندۇر. ئاللاھتىن قورقۇڭلار، (ئاللاھنىڭ ئەمرىگە) قۇلاق سېلىڭلار. ئاللاھ پاسىق قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ.

## ◄ نازىل بولۇش سەۋەبى

ۋاقىدىي[1] يۇقىرىقى ئۈچ ئايەتنىڭ تەمىم ۋە ئەدىي ئىسىملىك ئىككى خىرىستىيان ئادەم ھەققىدە نازىل بولغانلىقىنى بايان قىلغان[2]. تەمىم بىلەن ئەدىي جاھىلىيەت دەۋرىدە مەككىگە بېرىپ سودىگەرلىك قىلاتتى. مەككىگە ھەر قېتىم بارغىنىدا كۆپ تۇراتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ بارغاندىن كېيىن، ئۇلار تىجارىتىنى مەدىنە تەرەپكە قاراتتى. ئەمرى ئىبنى ئاسنىڭ خىزمەتچىسى بەدىل مەدىنىگە تىجارەت قىلىش ئۈچۈن كەلدى ۋە بۇ ئىككى خىرىستىيان ئادەم بىلەن شامغا تىجارەت سەپىرىگە ئاتلاندى. يول بويى بەدىل قاتتىق كېسەل بولۇپ كەتتى ۋە ۋەسىيىتىنى يېزىپ ماللىرىنىڭ ئىچىگە سېلىپ، بۇ ئىككى كىشىگە ماللىرىنى ئائىلىسىگە سالامەت يەتكۈزۈپ بېرىشنى

[1] ۋاقىدىي- ئەبۇ ئەبدۇللا مۇھەممەد ئىبنى ئەمىر ۋاقىدى ئەل سەھمى ئەل ئەسلەمى (747-823م) ئىسلامدىكى ئەڭ مەشھۇر تارىخچىلارنىڭ بىرىدۇر.

[2] «تفسير القرطبي» 6-توم، 347-بەت.

تاپىلدى. بەدىل ئۆلگەندىن كېيىن مەزكۇر ئىككى كىشى ئۇنىڭ تاۋارلىرىنى ئېچىپ كۆرۈۋىدى، ئۇنىڭ ۋەسىيىتىنى تېپىۋالدى. بەدىلنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بەدىلنىڭ تاۋارلىرىنى ئاچقىنىدا بىر نەرسىنىڭ كەملىكىنى بايقاپ قېلىپ، ھېلىقى ئىككى كىشىدىن بىر نەرسىنىڭ كەملىكىنى سورىدى. ئۇلار «بىز ھېچ نەرسىنى ئېلىۋالمىدۇق، ھەممىسى مۇشۇ» دېيىشتى. بەدىلنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر «بۇ ۋەسىيەتنامە ئۇنىڭ قولى بىلەن يېزىلىپتۇ. ئۇ ۋەسىيىتىدە يازغان نەرسىلەردىن بەزىسى كەم چىقتى» دېدى. ئۇلار بولسا ‹بىز ھېچ نەرسىنى ئېلىۋالمىدۇق›دېگەن سۆزىدە چىڭ تۇرۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۇ مەسىلىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكۈزۈشتى. شۇ چاغدا ئالدىنقى ئايەت نازىل بولدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ناماز ئەسىردىن كېيىن تاھارەت بىلەن قەسەم ئىچىشكە بۇيرىدى. ئۇلار قەسەم ئىچىشتى. ئەمما ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇلارنىڭ يوك-تاقلىرى ئارىسىدىن ئالتۇن يالىتىلغان كۈمۈش قاچا چىقىپ قالدى. بەدىلنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر «بۇ قاچا بەدىلنىڭ قاچىسى ئىدى» دېدى. ئۇلار «بىز بۇنى بەدىلدىن سېتىۋالغان ئىدۇق» دەپ تۇرۇۋالدى. بەدىلنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بېرىشتى. شۇ ۋاقىتتا ﴿ئەگەر ئۇ ئىككى گۇۋاھچىنىڭ (يالغان گۇۋاھلىق بەرگەنلىك ياكى مىراسقا خىيانەت قىلغانلىق) گۇناھى بىلىنسە، ئۇلارنىڭ ئورنىغا مىراس ئېلىشقا ئەڭ ھەقلىق بولغان ۋارىسلاردىن ئىككى كىشى گۇۋاھ بولۇپ: «بىزنىڭ گۇۋاھلىقىمىز ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقىدىنمۇ توغرىدۇر، بىز (ھەقىقەتتىن) چەتنەپ كەتمىدۇق، بولمىسا بىز چوقۇم زالىملاردىن بولۇپ قالىمىز» دەپ، ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلسۇن﴾ دېگەن ئايەت نازىل بولدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەدىلنىڭ ئائىلىسىدىكىلەردىن ئىككى كىشىنى قەسەم ئىچىشكە بۇيرىدى. شۇ ۋاقىتتا تەمىم ئۆزىنىڭ گۇناھىنى ئېتىراپ قىلدى ۋە مۇسۇلمان بولدى. ئاندىن: «ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى راست ئېيتتى. بۇ قاچىنى بۇ ھەمراھىم بىلەن ئىككىمىز ئوغرىلىغان ئىدۇق» دەپ ئېتىراپ قىلدى[1].

### ◄ تەپسىرى

ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئۆلۈش ئالدىدا ۋەسىيەت قىلغان كىشىگە گۇۋاھلىق بېرىش ھەققىدىكى شەرىئەت ئەھكامىنى ئاللاھ تائالا سىلەرگە

---

[1] «التفسير الواضح» 1-توم، 574-بەت.

بايان قىلىدۇ. يەنى بىراۋ سەپەردە بولۇپ، ئۆلۈپ كېتىش ئالدىدا مۇسۇلمانلاردىن بولغان ئادالەتلىك ئىككى كىشىگە ياكى ئىككى مۇسۇلمان گۇۋاھچى تېپىلمىسا، مۇسۇلمان ئەمەس كىشىلەردىن بولسىمۇ ئىككى كىشىگە ۋەسىيىتىنى قىلغان ۋە ئامانەتلىرىنى تاپشۇرغان بولسا، ئۇلار ۋارىسلارنىڭ يېنىغا بارغاندا، ۋارىسلار ئۇلارغا ئىشەنچ قىلىپ ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى تەستىقلىسا، ئىش ھەل بولغان بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار بۇ گۇۋاھچىلارغا ئىشەنچ قىلالمىسا ۋە ئۇلارنى ۋەسىيەتكە خىيانەت قىلدى دەپ تۇرۇۋالسا، ناماز ئەسىردىن كېيىن، ئۇلارنى خۇددى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەمىمنى قەسەم قىلدۇرغاندەك، «بىز ۋەسىيەتتىن ھېچ نەرسىنى يوشۇرمىدۇق، يالغان سۆزلىمىدۇق، ئېيتقانلىرىمىزنىڭ ھەممىسى راستتۇر، ئەگەر بىز يالغان ئېيتقان بولساق، ياكى بەزى ھەقىقەتلەرنى يوشۇرغان بولساق، بىز ئاللاھنىڭ ئازابىغا ھەقلىق بولغان گۇناھكارلاردىن بولۇپ كېتەيلى!» دەپ قەسەم قىلىشقا تەكلىپ قىلىڭلار. ئەگەر ئۇ ئىككى گۇۋاھچىنىڭ يالغان گۇۋاھلىق بەرگەنلىكى ياكى ۋەسىيەتكە خىيانەت قىلغانلىقى ئېنىقلانسا، ئۇلارنىڭ ئورنىغا مىراس ئېلىشقا ئەڭ ھەقلىق بولغان ۋارىسلاردىن ئىككى كىشى قەسەم قىلىدۇ ۋە ئۆزلىرى گۇۋاھلىق بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىزنىڭ گۇۋاھلىقىمىز ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقىدىنمۇ توغرىدۇر، بىز (ھەقىقەتتىن) چەتنەپ كەتمىدۇق، بولمىسا بىز چوقۇم ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولۇپ قالىمىز﴾ يەنى بىزنىڭ گۇۋاھلىقىمىز ئەلۋەتتە ۋەسىيەتكە ھازىر بولغان بۇ ئىككى كىشىنىڭ گۇۋاھلىقىدىنمۇ توغرىدۇر، بىز ئۇلارغا تۆھمەت قىلىپ توغرىلىقتىن چەتنەپ كەتمىدۇق، ئەگەر شۇنداق قىلغان بولساق، يالغاندىن ئۇلارنى قارىلاپ قەسەم ئىچكەن بولساق، بىز ئۆزىگە ۋە باشقىلارغا زۇلۇم قىلىپ ئۆزىنى ئاللاھنىڭ ئازابىغا تۇتقان زالىملاردىن بولۇپ كېتەيلى، دەپ ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىسۇن.

يۇقىرىدا بايان قىلغانلىرىمىز گۇۋاھلىقنى ئۆزگەرتىۋەتمەستىن ۋە يوشۇرماستىن، ھەم توغرا ھەم ئەينەن ئادا قىلىشنىڭ ئەڭ توغرا ۋە ھەققانىي يولىدۇر.

ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر تەقۋادارلىق دائىرىسىدە ئىش كۆرۈڭلار، ئاللاھ تائالادىن قورقۇڭلار، ئۇنىڭ ئازابىدىن ھەزەر ئەيلەڭلار، ئاللاھ تائالاغا ھەقىقىي رەۋىشتە ئىتائەت قىلىڭلار، ئۇنىڭ نەسىھەتلىرىگە، تەلىماتلىرىغا قۇلاق سېلىڭلار. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئۆزىگە ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتقان پاسىق قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ.

### مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ۋەسىيەتنى توغرا ئورۇنداش ھەقىقىي مۇسۇلمانلىقنىڭ ئىپادىسى بولغىنىدەك، ۋەسىيەتنى يوشۇرۇش ياكى ۋەسىيەتتە بولمىغان بىر نەرسىنى ئۇنىڭغا قوشۇپ قويۇش ئەڭ چوڭ خىيانەتتۇر. ئاللاھ تائالا خىيانەتچىلەرنىڭ جازاسىنى ئىنتايىن ئېغىرلىقتا ھالدا بېرىدۇ.

2. مۇسۇلمان ئادەم ۋەسىيىتىنى ھەر ۋاقىت ھازىر قىلىپ قويۇشقا تىرىشىشلىك. چۈنكى، ئەجەلنىڭ ۋاقتىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. شۇڭا ۋەسىيەتنى بۇرۇنلا يازدۇرۇپ قويۇش ئەڭ ياخشى ئىشتۇر.

3. ۋەسىيەتنى جايىغا يەتكۈزۈش ۋە ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ياردەم قىلىش ئىبادەتتۇر.

### قىيامەتنىڭ ئەھۋاللىرىدىن

﴿يَوْمَ يَجْمَعُ ٱللَّهُ ٱلرُّسُلَ فَيَقُولُ مَاذَآ أُجِبْتُمْۖ قَالُواْ لَا عِلْمَ لَنَآۖ إِنَّكَ أَنتَ عَلَّٰمُ ٱلْغُيُوبِ ١٠٩﴾

### تەرجىمىسى

109-(ئى ئىنسانلار! قىيامەت كۈننى ئۇنتۇماڭلاركى) ئاللاھ ئۇ كۈندە پەيغەمبەرلەرنى يىغىپ: «سىلەر (قەۋمىڭلارنى ئىمانغا دەۋەت قىلغاندا، ئۇلاردىن) قانداق جاۋابقا ئىگە بولغان ئىدىڭلار؟» دەپ سورايدۇ، ئۇلار: «بىز ھېچ نەرسە بىلمەيمىز. شەكسىزكى، سەن غەيبلەرنى ناھايىتى ئوبدان بىلگۈچىسەن» دەيدۇ.

### تەپسىرى

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە قىيامەت كۈنى پەيغەمبەرلەرنى توپلاپ ئۇلارنىڭ ئۈممەتلىرىگە كايىش تەرىقىسىدە، پەيغەمبەرلەردىن «سىلەر قەۋمىڭلارنى ئىمانغا چاقىرىش جەريانىدا ئۇلاردىن قانداق جاۋابقا ئىگە بولغان ئىدىڭلار؟ يەنى ئۇلار سىلەرنىڭ چاقىرىقىڭلارغا ئىمان ۋە ئىقرار بىلەن جاۋاب بەردىمۇ ياكى كۇفرى ۋە تەكەببۇرلۇق بىلەنمۇ؟» دەپ سورايدۇ. قىيامەت كۈندە سوئال-سوراقلار ھەرخىل بولىدۇ. ئاللاھ تائالا بىر ئورۇندا پەيغەمبەرلەرنى ئۈممەتلىرىنىڭ قىلمىشلىرىغا گۇۋاھلىق بېرىشكە چاقىرىدۇ، يەنە بىر ئورۇندا شۇ ئۈممەتلەرنىڭ ئۆزىنى

سوئال-سوراق قىلىدۇ. ﴿فَلَنَسْـَٔلَنَّ ٱلَّذِينَ أُرْسِلَ إِلَيْهِمْ وَلَنَسْـَٔلَنَّ ٱلْمُرْسَلِينَ﴾ يەنى ﴿بىز ئەلچىلەر ئەۋەتىلگەن ئۈممەتلەرنى ھەقىقەتەن سوئال-سوراق قىلىمىز، پەيغەمبەرلەرنىمۇ ئەلۋەتتە سوئال-سوراق قىلىمىز﴾[1].

ئۈممەت-پەيغەمبەر ئەۋەتىلگەن خەلق دېگەن مەنىدە بولۇپ، بۇ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ: بىرى، «ئۈممەتۇ ئىجابە»، يەنە بىرى «ئۈممەتۇ دەئۋە». «ئۈممەتۇ ئىجابە» پەيغەمبەرگە ئىمان كەلتۈرۈپ ئۇنىڭ دىنىغا كىرگەن كىشىلەرنى، «ئۈممەتۇ دەئۋە» پەيغەمبەرنىڭ دىنىغا كىرگەن ياكى كىرمىگەن جىمى خەلقنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نىسبەتەن پۈتكۈل ئىنسانىيەت «ئۈممەتۇ دەئۋە»، مۇسۇلمانلار بولسا «ئۈممەتۇ ئىجابە» ھېسابلىنىدۇ.

ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلەردىن سورايدۇ. ئەمما ئۇلار: ﴿لَا عِلْمَ لَنَآ﴾ يەنى ﴿بىز ھېچ نەرسە بىلمەيمىز﴾ دەپ جاۋاب بېرىشىدۇ. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: ﴿لَا عِلْمَ لَنَآ﴾ دېگەن ئايەتنى «بىز سېنىڭ بىزدىن ئوبدان بىلىدىغانلىقىڭنى بىلىشتىن باشقا ھېچ نەرسە بىلمەيمىز»[2] دەپ تەپسىر قىلغان.

«بايان قىلىنىشىچە، پەيغەمبەرلەر قىيامەت كۈنىنىڭ دەھشىتىدىن قاتتىق قورقۇپ كەتكەنلىكتىن، ئاللاھ تائالانىڭ ﴿سىلەر (قەۋمىڭلارنى ئىمانغا دەۋەت قىلغاندا، ئۇلاردىن) قانداق جاۋابقا ئىگە بولغان ئىدىڭلار؟﴾ دېگەن سوئالىغا جاۋاب بېرەلمەي، ﴿بىز ھېچ نەرسە بىلمەيمىز﴾ دەيدۇ. ئاندىن ئۇلارنىڭ قورقۇنچىسى بىرئاز پەسىيىپ، ئەقىل-ھوشى جايىغا كەلگەندىن كېيىن، ئۇلار ئۆز ئۈممەتلىرى ئۈچۈن گۇۋاھلىقتىن ئۆتىدۇ. چوڭ-كىچىك بارلىق گۇناھتىن پاك بولغان پەيغەمبەرلەرنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى ئەھۋالى شۇنداق بولىدىغان بولسا، بىزنىڭ ئەھۋالىمىز قانداق بولار؟! قىيامەت ھەقىقەتەن قورقۇنچلۇق كۈندۇر. شۇڭا ئۇ كۈن «قورقۇنچلۇق كۈن»، «دەھشەتلىك كۈن» دېگەندەك ئىسىملار بىلەن ئاتالغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئايەتنىڭ ئالدىنقى ئايەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. يەنى ئى ئىنسانلار! ئاللاھ تائالا غەيبلەرنى ناھايىتى ئوبدان بىلگۈچىدۇر. ئەھۋال بۇنداق بولغان ئىكەن، سىلەر قىلمىشىڭلارنى يوشۇرۇش خام خىيالدا بولماڭلار، چۈنكى ئۇنى

[1] ئەئراف سۈرىسى: 6- ئايەت.

[2] «تفسير الطبري» 11-توم، 211-بەت.

ئاللاھ تائالادىن ھەرگىز يوشۇرالمايسىلەر»[1].

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. قىيامەتنىڭ بولۇشى ئەقىل ۋە دىنىنىڭ بىردەك تەلىپىدۇر. قىيامەت كۈنى ھەركىم ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيادا قىلىپ كەتكەن ياخشى ۋە يامان بارلىق ئەمەللىرىنىڭ مۇكاپاتىنى ياكى جازاسىنى كۆرىدۇ.

2. پۈتۈن غەيبلەرنىڭ خەزىنىسى ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا بولۇپ، قىيامەتنىڭ ۋاقتىمۇ ئاللاھ تائالا ئۆزىلا بىلىدىغان غەيبلەرنىڭ بىرىدۇر.

3. قىيامەتنىڭ دەھشەتلىك قورقۇنچىسى پەيغەمبەرلەرنىمۇ قورقۇ-تۇۋەتكەن يەردە، بىزلەرنىڭ ئەھۋالىمىز قانداق بولار؟ بۈنى ئويلىشىمىز ۋە شۇ كۈن ئۈچۈن تەييارلىق قىلىشىمىز بىزنىڭ مۇسۇلمانلىق بۇرچىمىزدۇر.

### ◄ ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن مۆجىزىلەر

﴿إِذۡ قَالَ ٱللَّهُ يَٰعِيسَى ٱبۡنَ مَرۡيَمَ ٱذۡكُرۡ نِعۡمَتِي عَلَيۡكَ وَعَلَىٰ وَٰلِدَتِكَ
إِذۡ أَيَّدتُّكَ بِرُوحِ ٱلۡقُدُسِ تُكَلِّمُ ٱلنَّاسَ فِي ٱلۡمَهۡدِ وَكَهۡلٗاۖ وَإِذۡ
عَلَّمۡتُكَ ٱلۡكِتَٰبَ وَٱلۡحِكۡمَةَ وَٱلتَّوۡرَىٰةَ وَٱلۡإِنجِيلَۖ وَإِذۡ تَخۡلُقُ مِنَ
ٱلطِّينِ كَهَيۡـَٔةِ ٱلطَّيۡرِ بِإِذۡنِي فَتَنفُخُ فِيهَا فَتَكُونُ طَيۡرَۢا بِإِذۡنِيۖ
وَتُبۡرِئُ ٱلۡأَكۡمَهَ وَٱلۡأَبۡرَصَ بِإِذۡنِيۖ وَإِذۡ تُخۡرِجُ ٱلۡمَوۡتَىٰ بِإِذۡنِيۖ وَإِذۡ
كَفَفۡتُ بَنِيٓ إِسۡرَٰٓءِيلَ عَنكَ إِذۡ جِئۡتَهُم بِٱلۡبَيِّنَٰتِ فَقَالَ ٱلَّذِينَ
كَفَرُواْ مِنۡهُمۡ إِنۡ هَٰذَآ إِلَّا سِحۡرٞ مُّبِينٞ ١١٠ وَإِذۡ أَوۡحَيۡتُ إِلَى
ٱلۡحَوَارِيِّـۧنَ أَنۡ ءَامِنُواْ بِي وَبِرَسُولِي قَالُوٓاْ ءَامَنَّا وَٱشۡهَدۡ بِأَنَّنَا
مُسۡلِمُونَ ١١١﴾

### ◄ تەرجىمىسى

**110-ئۇ چاغدا ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئى مەريەم ئوغلى ئىيسا! ساڭا ۋە**

---

[1] «التفسير الواضح» 1- توم، 576- بەت.

سېنىڭ ئاناڭغا بەرگەن نېمەتمنى ئەسلىگىن، ئۆز ۋاقتىدا ساڭا روھۇلقۇدۇس[1] بىلەن مەدەت بەرگەن ئىدىم، بۆشۈكتىكى چېغىڭدا ۋە ئوتتۇرا ياش ۋاقتىڭدا كىشىلەرگە (پەيغەمبەرلەرچە) سۆزلەيتتىڭ؛ ئەينى زاماندا ساڭا خەت يېزىشنى، ھېكمەتنى، تەۋراتنى ۋە ئىنجىلنى بىلدۈرگەن ئىدىم، ئۆز ۋاقتىدا مېنىڭ ئىزنىم بىلەن لايدىن قۇشنىڭ شەكلىدە بىر نەرسە ياساپ، ئۇنى پۈۋلىسەڭ، ئۇ مېنىڭ ئىرادەم بىلەن ئۇچىدىغان قۇش بولاتتى، سەن مېنىڭ ئىزنىم بىلەن تۇغما كورنى، بەرەس كېسەللىنى ساقايتاتتىڭ؛ ئەينى زاماندا سەن مېنىڭ ئىزنىم بىلەن ئۆلۈكلەرنى (تىرىلدۈرۈپ قەبرىلىرىدىن) چىقىراتتىڭ؛ ئەينى زاماندا مەن ئىسرائىل ئەۋلادىنى ساڭا چېقىلىشتىن توسقان ئىدىم، سەن ئۇلارغا مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كەلگەن چېغىڭدا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كاپىرلار: «بۇ پەقەت ئوپئوچۇق سېھىردۇر» دېگەن ئىدى.

111-ئۆز ۋاقتىدا مەن ھاۋارىيلارغا: «ماڭا ۋە مېنىڭ پەيغەمبىرىمگە ئىمان ئېيتىڭلار» دەپ ئىلھام بەرگەن ئىدىم. ئۇلار: «بىز ئىمان ئېيتتۇق، سەن بىزنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىمىزغا گۇۋاھ بولغىن» دېگەن ئىدى.

## ◄ بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئاللاھ تائالا ئالدىنقى ئايەتتە، قىيامەت كۈنىدە پەيغەمبەرلەردىن سورىلىدىغان سوئالنى ۋە ئۇنىڭ جاۋابىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، بۇ ئايەتلەردە شۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ قاتارىدىن بولغان ئىيسا ئەلەيھىسسالام ھەققىدە توختىلىپ، خرىستىيانلارنىڭ ئۇنى پەيغەمبەرلىك دەرىجىسىدىن كۆتۈرۈپ، ئىلاھلىق دەرىجىسىگە چىقىرىۋالغانلىقىغا رەددىيە بېرىش مەقسىتى بىلەن، ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىلىرىنى بايان قىلغان.

## ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ دەيدۇكى، ئى پەيغەمبەر! رەببىڭ مەريەم ئوغلى ئىيساغا قىيامەت كۈنى مۇنداق دەيدۇ: ئى مەريەم ئوغلى ئىيسا! مېنىڭ ساڭا ھەر ۋاقىت ئاتا قىلىپ كېلىۋاتقان سانسىز نېمەتلىرىمنى ئەسلىگىن. چۈنكى، مەن سېنى ئىنسانلار ئارىسىدىن پەيغەمبەرلىككە تاللىدىم، سەن

[1] روھۇلقۇدۇس-مۇقەددەس روھ دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئىسلام ئاتالغۇسىدا جىبرىل ئەلەيھىسسالام كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئەمما خرىستىيان دىنىنىڭ ئاتالغۇسىدا ئاللاھنىڭ روھى بولۇپ، ئاللاھ ئىنسانلارنى شۇ روھ بىلەن يېتەكلەيدۇ، دەپ قارىلىدۇ.

ئاتىنىڭ ۋاستىسىز دۇنياغا كەلدىڭ، سېنىڭ بۇ تەرىقىدە دۇنياغا كېلىشىڭ رەببىڭنىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان دەلىللەردىن بىرى ئىدى. سېنىڭ ئاناڭ مەريەمگە ئاتا قىلغان نېمىتىمنى ئەسلىگىنكى، ئۇنى پۈتۈن دۇنيا ئاياللىرىنىڭ ئىچىدىن تاللاپ چىقىپ، سېنىڭ ئاناڭ بولۇشقا تاللىدىم.

ئى ئىيسا! رەببىڭنىڭ ساڭا كۈچلۈك پەرىشتە جىبرىل ئارقىلىق مەدەت بەرگەنلىك نېمىتىنى ئۇنتۇمىغىن، جىبرىل رەببىڭنىڭ ئەمرى بىلەن سېنىڭ ھەق يولدا مۇستەھكەم تۇرۇشۇڭغا مەدەت بەردى، رەببىڭنىڭ ئىرادىسى بىلەن ساڭا مۆجىزىلەرنى كەلتۈردى. بۇ مۆجىزە سايىسىدا سەن بۆشۈكتىكى چېغىڭدىلا كىشىلەرگە پەيغەمبەرلەرگە خاس سۆزلەرنى سۆزلەيدىغان بولدۇڭ، كېيىن چوڭ بولۇپ ئوتتۇرا ياش بولغان چېغىڭدىمۇ كىشىلەرگە كامالغا يەتكەن ئەقىل-پاراسەت ۋە مەنىۋى قۇۋۋەت بىلەن سۆزلەيتتىڭ، كىشىلەرنى رەببىڭنىڭ يولىغا چاقىراتتىڭ ۋە ئاناڭ مەريەمنى كىشىلەرنىڭ تۆھمەتلىرىدىن ئاقلايتتىڭ. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى سەن پەقەت رەببىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمى ۋە ئىرادىسى بىلەن قىلدىڭ. ﴿فَأَشَارَتْ إِلَيْهِ ۖ قَالُوا۟ كَيْفَ نُكَلِّمُ مَن كَانَ فِى ٱلْمَهْدِ صَبِيًّا ٢٩ قَالَ إِنِّى عَبْدُ ٱللَّهِ ءَاتَىٰنِىَ ٱلْكِتَٰبَ وَجَعَلَنِى نَبِيًّا ٣٠ وَجَعَلَنِى مُبَارَكًا أَيْنَ مَا كُنتُ وَأَوْصَٰنِى بِٱلصَّلَوٰةِ وَٱلزَّكَوٰةِ مَا دُمْتُ حَيًّا﴾ يەنى ﴿مەريەم (گەپ قىلماي، بۇنىڭدىن سوراڭلار دېگەندەك) بوۋاقنى كۆرسىتىپ قويدى، ئۇلار: «بۆشۈكتىكى بوۋاققا قانداق گەپ قىلىمىز؟» دېدى. بوۋاق ئېيتتى: «شەكسىزكى، مەن ئاللاھنىڭ بەندىسىمەن، ئاللاھ ماڭا كىتاب (ئىنجىل) نى بېرىدۇ ۋە مېنى پەيغەمبەر قىلىدۇ. قەيەردىلا بولسام، ئاللاھ مېنى مۇبارەك قىلدى، ھاياتلا بولسام، ناماز ئوقۇشۇمنى، زاكات بېرىشىمنى تەۋسىيە قىلدى﴾[1].

ئى ئىيسا! ساڭا ئاتا قىلغان نېمەتلىرىمنى ئەسلىگىنكى، شۇ چاغدا مەن ساڭا خەت يېزىشنى، ھېكمەتنى ۋە دۇنيا-ئاخىرەتلىك پايدىلىق ئىلىملەرنى، خۇسۇسەن «تەۋرات» بىلەن «ئىنجىل» نى بىلدۈرگەن ئىدىم. شۇنىمۇ ئەستىن چىقارمىغىنكى، ئۆز ۋاقتىدا سەن مېنىڭ ئىزنىم بىلەن لايدىن قۇشنىڭ شەكلىدە بىر نەرسە ياسايتتىڭ، ئاندىن ئۇنى پۈۋلىسەڭ مېنىڭ ئىرادەم بىلەن ئۇچىدىغان قۇش بولاتتى، يەنە مېنىڭ ئىرادەم بىلەن تۇغما كورنى، ئاق كېسەلنى ساقايتاتتىڭ. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى

[1] مەريەم سۈرىسى: 29- ئايەتتىن 31- ئايەتكىچە.

ئۆز ئىلمىڭ ياكى ئۆز ئىقتىدارىڭ بىلەن ئەمەس، پەقەت مېنىڭ ئىرادەم ۋە قۇدرىتىم بىلەن شۇنداق قىلاتتىڭ. سەن بۇنىڭدا خۇددى باشقا پەيغەمبەرلەرگە ئوخشاشسەن. شۇ چاغدا مېنىڭ ئىرادەم بىلەن سەن ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈپ، ئۇلارنى قەبرىلىرىدىن چىقىراتتىڭ.

مانا بۇ ئىيسا ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ مۆجىزىسىدۇر. بۇ مۆجىزىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسى بىلەن شۇنداق ئەمەلگە ئاشقان. «ئىنجىل» دا قەيت قىلىنىشىچە، ئىيسا ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئى ئاتا (رەببىم)! ساڭا شۈكۈر قىلىمەن. چۈنكى، سەن مېنىڭ دۇئايىمنى ئاڭلىدىڭ. بىلىمەنكى، سەن ھەمىشە مېنى ئاڭلاپ تۇرىسەن. مەن بۇ يەردە تۇرغان مۇشۇ كىشىلەرگە مېنى سېنىڭ پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەنلىكىڭگە ئىمان كەلتۈرۈشنى ئېيتتىم».

ئى ئىيسا! ئۆز ۋاقتىدا ئىسرائىل ئەۋلادىنى ساڭا چېقىلىشتىن ۋە ساڭا زىيان يەتكۈزۈشتىن توسۇپ قالغان ئىدىم. چۈنكى، سەن ئۇلارغا مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كەلگەن چېغىڭدا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كاپىرلار سېنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار سېنى دارغا ئېسىشنى پىلانلىدى. لېكىن رەببىڭ ئاللاھنىڭ تەدبىرى ئۇلارنىڭ پىلانىنى بىتچىت قىلىۋەتتى. نەتىجىدە، رەببىڭ سېنى ئۇلارنىڭ سۈيىقەستلىرىدىن ساقلاپ قالدى. ئۇلار سېنى ئۆلتۈرەلىگىنى يوق، دارغا ئاسالىغىنىمۇ يوق. بەلكى رەببىڭ سېنى ئۆز تەرىپىگە ئېلىپ كەتكەن ۋە بۇ كاپىرلارنىڭ يامانلىقلىرىدىن سېنى قۇتۇلدۇرغان ئىدى. ئۇلار سەن ئېلىپ كەلگەن مۆجىزىلەرنى: «بۇ پەقەت ئوپئوچۇق سېھىردۇر» دەپ ئىنكار قىلىشتى.

ئى ئىيسا! سەن شۇنىمۇ ئۇنتۇمىغىنكى، ئۆز ۋاقتىدا مەن سېنىڭ ھاۋارىيلىرىڭغا (يەنى ساڭا ئەگەشكەن مۇئمىنلەرگە) «ماڭا ۋە مېنىڭ پەيغەمبىرىم ئىيساغا ئىمان كەلتۈرۈڭلار» دەپ ئىلھام بەرگەن ئىدىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىمان ئېيتتى ۋە «بىز ئىمان ئېيتتۇق، سەن بىزنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىمىزغا گۇۋاھ بولغىن، بىز راستىنلا ئاللاھقا ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھەر ئىشتا ئىتائەت قىلغۇچىلارمىز» دېگەن ئىدى. چۈنكى، «مۇسۇلمان» سۆزى ئىسلام دىنىغا ئىشەنگەن مۇئمىنلەرگىلا خاس ئاتالغۇ بولماستىن، ئۇ بارلىق پەيغەمبەرلەرگە كەلگەن دىنغا ئىمان كەلتۈرۈپ، ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلغان كىشىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان سۆزدۇر. بۇنىڭغا بىنائەن، ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن پەيغەمبەرلەرگە ئىمان ئېيتقانلارنىڭ ھەممىسى «مۇسۇلمان» يەنى (بويسۇنغۇچى) دەپ ئاتىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا ئەنە شۇنداق ئىنئام قىلغان، ئۇنىڭ شەنىنى ئەنە شۇنداق يۇقىرى كۆتۈرگەن، ئۇنىڭغا جان پىدا قىلىپ ئەگەشـكەن مۆئمىنلەرنى ۋە ئۇنىڭ يولىنى داۋاملاشتۇرىدىغان ئىزباسارلارنى بارلىققا كەلتۈرگەن ئىدى. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ كاتتا پەزلى بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۇنى خالىغان بەندىسىگە ئاتا قىلىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا كىملەرنىڭ ھەقلىق ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالا ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە ئۆز زامانىسىنىڭ شارائىتىغا قاراپ ھەر خىل مۆجىزىلەرنى ئاتا قىلغان. بۇ مۆجىزىلەر پەيغەمبەرلەرنىڭ راستچىللىقى ئاللاھ تائالانىڭ ئەلچىلىرى ئىكەنلىكىنى ئۆز قەۋمىگە ئىسپاتلاپ بېرىشى ئۈچۈن بېرىلگەن دەلىل ئىدى.

2. مۆجىزىلەر ھەربىر پەيغەمبەرنىڭ ياشىغان مۇھىتى ۋە خەلقىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ھەر خىل بولغان. ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرى مېدىتسىنا تەرەققىي قىلغان بىر مەزگىل بولغانلىقتىن، ئاللاھ تائالا ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا شۇ زامانىنىڭ ئۇستا دوختۇرلىرى ساقايتالمىغان كېسەللەرنى ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن ساقايتىدىغان ۋە ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرىدىغان ئادەتتىن تاشقىرى مۆجىزىلەرنى كۆرسىتىش ئارقىلىق ئىسرائىل ئەۋلادىنى ئىمانغا دەۋەت قىلغان.

3. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى «قۇرئان كەرىم» بولۇپ، ئۇ دائىمىي مۆجىزىدۇر. ئۇ تاقىيامەتكىچە كۈچىنى يوقاتمايدۇ.

## ◄ ئاسماندىن چۈشۈرۈلگەن داستىخان

﴿إِذْ قَالَ ٱلْحَوَارِيُّونَ يَٰعِيسَى ٱبْنَ مَرْيَمَ هَلْ يَسْتَطِيعُ رَبُّكَ أَن
يُنَزِّلَ عَلَيْنَا مَآئِدَةً مِّنَ ٱلسَّمَآءِ ۖ قَالَ ٱتَّقُوا۟ ٱللَّهَ إِن كُنتُم مُّؤْمِنِينَ
﴿١١٢﴾ قَالُوا۟ نُرِيدُ أَن نَّأْكُلَ مِنْهَا وَتَطْمَئِنَّ قُلُوبُنَا وَنَعْلَمَ أَن قَدْ
صَدَقْتَنَا وَنَكُونَ عَلَيْهَا مِنَ ٱلشَّٰهِدِينَ ﴿١١٣﴾ قَالَ عِيسَى ٱبْنُ مَرْيَمَ
ٱللَّهُمَّ رَبَّنَآ أَنزِلْ عَلَيْنَا مَآئِدَةً مِّنَ ٱلسَّمَآءِ تَكُونُ لَنَا عِيدًا لِّأَوَّلِنَا

وَءَاخِرِنَا وَءَايَةً مِّنكَ وَٱرْزُقْنَا وَأَنتَ خَيْرُ ٱلرَّٰزِقِينَ ﴿١١٤﴾ قَالَ ٱللَّهُ إِنِّى
مُنَزِّلُهَا عَلَيْكُمْ فَمَن يَكْفُرْ بَعْدُ مِنكُمْ فَإِنِّىٓ أُعَذِّبُهُۥ عَذَابًا لَّآ
أُعَذِّبُهُۥٓ أَحَدًا مِّنَ ٱلْعَٰلَمِينَ ﴿١١٥﴾

## تەرجىمىسى

112-ئۇز ۋاقتىدا ھاۋارىيلار: «ئى مەريەم ئوغلى ئىيسا! رەببىڭ بىزگە ئاسماندىن داستىخان چۈشۈرۈپ بېرەلەمدۇ؟» دېگەن ئىدى. ئىيسا (ئۇلارغا): «ئەگەر سىلەر ئىمان ئېيتقان كىشىلەر بولساڭلار، ئاللاھتىن قورقۇڭلار» دېگەن ئىدى.

113-ئۇلار: «بىز ئۇنىڭدىن يېيىشنى، (شۇ ئارقىلىق) كۆڭلىمىزنىڭ ئارام تېپىشىنى، سۆزۈڭنىڭ راست ئىكەنلىكىنى بىلىشنى ۋە ئۇنىڭغا گۇۋاھلىق بەرگۈچىلەردىن بولۇشنى خالايمىز» دېگەن ئىدى.

114-مەريەم ئوغلى ئىيسا: «ئى رەببىمىز ئاللاھ! بىزگە ئاسماندىن داستىخان چۈشۈرگىنكى، بۇ بىزلەرگە ۋە بىزدىن كېيىنكىلەرگە بايرام بولۇپ قالسۇن، ئۇ داستىخان سەندىن بىزگە (ئاتا قىلىنغان) بىر مۆجىزە بولۇپ قالسۇن، بىزگە رىزىق بەرگىن. سەن ھەقىقەتەن رىزىق بەرگۈچىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىسەن» دېگەن ئىدى.

115-ئاللاھ: «ئۇنى مەن سىلەرگە چوقۇم چۈشۈرىمەن، ئەمما شۇنىڭدىن كېيىن سىلەردىن كىمكى كاپىر بولسا، ئۇنى ئەھلى جاھاندىن ھېچكىمنى ئازابلىمىغان ئازاب بىلەن ئازابلايمەن» دېگەن ئىدى.

## تەپسىرى

ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ دەيدۇكى، ئى پەيغەمبەر! ئۇز ۋاقتىدا ھاۋارىيلارنىڭ ئىيساغا ئېيتقان سۆزلىرىنى ئەسكە ئالغىنكى، ئىيساغا ئىمان كەلتۈرۈپ ئۇنىڭ دىنىغا ئەگەشكەن ئاشۇ مۇخلىس ھاۋارىيلار ئىيسانىڭ ﴿مَنْ أَنصَارِىٓ إِلَى ٱللَّهِ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ يولىدا ماڭا كىملەر ياردەمچى بولىدۇ؟﴾[1] دېگەن سوئالىغا: ﴿نَحْنُ أَنصَارُ ٱللَّهِ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ يولىدا ساڭا بىز ياردەمچى

[1] سەف سۈرىسى: 14- ئايەت.

بولىمىز﴾ دەپ جاۋاب بەرگەن كىشىلەر تۇرۇقلۇق، ئۇنىڭغا: ﴿ئى مەريەم ئوغلى ئىسا! رەببىڭ بىزگە ئاسماندىن داستىخان چۈشۈرۈپ بېرەلەمدۇ؟﴾ دېدى. «بۇنداق سوئال سوراش ئۇلارغا قەتئىي لايىق كەلمەيتتى. شۇڭا ئىسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: ﴿ئەگەر سىلەر ئىمان ئېيتقان كىشىلەر بولساڭلار، ئاللاھتىن قورقۇڭلار﴾ دېگەن. بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، بۇ جايدىكى سوئال ‹ئاللاھنىڭ شۇنداق بىر داستىخاننى چۈشۈرۈپ بېرىشى ئىلاھىي ھېكمەتكە زىت كېلەمدۇ ياكى كەلمەمدۇ؟› دېگەن مەنىدە سورالغان بىر سوئال ئىدى. شۇڭا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ تەرىقىدە سوئال سورىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى بايان قىلىشىپ: ﴿ئۇنىڭدىن يېيىشنى، (شۇ ئارقىلىق) كۆڭلىمىزنىڭ ئارام تېپىشىنى، سۆزۈڭنىڭ راست ئىكەنلىكىنى بىلىشنى ۋە بۇنىڭغا گۇۋاھلىق بەرگۈچىلەردىن بولۇشنى خالايمىز﴾ دېگەن. بۇنىڭ مەنىسى: بىز ئاسماندىن چۈشۈرۈلگەن تائامنى يېسەك كۆڭلىمىز ئارام تاپىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سېنىڭ ‹مەن راستتىنلا ئاللاھ ئەۋەتكەن پەيغەمبەرمەن› دېگەن سۆزۈڭنىڭ راست ئىكەنلىكىنى بىلىمىز، دېگەنلىكتۇر»[1]. چۈنكى، بۇنداق بىر داستىخاننىڭ ئاسماندىن چۈشۈرۈلۈشى ئۇلارغا ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى ئوپئوچۇق كۆرستىدىغان كاتتا بىر مۆجىزە ئىدى.

ئىسا ئەلەيھىسسالام قەۋمىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىپ: «ئى چەكسىز قۇدرەتلىك ئۇلۇغ رەببىمىز ئاللاھ! بىزگە ئاسماندىن ئۈستىدە نازۇنېمەتلەر بولغان بىر داستىخان چۈشۈرۈپ بەرگىنكى، ھاۋارىيلار سېنىڭ چەكسىز قۇدرىتىڭنىڭ ئالامەتلىرىنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرسۇن، بىز ۋە بىزدىن كېيىنكىلەر ئۈچۈن بۇ كۈن خۇشاللىق كۈنى بولۇپ قالسۇن، داستىخان چۈشكەن بۇ كۈننى بايرام قىلىپ، شۇ كۈننى ساڭا شۈكۈر ۋە ئىبادەتنى تېخىمۇ كۆپ قىلىدىغان كۈن قىلىۋالايلى، بۇ ئىش كىشىلەرنى سېنىڭ يولۇڭغا باشلىشىم ئۈچۈن، سېنىڭ قۇدرىتىڭنى ۋە مېنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىمنى ئىسپاتلايدىغان دەلىل-ئىسپات قاتارىدا بولۇپ قالسۇن، ئى رەببىم! بىزگە رىزىق بەرگىن. چۈنكى، سەن رىزىق بەرگۈچىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىسەن، خالىغان بەندەڭگە ھېسابسىز رىزىق بەرگۈچىسەن» دەپ دۇئا قىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنى قوبۇل قىلىپ: ﴿ئۇنى مەن سىلەرگە چوقۇم چۈشۈرىمەن﴾ دەيدۇ ۋە دەرھال چۈشۈرۈپ

---

[1] «التفسير الواضح» 1- توم، 580- بەت.

بېرىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسى ھەقتۇر. ئاندىن ئاللاھ تائالا دەيدۇكى، ئۇلارغا ئۆزلىرى تەلەپ قىلغان نەرسە چۈشۈرۈلگەندىن كېيىن كىمكى تۇزكورلۇق قىلىدىكەن، شۇنى ئوبدان بىلىپ قويسۇنكى، مەن ئۇنى جاھان ئەھلىدىن ھېچ كىمنى جازالىمىغان شەكىلدە قاتتىق جازالايمەن. چۈنكى، ئاسماندىن داستىخان چۈشۈرۈپ بېرىپ كاتتا ئىنئام قىلغان زاتنىڭ بۇ ياخشىلىقىغا تۇزكورلۇق قىلىپ، ئۇنىڭغا ئىتا-ئەتسىزلىك قىلغان قەۋم راستتىنلا قاتتىق ئازابقا تېگىشلىك بولىدۇ.

ئىيسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ قەۋمىگە ئاسماندىن چۈشۈرۈلگەن داستىخاننىڭ شەكلى، ھەجمى، رەڭگى ۋە تەمى توغرۇلۇق كۆپلىگەن رىۋايەتلەر كەلگەن. توغرىسى شۇكى، بۇ داستىخاننىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى ئاللاھ تائالا ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر. داستىخاننىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى بىلىش بىزگە مۇھىم ئەمەس، مۇھىم بولغىنى ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ تائالاغا ئاسماندىن ئۈستىدە نازۇ-نېمەتلەر بولغان بىر داستىخان چۈشۈرۈپ بېرىشنى تىلەپ دۇئا قىلغانلىقىدۇر. بىز شۇنىڭغا ئىشەنسەك يېتەرلىكتۇر.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ تائالاغا ئاسماندىن ئۈستىدە نازۇنېمەتلەر بار داستىخان چۈشۈرۈپ بېرىشنى تىلەپ دۇئا قىلغانلىقى ھەقتۇر. ئاللاھ تائالانىڭ مەزكۇر داستىخاننى چۈشۈرۈپ بەرگەن ياكى بەرمىگەنلىكى ھەققىدە ئۆلىمالار ئىختىلاپلاشقان.

2. ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرلەرنى تۈرلۈك مۆجىزىلەر بىلەن كۈچلەندۈرگەنلىكى ۋە جىبرىل ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق مەدەت بەر-گەنلىكى ھەق ۋە راستتۇر.

### ◄ ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ خىرىستىيانلارنىڭ تۆھمەتلىرىدىن پاكلىقى

﴿وَإِذْ قَالَ ٱللَّهُ يَٰعِيسَى ٱبْنَ مَرْيَمَ ءَأَنتَ قُلْتَ لِلنَّاسِ ٱتَّخِذُونِى
وَأُمِّىَ إِلَٰهَيْنِ مِن دُونِ ٱللَّهِ ۖ قَالَ سُبْحَٰنَكَ مَا يَكُونُ لِىٓ أَنْ أَقُولَ مَا
لَيْسَ لِى بِحَقٍّ ۚ إِن كُنتُ قُلْتُهُۥ فَقَدْ عَلِمْتَهُۥ ۚ تَعْلَمُ مَا فِى نَفْسِى وَلَآ
أَعْلَمُ مَا فِى نَفْسِكَ ۚ إِنَّكَ أَنتَ عَلَّٰمُ ٱلْغُيُوبِ ﴿١١٦﴾ مَا قُلْتُ لَهُمْ إِلَّا

مَآ أَمَرۡتَنِي بِهِۦٓ أَنِ ٱعۡبُدُواْ ٱللَّهَ رَبِّي وَرَبَّكُمۡۚ وَكُنتُ عَلَيۡهِمۡ شَهِيدٗا
مَّا دُمۡتُ فِيهِمۡۖ فَلَمَّا تَوَفَّيۡتَنِي كُنتَ أَنتَ ٱلرَّقِيبَ عَلَيۡهِمۡۚ وَأَنتَ
عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ شَهِيدٌ ١١٧ إِن تُعَذِّبۡهُمۡ فَإِنَّهُمۡ عِبَادُكَۖ وَإِن تَغۡفِرۡ لَهُمۡ
فَإِنَّكَ أَنتَ ٱلۡعَزِيزُ ٱلۡحَكِيمُ ١١٨ قَالَ ٱللَّهُ هَٰذَا يَوۡمُ يَنفَعُ ٱلصَّٰدِقِينَ
صِدۡقُهُمۡۚ لَهُمۡ جَنَّٰتٞ تَجۡرِي مِن تَحۡتِهَا ٱلۡأَنۡهَٰرُ خَٰلِدِينَ فِيهَآ أَبَدٗاۖ
رَّضِيَ ٱللَّهُ عَنۡهُمۡ وَرَضُواْ عَنۡهُۚ ذَٰلِكَ ٱلۡفَوۡزُ ٱلۡعَظِيمُ ١١٩ لِلَّهِ مُلۡكُ
ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ وَمَا فِيهِنَّۚ وَهُوَ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ قَدِيرُۢ ١٢٠

## ◄ تەرجىمىسى

116- شۇ چاغدا ئاللاھ: «ئى مەريەم ئوغلى ئىيسا! سەن كىشىلەرگە ‹ئاللاھنى قويۇپ مەن بىلەن ئانامنى ئىككى ئىلاھ قىلىۋېلىڭلار› دېگەنمىدىڭ؟» دەيدۇ. ئىيسا ئېيتىدۇ: «(ئى رەببىم!) سەن شەنىڭگە لايىق كەلمەيدىغان سۈپەتلەردىن ئەلۋەتتە پاكتۇرسەن. ئېيتىشقا ھەققىم بولمىغان سۆزلەرنى ئېيتىش ماڭا ھەرگىز لايىق ئەمەس، ئەگەر مەن بۇ سۆزنى ئېيتقان بولسام، سەن ئۇنى چوقۇم بىلگەن بولاتتىڭ. سەن مېنىڭ دىلىمدىكىنى بىلىسەن، مەن سېنىڭ زاتىڭدىكىنى بىلمەيمەن. شەكسىزكى، سەن غەيبلەرنى ناھايىتى ئوبدان بىلگۈچىسەن.

117-مەن ئۇلارغا پەقەت سەن مېنى ئېيتىشقا بۇيرۇغان: ‹مېنىڭ رەببىم ۋە سىلەرنىڭمۇ رەببىڭلار بولغان ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار› دېگەن سۆزنىلا ئېيتقان ئىدىم. مەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بولغان مۇددەتتە، ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى كۆزىتىپ تۇرغان ئىدىم، مېنى ئېلىپ كەتكىنىڭدىن كېيىن ئۇلارنى سەن كۆزىتىپ تۇرغان ئىدىڭ، سەن ھەممە نەرسىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىسەن.

118-ئەگەر ئۇلارنى ئازابلىساڭ، ئۇلار سېنىڭ بەندىلىرىڭدۇر، ئەگەر ئۇلارنى ئەپۇ قىلساڭ، شەكسىزكى، سەن غالىب، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىسەن».

119-ئاللاھ ئېيتىدۇ: «بۇ كۈن راستچىللارنىڭ راستچىللىقى ئەسقاتىدىغان كۈندۇر، ئۇلار ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەردە مەڭگۈ تۇرىدۇ، ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولىدۇ، ئۇلارمۇ ئاللاھ (ئاتا قىلغان ئىنئاملار)دىن رازى بولىدۇ، بۇ زور بەختتۇر».

120. ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە ئۇلاردىكى پۈتكۈل مەۋجۇداتنىڭ ئىگىدار-چىلىقى ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر.

## ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ دېيدۇكى، ئى پەيغەمبەر! قىيامەت كۈنىدە ئاللاھ تائالانىڭ ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا ئېيتىدىغان مۇنۇ سۆزىنى ئەسكە ئالغىنكى، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا: ﴿ئى مەريەم ئوغلى ئىيسا! سەن كىشىلەرگە ‹ئاللاھنى قويۇپ مەن بىلەن ئانامنى ئىككى ئىلاھ قىلىۋېلىڭلار› دېگەنمىدىڭ؟﴾ دەيدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ سوئالنى خرىستىيانلارغا كايىش ۋە ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئەيىبلەش يۈزىسىدىن سورايدۇ. بۇنىڭ مەنىسى، خرىستىيانلار سېنى ۋە ئاناڭ مەريەمنى ئىلاھ قىلىۋېلىشتا سېنىڭ ئەمرىڭ بىلەن قىلغانمۇ ياكى ئۆزلىرى شۇنداق بوھتاننى توقۇپ چىققانمۇ؟ ئەلۋەتتە، بۇنى ئۇلار ئۆزلىرى توقۇپ چىقارغان.

ئاللاھ تائالادىن باشقا بىرىنى ئىلاھ قىلىۋېلىش دېگەنلىك ئاللاھ تائالانى قويۇپ، ئۇنىڭ مەخلۇقاتىغا چوقۇنۇش ياكى بەزى كىشىلەرنى ئاللاھ تائالاغا يېقىن كىشىلەر ياكى كائىناتتىكى بەزى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلالايدىغان كىشىلەر، دەپ ئېتىقاد قىلىپ، ئۇلارنى ئىبادەتلەردە ۋە دۇئالاردا ئاللاھ تائالاغا شېرىك قىلىپ قوشۇش بىلەن بولىدۇ. مۇشرىكلارنىڭ ئازغۇنلۇقىمۇ بۇ تۈردىكى ئازغۇنلۇق ئىدى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتىكى مەنتىقىسى ﴿مَا نَعْبُدُهُمْ إِلَّا لِيُقَرِّبُونَآ إِلَى ٱللَّهِ زُلْفَىٰٓ﴾ يەنى ﴿بىز بۇلارغا پەقەت بىزنى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرسۇن دەپلا چوقۇنىمىز﴾[1] دېيىشتىن ئىبارەتتۇر.

ئاللاھ تائالا خرىستىيانلارنىڭ ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈپ، ئىيسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ ئانىسى ھەزرىتى مەريەمنى ئىلاھ دەۋالغانلىقىغا قاتتىق كايىغان. ھازىرمۇ خرىستىيانلارنىڭ شەرق ۋە غەربتىكى چېركاۋلىرى ئىيسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ ئانىسى مەريەمنى ئىلاھلىق ماقامىغا كۆتۈرۈپ، ئۇلارغا چوقۇنىدىغان بولۇۋالغان. ئەمما خرىستىيانلارنىڭ پروتېستانت مەزھىپىدىكىلەر ھەزرىتى مەريەمگە چوقۇنۇشنى رەت قىلىدۇ. خرىستىيان چېركاۋلىرى تەرىپىدىن ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان بۇ يېڭى ئىلاھلارنى ھەقىقەتپەرۋەر ئالىملار ھەر زامان رەت

---

[1] زۇمەر سۈرىسى: 3- ئايەت.

قىلىپ كەلمەكتە. ئەسلىدە خىرىستىيانلار ئۆزلىرىنىڭ دىنىي يولباش-چىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى ۋە قىلغانلىرىنى ئىلاھىي تەلىمات دەپ قوبۇل قىلغانلىقتىن، ئۇلارغا ئەگىشىپ مېڭىش ئارقىلىق تېخىمۇ ئازغۇنلۇقلارغا پېتىپ كەتكەن. راستتىنلا ئۇلار گۇمان قىلغاندەك، دىن ئەسلىدە كەمتۈك بولۇپ، يىگىرمىنچى ئەسىرگە كەلگەندە خىرىستىيانلارنىڭ دىنىي يولباشچىلىرىنىڭ قولىدا تولۇقلانغانمۇ؟ ئۇلارنىڭ دىنىي ئېتىقادلارنى بەلگىلەش ۋە ئەمەلدىن قالدۇرۇش ھوقۇقى بارمۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. ئۇلار بىلىپ تۇرۇپ ئاللاھ نامىدىن يالغاننى توقۇيدۇ.

ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ ﴿ئى مەريەم ئوغلى ئىيسا! سەن كىشىلەرگە «ئاللاھنى قويۇپ مەن بىلەن ئانامنى ئىككى ئىلاھ قىلىۋېلىڭلار» دېگەنمىدىڭ؟﴾ دېگەن سوئالىغا جاۋاب بېرىپ: ئى ئۇلۇغ رەببىم! سەن شەنىڭگە لايىق كەلمەيدىغان سۈپەتلەردىن ئەلۋەتتە پاكسەن. ماڭا ئېيتىشقا تېگىشلىك بولمىغان ۋە مېنىڭ ھەققىم بولمىغان سۆزلەرنى مەن قانداقمۇ ئېيتاي؟ سەن ئېيتىشقا بۇيرۇمىغان سۆزنى ئېيتىش ماڭا لايىق ئەمەس، مەن ھەرگىزمۇ ئۇنداق قىلمايمەن. سەن مېنى پۈتۈن يامانلىقلاردىن ۋە خەتەرلەردىن ساقلاپ كەلدىڭ، كۈچلۈك ئەلچىڭ جىبرىل بىلەن مېنى كۈچلەندۈردۈڭ، ماڭا مەدەت بەردىڭ. ئەگەر مەن بۇ سۆزنى ئېيتقان بولسام، ئۇنى سەن چوقۇم بىلگەن بولاتتىڭ. چۈنكى، سەن ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھەممىنى بىلىپ تۇرىسەن. مېنىڭ پۈتۈن قىلغانلىرىمنى ۋە دىلىمدا يوشۇرغانلىرىمنىمۇ ئېنىق بىلىپ تۇرىسەن. مەن بولسام پەقەت سېنىڭ چەكسىز ئىلمىڭدىن ماڭا بىلدۈرگەنلىرىڭنىلا بىلىمەن. ئەمما سەن ھەممىنى تولۇق بىلگۈچىسەن، غەيبلەرنى ناھايىتى ئوبدان بىلگۈچىسەن.

ئى رەببىم! مەن ئۇلارغا پەقەت سېنىڭ بىرلا ئىلاھ ئىكەنلىكىڭگە چىن ئىشىنىشتىن ئىبارەت سەن مېنى ئېيتىشقا بۇيرۇغان ھەقىقەتلەرنىلا ئېيتتىم. مەن ئۇلارغا دېدىمكى، رەببىڭلار ئاللاھ تائالانىڭ يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىگە چىن ئىشىنىپ، ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىڭلار. چۈنكى، ئۇ مېنىڭ ئىلاھىم، سىلەرنىڭمۇ ئىلاھىڭلاردۇر. مەنمۇ سىلەرگە ئوخشاشلا ئاللاھقا بەندىمەن. پەقەت مېنى ئاللاھ سىلەرگە ئەلچى قىلىپ تاللىدى.

ئى رەببىم! مەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بولغان چاغلىرىمدا، ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى كۆزىتىپ تۇرغان ئىدىم، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىغا ۋە گەپ-سۆزلىرىگە گۇۋاھ بولغان ئىدىم. توغرا قىلغان ئىشلىرىنى تەستىقلاپ، خاتا قىلغانلىرىنى رەت قىلاتتىم. ئۇلارنىڭ بۇ خاتا ئەقىدىسى

مەن ھاياتتا بولغان مۇددەت ئىچىدە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يوق ئىدى. سەن مېنى دەرگاھىڭغا ئېلىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى سەن ئۆزۈڭ كۆزىتىپ تۇرغان ئىدىڭ. چۈنكى، سەن ھەممە نەرسىدىن خەۋەردارسەن، ساڭا ھېچقانداق نەرسە مەخپىي قالمايدۇ.

ھازىرقى خىرىستىيانلار ئويدۇرۇپ چىقارغان «ئۈچنى بىر گەۋدە قىلىش» ئېتىقادىدىن ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تولىمۇ يىراق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىل-ئىسپاتلار يۇقىرىدا ئۆتتى. ئىيسا ئەلەيھىسسالام «ئىنجىل» دا مۇنداق دېگەن: «ئى ئاللاھ! بۇ ھايات ئۇلارنىڭ سېنىڭ يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىڭنى ۋە مەسىھ (ئىيسا)نىڭ سەن ئەۋەتكەن ئەلچى ئىكەنلىكىنى بىلىشى ئۈچۈن يارىتىلغان ھاياتتۇر»[1].

ئىيسا ئەلەيھىسسالام ھەق يولدىن ئېزىپ كەتكەن بۇ ئۇممەتنىڭ ئىشىنى ئاللاھ تائالاغا تاپشۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ئى رەببىم! ئۇلارنىڭ تەۋبە قىلماستىن كېتىپ قالغان گۇناھلىرى ئۈچۈن ئۇلارنى ئازابلىساڭمۇ، سەن ئۇنىڭغا تامامەن ھەقلىقسەن، چۈنكى ئۇلار سېنىڭ بەندىلىرىڭدۇر. ئۇلارنى ئەپۇ قىلساڭمۇ بۇ سېنىڭ ئىشىڭدۇر. چۈنكى، سەن غالىبسەن ۋە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى ئىلاھسەن.

ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿بۇ كۈن راستچىللارنىڭ راستچىللىقى ئەسقاتىدىغان كۈندۇر، ئۇلار ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەردە مەڭگۈ تۇرىدۇ، ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولىدۇ، ئۇلارمۇ ئاللاھ (ئاتا قىلغان ئىنئاملار)دىن رازى بولىدۇ، بۇ زور بەختتۇر﴾.

شەكسىزكى، ئاللاھ تائالا ئاسمان، زېمىن ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى پۈتۈن ئالەملەرنىڭ يېگانە ئىگىسى ۋە مۇتلەق پادىشاھىدۇر، ئاللاھ تائالا پۈتۈن ئالەملەرنىڭ ئەھۋالىنى تولۇق بىلىپ تۇرىدىغان، ھەممىگە قادىر زاتتۇر. قۇدرەت ئىگىسى بولغان رەببىڭ كاپىرلار سۈپەتلىگەن نالايىق سۈپەتلەردىن ئەلۋەتتە پاكتۇر.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئىيسا ئەلەيھىسسالام خۇددى باشقا پەيغەمبەرلەرگە ئوخشاشلا كىشىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىگە ئېتىقاد قىلىدىغان تەۋھىدتىن

[1] «التفسير الواضح» 1- توم، 583- بەت.

ئىبارەت ھەق دىنغا چاقىرغان پەيغەمبەردۇر. خىرىستىيانلارنىڭ ئويدۇرۇپ چىققان«ئۈچنى بىر گەۋدە قىلىش» ئېتىقادى ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىن كېيىن خىرىستىيان دىنىغا كىرگۈزۈۋېلىنغان خۇراپاتتۇر.

2. قىيامەت كۈنى ھەقىقىي راستچىل ئىماندىن باشقىسى ئەسقاتمايدىغان ۋە ھەركىم ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيادا قىلىپ كەتكەن ياخشى ۋە يامان جىمى ئەمەللىرىنىڭ مۇكاپاتىنى ياكى جازاسىنى كۆرىدىغان بىر كۈندۇر.

# ئەنئام سۈرىسى

ئەنئام سۈرىسى مەككىدە نازىل بولغان، 165 ئايەتلىك سۈرە بولۇپ، بۇ سۈرىنىڭ بىر قېتىمدىلا نازىل بولغانلىقى ھەققىدە كەلگەن رىۋايەتلەر كۆپ. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «نَزَلَتْ عَلَيّ سُورَةُ الْأَنْعَامِ جُمْلَةً وَاحِدَةً ، وشَيَّعَها سَبْعُونَ أَلْفًا» يەنى «ماڭا ئەنئام سۈرىسى بىر يولى نازىل قىلىندى. ئۇنى يەتمىش مىڭ پەرىشتە ئاللاھقا تەسبىھ ۋە ھەمدۇسانا ئېيتىش بىلەن تەبرىكلىدى»[1] دېگەن.

ئەللامە قۇرتۇبىي مۇنداق دېگەن: «بۇ سۈرە مۇشرىكلارغا، بىدئەتچىلەرگە ۋە قىيامەت كۈنىگە ئىشەنمەيدىغانلارغا قارشى يېتەرلىك دەلىل-ئىسپاتلارنى كەلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ سەپسەتىلىرىنى بىتچىت قىلغان سۈرىدۇر. مانا بۇ مەزكۇر سۈرىنىڭ بىر يولى نازىل قىلىنىشىنى تەقەززا قىلغان ئەھۋالدۇر»[2].

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: تەۋھىد (يەنى ئاللاھ تائالانىڭ يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىگە ئېتىقاد قىلىش) ئەقىدىسىنى ئەقلىي دەلىللەر بىلەن ئىسپاتلاش ۋە شېرىك (يەنى كۆپ ئىلاھلارغا ئېتىقاد قىلىش) ئەقىدىسىنىڭ ساختىلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىن ئىبارەتتۇر.

بۇ سۈرىدە ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ نېگىزى بايان قىلىنغان بولۇپ، خۇسۇسەن، ئاخىرەتتىكى تىرىلىش ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنىڭ ھەقلىقى ئۈستىدە تەپسىلىي توختالغان.

«أنعام» (ئەنئام) چارۋىلار، ماللار دېگەن مەنىدە بولۇپ، قوي، ئۆچكە، كالا ۋە تۆگىگە ئوخشىغان چارۋىلارنى كۆرسىتىدۇ. سۈرىنىڭ بەزى ئايەتلىرىدە، جاھىلىيەتتىكى ئەرەبلەرنىڭ قۇربانلىق قىلىدىغان ماللارغا

[1] «تفسيرابن كثير» 3-توم، 238-بەت.

[2] «تفسير القرطبي» 6-توم، 383-بەت.

مۇناسىۋەتلىك بەزى ئادەتلىرى تىلغا ئېلىنغانلىقتىن، بۇ سۈرە «ئەنئام سۈرىسى» دەپ ئاتالغان.

### ◄ ئەنئام سۈرىسىنىڭ ئالدىنقى سۈرە (مائىدە سۈرىسى) بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

مائىدە سۈرىسىدە ئەھلى كىتابنىڭ سەپسەتىلىرىگە رەددىيە بېرىلگەن بولسا، بۇ سۈرىدە مۇشرىكلارنىڭ سەپسەتىلىرى بىتچىت قىلىنغان. مائىدە سۈرىسىدە يېمەكلىكتىن ھارام قىلىنغان نەرسىلەر تەپسىلىي بايان قىلىنغان. چۈنكى، بەزى ئۆلىمالار ھالال-ھارام ماۋزۇسىدا مائىدە سۈرىسىنى «قۇرئان كەرىم»دىكى ئەڭ ئاخىر نازىل بولغان سۈرە دەپ قارايدۇ. ئەنئام سۈرىسىدە بولسا بۇ ھاراملار قىسقىچە بايان قىلىنغان.

### ◄ ئاللاھنىڭ بىرلىكى، ئىلمىنىڭ كەڭلىكى ۋە قىيامەتنىڭ بايانى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿ٱلۡحَمۡدُ لِلَّهِ ٱلَّذِي خَلَقَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضَ وَجَعَلَ ٱلظُّلُمَٰتِ وَٱلنُّورَۖ ثُمَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ بِرَبِّهِمۡ يَعۡدِلُونَ ١ هُوَ ٱلَّذِي خَلَقَكُم مِّن طِينٖ ثُمَّ قَضَىٰٓ أَجَلٗاۖ وَأَجَلٞ مُّسَمًّى عِندَهُۥۖ ثُمَّ أَنتُمۡ تَمۡتَرُونَ ٢ وَهُوَ ٱللَّهُ فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَفِي ٱلۡأَرۡضِ يَعۡلَمُ سِرَّكُمۡ وَجَهۡرَكُمۡ وَيَعۡلَمُ مَا تَكۡسِبُونَ ٣﴾

#### ◄ تەرجىمىسى

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1-جىمى ھەمدۇسانا ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان، قاراڭغۇلۇقلارنى ۋە يورۇقلۇقنى پەيدا قىلغان ئاللاھقا خاستۇر! ئاندىن (يەنى مۇشۇنداق ئايەت ۋە دەلىللەرنى كۆرۈپ تۇرۇقلۇق) كاپىرلار رەببىگە (مەخلۇقاتنى) تەڭ قىلىشىۋالىدۇ.

2-ئاللاھ سىلەرنى لايدىن ياراتقان، ئاندىن ئەجىلىڭلارنى بېكىتكەن زاتتۇر،

(سىلەرنىڭ تىرىلدۈرۈلگەن) ۋاقتىڭلار ئۇنىڭ دەرگاھىدا مەلۇمدۇر. (ئى كاپىرلار! سىلەر مۇشۇ باياندىن) كېيىنمۇ (تىرىلىشكە) شەك كەلتۈرۈۋاتىسىلەر.

3ـ ئۇ ئاللاھ ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا (ئىبادەت قىلىنىشقا تېگىشلىك) زاتتۇر، ئۇ سىلەرنىڭ يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ئىشىڭلارنى بىلىدۇ، قىلىۋاتقان ئەمەللىڭلارنىمۇ بىلىپ تۇرىدۇ.

### ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا ئۆزىنى بەندىلىرىگە ئۆزى ئۆگەتكەن مەدھىيە سۆزى بىلەن تونۇشتۇرىدۇ. ئۇ بولسىمۇ، «جىمى ھەمدۇسانا ئاللاھقا خاستۇر!» دېگەن سۆزدۇر. ھەقىقەتەن بارچە ماختاش ۋە جىمى مەدھىيە بىرلا ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالا بارلىق كامالىي سۈپەتلەرنىڭ ئىگىسى، بارچە نۇقسان ۋە كەمچىلىكلەردىن پاك، مەدھىيەلىنىشكە تامامەن ھەقلىق بولغان يېگانە ياراتقۇچىدۇر.

ئاللاھ تائالا بۇ سۈرىنىڭ بېشىدا ئۆزىنى ئىككى مۇھىم سۈپەت بىلەن تەرىپلىگەن بولۇپ، ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ئاسمان بىلەن زېمىنى ياراتقانلىقى ۋە قاراڭغۇلۇقلار بىلەن نۇرنى پەيدا قىلغانلىقىدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ئىككى سۈپىتى ماختاش بىلەن مەدھىيەگە تۈرتكە بولىدىغان جىمى سۈپەتلىرىنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ ئاسمان، زېمىن ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بارچە ئالەملەرنى، تەبىئەتتىكى قانۇنىيەتلەرنى ناھايىتى مۇكەممەل ھېكمەت بىلەن ياراتقان، ئۇلارنى ئىنتايىن پۇختا ئىنتىزام بىلەن ئىدارە قىلىپ تۇرۇۋاتقان ياراتقۇچى ئىكەنلىكىنى ھەممە بىردەك ئېتىراپ قىلاتتى، بۇ مەسىلىدە مۇشرىكلار بىلەن مۇئمىنلەر ئوخشاش ئېتىقادتا ئىدى. ﴿وَلَئِن سَأَلۡتَهُم مَّنۡ خَلَقَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضَ لَيَقُولُنَّ ٱللَّهُۚ قُلِ ٱلۡحَمۡدُ لِلَّهِۚ بَلۡ أَكۡثَرُهُمۡ لَا يَعۡلَمُونَ﴾ يەنى ﴿ئەگەر سەن ئۇلاردىن: «ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى كىم ياراتقان؟» دەپ سورىساڭ، ئۇلار چوقۇم «ئاللاھ» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. سەن «ھەمدۇسانا ئاللاھقا خاستۇر» دېگىن. لېكىن، ئۇلارنىڭ تولىسى (بۇنى بىلمەيدۇ)﴾[1]. يەنى سەن مۇشرىكلاردىن ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە ھەممىنى كىم ياراتقان دەپ سورىساڭ، ئۇلار: چوقۇم «ئاللاھ ياراتقان» دەپ جاۋاب بېرىدۇ، دېگەنلىكتۇر. ئەمما مۇسۇلمانلار ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىگە ۋە

---

[1] لۇقمان سۈرىسى: 25ـ ئايەت.

ھېچقانداق شېرىكى ياكى ياردەمچىسى بولمىغان يەككە- يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىگە ئېتىقاد قىلىدۇ، مۇشرىكلار بولسا ئاللاھ تائالانىڭ بىر ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيدۇ ۋە ئۇنىڭغا مەخلۇقاتنى شېرىك كەلتۈرىدۇ.

ئاسمانلار ۋە ئۇلاردىكى قۇياش، ئاي، يۇلتۇز، سەييارە قاتارلىقلار ئىنتايىن سىستېمىلىق ھالدا پۇختا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئاي بىلەن قۇياشنىڭ ئايلىنىدىغان ئوربىتىسى، چىقىدىغان ۋە پاتىدىغان ئورۇنلىرى ئايرىم، سەييارىلەرنىڭ ئايلىنىش ئوربىتىسى ئايرىمدۇر. بۇلارنى ۋە زېمىننى قورشاپ تۇرغان ھاۋا، ئاۋاز دولقۇنلىرى ھەرگىز بىكار يارىتىلغان ئەمەس، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەلۋەتتە ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى ۋە ھېكمىتىنى كۆرسىتىپ تۇرماقتا.

ئاسمانلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنى ياراتقان، ئاي بىلەن قۇياشنى ئۆز ئوربىتىسىدا ئايلىنىپ تۇرىدىغان قىلغان ئۇلۇغ رەببىمىز ئاللاھ تائالا ھەقىقەتەن مەدھىيەگە لايىقتۇر. زېمىن (يەرشارى) كۆپلىگەن سەييارىلەر ئىچىدىكى بىر سەييارە بولۇپ، ئۇ ئۆز ئوربىتىسىدا ئايلىنىپ تۇرىدۇ. زېمىن بىلەن ئاسمان ئەسلىدە تۇتاش بولۇپ، كېيىن ئۇلار بىر-بىرىدىن ئايرىۋېتىلگەن. زېمىن ھاۋا بوشلۇقىدا مۇئەللەق ھالدا قالغان بولۇپ، ئۇ قۇياشنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىدۇ. زېمىن يۈزىدە ئېگىز تاغلار، چوڭقۇر دېڭىز ۋە دەريالار بولۇپ، بىز ئۇنىڭ ئۈستىدە ياشاۋاتىمىز. زېمىن توپ شەكىللىك بىر سەييارىدۇر. زېمىن شۇنداق ئايلىنىدىغان تۇرۇپمۇ زېمىندىكى دېڭىز ۋە دەريالارنىڭ سۇلىرى ئۇنىڭ ئەتراپىغا تارقاپ كەتمەيدۇ ۋە ئىككى تەرىپىگە تېشىپمۇ كەتمەيدۇ. بۇنداق مۇكەممەل ئىنتىزامنى كىم ياراتتى ۋە شۇنداق بولۇشىنى كىم بەلگىلىدى؟ شەكسىزكى، بۇنى يەككە-يېگانە ئاللاھ تائالا شۇنداق قىلدى! بارچە مەدھىيە ۋە ماختاشلار قاراڭغۇلۇقلار بىلەن يورۇقلۇقنى (نۇرنى) ياراتقان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر!

«قۇرئان كەرىم»دە قاراڭغۇلۇق ھەمىشە «قاراڭغۇلۇقلار» دەپ كۆپلۈك شەكلى بىلەن، ئەمما يورۇقلۇق ھەمىشە «يورۇقلۇق» (يەنى نۇر) دەپ بىرلىك شەكلى بىلەن كەلتۈرۈلگەن. چۈنكى، قاراڭغۇلۇق بىلەن زۇلمەت مۇشرىكلىك ۋە كۇفرىلىق بولۇپ، ئۇلارنىڭ تۈرلىرى، شەكىللىرى، يوللىرى ۋە سەۋەبلىرى ئىنتايىن كۆپتۇر. شۇڭا ئۇ كۆپلۈك شەكلى بىلەن «قاراڭغۇلۇقلار» ياكى «زۇلمەتلەر» دەپ كەلتۈرۈلگەن. ئەمما يورۇقلۇق بىر بولۇپ، ئۇ ھەقىقەت ۋە ھىدايەتكە ۋەكىللىك قىلىدۇ. شۇڭا ئۇ ھەمىشە «نۇر» دەپ بىرلىك شەكلىدە كەلگەن. زۇلمەت ياكى قاراڭغۇلۇقلار يورۇقلۇق

بولمىغان يەرلەردە ئۇتتۇرىغا چىقىدۇ، يورۇقلۇق بولسا قاراڭغۇلۇقلارنى يورۇتىدۇ. قاراڭغۇلۇقلارنىڭ سەۋەبلىرى ۋە مەنبەسى كۆپ بولىدۇ، ئەمما يورۇقلۇقنىڭ مەنبەسى ھەمىشە ۋە ھەر يەردە بىر بولىدۇ.

كاپىرلار ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان مۇشۇنداق ئوچۇق ۋە روشەن دەلىللەرنى كۆرگەن ۋە بىلگەندىن كېيىنمۇ، يەنىلا شۇ بۇتلارنى ئاللاھ تائالاغا تەڭ قىلىشنى، مەخلۇقاتنى ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈشنى داۋاملاشتۇرماقتا. ئۇلار ئاللاھ تائالا ئۆزى ياراتقان، ئۆزى پەيدا قىلغان ۋە ئۆزى يوقتىن بار قىلغان مەخلۇقاتنى ئۇنىڭغا تەڭ قىلىۋالىدۇ. ﴿مَّا لَهُم بِهِۦ مِنْ عِلْمٍ وَلَا لِآبَآئِهِمْ ۚ كَبُرَتْ كَلِمَةً تَخْرُجُ مِنْ أَفْوَٰهِهِمْ ۚ إِن يَقُولُونَ إِلَّا كَذِبًا﴾ يەنى ﴿ئۇلار ۋە ئۇلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى (ئاللاھنىڭ بالىسى بار دېگەن) بۇ بوھتان توغرىسىدا ھېچقانداق بىلىمگە ئىگە ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئېغىزىدىن چىققان سۆز نېمىدېگەن چوڭ (كۇفرىلىق)! ئۇلار پەقەت يالغاننىلا ئېيتىدۇ﴾[1]. شۇنداق روشەن دەلىللەردىن كېيىنمۇ ئاللاھ تائالانىڭ بىر ئىكەنلىكىدە شەك بارمۇ؟!

«قۇرئان كەرىم» بۇ بايانلاردىن كېيىن، مۇشرىكلارغا ۋە ھەق دىنغا ئەگىشىشنى رەت قىلغۇچىلارغا ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنىڭ ئاتىسى ئادەم ئەلەيھىسسالامنى تۇپراقتىن، ئۇلارنى بولسا ئابىمەنىيدىن ئىبارەت شۇ ئەرزىمەس سۇدىن ياراتقانلىقىنى ئەسكەرتىدۇ. ئاتىمىز ئادەم ئەلەيھىسسالام تۇپراقتىن يارىتىلغان، بىز بولساق ئەر-ئايال ئىككى جىنسنىڭ مەنىيسىدىن (ئىسپېرمىسىدىن) يارىتىلدۇق. مەنىي قاندىن، قان ئوزۇقلۇقتىن، ئوزۇقلۇق ھايۋاناتلار ۋە ئۆسۈملۈكلەردىن كېلىدۇ. ئاخىرقى ھېسابتا تۇپراق بىلەن مەنىي ئىككىسىنىڭ مەنبەسى يەنىلا زېمىن بولۇپ چىقىدۇ. ئاندىن ئاللاھ تائالا بىزگە بۇ دۇنيادا ئەجىلىمىز توشقۇچىلىك ياشىشىمىزنى تەقدىر قىلدى. ﴿إِنَّ أَجَلَ ٱللَّهِ إِذَا جَآءَ لَا يُؤَخَّرُ ۖ لَوْ كُنتُمْ تَعْلَمُونَ﴾ يەنى ﴿شەكسىزكى، ئەگەر بىلسەڭلار، ئاللاھ بېكىتكەن ئەجەل كەلگەن چاغدا (ئۇ ئەجەل) كېچىكتۈرۈلمەيدۇ﴾[2]. ئىنسانلارنىڭ ئۆلىدىغان ئەجىلىدىن باشقا يەنە بۇ دۇنيانىڭ ئاخىرلىشىشى ئۈچۈن بەلگىلەنگەن بىر ئەجەل بولۇپ، ئۇنىڭ توگىشى ئاخىرەت ئالەمنىڭ باشلىنىشى بولىدۇ. ئۇنىڭ ۋاقتىنىمۇ ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. ھەتتا ئاللاھ تائالاغا ئەڭ يېقىن پەرىشتىلەر ۋە ئۇلۇغ

---

[1] كەھف سۈرىسى: 5- ئايەت.
[2] نۇھ سۈرىسى: 4- ئايەت.

پەيغەمبەرلەرمۇ بىلمەيدۇ. ﴿يَسْـَٔلُونَكَ عَنِ ٱلسَّاعَةِ أَيَّانَ مُرْسَىٰهَا ۖ قُلْ إِنَّمَا عِلْمُهَا عِندَ رَبِّى ۖ لَا يُجَلِّيهَا لِوَقْتِهَآ إِلَّا هُوَ ۚ ثَقُلَتْ فِى ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ ۚ لَا تَأْتِيكُمْ إِلَّا بَغْتَةً ۗ يَسْـَٔلُونَكَ كَأَنَّكَ حَفِىٌّ عَنْهَا ۖ قُلْ إِنَّمَا عِلْمُهَا عِندَ ٱللَّهِ وَلَٰكِنَّ أَكْثَرَ ٱلنَّاسِ لَا يَعْلَمُونَ﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر! مەككىلىك كاپىرلار) سەندىن قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى سورايدۇ. ئېيتقىنكى، «ئۇنىڭ ئىلمى پەقەت رەببىمنىڭ دەرگاھىدىدۇر، ئۇنى پەقەت ئۆزى بەلگىلىگەن ۋاقتىتا مەيدانغا چىقىرىدۇ، (قىيامەتنىڭ ۋاقتىنى بىلىش) ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ (ئەھلىگە) ئېغىر كەلدى، ئۇ سىلەرگە پەقەت تۇيۇقسىزلا كېلىدۇ». ئۇلار گويا سەن قىيامەت بىلەن ناھايىتى تونۇشتەك، ئۇنى سەندىن سورىشىدۇ. ئېيتقىنكى، «ئۇنىڭ ئىلمى پەقەت ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىدۇر، لېكىن (بۇنداق ئىكەنلىكىنى) ئىنسانلارنىڭ تولىسى بىلمەيدۇ﴾[1].

ئى كاپىرلار! سىلەر شۇنداق ئوپئوچۇق دەلىل-ئىسپاتلارنى بىلگەن ۋە ئۇنىڭ ئالامەتلىرىنى كۆرگەندىن كېيىنمۇ يەنىلا ئاخىرەتتىكى تىرىلىشكە شەك كەلتۈرۈۋاتىسىلەر. ھالبۇكى، ئاللاھ تائالا ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا ئىبادەت قىلىنىشقا، ئىتائەت قىلىنىشقا ۋە ئۇلۇغلىنىشقا تېگىشلىك يېگانە ئىلاھتۇر. ئۇ سىلەرنىڭ بارلىق قىلمىشلىرىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ، قىيامەت كۈنى سىلەرگە قىلمىشلىرىڭلارنىڭ جازاسىنى بېرىدۇ.

ئەللامە ئىبنى كەسىر ﴿وَهُوَ ٱللَّهُ فِى ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَفِى ٱلْأَرْضِ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى توغرۇلۇق مۇنداق دېگەن: «مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، ھەر خىل مەنىلەرنى ئېيتقان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى جەھمىيە پىرقىسىنىڭ ‹ئاللاھ ھەممە يەردىدۇر› دەيدىغان ئېتىقادىنىڭ توغرا ئەمەسلىكىدە بىرلىككە كەلگەن. بۇ ئايەتنىڭ ئەڭ توغرا مەنىسى شۇكى، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى بىرلا چاقىرىلغۇچى ئاللاھتۇر. يەنى ئاسمانلاردىكىلەر ۋە زېمىندىكىلەر ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىدۇ ۋە ئۇنى يەككە - يېگانە ئىلاھ دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ، ئۇنى ‹ئاللاھ› دەپ ئاتايدۇ، ئىنسان ۋە جىنلارنىڭ كاپىرلىرىدىن باشقا ھەممە ئۇنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىپ، ئازابىدىن قورقىدۇ. بۇ ئايەت مۇنۇ ئايەتكە ئوخشايدۇ: ﴿وَهُوَ ٱلَّذِى فِى ٱلسَّمَآءِ إِلَٰهٌ وَفِى ٱلْأَرْضِ إِلَٰهٌ ۚ﴾ يەنى ﴿(ئاللاھ شۇنداق زاتكى) ئۇ ئاسماندىمۇ ئىلاھتۇر، يەردىمۇ ئىلاھتۇر﴾ [2] يەنى ئاللاھ

---

[1] ئەئراف سۈرىسى: 187- ئايەت.

[2] زۇخرۇف سۈرىسى: 84-ئايەت.

ئاسماندىكىلەرنىڭمۇ ئىلاھى ۋە زېمىندىكىلەرنىڭمۇ ئىلاھىدۇر، دېگەنلىكتۇر. بۇنىڭغا ئاساسەن، ﴿ئۇ سىلەرنىڭ يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ئىشلىرىڭلارنى بىلىدۇ، قىلىۋاتقان ئەمەللىرىڭلارنىمۇ بىلىپ تۇرىدۇ﴾ دېگەن ئايەت ئەمەلىي ئەھۋالدىن خەۋەر بېرىشنى ئىپادىلەيدۇ»[1].

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. مۇشرىكلارمۇ خۇددى مۇسۇلمانلارغا ئوخشاشلا ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىغا ئىشىنىدۇ. ئەمما مۇسۇلمانلار ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىگە، شېرىكى يوقلۇقىغا، يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىگە ئېتىقاد قىلىدۇ، مۇشرىكلار بولسا ئاللاھ تائالاغا مەخلۇقاتنى شېرىك كەلتۈرىدۇ.

2. ھەقىقەت ھەممىلا يەردە بىردۇر، ئەمما باتىل (ساختىلىق)نىڭ تۈرلىرى كۆپتۇر. ھىدايەتنىڭ يولى بىردۇر، ئەمما ئازغۇنلۇقلارنىڭ يوللىرى ۋە تۈرلىرى ئىنتايىن كۆپتۇر. ئايەتتىكى «قاراڭغۇلۇقلار» بىلەن «نۇر» بۇنىڭغا ئىشارەت قىلماقتا.

3. ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ چەكسىز ئىلمى بىلەن بەندىلىرىگە ئەڭ يېقىندۇر. ئەمما ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ بىپەرۋالىقىدىن ئاللاھ تائالادىن يىراقلىشىپ كېتىدۇ.

### ◄ كۇفرىلىقنىڭ سەۋەبلىرى ۋە كاپىرلارنىڭ شۈبھىلىرىگە رەددىيە

﴿وَمَا تَأۡتِيهِم مِّنۡ ءَايَةٖ مِّنۡ ءَايَٰتِ رَبِّهِمۡ إِلَّا كَانُواْ عَنۡهَا مُعۡرِضِينَ
٤ فَقَدۡ كَذَّبُواْ بِٱلۡحَقِّ لَمَّا جَآءَهُمۡ فَسَوۡفَ يَأۡتِيهِمۡ أَنۢبَٰٓؤُاْ مَا كَانُواْ
بِهِۦ يَسۡتَهۡزِءُونَ ٥ أَلَمۡ يَرَوۡاْ كَمۡ أَهۡلَكۡنَا مِن قَبۡلِهِم مِّن قَرۡنٖ
مَّكَّنَّٰهُمۡ فِي ٱلۡأَرۡضِ مَا لَمۡ نُمَكِّن لَّكُمۡ وَأَرۡسَلۡنَا ٱلسَّمَآءَ عَلَيۡهِم
مِّدۡرَارٗا وَجَعَلۡنَا ٱلۡأَنۡهَٰرَ تَجۡرِي مِن تَحۡتِهِمۡ فَأَهۡلَكۡنَٰهُم بِذُنُوبِهِمۡ
وَأَنشَأۡنَا مِنۢ بَعۡدِهِمۡ قَرۡنًا ءَاخَرِينَ ٦ وَلَوۡ نَزَّلۡنَا عَلَيۡكَ كِتَٰبٗا فِي
قِرۡطَاسٖ فَلَمَسُوهُ بِأَيۡدِيهِمۡ لَقَالَ ٱلَّذِينَ كَفَرُوٓاْ إِنۡ هَٰذَآ إِلَّا سِحۡرٞ
مُّبِينٞ ٧ وَقَالُواْ لَوۡلَآ أُنزِلَ عَلَيۡهِ مَلَكٞۖ وَلَوۡ أَنزَلۡنَا مَلَكٗا لَّقُضِيَ

---

[1] «تفسير ابن كثير» 3-توم، 240-بەت.

ٱلْأَمْرُ ثُمَّ لَا يُنظَرُونَ ﴿٨﴾ وَلَوْ جَعَلْنَٰهُ مَلَكًا لَّجَعَلْنَٰهُ رَجُلًا وَلَلَبَسْنَا عَلَيْهِم مَّا يَلْبِسُونَ ﴿٩﴾

## تەرجىمىسى

4-ئاشۇلارغا (يەنى مۇشرىكلارغا) رەببىنىڭ ئايەتلىرىدىن بىرەر ئايەت كەلسىلا، ئۇلار ئۇنىڭدىن (يەنى ئۇنى قوبۇل قىلىشتىن) باش تارتىدۇ.

5-ئۇلارغا ھەق كىتاب (قۇرئان) كېلىۋىدى، ئۇلار ئۇنى يالغان دېدى. ئۇزاققا قالماي ئۇلارغا ئۆزلىرى مەسخىرە قىلغان نەرسىنىڭ خەۋەرلىرى كېلىدۇ.

6-بىزنىڭ ئۇلاردىن ئىلگىرى ئۆتكەن نۇرغۇن نەسىللەرنى ھالاك قىلغانلىقىمىزنى ئۇلار بىلمىدىمۇ؟ بىز ئۇلارغا يەر يۈزىدە سىلەرگە بەرمىگەن ئىمكانىيەتلەرنى بەرگەن ئىدۇق، ئۇلارغا مول يامغۇرلارنى ياغدۇرۇپ بەرگەن ئىدۇق ۋە ئۆستەڭلەرنى ئۇلارنىڭ ئاستىدىن ئېقىپ تۇرىدىغان قىلغان ئىدۇق. ئاندىن ئۇلارنى قىلغان گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن ھالاك قىلدۇق، ئۇلاردىن كېيىن باشقا خەلقنى پەيدا قىلدۇق.

7-(ئى پەيغەمبەر!) ئەگەر بىز ساڭا (ئۇلار تەلەپ قىلغاندەك) قەغەزگە يېزىلغان بىر كىتابنى نازىل قىلغان، كاپىرلار ئۇنى قوللىرى بىلەن تۇتۇپ كۆرگەن تەقدىردىمۇ، ئەلۋەتتە ئۇلار: «بۇ پەقەتلا ئوپئوچۇق بىر سېھىردۇر» دەيتتى.

8-ئۇلار: «نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا يەنى مۇھەممەدكە بىز كۆرەلەيدىغان بىر پەرىشتە چۈشۈرۈلمىدى؟» دېدى، ئەگەر ئۇنىڭغا بىرەر پەرىشتە چۈشۈرگەن بولساق، ئەلۋەتتە (ئۇلارنى ھالاك قىلىش توغرۇلۇق) ھۆكۈم چىقىرىلغان بولاتتى، ئاندىن ئۇلارغا مۆھلەتمۇ بېرىلمەيتتى.

9-بىز پەيغەمبەرنى پەرىشتىدىن قىلغان تەقدىردىمۇ، ئەلۋەتتە، ئۇنى ئىنسان شەكلىدە قىلاتتۇق، ئۇلارنى ھازىر چۈشكەن شۈبھىگە يەنە چۈشۈرەتتۇق.

## تەپسىرى

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتلەردىمۇ مەخلۇقاتنى ئاللاھ تائالاغا تەڭ قىلىۋېلىپ، ئۇ نەرسىلەرنى ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرگەن مۇشرىكلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئەيىبلەشنى داۋاملاشتۇرغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەقىقەتنى قوبۇل قىلماسلىقتىن ئىبارەت ھاكاۋۇرلۇقى ئۈستىدە توختىلىدۇ.

مۇشرىكلارغا ئۆزلىرىنى يوقلۇقتىن ياراتقان، رىزىق بېرىپ پەرۋىش قىلىپ تۇرۇۋاتقان، ھەر نەرسىنىڭ ئەڭ ياخشىسىنى ئاتا قىلغان، يەر يۈزىگە خوجايىن قىلغان كەرەملىك رەببىنىڭ ئايەتلىرىدىن بىرەر ئايەت كەلسىلا، ئۇلار ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈيدۇ، ئۇنى قوبۇل قىلىشتىن ۋە ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىشتىن باش تارتىدۇ. ﴿مَا يَأۡتِيهِم مِّن ذِكۡرٖ مِّن رَّبِّهِم مُّحۡدَثٍ إِلَّا ٱسۡتَمَعُوهُ وَهُمۡ يَلۡعَبُونَ ۝٢ لَاهِيَةٗ قُلُوبُهُمۡۗ﴾ يەنى ﴿ئۇلارغا رەببى تەرىپىدىن يېڭى ۋەز-نەسىھەت يەتكۈزۈلسىلا، ئۇلار ئۇنىڭغا دىللىرى ئويۇن-تاماشاغا بېرىلگەن ۋە ئۇنى مەسخىرە قىلغان ھالدا قۇلاق سېلىشىدۇ﴾[1].

مۇشرىكلار ھېچ نەرسىگە تەپەككۇر ۋە ئىبرەت كۆزى بىلەن باقمايدۇ. بىرەر قېتىممۇ تەقلىدچىلىكتىن، جاھىلىيەتنىڭ مۇتەئەسسىپلىكىدىن ۋە ئاتا-بوۋىلىرىنى قارىغۇلارچە دوراشتىن يىراق تۇرۇپ، ئوبدان بىر ئويلىنىپ كۆرمەيدۇ. شۇڭا ئۇلارغا قانداقلا بىر ئايەت يەتكۈزۈلسە، دەرھال ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈيدۇ ۋە ئۇنى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان سېھىردۇر، دەيدۇ. ﴿وَقَالُواْ مَهۡمَا تَأۡتِنَا بِهِۦ مِنۡ ءَايَةٖ لِّتَسۡحَرَنَا بِهَا فَمَا نَحۡنُ لَكَ بِمُؤۡمِنِينَ﴾ يەنى ﴿ئۇلار: «سەن بىزنىڭ كۆزىمىزنى باغلاش ئۈچۈن ھەرقانداق مۆجىزە كەلتۈرسەڭمۇ بىز ساڭا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز» دېدى﴾[2].

ئۇلار شۇ سەۋەبتىن «قۇرئان كەرىم» دەۋەت قىلغان ھەق دىننى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن تەۋھىد ئەقىدىسىنى، ئۇ زات ئۆگەتكەن گۈزەل ئەخلاقنى ۋە ئۇلۇغۋار پەزىلەتلەرنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتتى. ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتىش ئۇلارنىڭ خاراكتېرىگە ئايلىنىپ قالغانلىقتىن، ئۇلار ھەق دەۋەتكە چاقىرىلغان ھامان ئۇنى دەرھال ئىنكار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىنكارچىلىقنىڭ ئاقىۋىتى ھەسرەت ۋە نادامەت بولدى. «قۇرئان كەرىم»نى ئىنكار قىلغۇچىلار بۇ قىلمىشىنىڭ جازاسىنى چوقۇم تارتىدۇ. ﴿وَحَاقَ بِهِم مَّا كَانُواْ بِهِۦ يَسۡتَهۡزِءُونَ﴾ يەنى ﴿ئۇلارنى ئۆزلىرى مەسخىرە قىلغان ئازاب قورشىۋالىدۇ﴾[3]. ئايەتتە ئاگاھلاندۇرۇلغان بويىچە، مۇشرىكلارنىڭ ھەقىقەتنى ئىنكار قىلغانلىقىنىڭ جازاسى ئۆز ۋاقتىدا ئۇلارنىڭ بەدرى غازىتىدا مەغلۇپ بولۇشى بىلەن ئەمەلگە ئاشقان ئىدى. ئاللاھ تائالانىڭ نۇسرىتى كېلىپ، كىشىلەر ھەق دىنغا تۈپ-تۈپ بولۇپ كىرىشكەن

[1] ئەنبىيا سۈرىسى: 2- 3-ئايەتلەر.
[2] ئەئراف سۈرىسى: 132- ئايەت.
[3] ھۇد سۈرىسى: 8- ئايەت.

ئىدى. بۇ ئىنكارنىڭ پەقەت مۇشۇ دۇنيادىكى جازاسىدۇر. ئەمما ئۇنىڭ ئاخىرەتتىكى جازاسى دوزاختا مەڭگۈ قېلىشتۇر.

ئەللامە فەخرۇددىن رازىي مۇنداق دېگەن: «مۇشرىكلارنىڭ كۇفرىلىقى ئۈچ خىل دەرىجىدە ئىدى: بىرىنچىسى، تەپەككۇر قىلىپ ئەقىل ئىشلىتىشتىن باش تارتىش، ئىككىنچىسى، ھەقىقەتنى رەت قىلىش، ئۈچىنچىسى، ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى بولغان ‹قۇرئان كەرىم›نى مەسخىرە قىلىش»[1].

ئۇ مۇشرىكلارنىڭ ھالى تولىمۇ ئەجەبلىنەرلىككى، ئۇلار ئۇزلىرىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئىنكارچى قەۋملەرنىڭ بېشىغا قانداق ئازاب- ئوقۇ- بەتلەرنىڭ كەلگەنلىكىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئىبرەتلىك ئاقىۋىتىنىڭ خەۋەرلىرىنى ئاڭلىمىدىمۇ؟ سىلەردىن بۇرۇن بىز سىلەرگە بېرىپ باقمىغان نېمەتلەرنى بېرىپ نېمەتلەندۇرگەن، سىلەرگە ئاتا قىلىنمىغان سەلتە-نەتلەرنى ئاتا قىلغان، سىلەرگە بېرىلمىگەن ئىمكانىيەتلەرنى بەرگەن قانچىلىغان قەۋملەرنى ئۇلارنىڭ ھەق دىنىنى ئىنكار قىلغانلىقى ۋە پەيغەمبەرگە قارشى تۇرغانلىقى سەۋەبلىك ھالاك قىلىۋەتمىدۇقمۇ؟ ئۇلارغا ئاسماندىن ئازاب ياغدۇردۇق. ئۇلار ئېرىشكەن سەلتەنەت ۋە بايلىق ئۇلارنى بۇ ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالالىدىمۇ؟ ﴿أَمْ يَقُولُونَ نَحْنُ جَمِيعٌ مُّنتَصِرٌ ۝٤٤ سَيُهْزَمُ ٱلْجَمْعُ وَيُوَلُّونَ ٱلدُّبُرَ﴾ يەنى ﴿ئۇلار «بىز غالىب كەلگۈچى جامائەمىز» دەۋاتامدۇ؟ بۇ جامائە يېقىندا مەغلۇپ قىلىنىدۇ ۋە ئارقىغا قاراپ قاچىدۇ﴾[2].

ئۇلار ئاد، سەمۇد، پىرئەۋن قەۋملىرىنىڭ ۋە لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ ئىبرەتلىك ئاقىۋەتلىرىنى بىلمەمدۇ؟ ﴿إِنَّ بَطْشَ رَبِّكَ لَشَدِيدٌ﴾ يەنى ﴿شەكسىزكى، رەببىڭنىڭ جازاسى ھەقىقەتەن قاتتىقتۇر﴾[3]. گەرچە ھازىرقى مۇسۇلمانلار ئېتىقاد جەھەتتە ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلمىسىمۇ، ئەمەل قىلىش جەھەتتە ئۇلارنىڭ كۆپ سانلىقى ئاللاھ تائالانىڭ كۆرسەتمىلىرىدىن باش تارتقانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ بېشىغىمۇ، ئىلگىرىكى ئىنكارچى ئۈممەتلەرنىڭ ياكى يەھۇدىيلارنىڭ بېشىغا كەلگەن مۇسىبەتلەرنىڭ ۋە ئازاب-ئوقۇبەتلەرنىڭ كېلىپ قېلىش قورقۇنچىسى بار. چۈنكى، بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئەزەلدىن جارى قىلدۇرۇپ كېلىۋاتقان قانۇنىيىتى بولۇپ، بۇ قانۇنىيەت ئۆزگەرمەيدۇ.

---

[1] «التفسير الكبير للرازي» 12-توم، 483-بەت.

[2] قەمەر سۈرىسى: 44- 45-ئايەتلەر.

[3] بۇرۇج سۈرىسى: 12- ئايەتلەر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇشرىك ئەرەبلەرنىڭ ھەق دىننى ئىنكار قىلغانلىقى ۋە ئۇنىڭغا قارشى چىققانلىقىدىن كۆپ بىئارام بولاتتى، بۇ سەۋەبلىك يۈرىكى سىقىلاتتى. ﴿فَلَعَلَّكَ تَارِكُۢ بَعۡضَ مَا يُوحَىٰٓ إِلَيۡكَ وَضَآئِقُۢ بِهِۦ صَدۡرُكَ أَن يَقُولُواْ لَوۡلَآ أُنزِلَ عَلَيۡهِ كَنزٌ أَوۡ جَآءَ مَعَهُۥ مَلَكٌۚ إِنَّمَآ أَنتَ نَذِيرٌۚ وَٱللَّهُ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ وَكِيلٌ﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر!) سەن ئۇلارنىڭ (يەنى مۇشرىكلارنىڭ): «نېمىشقا ئۇنىڭغا بىرەر خەزىنە چۈشۈرۈلمىدى؟ ياكى ئۇنىڭ بىلەن بىللە بىرەر پەرىشتە كەلمىدى؟» دېيىشقانلىقى ئۈچۈن، (بەلكىم) ساڭا نازىل بولغان ۋەھيىنىڭ بىر قىسمىنى يەتكۈزگۈڭ كەلمەيدىغاندۇ ۋە (بۇ سەۋەبتىن) يۈرىكىڭ سىقىلىدىغاندۇ. سەن پەقەتلا بىر ئاگاھلاندۇرغۇچىسەن، ئاللاھ ھەممە نەرسىگە ۋەكىلدۇر﴾[1].

ئى پەيغەمبەر! ئەگەر بىز ساڭا ئاسماندىن قەغەزگە يېزىلغان بىر كىتاب چۈشۈرگەن، ئۇ كىتابنى ئۇ كاپىرلار ئۆز قوللىرى بىلەن تۇتۇپ كۆرگەن ۋە سەن شۇ كىتاب ئارقىلىق ئۇلارنى دىنغا دەۋەت قىلغان تەقدىردىمۇ، ئۇلار ئۇنىڭغا ئىشەنمەيتتى، سېنىڭ دەۋىتىڭدىن باش تارتاتتى ۋە ئۇ كىتابنى سېھىر ياكى خىيال دەپ ئىنكار قىلاتتى.

كاپىرلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن ئىككى نەرسە تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالغان ئىدى: ئۇلارنىڭ بىرى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئاسماندىن بىر پەرىشتە چۈشۈپ دىنغا چاقىرىش ئىشلىرىدا ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولۇشى بولۇپ، ئۇلارنىڭ قارىشىچە پەيغەمبەرنىڭ ئىنساندىن بولغانلىقى دىننى يەتكۈزۈش ئۈچۈن يېتەرلىك ئەمەس دەپ قارايتتى. ﴿وَقَالُواْ مَالِ هَٰذَا ٱلرَّسُولِ يَأۡكُلُ ٱلطَّعَامَ وَيَمۡشِي فِي ٱلۡأَسۡوَاقِ لَوۡلَآ أُنزِلَ إِلَيۡهِ مَلَكٌ فَيَكُونَ مَعَهُۥ نَذِيرًا﴾ يەنى ﴿ئۇلار: «بۇ (بىزگە ئوخشاش) تاماق يەيدىغان، بازارلاردا مېڭىپ يۈرىدىغان قانداق پەيغەمبەر؟ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئاگاھلاندۇرغۇچى بولۇش ئۈچۈن، نېمىشقا ئۇنىڭغا بىرەر پەرىشتە چۈشۈرۈلمىدى؟» دېيىشتى﴾[2]. «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھۇد، ئىبراھىم سۈرىلىرىدە كاپىرلارنىڭ بۇ سۆزلىرى بايان قىلىنغان.

ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ بۇ تەلىپىگە رەددىيە بېرىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ تەلىپى بويىچە، ئاسماندىن پەرىشتە چۈشۈرۈلسە، ئۇلارنىڭ ئىشى تۈگىگەن بولاتتى ۋە ئۇلار ھېچ مۆھلەت بېرىلمەستىن دەرھال ھالاك قىلىنغان بولاتتى. چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ قانۇنىيىتى ئەزەلدىن شۇنداق

---

[1] ھۇد سۈرىسى: 12- ئايەت.

[2] فۇرقان سۈرىسى: 7- ئايەت.

داۋاملىشىپ كەلگەن بولۇپ، بىرەر قەۋم ئاللاھ تائالا چۈشۈرگەن مۆجىزىنى قوبۇل قىلماي باشقىسىنى تەلەپ قىلسا ۋە تەلەپ قىلغىنى بېرىلگەندىن كېيىنمۇ، يەنە ئىمان ئېيتمىسا، ئۇلارنى كېچىكتۈرمەستىن دەرھال ھالاك قىلىۋېتىش ئاللاھ تائالانىڭ قانۇنىيىتىدۇر.

ئۇلارنىڭ ئىككىنچى تەلىپى: ئاسماندىن بىر پەرىشتە چۈشۈپ دىنىنى ئۆزى بىۋاستە يەتكۈزۈشى ئىدى. يەنى پەيغەمبەر ئىنساندىن ئەمەس، بەلكى پەرىشتىدىن كېلىشى كېرەك ئىدى. ﴿فَقَالَ ٱلۡمَلَؤُاْ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ مِن قَوۡمِهِۦ مَا هَٰذَآ إِلَّا بَشَرٞ مِّثۡلُكُمۡ يُرِيدُ أَن يَتَفَضَّلَ عَلَيۡكُمۡ وَلَوۡ شَآءَ ٱللَّهُ لَأَنزَلَ مَلَٰٓئِكَةٗ مَّا سَمِعۡنَا بِهَٰذَا فِيٓ ءَابَآئِنَا ٱلۡأَوَّلِينَ﴾ يەنى ﴿ئۇنىڭ قەۋمى ئىچىدىكى كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغان كاتتىباشلار ئېيتتىكى: «بۇ پەقەت سىلەرگە ئوخشاش بىر ئىنساندۇر، ئۇ سىلەردىن ئۈستۈن بولۇۋالماقچى، ئەگەر ئاللاھ (پەيغەمبەر ئەۋەتىشنى) خالىسا ئىدى، ئەلۋەتتە، پەرىشتىلەرنى ئەۋەتكەن بولاتتى، بۇنداق سۆزنى بىز بۇرۇنقى ئاتا-بوۋىلىرىمىزدىن ئاڭلىغان ئەمەسمىز﴾[1]. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئۇلارنىڭ بۇ ئىككىنچى تەلىپىمۇ ھەقىقەتەن ھەددىدىن ئاشقان ھاكاۋۇرلۇق ۋە ئۇچىغا چىققان ئەخمەقلىق ئىدى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن ئىبارەت بۇ راستچىل پەيغەمبەر بۇ دىنىنىڭ پەيغەمبىرى بولۇشقا لايىق ئەمەس ئىدى. ئۇلار ئەگەر ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلىككە پەرىشتە ئەۋەتمەي، ئىنسان ئەۋەتىدىغان بولسا، ئۇنىڭغا «مۇھەممەدتىن بىز ھەقلىقمىز» دەيتتى. ﴿وَقَالُواْ لَوۡلَا نُزِّلَ هَٰذَا ٱلۡقُرۡءَانُ عَلَىٰ رَجُلٖ مِّنَ ٱلۡقَرۡيَتَيۡنِ عَظِيمٍ ۝٣١ أَهُمۡ يَقۡسِمُونَ رَحۡمَتَ رَبِّكَۚ نَحۡنُ قَسَمۡنَا بَيۡنَهُم مَّعِيشَتَهُمۡ فِي ٱلۡحَيَوٰةِ ٱلدُّنۡيَاۚ﴾ يەنى ﴿ئۇلار يەنە: «بۇ قۇرئان نېمىشقا (مەككە ۋە تائىف) ئىككى شەھەر ئەھلىدىن كاتتا بىر كىشىگە نازىل قىلىنمىدى؟» دېيىشتى. رەببىڭنىڭ رەھمىتىنى ئۇلار تەقسىم قىلامدىكەن؟ ئۇلارنىڭ دۇنيا ھاياتىدىكى رىزقىنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىز تەقسىم قىلدۇق﴾[2].

ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ بۇ تەلىپىگىمۇ رەددىيە بېرىدۇ. ئەگەر بىز پەيغەمبەرنى پەرىشتىدىن قىلغان بولساق، ئۇنى ئۇلار بىلەن ئۆزئارا چۈشىنىش ھاسىل قىلىشى ئۈچۈن، ئەلۋەتتە، ئىنسان سۈرىتىدە چۈشۈرگەن بولاتتۇق. ئەگەر پەرىشتە ئۇلارغا ئىنسان سۈرىتىدە چۈشسە، ئۇلار ھازىر چۈشكەن شۈبھىگە يەنە چۈشكەن بولاتتى. چۈنكى، ئۇ

---

[1] مۇئمىنۇن سۈرىسى: 24- ئايەت.

[2] زۇخرۇف سۈرىسى: 31-32- ئايەتلەر.

پەرىشتىمۇ ئۇلار بىلەن ئارىلىشاتتى ۋە ئۆزىنى خۇددى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرى دەپ ئېلان قىلاتتى. ئۇلار ئۇنىڭغا يەنە ئىشەنمەيتتى. چۈنكى، ئۇلار ئۇنى پەرىشتىلىك ھالىتىدە كۆرەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، «بۇ پەرىشتە ئەمەس، بەلكى ئىنسان» دەپ تۇرۇۋالاتتى. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئۆز ھېكمىتىگە ئاساسەن، پەيغەمبەرلىككە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى تاللىدى. چۈنكى، ئاللاھ تائالا كىمنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىشنى ئۆزى ئوبدان بىلىدۇ.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشنى خالىمايدىغانلارنىڭ باھانىسى كۆپ بولىدۇ. ئۇلارغا يېتەرلىك دەلىل-ئىسپاتلار تولۇق كەلسىمۇ، يەنىلا ئۇنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتىدۇ. چۈنكى، مۇنداقلارنىڭ مەقسىتى ھەقىقەتنى تېپىش ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭغا گەدەنكەشلىك قىلىشتۇر.

2. ئەگەر پەيغەمبەر ئىنساندىن كەلمەي پەرىشتىدىن كەلگەن بولسا ئىدى، ھەقىقەتكە ئەگىشىشنى خالىمايدىغانلار پەيغەمبەرگە: «بىز دېگەن ئىنسان، سىز بولسىڭىز پەرىشتە، شۇڭا سىزنىڭ قىلغانلىرىڭىزنى بىز قىلالمايمىز. چۈنكى، ئىككىمىز ئىككى قۇتۇپمىز» دېگەن بولاتتى. ئەگەر پەرىشتە ئىنسان سۈرىتىدە كېلىپ، ئۇلارنى دىنغا چاقىرسا، ھەقىقەتكە ئەگىشىشنى خالىمايدىغانلار خۇددى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە ئېيتقىنىدەك، «سەن بىزگە ئوخشاش بىر ئىنسان تۇرساڭ، قانداقلارچە بىز ئۆزىمىزگە ئوخشاش بىر ئىنسانغا ئىتائەت قىلىمىزكەن؟» دېگەن بولاتتى.

## ◄ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تەسەللى

﴿وَلَقَدِ ٱسْتُهْزِئَ بِرُسُلٍ مِّن قَبْلِكَ فَحَاقَ بِٱلَّذِينَ سَخِرُواْ مِنْهُم مَّا
كَانُواْ بِهِۦ يَسْتَهْزِءُونَ ﴿١٠﴾ قُلْ سِيرُواْ فِى ٱلْأَرْضِ ثُمَّ ٱنظُرُواْ كَيْفَ
كَانَ عَٰقِبَةُ ٱلْمُكَذِّبِينَ ﴿١١﴾﴾

## ◄ تەرجىمىسى

10-(ئى پەيغەمبەر!) سەندىن ئىلگىرى ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرمۇ ھەقىقەتەن

مەسخىرە قىلىنغان ئىدى. مەسخىرە قىلغانلارنى ئۆزلىرى كۆزگە ئىلمىغان ئازاب قورشىۋالدى.

11-(ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «يەر يۈزىنى كېزىڭلار، ئاندىن (پەيغەمبەرلەرنى) ئىنكار قىلغانلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىغا قاراپ بېقىڭلار».

### تەپسىرى

ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئۇنىڭ قەۋمىنى ئىمانغا دەۋەت قىلىش يولىدا چەككەن جاپا-مۇشەققەتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەزىيەتلىرى، مەسخىرىلىرى ئۈچۈن تەسەللى بېرىپ، ئىلگىرى ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرنىڭمۇ ئۆز قەۋملىرى تەرىپىدىن مەسخىرىلەرگە ۋە ئەزىيەتلەرگە ئۇچرىغانلىقىنى، كاپىرلارنىڭ ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىشى ۋە ياخشىلارنى مەسخىرە قىلىشى ئەزەلدىن بار ئەھۋال ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. ئى پەيغەمبەر! سېنىڭ قەۋمىڭ ئارىسىدىكى كاپىرلارنىڭ مەسخىرىلىرىگە، ئەزىيەتلىرىگە بىئارام بولمىغىن، ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتمىغانلىقىغا قاراپ غەمكىن بولمىغىن. چۈنكى، سەندىن ئىلگىرى ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرمۇ شۇنداق مەسخىرىلەرگە ۋە ئەزىيەتلەرگە ئۇچرىغان. بۇنداق قىلىش ھەر زامان كاپىرلىرىنىڭ ئورتاق ئادىتى بولۇپ، بۇ يېڭى ئەھۋال ئەمەس.

پەيغەمبەرلەرنى مەسخىرە قىلغان ۋە ئۇلارغا يامانلىق قىلغان قەۋملەرنىڭ ئەڭ ئىبرەتلىك ھالدا جازالانغانلىقى ۋە ئۇلارنى ئۆزلىرى مەسخىرە قىلغان ۋە ئىشەنمىگەن ئازابنىڭ تۇيۇقسىز قورشاپ ھالاك قىلىۋەتكەنلىكى بىر ئەمەلىيەتتۇر. ئاد، سەمۇد قەۋملىرىنىڭ ھالاكىتى بۇنىڭ مىسالى.

ئى پەيغەمبەر! سەۋر قىلغىن، سېنى مەسخىرە قىلغان ۋە سەن ئېلىپ كەلگەن دىننى ئىنكار قىلغان ئاشۇ كاپىرلارغا ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى بەرمەي قالمايدۇ. ئۇلار قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى تارتىشتىن ھەرگىز قۇتۇلالمايدۇ.

يۇقىرىقى ئايەتتە ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ياخشى كېلەچەك ئاللاھ تائالانى تونۇغان ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغان مۇئمىنلەرگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى، يامان ئاقىۋەت كاپىرلارغا ۋە ھەقىقەتنى مەسخىرە قىلغۇچىلارغا بولىدىغانلىقىنى ئۇچۇقلىغان. ﴿إِنَّا كَفَيۡنَٰكَ ٱلۡمُسۡتَهۡزِءِينَ﴾

يەنى ﴿سىنى مەسخىرە قىلغۇچىلارغا بىز چوقۇم تېتىيمىز﴾[1].

ئى پەيغەمبەر! ئەگەر ئۇ مۇشرىكلار سەن بايان قىلىپ بەرگەن قىسسىلەردىن شەكلەنسە، ئۇلارغا ئېيتقىنكى، يەر يۈزىنى كېزىڭلار، ھەر قايسى جايلارغا بېرىپ كۆرۈڭلار، بۇ ئارقىلىق سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئاد، سەمۇد، پىرئەۋن قەۋملىرىنىڭ ۋە لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ ئىبرەتلىك ئاقىۋەتلىرىنىڭ تارىخىي ئىزنالىرىنى كۆرۈپ پەند-نەسىھەت ئېلىڭلار.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىدىغان، توغرا يولغا دەۋەت قىلغۇچىنى مەسخىرە قىلىدىغان ھاكاۋۇرلار بۇ قىلمىشىنىڭ جازاسىنى چوقۇم تېتىيدۇ.

2. ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئىنسانلارغا ھەق دىننى يەتكۈزۈش ئۈچۈن كەلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز قەۋملىرى تەرىپىدىن مەسخىرىلەرگە ۋە ئەزىيەتلەرگە ئۇچرىغان، ھەتتا بۇ يولدا بەزىسى ئۆلتۈرۈلگەن. ئەمما ھەق يولدا تارتقان جاپالار، قىيىنچىلىقلار ھەرگىز مۇكاپاتسىز قالمايدۇ. ھەركىم قۇدرىتىنىڭ يېتىشىچە كىشىلەرنى توغرا يولغا يېتەكلەشكە مەسئۇلدۇر. بۇ يولدا قىيىنچىلىقلارغا ۋە گاھىدا كىشىلەرنىڭ مەسخىرىسىگە ئۇچرىغانلار پەيغەمبەرلەرنى ئۆزلىرىگە ئۈلگە قىلسا تەسەللى تاپىدۇ.

## ◄ ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكى ۋە ئاخىرەتنىڭ ھەقلىقى

﴿قُل لِّمَن مَّا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِۖ قُل لِّلَّهِۚ كَتَبَ عَلَىٰ نَفۡسِهِ ٱلرَّحۡمَةَۚ
لَيَجۡمَعَنَّكُمۡ إِلَىٰ يَوۡمِ ٱلۡقِيَٰمَةِ لَا رَيۡبَ فِيهِۚ ٱلَّذِينَ خَسِرُوٓاْ أَنفُسَهُمۡ
فَهُمۡ لَا يُؤۡمِنُونَ ١٢ ۞ وَلَهُۥ مَا سَكَنَ فِي ٱلَّيۡلِ وَٱلنَّهَارِۚ وَهُوَ
ٱلسَّمِيعُ ٱلۡعَلِيمُ ١٣ قُلۡ أَغَيۡرَ ٱللَّهِ أَتَّخِذُ وَلِيّٗا فَاطِرِ ٱلسَّمَٰوَٰتِ
وَٱلۡأَرۡضِ وَهُوَ يُطۡعِمُ وَلَا يُطۡعَمُۗ قُلۡ إِنِّيٓ أُمِرۡتُ أَنۡ أَكُونَ أَوَّلَ مَنۡ
أَسۡلَمَۖ وَلَا تَكُونَنَّ مِنَ ٱلۡمُشۡرِكِينَ ١٤ قُلۡ إِنِّيٓ أَخَافُ إِنۡ عَصَيۡتُ

[1] ھىجر سۈرىسى: 95- ئايەت.

رَبِّي عَذَابَ يَوۡمٍ عَظِيمٖ ١٥ مَّن يُصۡرَفۡ عَنۡهُ يَوۡمَئِذٖ فَقَدۡ رَحِمَهُۥۚ وَذَٰلِكَ ٱلۡفَوۡزُ ٱلۡمُبِينُ ١٦

## تەرجىمىسى

12ـ(ئى پەيغەمبەر! مۇشرىكلاردىن) سورىغىنكى، «ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى مەۋجۇدات كىمنىڭ؟» ئېيتقىنكى، «ئاللاھنىڭ». ئاللاھ رەھمەت قىلىشنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان. شەك بولمىغان قىيامەت كۈنى ئاللاھ سىلەرنى ئەلۋەتتە يىغىدۇ. (كۇفرىنى تاللاش بىلەن) ئۆزىگە ئۆزى زىيان سالغانلار ئىمان ئېيتمايدۇ.

13ـكېچە ۋە كۈندۈزدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭدۇر، ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

14ـ(ئى پەيغەمبەر! ئۇ مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى، «ئاسمانلارنى، زېمىننى يوقتىن بار قىلغۇچى ئاللاھ (ھەممىگە) رىزىق بېرىدىغان، ئۆزى رىزىققا موھتاج بولمايدىغان تۇرسا، مەن ئاللاھتىن باشقىسىنى مەدەتكار قىلىۋالامدىمەن؟». ئېيتقىنكى، «مەن (بۇ ئۈممەت ئىچىدە) مۇسۇلمان بولغانلارنىڭ تۇنجىسى بولۇشقا بۇيرۇلدۇم ۋە (ماڭا) «ھەرگىز مۇشرىكلاردىن بولمىغىن» (دەپ ئەمر قىلىندى).

15ـ(ئۇلارغا يەنە) ئېيتقىنكى، «ئەگەر مەن رەببىمگە ئاسىيلىق قىلسام، بۈيۈك (قىيامەت) كۈنىنىڭ ئازابىدىن ئەلۋەتتە قورقىمەن».

16ـئاشۇ كۈندە كىمكى ئازابتىن قۇتۇلىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھىم-شەپقەت قىلغان بولىدۇ. ئەنە شۇ ئوپئوچۇق نىجاتلىقتۇر.

## تەپسىرى

«قۇرئان كەرىم» بۇ يەردە ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىنى ۋە پۈتۈن كامالەتنىڭ ئۇنىڭغا خاس ئىكەنلىكىنى، قىيامەت كۈنىنى ۋە ئۇ كۈندە بولىدىغان ئىشلارنى كىشىلەرنى زېرىكتۈرۈپ قويمايدىغان ئەڭ ئېسىل ئۇسلۇب بىلەن بايان قىلغان. مانا بۇ «قۇرئان كەرىم»نىڭ گۈزەل بايان قىلىش ئۇسلۇبلىرىدىن بىرىدۇر.

ئى پەيغەمبەر! ئۇ مۇشرىكلاردىن سورىغىنكى، ئاسمانلاردىكى ۋە

زېمىندىكى مەۋجۇدات كىمنىڭ؟ بۇ كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى شەيئىلەر كىمنىڭ؟ يۇلتۇزلار بىلەن بېزەلگەن بۇ ئاسمان كىمنىڭ؟ ئاسماندا ئۈنچە-مارجانلاردەك پارقىراپ تۇرغان بۇ يۇلتۇزلار كىمنىڭ؟ بۇ پايانسىز زېمىن كىمنىڭ؟ زېمىندىكى تاغلار، دەريالار، دېڭىز-ئوكيانلار، ئىنسانلار، ھايۋانلار، ھاشارەتلەر، ئۇچارلىقلار، شۇنداقلا ئىنسانلار تېخى بىلىپ بولالمىغان ئالەملەر كىمنىڭ؟

ئۇلارغا ئۆزۈڭ جاۋاب بېرىپ ئېيتقىنكى، بۇلارنىڭ ھەممىسى مەۋجۇداتنى يوقتىن پەيدا قىلغان، ھاياتلىقنى ياراتقان، ھەممىنىڭ ئىگىسى بولغان، ھەممىنى پەرۋىش قىلىپ تۇرۇۋاتقان، رەھىم-شەپقەتلىك، كۈچ-قۇدرەتلىك، ئىلاھلىقتا ھېچ شېرىكى بولمىغان يېگانە ئاللاھ تائالانىڭدۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالادىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوقتۇر. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە ناھايىتى شەپقەتلىكتۇر، تولىمۇ مېھرىباندۇر.

ئاللاھ تائالا بۇ سوئالنى سوراش ۋە ئۇنىڭ جاۋابىنى بېرىشكە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى بۇيرۇغان. بۇ ھەقىقىي توغرا جاۋابتۇر. ئەقلى بار كىشى بۇنىڭغا ھەرگىز شەك كەلتۈرمەيدۇ. ﴿وَلَئِن سَأَلْتَهُم مَّنْ خَلَقَ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضَ لَيَقُولُنَّ اللَّهُ﴾ يەنى ﴿ئەگەر سەن ئۇلاردىن: «ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى كىم ياراتقان؟» دەپ سورىساڭ، ئۇلار ئەلۋەتتە «ئاللاھ» دەپ جاۋاب بېرىدۇ﴾[1]. مۇشرىكلار ھەممىنى ئاللاھ تائالانىڭ ياراتقانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ خاتا تەپەككۇرى سەۋەبلىك بۇتلار توغرۇلۇق ﴿مَا نَعْبُدُهُمْ إِلَّا لِيُقَرِّبُونَا إِلَى اللَّهِ زُلْفَىٰ﴾ يەنى ﴿بىز بۇلارغا پەقەت بىزنى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرسۇن دەپلا چوقۇنىمىز﴾[2] دەيدۇ. شۇڭا ئۇلار بۇتلارنى ئاللاھ تائالاغا ۋاستە قىلىۋالىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ باتىل ئېتىقادى ۋە چوقۇنغان نەرسىلىرى نېمە دېگەن يامان!

ئاللاھ تائالا ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆرنەكسىز ياراتتى. ئاسمان-زېمىن ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مەۋجۇداتنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭدۇر. بىز ئاللاھ تائالا ياراتقان مەۋجۇداتتىن پەقەت ئازغىنە نەرسىلەرنى بىلىمىز. بىزنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ مەخلۇقاتلىرى ھەققىدىكى بىلىمىمىز دېڭىزدىن بىر تامچىمۇ بولالمايدۇ. ئاللاھ تائالا مەرھەمەت يۈزىسىدىن بەندىلىرىگە رەھىم-شەپقەت قىلىشنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان. چۈنكى، ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە تولىمۇ مېھرىبان زاتتۇر. مەيدانغا

[1] لۇقمان سۈرىسى: 25- ئايەت.
[2] زۇمەر سۈرىسى: 3-ئايەت.

كېلىدىغانلىقىدا قىلچە شەك بولمىغان قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالا خالايىقنىڭ ھەممىنى ھېساب مەيدانىغا (مەھشەرگە) يىغىدۇ. بىز ئۇ كۈندە بارلىق ئەمەللىرىمىزنىڭ مۇكاپاتىنى ياكى جازاسىنى كۆرۈش ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىدا توپلىنىمىز. ﴿فَمَن يَعۡمَلۡ مِثۡقَالَ ذَرَّةٍ خَيۡرٗا يَرَهُۥ ۝٧ وَمَن يَعۡمَلۡ مِثۡقَالَ ذَرَّةٖ شَرّٗا يَرَهُۥ﴾ يەنى ﴿كىمكى زەررىچىلىك ياخشى ئىش قىلسا، ئۇ ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ. كىمكى زەررىچىلىك يامان ئىش قىلىدىكەن، ئۇ ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ﴾[1]. ﴿وَلِلَّهِ مَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِي ٱلۡأَرۡضِ لِيَجۡزِيَ ٱلَّذِينَ أَسَٰٓـُٔواْ بِمَا عَمِلُواْ وَيَجۡزِيَ ٱلَّذِينَ أَحۡسَنُواْ بِٱلۡحُسۡنَى﴾ يەنى ﴿ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەر ئاللاھنىڭدۇر، ئاللاھ (ئۇلارنى) يامان ئىش قىلغانلارنى قىلمىشلىرىغا قاراپ جازالاش، (تائەت-ئىبادەتلەرنى) مۇكەممەل قىلغانلارنى (مۇكاپاتلارنىڭ) ئەڭ ياخشىسى (بولغان جەننەت) بىلەن تارتۇقلاش ئۈچۈن (ياراتتى)﴾[2].

«ياخشى ئەمەللەرگە مۇكاپات، يامان ئەمەللەرگە جازا بېرىش ئىلاھىي قانۇنىيەتنىڭ ۋە مەرھەمەتنىڭ نامايەندىلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئىنسانلار قاچانكى بۇ قانۇنىيەتنى تونۇپ يېتىپ، ئۇنىڭغا كۆرە ئىش كۆرىدىغان بولىدىكەن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى يامانلىق قىلغۇچىلار يامانلىقتىن قول ئۈزىدۇ، ياخشىلىق قىلغۇچىلار تېخىمۇ ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرايدۇ. ياخشىلارنىڭ ياخشىلىقلىرىغا مۇكاپات بەرمەسلىك، يامانلىق قىلغۇچىلارنىڭ يامانلىقلىرىنىڭ جازاسىنى تېتىتماسلىق ئادىللىقنىڭ ۋە مەرھەمەتنىڭ ئىپادىسى ئەمەس. ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىنىڭ نامايەندىلىرىدىن يەنە بىرى، بىزنى ئۆزىنى تونۇشقا ھىدايەت قىلغانلىقى ۋە بىزگە ئۆزىنىڭ يەككە-يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىگە يېتەرلىك دەلىل-ئىسپاتلارنى ئاتا قىلغانلىقىدۇر»[3].

ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتى غەزىپىدىن ئېشىپ كېتىدۇ. ئاللاھ تائالا يەنە بىر ياخشىلىققا ئون ھەسسە، خالىغان بەندىسىگە ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ساۋاب بېرىدىغانلىقىغا ۋەدە قىلغان. ئەمما ئاللاھ تائالا يامانلىق قىلغۇچىلارغا «بىر يامانلىقنىڭ جازاسى بىردۇر» دېگەن قائىدە بويىچە جازا بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ﴿مَن جَآءَ بِٱلۡحَسَنَةِ فَلَهُۥ عَشۡرُ أَمۡثَالِهَاۖ وَمَن جَآءَ بِٱلسَّيِّئَةِ فَلَا يُجۡزَىٰٓ إِلَّا مِثۡلَهَا وَهُمۡ لَا يُظۡلَمُونَ﴾ يەنى ﴿كىمكى

[1] زەلزەلە سۈرىسى: 7- 8- ئايەتلەر.
[2] نەجم سۈرىسى: 31- ئايەت.
[3] التفسير الواضح» 1- توم، 593- بەت.

(دەرگاھىمىزغا) بىرەر ياخشىلىق بىلەن كەلسە، ئۇ ئۇنىڭ ئون ھەسسە ئارتۇق مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ، كىمكى بىرەر يامانلىق بىلەن كەلسە، ئۇ پەقەت شۇ يامانلىقىغا باراۋەرلا جازاغا ئۇچرايدۇ، ئۇلار زۇلۇمغا ئۇچرىمايدۇ﴾[1].

ئايەتتە، قىيامەت كۈنى توپلىنىدىغانلارنىڭ ئىچىدىن زىيان تارتقۇچىلار ئايرىم بايان قىلىنغان بولۇپ، ئۇلار يارىتىلغان چاغدىكى ئەسلى تەبىئىتى بۇزۇلغان، توغرا يولغا ھىدايەت تېپىشنى خالىمىغان، ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىنى، بىرلىكىنى ۋە چەكسىز قۇدرىتىنى نامايان قىلىپ تۇرۇۋاتقان كائىنات ئالامەتلىرى ئۈستىدە ئەقىل ئىشلىتىپ تەپەككۇر قىلىشتىن ئۆزلىرىنى مەھرۇم قىلغان، پەقەت تەقلىدچىلىك، يامان ئۆي-پىكىر ۋە ئۆزلىرىنىڭ باتىل ئېتىقادىدا چىڭ تۇرۇۋېلىشتىن ئىبارەت ئەخمەقلىقى ئۇلارنى توغرا پىكىر قىلىش، چۈشىنىش ۋە ھەقىقەتنى ئىزدەشتىن توسۇپ قويغان كىشىلەردۇر. چۈنكى، ئۇلاردا ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ خۇراپاتلىرىنى تاشلاپ، ئۇلارنى تەقلىد قىلىشتىن ۋاز كېچىپ، ھەقىقەتنى ئىزدەيدىغان، ئەقىل ۋە ئىلىمنىڭ تەلپىگە بويىچە ئىش قىلىدىغان ياخشى نىيەت، كەسكىن ئىرادە بولغان ئەمەس. شۇڭا ئۇلار زىيان تارتقۇچىلاردىن بولۇپ كەتكەن. ئۇلار قىيامەتكە ۋە ئۇنىڭدىكى جازا بىلەن مۇكاپاتقا ھەرگىز ئىشەنمەيدۇ.

ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسە، كېچىدە جىم تۇرۇپ، كۈندۈزى ھەرىكەت قىلىدىغان ۋە كۈندۈزى جىم تۇرۇپ، كېچىدە ھەرىكەت قىلىدىغان بارچە شەيئىلەر ئاللاھ تائالانىڭدۇر. ئاللاھ تائالا بۇلارنى باشقۇرۇش ۋە پەرۋىش قىلىش ئىشىدا يەككە-يېگانىدۇر.

«قۇرئان كەرىم» ئاسمانلار، زېمىن ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بارلىق شەيئىلەرنى، كېچە ۋە كۈندۈزدىكى ھەممە ۋاقىتلارنى بايان قىلىدۇ. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز ئىلىم-ھېكمەتكە، مۇتلەق ئىرادە ۋە خاھىشقا ئىگە ئىكەنلىكىگە ئىشارەتتۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ھەممە سۆزلەرنى، دۇئالارنى، مۇناجاتلارنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەرقانداق نىيەتنى ۋە قىلىنغان ئىشلارنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. مانا بۇلار ئاللاھ تائالادىن باشقا ئىبادەت قىلىنىشقا لايىق بولغان بىرىنىڭ يوقلۇقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئى پەيغەمبەر! مۇشرىكلارغا ئېيتقىنكى، مەن ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى يوقتىن ياراتقان، مەخلۇقاتقا رىزىق بېرىدىغان ۋە رىزىقلىنىشقا ئەسلا موھتاج بولمايدىغان ئۇلۇغ ئاللاھ تائالانى قويۇپ، مەخلۇقاتنى مەددەتكار

---

[1] ئەنئام سۈرىسى: 160- ئايەت.

قىلىۋالامدىمەن؟ ئۇلاردىن ياردەم تىلەمدىمەن؟ ئۇلار مېنى زىيان-زەخمەتتىن قوغدىيالامدۇ؟ ياكى ماڭا ياخشىلىق ئاتا قىلالامدۇ؟

بۇ سوئاللار ئاتالمىش ئەۋلىيالارنى، بۇتلارنى شاپائەتچى ۋە مەدەتكار قىلىۋېلىشنىڭ باتىل ئىكەنلىكىنى بايان قىلىش ۋە كاپىرلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئەيىبلەش ئۈچۈن سورالغان بولۇپ، ئىبادەت قىلىنغۇچى، مەدەت ۋە ياردەم سورالغۇچى پەقەت ئاللاھ تائالا ئىكەنلىكىنى ئۇچۇقلايدۇ. ئى نادانلار! سىلەر مېنى ئاللاھ تائالانى قويۇپ باشقىسىنى مەبۇد قىلىۋېلىشقا بۇيرۇماقچىمۇ؟ ئاللاھ تائالادىن باشقا بىرى ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقانمۇ؟ ئى نادانلار! بىلىڭلاركى، ئىبادەتنى ئاسمانلار بىلەن زېمىننى ئۈرنەكسىز ياراتقان، بۇلارنى يارىتىشتا ھېچكىمنىڭ ياردىمىگە موھتاج بولمىغان يېگانە ياراتقۇچى ئاللاھ تائالاغا خالىس قىلىش لازىم. بىزنىڭ شوئارىمىز: ﴿إِيَّاكَ نَعۡبُدُ وَإِيَّاكَ نَسۡتَعِينُ﴾ يەنى ﴿(ئى رەببىمىز!) ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا مەدەت تىلەيمىز﴾[1] دېگەندىن ئىبارەتتۇر. ئاللاھ تائالا ھەممىگە رىزىق بەرگۈچىدۇر، ئەمما ئۆزى رىزىقلىنىشقا موھتاج ئەمەس. ﴿مَآ أُرِيدُ مِنۡهُم مِّن رِّزۡقٖ وَمَآ أُرِيدُ أَن يُطۡعِمُونِ﴾ يەنى ﴿مەن ئۇلاردىن رىزىق تىلىمەيمەن ۋە ئۇلارنىڭ مېنى ئوزۇقلاندۇرۇشىنىمۇ خالىمايمەن﴾[2]. بۇ ئايەت ئاللاھ تائالانى قويۇپ، رىزىققا ۋە ئوزۇقلىنىشقا موھتاج بولىدىغان ئىنسانلارنى ئىگەم دەۋېلىشنىڭ ئوپئوچۇق زالالەت ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىدۇ.

ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، مەن كائىناتتىكى جىم تۇرغان، ھەرىكەت قىلغان شەيئىلەرنىڭ ھەممىسىنى ياراتقان، دۇئالارنى، مۇناجاتلارنى ۋە پۈتۈن ئاۋازلارنى ئاڭلاپ تۇرىدىغان، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھەممىنى بىلىپ تۇرىدىغان، ئاسمانلار بىلەن زېمىننى ئۈرنەكسىز ياراتقان، ھەممىگە رىزىق بەرگۈچى، ئۆزى رىزىققا موھتاج بولمايدىغان، مەخلۇقاتقا قەتئىي ئوخشىمايدىغان يېگانە ئاللاھ تائالاغا ئىمان كەلتۈرگەن مۇشۇ ئىسلام ئۈممىتى ئىچىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ تۇنجىسى بولۇشقا بۇيرۇلدۇم. مەن ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلسام ھېچكىم ھېچكىمگە ياردەم قىلالمايدىغان، ئىش پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە بولىدىغان قىيامەت كۈنىنىڭ ئازابىدىن قورقىمەن.

ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى پۈتۈن گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنغان بىر

---

[1] فاتىھە سۈرىسى: 5- ئايەت.

[2] زارىيات سۈرىسى: 57- ئايەت.

پەيغەمبەرنىڭ ھالى مۇنداق بولغان يەردە، بىزنىڭ ھالىمىز نېمە بولماقچى؟ ئى ئاللاھ تائالانى قويۇپ، ساختا ئىلاھلارغا چوقۇنغان ۋە ئۇلاردىن ياردەم سورىغان ئادەم بالىسى! سەن راستىنلا ئالدانغان ۋە بىچارە مەخلۇقسەن.

قىيامەت كۈنىنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلۇپ، جەننەتكە كىرگۈزۈلگەن ئادەم ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىگە ئېرىشكەن ۋە مۇرادىغا يەتكەن ئادەمدۇر. بۇ راستىنلا چوڭ ئۇتۇقتۇر. ﴿فَمَن زُحۡزِحَ عَنِ ٱلنَّارِ وَأُدۡخِلَ ٱلۡجَنَّةَ فَقَدۡ فَازَۗ﴾ يەنى ﴿كىمكى دوزاختىن يىراق قىلىنىپ، جەننەتكە كىرگۈزۈلسە، ئۇ مۇرادىغا يەتكەن بولىدۇ﴾[1].

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتى كەڭ ۋە پەزلى چوڭدۇر.

2. قىيامەت كۈنى دوزاختىن يىراق قىلىنىدىغان ۋە جەننەتكە كىرگۈزۈلىدىغان كىشىلەر مۇرادىغا يەتكەن بەختلىك كىشىلەردۇر.

3. كائىناتتىكى جىم تۇرغان ۋە ھەرىكەت قىلغان بارچە مەۋجۇدات ئاللاھ تائالانىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدا بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسىسىز قىل تەۋرىمەيدۇ.

4. ئاسمان، زېمىن ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بارچە مەخلۇقاتنىڭ ياراتقۇچىسى، پەرۋىشچىسى يالغۇز ئاللاھ تائالادۇر.

### ◄ ئىلاھىي قۇدرەتنىڭ كۆرۈنۈشلىرى ۋە ئاللاھنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا گۇۋاھلىقى

﴿وَإِن يَمۡسَسۡكَ ٱللَّهُ بِضُرّٖ فَلَا كَاشِفَ لَهُۥٓ إِلَّا هُوَۖ وَإِن يَمۡسَسۡكَ
بِخَيۡرٖ فَهُوَ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ قَدِيرٞ ١٧ وَهُوَ ٱلۡقَاهِرُ فَوۡقَ عِبَادِهِۦۚ وَهُوَ
ٱلۡحَكِيمُ ٱلۡخَبِيرُ ١٨ قُلۡ أَيُّ شَيۡءٍ أَكۡبَرُ شَهَٰدَةٗۖ قُلِ ٱللَّهُۖ شَهِيدُۢ بَيۡنِي
وَبَيۡنَكُمۡۚ وَأُوحِيَ إِلَيَّ هَٰذَا ٱلۡقُرۡءَانُ لِأُنذِرَكُم بِهِۦ وَمَنۢ بَلَغَۚ أَئِنَّكُمۡ
لَتَشۡهَدُونَ أَنَّ مَعَ ٱللَّهِ ءَالِهَةً أُخۡرَىٰۚ قُل لَّآ أَشۡهَدُۚ قُلۡ إِنَّمَا هُوَ إِلَٰهٞ
وَٰحِدٞ وَإِنَّنِي بَرِيٓءٞ مِّمَّا تُشۡرِكُونَ ١٩﴾

[1] ئال ئىمران سۈرىسى: 185- ئايەت.

## تەرجىمىسى

17-(ئى ئىنسان!) ئەگەر ئاللاھ ساڭا بىرەر كۈلپەت يەتكۈزسە، ئۇنى ئاللاھتىن باشقا كۆتۈرۈۋەتكۈچى يوقتۇر، ئەگەر ئاللاھ ساڭا بىرەر ياخشىلىق يەتكۈزسە (ئۇنى توسۇۋالغۇچى يوقتۇر). شەكسىزكى، ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر.

18-ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ ئۈستىدە تىزگىنلەپ تۇرغۇچىدۇر. ئۇ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر.

19-(ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «(مېنىڭ پەيغەمبەرلىكىمگە) قايسى نەرسە ئەڭ چوڭ گۇۋاھ؟» ئېيتقىنكى، «ئاللاھ مەن بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا گۇۋاھتۇر. بۇ قۇرئان ماڭا سىلەرنى ۋە قۇرئان يەتكەن كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇشۇم ئۈچۈن ۋەھيى قىلىندى. (ئى مۇشرىكلار!) سىلەر ئاللاھ بىلەن بىرلىكتە باشقا ئىلاھلارمۇ بار، دەپ چوقۇم گۇۋاھلىق بېرەلەمسىلەر؟» (ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «مەن (مۇنداق) گۇۋاھلىق بەرمەيمەن». ئېيتقىنكى، «ئۇ ھەقىقەتەن بىرلا ئىلاھتۇر، مەن سىلەر (ئاللاھقا) شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلەردىن ئەلۋەتتە ئادا-جۇدامەن».

## تەپسىرى

ئى ئىنسان! ئەگەر ئاللاھ تائالا ساڭا يوقسۇللۇق، ئاغرىق- سىلاق، خاتىرجەمسىزلىك ۋە مۇسىبەت قاتارلىق ئىنسانغا يېتىدىغان زىيان-زەخمەتلەردىن ۋە كۈلپەتلەردىن بىرەرسىنى يەتكۈزسە، شۈبھىسىزكى، ئۇنى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم كۆتۈرۈۋېتەلمەيدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ھەممىگە كۈچى يېتىدىغان، چەكسىز قۇدرەتلىك ئىلاھتۇر. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، مۇسۇلمان ئادەم ئېتىقاد، ئىبادەت، دۇئا ۋە ياردەم سوراش ئىشلىرىدا ئاللاھ تائالادىن باشقىسىغا قەتئىي يۈزلەنمەسلىكى لازىم. چۈنكى، كۈلپەتنى كۆتۈرۈۋېتىش ۋە پايدىنى كەلتۈرۈپ بېرىش پەقەتلا ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدىدۇر. چۈنكى، ئىنسان سەۋەب قىلىدۇ، ئەمما نەتىجە ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسى بىلەن قولغا كېلىدۇ. ئاللاھ تائالا بىرەر بەندىسىنى زىياندىن قۇتۇلدۇرماقچى بولسا، ئۇنى توغرا ۋە ساغلام ئىش قىلىشقا يېتەكلەيدۇ-دە ئۇ يوللۇق ۋە توغرا سەۋەبلەرنى قىلىش ئارقىلىق كۈلپەتلەردىن ۋە زىيان-زەخمەتلەردىن قۇتۇلۇپ چىقىدۇ. گاھىدا ئىنسان ھېچبىر سەۋەب قىلمىسىمۇ، ئاللاھ تائالا ئۆز پەزلى بىلەن ئۇنىڭدىن زىيان-زەخمەتنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ تائالا مەخلۇقاتنىڭ ئەڭ نازۇك ۋە ئەڭ مەخپىي تەرەپلىرىنىمۇ تولۇق بىلىپ تۇرىدۇ.

ئى ئىنسان! ئەگەر ئاللاھ تائالا ساڭا بالىلىق، تەن ساقلىق، ئامانلىق، خاتىرجەملىك قاتارلىق ياخشىلىقلاردىن قايسىبىرىنى ئاتا قىلىشنى خالىسا، ئۇنى ھېچكىم سەندىن توسۇۋالالمايدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ ئىشىغا ھېچكىم ئارىلىشالمايدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ تائالا ھەممىگە قادىردۇر، ھەممە ئىش ئۇنىڭ ئىلكىدىدۇر. ئايەتتە، پايدا بىلەن زىياننى، ياخشىلىق بىلەن كۆلپەتنى سېلىشتۇرۇشتىن مەقسەت ئىنسانىنىڭ بېشىغا كېلىدىغان كۆلپەتلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ زىيانلىق ئەمەسلىكىگە، بەلكى بەزى كۆلپەتلەردىمۇ ياخشىلىق بارلىقىغا ئىشارەت قىلىش ئۈچۈندۇر.

ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى ۋە تەڭداشسىز كۈچ-قۇۋۋىتىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ يېگانە پادىشاھلىقىنى، قەھر قىلغۇچى كۈچىنى ۋە ھەممە ئۇنىڭغا ئىلتىجا قىلىدىغان، ئۈمىد ۋە قورقۇنچ ئىچىدە ئۇنىڭغا يۈزلىنىدىغان مۇتلەق ھاكىمىيىتىنى بىلدۈرۈپ، ئۆزىنىڭ بەندىلىرىنىڭ ئۈستىدە قاھىر (تىزگىنلەپ تۇرغۇچى) ئىكەنلىكىنى جاكارلايدۇ. بۇ ئورۇندىكى «ئۈستىدە» دېگەن سۆز يەر- ماكانىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى ياكى ئېگىزلىكىنى ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرى ئۈستىدىكى قۇدرىتىنى ۋە مۇتلەق ھاكىمىيىتىنى ئىپادىلەيدۇ. ئايەتتىكى **«قاھىر»** دېگەن سۈپەت **«قادىر»** دېگەن سۈپەتتىن پەرقلىق بولۇپ، **«قادىر»** دېگەن سۈپەت ھەر ئىشقا كۈچى يېتىدىغان، مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا قەتئىي ئاجىز كەلمەيدىغان دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. **«قەھر»** دېگەن سۆز **«قۇدرەت»** دېگەن سۆزدە بولمىغان زىيادە مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇ بولسىمۇ، باشقىلارنى قىلماقچى بولغان ئىشىدىن توسۇشتۇر. چۈنكى، **«قاھىر»** دېگەن باشقىلارنى مەقسىتىگە يېتىشتىن توسۇپ قالغۇچى، ھەممىنى تىزگىنلەپ تۇرغۇچى دېگەنلىكتۇر. مانا بۇ، ھېكمەتلىك ئىش قىلىدىغان ۋە پۈتۈن مەخلۇقاتنىڭ ئەھۋالىنى تولۇق بىلىپ تۇرىدىغان ئاللاھ تائالاغا خاس سۈپەتتۇر.

مۇشرىكلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا «سېنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىڭگە كىم گۇۋاھ بولىدۇ؟» دەپ ئەزىيەت يەتكۈزەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا **﴿(ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «(مېنىڭ پەيغەمبەرلىكىمگە) قايسى نەرسە ئەڭ چوڭ گۇۋاھ؟»﴾** دېگەن ئايەتنى نازىل قىلىپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۇلارغا بۇ ئايەت ئارقىلىق سوئال قويۇشقا، ئاندىن يەنە ئۆزى جاۋاب بېرىپ: **﴿ئاللاھ مەن بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا گۇۋاھتۇر. بۇ قۇرئان ماڭا سىلەرنى ۋە قۇرئان يەتكەن كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇشۇم ئۈچۈن ۋەھيى قىلىندى﴾** دېيىشكە بۇيرۇش ئارقىلىق راستچىللىقىدا قىلچە شەك

بولمىغان، خاتالىق، يالغانچىلىق ۋە كەمچىلىكلەردىن تامامەن يىراق بولغان ئەڭ چوڭ گۇۋاھلىق-ئاللاھ تائالانىڭ گۇۋاھلىقى ئىكەنلىكىنى، بۇ «قۇرئان كەرىم»نىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئىنسانلارنى پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلىشنىڭ يامان ئاقىۋەتلىرىدىن ئاگاھلاندۇرۇشى ئۈچۈن نازىل قىلىنغانلىقىنى، ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى «قۇرئان كەرىم» يېتىپ بارغان جايلاردىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاگاھلاندۇ-رۇشقا بۇيرۇغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنى پۈتۈن دۇنيا خەلقىگە قارىتىلغان ئالەمشۇمۇل دىندۇر. ئاللاھ تائالانىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا گۇۋاھ بولغانلىقى «قۇرئان كەرىم»دە، ﴿مُّحَمَّدٌ رَّسُولُ ٱللَّهِۚ﴾ يەنى ﴿مۇھەممەد ئاللاھنىڭ ئەلچىسىدۇر﴾[1]، ﴿وَمَآ أَرۡسَلۡنَٰكَ إِلَّا مُبَشِّرٗا وَنَذِيرٗا﴾ يەنى ﴿بىز سېنى پەقەت خۇش خەۋەر بەرگۈچى، ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپلا ئەۋەتتۇق﴾[2] دېگەن ئايەتلەر ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن. بۇنىڭدىن باشقا كۆپلىگەن ئايەتلەردە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكى كەسكىن جاكارلانغان. مۇھەممەد ئەلەيھىسسا-لامنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىل-ئىسپاتلار ئىچىدە «قۇرئان كەرىم» ئەڭ كۈچلۈك دەلىلدۇر. ئۇنىڭدىن قالسا، بۇرۇنقى ساماۋى كىتابلاردىن «تەۋرات» ۋە «ئىنجىل» قاتارلىقلارنىڭ خەۋەرلىرىدۇر.

خۇلاسە كالام، ئاللاھ تائالانىڭ گۇۋاھلىقى ئەڭ كاتتا ۋە ئەڭ ئىشەنچلىك گۇۋاھلىقتۇر. بۇ گۇۋاھلىق «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئايەتلىرىدە، كائىناتتىكى ئاللاھ تائالانىڭ سەنئەتلىرىدە، ئاللاھ تائالا ئىنسانلاردا ياراتقان ئەقىل ۋە ۋىجداندىن ئىبارەت قىممەتلىك بايلىقلاردا نامايان بولۇپ تۇرماقتا.

ئاندىن ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىشكە ۋە ئۆزىنىڭ مۇشرىكلار چوقۇنغان نەرسىلەردىن تامامەن يىراق ئىكەنلىكىنى، ئۇ نەرسىلەر بىلەن ئۆزىنىڭ قىلچە ئالاقىسى يوقلۇقىنى جاكارلاشقا بۇيرۇيدۇ. ئاندىن مۇشرىكلارغا مۇنداق دېيىشكە بۇيرۇيدۇ: «ئى مۇشرىكلار! سىلەر ئاللاھ بىلەن بىرلىكتە يەنە باشقا ئىلاھلارمۇ بار، دەپ چوقۇم گۇۋاھلىق بېرەلەمسىلەر؟ ئەمما مەن ھەرگىز بۇنداق دەپ گۇۋاھلىق بەرمەيمەن. چۈنكى، ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھ تائالا بىرلا ھەقىقي

[1] فەتھ سۈرىسى: 29- ئايەت.
[2] ئىسرا سۈرىسى: 105- ئايەت.

ئىلاھتۇر. مەن سىلەر ئاللاھ تائالاغا شېرىك قىلغۇلغان بارلىق ساختا ئىلاھلاردىن ئەلۋەتتە يىراقمەن ۋە ئۇ نەرسىلەردىن بىزارمەن».

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ياخشىلىق ۋە يامانلىق پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسى بىلەنلا بولىدۇ. ئاللاھ تائالا ھەممىگە قادىردۇر.

2. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنىڭ ئۈستىدە تىزگىنلەپ تۇرغۇچىدۇر.

3. ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە گۇۋاھتۇر. ئاللاھ تائالانىڭ گۇۋاھلىقى ئەڭ ئىتىبارلىق ۋە ئەڭ چوڭ گۇۋاھلىقتۇر.

4. «قۇرئان كەرىم» كىشىلەرگە ۋەز-نەسىھەت قىلىش ئۈچۈن نازىل قىلىنغان ئىلاھىي كىتابتۇر.

### ◄ ھەقىقەتنى يوشۇرۇشنىڭ ۋە ئاللاھ نامىدىن يالغان ئېيتىشنىڭ گۇناھى

﴿ٱلَّذِينَ ءَاتَيۡنَٰهُمُ ٱلۡكِتَٰبَ يَعۡرِفُونَهُۥ كَمَا يَعۡرِفُونَ أَبۡنَآءَهُمُۘ ٱلَّذِينَ
خَسِرُوٓاْ أَنفُسَهُمۡ فَهُمۡ لَا يُؤۡمِنُونَ ﴿٢٠﴾ وَمَنۡ أَظۡلَمُ مِمَّنِ ٱفۡتَرَىٰ عَلَى
ٱللَّهِ كَذِبًا أَوۡ كَذَّبَ بِـَٔايَٰتِهِۦٓۚ إِنَّهُۥ لَا يُفۡلِحُ ٱلظَّٰلِمُونَ ﴿٢١﴾ وَيَوۡمَ
نَحۡشُرُهُمۡ جَمِيعًا ثُمَّ نَقُولُ لِلَّذِينَ أَشۡرَكُوٓاْ أَيۡنَ شُرَكَآؤُكُمُ ٱلَّذِينَ
كُنتُمۡ تَزۡعُمُونَ ﴿٢٢﴾ ثُمَّ لَمۡ تَكُن فِتۡنَتُهُمۡ إِلَّآ أَن قَالُواْ وَٱللَّهِ رَبِّنَا مَا
كُنَّا مُشۡرِكِينَ ﴿٢٣﴾ ٱنظُرۡ كَيۡفَ كَذَبُواْ عَلَىٰٓ أَنفُسِهِمۡۚ وَضَلَّ عَنۡهُم مَّا
كَانُواْ يَفۡتَرُونَ ﴿٢٤﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

20ـ بىز كىتاب بەرگەنلەر ئۇنى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى) خۇددى ئۆزىنىڭ ئوغۇللىرىنى تونۇغاندەك تونۇيدۇ. ئۆزىگە زىيان سالغۇچىلار ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتمايدۇ.

21ـ ئاللاھ نامىدىن يالغاننى توقۇغان ياكى ئۇنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلاردىنمۇ زالىم ئادەم بارمۇ؟ شەكسىزكى، زالىملار ھەرگىز نىجات تاپالمايدۇ.

22ـ(قىيامەت) كۈنى ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى يىغىمىز، ئاندىن مۇشرىكلارغا: «ئاللاھنىڭ شېرىكلىرى دەپ ئېتىقاد قىلغان مەبۇدلىرىڭلار قېنى»؟ دەيمىز.

23ـئاندىن ئۇلارنىڭ يالغان ئۆزرىسى پەقەت: «رەببىمىز ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمىزكى، بىز مۇشرىك بولمىغان ئىدۇق» دېيىشتىنلا ئىبارەت بولىدۇ.

24ـسەن ئۇلارنىڭ ئۆزىگە قارشى قانداق يالغان ئېيتقانلىقىغا قارىغىن[1]. ئۇلارنىڭ (ئاللاھنىڭ شېرىكلىرى دەپ) ئويدۇرۇپ چىققان نەرسىلىرى ئۇلاردىن قاچىدۇ.

## ◄ بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئۆز ۋاقتىدا قۇرەيش كاپىرلىرى يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىيانلاردىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ دىنى توغرۇلۇق سوراشقاندا، ئۇلارنىڭ موللىلىرى «تەۋرات» بىلەن «ئىنجىل» دا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىل-ئىسپات يوق، دەپ يالغان ئېيتقان. ئەمما ئۇلار ئىلگىرى قوللىرىدىكى «تەۋرات» بىلەن «ئىنجىل»نىڭ بېشارەتلىرىگە ئاساسلىنىپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ راستچىللىقىغا ۋە ئۇنىڭ دىنىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە گۇۋاھ بولۇشقان، ھەتتا ئەرەب مۇشرىكلىرىنى ئاخىر زامان پەيغەمبىرى كەلگەندە، ئۇنىڭ بىلەن بىرلىشىپ يوق قىلىدىغانلىقى ھەققىدە ئۇلارغا تەھدىت سالاتتى. ئايەتنىڭ ماۋزۇ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى مانا بۇ يەردىن كەلگەن.

يەنە بىر رىۋايەتتە، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەدىنىگە كەلگەندە، بۇ ھەققەتنى يەھۇدىيلارنىڭ كاتتا ئۆلىماسى ئابدۇللاھ ئىبنى سالامدىن سورىغاندا، ئۇ «ئى ئۆمەر! مەن مۇھەممەدنى دەسلەپ كۆرگىنىمدىلا ئۇنى خۇددى ئۆز ئوغلۇمنى تونۇغاندەك تونۇغان ئىدىم. ئۇنىڭ راستتىنلا ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن»[2] دېگەن.

## ◄ تەپسىرى

ئىلگىرى بىز «تەۋرات» ۋە «ئىنجىل» قاتارلىق ساماۋى كىتابلارنى ئاتا

[1] مۇشرىكلارنىڭ ئۆزىگە ئۆزى يالغان ئېيتقانلىقى ئۇلارنىڭ «بۇتلار بىزگە شاپائەت قىلىدۇ» دېگەن سۆزىدۇر. (تەپسىرى قۇرتۇبى، تەپسىرى جەزائىرى).

[2] «تفسير أبي السعود» 3ـتوم، 118ـبەت.

قىلغان يەھۇدىيلار بىلەن خىرىستىيانلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ۋە ئۇنىڭ ئاخىر زامان پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىنى خۇددى ئۆزىنىڭ ئوغۇللىرىنى تونۇغاندەك تونۇيتتى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ قولىدىكى ساماۋى كىتابلاردا ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرى بايان قىلىنغان بولۇپ، بۇ سۈپەتلەرنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدا تولۇق تېپىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى شەكسىز بىلەتتى. ئەمما ئۇلار خۇددى مۇشرىكلارغا ئوخشاشلا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىنكار قىلىشتى. مۇشرىكلار ھەقىقەتنى بىلمىگەنلىكتىن، ئىزدەنمىگەنلىكتىن ئىنكار قىلغان بولسا، ئەھلى كىتابنىڭ كاپىرلىرى ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ ئىنكار قىلىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئاخىرەتلىكىنى نابۇت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆزلىرىگە ئەڭ چوڭ زىيان سالغان بولدى. چۈنكى، ئۇلار ھىدايەتنى ئازغۇنلۇققا تېگىشتى، ئۇلاردا ئىمان ئېيتىشقا تۈرتكە بولغۇدەك بىرەر كۈچلۈك ئىستەك ياكى سەممىي نىيەت بولمىدى. ئۇلار پەيغەمبەرلىك زەنجىرىنىڭ ئىسرائىل ئەۋلادىدىن ئېلىنىپ ئەرەبلەرگە بېرىلگەنلىكىگە نارازىلىق بىلدۈرگەنلىكى ۋە ئەرەبلەرگە كەلگەن بۇ ئاملتكە ھەسەت قىلغانلىقى ئۈچۈنلا، ئوپئوچۇق ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۆزىنىڭ ئوغۇللىرىنى تونۇغاندەك تونۇپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇنى ئېتىراپ قىلمىدى. دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ چوڭ زىيان بارمۇ؟ ئەقلى بار ئىنسان قاراپ تۇرۇپ ئۆزىگە شۇنداق زىيان سالامدۇ؟

«بەھىرە»، «سائىبە»، «ۋەسىلە»، «ھام» قاتارلىق تۆگىلەرنى بۇتلارغا ئاتاپ قۇربانلىق قىلىشتىن ئىبارەت خۇراپاتنى ئويدۇرۇپ چىقارغانلار، «ئاللاھنىڭ باللىرى بار، پەرىشتىلەر ئاللاھنىڭ قىزلىرىدۇر» دېگۈچىلەر، «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنى، ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىگە ئىشارەت قىلىدىغان كائىنات ئالامەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلار ۋە ئاللاھ نامىدىن يالغاننى توقۇپ چىققانلار بىلىپ قالسۇنكى، ئۇلار دۇنيادا مۇرادىغا يېتەلمەيدۇ، قىيامەت كۈنى ھەرگىز نىجاتلىققا ئېرىشەلمەيدۇ.

قىيامەت كۈنى ئەھلى كىتابتىن بولغان كاپىرلارنىڭ ۋە مۇشرىكلارنىڭ ھەممىسىنى ھېساب مەيدانىغا يىغىمىز، ئاندىن مۇشرىكلارغا: «سىلەر دۇنيادىكى چېغىڭلاردا ئاللاھنىڭ شېرىكلىرى، دەپ چوقۇنغان شاپا-ئەتچىلىرىڭلار قېنى؟» دەيمىز.

بۇ سوئال مۇشرىكلارنى قىلمىشلىرىغا قاتتىق پۇشايمان قىلدۇرۇش ۋە

ھەسرەت چەكتۈرۈش ئۈچۈن سورىلىدۇ. ئۇلار ئاخىرەتتىمۇ يالغان ئېيتىپ: ﴿رەببىمىز ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمىزكى، بىز مۇشرىك بولمىغان ئىدۇق﴾ دەيدۇ. بۇلارنىڭ ھالىغا ئەجەبكى، ئۇلار قىيامەت كۈنى رەببىنىڭ ھۇزۇرىدىمۇ يالغان سۆزلەمدۇ؟ ياكى قاتتىق قورققانلىقتىن شۇنداق دەمدۇ؟ ئەمما شۇ ئېنىقكى، ئۇلار مەيلى ھەقىقەتنى ئېتىراپ قىلسۇن، ياكى ئۇنى ئىنكار قىلسۇن، بەربىر ئاللاھ تائالا ئۇنى بىلىدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئاللاھ تائالادىن ھېچبىر سۆزنى يوشۇرالمايدۇ.

ئى پەيغەمبەر! بۇ مۇشرىكلارنىڭ ئۆزىگە ئۆزى قانداق يالغان سۆزلىگەنلىكىگە، ئۆزىنى ئۆزى قانداق ئالدىغانلىقىغا قارىغىن. بۇ نېمىدېگەن قەبىھ يالغانچىلىق، نېمىدېگەن خارلىق ۋە نېمىدېگەن نومۇسسىزلىق-ھە ؟ ئۇلار ئويدۇرۇپ چىققان ئاتالمىش شاپائەتچىلەر بۇ كۈندە ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن غايىب بولىدۇ، ئۇلار بىرەر شاپائەتچىنىڭ شاپائىتىگە، بىرەر مەدەتكارنىڭ ياردىمىگە ئىنتايىن زور ئېھتىياجلىق بولغان ھالقىلىق پەيتتە بۇ ئاتالمىش شاپائەتچىلەر ئۇلارغا ياردەم بېرەلمەيدۇ، شاپائەت قىلالمايدۇ ۋە ئۇلاردىن قاچىدۇ.

مۇپەسسىرلەرنىڭ ﴿ٱنظُرۡ كَيۡفَ كَذَبُواْ عَلَىٰٓ أَنفُسِهِمۡۚ﴾ دېگەن ئايەتكە قىلغان تەپسىرى بىر خىل بولمىغان. ئەللامە ئىبنى جەرىر تەبەرىي ۋە ئەللامە ھۇسەيىن ئىبنى مەسئۇد بەغەۋىي بۇ ئايەتنى: «سەن مۇشرىكلارنىڭ ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا تۇرۇپمۇ قانداق يالغان ئېيتقانلىقىغا قارىغىن» دەپ تەپسىر قىلغان. ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىدا ئېيتقان يالغان سۆزى ﴿رەببىمىز ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمىزكى، بىز مۇشرىك بولمىغان ئىدۇق﴾ دېگەن سۆزىدۇر. چۈنكى، ئۇلار دۇنيادىكى چاغلىرىدا بۇتلارنى ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۇرگەن تۇرۇقلۇق، ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىغا بارغاندا، ئۆزىنىڭ بۇ قىلمىشىنى ئىنكار قىلىپ، «بىز مۇشرىك بولمىغان، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمىگەن ئىدۇق» دەيدۇ.

ئەللامە قۇرتۇبىي بۇ ئايەتنى «سەن مۇشرىكلارنىڭ ‹بۇتلارغا چوقۇنۇش بىزنى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرىدۇ› دېگەن يالغان سۆزىگە قارىغىن. ئۇلار شۇنداق گۇمان قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ بۇ گۇمانى خاتادۇر. ئۇلارنىڭ بۇ خاتالىقى ئۇلارغا ئۆزرە بولالمايدۇ ۋە ئۇلاردىن ‹يالغانچى› دېگەن ئىسمنى ئۆچۈرەلمەيدۇ»[1] دەپ تەپسىر قىلغان. چۈنكى، مۇشرىكلار ﴿مَا نَعۡبُدُهُمۡ إِلَّا لِيُقَرِّبُونَآ إِلَى ٱللَّهِ زُلۡفَىٰٓ﴾ يەنى ﴿بىز بۇلارغا پەقەت بىزنى ئاللاھقا

[1] «تفسير القرطبي» 6- توم، 402- بەت.

يېقىنلاشتۇرسۇن دەپلا چوقۇنىمىز﴾[1] دەپ، مەزكۇر بۇتلارغا چوقۇنۇش ئارقىلىق ئۆزىنى ئۆزى ئالدايتتى. ئەمەلىيەت ھەرگىز ئۇلار ئويلىغاندەك ئەمەس، چۈنكى بۇتلار ھەرگىز ئۇلارنى ئاللاھ تائالاغا يېقىن قىلالمايدۇ، ئەكسىچە، ئۇلارنى ئاللاھ تائالادىن تېخىمۇ يىراقلاشتۇرۇپ ئازدۇرۇۋېتىدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. يەھۇدىيلار بىلەن خىرىستىيانلارنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى ئۆلىمالىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۇنىڭ «تەۋرات» ۋە «ئىنجىل» لاردىكى سۈپەتلىرى ۋە بېشارەتلەر ئارقىلىق ئۆز پەرزەنتلىرىنى تونۇغاندەك تونۇيتتى. ھەتتا ئۇلار ئاخىر زامان پەيغەمبىرى كەلگەندە، مۇشرىكلارغا ئۇنىڭ بىلەن بىللە تاقابىل تۇرۇشنى ئارمان قىلاتتى ۋە مۇشرىكلارنى شۇنداق دەپ قورقۇتاتتى. ئەمما مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەرەب مىللىتىدىن كېلىۋىدى، ئۇلارنىڭ پىكرى دەرھال ئۆزگەردى. ئىسرائىل ئەۋلادىدىن كېلىدىغان زەنجىرسىمان پەيغەمبەرلىك نۆۋىتىنىڭ بۇ قېتىم ئەرەبلەردىن كەلگەنلىكىنى ئۇلار قوبۇل قىلالمىدى. شۇ سەۋەبتىن ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قارشى سەپتە تۇرۇشقا بەل باغلىدى. «تەۋرات» بىلەن «ئىنجىل» دىكى بېشارەتلەر بىلەن سۈپەتلەرنى بولسا ئىنكار قىلىشتى، شۇنداق قىلىپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئېتىراپ قىلىشمىدى.

2. بۇ دۇنيادىكى سوتلاردا ھەرخىل ھىيلە-مىكىرلەر بىلەن، يالغان گۇۋاھچىلارنى سېتىۋېلىش ئارقىلىق يالغان ئېيتىپ قانۇننىڭ جازاسىدىن قۇتۇلۇپ قالغۇچىلار ئاخىرەتتىمۇ ئاللاھ تائالانى ئالداپ، ئۇنىڭ جازاسىدىن قۇتۇلۇپ قېلىشنى خام خىيال قىلىشىدۇ. ئۇلار راستتىنلا ئەقىلسىزلەردۇر.

3. ئۆزىنىڭ باتىل ئەقىدىسى ۋە يامان قىلمىشلىرى بىلەن پەخىرلەنگۈچىلەرنىڭ ئاقىۋىتى ھەسرەت ۋە نادامەتتۇر.

### ◄ مۇشرىكلارنىڭ بەزى قىلمىشلىرى

﴿وَمِنْهُم مَّن يَسْتَمِعُ إِلَيْكَ ۖ وَجَعَلْنَا عَلَىٰ قُلُوبِهِمْ أَكِنَّةً أَن يَفْقَهُوهُ
وَفِيٓ ءَاذَانِهِمْ وَقْرًا ۚ وَإِن يَرَوْا كُلَّ ءَايَةٍ لَّا يُؤْمِنُوا بِهَا ۚ حَتَّىٰٓ إِذَا جَآءُوكَ

[1] زۇمەر سۈرىسى: 3- ئايەت.

يُجَٰدِلُونَكَ يَقُولُ ٱلَّذِينَ كَفَرُوٓاْ إِنْ هَٰذَآ إِلَّآ أَسَٰطِيرُ ٱلْأَوَّلِينَ ﴿٢٥﴾ وَهُمْ يَنْهَوْنَ عَنْهُ وَيَنْـَٔوْنَ عَنْهُۖ وَإِن يُهْلِكُونَ إِلَّآ أَنفُسَهُمْ وَمَا يَشْعُرُونَ ﴿٢٦﴾

## ◄ تەرجىمىسى

25-(ئى پەيغەمبەر!) ئۇلارنىڭ ئىچىدە سېنىڭ قىرائىتىڭگە قۇلاق سالىدىغانلار بار، ئۇنى چۈشەنمىسۇن، دەپ ئۇلارنىڭ دىللىرىنى پەردىلىدۇق، قۇلاقلىرىنى ئېغىر قىلدۇق. ئۇلار ھەممە مۆجىزىلەرنى كۆرگەن تەقدىردىمۇ ئۇنىڭغا ئىشەنمەيدۇ. ھەتتا ئۇ كاپىرلار سېنىڭ يېنىڭغا مۇنازىرىلىشىپ كەلگەندىمۇ، «بۇ (قۇرئان) بۇرۇنقىلارنىڭ ئەپسانىلىرىدىن باشقا نەرسە ئەمەس» دەيدۇ.

26-ئۇلار كىشىلەرنى ئۇنىڭدىن (قۇرئاندىن) توسىدۇ، ئۆزلىرىمۇ ئۇنىڭدىن يىراق قاچىدۇ. ئۇلار پەقەت ئۆزلىرىنىلا ھالاك قىلىدۇ. ھالبۇكى، ئۇلار (بۇنى) تۇيمايدۇ.

## ◄ نازىل بولۇش سەۋەبى

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، «بىركۈنى ئەبۇ سۇفيان، ۋەلىد، نەزر ئىبنى ھارىس، شەيبە، ئەبۇ جەھل قاتارلىق مۇشرىكلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇرئان تىلاۋىتىنى ئاڭلاش ئۈچۈن توپلىنىدۇ. ئۇلار (ئۆزلىرىنىڭ خەۋەرچىسى) نەزر ئىبنى ھارىسقا ‹ئى ئەبۇ قۇتەيلە! مۇھەممەد نېمە دەۋاتىدۇ؟› دەيدۇ. نەزر ئۇلارغا ‹ئۇ بىر نېملەرنى دەپ تىلىنى مىدىرلىتىۋاتىدۇ. ئۇ خۇددى مەن سىلەرگە ھېكايە قىلىپ بەرگەندەك بۇرۇنقىلارنىڭ ئەپسانىلىرىنى سۆزلەيدۇ› دەيدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئەبۇ سۇفيان ‹مەن ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى بىلىمەن› دەيدۇ. ئەبۇ جەھل بۇنىڭغا غەزەپلىنىپ ‹ياق! ئۇنداق ئەمەس› دەيدۇ. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۇ ئايەتلەر نازىل بولىدۇ»[1].

## ◄ تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! ئاشۇ كاپىرلارنىڭ بەزىسى سەن «قۇرئان كەرىم»

[1] «أسباب النزول للواحدي» 156-بەت.

ئايەتلىرىنى تىلاۋەت قىلىۋاتقان چاغلىرىڭدا، يالغاندىن سېنىڭ قىرا-ئىتىڭگە قۇلاق سېلىپ، خۇددى قىرائىتىڭنى ئاڭلاۋاتقاندەك قىلىپ ئولتۇرۇشىدۇ. ئەمما ئۇلار ئەسلىدە قىرائىتىڭگە قۇلاق سالمايدۇ، ئۇنى سەمىمىيەت بىلەن ئاڭلاپ بېقىشنىمۇ خالىمايدۇ، پەقەت ئۆزلىرىنى شۇنداق قىلىپ كۆرسىتىۋاتىدۇ. شۇڭا بىز ئۇلارنى قىلمىشلىرى سەۋەبلىك بۇ مۇبارەك ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى بىلمىسۇن ۋە چۈشەنمىسۇن دەپ، ئۇلارنىڭ دىللىرىنى پەردىلىۋەتتۇق، قۇلاقلىرىنى ئېغىر قىلىۋەتتۇق. بۇ ئايەتلەر ئۇلارنىڭ «قۇرئان كەرىم»گە ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قارشى مەۋقەسىنى بايان قىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ «قۇرئان كەرىم»گە ھەرگىزمۇ سەمىمىيلىك بىلەن يېقىنلاشمايدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭدىن مۇمكىنقەدەر ئۆزلىرىنى قاچۇرىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى، ئۇلار «قۇرئان كەرىم»نى «بۇرۇنقىلارنىڭ ئەپسانىلىرى»، «سېھىر» ۋە «شېئىر»، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى بولسا «سېھىرگەر» ۋە «شائىر» دەپ تۆھمەت قىلاتتى. ﴿كَبُرَتْ كَلِمَةً تَخْرُجُ مِنْ أَفْوَاهِهِمْ إِن يَقُولُونَ إِلَّا كَذِبًا﴾ يەنى ﴿ئۇلارنىڭ ئېغىزىدىن چىققان سۆز نېمىدېگەن چوڭ (كۇفرىلىق)! ئۇلار پەقەت يالغاننىلا ئېيتىدۇ﴾[1]. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئەھۋالى، ئۆسۈپ يېتىلگەن مۇھىتى، شۆھرەت ۋە مەنسەپكە بولغان ھېرىسمەنلىكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان ئۆچمەنلىكى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ دىللىرىنى، قۇلاقلىرىنى ۋە كۆزلىرىنى ئاللاھ تائالانىڭ كالامىنى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك سۆزلىرىنى چۈشىنىپ قوبۇل قىلىشتىن توسۇپ تۇرىدىغان قېلىن پەردىلەرنىڭ ئورنىدىدۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن «قۇرئان كەرىم» ئۇلار توغرۇلۇق ﴿ئۇلار ھەممە مۆجىزىلەرنى كۆرگەن تەقدىردىمۇ ئۇنىڭغا ئىشەنمەيدۇ﴾ دېگەن. ئۇلار پۈتۈن ئايەتلەرنى ۋە مۆجىزىلەرنى ئىنكار قىلغان كاپىرلاردۇر. بۇ ئۇلاردىكى تەقلىدچىلىك ئىللىتىنىڭ ئۇلارنى توغرا تەپەككۇر قىلىپ ساغلام چۈشىنىشتىن توسۇپ قويغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ قىلمىشى سەۋەبلىك ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنىڭ دىللىرىنى ياخشىلىقتىن بۇرۇۋەتكەنلىكىدىن ئىدى. بۇ ئاللاھ تائالا شۇنداق بېكىتىۋەتكەن قانۇنىيەت بولۇپ، بۇ قانۇنىيەت ئۆزگەرمەيدۇ.

ئى پەيغەمبەر! بۇ كاپىرلار سېنىڭ يېنىڭغا مۇنازىرىلىشىش ئۈچۈن كەلگەن چاغلىرىدا «قۇرئان كەرىم»گە ئويئوچۇق تۆھمەت قىلىپ ﴿بۇ

[1] كەھف سۈرىسى 5- ئايەت.

(قۇرئان) بۇرۇنقىلارنىڭ ئەپسانىلىرىدىن باشقا نەرسە ئەمەس﴾ دەيدۇ.
ئۇلار بۇ سۆزىدە «قۇرئان كەرىم»نى ھەقىقەت ئەمەس دېيىش بىلەنلا
كۇپايە قىلماستىن، ئازغۇنلۇقتا تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ، ئۇنى «بۇرۇنقىلارنىڭ
ئەپسانىلىرى» دەپ ئەڭ تۆۋەن سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىدى. ئۇلار «قۇرئان
كەرىم»نى ھېچكىم ئاڭلىمىسۇن دەپ، ئىنسانلارنى ئۇنىڭ تىلاۋىتىنى
ئاڭلاشتىن، ۋەز-نەسىھەتنى قوبۇل قىلىشتىن ۋە ئاللاھ تائالانىڭ يولىدىن
توسۇش ئۈچۈن قولىدىن كەلگەننىڭ ھەممىسىنى قىلدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ
«قۇرئان كەرىم»دىن نەپرەتلىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىش ۋە باشقىلارنىمۇ
ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈتۈش ئۈچۈن ئەنە شۇنداق كەلسە-كەلمەس تۆھمەتلەرنى
ئويدۇرۇپ چىقاردى. ئەمەلىيەتتە، ئۇلار مۇنداق قىلىش ئارقىلىق «قۇرئان
كەرىم»گە ياكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ،
پەقەت ئۆزلىرىنىڭ ئورىسىنى كولايدۇ، خالاس. ئەمما ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ
ھالاكىتىنى ئۆز قوللىرى بىلەن تەييارلاۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشمايدۇ ۋە
تۇيمايدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئىنسانلار تۇغۇلغان ۋاقتىدىكى ساپ ھالىتىنى ساقلاپ قالالايدىغان بولسا، ئۇلار چوقۇم ھەق گەپلەرنى ئاڭلىيالايدۇ، چۈشىنەلەيدۇ ۋە پىكىر يۈرگۈزۈپ ھەق يولنى تاللىيالايدۇ. ئەمما ئەسلىدىكى ھالىتىنى يوقاتقانلار ساغلام تەپەككۇر قىلىدىغان ئەقلىنىمۇ، ھەقىقەتكە قۇلاق سېلىش ۋە كۆرۈش ئىقتىدارىنىمۇ بىراقلا يوقاتقانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار ھەقىقەتنى بىلەلمەيدۇ، كۆرەلمەيدۇ، ئاڭلىيالمايدۇ.

2. كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغان باغلىغانلارغا قانچىلىك چوڭ مۆجىزىلەر كەلسىمۇ، ئۇلار بەربىر ئىمان ئېيتمايدۇ.

3. كىشىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ يولىدىن توسقۇچىلار ئۆزلىرىنى ئاخىرەتنىڭ قاتتىق ئازابىغا تۇتقۇچىلاردۇر.

### ◄ مۇشرىكلارنىڭ قىيامەتتىكى ئەھۋالى

﴿وَلَوۡ تَرَىٰٓ إِذۡ وُقِفُواْ عَلَى ٱلنَّارِ فَقَالُواْ يَٰلَيۡتَنَا نُرَدُّ وَلَا نُكَذِّبَ
بِـَٔايَٰتِ رَبِّنَا وَنَكُونَ مِنَ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ ٢٧ بَلۡ بَدَا لَهُم مَّا كَانُواْ يُخۡفُونَ
مِن قَبۡلُۖ وَلَوۡ رُدُّواْ لَعَادُواْ لِمَا نُهُواْ عَنۡهُ وَإِنَّهُمۡ لَكَٰذِبُونَ ٢٨ وَقَالُوٓاْ

إِنۡ هِيَ إِلَّا حَيَاتُنَا ٱلدُّنۡيَا وَمَا نَحۡنُ بِمَبۡعُوثِينَ ﴿٢٩﴾ وَلَوۡ تَرَىٰٓ إِذۡ وُقِفُواْ
عَلَىٰ رَبِّهِمۡۚ قَالَ أَلَيۡسَ هَٰذَا بِٱلۡحَقِّۚ قَالُواْ بَلَىٰ وَرَبِّنَاۚ قَالَ فَذُوقُواْ
ٱلۡعَذَابَ بِمَا كُنتُمۡ تَكۡفُرُونَ ﴿٣٠﴾ قَدۡ خَسِرَ ٱلَّذِينَ كَذَّبُواْ بِلِقَآءِ ٱللَّهِۖ
حَتَّىٰٓ إِذَا جَآءَتۡهُمُ ٱلسَّاعَةُ بَغۡتَةً قَالُواْ يَٰحَسۡرَتَنَا عَلَىٰ مَا فَرَّطۡنَا فِيهَا
وَهُمۡ يَحۡمِلُونَ أَوۡزَارَهُمۡ عَلَىٰ ظُهُورِهِمۡۚ أَلَا سَآءَ مَا يَزِرُونَ ﴿٣١﴾ وَمَا
ٱلۡحَيَوٰةُ ٱلدُّنۡيَآ إِلَّا لَعِبٞ وَلَهۡوٞۖ وَلَلدَّارُ ٱلۡأٓخِرَةُ خَيۡرٞ لِّلَّذِينَ يَتَّقُونَۚ
أَفَلَا تَعۡقِلُونَ ﴿٣٢﴾

### ◄ تەرجىمىسى

27ـ(ئى پەيغەمبەر!) ئەگەر سەن ئۇلارنى دوزاخنىڭ ئۈستىدە توختىتىلغان، ئۇلار: «كاشكى دۇنياغا قايتۇرۇلغان بولساق ئىدۇق، رەببىمىزنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلمايتتۇق ۋە مۇئمىنلەردىن بولاتتۇق» دەپ كېتىدىغان چاغدا كۆرگەن بولساڭ (دەھشەتلىك بىر ھالەتنى كۆرگەن بولاتتىڭ).

28ـئۇنداق ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئىلگىرى يوشۇرغان قىلمىشلىرى ئۆزىگە ئاشكارا كۆرۈندى. (شۇڭا ئۇلار شۇنداق دەيدۇ). ئۇلار (دۇنياغا) قايتۇرۇلغان تەقدىردىمۇ مەنئى قىلىنغان ئىشلارنى ئەلۋەتتە يەنە قىلاتتى. شەكسىزكى، ئۇلار ئەلۋەتتە يالغانچىلاردۇر.

29ـئۇلار: «ھاياتلىق پەقەت مۇشۇ دۇنيادىكى ھاياتىمىزدۇر، بىز (ئۆلگەندىن كېيىن) تىرىلدۈرۈلمەيمىز» دېگەن ئىدى.

30ـئۇلارنى رەببىنىڭ ئالدىدا توختىتىلغان چاغدا بىر كۆرسەڭ (ئاجايىپ قورقۇنچلۇق ھالەتنى كۆرگەن بولاتتىڭ). ئاللاھ ئۇلارغا: «بۇ (تىرىلىش) راست ئەمەسمىكەن؟» دەيدۇ. ئۇلار: «رەببىمىزنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، راست ئىكەن» دەيدۇ. ئاللاھ: «ئۇنداقتا، كاپىر بولغانلىقىڭلار ئۈچۈن ئازابنى تېتىڭلار» دەيدۇ.

31ـئاللاھنىڭ ئالدىغا بارىدىغانلىقىنى ئىنكار قىلغانلار ھەقىقەتەن زىيان تارتتى. قىيامەت تۇيۇقسىز كەلگەن چاغدا، ئۇلار گۇناھلىرىنى ئۈستىگە يۈكلىۋالغان ھالدا: «ئۇ دۇنيادىكى بىپەرۋالىقىمىز سەۋەبلىك كەتكۈزۈپ قويغانلىقىمىزغا ئىسىت!» دەپ قالىدۇ. ئۇلارنىڭ يۈكلىۋالغىنى نېمىدېگەن

يامان!

32ـ دۇنيا ھاياتى پەقەت ئويۇن ـ تاماشا ۋە غەپلەتتىنلا ئىبارەت، تەقۋادارلار ئۈچۈن ئاخىرەت يۇرتى ئەلۋەتتە ياخشىدۇر، (بۇنى) چۈشەنمەمسىلەر؟

### ◄ تەپسىرى

مۇشرىكلارنىڭ ئىشى ھەقىقەتەن ئەجەبلىنەرلىكتۇر. ئى پەيغەمبەر! سەن ئۇلارنى بۇ دۇنيادا «قۇرئان كەرىم»نى ۋە پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلىدىغان، پەيغەمبەرنى ۋە ئۇنىڭ دىنىنى مەسخىرە قىلىدىغان، ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمەيدىغان ھەم بۇ ئىنكارچىلىقى بىلەن پەخىرلىنىدىغان ھالدا كۆرىسەن. ئەگەر سەن ئۇلارنى جەھەننەمنىڭ ئۈستىدە توختىتىلغان چاغدا كۆرسەڭ، ئۇلارنىڭ جەھەننەمنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرگەن، پەيغەمبەرنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىنىڭ ھەقىقەتەن راست ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلگەن ۋە دوزاخقا كىرگەن ۋاقتىدىكى ھالىتىنى كۆرسەڭ، سۆز بىلەن سۈپەتلەش مۇمكىن بولمايدىغان دەھشەتلىك بىر ئەھۋالنى كۆرگەن بولاتتىڭ. ئۇلار دوزاخنىڭ ئۈستىدە توختىتىلغان ۋە ئۆزلىرىنىڭ چوقۇم دوزاخقا تاشلىنىدىغانلىقى قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىسىدىكى بىر ئىش بولۇپ قالغان چاغدا، «كاشكى دۇنياغا قايتۇرۇلغان بولساق ئىدۇق، مۇشۇ دوزاخنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە ھەرگىزمۇ ئىنكار قىلمىغان، قىيامەت كۈنى بولىدىغان بارلىق ھەقىقەتلەرگە ئىشەنگەن، رەببىمىزنىڭ ئايەتلىرىدىن ھېچبىرىنى ئىنكار قىلمايدىغان، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ۋە بارچە ئايەتلىرىنى ئېتىراپ قىلىدىغان مۇئمىنلەردىن بولاتتۇق» دېگەنلىكىنىڭ نېمىگە پايدىسى بولسۇن! ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار بۇ ئارزۇلىرىدىمۇ راستچىل ئەمەس. چۈنكى، ئۇلار دۇنياغا قايتۇرۇلغان تەقدىردىمۇ، يەنىلا كۇفرىنى، ئىنكارنى ۋە دۈشمەنلىكنى داۋاملاشتۇر-غۇچىلاردۇر. ئۇلار شۇنداق بىر قەۋمكى، كۇفرىلىق ۋە ئىنكارچىلىق ئۇلارنىڭ تەبىئىتىگە سىڭىپ كەتكەن. شۇڭا ئۇلار دۇنياغا قايتۇرۇلغان تەقدىردىمۇ، يەنىلا بۇرۇنقىدەكلا ﴿ھاياتلىق پەقەت مۇشۇ دۇنيادىكى ھاياتىمىزدۇر، بىز (ئۆلگەندىن كېيىن) تىرىلدۈرۈلمەيمىز﴾ دېگەن بولاتتى. ئاخىرەت ھاياتىغا ئىشەنمەيدىغان ماتېرىيالىزمچى قەۋم ئەنە شۇنداقتۇر. ئۇلاردىن ھەرگىز ياخشىلىق كۈتۈلمەيدۇ.

ئى پەيغەمبەر! ئەگەر سەن ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغان بۇ مۇشرىكلارنىڭ رەببى تەرىپىدىن ھېسابقا تارتىلىشى ۋە رەببىنىڭ ئۇلارغا خالىغان ھۆكۈمنى چىقىرىشى ئۈچۈن پەرىشتىلەرنىڭ قولىدا

تۇتۇپ تۇرۇلغان ۋاقىتتىكى ئەھۋالىنى بىر كۆرسەڭ، ئاجايىپ قورقۇنچلۇق ئەھۋالنى كۆرگەن بولاتتىڭ. ﴿يَوْمَ لَا تَمْلِكُ نَفْسٌ لِّنَفْسٍ شَيْـًٔا ۖ وَٱلْأَمْرُ يَوْمَئِذٍ لِّلَّهِ﴾ يەنى ﴿ئۇ ھېچقانداق بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمگە قىلچە ياردەم بېرەلمەيدىغان كۈندۇر، ئۇ كۈندە ھۆكۈم قىلىش تامامەن ئاللاھقا خاستۇر﴾[1].

ئى پەيغەمبەر! ئۇ مۇشرىكلارنىڭ ھېساب مەيدانىغا توپلىنىش ئالدىدىكى ھالىنى بىر كۆرسەڭ، ئۇلارنىڭ تەقى-تۇرقىنىڭ نەقەدەر سەتلىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرەتتىڭ. ئۇلارنىڭ سۆزلەر بىلەن چۈشەندۇر-گىلى بولمايدىغان ۋە سۈپەتلەپ بەرگىلى بولمايدىغان دەرىجىدىكى ئاجايىپ ئەھۋالىنى كۆرسەڭ، ئەلۋەتتە چۆچۈپ كەتكەن بولاتتىڭ. شۇ چاغدا ئاللاھ تائالا ئۇلارغا ئازابنى تازا تېتىتقان ھالدا مۇنداق دەيدۇ: ﴿بۇ (تىرىلىش) راست ئەمەسمىكەن؟﴾ ئۇلار رەببىگە جاۋاب بېرىپ: ﴿رەببىمىزنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، راست ئىكەن﴾ دەيدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئاللاھ تائالا ئۇلارغا يەنە مۇنداق دەيدۇ: سىلەر تارتىۋاتقان مۇشۇ ئازابلار دۇنيادا سىلەرنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلىپ كاپىر بولغانلىقىڭلارنىڭ سەۋەبىدىن بولدى. بۈگۈن ئايەتلىرىمىزنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە قىلغان ئىقرارىڭلارنىڭ سىلەرگە ھېچقانداق پايدىسى بولمايدۇ. چۈنكى، رەببىنىڭ ھۇزۇرىغا چىقىپ ھېساب بېرىشنى، ياخشىلارنىڭ مۇكاپاتقا ئېرىشى-دىغانلىقىنى، يامانلارنىڭ جازاسىنى تارتىدىغانلىقىنى ئىنكار قىلغانلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر. توغرا، ئۇلار پەقەت ئاخىرەتنىڭ نېمەتلىرىدىن، مۇكاپاتلىرىدىن ۋە جەننەتتىنلا ئەمەس، بەلكى ئىمانىنىڭ بۇ دۇنيادىكى ھۇزۇر-ھالاۋىتىدىن ۋە لەززىتىدىن، شۇنداقلا ئاللاھ تائالانىڭ مەرھەمىتىدىن مەھرۇم قالغان بەختسىزلەردۇر. بۇ زىيانلارنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ ئاخىرەت ھاياتىنى ئىنكار قىلغانلىقى سەۋەبىدىن ئىدى. ئاخىرەت ھاياتىنى ئىنكار قىلغۇچىلار ئىنساني روھتىن تامامەن مەھرۇم ھايۋانلارغا ئوخشايدۇ. بەلكى ئۇلار ھايۋانلاردىنمۇ بەتتەر ئازغۇنلاردۇر. چۈنكى، ھايۋان دېگەندە ئەقىل ۋە ۋىجدان بولمايدۇ. ئەمما ئادەم ئەقىل ۋە ۋىجدانغا ئىگە بولغان تۇرۇقلۇق ھايۋانلىشىپ كەتكەندە، ئۇ ھايۋانلاردىنمۇ بەتتەر بولۇپ كېتىدۇ، ئەلۋەتتە.

ئاخىرەتنى ئىنكار قىلغانلار چوقۇم زىيانغا ئۇچرىغۇچىلاردۇر. ئۇلارغا تۇيۇقسىز ئۆلۈم كەلگەندە، ئۇلار: ۋاي ھەسرەت! ۋاي نادامەت! ۋاي ئىسىت!

---

[1] ئىنفىتار سۈرىسى 19- ئايەت.

دۇنيادا ئىمان ئېيتىش پۇرسىتىنى قاچۇرۇپ قويغىنىمىزغا ئىسىت! ئەمدى قانداقمۇ قىلارمىز؟ چۈنكى بىز دۇنيادىكى ۋاقتىمىزدا ئاخىرەتتىن ئىبارەت ئىككىنچى بىر ھاياتلىقنىڭ بارلىقىنى ئىنكار قىلغان ئىكەنمىز، دەيدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىغا چىقىرىلىشنى يالغان دېگەنلەر ھەقىقەتەن زىيان تارتقۇچىلاردۇر. قىيامەت تۇيۇقسىز كەلگەندە، ئۇلار گۇناھ ئۈستىگە گۇناھ يۈكلەنگەن يەنە باشقا گۇناھلىرىمۇ زىممىسىگە يۈكلەنگەن ھالدا قوپىدۇ. بۇ گۇناھلارنى ئۇلار ئۆز ئەزالىرى بىلەن سادىر قىلغان بولۇپ، بۇ ئەزالار ئۇلارغا قارشى گۇۋاھلىق بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەن گۇناھلىرى نېمىدېگەن يامان!

كاپىرلار «بۇنىڭدىن باشقا ھاياتلىق يوقتۇر» دەپ مەغرۇرلانغان دۇنيا ھاياتى خۇددى ئويۇن-تاماشاغا ئوخشاشلا ئۆتكۈنچى ھاياتتۇر، ئۇ بىر ئالدىنىشتۇر، ئۇنىڭ ئۆمرى قىسقا، پايدىسى ئازدۇر. بۇ ھاياتنى ياشىغانلار ئاز-تولا راھەت كۆرۈش بىلەن بىرگە كۆپلىگەن قىيىنچىلىقلارنى تارتىدۇ. ئاللاھ تائالا بەلەد سۈرىسىدە: ﴿لَقَدْ خَلَقْنَا ٱلْإِنسَـٰنَ فِى كَبَدٍ﴾ يەنى ﴿بىز ئىنسانىنى ھەقىقەتەن جاپا-مۇشەققەت ئىچىگە ياراتتۇق﴾[1] دەيدۇ. ئەمما ئاخىرەت ھاياتى مەڭگۈلۈك ھايات بولۇپ، جەننەت ئەھلىگە ئۇنىڭ نېمەتلىرى ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ. ئۇنىڭدا مۇشەققەت تارتىش، غەم-ئەندىشە قىلىش ۋە ھارغىنلىق دېگەندەك نەرسىلەر يوق. ئاللاھ تائالا ھىجر سۈرىسىدە دەيدۇكى: ﴿وَنَزَعْنَا مَا فِى صُدُورِهِم مِّنْ غِلٍّ إِخْوَٰنًا عَلَىٰ سُرُرٍ مُّتَقَـٰبِلِينَ (٤٧) لَا يَمَسُّهُمْ فِيهَا نَصَبٌ وَمَا هُم مِّنْهَا بِمُخْرَجِينَ﴾ يەنى ﴿ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى دۈشمەنلىكنى چىقىرىپ تاشلايمىز، ئۇلار ئۆزئارا قېرىنداش بولغان ھالدا تەختلەر ئۈستىدە بىر-بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرىدۇ. جەننەتتە ئۇلارغا چارچاش بولمايدۇ، ئۇلار جەننەتتىن ئەسلا چىقىرىۋېتىلمەيدۇ﴾[2].

## مۇھىم نۇقتىلىرى

1. كاپىرلارنىڭ ئاخىرەتتە ئازابنى كۆرگەندىن كېيىنكى پۇشايمانلىرى پايدىسىزدۇر. بۇ دۇنيا ئاخىرەتنىڭ ئېكىنزارلىقى بولۇپ، ئەمەل-ئىبادەتنىڭ، تەۋبىنىڭ ۋە پۇشايماننىڭ ۋاقتى مۇشۇ دۇنيادىدۇر. جان ھەلقۇمغا كېلىشى بىلەن تەۋبىنىڭ ۋە پۇشايماننىڭ دەرۋازىسى يېپىلغان بولىدۇ. ئاخىرەتتە دوزاخ ئوتىنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرگەندىن

---

[1] بەلەد سۈرىسى: 4-ئايەت.

[2] ھىجر سۈرىسى: 47- 48- ئايەتلەر.

كېيىن قىلمىشىغا پۇشايمان قىلغانلار ئەگەر دۇنياغا قايتا ئەۋەتىلگەن تەقدىردىمۇ ئۆزلىرىنىڭ كاپىرلىقىنى داۋاملاشتۇرىدىغان ۋە گۇناھتىن يانمايدىغان مەخلۇقلاردۇر.

2. بۇ دۇنيا ھاياتى ئۆتكۈنچى ھايات بولۇپ، ھېچكىمگە ۋاپا قىلمايدۇ. ئەمما ئاخىرەت ھاياتىدا ئۆلۈم يوقتۇر. ئۇ مەڭگۈلۈك ھاياتتۇر. ئاخىرەتنىڭ بۇ مەڭگۈلۈك نېمەتلىرى ئاللاھ تائالاغا، ئۇنىڭ دىنىغا، پەيغەمبەرلىرىگە، كىتابلىرىغا، پەرىشتىلىرىگە، قىيامەت كۈنىگە ۋە ياخشىلىق-يامانلىق، پايدا- زىيان ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدىغانلىقىغا ئىمان كەلتۈرگەن ۋە شۇ ئىمانىنىڭ تەلىپى بويىچە ياخشى ئەمەللەرنى قىلىپ ئۆتكەن تەقۋادارلارغا خاستۇر.

## ◄ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەسەللى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ كائىناتتىكى قانۇنىيىتى

﴿قَدْ نَعْلَمُ إِنَّهُۥ لَيَحْزُنُكَ ٱلَّذِى يَقُولُونَ ۖ فَإِنَّهُمْ لَا يُكَذِّبُونَكَ
وَلَـٰكِنَّ ٱلظَّـٰلِمِينَ بِـَٔايَـٰتِ ٱللَّهِ يَجْحَدُونَ ﴿٣٣﴾ وَلَقَدْ كُذِّبَتْ رُسُلٌ
مِّن قَبْلِكَ فَصَبَرُوا۟ عَلَىٰ مَا كُذِّبُوا۟ وَأُوذُوا۟ حَتَّىٰٓ أَتَىٰهُمْ نَصْرُنَا ۚ وَلَا
مُبَدِّلَ لِكَلِمَـٰتِ ٱللَّهِ ۚ وَلَقَدْ جَآءَكَ مِن نَّبَإِى۟ ٱلْمُرْسَلِينَ ﴿٣٤﴾ وَإِن كَانَ
كَبُرَ عَلَيْكَ إِعْرَاضُهُمْ فَإِنِ ٱسْتَطَعْتَ أَن تَبْتَغِىَ نَفَقًا فِى ٱلْأَرْضِ أَوْ
سُلَّمًا فِى ٱلسَّمَآءِ فَتَأْتِيَهُم بِـَٔايَةٍ ۚ وَلَوْ شَآءَ ٱللَّهُ لَجَمَعَهُمْ عَلَى ٱلْهُدَىٰ ۚ
فَلَا تَكُونَنَّ مِنَ ٱلْجَـٰهِلِينَ ﴿٣٥﴾ ۞ إِنَّمَا يَسْتَجِيبُ ٱلَّذِينَ يَسْمَعُونَ ۘ
وَٱلْمَوْتَىٰ يَبْعَثُهُمُ ٱللَّهُ ثُمَّ إِلَيْهِ يُرْجَعُونَ ﴿٣٦﴾ وَقَالُوا۟ لَوْلَا نُزِّلَ عَلَيْهِ
ءَايَةٌ مِّن رَّبِّهِۦ ۚ قُلْ إِنَّ ٱللَّهَ قَادِرٌ عَلَىٰٓ أَن يُنَزِّلَ ءَايَةً وَلَـٰكِنَّ
أَكْثَرَهُمْ لَا يَعْلَمُونَ ﴿٣٧﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

33-(ئى پەيغەمبەر!) ئۇلارنىڭ سۆزى سېنى قايغۇغا سالىدىغانلىقىنى بىز ئوبدان بىلىمىز. (ئەسلىدە) ئۇلار سېنى يالغانچى دېمەيدۇ، لېكىن بۇ زالىملار

ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلىدۇ.

34ـ سەندىن ئىلگىرى ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرمۇ يالغانغا چىقىرىلغان ئىدى. ئۇلار بۇ تۆھمەتلەرگە ۋە ئۆزىگە يەتكەن ئەزىيەتلەرگە سەۋر قىلدى، ئاخىر ئۇلار بىزنىڭ ياردىمىمىزگە ئېرىشتى، ئاللاھنىڭ سۆزلىرىنى (يەنى قانۇنلىرىنى) ھېچكىم ئۆزگەرتەلمەيدۇ. شەكسىزكى، پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرىنىڭ بىر قىسمى ساڭا يەتكۈزۈلدى.

35ـ ئۇلارنىڭ (ئىسلامدىن) يۈز ئۆرۈگەنلىكى ساڭا ئېغىر كەلگەن بولسا، قولۇڭدىن كەلسە، يەر ئاستىغا كىرىشكە يول ياكى ئاسمانغا چىقىشقا شوتا تېپىپ ئۇلارغا بىرەر مۆجىزە كەلتۈرەلىسەڭ (كەلتۈرگىن)، ئەگەر ئاللاھ خالىسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇلارنى ھىدايەت ئۈستىدە بىرلەشتۈرەتتى. شۇڭا سەن ھەرگىز نادانلاردىن بولمىغىن.

36ـ سېنىڭ سۆزۈڭگە (سەمىمىيلىك بىلەن) قۇلاق سالىدىغانلار (دەۋىتىڭنى) قوبۇل قىلىدۇ. ئۆلۈكلەرگە كەلسەك، ئۇلارنى ئاللاھ تىرىلدۈرىدۇ، ئاندىن ئۇلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىدۇ.

37ـ ئۇلار: «نېمىشقا ئۇنىڭغا رەببىدىن (بىز تەلەپ قىلغاندەك) بىرەر مۆجىزە چۈشۈرۈلمىدى؟» دەيدۇ، ئېيتقىنكى، «ئاللاھ مۆجىزە چۈشۈرۈشكە ئەلۋەتتە قادىردۇر». لېكىن ئۇلارنىڭ تولىسى (چۈشۈرۈلمىگەنلىكىنىڭ ھېكمىتىنى) بىلمەيدۇ.

## ◄ بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئاللاھ تائالا ئالدىنقى ئايەتلەردە كاپىرلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ۋە ئۇلارغا بېرىلگەن جازانى بايان قىلغاندىن كېيىن، بۇ ئايەتلەردە، ئۇلارنىڭ كۇفرىلىقىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان تەسىرىنى بايان قىلىدۇ ۋە ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ باشلىرىغا كەلگەنلەرنى بايان قىلىش ئارقىلىق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەسەللى بېرىدۇ.

ئەللامە ئىبنى جەرىر تەبەريي بايان قىلىدۇكى، بىر كۈنى ئەخنەس ئىبنى شۇرەيق ئەبۇ جەھلنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا: «ئى ئەبۇلھەكەم! ھازىر يېنىمىزدا ئىككىمىزدىن باشقا ھېچكىم يوق. سېنىڭ سۆزۈڭنى مەندىن باشقا ھېچكىم ئاڭلىيالمايدۇ. ئېيتقىنە، مۇھەممەد راستچىلمۇ ياكى يالغانچىمۇ؟» دەيدۇ. ئەبۇ جەھل ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ: «ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مۇھەممەد ھەقىقەتەن راستچىلدۇر. ئۇ قەتئىي يالغان ئېيتقان ئەمەس. لېكىن قۇسەي ئوغۇللىرى تۇغنى ۋە ياخشى

ئىشلارغا باشلامچىلىق قىلىش، كىشىلەرنى ئۆيۈشتۈرۈش ۋە مەككىگە كەلگەنلەرگە تائام بېرىش قاتارلىق پەزىلەتلىرى بىلەن پەيغەمبەرلىكىنى ئېلىۋالسا، قۇرەيشكە نېمە قالىدۇ؟»[1] دەيدۇ.

## ◄ تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! بۇ كاپىرلارنىڭ ساڭا قارشى قىلمىشلىرى، سېنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىڭنى ئىنكار قىلىشى، ئەرەبلەرنى سېنىڭ دەۋىتىڭدىن توسۇش ئۈچۈن توقۇپ چىققان يالغانلىرى ۋە ھەر تۈرلۈك تۆھمەتلىرى ئەلۋەتتە سېنى قايغۇغا سالىدىغانلىقىنى بىز ئوبدان بىلىپ تۇرۇۋاتىمىز. بۇ سەۋەبلىك سېنىڭ پاك كۆڭلۈڭ ئازابلىنىۋاتىدۇ، يۈرىكىڭ سىقىلىۋاتىدۇ. چۈنكى، سەن ئازغۇنلۇق بىلەن جاھالەتنىڭ پاتقاقلىرىغا چۆكۈپ كەتكەن تۇغقانلىرىڭنى، قەۋم-قېرىنداشلىرىڭنى ھىدايەتكە ۋە نىجاتلىققا دەۋەت قىلىۋاتقان بولساڭمۇ، ئۇلار سېنىڭ سۆزۈڭنى تىڭشىماي‌ۋاتىدۇ، دەۋىتىڭگە قۇلاق سالمايۋاتىدۇ. بولدى قىلغىن، سەن ئۇلارغا ھەسرەتلەنمىگىن، غەمكىن بولمىغىن، بۇ ئىشقا يۈرىكىڭ سىقىلمىسۇن. شۈبھىسىزكى، ئۇلار سېنى يالغانچى دېمەيدۇ. چۈنكى، سەن ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئىشەنچلىك ۋە ئەڭ راستچىل كىشىسەن. ئۇلار سەندىن بىرەر يالغان سۆز ئاڭلاپ باقمىدى. ئۇلارمۇ بۇنىڭغا ئىقراردۇر. ئەمما بۇ زالىملار ئۆزلىرىنىڭ ھاكاۋۇرلۇقىدىن ھەقىقەتنى قوبۇل قىلمايۋاتىدۇ. ئۇلارنى شۇنداق قىلىشقا ئىتتىرگەن نەرسە ھەسەتخورلۇق، ئەخمەقلىق ۋە مۇتەئەسسىپلىكتۇر. قارىمامسەن، ئەبۇ جەھىل «بىز سېنى يالغانچى دېگىنىمىز يوق. پەقەت سەن ئېلىپ كەلگەن دىنىنى ئىنكار قىلىۋاتىمىز» دەيدۇ.

ھەقىقەتەن ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى يالغانچى دېمەيتتى. چۈنكى، ئۇلار ئۇنىڭدىن بىر ئېغىزمۇ يالغان سۆز ئاڭلاپ باقمىغان. ئەمما بۇ كاپىرلارنىڭ بەزىسى ئىسلام دىنىدىكى ئاخىرەت ھاياتىنى ۋە ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشكە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس، دېگەن ئازغۇن چۈشەنچىلىرى سەۋەبلىك، ئاخىرەتنى ئىنكار قىلاتتى.

ئى پەيغەمبەر! سەن ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشلىرىغا قايغۇرمىغىن، سەۋر قىلغىن، سەندىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ باشلىرىغا كەلگەن

---

[1] «تفسير الطبري» 11-توم، 333-بەت.

ئېغىرچىلىقلارنى ئەسلىگىن. ئۇلارنىمۇ ئۆز قەۋمى ئىنكار قىلغان ئىدى. بۇنداق قىلىش ھەر زامان كاپىرلىرىنىڭ ئومۇمىي ئادىتى بولۇپ، ئۇلارنىڭ بۇ ئىنكارچىلىقى داۋاملىشىدۇ. سەندىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى، خۇسۇسەن ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى (نۇھ، ئىبراھىم، مۇسا، ئىيسا قاتارلىق) ئىرادىلىك پەيغەمبەرلەرمۇ قەۋملىرى تەرىپىدىن كۆپ ئەزىيەتلەرنى چەككەن ۋە پەيغەمبەرلىكلىرى يالغانغا چىقىرىلغان ئىدى. لېكىن ئۇلار ئۆز قەۋمىنىڭ ئەزىيەتلىرىگە سەۋر قىلدى. ئاخىردا ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمىگە سازاۋەر بولدى. ﴿أَمۡ حَسِبۡتُمۡ أَن تَدۡخُلُواْ ٱلۡجَنَّةَ وَلَمَّا يَأۡتِكُم مَّثَلُ ٱلَّذِينَ خَلَوۡاْ مِن قَبۡلِكُمۖ مَّسَّتۡهُمُ ٱلۡبَأۡسَآءُ وَٱلضَّرَّآءُ وَزُلۡزِلُواْ حَتَّىٰ يَقُولَ ٱلرَّسُولُ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ مَعَهُۥ مَتَىٰ نَصۡرُ ٱللَّهِۗ أَلَآ إِنَّ نَصۡرَ ٱللَّهِ قَرِيبٞ﴾ يەنى ﴿(ئى ئىمان ئېيتقانلار!) سىلەر تېخى ئىلگىرىكى (مۇئمىنلەر)نىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەتلەر سىلەرنىڭمۇ بېشىڭلارغا كەلمەي تۇرۇپ جەننەتكە كىرىشنى ئويلامسىلەر؟ ئۇلارنىڭ بېشىغا شۇنداق قاتتىق يوقسۇللۇق ۋە ئاغرىق - سىلاق كەلگەن ۋە شۇنداق ساراسىمىگە چۈشۈرۈلگەنكى، ھەتتا پەيغەمبەر بىلەن مۇئمىنلەر: «ئاللاھنىڭ ياردىمى قاچانمۇ كېلەر؟» دەپ كەتكەن ئىدى. بىلىڭلاركى، ئاللاھنىڭ ياردىمى ھەقىقەتەن يېقىندۇر﴾[1].

ئى پەيغەمبەر! بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلار ۋە ئۇلارغا ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەر ھەققىدە بېكىتكەن قانۇنى بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ قانۇنى ئۆزگەرمەيدۇ. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، سەن ئىرادىلىك پەيغەمبەرلەر چىدامىلىق بولغاندەك چىدامىلىق بولغىن، ئۇلار سەۋر قىلغاندەك سەۋر قىلغىن ۋە بىلگىنكى، ئاللاھ تائالا ھەقىقىي مۇئمىنلەرنى چوقۇم قوغدايدۇ. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسىدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسى چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ.

ساڭا قەۋمىلىرىنىڭ ئىنكارلىرىغا ئۇچرىغان پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ سەۋر قىلىش ئارقىلىق ئاخىرى ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەنلىكىنىڭ بايانلىرى كەلدى. ﴿إِنَّا لَنَنصُرُ رُسُلَنَا وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ فِي ٱلۡحَيَوٰةِ ٱلدُّنۡيَا وَيَوۡمَ يَقُومُ ٱلۡأَشۡهَٰدُ ٥١﴾ يەنى ﴿شەك-شۈبھىسىزكى، بىز پەيغەمبەرلىرىمىزگە، مۇئمىنلەرگە ھەم دۇنيا ھاياتىدا، ھەم گۇۋاھچىلار ھازىر بولىدىغان (قىيامەت) كۈندە ئەلۋەتتە ياردەم بېرىمىز﴾[2].

---

[1] بەقەرە سۈرىسى: 214- ئايەت.

[2] غافىر سۈرىسى: 51- ئايەت.

كاپىرلار ئىمان ئېيتىش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارغا ياقىدىغان مۆجىزىلەرنى كەلتۈرۈشىنى شەرت قىلاتتى. ﴿وَقَالُواْ لَن نُّؤْمِنَ لَكَ حَتَّىٰ تَفْجُرَ لَنَا مِنَ ٱلْأَرْضِ يَنۢبُوعًا﴾ يەنى ﴿ئۇلار ئېيتتى: «تاكى سەن بىزگە يەر ئاستىدىن بىر بۇلاقنى ئېتىلدۇرۇپ چىقارمىغۇچە بىز ساڭا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز»﴾[1]. ئاللاھ تائالا ئۇلارغا رەددىيە بېرىپ بۇ مەنىدە دەيدۇكى، ئى پەيغەمبەر! ئۇلارنىڭ ئىسلام دەۋىتىدىن يۈز ئۆرۈگەنلىكى ۋە سەندىن مۆجىزىلەرنى تەلەپ قىلغانلىقى ساڭا ئېغىر كەلگەن بولسا، ئەگەر ئۇلار تەلەپ قىلغان مۆجىزىلەرنى كەلتۈرۈپ بەرسەڭ، ئۇلار ساڭا ئىمان ئېيتىدىغان بولسا، قېنى ئەگەر قولۇڭدىن كەلسە، يەرنىڭ ئاستىغا كىرىشكە يول ياكى ئاسمانغا چىقىشقا شوتا تېپىپ بىرەر مۆجىزە كەلتۈرەلىسەڭ كەلتۈرۈپ باققىن. لېكىن سەن بىر پەيغەمبەرسەن. پەيغەمبەرمۇ ئىنسان بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىنسانلار قىلالمايدىغان ئىشنى قىلالمايدۇ. مۆجىزىنى پەيغەمبەر ئەمەس، بەلكى پەقەتلا ئاللاھ تائالا يارىتىدۇ. بىلگىنكى، ئەگەر ئاللاھ تائالا خالىسا ئىدى، ئىنسانلارنىڭ ھەممىسىنى ھىدايەت قىلغان بولاتتى. لېكىن ئاللاھ تائالا ئۇلارنى سىناش ئۈچۈن ئوخشاش بولمىغان يوللاردا قويدى.

ئىنسانلار ئىككى پىرقىگە ئايرىلىدۇ: ئۇلارنىڭ بىرى جەننەتتە، يەنە بىرى دوزاختا بولىدۇ. بۇلارنىڭ بىرىنچى پىرقىسى ئۆزلىرىگە تىلاۋەت قىلىنىۋاتقان «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىگە سەممىيەت بىلەن كۆڭۈل قويۇپ قۇلاق سالىدۇ، ئۇنى قوبۇل قىلىدۇ، ئۇنىڭغا بىر تەرەپلىمىلىكتىن، تەكەببۇرلۇقتىن ۋە ھاۋايى-ھەۋەستىن خالىي بولغان ھالدا، ئىبرەت ئېلىش نىيىتى بىلەن قۇلاق سالىدۇ. مۇنداق كىشىلەر خۇددى مۇنبەت زېمىن سۈنى قوبۇل قىلغان ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى چىقارغانغا ئوخشاش ئاللاھ تائالانىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلىدىغان ۋە ئىمان ئېيتىپ ئۆزلىرىنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ھاياتىنى ھۇزۇر-ھالاۋەتلىك ھاياتقا ئايلاندۇرىدىغان كىشىلەردۇر.

ئىككىنچى پىرقىگە «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرى ئوقۇلغاندا، ئۇلار تەكەببۇرلۇق قىلىدۇ ۋە كىشىلەرنى ئۇنىڭدىن توسۇشقا ئۇرۇنىدۇ. تىلاۋەتكە قۇلاق سالمايدۇ، قۇلاق سالغان تەقدىردىمۇ يالغاندىن قۇلاق سالغان بولۇۋالىدۇ. چۈنكى، ئۇلار «قۇرئان كەرىم»دىن ۋەز-نەسىھەت ئېلىشنى خالىمايدۇ، قىسسىلەردىن ئىبرەت ئالمايدۇ. ئەسلىدە ئۇلار قەلبى ۋە

---

[1] ئىسرا سۈرىسى: 90- ئايەت.

ۋىجدانى ئۆلگەن مەنىۋى ئۆلۈكلەردۇر. ئۇلار ئاڭلىغان ۋەز-نەسىھەتلەردىن مەنپەئەت ئالالماسلىقتا مەخلۇقاتنىڭ ئەڭ بەختسىزلىرىدۇر، ئۇلار ئۆزلىرىنى ھايۋانلىق دەرىجىسىگە چۈشۈرۈپ قويغان مەخلۇقلاردۇر. مۇنداقلارنىڭ ئىشى ئاللاھ تائالاغا تاپشۇرۇلىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلدۈرگەندە، ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىدىن ئىنچىكە ھېساب ئالىدۇ ۋە قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى ئۇلارغا تېتىتىدۇ. ئى پەيغەمبەر! سەن ئۇلارنىڭ ھالىغا قايغۇرمىغىن. چۈنكى، كىشىلەرنى ھىدايەت قىلىش سېنىڭ ئىلكىڭدە ئەمەس. سېنىڭ ۋەزىپەڭ ۋە مەسئۇلىيىتىڭ پەقەت كىشىلەرگە ھەق دىننى چۈشىنىشلىك قىلىپ يەتكۈزۈشتۇر. ئەمما ئۇلاردىن ھېساب ئېلىش ئاللاھ تائالاغا خاستۇر.

ھەق دىنغا ئەگىشىشنى خالىمىغان مۇشرىك ئەرەبلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن باشقىچە مۆجىزىلەرنى كەلتۈرۈپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ﴿وَقَالُواْ لَن نُّؤۡمِنَ لَكَ حَتَّىٰ تَفۡجُرَ لَنَا مِنَ ٱلۡأَرۡضِ يَنۢبُوعًا ۝٩٠ أَوۡ تَكُونَ لَكَ جَنَّةٞ مِّن نَّخِيلٖ وَعِنَبٖ فَتُفَجِّرَ ٱلۡأَنۡهَٰرَ خِلَٰلَهَا تَفۡجِيرًا ۝٩١ أَوۡ تُسۡقِطَ ٱلسَّمَآءَ كَمَا زَعَمۡتَ عَلَيۡنَا كِسَفًا أَوۡ تَأۡتِيَ بِٱللَّهِ وَٱلۡمَلَٰٓئِكَةِ قَبِيلًا ۝٩٢ أَوۡ يَكُونَ لَكَ بَيۡتٞ مِّن زُخۡرُفٍ أَوۡ تَرۡقَىٰ فِي ٱلسَّمَآءِ وَلَن نُّؤۡمِنَ لِرُقِيِّكَ حَتَّىٰ تُنَزِّلَ عَلَيۡنَا كِتَٰبٗا نَّقۡرَؤُهُۥۗ قُلۡ سُبۡحَانَ رَبِّي هَلۡ كُنتُ إِلَّا بَشَرٗا رَّسُولٗا﴾ يەنى ﴿ئۇلار ئېيتتى: «تاكى سەن بىزگە يەر ئاستىدىن بىر بۇلاقنى ئېتىلدۇرۇپ چىقارمىغۇچە، ياكى سېنىڭ خورما، ئۈزۈملەر ئۆسكەن ۋە ئوتتۇرىسىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان بىر بېغىڭ بولمىغۇچە، ياكى سەن ئېيتقاندەك ئۈستىمىزگە ئاسماننى پارچە-پارچە قىلىپ چۈشۈرمىگۈچە، ياكى (راستچىللىقىڭغا) گۇۋاھچى قىلىپ ئاللاھنى ۋە پەرىشتىلەرنى ئالدىمىزغا كەلتۈرمىگۈچە، ياكى سېنىڭ ئالتۇندىن ئۆيۈڭ بولمىغۇچە، ياكى سەن ئاسمانغا چىقمىغۇچە بىز ساڭا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز، تاكى (ئاللاھ تەرىپىدىن سېنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىڭ يېزىلغان) بىز ئوقۇيالايدىغان بىر كىتابنى ئېلىپ چۈشمىگۈچە سېنىڭ ئاسمانغا چىققانلىقىڭغىمۇ ئىشەنمەيمىز». (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «رەببىم پاكتۇر، مەن پەقەت بىر پەيغەمبەر ئىنسانمەن»﴾[1]. يەنى ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسى بولمىسا، ھېچقانداق ئادەم بىرەر مۆجىزە كەلتۈرەلمەيدۇ. چۈنكى، مۆجىزە كەلتۈرۈش مېنىڭ ئىشىم ئەمەس، بەلكى ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئىشىدۇر.

ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، سىلەر مەندىن بۇنداق مۆجىزىلەرنى

[1] ئىسرا سۈرىسى: 90-93- ئايەتلەر.

قانداقمۇ تەلەپ قىلىسىلەر؟ مەن پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسى بىلەن شەرەپلەنگەن بىر ئىنسان تۇرسام؟ سىلەر پەيغەمبەرنىڭ مۆجىزە يارىتىشقا قادىر ئەمەسلىكىنى ۋە مۆجىزىنى پەقەت ئاللاھ تائالا يارىتىدىغانلىقىنى بىلمەمسىلەر؟ سىلەرنىڭ تەلەپلىرىڭلارنى ئورۇنداپ بېرىشكە پەقەت ئاللاھ تائالا ئۆزى قادىردۇر.

«ئاللاھ تائالانىڭ ئەزەلدىن بېكىتىۋەتكەن قانۇنى شۇكى، ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتقانلارنىڭ تەلەپ قىلغان نەرسىلىرىنى كەلتۈرۈپ بېرىش ئۇلارنىڭ ھىدايىتىگە ئەمەس، بەلكى ھالاكىتىگە سەۋەب بولىدۇ. ئۇلار تەلەپ قىلغان مۆجىزىلەرنى كەلتۈرۈپ بېرىش ئۇلار ئۈچۈن پايدىلىق ئەمەس، بەلكى زىيانلىقتۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ قانۇنى ئۇلار تەلەپ قىلغان مۆجىزىلەر كەلتۈرۈلگەندىن كېيىنمۇ، ئۇلار يەنە ئىمان ئېيتمىسا ئۇلارنى ھالاك قىلىۋېتىشتۇر. بۇ ئۆزگەرمەس قانۇنىيەتتۇر. لېكىن كىشىلەرنىڭ تولىسى ئۇلارغا ئۆزلىرى تەلەپ قىلغان مۆجىزىلەرنى كەلتۈرۈپ بەرمەسلىكتىكى ھېكمەتنى ۋە سەۋەبىنى بىلمەيدۇ. ﴿وَإِن يَرَوْاْ ءَايَةً يُعْرِضُواْ وَيَقُولُواْ سِحْرٌ مُّسْتَمِرٌّ﴾ يەنى ﴿مۇشرىكلار (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىسپاتلايدىغان) بىرەر دەلىل-پاكىتنى كۆرسىلا، (ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىشتىن) باش تارتىپ: «(بۇ) داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان سېھىردۇر» دېيىشىدۇ﴾[1]»[2].

## مۇھىم نۇقتىلىرى

1. پەيغەمبەرلەرمۇ ئىنسان بولغانلىقى ئېتىبارى بىلەن باشقا ئىنسانلارغا ئوخشاشلا بەزى كۆڭۈلسىزلىكلەر تۈپەيلىدىن غەمكىن بولىدۇ. ئەمما ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمىدىن قەتئىي ئۈمىدسىزلەنمەيدۇ.
2. ئاللاھ تائالانىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرىنى بايان قىلىپ بېرىش ئارقىلىق تەسەللى بېرىشى ئۇنى چىدامچانلىققا ۋە سەۋرچانلىققا ئۈندەش ئۈچۈندۇر.
3. ئاللاھ تائالانىڭ كائىناتتا بېكىتكەن قانۇنىيىتى ئۆزگەرمەيدۇ.
4. ھەقىقەتكە ئەگەشمەسلىككە بەل باغلىغان، كۇفرىنى ئادەت ھالىغا كەلتۈرۈۋالغان كاپىرلارغا مۆجىزە كەلتۈرگەننىڭ ھېچقانداق پايدىسى بولمايدۇ.

[1] قەمەر سۈرىسى: 2- ئايەت.
[2] «التفسير الواضح» 1- توم، 607- بەت.

5. ئاللاھ تائالاغا ئىمان كەلتۈرگەنلەر ئەقلى ئويغاق، قەلبى پاك، ۋىجدانلىق كىشىلەردۇر. كاپىرلار قەلب كۆزلىرى كور، مەنىۋى جەھەتتىن ئۆلۈكلەردۇر. چۈنكى، ھەقىقىي ھايات ئىماندىدۇر.

6. كاپىرلارنىڭ تەلەپ قىلغان مۆجىزىلىرىنى كەلتۈرۈپ بەرمەسلىك ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارغا شەپقەت قىلغانلىقى ۋە جازالىرىنى كېچىكتۈر-گەنلىكىدۇر. چۈنكى، تەلەپ قىلغان مۆجىزىلىرى بېرىلگەن قەۋم ئەگەر يەنە ئىمان ئېيتمىسا، ئۇلارنىڭ ھالاك بولۇشى مۇقەررەردۇر. ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۈممەتلىرىگە كەلگەن ھالاكەتلەر، خۇسۇسەن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىگە سىينا چۆلىدە كەلگەن ھالاكەتلەر بۇنىڭ مىسالىدۇر[1].

## ◄ ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىنىڭ ئالامەتلىرى

﴿وَمَا مِن دَآبَّةٍ فِى ٱلْأَرْضِ وَلَا طَٰٓئِرٍ يَطِيرُ بِجَنَاحَيْهِ إِلَّآ أُمَمٌ
أَمْثَالُكُم ۚ مَّا فَرَّطْنَا فِى ٱلْكِتَٰبِ مِن شَىْءٍ ۚ ثُمَّ إِلَىٰ رَبِّهِمْ يُحْشَرُونَ
﴿٣٨﴾ وَٱلَّذِينَ كَذَّبُوا۟ بِـَٔايَٰتِنَا صُمٌّ وَبُكْمٌ فِى ٱلظُّلُمَٰتِ ۗ مَن يَشَإِ ٱللَّهُ
يُضْلِلْهُ وَمَن يَشَأْ يَجْعَلْهُ عَلَىٰ صِرَٰطٍ مُّسْتَقِيمٍ ﴿٣٩﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

38ـ مەيلى يەر يۈزىدە ماڭىدىغان جانىۋار بولسۇن، ياكى ئىككى قانىتى بىلەن ئۇچىدىغان ئۇچار قۇش بولسۇن، ھەممىسى سىلەرگە ئوخشاش ئۈممەتلەردۇر. بىز لەۋھۇلمەھپۇزدا ھېچ نەرسىنى چۈشۈرۈپ قويمىدۇق. كېيىن ئۇلار (ھەممىسى) رەببىنىڭ دەرگاھىغا يىغىلىدۇ.

39ـ بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى يالغانغا چىقارغانلار بولسا (بەئەينى) قاراڭغۇ-لۇق ئىچىدە قالغان گاس ۋە گاچىلاردۇر، ئاللاھ خالىغان ئادەمنى (كۇفرىنى تاللىغانلىقى ئۈچۈن) ئازدۇرىدۇ، خالىغان ئادەمنى توغرا يولغا سالىدۇ.

### ◄ تەپسىرى

ئى ئىنسانلار! مەيلى يەر يۈزىدە ماڭىدىغان جاندار ياكى كۆكتە

[1] يەھۇدىيلارنىڭ ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق تۈپەيلىدىن ئۇلار مىسىرنىڭ جەنۇبىدىكى سىنا چۆلىدە پەلەستىننى تاپالماي قىرىق يىل ئادىشىپ يۈرگەن.

ئۈچىدىغان ئۇچارقانات بولسۇن، ئۇلاردىن ھەربىرى سىلەرگە ئوخشاشلا مەخلۇقاتتۇر. خۇددى سىلەرگە ئوخشاش ئۇلارنىڭ رىزقى ۋە ئەجىلىمۇ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن بەلگىلەنگەندۇر. ئۇلاردىن ھەربىرىنىڭ تەبىئىتى ۋە ھاياتىنىكى ۋەزىپىسى ئۇلارنىڭ يارىتىلىشىغا تامامەن مۇناسىپتۇر. ئەڭ ماھىر ياراتقۇچى ئاللاھ تائالا ھەقىقەتەن بۈيۈكتۇر.

جانلىقلارنى تەتقىق قىلىشقا مۇتەخەسسىس ئالىملار كۆپلىگەن جانلىقلارنىڭ پادىشاھ ۋە يېتەكچىلىرىنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدا ئىنتايىن ئىنتىزامچانلىق بىلەن ھايات كەچۈرىدىغانلىقىنى بايقىغان. ھەسەل ھەرىسى بىلەن چۈمۈلىلەرنىڭ ھايات كەچۈرۈش ئۇسۇلى ۋە ئىنتىزامچانلىقى كۆپىنچىمىزگە مەلۇمدۇر.

«ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە، يەر يۈزىدە ماڭىدىغان جانلىقلارنى ئالاھىدە تىلغا ئالغان. چۈنكى، جانلىقلار كاپىرلار دائىم كۆرۈپ تۇرىدىغان نەرسىلەردۇر. ئاللاھ تائالانىڭ بىز بىلمەيدىغان مەخلۇقاتلىرىمۇ كۆپتۇر. بۇ ئايەت بىزنىڭ جانلىقلارنىڭ تەبىئىتىنى، خاراكتېرىنى تەتقىق قىلىش ۋە ئىزدىنىش يولىمىزنى يورۇتۇپ بەرمەكتە. چۈنكى، ئاللاھ تائالا يەر يۈزىدىكى بارلىق مەۋجۇداتنى بىزنىڭ پايدىلىنىشىمىز ئۈچۈن يارىتىپ بەرگەن بولۇپ، بىزنىڭ ئۇلاردىن تولۇق پايدىلىنىشىمىز، پەقەت ئۇلارنى ۋە ئۇلارنىڭ خاراكتېرىنى ئوبدان بىلىشىمىزگە باغلىقتۇر»[1].

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ﴿مَّا فَرَّطۡنَا فِي ٱلۡكِتَٰبِ مِن شَيۡءٖ﴾ دېگەن ئايەتنى «بىز لەۋھۇلمەھپۇزدا ھېچ نەرسىنى چۈشۈرۈپ قويماي، ھەممىنى تولۇق يازدۇق»[2] دەپ تەپسىر قىلغان.

بىز نازىل قىلغان مۇبارەك ئايەتلەرنى، ئىلىم-ھېكمەتنى، كامالىي قۇدرىتىمىزنى كۆرسىتىدىغان كائىنات دەلىللىرىنى يالغانغا چىقارغان كاپىرلار مەنىۋى كور ۋە گاسلار بولۇپ، ئۇلار ھەقىقەتنىڭ ئوپئوچۇق دەلىللىرىنى كۆرمەيدۇ، ھەقىقەتنىڭ دەۋىتىنى ئاڭلىمايدۇ. چۈنكى، ئۇلار تەپەككۇر قىلمايدۇ، ھەقىقەتنىڭ ساداسىغا قۇلاق سالمايدۇ، ئۇنى ئاڭلاپ قالسىمۇ ئاڭلىماسقا سالىدۇ. شۇڭا ئۇلار كۇفرى ۋە جاھالەتتىن ئىبارەت ئازغۇنلۇق پاتقاقلىرىدىن قۇتۇلالمايدۇ.

ئاللاھ تائالا بەزى كىشىلەرنى ئۆزىنىڭ ئازغۇنلۇقىدا قويۇپ قويىدۇ. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئۇ كىشىلەرنىڭ ھىدايەت تاپمايدىغانلىقىنى ئالدىن

---

[1] التفسير الواضح» 1-توم، 608-بەت.

[2] «تفسير الطبري» 11-توم، 345-بەت، 13216-ھەدىس.

بىلگەنلىكىدىن بولۇپ، شۇڭا ئۇلارغا ھىدايەتنى نېسىپ قىلمايدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئەزەلدە ئازغۇنلار قاتارىدا يېزىلىپ كەتكەن. ئاللاھ تائالا بىراۋنى ئازغۇنلار قاتارىدىن قىلىپ يېزىۋەتكەن بولسا، بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئۇ كىشىنىڭ ئازغۇنلارنىڭ ئىشىنى قىلىدىغانلىقىنى ۋە ھىدايەت تاپمايدىغانلىقىنى بىلگەنلىكىدىندۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ھېچكىمگە ئۇۋال قىلمايدۇ.

شۇنىڭدەك، ئاللاھ تائالانىڭ بەزى كىشىلەرنى توغرا يولغا يېتەكلىشمۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇ كىشىنىڭ شۇنىڭغا لايىق بولىدىغانلىقىنى ئالدىن بىلگەنلىكىدىندۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى زات بولۇپ، ئۇ بەندىلىرىنى، ئۇلارنىڭ قىلغۇاتقان ۋە قىلماقچى بولغان پۈتۈن ئىشلىرىنى تولۇق بىلىپ تۇرىدۇ.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. يەر يۈزىدە يۈرىدىغان ۋە ئاسماندا ئۇچىدىغان پۈتۈن جانلىقلار خۇددى بىزگە ئوخشاشلا مەخلۇقاتتۇر. ئۇلارمۇ ئۆزىگە خاس ھايات تەرزىگە ئىگە، ئۇلارمۇ بىزگە ئوخشاشلا ياشاش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ.

2. لەۋھۇلمەھپۇز- كائىناتتا بولىدىغان بارلىق ھادىسىلەر، مەخلۇقاتنىڭ ئەھۋالى ۋە ئىنسانلارنىڭ قىلىدىغان ھەرقانداق ياخشى - يامان ئىشلىرى خاتىرىلەنگەن بۈيۈك دىۋان دېمەكتۇر. ئۇنىڭ ئورنى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىدۇر. «قۇرئان كەرىم»مۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنىشتىن ئىلگىرى لەۋھۇلمەھپۇزدا ساقلانغان ئىدى. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿بَلْ هُوَ قُرْءَانٌ مَّجِيدٌ ۝٢١ فِي لَوْحٍ مَّحْفُوظٍ﴾ يەنى ﴿(ئۇ مۇشرىكلار تۆھمەت قىلغاندەك شېئىر ياكى سېھىر ئەمەس) بەلكى ئۇ لەۋھۇلمەھپۇزدا ساقلانغان ئۇلۇغ قۇرئاندۇر﴾[1].

3. ھەقىقەتنىڭ ساداسىغا قۇلاق سالمايدىغانلار ۋە ھەق گەپنى قىلمايدىغانلار ماھىيەتتە گاس، گاچىلاردۇر. ئۇلار ئۆلۈكلەرگە ئوخشاشتۇر.

## ◄ ئىنسانلارنىڭ قىيىنچىلىقلاردا ئاللاھ تائالاغا يۈزلىنىدۇ

﴿قُلْ أَرَءَيْتَكُمْ إِنْ أَتَىٰكُمْ عَذَابُ ٱللَّهِ أَوْ أَتَتْكُمُ ٱلسَّاعَةُ أَغَيْرَ ٱللَّهِ تَدْعُونَ إِن كُنتُمْ صَٰدِقِينَ ۝٤٠ بَلْ إِيَّاهُ تَدْعُونَ فَيَكْشِفُ مَا

[1] بۇرۇج سۈرىسى: 21-22-ئايەتلەر.

تَدْعُونَ إِلَيْهِ إِن شَآءَ وَتَنسَوْنَ مَا تُشْرِكُونَ ﴿٤١﴾ وَلَقَدْ أَرْسَلْنَآ إِلَىٰٓ
أُمَمٍ مِّن قَبْلِكَ فَأَخَذْنَٰهُم بِٱلْبَأْسَآءِ وَٱلضَّرَّآءِ لَعَلَّهُمْ يَتَضَرَّعُونَ ﴿٤٢﴾
فَلَوْلَآ إِذْ جَآءَهُم بَأْسُنَا تَضَرَّعُواْ وَلَٰكِن قَسَتْ قُلُوبُهُمْ وَزَيَّنَ لَهُمُ
ٱلشَّيْطَٰنُ مَا كَانُواْ يَعْمَلُونَ ﴿٤٣﴾ فَلَمَّا نَسُواْ مَا ذُكِّرُواْ بِهِۦ فَتَحْنَا
عَلَيْهِمْ أَبْوَٰبَ كُلِّ شَىْءٍ حَتَّىٰٓ إِذَا فَرِحُواْ بِمَآ أُوتُوٓاْ أَخَذْنَٰهُم بَغْتَةً
فَإِذَا هُم مُّبْلِسُونَ ﴿٤٤﴾ فَقُطِعَ دَابِرُ ٱلْقَوْمِ ٱلَّذِينَ ظَلَمُواْ ۚ وَٱلْحَمْدُ لِلَّهِ
رَبِّ ٱلْعَٰلَمِينَ ﴿٤٥﴾

### ◄ تەرجىمىسى

40ـ(ئى پەيغەمبەر! مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەر راستچىل بولساڭلار، ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، ئەگەر سىلەرگە ئاللاھنىڭ ئازابى ياكى قىيامەت كەلسە، ئاللاھتىن باشقىسىغا يالۋۇرامسىلەر؟

41ـئۇنداق قىلمايسىلەر. سىلەر پەقەت ئاللاھقىلا ئىلتىجا قىلىسىلەر، ئاللاھ خالىسا، سىلەر (كۆتۈرۈۋېتىشىنى تىلەپ) ئىلتىجا قىلغان بالانى كۆتۈرۈۋېتىدۇ، (ئۇ چاغدا) سىلەر ئاللاھقا شېرىك قىلىۋالغان بۇتلارنى ئۇنتۇيسىلەر».

42ـشەكسىزكى، سەندىن ئىلگىرىكى ئۇممەتلەرگىمۇ (پەيغەمبەرلەرنى) ئەۋەتكەن ئىدۇق. ئۇ ئۇممەتلەر (ئىمان ئېيتمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنى بىزگە) يېلىنسۇن دەپ نامراتلىق ۋە ئاغرىق ـ سىلاق بىلەن جازالىدۇق.

43ـئۇلارغا بىزنىڭ ئازابىمىز كەلگەن چاغدا نېمىشقا يېلىنمىدى؟ لېكىن ئۇلارنىڭ دىللىرى قېتىپ كەتكەن، شەيتان ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئۆزلىرىگە چىرايلىق كۆرسەتكەن ئىدى.

44ـئۇلار ئۆزلىرىگە قىلىنغان نەسىھەتنى ئۇنتۇغان چاغدا، (سىناش ئۈچۈن) ئۇلارغا پاراۋانلىقنىڭ ھەممە ئىشىكلىرىنى ئېچىۋەتتۇق، ئۇلار ئۆزلىرىگە بېرىلگەن نېمەتلەر بىلەن كۆرەڭلەپ تۇرغاندا، ئۇلارنى ئۇشتۇمتۇت جازالىدۇق، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىردىنلا ئۈمىدسىزلىنىپ كەتتى.

45ـ(كۇفرىلىق قىلىپ) ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان قەۋم پۈتۈنلەي ھالاك قىلىندى. جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھقا خاستۇر!

## تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! ئۇ مۇشرىكلارغا ئېيتقىنكى، سىلەر شاپائىتىنى ئۈمىد قىلىۋاتقان شۇ بۇتلىرىڭلارنى «بىزنىڭ مەبۇدلىرىمىز ۋە شاپائەتچىلىرىمىز» دېگەن سۆزۈڭلاردا راستچىل بولساڭلار، قېنى ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، سىلەرگىمۇ بۇرۇنقى ئۈممەتلەرگە كەلگەندەك قاتتىق بوران بىلەن ھالاك قىلىش، يەرگە كۆمتۈرۈۋېتىش، سۇدا غەرق قىلىش قاتارلىق ئاللاھ تائالانىڭ ئازابى يەتسە ياكى قىيامەت كەلسە، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن يەنە سىلەر ئاشۇ بۇتلىرىڭلارغا يالۋۇرامسىلەر؟ ياق! سىلەر ئۇ چاغدا ھەرگىز ئۇنداق قىلمايسىلەر. ئۇ چاغدا سىلەر ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىسىلەر، ئۇنىڭغا يالۋۇرىسىلەر، ئۇنىڭدىنلا ياردەم تەلەپ قىلىسىلەر. ئاندىن ئاللاھ تائالا خالىسا، سىلەر كۆتۈرۈۋېتىشىنى ئىلتىجا قىلغان بالانى كۆتۈرۈۋېتىدۇ. سىلەر ئۇ چاغدا «ئاللاھنىڭ شېرىكلىرى» دەۋالغان بۇتلىرىڭلارنى ۋە بارلىق ساختا مەبۇدلىرىڭلارنى ئۇنتۇپ كېتىسىلەر، ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈيسىلەر. چۈنكى، ئۇ چاغدا سىلەرنىڭ ئەقلىڭلارغا ئاللاھ تائالادىن باشقىسى كەلمەيدۇ. ﴿فَإِذَا رَكِبُوا۟ فِى ٱلْفُلْكِ دَعَوُا۟ ٱللَّهَ مُخْلِصِينَ لَهُ ٱلدِّينَ فَلَمَّا نَجَّىٰهُمْ إِلَى ٱلْبَرِّ إِذَا هُمْ يُشْرِكُونَ﴾ يەنى ﴿ئۇلار كېمىگە چىقىپ (غەرق بولۇشتىن قورققان) چاغلىرىدا، دىننى ئاللاھقا خاس قىلغان ھالدا ئۇنىڭغا چىن ئىخلاسى بىلەن ئىلتىجا قىلىدۇ. ئاللاھ ئۇلارنى ئامان-ئېسەن قۇرۇقلۇققا چىقارغان چاغدا، ئۇلار دەرھال (ئاللاھقا) شېرىك كەلتۈرىدۇ﴾[1]. چۈنكى ئاللاھ تائالانىڭ بىر ئىكەنلىكىگە ئېتىقاد قىلىش ئېڭى ئىنسان تۇغۇلىشىدا ئۇنىڭ بىلەن بىللە يارىتىلغان ئەڭ تەبىئىي ۋە ئەڭ ساپ ئاڭدۇر، ئەمما ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈش ياكى ئۇنى ئىنكار قىلىش بولسا ئىنساندا ھەر تۈرلۈك ئازغۇنلۇقلار تۈپەيلىدىن پەيدا بولغان نەرسىلەردۇر. خۇسۇسەن، ئىنسان راھەت، پاراغەتلىك ۋاقىتلاردا ئاللاھ تائالانى ئۇنتۇپ كېتىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ بېشىغا قاتتىق كۈنلەر كەلگەن ۋە چارىسىز قالغاندا، ئىختىيارسىز ھالدا ئاللاھ تائالاغا يۈزلىنىدۇ، چىن قەلبىدىن يېلىنىدۇ، ياردەم تىلەيدۇ ۋە يالۋۇرىدۇ. بۇ ۋاقىتتا، ئۇلارنىڭ ئىلاھ دەپ چوقۇنغان نەرسىلىرى ۋە ياردىمىگە ئۈمىد باغلىغان بارلىق كىشىلىرى ئۇنتۇلۇپ قالىدۇ. مانا بۇ ئىنسانلارنىڭ ئەسلى تەبىئىتى بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى ئاشۇ تەبىئەتتە بىلەن ياراتقان. ﴿فَأَقِمْ وَجْهَكَ لِلدِّينِ حَنِيفًا ۚ فِطْرَتَ ٱللَّهِ ٱلَّتِى فَطَرَ ٱلنَّاسَ عَلَيْهَا ۚ لَا

---

[1] ئەنكەبۇت سۈرىسى: 65- ئايەت.

تَبْدِيلَ لِخَلْقِ ٱللَّهِ ۚ ذَٰلِكَ ٱلدِّينُ ٱلْقَيِّمُ وَلَٰكِنَّ أَكْثَرَ ٱلنَّاسِ لَا يَعْلَمُونَ﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر!) سەن توغرا دىنغا ـ ئاللاھنىڭ دىنىغا يۈزلەنگىنكى، ئاللاھ ئىنسانلارنى شۇ دىن بىلەن ياراتقان. ئاللاھنىڭ ياراتقىنىنى ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ، بۇ توپتوغرا دىندۇر، لېكىن ئىنسانلارنىڭ كۆپىنچىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ﴾[1].

يۇقىرىقى بايانلاردىن كېيىن «قۇرئان كەرىم» ئىلگىرىكى ئۇممەتلەرنىڭ قىسسىلىرىدىن بەزى مىساللارنى كەلتۈرىدۇ. ئى پەيغەمبەر! بىز ھەقىقەتەن سەندىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئۇممەتلەرگىمۇ ئۇلارنى كۇفرىلىقتىن ۋە ئازغۇنلۇقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ يولىغا باشلايدىغان، ئىمان ئېيتقانلارنىڭ جەننەتكە كىرىدىغانلىقى ھەققىدە خۇش خەۋەر بېرىدىغان، ئىمان ئېيتمىغانلارنى كۇفرىنىڭ يامان ئاقىۋەتلىرىدىن ئاگاھلاندۇرىدىغان نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەن ئىدۇق. لېكىن ئۇلار پەيغەمبەرلەرگە ئاسىيلىق قىلدى، ھەق دىنغا قارشى تۇرۇشتا، كىشىلەرنى ئۇنىڭدىن توسۇشتا ھەددىدىن ئاشتى. شۇنىڭ بىلەن بىز ئۇلارنى گۇناھلىرىنى تونۇپ، پەيلىدىن يېنىپ، ئاللاھ تائالا تەرەپكە قايتسۇن ۋە ئۇنىڭغا يېلىنسۇن دەپ، ئۇلارنى تۇرمۇشتا قاتتىقچىلىق، ئاغرىق-سىلاق، ئاچارچىلىق ۋە زور قىيىنچىلىقلار بىلەن جازالىدۇق. چۈنكى، قاتتىقچىلىقلار گاھىدا ئىنسان نەپسىنى تەربىيەلەيدۇ. ئاز-تولا ئامەتلىرىگە مەغرۇرلىنىپ كەتكەنلەرنىڭ ئۆزىنى تەكشۈرۈپ، خاتالىقلىرىنى تۈزىتىپ، ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىشى ئۈچۈن پۇرسەت يارىتىپ بېرىدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا شۇ ئايەتتە: ﴿يېلىنسۇن دەپ..﴾ دېگەن ئىبارىنى كەلتۈرگەن. ئەپسۇسكى كۆپىنچە كىشىلەرگە بۇنداق سىناقنىڭ پايدىسى بولمىدى. قىيىنچىلىقلار ئۇلارنى يامانلىقلىرىدىن قايتۇرالمىدى.

ھېچ بولمىسا، ئۇلارغا بىزنىڭ ئازابىمىز چۈشكەن چاغدا، ئۇلار ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىپ، گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىپ، ئۇنىڭغا يېلىنسا ئىدى، بۇنداق قىلىش ئۇلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە ياخشى بولاتتى. ئەمما ھەقىقەت شۇكى، ئۇلار دىللىرى تاشتەك ۋە تاشتىنمۇ بەك قېتىپ كەتكەن، كۆڭلى قارىيىپ كەتكەن، تەقلىدچىلىك، ئازغۇنلۇق كۆزلىرىنى كور قىلىپ قويغان ئىنسانلار ئىدى. شۇڭا ئۇلارغا ئاگاھلاندۇرۇشلارنىڭ ھېچقانداق تەسىرى ياكى پايدىسى بولمىغان، سىناقلار ئۇلارنى ئۆزگەرتەلمىگەن. چۈنكى، شەيتانلار ئۇلارغا يامان قىلمىشلىرىنى چىرايلىق قىلىپ

[1] رۇم سۈرىسى: 30- ئايەت.

كۆرسەتكەن، ھەربىر يامانلىقنى پەردازلىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆزلىرىنى بىز توغرا يولدىكى كىشىلەرمىز، بىز ياخشى ئىش قىلىۋاتىمىز، دەپ ئويلاپ قالغان. نەتىجىدە، ئۇلار شەيتانغا ئالدىنىپ قالغان. ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى نېمىدېگەن يامان!

ئاندىن ئۇلار ئۆزلىرىگە قىلىنغان بارلىق ۋەز-نەسىھەتلەرنى ئۇنتۇغان ۋە ئاگاھلاندۇرۇشلارغا پىسەنت قىلمىغان چاغدا، بىز ئۇلارنى سىناش ئۈچۈن ئۇلارغا پاراۋانلىقنىڭ ۋە مول رىزىقنىڭ ھەممە ئىشىكلىرىنى ئېچىۋەتتۇق. شۇنداق قىلىپ، ئۇلارنى دۇنيا ھاياتىدا تۇرلۇك نېمەتلەردىن بەھرىمەن قىلدۇق. ﴿نُمَتِّعُهُمْ قَلِيلًا ثُمَّ نَضْطَرُّهُمْ إِلَىٰ عَذَابٍ غَلِيظٍ﴾ يەنى ﴿ئۇلارنى (دۇنيالىقتىن) ئازغىنە بەھرىمەن قىلىمىز، ئاندىن قاتتىق ئازابقا ھەيدەيمىز﴾[1].

ئۇلار ئۆزلىرىگە بېرىلگەن نېمەتلەرگە خۇشال بولۇپ، كۆرەڭلەپ تۇرغان پەيتتە، ھېچبىر مۇقەددىمىسىز ۋە ھېچقانداق شەپىسىز ھالدا ئۇلارنى ئۇشتۇمتۇت جازالىدۇق. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىدىن پۈتۈنلەي ئۈمىد ئۈزۈپ قاتتىق ھەسرەت-نادامەتتە قالدى. ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھقا شۈكرىكى، ئىماندىن يۈز ئۆرۈپ كۇفرىنى تاللاش ئارقىلىق ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان بۇ ئازغۇن قەۋمنىڭ يىلتىزى پۈتۈنلەي قۇرۇتۇلدى. ئۇلار پەقەتلا تۈگەشتى.

﴿وَٱلْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ ٱلْعَٰلَمِينَ﴾ دېگەن ئايەت زالىملارنى، بۇزغۇنچىلارنى يوقىتىشنىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئىنسانلارغا قىلىنغان كاتتا بىر نېمەت ئىكەنلىكىگە ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇسانا ئېيتىش ھەم شۈكۈر قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىگە ئىشارەت قىلغان. چۈنكى، نېمەتتىن كېيىن ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇسانا ئېيتىش ۋە ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىش ئىسلامىي گۈزەل ئەخلاقنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

ھەرقانداق قاتتىقچىلىقتا ۋە ھەرقانداق مولچىلىقتا ئىنسانلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە سىناقلار بار. پەقەت ئەقىل ئىگىلىرىلا بۇنى بىلىدۇ.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئىنسانىنىڭ بېشىغا قاتتىق كۈنلەر كەلگەن چاغدا، ئۇ چوقۇم ئاللاھ تائالانى ئېسىگە ئالىدۇ ۋە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ ياردەم

[1] لۇقمان سۈرىسى: 24-ئايەت.

تىلەيدۇ. ھەتتا بۇتلارغا چوقۇنىدىغان مۇشرىكلارمۇ باشلىرىغا ئېغىر كۈلپەتلەر كەلگەن چاغدا پۈتۈن ئىخلاسى بىلەن ئاللاھ تائالاغا يېلىنىدۇ. ئۇ ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ بۇتلىرى ئەسقاتمايدۇ. چۈنكى، ئۇلارنى كۈلپەتلەردىن قۇتقۇزغۇچى پەقەت بىرلا ئاللاھ تائالادۇر. مۇشرىكلارلا ئەمەس، بەلكى ھېچقانداق بىر دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان، ئاللاھ تائالاغا ئىشەنمەيدىغان ئاتېئىزىمچىلارمۇ باشلىرىغا ئېغىر كۈنلەر كەلگەندە بىردىنلا ئاللاھ تائالانى ئېسىگە ئالىدۇ. چۈنكى، بۇ تەبىئىي تۇيغۇدۇر. بۇ ئىنسانىيەتتە ئورتاق بولغان ئومۇمىي خاراكتېردۇر.

2. ئاللاھ تائالا بىراۋغا مولچىلىق ئاتا قىلىپ، ئۇنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلسا، ئۇنى ئىككى مەقسەت بىلەن شۇنداق قىلىدۇ: بىرى، ئۇنىڭغا ئىنئام قىلىش يۈزىسىدىن، يەنە بىرى، ئۇنى سىناش ئۈچۈندۇر. ئاللاھ تائالا كاپىرلارنى ۋە ھەددىدىن ئاشقان زالىملارنى گۇناھ-مەئسىيەتلەرگە پاتۇرۇش ئارقىلىق بىراقلا يوقىتىش ئۈچۈن بەزىدە ئۇلارغا مولچىلىق ئاتا قىلىدۇ. ئايەتتە بايان قىلىنغان قەۋملەرمۇ قاتتىقچىلىقلاردىن ئىبرەت ئالمىغان ۋە ئاللاھ تائالانى ئېتىراپ قىلىپ ئۇنىڭغا يالۋۇرمىغاندىن كېيىن، ئۇلار مولچىلىق بىلەن سىنالغان. ئاندىن ئۇلار مولچىلىقتىمۇ ئاللاھ تائالانى تونۇمىغاندىن كېيىن، ئۇشتۇمتۇت ھالاك قىلىنغان. مانا بۇ ئاللاھ تائالا بېكىتكەن ئۆزگەرمەس قانۇنىيەتتۇر.

3. يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، ئىنسانلارغا زۇلۇم سالىدىغانلارنىڭ يوقىتىلىشى ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلارغا ئاتا قىلىدىغان كاتتا رەھمىتى ۋە نېمىتىدۇر.

### ◄ ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىنىڭ دەلىللىرى

﴿قُلْ أَرَءَيْتُمْ إِنْ أَخَذَ ٱللَّهُ سَمْعَكُمْ وَأَبْصَـٰرَكُمْ وَخَتَمَ عَلَىٰ قُلُوبِكُم
مَّنْ إِلَـٰهٌ غَيْرُ ٱللَّهِ يَأْتِيكُم بِهِ ۗ ٱنظُرْ كَيْفَ نُصَرِّفُ ٱلْـَٔايَـٰتِ ثُمَّ هُمْ
يَصْدِفُونَ ﴿٤٦﴾ قُلْ أَرَءَيْتَكُمْ إِنْ أَتَىٰكُمْ عَذَابُ ٱللَّهِ بَغْتَةً أَوْ جَهْرَةً
هَلْ يُهْلَكُ إِلَّا ٱلْقَوْمُ ٱلظَّـٰلِمُونَ ﴿٤٧﴾ وَمَا نُرْسِلُ ٱلْمُرْسَلِينَ إِلَّا مُبَشِّرِينَ
وَمُنذِرِينَ ۖ فَمَنْ ءَامَنَ وَأَصْلَحَ فَلَا خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلَا هُمْ يَحْزَنُونَ ﴿٤٨﴾
وَٱلَّذِينَ كَذَّبُوا۟ بِـَٔايَـٰتِنَا يَمَسُّهُمُ ٱلْعَذَابُ بِمَا كَانُوا۟ يَفْسُقُونَ ﴿٤٩﴾﴾

## تەرجىمىسى

46ـ(ئى پەيغەمبەر! مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى، دەپ بېقىڭلارچۇ، ئەگەر ئاللاھ سىلەرنىڭ قۇلىقىڭلارنى گاس، كۆزۈڭلارنى كور قىلىپ قويسا، دىلىڭلارنى پېچەتلىۋەتسە، ئۇلارنى ئاللاھتىن باشقا قايسى ئىلاھ ئەسلىگە كەلتۈرەلەيدۇ؟» سەن بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى قانداق بايان قىلىۋاتقانلىقىمىزغا، ئاندىن ئۇلارنىڭ يۈز ئۆرۈگەنلىكىگە قارىغىن.

47ـئېيتقىنكى، «ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، ئەگەر سىلەرگە ئاللاھنىڭ ئازابى ئۇشتۇمتۇت ياكى ئاشكارا كەلسە، زالىم قەۋم ھالاك قىلىنماي، كىملەر ھالاك قىلىنسۇن!؟».

48ـبىز پەيغەمبەرلەرنى پەقەت خۇش خەۋەر بەرگۈچى ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپلا ئەۋەتىمىز. كىمكى ئىمان ئېيتسا ۋە (قىلمىشىنى) تۈزەتسە، ئۇلارغا ئەنسىرەش ۋە غەم قىلىش يوقتۇر.

49ـبىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلارغا كەلسەك، ئۇلار (ئاللاھقا) ئاسىيلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن ئازابقا دۇچار بولىدۇ.

## تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! ئۆز قوللىرى بىلەن ياسىۋالغان ۋە ھېچكىمگە پايدا يەتكۈزەلمەيدىغان بۇتلارغا چوقۇنۇشنى ئاللاھ تائالانىڭ بىر ئىكەنلىكىگە ئېتىقاد قىلىشتىن ئىبارەت تەۋھىد ئەقىدىسىدىن ئەۋزەل كۆرگەن مۇشرىكلارغا ئېيتقىنكى، ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، ئەگەر ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ قۇلىقىڭلارنى ئاڭلىمايدىغان گاس، كۆزۈڭلارنى كۆرمەيدىغان كور قىلىپ قويسا، دىلىڭلارنى ھېچ نەرسىنى چۈشەنمەيدىغان قىلىپ پېچەتلىۋەتسە، ئۇلارنى سىلەرگە ئاللاھ تائالادىن باشقا كىم قايتۇرۇپ بېرەلەيدۇ؟ سىلەر ھېچ نەرسىنى ئاڭلىمايدىغان، ھېچ نەرسىنى، ھەتتا ماڭىدىغان يولۇڭلارنىمۇ كۆرمەيدىغان ۋە ھېچ نەرسىنى بىلمەيدىغان، چۈشەنمەيدىغان بولۇپ قالساڭلار، سىلەر چوقۇنۇۋاتقان بۇتلىرىڭلار سىلەرگە نېمە قىلىپ بېرەلەيدۇ؟ سىلەرنىڭ بۇ سەزگۈ ئەزالىرىڭلار كاردىن چىقسا، ئۇلارنىڭ ئىقتىدارىنى سىلەرگە ئاللاھ تائالادىن باشقا كىم قايتۇرۇپ بېرەلەيدۇ؟ بىلىڭلاركى، پەقەت ئاللاھ تائالا ئۆزى يالغۇزلا ئۇلارنى سىلەردىن تارتىۋېلىشقا ۋە خالىسا يەنە قايتۇرۇپ بېرىشكە قادىردۇر. چۈنكى، سىلەرگە ئاڭلاش ئۈچۈن قۇلاقلارنى، كۆرۈش ئۈچۈن كۆزلەرنى ۋە بىلىش ئۈچۈن قەلبنى بەرگەن زات ـ ئاللاھ تائالادۇر. ئەگەر سىلەر چوقۇنۇۋاتقان بۇتلىرىڭلار ئىلاھ

بولىدىغان بولسا ئىدى، ئۇلار سىلەرگە بىرەر پايدا يەتكۈزگەن ۋە سىلەردىن ئېلىنغان نېمەتلەرنى سىلەرگە قايتۇرۇپ بېرەلىگەن بولاتتى. لېكىن ئۇلارنىڭ قايتۇرۇپ بېرەلىشى مۇمكىنمۇ؟ سىلەر بۇ بۇتلارنىڭ سىلەردىن ئېلىنغان نەرسىلەرنى قايتۇرۇپ بېرىشكە ئەمەس، ھەتتا ئۇستىگە قونغان چىۋىن ئېلىپ قاچقان نەرسىنى قايتۇرۇپ ئېلىشقىمۇ كۈچى يەتمەيدىغان چارىسىز ھەيكەللەر ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ نېمە ئۈچۈن ئۇلارغا چوقۇنىسىلەر؟ نېمە ئۈچۈن ئۇلاردىن ھاجەتلىرىڭلارنى تىلەيسىلەر؟ دۇئا-ئىبادەتتۇر. ئىبادەت پەقەت كائىناتنى ياراتقان، ھاياتلىقنى بەرگەن، ھەممىگە قادىر ئاللاھ تائالاغىلا قىلىنىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا بۇنىڭغا تامامەن ھەقلىقتۇر.

ئاللاھ تائالا ساختا ئىلاھلارغا چوقۇنغۇچىلارنىڭ سەپسەتىلىرىنى بىتچىت قىلىشتا ۋە ئاللاھ تائالادىن باشقىسىغا ئىبادەت قىلىشنىڭ ئوپئوچۇق ئازغۇنلۇق ئىكەنلىكىنى بايان قىلىشتا ئوخشاش بولمىغان ئۇسلۇبلار بىلەن مەسىلىنى ناھايىتى روشەن يورۇتۇپ بەرگەن بولسىمۇ، بۇ ئازغۇنلار ئاللاھ تائالانىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالمىدى، تەقلىدچىلىكتىن ۋە مۇتەئەسسىپلىكتىن قۇتۇلالمىدى.

ئى پەيغەمبەر! ئۇ مۇشرىكلارغا ئېيتقىنكى، دەپ بېقىڭلارچۇ، ئەگەر سىلەرگە بۇرۇنقى ئازغۇن قەۋملەرگە كەلگەندەك ئاللاھ تائالانىڭ ئازابى كەلسە، ھەمدە بۇ ئازابلار ھېچبىر مۇقەددىمىسىز ۋە شەپىسىز ھالدا تۇيۇقسىز كېلىپ سىلەرنى قورشىۋالسا، ياكى بۇ ئازابلار سىلەرگە تەدرىجىي كەلسە، سىلەر نېمە قىلالايسىلەر؟ زادى ئاللاھ تائالانىڭ ئازابى كەلسە ھالاك بولىدىغىنى دەل ئاشۇ ھىدايەتنى قويۇپ ئازغۇنلۇق يولىنى تاللاش بىلەن ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان قەۋم بولماي، كىملەر بولسۇن؟! بۇلار ھالاك قىلىنماي كىملەر ھالاك قىلىنسۇن؟! زادى ئۇلاردىن باشقا ھالاك قىلىنىدىغان قەۋم بارمۇ؟

بىز پەيغەمبەرلەرنى پەقەت ئىمان ئېيتقانلارغا جەننەت بىلەن خۇش بېشارەت بېرىش، ئاسىيلىق قىلغانلارنى ئازاب بىلەن ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈنلا ئەۋەتىمىز. ئېنىقكى، پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋەزىپىسى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى كىشىلەرگە يەتكۈزۈشتۇر. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى تۈگىگەن بولىدۇ. كىشىلەر ئىمان ئېيتسۇن ياكى ئىمان ئېيتمىسۇن پەيغەمبەرلەر بۇنىڭدىن جاۋابكار ئەمەس. ﴿إِنْ عَلَيْكَ إِلَّا ٱلْبَلَٰغُ﴾ يەنى

﴿سېنىڭ ۋەزىپەڭ پەقەتلا دىننى يەتكۈزۈشتۇر﴾[1]. ئەمما ئەمەللەرگە مۇكاپات ياكى جازا بېرىش پەقەتلا ئاللاھ تائالاغا خاستۇر.

ئەمدى، مەزكۇر پەيغەمبەرلەرنىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىپ، ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتقان، ئۆزىنى تۈزىگەن ۋە بۇرۇنقى بارلىق قىلمىشلىرىنى تۈزەتكەن كىشىلەرگە كەلسەك، ئۇلارغا كېلەچەكتىن ئەنسىرەش، غەم قىلىش ۋە ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلارغا قايغۇرۇش يوقتۇر. ﴿لَا يَحْزُنُهُمُ ٱلْفَزَعُ ٱلْأَكْبَرُ وَتَتَلَقَّىٰهُمُ ٱلْمَلَـٰٓئِكَةُ هَـٰذَا يَوْمُكُمُ ٱلَّذِى كُنتُمْ تُوعَدُونَ﴾ يەنى ﴿(قىيامەتتىن ئىبارەت) ئەڭ چوڭ دەھشەتمۇ ئۇلارنى ۋەھىمىگە سالمايدۇ، پەرىشتىلەر: «مانا بۇ سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان (بەختلىك) كۈنۈڭلاردۇر» دەپ ئۇلارنى قارشى ئالىدۇ﴾[2]

ئەمما ئاللاھ تائالانى ۋە ئۇنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلار كۇفرىلىقىنىڭ جازاسىنى چوقۇم تارتىدۇ. مۇنداقلار دۇنيادا قانچىلىك نېمەتلىنىپ كەتكەن بولسىمۇ، بارىدىغان جايى دوزاختۇر. دوزاخ ھەقىقەتەن يامان جايدۇر!

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئىنساننىڭ كۆز، قۇلاق، يۈرەك ۋە باشقا پۈتۈن ئەزالىرىنىڭ ساق بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئاللاھ تائالاغا تېخىمۇ كۆپ شۈكۈر قىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى، بۇ ئەزالارنى بەرگۈچى ئاللاھ تائالادۇر.

2. زالىملارنىڭ ھالاكىتى مەيلى تېز بولسۇن، مەيلى تەدرىجىي بولسۇن، ھامان بىر كۈنى بولىدۇ.

3. پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋەزىپىسى كىشىلەرگە ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى يەتكۈزۈشتۇر. ئەمەللەرگە مۇكاپات ياكى جازا بېرىش ئاللاھ تائالانىڭ ئىشىدۇر.

4. كۇفرى ئازغۇنلۇقنىڭ نەتىجىسى بولغىنىدەك، ئىمان ھىدايەتنىڭ مېۋىسىدۇر.

## ◄ پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋەزىپىسى

﴿قُل لَّآ أَقُولُ لَكُمْ عِندِى خَزَآئِنُ ٱللَّهِ وَلَآ أَعْلَمُ ٱلْغَيْبَ وَلَآ أَقُولُ

[1] شۇرا سۈرىسى: 48- ئايەت.
[2] ئەنبىيا سۈرىسى: 103- ئايەت.

لَكُمْ إِنِّي مَلَكٌۖ إِنْ أَتَّبِعُ إِلَّا مَا يُوحَىٰٓ إِلَيَّۚ قُلْ هَلْ يَسْتَوِي ٱلْأَعْمَىٰ
وَٱلْبَصِيرُۚ أَفَلَا تَتَفَكَّرُونَ ﴿٥٠﴾ وَأَنذِرْ بِهِ ٱلَّذِينَ يَخَافُونَ أَن يُحْشَرُوٓاْ
إِلَىٰ رَبِّهِمْ لَيْسَ لَهُم مِّن دُونِهِۦ وَلِيٌّ وَلَا شَفِيعٌ لَّعَلَّهُمْ يَتَّقُونَ ﴿٥١﴾
وَلَا تَطْرُدِ ٱلَّذِينَ يَدْعُونَ رَبَّهُم بِٱلْغَدَوٰةِ وَٱلْعَشِيِّ يُرِيدُونَ وَجْهَهُۥۖ
مَا عَلَيْكَ مِنْ حِسَابِهِم مِّن شَيْءٍ وَمَا مِنْ حِسَابِكَ عَلَيْهِم مِّن
شَيْءٍ فَتَطْرُدَهُمْ فَتَكُونَ مِنَ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٥٢﴾ وَكَذَٰلِكَ فَتَنَّا بَعْضَهُم
بِبَعْضٍ لِّيَقُولُوٓاْ أَهَٰٓؤُلَآءِ مَنَّ ٱللَّهُ عَلَيْهِم مِّنۢ بَيْنِنَآۗ أَلَيْسَ ٱللَّهُ
بِأَعْلَمَ بِٱلشَّٰكِرِينَ ﴿٥٣﴾

### ◄ تەرجىمىسى

50-(ئى پەيغەمبەر! ئۇ كاپىرلارغا) ئېيتقىنكى، «مەن سىلەرگە، ‹مەندە ئاللاھنىڭ خەزىنىلىرى بار›، ‹مەن غەيبنى بىلىمەن› دېمەيمەن، يەنە سىلەرگە ‹مەن بولسام بىر پەرىشتە› دەپمۇ ئېيتمايمەن، مەن پەقەت ماڭا قىلىنغان ۋەھيىگىلا ئەگىشىمەن». ئېيتقىنكى، «كور ئادەم بىلەن كۆزى ساق ئادەم باراۋەر بولامدۇ؟ ئويلاپ باقمامسىلەر؟».

51-رەببىنىڭ دەرگاھىغا ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق دوستى ۋە شاپائەتچىسى يوق ھالەتتە توپلىنىشتىن قورقىدىغان كىشىلەرنىڭ (گۇناھلاردىن) ساقلىنىشى ئۈچۈن، ئۇلارنى قۇرئان بىلەن ئاگاھلاندۇرغىن.

52-ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئىزدەپ ئەتىگەندە، ئاخشامدا رەببىگە ئىبادەت قىلىدىغانلارنى سەن (يېنىڭدىن) قوغلىۋەتمىگىن. ئۇلارنىڭ ھېسابىدىن ساڭا ھېچ نەرسە يۈكلەنمەيدۇ. سېنىڭ ھېسابىڭدىنمۇ ئۇلارغا ھېچ نەرسە يۈكلەنمەيدۇ، ئەگەر سەن ئۇلارنى قوغلىۋەتسەڭ، زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولۇپ قالىسەن.

53-بىز ئىنسانلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسى بىلەن سىنىدۇق، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ بەزىسى (بەزىسىنى كۆزگە ئىلماي): «ئارىمىزدىن ئاللاھ ئىنئام قىلغان كىشىلەر مۇشۇلارمىكەن؟» دەيدۇ. ئاللاھ شۈكۈر قىلغۇچىلارنى ئوبدان بىلىدۇ ئەمەسمۇ؟!

## تەپسىرى

مۇشرىكلارنىڭ ئىسلام دەۋىتىنى رەت قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇشى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى قاتتىق بىئارام قىلغان ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ نادانلىقى، پەيغەمبەرنىڭ ۋەزىپىسىنى تونۇماسلىقى ۋە تەرسالىقى تۈپەيلىدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن ئاجايىپ-غارايىپ مۆجىزىلەرنى تەلەپ قىلاتتى. شۇڭا ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىدۇ. ئى پەيغەمبەر! سەندىن قولۇڭدىن كەلمەيدىغان ئادەتتىن تاشقىرى ئىشلارنى تەلەپ قىلىۋاتقان بۇ مۇشرىكلارغا ئېيتقىنكى، مەن سىلەرگە مەندە ئاللاھ تائالانىڭ خەزىنىلىرى بار، مەن ئۇنىڭغا ئىگىدارچىلىق قىلىمەن، ئۇلارنى كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا تەقسىم قىلىپ بېرەلەيمەن، دەپ ئېيتمىدىم، ياكى ئاللاھ تائالاغا خاس بولغان غەيبلەرنى بىلىمەن دەپمۇ ئېيتمىدىم. مەن پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ ۋەھيى يولى بىلەن ماڭا بىلدۈرگەنلىرىنىلا ئېيتىمەن ۋەياكى ئۆزۈمنى پەرىشتىلەرنىڭ قاتارىدىن ساناپ ئىنسانلارغا بېرەلمىگەن نەرسىلەر ماڭا بېرىلدى، دېمىدىم. يەنى مېنىڭ ئىقتىدارىمدا بولمىغان ۋە قولۇمدىن كەلمەيدىغان نەرسىلەرنى مەندىن تەلەپ قىلىشىڭلار ئۈچۈن، مەن ئۆزۈمنى ئىلاھ ياكى پەرىشتە دەۋالغىنىم يوق. مەن پەقەت پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسى بىلەن شەرەپلەنگەن بىر ئىنسانمەن. مەن پەقەت ماڭا قىلىنغان ۋەھيىگىلا ئەگىشىمەن ۋە ئەمەل قىلىمەن. ئىنسانلارغا پەيغەمبەر بولۇپ كەلگەن كىشى يالغۇز مەنلا ئەمەس، مەندىن ئىلگىرىمۇ كۆپلىگەن پەيغەمبەرلەر كەلگەن.

بىلىڭلاركى، كائىناتنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش پەقەت ئاللاھ تائالاغىلا خاستۇر. ئاللاھ تائالا مۇتلەق قۇدرەت ئىگىسى، يەككە-يېگانە ئىلاھتۇر. ئۇ سىلەر تەلەپ قىلغان مۆجىزىلەرنى چۈشۈرۈپ بېرىشكە قادىر زاتتۇر. ئاللاھ تائالا كائىناتتا بولغان ۋە بولىدىغان پۈتۈن ئىشلارنى بىلىدۇ. ئەمما پەيغەمبەر كىشىلەرگە ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى چۈشىنىشلىك قىلىپ يەتكۈزۈش ۋەزىپىسىنىلا ئۆتەيدۇ، ئۇ كاپىرلار تەلەپ قىلغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى كەلتۈرەلمەيدۇ. بۇلاقلارنى ۋە ئۆستەڭلەرنى ئېقىتىش، يايپېشىل باغلارنى يارىتىش ياكى ئاسماننى كاپىرلارنىڭ ئۈستىگە پارچە-پارچە قىلىپ چۈشۈرۈش ياكى ئاللاھ تائالانى ۋە پەرىشتىلەرنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈش قاتارلىق ئىنسانلارنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان ئىشلار پەيغەمبەرنىڭمۇ قولىدىن كەلمەيدۇ.

بۇ يەردە شۇنى بىلىش كېرەككى، ئىنسانلارنىڭ سەرخىللىرى بولغان ئۇلۇغ پەيغەمبەرلەر سەۋەبلەر ئالەمنىڭ سىرتىدا بىرەر ئىش قىلىش

قۇدرىتىگە ئىگە بولمىغان يەردە، نادان كىشىلەر ھاجەتلىرىنى تىلەيدىغان ئاتالمىش ئەۋلىيالار بۇنداق بىر ئىشنى قىلىشقا ھەرگىزمۇ قادىر ئەمەس.

ئى پەيغەمبەر! مۇشرىكلارغا ئېيتقىنكى، كور ئادەم بىلەن كۆزى ساق ئادەم باراۋەر بولالامدۇ؟ ئازغۇنلۇققا پاتقان ئادەم بىلەن ھىدايەت تاپقان ئادەم باراۋەر بولالامدۇ؟ ھەرگىزمۇ باراۋەر بولالمايدۇ. مۇئمىن بىلەن كاپىر، ئازغۇن بىلەن ھىدايەت تاپقۇچى ھەرگىز باراۋەر بولالمايدۇ. ئاللاھ تائالاغا ئىشەنگەن ۋە ئۇنى تونۇغان مۇئمىنلەر مەنىۋى ئەزالىرى ساغلام كىشىلەردۇر. ئەمما كاپىرلار مەنىۋى جەھەتتىن ئۆلۈكلەر بولۇپ، ئۇلار كور، گاس ۋە ئەقىلسىزلەردۇر.

ئى مۇشرىكلار! سىلەرگە نېمە بولدى؟ نېمە ئۈچۈن مەن سىلەرنى دەۋەت قىلىۋاتقان دىن توغرىسىدا ئويلاپ كۆرمەيسىلەر؟ نېمە ئۈچۈن «قۇرئان كەرىم» ئۈستىدە، ئۇنىڭ ئىنسان سۆزى ئەمەسلىكى، ئەدەبىي ئۈستۈنلۈكى ۋە مۆجىزىلىرى ئۈستىدە تەپەككۇر قىلمايسىلەر؟

ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى بايانلاردىن كېيىن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى بارلىق ئىنسانلارنى ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرۇشقا بۇيرۇيدۇ. ئى پەيغەمبەر! قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىدا ھەشر قىلىنىشتىن (يەنى توپلىنىشتىن) قورقىدىغانلارنىڭ گۇناھ-مەئسىيەتلەردىن ساقلىنىپ، تەقۋادارلىق مەرتىۋىسىگە يۈكسىلىشى ئۈچۈن، ئۇلارنى «قۇرئان كەرىم» بىلەن ئاگاھلاندۇرغىن. ئۇلار قىيامەت كۈنى ئۆزلىرى ئۈچۈن ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچقانداق مەدەتكار، ھېچقانداق شاپائەتچى يوق ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالىدۇ. شەكسىزكى، «قۇرئان كەرىم» ئىنسانىيەت ئۈچۈن ۋەز-نەسىھەتتۇر ۋە ئاگاھلاندۇرۇشتۇر. ئەمما ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغان كاپىرلار بۇ ئاگاھلاندۇرۇشتىن ئىبرەت ئالمايدۇ.

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»نىڭ تەقۋادار مۇئمىنلەر ئۈچۈن ۋەز-نەسىھەت ۋە يېتەكچى ئىكەنلىكىنى كۆپلىگەن ئايەتلەردە بايان قىلغان. مەسىلەن: بەقەرە سۈرىسىنىڭ بېشىدا ﴿الٓمٓ ﴿١﴾ ذَٰلِكَ ٱلۡكِتَٰبُ لَا رَيۡبَۛ فِيهِۛ هُدٗى لِّلۡمُتَّقِينَ ﴿٢﴾ ٱلَّذِينَ يُؤۡمِنُونَ بِٱلۡغَيۡبِ وَيُقِيمُونَ ٱلصَّلَوٰةَ وَمِمَّا رَزَقۡنَٰهُمۡ يُنفِقُونَ﴾ يەنى ﴿بۇ ئۇلۇغ كىتابتۇر، ئۇنىڭدا قىلچە شەك يوقتۇر، تەقۋادارلارغا يېتەكچىدۇر. ئۇلار غەيبكە ئىشىنىدىغان، نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلىدىغان، بىزنىڭ بەرگەنلىرىمىزدىن (ئاللاھ يولىغا) سەرپ قىلىدىغان كىشىلەردۇر﴾ دەيدۇ. چۈنكى، غەيبكە ئىشەنگۈچىلەر ئاخىرەت ھاياتىغىمۇ ئىشىنىدۇ، ئاخىرەت ھاياتىغا ئىشىنىدىغان كىشىلەر «قۇرئان كەرىم»نىڭ

ۋەز-نەسىھەتلىرىدىن تېگىشلىك نېسىۋىلىرىنى ئالالايدۇ. ئەمما ماتېرىيا-لىزمچىلار ماددىدىن باشقىسىغا ئىشەنمەيدۇ. چۈنكى، ئۇلار ھەقىقەتكە ئەگەشمىگەنلىكى ئۈچۈن ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ دىللىرىنى پېچەتلىۋەتكەن، كۆزلىرىنى ھەقىقەتنى كۆرمەيدىغان، قۇلاقلىرىنى ھەقىقەتنىڭ ساداسىنى ئاڭلىمايدىغان قىلىۋەتكەن. شۇڭا ئۇلارنىڭ دىللىرىغا «قۇرئان كەرىم»نىڭ نۇرى كىرمەيدۇ. نەتىجىدە، ئۇلار «قۇرئان كەرىم»دىن ۋەز- نەسىھەت ئالالمايدۇ. ﴿إِنَّمَا تُنذِرُ ٱلَّذِينَ يَخۡشَوۡنَ رَبَّهُم بِٱلۡغَيۡبِ وَأَقَامُواْ ٱلصَّلَوٰةَۚ﴾ يەنى ﴿سەن پەقەت خىلۋەتتە رەببىدىن قورقىدىغانلارنى، نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلىدىغانلارنى ئاگاھلاندۇرالايسەن﴾[1].

﴿وَٱصۡبِرۡ نَفۡسَكَ مَعَ ٱلَّذِينَ يَدۡعُونَ رَبَّهُم بِٱلۡغَدَوٰةِ وَٱلۡعَشِيِّ يُرِيدُونَ وَجۡهَهُۥۖ وَلَا تَعۡدُ عَيۡنَاكَ عَنۡهُمۡ تُرِيدُ زِينَةَ ٱلۡحَيَوٰةِ ٱلدُّنۡيَاۖ وَلَا تُطِعۡ مَنۡ أَغۡفَلۡنَا قَلۡبَهُۥ عَن ذِكۡرِنَا وَٱتَّبَعَ هَوَىٰهُ وَكَانَ أَمۡرُهُۥ فُرُطٗا﴾ يەنى ﴿سەن رەببىڭنىڭ رازىلىقىنى تىلەپ، ئەتىگەن-ئاخشامدا ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىدىغانلار بىلەن كۆڭلۈڭنى ئارام تاپقۇزغىن، دۇنيا ھاياتىنىڭ زىبۇزىننىتىنى دەپ، ئۇلارنى كۆزگە ئىلماي قالمىغىن، (ئاسىيلىقى سەۋەبلىك) بىز دىلىنى زىكرىمىزدىن غەپلەتتە قالدۇرغان، نەپسى خاھىشىغا ئەگەشكەن، ئىشى ھەددىدىن ئاشقان ئادەمگە بويسۇنمىغىن﴾[2]. دۇنيالىقتىن ھېچبىر مەنپەئەتنى كۆزلىمەستىن، پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى تىلەپ، ساڭا كۆڭلىدىن باغلانغان ۋە سېنىڭ دەۋىتىڭگە چىن ئىشىنىپ، ئۇنى قوبۇل قىلغانلار ئەنە شۇلاردۇر. ئۇلار مۇنداق قىلىشتا مۇناپىقلىق، شەكلۋازلىق ۋە ئابرۇيپەرەسلىك قىلغان ئەمەس، پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى تىلەپ شۇنداق قىلغان.

ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، ئىبنى جەرىر تەبەرىي ۋە تەبەرانى قاتارلىق ئۆلىمالار ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «قۇرەيش قەبىلىسىدىن بىر گۇرۇھ كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا سۇھەيب، ئەممار، خەبباب قاتارلىق كەمبەغەل ساھابىلەر ئولتۇراتتى. قۇرەيشلىك گۇرۇھ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېدى: ‹ئى مۇھەممەد! سەن قەۋمىڭدىن ۋاز كېچىپ مۇشۇ كەمبەغەللەر بىلەن بىللە بولۇشقا رازى بولدۇڭمۇ؟ ئارىمىزدا ئاللاھنىڭ ئىنئامىغا ئېرىشكەنلەر

[1] فاتىر سۈرىسى: 18- ئايەت.
[2] كەھف سۈرىسى: 28- ئايەت.

مۇشۇلارمىكەن؟ ئەمدى بىز بۇلارغا ئەگىشىمىزمۇ؟ سەن ئۇلارنى يېنىڭدىن قوغلىۋەتكىن. ئەگەر سەن ئۇلارنى يېنىڭدىن قوغلىۋەتسەڭ، بەلكى بىز ساڭا ئەگىشىشىمىز مۇمكىن، دېدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئاللاھ تائالا ﴿رەببىنىڭ دەرگاھىغا ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق دوستى ۋە شاپائەتچىسى يوق ھالەتتە توپلىنىشتىن قورقىدىغان كىشىلەرنىڭ (گۇناھلاردىن ساقلىنىشى ئۈچۈن، ئۇلارنى قۇرئان بىلەن ئاگاھلاندۇرغىن﴾ دېگەن ئايەتتىن ﴿ئاللاھ شۈكۈر قىلغۇچىلارنى ئوبدان بىلىدۇ ئەمەسمۇ؟!﴾ دېگەن ئايەتكىچە بولغان ئايەتلەرنى نازىل قىلدى»[1].

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئۆز ۋاقتىدىكى ئەرەب جەمئىيىتىنىڭ ھەر تەبىقە كىشىلىرى ئەگەشكەن بولۇپ، ئەڭ دەسلەپتە ئىمان ئېيتقان كىشىلەرنىڭ كۆپ سانلىقى تۆۋەن تەبىقىدىكى كىشىلەردىن ئىدى. چۈنكى، خەلقنىڭ يەلكىسىگە مىنىۋالغان ھاكاۋۇر كاتتىباشلار ۋە جەمئىيەتتە مەلۇم دەرىجىدە نوپۇزغا ئىگە ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ نوپۇزىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن ئەندىشە قىلاتتى. شۇڭا ئۇلار ئىسلام دىنىدىن ئىبارەت بۇ يېڭى دىننى قوبۇل قىلىشتا ئىككىلىنەتتى. ئەمما تۆۋەن تەبىقىدىكى كىشىلەرنىڭ، خۇسۇسەن يوقسۇللارنىڭ بۇنداق بىر ئەندىشىسى يوق ئىدى. شۇڭا دەسلەپ ئىمان ئېيتقانلارنىڭ كۆپرەكى ئاشۇلاردىن بولغان. بۇ ماۋزۇدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىرەقلىگە[2] ئەۋەتكەنلىكى ئەلچى ھەققىدىكى قىسسىنى خاتىرىلەش بىزگە يېتەرلىكتۇر. ھىرەقلى ئەلچىلەردىن «مۇھەممەدكە ئەگەشكەنلەر يۇقىرى تەبىقىدىنمۇ ياكى تۆۋەن تەبىقىدىنمۇ؟» دەپ سورايدۇ. ئەلچىلەر: «مۇھەممەدكە تۆۋەن تەبىقىدىكى كىشىلەر كۆپرەك ئەگىشىۋاتىدۇ» دېگەندە، ھىرەقلى: «ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگىمۇ قەۋمىنىڭ شۇنداق تۆۋەن تەبىقىدىكىلىرى ئەگەشكەن» دەپ جاۋاب بەرگەن. ئۆز ۋاقتىدا نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىمۇ ئۇنىڭغا: ﴿وَمَا نَرَىٰكَ ٱتَّبَعَكَ إِلَّا ٱلَّذِينَ هُمۡ أَرَاذِلُنَا بَادِيَ ٱلرَّأۡيِ﴾ يەنى ﴿ھەمدە ساڭا ئارىمىزدىكى چولتا پىكىرلىك پەس ئادەملەردىن باشقىسىنىڭ ئەگەشمىگەنلىكىنى كۆرۈۋاتىمىز﴾[3] دېگەن ئىدى.

ئى پەيغەمبەر! سېنىڭ ئەتراپىڭغا ئۇيۇشقان ۋە ئەتىگەن-ئاخشاملىرى رەببىگە ئىبادەت قىلىش بىلەن بولىدىغان بۇ يوقسۇل ۋە ئاجىز مۇسۇلمانلارنى نېمە دەپ سەن يېنىڭدىن قوغلايدىكەنسەن؟ ئۇلارنى

[1] «الدر المنثور في التفسير بالمأثور» 3-توم، 272-بەت.

[2] ھىرەقلى-ئۆز ۋاقتىدىكى بىزىنتىيە ئىمپېراتورى.

[3] ھۇد سۈرىسى: 27- ئايەت.

يېنىڭدىن قوغلىۋەتكۈدەك ھېچبىر ئىش يوق. ئەگەر ئۇلار بۇ ئىشتا ئىخلاسمەن بولمىغان بولسا، ئۇلارنىڭ ھېسابىدىن ساڭا ھېچ نەرسە يۈكلەنمەيدۇ. سېنىڭ ھېسابىڭدىنمۇ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ھېچ نەرسە يۈكلەنمەيدۇ. ﴿كُلُّ نَفْسٍ بِمَا كَسَبَتْ رَهِينَةٌ﴾ يەنى ﴿ھەر ئىنسان ئۆزىنىڭ ئەمەلى بىلەن رەنگە ئېلىنغاندۇر﴾[1]. سېنىڭ ۋەزىپەڭ كىشىلەرگە دىننى يەتكۈزۈشتۇر. ﴿فَذَكِّرْ إِنَّمَآ أَنتَ مُذَكِّرٌ ۞ لَّسْتَ عَلَيْهِم بِمُصَيْطِرٍ﴾ يەنى ﴿سەن (ئۇلارغا) ۋەز-نەسىھەت قىلغىن. سەن پەقەت ۋەز-نەسىھەت قىلغۇچىسەن. سەن ئۇلارنى (ئىمانغا) مەجبۇرلىغۇچى ئەمەسسەن﴾[2]. ﴿وَلَا تَزِرُ وَازِرَةٌ وِزْرَ أُخْرَىٰ﴾ يەنى ﴿ھېچبىر گۇناھكار باشقا بىرىنىڭ گۇناھىنى ئۈستىگە ئالمايدۇ﴾[3].

ئى پەيغەمبەر! ئەگەر سەن بۇ يوقسۇللارنى يېنىڭدىن قوغلىۋەتسەڭ، سەن ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلمىغان، ئۇلارغا ۋە ئۆزۈڭگە زۇلۇم قىلغانلاردىن بولۇپ قالىسەن. بىز ئىنسانلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسى بىلەن مۇشۇنداق سىنىدۇق، شۇنىڭ بىلەن بۇ ھاكاۋۇر مۇشرىكلار ئىنسانلارنىڭ ئاجىزلىرى سانالغان سۇھەيب، ئەممار ۋە بىلالغا ئوخشىغان ساھابىلەرنى كۆزگە ئىلماي، ئۇلارنى كۆرگەندە: «ئارىمىزدىن ئاللاھنىڭ ئىنئامىغا ئېرىشكەن كىشىلەر مۇشۇلارمۇ؟ ئاللاھ ھىدايەتتىن ئىبارەت بۇ كاتتا نېمەتنى ئارىمىزدىن ئاشۇ يوقسۇل ۋە ئاجىز قۇللارغا ئاتا قىپتۇمۇ؟ ھەممىمىزنىڭ ئارىسىدىن ئۇلارنى تاللاپ چىقىپ، ئاشۇلارنىلا بۇ نېمەتكە سازاۋەر قىپتىمۇ؟ ياق! بۇنداق بولماسلىقى لازىم. چۈنكى، بىزگە بېرىلگەن كۈچ-قۇۋۋەت، بايلىق، مەنسەپ، يۈز-ئابرۇي قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرىمىز يۈزىسىدىن بىز ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئۇلاردىن ئەلۋەتتە ئۈستۈن ۋە ئېتىبارلىق كىشىلەر سانىلىمىز. ئەگەر مۇھەممەد دەۋەت قىلىۋاتقان بۇ دىن ياخشى بىر دىن بولسا ئىدى، ئاللاھ بىزنى بۇ دىننى قوبۇل قىلىشقا نېسىپ قىلغان بولاتتى ۋە بىز ئاشۇ يوقسۇللاردىن بۇرۇنلا ئىمان ئېيتقان بولاتتۇق» دەيدۇ. «قۇرئان كەرىم» ئۇ كاپىرلارنىڭ يەنە بىر سەپسەتىسىنى قىسسە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَقَالَ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ لِلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَوْ كَانَ خَيْرًا مَّا سَبَقُونَآ إِلَيْهِ ۚ وَإِذْ لَمْ يَهْتَدُواْ بِهِۦ فَسَيَقُولُونَ هَٰذَآ إِفْكٌ قَدِيمٌ﴾ يەنى ﴿كاپىرلار ئىمان ئېيتقانلار ھەققىدە: «ئەگەر (بۇ قۇرئان) ياخشى بولىدىغان بولسا ئىدى، ئۇنىڭغا (ئىمان ئېيتىشتا) ئۇلار بىزنىڭ ئالدىمىزغا ئۆتۈپ

[1] مۇددەسسىر سۈرىسى: 38- ئايەت.
[2] غاشىيە سۈرىسى: 21-22- ئايەتلەر.
[3] ئىسرا سۈرىسى: 15- ئايەت.

كەتمىگەن بولاتتى» دېدى. ئۇلار ئۇ (قۇرئان) بىلەن ھىدايەت تاپمىغانلىقى ئۈچۈن، «بۇ قەدىمىي ئويدۇرمىدۇر» دەيدۇ﴾[1].

كاپىرلار مۇۋەپپەقىيەتنى دۇنيانىڭ ئۆتكۈنچى مەنپەئەتلىرى بىلەن قىياسلايدۇ. بۇ ھەقىقەتەن غەلىتە چۈشەنچىدۇر. چۈنكى، بۇ بۇرنىنىڭ ئۈچىنىلا كۆرگەنلىك بولۇپ، ئۇچىغا چىققان ئەقىلسىزلىقتۇر. ئەمما ئاللاھ تائالاغا ۋە قىيامەت كۈنىگە ئىمانى بار كىشىلەرنىڭ نەزەر دائىرىسى كەڭ بولىدۇ. ئۇلار بۇ دۇنيانى ئاخىرەت يولىدىكى بىر بېكەت ۋە بىر قونالغۇ دەپلا بىلىدۇ.

﴿ئاللاھ شۈكۈر قىلغۇچىلارنى ئوبدان بىلگۈچى ئەمەسمۇ؟﴾ يەنى ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلغانلىقى ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ نېمەتكە سازاۋەر بولغۇچىلارنى ئاللاھ تائالا ئەلۋەتتە ئوبدان بىلىدۇ. ﴿لَئِن شَكَرْتُمْ لَأَزِيدَنَّكُمْ ۖ وَلَئِن كَفَرْتُمْ إِنَّ عَذَابِي لَشَدِيدٌ﴾ يەنى ﴿ئەگەر شۈكۈر قىلساڭلار، سىلەرگە (بېرىۋاتقان نېمىتىمنى) تېخىمۇ زىيادە قىلىمەن. ئەگەر تۇزكورلۇق قىلساڭلار، شەكسىزكى، مېنىڭ ئازابىم بەكمۇ قاتتىقتۇر﴾[2].

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. پەيغەمبەرلەر ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى كىشىلەرگە يەتكۈزۈشكە بۇيرۇلغان ئەلچىلەردۇر. ئۇلارمۇ ئىنسان بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىنسانلار قىلالمايدىغان ئىشلارنى قىلالمايدۇ، ئاللاھ تائالا بىلدۈرمىگەن غەيبلەرنى بىلمەيدۇ.

2. ئۆزىنىڭ ياراتقۇچىسىنى تونۇغانلار بىلەن ئۇنى ئىنكار قىلغۇچىلار-نىڭ مىسالى كور بىلەن كۆزى ساقنىڭ، ئۆلۈك بىلەن تىرىكنىڭ مىسالىغا ئوخشاشتۇر. مۇئمىنلەر قەلب كۆزلىرى ئوچۇق، ئۆزلىرى تىرىك كىشىلەردۇر. ئەمما كاپىرلار مەنىۋى كور ۋە ئۆلۈكلەردۇر. شۇڭا ئۇلار ئۆزلىرىنى يوقتىن بار قىلغان زاتنىمۇ تونۇمايدۇ ۋە بىلمەيدۇ.

3. يوقسۇللارنى، تەقۋادارلارنى دوست تۇتۇش ۋە ئۇلار بىلەن بىللە بولۇش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ گۈزەل ئەخلاقىدۇر.

4. نېمەتكە شۈكۈر قىلغۇچىلار ھەر زامان ئاللاھ تائالانىڭ سانسىز نېمەتلىرىگە سازاۋەر بولغۇچىلاردۇر.

---

[1] ئەھقاف سۈرىسى: 11ـ ئايەت.

[2] ئىبراھىم سۈرىسى: 7ـ ئايەت.

### ◄ ئاللاھ تائالانىڭ شەپقىتىدىن ئۈرنەكلەر

﴿وَإِذَا جَآءَكَ ٱلَّذِينَ يُؤۡمِنُونَ بِـَٔايَٰتِنَا فَقُلۡ سَلَٰمٌ عَلَيۡكُمۡۖ كَتَبَ
رَبُّكُمۡ عَلَىٰ نَفۡسِهِ ٱلرَّحۡمَةَ أَنَّهُۥ مَنۡ عَمِلَ مِنكُمۡ سُوٓءَۢا بِجَهَٰلَةٖ ثُمَّ
تَابَ مِنۢ بَعۡدِهِۦ وَأَصۡلَحَ فَأَنَّهُۥ غَفُورٞ رَّحِيمٞ ٥٤ وَكَذَٰلِكَ نُفَصِّلُ
ٱلۡأٓيَٰتِ وَلِتَسۡتَبِينَ سَبِيلُ ٱلۡمُجۡرِمِينَ ٥٥﴾

### ◄ تەرجىمىسى

54ـ بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە ئىمان كەلتۈرگەنلەر سېنىڭ يېنىڭغا كەلگەن چاغدا (سەن ئۇلارغا): «سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن، رەببىڭلار رەھمەت قىلىشنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى، سىلەردىن كىمكى بىلمەستىن بىرەر يامانلىق قىلىپ قويۇپ، ئاندىن كېيىن تەۋبە قىلسا ۋە ئۆزىنى تۈزەتسە (ئاللاھ ئۇنى كەچۈرىدۇ). شەكسىزكى، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر ۋە رەھىم قىلغۇچىدۇر» دېگىن.

55ـ (ھەقىقەتنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى) ۋە گۇناھكارلارنىڭ يولىنىڭ ئېنىق بولۇشى ئۈچۈن، ئايەتلىرىمىزنى ئاشۇنداق ئوچۇق بايان قىلىمىز.

### ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تەلىم بېرىپ، ئۇنىڭ يېنىغا كەلگەن مۇئمىنلەرگە شۇ مەنىدە خۇش خەۋەر بېرىشكە بۇيرۇيدۇ: ئى پەيغەمبەر! سېنىڭ يېنىڭغا بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە چىن ئىشىنىپ، چىن دىلىدىن ئېتىقاد قىلىش بىلەن بىرگە، شۇ ئىمانىغا لايىق ھالدا ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەر كەلگەن چاغدا، ئۇلارغا: سىلەر ئىلگىرى سادىر قىلغان بولساڭلارمۇ كېيىن تەۋبە قىلىپ يانغان گۇناھلىرىڭلار تۈپەيلىدىن سىلەرنى جازالىماسلىقتىن ئىبارەت رەببىڭلار-نىڭ ئامانلىقى ۋە ئىنايىتى سىلەرگە بولسۇن! دېگىن.

ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، ئاللاھ تائالانىڭ ئامانلىقى ۋە ئىنئامى سىلەرگە بولسۇن! چۈنكى ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە رەھمەت قىلىشنى ئېھسان ۋە ئىنئام قىلىش يۈزىسىدىن ئۆز ئۈستىگە ئالدى. ئۇ رەھمىتى كەڭ، مەغپىرىتى چوڭ، شەپقىتى ۋە نېمەتلىرى مول زاتتۇر. ئاللاھ تائالا بىزنى مۇكەممەل يارىتىپ، گۈزەل سۈرەتلەرگە كىرگۈزۈپ،

بىزگە ھېس-تۇيغۇ ئاتا قىلغان، ئاڭلاش، كۆرۈش، تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىنى ئاتا قىلغان ئۇلۇغ كەرەملىك زاتتۇر. ﴿وَفِي ٱلۡأَرۡضِ ءَايَٰتٞ لِّلۡمُوقِنِينَ ۝٢٠ وَفِيٓ أَنفُسِكُمۡۚ أَفَلَا تُبۡصِرُونَ﴾ يەنى ﴿زېمىندا ۋە ئۆزۈڭلاردا (ئاللاھقا) چىن ئىشەنگۈچىلەر ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) دەلىللەر بار، سىلەر (بۇلارنى) كۆرمەيۋاتامسىلەر؟﴾[1].

ئاللاھ تائالا يەر يۈزىدىكى ھەممە نەرسىنى بىز ئۈچۈن، بىزنىڭ مەنپەئەتلىنىشىمىز ئۈچۈن يارىتىپ بەردى، تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇپ ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشىمىز ئۈچۈن، بىزگە ئىلىم-پەننى ئاتا قىلدى. بۇلارنىڭ ھەممىسىدە ۋە كائىناتتىكى ھەممە نەرسىدە ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىنىڭ كەڭلىكىگە، نېمەتلىرىنىڭ مولluقىغا، قۇدرىتىنىڭ چەكسىزلىكىگە، خۇشۇسەن بەندىلىرىگە ناھايىتى مېھرىبان ۋە شەپقەتلىك ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدىغان ئالامەتلەر بار. شۇنىڭدىن كېيىن ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە بولغان مېھرىبانلىقى بىلەن دىنىنىڭ ئاساسلىرىدىن بىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ ۋە مۇنداق دەپ بۇيرۇيدۇ: سىلەردىن كىمكى ئاچچىقىنىڭ كەينىگە كىرىپ ياكى نەپسى شەيتانغا ئالدىنىپ قېلىپ، دىن ۋە ئەخلاققا خىلاپ كېلىدىغان قانداقلا بىر يامان ئىشنى بىلمەستىن قىلىپ قويۇپ، ئارقىدىنلا تەۋبە قىلسا ۋە توغرا يولغا كىرسە، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ تەۋبىسىنى ئەلۋەتتە قوبۇل قىلىدۇ، گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىدۇ.

ئايەتنى مۇنداق تەپسىر قىلغانلارمۇ بار: سىلەردىن كىمكى كېيىن مەيدانغا كېلىدىغان يامان ئاقىۋەت ۋە زىياننى بىلمەستىن يامان بىر ئىشنى قىلىپ قويغان ۋە ئارقىدىنلا دەرھال تەۋبە قىلىپ ئۇنىڭدىن يانغان بولسا، يەنى يامان ئىشنى تاشلاپ، دەرھال ئۆزىنى توغرا يولغا قاراتقان، شەيتاننىڭ سۈيىقەستىنى بۇزغان، رەببىگە تەۋبە قىلىپ رۇكۇ ۋە سەجدىگە بارغان، ئۆزىنىڭ توغرا يولغا كىرگەنلىكىنى ۋە تەۋبىسىدە سەمىمىي ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ، ياخشى ئەمەل قىلىش بىلەن ئۆزىنى تۈزىگەن بولسا، بىلىڭلاركى، ئاللاھ تائالا ناھايىتى شەپقەتلىك، مەغپىرىتى كەڭ، بەندىلىرىنىڭ تەۋبىلىرىنى قوبۇل قىلغۇچى، گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلغۇچى زاتتۇر!.

ئۆلىمالار تەۋبىنىڭ قوبۇل بولۇشى ئۈچۈن ھەقىقىي پۇشايمان قىلىش، قايتا گۇناھ قىلماسلىققا چىن ئىرادە تىكلەش، ناھەقچىلىككە ئۇچرىغانلارنىڭ ھەقلىرىنى ئۆزلىرىگە تاپشۇرۇپ بېرىپ ئۇلارنى رازى

[1] زارىيات سۈرىسى: 20-21- ئايەتلەر.

قىلىش، تەۋبىدىن كېيىنلا ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش قاتارلىق ئىشلارنى شەرت قىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا ئاخىرقى ئايەتتە دېيىدۇكى، ساغلام پىكىرلىك، ئەقىل-ئىدراكلىق كىشىلەر توغرا يولنى تاپسۇن ۋە ياخشىلارنىڭ يولى ئېنىق ئايان بولغاندەك، ئاسىي-گۇناھكارلارنىڭ يولىمۇ ئېنىق ئايرىلسۇن دەپ، پۈتۈن ئايەتلەرنى-دىنىنىڭ ئەھكاملىرىنى ۋە پرىنسىپلىرىنى-مۇشۇنداق ئېنىق ۋە تەپسىلىي بايان قىلىمىز.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. كىشىلەرگە، خۇسۇسەن مۇسۇلمانلارغا شەپقەتلىك بولۇش، مېھرىبانلىق كۆرسىتىش ئىسلامىي گۈزەل ئەخلاقنىڭ جۈملىسىدىندۇر. كىشىلەرگە خۇش بېشارەت بېرىش، ئۇلارنى ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتى ۋە مەغپىرىتىدىن ئۈمىدلەندۈرۈش پەيغەمبەرلەرنىڭ يولى بولۇپ، دەۋەتچىلەر بۇنىڭغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى لازىم.

2. ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە بولغان شەپقىتى ئانىنىڭ بالىسىغا بولغان مېھىر-شەپقىتىدىنمۇ چوڭدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتى ھەمىشە ئۇنىڭ غەزىپىنى بېسىپ چۈشىدۇ.

3. سەمىمىي تەۋبە قىلغانلارنىڭ گۇناھلىرىنى ئاللاھ تائالا چوقۇم كەچۈرىدۇ، تەۋبە قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ ۋە ئەھۋالىنى تۈزەيدۇ.

4. ئۆزىنىڭ نەپسى خاھىشىغا قۇل بولۇپ قالغانلار نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىپ ئۆزىنى ھالاك قىلغۇچىلاردۇر. چۈنكى، نەپسى شەيتان ئادەمنى ھالاك قىلماي توختىمايدۇ. ئازغۇنلار چوقۇم زىيان تارتقۇچىلاردۇر.

## ◄ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇشرىكلارغا قارشى مەۋقەسى

﴿قُلۡ إِنِّي نُهِيتُ أَنۡ أَعۡبُدَ ٱلَّذِينَ تَدۡعُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِۚ قُل لَّآ
أَتَّبِعُ أَهۡوَآءَكُمۡ قَدۡ ضَلَلۡتُ إِذٗا وَمَآ أَنَا۠ مِنَ ٱلۡمُهۡتَدِينَ ٥٦ قُلۡ
إِنِّي عَلَىٰ بَيِّنَةٖ مِّن رَّبِّي وَكَذَّبۡتُم بِهِۦۚ مَا عِندِي مَا تَسۡتَعۡجِلُونَ بِهِۦٓۚ
إِنِ ٱلۡحُكۡمُ إِلَّا لِلَّهِۖ يَقُصُّ ٱلۡحَقَّۖ وَهُوَ خَيۡرُ ٱلۡفَٰصِلِينَ ٥٧ قُل لَّوۡ
أَنَّ عِندِي مَا تَسۡتَعۡجِلُونَ بِهِۦ لَقُضِيَ ٱلۡأَمۡرُ بَيۡنِي وَبَيۡنَكُمۡۗ وَٱللَّهُ

أَعۡلَمُ بِٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٥٨﴾

## تەرجىمىسى

56-(ئى پەيغەمبەر! مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى، «مەن سىلەر ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلەرگە چوقۇنۇشتىن ئەلۋەتتە مەنئى قىلىندىم». ئېيتقىنكى، «مەن سىلەرنىڭ نەپسى خاھىشلىرىڭلارغا ئەگەشمەيمەن، ئەگەر مەن سىلەرگە ئەگەشسەم، ھەقىقەتەن ئېزىپ كەتكەن بولىمەن ۋە ھىدايەت تاپقۇچىلاردىن بولالماي قالىمەن».

57-ئېيتقىنكى، «مەن رەببىم تەرىپىدىن (كەلگەن) روشەن دەلىل (ۋەھيى)گە ئاساسلىنىمەن، ھالبۇكى، سىلەر ئۇنى يالغانغا چىقاردىڭلار، سىلەر تېز كېلىشىنى تەلەپ قىلىۋاتقان ئازاب مېنىڭ ئىلكىمدە ئەمەس. بارچە ھۆكۈم پەقەت ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھ ھەقنى سۆزلەيدۇ، ئۇ ھۆكۈم قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر».

58-ئېيتقىنكى، «سىلەر تېز كېلىشىنى تەلەپ قىلغان ئازاب مېنىڭ قولۇمدىن كەلسە ئىدى، ئۇ چاغدا مەن بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ئىش چوقۇم بىر تەرەپ قىلىنىپ بولغان بولاتتى». ئاللاھ زالىملارنى ئوبدان بىلىدۇ.

## تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! مۇشرىكلارغا ئېيتقىنكى، ئى مۇشرىكلار! سىلەر چوقۇنۇۋاتقان، ھېچكىمگە پايدا يەتكۈزەلمىسىمۇ، ھېچكىمنى زىياندىن ساقلىيالمىسىمۇ، سىلەر ياخشىلىق كۈتۈۋاتقان ئاشۇ بۇتلارغا ۋە بارلىق ساختا ئىلاھلارغا چوقۇنۇشتىن مەن ئەلۋەتتە مەنئى قىلىندىم. بۇ رەزىللىكلەرنى، بۇ خۇراپاتلارنى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئايەتلىرى مەنئى قىلغاندەك، ماددىي ۋە ئەقلىي دەلىللەر، ئىنساندىكى پاك ھېس-تۇيغۇ، ئىنسانىي روھ ۋە تەقلىدچىلىكنىڭ ئەسىرلىكىدىن، جاھالەتنىڭ ئازغۇنلۇقىدىن ۋە ھەسەتخورلۇقتىن خالىي بولغان ساغلام ئەقىل ئەلۋەتتە رەت قىلىدۇ. ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، مەن سىلەرنىڭ نەپسى خاھىشىڭلارغا ئەگەشمەيمەن. سىلەرنىڭ ئاللاھ تائالانى قايرىپ قويۇپ، بۇ ساختا ئىلاھلارغا چوقۇنۇشۇڭلارنىڭ بىرەر دەلىلى ياكى ئاساسى يوقتۇر، سىلەر پەقەت ئاتا-بوۋاڭلارنى تەقلىد قىلىپ شۇنداق قىلىۋاتىسىلەر، چۈنكى سىلەر ھەقىقەتنىڭ ساداسىغا ئەمەس، پەقەت ئۆزۈڭلارنىڭ ھاۋايى-ھەۋىسىگە ۋە ئاتا-بوۋاڭلارنىڭ خۇراپاتلىرىغا ئەگىشىۋاتىسىلەر! سىلەر: ﴿إِنَّا وَجَدۡنَآ

ءَابَآءَنَا عَلَىٰٓ أُمَّةٍ وَإِنَّا عَلَىٰٓ ءَاثَٰرِهِم مُّقۡتَدُونَ﴾ يەنى ﴿بىز ھەقىقەتەن ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ بىر خىل دىنغا ئېتىقاد قىلىپ كەلگەنلىكىنى بىلىمىز، شەكسىزكى، بىزمۇ ئۇلارنىڭ ئىزىنى بېسىپ ماڭىمىز﴾[1] دېيىشىدۇ. سىلەرنىڭ ساختا ئىلاھلارغا چوقۇنۇشۇڭلارنى توغرىلايدىغان ھېچبىر دەلىلىڭلار يوق، ئەمما ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىشىڭنىڭ ئەڭ توغرا ۋە ئەڭ ئادالەتلىك ئىش ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان مۇكەممەل دەلىللەر بار.

وفِي كلّ شيءٍ لَهُ آية تَدُلّ على أنّهُ الواحِدُ

ھەر نەرسىدە ئاللاھ ئۈچۈن بار بىر ئالامەت،
بىرلىكىگە قىلىدۇ شەكسىز دالالەت.

ئاللاھ تائالادىن باشقىسىغا چوقۇنۇش ۋە مەخلۇقاتنى ئاللاھ تائالاغا شېرىك قىلىۋېلىش ئۈپئۈچۈق ئازغۇنلۇقتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: ﴿مەن سىلەرنىڭ نەپسى خاھىشلىرىڭلارغا ئەگەشمەيمەن، ئەگەر مەن سىلەرگە ئەگەشسەم، ھەقىقەتەن ئېزىپ كەتكەن بولىمەن ۋە ھىدايەت تاپقۇچىلاردىن بولالماي قالىمەن﴾ دېگەن سۆزىدە، مۇشرىكلارنىڭ ھەرگىزمۇ توغرا يولدا ئەمەسلىكىگە ۋە ئۈپئۈچۈق زالالەت ئىچىدە ئىكەنلىكىگە روشەن ئىشارەت بار.

ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتقىنكى: سىلەرنىڭ ئاللاھ تائالانى قويۇپ باشقىسىغا چوقۇنۇشۇڭلارغا قارشى چىقىشىمدا ۋە سىلەرنى ئىبادەتنى ئاللاھ تائالاغىلا قىلىشقا چاقىرىشىمدا مەن ئەلۋەتتە رەببىم تەرىپىدىن كەلگەن ئۈپئۈچۈق دەلىل ۋە شەك قوبۇل قىلمايدىغان ھەقىقەت ئۈستىدىمەن. ﴿ذَٰلِكَ ٱلۡكِتَٰبُ لَا رَيۡبَۛ فِيهِۛ﴾ يەنى ﴿بۇ ئۇلۇغ كىتابتۇر، ئۇنىڭدا قىلچە شەك يوقتۇر﴾[2]. ئىسلام دىنىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە «قۇرئان كەرىم» ئۈپئۈچۈق دەلىلدۇر. ئەمما سىلەر ئى مۇشرىكلار! «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى ئىكەنلىكىگە ئىشەنمىدىڭلار، شەيتانغا ئەگەشتىڭلار، ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلدىڭلار. سىلەر «قۇرئان كەرىم»نى يالغانغا چىقىرىشتا، ئۆزۈڭلارنىڭ نەپسى خاھىشىڭلارغا ئەگەشتىڭلار، ئاتا-بوۋاڭلارنىڭ خۇراپاتلىرىغا ئىشەندىڭلار. سىلەرنىڭ بۇنداق چوڭقۇر ئازغۇنلۇققا پېتىپ كېتىشىڭلار، ئاتا-بوۋاڭلارنى

[1] زۇخرۇف سۈرىسى: 23- ئايەت.
[2] بەقەرە سۈرىسى: 2- ئايەت.

قارىغۇلارچە تەقلىد قىلىشىڭلار نېمە دېگەن ئەخمەقلىق-ھە! بۇ قىلمىشلىرىڭلار نېمە دېگەن يامان-ھە!

مۇشرىكلار «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى ئىكەنلىكىگە ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيتتى، بۇ ئىشلار توغرۇلۇق چوڭقۇر شەكتە ئىدى. ئاللاھ تائالا ئۇلار تەلەپ قىلغان مۆجىزىلەرنى چۈشۈرۈپ بەرمىگەن ئىدى. چۈنكى، ئۇلار تەلەپ قىلغان مۆجىزە چۈشۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇلار يەنە ئىمان ئېيتمىسا، ئۇلار ھالاك بولۇپ كېتەتتى. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مۇشرىكلارغا مۇنداق دېيىشكە بۇيرۇغان: ﴿سىلەر تېز كېلىشىنى تەلەپ قىلىۋاتقان ئازاب مېنىڭ ئىلكىمدە ئەمەس. بارچە ھۆكۈم پەقەت ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھ ھەقنى سۆزلەيدۇ، ئۇ ھۆكۈم قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر. سىلەر تېز كېلىشىنى تەلەپ قىلغان ئازاب مېنىڭ قولۇمدىن كەلسە ئىدى، ئۇ چاغدا مەن بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ئىش چوقۇم بىر تەرەپ قىلىنىپ بولغان بولاتتى﴾، يەنى مەن سىلەرگە سىلەر ئالدىرىتىۋاتقان ۋە تېز كېلىشىنى تەلەپ قىلىۋاتقان ئازاب مېنىڭ ئىلكىمدە، مەن ئۇنى سىلەرگە چۈشۈرەلەيمەن دېگىنىم يوق. بۇ مەسىلىدە ھۆكۈم چىقىرىش نېمىنى خالىسا شۇنى قىلالايدىغان، ھەممىدىن غالىب، يېگانە ئاللاھ تائالاغا خاستۇر! ھەممە نەرسە ئۇنىڭ دەرگاھىدا ئۆلچەملىكتۇر. ئاللاھ تائالا پۈتۈن ۋەدىلىرى ۋە ئاگاھ-لاندۇرۇشلىرىدا ھەقىقەتەن راستچىلدۇر، ئۇ ھۆكۈم چىقارغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر. سىلەر تېز كېلىشىنى تەلەپ قىلىۋاتقان ئازاب ئەگەر مېنىڭ قولۇمدىن كېلىدىغان بولسا ۋە ئاللاھ تائالا سىلەرنى جازالاش كۈچىنى ماڭا بەرگەن بولسا ئىدى، مەن ئەلۋەتتە سىلەرنى جازالىغان بولاتتىم. نەتىجىدە، سىلەر بىلەن مېنىڭ ئارامدىكى ئىش بىر تەرەپ قىلىنغان بولاتتى، سىلەر پۈتۈنلەي ھالاك قىلىنغان، مەن غەلىبە قىلغان بولاتتىم.

بۇ ئورۇندا ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىسنى نەقىل كەلتۈرۈش مۇناسىپتۇر. «تاغلارغا مۇئەككەل پەرىشتە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ: ‹ئى پەيغەمبەر! ئاللاھ قەۋمىڭنىڭ ساڭا دېگەنلىرىنى ئاڭلىدى. خالىغىنىڭنى ماڭا ئەمر قىلغىن، ئۈچۈن مېنى ساڭا ئەۋەتتى. خالىساڭ ئەخشەبەين (مەككىدىكى ئىككى تاغ)نى قەۋمىڭنىڭ ئۈستىگە چۈشۈرەي› دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: ‹بَلْ أَرْجُو أَنْ يُخْرِجَ اللّٰهُ مِنْ أَصْلَابِهِمْ مَنْ يَعْبُدُ اللّٰهَ

وَحْدَهُ لَا يُشْرِكُ بِهِ شَيْئًا› يەنى ‹ياق! مەن ئاللاھنىڭ ئۇلارنىڭ نەسلىدىن ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي ئىبادەت قىلىدىغان كىشىلەرنى چىقىرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن›»[1] دېدى.

شەكسىزكى، ئاللاھ تائالا توغرا يولغا كىرىشنى خالىماي ئۆزىگە زۇلۇم قىلغانلارنى قانداق ۋە قاچان جازالايدىغانلىقىنى، جازانىڭ قانداق شەكىلدە بولىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر. ئۇلارنىڭ قاچان ھالاك بولىدىغانلىقى ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا ئالدىن بەلگىلىنىپ بولغان. ﴿وَلِكُلِّ أُمَّةٍ أَجَلٌ فَإِذَا جَآءَ أَجَلُهُمْ لَا يَسْتَأْخِرُونَ سَاعَةً وَلَا يَسْتَقْدِمُونَ﴾ يەنى ﴿ھەربىر ئۈممەتنىڭ (ھالاك بولىدىغان) مۇئەييەن ۋاقتى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ (ھالاك بولىدىغان) ۋاقتى كەلگەندە، ئۇلار بىردەممۇ ئىلگىرى-كېيىن بولمايدۇ﴾[2]

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. كىشىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىدىغان ھەربىر دەۋەتچىنىڭ تەۋھىد ئەقىدىسىنى، شەرىئەت ئەھكاملىرىنى مۇكەممەل بىلىدىغان، ئىسلام فىقھىدىن تولۇق مەلۇماتلىق بولۇشى شەرتتۇر.

2. دەۋەت يولىدا ئۇچرىغان جاپا-مۇشەققەتلەرگە ۋە قىيىنچىلىقلارغا سەۋر قىلىش پەيغەمبەرلەرنىڭ خىسلىتى ۋە مۇسۇلمانىنىڭ ئەخلاقىدۇر.

3. زۇلۇم ئىككى تۈرلۈك بولۇپ: بىرى، يامان يولنى تاللاش بىلەن ئۆزىگە ئۇۋال قىلىش، يەنە بىرى، باشقىلارغا يامانلىق قىلىش، خىيانەت قىلىش، تۆھمەت قىلىش، ئازار قىلىش، ئۇلارنىڭ ھەققىنى يەۋېلىش قاتارلىق يولسىزلىقلارنى قىلىش ئارقىلىق ئۇلارغا ئۇۋال قىلىشتۇر. ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىلارنىڭ جازاسى ئاخىرەتكە كېچىكتۈرۈلگەن تەقدىردىمۇ، باشقىلارغا زۇلۇم قىلغانلارنىڭ جازاسىنى ئاللاھ تائالا مۇشۇ دۇنيادىلا كۆرسىتىپ كەلمەكتە. رىئاللىقتا يۈز بېرىۋاتقان بەزى ۋەقەلەر بۇنىڭغا گۇۋاھتۇر.

## ◄ ئاللاھ تائالانىڭ ئىلمىنىڭ چەكسىزلىكى

﴿وَعِندَهُۥ مَفَاتِحُ ٱلْغَيْبِ لَا يَعْلَمُهَآ إِلَّا هُوَ ۚ وَيَعْلَمُ مَا فِى ٱلْبَرِّ

[1] «صحيح مسلم» 3-توم، 1420-بەت، 1795-ھەدىس.

[2] ئەئراف سۈرىسى: 34- ئايەت.

وَٱلْبَحْرِ ۚ وَمَا تَسْقُطُ مِن وَرَقَةٍ إِلَّا يَعْلَمُهَا وَلَا حَبَّةٍ فِى ظُلُمَٰتِ
ٱلْأَرْضِ وَلَا رَطْبٍ وَلَا يَابِسٍ إِلَّا فِى كِتَٰبٍ مُّبِينٍ ﴿٥٩﴾ وَهُوَ ٱلَّذِى
يَتَوَفَّىٰكُم بِٱلَّيْلِ وَيَعْلَمُ مَا جَرَحْتُم بِٱلنَّهَارِ ثُمَّ يَبْعَثُكُمْ فِيهِ
لِيُقْضَىٰٓ أَجَلٌ مُّسَمًّى ۖ ثُمَّ إِلَيْهِ مَرْجِعُكُمْ ثُمَّ يُنَبِّئُكُم بِمَا كُنتُمْ
تَعْمَلُونَ ﴿٦٠﴾ وَهُوَ ٱلْقَاهِرُ فَوْقَ عِبَادِهِۦ ۖ وَيُرْسِلُ عَلَيْكُمْ حَفَظَةً
حَتَّىٰٓ إِذَا جَآءَ أَحَدَكُمُ ٱلْمَوْتُ تَوَفَّتْهُ رُسُلُنَا وَهُمْ لَا يُفَرِّطُونَ
﴿٦١﴾ ثُمَّ رُدُّوٓا۟ إِلَى ٱللَّهِ مَوْلَىٰهُمُ ٱلْحَقِّ ۚ أَلَا لَهُ ٱلْحُكْمُ وَهُوَ أَسْرَعُ
ٱلْحَٰسِبِينَ ﴿٦٢﴾

### ◄ تەرجىمىسى

**59**ـ غەيبنىڭ ئاچقۇچلىرى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىدۇر، ئۇنى پەقەتلا ئاللاھ بىلىدۇ، ئاللاھ قۇرۇقلۇقتىكى، دېڭىزدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى بىلىدۇ، تۆكۈلگەن يوپۇرماقتىن ئاللاھ بىلمەيدىغان بىرىمۇ يوق، مەيلى قاراڭغۇ يەر ئاستىدىكى بىرەر تال ئۇرۇق بولسۇن، مەيلى ھۆل ياكى قۇرۇق نەرسىلەر بولسۇن، ھەممىسى لەۋھۇلمەھپۇزدا ئېنىق يېزىلغاندۇر.

**60**ـ ئاللاھ سىلەرنى كېچىسى ئۇخلىتىدىغان، كۈندۈزدە قىلغان ئىشىڭلارنى بىلىپ تۇرىدىغان، ئاندىن بەلگىلەنگەن مۇددەتكىچە (ياشىشىڭلار ئۈچۈن) كۈندۈزدە سىلەرنى ئويغىتىدىغان زاتتۇر. ئاندىن قايتىدىغان جايىڭلار ئۇنىڭ دەرگاھىدۇر، ئاندىن ئۇ قىلغان سىلەرگە ئەمەللىرىڭلاردىن خەۋەر بېرىدۇ.

**61**ـ ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ ئۈستىدە تېزگىنلەپ تۇرغۇچىدۇر. ئۇ سىلەرگە كۆزەتكۈچى پەرىشتىلەرنى ئەۋەتىدۇ، نىھايەت، بىرىڭلارغا ئۆلۈم كەلگەندە، بىزنىڭ پەرىشتىلىرىمىز قىلچە بىپەرۋالىق قىلماستىن ئۇنىڭ جېنىنى ئالىدۇ.

**62**ـ ئاندىن ئىنسانلار ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئىگىسى بولغان ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىدۇ. بىلىڭلاركى، ھۆكۈم قىلىش يالغۇز ئاللاھقىلا خاستۇر، ئۇ ئەڭ تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر.

## بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئالدىنقى ئايەتلەردە مۇشرىكلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مۆجىزە تەلەپ قىلغانلىقىغا[1] رەددىيە بېرىپ، ھەممە ئىش ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسى ۋە خاھىشى بىلەن بولىدىغانلىقى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ نە مۆجىزە كەلتۈرۈشكە، نە كاپىرلارغا ئازاب چۈشۈرۈشكە قادىر ئەمەسلىكى بايان قىلىنغان بولۇپ، بۇ ئايەتلەردە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ كاپىرلار ئاگاھلاندۇرۇلغان ئازابنىڭ قاچان چۈشىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيدىغانلىقى ۋە بۇ ھەقتىكى ئىلىمنىڭ ئاللاھ تائالاغا خاس ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان.

## تەپسىرى

ھەممىگە سىر بولغان غەيبنىڭ ئاچقۇچلىرى ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدىدۇر، يەنى غەيبنى ئاللاھ تائالا ئۆزىلا بىلىدۇ. ئاللاھ تائالا غەيبنى ۋە ئاشكارىنى ئوخشاشلا بىلىدۇ. ئايەتتىكى «ئاچقۇچ» دېگەن سۆزدىن ئىلىم مەقسەت قىلىنىدۇ، غەيب توغرىسىدىكى مەلۇمات ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدىدۇر، دېگەنلىك بولىدۇ. چۈنكى، ئىلىم بىلىشنىڭ ئاچقۇچىدۇر. بۇ يەردە غەيب خۇددى تاشقىرىدىن قۇلۇپلاپ تاقىۋېتىلگەن، ئۇنىڭ ئىچىگە ھېچكىم كىرەلمەيدىغان، يىراق جايدىكى بىر مەخپىي خەزىنىگە ئوخشىتىلغان. بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، ئايەتتىكى «غەيبنىڭ ئاچقۇچلىرى» دېگەن سۆزدىن مەقسەت «غەيبنىڭ خەزىنىلىرى» دېگەنلىكتۇر. بۇنىڭغا بىنائەن، ئايەتنىڭ مەنىسى: غەيبنىڭ خەزىنىلىرى ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھەممىنى تولۇق بىلىدىغان ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە بولۇپ، ئۇنى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ، دېگەن بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا قۇرۇقلۇقتىكى ۋە دېڭىزدىكى ھەممە مەخلۇقاتنى بىلىدۇ. ئۇ ئاشكارىنى بىلگەندەك يوشۇرۇننى، كۆرۈنۈپ تۇرغان نەرسىلەرنى بىلگەندەك كۆرۈنمەيدىغان نەرسىلەرنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ، ئۇ دەرەختىن تۆكۈلىدىغان يوپۇرماقنىڭ قاچان ۋە نەدە تۆكۈلىدىغانلىقىنىمۇ ئېنىق بىلىپ تۇرىدۇ، ئۇ كائىناتتا يۈز بېرىپ تۇرىدىغان ئۆزگىرىشلەرنىڭ ۋە ھادىسىلەرنىڭ ھەممىسىنى تولۇق بىلىدۇ. چۈنكى، يوپۇرماقنىڭ تۆكۈلۈشى تەبىئەت ھادىسىلىرىدىن بىرى بولۇپ، بىر يوپۇرماقنىڭ تىلغا

[1] بۇ سۈرىنىڭ 37- ئايىتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئىلىنىشى ئاللاھ تائالانىڭ جىمى ئەھۋاللارنى بىلىدىغانلىقىغا ئىشارەتتۇر.

خۇلاسە قىلغاندا، ئاللاھ تائالا ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن، كۆرۈنگەن ۋە كۆرۈنمىگەن ھەممىنى ۋە ئۇلارنىڭ جىمى ئەھۋالىنى تولۇق بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

ئى ئىنسانلار! سىلەرنى ئاللاھ تائالا كېچىدە ئۇيقۇ بىلەن ئۆلتۈرۈپ، جېنىڭلارنى ئالىدۇ. بۇ ئارىدا ئەجىلى توشقانلار بولسا، ئۇلارنىڭ جېنىنى قايتۇرمايدۇ ۋە شۇ ئۇيقۇ بىلەن جېنى ئېلىنىدۇ. ئەمما ئەجىلى توشمىغانلارنىڭ جېنىنى بولسا، بەلگىلەنگەن ئەجىلى توشقۇچە ياشىشى ئۈچۈن قايتۇرۇپ بېرىدۇ. ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ كۈندۈزدە نېمە قىلغانلىقىڭلارنى ئۆزىنىڭ چەكسىز ئىلمى بىلەن ئالدىن بىلىپ تۇرىدۇ. ئاللاھ تائالا يەنە سىلەردىن كىمنىڭ رەببىگە كۇفرىلىق قىلىدىغانلىقىنى، كىمنىڭ ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلىدۇ. ئاندىن بۇ ئۇيقۇدىن ئىبارەت كىچىك ئۆلۈم بىلەن جېنىڭلارنى ئېلىپ بولۇپ، ئەجىلىڭلار توشقۇچە ياشىشىڭلار ئۈچۈن كۈندۈزى سىلەرنى تىرىلدۈر-گەندىن كېيىنمۇ، سىلەرنىڭ قىلغان-ئەتكەنلىرىڭلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىپ تۇرىدۇ. ئاندىن ئەجىلىڭلار توشۇپ ئۆلگىنىڭلاردىن كېيىن، سىلەرنىڭ بارىدىغان جايىڭلار ئەلۋەتتە ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدۇر. ئاللاھ تائالا ئاندىن سىلەرگە ئۇ جايدا بارلىق ئەمەللىڭلاردىن خەۋەر بېرىدۇ، ئاندىن ياخشىلارغا مۇكاپات بېرىدۇ، يامانلارنى جازالايدۇ.

ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنىڭ ئۈستىدە تىزگىنلەپ تۇرغۇچىدۇر. يارىتىش، يوق قىلىش، ئۆلتۈرۈش، تىرىلدۈرۈش قاتارلىق ئىشلاردا مۇتلەق ئىختىيار ۋە ھاكىمىيەت ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدىدۇر، ئاللاھ تائالا خالىغىنىنى قىلىدۇ.

﴿ئۇ سىلەرگە كۆزەتكۈچى پەرىشتىلەرنى ئەۋەتىدۇ﴾ پەرىشتىلەر سىلەرنىڭ ياخشى-يامان بارلىق ئەمەللىرىڭلارنى يېزىپ تۇرىدۇ ۋە ئۇنى ساقلايدۇ. ﴿وَإِنَّ عَلَيۡكُمۡ لَحَٰفِظِينَ ١٠ كِرَامٗا كَٰتِبِينَ ١١ يَعۡلَمُونَ مَا تَفۡعَلُونَ﴾ يەنى ﴿شەكسىزكى، سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردا سىلەرنى كۆزىتىپ تۇرغۇچى، (قىلمىشىڭلارنى) يېزىپ تۇرغۇچى، ھۆرمەتلىك پەرىشتىلەر بار. ئۇلار سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ﴾[1].

سۇبھانەللاھ! بىزنىڭ ئىشىمىز نېمىدېگەن ئەجەبلىنەرلىك! ئۈستىمىز-دە بىزنى كۆزىتىپ تۇرىدىغان پەرىشتىلەر بار. ئۇلار بىزنىڭ بارلىق

[1] ئىنفىتار سۈرىسى: 10-12- ئايەتلەر.

گەپ-سۆزلىرىمىزنى ۋە قىلغان-ئەتكەنلىرىمىزنى بىر-بىرلەپ خاتىرىلەپ تۇرىدۇ. ئۇلاردا خاتالىشىش ۋە ئۇنتۇپ قىلىش دېگەنلەر يوق. ئەھۋال شۇنداق تۇرسىمۇ، بىز ئاللاھ تائالاغا ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئاسىيلىق قىلىۋاتىمىز. ئاللاھ تائالا يەنىلا بىزگە تەۋبە قىلىش پۇرسىتى بېرىدۇ ۋە دەرھال جازالىمايدۇ. ئى پۈتۈن كەمچىلىكلەردىن، جىمى نۇقسانلاردىن پاك بولغان ئۇلۇغ ئاللاھ! سەن ھەقىقەتەن شەپقەتلىكسەن، ناھايىتى مېھرىبانسەن!

ئاللاھ تائالا كۆزەتكۈچى پەرىشتىلەرنى ئەۋەتىپ تۇرىدۇكى، ئۇلار بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىنى يېزىپ، خاتىرىلەپ تۇرىدۇ. بىراۋنىڭ ئۆمرى ئاخىرلىشىپ، ئۇنىڭغا ئەجەل يەتكەندە، ئۆلۈم پەرىشتىسى (ئەزرائىل) ياردەمچىلىرى بىلەن بىرلىكتە ھېچقانداق ھەرىكەتكە ئۆتىدۇ ۋە بەلگىلەنگەن ۋاقتىنىڭ ئۆزىدە ئۇنىڭ جېنىنى ئالىدۇ. پەرىشتىلەر ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇقىدىن قەتئىي چىقمايدۇ، بۇيرۇقلارنى كەم-زىيادە قىلىپ قويماي، ۋاقتىدا ۋە جايىدا ئورۇندايدۇ. ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىدۇ. ھۆكۈم قىلىش ۋە ئەمر-پەرمان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. ئاللاھ تائالانىڭ ھۆكمىنى قايتۇرىدىغان ۋە توسۇۋالالايدىغان ھېچقانداق كۈچ يوقتۇر. ئاللاھ تائالا ئەڭ تېز ھېساب ئالغۇچى زات بولۇپ، بىرلا ۋاقىتتا جىمى خەلقتىن ھېساب ئېلىپ ئۈلگۈرىدۇ.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالا چەكسىز قۇدرەت ۋە تەڭداشسىز ئىلىم-ھېكمەت ئىگىسىدۇر.

2. غەيبنى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. پەيغەمبەرلەرمۇ ئاللاھ تائالانىڭ بىلدۈرگەنلىرىدىن باشقىسىنى بىلمەيدۇ.

3. لەۋھۇلمەھپۇز ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ھەتتا دەرەختىن چۈشكەن بىر تال يوپۇرماقنىڭمۇ نەگە ۋە قاچان چۈشىدىغانلىقى ئۇنىڭدا ئېنىق يېزىلغاندۇر.

4. بۇ دۇنيا ھاياتى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن جىمى خەلق ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىدۇ. قىيامەت كۈنى ھەركىم ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيادا قىلغان-ئەتكەنلىرىدىن تەپسىلىي ھېساب بېرىدۇ. ھېساب ئېلىش ۋە مۇكاپات ياكى جازا بېرىش پەقەت ئاللاھ تائالاغىلا خاستۇر.

### ◄ قۇدرەت ۋە رەھمەتنىڭ نامايەندىلىرى

﴿قُلۡ مَن يُنَجِّيكُم مِّن ظُلُمَٰتِ ٱلۡبَرِّ وَٱلۡبَحۡرِ تَدۡعُونَهُۥ تَضَرُّعٗا
وَخُفۡيَةٗ لَّئِنۡ أَنجَىٰنَا مِنۡ هَٰذِهِۦ لَنَكُونَنَّ مِنَ ٱلشَّٰكِرِينَ ٦٣ قُلِ
ٱللَّهُ يُنَجِّيكُم مِّنۡهَا وَمِن كُلِّ كَرۡبٖ ثُمَّ أَنتُمۡ تُشۡرِكُونَ ٦٤ قُلۡ هُوَ
ٱلۡقَادِرُ عَلَىٰٓ أَن يَبۡعَثَ عَلَيۡكُمۡ عَذَابٗا مِّن فَوۡقِكُمۡ أَوۡ مِن تَحۡتِ
أَرۡجُلِكُمۡ أَوۡ يَلۡبِسَكُمۡ شِيَعٗا وَيُذِيقَ بَعۡضَكُم بَأۡسَ بَعۡضٍۗ ٱنظُرۡ
كَيۡفَ نُصَرِّفُ ٱلۡأٓيَٰتِ لَعَلَّهُمۡ يَفۡقَهُونَ ٦٥ وَكَذَّبَ بِهِۦ قَوۡمُكَ وَهُوَ
ٱلۡحَقُّۚ قُل لَّسۡتُ عَلَيۡكُم بِوَكِيلٖ ٦٦ لِّكُلِّ نَبَإٖ مُّسۡتَقَرّٞۚ وَسَوۡفَ
تَعۡلَمُونَ ٦٧﴾

### ◄ تەرجىمىسى

63-(ئى پەيغەمبەر! بۇ مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى، «قۇرۇقلۇقنىڭ ۋە دېڭىزنىڭ زۇلمەتلىرىدىن (يەنى بالايىئاپەتلىرىدىن) سىلەرنى كىم قۇتقۇزىدۇ؟ (بالايىئاپەت كەلگەن چاغدا) سىلەر ‹ئەگەر ئاللاھ بىزنى بۇنىڭدىن قۇتقۇزسا، چوقۇم شۈكۈر قىلغۇچىلاردىن بولىمىز› دەپ ئاللاھقا يالۋۇرۇپ ۋە تۆۋەن ئاۋازدا دۇئا قىلىسىلەر».

64-ئېيتقىنكى، «سىلەرنى ئۇ زۇلمەتلەردىن ۋە بارلىق غەم-قايغۇلاردىن ئاللاھ قۇتقۇزىدۇ، ئاندىن سىلەر (يەنە ئۇنىڭغا) شېرىك كەلتۈرىسىلەر».

65-ئېيتقىنكى، «ئاللاھ سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىن ياكى ئايىغىڭلار ئاستىدىن ئازاب ئەۋەتىشكە، ياكى سىلەرنى پىرقىلەرگە بۆلۈپ (ئۇرۇشتۇرۇپ)، بىرىڭلارغا بىرىڭلارنىڭ ئازابىنى تېتىتىشقا قادىردۇر». ئۇلارنى چۈشەنسۇن، دەپ ئايەتلىرىمىزنى قانداق بايان قىلىۋاتقىنىمىزغا قارىغىن.

66-قۇرئان ھەق تۇرسا، سېنىڭ قەۋمىڭ ئۇنى ئىنكار قىلدى. (ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا) «مەن سىلەرگە ھامىي ئەمەس» دېگىن.

67-(ئاللاھ تەرىپىدىن) ئالدىنئالا بېرىلگەن ھەربىر خەۋەرنىڭ ئەمەلگە ئاشىدىغان ۋاقتى بار، (سىلەر بۇنى) ئۇزاققا قالماي بىلىپ قالىسىلەر.

## تەپسىرى

«قۇرئان كەرىم» ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىنىڭ، ئىلىم-ھېكمىتىنىڭ ۋە رەھىم-شەپقىتىنىڭ نامايەندىلىرىنى بايان قىلىش ئارقىلىق ئەرەبلەرنىڭ قەلبىگە تەۋھىد ئەقىدىسىنى يەرلەشتۈرۈش يولىدا ھەر خىل ئۇسۇللارنى قوللانغان. «قۇرئان كەرىم» بۇ مەنىدە ئۇلارغا خىتاب قىلىدۇكى، قۇرۇقلۇقنىڭ ۋە دېڭىزنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرى ئېلىپ كەلگەن بالايىئاپەتلەردىن سىلەرنى كىم قۇتقۇزىدۇ؟ ئېغىر كۈنلەرنىڭ ھالاكەتلىرىدىن سىلەرنى كىم نىجاتلىققا چىقىرىدۇ؟ يولۇڭلارنى قاراڭغۇلۇق قاپلىغاندا سىلەرگە كىم يول كۆرسىتىپ بېرىدۇ؟ دېڭىزنىڭ شاۋقۇنلۇق دولقۇنلىرى سىلەرنى ئورىۋالغاندا، سىلەرنى غەرق بولۇپ كېتىشتىن كىم ساقلاپ قالىدۇ؟ بىلىپ قويۇڭلاركى، بۇ پەقەت ئاللاھ تائالانىڭلا قولىدىن كېلىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا بارلىق مەخلۇقاتلىرىغا ناھايىتى شەپقەتلىكتۇر، تولىمۇ مېھرىبان دۇر.

ئى مۇشرىكلار! سىلەرنىڭ بېشىڭلارغا ئېغىر كۈنلەر كەلگەندە، سىلەر دەرھال ئاللاھ تائالاغا يېلىنىپ ئۇنىڭدىن ياردەم تىلەيسىلەر، كۆز يېشىڭلارنى ئېقىتقان ھالدا بەزىدە يۇقىرى ئاۋازدا، بەزىدە تۆۋەن ئاۋازدا ئۇنىڭغا يېلىنىسىلەر، ھەتتاكى «ئى ئاللاھ! ئەگەر سەن بىزنى مۇشۇ ھالاكەتتىن، مۇشۇ بالايىئاپەتتىن قۇتقۇزساڭ، بىز ئەلۋەتتە سېنىڭ بىرلىكىڭنى ئېتىراپ قىلغۇچىلاردىن بولىمىز ۋە ساڭا شۈكۈر قىلىمىز» دەيسىلەر. ﴿هُوَ ٱلَّذِى يُسَيِّرُكُمْ فِى ٱلْبَرِّ وَٱلْبَحْرِ ۖ حَتَّىٰٓ إِذَا كُنتُمْ فِى ٱلْفُلْكِ وَجَرَيْنَ بِهِم بِرِيحٍ طَيِّبَةٍ وَفَرِحُوا۟ بِهَا جَآءَتْهَا رِيحٌ عَاصِفٌ وَجَآءَهُمُ ٱلْمَوْجُ مِن كُلِّ مَكَانٍ وَظَنُّوٓا۟ أَنَّهُمْ أُحِيطَ بِهِمْ ۙ دَعَوُا۟ ٱللَّهَ مُخْلِصِينَ لَهُ ٱلدِّينَ لَئِنْ أَنجَيْتَنَا مِنْ هَٰذِهِۦ لَنَكُونَنَّ مِنَ ٱلشَّٰكِرِينَ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ سىلەرنى قۇرۇقلۇقتا، دېڭىزدا سەپەر قىلدۇرىدىغان زاتتۇر. سىلەر ئولتۇرغان كېمە مەيىن شامالدا مېڭىۋاتقان ۋە يولۇچىلار (بۇ) شامالدىن خۇشاللىنىۋاتقان چاغدا، بىردىنلا قاتتىق بوران چىقىپ، ئۇلار تەرەپ-تەرەپتىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان دېڭىز دولقۇنلىرى ئىچىدە قالىدۇ، كېمىدىكىلەر (ھالاكەت) قورشاۋىدا قالغانلىقىغا كۆزى يېتىپ: «ئى ئاللاھ! ئەگەر سەن بىزنى بۇنىڭدىن قۇتقۇزساڭ، بىز چوقۇم (ساڭا) شۈكۈر قىلغۇچىلاردىن بولاتتۇق» دەپ چىن ئىخلاسى بىلەن ئاللاھقا دۇئا قىلىدۇ﴾[1].

---

[1] يۇنۇس سۈرىسى: 22- ئايەت.

ئى پەيغەمبەر! ئۇ مۇشرىكلارغا ئېيتقىنكى، سىلەرنى بېشىڭلارغا كەلگەن ئېغىر كۈنلەردىن ۋە ھەرقانداق ھالاكەتلەردىن قۇتقۇزغۇچى زات پەقەتلا ئاللاھ تائالادۇر! ئەھۋال شۇنداق تۇرسىمۇ، سىلەر يەنىلا ئاللاھ تائالاغا مەخلۇقاتنى شېرىك قىلىۋالىسىلەر. سىلەر تولىمۇ تۇزكور مەخلۇقسىلەر.

بۇنىڭدىن چۈشىنىشكە بولىدۇكى، كاپىر ئىنسان بېشىغا كۈن كەلگەندە ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىپ يېلىنىدۇ، قۇتۇلۇپ بولغاندىن كېيىنلا، ئاللاھ تائالانى ۋە ئۇنىڭغا يالۋۇرغانلىرىنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى كاپىرلىق ھالىتىگە قايتىۋالىدۇ.

ئى پەيغەمبەر! ئاشۇ مۇشرىكلارغا ئېيتقىنكى، سىلەرگە سىلەر بىلمەيدىغان ئازابلارنى ئەۋەتىشكە قادىر زات ئاللاھ تائالادۇر. ئۇ سىلەرگە نۇھ ۋە لۇت ئەلەيھىسسالاملارنىڭ قەۋمىگە، پىل ئىگىلىرىگە ئەۋەتىلگەن ئازابقا ئوخشاش ئۈستۈڭلاردىن، ياكى پىرئەۋن ۋە قارۇنلارغا ئەۋەتىلگەن ئازابقا ئوخشاش ياكى يەر تەۋرەشكە ۋە ۋولقانغا ئوخشاش ئايىغىڭلار ئاستىدىن ئازاب ئەۋەتىشكە ياكى سىلەرنى پىرقىلارغا بۆلۈپ، ئۆزئارا ئۇرۇشقا سېلىش ئارقىلىق جازالاشقا ئەلۋەتتە قادىردۇر.

ئەللامە ئىبنى جەرىر تەبەريي ئايەتتىكى ﴿ئۈستۈڭلاردىن﴾ ۋە ﴿ئاستىڭلاردىن﴾ دېگەن سۆزلەر توغرۇلۇق بىر قانچە قاراشنى بايان قىلغاندىن كېيىن مۇنداق دېگەن: «﴿ئۈستۈڭلاردىن﴾ دېگەن سۆزدىن تاش ياغدۇرۇشقا ئوخشاش ئۇلارغا ئۈستى تەرىپىدىن كېلىدىغان ئازاب، ﴿ئاستىڭلاردىن﴾ دېگەن سۆزدىن يەرگە يۇتقۇزۇۋېتىشكە ئوخشاش ئۇلارنىڭ ئاستى تەرىپىدىن كېلىدىغان ئازاب كۆزدە تۇتۇلىدۇ»[1].

ئى ئەقىل ۋە تەپەككۇر ئىگىسى بولغان ئىنسان! بىز سېنى ھەقىقەتنى چۈشەنسۇن ۋە ئۇنىڭ ماھىيىتىنى بىلسۇن دەپ، ئايەتلىرىمىزنى ھەر خىل ئۇسۇل ۋە ھەرخىل مېتودلاردا قانداق بايان قىلىۋاتقىنىمىزغا قارىغىن. شەكسىزكى، مەسىلىنى ھەرخىل ئۇسۇللار بىلەن بايان قىلىش كىشىلەرنىڭ چۈشىنىشى ۋە ھەقىقەتلەرنى ئىدراك قىلىشى ئۈچۈن تولىمۇ ياخشىدۇر. بۇ پەقەت تەقلىدچىلىكنىڭ ئەسىرلىكىدىن قۇتۇلغان ھالدا، ھەقىقەتنى ئىزدەش ئىستىكى بىلەن ئەركىن پىكىر يۈرگۈزگەنلەر ئۈچۈندۇر. ئەمما تەقلىدچىلىكنىڭ ئاسارىتىدىن ۋە جاھالەتنىڭ قالدۇقلىرىدىن قۇتۇلالمىغانلار ئۈچۈن ئايەتلەر كار قىلمايدۇ، ئۇلار ئىبرەت

---

[1] «تفسير الطبري» 11-توم، 418-بەت.

ئالمايدۇ.

ئى پەيغەمبەر! سېنىڭ قەۋمىڭ ھىدايەتنىڭ يېتەكچىسى، ھەقىقەتنىڭ مەشئىلى بولغان بۇ ئۇلۇغ «قۇرئان كەرىم»نى ئىنكار قىلدى. ھالبۇكى، «قۇرئان كەرىم» توغرىلىقىدا قىلچە شەك بولمىغان، ئالدىدىنمۇ، ئارقىسىدىنمۇ ۋە ھېچقايسى تەرىپىدىن باتىللىق (ساختىلىق) يېقىن كېلەلمەيدىغان، مۇكەممەل ساماۋى كىتابتۇر. ئۇنى ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، مەدھىيەگە لايىق ئاللاھ تائالا سېنىڭ دىلىڭغا شۇنداق چۈشۈردى. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، كاپىرلارنى ھىدايەت قىلىش سېنىڭ مەسئۇلىيىتىڭ ئەمەس. سەن ئۇلارغا: ﴿وَمَآ أَنَا۠ عَلَيۡكُم بِحَفِيظٖ﴾ يەنى ﴿مەن سىلەرگە مۇھاپىزەتچى ئەمەسمەن﴾[1] دېگىن. ﴿نَّحۡنُ أَعۡلَمُ بِمَا يَقُولُونَۖ وَمَآ أَنتَ عَلَيۡهِم بِجَبَّارٖۖ فَذَكِّرۡ بِٱلۡقُرۡءَانِ مَن يَخَافُ وَعِيدِ﴾ يەنى ﴿بىز ئۇلارنىڭ ئېيتىدىغان سۆزلىرىنى ئوبدان بىلىمىز، سەن ئۇلارنى (ئىمانغا) زورلىغۇچى ئەمەسسەن، سەن مېنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشلىرىمدىن قورقىدىغانلارغا قۇرئان بىلەن ۋەز-نەسىھەت قىلغىن﴾[2].

ئاللاھ تائالا ئالدىنئالا بىلدۈرگەن ھەربىر خەۋەرنىڭ ئەمەلگە ئاشىدىغان مەلۇم ۋاقتى بار. شۇ چاغدا ئۇنىڭ ھەقىقىتى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ھەددىدىن ئاشقان ھەربىر قەۋمنىڭ ھالاك بولىدىغان مۇئەييەن ۋاقتى، ھەربىر ۋاقىتنىڭ ئۆزىگە مۇناسىپ ھۆكمى بولىدۇ. شۇ ۋاقىتتا، سىلەر ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىلىرىنىڭ ۋە ئاگاھلاندۇرۇشلىرىنىڭ راست ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالىسىلەر. ﴿سَنُرِيهِمۡ ءَايَٰتِنَا فِي ٱلۡأٓفَاقِ وَفِيٓ أَنفُسِهِمۡ حَتَّىٰ يَتَبَيَّنَ لَهُمۡ أَنَّهُ ٱلۡحَقُّۗ أَوَلَمۡ يَكۡفِ بِرَبِّكَ أَنَّهُۥ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ شَهِيدٌ﴾ يەنى ﴿ئۇلارغا قۇرئاننىڭ ھەق ئىكەنلىكى ئېنىق بولغانغا قەدەر، بىز ئۇلارغا ئاسمان-زېمىن ئەتراپىدىكى ۋە ئۆزلىرىدىكى (قۇدرىتىمىزگە دالالەت قىلىدىغان) ئالامەتلەرنى كۆرسىتىپ تۇرىمىز، رەببىڭنىڭ ھەر نەرسىنى كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقى (ھەمدە قۇرئاننىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە گۇۋاھ بولغانلىقى ئۇلارغا) يېتەرلىك (دەلىل) ئەمەسمۇ؟﴾[3].

ئايەتتىكى «ئازاب» سۆزىنىڭ ﴿عَذَابًا﴾ دەپ ئالدىدا ئەلىف، لام يوق ھالدا كەلگەنلىكى مۇئەييەن بىر ئازابنى ئەمەس، مۇتلەق ئازابنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن: ئاچارچىلىق، قۇرغاقچىلىق، بوران ئاپىتى،

[1] ھۇد سۈرىسى: 86-ئايەت.

[2] قاف سۈرىسى: 45- ئايەت.

[3] فۇسسىلەت سۈرىسى: 53- ئايەت.

كەلكۈن، يەر تەۋرەش ئاپىتى، ۋۇلقان پاجىئەسى، ئاتوم بومبىسى، يىراقتىن قويۇپ بېرىلىدىغان راكېتالار، ئۇرۇش ئايروپىلانلىرىدىن قويۇپ بېرىلىدىغان بومبىلار ۋە يەرگە كۆمۈلىدىغان مىنا قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەنى ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى ئازابلارنى ئەۋەتىشكە ئەلۋەتتە قادىردۇر.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: «وَدَعَوْتُ رَبِّي أَنْ يَرْفَعَ عَنْ أُمَّتِي أَرْبَعًا ، فَرَفَعَ عَنْهُمُ اثْنَتَيْنِ ، وَأَبَى أَنْ يَرْفَعَ عَنْهُمُ اثْنَتَيْنِ؛ دَعَوْتُ رَبِّي أَنْ يَرْفَعَ عَنْهُمُ الرَّجْمَ مِنَ السَّمَاءِ ، وَالْغَرَقَ مِنَ الأَرْضِ ، وَأَنْ لا يَلْبِسَهُمْ شِيَعًا ، وَأَنْ لا يُذِيقَ بَعْضَهُمْ بَأْسَ بَعْضٍ ، فَرَفَعَ عَنْهُمُ الرَّجْمَ مِنَ السَّمَاءِ ، وَالْغَرَقَ مِنَ الأَرْضِ ، وَأَبَى اللَّهُ أَنْ يَرْفَعَ عَنْهُمُ اثْنَتَيْنِ» يەنى «ئاللاھتىن مېنىڭ ئۈممىتىمدىن تۆت نەرسىنى كۆتۈرۈۋېتىشىنى تىلىۋىدىم. ئىككىسىنى كۆتۈرۈۋەتتى، قالغان ئىككىسىنى كۆتۈرۈۋەتمىدى. ئاللاھقا مېنىڭ ئۈممىتىمنى (پىل ئەھلىنى جازالىغاندەك) ئاسماندىن تاش ياغدۇرۇپ جازالاشتىن ۋە (قارۇننى جازالىغاندەك) يەرگە يۇتقۇزۇپ جازالاشتىن، ئۇلارنى پىرقىلەرگە بۆلۈۋېتىشتىن، بىر-بىرى بىلەن ئۇرۇشقا سېلىپ جازالاشتىن پاناھ تىلىگەن ئىدىم، ئاسماندىن تاش ياغدۇرۇپ جازالاش بىلەن يەرگە يۇتقۇزۇپ جازالاشنى كۆتۈرۈۋەتتى. ئەمما كېيىنكى ئىككىسىنى كۆتۈرۈۋەتمىدى»[1].

كۆرۈۋاتىمىزكى، ئاللاھ تائالا ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى بىلەن بۇ ئۈممەتنى ئاسماندىن تاش ياغدۇرۇپ ۋە يەرگە يۇتقۇزۇپ جازالاشنى ئەمەلدىن قالدۇرغان. ئەمما ئىختىلاپ، پارچىلىنىش ۋە بۆلۈنۈشلەر، مۇسۇلمان تۇرۇپ بىر-بىرى بىلەن ئۇرۇشۇشلار داۋاملاشماقتا. ئىسلام ئۈممىتىگە كېلىدىغان ئەڭ چوڭ خەتەرلەر ۋە بارلىق يامانلىقلار مۇشۇ ئىختىلاپ ئىشىكىدىن كىرمەكتە. مۇسۇلمان دۆلەتلىرىنىڭ بەزىسى مۇستەملىكىچى ئەجنەبىيلەر بىلەن بىرلىشىپ ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىغا تىغ تەڭلىگەن ئىشلارنى ھازىرقى كۈندە تېخىمۇ كۆپ كۆرۈۋاتىمىز ۋە ئۇنىڭغا گۇۋاھ بولۇۋاتىمىز.

سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئاللاھ تائالا ھەدىس قۇدسىيدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېگەن «إِنَّ اللَّهَ زَوَى

---

[1] «فتح الباري» 1-توم، 450-بەت، 755-ھەدىس. (ئەللامە ئىبنى كەسىر بۇ ھەدىسنى ئۆز تەپسىرىدە نەقىل كەلتۈرگەن، ئەمما «غەرىب» دەپ باھالىغان. غەرىب- بىرلا كىشى تەرىپىدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستۇر).

لِي الأَرْضَ فَرَأَيْتُ مَشَارِقَهَا وَمَغَارِبَهَا، وَإِنَّ أُمَّتِي سَيَبْلُغُ مُلْكُهَا مَا زُوِيَ لِي مِنْهَا، وَأُعْطِيتُ الكَنْزَيْنِ الأَحْمَرَ وَالأَبْيَضَ، وَإِنِّي سَأَلْتُ رَبِّي لأُمَّتِي أَنْ لاَ يُهْلِكَهَا بِسَنَةٍ عَامَّةٍ، وَأَنْ لاَ يُسَلِّطَ عَلَيْهِمْ عَدُوًّا مِنْ سِوَى أَنْفُسِهِمْ فَيَسْتَبِيحَ بَيْضَتَهُمْ، وَإِنَّ رَبِّي قَالَ: يَا مُحَمَّدُ إِنِّي إِذَا قَضَيْتُ قَضَاءً فَإِنَّهُ لاَ يُرَدُّ، وَإِنِّي أَعْطَيْتُكَ لأُمَّتِكَ أَنْ لاَ أُهْلِكَهُمْ بِسَنَةٍ عَامَّةٍ وَأَنْ لاَ أُسَلِّطَ عَلَيْهِمْ عَدُوًّا مِنْ سِوَى أَنْفُسِهِمْ فَيَسْتَبِيحَ بَيْضَتَهُمْ وَلَوِ اجْتَمَعَ عَلَيْهِمْ مَنْ بِأَقْطَارِهَا ـ أَوْ قَالَ: مَنْ بَيْنِ أَقْطَارِهَا ـ حَتَّى يَكُونَ بَعْضُهُمْ يُهْلِكُ بَعْضًا وَيَسْبِي بَعْضُهُمْ بَعْضًا»

يەنى: «ھەقىقەتەن ئاللاھ ماڭا زېمىننى كىچىكلىتىپ كۆرسەتتى، ئۇنىڭ مەغرىبىنى ۋە مەشرىقىنى كۆردۈم، مېنىڭ ئۈممىتىم ئاللاھ ماڭا كۆرسەتكەن جايلارنىڭ ھەممىسىگە ئىگە بولىدۇ، ماڭا قىزىل تەڭلىكلەر بىلەن ئاق تەڭلىكلەرنىڭ خەزىنىلىرى بېرىلدى. مەن رەببىمدىن ئۈممىتىمنى ئومۇميۈزلۈك ئاچارچىلىق بىلەن ھالاك قىلماسلىقىنى، ئۇلارغا ئۆز نەپسىدىن باشقا دۈشمەنلىرىنى مۇسەللەت قىلىپ قويۇپ، ئۇلارنى پۈتۈنلەي ھالاك قىلىۋەتمەسلىكىنى تىلىدىم. رەببىم ماڭا مۇنداق دېدى: ‹ئى مۇھەممەد! مەن بىرەر ھۆكۈمنى چىقارسام، ئۇ تا قىيامەتكىچە كۈچكە ئىگىدۇر. سېنىڭ ئۈممىتىڭنى ئومۇميۈزلۈك ئاچارچىلىق بىلەن ھالاك قىلماسلىقنى، يەر يۈزىدىكى بارلىق دۈشمەنلىرى بىرلىشىپ ئۇلارغا ئۇرۇش ئاچقان تەقدىردىمۇ، ئۇلارنى پۈتۈنلەي يوق قىلىۋەتمەسلىكنى تەقدىر قىلدىم. ئەمما سېنىڭ ئۈممىتىڭنىڭ بەزىسى بەزىسىنى ھالاك قىلىدۇ ۋە بىر قىسمى يەنە بىر قىسمىنى ئەسىرگە ئالىدۇ»[1]. ئىسلام ئۈممىتى قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ كۆرسەتمىلىرىدىن چەتنەپ كېتىپ، ئىتتىپاقلىقتىن ئىبارەت زور كۈچنى يوقىتىپ قويغاندىن كېيىن، ئۇلار پارچىلىنىش، مۇستەملىكە قىلىنىش ۋە كۈچلۈكلەرگە بېقىنىش دېگەندەك ھەر خىل بەختسىزلىكلەرگە ۋە كرىزىسلارغا ئۇچرىدى. ئىسلام ئۈممىتىنىڭ قايتىدىن قەد كۆتۈرۈشى ئىسلامغا پۈتۈنلەي قايتىش بىلەن بولىدۇ.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئىنسانلارنىڭ ئاللاھ تائالادىن باشقا ئىلاھى يوقلۇقىنىڭ ئەڭ چوڭ دەلىللىرىدىن بىرى شۇكى، ئاللاھ تائالاغا ئىشەنمەيدىغان دىنسىزلارمۇ

[1] «صحيح مسلم» 4-توم، 2215-بەت، 2889-ھەدىس، «مسند الإمام أحمد» 5-توم، 287-بەت، 22447-ھەدىس.

ئۆلۈم پالاكىتىگە ئۇچرىغان ئىنتايىن قىيىن لەھزىلىرىدە، ئىختىيارسىز ھالدا ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا يېلىنىپ، ئۇنىڭدىن ياردەم تىلەيدۇ. ھەتتا بۇتلاردىن مەدەت تىلەيدىغان مۇشرىكلارمۇ ئۇ چاغدا، ئۆزلىرى چوقۇنۇۋاتقان بۇتلىرىغا ئەمەس، پەقەت ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىدۇ.

2. ئىسلام ئۈممىتىنى تاشقى دۈشمەنلەر مەغلۇپ قىلىشتىن ئاۋۋال، ئۇلارنى ئارىسىدىكى ئىختىلاپلار، بۆلۈنۈشلەر مەغلۇپ قىلىپ ھازىرقى ھالغا ئەكىلىپ قويغان. بۇنىڭدىن بىرلىكنىڭ ۋە ئىناقلىقنىڭ نەقەدەر مۇھىم ئىكەنلىكىنى چۈشىنىش ئانچە قىيىن ئەمەس. شۇڭا ئىسلام پىرىنسىپىدا بىرلىكنى بۇزۇش ئەڭ كەچۈرۈلمەس جىنايەت سانىلىدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكىنى ۋە ئىناقلىقىنى ساقلاش پەرز بولغاندەك، ئايرىلىش، بۆلۈنۈش ۋە ئىناقسىزلىق جىنايەتتۇر.

3. يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلار ۋە كىشىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ يولىدىن توسقۇچىلارنىڭ ھالاك بولىدىغان ۋاقتى بەلگىلەنگەن بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا ئالدىراپ قالمايدۇ. جازالاش ۋاقتى يېتىپ كەلگەندە ھېچ نەرسە ئۇنى توسۇپ قالالمايدۇ.

### ◄ قۇرئاننى مەسخىرە قىلغۇچىلار ۋە ئۇلارنىڭ جازاسى

﴿وَإِذَا رَأَيْتَ ٱلَّذِينَ يَخُوضُونَ فِيٓ ءَايَٰتِنَا فَأَعْرِضْ عَنْهُمْ حَتَّىٰ
يَخُوضُواْ فِي حَدِيثٍ غَيْرِهِۦۚ وَإِمَّا يُنسِيَنَّكَ ٱلشَّيْطَٰنُ فَلَا تَقْعُدْ
بَعْدَ ٱلذِّكْرَىٰ مَعَ ٱلْقَوْمِ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٦٨﴾ وَمَا عَلَى ٱلَّذِينَ يَتَّقُونَ
مِنْ حِسَابِهِم مِّن شَيْءٍ وَلَٰكِن ذِكْرَىٰ لَعَلَّهُمْ يَتَّقُونَ ﴿٦٩﴾ وَذَرِ
ٱلَّذِينَ ٱتَّخَذُواْ دِينَهُمْ لَعِبًا وَلَهْوًا وَغَرَّتْهُمُ ٱلْحَيَوٰةُ ٱلدُّنْيَاۚ وَذَكِّرْ
بِهِۦٓ أَن تُبْسَلَ نَفْسٌۢ بِمَا كَسَبَتْ لَيْسَ لَهَا مِن دُونِ ٱللَّهِ وَلِيٌّ
وَلَا شَفِيعٌ وَإِن تَعْدِلْ كُلَّ عَدْلٍ لَّا يُؤْخَذْ مِنْهَآۗ أُوْلَٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ
أُبْسِلُواْ بِمَا كَسَبُواْۖ لَهُمْ شَرَابٌ مِّنْ حَمِيمٍ وَعَذَابٌ أَلِيمُۢ بِمَا كَانُواْ
يَكْفُرُونَ ﴿٧٠﴾﴾

### تەرجىمىسى

68ـ بىزنىڭ ئايەتلىرىمىز ھەققىدە قالايمىقان گەپ قىلىۋاتقان كىشىلەرنى كۆرگىنىڭدە، ئۇلار بۇنىڭدىن باشقا گەپكە يۆتكەلمىگۈچە ئۇلاردىن يىراق تۇرغىن. (ئۇلاردىن يىراق تۇرۇشنى) شەيتان ساڭا ئۇنتۇلدۇرغان بولسا، ئېسىڭگە كەلگەندىن كېيىن، بۇنداق زالىم قەۋم بىلەن بىللە ئولتۇرمىغىن.

69ـ تەقۋادارلارغا ئۇلارنىڭ ھېسابىدىن ھېچ نەرسە يۈكلەنمەيدۇ. شۇنداقـتىمۇ، تەقۋادارلار ئۇلارنىڭ (بۇنداق قىلمىشتىن) ساقلىنىشى ئۈچۈن ئۇلارغا ۋەز-نەسىھەت قىلىشى كېرەك.

70ـ دىنىنى ئويۇن-تاماشا قىلىۋالغان ۋە دۇنيا تىرىكچىلىكىگە ئالدانغانلارنى قويۇپ تۇرغىن. ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئۆز قىلمىشى سەۋەبلىك ھالاك بولۇشتىن ساقلىنىشى ئۈچۈن، (ئۇنىڭغا) قۇرئان بىلەن نەسىھەت قىلغىن، ئۇنىڭغا ئاللاھتىن باشقا دوست ۋە شاپائەت قىلغۇچى بولمايدۇ، ئۇ ھەرقانداق فىدىيە بەرسىمۇ قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئەنە شۇلار قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ھالاكەتكە مەھكۇم قىلىنغانلاردۇر. ئۇلارغا كۇفرىدا چىڭ تۇرغانلىقى تۈپەيلىدىن قايناپ تۇرغان شاراب ۋە قاتتىق ئازاب بار.

### تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر بىزنىڭ ئايەتلىرىمىز ھەققىدە قالايمىقان گەپ قىلغان ۋە ئۇنى مەسخىرە قىلغان كاپىرلارنى كۆرگىنىڭلاردا، ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈڭلار، ئۇلار بۇنداق كۇفرى سۆزدىن باشقا سۆزلەرگە يۆتكەلمىگۈچە ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇرماڭلار ۋە ئۇلاردىن يىراق تۇرۇڭلار. ئەگەر سىلەر شۇنداق كۇفرى سۆزلەر سۆزلىنىدىغان سورۇنلاردا ئولتۇرۇپ قالساڭلار، سىلەرمۇ ئاشۇ گۇناھكارلارنىڭ قاتارىدىن بولۇپ كېتىسىلەر. شۇڭا دىققەت قىلىڭلار ۋە ھوشيار بولۇڭلار، دىنىڭلارنى ۋە ئەقىدەڭلارنى قوغداشقا سۇسلۇق قىلماڭلار.

«قۇرئان كەرىم»دىن ياكى سەھىھ ھەدىستىن ھېچقانداق دەلىلى يوق تۇرۇپ، «قۇرئان كەرىم»نى ئۆز خاھىشىغا توغرىلاپ تەۋىل قىلىدىغانلارمۇ بۇ ھۆكۈمگە كىرىدۇ. مۇنداق ئادەملەر بىلەنمۇ بىللە ئولتۇرماسلىق ۋە ئۇلاردىن يىراق تۇرۇش كېرەك. بۇ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مەزكۇر ئايەتكە قىلغان تەپسىرىنىڭ خۇلاسىسى بولۇپ، بۇنداق قىلىشنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئەگەر سىز «قۇرئان كەرىم» توغرۇلۇق ياكى ئىسلام دىنى توغرۇلۇق ۋەياكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام توغرۇلۇق

قالايمىقان سۆزلەر قىلىنغان سورۇندىن قوپۇپ كەتسىڭىز، ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈسىڭىز، سىزنىڭ بۇ ئىشىڭىز ئۇلارنىڭ قالايمىقان سۆزلىرىگە قوشۇلمايدىغانلىقىڭىزنى ۋە ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشلىرىغا قەتئىي رازى ئەمەسلىكىڭىزنى ئىپادىلەيدۇ. يەنە سىز بۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ قىلمىشىغا رەددىيە بەرگەن بولىسىز. شۈبھىسىزكى، بۇ ئۇلارنىڭ «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنى ئاساسسىز ھالدا تەۋىل قىلىشى ۋە ئۇنى مەسخىرە قىلىشىغا ئالاھىدە توسقۇن بولالايدۇ. ئەمما ئۇلار كۇفرى سۆزلەرنى تەرك ئېتىپ باشقا سۆزلەرگە ئۆتسە، ئۇ ۋاقىتتا، ئۇلارنىڭ سورۇنلىرىغا قېتىلىپ، ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇرسىڭىز بولىدۇ.

ئەللامە قۇرتۇبىي مۇنداق دەيدۇ: «بىراۋ بىر ئادەمنىڭ يامان ئىش قىلىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلغاننىڭ پايدىسى بولمايدىغان-لىقىنى بىلسە، ئۇنىڭ مۇنداق ئادەمدىن يۈز ئۆرۈگىنى ياخشى».

ئەگەر شەيتان ساڭا ئۇلارنىڭ سورۇنلىرىنىڭ قەبىھلىكىنى ۋە ئۇلارنى بۇ قەبىھ ئىشلاردىن مەنئى قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ياكى مۇنداق سورۇنلاردا ئولتۇرۇشنىڭ جائىز ئەمەسلىكىنى ئۇنتۇلدۇرغان بولسا، ئېسىڭگە كەلگەن ھامان ئۇ سورۇندىن قوپۇپ كەتكىن ۋە «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئايەتلىرىنى مەسخىرە قىلىش بىلەن ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلىدىغان مۇنداق گۇناھكار قەۋم بىلەن ھەرگىز بىللە ئولتۇرمىغىن.

بۇ ئورۇندا ئەقلىمىزگە مۇنداق بىر سوئال كېلىشى مۇمكىن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنتۇپ قېلىشى مۇمكىنمۇ؟ ئەگەر مۇمكىن دېيىلسە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەممىنى ئۇنتۇغانمۇ ياكى بەزى نەرسىلەرنى ئۇنتۇغانمۇ؟ بىرىنچى سوئالنىڭ جاۋابى مۇنداق: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنتۇپ قېلىشى مۇمكىن ئىشتۇر. ﴿وَٱذۡكُر رَّبَّكَ إِذَا نَسِيتَ﴾ يەنى ﴿ئەگەر ئۇنتۇپ قالساڭ، (ئېسىڭگە كەلگەن ھامان) رەببىڭنى ياد ئەتكىن﴾[1]. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا شەيتاننىڭ ۋەسۋەسە قىلىشى، دىنىي مەسىلىلەرنى ياكى ۋەھيىنى ئۇنتۇلدۇرۇشى قەتئىي مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى شەيتاندىن مەخسۇس قوغدىغان. بىراق ئادەتتىكى ئىشلارنى ئۇنتۇپ قېلىش ھەربىر پەيغەمبەرنىڭ ھەققىدە مۇمكىن ئىشتۇر. ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭمۇ ئۇنتۇپ قالغانلىقى ئېنىقتۇر. ﴿وَلَقَدۡ عَهِدۡنَآ إِلَىٰٓ ءَادَمَ مِن قَبۡلُ فَنَسِيَ﴾ يەنى ﴿ئىلگىرى بىز ئادەمگە (مەلۇم دەرەخنىڭ

[1] كەھف سۈرىسى: 24- ئايەت.

مېۋىسىنى يېمەسلىكنى) تەۋسىيە قىلغان ئىدۇق، ئۇ بۇنى ئۇنتۇپ قالدى﴾[1]. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭمۇ ئۇنتۇغانلىقى «قۇرئان كەرىم»دە بايان قىلىنىدۇ. ﴿قَالَ لَا تُؤَاخِذْنِي بِمَا نَسِيتُ﴾ يەنى ﴿مۇسا ئېيتتى: «ۋەدەمنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىم ئۈچۈن سەن مېنى ئەيىبلىمە»﴾[2]

ئىمام بۇخارىي ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إِنَّمَا أَنَا بَشَرٌ أَنْسَى كَمَا تَنْسَوْنَ ، فَإِنْ نَسِيتُ فَذَكِّرُونِي» يەنى «مەن پەقەت سىلەرگە ئوخشاشلا بىر ئىنسان، سىلەر ئۇنتۇغاندەك مەنمۇ ئۇنتۇپ قالىمەن. مەن ئۇنتۇپ قالسام، سىلەر مېنىڭ يادىمغا سېلىپ قويۇڭلار»[3]. بۇ ھەدىس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئادەتتىكى ئىشلارنى ئۇنتۇپ قېلىشى مۇمكىنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەمما ۋەھىينى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. شەيتاننىڭ ئىنسانغا بەزى نەرسىلەرنى ئۇنتۇلدۇرۇشى تەبىئىي ئەھۋال بولۇپ، بۇ شەيتاننىڭ ئۇ ئادەمنى ئۆز تىزگىنى ئاستىغا ئېلىۋالغانلىق مەنىسىنى بىلدۈرمەيدۇ. ﴿إِنَّهُۥ لَيْسَ لَهُۥ سُلْطَٰنٌ عَلَى ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَلَىٰ رَبِّهِمْ يَتَوَكَّلُونَ﴾ يەنى ﴿شەكسىزكى، ئىمان ئېيتقانلارنىڭ ۋە رەببىگىلا تايانغۇچىلارنىڭ ئۈستىدىن شەيتان ھۆكۈمرانلىق قىلالمايدۇ﴾[4].

ئىككىنچى سوئالنىڭ جاۋابى: ئەڭ توغرا قاراشقا ئاساسلانغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن قىلىنغان ۋەھىينى قەتئىي ئۇنتۇمايتتى. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا ﴿لَا تُحَرِّكْ بِهِۦ لِسَانَكَ لِتَعْجَلَ بِهِۦٓ ﴿١٦﴾ إِنَّ عَلَيْنَا جَمْعَهُۥ وَقُرْءَانَهُۥ ﴿١٧﴾ فَإِذَا قَرَأْنَٰهُ فَٱتَّبِعْ قُرْءَانَهُۥ﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر! ساڭا ۋەھيى نازىل بولۇۋاتقان چاغدا) ئۇنى ئېسىڭگە ئېلىۋېلىشقا ئالدىراپ تىلىڭنى مىدىرلاتما. چۈنكى، ئۇ ۋەھيىنى (سېنىڭ دىلىڭغا) توپلاش ۋە ئۇنى ساڭا ئوقۇتۇش بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىزدۇر﴾[5].

ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداپ، توسقانلىرىدىن يىراق تۇرىدىغان، ئاللاھ تائالاغا ۋە مەخلۇقاتقا قارىتا مەسئۇلىيىتىنى تونۇپ، شۇ مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن ياشايدىغان تەقۋادار كىشىلەرگە كاپىرلارنىڭ «قۇرئان كەرىم »نى مەسخىرە قىلغانلىقىنىڭ گۇناھىدىن ھېچ نەرسە

---

[1] تاھا سۈرىسى: 115- ئايەت.

[2] كەھف سۈرىسى: 73- ئايەت.

[3] «صحيح البخاري» 386- ھەدىس، «صحيح مسلم» 889-ھەدىس.

[4] نەھل سۈرىسى: 99- ئايەت.

[5] قىيامەت سۈرىسى: 16-17 ئايەتلەر.

يۈكلەنمەيدۇ. ئەمما مۇنداق بىر تەقۋادار ئادەمنىڭ «قۇرئان كەرىم»نى مەسخىرە قىلىنىۋاتقان سورۇندا ئۇلارغا قارشى چىقماي ۋە ۋەز-نەسىھەت قىلماي، ئۇلارنى مەسخىرە قىلىشقا قويۇپ بېرىپ، ئۆزى سورۇندىن چىقىپ كېتىشى ياخشى ئەمەس. شۇڭا ئۇ كىشىنىڭ مەسخىرە قىلغۇچىلارغا قارشى چىقىشى ۋە نەسىھەت قىلىشى لازىم. ئاندىن ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئايرىلسا ۋە سورۇننى تەرك ئەتسە، ئۇلارغا بۇ نەسىھەتنىڭ پايدىسى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. بەلكى ئۇلار بۇ ۋەز-نەسىھەتنىڭ تەسىرى بىلەن ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلىشتىن ساقلىنىشى ياكى يېنىدا ئولتۇرغانلاردىن هايا قىلىپ بولسىمۇ مۇنداق قالايمىقان گەپلەرنى قىلماسلىقى مۇمكىن. ئەگەر ئۇلار ئۇنىڭ نەسىھىتىگە قۇلاق سالمىسا ياكى قوبۇل قىلمىسا، ئۇ كىشىنىڭ سورۇندىن دەرهال چىقىپ كەتكىنى ياخشى.

ئى پەيغەمبەر! ئۆزلىرىنىڭ ئىككى ئالەملىك بەخت-سائادىتىنىڭ كېپىلى بولغان دىنىنى ئويۇنچۇق ۋە تاماشا ئورنىدا كۆرۈۋاتقانلارنى قويۇپ تۇرغىن، ئۇلارنى مېنىڭ جازالىشىمغا تاپشۇرغىن. چۈنكى، ئۇلارنىڭ بۇ قەبىھ قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ئۇلارنىڭ دىللىرى پېچەتلەندى. شۇڭا ئۇلار پۇل-مال ۋە ئوغۇللار ئەسقاتمايدىغان قىيامەت كۈنى ئۈچۈن هېچقانداق تەييارلىق قىلمىدى. ئۆمرىنى بىھۇدە ئىشلار بىلەن زايە قىلىۋەتتى، ئۇلار ئۆزلىرىنى پايدىلىق ئىشلاردىن مەھرۇم قىلدى. مانا بۇ ئويۇن-تاماشادۇر.

ئۆتكۈنچى دۇنيانىڭ تىرىكچىلىكى ئۇلارنى ئالداپ قويدى. بۇ ئىش ئاخىرى ئۇلارنى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا قارشى چىقىشقا ئېلىپ باردى. ئى پەيغەمبەر! ئۇلاردىن يۈز ئۆرىگىن. مۇنداقلارغا كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمىگىن. سەن پەقەت ئاللاھ تائالادىن قورقىدىغان كىشىلەرنى قولۇڭدىكى ساماۋى كىتاب «قۇرئان كەرىم» بىلەن ئاگاهلاندۇرغىن. ﴿كُلُّ نَفْسٍ بِمَا كَسَبَتْ رَهِينَةٌ﴾ يەنى ﴿ھەر ئىنسان ئۆزىنىڭ ئەمەلى بىلەن رەنىگە ئېلىنغاندۇر﴾[1].

هېچكىمگە ئاللاھ تائالادىن باشقا ئىگىدارچىلىق قىلغۇچى، ئۇنى بېشىغا كەلگەن زىيان-زەخمەتتىن قوغدىغۇچى ۋە ئازابتىن قۇتقۇزغۇچى يوقتۇر. ﴿مَا لِلظَّلِمِينَ مِنْ حَمِيمٍ وَلَا شَفِيعٍ يُطَاعُ﴾ يەنى ﴿زالىملارغا هېچبىر يېقىن دوست ۋە شاپائىتى قوبۇل قىلىنىدىغان بىرەر شاپائەتچى چىقمايدۇ﴾[2]. گۇناھكار ئادەم ئۆز گۇناھىغا تەڭ مىقداردا فىدىيە (يەنى

---

[1] مۇددەسسىر سۈرىسى: 38- ئايەت.

[2] غافىر سۈرىسى: 18- ئايەت.

ماددىي تۆلەم) بەرگەن ۋە پۈتۈن بارلىقىنى تەقدىم قىلغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ فىدىيەسى ھەرگىزمۇ قوبۇل قىلىنمايدۇ. ﴿وَٱتَّقُواْ يَوۡمٗا لَّا تَجۡزِي نَفۡسٌ عَن نَّفۡسٖ شَيۡـٔٗا وَلَا يُقۡبَلُ مِنۡهَا شَفَٰعَةٞ وَلَا يُؤۡخَذُ مِنۡهَا عَدۡلٞ وَلَا هُمۡ يُنصَرُونَ﴾ يەنى ﴿كىشى كىشىگە قىلچىلىك ئەسقاتمايدىغان، (ئاللاھ ئىجازەت بەرمىگۈچە) ھېچ كىشىنىڭ شاپائىتى قوبۇل قىلىنمايدىغان، ھېچ كىشىدىن فىديە ئېلىنمايدىغان، كاپىرلار ياردەمگە ئېرىشەلمەيدىغان كۈندىن قورقۇڭلار﴾[1].

ئەنە شۇلار «قۇرئان كەرىم»نى مەسخىرە قىلغان، ئۆزىنىڭ دىنىنى ئويۇن-تاماشا ئورنىدا كۆرگەنلەردۇر. ئۇلار بۇ قىلمىشى تۈپەيلىدىن ئۆزلىرىنى ئاخىرەتنىڭ ئازابىغا تۇتقانلاردۇر. ئاخىرەتتە ئۇلار ئۈچۈن قايناپ تۇرغان سۇ بىلەن يېرىڭدىن باشقا ئىچىدىغان نەرسە يوقتۇر. بۇ ئۇلارغا تېگىشلىك بولۇپ، ئۇلارغا ئاخىرەتتە يەنە بۇنىڭدىنمۇ قاتتىق ئازابلار بار.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئىسلام دىنى، ئىسلام پەيغەمبىرى ۋە «قۇرئان كەرىم» مەسخىرە قىلىنىدىغان ياكى بۇلار توغرىسىدا نالايىق سۆزلەر سۆزلىنىدىغان سورۇنلاردا ئولتۇرۇشقا بولمايدۇ. دىن توغرۇلۇق قالايمىقان گەپ قىلغۇچىلارغا ۋەز-نەسىھەت قىلىش لازىم. ئەگەر ۋەز-نەسىھەتنىڭ پايدىسى بولمىسا ياكى پايدىسى بولمايدىغانلىقى ئېنىق بىلىنسە، مۇنداق سورۇندىن دەرھال تۇرۇپ كېتىش لازىم.

2. ھاراق سورۇنلىرىغا ۋە غەيۋەتكە ئوخشاش ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق بولىدىغان ئىشلار يۈز بېرىدىغان سورۇنلاردىن دەرھال تۇرۇپ كېتىش كېرەك. مۇنداق سورۇنلارغا قەتئىي قاتناشماسلىق لازىم.

3. كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسۇش ھەربىر مۇسۇلمانغا پەرزدۇر. ھەركىم ئۆزىنىڭ ئىقتىدارى ۋە شەرت-شارائىتىغا يارىشا بۇ پەرزنى ئادا قىلىشقا بۇيرۇلغان.

4. «قۇرئان كەرىم» بارلىق ئىنسانلار ئۈچۈن ۋەز-نەسىھەت ۋە ئاگاھلاندۇرۇشتۇر. كاپىرلار «قۇرئان كەرىم» نىڭ ۋەز-نەسىھەتلىرىنى قوبۇل قىلمىسا، ئۇلارنى قايسى دەلىلگە قايىل بولسا شۇ دەلىل بىلەن

[1] بەقەرە سۈرىسى: 48- ئايەت.

ئاگاھلاندۇرۇش لازىم.

5. كاپىر پېتى ئۆلگەنلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن ھېچكىم قۇتقۇزۇپ قالالمايدۇ. ئۇلار بارلىقىنى پىدا قىلىپمۇ بۇ ئازابتىن قۇتۇلالمايدۇ.

## ◄ ئىسلام ۋە شېرىك ئەقىدىسى

﴿قُلۡ أَنَدۡعُواْ مِن دُونِ ٱللَّهِ مَا لَا يَنفَعُنَا وَلَا يَضُرُّنَا وَنُرَدُّ عَلَىٰٓ
أَعۡقَابِنَا بَعۡدَ إِذۡ هَدَىٰنَا ٱللَّهُ كَٱلَّذِي ٱسۡتَهۡوَتۡهُ ٱلشَّيَٰطِينُ فِي ٱلۡأَرۡضِ
حَيۡرَانَ لَهُۥٓ أَصۡحَٰبٞ يَدۡعُونَهُۥٓ إِلَى ٱلۡهُدَى ٱئۡتِنَاۗ قُلۡ إِنَّ هُدَى ٱللَّهِ
هُوَ ٱلۡهُدَىٰۖ وَأُمِرۡنَا لِنُسۡلِمَ لِرَبِّ ٱلۡعَٰلَمِينَ ٧١ وَأَنۡ أَقِيمُواْ ٱلصَّلَوٰةَ
وَٱتَّقُوهُۚ وَهُوَ ٱلَّذِيٓ إِلَيۡهِ تُحۡشَرُونَ ٧٢ وَهُوَ ٱلَّذِي خَلَقَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ
وَٱلۡأَرۡضَ بِٱلۡحَقِّۖ وَيَوۡمَ يَقُولُ كُن فَيَكُونُۚ قَوۡلُهُ ٱلۡحَقُّۚ وَلَهُ ٱلۡمُلۡكُ
يَوۡمَ يُنفَخُ فِي ٱلصُّورِۚ عَٰلِمُ ٱلۡغَيۡبِ وَٱلشَّهَٰدَةِۚ وَهُوَ ٱلۡحَكِيمُ
ٱلۡخَبِيرُ ٧٣﴾

## ◄ تەرجىمىسى

71-(ئى پەيغەمبەر! ئۇ كاپىرلارغا) ئېيتقىنكى، «بىز ئاللاھنى قويۇپ بىزگە پايدا -زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان نەرسىلەرگە چوقۇنامدۇق؟ ئاللاھ بىزنى ھىدايەت قىلغاندىن كېيىن ئارقىمىزغا چېكىنەمدۇق؟ (ئەگەر بىز شۇنداق قىلىدىغان بولساق) شەيتانلار ئازدۇرۇپ بىر چۆلگە باشلاپ بارغان، (چۆلدە) تېڭىرقاپ قالغان، دوستلىرى ئۇنى بىزى كەل دەپ توغرا يولغا چاقىرىۋاتقان (بولسىمۇ چاقىرىقنى قوبۇل قىلماي ھالاك بولغان) بىر ئادەمگە ئوخشاپ قالىمىز». ئېيتقىنكى، «ئاللاھنىڭ ھىدايىتىلا ھەقىقىي ھىدايەتتۇر، بىز ئالەملەرنىڭ رەببىگە بويسۇنۇشقا بۇيرۇلدۇق.

72-بىز يەنە ‹نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلىڭلار، ئاللاھتىن قورقۇڭلار› (دەپ بۇيرۇلدۇق). ئەنە شۇ ئاللاھ سىلەر دەرگاھىغا توپلىنىدىغان زاتتۇر».

73-ئاللاھ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ھېكمەت بىلەن ياراتقان زاتتۇر. ئاللاھ (قانداقلا بىر نەرسىگە) «بول!» دېگەن كۈنى ئۇ دەرھال بولىدۇ. ئاللاھنىڭ سۆزى

**ھەقتۇر. سۇر چېلىنىدىغان كۈندىكى پادىشاھلىق ئۇنىڭغا خاستۇر[1]. ئاللاھ يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر.**

## تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! ئۇ كاپىرلارغا ئېيتقىنكى، بىز ئاللاھنى تاشلاپ قويۇپ، چاقىرساق بىزگە جاۋاب بېرەلمەيدىغان، دۇئا قىلساق بىزگە پايدا يەتكۈزەلمەيدىغان، چوقۇنمىساق بىزگە زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان ئاشۇ بۇتلارغا چوقۇنامدۇق؟ بىز رەببىمىزگە ئىمان ئېيتىپ، مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، دىنىمىزدىن يېنىپ ئارقىمىزغا چېكىنىپ بۇرۇنقى كاپىرلىق ھالىتىمىزگە قايتامدۇق؟ ئىسلام نۇرى دىلىمىزنى يورۇتقاندىن كېيىن، بىز ئەمدى يەنە شۇ جاھىلىيەتنى تىلەمدۇق؟ ئاللاھ تائالا بىزنى توغرا يولغا ھىدايەت قىلغاندىن كېيىن، ئازغۇنلۇققا قايتامدۇق؟ بىز ھەرگىز ئۇنداق قىلمايمىز.

ئەگەر بىز شۇنداق قىلىدىغان بولساق، شەيتانلار ئازدۇرۇپ بىر چۆلگە باشلاپ بارغان، ئەقلىنى يوقىتىپ ھەيرانلىقتا يولىنى تاپالماي بۇ چۆلدە تېڭىرقاپ قالغان، دوستلىرى «بېرى كەل!» دەپ توغرا يولغا چاقىرىپ تۇرسىمۇ، ئۇ تېڭىرقاش تۈپەيلىدىن چاقىرىقنىمۇ ئاڭقىرالماي قالغان بىر ئادەمگە ئوخشاپ قالىمىز. مۇنداق ھالەتتىكى بىر ئادەم قانداقمۇ چاقىرىقنى ئاڭلىيالىسۇن؟ ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ دىلىنى پېچەتلىۋەتكەن، كۆزىنى پەردىلىۋەتكەن مۇنداق بىر ئادەمنى ئاللاھ تائالادىن باشقا كىم توغرا يولغا ھىدايەت قىلالىسۇن؟!

توغرا، ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن، (ئاللاھ ساقلىسۇن) مۇرتەد بولۇپ ئىماندىن يېنىۋالغان ئادەم نىشانىنى يوقاتقان ۋە دوستلىرى «ھىدايەت ياخشىدۇر، نىجاتلىق ۋە توغرا يول بۇ يەردە، بىز تەرەپكە كەل» دەپ ئۇنى توغرا يولغا چاقىرىپ تۇرسىمۇ، ئۇلارنىڭ چاقىرىقىغا قۇلاق سالمىغان ئادەمگە ئوخشاشتۇر. بۇنداق ئادەم ئۆزىگە ھېچبىر پايدا يەتكۈزەلمەيدىغان نەرسىلەرگە بېرىلىپ كەتكەنلىكى ۋە تېڭىرقاشتىن گاڭگىراپ قالغانلىقى ئۈچۈن، دوستلىرىنىڭ چاقىرىقىغا جاۋاب بېرەلمەيدۇ. ئەسلىدە مۇنداق ئادەملەر ئۆزلىرى قىلىۋاتقان يامان ئىشلارنى ياخشى دەپ ئويلاپ قالغانلىقتىن، دوستلىرىنىڭ چاقىرىقىغا ئەگەشمەيدۇ.

---

[1] سۇر- قىيامەت قايىم بولغاندا بىر قېتىم، ئاندىن ئاخىرەتتە ئىنسانلار تىرىلىدىغان چاغدا يەنە بىر قېتىم چېلىنىدىغان كانايدۇر.

ئى پەيغەمبەر! ئۇ كاپىرلارنى يېنىڭغا چاقىرىپ، ئۇلارغا ئېيتقىنكى، ئاللاھ تائالانىڭ ھىدايىتى ھەقىقىي ۋە ئەسلى ھىدايەتتۇر. ئىسلام يولى ھەقتۇر ۋە توغرا يولدۇر. بىز ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولۇشقا بۇيرۇلدۇق. بىز ئۆزىمىزنى ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە تاپشۇرۇپ ئۇنىڭغا بويسۇندۇق، ئۇنىڭ يولىغا كىردۇق. چۈنكى، دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك پۈتۈن ياخشىلىقلار پەقەتلا ئىسلام دىنىدىدۇر. بىز يەنە نامازنى تولۇق ۋە مۇكەممەل ئادا قىلىشقا، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن پۈتۈن ھاللاردا ئاللاھ تائالادىن قورقۇشقا ۋە تەقۋادار بولۇشقا بۇيرۇلدۇق. ئاللاھ تائالا ئاخىرى ھەممىمىز دەرگاھىغا توپلىنىدىغان زاتتۇر. دېمەك، قىيامەت كۈنى بارلىق خالايىق ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىدا توپلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ھېكمەت بىلەن ياراتقان، شۇنداقلا كائىناتتا ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان قانۇنىيەتلەرنى ياراتقان زاتتۇر. ﴿وَمَا خَلَقْنَا ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضَ وَمَا بَيْنَهُمَا لَٰعِبِينَ ۝٣٨ مَا خَلَقْنَٰهُمَآ إِلَّا بِٱلْحَقِّ وَلَٰكِنَّ أَكْثَرَهُمْ لَا يَعْلَمُونَ﴾ يەنى ﴿ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنى بىكارغا ياراتقىنىمىز يوق. ئۇلارنى بىز پەقەت ھېكمەت بىلەن ياراتتۇق، ئەمما ئۇلارنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ﴾[1]، ﴿رَبَّنَا مَا خَلَقْتَ هَٰذَا بَٰطِلًا﴾ يەنى ﴿ئى رەببىمىز! سەن بۇنى بىكار ياراتمىدىڭ﴾[2].

ئاللاھ تائالا قانداقلا بىر نەرسىگە «بول!» دېگەن كۈنى ئۇ نەرسە شۇ لەھزىنىڭ ئۆزىدىلا ۋۇجۇتقا كېلىپ بولىدۇ. يارىتىش ئاللاھ تائالانىڭ مۇشۇ بىرلا ئەمر-پەرمانى بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ قانداقلا بىر ئەمر-پەرمانى ئەنە شۇنداق دەرھال ئەمەلگە ئاشىدۇ. ﴿أَلَا لَهُ ٱلْخَلْقُ وَٱلْأَمْرُ﴾ يەنى ﴿بىلىڭلاركى، يارىتىش ۋە ئەمر قىلىش ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر﴾[3].

بارچە ھۆكۈمرانلىق ۋە مۇتلەق پادىشاھلىق پەقەتلا ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. قىيامەت قايىم بولۇپ، سۈر چېلىنغاندا ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكىلەرنىڭ ھەممىسى، ھەتتا ئۆلۈم پەرىشتىسىمۇ، سۈر چالغان ئىسرافىل ئەلەيھىسسالاممۇ ئۆلىدۇ. ئىككىنچى قېتىم سۈر چېلىنغاندا ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى تىرىلىدۇ ۋە ھېساب مەيدانىغا توپلىنىپ، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنى قانداق قىلىدىغانلىقىنى كۈتۈپ تۇرۇشىدۇ. ئاللاھ تائالا

[1] دۇخان سۈرىسى: 38-39- ئايەتلەر.
[2] ئال ئىمران سۈرىسى: 191- ئايەت.
[3] ئەئراف سۈرىسى: 54- ئايەت.

كۆرۈنىدىغان ۋە كۆرۈنمەيدىغان ئالەملەرنىڭ ھەممىسىنى بىلىدۇ. ئاللاھ تائالا ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر.

بىز مۇشۇنچە مۇكەممەل سۈپەتلەرگە ئىگە بولغان ئاللاھ تائالانى قويۇپ، بىزگە پايدا يەتكۈزەلمەيدىغان ياكى بىزنى زىياندىن قوغداپ قالالمايدىغان ئاشۇ ئاجىز مەخلۇقاتقا چوقۇنامدۇق؟! ئەقلى ساغلام ئادەم ھەرگىز بۇنداق قىلمايدۇ. ﴿بَلْ إِيَّاهُ تَدْعُونَ فَيَكْشِفُ مَا تَدْعُونَ إِلَيْهِ إِنْ شَآءَ وَتَنسَوْنَ مَا تُشْرِكُونَ﴾ يەنى ﴿ئۇنداق قىلمايسىلەر. سىلەر پەقەت ئاللاھقىلا ئىلتىجا قىلىسىلەر، ئاللاھ خالىسا، سىلەر (كۆتۈرۈۋېتىشىنى تىلەپ) ئىلتىجا قىلغان بالانى كۆتۈرۈۋېتىدۇ، ئۇ چاغدا سىلەر ئاللاھقا شېرىك قىلىۋالغان بۇتلارنى ئۇنتۇيسىلەر﴾[1]، ﴿إِيَّاكَ نَعْبُدُ وَإِيَّاكَ نَسْتَعِينُ﴾ يەنى ﴿(ئى رەببىمىز!) ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز﴾[2].

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، ئىماندىن يېنىپ كېتىشنىڭ جازاسى ھەقىقەتەن ئېغىردۇر. مۇنداقلار بۇ دۇنيادا رەسۋا بولىدۇ، ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابلارغا دۇچار بولىدۇ.

2. ئازغۇنلارنىڭ كىشىلەرنى ئازدۇرۇش يوللىرى ۋە ئۇسۇللىرى ئىنتايىن كۆپتۇر. شۇڭا مۇسۇلمان ئادەم ھوشيار بولۇشى ۋە شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ ئالدىنىپ قالماسلىقى لازىم.

3. ئاللاھ تائالانىڭ يولىدىن باشقا توغرا يول يوقتۇر. ئىسلامدىن باشقا دىننى تاللىغانلار چوقۇم زىيان تارتقۇچىلاردۇر. ھىدايەتنىڭ يولى ئىسلامدىن ئىبارەت بىردۇر. ئەمما ئازغۇنلۇقنىڭ يوللىرى ساناپ بولالمىغۇدەك دەرىجىدە كۆپتۇر.

4. مۇسۇلمان بولغان كىشى ئۆزىنى ۋە پۈتۈن ئىشلىرىنى ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە تاپشۇرغان بولىدۇ. مۇنداق كىشىنىڭ ئىبادەتلىرىنىڭ بېشى ۋە كاتتىسى بولغان نامازنى ۋاقتىدا، تولۇق ئادا قىلىشى، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن پۈتۈن ئەھۋاللىرىدا ئاللاھ تائالادىن قورقۇشى، تەقۋادار بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

---

[1] ئەنئام سۈرىسى: 41. ئايەت.
[2] فاتىھە سۈرىسى: 5-ئايەت.

5. قىيامەتنىڭ بولىدىغانلىقى ئەقىل ۋە دىننىڭ بىردەك تەلەپىدۇر. دۇنيادىكى ناھەقچىلىكلەر، يولسىزلىقلار ۋە ئادالەتسىزلىكلەر ناھەقچىلىك بولمايدىغان، ئادالەتسىزلىككە يول قويۇلمايدىغان بىر كۈننىڭ بولۇشىنى تەقەززا قىلىدۇ.

## ◄ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇشرىكلارنى مات قىلىشى

﴿وَإِذۡ قَالَ إِبۡرَٰهِيمُ لِأَبِيهِ ءَازَرَ أَتَتَّخِذُ أَصۡنَامًا ءَالِهَةً إِنِّيٓ أَرَىٰكَ
وَقَوۡمَكَ فِي ضَلَٰلٖ مُّبِينٖ ٧٤ وَكَذَٰلِكَ نُرِيٓ إِبۡرَٰهِيمَ مَلَكُوتَ
ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ وَلِيَكُونَ مِنَ ٱلۡمُوقِنِينَ ٧٥ فَلَمَّا جَنَّ عَلَيۡهِ
ٱلَّيۡلُ رَءَا كَوۡكَبٗاۖ قَالَ هَٰذَا رَبِّيۖ فَلَمَّآ أَفَلَ قَالَ لَآ أُحِبُّ ٱلۡأٓفِلِينَ ٧٦
فَلَمَّا رَءَا ٱلۡقَمَرَ بَازِغٗا قَالَ هَٰذَا رَبِّيۖ فَلَمَّآ أَفَلَ قَالَ لَئِن لَّمۡ يَهۡدِنِي
رَبِّي لَأَكُونَنَّ مِنَ ٱلۡقَوۡمِ ٱلضَّآلِّينَ ٧٧ فَلَمَّا رَءَا ٱلشَّمۡسَ بَازِغَةٗ
قَالَ هَٰذَا رَبِّي هَٰذَآ أَكۡبَرُۖ فَلَمَّآ أَفَلَتۡ قَالَ يَٰقَوۡمِ إِنِّي بَرِيٓءٞ مِّمَّا
تُشۡرِكُونَ ٧٨ إِنِّي وَجَّهۡتُ وَجۡهِيَ لِلَّذِي فَطَرَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضَ
حَنِيفٗاۖ وَمَآ أَنَا۠ مِنَ ٱلۡمُشۡرِكِينَ ٧٩﴾

### ◄ تەرجىمىسى

74ـ ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم ئاتىسى ئازەرگە: «سەن بۇتلارنى ئىلاھ قىلىۋالامسەن؟ شەكسىزكى، مەن سېنى ۋە قەۋمىڭنى ئوپئوچۇق بىر ئازغۇنلۇقتا كۆرۈۋاتىمەن» دېدى.

75ـ شۇنىڭدەك ئىبراھىمنى قەتئىي ئىشەنگۈچىلەردىن بولسۇن دەپ، بىز ئۇنىڭغا ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ ئاجايىباتلىرىنى كۆرسەتتۇق.

76ـ ئىبراھىم كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى باسقاندا بىر يۇلتۇزنى كۆرۈپ: «بۇ مېنىڭ رەببىمدۇر» دېدى. يۇلتۇز پېتىپ كېتىۋىدى، «مەن پېتىپ كەتكۈچىلەرنى ياقتۇرمايمەن» دېدى.

77ـ ئۇ ئاينىڭ تۇغقانلىقىنى كۆرۈپ: «بۇ مېنىڭ رەببىمدۇر» دېدى. ئاي پېتىپ كېتىۋىدى، «ئەگەر رەببىم مېنى ھىدايەت قىلمىغان بولسا، مەن چوقۇم

ئازغۇن قەۋمنىڭ قاتارىدا بولۇپ قالىدىكەنمەن» دېدى.

78ـ ئۇ قۇياشنىڭ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: «بۇ مېنىڭ رەببىمدۇر، بۇ ھەممىدىن چوڭ ئىكەن» دېدى. قۇياش پېتىپ كېتىۋىدى، ئۇ ئېيتتىكى: «ئى قەۋمىم! مەن سىلەر (ئاللاھقا) شېرىك قىلىۋالغان نەرسىلەردىن ئۈزۈل-كېسىل ئادا-جۇدامەن.

79ـ شەكسىزكى، مەن بارچە باتىل دىنلاردىن يىراق بولۇپ، ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان زاتقا يۈزلەندىم، مەن مۇشرىكلاردىن ئەمەسمەن».

## ◄ تەپسىرى

ئەرەبلەر ئۆزلىرىنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىدا دەپ گۇمان قىلاتتى، ئۇلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلاتتى ۋە ئۆزلىرىنى ئۇنىڭ يولىدا مېڭىۋاتىمىز دەۋالاتتى.

مانا بۇ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى بولۇپ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئەرەب مۇشرىكلىرىغا ئوخشاش ئاللاھ تائالاغا مەخلۇقاتنى شېرىك قىلىۋالدىغان ئازغۇنلاردىن ئەمەس ئىدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۆز قەۋمىنى بۇتلارغا چوقۇنۇشتەك خۇراپاتتىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ قەلبىگە تەۋھىد ئەقىدىسىنى يەرلەشتۈرۈش ئۈچۈن توختىماستىن تىرىشاتتى، گاھ ئۇلارغا ۋەز-نەسىھەت قىلاتتى، گاھ ئۇلار بىلەن مۇنازىرىلىشەتتى. ئۇلارنىڭ بۇتلارغا چوقۇنۇۋاتقانلىقى ئۈچۈن ئۇلار بىلەن ھەمىشە قارشىلىشاتتى ۋە ئۇلارنىڭ بۇ ناچار قىلمىشلىرىغا نارازىلىقىنى بىلدۈرۈپلا تۇراتتى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام شۇنداق مۇكەممەل مۆئمىن زات تۇرسا، بۇتقا چوقۇنىدىغان بۇ مۇشرىك ئەرەبلەر ئۆزلىرىنى قانداقمۇ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىغا مەنسۇپ بولسۇن؟ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇلارنىڭ قىلمىشلىرىغا رازى بولامدۇ؟

ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز قەۋمى بىلەن مۇنازىرىلەشكەن جەريانلىرىنى ئەرەب مۇشرىكلىرىگە بايان قىلىپ بېرىشكە بۇيرۇيدۇ. بۇنىڭدىن مەقسەت ئەرەبلەرنى بۇتلارغا چوقۇنۇشتىن ئىبارەت بۇ قەبىھ قىلمىشتىن ياندۇرۇش ۋە ئۇلارنىڭ ئويئۇچۇق ئازغۇنلۇقتا ئىكەنلىكىنى ئۆزلىرىگە بىلدۈرۈپ قويۇشتۇر.

ئى پەيغەمبەر! ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىمنىڭ بۇتقا چوقۇنىدىغان ئاتىسى ئازەرگە ئېيتقان سۆزلىرىنى ئەسلىگىنكى، ئۇ ئاتىسىغا مۇنداق دېگەن ئىدى: ئى ئاتا! سەن سېنى ۋە ھەممە مەۋجۇداتنى ياراتقان ئاللاھ تائالانى

قايرىپ قويۇپ، قولىدىن ھېچبىر ئىش كەلمەيدىغان بۇتلارنى ۋە ھەيكەللەرنى ئىلاھ قىلىۋالامسەن؟ مەن سېنى ۋە قەۋمىڭنى ئوپئوچۇق ئازغۇنلۇقتا كۆرۈۋاتىمەن. سىلەرنىڭ تاشتىن، ياغاچتىن ۋە تۇپراقتىن ياسىۋالغان بۇ بۇتلارغا چوقۇنۇشۇڭلار نېمىدېگەن يامان ئازغۇنلۇق-ھە، ھەقىقەتەن بۇ ئوپئوچۇق ئازغۇنلۇقتۇر!

سىلەر ئۆز قولۇڭلار بىلەن ياسىۋالغان نەرسىلەرگە چوقۇنامسىلەر؟ سىلەرنى ياراتقان زات ئاللاھ تائالا تۇرسا، قانداقمۇ ئۇنى قويۇپ، ھېچ نەرسىنى يارىتالمايدىغان ۋە سىلەرگە قىلچە پايدا يەتكۈزەلمەيدىغان نەرسىلەرگە چوقۇنىسىلەر؟ ئەگەر ئەقلىڭلارنى ئىشلەتسەڭلار، سىلەر ھۆرمەت ۋە مەرتىۋە جەھەتتە بۇ بۇتلاردىن ۋە بارلىق ساختا ئىلاھلاردىن ئەلۋەتتە ئۈستۈنسىلەر. چۈنكى، رەببىڭلار سىلەرنى بارچە مەخلۇقاتلىرىدىن ھۆرمەتلىك ئىنسان قىلىپ ياراتتى ئەمەسمۇ؟!

ئىبراھىمغا ئاتىسىنىڭ ۋە قەۋمىنىڭ ئەھۋالىنى، ئۇلارنىڭ ئوپئوچۇق ئازغۇنلۇق ئىچىدە ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكىنىمىزگە ئوخشاش، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ ئاجايىباتلىرىنى ۋە بەزى ھەقىقەتلەرنىمۇ ئارقا-ئارقىدىن كۆرسىتىمىز. بۇنىڭ بىلەن ئىبراھىم مەخلۇقاتنىڭ سىر-ئەسرارلىرىدىن ۋە كائىناتنىڭ بەزى يوشۇرۇن تەرەپلىرىدىن خەۋەردار بولدى. ئاللاھ تائالانىڭ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى پادىشاھلىقىنىڭ ۋە ھۆكۈمرانلىقىنىڭ سىرلىرىنى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئالىملارنىڭ ئەڭ زامانىۋى ئۈسكۈنىلىرى بىلەن كائىناتتا كۆرگەن نەرسىلىرى ئاللاھ تائالانىڭ مەۋجۇداتلىرىغا نىسبەتەن پايانسىز چۆلدىكى بىر تال قۇم دانىسىغا تەڭ كەلمەيدۇ.

ئىبراھىمغا كائىناتتىكى ئاجايىباتلىرىمىزدىن ۋە ئۇنىڭدىكى قانۇنىيەتلەر، گۈزەل سەنئەتلەر ۋە مۇكەممەل ئىنتىزام قاتارلىقلارنىڭ نامايەندىلىرىدىن بەزىسىنى كۆرسىتىمىز. ﴿صُنۡعَ ٱللَّهِ ٱلَّذِيٓ أَتۡقَنَ كُلَّ شَيۡءٍۚ﴾ يەنى ﴿(بۇ) ھەممە نەرسىنى مۇكەممەل ياراتقان ئاللاھنىڭ سەنئىتىدۇر﴾[1].

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ كائىناتتا ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان ئىلاھىي قانۇنىيەتلەرنى، ئاللاھ تائالانىڭ مەخلۇقاتنى ئىدارە قىلىشتىكى ئىلاھىي ھېكمەتلىرىنى بىلىشى، بۇلارنى ئازغۇن مۇشرىكلارغا قارشى دەلىل ئورنىدا قوللىنىشى، ئۆزىنىڭمۇ ئىمانىنى تېخىمۇ كۈچلەندۈرۈشى ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئۇنىڭغا ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ ئاجايىباتلىرى

[1] نەمل سۈرىسى: 88- ئايەت.

ۋە بەزى ھەقىقەتلەر كۆرسىتىلگەن.

شۇنداق قىلىپ، ئاللاھ تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ تەپەككۇر دائىرىسىنى كېڭەيتتى، ئەقلىنى ئۆتكۈر قىلدى. كېچە ۋاقتى كىرىپ ئۆزىنىڭ قاراڭغۇلۇق پەردىسى بىلەن ئالەمنى يۆگىۋالغان بىر ۋاقىتتا، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام باشقىلىرىدىن پەرقلىق ھالدا ئالەمنى يورۇتۇپ تۇرۇۋاتقان، نۇرى يەر جاھاننى ئايدىڭلاتقان بىر يۇلتۇزنى كۆردى. ئۇ قەۋمىنىڭ ئازغۇنلۇقىغا قارشى كەلتۈرىدىغان دەلىللىرىنى ھازىرلاش ئۈچۈن مۇنازىرە ئورنىدا ئۇلارغا: «بۇ مېنىڭ رەببىمدۇر» دېدى. يۇلتۇز پېتىپ كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇق پەردىسى ئالەمنى قورشىۋالغاندا، ئۇ «بۇ ھەرگىزمۇ ئىلاھ بولالمايدۇ. چۈنكى، ئۇ كۆرۈنىدۇ، ئارقىدىن يوقاپ كېتىدۇ. مەن پېتىپ كەتكۈچىلەرنى ياقتۇرمايمەن. ئى قەۋمىم! سىلەر بۇنداق كۆرۈنۈپ قويۇپ پېتىپ كېتىدىغان نەرسىلەرنى ئىلاھ دېيىشتىن ۋاز كېچىڭلار. بۇنداق نەرسىلەرنىڭ ئىلاھلىقىغا مەن ئىشەنمەيمەن. كۆرۈنۈپ قويۇپ ئارقىدىن يوقاپ كېتىدىغان نەرسىلەر ئىنسانلارغا نېمە پايدا كەلتۈرەلەيدۇ؟» دېدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاتىسىغا يەنە: ﴿يَٰٓأَبَتِ لِمَ تَعۡبُدُ مَا لَا يَسۡمَعُ وَلَا يُبۡصِرُ وَلَا يُغۡنِي عَنكَ شَيۡـٔٗا﴾ يەنى ﴿ئى ئاتا! سەن نېمىشقا ئاڭلىمايدىغان، كۆرمەيدىغان ۋە ساڭا ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدىغان نەرسىلەرگە چوقۇنىسەن؟﴾[1] دېگەن.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام قەۋمىنى قايىل قىلىش مەقسىتىدە باشقا بىر ئۇسۇلنى قوللىنىشقا ئۆتكەن بولۇپ، ئۇ ئاينىڭ چىقىۋاتقانلىقىنى، ئۆزىنىڭ ئايدىڭلىقى بىلەن ھەر تەرەپنى يورۇتۇۋاتقانلىقىنى ۋە ئاينىڭ يۇلتۇزلاردىن بەكرەك يورۇقلۇق بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: «بۇ مېنىڭ رەببىمدۇر» دېدى. چۈنكى، ئىلاھ دېيىشكە توغرا كەلسە، ئەمەلىيەتتە ئاي يۇلتۇزغا نىسبەتەن چوڭراق كۆرۈنەتتى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاينىڭمۇ پېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: «بۇ نېمە گەپ؟ رەببىمنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، كائىناتنىڭ، يۇلتۇزلارنىڭ ۋە ئاينىڭ ياراتقۇچىسى بولغان ئىگەم مېنى ھىدايەتكە نېسىپ قىلمىغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە مەنمۇ بۇتقا چوقۇنىدىغان ئازغۇنلارنىڭ قاتارىدىن بولۇپ قالىدىكەنمەن» دېدى. ئۇنىڭ بۇ سۆزى يۇلتۇزلارغا ۋە بۇتلارغا چوقۇنغۇچىلارنىڭ چوڭقۇر ئازغۇنلۇقتا ئىكەنلىكىگە ئوپئوچۇق ئىشارەت قىلماقتا ئىدى.

ئۇ قۇياشنىڭ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈش بىلەن - قۇياش بىزگە

[1] مەريەم سۈرىسى: 41- ئايەت.

كۆرۈنگەن سەييارىلەرنىڭ ئەڭ چوڭى ۋە پايدىسى تېخىمۇ چوڭ بولغىنى بولۇپ، ھاياتنىڭ، يورۇقلۇق ۋە ئىسسىقلىقنىڭ مەنبەسى قۇياشتۇر، – مۇنداق دېدى: «بۇ مېنىڭ رەببىمدۇر. چۈنكى، بۇ ئايدىنمۇ چوڭ ئىكەن. ئايغا قارىغاندا بۇنىڭ پايدىسى ۋە يورۇقلۇقى كۆپ ئىكەن». ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېيىش ئارقىلىق قەۋمىگە يېڭى پىكىر ۋە باشقىچە چۈشەنچە ئېلىپ كەلگەن بولدى. قۇياشمۇ پېتىپ يوق بولۇشى بىلەن، كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى بېسىپ كىرىۋىدى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «بۇ نېمە گەپ؟ ئى قەۋمىم! مەن سىلەرنىڭ ئاللاھ تائالاغا مەخلۇقاتنى شېرىك قىلىۋېلىشتەك بۇ قىلمىشىڭلاردىن ئەلۋەتتە يىراقمەن. مەن سىلەرگە ھەرگىز قوشۇلمايمەن. قۇياش، ئاي ۋە يۇلتۇزنىڭ ئەھۋالى مانا سىلەر كۆرگەندەك بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھېچبىرى داۋاملىق تۇرمايدىكەن. بۇلارنىڭ ئىنسانلار ئۈچۈن مەنپەئەتلىك ئىكەنلىكى ئېنىق. ئەمما سىلەرنىڭ ياغاچتىن، لايدىن، مەدەندىن ۋە يەيدىغان نەرسىلەردىن ياسىۋالغان بۇتلىرىڭلارغا نېمە دەيسىلەر؟ ئۇ نەرسىلەرنىڭ كىمگە پايدىسى بار؟». ئى مەككە كاپىرلىرى! ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئويلاپ كۆردۈڭلارمۇ؟

شۇنىڭدىن كېيىن ئىبراھىم دېدىكى، مەن ئاللاھ تائالاغا چىن قەلبىم ۋە پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن بويسۇندۇم، ئۆزۈمنى ۋە بارلىق ئىشلىرىمنى ئۇنىڭغا تاپشۇردۇم. چۈنكى، يەككە-يېگانە ئىلاھ ئاللاھ تائالادۇر! ئۇنىڭ ھېچبىر شېرىكى ياكى تەڭدىشى يوقتۇر. ھەر نەرسە ئۇنىڭغا موھتاجدۇر، ئۇ ھېچ كىمگە ۋە ھېچ نەرسىگە موھتاج ئەمەستۇر. ئۇ جىمى مەخلۇقاتنى ياراتقان، كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى ھەممە نەرسىنى پەرۋىش قىلىپ تۇرۇۋاتقان، ئاسمانلار بىلەن زېمىن ئارىسىدا ئەمر-پەرمانلىرى جارى بولۇپ تۇرۇۋاتقان، كېچە بىلەن كۈندۈزنى ياراتقان، قۇياش بىلەن ئاينىڭ رەببى بولغان يېگانە پادىشاھ-ئاللاھ تائالادۇر. ﴿وَمَن يُسۡلِمۡ وَجۡهَهُۥٓ إِلَى ٱللَّهِ وَهُوَ مُحۡسِنٞ فَقَدِ ٱسۡتَمۡسَكَ بِٱلۡعُرۡوَةِ ٱلۡوُثۡقَىٰۗ وَإِلَى ٱللَّهِ عَٰقِبَةُ ٱلۡأُمُورِ﴾ يەنى ﴿كىمكى (تائەت-ئىبادەتنى) مۇكەممەل قىلغان ھالدا، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئاللاھقا يۈزلىنىدىكەن، ئۇ مەھكەم تۇتقۇغا ئېسىلغان بولىدۇ. ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتى ئاللاھقا مەنسۇپتۇر﴾[1].

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز قەۋمى بىلەن ئىنتايىن ھوشيارلىق ۋە يۇمشاقلىق بىلەن مەنتىقلىق ئۇسۇلدا مۇنازىرە ئېلىپ بارغانلىقى

[1] لۇقمان سۈرىسى: 22- ئايەت.

ھەركىمنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىدۇ. ئەڭ تەرسا، سۆزگە قۇلاق سالمايدىغان بىر قەۋم بىلەن بۇ شەكىلدە ۋە بۇ ئۇسلۇبتا يۈزلىشىش دانالىقنىڭ ئالامىتىدۇر. ئاۋۋال ئۇ ﴿مەن پېتىپ كەتكۈچىلەرنى ياقتۇرمايمەن﴾ دېدى. ئىككىنچى قېتىمدا ﴿ئەگەر رەببىم مېنى ھىدايەت قىلمىغان بولسا، مەن چوقۇم ئازغۇن قەۋمنىڭ قاتارىدا بولۇپ قالىدىكەنمەن﴾ دېدى. ئۈچىنچى قېتىمدا بولسا، ئۆزىنىڭ مۇشرىكلىكتىن ۋە ئاللاھ تائالاغا مەخلۇقاتنى شېرىك قىلىۋالغۇچىلاردىن يىراق ئىكەنلىكىنى دادىل ئېلان قىلدى. ﴿إِنَّا بُرَءَٰٓؤُاْ مِنكُمۡ وَمِمَّا تَعۡبُدُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِ﴾ يەنى ﴿ھەقىقەتەن بىز سىلەردىن ۋە سىلەر ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلىرىڭلاردىن ئادا-جۇدامىز﴾[1].

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۆز قەۋمى بىلەن مۇنازىرىلىشىپ، ئۇلارغا قارشى ئوتتۇرىغا قويغان كەسكىن دەلىللىرى بىلەن شېرىك ئەقىدىسىنىڭ ئاساسىنى يىقىتىپ تاشلىغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئەقىدىسىنى بايان قىلىپ: ﴿شەكسىزكى، مەن بارچە باتىل دىنلاردىن يىراق بولۇپ، ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان زاتقا يۈزلەندىم، مەن مۇشرىكلاردىن ئەمەسمەن﴾ دېدى.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالانى بار ۋە بىر دەپ ئېتىقاد قىلىش ئېگى ئىنسانلاردا يارىتىلىش بىلەن بىللە شەكىللەنگەن تەبىئىي ئاڭ بولۇپ، مۇشرىكلىك ۋە ئاتېئىزم ئېقىملىرى ئىنسانىيەتكە سىرتتىن كىرگەن خۇراپاتلاردۇر. گۇناھلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ چوڭ گۇناھ ئاللاھ تائالاغا مەخلۇقاتنى شېرىك كەلتۈرۈشتۇر.

2. ھىدايەت ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدىدۇر. ئاللاھ تائالا ئۆزى خالىغان بەندىسىنى ھىدايەت بىلەن شەرەپلەندۈرىدۇ. ئەمما توغرا يول تېپىشنى خالىمىغانلار، ھەقىقەتنىڭ ساداسىغا قۇلاق سالمىغانلار ئاللاھ تائالانىڭ ھىدايىتىدىن مەھرۇم قالغۇچىلاردۇر. ھىدايەت ئەڭ چوڭ نېمەتتۇر.

3. ئاللاھ تائالانىڭ كائىناتتىكى گۈزەل سەنئەتلىرى، مەخلۇقاتلىرى ۋە تەبىئەتتە بېكىتىۋەتكەن قانۇنىيەتلىرى ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىش ئاللاھ تائالانى تونۇش ۋە ئۇنىڭغا ئېخمۇ يېقىنلىق ھاسىل قىلىشنىڭ

---

[1] مۇمتەھىنە سۈرىسى: 4- ئايەت.

ئامىلىدۇر. تەپەككۇرنىڭ نەقەدەر ئەھمىيەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلىشىمىز ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئىبادەت قاتارىدىن سانالغانلىقى يېتەرلىكتۇر.

4. ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەقلىقىنى، «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئاللاھ سۆزى ئىكەنلىكىنى كىشىلەرگە چۈشەندۈرۈشتە ئەقلىي دەلىللەرنىمۇ قوللىنىش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋەت قىلىش ئۇسۇلى دەۋەت يولىدىكى بارلىق كىشىلەر ئۈچۈن تا قىيامەتكىچە ئەڭ ئىسىل ئۈلگىدۇر.

## ◄ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز قەۋمى بىلەن ئېلىپ بارغان مۇنازىرىسى

﴿وَحَآجَّهُۥ قَوۡمُهُۥۚ قَالَ أَتُحَٰٓجُّوٓنِّي فِي ٱللَّهِ وَقَدۡ هَدَىٰنِۚ وَلَآ أَخَافُ مَا تُشۡرِكُونَ بِهِۦٓ إِلَّآ أَن يَشَآءَ رَبِّي شَيۡـٔٗاۚ وَسِعَ رَبِّي كُلَّ شَيۡءٍ عِلۡمًاۚ أَفَلَا تَتَذَكَّرُونَ ﴿٨٠﴾ وَكَيۡفَ أَخَافُ مَآ أَشۡرَكۡتُمۡ وَلَا تَخَافُونَ أَنَّكُمۡ أَشۡرَكۡتُم بِٱللَّهِ مَا لَمۡ يُنَزِّلۡ بِهِۦ عَلَيۡكُمۡ سُلۡطَٰنٗاۚ فَأَيُّ ٱلۡفَرِيقَيۡنِ أَحَقُّ بِٱلۡأَمۡنِۖ إِن كُنتُمۡ تَعۡلَمُونَ ﴿٨١﴾ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَلَمۡ يَلۡبِسُوٓاْ إِيمَٰنَهُم بِظُلۡمٍ أُوْلَٰٓئِكَ لَهُمُ ٱلۡأَمۡنُ وَهُم مُّهۡتَدُونَ ﴿٨٢﴾ وَتِلۡكَ حُجَّتُنَآ ءَاتَيۡنَٰهَآ إِبۡرَٰهِيمَ عَلَىٰ قَوۡمِهِۦۚ نَرۡفَعُ دَرَجَٰتٖ مَّن نَّشَآءُۗ إِنَّ رَبَّكَ حَكِيمٌ عَلِيمٞ ﴿٨٣﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

80-ئىبراھىمنىڭ قەۋمى ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرىلەشتى، ئىبراھىم ئېيتتىكى، «مېنى ئاللاھ ھىدايەت قىلغان تۇرسا، سىلەر مەن بىلەن ئاللاھ (نىڭ بارلىقى ۋە بىرلىكى) توغرۇلۇق مۇنازىرىلىشەمسىلەر؟ مەن سىلەرنىڭ ئاللاھقا شېرىك قىلىۋالغان نەرسىلىرىڭلاردىن قورقمايمەن. پەقەت رەببىمنىڭ ئىرادە قىلغىنىلا بولىدۇ مۇستەسنا. رەببىمنىڭ ئىلمى ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. سىلەر بۇنى ئويلاپ باقمامسىلەر؟

81-(بۇتلارنى ئاللاھقا شېرىك قىلىۋېلىش) ھەققىدە ئاللاھ سىلەرگە ھېچقانداق دەلىل چۈشۈرمىگەن تۇرسىمۇ، سىلەر ئۇ نەرسىلەرنى ئاللاھقا

شېرىك قىلىۋېلىشتىن قورقمايۋاتساڭلار، مەن سىلەرنىڭ شېرىك قىلىۋالغان نەرسىلىرىڭلاردىن قانداقسىگە قورققۇدەكمەن؟ ئەگەر بىلسەڭلار (ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، بىز ۋە سىلەردىن ئىبارەت) بۇ ئىككى پىرقىدىن زادى قايسىمىز (ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن) ئەڭ خاتىرجەم بولۇشقا تېگىشلىك؟».

82-ئىمان ئېيتىپ، ئىمانىغا زۇلۇم (شېرىك) ئارىلاشتۇرمىغان ئادەملەرگە كەلسەك، (ئازابتىن) ئەمىنلىك ئەنە شۇلارغا خاستۇر. ئۇلار توغرا يولنى تاپقۇچىلاردۇر.

83-ئەنە شۇ ئىبراھىمغا قەۋمىگە رەددىيە بەرسۇن دەپ، بەرگەن دەلىلىمىز. بىز خالىغان كىشىنى بىر قانچە دەرىجە كۆتۈرىمىز. رەببىڭ ھەقىقەتەن ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلگۈچىدۇر.

## ◄ تەپسىرى

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۆز قەۋمىگە ئاللاھ تائالادىن ھەق دىننى ئېلىپ كەلگەن ۋە ئۇلارنى بۇ دىنغا دەۋەت قىلىشقا باشلىغان ئىدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ئاللاھ تائالادىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوق ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلدۇرۇشتا، ئۇلارغا ئەڭ كەسكىن دەلىل-ئىسپاتلارنى كەلتۈردى، ھەتتا ئۇلارنىڭ سەۋىيىسىگە چۈشۈپ تۇرۇپ ئۇلار بىلەن مۇنازىرىلەشتى. ئاخىرىدا ئۇلارغا ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان ئاللاھ تائالانىڭ يەككە-يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىنى ئەقلىي دەلىللەر بىلەن ئىسپاتلاپ كۆرسەتتى. قەۋمى بولسا، ئۇنىڭغا قارشى ئەڭ پۇچەك دەلىللەرنى ۋە ئەقىل قوبۇل قىلالمايدىغان سەپسەتىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۇنى يېڭىشقا ئۇرۇندى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ئوتتۇرىغا قويغان سەپسەتىلەر ئەقلى بار ئادەم قەتئىي قوبۇل قىلالمايدىغان بىمەنە سۆزلەر ئىدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى: بىز بۇ بۇتلارغا پەقەتلا بىزنى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ دەرگاھىدا بىزگە شاپائەت قىلسۇن، دەپلا چوقۇنىمىز. چۈنكى، بىز ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ شۇنداق قىلغانلىقىنى بىلىمىز. ئى ئىبراھىم! سەن بىزنىڭ ئىلاھلىرىمىزنى ئەيىبلەشتىن ۋاز كەچكىن. ئەگەر سەن بۇ ئىشتىن ۋاز كەچمىسەڭ، ئىلاھلىرىمىزنىڭ سېنى جازالىشىدىن ئەنسىرەۋاتىمىز.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ئېيتتىكى، سىلەر مەن بىلەن ئاللاھ تائالا توغرۇلۇق مۇنازىرىلىشەمسىلەر؟ بۇ ھەقىقەتەن ئەجەبلىنەرلىك ئىش. بۇ قانداق گەپ؟ ئاللاھ تائالا ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى

جىمى مەۋجۇداتنى ياراتقان، ھەممىنى ئىدارە قىلىپ، پەرۋىش قىلىپ تۇرۇۋاتقان، كائىناتنىڭ ئىنتىزاملىق شەكىلدە جارى قىلدۇرۇپ كېلىۋاتقان، چەكسىز قۇدرەتلىك ۋە ھەممىگە قادىر زات تۇرسا، سىلەر ئاللاھ تائالانى قويۇپ، نە سىلەرگە پايدا يەتكۈزەلمەيدىغان، نە سىلەرنى زىيان-زەخمەتلەردىن قۇتقۇزالمايدىغان، ھېچ نەرسىنى ئاڭلىمايدىغان، كۆرمەيدىغان، چۈشەنمەيدىغان شۇ بۇتلارغا چوقۇنامسىلەر؟ سىلەر ھېچ نەرسىنى يارىتىش قولىدىن كەلمەيدىغان، ئەكسىچە، سىلەرنىڭ مەنپەئەتىڭلار ئۈچۈن يارىتىلغان تاش، ياغاچ، مەدەن قاتارلىق نەرسىلەردىن ئۆزۈڭلار ياسىۋالغان نەرسىلەرگە چوقۇنامسىلەر؟ ئاللاھ تائالا مېنى توغرا يولغا ھىدايەت قىلغاندىن كېيىن، سىلەر مەن بىلەن ئاللاھ تائالا توغرۇلۇق مۇنازىرىلىشەمسىلەر؟ مەن سىلەرنىڭ بۇتلىرىڭلاردىن ھەرگىز قورقۇپ قالمايمەن. چۈنكى، ئۇلار نە ئۆزىگە، نە باشقىلارغا قىلچە پايدا يەتكۈزەلمەيدىغان، ھېچكىمگە زىيان-زەخمەت يەتكۈزەلمەيدىغان نەرسىلەردۇر. مەن قانداقلارچە ئۇ نەرسىلەردىن قورقاتتىم؟ چۈنكى كۈچ-قۇۋۋەت پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدىدۇر. ئاللاھ تائالا ماڭا زىيان يەتكۈزۈشنى ئىرادە قىلمىسا، ماڭا ھېچكىم زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. شۇڭا مەن بۇ بۇتلاردىن ھېچبىر ۋاقىت قورقۇپ قالمايمەن. ئەگەر ئاللاھ تائالا ماڭا زىيان يەتكۈزمەكچى بولسا، ئۇ زىيان چوقۇم ماڭا يېتىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ دېگىنى ئەمەلگە ئاشماي قالمايدۇ. مەسىلەن: ناۋادا بۇ بۇتلاردىن بىرەرسى مېنىڭ ئۈستۈمگە ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ، ئۇ مېنى يارىلاندۇرسا ياكى ئاسماندىن بىرەر يۇلتۇز ئېقىپ چۈشۈپ مېنى كۆيدۈرۈۋەتسە، بۇ ئىشنى مەن ھەرگىز سىلەرنىڭ بۇتلىرىڭلاردىن كۆرمەيمەن، چۈنكى ئۇ نەرسىلەرنىڭ قولىدىن ھېچبىر ئىش كەلمەيدۇ. مەن ھەممىنى ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرىدىن كۆرىمەن. بۇ بۇتلارنى بىرەر ئىش قىلالايدۇ، دەپ ساناش ئەقىل ئىگىسى بولغان بىر ئىنساننىڭ شەنىگە ھەرگىز ياراشمايدۇ.

ياراتقۇچى بىلەن يارىتىلغۇچى، ھاياتلىقنى ئاتا قىلغۇچى بىلەن سىلەر چوقۇنۇۋاتقان تاشلار ياكى يۇلتۇزلار ئوتتۇرىسىدا ئوخشاشلىق بارمۇ؟ سىلەر بۇلارنىڭ پەرقىنى ئايرىيالمايدىغان دەرىجىدە نادان بولۇپ كەتتىڭلارمۇ؟ ياكى سىلەر كور بولۇپ قالدىڭلارمۇ؟ سىلەرگە مەن ھەيران قېلىۋاتىمەن. سىلەر ھېچقانداق پايدا ياكى زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان، ھەتتا ئۆزىنىمۇ قوغدىيالمايدىغان شۇ بۇتلىرىڭلارنى ئاللاھ تائالاغا شېرىك قىلىۋېلىشتىن قورقمىغان يەردە، مەن ئۇ نەرسىلەردىن قانداقمۇ قورقاتتىم؟ ئاللاھ تائالانىڭ بىر ئىكەنلىكىگە، ھېچ نەرسىگە موھتاج

ئەمەسلىكىگە، ھەممە مەۋجۇداتنىڭ ئۇنىڭغا موھتاج ئىكەنلىكىگە مۇناسىۋەتلىك ئەقلىي ۋە نەقلىي دەلىللەر ئىنتايىن كۆپتۇر. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ئەگەر بىلسەڭلار، ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، قايسىمىز توغرا يولدا ئىكەنمىز؟ قايسىمىزنىڭ دەلىلى كۈچلۈك؟ قايسىمىزنىڭ ئەقلى ئۈتكۈر، ۋىجدانى ئويغاق ئىكەن؟ قايسىمىز ئازابتىن ئەمىن بولۇشقا ۋە مەڭگۈلۈك خاتىرجەملىككە ئەڭ تېگىشلىك؟ كاشكى، بۇنى بىلگەن بولساڭلار، ئەقلىڭلارنى ئىشلەتكەن بولساڭلار نېمىدېگەن ياخشى بولار ئىدى. ئىككى دۇنيالىق ئەڭ خاتىرجەملىككە ئېرىشكۈچىلەر ئەلۋەتتە ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتقانلاردۇر. چۈنكى، ئۇلار ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتىپ، ئەقىل ۋە ھېكمەتنىڭ تەقەززاسى بويىچە ئىش كۆرگەن، ئىمانىغا قانداقلا بىر مۇشرىكلىك ۋە كۇفرىلىقتىن ئىبارەت زۇلۇمنى ئارىلاشتۇرماستىن، ئىمانىنى ساپ تۇتقان كىشىلەردۇر. دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە خاتىرجەملىك، خېيىم-خەتەر ياكى زىيان- زەخمەت يېتىشتىن ئەمىن بولۇش ۋە ھۇزۇر-ھالاۋەتلىك ھايات كەچۈرۈش ئەنە شۇ كىشىلەرگىلا خاستۇر. ئىمام بۇخارىي ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە كېلىشىچە: ﴿ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَلَمْ يَلْبِسُوٓاْ إِيمَٰنَهُم بِظُلْمٍ أُوْلَٰٓئِكَ لَهُمُ ٱلْأَمْنُ وَهُم مُّهْتَدُونَ﴾ يەنى ﴿ئىمان ئېيتىپ، ئىمانىغا زۇلۇم (شېرىك) ئارىلاشتۇرمىغان ئادەملەرگە كەلسەك، (ئازابتىن) ئەمىنلىك ئەنە شۇلارغا خاستۇر. ئۇلار توغرا يولنى تاپقۇچىلاردۇر﴾[1] دېگەن ئايەت نازىل بولغان چاغدا، بۇ ئايەت ساھابىلەرگە قاتتىق ئېغىر كېلىدۇ، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ: «يارەسۇلۇللاھ! ئارىمىزدا زۇلۇم قىلمايدىغان كىم بار؟» دەپ سورىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا بۇ ئايەتنى يەنە باشقا ئايەت بىلەن تەپسىر قىلىپ بېرىپ: «بۇ ئايەتتىكى زۇلۇم سىلەر چۈشەنگەن زۇلۇم ئەمەس، سىلەر ياخشى بەندە (لۇقمان ھەكىم)نىڭ ﴿إِنَّ ٱلشِّرْكَ لَظُلْمٌ عَظِيمٌ﴾ يەنى ﴿ئى ئوغلۇم! ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمىگىن. چۈنكى، شېرىك كەلتۈرۈش ھەقىقەتەن چوڭ زۇلۇمدۇر﴾ [2] دېگەن سۆزىنى ئاڭلىمىدىڭلارمۇ؟» دېگەن ۋە ئايەتتىكى «ظُلْمٌ» دېگەن سۆزدىن ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت چوڭ گۇناھ كۆزدە تۇتۇلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ قويغان[3].

ئاللاھ تائالاغا مەخلۇقاتنى شېرىك قىلىۋېلىش راستتىنلا چوڭ

---

[1] ئەنئام سۈرىسى: 82- ئايەت.

[2] لۇقمان سۈرىسى: 13- ئايەت.

[3] «صحيح البخاري» 9-توم، 18-بەت، 6937 -ھەدىس.

گۇناھتۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ھەممىنىڭ يارانقۇچى ئىگىسى ۋە يەككە-يېگانە ئىلاھ تۇرسا، ئاللاھ تائالاغا ئۇنىڭ مەخلۇقاتىنى شېرىك قىلىپ قوشۇۋېلىش قانداقمۇ يولسىزلىق بولمىسۇن!؟

﴿ئەنە شۇ ئىبراھىمغا قەۋمىگە رەددىيە بەرسۇن دەپ، بەرگەن دەلىلىمىز﴾ بۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. چۈنكى، ئاللاھ تائالا بەندىلىرى ئارىسىدىن خالىغان كىشىنى بىر قانچە دەرىجە كۆتۈرىدۇ، يۇقىرى مەرتىۋىلىك قىلىدۇ. بەندىلىرىدىن بەزىسىنى بەزىسىدىن ئىماندا، ئىلىمدە، ئەخلاقتا، بايلىقتا، كۈچ-قۇۋۋەتتە، يۈز-ئابرۇيدا ۋە كۆپلىگەن نەرسىلەردە ئۈستۈن قىلىدۇ. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ پەزلى بولۇپ، ئۇنى ئۆزى خالىغان كىشىگە بېرىدۇ. ئى پەيغەمبەر! شەكسىزكى، سېنىڭ رەببىڭ مەخلۇقاتنىڭ ئەھۋالىنى تولۇق بىلىپ تۇرىدىغان زاتتۇر.

## مۇھىم نۇقتىلىرى

1. كىشىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىشتا، ئۇلارنىڭ سەۋىيەسىگە ۋە ئەقلىگە مۇناسىپ كېلىدىغان ئەقلىي ۋە نەقلىي دەلىللەرنى ھېكمەت بىلەن كەلتۈرۈپ، ئۇلار بىلەن مەنتىقلىق ئۇسۇلدا مۇنازىرىلىشىش پەيغەمبەرلەرنىڭ خىسلىتىدۇر.

2. ھەر قايسى زاماندىكى ئازغۇنلار ئۆزىنىڭ قەبىھ قىلمىشلىرىنى، ئەقىل قوبۇل قىلمايدىغان خۇراپاتلىرىنى قوغداش يولىدا، ئۆزىنى زورىغا قايىل قىلىپ ۋە ئالداپ كەلمەكتە. ئۇلارنىڭ تولىسى قارىغۇلارچە تەقلىد قىلىش، ئەقلىنى ئىشلەتمەسلىك، ئەركىن تەپەككۇر قىلماسلىق يولىنى تاللىۋالغان. شۇڭا مۇنداقلارغا ئۆزىنىڭ ئازغۇنلۇقى ھىدايەتنىڭ ئورنىدا كۆرۈنىدۇ.

3. پايدا-زىيان پەقەت ئاللاھ تائالانىڭلا قولىدىن كېلىدۇ. بۇددىستلار چوقۇنىدىغان بۇتلارنىڭ ۋە ئېزىپ كەتكەن بەزى مۇسۇلمانلار ھاجەتلىرىنى سورايدىغان ئاتالمىش ئەۋلىيالارنىڭ قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ.

4. ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتىپ، شۇ ئىمانىغا مۇشرىكلىكنى ۋە كۇفرىنى ئارىلاشتۇرۇپ قويمىغان، ئۆزىنىڭ ئىسلامىي ساپ ئېتىقادىنى ساقلاپ كەلگەن كىشىلەر دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ غەم-ئەندىشىلىرىدىن مەڭگۈ خاتىرجەم بولغۇچىلاردۇر. ئىككى دۇنيالىق خاتىرجەملىك ۋە سالامەتلىك مانا مۇشۇنداق كىشىلەرگە خاستۇر.

## ◄ پەيغەمبەرلەرنىڭ پېشۋاسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ مەرتىۋىسى

﴿وَوَهَبۡنَا لَهُۥٓ إِسۡحَٰقَ وَيَعۡقُوبَۚ كُلًّا هَدَيۡنَاۚ وَنُوحًا هَدَيۡنَا مِن قَبۡلُۖ
وَمِن ذُرِّيَّتِهِۦ دَاوُۥدَ وَسُلَيۡمَٰنَ وَأَيُّوبَ وَيُوسُفَ وَمُوسَىٰ وَهَٰرُونَۚ
وَكَذَٰلِكَ نَجۡزِي ٱلۡمُحۡسِنِينَ ٨٤ وَزَكَرِيَّا وَيَحۡيَىٰ وَعِيسَىٰ وَإِلۡيَاسَۖ كُلّٞ
مِّنَ ٱلصَّٰلِحِينَ ٨٥ وَإِسۡمَٰعِيلَ وَٱلۡيَسَعَ وَيُونُسَ وَلُوطٗاۚ وَكُلّٗا فَضَّلۡنَا
عَلَى ٱلۡعَٰلَمِينَ ٨٦ وَمِنۡ ءَابَآئِهِمۡ وَذُرِّيَّٰتِهِمۡ وَإِخۡوَٰنِهِمۡۖ وَٱجۡتَبَيۡنَٰهُمۡ
وَهَدَيۡنَٰهُمۡ إِلَىٰ صِرَٰطٖ مُّسۡتَقِيمٖ ٨٧ ذَٰلِكَ هُدَى ٱللَّهِ يَهۡدِي بِهِۦ مَن
يَشَآءُ مِنۡ عِبَادِهِۦۚ وَلَوۡ أَشۡرَكُواْ لَحَبِطَ عَنۡهُم مَّا كَانُواْ يَعۡمَلُونَ ٨٨
أُوْلَٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ ءَاتَيۡنَٰهُمُ ٱلۡكِتَٰبَ وَٱلۡحُكۡمَ وَٱلنُّبُوَّةَۚ فَإِن يَكۡفُرۡ
بِهَا هَٰٓؤُلَآءِ فَقَدۡ وَكَّلۡنَا بِهَا قَوۡمٗا لَّيۡسُواْ بِهَا بِكَٰفِرِينَ ٨٩ أُوْلَٰٓئِكَ
ٱلَّذِينَ هَدَى ٱللَّهُۖ فَبِهُدَىٰهُمُ ٱقۡتَدِهۡۗ قُل لَّآ أَسۡـَٔلُكُمۡ عَلَيۡهِ أَجۡرًاۖ إِنۡ
هُوَ إِلَّا ذِكۡرَىٰ لِلۡعَٰلَمِينَ ٩٠﴾

### ◄ تەرجىمىسى

84ـ بىز ئىبراھىمغا ئىسھاقنى، يەئقۇبنى ئاتا قىلدۇق، ئۇلارنىڭ ھەربىرىنى ھىدايەت قىلدۇق. بىز ئىلگىرى نۇھنى ھىدايەت قىلغان، ئىبراھىمنىڭ ئەۋلادىدىن داۋۇد، سۇلەيمان، ئەييۇب، يۇسۇف، مۇسا، ھارۇنلارنى (ھىدايەت قىلغان ئىدۇق). (تائەت-ئىبادەتنى) مۇكەممەل قىلغۇچىلارنى مۇشۇنداق مۇكاپاتلايمىز.

85ـ زەكەرىييا، يەھيا، ئىيسا ۋە ئىلياس قاتارلىقلارنىمۇ (ھىدايەت قىلدۇق). ئۇلارنىڭ ھەممىسى ياخشىلاردىندۇر.

86ـ ئىسمائىل، ئەلىيەسەئ، يۇنۇس ۋە لۇت قاتارلىقلارنىمۇ (ھىدايەت قىلدۇق). ئۇلارنى (ئۆز زامانىسىدىكى) جاھان ئەھلىدىن ئۈستۈن قىلدۇق.

87ـ ئۇلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىدىن، ئەۋلادلىرىدىن، قېرىنداشلىرىدىن بەزىلىرىنى (ھىدايەت قىلدۇق)، ئۇلارنى تاللىدۇق ۋە توغرا يولغا يېتەكلىدۇق.

**88-مانا بۇ ئاللاھنىڭ ھىدايىتى بولۇپ، ئاللاھ بەندىلىرىدىن خالىغان كىشىلەرنى ئۇنىڭ بىلەن توغرا يولغا يېتەكلەيدۇ. ئەگەر ئۇلار ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن بولسا ئىدى، ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرى ئەلۋەتتە بىكار بولۇپ كېتەتتى.**

**89-ئەنە شۇلار بىز كىتابنى، ھېكمەتنى ۋە پەيغەمبەرلىكنى ئاتا قىلغان كىشىلەردۇر. ناۋادا ئۇلار (يەنى مەككىلىك كاپىرلار) بۇلارنى ئىنكار قىلسا، ئىنكار قىلمايدىغان باشقا بىر قەۋمگە تاپشۇرىمىز.**

**90-ئەنە شۇلار (يەنى مەزكۇر پەيغەمبەرلەر) ئاللاھ ھىدايەت قىلغان كىشىلەردۇر. (ئى پەيغەمبەر!) سەنمۇ ئۇلارنىڭ يولىغا ئەگەشكىن. (قەۋمىڭگە) ئېيتقىنكى، «مەن بۇنىڭغا (يەنى قۇرئاننى سىلەرگە يەتكۈزگەنلىكىمگە) سىلەردىن ھېچقانداق ھەق تەلەپ قىلمايمەن، ئۇ (قۇرئان) پەقەت پۈتۈن ئالەملەر ئۈچۈن ۋەز-نەسىھەتتۇر».**

## ◄ تەپسىرى

شەكسىزكى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۆزىدىن كېيىن كەلگەن بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ پېشۋاسى ۋە ئىرادىلىك پەيغەمبەرلەرنىڭ بىرىدۇر. ﴿إِنَّ إِبْرَٰهِيمَ كَانَ أُمَّةً قَانِتًا لِلَّهِ حَنِيفًا﴾ يەنى ﴿شەكسىزكى، ئىبراھىم ئاللاھقا ئىتائەت قىلغۇچى، ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى بىر پېشۋا ئىدى﴾[1]. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن كەلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ نەسلىدىن كەلگەن كىشىلەر ئىدى. ﴿وَلَقَدْ أَرْسَلْنَا نُوحًا وَإِبْرَٰهِيمَ وَجَعَلْنَا فِى ذُرِّيَّتِهِمَا ٱلنُّبُوَّةَ وَٱلْكِتَٰبَ﴾ يەنى ﴿بىز ھەقىقەتەن نۇھنى ۋە ئىبراھىمنى (پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتتۇق، پەيغەمبەرلىكنى ۋە كىتابنى ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىدا قىلدۇق﴾[2].

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ ئەڭ قىيىن سىناقلىرىدىن ئۆتكەن، ئىخلاسمەن، ئىرادىلىك، سەۋر-تاقەتلىك ۋە ئۇلۇغلۇق پەيغەمبەر ئىدى. ئۇنىڭ ئۆز ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن قۇربانلىق قىلىشقا ھازىرلىغانلىقىمۇ ئۇنىڭ چېكىگە يەتكەن ئىخلاسمەنلىكىنىڭ ئىپادىسى ئىدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالاغا بولغان بۇ چىن ئىخلاسى، سەمىمىيىتى ۋە ۋاپاغا يەتكەن

---

[1] نەھل سۈرىسى 120- ئايەت.
[2] ھەدىد سۈرىسى 26- ئايەت.

ئىتائەتمەنلىكى بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ كاتتا ئىنئامىغا ۋە چوڭ مۇكاپاتىغا سازاۋەر بولغان زات ئىدى. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا مۇكاپات ئورنىدا، ئۇنىڭ ياشىنىپ قالغىنىغا، ئايالىنىڭ تۇغماسلىقىغا قارىماي، ئىسھاق ئەلەيھىسسالامنى ئاتا قىلغان. ﴿فَبَشَّرۡنَٰهَا بِإِسۡحَٰقَ وَمِن وَرَآءِ إِسۡحَٰقَ يَعۡقُوبَ﴾ يەنى ﴿بىز ئۇنىڭغا ئىسھاق (ئاتلىق پەرزەنتى بولىدىغانلىقى) ۋە ئىسھاقتىن كېيىن، يەئقۇب (ئاتلىق نەۋرىسى بولىدىغانلىقى) بىلەن خۇش خەۋەر بەردۇق﴾[1].

﴿فَمِنۡهُم مُّهۡتَدٖۖ وَكَثِيرٞ مِّنۡهُمۡ فَٰسِقُونَ﴾ يەنى ﴿ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ھىدايەت تاپقانلار بار، ئۇلارنىڭ تولىسى ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلاردۇر﴾[2]. يەنى نۇھ، ئىبراھىم قاتارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەۋلادىدىن كەلگەن ئىنسانلارنىڭ ھەممىسىلا توغرا يولدا ماڭغان ۋە ھىدايەت تاپقان كىشىلەر ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ھىدايەت تاپقانلىرى بولغىنىدەك، ئازغۇنلارمۇ كۆپ بولغان.

ئاللاھ تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادىدىن كەلگەن پەيغەمبەرلەرنى نۇرغۇنلىغان ئارتۇقچىلىق ۋە ئۆزگىچىلىكلەر بىلەن شۇنداق تاللاپ چىققان ۋە ئۇلارنى توغرا يولنىڭ يېتەكچىلىرى قىلغان ئىدى. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ پەزلى بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۇنى خالىغان بەندىسىگە ئاتا قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا ھەقىقەتەن پەزلى كەڭ زاتتۇر. ئەگەر ئاشۇ پەيغەمبەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ توغرا يولدا ماڭغان ئەۋلادلىرى ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرگەن بولسا ئىدى، ئۇلارنىڭ ياخشىلىق دەپ قىلغان ئەمەللىرىنىڭ ھەممىسى بىكار بولۇپ كەتكەن بولاتتى. چۈنكى، ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرگەن ئادەمنىڭ بارلىق ياخشى ئەمەللىرى بىكار بولۇپ كېتىدۇ. ﴿وَلَقَدۡ أُوحِيَ إِلَيۡكَ وَإِلَى ٱلَّذِينَ مِن قَبۡلِكَ لَئِنۡ أَشۡرَكۡتَ لَيَحۡبَطَنَّ عَمَلُكَ وَلَتَكُونَنَّ مِنَ ٱلۡخَٰسِرِينَ ٦٥ بَلِ ٱللَّهَ فَٱعۡبُدۡ وَكُن مِّنَ ٱلشَّٰكِرِينَ﴾ يەنى ﴿ساڭا ۋە سەندىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە: «ئەگەر سەن ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرسەڭ، سېنىڭ (بارلىق ياخشى) ئەمەلىڭ ئەلۋەتتە بىكار بولۇپ كېتىدۇ، سەن ئەلۋەتتە زىيان تارتقۇچىلاردىن بولۇپ قالىسەن» دەپ ۋەھيى قىلىندى﴾[3].

بۇ ئورۇندا ئىسملىرى تىلغا ئېلىنغان پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى

[1] ھۇد سۈرىسى 71- ئايەت.

[2] ھەدىد سۈرىسى 26- ئايەت.

[3] زۇمەر سۈرىسى 65- 66-ئايەتلەر.

ئاللاھ تائالانىڭ ۋەھيىسىدىن ئىبارەت بىر بۇلاقنىڭ سۈيىنى ئىچكەن ۋە ھەممىسى ئوخشاش ۋەزىپىنى ئۈز ئۈستىگە ئالغان پەيغەمبەرلەردۇر. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ۋەزىپىسى كىشىلەرگە ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى يەتكۈزۈش ۋە ئۇلارنى مەخلۇقاتقا چوقۇنۇشنىڭ خەتەرلىك ئاقىۋىتىدىن ئاگاھلاندۇرۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئۆگىتىشتىن ئىبارەتتۇر. زامان ۋە ماكانلارنىڭ شارائىتىغا مۇناسىپ ھالدا، ئۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ مۆجىزىلىرى، دىنغا دەۋەت قىلىش ئۇسۇللىرى بىر-بىرىدىن پەرقلىق بولسىمۇ، ئاساسلىق ۋەزىپىلىرى ۋە كىشىلەرنى دەۋەت قىلىدىغان ئېتىقاد سىستېمىسى بىر ئىدى. ئۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ بەزىسىگە ساماۋى كىتابلار نازىل قىلىنغان. مەسىلەن: ئاللاھ تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا سەھىپىلەرنى، مۇسا ئەلەيھىسسالامغا «تەۋرات»نى، داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا «زەبۇر» نى، ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا «ئىنجىل» نى ئاتا قىلغان بولۇپ، ئاخىرقى پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا دائىملىق مۆجىزە «قۇرئان كەرىم» نازىل قىلىنغان. ئاللاھ تائالا ئۇ پەيغەمبەرلەرگە كىتابلارنى نازىل قىلغاندا، ئۇلارغا ئىلىم-ھېكمەت، چۈشىنىش ئىقتىدارى ۋە پەيغەمبەرلىك قاتارلىق ئىنئاملارنى ئاتا قىلغان. شۈبھىسىزكى، پۈتۈن پەيغەمبەرلەر شۇنداقتۇر. چۈنكى، پەيغەمبەرلىكنىڭ ئاساسى ئىلىم-ھېكمەت، توغرا چۈشىنىش ۋە توغرا ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى ھەم ئەقىل پاراسەتتۇر. پەيغەمبەرلىك دېگەن دىن ۋە دۇنيا ئىشلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدۇر.

ئى پەيغەمبەر! ئەگەر كاپىرلار ساڭا بېرىلگەن پەيغەمبەرلىكنى، «قۇرئان كەرىم»نى ۋە سېنىڭ سۈننىتىڭدىن ئىبارەت بولغان ھېكمەتنى ئىنكار قىلسا، بۇ شەرەپنى ئۇلارنى ئىنكار قىلمايدىغان، ئۇنىڭغا خىزمەت قىلىدىغان ۋە ئۇنىڭغا دەۋەت قىلىدىغان باشقا بىر قەۋمگە ئاتا قىلىپ، دىنغا خىزمەت قىلىش ئىشىنى شۇ قەۋمگە تاپشۇرىمىز. ئايەتتە كۆزدە تۇتۇلغان قەۋم-دەل مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇھاجىرلاردىن ۋە ئەنسارلاردىن بولغان ساھابىلىرى ۋە ئۇلاردىن كېيىن كېلىپ، تا قىيامەتكىچە كىشىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ يولىغا دەۋەت قىلىدىغان مۇئمىنلەردۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ياخشى خىسلەتلىرىنى ئۆزىگە ئۆزلەشتۈرگەن ئىدى. شۇڭا ئۇ پەيغەمبەر-لەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى ۋە سەرخىلىدۇر.

ئى پەيغەمبەر! مۇشرىكلارغا ئېيتقىنكى، مەن «قۇرئان كەرىم»نى

سىلەرگە يەتكۈزگەنلىكىمگە سىلەردىن ھەق تەلەپ قىلمايمەن ۋە مەنپەئەت كۈرۈشنىمۇ خالىمايمەن. ئۇنتۇماڭلاركى، «قۇرئان كەرىم» پەقەت پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئۈگۈت، ۋەز-نەسىھەت، تەقۋادارلار ئۈچۈن ھىدايەت مەنبەسىدۇر.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئىنسانىنىڭ بۇ دۇنيادا ئېرىشكەنلىرىنىڭ ئەڭ ئېسىلى ۋە ئەڭ قىممەتلىكى ئۇنىڭ توغرا يولغا ھىدايەت تېپىشىدۇر. چۈنكى، ھىدايەت ئەڭ كاتتا نېمەتتۇر.

2. پەيغەمبەرلەر ئاللاھ تائالا ئىنسانلار ئارىسىدىن تاللاپ چىقارغان سەرخىل زاتلار بولۇپ، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۆز ئارىسىدىكى مەرتىۋىلىرى ۋە دەرىجىلىرى ئوخشاش بولمايدۇ. نۇھ، ئىبراھىم، مۇسا، ئىيسا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاملار «ئۇلۇل ئەزم» (يەنى ئەزىمەتلىك) پەيغەمبەرلەر بولۇپ، بۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەرلەرنىڭ پېشۋاسى، دەپ سۈپەتلەنسە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەرلەرنىڭ تۈگەنچىسى، دەپ سۈپەتلىنىدۇ.

3. ھىدايەت ئىككى تۈرلۈك بولۇپ: بىرى «ھىدايەتۇ تەۋفىق» (يەنى توغرا يولغا مۇۋەپپەق قىلىش ھىدايىتى)، يەنە بىرى، «ھىدايەتۇ ئىرشاد» (يەنى توغرا يولغا باشلاش ھىدايىتى)دۇر. «ھىدايەتۇ تەۋفىق» پەقەتلا ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە بولۇپ، ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم ھىدايەت قىلالمايدۇ. ئەمما «ھىدايەتۇ ئىرشاد» پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ۋارىسلىرى بولغان ئۆلىمالارنىڭ كىشىلەرنى دىنغا دەۋەت قىلىشتىن ئىبارەت بولغان ھىدايىتى بولۇپ، بۇ ھىدايەت پەيغەمبەرلەرنىڭ قولىدىن كەلگەندەك، ھەرقانداق بىر مۇسۇلماننىڭمۇ قولىدىن كېلىدۇ. ئايەتتىكى ھىدايەتتىن مەقسەت «ھىدايەتۇ تەۋفىق» بولۇپ، ئۇ پەقەتلا ئاللاھ تائالانىڭ قولىدىن كېلىدىغان ھىدايەتتۇر.

4. ئىمانغا زەررىچىلىك شېرىك ئەقىدىسى ئارىلىشىپ قالغان كىشىنىڭ پۈتۈن ياخشى ئەمەللىرى بىكار بولۇپ كېتىدۇ. «قۇرئان كەرىم» بۇ نۇقتىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن ۋە كىشىلەرنى ئۇنىڭدىن قايتا-قايتا ئاگاھلاندۇرغان. چۈنكى، جەننەت ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىگە چىن ئىشەنگەن مۇئمىنلەرنىڭ بارىدىغان جايىدۇر.

5. مۇسۇلمانلار ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرلىرىدىن ئۈلگە ئېلىشقا ۋە ئۇلارنىڭ يولىنى داۋاملاشتۇرۇشقا چاقىرىلغان بولۇپ، بارچە ياخشىلىق ۋە ئىككى ئالەملىك خاتىرجەملىك ئۇلارنىڭ يولىغا ئەگىشىشتىدۇر.

6. ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان ساماۋى كىتابلار ئىنسانلارنىڭ بەخت-سائادىتى ئۈچۈن كەلگەن ئىلاھىي تەلىماتلاردۇر. بۇ كىتابلارنىڭ ئەسلىسىگە ئىمان كەلتۈرۈش ئىماننىڭ بىر پارچىسىدۇر.

7-ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن تا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىچە كەلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھېچبىرى كىشىلەرگە دىنىنى يەتكۈزگەنلىكىگە ھەق ئالغان ئەمەس.

## ◄ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىنىڭ ھەقلىقى

﴿وَمَا قَدَرُواْ ٱللَّهَ حَقَّ قَدْرِهِۦٓ إِذْ قَالُواْ مَآ أَنزَلَ ٱللَّهُ عَلَىٰ بَشَرٍ مِّن
شَىْءٍۗ قُلْ مَنْ أَنزَلَ ٱلْكِتَٰبَ ٱلَّذِى جَآءَ بِهِۦ مُوسَىٰ نُورًا وَهُدًى
لِّلنَّاسِۖ تَجْعَلُونَهُۥ قَرَاطِيسَ تُبْدُونَهَا وَتُخْفُونَ كَثِيرًاۖ وَعُلِّمْتُم مَّا
لَمْ تَعْلَمُوٓاْ أَنتُمْ وَلَآ ءَابَآؤُكُمْۖ قُلِ ٱللَّهُۖ ثُمَّ ذَرْهُمْ فِى خَوْضِهِمْ
يَلْعَبُونَ ﴿٩١﴾ وَهَٰذَا كِتَٰبٌ أَنزَلْنَٰهُ مُبَارَكٌ مُّصَدِّقُ ٱلَّذِى بَيْنَ يَدَيْهِ
وَلِتُنذِرَ أُمَّ ٱلْقُرَىٰ وَمَنْ حَوْلَهَاۚ وَٱلَّذِينَ يُؤْمِنُونَ بِٱلْأَخِرَةِ يُؤْمِنُونَ
بِهِۦۖ وَهُمْ عَلَىٰ صَلَاتِهِمْ يُحَافِظُونَ ﴿٩٢﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

91-ئۇلار (يەنى يەھۇدىيلار) ئاللاھنى ئۆز قەدرىگە لايىق تونۇمىدى. چۈنكى، ئۇلار «ئاللاھ ھېچ كىشىگە ھېچ نەرسە چۈشۈرمىدى» دېدى. (ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «(ئۇنداقتا) مۇسا ئېلىپ كەلگەن ۋە كىشىلەرگە نۇر، ھىدايەت بولغان، سىلەر پارچە-پارچە قەغەزلەرگە كۆچۈرۈپ، (خالىغىنىڭلارنى) ئاشكارىلاپ، كۆپ قىسمىنى يوشۇرىدىغان، سىلەرگە ئۆزۈڭلار ۋە ئاتا-بوۋاڭلار بىلمىگەن نەرسىلەر ئۇنىڭ سايىسىدا بىلدۈرۈلگەن كىتابنى كىم نازىل قىلدى؟» (ئى پەيغەمبەر!) «ئاللاھ نازىل قىلدى» دېگىن، ئاندىن ئۇلارنى قويۇپ تۇرغىن، ئۇلار ئازغۇنلۇقتا پاتقان ھالدا ئويناپ يۈرسۇن.

92-بۇ (قۇرئان) سېنىڭ مەككە ئاھالىسىنى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇشۇڭ ئۈچۈن بىز نازىل قىلغان، ئۇزىدىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان كىتابلارنى تەستىقلايدىغان مۇبارەك كىتابتۇر. ئاخىرەتكە ئىشىنىدىغانلار ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىدۇ، ئۇلار نامازلىرىغا ئەھمىيەت بېرىدۇ.

### ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالانى ھەقىقىي رەۋىشتە تونۇغان، ئۇنى ئۆز لايىقىدا ئۇلۇغلىغان، ئۇنىڭ سۈپەتلىرىنى بىلگەن، ئاللاھ تائالا ھەققىدە قانداق ئېتىقاد قىلىش كېرەك ئىكەنلىكىنى بىلگەن كىشى ئەلۋەتتە ئۇنىڭ دىنىنى ئېتىراپ قىلىدۇ ۋە بۇ دىنىنى ئېلىپ كەلگەن پەيغەمبەرگە ئەگىشىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا زامان ۋە ماكانغا مەخسۇس ئەمەس، ئۇ مەخلۇقاتقا قەتئىي ئوخشىمايدۇ، بەندىلىرىگە يەتكۈزمەكچى بولغانلىرىنى بىرەر پەيغەمبەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن يەتكۈزىدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە سۆزلىمەكچى بولسا، شۇ پەيغەمبەر ئارقىلىقلا سۆزلەيدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئاللاھ تائالا بىلەن بەندىلىرى ئوتتۇرىسىدا بىرەر ئەلچىنىڭ بولۇشى ئەقىل ۋە دىنىنىڭ بىردەك تەلىپىدۇر. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلەرگە جىبرىل ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق ۋەھيى قىلغان. ﴿وَمَا كَانَ لِبَشَرٍ أَن يُكَلِّمَهُ ٱللَّهُ إِلَّا وَحۡيًا أَوۡ مِن وَرَآيِٕ حِجَابٍ أَوۡ يُرۡسِلَ رَسُولًا فَيُوحِيَ بِإِذۡنِهِۦ مَا يَشَآءُۚ إِنَّهُۥ عَلِيٌّ حَكِيمٌ﴾ يەنى ﴿ئاللاھنىڭ بىرەر ئىنسانغا گەپ قىلىشى پەقەت ئىلھام ئارقىلىق ياكى پەردە ئارقىسىدىن ۋەياكى بىرەر پەرىشتىنى ئەۋەتىپ ئۆز ئىرادىسى بىلەن (ئۇنىڭغا) خالىغىنىنى ۋەھيى قىلىش ئارقىلىقلا بولىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەممىدىن ئۈستۈندۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾[1]. شۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەر ئىلاھىي تەلىماتلارنى ئىنسانلارغا يەتكۈزىدۇ. كىمكى پەيغەمبەرلىك ھەقىقىتىنى ئىنكار قىلىدىكەن، ئۇ ئاللاھ تائالانى ئۆز لايىقىدا قەدىرلىمىگەن، ئۇلۇغلىمىغان ۋە ھېچ تونۇمىغان بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا ھەممىنى بىلگۈچىدۇر ۋە ھەممىگە قادىردۇر. ھېچقانداق نەرسە ئۇنى ئاجىز قىلالمايدۇ. ئۇنىڭ رەھمىتى ۋە شەپقىتى مەخلۇقاتنىڭ ھەممىسىگە ئورتاقتۇر. ئۇ بەندىلىرىنىڭ بىرەر يولباشچى پەيغەمبەرگە موھتاج ئىكەنلىكىنى، ئۆزى بىلەن بەندىلىرى ئوتتۇرىسىدا بىرەر پەيغەمبەر بولمىسا، ئۇلارنىڭ ھىدايەتكە ئېرىشەلمەيدىغانلىقىنى ئوبدان

---

[1] شۇرا سۈرىسى 51- ئايەت.

بىلىدۇ. دېمەك، ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلەرنى پەقەت ئىنسانلارغا يول كۆرسەتسۇن، ئۇلارغا ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزلىرىگە بىلدۈرگەنلىرىنى ئۆگەتسۇن، دەپ ئەۋەتكەن. شۇڭا پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەلچىلىك ۋەزىپىسىنى ئىنكار قىلغان ئادەم ئاللاھ تائالانى تونۇمىغان ۋە ئۇنى ھېچ ئۇلۇغلىمىغان بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئى پەيغەمبەر! يەھۇدىيلارغا ئېيتقىنكى، سىلەر قانداقمۇ ﴿ئاللاھ ھېچ كىشىگە ھېچ نەرسە چۈشۈرمىدى﴾ دەيسىلەر؟ ئەگەر سىلەرنىڭ بۇ گېپىڭلار راست بولىدىغان بولسا، «تەۋرات»نى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا كىم نازىل قىلدى؟ قېنى بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىڭلارچۇ، چۈنكى سىلەر «تەۋرات»نى ئېتىراپ قىلىسىلەر، ھەتتا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ھەيئەت ئەۋەتىپ ئۇنىڭ دىنى توغرۇلۇق سۈرۈشتۈرۈپ كۆردۈڭلار. ئەمدى سىلەر قانداقلارچە ساماۋى كىتابنى ئىنكار قىلىسىلەر؟ قانداقلارچە «ئاللاھ ھېچ كىشىگە ھېچ نەرسە چۈشۈرمىدى» دەيسىلەر؟

«تەۋرات» ئەسلىدە ئىنسانلار ئۈچۈن نۇر ۋە ھىدايەت مەنبەسى ئىدى. كېيىن ئىنسانلار ئۇنى ئۆزگەرتىۋەتتى، ئۇنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۇنتۇدى. ئۇلار «تەۋرات»نى ئۆزگەرتىشكە، بۇرمىلاشقا تېخىمۇ ئاسان بولسۇن دەپ، ئۇنى پارچە-پارچە قەغەزلەرگە كۆچۈرۈپ ساقلايتتى. يەھۇدىي ئۆلىمالىرى «تەۋرات»تىكى بىر ھۆكۈم توغرۇلۇق پەتىۋا بەرگەن چېغىدا، «تەۋرات»نىڭ شۇ ماۋزۇدىكى پارچىسىنى چىقىرىپ كۆرسىتەتتى. ئەمما «تەۋرات»تىكى بىر ھۆكۈمنى يوشۇرماقچى بولغان چېغىدا، «تەۋرات»نىڭ شۇ ھۆكۈمگە دالالەت قىلغان تېكىستلىرىنى يوشۇراتتى. ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ «تەۋرات»تىكى سۈپەتلىرىنى، ئۇنىڭ ئاخىر زامان پەيغەمبىرى بولۇپ كېلىدىغانلىقى ھەققىدىكى بېشارەتلەرنى ۋە زىنانىڭ جازاسى ھەققىدىكى ھۆكۈملەرنى يوشۇراتتى.

ئى مۇشرىكلار! سىلەر يەھۇدىيلارنىڭ سۆزلىرىگە ئىشەنمەڭلار، خۇسۇسەن ئۇلارنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە مۇناسىۋەتلىك سۆزلىرىگە قەتئىي ئىشەنمەڭلار. چۈنكى، ئۇلار يالغانچىلاردۇر، ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ ئەشەددىي دۈشمەنلىرىدۇر.

﴿تَجۡعَلُونَهُۥ﴾ دېگەن ئايەتنى «يجعلونه» دەپ ئوقۇلغان قىرائەتكە ئاساسەن، بۇ ئايەت يەھۇدىيلارنىڭ قىلمىشلىرىنى بايان قىلغان بولىدۇ. ئەمما ئۇنى ﴿تَجۡعَلُونَهُۥ﴾ دەپ ئوقۇلغان قىرائەتكە ئاساسەن، بۇ ئايەت يەھۇدىيلارغا خىتاب قىلىپ، ئۇلارغا كايىغان بولىدۇ ۋە ئاللاھ تائالانىڭ

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى بۇئايەتنى يەھۇدىيلارنىڭ ھەممىسىگە ئوقۇپ بېرىشكە بۇيرۇغانلىقنى ئىپادىلەيدۇ.

ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەرگە سىلەر ۋە ئەجدادلىرىڭلار بىلمىگەن نەرسىلەر بىلدۈرۈلدى. بۇ نېمەتنى قەتئىي ئۇنتۇماڭلار ۋە ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىڭلار! چۈنكى ئىسلام سايىسىدا ئەرەبلەرنىڭ دۆلىتى، تەتقىقات مەركەزلىرى، ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت ۋە سەنئەتلىرى بارلىققا كەلدى. ئۇلار ئىلگىرى ئويئوچۇق جاھالەت ۋە ئازغۇنلۇقتىكى خەلق بولغان بولسىمۇ، ئىسلام نۇرى بىلەن ئۇلارنىڭ دىللىرى ئېچىلغاندىن كېيىن، ئۇلار بۇ كاتتا نېمەتلەرگە ئېرىشتى.

ئى پەيغەمبەر! بۇ يەھۇدىيلارغا ئېيتقىنكى، سىلەرگە ئۆزىدىن ئەلچى قىلىپ پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەن ۋە بۇ پەيغەمبەرلەرگە كىتابلارنى نازىل قىلغان زات ئاللاھ تائالادۇر. ئى يەھۇدىيلار! سىلەر بۇ ھەقىقەتنى قەتئىي ئىنكار قىلغۇچى بولماڭلار! چۈنكى ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا «قۇرئان كەرىم»نى، مۇسا ئەلەيھىسسالامغا «تەۋرات»نى نازىل قىلغان. ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا بۇ ھەقىقەتلەرنى يەتكۈزگەندىن كېيىن، ئۇلارنى قويۇپ تۇرغىن، ئۇلارنى ئۆز ھالىغا تەرك ئەتكىن. ئۇلار ئازغۇنلۇق پاتقاقلىرىدا تېڭىرقاپ يۈرۈشنى داۋاملاشتۇرۇۋەرسۇن.

مانا بۇ بىز نازىل قىلغان مۇبارەك كىتاب-«قۇرئان كەرىم»دۇر. ئۇ ئىنسانلارغا ھەقىقەتنى ۋە توغرا يولنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ياخشىلىقى كۆپ، بەرىكەتتى مول بىر كىتابتۇر. ئۇ ئۆزىدىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان ساماۋى كىتابلارنى ئېتىراپ قىلىدۇ، ئۇ كىتابلارنىڭ ئەسلىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. بىز بۇ كىتابنى ئاۋۋال مەككە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئىنسانلارنى، ئاندىن پۈتۈن ئىنسانىيەتنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن نازىل قىلدۇق. شۇ ئېنىقكى، ئاخىرەتكە ئىمان ئېيتقان ۋە ئاخىرەتتە بولىدىغان ئىشلارغا چىن ئىشەنگەن كىشىلەر ئەلۋەتتە، «قۇرئان كەرىم»گە ئىمان ئېيتىدۇ، ئۇنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى، ھىدايەت مەنبەسى، ھاياتلىقنىڭ دەستۇرى ئىكەنلىكىگە چىن قەلبىدىن قايىل بولىدۇ. مۇنداق كىشىلەر نامازلىرىغا ناھايىتى بەك ئەھمىيەت بېرىدىغان، ئۇنى تولۇق ئادا قىلىدىغان ۋە دىندا بۇيرۇلغان ئەمەللەرنى ئورۇنداشقا ئالدىرايدىغان كىشىلەردۇر.

## مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالانى ئىنكار قىلغان ياكى ئۇنىڭغا مەخلۇقاتنى شېرىك قىلىپ قوشقان ياكى ئۇنى ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا ۋە يۈكسەك شەنىگە لايىق كەلمەيدىغان سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىگەن ئادەم ئاللاھ تائالانى قەدىرلىمىگەن ۋە ئۇنى ئۇز قەدرىگە لايىق تونۇمىغان ئادەمدۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالانى ھەقىقىي رەۋىشتە تونۇغان ئادەم مۇنداق قىلمايدۇ.

2. يەھۇدىيلار ئەزەلدىن ئۆزلىرىنىڭ مۇقەددەس كىتابى بولغان «تەۋرات»نىڭ ئەھكاملىرىنى خالىغانچە ئۆزگەرتىپ كەلگەن. ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ كېلىدىغانلىقىدىن خۇشاللىنىپ، ئۇنىڭ ئىسرائىل ئەۋلادى ئارىسىدىن چىقىشىنى كۈتەتتى. ھەتتا مۇشرىكلارغا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كەلگەندە، ئۇنىڭ بىلەن بىرلىشىپ سىلەرنى يوقىتىمىز، دەپ تەھدىت سالاتتى. ئەمما مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىسرائىل ئەۋلادىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئەڭ پەس مىللەت سۈپىتىدە سانالغان ئەرەبلەردىن كەلگەندىن كېيىن، يەھۇدىيلارنىڭ پىكرى بىردىنلا ئۆزگەردى، باغلىغان ئۈمىدلىرى سۇغا چۈشكەن بولدى. شۇنىڭ بىلەن، يەھۇدىي ئۆلىمالىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئېنىق بىلىپ تۇرۇقلۇق، ئۇنىڭغا قارشى مەۋقەدە بولدى. «تەۋرات»تىكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەققىدە كەلگەن بىشارەتلەرنى كىشىلەردىن يوشۇرۇشقا، بەزىلىرىنى قەستەن ئۆزگەرتىشكە باشلىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار شەخسىي مەنپەئەتلىرى ۋە مىللەتچىلىك مۇتەئەسسىپلىكى تۈپەيلىدىن ھىدايەتتىن مەھرۇم قالدى، باشقىلارنىمۇ ھىدايەتتىن توستى.

3. «قۇرئان كەرىم» پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈن ھىدايەت مەنبەسى ۋە نۇرلۇق چىراقتۇر. «قۇرئان كەرىم» ساماۋى كىتابلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇرۇنقى كىتابلارنىڭ ئەسلىسىنى، يەنى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن بېرىلگەن ئەسلى «تەۋرات» بىلەن ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن «ئىنجىل» نىڭ ئەسلىسىنى ئېتىراپ قىلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. ئەمما ھازىرقى يەھۇدىيلار بىلەن خىرىستىيانلارنىڭ قوللىرىدىكى ئۆزگەرتىلگەن «تەۋرات» بىلەن «ئىنجىللار» نى رەت قىلىدۇ.

4. ئاخىرەتنىڭ بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىش پۈتۈن ياخشىلىقلارنىڭ بېشىدۇر. ئاخىرەتكە ئىشىنىش ئىسلامدا ئىمان كەلتۈرۈشكە بۇيرۇلغان مەسىلىلەرنىڭ ئەڭ ئەھمىيەتلىكىدۇر.

## ئاللاھ تائالانىڭ نامىدىن يالغاننى توقۇشنىڭ يامان ئاقىۋىتى

﴿وَمَنْ أَظْلَمُ مِمَّنِ ٱفْتَرَىٰ عَلَى ٱللَّهِ كَذِبًا أَوْ قَالَ أُوحِىَ إِلَىَّ وَلَمْ يُوحَ
إِلَيْهِ شَىْءٌ وَمَن قَالَ سَأُنزِلُ مِثْلَ مَآ أَنزَلَ ٱللَّهُ ۗ وَلَوْ تَرَىٰٓ إِذِ ٱلظَّٰلِمُونَ
فِى غَمَرَٰتِ ٱلْمَوْتِ وَٱلْمَلَٰٓئِكَةُ بَاسِطُوٓا۟ أَيْدِيهِمْ أَخْرِجُوٓا۟ أَنفُسَكُمُ ۖ
ٱلْيَوْمَ تُجْزَوْنَ عَذَابَ ٱلْهُونِ بِمَا كُنتُمْ تَقُولُونَ عَلَى ٱللَّهِ غَيْرَ ٱلْحَقِّ
وَكُنتُمْ عَنْ ءَايَٰتِهِۦ تَسْتَكْبِرُونَ ﴿٩٣﴾ وَلَقَدْ جِئْتُمُونَا فُرَٰدَىٰ كَمَا
خَلَقْنَٰكُمْ أَوَّلَ مَرَّةٍ وَتَرَكْتُم مَّا خَوَّلْنَٰكُمْ وَرَآءَ ظُهُورِكُمْ ۖ وَمَا
نَرَىٰ مَعَكُمْ شُفَعَآءَكُمُ ٱلَّذِينَ زَعَمْتُمْ أَنَّهُمْ فِيكُمْ شُرَكَٰٓؤُا۟ ۚ لَقَد
تَّقَطَّعَ بَيْنَكُمْ وَضَلَّ عَنكُم مَّا كُنتُمْ تَزْعُمُونَ ﴿٩٤﴾﴾

### تەرجىمىسى

93-ئاللاھ نامىدىن يالغاننى توقۇغان ياكى ئۆزىگە ھېچ نەرسە ۋەھيى قىلىنمىغان تۇرۇقلۇق، ماڭا ۋەھيى قىلىندى دېگەن، ياكى ئاللاھ نازىل قىلغاننىڭ ئوخشىشىنى مەنمۇ نازىل قىلالايمەن دېگەن ئادەمدىنمۇ زالىم ئادەم بارمۇ؟ (ئى پەيغەمبەر!) سەن بۇ زالىملارنى سەكراتتا چۈشكەن ۋاقتىدا بىر كۆرسەڭ (ئاجايىپ قورقۇنچلۇق ئەھۋالنى كۆرگەن بولاتتىڭ)، ئۇ چاغدا پەرىشتىلەر قوللىرىنى سوزۇپ ئۇلارغا: «جېنىڭلارنى چىقىرىڭلار! سىلەر ئاللاھ توغرىسىدا ناتوغرا سۆزلەرنى قىلغانلىقىڭلار ۋە ئۇنىڭ ئايەتلىرىنى كۆزگە ئىلمىغانلىقىڭلار ئۈچۈن، بۈگۈن خارلىغۇچى ئازاب بىلەن جازالىنىسىلەر» دەيدۇ.

94-(ئۇلارغا يەنە مۇنداق دېيىلىدۇ): «سىلەر بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا بىز سىلەرگە ئاتا قىلغان نەرسىلەرنى ئارقاڭلاردا قالدۇرۇپ، خۇددى بىز دەسلەپتە سىلەرنى ياراتقان ۋاقتىتىكىدەك تەنها كەپسىلەرغۇ؟ سىلەر ئۆزۈڭلارچە ئاللاھنىڭ شېرىكلىرى دەپ ئاتىۋالغان شاپائەتچىلىرىڭلارنى سىلەر بىلەن بىللە كۆرمەيمىزغۇ؟ ئۇلار بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى مۇناسىۋەت ئاللىقاچان ئۈزۈلدى، سىلەر (شاپائەتچى دەپ) گۇمان قىلغان نەرسىلەر سىلەردىن يوقالدى».

### تەپسىرى

بۇ ئايەتلەردە، ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد

ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن بولۇپ، ئاللاھ نامىدىن يالغاننى توقۇۋشنىڭ يامان ئاقىۋىتى بايان قىلىنغان. دۇنيادا ئاللاھ تائالانىڭ نامىدىن يالغاننى توقۇغان، ئاللاھ تائالانىڭ يەككە-يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلەرگە كىتاب نازىل قىلغانلىقىنى ئىنكار قىلغان ياكى مۇسەيلىمەتۇل كەززاب ۋە ئەسۋەدۇل ئەنسىگە ئوخشاش ئۆزىگە ۋەھيى قىلىنمىغان تۇرۇقلۇق، «ماڭا ۋەھيى كەلدى» دېگەن، ياكى ﴿ئاللاھ نازىل قىلغاننىڭ ئوخشىشىنى مەنمۇ چۈشۈرەلەيمەن﴾ ۋە «ئەگەر خالىساق بىزمۇ مۇھەممەدنىڭ دېگەنلىرىگە ئوخشاش سۆزلەرنى دېيەلەيتتۇق» دېگەن ئادەمدىنمۇ قەبىھ، زالىم ئادەم بارمۇ؟!

بۇنداق ئادەملەرنىڭ ھالىغا ۋاي! ئى پەيغەمبەر! بۇ زالىملارنىڭ جان تالىشىۋاتقان ۋاقتىدىكى ھالىنى بىر كۆرسەڭ، ئاجايىپ دەھشەتلىك ۋە قورقۇنچلۇق ئەھۋالنى كۆرگەن بولاتتىڭ. ئۇ چاغدا پەرىشتىلەر ئۇلارنىڭ جانلىرىنى بەدەنلىرىدىن قاتتىق قوللۇق بىلەن يۇلۇپ چىقىرىش ئۈچۈن قوللىرىنى ئۇلارغا سوزىدۇ. ﴿فَكَيْفَ إِذَا تَوَفَّتْهُمُ ٱلْمَلَٰٓئِكَةُ يَضْرِبُونَ وُجُوهَهُمْ وَأَدْبَٰرَهُمْ﴾ يەنى ﴿پەرىشتىلەر ئۇلارنىڭ يۈزلىرىگە ۋە ئارقىلىرىغا ئۇرۇپ جانلىرىنى ئېلىۋاتقاندا (ئۇلارنىڭ ھالى) قانداق بولار؟﴾[1].

پەرىشتىلەر كاپىرلارنىڭ جېنىنى ئالىدىغان چاغدا، ئۇلارغا قاتتىق قوللۇق بىلەن «سىلەر خالىمىساڭلارمۇ جېنىڭلارنى چىقىرىڭلار» دەپ ئۇلارنىڭ جېنىنى قىيناپ ئالىدۇ. ئەمما مۇئمىنلەرنىڭ جېنىنى بولسا ئىنتايىن سىلىق ۋە يۇمشاقلىق بىلەن ئالىدۇ.

پەرىشتىلەر سەكراتتىكى كاپىرلارغا مۇنداق دەيدۇ: ئى كاپىرلار! سىلەر ئاللاھ نامىدىن يالغاننى توقۇغانلىقىڭلار، ئۇنىڭ ئايەتلىرىنى كۆزگە ئىلماي ئىنكار قىلغانلىقىڭلار ۋە ئاللاھ تائالا توغرۇلۇق نالايىق سۆزلەرنى قىلغانلىقىڭلار ئۈچۈن، بۈگۈن ئەڭ خارلىغۇچى ئازابقا مەھكۇم قىلىنىسىلەر. ئاندىن ئاللاھ تائالا سىلەرگە مۇنداق دەيدۇ: سىلەر بۈگۈن مېنىڭ دەرگاھىمغا ئىلگىرى ماڭا شېرىك قىلىۋالغان ۋە ئۆزۈڭلار ئۈچۈن شاپائەتچى دەپ گۇمان قىلغان ئىلاھلىرىڭلارنى، مەن سىلەرگە ئاتا قىلغان نەرسىلەرنى ئارقاڭلاردا قالدۇرغان ھالدا، خۇددى مەن سىلەرنى دەسلەپتە ياراتقان ۋاقتىمدىكىدەكلا تەنھا كەپسىلەرغۇ؟ مەن سىلەرگە ئاتا قىلغان نېمەتلەرنى، بايلىقلارنى ۋە پەرزەنتلەرنى دۇنيادا قالدۇرۇپ

[1] مۇھەممەد سۈرىسى: 27- ئايەت.

كەپسەلەرغۇ؟ سىلەر ماڭا قوشۇۋالغان شېرىكلىرىڭلار قېنى؟ دۇنيادا تاپقانلىرىڭلار سىلەرگە ئەسقاتتىمۇ؟ سىلەر «ئاللاھنىڭ شېرىكلىرى» دەپ گۇمان قىلغان شاپائەتچىلىرىڭلارنى بۈگۈن سىلەر بىلەن بىللە كۆرمەيۋاتىمىزغۇ؟ ئى ئازغۇنلار! قېنى ئۇلار؟ سىلەر بۈگۈن مېنىڭ رەھمىتىمدىن يىراق بولۇڭلار! ئېنىقكى، سىلەر بىلەن ساختا ئىلاھلىرىڭلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئاللىقاچان ئۈزۈلدى، سىلەر شاپائەتچى دەپ گۇمان قىلغان نەرسىلىرىڭلار سىلەردىن ئاللىبۇرۇن يوقالدى. نەتىجىدە، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى سىلەرگە شاپائەت ياكى ياردەم قىلالمىدى. ﴿يَوۡمَ لَا تَمۡلِكُ نَفۡسٞ لِّنَفۡسٖ شَيۡـٔٗاۖ وَٱلۡأَمۡرُ يَوۡمَئِذٖ لِّلَّهِ﴾ يەنى ﴿ئۇ ھېچكىم ھېچكىم ئۈچۈن قىلچە نەرسىگىمۇ ئىگە بولالمايدىغان كۈندۇر، ئۇ كۈندە ھۆكۈم قىلىش تامامەن ئاللاھقا خاستۇر﴾[1].

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئەڭ چوڭ زۇلۇم ۋە ئەڭ چوڭ گۇناھ ئاللاھ نامىدىن يالغاننى توقۇشتۇر.

2. ئۆلۈمنىڭ سەكراتى ۋە قەبرە ئازابى ھەقتۇر. مۇئمىنلەرگە بۇ ئىككىسىدە راھەتلىك بولغىنىدەك، كاپىرلارغا قاتتىق ئازاب بار.

3. ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا، «قۇرئان كەرىم»گە ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىغا ئەگىشىشتىن باش تارتقانلار ئۆزلىرىنى ئاخىرەتنىڭ ئازابىغا تۇتقۇچىلاردۇر ۋە بەختسىزلىك يولىنى تاللىغۇچىلاردۇر.

4. ئاخىرەت كۈنىدىكى مۇكاپات بىلەن جازا ھەركىمنىڭ بۇ دۇنيادا قىلغان ياخشى ۋە يامان ئەمەللىرىگە قاراپ بولىدۇ.

5. ئاخىرەت كۈنىدە ئەسقاتىدىغان نەرسە ئىمان بىلەن ياخشى ئەمەلدۇر.

## ◄ ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتى ۋە رەھمىتىنىڭ ئالامەتلىرى

﴿إِنَّ ٱللَّهَ فَالِقُ ٱلۡحَبِّ وَٱلنَّوَىٰۖ يُخۡرِجُ ٱلۡحَيَّ مِنَ ٱلۡمَيِّتِ وَمُخۡرِجُ ٱلۡمَيِّتِ مِنَ ٱلۡحَيِّۚ ذَٰلِكُمُ ٱللَّهُۖ فَأَنَّىٰ تُؤۡفَكُونَ ٩٥ فَالِقُ ٱلۡإِصۡبَاحِ

---

[1] ئىنفىتار سۈرىسى 19- ئايەت.

وَجَعَلَ ٱلَّيۡلَ سَكَنٗا وَٱلشَّمۡسَ وَٱلۡقَمَرَ حُسۡبَانٗاۚ ذَٰلِكَ تَقۡدِيرُ
ٱلۡعَزِيزِ ٱلۡعَلِيمِ ٩٦ وَهُوَ ٱلَّذِي جَعَلَ لَكُمُ ٱلنُّجُومَ لِتَهۡتَدُواْ بِهَا
فِي ظُلُمَٰتِ ٱلۡبَرِّ وَٱلۡبَحۡرِۗ قَدۡ فَصَّلۡنَا ٱلۡأٓيَٰتِ لِقَوۡمٖ يَعۡلَمُونَ ٩٧
وَهُوَ ٱلَّذِيٓ أَنشَأَكُم مِّن نَّفۡسٖ وَٰحِدَةٖ فَمُسۡتَقَرّٞ وَمُسۡتَوۡدَعٞۗ قَدۡ
فَصَّلۡنَا ٱلۡأٓيَٰتِ لِقَوۡمٖ يَفۡقَهُونَ ٩٨ وَهُوَ ٱلَّذِيٓ أَنزَلَ مِنَ ٱلسَّمَآءِ
مَآءٗ فَأَخۡرَجۡنَا بِهِۦ نَبَاتَ كُلِّ شَيۡءٖ فَأَخۡرَجۡنَا مِنۡهُ خَضِرٗا نُّخۡرِجُ
مِنۡهُ حَبّٗا مُّتَرَاكِبٗا وَمِنَ ٱلنَّخۡلِ مِن طَلۡعِهَا قِنۡوَانٞ دَانِيَةٞ وَجَنَّٰتٖ
مِّنۡ أَعۡنَابٖ وَٱلزَّيۡتُونَ وَٱلرُّمَّانَ مُشۡتَبِهٗا وَغَيۡرَ مُتَشَٰبِهٍۗ ٱنظُرُوٓاْ إِلَىٰ
ثَمَرِهِۦٓ إِذَآ أَثۡمَرَ وَيَنۡعِهِۦٓۚ إِنَّ فِي ذَٰلِكُمۡ لَأٓيَٰتٖ لِّقَوۡمٖ يُؤۡمِنُونَ ٩٩

### ◄ تەرجىمىسى

95ـ شەكسىزكى، ئاللاھ داننى ۋە ئۇرۇقنى بىخلاندۇرغۇچىدۇر، ئۇ تىرىكنى ئۆلۈكتىن چىقىرىدۇ، ئۆلۈكنى تىرىكتىن چىقارغۇچىدۇر. شۇلارنى قىلغان زات ـ يېگانە ئاللاھتۇر. سىلەر قانداقمۇ (ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشتىن) بۇرۇلۇپ كېتىسىلەر؟

96ـ ئاللاھ سۇبھىنى (قاراڭغۇلۇقتىن) يېرىپ چىقارغان، (سىلەر ئۈچۈن) كېچىنى ئارام ئېلىش ۋاقتى قىلغان، قۇياش بىلەن ئاينى (ئۆز ئوربىتىسىدا مۇئەييەن قانۇنىيەت بويىچە) مۇنتىزىم ئايلىنىپ تۇرىدىغان قىلغان زاتتۇر. ئەنە شۇلار غالىب، (ھەممىنى) تولۇق بىلگۈچى ئاللاھنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىدۇر.

97ـ ئاللاھ قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىزنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدا سىلەرنىڭ يول تېپىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەرگە يۇلتۇزلارنى يارىتىپ بەرگەن زاتتۇر. (ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى) بىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن، دەلىل ـ پاكىتلارنى ھەقىقەتەن ئوچۇق بايان قىلدۇق.

98ـ ئاللاھ سىلەرنى بىر ئىنساندىن ياراتقان، ئاندىن سىلەرنى (ئانىڭلارنىڭ بالىياتقۇسىدا) قارارلاشتۇرغان، (ئاتاڭلارنىڭ پۇشتىدا) ساقلىغان زاتتۇر. چۈشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئايەتلەرنى ھەقىقەتەن ئوچۇق بايان قىلدۇق.

99ـ ئاللاھ بۇلۇتتىن يامغۇرنى چۈشۈرۈپ بەرگەن زاتتۇر. مانا بىز ئۇنىڭ بىلەن

بارلىق ئۆسۈملۈكلەرنى چىقاردۇق. يەنە يېشىل مايسىلارنى چىقىرىپ، ئۇنىڭدىن بىر-بىرىگە مىنگىشىپ كەتكەن دانلارنى يېتىشتۈردۇق، خورما دەرىخىنىڭ چېچەكلىرىدىن يەرگە يېقىن ساڭگىلاپ تۇرىدىغان خورما ساپاقلىرىنى (يېتىشتۈردۇق، يەنە) ئۈزۈملۈك باغلارنى، بىر-بىرىگە (بەزى تەرەپتىن) ئوخشايدىغان ۋە (بەزى تەرەپتىن) ئوخشىمايدىغان زەيتۇن، ئانار دەرەخلىرىنى (يېتىشتۈردۇق). سىلەر ئۇلارنىڭ مېۋىلىگەن چاغدىكى يېڭى تۇتقان مېۋىسىگە ۋە پىشقان مېۋىسىگە قاراپ بېقىڭلار، ئۇلاردا ئىمان ئېيتىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئەلۋەتتە دەلىللەر بار.

## ◄ بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئالدىنقى ئايەتلەردە، ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكى ۋە ئۆلگەندىن كېيىنكى ئىشلارغا مۇناسىۋەتلىك بەزى ھەقىقەتلەر بايان قىلىنغاندىن كېيىن، بۇ يەردە، ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىنىڭ، ئىلمىنىڭ چەكسىز ئىكەنلىكىنىڭ دەلىللىرى ۋە بۇ ئىككىسىنى نامايان قىلىپ تۇرىدىغان بەزى ئالامەتلىرى بايان قىلىنغان.

## ◄ تەپسىرى

شەك-شۈبھىسىزكى، ئىبادەت قىلىنىشقا ۋە ئۇلۇغلىنىشقا تامامەن ھەقلىق ۋە تېگىشلىك بولغان ئىلاھ چەكسىز كامالەتلەرگە ئىگە ۋە ھېچكىمنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان ئىشلارنى ئۆزى يالغۇز قىلىدىغان زات-ئاللاھ تائالادۇر. مۇشرىكلارنىڭ بۇتلىرى، ئىكىلىۋالغان ھەيكەللىرى ۋە بارچە ساختا ئىلاھلىرى، ھەتتا مەخلۇقاتنىڭ ھەممىسى بىرلەشكەن تەقدىردىمۇ، ئاللاھ تائالا قىلغان ئىشلارنىڭ بىرەرسىنىمۇ قىلالمايدۇ. ئاللاھ تائالا نېمىدېگەن بۈيۈك!

شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تائالا دانلارنى ۋە ئۇرۇقلارنى ئۆرنەكسىز ياراتقان زاتتۇر. ئاللاھ تائالا جىمى ئۆسۈملۈكلەرنى ۋە دەل-دەرەخلەرنى دان ۋە ئۇرۇقتىن چىقىرىدۇ.

مۇپەسسىرلەر ﴿يُخۡرِجُ ٱلۡحَيَّ مِنَ ٱلۡمَيِّتِ وَمُخۡرِجُ ٱلۡمَيِّتِ مِنَ ٱلۡحَيِّۚ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ تەپسىرىدە ھەرخىل تەپسىرلەرنى قىلغان. تەپسىرى تەبەرىيدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ بۇ ئايەتكە «ئاللاھ ئىنساندىن ئۆلۈك سۇ ئىسپېرمانى چىقىرىدۇ، بۇ سۇدىن ئىنسان بارلىققا

كېلىدۇ. مانا بۇ تىرىكتىن ئۆلۈكنى، ئۆلۈكتىن تىرىكنى چىقارغانلىقىدۇر»[1] دېگەنلىكىنى نەقىل قىلغان. يەنە قەتادەنىڭ ھەسەندىن رىۋايەت قىلىپ «ئاللاھ مۆئمىن ئادەمنى كاپىر ئادەمنىڭ نەسلىدىن چىقىرىدۇ ۋە كاپىر ئادەمنى مۆئمىن ئادەمنىڭ نەسلىدىن چىقىرىدۇ»[2] دېگەنلىكىنى نەقىل قىلغان. كۆپلىگەن مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مەزكۇر مۇپەسسىرلەرنىڭ سۆزلىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان سۆزلەرنى قىلىپ، بۇ ئايەتكە «ئاللاھ تۇخۇمدىن تۇخۇمنى، تۇخۇمدىن چۈجىنى چىقىرىدۇ» دەپ تەپسىر قىلغان.

ئەمما ھازىرقى ئىلىم-پەن ئىسپېرمىدا ھايات بولغىنىغا ئوخشاش تۇخۇمدىمۇ ھايات بارلىقىنى ئىسپاتلىدى. شۇڭا ئىسپېرما بىلەن تۇخۇمنى ئۆلۈك دېگىلى بولمايدۇ. ئۆتمۈشلەردىكى مۇپەسسىرلەر شۇ زامانلارنىڭ ئەقىل سەۋىيەسى بويىچە گەپ قىلغان ۋە ئۇ زامانلاردا ئىلمىي ھەقىقەتلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدىغان پەن-تېخنىكا بولمىغانلىقتىن، كۆپ مەسىلىلەرنى يورۇقلۇققا چىقىرالمىغان بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا ئۇلار خاتا كەتكەن تەقدىردىمۇ، ئىجتىھاد قىلغانلىقىنىڭ ساۋابىنى تاپىدۇ، ئەلۋەتتە.

بەزى مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: جانلىق نەرسە ئۆلۈك نەرسىدىن چىقىدۇ، يەنى جانلىق نەرسە جانسىز ۋاقىتىدا غىزا ماددىسىدىن پەيدا بولىدۇ. ھايۋاندىنمۇ سۈت ۋە كېرەكسىز نەرسىلەر چىقىدۇ. ئېنىقكى، سۈت ۋە كېرەكسىز نەرسىلەر جانسىز نەرسىلەردۇر. غىزا ماددىسىدا ھاياتلىق بولمىسىمۇ، جانلىق جىسىم ھۈجەيرىلىرىنىڭ سۈت ۋە ئۆسۈملۈكلەرگە ئوخشاش غىزا ماددىلىرىدىن پەيدا بولىدىغانلىقى ئىلاھىي قۇدرەتنىڭ نۇقسانسىزلىقىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ.

ئاللاھ تائالا سۈبھىنى كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقىدىن يېرىپ چىقىرىپ تاڭنى يورۇتقۇچىدۇر. ئۇ سۈبھى ۋاقتىدا كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقىنى ئەتىگەننىڭ يورۇقى بىلەن يېرىپ، ئەتراپنى يورۇتقۇچىدۇر. ئۇ يەنە كېچىنى ئىنسانلارنىڭ ۋە بارلىق جانلىقلارنىڭ راھەتلىنىش ۋاقتى قىلىپ بېكىتكەن. بۇ ۋاقىتلاردا جانلىقلار ھارغىنلىقلىرىنى چىقىرىپ راھەتلىنىدۇ. چۈنكى، كېچە ئىستىراھەت ۋە ئارام ئېلىش ۋاقتى، كۈندۈز ئىشلەپ تەر تۆكۈش ۋاقتىدۇر. ئاي بىلەن قۇياش مۇكەممەل بىر نىزام، تەرتىپ-ئىنتىزام، مۇئەييەن ئۆلچەم بويىچە ئۆز ئوربىتىسىدا ئايلىنىپ

[1] «تفسير الطبري» 11-توم، 554-بەت، 13594-ھەدىس.
[2] «تفسير الطبري» 6-توم، 307-بەت، 6816-ھەدىس.

تۇرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئىنسانلار يىللارنىڭ سانىنى ۋە ھېسابىنى بىلىدۇ.

ئى ئوقۇرمەن! ئاللاھ تائالا سىزنى جىمى ياخشىلىقلارغا مۇيەسسەر قىلسۇن! يارىتىلىشتىكى شۇ ئۈچ دەلىلگە قاراڭ ۋە ئىبرەت ئېلىڭ! ئۇلار: تاڭنىڭ يورۇشى، كېچىنىڭ جىمجىتلىقى ۋە قۇياش بىلەن ئاينىڭ ئىنتىزاملىقىدۇر. ئاللاھ تائالا يەنە يۇلتۇزلارنىمۇ ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن يارىتىپ بەرگەن زاتتۇر. چۈنكى، كېچىدە يول يۈرگۈچىلەر يۇلتۇزلارنىڭ سايىسىدا يوللىرىنى تاپىدۇ. يىل ئىچىدىكى ۋاقىتلار، يەنى ئايلار، پەسىللەر يۇلتۇزلار بىلەن بىلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا يۇلتۇزلارنى كېچىنىڭ ۋە دېڭىزنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدا ئىنسانلارنىڭ يولىنى تېپىۋېلىشى ئۈچۈن يارىتىپ بەردى. كائىناتتا ئاللاھ تائالا بېكىتكەن مۇكەممەل نىزام ۋە ئۆلچەم ھۆكۈم سۈرىدۇ. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنى ۋە كائىناتتا ئۆزىنىڭ يەككە-يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدىغان ئالامەتلەرنى ناھايىتى ئوچۇق بايان قىلغان. بۇلار ئەينى ۋاقىتتا ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز ئىلىم - ھېكمىتىگە دالالەت قىلىدۇ. بۇلارنى پەقەت ئىلىم ۋە ئەقىل ئىگىسى بولغان كىشىلەرلا چۈشىنىدۇ. ﴿فَٱعْتَبِرُواْ يَٰٓأُوْلِي ٱلْأَبْصَٰرِ﴾ يەنى ﴿ئىبرەت ئېلىڭلار ئى پاراسەت ئىگىلىرى!﴾[1]. شۇڭا بۇ ماۋزۇدىكى ئايەت ﴿بۇ ئايەتلەرنى بىلەلەيدىغان قەۋم ئۈچۈن ھەقىقەتەن ئوچۇق بايان قىلدۇق﴾ دېگەن بۇ جۈملە بىلەن ئاخىرلاشقان. بۇلار ئاللاھ تائالانىڭ تەڭداشسىز قۇدرىتىنى، چەكسىز ئىلمىنى ۋە ھېكمىتىنى كۆرسىتىدىغان كائىنات دەلىللىرىدۇر. خۇسۇسەن بىزنىڭ ئۆزىمىزدىمۇ ئاللاھ تائالانىڭ كاتتىلىقىغا دالالەت قىلىدىغان نۇرغۇنلىغان دەلىللەر بار. ﴿هُوَ ٱلَّذِي خَلَقَكُم مِّن نَّفْسٍ وَٰحِدَةٍ﴾ يەنى ﴿ئۇ سىلەرنى (ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن ئىبارەت) بىر ئىنساندىن ياراتقان زاتتۇر﴾[2]، ﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ ٱتَّقُواْ رَبَّكُمُ ٱلَّذِي خَلَقَكُم مِّن نَّفْسٍ وَٰحِدَةٍ وَخَلَقَ مِنْهَا زَوْجَهَا وَبَثَّ مِنْهُمَا رِجَالًا كَثِيرًا وَنِسَآءً﴾ يەنى ﴿ئى ئىنسانلار! سىلەرنى (ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن ئىبارەت) بىر ئىنساندىن ياراتقان، شۇ ئىنساندىن ئۇنىڭ جۈپتىنى ياراتقان ۋە بۇ ئىككىسىدىن نۇرغۇن ئەرلەرنى ۋە ئاياللارنى ياراتقان رەببىڭلاردىن قورقۇڭلار﴾[3]، ﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ إِنَّا خَلَقْنَٰكُم مِّن ذَكَرٍ وَأُنثَىٰ وَجَعَلْنَٰكُمْ

[1] ھەشر سۈرىسى 2- ئايەت.

[2] ئەئراف سۈرىسى189-ئايەت.

[3] نىسا سۈرىسى 1- ئايەت.

﴿شُعُوبًا وَقَبَآئِلَ لِتَعَارَفُوٓاْۚ﴾ يەنى ﴿ئى ئىنسانلار! شەكسىزكى، بىز سىلەرنى بىر ئەر، بىر ئايالدىن ياراتتۇق، ئۆزئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە قەبىلىلەر قىلدۇق﴾[1]. بۇنىڭدا، ئىنسانلارنىڭ بىر-بىرىگە مۇھەببەت ۋە سۆيگۈ ئىچىدە مۇئامىلە قىلىشىنىڭ زۆرۈرلۈكىگە ۋە ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز ئىلىم-ھېكمىتىگە ئىشارەت قىلىنغان. ئاللاھ تائالا پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ ئەسلىنى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن ياراتقان بولسىمۇ، ئۇلاردىن ھەربىرىنى ئۆز ئاتىسىنىڭ پۇشتىدا قارارلاشتۇردى، ئاندىن ئانىسىنىڭ بالىياتقۇسىدا ئامانەت قويدى. چۈنكى، ئايەتتىكى «مُسْتَقَر» يەنى (قارارلاشقۇچى) دېگەن سۆز بىر نەرسىنىڭ بىر جايدا ۋاقىتسىز كۆپ تۇرغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەمما «مُسْتَوْدَع» يەنى (ئامانەت قويۇلغان) دېگەن سۆز بولسا، بىر نەرسىنىڭ بىر جايدا مەلۇم ۋاقىتقىچىلىك ئامانەت قويۇلغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇڭا قارارلىشىش ئاتىلارنىڭ پۇشتىدا (يەنى ئۇمۇرتقىسىدا)، ۋاقىتلىق تۇرۇش ئانىلارنىڭ بالىياتقۇسىدا بولىدۇ. ئۆزىنىڭ چوڭقۇر تەپەككۇرى ۋە ئەقىل-پاراستى بىلەن يوشۇرۇن سىرلاردىن ۋاقىپ بولۇپ، ھەقىقەتلەرنى چۈشىنىدىغان پاراسەتلىك كىشىلەر ئۈچۈن، ئايەتلىرىمىزنى ئوچۇق بايان قىلدۇق. مەخلۇقاتنىڭ، خۇسۇسەن ئىنساننىڭ يارىتىلىشى ھەققىدە تەپەككۇر قىلىش چوڭقۇر پىكىر، ئىنچىكە ئىزدىنىش ۋە ياخشى چۈشىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئەمدى ئاللاھ تائالانىڭ ئۆسۈملۈكلەر ئالىمىدىكى گۈزەل سەنئەت-لىرىنىڭ بەزى ئالامەتلىرى ۋەدەلىللىرى مۇنۇلار:

ئاللاھ تائالا ئاسماندا توپلانغان بۇلۇتلاردىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىش ئارقىلىق بارچە ھاياتلىقنى پەيدا قىلغۇچىدۇر. ئاللاھ تائالا شۇ سۇ بىلەن ھەرخىل ئۆسۈملۈكلەرنى چىقىرىپ بەرگۈچىدۇركى، تۇپراق بىر، سۇ بىر تۇرۇقلۇق، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ شەكلى، رەڭگى، تەمى ھەر خىل بولىدۇ. مانا بۇ ئاللاھ تائالانىڭ گۈزەل سەنئەتلىرىنىڭ نامايەندىسى ۋە دەلىلىدۇر. ﴿يُسْقَىٰ بِمَآءٍ وَٰحِدٍ وَنُفَضِّلُ بَعْضَهَا عَلَىٰ بَعْضٍ فِى ٱلْأُكُلِۚ﴾ يەنى ﴿بىر خىل سۇ بىلەن سۇغىرىلىدۇ. (ئەمما ئۇلارنىڭ) بەزىسىنى بەزىسىدىن تەملىك قىلىمىز﴾[2]. بىر تۈپ خورما دەرىخىدە سۈپەتلىك خورمىمۇ، سۈپەتسىز خورمىمۇ بولىدۇ. يەنە بىر تۈپ دەرەختە پىشقان مېۋە بولغىنىدەك،

---

[1] ھۇجۇرات سۈرىسى 13-ئايەت.

[2] رەئد سۈرىسى 4-ئايەت.

پىشمىغان مېۋىمۇ بولىدۇ، بەزىسى تاتلىق، بەزىسى چۈچۈمەل بولىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىنىڭ دەلىللىرىدىن سانىلىشقا يەتمەمدۇ؟ ئاللاھ تائالا ئۆسۈملۈكتىن ياپيېشىل يوپۇرماقلارنى ۋە شاخلارنى چىقىرىدۇ. بۇ يېشىل يوپۇرماقلار ۋە شاخلاردىن قۇرۇق دانلارنى ۋە باشاقلارنى چىقىرىدۇ. ھەمدە بۇ باشاقلار ئىچىدە ئۈستى-ئۈستىگە تىزىلغان دانلار بولىدۇ.

خورما دەرىخىگە كەلسەك، ئۇ بىز بىلىدىغان ئېگىز خورما دەرىخىدۇر. ئۇنىڭ ئېگىز شاخلىرى ئارىسىدىن خورمىلار چىقىدۇ. بولۇق خورمىلار تۈۋەنگە قاراپ ئېگىلىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارغا ئاسانلا قول يېتىدۇ. يېشىل ئۆسۈملۈكلەردىن ئۈزۈم باغلىرى، زەيتۇن ۋە ئانارغا ئوخشىغان مېۋىلىك باغلار مەيدانغا كېلىدۇ. بۇلار شەكىل، يوپۇرماق ۋە مېۋە جەھەتتىن بىر-بىرىگە ئوخشايدۇ. ئەمما رەڭگى، تەمى تەرەپتىن بىر-بىرىگە ئوخشىمايدۇ. بەزىسى تاتلىق، بەزىسى چۈچۈمەلدۇر. ئاپېلسىن، ئانارغا ئوخشىغان مېۋىلەر بۇنىڭ مىسالىدۇر. سىز بۇلارغا تەتقىقاتچىلارنىڭ كۆزى بىلەن قاراپ چۈشىنىڭ. بۇلارنىڭ دەرەخ ئۈستىدە پەيدا بولۇپ، تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ يېتىلىدىغان ھالغا قانداق كەلگەنلىك جەريانىنى ئويلاڭ. بۇ مېۋىلەر دەسلەپتە ئىچى بوش تۇرۇپ قانداق ئىچى تولۇق مېۋە ھالغا كەلدى؟ ئاللاھ تائالاغا ئىشەنگەن ياكى ئۆزلىرىدە ئىمان ئېيتىشقا مايىللىق بولغان قەۋم ئۈچۈن بۇ بايانلىرىمىزدا ئەلۋەتتە چوڭ ئىبرەتلەر ۋە ئالەملەرنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە پەرۋىشچىسى بولغان ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىغا ئىشارەت قىلىدىغان دەلىللەر بار.

## مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالا ھەممىنىڭ ياراتقۇچىسىدۇر، ئۇ ھەممىنىڭ رەببىدۇر. شۇڭا ئۇ ئىبادەت قىلىنىشقا تولىمۇ لايىق بولغان يېگانە ئىلاھتۇر.

2. ئاللاھ تائالانىڭ ياراتقانلىرىنىڭ ھەممىسىدە، ئۇنىڭ چەكسىز قۇدرىتى، ئىلمى ۋە ھېكمىتى نامايان بولۇپ تۇرىدۇ. ئەقلى جايىدا، تەپەككۇرى ساغلام كىشىلەر بۇلارنى ئەلۋەتتە كۆرەلەيدۇ.

3. يۇلتۇزلارنىڭ پايدىلىرىدىن بىرى ئىنسانلارغا كېچىدە يول كۆرسىتىش بولۇپ، دېڭىزدا ۋە قۇرۇقلۇقتا كېچىلەپ يول يۈرگەنلەر يۇلتۇزلارنىڭ يورۇقىدا يولىنى تېپىۋالىدۇ. يۇلتۇزلارنىڭ بۇنىڭدىن باشقا پايدىلىرىمۇ بولۇپ، بىزگە مەلۇم بولمىغانلىرى ئاللاھ تائالاغا ئەلۋەتتە مەلۇمدۇر.

4. شەيئىلەرنىڭ ئىنچىكە تەرەپلىرىنى بىلىش ئۈچۈن ساغلام ئەقىل كېرەك بولغاندەك، سىر-ئەسرارلارنى چۈشىنىش ئۈچۈنمۇ ساغلام تەپەككۇر كېرەك.

### ◄ مۇشرىكلارنىڭ ئاللاھ نامىدىن ئىپتىقان يالغانلىرىغا رەددىيە

﴿وَجَعَلُوا۟ لِلَّهِ شُرَكَآءَ ٱلْجِنَّ وَخَلَقَهُمْ ۖ وَخَرَقُوا۟ لَهُۥ بَنِينَ وَبَنَٰتٍۭ بِغَيْرِ
عِلْمٍ ۚ سُبْحَٰنَهُۥ وَتَعَٰلَىٰ عَمَّا يَصِفُونَ ﴿١٠٠﴾ بَدِيعُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ ۖ
أَنَّىٰ يَكُونُ لَهُۥ وَلَدٌ وَلَمْ تَكُن لَّهُۥ صَٰحِبَةٌ ۖ وَخَلَقَ كُلَّ شَىْءٍ ۖ وَهُوَ
بِكُلِّ شَىْءٍ عَلِيمٌ ﴿١٠١﴾ ذَٰلِكُمُ ٱللَّهُ رَبُّكُمْ ۖ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ ۖ خَٰلِقُ كُلِّ
شَىْءٍ فَٱعْبُدُوهُ ۚ وَهُوَ عَلَىٰ كُلِّ شَىْءٍ وَكِيلٌ ﴿١٠٢﴾ لَّا تُدْرِكُهُ ٱلْأَبْصَٰرُ
وَهُوَ يُدْرِكُ ٱلْأَبْصَٰرَ ۖ وَهُوَ ٱللَّطِيفُ ٱلْخَبِيرُ ﴿١٠٣﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

100-جىنلارنى ئاللاھ ياراتقان تۇرسا، (مۇشرىكلار) ئۇلارنى ئاللاھقا شېرىك قىلىشىۋېلىشتى، نادانلىقتىن، «ئاللاھنىڭ ئوغۇل-قىزلىرى بار» دېگەننى ئويدۇ-رۇپ چىقىشتى. ئاللاھ ئۇلار سۈپەتلىگەن نەرسىلەردىن پاكتۇر ۋە ئۈستۈندۇر.

101-ئاللاھ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۈرنەكسىز ياراتقۇچىدۇر. ئاللاھنىڭ جۈپتى بولمىسا قانداقمۇ بالىسى بولسۇن؟ ھەممە نەرسىنى ئاللاھ ياراتقان، ھەممە نەرسىنى ئاللاھ ئوبدان بىلگۈچىدۇر.

102-(ئى ئىنسانلار!) ئەنە شۇ سىلەرنىڭ رەببىڭلار بولغان ئاللاھتۇر، ئاللاھتىن باشقا (ھەقىقىي) ئىلاھ يوقتۇر. ئۇ ھەممە نەرسىنىڭ ياراتقۇچىسىدۇر، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىڭلار. ئۇ ھەممە نەرسىگە ھامىيدۇر.

103-كۆزلەر ئاللاھنى ئىدراك قىلالمايدۇ، ئاللاھ كۆزلەرنى تولۇق بىلىدۇ. ئاللاھ ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئىنچىكە تەرەپلىرىنى بىلگۈچىدۇر، ئەڭ مەخپىي ئىشلاردىنمۇ تولۇق خەۋەرداردۇر.

### ◄ تەپسىرى

مۇشرىكلار مەخلۇقاتنىڭ بەزىسىنى ئاللاھ تائالاغا شېرىك قىلىۋې-

لىشتى، ئۇلار شەيتاننىڭ ئارقىسىغا كىرىپ كەتتى. شەيتان ئۇلارنىڭ دۈشمىنى بولۇپ، ھەر ۋاقىت ئۇلارنى ئازدۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ. چۈنكى، شەيتانلارنىڭ ئاتىسى ئىبلىس ئۆز ۋاقتىدا ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىدا قەسەم قىلىپ: ﴿فَبِعِزَّتِكَ لَأُغْوِيَنَّهُمْ أَجْمَعِينَ ﴿٨٢﴾ إِلَّا عِبَادَكَ مِنْهُمُ ٱلْمُخْلَصِينَ﴾ يەنى ﴿سېنىڭ ئىززىتىڭ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى چوقۇم ئازدۇرىمەن. ئۇلاردىن پەقەت تاللانغان بەندىلىرىڭلا مۇستەسنادۇر﴾[1] دېگەن. مۇشرىكلار يەنە «پەرىشتىلەر ئاللاھنىڭ قىزلىرىدۇر» دېيىشتى. ئاتەشپەرەسلەر: «دۇنيادا ئىككى ئىلاھ بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى، ياخشىلىق ئىلاھى، يەنە بىرى، يامانلىق ئىلاھىدۇر» دەپ ئېتىقاد قىلىشتى. شەكسىزكى، بارلىق مەۋجۇداتنى، جۈملىدىن مۇشرىكلار ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئاللاھ تائالا ياراتقان. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ نادانلىقى ۋە ئەخمەقلىقىدىن ئاللاھ تائالاغا ئوغۇللارنى ۋە قىزلارنى مەنسۇپ قىلىشىپ، «ئاللاھنىڭ ئوغۇل-قىزلىرى بار» دېيىشتى. ھالبۇكى، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ شېرىك قىلىۋالغان نەرسىلىرىدىن ۋە ئۇلار سۈپەتلىگەن سۈپەتلەردىن ئەلۋەتتە پاكتۇر ۋە ئۈستۈندۇر.

ئاللاھ تائالا ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى جىمى مەخلۇقاتنى ئۆرنەكسىز ياراتقان ۋە ھەممىنى ئەڭ گۈزەل، ئەڭ يارىشىملىق سۈرەتكە كىرگۈزگەن، ئەمما ئۆزى مەخلۇقاتىغا قەتئىي ئوخشىمايدىغان، ئۆيلىنىشكە، بالىلىق بولۇشقا ھاجىتى بولمىغان، يەككە-يېگانە ئىلاھ تۇرسا، قانداقمۇ ئۇنىڭ بالىسى بولسۇن؟ مەلۇمكى بالا ئەر-خوتۇن ئىككىسىنىڭ نىكاھلىنىشى ئارقىلىق بولىدۇ. تەڭدىشى بولمىغان يەككە-يېگانە ئىلاھنىڭ ئۆز مەخلۇقاتىدىن بىرەرسى بىلەن ئۆيلىنىشىنى ئەقىل قوبۇل قىلالامدۇ؟ ئاللاھ تائالا مەخلۇقاتىغا ئوخشاپ قېلىشتىن ئەلۋەتتە پاكتۇر ۋە ئۈستۈندۇر. ﴿لَيْسَ كَمِثْلِهِۦ شَيْءٌ﴾ يەنى ﴿ئاللاھقا ئوخشايدىغان ھېچ شەيئى يوقتۇر﴾[2]. ھەممە مەۋجۇدات ئىختىيارىي ياكى مەجبۇرىي ھالدا، ئاللاھ تائالانىڭ يەككە-يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىگە، يېگانە ياراتقۇچى ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىپ تۇرسا، ھەممە نەرسە ئاللاھ تائالانىڭ تۇرسا، ئۇنىڭ بالىغا ئېھتىياجى بولامدۇ؟

ئى ئىنسانلار! بىلىڭلاركى، بارچە نۇقسانلاردىن پاك بولغان ئاشۇ ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ يېگانە ئىلاھىڭلاردۇر. ئاللاھ تائالادىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوقتۇر. ئۇ ھەممىنىڭ ياراتقۇچىسىدۇر. ئەھۋال بۇنداق

---

[1] ساد سۈرىسى82-83-ئايەتلەر.

[2] شۇرا سۈرىسى 11- ئايەت.

ئىكەن، سىلەر ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىڭلار، بارلىق ئەمەل-ئىبادەتنى ئۇنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ خالىس قىلىڭلار، ئۇ بارچە ئىشىل سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەنگەن، كەمچىلىكلەردىن پۈتۈنلەي خالىي بولغان، ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى جىمى مەۋجۇداتنى ئۆرنەكسىز ياراتقان، ماھىر ياراتقۇچىدۇر. ئۇ ھەممە نەرسىگە قادىر زاتتۇر.

كۆزلەر ئاللاھ تائالانى ئىدراك قىلالمايدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ قانداق زات ئىكەنلىكىنى بۇ دۇنيادا ئىدراك قىلىش مۇمكىن ئەمەس، ئۇنى كۆرۈش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر مۇمكىن بولسا ئىدى، مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالادىن ئۆزىنىڭ جامالىنى كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلغاندا ئۇنى كۆرگەن بولاتتى. ئەمما ئاخىرەتتە ئاللاھ تائالا مۇئمىن بەندىلىرىگە ئۆزىنىڭ جامالىنى كۆرسىتىدۇ. ساھابىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن «يارەسۇلۇللاھ! بىز قىيامەت كۈنى رەببىمىزنى كۆرەلەمدۇق؟» دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلاردىن: «سىلەر كېچىدە تولغان ئاينى ھېچبىر توسالغۇسىز ئوچۇق كۆرىدىغانلىقىڭلارغا شەك قىلامسىلەر؟» دەپ سورايدۇ. ئۇلار: «ياق، يارەسۇلۇللاھ!» دەيدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە ئۇلارغا : «ئاسمان بۇلۇتسىز چاغدا كۈننى ئوچۇق كۆرۈشۈڭلارغا شەك قىلامسىلەر؟» دەپ سورايدۇ، ئۇلار : «ياق، يارەسۇلۇللاھ!» دەيدۇ. ئاندىن ئۇلارغا: «فَإِنَّكُمْ تَرَوْنَهُ كَذَلِكَ» يەنى «سىلەر قىيامەت كۈنى رەببىڭلارنى ئەنە شۇنداق ئوچۇق كۆرىسىلەر»[1] دەيدۇ. جانابى ئاللاھ تائالادىن بىزلەرنى ئۆزىنىڭ جامالىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولىدىغان بەختلىك كىشىلەرنىڭ قاتارىدىن قىلىشىنى تىلەيمىز.

ئاللاھ تائالا كۆزلەرنى تولۇق بىلىدۇ، كۆزلەرنىڭ ھەقىقىتىنى، ماھىيىتىنى ۋە قىلمىشلىرىنى مۇكەممەل بىلىدۇ. قۇلاق نېمە ئۈچۈن كۆرمەيدۇ؟ كۆز نېمە ئۈچۈن ئاڭلىمايدۇ؟ بۇلارنىڭ نېمە ئۈچۈنلىكىنى ئاللاھ تائالا ئوبدان بىلىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا شەيئىلەرنىڭ ئەڭ ئىنچىكە ۋە نازۇك تەرەپلىرىنى بىلىدۇ، ھەممىدىن تولۇق خەۋەرداردۇر. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە، خۇسۇسەن مۇئمىنلەرگە ناھايىتى مېھرىباندۇر.

## مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالادىن باشقىسىنى ئىلاھ دەۋالغانلار، مەخلۇقاتقا چوقۇن-

---

[1] «صحيح البخاري»1-توم، 160-بەت، 806-ھەدىس.

غانلار ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئازغۇنلىرى ۋە ئەڭ ئەخمەقلىرىدۇر.

2. ئاللاھ تائالا يەككە-يېگانە ياراتقۇچىدۇر. ئۇ ئۆزىنىڭ ياراتقانلىرىغا قەتئىي ئوخشىمايدۇ. ئۇ ئۆيلىنىش ۋە بالا تېپىشقا ئوخشىغان مەخلۇقاتقا خاس خۇسۇسىيەتلەردىن ئەلۋەتتە پاك ۋە ئۈستۈندۇر. ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھ تائالانىڭ ئوغلى ياكى ئىلاھ دېگەن خرىستىيانلار، ئۇزەيرنى ئاللاھ تائالانىڭ ئوغلى دېگەن يەھۇدىيلار ۋە پەرىشتىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ قىزلىرى دەۋالغان مۇشرىكلار شەكسىز كاپىرلاردۇر.

3. ئاللاھ تائالانى بۇ دۇنيادا كۆرۈش مۇمكىن ئەمەس. ئەمما ئاخىرەتتە، ئاللاھ تائالا مۇئمىن بەندىلىرىگە ئۆزىنىڭ جامالىنى كۆرسىتىدۇ.

4. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە، خۇسۇسەن مۇئمىنلەرگە ناھايىتى مېھرىباندۇر.

### ◄ پەيغەمبەرلىككە مۇناسىۋەتلىك ھەقىقەتلەر

﴿قَدْ جَآءَكُم بَصَآئِرُ مِن رَّبِّكُمْ ۖ فَمَنْ أَبْصَرَ فَلِنَفْسِهِۦ ۖ وَمَنْ
عَمِىَ فَعَلَيْهَا ۚ وَمَآ أَنَا۠ عَلَيْكُم بِحَفِيظٍ ﴿١٠٤﴾ وَكَذَٰلِكَ نُصَرِّفُ ٱلْءَايَٰتِ
وَلِيَقُولُوا۟ دَرَسْتَ وَلِنُبَيِّنَهُۥ لِقَوْمٍ يَعْلَمُونَ ﴿١٠٥﴾ ٱتَّبِعْ مَآ أُوحِىَ إِلَيْكَ
مِن رَّبِّكَ ۖ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ ۖ وَأَعْرِضْ عَنِ ٱلْمُشْرِكِينَ ﴿١٠٦﴾ وَلَوْ شَآءَ ٱللَّهُ مَآ
أَشْرَكُوا۟ ۗ وَمَا جَعَلْنَٰكَ عَلَيْهِمْ حَفِيظًا ۖ وَمَآ أَنتَ عَلَيْهِم بِوَكِيلٍ ﴿١٠٧﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

104-(ئى پەيغەمبەر! ئېيتقىنكى) «(ئى ئىنسانلار!) سىلەرگە رەببىڭلار تەرىپىدىن توغرا يولنىڭ روشەن دەلىللىرى كەلدى، كىمكى (ھەقىقەتنى) كۆرسە، ئۇنىڭ پايدىسى ئۆزىگە، كىمكى ئۇنىڭدىن كۆز يۇمسا، ئۇنىڭ زىيىنى ئۆزىگىدۇر. مەن سىلەرگە كۆزەتچى ئەمەسمەن».

105-بىز ئايەتلەرنى مۇشۇنداق خىلمۇخىل شەكىلدە بايان قىلىپ بەرسەك، مۇشرىكلار (سەن قۇرئاننى باشقىلاردىن) ئۆگىنىپسەن دەۋالىدۇ. بىز بىلىدىغان قەۋمگە (ھەقىقەتنى) ئوچۇق بايان قىلىپ بېرىۋاتىمىز.

106-(ئى پەيغەمبەر!) ساڭا رەببىڭ تەرىپىدىن ۋەھيى قىلىنغان (قۇرئان)غا ئەگەشكىن. ئاللاھتىن باشقا (ھەقىقىي) ئىلاھ يوقتۇر، مۇشرىكلارغا پەرۋا

قىلمىغىن.

107. ئەگەر ئاللاھ (ئۇلارنىڭ ھىدايەت تېپىشىنى) خالىسا ئىدى، ئۇلار شېرىك كەلتۈرمەيتتى، سېنى ئۇلارغا كۆزەتچى قىلغىنىمىز يوق، سەن ئۇلارغا ھامىيمۇ ئەمەسسەن.

### ◄ تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، ئى ئىنسانلار! سىلەرگە خۇددى ئىنتىزار بىلەن كۈتۈلگەن غايىب كەلگەندەكلا، رەببىڭلار تەرىپىدىن دىلىڭلارنى يورۇتىدىغان، كۆزۈڭلاردىكى پەردىلەرنى ئېلىپ تاشلايدىغان كائىنات دەلىللىرى، «قۇرئان كەرىم» دەلىللىرى ۋە ئەقلىي دەلىللەر كەلدى. سىلەرگە بۇ دەلىللەرنى ئىدراك قىلىشقا يېتەرلىك ئەقىل ۋە قابىلىيەت بېرىلدى. بۇ ئەقىل بىلەن قابىلىيەت سىلەرگە كىچىك ۋاقتىڭلاردا، چوڭ بولغان ۋاقتىڭلاردا، ئاجىزلىقىڭلاردا، كۈچلۈك چېغىڭلاردا سىلەرنى قوغداپ كېلىۋاتقان يېگانە رەببىڭلار تەرىپىدىن بېرىلدى. كىمكى ھەقىقەتنىڭ دەلىللىرىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئەقلىنى ئىشلىتىپ، ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتسا، بۇنىڭ پايدىسى چوقۇم ئۇنىڭ ئۆزىگە، كىمكى ھەقىقەتنىڭ دەلىللىرىنى كۆرۈشتىن كۆز يۇمۇۋېلىپ ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىشتىن باش تارتسا، بۇنىڭ زىيىنىمۇ چوقۇم ئۇنىڭ ئۆزىگە بولىدۇ. ﴿إِنْ أَحْسَنتُمْ أَحْسَنتُمْ لِأَنفُسِكُمْ ۖ وَإِنْ أَسَأْتُمْ فَلَهَا﴾ يەنى ﴿ئەگەر ياخشى ئىش قىلساڭلار، ئۆزۈڭلار ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلغان بولىسىلەر، ئەگەر يامان ئىش قىلساڭلارمۇ ئۆزۈڭلار ئۈچۈن يامان ئىش قىلغان بولىسىلەر﴾[1]. مەن سىلەرنىڭ كۆزەتچىڭلار ياكى قوغدىغۇچىڭلار ئەمەسمەن. مېنىڭ ۋەزىپەم سىلەرگە پەقەت ھەق دىننى چۈشىنىشلىك قىلىپ يەتكۈزۈشتۇر. ئەمما سىلەردىن ھېساب ئېلىش ئىشى ئاللاھ تائالاغا خاستۇر.

ھىدايەت تېپىشقا مايىللىقى بولغان ۋە ھەقىقەتنى ئىزدەيدىغان كىشىلەرنىڭ ھىدايەت تېپىشى ئۈچۈن دىللارغا شىپا بولىدىغان بايانلار ئارقىلىق ئايەتلىرىمىزنى بۇ شەكىلدە، ھەرخىل ئۇسلۇبلاردا ئوچۇقلىماقتىمىز. توغرا، بىز ئايەتلىرىمىزنى شۇنداق تۈرلۈك ئۇسلۇبلار بىلەن بايان قىلىۋاتساق، ئىنكارچىلار «ئى مۇھەممەد! سەن بۇ قۇرئاننى باشقىلاردىن ئۆگىنىپسەن، بۇ ئاللاھ تەرىپىدىن ساڭا ۋەھيى قىلىنغان

[1] ئىسرا سۈرىسى 7- ئايەت.

كىتاب ئەمەس» دەۋاتىدۇ.

مۇشرىكلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تۆھمەت قىلىپ، «مۇھەممەد قۇرئاننى مەككىدىكى بىر تۆمۈرچى ئەجەمدىن ئۆگىنىۋالدى» دەپ بىلجىرلايتتى. ئاللاھ تائالا باشقا بىر ئايەتتە مۇشرىكلارنىڭ بۇ تۆھمەتلىرىگە رەددىيە بېرىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەسەللى بېرىپ مۇنداق دېگەن: ﴿وَلَقَدۡ نَعۡلَمُ أَنَّهُمۡ يَقُولُونَ إِنَّمَا يُعَلِّمُهُۥ بَشَرٞۗ لِّسَانُ ٱلَّذِي يُلۡحِدُونَ إِلَيۡهِ أَعۡجَمِيّٞ وَهَٰذَا لِسَانٌ عَرَبِيّٞ مُّبِينٌ﴾ يەنى ﴿بىز ئۇلارنىڭ: «قۇرئاننى ئۇنىڭغا بىر ئىنسان ئۆگىتىپ تۇرىدۇ» دېگەن سۆزىنى ئوبدان بىلىمىز. ئۇلار (مۇھەممەدكە ئۆگىتىپ تۇرىدۇ) دەۋاتقان ئادەمنىڭ تىلى ئەرەب تىلى ئەمەس. ھالبۇكى بۇ (قۇرئان) بولسا ئېنىق ئەرەب تىلىدىدۇر﴾[1].

ھەر جەھەتتىن مۇكەممەل بولغان بۇ «قۇرئان كەرىم»نىڭ بىر جاھىلىيەت مۇھىتىنىڭ ئىجادى بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ ھەرگىزمۇ مۇمكىن ئەمەس! شەكسىزكى، قۇرئان ئاللاھ تائالادىن نازىل بولغان ۋەھيىدۇر. ﴿إِنۡ هُوَ إِلَّا وَحۡيٞ يُوحَىٰ﴾ يەنى ﴿بۇ قۇئان پەقەتلا ئۇنىڭغا قىلىنغان ۋەھيىدۇر﴾[2].

ئى پەيغەمبەر! ساڭا ۋەھيى قىلىنغان قۇرئانغا ئەمەل قىلغىن، ئۇنى كىشىلەرگە يەتكۈزگىن. ئاللاھ تائالا سەن بىلەن ھەمىشە بىللىدۇر، ساڭا ياردەم قىلىدۇ، سېنى قوغدايدۇ، مۇشرىكلارنى قويۇپ تۇرغىن، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىغا كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمىگىن. ئاخىر قايتىدىغان جاي ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدۇر. ئەگەر ئاللاھ تائالا ئاشۇ مۇشرىكلارنىڭ ھىدايەت تېپىشىنى خالىسا ئىدى، ئۇلار ئاللاھ تائالاغا ھەرگىز شېرىك كەلتۈرمىگەن بولاتتى. ئەمما ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ كۇفرىلىقىنى تاللايدىغانلىقىنى ۋە ھىدايەتنى خالىمايدىغانلىقىنى ئالدىن بىلگەنلىكتىن، ئۇلارنىڭ مۇشرىك بولۇشىنى ئىرادە قىلدى. ئاللاھ تائالا سېنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە كۆزەتكۈچى ياكى قوغدىغۇچى ۋەياكى ھامىي قىلىپ ئەۋەتمىدى.

### مۇھىم نۇقتىلىرى

1- «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئايەتلىرى دىللارغا نۇر ۋە ھىدايەت بولۇپ، ئۇنى قوبۇل قىلغانلار توغرا يولنى كۆرەلەيدۇ، ئىككى ئالەمدە نىجاتلىققا

[1] نەھل سۈرىسى 103 ئايەت.
[2] نەجم سۈرىسى 4- ئايەت.

ئېرىشىدۇ ۋە بەختلىك بولىدۇ.

2. «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھەرخىل ئۇسلۇبلاردىكى بايانلىرىدىن پەقەت ئەقىل ئىگىلىرى، ھەقىقىي ئىلىم ئەھلىلىرى پايدىلىنالايدۇ. نادانلار ۋە ئەخمەقلەر بۇنىڭدىن مەھرۇمدۇر.

3. «قۇرئان كەرىم» ئاللاھ تائالا جىبرىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاستىسى بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلغان ۋەھىيدۇر.

4. ھىدايەت ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە بولۇپ، ئاللاھ تائالا خالىسا ئىدى پۈتۈن ئىنسانىيەتنى بىر دىندا قىلغان بولاتتى. ئەمما بۇ دۇنيا سىناق دۇنياسى بولغانلىقتىن، ھىدايەت يولىنى ئىزدىگەن ۋە ھەق سۆزگە قۇلاق سالغانلارنىلا ھىدايەتكە نېسىپ قىلىش بۇ سىناقنىڭ تەقەززاسى ئىدى. چۈنكى، ھەممىلا ئادەم ئىختىيارسىز ھالدا مۆئمىن، مۇسۇلمان بولۇپ كەتسە، سىناقنىڭ پايدىسى بولمايدۇ.

## ◄ كاپىرلارنىڭ مەبۇدلىرىنى تىللاشنىڭ مەنئى قىلىنىشى

﴿وَلَا تَسُبُّواْ ٱلَّذِينَ يَدۡعُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِ فَيَسُبُّواْ ٱللَّهَ عَدۡوَۢا بِغَيۡرِ
عِلۡمٖۗ كَذَٰلِكَ زَيَّنَّا لِكُلِّ أُمَّةٍ عَمَلَهُمۡ ثُمَّ إِلَىٰ رَبِّهِم مَّرۡجِعُهُمۡ فَيُنَبِّئُهُم
بِمَا كَانُواْ يَعۡمَلُونَ ١٠٨ وَأَقۡسَمُواْ بِٱللَّهِ جَهۡدَ أَيۡمَٰنِهِمۡ لَئِن جَآءَتۡهُمۡ
ءَايَةٞ لَّيُؤۡمِنُنَّ بِهَاۚ قُلۡ إِنَّمَا ٱلۡأٓيَٰتُ عِندَ ٱللَّهِۖ وَمَا يُشۡعِرُكُمۡ أَنَّهَآ إِذَا
جَآءَتۡ لَا يُؤۡمِنُونَ ١٠٩ وَنُقَلِّبُ أَفۡـِٔدَتَهُمۡ وَأَبۡصَٰرَهُمۡ كَمَا لَمۡ يُؤۡمِنُواْ
بِهِۦٓ أَوَّلَ مَرَّةٖ وَنَذَرُهُمۡ فِي طُغۡيَٰنِهِمۡ يَعۡمَهُونَ ١١٠﴾

### ◄ تەرجىمىسى

108-(ئى مۇسۇلمانلار!) مۇشرىكلارنىڭ ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلىرىنى تىللىماڭلار، (ئۇنداق قىلساڭلار) ئۇلار نادانلىقتىن ھەددىدىن ئېشىپ ئاللاھنى تىللايدۇ. شۇنىڭدەك (يەنى مۇشرىكلارغا ئۆز قىلمىشلىرىنى چىرايلىق كۆرسەتكىنىمىزدەك)، ھەربىر ئۈممەتكە ئۆزىنىڭ ئەمەلىنى چىرايلىق كۆرسەتتۇق، ئاندىن ئۇلارنىڭ قايتىپ بارىدىغان جايى رەببىنىڭ دەرگاھىدۇر. (شۇ چاغدا) ئاللاھ ئۇلارغا قىلمىشلىرىدىن خەۋەر بېرىدۇ.

109-ئۇلار : «ئەگەر بىزگە بىرەر مۆجىزە كەلسە، بىز ئۇنىڭغا چوقۇم

ئىشىنىمىز» دەپ، ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قاتتىق قەسەم ئىچىشىدۇ. (ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا) «مۆجىزىلەر پەقەتلا ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىدۇر» دېگىن. (ئى ئىمان ئېيتقانلار!) سىلەر نېمىنى بىلىسىلەر؟ (ئۇلار تەلەپ قىلغاندەك) مۆجىزىلەر كەلگەن تەقدىردىمۇ، ئۇلار ئۇنىڭغا ئىشەنمەيدۇ.

110-ئۇلارنىڭ دىللىرىنى، كۆزلىرىنى (ھەقىقەتنى چۈشىنىشتىن ۋە كۆرۈشتىن) بۇرۇۋېتىمىز، ئۇلار مۆجىزىلەرگە دەسلەپتە ئىشەنمىگىنىدەك (يەنە ئىشەنمەيدۇ)، ئۇلارنى ئازغۇنلۇقلىرىدا تېڭىرقاپ يۈرۈشكە قويۇۋېتىمىز.

### ◄ نازىل بولۇش سەۋەبى

ئەللامە ئىبنى جەرىرى تەبەرىي سۇددىيدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى ئەبۇ تالىب سەكراتقا چۈشۈپ قالغان چاغدا، قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ كاتتىباشلىرىدىن ئەبۇ سۇفيان، ئەبۇ جەھل، نەزر ئىبنى ھارىس قاتارلىقلار ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا: «سەن بىزنىڭ چوڭىمىز ۋە ھۆرمەتلىك كىشىمىز. مۇھەممەد بىزنى ئەيىبلىدى، ئىلاھلىرىمىزنى بولسا تىللىدى. سېنىڭ ئۇنى چاقىرىپ نەسىھەت قىلىپ قويۇشۇڭنى تەلەپ قىلىمىز» دەيدۇ. ئەبۇ تالىب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى چاقىرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەلگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا: «ئى مۇھەممەد! ئۇلار سېنىڭ قەۋمىڭ ۋە تاغىلىرىڭدۇر» دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ئۇلارنىڭ تەلىپى نېمە ئىكەن؟» دەيدۇ. ئۇلار: «ئى مۇھەممەد! سەن بىزنى دەۋەت قىلىشتىن ۋە ئىلاھلىرىمىزنى ئەيىبلەشتىن ۋاز كەچكىن، بىزمۇ ساڭا ۋە ئىلاھىڭغا دۈشمەن بولۇشتىن ۋاز كېچەيلى» دەيدۇ. ئەبۇ تالىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «قەۋمىڭ ئىنساپلىق گەپ قىلدى، ئۇنى قوبۇل قىلغىن» دەيدۇ. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا : «ناۋادا مەن سىلەرنىڭ تەلىپىڭلارنى قوبۇل قىلسام، سىلەر بىر كەلىمىنى ئېيتىشقا رازى بولامسىلەر؟ ئەگەر ئۇ كەلىمىنى ئېيتىشنى قوبۇل قىلساڭلار ئەرەبلەر سىلەرگە بويسۇنىدۇ، ئەجەملەر سىلەرگە يېقىنلىشىدۇ ۋە سىلەرگە جىزيە تۆلەيدۇ» دەيدۇ. ئەبۇ جەھل «بولدى، ئەلۋەتتە قوبۇل قىلىمىز، ئۇن ھەسسە بولسىمۇ مەيلى، قايسى كەلىمە ئۇ؟» دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام « ‹لائىلاھە ئىللەللاھۇ› دەڭلار» دەيدۇ. ئۇلار بۇ كەلىمىنى ئېيتىشنى قوبۇل قىلمايدۇ ۋە قاتتىق نەپرەتلىنىپ كېتىدۇ. ئەبۇ تالىب بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ: «ئى قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى! باشقىسىنى تەلەپ قىلغىن. چۈنكى، قەۋمىڭ ئۇنىڭدىن قورقۇپ كەتتى» دەيدۇ. پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالام بۇ چاغدا «ئى تاغا! مەن ئاشۇ كەلمىدىن باشقىسىنى تەلەپ قىلمايمەن. ئەگەر ئۇلار مېنىڭ ئوڭ قولۇمغا كۈننى، سول قولۇمغا ئاينى قويسىمۇ، مەن بۇ كەلىمىدىن باشقىسىنى تەلەپ قىلمايمەن» دېدى. ئۇ قاتتىق غەزەپلىنىپ كېتىدۇ ۋە مۇنداق دەيدۇ: «سەن بىزنىڭ ئىلاھلىرىمىزنى ئەيىبلەشنى توختاتمىساڭ، بىزمۇ سېنى ئەۋەتكەن ئىلاھىڭنى ئەيىبلەيمىز» دەيدۇ. شۇ چاغدا ﴿وَلَا تَسُبُّوا۟ ٱلَّذِينَ يَدْعُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِ فَيَسُبُّوا۟ ٱللَّهَ عَدْوًۢا بِغَيْرِ عِلْمٍ﴾ دېگەن ئايەت نازىل بولىدۇ[1].

## ◄ تەپسىرى

ئى مۇسۇلمانلار! مۇشرىكلارنىڭ ئىبادەت قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ئاللاھ تائالانى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان ئىلاھلىرىنى تىللىماڭلار. چۈنكى، ئەگەر سىلەر ئۇلارنىڭ چوقۇنۇۋاتقان بۇتلىرىنى ۋە ھەرقانداق بىر ئىلاھىنى تىللىساڭلار، ئۇلار نادانلىقتىن ھەددىدىن ئېشىپ ئاللاھ تائالانى تىللايدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئاللاھ تائالانى تونۇمايدىغان، ئۇنىڭ قەدرىنى بىلمەيدىغان ئەڭ نادان ئىنسانلاردۇر. شۇڭا سىلەر ھېكمەت بىلەن ئىش قىلىشىڭلار لازىم. ئۇلارنىڭ ساختا ئىلاھلىرىنى ئەيىبلىمەي ۋە تىللىماي تۇرۇپ، ئۇ ئىلاھلارغا چوقۇنۇشنىڭ ئازغۇنلۇق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ، ئۇلارنى ھەق دىنغا دەۋەت قىلىشىڭلار لازىم.

بۇنىڭدىن مەلۇمكى، قانداقلا بىر ياخشى ئىش ئەگەر يامان نەتىجىگە سەۋەب بولىدىغان بولسا، ئۇنى قىلماسلىق لازىم. چۈنكى، دىنىمىزدا «يامانلىقتىن ساقلىنىش مەنپەئەت كەلتۈرۈشتىن ئەۋزەلدۇر» دەيدىغان قائىدە بار. مۇشرىكلارنىڭ ۋە بارلىق كاپىرلارنىڭ چوقۇنغان ساختا ئىلاھلىرىنى يامان كۆرۈش، ئۇلارغىمۇ يامان كۆرسىتىش كېرەك. ئەمما ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئۇلارنىڭ ئىلاھلىرىنى تىللىماسلىق لازىم. چۈنكى، مۇنداق قىلغاندا، ئۇلار ئۆزىنىڭ باتىل ئېتىقادىدا چىڭ تۇرۇۋېلىش ئارقىلىق رەددىيە بەرمەكچى بولىدۇ. ھەربىر دەۋەتچى، ھەربىر مۇسۇلمان ۋە ھەربىر ئالىم ئاللاھ تائالانىڭ ﴿ٱدْعُ إِلَىٰ سَبِيلِ رَبِّكَ بِٱلْحِكْمَةِ وَٱلْمَوْعِظَةِ ٱلْحَسَنَةِ﴾ يەنى ﴿رەببىڭنىڭ يولىغا ھېكمەتلىك ئۇسلۇبتا ياخشى ۋەز-نەسىھەت بىلەن دەۋەت قىلغىن﴾[2] دېگەن كۆرسەتمىسىگە ئىزچىل ئەمەل قىلىشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا كىشىلەرنى دىنغا توغرا

---

[1] «تفسير الطبري» 12-توم، 35-بەت.

[2] نەھل سۈرىسى: 125- ئايەت.

يوسۇندا دەۋەت قىلغىلى ۋە ئۇلارنى قايىل قىلغىلى بولىدۇ.

ئۆزىنىڭ ھەقىقىي رەببىنى قويۇپ بۇتلارنى ئىلاھ قىلىۋېلىپ ئۇلارغا چوقۇنىدىغان مۇشرىكلارغا ئۆز قىلمىشىنى چىرايلىق كۆرسەتكىنىمىزدەك، ھەربىر قەۋمگە ئۆزىنىڭ ياخشى-يامان ئەمەلىنى چىرايلىق كۆرسەتتۇق. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە، ئۆزى ئەزەلدىن بېكىتىۋەتكەن ئۆزگەرمەس قانۇنىيەتنى بايان قىلىدۇ. ئۇ بولسىمۇ، ئىنسان بىر نەرسىنى ياخشى كۆرسە، ئۇنىڭغا قىزىقىدۇ، ئىنساننىڭ كۆزىگە ئۆزى قىزىققان نەرسىسى چىرايلىق كۆرۈنىدۇ، ئۇنىڭ قىزىققان نەرسىسى ئەمەلىيەتتە زىيانلىق نەرسە بولسىمۇ، ئۇنىڭ كۆزىگە چىرايلىق كۆرۈنىدۇ. چۈنكى، ھەممە ئادەم ئۆزىنىڭ تۇتۇپ ماڭغان يولىنى توغرا دەپ بىلىدۇ، ھەممە ئادەم ئۆزىنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىنى توغرا دەپ قىلىدۇ. مانا بۇ ئىنسان تەبىئىتىدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ مەخلۇقات ھەققىدە بەلگىلىۋەتكەن قانۇنى ئەزەلدىن مۇشۇنداقتۇر.

ئۆز ۋاقتىدىكى مۇشرىكلارنىڭ ئۆزلىرى چوقۇنۇۋاتقان ساختا ئىلاھلىرىنى قوغداشتا چىڭ تۇرۇشىنىڭ سەۋەبى بۇ يەردە ئىدى. چۈنكى، بۇتلارغا چوقۇنۇشتىن ئىبارەت ئەڭ قەبىھ ئىش ئۇلارنىڭ كۆزىگە چىرايلىق كۆرۈنەتتى، ئۇلار ئۆزلىرىنى توغرا ئىش قىلىۋاتىمىز دەپ ئويلايتتى.

ئىمان ئېيتىشنى خالىغان ئادەم مۆجىزىگە ھاجەت بولمايدۇ. دەسلەپ ئىمان ئېيتقان ئەبۇ بەكرى، ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب قاتارلىق ساھابىلەرمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مۆجىزە تەلەپ قىلمىغان ۋە مۆجىزە كېلىشىنىمۇ كۈتمەي ئىمان ئېيتقان. چۈنكى، ھەقىقەتنى ئىزدىمەكچى بولغان ئادەم ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزى يېتەرلىك مۆجىزىدۇر، مۆجىزە تەلەپ قىلغان كىشى ئۈچۈن «قۇرئان كەرىم» يېتەرلىك مۆجىزىدۇر. ئەمما ئۆز ۋاقتىدىكى مۇشرىكلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مۆجىزە تەلەپ قىلغانلىقى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھېچقانداق مۆجىزە كەلتۈرەلمىگەنلىكىنى كۆرسەتمەيدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆپلىگەن مۆجىزىلىرى ئوتتۇرىغا چىققان. ئۇلار مەزكۇر مۆجىزىلەرنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىلىرىنى كۆرگەن كىشىلەر ئارىسىدىكى ھەقىقەتنى ئىزدىگەن، ئەقلى ساغلام كىشىلەر دەرھال ئىمان ئېيتقان. ئەمما ھەقىقەتنى ئىزدىمەيدىغان، ئەجدادلىرىنىڭ خۇراپاتلىرىغا ئەگىشىشنى ھىدايەتتىن ئەۋزەل كۆرىدىغان ئەخمەق ئادەملەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىلىرىنى كۆرگەندىن كېيىن، خۇددى ئىلگىرىكى

پەيغەمبەرلەرنىڭ كاپىر ئۈممەتلىرىگە ئوخشاش «بۇ ئوپئوچۇق سېھىردۇر» دەپ ئىمان ئېيتىشتىن باش تارتقان. مۇشرىكلارنىڭ مۆجىزە تەلەپ قىلىشىدىكى ئاساسلىق مۇددىئاسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مەسخىرە قىلىش، ئۇنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇشتىن ئىبارەت ئىدى. ئۇلارغا ئۆزلىرى تەلەپ قىلغان مۆجىزە كەلگەن تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتمايدىغانلىقى ناھايىتى ئېنىق ئىدى. شۇڭا ئاللاھ تائالا ﴿(ئى ئىمان ئېيتقانلار!) مۆجىزىلەر كەلگەن تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ ئۇنىڭغا ئىشەنمەيدىغانلىقىنى سىلەر بىلەمسىلەر؟﴾ دېيىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتمايدىغانلىقىدىن خەۋەر بەرگەن. ئاندىن ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتمايدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى بايان قىلىپ: ﴿ئۇلارنىڭ دىللىرىنى، كۆزلىرىنى (ھەقىقەتنى چۈشىنىشتىن ۋە كۆرۈشتىن) بۇرۇۋېتىمىز، ئۇلار مۆجىزىلەرگە دەسلەپتە ئىشەنمىگىنىدەك (يەنە ئىشەنمەيدۇ)، ئۇلارنى ئازغۇنلۇقلىرىدا تېڭىرقاپ يۈرۈشكە قويۇۋېتىمىز﴾ دەيدۇ، يەنى ئۇلار دەسلەپتە مۆجىزىلەرنى سېھىر دەپ ئىشەنمىگەندەك، پەيغەمبەرگە ئىمان ئېيتمىغاندەك، ئۆزلىرى تەلەپ قىلغان مۆجىزە كەلگەندىن كېيىنمۇ ئىمان ئېيتمايدۇ. چۈنكى، بىز ئۇلارنىڭ دىللىرىنى، كۆزلىرىنى ھەقىقەتنى چۈشىنىشتىن ۋە بىلىشتىن بۇرۇۋېتىپ، ئۇلارنى دەسلەپتە ئىمان ئېيتمىغان چاغدىكى ھالىتىگە قايتۇرۇپ قويىمىز.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. نادانلارنىڭ ۋە ئازغۇنلارنىڭ ئاللاھ تائالانى، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى، «قۇرئان كەرىم»نى ۋە ئىسلام شەرىئىتىنى سۆكۈشىگە سەۋەب بولىدىغان ئىشلارنى قەتئىي قىلماسلىق لازىم.

2. ھەركىمگە ئۆزىنىڭ ئەمەلى پەردازلانغان بولۇپ، ياخشىلار ئۆزلىرىنىڭ ياخشى ئەمەللىرى بىلەن خۇشال، يامانلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ يامان ئەمەللىرىدىن مەمنۇندۇر.

3. ھىدايەت ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدىدۇر. مۆجىزىلەر كىشىلەرنى ئىمانغا زورلىيالمايدۇ. شۇڭا ئوپئوچۇق مۆجىزىلەرنى كۆرگەنلەرنىڭ ھەممىسىلا ئىمان ئېيتمىغان. بەلكى ئاللاھ تائالا ھىدايەت قىلغان كىشىلەرلا بۇ ئىمان بىلەن شەرەپلەنگەن.

4. ھەقىقەتنى ئىزدىگەنلەر ئۈچۈن ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىس-سالامنىڭ ھاياتى، ئەخلاقى، راستچىللىقى ۋە ئادالىتى ئۇنىڭ راستتىنلا

ئاللاھ تائالانىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە يېتەرلىك دەلىل-ئىسپاتنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ. توغرا يولغا ئەگىشىشنى خالىمىغانلار بولسا كەلسە-كەلمەس تەلەپلەرنى قويىدۇ. تەلەپلىرى ئورۇندالغان تەقدىردىمۇ، ئۇلار ھەقىقەتكە ۋە توغرا يولغا ئەگەشمەيدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئەسلىدىنلا ھەقىقەتنى ئىزدەش نىيىتى يوق ئىدى.

### ◄ مۇشرىكلارنىڭ تەلەپلىرىگە رەددىيە

﴿ وَلَوْ أَنَّنَا نَزَّلْنَآ إِلَيْهِمُ ٱلْمَلَٰٓئِكَةَ وَكَلَّمَهُمُ ٱلْمَوْتَىٰ وَحَشَرْنَا عَلَيْهِمْ كُلَّ شَىْءٍ قُبُلًا مَّا كَانُوا۟ لِيُؤْمِنُوٓا۟ إِلَّآ أَن يَشَآءَ ٱللَّهُ وَلَٰكِنَّ أَكْثَرَهُمْ يَجْهَلُونَ ﴿١١١﴾ وَكَذَٰلِكَ جَعَلْنَا لِكُلِّ نَبِىٍّ عَدُوًّا شَيَٰطِينَ ٱلْإِنسِ وَٱلْجِنِّ يُوحِى بَعْضُهُمْ إِلَىٰ بَعْضٍ زُخْرُفَ ٱلْقَوْلِ غُرُورًا ۚ وَلَوْ شَآءَ رَبُّكَ مَا فَعَلُوهُ ۖ فَذَرْهُمْ وَمَا يَفْتَرُونَ ﴿١١٢﴾ وَلِتَصْغَىٰٓ إِلَيْهِ أَفْـِٔدَةُ ٱلَّذِينَ لَا يُؤْمِنُونَ بِٱلْـَٔاخِرَةِ وَلِيَرْضَوْهُ وَلِيَقْتَرِفُوا۟ مَا هُم مُّقْتَرِفُونَ ﴿١١٣﴾ ﴾

### ◄ تەرجىمىسى

111-بىز ئۇلارغا (يەنى پەرىشتە چۈشۈرۈلۈشىنى تەلەپ قىلغان كاپىرلارغا) پەرىشتىلەرنى چۈشۈرگەن، ئۆلۈكلەر (تىرىلىپ، سىنىڭ راستچىللىقىڭغا گۇۋاھلىق بېرىپ) ئۇلار بىلەن سۆزلەشكەن، (ئۇلار تەلەپ قىلغان) ھەممە نەرسىنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا يىغىپ بەرگەن، (ئۇلار ھەممىنى كۆز ئالدىدا كۆرگەن) تەقدىردىمۇ، ئاللاھ خالىمىغۇچە، ئۇلار ئىمان ئېيتمايدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ.

112-(ئى پەيغەمبەر! بىز مۇشرىكلارنى ساڭا دۈشمەن قىلغاندەك) ئىنسان ۋە جىنلارنىڭ شەيتانلىرىنى ھەربىر پەيغەمبەرگە دۈشمەن قىلدۇق، ئۇلار شېرىن-شېكەر سۆزلەر بىلەن بىر-بىرىنى ئالداپ ۋەسۋەسە قىلىشىدۇ، ئەگەر رەببىڭ خالىسا ئىدى، ئۇلار بۇنىمۇ قىلالمايتتى. ئۇلارنى ئۆزلىرى ئويدۇرغان نەرسىلىرىگە قويۇپ بەرگىن.

113-(ئۇلار) ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغانلارنىڭ دىللىرى (ئۇ شېرىن-شېكەر سۆزلەرگە) مايىل بولسۇن، ئۇنىڭدىن خۇرسەن بولسۇن ۋە قىلىۋاتقان گۇناھلىرىنى داۋاملاشتۇرسۇن (دەپ شۇنداق قىلىدۇ).

## نازىل بولۇش سەۋەبى

ئەللامە ئىبنى جەرىر تەبەرىي ئىبنى جۇرەيجنىڭ[1] ﴿وَلَوۡ أَنَّنَا نَزَّلۡنَآ إِلَيۡهِمُ ٱلۡمَلَٰٓئِكَةَ وَكَلَّمَهُمُ ٱلۡمَوۡتَىٰ...﴾ دېگەن ئايەتنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مەسخىرە قىلىپ، ئۇنىڭدىن مۆجىزە تەلەپ قىلغان كاپىرلار ھەققىدە نازىل بولغان دېگەنلىكىنى بايان قىلغان. ئاللاھ تائالا ئۇ كاپىرلار ھەققىدە: ﴿وَمَا يُشۡعِرُكُمۡ أَنَّهَآ إِذَا جَآءَتۡ لَا يُؤۡمِنُونَ ١٠٩﴾ يەنى ﴿(ئى ئىمان ئېيتقانلار!) سىلەر نىمىنى بىلىسىلەر؟ (ئۇلار تەلەپ قىلغاندەك) مۆجىزىلەر كەلگەن تەقدىردىمۇ، ئۇلار ئۇنىڭغا ئىشەنمەيدۇ﴾[2] دېگەن ئايەتنى نازىل قىلغان[3]. بۇ ئايەت ئالدىنقى ئايەتنىڭ تەپسىلاتى بولۇپ، بۇنىڭدا ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتىنى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ دەۋەت يولىدا ئۇچرىغان قىيىنچىلىقلىرىنى بايان قىلىش ئارقىلىق مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تەسەللى بېرىلگەن.

## تەپسىرى

ئەگەر بىز ئۇ كاپىرلارغا ئۈزلىرى تەلەپ قىلغاندەك پەرىشتىلەرنى چۈشۈرگەن، ئۇلار پەرىشتىلەرنى قايتا- قايتا كۆرگەن، ئۆلۈكلەر تىرىلىپ بەرزەخ[4] ئالەمدىكى ئەھۋاللارنى ئېيتىپ بەرگەن ياكى بىز پۈتۈن مۆجىزىلەرنى ۋە دەلىل-ئىسپاتلارنى توپلاپ ئۇلارغا كەلتۈرگەن ۋە ئۇلار ھەممىنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرگەن تەقدىردىمۇ، ئۇلار بەربىر ئىمان ئېيتمايدۇ. چۈنكى، ئۇلاردا ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن تەييارلىق يوق. ئۇلار مۆجىزىلەرگە ۋە ئايەتلەرگە تەپەككۇر قىلىپ چۈشىنىش ۋە ھەقىقەتنى ئىزدەش نەزىرى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇش ۋە يالغانغا چىقىرىش نىيىتى بىلەن قارايدۇ. چۈنكى، ئۇلار قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن دىللىرى قارىيىپ كەتكەن ئادەملەردۇر. شۇڭا ئۇلار بۇ مۆجىزىلەرگە ۋە ئايەتلەرگە ھىدايەت تېپىش ۋە ئىبرەت ئېلىش نەزىرى بىلەن قارىمايدۇ. ﴿وَمِنۡهُم مَّن يَسۡتَمِعُ إِلَيۡكَۖ وَجَعَلۡنَا عَلَىٰ قُلُوبِهِمۡ أَكِنَّةً أَن

---

[1] جۇرەيج – ئابدۇلمەلىك ئىبنى ئابدۇلئەزىز ئىبنى جۇرەيج (80-150ھ) تەپسىر، ھەدىس ۋە فىقھ قاتارلىق ساھەلەردە يېتىلگەن كاتتا ئالىم.

[2] ئەنئام سۈرىسى 109-ئايەت.

[3] «تفسير الطبري» 12-توم، 47-بەت، 13755-ھەدىس.

[4] بەرزەخ- بۇ دۇنيادىن ئايرىلىپ ئاخىرەتكە بارغۇچىلىك بولغان ئارىلىقتىكى ئالەمدۇر. چۈنكى ئىنسان تۆت خىل ئالەمنى باشتىن كەچۈرىدۇ. ئۇلار: ئانا قارنىدىكى ئالەم، دۇنيا ئالىمى، بەرزەخ ئالىمى ۋە ئاخىرەت ئالەمدۇر.

يَفْقَهُوهُ وَفِيٓ ءَاذَانِهِمْ وَقْرًاۚ وَإِن يَرَوْاْ كُلَّ ءَايَةٍ لَّا يُؤْمِنُواْ بِهَاۚ﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر!) ئۇلارنىڭ ئىچىدە سېنىڭ قىرائىتىڭگە قۇلاق سالىدىغانلار بار، ئۇنى چۈشەنمىسۇن، دەپ ئۇلارنىڭ دىللىرىنى پەردىلىدۇق، قۇلاقلىرىنى ئېغىر قىلدۇق. ئۇلار ھەممە مۆجىزىلەرنى كۆرگەن تەقدىردىمۇ ئۇنىڭغا ئىشەنمەيدۇ﴾[1]. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتىشىنى خالىسا ئىدى، ئۇلار ئەلۋەتتە ئىمان ئېيتقان بولاتتى. ئەمما ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتمايدىغانلىقىنى بىلگەنلىكتىن، ئۇلارنىڭ ھەق دىنغا قارشى قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ئۇلارنى ھىدايەتتىن ۋە بارلىق ياخشىلىقتىن مەھرۇم قىلدى. ﴿لَآ إِكْرَاهَ فِي ٱلدِّينِۖ﴾ يەنى ﴿دىندا زورلاش يوقتۇر﴾[2]. ھىدايەت تاپسۇن دەپ ئۇلارغا ئەقىل-ئىدراك بېرىلدى، ھىدايەت بىلەن ئازغۇنلۇقنىڭ يولى ئېنىق كۆرسىتىلدى، ھىدايەتكە دەۋەت قىلىندى، لېكىن ئۇلار ئۇنى خالىمىدى. ﴿وَهَدَيْنَٰهُ ٱلنَّجْدَيْنِ﴾ يەنى ﴿ئۇنىڭغا (ياخشى ۋە يامان) ئىككى يولنى كۆرسەتمىدۇقمۇ؟﴾[3].

ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەسەللى بېرىپ دەيدۇكى، ئى پەيغەمبەر! بىز ساڭا مەككىنىڭ مۇشرىكلىرى ئىچىدىن شېرىن-شېكەر سۆزلىرى بىلەن بىر- بىرىگە يامانلىقنى تەۋسىيە قىلىدىغان، ھەق دىنغا قارشى چىقىشنى، كىشىلەرنى ئۇنىڭغا ئەگىشىشتىن توسۇشنى ۋەسۋەسە قىلىدىغان دۈشمەنلەرنى پەيدا قىلىش بىلەن سېنى سىنىغاندەك، سەندىن بۇرۇن ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرگىمۇ ئىنسان ۋە جىنلارنىڭ شەيتانلىرىنى دۈشمەن قىلىش بىلەن ئۇلارنى سىنىغان ئىدۇق. بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرگە دۈشمەن بولغانلارمۇ ئۇلارغا ئەزىيەت بېرەتتى، كىشىلەرنى ئۇلاردىن يىراقلاشتۇرۇشقا، ئۇلارنىڭ دەۋىتىنى توسۇشقا ئۇرۇناتتى.

ئى پەيغەمبەر! بۇ سىناقلاردا سەن يالغۇز ئەمەسسەن. چۈنكى، سەندىن بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى ھەر تۈرلۈك سىناقلار بىلەن سىنالغان. مەن پەيغەمبەرلىرىمنى دۈشمەنلىرىنىڭ ئەزىيەتلىرىدىن قوغداشقا قادىر تۇرۇقلۇق، ئۇلارنىڭ ئىرادىسىنى تاۋلاپ، مەرتىۋىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ئاشۇنداق ئەزىيەتلەر ۋە تۈرلۈك قىيىنچىلىقلار بىلەن سىنايمەن. شۇڭا سەن نۇھ، ئىبراھىم، مۇسا ۋە ئىيسا ئەلەيھىسسالاملارغا ئوخشاش ئەزىمەتلىك پەيغەمبەرلەرنىڭ قاتارىدىن بولغان ئىكەنسەن، ھەق

[1] ئەنئام سۈرىسى 25- ئايەت.

[2] بەقەرە سۈرىسى256-ئايەت.

[3] بەلەد سۈرىسى 10- ئايەت.

دىنىنى يەتكۈزۈشتە چىداملىق بولغىن، قەۋمىڭ ئىچىدىكى ئادىمىي شەيتانلارنىڭ ئەزىيەتلىرىگە سەۋر قىلغىن.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسى چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ، ئاللاھ تائالا خالىمىغان ئىش ھەرگىز بولمايدۇ. مۆئمىنلەرنىڭ بۇ ئېتىقادى تا قىيامەتكىچە ئاللاھ تائالانىڭ يەككە-يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىنى نامايان قىلغان ھالدا شۇنداق داۋاملىشىدۇ.

2. بۇ ئايەتلەردە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تەسەللى بېرىلگەن. ھەرقانداق بىر پەيغەمبەرنىڭ ۋە ھەرقانداق ھەققانىي دەۋەتچىنىڭ ئىنسان ۋە جىنلار ئىچىدىن دۈشمەنلىرى بولغان بولۇپ، ئاخىرقى غەلىبە ھەر زامان ھەقىقەت تەرەپدارلىرىغا مەنسۇپ بولغان.

3. شەيتاننىڭ كىشىلەرنى ئازدۇرۇش ۋاستىلىرى كۆپ بولۇپ، شەيتاننىڭ ئەڭ كۈچلۈك قورالى كىشىلەرگە يامانلىقنى ياخشىلىق سۈپىتىدە پەردازلاپ كۆرسىتىش ۋە قەبىھنى چىرايلىق كۆرسىتىشتىن ئىبارەتتۇر.

4. ئىمان ۋە ھىدايەت بىلەن تولمىغان دىللار شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىلىرى بىلەن تولىدۇ. مۇنداق دىلى خالىي كىشىلەر شەيتاننىڭ نەيرەڭلىرىگە تېزلا ئىشىنىپ كېتىدۇ.

## ◄ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق

﴿أَفَغَيْرَ ٱللَّهِ أَبْتَغِى حَكَمًا وَهُوَ ٱلَّذِىٓ أَنزَلَ إِلَيْكُمُ ٱلْكِتَـٰبَ مُفَصَّلًا ۚ وَٱلَّذِينَ ءَاتَيْنَـٰهُمُ ٱلْكِتَـٰبَ يَعْلَمُونَ أَنَّهُۥ مُنَزَّلٌ مِّن رَّبِّكَ بِٱلْحَقِّ ۖ فَلَا تَكُونَنَّ مِنَ ٱلْمُمْتَرِينَ ﴿١١٤﴾ وَتَمَّتْ كَلِمَتُ رَبِّكَ صِدْقًا وَعَدْلًا ۚ لَّا مُبَدِّلَ لِكَلِمَـٰتِهِۦ ۚ وَهُوَ ٱلسَّمِيعُ ٱلْعَلِيمُ ﴿١١٥﴾﴾

## ◄ تەرجىمىسى

114-(ئى پەيغەمبەر! ئۇ مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى، «ئاللاھ سىلەرگە

(ھەقىقەتنى) ئوپئوچۇق بايان قىلىپ بېرىدىغان كىتابنى نازىل قىلغان زات تۇرسا، مەن ئاللاھتىن باشقا ھۆكۈم قىلغۇچىنى ئىزدەمدىمەن؟». بىز كىتاب ئاتا قىلغان (يەھۇدىيلارنىڭ ۋە خرىستىيانلارنىڭ ئۆلىمالىرى) ئۇ (قۇرئان)نىڭ رەببىڭ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان ھەق كىتاب ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلىدۇ. سەن ھەرگىزمۇ شەك قىلغۇچىلاردىن بولمىغىن.

115-رەببىڭنىڭ سۆزى راستلىق ۋە توغرىلىق جەھەتتە ۋايىغا يەتكەندۇر، ئۇنىڭ سۆزىنى ئۆزگەرتەلەيدىغان ھېچ كىشى يوقتۇر. ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

## ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دېدىكى: ئى پەيغەمبەر! ماڭا ئىبادەت قىلىشتىن يۈز ئۆرۈپ، بۇتلارغا چوقۇنۇۋاتقان ئاشۇ مۇشرىكلارغا ئېيتقىنكى، ئى مۇشرىكلار! سىلەرگە نېمە بولدى؟ مېنىڭ راستتىنلا ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىمنى كۆرسىتىدىغان نۇرغۇن دەلىل-ئىسپاتلىرىم بار تۇرسا، سىلەر يەنە مەندىن مۆجىزە ۋە دەلىل تەلەپ قىلىۋاتامسىلەر؟ مەن ئەمدى سىلەرگە ئۆزۈمنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، ئارىمىزدا ئاللاھ تائالادىن باشقا بىرىنى ھۆكۈم چىقارغۇچى قىلىپ تۇتامدىمەن؟ مەن ئېزىپ قالدىممۇ؟ ياق! مەن ئاللاھ تائالانىڭ ھۆكمىدىن چەتنەپ كېتەلمەيمەن. چۈنكى، ئۇنىڭ چىقارغان ھۆكمى ئەڭ ئادالەتلىك ھۆكۈمدۇر. ئاللاھ تائالا بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا ئەڭ ياخشى گۇۋاھچىدۇر، ئۇ مېنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىمگە گۇۋاھتۇر.

ئاللاھ تائالا سىلەرگە ھەممىنى ئوچۇق بايان قىلىپ بېرىدىغان، پۈتۈن ياخشىلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ھىدايەت بىلەن نۇرنىڭ، ئىلىم-ئىرپاننىڭ مەنبەسى بولغان، مېنىڭ راستچىللىقىمنى تا قىيامەتكە قەدەر نامايان قىلىپ تۇرىدىغان، بارلىق بايان ئىگىلىرىگە ئۆزىنىڭ يېڭىلمەس مۆجىزىسى بىلەن دۈئېل ئېلان قىلىپ ئۇلارنى يېڭىپ كەلگەن، مېنىڭ راستچىللىقىمغا ۋە سىلەرنىڭ تۆھمەتچى ئىكەنلىكىڭلارغا گۇۋاھ بولۇۋاتقان ئۇلۇغ «قۇرئان كەرىم»نى نازىل قىلغان زات تۇرسا، مەن ئەمدى ئاللاھ تائالانى قويۇپ باشقا بىرىنى ئارىمىزدا ھۆكۈم چىقىرىشقا چاقىرىمەنمۇ؟ ياق! ھەرگىز ئۇنداق قىلمايمەن.

ئىلگىرى بىز «تەۋرات»، «ئىنجىل» قاتارلىق ساماۋى كىتابلارنى ئاتا قىلغان يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىيانلارنىڭ ئۆلىمالىرى «قۇرئان

كەرىم»نىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان ھەق كىتاب ئىكەنلىكىنى ناھايىتى ياخشى بىلىدۇ. ئۇنىڭ نۇر، ھىدايەت ۋە ئىلىم-مەرىپەت مەنبەسى ئىكەنلىكىنى ئوبدان چۈشىنىدۇ. چۈنكى، «قۇرئان كەرىم» ئىلگىرى ئۇلارنىڭ پەيغەمبىرىگە چۈشۈرۈلگەن ۋەھيىنىڭ تۈرىدىن بولۇپ، ئۇلارنىڭ كىتابلىرىدا ئاخىر زامان پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرى بايان قىلىنغان. ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى باشقىلاردىن بەكرەك تونۇيدۇ. ﴿ٱلَّذِينَ ءَاتَيۡنَٰهُمُ ٱلۡكِتَٰبَ يَعۡرِفُونَهُۥ كَمَا يَعۡرِفُونَ أَبۡنَآءَهُمۡۖ وَإِنَّ فَرِيقٗا مِّنۡهُمۡ لَيَكۡتُمُونَ ٱلۡحَقَّ وَهُمۡ يَعۡلَمُونَ﴾ يەنى ﴿بىز كىتاب بەرگەنلەر ئۇنى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى) ئۆز ئوغۇللىرىنى تونۇغاندەك تونۇيدۇ. (شۇنداق تۇرسىمۇ) ئۇلارنىڭ بىر پىرقىسى، شۈبھىسىزكى، ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ يوشۇرىدۇ﴾[1]. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئاللاھ تائالانىڭ ھىدايىتىگە ئېرىشكەنلىرى بۇ ھەقىقەتنى ئۆز ۋاقتىدا ئېتىراپ قىلغان.

خۇلاسە قىلغاندا، ئى مۇشرىكلار! سىلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ راستلىقىغا مۆجىزە تەلەپ قىلغان بولۇپ، سىلەر تەلەپ قىلغان مۆجىزە تۆۋەندىكى ئىككى يول بىلەن ھاسىل بولدى:

1. «قۇرئان كەرىم» مەڭگۈلۈك مۆجىزە بولۇپ، ئۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە ئەڭ كۈچلۈك دەلىلدۇر.

2. ئەھلى كىتاب ئۆلىمالىرىنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۆز باللىرىنى تونۇغاندەك تونۇغانلىقى ۋە ئۇلاردىن بەزى ھەقىقەتپەرۋەرلەرنىڭ ئىمان ئېيتقانلىقى ئۇنىڭ راستتىنلا ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە دەلىلدۇر.

ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ئى پەيغەمبەر! سەن ئۇلارنىڭ بۇ قۇرئاننىڭ رەببىڭ تەرىپىدىن نازىل بولغان ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى بىلىدىغانلىقىدىن قىلچە شەك قىلمىغىن.

﴿وَتَمَّتۡ كَلِمَتُ رَبِّكَ صِدۡقٗا وَعَدۡلٗاۚ﴾ يەنى ﴿رەببىڭنىڭ سۆزى راستلىق ۋە توغرىلىق جەھەتتە ۋايىغا يەتكەندۇر﴾ يەنى رەببىڭنىڭ سۆزى سېنىڭ راستچىللىقىڭنى ئىسپاتلاشقا ئەلۋەتتە يېتەرلىكتۇر ۋە تولىمۇ توغرا سۆزدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ سۆزىدىن كېيىن ھېچقانداق سۆزگە ھاجەت قالمايدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى توغرىلىقتا، راستلىقتا ۋايىغا يەتكەن

---

[1] بەقەرە سۈرىسى 146-ئايەت

بولۇپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا گۇۋاھ بولۇشتا ھەممىگە كۇپايە قىلغۇچىدۇر، ئۇنىڭ راستچىللىقىغا دالالەت قىلغۇچىدۇر.

ئەللامە ئىبنى كەسىر قەتادەنىڭ يۇقىرىقى ئايەتنىڭ ﴿صِدۡقٗا وَعَدۡلٗاۚ﴾ دېگەن قىسمىغا «ئېيتقانلىرىدا راستچىل، ھۆكۈملىرىدە ئادالەتلىكتۇر»[1] دەپ مەنە ئېيتقانلىقىنى بايان قىلغان. بۇنىڭغا ئاساسەن، ئايەتنىڭ تەپسىرى مۇنداق بولىدۇ: ئاللاھ تائالا بۇيرۇش ۋە چەكلەش، بېشارەت بېرىش ۋە ئاگاھلاندۇرۇش، ۋەدە بېرىش ۋە خەۋەر بېرىش قاتارلىق سۆزلىرىنىڭ ھەممىسىدە ناھايىتى راستچىلدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ سۆزىنى ھېچكىم ئۆزگەرتەلمەيدۇ، ئۇنىڭ چىقارغان ھۆكۈمىنى ھېچكىم ئەمەلدىن قالدۇرالمايدۇ. ئاللاھ تائالا چەكسىز قۇدرەت ئىگىسى بولۇپ، ھەممىگە قادىردۇر. ئۇ پۈتۈن ئىشلىرىنى ھېكمەت بىلەن قىلغۇچىدۇر، ھەرقانداق سۆزلەرنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، بارلىق ئەھۋاللارنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇشرىكلارنىڭ شېرىك قىلىۋالغان نەرسىلىرىدىن ئەلۋەتتە ئۈستۈن ۋە پاكتۇر. ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان ئەمر-پەرمانلىرىدا، قىلغان ھۆكۈملىرىدە ئادالەتنى ۋايىغا يەتكۈزگەن بولۇپ، ئاللاھ تائالادىنمۇ ئادالەتلىك ھېچكىم يوقتۇر.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئىلاھىي ۋەھيىدىن باشقىسىغا ئەگىشىش ياكى ئاللاھ تائالادىن باشقىسىنىڭ ھۆكۈمىنى تەلەپ قىلىش ئازغۇنلۇقتۇر.

2. ئىسلام دىنىنىڭ ھەقلىقى «قۇرئان كەرىم»نىڭ گۇۋاھلىقى، ئەھلى كىتابتىن مۇسۇلمان بولغانلارنىڭ ئېتىراپلىرى بىلەن قىل سىغمايدىغان شەكلدە ئىسپاتلانغان مەسىلىدۇر.

3. «قۇرئان كەرىم» خەۋەرلىرىنىڭ راستلىقى، ئەھكاملىرىنىڭ دۇرۇسلۇقى ۋە ئىلىم-ھېكمەتنىڭ موللۇقى بىلەن تونۇلغان يېگانە كىتابتۇر.

4. ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىلىرى تامامەن ھەقتۇر ۋە ئىلگىرى-كېيىن بولماستىن دەل ۋاقتىدا ئەمەلگە ئاشىدۇ.

---

[1] «تفسير ابن كثير» 3-توم، 322-بەت.

### ◄ ئاللاھتىن باشقىسىنىڭ نامىنى ئاتاپ بوغۇزلىغان مالنىڭ هاراملىقى

﴿وَإِن تُطِعْ أَكْثَرَ مَن فِي ٱلْأَرْضِ يُضِلُّوكَ عَن سَبِيلِ ٱللَّهِۚ إِن يَتَّبِعُونَ
إِلَّا ٱلظَّنَّ وَإِنْ هُمْ إِلَّا يَخْرُصُونَ ﴿١١٦﴾ إِنَّ رَبَّكَ هُوَ أَعْلَمُ مَن يَضِلُّ عَن
سَبِيلِهِۦۖ وَهُوَ أَعْلَمُ بِٱلْمُهْتَدِينَ ﴿١١٧﴾ فَكُلُوا۟ مِمَّا ذُكِرَ ٱسْمُ ٱللَّهِ عَلَيْهِ
إِن كُنتُم بِـَٔايَٰتِهِۦ مُؤْمِنِينَ ﴿١١٨﴾ وَمَا لَكُمْ أَلَّا تَأْكُلُوا۟ مِمَّا ذُكِرَ ٱسْمُ
ٱللَّهِ عَلَيْهِ وَقَدْ فَصَّلَ لَكُم مَّا حَرَّمَ عَلَيْكُمْ إِلَّا مَا ٱضْطُرِرْتُمْ إِلَيْهِۗ
وَإِنَّ كَثِيرًا لَّيُضِلُّونَ بِأَهْوَآئِهِم بِغَيْرِ عِلْمٍۚ إِنَّ رَبَّكَ هُوَ أَعْلَمُ
بِٱلْمُعْتَدِينَ ﴿١١٩﴾ وَذَرُوا۟ ظَٰهِرَ ٱلْإِثْمِ وَبَاطِنَهُۥٓۚ إِنَّ ٱلَّذِينَ يَكْسِبُونَ
ٱلْإِثْمَ سَيُجْزَوْنَ بِمَا كَانُوا۟ يَقْتَرِفُونَ ﴿١٢٠﴾ وَلَا تَأْكُلُوا۟ مِمَّا لَمْ يُذْكَرِ
ٱسْمُ ٱللَّهِ عَلَيْهِ وَإِنَّهُۥ لَفِسْقٌۗ وَإِنَّ ٱلشَّيَٰطِينَ لَيُوحُونَ إِلَىٰٓ أَوْلِيَآئِهِمْ
لِيُجَٰدِلُوكُمْۖ وَإِنْ أَطَعْتُمُوهُمْ إِنَّكُمْ لَمُشْرِكُونَ ﴿١٢١﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

**116**-ئەگەر سەن يەر يۈزىدىكى كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسىگە (يەنى كاپىرلارغا) ئىتائەت قىلساڭ، ئۇلار سېنى ئاللاھنىڭ يولىدىن ئازدۇرۇۋېتىدۇ، ئۇلار پەقەت پەرەزگىلا ئەگىشىدۇ، يالغاننىلا سۆزلەيدۇ.

**117**-(ئى پەيغەمبەر!) شەكسىزكى، سېنىڭ رەببىڭ ئۆزىنىڭ يولىدىن ئازغانلارنى ھەقىقەتەن ئوبدان بىلىدۇ، توغرا يول تاپقانلارنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ.

**118**-ئەگەر سىلەر ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىگە ئىمان كەلتۈرگۈچى بولساڭلار، ئاللاھنىڭ ئىسمى ئېيتىلىپ بوغۇزلانغان ھايۋانلارنى يەڭلار.

**119**-زۆرۈرىيەت بولمىغۇچە يېيىش ھارام قىلىنغان نەرسىلەرنى ئاللاھ سىلەرگە ئوچۇق بايان قىلغان تۇرسا، ئاللاھنىڭ ئىسمى ئېيتىلىپ بوغۇزلانغان ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى نېمىشقا يېمەيسىلەر؟ نۇرغۇن كىشىلەر نادانلىقتىن ئۆزىنىڭ نەپسى خاھىشىغا ئەگىشىپ، (بۇ خىل مەسىلىلەردە) باشقىلارنى ئازدۇرىدۇ، شۈبھىسىزكى، سېنىڭ رەببىڭ ھەددىدىن ئاشقۇچىلارنى ئوبدان بىلىدۇ.

120ـ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن گۇناھلارنى تاشلاڭلار، شەكسىزكى، گۇناھكارلار ئۆز قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى چوقۇم تارتىدۇ.

121ـ (ئى ئىمان ئېيتقانلار!) ئاللاھنىڭ ئىسمى ئېيتىلماي بوغۇزلانغان ھايۋانلارنى يېمەڭلار، ئۇنى يېيىش ئەلۋەتتە گۇناھتۇر. شۈبھىسىزكى، شەيتانلار ئۆز دوستلىرىنى (ھالال ـ ھارام ئىشىدا) سىلەر بىلەن تالاش ـ تارتىش قىلىشقا قۇتراتقۇ، ئەگەر ئۇلارغا بويسۇنساڭلار، سىلەر چوقۇم مۇشرىك بولۇپ قالىسىلەر.

## تەپسىرى

مۇشرىكلارنىڭ ۋە ئازغۇنلارنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سېلىشقا بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇلار كۇفرىلىق ۋە ئازغۇنلۇق يوللىرىدا كېتىپ بارغانلار بولۇپ، ئۇلار ھەقىقەتتىن ھېچ نەرسە بىلمەيدىغان، پەقەتلا خىيالىي پەرەزگىلا ئەگىشىدىغان كىشىلەردۇر. ئى پەيغەمبەر! ئەگەر سەن يەر يۈزىدە كۆپ سانلىقنى ئىگىلەپ تۇرۇۋاتقان شۇ ئازغۇن كاپىرلارغا بويسۇنۇپ، ئاللاھ تائالا ساڭا نازىل قىلغان ۋەھىيگە خىلاپلىق قىلساڭ، ئۇلار ئەلۋەتتە سېنى ھەق ۋە ئادالەتنىڭ توغرا يولىدىن ئازدۇرۇۋېتىدۇ. چۈنكى، ئۇلار ھەقىقەتكە ئەمەس، بەلكى پەقەت ئۆزلىرىنىڭ نەپسى خاھىشىغا، خىيالىي پەرەزلەرگە ئەگىشىدۇ. ئۇلار ئەقلىي دەلىللەردىن، ئىلاھىي پاكىتلاردىن ئۆزلىرىنى قاچۇرىدۇ. ئۇلار زادى خۇراپاتلارغا ۋە ھەقىقەتتە يوق نەرسىلەرگە ئىشىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئېتىقادى بىرەر ئىلمىي ئاساسقا ياكى ئىلاھىي دەلىل ـ ئىسپاتقا ئەمەس، پەقەت تەقلىدچىلىككە، خىيالىي پەرەزلەرگە يۆلىنىدۇ، ئۇلار ھەرگىز ھەق گەپ قىلمايدۇ، پەقەت يالغاننىلا سۆزلەيدۇ.

ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ئى پەيغەمبەر! سەن ئۇ كاپىرلارغا ھەرگىز بويسۇنمىغىن، ئۇلارغا ئىتائەت قىلمىغىن. چۈنكى، ئۇلار ئۆزى ئازغان ۋە باشقىلارنىمۇ ئازدۇرىدىغان ئازغۇنلاردۇر. سەن ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى بىلمەيسەن. ئەمما سېنىڭ رەببىڭ يولدىن ئازغانلارنى ۋە ئۇلارنىڭ بارلىق قىلمىشلىرىنى ھەقىقەتەن ئوبدان بىلىدۇ، ھىدايەت تاپقۇچىلارنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ.

ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرىگە ھەقىقىي ئىشىنىدىغان بولساڭلار، ئاللاھ تائالانىڭ ئىسمى ئېيتىلىپ بوغۇزلانغان مالنىڭ گۆشىنى يەڭلار. چۈنكى، بۇ ھالالدۇر. ئەمما ئاللاھ تائالانىڭ ئىسمى ئېيتىلمىغان ياكى بۇتلارنىڭ نامىنى ئاتاپ بوغۇزلانغان ماللارنىڭ

گۆشىنى يېمەڭلار. چۈنكى، مۇنداق ماللارنىڭ گۆشىنى يېيىش هارامدۇر.

ئەرەب مۇشرىكلىرى قۇربانلىق قىلىشنى ئىبادەت قاتارىدىن سانايتتى. ئۇلار ئۆزلىرى چوقۇنۇۋاتقان بۇتلىرىغا قۇربانلىق قىلىش ئارقىلىق ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىق ئىزدەيتتى. ئۇلار مۇسۇلمانلارغا: «سىلەر ئاللاھقا قانداق ئىبادەت قىلىۋاتىسىلەر؟ ئاللاھ ئۆلتۈرۈپ بەرگەن (يەنى ئۆزى ئۆلۈپ قالغان) هايۋانلارنىڭ گۆشىنى يېمەي، ئۆزۈڭلار ئۆلتۈرگەن ماللارنىڭ گۆشىنى يەيسىلەر، بۇ قانداق گەپ؟» دەيتتى.

ئى ئىنسانلار! سىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ ئىسمى ئېيتىلىپ بوغۇزلانغان مالنىڭ گۆشىنى يېيىشتىن توسقان نەرسە زادى نېمە؟ ئاللاھ تائالا سىلەرگە هالال بىلەن هارامنىڭ پەرقىنى ئېنىق ئايرىپ بەردى ئەمەسمۇ؟ ﴿قُل لَّآ أَجِدُ فِي مَآ أُوحِيَ إِلَيَّ مُحَرَّمًا عَلَىٰ طَاعِمٍ يَطْعَمُهُۥٓ إِلَّآ أَن يَكُونَ مَيْتَةً أَوْ دَمًا مَّسْفُوحًا أَوْ لَحْمَ خِنزِيرٍ فَإِنَّهُۥ رِجْسٌ أَوْ فِسْقًا أُهِلَّ لِغَيْرِ ٱللَّهِ بِهِۦۚ فَمَنِ ٱضْطُرَّ غَيْرَ بَاغٍ وَلَا عَادٍ فَإِنَّ رَبَّكَ غَفُورٌ رَّحِيمٌ﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر! مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى«ماڭا ۋەھيى قىلىنغان ئەھكاملار ئىچىدە، ئۆزى ئۆلۈپ قالغان نەرسە ياكى ئېقىتىلغان قان ۋەياكى (ئەسلىدىن پاسكىنىلىقى سەۋەبلىك (هارام قىلىنغان) چوشقا گۆشى ۋە ئاللاھتىن باشقىسىنىڭ ئىسمى ئېيتىلىپ بوغۇزلىنىپ گۇناھقا سەۋەب بولغان مالدىن باشقىسىنى هېچكىمگە هارام كۆرمەيمەن». كىمكى چارىسىز قېلىپ ئۇلاردىن (يەنى هارام قىلىنغان نەرسىلەردىن) لەززەتلىنىشنى كۆزلىمەي، (هاياتىنى ساقلاپ قالغۇدەك مىقداردىن) ئاشۇرۇۋەتمەي يېسە (گۇناھ بولمايدۇ). چۈنكى، سېنىڭ رەببىڭ ناهايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، تولىمۇ مېھرىباندۇر﴾[1].

ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى نەرسىلەرنىڭ هاراملىقىنى مائىدە سۈرىسىنىڭ 3-ئايىتىدە ئېنىق بايان قىلغان. شەرىئەتنىڭ «زۆرۈرىيەت چەكلەنگەن نەرسىلەرگە رۇخسەت قىلىدۇ» دەيدىغان پرىنسىپىغا ئاساسەن، يۇقىرىقى هارام قىلىنغان نەرسىلەردىن مەجبۇر بولۇپ قالغاندا، هاياتىنى ساقلاپ قالغۇچىلىك مىقداردا ئىستېمال قىلىشقا يول قويۇلغان. ئەھۋال شۇنداق تۇرسىمۇ، نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ نەپسى خاھىشىغا ئەگىشىپ، هالال-هارام مەسىلىسىدە هەق يولدىن ئېزىپ كەتكەن ۋە باشقىلارنىمۇ ئازدۇرۇپ كەتكەن. هالال-هارام مەسىلىسىدە شەرىئەتنىڭ كۆرسەتمىسىگە خىلاپلىق قىلىپ هەددىدىن ئاشقۇچىلارنى ئاللاھ تائالا

---

[1] ئەنئام سۈرىسى: 145-ئايەت

ئوبدان بىلىدۇ ۋە ئۇلارنى قاتتىق جازالايدۇ.

ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن پۈتۈن گۇناھلارنى تاشلاڭلار، ھەتتا ھېچكىم بىلمەيدىغان پەقەت دىلىڭلاردىلا بولىدىغان يامان غەرەز، بۇزۇق پىكىر قاتارلىقلارنىمۇ تەرك ئېتىڭلار. چۈنكى، ئاللاھ تائالا دىلىڭلاردىكىنى ئېنىق بىلىدۇ. گۇناھكارلار چوقۇم قىلمىشىنىڭ جازاسىنى كۆرىدۇ. ئەمما بىلمەستىن گۇناھ قىلىپ قويغانلار ئارقىدىنلا ئاللاھ تائالاغا سەممىي تەۋبە قىلىپ گۇناھتىن يانسا، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتى ۋە مەغپىرىتى چەكسىزدۇر ۋە ھەممىگە ئورتاقتۇر.

ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھ تائالانىڭ ئىسمى ئېيتىلماي بوغۇزلانغان مالنىڭ گۆشىنى ھەرگىز يېمەڭلار. مەيلى بۇتلارغا ئاتاپ بوغۇزلانغان بولسۇن، ياكى باشقا بىرىنىڭ نامىنى ئاتاپ بوغۇزلانغان بولسۇن، ياكى ئۆزى ئۆلۈپ قالغان بولسۇن، مۇنداق ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى يېيىش دىنىنىڭ چەكلىمىسىدىن چىققانلىقتۇر ۋە ئېغىر گۇناھتۇر.

ئىنسان ۋە جىنلاردىن بولغان شەيتانلار ئۆزلىرىنىڭ ئىنسان ۋە جىنلاردىن بولغان دوستلىرىغا ئاڭلىنىشتا ناھايىتى چىرايلىق، ئەمما باتىل كۆزلەنگەن شېرىن-شېكەر سۆزلىرى بىلەن ۋەسۋەسە قىلىدۇ. ئۇلار مۇسۇلمانلار بىلەن جېدەللىشىش ئۈچۈن ھەر زامان ئەقىل ۋە ھېكمەتتىن يىراق بولغان باتىل سۆزلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. مەسىلەن: ئۆز ۋاقتىدىكى كاپىرلارنىڭ مۇسۇلمانلارنى: «ئاللاھ ئۆلتۈرۈپ بەرگەننى يېمەستىن، ئۆزۈڭلار ئۆلتۈرگەننى يەپ تۇرۇپ، قانداقمۇ ئاللاھقا ئىبادەت قىلغان بولىسىلەر؟» دېگەن بىمەنە سۆزىگە ئوخشاش.

ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئەگەر سىلەر بۇنداق ئازغۇنلارنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالساڭلار، خۇسۇسەن ئۆزى ئۆلگەن مالنىڭ گۆشىنى ھالال ساناشتا ئۇلارغا ئەگەشسەڭلار، سىلەر چوقۇم مۇشرىكلاردىن بولۇپ كېتىسىلەر. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ھارام قىلغان نەرسىنى بىلىپ تۇرۇپ ھالال سانىغان ياكى ئاللاھ تائالا ھالال قىلغاننى ھارام قىلىۋالغان ئادەم شەكسىز كاپىر بولىدۇ. چۈنكى، بۇنداق ئادەم ئاللاھ تائالانىڭ ھۆكمىنى قايرىپ قويۇپ، ئۆزى ئىتائەت قىلغان كىشىسىنىڭ پەتىۋاسى بويىچە ئىش قىلغان بولىدۇ. مانا بۇ ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرگەنلىكتۇر.

### مۇھىم نۇقتىلىرى

1. كاپىرلارغا، ئازغۇنلارغا ئەگەشكەن ۋە ئۇلارنى ئۈزلىرىگە ئۈلگە قىلىۋالغان كىشىلەر توغرا يولدىن ئېزىپ كېتىدۇ.
2. مۇسۇلمانلار بوغۇزلىغان ماللارنىڭ گۆشىنى يېيىش ھالالدۇر.
3. مال بوغۇزلاشتا ئاللاھ تائالانىڭ ئىسمىنى زىكىر قىلىپ «بىسمىللاھ، ئاللاھۇ ئەكبەر» دېيىش ئىسلامىي قائىدە-يوسۇندۇر.
4. مۇسۇلمانلارنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھەرقانداق بىر گۇناھتىن يىراق تۇرۇشى زۆرۈردۇر.
5. مۇشرىكلارنىڭ، بۇددىستلارنىڭ، ئاتېئىستلارنىڭ بوغۇزلىغان ماللىرىنىڭ گۆشىنى يېيىش قەتئىي ھارامدۇر.
6. ئاللاھ تائالا ھالال قىلغان نەرسىنى ھارام قىلىۋېلىش ياكى ئاللاھ تائالا ھارام قىلغان نەرسىنى ھالال ساناش كۇفرىلىقتۇر. ئاللاھ تائالا بىزنى ئۇنىڭدىن ساقلىسۇن!

### مۇئمىن بىلەن كاپىرنىڭ مىسالى

﴿أَوَمَن كَانَ مَيْتًا فَأَحْيَيْنَٰهُ وَجَعَلْنَا لَهُۥ نُورًا يَمْشِى بِهِۦ فِى ٱلنَّاسِ
كَمَن مَّثَلُهُۥ فِى ٱلظُّلُمَٰتِ لَيْسَ بِخَارِجٍ مِّنْهَا ۚ كَذَٰلِكَ زُيِّنَ لِلْكَٰفِرِينَ
مَا كَانُوا۟ يَعْمَلُونَ ﴿١٢٢﴾ وَكَذَٰلِكَ جَعَلْنَا فِى كُلِّ قَرْيَةٍ أَكَٰبِرَ مُجْرِمِيهَا
لِيَمْكُرُوا۟ فِيهَا ۖ وَمَا يَمْكُرُونَ إِلَّا بِأَنفُسِهِمْ وَمَا يَشْعُرُونَ ﴿١٢٣﴾﴾

### تەرجىمىسى

122-ئەسلىدە (مەنىۋى جەھەتتىن) ئۆلۈك بولۇپ، بىز ئۇنى (ئىمان بىلەن) تىرىلدۈرگەن، ئۇنىڭغا كىشىلەر ئارىسىدا يورۇلەيدىغان نۇر بەرگەن ئادەم بىلەن زۇلمەتلەر ئىچىدە قېلىپ ئۇنىڭدىن قۇتۇلالمىغان ئادەم ئوخشاشمۇ؟ كاپىرلارغا ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى ئەنە شۇنداق چىرايلىق كۆرسىتىلدى.

123-شۇنىڭدەك (يەنى مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ كاتتىۋاشلىرىنى باش گۇناھكارلىرى قىلغىنىمىزدەك)، ھەربىر شەھەرنىڭ كاتتىۋاشلىرىنى ھىيلە-مىكىر ئىشلىتىشى ئۈچۈن باش گۇناھكارلار قىلدۇق. ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ ھىيلە-مىكىرلىرى پەقەتلا ئۆزىگە يانىدۇ، ئۇلار (بۇنى) سەزمەيدۇ.

## تەپسىرى

ئاللاھ تائالا ئىنسانلار ئارىسىدىن توغرا يولغا ھىدايەت تاپقانلىرىنىڭ بارلىقىنى ۋە ئۇلاردىن كۆپلىرىنىڭ ئازغۇنلۇقتا ئىكەنلىكىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، مۇئمىن ئۇچۇن بىر مىسال ۋە كاپىر ئۇچۇن يەنە بىر مىسال كەلتۈرۈپ، ئازغۇنلۇقتىن كېيىن ھىدايەت تاپقان، توغرىلىقتا ۋە ياخشىلىقتا يول ئالغان، ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىيالايدىغان مۇئمىن ئادەمنى ئەسلىدە مەنىۋى جەھەتتىن ئۆلۈك بولۇپ، كېيىن ئاللاھ تائالا ئىمان بىلەن تىرىلدۈرگەن ۋە «قۇرئان كەرىم»نىڭ نۇرى بىلەن توغرا يولدا ماڭغان ئادەم دەپ تەسۋىرلىگەن. ﴿يَوۡمَ تَرَى ٱلۡمُؤۡمِنِينَ وَٱلۡمُؤۡمِنَٰتِ يَسۡعَىٰ نُورُهُم بَيۡنَ أَيۡدِيهِمۡ وَبِأَيۡمَٰنِهِم﴾ يەنى ﴿ئۇ كۈندە مۇئمىن ئەرلەرنى، مۇئمىن ئاياللارنى كۆرىسەنكى، ئۇلارنىڭ نۇرى ئۇلارنىڭ ئالدىدا ۋە ئوڭ تەرىپىدە چاقناپ تۇرىدۇ﴾[1]. مۇئمىن كىشىدىكى نۇر ئۇنىڭ يولىدا پارلاپ تۇرىدۇ، ھاياتلىقنىڭ زۇلمەتلىرىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ-دە، بۇ يورۇقلۇق بىلەن ياخشى-يامانني ئايرىيالايدۇ.

ئەمما ئازغۇنلۇقتا قالغان كاپىر ئادەم خۇددى زۇلمەت ئىچىدە قالغانلىقتىن يولىنى تاپالماي تېڭىرقاپ قالغان، ئۇنىڭدىن چىقالمىغان ياكى ئۆزىنى قۇتۇلدۇرالايدىغان بىرەر تەرەپكە ۋەياكى بىرەر يورۇقلۇققا يول تاپالمىغان ئادەمگە ئوخشىتىلغان. زادى مۇئمىن بىلەن كاپىر ئوخشاش بولالامدۇ؟ ياق! ئۇلار ھەرگىز ئوخشاش بولالمايدۇ. قاراڭغۇلۇق بىلەن يورۇقلۇق ئوخشاشمۇ؟ ھەرگىز ئوخشاش ئەمەس. ئۇنداقتا مۇئمىن بىلەن كاپىر ھەرگىز ئوخشاش ئەمەس.

مۇئمىن ئادەمگە ئۆزىنىڭ ئىمانى، كاپىر ئادەمگە ئۆزىنىڭ كۇفرىلىقى چىرايلىق كۆرسىتىلگەن. پۈتۈن ئىنسانىيەتنى ئازدۇرىمەن دەپ قەسەمياد قىلغان لەنەتتى شەيتان كاپىر ئادەمنىڭ قىلغان پۈتۈن يامانلىقلىرىنى ئۇنىڭغا پەردازلاپ، چىرايلىق كۆرسىتىدۇ. ئىنسان ئۆزىنىڭ تىزگىنىنى شەيتاننىڭ قولىغا ئۆتكۈزۈپ قويۇپ، ئۇنىڭ نەيرەڭلىرىگە ئىشىنىپ، ئاللاھ تائالادىن يىراقلاشقاندا، ئاللاھ تائالامۇ ئۇنىڭغا ئۇنىڭ قىلمىشلىرىنى چىرايلىق كۆرسىتىدۇ. ﴿إِنَّ ٱلَّذِينَ لَا يُؤۡمِنُونَ بِٱلۡأٓخِرَةِ زَيَّنَّا لَهُمۡ أَعۡمَٰلَهُمۡ فَهُمۡ يَعۡمَهُونَ﴾ يەنى ﴿شۈبھىسىزكى، ئاخىرەتكە ئىشەنـ-مەيدىغانلارغا ئۆزلىرىنىڭ قىلمىشلىرىنى چىرايلىق كۆرسەتتۇق، شۇڭا

---

[1] ھەدىد سۈرىسى: 12-ئايەت

ئۇلار (ئازغۇنلۇقلىرىدا) تېڭىرقاپ يۈرۈشىدۇ﴾[1].

«بىز مەككىدە ئەبۇ جەھىل، ئەبۇ لەھەب قاتارلىق كىشىلەرنى ھەق دىندىن توسىدىغان، ئۇلارنى بۇددىستىلىقتا تۇتۇپ تۇرۇش ئۇچۇن مىڭبىر ھىيلە-مىكىر ئىشلىتىدىغان باش گۇناھكارلارنى پەيدا قىلغاندەك، ھەربىر شەھەردە شۇنداق باش گۇناھكارلارنى پەيدا قىلدۇق. مۇنداق باش گۇناھكارلار ئۆزلىرىنىڭ خەلق ئىچىدىكى نوپۇزىغا، ئابرۇيىغا تايىنىپ تۇرۇپ، ھىيلە-مىكىر قىلىشقا، كىشىلەرنى ئازدۇرۇپ كېتىشكە باشقىلاردىن كۈچلۈكرەك كېلىدۇ. ھەربىر پەيغەمبەرگە دەسلەپتە ئۆز قەۋمىنىڭ پېقىرلىرى، ئاجىزلىرى كۆپرەك ئەگەشكەن، ئەمما قەۋمىنىڭ كاتتىباشلىرى ئۆزلىرىنىڭ خەلق ئۈستىدىكى نوپۇزىدىن ئايرىلىپ قېلىش قورقۇنچىسى سەۋەبلىك ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغان. شۇنداقتىمۇ، ئاخىرقى غەلىبە ۋە ياخشى ئاقىۋەت ھەر زامان مۇئمىنلەرگە خاس بولۇپ كەلگەن. كىشىلەرنى ھەق يولدىن توسۇش يولىدا ھىيلە-مىكىر ئىشلەتكەنلەرنىڭ ھىيلە-مىكىرلىرى پەقەتلا ئۇلارنىڭ ئۆزىگە يانىدۇ. ئۇلارنىڭ بارلىق قىلمىشلىرىنىڭ زىيىنى ئۆزلىرىگە بولىدۇ. ئەمما ئۇلار بۇنى ھېس قىلىشمايدۇ»[2].

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئىمان ھاياتلىق، كۇفرىلىق ئۆلۈمدۇر. مۇئمىن نۇر ئىچىدە، كاپىر زۇلمەت ئىچىدە ياشايدۇ.

2. شەيتانغا ئەگەشكەن ۋە ئۆزىنىڭ رەببىنى تونۇمىغان ئازغۇنلارنىڭ يامان ئەمەللىرى ئۆزلىرىگە چىرايلىق كۆرسىتىلىدۇ.

3. باشقىلارغا ئورا كولىغان ئادەم ئۇنىڭغا ئۆزى چۈشىدۇ

4. پەيغەمبەرلىك ئاللاھ تائالادىن بېرىلىدىغان كاتتا ئىنئام بولۇپ، ئۇ ئۆگىنىپ ھاسىل قىلغىلى بولىدىغان كەسىپ ئەمەس.

5. يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغانلار ۋە كىشىلەرنى ياخشىلىقتىن توسىدىغانلارنىڭ جازاسى قاتتىقتۇر.

## ◄ مۇشرىكلارنىڭ مەغرۇرلۇقى ۋە ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتى

﴿وَإِذَا جَآءَتْهُمْ ءَايَةٌ قَالُواْ لَن نُّؤْمِنَ حَتَّىٰ نُؤْتَىٰ مِثْلَ مَآ أُوتِىَ رُسُلُ

[1] نەمل سۈرىسى: 4-ئايەت

[2] «التفسير الواضح» 1- توم، 659- بەت.

ٱللَّهُ أَعْلَمُ حَيْثُ يَجْعَلُ رِسَالَتَهُۥ سَيُصِيبُ ٱلَّذِينَ أَجْرَمُوا۟ صَغَارٌ عِندَ ٱللَّهِ وَعَذَابٌ شَدِيدٌۢ بِمَا كَانُوا۟ يَمْكُرُونَ ﴿١٢٤﴾

## تەرجىمىسى

124ـئۇلارغا بىرەر مۆجىزە كەلسىلا، «بىزگىمۇ ئاللاھنىڭ ئەلچىلىرىگە بېرىلگەندەك مۆجىزە بېرىلمىگۈچە (ئۇنىڭغا) ھەرگىز ئىشەنمەيمىز» دەيدۇ. ئاللاھ پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى قەيەرگە ئورۇنلاشتۇرۇشنى (يەنى كىمگە بېرىشنى) ئوبدان بىلىدۇ. (بۇ) گۇناھكارلار ئۆزلىرى ئىشلەتكەن ھىيلە-مىكىرلەر تۈپەيلىدىن، يېقىندا ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا خارلىققا ۋە قاتتىق ئازابقا ئۇچرايدۇ.

## تەپسىرى

قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ كاتتىباشلىرى پەيغەمبەرلىكتىن ئىبارەت بۇ كاتتا شەرەپكە سازاۋەر بولۇشنى، بىرلىرىگە ئەگەشكۈچى ئەمەس، بەلكى كىشىلەرنى ئۆزىگە ئەگەشتۈرگۈچى بولۇشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتى. شۇڭا ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلغانلىقىنى قوبۇل قىلالمىغان ئىدى. ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن ئىبارەت يېتىملىكتە ئۆسۈپ يېتىلگەن، يا بايلىقى ياكى مەنسىپى يوق، ئاددىي-ساددا ھايات كەچۈرۈشنى ياقتۇرىدىغان بىر كىشىگە ئەگىشىشنى ئۆزلىرى ئۈچۈن خارلىق دەپ بىلەتتى. شۇڭا ھەر خىل ھىيلە-مىكىرلەرنى ۋە رەزىل پىلانلارنى ئويلاپ چىقىپ، كىشىلەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەتراپىدىن تارقىتىۋېتىشقا ئۇرۇنۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋە «قۇرئان كەرىم»گە ھەر خىل تۆھمەتلەرنى توقۇپ چىقاتتى. ﴿وَلَمَّا جَآءَهُمُ ٱلْحَقُّ قَالُوا۟ هَٰذَا سِحْرٌ وَإِنَّا بِهِۦ كَٰفِرُونَ﴾ يەنى ﴿ئۇلارغا ھەقىقەت (يەنى قۇرئان) كەلگەندە، ئۇلار: «بۇ سېھىردۇر، بىز ئۇنى شەكسىز ئىنكار قىلغۇچىلارمىز» دېيىشتى﴾[1]. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا «قۇرئان كەرىم»دىن ئىبارەت شانلىق كىتابنىڭ نازىل قىلىنغانلىقىغا ھەسەت قىلاتتى ۋە بۇ شەرەپكە ئۆزلىرىنى ھەقلىق دەپ ئويلايتتى. ﴿وَقَالُوا۟ لَوْلَا نُزِّلَ هَٰذَا ٱلْقُرْءَانُ عَلَىٰ رَجُلٍ مِّنَ ٱلْقَرْيَتَيْنِ عَظِيمٍ﴾ يەنى ﴿ئۇلار يەنە: «بۇ قۇرئان نېمىشقا (مەككە ۋە تائىف) ئىككى شەھەردىكى كاتتا بىر ئادەمگە

[1] زۇخرۇف سۈرىسى: 30ـئايەت.

نازىل قىلىنمىدى؟» دېيىشتى﴾[1]. بۇ بىر تەرەپتىن ھەسەتخورلۇق ۋە مەغرۇرلۇق، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى دۇنيادىكى ھوقۇق ۋە مەنسەپلەرگە ئوخشىتىپ ئۇنى تالاشقانلىقى ئىدى. ئۇلارنىڭچە بولغاندا، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ رىزقىنى كەڭ، مال-دۇنياسىنى كۆپ، خەلق ئارىسىدىكى ئابرۇيىنى يۇقىرى قىلغاندىن كېيىن، پەيغەمبەرلىكتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ۋەزىپىنىمۇ ئۇلارغا بېرىلىشى كېرەك ئىدى.

شۇڭا ئۇلارغا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ راستچىللىقىغا دالالەت قىلىدىغان، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىسپاتلايدىغان قانداقلا بىر ئايەت كەلسە، ﴿بىزگىمۇ ئاللاھنىڭ ئەلچىلىرىگە بېرىلگەندەك مۆجىزە بېرىلمىگۈچە ھەرگىز ئىشەنمەيمىز﴾ دەيتتى. ﴿بَلۡ يُرِيدُ كُلُّ ٱمۡرِيٍٕ مِّنۡهُمۡ أَن يُؤۡتَىٰ صُحُفٗا مُّنَشَّرَةٗ﴾ يەنى ﴿بەلكى ئۇلاردىن ھەربىرى ئۆزىگە ئېچىقلىق سەھىپىلەرنىڭ بېرىلىشىنى تەمە قىلىدۇ﴾[2]. ﴿أَهُمۡ يَقۡسِمُونَ رَحۡمَتَ رَبِّكَۚ نَحۡنُ قَسَمۡنَا بَيۡنَهُم مَّعِيشَتَهُمۡ فِي ٱلۡحَيَوٰةِ ٱلدُّنۡيَاۚ﴾ يەنى ﴿رەببىڭنىڭ رەھمىتىنى ئۇلار تەقسىم قىلامدىكەن؟ ئۇلارنىڭ دۇنيا ھاياتىدىكى رىزقىنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىز تەقسىم قىلدۇق﴾[3]. ئۇلار پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى دۇنيانىڭ مەنسەپلىرىگە قىياس قىلامدۇ؟ ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرلىككە قانداق كىشىنىڭ لايىق ئىكەنلىكى ۋە ئۇنى كىمگە ئاتا قىلىشنى ئۆزى ئوبدان بىلىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. شەكسىزكى، پەيغەمبەرلىك ئاللاھ تائالا ئۆزى خالىغان بەندىسىگە ئاتا قىلىدىغان ئىنئام بولۇپ، ئۇنى ئۆگىنىش ۋە تىرىشىش بىلەن ھاسىل قىلغىلى بولمايدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇنى تەبىئىتى ساغلام، قەلبى پاك، روھىيىتى كۈچلۈك، ئۆزىنى تۇتۇشنى بىلىدىغان، قىيىنچىلىققا چىدايدىغان تاللانغان بەندىسىگە ئاتا قىلىدۇ. ئۇنى تەلەپ قىلغانلارغا بەرمەيدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا ئەدەپسىزلىك قىلىپ، ئۇنىڭدىن تەمە قىلىشقا بولمايدىغان نەرسىنى تەمە قىلغان، ھەقىقەتكە ئەگەشمىگەن بۇ ئەخمەقلەرنىڭ ئاقىۋىتى خارلىق، زەبۇنلۇق بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا بولسا ئۇلار قاتتىق ئازاب-ئوقۇبەتلەرگە ئۇچرايدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىقى ۋە كىشىلەرنى ھەقىقەتكە

---

[1] زۇخرۇف سۈرىسى: 31-ئايەت.

[2] مۇددەسسىر سۈرىسى: 52-ئايەت.

[3] زۇخرۇف سۈرىسى: 32-ئايەت.

ئەگىشىشتىن توسۇش ئۈچۈن ھىيلە-مىكىر ئىشلەتكەنلىكى ئۈچۈندۇر.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشنى خالىمىغانلارنىڭ باھانىلىرى كۆپ بولىدۇ. تەلەپ قىلغانلىرى ئورۇندالغان تەقدىردىمۇ، ئۇلار يەنىلا ھەقىقەتكە ئەگەشمەيدۇ.

ھەقىقەتنى توسۇپ، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان گۇناھكارلارنىڭ جازاسى بۇ دۇنيادا خارلىق، ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابتۇر.

### ◄ ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزگەرمەس قانۇنىيىتى ۋە ھەق دىنى

﴿فَمَن يُرِدِ ٱللَّهُ أَن يَهۡدِيَهُۥ يَشۡرَحۡ صَدۡرَهُۥ لِلۡإِسۡلَٰمِۖ وَمَن يُرِدۡ أَن يُضِلَّهُۥ يَجۡعَلۡ صَدۡرَهُۥ ضَيِّقًا حَرَجٗا كَأَنَّمَا يَصَّعَّدُ فِي ٱلسَّمَآءِۚ كَذَٰلِكَ يَجۡعَلُ ٱللَّهُ ٱلرِّجۡسَ عَلَى ٱلَّذِينَ لَا يُؤۡمِنُونَ ١٢٥ وَهَٰذَا صِرَٰطُ رَبِّكَ مُسۡتَقِيمٗاۗ قَدۡ فَصَّلۡنَا ٱلۡأٓيَٰتِ لِقَوۡمٖ يَذَّكَّرُونَ ١٢٦ ۞ لَهُمۡ دَارُ ٱلسَّلَٰمِ عِندَ رَبِّهِمۡۖ وَهُوَ وَلِيُّهُم بِمَا كَانُواْ يَعۡمَلُونَ ١٢٧ وَيَوۡمَ يَحۡشُرُهُمۡ جَمِيعٗا يَٰمَعۡشَرَ ٱلۡجِنِّ قَدِ ٱسۡتَكۡثَرۡتُم مِّنَ ٱلۡإِنسِۖ وَقَالَ أَوۡلِيَآؤُهُم مِّنَ ٱلۡإِنسِ رَبَّنَا ٱسۡتَمۡتَعَ بَعۡضُنَا بِبَعۡضٖ وَبَلَغۡنَآ أَجَلَنَا ٱلَّذِيٓ أَجَّلۡتَ لَنَاۚ قَالَ ٱلنَّارُ مَثۡوَىٰكُمۡ خَٰلِدِينَ فِيهَآ إِلَّا مَا شَآءَ ٱللَّهُۗ إِنَّ رَبَّكَ حَكِيمٌ عَلِيمٞ ١٢٨﴾

### ◄ تەرجىمىسى

125-ئاللاھ كىمنى ھىدايەت قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭ كۆڭلى-كۆكسىنى ئىسلام ئۈچۈن كېڭەيتىدۇ، ئاللاھ كىمنى ئازدۇرماقچى بولسا، ئۇنىڭ كۆڭلى-كۆكسىنى شۇنچە تارايتىۋېتىدۇكى، گويا ئۇ ئاسمانغا ئۆرلەۋاتقاندەك ئىچى سىقىلىدۇ. ئىمان ئېيتمىغانلارنى ئاللاھ مۇشۇنداق ئازابلايدۇ.

126-(ئى پەيغەمبەر!) بۇ (دىن) رەببىڭنىڭ توغرا يولىدۇر. ئىبرەت ئالىدىغان قەۋم ئۈچۈن بىز ئايەتلەرنى مۇشۇنداق ئوچۇق بايان قىلدۇق.

127ـ رەببىڭنىڭ دەرگاھىدا ئۇلارغا تىنچلىق يۇرتى (جەننەت) بار، ئۇلارنىڭ قىلغان (ياخشى) ئەمەللىرى يۈزىسىدىن ئاللاھ ئۇلارغا مەدەتكاردۇر.

128ـ ئاللاھ (ئىنسان ۋە جىنلارنىڭ) ھەممىسىنى تولۇق يىغىدىغان كۈنى: «ئى جىنلار (تائىپىسىدىن بولغان شەيتانلار) جامائەسى! سىلەر ھەقىقەتەن نۇرغۇن ئادەملەرنى ئازدۇردۇڭلار» (دەيدۇ). ئۇلارنىڭ ئىنسانلاردىن بولغان دوستلىرى: «ئى رەببىمىز! بىز بىر ـ بىرىمىزدىن پايدىلاندۇق، بىز ئەمدى سەن بەلگىلىگەن ۋاقىتقا (قىيامەتكە) يەتتۇق» دەيدۇ، ئاللاھ: «دوزاخ سىلەرنىڭ جايىڭلاردۇر، سىلەر ئۇ يەردە مەڭگۈ قالىسىلەر، پەقەت ئاللاھ خالىغان ۋاقىتلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا» دەيدۇ. شۈبھىسىزكى، سېنىڭ رەببىڭ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلگۈچىدۇر.

## ◄ بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئالدىنقى ئايەتلەردىكى بايانلار مۇشرىكلارنىڭ مەغرۇرلۇقى ۋە ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتقانلىقىنىڭ جازاسى ھەققىدە بولۇپ، بۇ ئايەتلەردە ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مۇشرىكلارنىڭ قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن غەمكىن بولماسلىققا ۋە ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمەسلىككە بۇيرۇغان، شۇنداقلا ئۇلارنى ئىسلامغا قانچىلىك كۆپ دەۋەت قىلسىمۇ، بەربىر ئاللاھ تائالا كۆڭلى ـ كۆكسىنى ھىدايەتكە ئاچمىغان كىشىنىڭ ھەرگىز ھىدايەت تاپالمايدىغانلىقىنى، ئاللاھ تائالا ھىدايەتكە مۇۋەپپەق قىلغانلارنىڭ چوقۇم ھىدايەت تاپىدىغانلىقىنى بايان قىلغان.

## ◄ تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! سەن ئۇ مۇشرىكلارنىڭ قىلمىشى ۋە نالايىق سۆزلىرى سەۋەبلىك بىئارام بولمىغىن، ئۇلارنىڭ كۇفرىلىقى سېنى ھەرگىز غەمكىن قىلمىسۇن. چۈنكى، ھىدايەت ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدىدۇر. ئاللاھ تائالا كىمنى ھەق دىنغا يېتەكلىمەكچى بولسا، ئۇنىڭ كۆڭلى ـ كۆكسىنى ئىمان ۋە ئىسلام ئۈچۈن كېڭەيتىدۇ، «قۇرئان كەرىم» ئۈچۈن ئېچىۋېتىدۇ، دىلىنى ئىمانغا يۈزلەندۈرىدۇ، ياخشىلىق يوللىرىنى ئۇنىڭغا ئوڭايلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ دىلى ئىمان نۇرى بىلەن پارلايدۇ، كۆڭلى ئىسلام بىلەن ئارام تاپىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «شرح الصدر» يەنى (كۆڭۈل ـ كۆكسىنىڭ كېڭىيىشى) دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى ھەققىدە سورالغىنىدا: «ئۇ ئاللاھ مۇئمىن ئادەمنىڭ قەلبىگە تاشلايدىغان نۇر

بولۇپ، بۇ نۇر بىلەن ئۇنىڭ قەلبى ئېچىلىدۇ» دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بۇ نۇرنىڭ ئالامىتى نېمە ئىكەنلىكى ھەققىدە سورالغىنىدا: «ئاخىرەتلىك ئۆچۈن ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا قىزىقىش، دۇنياغا ھېرىسلىقتىن ساقلىنىش ۋە ئۆلۈم كېلىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭغا تەييارلىق قىلىشتۇر»[1] دەپ جاۋاب بەرگەن.

بۇ پەقەت يارىتىلىشتىكى ساپ ھالىتىنى يوقاتمىغان، نەپسى پاك بولغان، ياخشىلىققا تەبىئىي مايىللىقى بولغان، ھەقىقەتكە ئەگىشىشكە قىزغىنلىقى بولغان كىشىلەرگىلا ھاسىل بولىدىغان كاتتا نېمەتتۇر. ئەمما بۇ نېمەت ئۆز نەپسىنى بۇلغىغان، ھىدايەتنى خالىمايدىغان، دىنغا دەۋەت قىلىنسا كۆڭلى سىقىلىدىغان ئادەملەرگە نېسىپ بولمايدۇ. ﴿ئاللاھ كىمنى ئازدۇرماقچى بولسا، ئۇنىڭ كۆڭلى-كۆكسىنى شۇنچە تارايتىۋېتىدۇكى، گويا ئۇ ئاسمانغا ئۆرلەۋاتقاندەك ئېچى سىقىلىدۇ﴾ بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلارنىڭ دىلى يامان ئادەت، مۇتەكەببىرلىك، تەرسالىق، مەغرۇرلۇق، ھاكاۋۇرلۇق قاتارلىق خەتەرلىك ئىللەتلەر بىلەن قارىيىپ كەتكەن. بۇ تۈردىكى ئىنسانلار ھەقىقەتكە، توغرىلىققا چاقىرغۇچىنىڭ دەۋىتىنى ئاڭلىغان چېغىدا ئۇۋاپىسىزلىنىدۇ، يۈرىكى سىقىلىدۇ، خۇددى ئۆزىنى كۈچى يەتمەيدىغان بىرەر ئىشقا ياكى ئاسمانغا چىقىشقا زورلانغاندەك ھېس قىلىدۇ. خۇددى يۇقىرى ھاۋا قاتلىمىغا تېز ئۆرلىگەن كىشىنىڭ ئوكسىگېن يېتىشمەسلىكتىن نەپسى سىقىلغاندەك، ئۇلارنىڭ ئىسلام دەۋىتىنى ئاڭلاشتىن كۆڭلى سىقىلىدۇ.

ھاۋا بوشلۇقىدا ئوكسىگېننىڭ ئازلىقىدىن يۇقىرىغا ئۆرلىگەن ئادەمنىڭ نەپسى سىقىلىدىغانلىقى ھەققىدىكى بۇ ئىلمىي ھەقىقەتنى ھازىرقى زامان كىشىلىرى ئەمدىلا بىلگەن بولسا، ئاللاھ تائالا ئون تۆت ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت بۇرۇن بۇنىڭدىن خەۋەر بەرگەن.

شەك-شۈبھىسىزكى، ئىسلام دىنى ئاللاھ تائالانىڭ تۈپتوغرا يولىدۇر. بۇ دىن ئىنسانلارنى بەختلىك قىلىشقا كاپالەت قىلالايدىغان بىردىنبىر ھەق دىندۇر. بۇ دىن مەخلۇقاتنى ياخشى بىلىدىغان، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىدىن تولۇق خەۋەردار بولۇپ تۇرۇۋاتقان، غالىب، ھەممە تىلدا مەدھىيىلىنىدىغان ئۇلۇغ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن دىندۇر. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ئى مۇسۇلمانلار! ئەگەر سىلەر راستىنلا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە نىجاتلىققا ئېرىشىشنى، چوڭ ئۇتۇقلارنى قازىنىشنى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ كاتتا

---

[1] «تفسير البغوي» 3-توم، 186-بەت.

مۇكاپاتلىرىغا نائىل بولۇشنى خالىساڭلار، ئاللاھ تائالانىڭ بۇ دىنىنى چىڭ تۇتۇڭلار، ئۇنىڭغا چىڭ ئېسىلىڭلار!

بىز ۋەز-نەسىھەت ئالىدىغان، تەپەككۇر قىلالايدىغان، ھىدايەتنى خالايدىغان، ياخشىلىققا ئەگىشىدىغان، «قۇرئان كەرىم»نىڭ نۇرىدىن ۋە ھىدايىتىدىن نېسىۋە ئالالايدىغان كىشىلەر ئۈچۈن ئايەتلەرنى ئەڭ مۇكەممەل شەكىلدە ئوچۇق ۋە ئېنىق بايان قىلدۇق. جەننەتنىڭ نېمەتلىرىگە ئېرىشىش، مەڭگۈلۈك ئامانلىققا ئىگە بولۇش مۇشۇنداق كىشىلەرگە خاستۇر. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ھىمايىچىسى ۋە پەرۋىشچىسى بولۇپ، ئۇلارغا ئىگىدارچىلىق قىلىپ قوغدايدۇ، ئۇلارنى مەڭگۈلۈك بەختكە مۇيەسسەر قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيادا قىلغان ياخشىلىقى ئاخىرەتتە ئەڭ بەختلىك كىشىلەردىن بولۇشى ئۈچۈن يېتەرلىكتۇر.

ئى پەيغەمبەر! رەببىڭ ئىنسان ۋە جىندىن ئىبارەت بارلىق مەخلۇقاتنى ھېساب مەيدانىغا توپلايدىغان كۈننى ئەسلىگىنكى، شۇ چاغدا رەببىڭ ئۇلارغا: ئى جىنلاردىن كېلىپ چىققان شەيتانلار جامائەسى! سىلەر ئىنسانلارنى كۆپ ئازدۇردۇڭلار، مانا بۈگۈن ئەمدى ئۇلار بىلەن ھېساب مەيدانىغا بىرگە توپلاندىڭلار، دەيدۇ. ئەگەشكۈچىلەر بىلەن باشلامچىلار: ئى رەببىمىز! بىز دۇنيادا بىر-بىرىمىزدىن مەنپەئەتلەنگەن ئىدۇق، دەيدۇ. چۈنكى، دۇنيادا شەيتانلار ئىنسانلارنى گۇناھ-مەئسىيەتلەرگە، ھارام شەھۋەتلەرگە باشلاپ مەنپەئەتلەندۈرگەن ئىدى. ئىنسانلارمۇ شەيتانلارنى ئۆزلىرى ئۈچۈن يېتەكچى قىلىۋېلىپ، ئۇلارنىڭ كۈشكۈرتۈشلىرىگە ئەگىشىش بىلەن ئۇلارغا بويسۇنغان، شەيتانلارمۇ بۇ ئىشتىن بەكلا خۇشاللانغان ئىدى. قىيامەت كۈنى ئۇلار ھەممىسى ھەسرەت، نادامەت چەككەن ھالدا: ﴿بىز ئەمدى سەن بەلگىلىگەن ۋاقىتقا (قىيامەتكە) يەتتۇق﴾ يەنى بىز ئەمدى ھېساب مەيدانىغا يېتىپ كەلدۇق، بۇ يەردە بىزنىڭ ساڭا ھېساب بېرىش ۋە تېگىشلىك جازايىمىزنى تارتىشتىن باشقا چارىمىز يوق، دەيدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇلارغا: دوزاخ ئوتى سىلەرنىڭ مەڭگۈلۈك قارارگاھىڭلاردۇر، سىلەر دوزاختا مەن خالىغان ۋاقىتقىچە مەڭگۈلۈك قالىسىلەر، دەيدۇ. ئى پەيغەمبەر! شەكسىزكى، سېنىڭ رەببىڭ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر ۋە ھەممىنى تولۇق بىلگۈچىدۇر.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالانىڭ قانداق كىشىلەرنى ھىدايەت قىلىش ۋە قانداق

كىشىلەرنى ئۆز ئازغۇنلۇقىدا قالدۇرۇشتىكى پرىنسىپى ئۆزگەرمەيدۇ.

2. ھىدايەتنى خالىمىغان كىشى ئۈچۈن ھىدايەت يولىغا مېڭىش ھەقىقەتەن قىيىندۇر.

3. كۇفرىلىق بىلەن تولغان قەلبتە شەھۋانىيلىق بىلەن نەپسى خاھىشتىن باشقا نەرسە بولمايدۇ.

### ◄ كائىنات قانۇنىيەتلىرى ۋە ئاخىرەت ئەھۋالىدىن بەزى بايانلار

﴿وَكَذَٰلِكَ نُوَلِّي بَعْضَ ٱلظَّٰلِمِينَ بَعْضَۢا بِمَا كَانُواْ يَكْسِبُونَ ﴿١٢٩﴾
يَٰمَعْشَرَ ٱلْجِنِّ وَٱلْإِنسِ أَلَمْ يَأْتِكُمْ رُسُلٌ مِّنكُمْ يَقُصُّونَ عَلَيْكُمْ
ءَايَٰتِي وَيُنذِرُونَكُمْ لِقَآءَ يَوْمِكُمْ هَٰذَاۚ قَالُواْ شَهِدْنَا عَلَىٰٓ أَنفُسِنَاۖ
وَغَرَّتْهُمُ ٱلْحَيَوٰةُ ٱلدُّنْيَا وَشَهِدُواْ عَلَىٰٓ أَنفُسِهِمْ أَنَّهُمْ كَانُواْ كَٰفِرِينَ
﴿١٣٠﴾ ذَٰلِكَ أَن لَّمْ يَكُن رَّبُّكَ مُهْلِكَ ٱلْقُرَىٰ بِظُلْمٍ وَأَهْلُهَا غَٰفِلُونَ
﴿١٣١﴾ وَلِكُلٍّ دَرَجَٰتٌ مِّمَّا عَمِلُواْۚ وَمَا رَبُّكَ بِغَٰفِلٍ عَمَّا يَعْمَلُونَ ﴿١٣٢﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

129 ـ شۇنىڭدەك (يەنى جىنلارنىڭ شەيتانلىرىنى ئىنسانلارنىڭ كاپىرلىرىغا مۇسەللەت قىلىپ قويغىنىمىزدەك)، زالىملارنى قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن بىر ـ بىرىگە مۇسەللەت قىلىپ قويىمىز.

130 ـ «ئى جىنلار ۋە ئىنسانلار جامائەسى! سىلەرگە ئاراڭلاردىن مېنىڭ ئايەتلىرىمنى بايان قىلىپ بېرىدىغان، بۇ كۈنۈڭلاردىكى ئۇچرىششتىن سىلەرنى ئاگاھلاندۇرىدىغان پەيغەمبەرلەر كەلمىدىمۇ؟» (دېيىلگەندە)، ئۇلار: «بىز (پەيغەمبەرلەرنىڭ كەلگەنلىكىگە) ئۆزىمىزگە قارشى گۇۋاھلىق بېرىمىز» دەيدۇ. ئۇلارنى دۇنيا تىرىكچىلىكى ئالداپ قويغان ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقەتەن كاپىر بولغانلىقىغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ.

131 ـ بۇ (پەيغەمبەر ئەۋەتىش) شۇنىڭ ئۈچۈنكى، رەببىڭ شەھەر ئاھالىلىرىنى ئۇلارنىڭ كۇفرىلىقى تۈپەيلىدىن غەپلەتتە تۇرغان ۋاقتىدا (ئاگاھلاندۇرماي تۇرۇپ) ھالاك قىلغان ئەمەس.

132 ـ ھەر ئادەمنىڭ قىلغان ئەمەلىگە يارىشا دەرىجىسى بولىدۇ، رەببىڭ

ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرىدىن غاپىل ئەمەستۇر.

## تەپسىرى

مۇپەسسىرلەر ﴿وَكَذَٰلِكَ نُوَلِّي بَعْضَ ٱلظَّٰلِمِينَ بَعْضًۢا بِمَا كَانُواْ يَكْسِبُونَ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ تەپسىرىدە ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، قۇرتۇبىي، تەبەرىي، ئىبنى كەسىر قاتارلىق تەپسىرلەردە بۇ ئايەت «شۇنىڭدەك (يەنى ئىنسانلار بىلەن جىنلارنى بىر-بىرىگە دوست قىلغىنىمىزدەك)، قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن زالىملارنى بىر-بىرىگە دوست قىلىمىز» دەپ تەپسىر قىلىنغان. بەغەۋىي، ئىبنى ئاشۇر قاتارلىق تەپسىرلەردە ﴿شۇنىڭدەك (يەنى جىنلارنىڭ شەيتانلىرىنى ئىنسانلارنىڭ كاپىرلىرىغا مۇسەللەت قىلىپ قويغىنىمىزدەك)، زالىملارنى قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن بىر-بىرىگە مۇسەللەت قىلىپ قويىمىز﴾ دەپ تەپسىر قىلىنغان. ئىختىلاپنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئايەتتىكى ﴿نُوَلِّي﴾ دېگەن سۆزنىڭ سۆز يىلتىزى بولغان «وَلِيَ» دېگەن سۆزنىڭ دوستلۇق مەنىسىدىكى «الولاء» دېگەن سۆزدىن كەلگەنلىكى ياكى ھۆكۈمرانلىقنى ئىپادىلەيدىغان «الولاية» دېگەن سۆزدىن كەلگەنلىكى ھەققىدە مۇپەسسىرلەرنىڭ چۈشەنچىسى بىردەك بولمىغان. ﴿نُوَلِّي﴾ دېگەن سۆزنى «الولاء» دېگەن سۆزدىن كەلگەن دەپ چۈشەنگەنلەر ئۇنى «دوست قىلىمىز» دەپ تەپسىر قىلغان. بۇ سۆزنى «الولاية» دېگەن سۆزدىن كەلگەن دەپ چۈشەنگەنلەر ئۇنى «مۇسەللەت قىلىپ قويىمىز» يەنى ئۈستىگە سالىمىز، ھۆكۈمران قىلىمىز، دەپ تەپسىر قىلغان. بىز ئىككىنچى تەپسىرنى كۈچلەندۇردۇق. چۈنكى، زالىملارنىڭ قىلمىشى تۈپەيلىدىن ئۇلارنى بىر-بىرىگە دوست قىلىمىز، دېگەندىن كۆرە، زالىملارنى قىلمىشى تۈپەيلىدىن بىر-بىرىگە شۇنداق مۇسەللەت قىلىپ قويىمىز، يەنى ئۇلارنىڭ بىرىنى بىرىنىڭ قولى بىلەن جازالايمىز، بىرىنى بىرىنىڭ زۇلمىغا ئۇچرىتىمىز، بىرىگە بىرىنىڭ ئازابىنى تېتىتىمىز، دەپ تەپسىر قىلىشنى مۇۋاپىق كۆردۇق. شۇنداقتىمۇ، ھەر ئىككى خىل تەپسىرنى كۆزدىن ساقىت قىلماي، ئىككىلىسىگە ئورۇن بەردۇق.

دۇنيادا، ئىنسانلار بىلەن جىنلارنى ئۇلارنىڭ يۈزلىنىشلىرى، قىلمىش-لىرى بىر-بىرىگە ئوخشاپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى بىر- بىرىدىن پايدىلاندۇرغىنىمىزدەك، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى ۋە زۇلۇمدا ئورتاقلىقى ئۈچۈن ئۇلارنى بىر-بىرىگە يانداپ قويۇش بىلەن، بىرىنىڭ زۇلمىنى يەنە

بىرىگە تېتىتىش بىلەن جازالايمىز. مۆئمىنلەر ئۆزئارا دوست ۋە بىر-بىرىگە ئىگىدۇر، كاپىرلارمۇ ئۆزئارا دوست ۋە بىر-بىرىگە ئىگىدۇر. بۇ ئىككى پىرقىنىڭ ھەربىرى ئۆزىنىڭ خىلىنى تاپىدۇ. ئەمما ئېنىقكى، مۆئمىنلەرنىڭ دوستلۇقى ۋە بىر-بىرىگە بولغان ئىگىدارچىلىقى ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە ئاساسەن تەقۋالىق، ئىخلاس ۋە سەمىمىيەت ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ. كاپىرلارنىڭ ئۆزئارا دوستلۇقى مەنپەئەت ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ، ئۇلارنىڭ بىر-بىرىگە بولغان ئىگىدارچىلىقىمۇ زۇلۇم، بۇزەك قىلىش، ئېزىش ۋە خارلاش بىلەن بولىدۇ. كۆرۈۋاتىمىزكى، غەرب دۇنياسىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى ئۇرۇشخۇمارلىق ھالىتى ۋە بىر-بىرىنىڭ قېنىنى تۆككەنلىكى، بىرىنچى ۋە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشلىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى كاپىرلارنىڭ بىر-بىرىگە بولغان ئىگىدارچىلىقىنىڭ زۇلۇم ۋە ناھەقچىلىك ئۈستىگە قۇرۇلىدىغانلىقىنىڭ بىر مىسالىدۇر. ئەمما مۇسۇلمانلارنىڭ بىر-بىرىگە بولغان ئىگىدارچىلىقى ئىسلام ئەخلاقى سايىسىدا، بىر-بىرىگە ياردەم قىلىش، بىر-بىرىنى يۆلەش ۋە بىر-بىرىنى ياخشى ئىشلارغا چاقىرىپ، يامان ئىشلاردىن توسۇش ئاساسىدا بولىدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ بىر-بىرىگە زۇلۇم قىلىشى بولسا، ئۇلارنىڭ «قۇرئان كەرىم» ۋە سۈننەتنىڭ يولىدىن چىقىپ كەتكەنلىكىدىن بولىدۇ. چۈنكى، مۇسۇلمانلار توغرا يولدىن ئېزىپ كەتكەن ۋاقتىدا، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى بىر-بىرىگە مۇسەللەت قىلىپ قويۇش بىلەن جازالايدۇ، بىرىنى بىرىنىڭ ئۈستىگە ھۆكۈمران قىلىش بىلەن ئەدەپلەيدۇ.

«ئىنسانلار چېرىكلەشكەندە، ئۇلارنىڭ ئەڭ بۇزۇق ئادەملىرى ئىش بېشىغا چىقىدۇ، قانداق بولساڭلار شۇنداق ئىدارە قىلىنىسىلەر» دەيدىغان ھېكمەت بار. تەپسىر ئالۇسىيدا: «خەلق زالىم بولۇپ كەتكەندە، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا ئۆزلىرىگە ئوخشاش زالىمنى ھۆكۈمران قىلىپ قويىدۇ»[1] دېيىلگەن. فۇزەيل ئىبنى ئىياز مۇنداق دېگەن ئىكەن: «بىر زالىمنىڭ يەنە بىر زالىمدىن ئۆچ ئالغانلىقىنى كۆرسەڭ، بىر مىنۇت تۇرۇپ تەپەككۇر قىلغىن، بۇنىڭدىكى ئاجايىپلىقىقا قارىغىن»[2].

ئى ئىنسانلار ۋە جىنلار جامائەسى! سىلەرگە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنى ئېتىراپ قىلىڭلار، ئۇلارغا ئىمان ئېيتىڭلار! چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى تولۇق ئادا قىلغان زاتلاردۇر. ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرى سىلەرگە ئايەتلەرنى بايان قىلىپ بېرىۋاتىدۇ، مۆجىزىلەرنى

---

[1] «تفسير الالوسي» 4-توم، 272-بەت.

[2] «التفسير الواضح» 1-توم، 664-بەت.

كۆرسىتىۋاتىدۇ، دىنىنىڭ ئەھكاملىرىنى سىلەرگە ئوچۇقلاپ بېرىۋاتىدۇ، سىلەرنى قىيامەت كۈنىگە قورۇق قول بېرىپ قېلىشتىن ئاگاھلاندۇرۇۋاتىدۇ، ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈپ، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا جەننەت بىلەن خۇش خەۋەر بېرىۋاتىدۇ، ئاللاھ تائالانىڭ بەلگىلىمىلىرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلارنى، قىيامەت كۈنىنىڭ ئەھۋالىغا كۆڭۈل بۆلمىگەنلەرنى ئاخىرەتتىكى ئازاب بىلەن ئاگاھلاندۇرۇۋاتىدۇ. يەنە كېلىپ، بۇ پەيغەمبەرلەر سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىن ۋە سىلەرنىڭ تىپىڭلاردىن چىققان زاتلاردۇر. ئۇلارنىڭ ئەخلاق-پەزىلىتىنى سىلەر ئوبدان بىلىسىلەر.

بۇ يەردە مۇنداق بىر تەتقىقات ماۋزۇسى بار. جىنلارغىمۇ ئۆز جىنسىدىن پەيغەمبەرلەر كەلگەنمۇ؟ ياكى ئىنسانلار ئارىسىدىن چىققان پەيغەمبەرلەر ئۇلارغىمۇ پەيغەمبەرلىك قىلامدۇ؟ يۇقىرىقى ﴿ئى جىنلار ۋە ئىنسانلار جامائەسى! سىلەرگە ئاراڭلاردىن مېنىڭ ئايەتلىرىمنى بايان قىلىپ بېرىدىغان، بۇ كۈنۈڭلاردىكى ئۇچرىشىشتىن سىلەرنى ئاگاھلاندۇرىدىغان پەيغەمبەرلەر كەلمىدىمۇ؟﴾ دېگەن ئايەت ئاز سانلىقنى كۆپ سانلىقنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈۋېتىش ئۇسۇلى بويىچە ئېيتىلغان بولۇشى مۇمكىن.

ئايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىرائىتىنى تىڭشىغىلى كەلگەن ۋە ئاڭلىغانلىرىنى قەۋمىگە يەتكۈزۈپ ئۇلارنى دىنغا دەۋەت قىلغان جىنلار تائىپىسى مەقسەت قىلىنغان دېيىشكىمۇ بولىدۇ. چۈنكى، ئايەتتىكى «پەيغەمبەر» سۆزى ھەرقانداق بىر ئەلچى دېگەنلىكنىمۇ ئىپادىلەيدۇ. ئەھقاف سۈرىسىدە: ﴿وَإِذْ صَرَفْنَآ إِلَيْكَ نَفَرًا مِّنَ ٱلْجِنِّ يَسْتَمِعُونَ ٱلْقُرْءَانَ فَلَمَّا حَضَرُوهُ قَالُوٓاْ أَنصِتُواْ فَلَمَّا قُضِىَ وَلَّوْاْ إِلَىٰ قَوْمِهِم مُّنذِرِينَ﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر!) ئۆز ۋاقتىدا بىر تۈركۈم جىنلارنى سېنىڭ يېنىڭغا قۇرئان تىڭشاشقا ئەۋەتكەن ئىدۇق، ئۇلار قۇرئان تىلاۋىتىگە ھازىر بولغاندا (بىر-بىرىگە): «جىم تۇرۇڭلار» دېيىشكەن، قۇرئان تىلاۋەت قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئۆز قەۋمىگە ئاگاھلاندۇرغۇچى بولۇپ قايتىشقان ئىدى﴾[1] دەپ كەلگەن.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەرلەر پەقەت ئىنسانلار ئۈچۈنلا ئەۋەتىلەتتى. پەقەت مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىنسان ۋە جىنلارغا ئەۋەتىلگەن ئومۇمىي پەيغەمبەردۇر، جىنلار ئۆز تىلى بىلەن: ﴿يَٰقَوْمَنَآ إِنَّا سَمِعْنَا كِتَٰبًا أُنزِلَ مِنۢ بَعْدِ مُوسَىٰ مُصَدِّقًا لِّمَا بَيْنَ يَدَيْهِ يَهْدِىٓ إِلَى ٱلْحَقِّ وَإِلَىٰ طَرِيقٍ مُّسْتَقِيمٍ﴾ يەنى ﴿ئى قەۋمىمىز! ھەقىقەتەن

[1] ئەھقاف سۈرىسى29-ئايەت.

بىز مۇسادىن كېيىن نازىل بولغان ئۆزىدىن ئىلگىرىكى (ساماۋى كىتابلار) نى ئېتىراپ قىلىدىغان، ھەق دىنغا ۋە توغرا يولغا باشلايدىغان بىر كىتاب (قۇرئان)نى تىڭشىدۇق﴾[1] دەپ ئىقرار قىلغان»[2].

ئۇلارغا: ﴿ئى جىنلار ۋە ئىنسانلار جامائەسى! سىلەرگە ئاراڭلاردىن مېنىڭ ئايەتلىرىمنى بايان قىلىپ بېرىدىغان، بۇ كۈنۈڭلاردىكى ئۇچرىشىشتىن سىلەرنى ئاگاھلاندۇرىدىغان پەيغەمبەرلەر كەلمىدىمۇ؟﴾ دەپ سورالغاندا، ئۇلار نېمە دەپ جاۋاب بېرىدۇ؟

ئۇلار دەيدۇكى، ئەلۋەتتە بىزنىڭ ئارىمىزدىن بىزگە ئاگاھلاندۇرغۇچى پەيغەمبەرلەر كەلگەن، ئۇلار بىزگە ئەڭ ياخشى قىسسىلەرنى بايان قىلىپ بەرگەن، بىزنى دوزاختىن ئاگاھلاندۇرۇپ، جەننەت بىلەن خۇش خەۋەر بەرگەن ئىدى. ئەمما بىز ئۇلارنىڭ چىرايلىق دەۋەتلىرىگە قۇلاق سالمىغان ئىدۇق، ئۇلارغا ئەگەشمىگەن ئىدۇق، شۇڭا بىز بۈگۈن زىيان تارتتۇق. ئەمدى بىز تەۋبە قىلدۇق، گۇناھلىرىمىزنى ئېتىراپ قىلدۇق.

ئۇلار ئەنە ئۆز گۇناھلىرىنى ئېتىراپ قىلىشىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ ئاخىرەتتىكى پۇشايمىنى ۋە قىلغان تەۋبىسى ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدۇ. ئۇلار دۇنيادا ئۆزلىرىگە ئىشىنىپ مەغرۇرلانغان، دۇنيانىڭ ۋاقىتلىق لەززەتلىرىگە، توپلىغان مال-دۇنياسىغا، ئېرىشكەن نام-شۆھرەتلىرىگە ئالدىنىپ قالغان زالىملار ئىدى. ئەمدى ئۇلار قىيامەت مەيدانىدا ئۆزىنىڭ كاپىرلىقىغا ئۆزى گۇۋاھلىق بېرىدۇ.

قىيامەت كۈنىدىكى ئەھۋاللار بىر خىل بولمايدۇ. گاھ كاپىرلار ئۆزلىرىگە دۇنيادا پەيغەمبەرلەرنىڭ كەلگەنلىكىنى ئۆز تىلى بىلەن ئېتىراپ قىلىدۇ، گاھ ھېچبىر گەپ قىلالمايدۇ، چۈنكى ئۇلارغا سۆز قىلىش ھەققى بېرىلمەيدۇ، گاھ ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىغا ئۇلارنىڭ تىلى، پۇت-قوللىرى ۋە جىمى ئەزالىرى گۇۋاھلىق بېرىدۇ، گاھ ئۇلار ئۆز قىلمىشلىرىنى ئىنكار قىلىدۇ ۋە بىز دۇنيادا مۇشرىكلاردىن بولمىغان ئىدۇق، دەپ تۇرۇۋالىدۇ.

مۇپەسسىرلەر ﴿ذَٰلِكَ أَن لَّمْ يَكُن رَّبُّكَ مُهْلِكَ ٱلْقُرَىٰ بِظُلْمٍ وَأَهْلُهَا غَٰفِلُونَ﴾ دېگەن ئايەتتىكى ﴿بِظُلْمٍ﴾ دېگەن سۆز توغرۇلۇق ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، ئىبنى جەرىر تەبەرىي ئۆز تەپسىرىدە مۇپەسسىرلەرنىڭ ئايەتنى

[1] ئەھقاف سۈرىسى: 30-ئايەت.

[2] «التفسير الواضح» 1-توم، 664-بەت.

مۇنداق ئىككى خىل تەپسىر قىلغانلىقىنى بايان قىلغان: بىرى، ﴿بۇ (پەيغەمبەر ئەۋەتىش) شۇنىڭ ئۈچۈنكى، رەببىڭ شەھەر ئاھالىلىرىنى ئۇلارنىڭ كۇفرىلىقى تۈپەيلىدىن (ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرماي تۇرۇپ) غەپلەتتە تۇرغان ۋاقتىدا ھالاك قىلغان ئەمەس﴾ يەنى ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەۋەتىپ، كىشىلەرنى كۇفرىدىن ۋە مۇشرىكلىكتىن ئاگاھلاندۇرماي تۇرۇپ، ھېچقانداق بىر شەھەر ئاھالىسىنى ئۇلارنىڭ كۇفرىلىقى، مۇشرىكلىكى تۈپەيلىدىن، تۇيۇقسىز جازالىغان ئەمەس. چۈنكى، مۇنداق قىلىش ئاللاھ تائالانىڭ بېكىتىۋەتكەن قانۇنىيىتىگە زىت كېلىدۇ. ئاللاھ تائالا ﴿وَمَا كُنَّا مُعَذِّبِينَ حَتَّىٰ نَبْعَثَ رَسُولًا﴾ يەنى ﴿پەيغەمبەر ئەۋەتمەي تۇرۇپ (ھېچكىمنى) جازالىغىنىمىز يوق﴾[1] دەپ ئوچۇق جاكارلىغان. جازا ۋە ھالاكەت پەيغەمبەرنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماي، كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغاندا كېلىدۇ. شۇڭا ھەق دىنىنىڭ دەۋىتى يەتمىگەن كىشىلەر جازالانمايدۇ.

ئىككىنچى تەپسىر، «بۇ (پەيغەمبەر ئەۋەتىش) شۇنىڭ ئۈچۈنكى، رەببىڭ شەھەر ئاھالىلىرىنى ئۇلارغا پەيغەمبەر ئەۋەتمەي تۇرۇپ، ئۇلارغا زۇلۇم قىلىپ، ئۇلارنى ھالاك قىلغان ئەمەس» يەنى ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەۋەتمەي تۇرۇپ، ئازاب كېلىدىغانلىقىدىن ئاگاھلاندۇرماي تۇرۇپ، ھېچقانداق بىر شەھەر ئاھالىسىنى ئۇلارغا ئۇۋال قىلىپ ھالاك قىلغان ئەمەس، چۈنكى ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە زۇلۇم قىلمايدۇ[2].

ئايەتتىكى﴿بِظُلْمٍ﴾ دېگەن سۆز ئالدىنقىلارنىڭ تەپسىرىدە «كۇفرىلىق، مۇشرىكلىك» دېگەن مەنىدە [3]، كېيىنكىلەرنىڭ تەپسىرىدە بولسا «ئۇۋال قىلىش، زۇلۇم قىلىش» دېگەن مەنىدە كەلگەن.

ئىنسانلارغا ۋە جىنلارغا پەيغەمبەر ئەۋەتكەنلىك، ئۇلارغا ئايەتلەرنى بايان قىلىپ بەرگەنلىك، ئۇلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ئىشلىرىدا كىشىلىك ۋە ئىجتىمائىي ئەھۋاللىرىنى ئىسلاھ قىلىش يولىدا، ئۇلارغا دىنىنىڭ ئەھكاملىرىنى بىلدۈرگەنلىك قاتارلىق ئىشلار ئاللاھ تائالانىڭ ھېچقانداق بىر مىللەتنى تۇيۇقسىز ھالاك قىلمايدىغانلىقىنى ۋە ئۇلارغا پەيغەمبەر ئەۋەتمەي، ياخشى-يامانني بىلدۈرمەي، يامان ئاقىۋەتلەردىن ئاگاھلاندۇرماي تۇرۇپ ئازاب قىلمايدىغانلىقىنى، بەلكى ئالدى بىلەن

---

[1] ئىسرا سۈرىسى: 15-ئايەت

[2] «تفسير الطبري» 12-توم، 124-بەت.

[3] ﴿إِنَّ ٱلشِّرْكَ لَظُلْمٌ عَظِيمٌ﴾ يەنى ﴿چۈنكى، شېرىك كەلتۈرۈش ھەقىقەتەن چوڭ گۇناھتۇر﴾ (لۇقمان سۈرىسى: 13- ئايەت).

ئۇلارغا پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىپ، ئۇلارغا يول كۆرسەتكەنلىكىنى، ھەق دىنىنىڭ دەۋىتىنى ئاڭلاپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئەگەشمىگەن ۋە ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلغانلارنىڭ ئازابقا تېگىشلىك بولىدىغانلىقىنى، ئەمما ھەقىقەتنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا ئەگەشكەن ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنىڭ ساۋابقا، مۇكاپاتقا تېگىشلىك بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈندۇر.

ئاللاھ تائالا ھېچكىمگە زۇلۇم قىلمايدۇ. ئەمما ئىنسانلار ھەقىقەتكە ئەگەشمەسلىك بىلەن ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلىدۇ. ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئىبرەت ئېلىڭلار، ھازىرقى زاماندا سىلەرگە كەلگەن بەختسىزلىكلەر، خارلىقلار ۋە ئېزىلىشلەر پەقەت سىلەرنىڭ ھەق دىنىڭ تەلىماتلىرىدىن چەتنەپ كەتكەنلىكىڭلار تۈپەيلىدىن بولماقتا. بىلىڭلاركى، ھەركىمنىڭ قىلغان ئەمەللىرىنىڭ دەرىجىلىرى ۋە ئۇنىڭغا تېگىشلىك مۇكاپاتى ياكى جازاسى بار. ياخشىلىققا مۇكاپات، يامانلىققا جازا بېرىلىدۇ. ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ قىلمىشلىرىڭلاردىن ھەرگىز غاپىل ئەمەس، ئەكسىچە، ھەممىنى تولۇق، ئېنىق ۋە تەپسىلى بىلىپ تۇرىدۇ.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ياخشى ئەمەللەرنى ياخشىلارنىڭ قوللىشى، يامان ئەمەللەرنى يامانلارنىڭ قوللىشى ۋە ئۇنىڭغا ئۇندىشى ئەزەلدىن شۇنداق داۋاملىشىپ كەلگەن قانۇنىيەتتۇر.

2. بىر-بىرى بىلەن دۇنيالىق مەنپەئەتنى كۆزلەپ دوست بولغانلار، ھەمكارلاشقانلار، بىر-بىرىنى قوللىغانلار قىيامەت كۈنىدە بىر-بىرىگە دۈشمەن بولۇشىدۇ. ئەمما مۆئمىنلەرنىڭ ھەق يولىدىكى دوستلۇقى قىيامەتتىمۇ داۋاملىشىدۇ.

3. دۇنيانىڭ ۋاقىتلىق لەززەتلىرىگە ئالدىنىش ئەخمەقلىقتۇر. ئەقىللىق كىشى ۋاقىتلىقنى ئەمەس، مەڭگۈلۈكنى تاللايدۇ.

4. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەۋەتىپ كىشىلەرگە ياخشى-ياماننى بىلدۈرمەي تۇرۇپ ئۇلارنى جازالىمايدۇ.

5. ياخشى ئەمەللەرگە مۇكاپات، يامان قىلمىشلارغا قاراپ جازا بېرىلىدۇ. ياخشى ئەمەللەرنىڭ مەرتىۋىلىرى بولغاندەك، يامان ئەمەللەرنىڭمۇ دەرىجىلىرى بار.

### ◄ ئاگاھلاندۇرۇش

﴿وَرَبُّكَ ٱلۡغَنِيُّ ذُو ٱلرَّحۡمَةِۚ إِن يَشَأۡ يُذۡهِبۡكُمۡ وَيَسۡتَخۡلِفۡ مِنۢ
بَعۡدِكُم مَّا يَشَآءُ كَمَآ أَنشَأَكُم مِّن ذُرِّيَّةِ قَوۡمٍ ءَاخَرِينَ ﴿١٣٣﴾ إِنَّ
مَا تُوعَدُونَ لَأٓتٖۖ وَمَآ أَنتُم بِمُعۡجِزِينَ ﴿١٣٤﴾ قُلۡ يَٰقَوۡمِ ٱعۡمَلُواْ عَلَىٰ
مَكَانَتِكُمۡ إِنِّي عَامِلٞۖ فَسَوۡفَ تَعۡلَمُونَ مَن تَكُونُ لَهُۥ عَٰقِبَةُ ٱلدَّارِۚ
إِنَّهُۥ لَا يُفۡلِحُ ٱلظَّٰلِمُونَ ﴿١٣٥﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

133-رەببىڭ (ھېچكىمگە) موھتاج ئەمەستۇر، رەھمەت ئىگىسىدۇر. ئەگەر ئۇ خالىسا، سىلەرنى ھالاك قىلىۋېتىپ، سىلەرنى خۇددى باشقا بىر قەۋمنىڭ نەسلىدىن پەيدا قىلغاندەك، سىلەردىن كېيىن ئورنۇڭلارغا ئۆزى خالىغان باشقا بىر قەۋمنى قويىدۇ.

134-شەكسىزكى، سىلەر ئاگاھلاندۇرۇلغان نەرسە (يەنى قىيامەت) چوقۇم مەيدانغا كېلىدۇ، سىلەر ھەرگىز قېچىپ قۇتۇلالمايسىلەر.

135-(ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «ئى قەۋمىم! سىلەر ئۆز يولۇڭلار بويىچە ئىش قىلىۋېرىڭلار، مەنمۇ (ئۆز يولۇم بويىچە) ئىش قىلىۋېرەي. ئاخىرەتتە كىمنىڭ ئاقىۋەتنى ياخشى بولىدىغانلىقىنى ئۆزۈڭلار قالماي بىلىسىلەر. شۇ ئېنىقكى، زالىملار ھەرگىز مەقسىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ».

### ◄ تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! پۈتكۈل ئىنسانلارغا شۇنى جاكارلىغىنكى، سېنىڭ رەببىڭ ھېچكىمگە موھتاج ئەمەس، ھەممىدىن بىھاجەتتۇر، بەندىلىرىگە ۋە ئۇلارنىڭ ئىبادەتلىرىگە قىلچە ھاجىتى يوقتۇر. ئەكسىچە، ھەممە مەۋجۇدات ئۆز مەۋجۇتلۇقىدا ئاللاھ تائالاغا موھتاجدۇر، بارلىق ئىنسانلار ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمىگە، شەپقىتىگە ۋە مەغپىرىتىگە موھتاجدۇر. ئاللاھ تائالا ھەممە تىلىدا مەدھىيەلەنگۈچىدۇر. ئۇ ئۆزىگە ئىتائەت قىلىدىغان مۆئمىن بەندىلىرىگە ناھايىتى شەپقەتلىك زات بولۇپ، ئۇنىڭ رەھىم-شەپقىتى چەكسىزدۇر.

ئى مەككىلىك كاپىرلار! ئەگەر ئاللاھ تائالا خالىسا، سىلەرنى ھالاك

قىلىۋېتىپ، ئورنۇڭلارغا سىلەردىن ياخشى، ئىتائەتمەن بىر خەلقنى يارىتىدۇ ۋە ئۇلارنى سىلەرنىڭ ئورنۇڭلارغا دەسسىتىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق قىلىشقا ئەلۋەتتە قادىردۇر.

ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ئاگاھلاندۇرۇشى ئۆز ۋاقتىدا راستتىنلا ئەمەلگە ئاشقان ئىدى. چۈنكى، ئاللاھ تائالا مۇشرىكلارنىڭ ھەددىدىن ئاشقان، مۇتەكەببىر باش جىنايەتچىلىرىنى ھالاك قىلىۋېتىپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا مۇھاجىرلار بىلەن ئەنسارلاردىن ئىبارەت ئۈلگىلىك ئىنسانلارنى بارلىققا كەلتۈردى. ساھابىلەر ئىنسانىيەتكە پۈتۈن ياخشىلىق ۋە گۈزەل ئەخلاقتا ئۈلگە بولۇپ، ئەسىرلەردىن بۇيان تىللاردا داستان بولۇپ كەلدى. ئۆز ۋاقتىدا پۇل-مېلىغا، خەلق ئارىسىدىكى ئورنىغا كۆرەڭلەپ ھەق دىنىنى قوبۇل قىلمىغان ئەبۇ جەھل، ئەبۇ لەھەب قاتارلىقلارنىڭ نامى لەنەت بىلەن تىلغا ئېلىنىدىغان بولدى، كاپىرلار كۆزگە ئىلمىغان ئەممار، ياسىر، سۇھەيب، بىلال قاتارلىق ساھابىلەر مەدھىيە بىلەن تىلغا ئېلىنىدىغان ۋە دۇئا، سالاملار يوللىنىپ تۇرىدىغان بولدى.

بۇ دۇنيادا ئەمەلگە ئاشقان بۇ ئاگاھلاندۇرۇشتىن كېيىن، ئاخىرەتتە چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدىغان چوڭ ئاگاھلاندۇرۇش كېلىدۇ. ئۇ بولسىمۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ياخشىلارنى جەننەت بىلەن مۇكاپاتلاش، گۇناھكارلارنى دوزاخ بىلەن جازالاش ھەققىدە بەرگەن ۋەدىلىرى بولۇپ، ئۇ چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئى ئىنسانلار! سىلەر بۇنىڭدىن قېچىش بىلەن ياكى باشقا بىرەر چارە بىلەنمۇ قۇتۇلالمايسىلەر، ئاللاھ تائالانىڭ جازاسىدىن سىلەرنى توسۇپ قالغۇچىمۇ چىقمايدۇ، ئاللاھ تائالانى ۋەدىلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن مەنئى قىلغۇچىمۇ يوقتۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالا مەخلۇقاتى ئۈستىدە قەھر قىلغۇچى مۇتلەق ۋە تەڭداشسىز كۈچ-قۇۋۋەتكە ئىگە زاتتۇر.

ئى پەيغەمبەر! مۇشرىكلارغا ئېيتقىنكى، ئى قەۋمىم! سىلەر ئۆزۈڭلار تۇتۇپ كەلگەن يولۇڭلار، ئەقىدەڭلار ۋە ئادىتىڭلار بويىچە قىلىدىغىنىڭلارنى قىلىۋېرىڭلار، مەنمۇ ئۆزۈمنىڭ ئاللاھ تائالا مېنى ھىدايەت قىلغان ۋە تەربىيەلەپ يېتىشتۈرگەن يولۇم بويىچە ئىش كۆرەي. ئاخىرەتتىكى ياخشى ئاقىۋەت، غەلىبىلىك نىھايەت كىمگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئۆزۈڭغا بارماي چوقۇم بىلىپ قالىسىلەر. ئەللامە زەمەخشەرىي «كەششاف» ناملىق تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «﴿سىلەر ئۆز يولۇڭلار بويىچە ئىش قىلىۋېرىڭلار﴾ دېگەن ئايەت مۇنداق ئىككى مەنىنى ئىپادىلەيدۇ: بىرىنچىسى، كۈچۈڭلارنىڭ يېتىشىچە، ئىمكانىيىتىڭلارنىڭ يار بېرىشىچە

قىلىدىغىنىڭلارنى قىلىۋېرىڭلار، دېگەنلىك بولسا، ئىككىنچىسى، هازىرقى هالىتىڭلار ۋە تۇتۇپ ماڭغان يولۇڭلار بويىچە ئىش كۆرۈڭلار، يەنى سىلەر كۇفرىلىقىڭلاردا، ئىسلامغا دۈشمەنلىكىڭلاردا چىڭ تۇرۇپ بېقىڭلار، مەنمۇ ئىسلامدا ۋە ئۇنىڭغا دەۋەت قىلىشتا چىڭ تۇرىمەن. سىلەر ئۇزۇنغا قالماي ياخشى ئاقىۋەتنىڭ كىمگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى چوقۇم بىلىپ قالىسىلەر». ﴿وَإِنَّآ أَوۡ إِيَّاكُمۡ لَعَلَىٰ هُدًى أَوۡ فِي ضَلَٰلٖ مُّبِينٖ﴾ يەنى ﴿شەكسىزكى، بىز ياكى سىلەر (يەنى ئىككى تەرەپنىڭ بىرى) چوقۇم هىدايەت ئۈستىدە، يەنە بىرى ئوپئوچۇق ئازغۇنلۇقتىدۇر﴾[1]. ﴿رَّبِّيٓ أَعۡلَمُ مَن جَآءَ بِٱلۡهُدَىٰ وَمَنۡ هُوَ فِي ضَلَٰلٖ مُّبِينٖ﴾ يەنى ﴿كىمنىڭ هىدايەت ئېلىپ كەلگەنلىكىنى، كىمنىڭ ئوپئوچۇق ئازغۇنلۇقتا ئىكەنلىكىنى رەببىم ئوبدان بىلىدۇ﴾[2].

بۇ ئىنتايىن سىلىق ئاگاهلاندۇرۇش بولۇپ، ئىنسانلارنى تەپەككۇر قىلىشقا، ئەقىل ئىشلىتىشكە ئۈندەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاللاھ تائالانىڭ مۇهەممەد ئەلەيهىسسالامغا يۇقىرىقىلارنى بۇيرۇغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ئىنتايىن نازۇكلۇق بىلەن بايان قىلىپ بەرگەن. شەكسىزكى، ئىماندىن يۈز ئۆرۈپ كۇفرىلىقنى تاللاش بىلەن ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغۇچىلار هەرگىز نىجات تاپالمايدۇ ۋە مەقسىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ.

## ◄ مۇهىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالا مەخلۇقاتقا هېچبىر ئىشتا موهتاج ئەمەس، ئۇنىڭ بەندىلىرىنىڭ ياخشى ئەمەللىرىگە قىلچە هاجىتى يوق، ئەكسىچە ئىنسانلار ئۇنىڭغا موهتاجدۇر.

2. ئاللاھ تائالا بىر قەۋمنى پۈتۈنلەي هالاك قىلىپ يوق قىلىۋېتىپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا باشقا بىر قەۋمنى كەلتۈرۈشكە ئەلۋەتتە قادىردۇر.

3. ئاللاھ تائالا بەرگەن ۋەدىلىرىگە هەر دائىم ۋاپا قىلىپ كەلمەكتە ۋە ئۇنىڭ ئاگاهلاندۇرۇشلىرىمۇ ئەمەلگە ئېشىپ كەلمەكتە.

4. كۇفرىدا چىڭ تۇرغۇچىلار ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن قۇتۇلالمايدۇ.

5. ياخشى ئاقىۋەت هەقىقىي مەنىدىكى مۆئمىنلەرگە خاستۇر.

---

[1] سەبەئ سۈرىسى: 24-ئايەت.
[2] قەسەس سۈرىسى: 85-ئايەت

## جاھىلىيەت ئەرەبلىرىنىڭ بەزى ئادەتلىرى

﴿وَجَعَلُواْ لِلَّهِ مِمَّا ذَرَأَ مِنَ ٱلۡحَرۡثِ وَٱلۡأَنۡعَٰمِ نَصِيبٗا فَقَالُواْ هَٰذَا لِلَّهِ
بِزَعۡمِهِمۡ وَهَٰذَا لِشُرَكَآئِنَاۖ فَمَا كَانَ لِشُرَكَآئِهِمۡ فَلَا يَصِلُ إِلَى ٱللَّهِۖ وَمَا
كَانَ لِلَّهِ فَهُوَ يَصِلُ إِلَىٰ شُرَكَآئِهِمۡۗ سَآءَ مَا يَحۡكُمُونَ ١٣٦ وَكَذَٰلِكَ زَيَّنَ
لِكَثِيرٖ مِّنَ ٱلۡمُشۡرِكِينَ قَتۡلَ أَوۡلَٰدِهِمۡ شُرَكَآؤُهُمۡ لِيُرۡدُوهُمۡ وَلِيَلۡبِسُواْ
عَلَيۡهِمۡ دِينَهُمۡۖ وَلَوۡ شَآءَ ٱللَّهُ مَا فَعَلُوهُۖ فَذَرۡهُمۡ وَمَا يَفۡتَرُونَ ١٣٧
وَقَالُواْ هَٰذِهِۦٓ أَنۡعَٰمٞ وَحَرۡثٌ حِجۡرٞ لَّا يَطۡعَمُهَآ إِلَّا مَن نَّشَآءُ بِزَعۡمِهِمۡ
وَأَنۡعَٰمٌ حُرِّمَتۡ ظُهُورُهَا وَأَنۡعَٰمٞ لَّا يَذۡكُرُونَ ٱسۡمَ ٱللَّهِ عَلَيۡهَا ٱفۡتِرَآءً
عَلَيۡهِۚ سَيَجۡزِيهِم بِمَا كَانُواْ يَفۡتَرُونَ ١٣٨ وَقَالُواْ مَا فِي بُطُونِ هَٰذِهِ
ٱلۡأَنۡعَٰمِ خَالِصَةٞ لِّذُكُورِنَا وَمُحَرَّمٌ عَلَىٰٓ أَزۡوَٰجِنَاۖ وَإِن يَكُن مَّيۡتَةٗ
فَهُمۡ فِيهِ شُرَكَآءُۚ سَيَجۡزِيهِمۡ وَصۡفَهُمۡۚ إِنَّهُۥ حَكِيمٌ عَلِيمٞ ١٣٩ قَدۡ
خَسِرَ ٱلَّذِينَ قَتَلُوٓاْ أَوۡلَٰدَهُمۡ سَفَهَۢا بِغَيۡرِ عِلۡمٖ وَحَرَّمُواْ مَا رَزَقَهُمُ
ٱللَّهُ ٱفۡتِرَآءً عَلَى ٱللَّهِۚ قَدۡ ضَلُّواْ وَمَا كَانُواْ مُهۡتَدِينَ ١٤٠﴾

### تەرجىمىسى

136-ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) ئاللاھ ياراتقان ئېكىنلەردىن ۋە چارۋىلاردىن ئاللاھ ئۈچۈن بىر نېسىۋە (بۇتلىرى ئۈچۈن بىر نېسىۋە) ئايرىپ قويۇپ، ئۆزلىرىچە: «بۇ ئاللاھ ئۈچۈندۇر، بۇ مەبۇدلىرىمىز ئۈچۈندۇر» دېدى. (ئۇلارنىڭ قارىشىچە) بۇتلىرىنىڭ نېسىۋىسىدىن ئاللاھنىڭكىگە قوشۇشقا بولمايتتى، ئەمما ئاللاھنىڭ نېسىۋىسىدىن بۇتلىرىنىڭكىگە قوشۇشقا بولاتتى. ئۇلارنىڭ (بۇ) ھۆكمى نېمىدېگەن قەبىھ!

137-مۇشرىكلارنىڭ شېرىكلىرى (بولمىش شەيتانلار) مۇشرىكلارنى ھالاك قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ دىنىنى قالايمىقانلاشتۇرۇش ئۈچۈن، يۇقىرىقىدەك (يەنى ئاللاھقا ۋە بۇتلىرىغا نېسىۋە ئايرىپ قويۇشنى چىرايلىق كۆرسەتكەندەك) ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرىغا بالىلىرىنى ئۆلتۈرۈشنى چىرايلىق كۆرسەتتى. ئەگەر ئاللاھ خالىسا ئىدى، ئۇلار بۇ (قەبىھ ئىش)نى قىلالمايتتى. شۇڭا سەن ئۇلارنى (ئاللاھ نامىدىن) ئويدۇرغان يالغانلىرى بىلەن بىللە قويۇپ تۇرغىن.

138ـ ئۇلار ئۆز گۇمانىچە: «بۇ ھايۋانلار ۋە ئېكىنلەر (مەبۇدلىرىمىزغا خاس بولۇپ، باشقىلارغا) ھارامدۇر، ئۇلارنى پەقەت بىز خالىغان ئادەملەرلا يەيدۇ، بۇ ھايۋانلارنى مىنىش ھارامدۇر» دېدى. (ئۇلار) بۇ ھايۋانلارنى بوغۇزلىغاندا (ئاللاھ شۇنداق بۇيرۇغان دەپ) ئاللاھ نامىدىن يالغاننى ئويدۇرۇپ، ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ئېيتمايدۇ. ئاللاھ ئۇلارنى ئويدۇرغان يالغانلىرى ئۈچۈن جازالايدۇ.

139ـ ئۇلار يەنە: «بۇ ھايۋانلارنىڭ قورساقلىرىدىكى باللىرى بىزنىڭ ئەرلىرىمىزگە خاستۇر، ئاياللىرىمىزغا ھارامدۇر، ئەگەر تۇغۇلغان ھايۋان ئۆلۈك بولسا، ئۇ چاغدا، بۇ (ئەرلەر بىلەن ئاياللار ئارىسىدا) ئورتاقتۇر (ھەممىيلەن تەڭ يەيدۇ)» دېيىشتى. ئاللاھ ئۇلارنى ئويدۇرغان يالغانلىرى ئۈچۈن جازالايدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلگۈچىدۇر.

140ـ ئەخمەقلىقى ۋە نادانلىقىدىن باللىرىنى ئۆلتۈرگەن ۋە ئاللاھ نامىدىن يالغان ئېيتىپ، ئاللاھ رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەرنى ھارام سانىغان كىشىلەر ھەقىقەتەن زىيان تارتتى، ئۇلار راستتىنلا ئېزىپ كەتتى، ھىدايەت تاپقۇچىلاردىن بولمىدى.

### ◄ تەپسىرى

بۇ ئايەتلەردە ئىسلامدىن ئىلگىرىكى ئەرەبلەرنىڭ جاھىلىيەت ئادەتلىرى، شەيتانلارنىڭ ئىنسانلارنى ئازدۇرۇش ئۇسۇللىرى ۋە يامان ئىشلارنى چىرايلىق كۆرسىتىشتەك ھىيلە- مىكىرلىرى بايان قىلىنغان.

ئەرەب مۇشرىكلىرى ئاللاھ تائالا ياراتقان ئېكىنلەردىن ۋە تۆگە، كالا، قوي، ئۆچكە قاتارلىق چارۋىلاردىن ئاللاھ تائالا ئۈچۈن مەلۇم مىقداردا نېسىۋە ئايرىپ، ئۆزلىرى ئاللاھ تائالاغا شېرىك قىلىۋالغان بۇتلىرى ئۈچۈنمۇ مەلۇم مىقداردا نېسىۋە ئايرىپ، ئۆز گۇمانىچە: «بۇ ئاللاھ ئۈچۈندۇر، بۇ مەبۇدلىرىمىز ئۈچۈندۇر» دەيتتى. ئۇلارنىڭ ئېتىقادىدا ئاللاھ تائالاغا ئاتىغان نېسىۋىدىن بۇتلارغا ئاتىغان نېسىۋىگە بىر نەرسە قوشۇلۇپ قالسا، «ئاللاھ بايدۇر، ئاللاھنىڭ بۇنىڭغا ھاجىتى يوق» دەپ، ئۇنى بۇتلىرىنىڭ نېسىۋىسى قاتارىدا قالدۇراتتى، ئەمما بۇتلىرىغا ئاتىغان نېسىۋىدىن ئاللاھ تائالاغا ئاتىغان نېسىۋىگە بىر نەرسە قوشۇلۇپ قالسا، ئۇنى بۇتلىرىنىڭ نېسىۋىسىگە قايتۇرۇۋېتەتتى.

مۇشرىكلار ئۆزلىرىنىڭ مال-مۈلۈكىدىن ئاللاھ تائالا ئۈچۈن بىر ھەسسە نېسىۋە ئايرىپ، ئۇنى پېقىرلارغا، يوقسۇللارغا، مېھمانلارنى كۈتۈشكە ۋە باللارنىڭ خىراجىتىگە ئىشلىتەتتى، مەبۇدلىرى ئۈچۈن يەنە

بىر ھەسسە نېسىۋە ئايرىپ، ئۇنى ئىبادەتخانىنىڭ خىزمەتكارلىرىغا بېرەتتى. ئۇلار ئىبادەتخانىلىرىغا مەخسۇس قىلىپ ئايرىغان پۇل-مالنى باشقا يەرگە ئىشلەتمەي، پەقەت ئىبادەتخانىنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن خىزمەتكارلىرىغىلا ئىشلىتەتتى. ئەمما ئاللاھ تائالاغا ئاتىغانلىرىنى مەبۇدلىرىغا ئىشلىتىشكە بولاتتى. بۇ نېمىدېگەن ئەقىلسىزلىق؟! بۇ نېمىدېگەن ناھەق ھۆكۈم!؟ ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى نېمىدېگەن يامان؟!

چۈنكى ئۇلار بۇ بۇزۇق تۈزۈمنى چىقىرىش، مەبۇدلىرىنى ئاللاھ تائالاغا شېرىك قىلىپ قوشۇۋېلىش ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىگە قارىتا يولسىزلىق قىلغان بولدى. چۈنكى، ھۆكۈم چىقىرىش ئاللاھ تائالاغا خاس ئىشتۇر، ئىبادەتمۇ ئاللاھ تائالاغىلا قىلىنىدۇ. ھەممىنى ئاللاھ تائالا ئۆزى ياراتقان تۇرسا، ئۇلار قانداقلارچە بۇ نەرسىلەرنى ئاللاھ تائالاغا شېرىك قىلىپ قوشۇۋالىدۇ؟ ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشلىرىنىڭ ئەقىل ياكى دىن تەرەپتىن ھېچقانداق دەلىل-ئىسپاتى يوق. بۇ ئۇچىغا چىققان ھاماقەتلىك ۋە چوڭقۇر ئازغۇنلۇق ئەمەسمۇ؟!

ئۇلار ئېكىنلەرنى تەقسىم قىلىش ۋە چارۋىلارنى قۇربانلىق قىلىش ئىشلىرىدىمۇ، بۇلارنى ئاللاھ تائالا بىلەن بۇتلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تەڭدىن تەقسىم قىلىش دەرىجىسىگە يەتكەن. مۇشرىكلارنىڭ نۇرغۇنلىغان يامان قىلمىشلىرىنى ئۇلارنىڭ شەيتانلىرى ئۇلارغا چىرايلىق كۆرسەتكەن، ھەتتا بالىلىرىنى ئۆلتۈرۈشنىمۇ يوللۇق كۆرسەتكەن. ئەڭ يامان بولغىنى بۇ مۇشرىكلارنىڭ شەيتانلىرىنىڭ ئۇلارنى كەلمىگەن پېقىرلىقتىن قورقۇتۇپ، ئۆز بالىلىرىنى ئۆلتۈرۈشنى ئۇلارغا يوللۇق ۋە چىرايلىق قىلىپ كۆر-سەتكەنلىكى ئىدى. ﴿وَلَا تَقْتُلُوٓا۟ أَوْلَـٰدَكُمْ خَشْيَةَ إِمْلَـٰقٍ ۖ نَّحْنُ نَرْزُقُهُمْ وَإِيَّاكُمْ ۚ إِنَّ قَتْلَهُمْ كَانَ خِطْـًٔا كَبِيرًا﴾ يەنى ﴿كەمبەغەللىكتىن قورقۇپ بالىلىرىڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار. ئۇلارنىڭمۇ، سىلەرنىڭمۇ رىزقىڭلارنى بىز بېرىمىز. شەكسىزكى، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش چوڭ گۇناھتۇر﴾[1]. رىزىق ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە تۇرسا، ئىنسان قانداقمۇ قىز بالىلىرى تۈپەيلىدىن پېقىر بولۇپ قالسۇن؟! ئۇلارنىڭ شەيتانلىرى يەنە ئۇلارنى «قىز بالا دېگەندىن نومۇسسىزلىق بىلەن پېقىرلىقتىن باشقىسى كەلمەيدۇ» دەپ قورقۇتاتتى. شۇڭا ئۇلار نارەسىدە قىزلىرىنى بۇ ئىككى تۈرلۈك قورقۇنچ يۈزىسىدىن تىرىك تۇرغۇزۇپ كۆمۈۋېتەتتى. يەنە بەزى مۇشرىكلار ئۆز قىزلىرىنى ئۆلتۈرۈشنى مەبۇدلىرى ئۇچۈن يېقىنلىق ۋاستىسى، دەپ قارايتتى.

[1] ئىسرا سۈرىسى: 31-ئايەت.

ئاللاھ تائالا مۇشرىكلارنىڭ يامان ئىشلىرىنى ئۇلارغا چىرايلىق كۆرسەتكەن ئادىمىي شەيتانلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ جىن شەيتانلىرىنى ئۇلارنىڭ «شېرىكلىرى» دەپ ئاتىغان. چۈنكى، مۇشرىكلار ئۇلارغا خۇددى ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلغاندەك ئىتائەت قىلاتتى ۋە ئۇلارنى ئاللاھ تائالانى ئۇلۇغلىغاندەك ئۇلۇغلايتتى. ئۇلارنىڭ بۇ قىلىقى ئەھلى كىتابنىڭ ئۆز ئۆلىمالىرىنى ئۇلۇغلاپ ئىلاھ قىلىۋالغىنىغا ئوخشاپ كېتەتتى. ئاللاھ تائالا ئەھلى كىتاب ھەققىدە مۇنداق دېگەن: ﴿ٱتَّخَذُوٓاْ أَحۡبَارَهُمۡ وَرُهۡبَٰنَهُمۡ أَرۡبَابٗا مِّن دُونِ ٱللَّهِ وَٱلۡمَسِيحَ ٱبۡنَ مَرۡيَمَ﴾ يەنى ﴿(يەھۇدىيلار) ئاللاھنى قويۇپ ئۆزلىرىنىڭ ئۆلىمالىرىنى، (خرىستىيانلار) ئۆزلىرىنىڭ راھىبلىرىنى ۋە مەريەم ئوغلى مەسىھنى ئىلاھ دەۋالدى﴾[1].

بۇ مۇشرىكلارنىڭ شەيتانلىرى ئۇلارنى خۇراپات پاتقاقلىرىغا پاتۇرۇپ ھالاك قىلىۋېتىش ۋە مۇشرىكلار يالغاندىن ئۆزلىرىنى مەنسۇپ قىلىپ كېلىۋاتقان ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىنى پۈتۈنلەي شېرىك دىنىغا ئارىلاشتۇرۇۋېتىش ئۈچۈن ئۇلارغا بارچە يامان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى پەردازلاپ چىرايلىق كۆرسەتكەندەك، ئۇلارغا ئۆز بالىلىرىنى ئۆلتۈرۈشنىمۇ شۇنداق چىرايلىق ۋە يوللۇق قىلىپ كۆرسەتكەن ئىدى.

ئەمەلىيەتتە، ئاللاھ تائالا خالىغان بولسا ئىدى، ئۇلار بۇ قىلمىشلارنىڭ ھېچبىرىنى قىلالمايتتى. ئەمما ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ نىيەت-ئىقبالىغا ۋە ئىستىكىگە ئاساسەن، ئۇلارنىڭ مەزكۇر قىلمىشلارنى قىلىشىغا يول قويغان. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئىنسانلارغا يول تاللاش ۋە قانداق ئىشلارنى قىلىش ئىختىيارىنى بېرىۋەتكەن بولۇپ، ئىنسانلار يول تاللاشتا ۋە قايسى ئىشنى قىلىش ياكى قىلماسلىقتا ئەركىندۇر.

ئەمما سەن ئى پەيغەمبەر! ئۇلارنى قويۇپ تۇر! ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى سېنى بىئارام قىلمىسۇن. ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمە. ئۇلارنىڭ ساڭا ۋە بىزگە قارىتا يەنە قانداق تۆھمەتلىرى بولسا قىلىۋەرسۇن. ئۇلاردىن قىلمىشلىرىنىڭ ھېسابىنى چوقۇم ئالىمىز ۋە ئۇلارغا قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى ئوبدان تېتىتىمىز.

«ئاندىن ئاللاھ تائالا جاھىلىيەتنىڭ كۆرۈنۈشلىرىدىن يەنە بىر كۆرۈنۈشنى بايان قىلىدۇ. مۇشرىكلار پۇل-ماللىرىنى ۋە ئاشلىقلىرىنى تۆۋەندىكىدەك ئۈچكە بۆلەتتى:

[1] تەۋبە سۈرىسى: 31-ئايەت.

1. ئۇلار بەزى چارۋىلارنى ۋە ئاشلىقلارنى مەبۇدلىرى ئۈچۈن ئاتاپ مۇنداق دەيتتى: «بۇلار ئىلاھلىرىمىز ئۈچۈن خاستۇر. بۇلاردىن پەقەت بىز تاللىغان كىشىلەرلا پايدىلىنالايدۇ». ئۇلارنىڭ بۇ سۆزلىرى ھېچقانداق بىر دىنىي تەلىماتقا تايانمىغان بولۇپ، ئۇلار پەقەت ئۆز گۇمانىغا تايىنىپلا شۇنداق قىلاتتى.

2. ئۇلار بىر قىسىم ھايۋانلارغا مىنىشنى ۋە ئۈستىگە يۈك ئارتىشنى ھارام قىلاتتى. بۇلار ئۇلارنىڭ «بەھىرە»، «سائىبە» ۋە«ھام» دەپ ئاتىۋالغان ھايۋانلىرى ئىدى.

3. ھايۋانلارنى بوغۇزلىغاندا ئاللاھ تائالانىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالمايتتى، ئەمما ئۆزلىرىنىڭ مەبۇدلىرىنىڭ ئىسملىرىنى ئاتايتتى.

مۇشرىكلارنىڭ يۇقىرىقى تەقسىماتى ئاللاھ تائالانىڭ نامىدىن يالغانلارنى ئويدۇرۇپ تۇرۇپ قىلغان تەقسىمات ئىدى. مۇشرىكلارنىڭ كاتتىباشلىرى ئاۋاملىرىنى «ئاللاھ شۇنداق تەقسىم قىلىشقا بۇيرۇغان» دەپ ئالدايتتى. ھالبۇكى، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى مۇنداق قىلىشقا بۇيرۇغان ئەمەس. ﴿قُلۡ أَرَءَيۡتُم مَّآ أَنزَلَ ٱللَّهُ لَكُم مِّن رِّزۡقٖ فَجَعَلۡتُم مِّنۡهُ حَرَامٗا وَحَلَٰلٗا قُلۡ ءَآللَّهُ أَذِنَ لَكُمۡۖ أَمۡ عَلَى ٱللَّهِ تَفۡتَرُونَ﴾ يەنى ﴿ئېيتقىنكى، «دەپ بېقىڭلارچۇ! ئاللاھ سىلەرگە چۈشۈرگەن رىزىقتىن بىر قىسمىنى ھارام، (يەنە بىر قىسمىنى بولسا) ھالال قىلىۋالدىڭلار». ئېيتقىنكى: «ئاللاھ سىلەرگە (مۇشۇنداق قىلىشقا) رۇخسەت بەرگەنمۇ؟ ياكى سىلەر ئاللاھنىڭ نامىدىن يالغاننى توقۇۋاتامسىلەر؟»﴾[1] ئاللاھ تائالا ئۇلارنى بۇ يالغانچىلىقى ئۈچۈن ئەلۋەتتە جازالايدۇ»[2].

﴿ئۇلار ئۆز گۇمانىچە: «بۇ ھايۋانلار ۋە ئېكىنلەر (مەبۇدلىرىمىزغا خاس بولۇپ، باشقىلارغا) ھارامدۇر، ئۇلارنى پەقەت بىز خالىغان ئادەملەرلا يەيدۇ، بۇ ھايۋانلارنى مىنىش ھارامدۇر» دېدى﴾. ئۇلارنىڭ «بۇ ھايۋانلار» دېگىنى قۇلاقلىرى كېسىۋېتىلگەن ۋە مىنىش ياكى سېغىشتىن مەنئى قىلىنغان، ئەركىن قويۇپ بېرىلگەن ھايۋانلارنى كۆرسىتەتتى. مۇنداق ھايۋانلار ئەركەك تۇغسا، ئۇنى ئەرلەر ئۈچۈنلا خاس قىلىۋېتەتتى. ئەگەر چىشى تۇغسا، ئۇنىڭ نەتىجىسىگە قارايتتى، ئەگەر ئۆلۈك تۇغۇلسا، ئۇنى ئەر بىلەن ئايال ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۈلەشتۈرەتتى. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ بۇ خىيالىي تەقسىماتى ۋە ئاغزىغا كەلگەنچە ھۆكۈم چىقىرىپ

[1] يۇنۇس سۈرىسى: 59-ئايەت.

[2] التفسير الواضح» 1- توم، 669- بەت.

«ئۇ ھالال، بۇ ھارام» دېگەنلىكىنىڭ جازاسىنى ئۇلارغا چوقۇم تېتىتىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ تائالا ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.

ئاللاھ تائالا ئەرەب مۇشرىكلىرىنىڭ ئىككى چوڭ قەبىھ قىلمىشىنى قاتتىق ئەيىبلىگەن. ئۇلارنىڭ بىرى، ئۆز قىزلىرىنى تىرىك تۇرغۇزۇپ يەرگە كۆمۈشى، ئىككىنچىسى، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا ھالال قىلىپ بەرگەن پاك رىزىقلارنى ئۆزلىرى ئۈچۈن ھارام قىلىۋېلىشى ئىدى. ئاللاھ تائالا ئۇلارنى زىيان تارتقۇچى، ئەخمەق، نادان، تۆھمەتخور، ئازغۇن قاتارلىق سۆپەتلەر بىلەن سۈپەتلىگەن. ئۇنداق بولمىسا، بىر ئىنسان قانداقمۇ پېقىرلىق ۋە نومۇسقا قېلىش ئېھتىماللىقىدىن قورقۇپ ئۆزىنىڭ قىزلىرىنى ئۆلتۈرىدۇ؟ ئاللاھ تائالا ھالال قىلىپ بەرگەن پاك يېمەكلىكلەرنى قانداقمۇ ئۆزلىرى ئۈچۈن ھارام قىلىۋالىدۇ؟

بالىلار ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان كاتتا نېمەت، دۇنيالىقتا ھەر ئۆيىنىڭ زىننىتى ۋە خۇشپۇراق گۈللىرىدۇر. مۇنداق بىر چوڭ نېمەتنى يوق قىلىشقا ئۇرۇنغان ئادەم ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپىگە ۋە جازاسىغا ئۇچرىماي قالمايدۇ. چۈنكى، بۇنداق قىلىش ۋەھشىي جىنايەتتۇر.

بۇنداق ۋەھشىي جىنايەتنى پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئەيىبلەيدۇ ۋە ئەلۋەتتە يامان كۆرىدۇ. ئۆزىنىڭ يۈرەك پارىسى بولغان بالىسىنى ئۆز قولى بىلەن ئۆلتۈرۈشتىنمۇ ئارتۇق ۋەھشىيلىك بارمۇ؟ بۇنىڭدىنمۇ چوڭ نادانلىق بارمۇ؟ ئاللاھ تائالا شۇڭا مۇنداقلارنى «نادان»، «ئەخمەق» دەپ ئەيىبلىگەن.

ئۇلار يەنە ئاللاھ تائالانىڭ نامىدىن يالغانلارنى ئويدۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ خۇراپىي ئەقىدىسىنى كۈچكە ئىگە قىلىشقا ئۇرۇنغان كاززاپلاردۇر. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئۇلارنى «يالغانچىلار» دەپ ئەيىبلىگەن.

ئۇلار ئازغۇنلۇقتا يېتىپ كەتكەن، ئەقىل ۋە دىن قوبۇل قىلمايدىغان ۋەھشىي قىلمىشلارنى قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى «ئازغۇنلار» دەپ سۈپەتلىگەن. چۈنكى، ئۇلار ئەقىل ياكى بىرەر دىنىنىڭ يولىدا ماڭمىغان مەخلۇقلاردۇر.

ئىمام بۇخارىي ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن: «إِذَا سَرَّكَ أَنْ تَعْلَمَ جَهْلَ الْعَرَبِ، فَاقْرَأْ مَا فَوْقَ الثَّلَاثِينَ وَمِائَةٍ فِي سُورَةِ الْأَنْعَامِ» يەنى «ئەرەبنىڭ ئەقىلسىزلىقىنى بىلمەكچى بولساڭ، ئەنئام سۈرىسىنىڭ

130 ـ ئايەتتىن ئالدىنقى ئايەتلەرنى ئوقۇغىن»[1] دېگەن ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. دىندا بىدئەت پەيدا قىلىش ۋە ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا زىت كېلىدىغان قانۇنلارنى چىقىرىش قەتئىي ھارامدۇر.

2. مازار ـ ماشايىخلارغا، ئاتالمىش ئەۋلىيالارغا ئاتاپ مال بوغۇزلاش مۇشرىكلارنىڭ ئىشىدۇر.

3. ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش قەتئىي ھارامدۇر. بۇنىڭغا بىنائەن، قورساقتىكى بالىنى ئېلىۋېتىش ئەڭ ۋەھشىي قاتىللىقتۇر. زامانىمىزدا تەرغىب قىلىنىۋاتقان، بەزى ئەللەردە كىشىلەرنى زورلاۋاتقان تۇغۇت چەكلەش سىياسىتى جاھىلىيەتنىڭ ئادىتى ۋە مۇستەملىكىچىلەرنىڭ ئىشىدۇر.

### ◄ ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتى ۋە مۇشرىكلارغا رەددىيە

﴿۞وَهُوَ ٱلَّذِيٓ أَنشَأَ جَنَّٰتٖ مَّعۡرُوشَٰتٖ وَغَيۡرَ مَعۡرُوشَٰتٖ وَٱلنَّخۡلَ
وَٱلزَّرۡعَ مُخۡتَلِفًا أُكُلُهُۥ وَٱلزَّيۡتُونَ وَٱلرُّمَّانَ مُتَشَٰبِهٗا وَغَيۡرَ مُتَشَٰبِهٖۚ
كُلُواْ مِن ثَمَرِهِۦٓ إِذَآ أَثۡمَرَ وَءَاتُواْ حَقَّهُۥ يَوۡمَ حَصَادِهِۦۖ وَلَا تُسۡرِفُوٓاْۚ إِنَّهُۥ
لَا يُحِبُّ ٱلۡمُسۡرِفِينَ ١٤١ وَمِنَ ٱلۡأَنۡعَٰمِ حَمُولَةٗ وَفَرۡشٗاۚ كُلُواْ مِمَّا رَزَقَكُمُ
ٱللَّهُ وَلَا تَتَّبِعُواْ خُطُوَٰتِ ٱلشَّيۡطَٰنِۚ إِنَّهُۥ لَكُمۡ عَدُوّٞ مُّبِينٞ ١٤٢ ثَمَٰنِيَةَ
أَزۡوَٰجٖۖ مِّنَ ٱلضَّأۡنِ ٱثۡنَيۡنِ وَمِنَ ٱلۡمَعۡزِ ٱثۡنَيۡنِۗ قُلۡ ءَآلذَّكَرَيۡنِ حَرَّمَ أَمِ
ٱلۡأُنثَيَيۡنِ أَمَّا ٱشۡتَمَلَتۡ عَلَيۡهِ أَرۡحَامُ ٱلۡأُنثَيَيۡنِۖ نَبِّـُٔونِي بِعِلۡمٍ إِن كُنتُمۡ
صَٰدِقِينَ ١٤٣ وَمِنَ ٱلۡإِبِلِ ٱثۡنَيۡنِ وَمِنَ ٱلۡبَقَرِ ٱثۡنَيۡنِۗ قُلۡ ءَآلذَّكَرَيۡنِ حَرَّمَ
أَمِ ٱلۡأُنثَيَيۡنِ أَمَّا ٱشۡتَمَلَتۡ عَلَيۡهِ أَرۡحَامُ ٱلۡأُنثَيَيۡنِۖ أَمۡ كُنتُمۡ شُهَدَآءَ إِذۡ
وَصَّىٰكُمُ ٱللَّهُ بِهَٰذَاۚ فَمَنۡ أَظۡلَمُ مِمَّنِ ٱفۡتَرَىٰ عَلَى ٱللَّهِ كَذِبٗا لِّيُضِلَّ

---

[1] «صحيح البخاري» 4 ـ توم، 184 ـ بەت، 4253 ـ ھەدىس.

ٱلنَّاسَ بِغَيْرِ عِلْمٍۚ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يَهْدِى ٱلْقَوْمَ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿١٤٤﴾

### ◄ تەرجىمىسى

141ـ ئاللاھ بېدىشلىك ۋە بېدىشسىز باغلارنى بەرپا قىلغان، مېۋىلىرى بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان خورما دەرەخلىرىنى، زىرائەتلەرنى، (ياپراقلىرى) بىر-بىرىگە ئوخشايدىغان، (مېۋىسى ۋە تەمى) ئوخشىمايدىغان زەيتۇن ۋە ئانارنى ياراتقان زاتتۇر. مېۋىلىگەندە ئۇلاردىن يەڭلار، مېۋىنى يىغقان كۈندە، ئۇنىڭ ھەققىنى (ئۆشرىسىنى) ئادا قىلىڭلار، ئىسراپ قىلماڭلار، چۈنكى ئاللاھ ئىسراپ قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرمەيدۇ.

142ـ چارۋىلاردىن يۈك توشۇيدىغانلىرىنى، ياتقۇزۇپ بوغۇزلىنىدىغانلىرىنى (ياراتقان ئاللاھتۇر). ئاللاھ سىلەرگە رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەردىن يەڭلار، شەيتاننىڭ ئارقىسىغا كىرمەڭلار. چۈنكى، شەيتان سىلەرگە ئوپئوچۇق دۈشمەندۇر.

143ـ ئەركەك-چىشى سەككىز ھايۋان (نىمۇ ئاللاھ ياراتتى): قويدىن ئىككى (قوچقار ۋە ساغلىق)، ئۆچكىدىن ئىككى (تېكە ۋە ئۇرغاچى ئۆچكە). (ئى پەيغەمبەر! مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى، «ئاللاھ (قوي بىلەن ئۆچكىدىن) ئىككى ئەركەكنى ھارام قىلدىمۇ؟ ياكى ئىككى چىشىنى ۋەياكى ئىككى چىشىنىڭ قورسىقىدىكى قوزا بىلەن ئوغلاقنى ھارام قىلدىمۇ؟ ئەگەر (سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، قېنى ماڭا (ئاللاھ تەرىپىدىن) بىرەر مەلۇمات ئېيتىپ بېرىڭلار!».

144ـ (ئاللاھ سىلەرگە ئەركەك-چىشى قىلىپ) تۆگىدىن ئىككىنى، كالىدىنمۇ ئىككىنى (ياراتتى). (ئى پەيغەمبەر! مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى، «ئاللاھ ئىككى ئەركەكنى ھارام قىلدىمۇ؟ ياكى ئىككى چىشىنى ۋەياكى ئىككى چىشىنىڭ قورسىقىدىكى بوتىلاق بىلەن موزاينى ھارام قىلدىمۇ؟ ياكى ئاللاھ بۇنى سىلەرگە تەۋسىيە قىلغان چاغدا سىلەر ھازىرمىدىڭلار؟ كىشىلەرنى ئازدۇرۇش ئۈچۈن، ھېچبىر ئىلمگە ئاساسلانماي تۇرۇپ، ئاللاھ نامىدىن يالغان ئېيتقان ئادەمدىنمۇ زالىم ئادەم بارمۇ؟ شۈبھىسىزكى، ئاللاھ زالىم قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ».

### ◄ بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئالدىنقى ئايەتلەردە كاپىرلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ نامىدىن يالغان ئېيتىپ، ئۇنىڭ ھالال قىلغانلىرىنى ھارام ۋە ھارام قىلغانلىرىنى ھالال

قىلىنۋالغان ۋە ساختا ئىلاھلارنى ئاللاھ تائالانىڭ شېرىكلىرى دەپ ئۇنىڭغا قوشۇۋالغانلىق قىلمىشى بايان قىلىنغان بولۇپ، بۇ ئايەتلەردە ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىنى ۋە چەكسىز قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان دەلىللەر، شۇنداقلا ئاللاھ تائالانىڭ يېگانە ياراتقۇچى، ھەممىنى يوقتىن بار قىلغۇچى، ھەممىنىڭ ئىگىسى ۋە يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكى بايان قىلىنىدۇ.

## ◄ تەپسىرى

سىلەرنىڭ ھەممىگە قادىر، قۇدرىتى چەكسىز ۋە سىلەرگە ئىنتايىن مېھرىبان ۋە تولىمۇ شەپقەتلىك رەببىڭلار شۇ ئۈزۈم باغلىرىغا ئوخشاش ياغاچلارغا ئېسىپ قويۇلىدىغان ۋە ئۆگزىلەرگە ياماشتۇرۇلىدىغان بېدىشلىك باغلارنى ۋە مېۋىلىك دەرەخلەرگە ئوخشاش بېدىشسىز بوستانلىقلارنى بەرپا قىلغان زاتتۇر.

ئايەتتە، خورما دەرىخىنىڭ باشقا مېۋىلەردىن ئايرىم تىلغا ئېلىنغانلىقى خورمىنىڭ ئەرەب يېرىم ئارىلىدا كۆپ ئۇچرايدىغانلىقى ۋە ئەرەبلەرنىڭ ئۇنىڭ پايدىسىنى كۆپ كۆرۈۋاتقانلىقى ئۈچۈندۇر. ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خورما دەرىخىنى مۇئمىن ئادەمگە ئوخشاتقان. چۈنكى، خورما دەرىخى خۇددى مۇئمىن ئادەمدەك ھەممە نەرسىسىدىن پايدىلانغىلى بولىدىغان بىر مەنپەئەتلىك دەرەختۇر. ئاللاھ تائالا يەنە سىلەرگە بۇغداي، ئارپا قاتارلىق سىلەرنىڭ ئاساسلىق ئوزۇق مەنبەيىڭلار بولغان زىرائەتلەرنى چىقىرىپ بەردى. بۇ خورما دەرىخى بىلەن زىرائەتلەرنىڭ ھەممىسى بىر خىل سۇ بىلەن سۇغىرىلىدۇ، ئوخشاش زېمىندا ئۆسىدۇ، خورما خورمىغا، بۇغداي بۇغدايغا، ئارپا ئارپىغا ئوخشايدۇ، ئەمما سۈپىتى بىر خىل بولمايدۇ. بىرى ئالىي سورتلۇق، يەنە بىرى ئوتتۇراھال، يەنە بىرى ناچار بولىدۇ، مېۋىلەرنىڭ تەممۇ بىر-بىرىگە ئوخشىمايدۇ. مەسىلەن: بىرى تاتلىق، يەنە بىرى ئاچچىق ياكى تەمسىز بولۇپ چىقىدۇ. يەنە بىر خىل سۇ بىلەن سۇغىرىلىپ، بىر خىل تۇپراقتا ئۆسۈپ چىققان بىر خىل مېۋىلەرنىڭمۇ تەمى، پۇرىقى ۋە رەڭگى بىر- بىرىگە ئوخشىمايدۇ. ئاللاھ تائالا نېمىدېگەن ماھىر ياراتقۇچى! نېمىدېگەن چەكسىز قۇدرەت ۋە سەنئەت ئىگىسى-ھە! ئى ئاللاھ سەن ھەقىقەتەن ھەممىگە قادىر ۋە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى زاتسەن!

ئاللاھ تائالا زەيتۇن بىلەن ئانار دەرىخىنى ئومۇمىي كۆرۈنۈشىدە بىر-بىرىگە ئوخشايدىغان، ئەمما مېۋىسىنىڭ شەكلى ۋە تەمى بىر-بىرىگە

ئوخشىمايدىغان قىلىپ ياراتتى. بۇ ئوخشىماسلىق ئۆزلۈكىدىن شۇنداق بولغانمۇ ياكى بىرەر قۇدرەت ئۆزگەرتكەنمۇ؟ بۇلارنى مۇنداق رەڭگى ھەرخىل، تەمى ھەرخىل ۋە پۇرىقى ھەرخىل قىلىپ ياراتقۇچى ئاللاھ تائالامۇ ياكى كىشىلەر مەبۇد قىلىۋالغان ساختا ئىلاھلارمۇ؟

بۇلارنى ياراتقان زات ئاللاھ تائالا ئەمەسمۇ؟! ئەگەر ئاللاھ تائالا خالىسا ئىدى، بىزنى يارىتىپ، مۇنداق ئېسىل، لەززەتلىك نازۇنېمەتلەرنى ئاتا قىلمىغان، ئۇلارنى قولغا كەلتۈرۈشىمىزنىمۇ مۇنداق ئاسان قىلمىغان بولاتتى. لېكىن ئاللاھ تائالا مەخلۇقاتىغا تولىمۇ مېھرىبان، شەپقەتلىك زات بولغانلىقتىن، جىمى مەخلۇقاتنى رىزىقلاندۇرۇشنى ئۆز پەزلى بىلەن ئۈستىگە ئالغان ئەمەسمۇ؟!

ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ بارلىقىنى، بىرلىكىنى تونۇپ ئىمان ئېيتقان ۋە ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلغان، بۇيرۇغان ئىبادەتلەرنى ئورۇندىغان مۇئمىن بەندىلىرىگە رىزىق بەرگەندەك، ئۆزىنى ئىنكار قىلغان، نېمەتلىرىگە تۇزكورلۇق قىلغان كاپىر بەندىلىرىنىمۇ رىزىقلاندۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ ئەمەسمۇ؟ بۇ نېمە دېگەن شەپقەتلىك ئىلاھ-ھە!

دەل-دەرەخلەر ۋە زىرائەتلەرنىڭ يىلتىزلىرى يەردىن سۈمۈرگەن سۇ ئۇلارنىڭ يېشىل شاخلىرىغا قەدەر تۆۋەندىن يۇقىرىغا ئۆرلەپ چىقىپ، ئاخىر يوپۇرماقلاردا توختايدۇ. شۇ سۇدىن رەڭگى گۈزەل، تەمى لەززەتلىك مېۋىلەر يېتىشىدۇ. ھەسەل ھەرىسىنىڭ يېگەنلىرى شېرىن ھەسەلگە، كىيىكنىڭ يېگەنلىرى ئىپارغا، توخۇنىڭ يېگەنلىرى تۇخۇمغا، كالىنىڭ يېگەنلىرى سۈتكە ئايلىنىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى زاتىدا، سۈپەتلىرىدە ۋە جىمى ئىشلىرىدا ئەڭ كامالەتلىك ئۇلۇغ ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىگە، گۈزەل سەنئىتىگە دالالەت قىلمامدۇ؟! بۇلارنىڭ ھەممىسى چەكسىز قۇدرەتنىڭ نامايەندىلىرى ئەمەسمۇ؟!

كائىناتنى تەبىئەت ياراتقان دېگۈچىلەر قېنى؟ ئاللاھ تائالانى ئىنكار قىلغۇچىلار قېنى؟ ئاللاھ تائالانىڭ مۈلۈكى بولغان يەر يۈزىدە ياشاپ، ئۇنىڭ نېمەتلىرىدىن بەھرىمەن بولۇپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلغۇچىلار قېنى؟ ئۇلار بۇ قۇدرەتنى قانداق چۈشەندۈرەركىن؟

ئى ئىنسانلار بۇ زىرائەتلەرنىڭ دانلىرىدىن، بۇ باغلارنىڭ مېۋىلىرىدىن يەڭلار، ئاللاھ تائالانىڭ سىلەرگە ئاتا قىلغان بۇ نېمەتلىرىنىڭ زاكىتىنى ۋە ئۆشرىسىنى بېرىش ئارقىلىق ئۇنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىڭلار، ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىڭلار، يەنى مول ھوسۇل ئالغان ۋاقتىڭلاردا،

نەپسلىرىڭلارنىڭ بېخىللىقىنى يېڭىپ، مول ھوسۇلنىڭ ئۆشرىسىنى ئادا قىلىش بىلەن ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىڭلار. چۈنكى، سىلەر ئېگە بولغان نېمەتلەردە پېقىرلارنىڭ، ھەتتا ئۆزىنىڭ يوقسۇللۇقىنى بىلىندۈرمەي يۈرگەن موھتاجلارنىڭ مەلۇم مىقداردا ھەققى بار. ئۇ بولسىمۇ، ئىسلام پەرزلىرىدىن بولغان زاكاتتۇر. زاكات ئىسلامنىڭ ئاۋۋالقى ۋاقىتلىرىدا مىقدارى بەلگىلەنمىگەن پەرز ئىدى. كېيىنچە، زاكات ھەققىدىكى مەدىنە ئايىتى نازىل بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زاكاتنىڭ مىقدارىنى ۋە ئۆلچىمىنى بەلگىلىگەن. شەكسىزكى، زاكات پەرزنى ئادا قىلىش پېقىرلار ئۈچۈن پايدىلىق بولۇشتىن ئاۋۋال بايلارنىڭ ئۆزى ئۈچۈن پايدىلىق ئىبادەتتۇر.

ئى ئىمان ئېيتقانلار! نېمەتنى ئىسراپ قىلماڭلار! چۈنكى ئىسراپ قىلىش قەتئىي ھارامدۇر. يېمەك-ئىچمەكلەردە ئىسراپچىلىق قىلماڭلار، سەدىقە بېرىشتىمۇ بالىچاقىلىرىڭلارنى قىيناپ قويىدىغان دەرىجىدە ئاشۇرۇۋەتمەڭلار، چۈنكى مۇنداق قىلىشمۇ ئىسراپقا كىرىدۇ. ئاللاھ تائالا سىلەرگە مىنىشكە ۋە يۈك ئارتىشقا يارامىلىق چوڭ ھايۋانلارنى، سىلەر يەرگە ياتقۇزۇپ تۇرۇپ بوغۇزلايدىغان، گۆشى يېيىلىدىغان، يۇڭى بىلەن تېرىسىدىن بىساتلارنى ۋە كىيىملەرنى توقۇپ پايدىلانغىلى بولىدىغان قوي ۋە ئۆچكىگە ئوخشاش كىچىك ھايۋانلارنى يارىتىپ بەردى. بۇ نېمەتكە شۈكۈر قىلىڭلار ۋە بۇ نېمەتلەرنى ئىسراپ قىلماڭلار.

ئايەتتىكى ﴿حَمُولَةً وَفَرْشًا﴾ دېگەن ئىككى سۆزنىڭ تەپسىرىدە، ساھابىلەرنىڭ ئۆلىمالىرىدىن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ﴿حَمُولَةً﴾ نى تۆگە، ئات، كالا، قېچىر، ئېشەك قاتارلىق يۈك توشۇيدىغان چارۋىلار، ئەمما ﴿وَفَرْشًا﴾ نى قوي، دەپ تەپسىر قىلغان. ئىبنى كەسىر، تەبەرىي، بەغەۋىي قاتارلىق تەپسىرلەردىمۇ شۇنداق تەپسىر قىلىنغان. شۇڭا تەرجىمىدە «يۈك توشۇيدىغانلىرىنى، ياتقۇزۇپ بوغۇزلىنىدىغانلىرىنى» دېيىلدى. زەھھاك ﴿حَمُولَةً﴾ دىن تۆگە بىلەن كالا كۆزدە تۇتۇلىدىغانلىقىنى ئېيتقان.

ئاللاھ تائالا سىلەرگە رىزىق قىلىپ بەرگەن ھايۋانلارنىڭ گۆشىدىن يەڭلار، ئۇلارنىڭ يۇڭى، سۈتى، تېرىسى قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىڭلار، شەيتانلارنىڭ يوللىرىغا ئەگەشمەڭلار، شەيتانلارغا ئەگىشىپ ئاللاھ تائالا ھالال قىلغان نەرسىلەرنى ھارام ۋە ئاللاھ تائالا ھارام قىلغان نەرسىلەرنى ھالال سانىماڭلار. چۈنكى، شەيتان سىلەرنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنىڭلاردۇر.

﴿إِنَّمَا يَأۡمُرُكُم بِٱلسُّوٓءِ وَٱلۡفَحۡشَآءِ وَأَن تَقُولُواْ عَلَى ٱللَّهِ مَا لَا تَعۡلَمُونَ﴾ يەنى ﴿شەيتان سىلەرنى پەقەت يامانلىققا، قەبىھ گۇناھلارغا ۋە ئۆزۈڭلار بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى ئاللاھنىڭ نامىدىن ئېيتىشقا بۇيرۇيدۇ﴾[1].

بۇ چارۋىلار تۆگە، كالا، قوي، ئۆچكە قاتارلىقلار بولۇپ، بۇلاردىن ھەربىرى ئەركەك-چىشى بولۇپ ھەممىسى سەككىز تۈرلۈك بولىدۇ. ئاللاھ تائالا قويدىن ئىككى تىپنى ياراتقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى قوچقار، يەنە بىرى ساغلىق قويدۇر. ئۆچكىدىنمۇ ئىككى تىپنى ياراتقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى تېكە، يەنە بىرى ئۇرغاچى ئۆچكىدۇر. تۆگىدىنمۇ ئىككىنى ياراتقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى بۇغرا، يەنە بىرى ھىنگاندۇر. كالىدىنمۇ ئىككىنى ياراتقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى بۇقا، يەنە بىرى ئىنەكتۇر. ئى پەيغەمبەر! ئۇ مۇشرىكلارغا كايىپ ئېيتقىنكى، ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ! ئاللاھ تائالا سىلەرگە قوچقار بىلەن ساغلىقنى ياكى تېكە بىلەن ئۇرغاچىنى ھارام قىلدىمۇ؟ ئەگەر سۆزۈڭلاردا راستچىللاردىن بولساڭلار، بۇنى ئىسپاتلاڭلار قېنى. ياكى ئاللاھ تائالا ئەركەك تۆگە بىلەن ئەركەك كالىنى ياكى چىشى تۆگە بىلەن چىشى كالىنى ھارام قىلدىمۇ؟ ياكى چىشى ھايۋانلارنىڭ قورساقلىرىدىكى باللىرىنى ھارام قىلدىمۇ؟

مەلۇمكى، جاھىلىيەتتىكى ئەرەب مۇشرىكلىرى بەزى ھايۋانلارنى ئۆزلىرىگە ھارام قىلىۋالغان ئىدى. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشىنىڭ تۈپتىن خاتا ئىكەنلىكىنى ئۇلارغا بىلدۈرۈش ۋە ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتىكى سەپسەتىلىرىنى بىتچىت قىلىش ئۈچۈن، بۇ ئايەتلەرنى بايان قىلدى. ئاللاھ تائالا قوي، ئۆچكە، كالا، تۆگە قاتارلىق چارۋىلارنىڭ ئەركەك ۋە چىشى ھەممە تۈرلىرىنى ھالال قىلغان. ئاللاھ تائالا ئەگەر بۇ چارۋىلاردىن بىرەر ئەركەك ھايۋاننى ھارام قىلغان بولسا، پۈتۈن تۈردىكى ھايۋانلارنىڭ ئەركەكلىرىنى، ئەگەر بىرەر چىشى ھايۋاننى ھارام قىلغان بولسا، پۈتۈن چىشى ھايۋانلارنى ھارام قىلغان بولاتتى. ئەگەر چىشى ھايۋانلارنىڭ قورساقلىرىدىكى باللىرىنى ھارام قىلغان بولسا، پۈتۈن ھايۋان باللىرىنىڭ ھەممىسىنى ھارام قىلغان بولاتتى.

ئاللاھ تائالا ئۇلارغا بۇ ھايۋانلاردىن ھېچبىرىنى ھارام قىلغان ئەمەس. بۇ پەقەتلا ئاللاھ تائالانىڭ نامىدىن يالغانلارنى ئويدۇرۇپ چىقارغان تۆھمەتچىلەردۇر. ئاللاھ تائالا بۇ مەسىلىنى ئەڭ مۇكەممەل رەۋىشتە

[1] بەقەرە سۈرىسى: 169-ئايەت

تولۇق بايان قىلىپ بىلدۈرگەن. ئاندىن ئۇلارغا رەددىيە بېرىشتە ئۇلارنىڭ بۇ قەبىھ قىلمىشلىرىنى قاتتىق ئەيىبلەپ: ﴿ئاللاھ بۇنى سىلەرگە تەۋسىيە قىلغان چاغدا سىلەر ھازىرمىدىڭلار؟﴾ يەنى ئاللاھ تائالا سىلەرگە مۇشۇنداق قىلىشنى تەۋسىيە قىلغانمۇ؟ ياكى ئۇنىڭ ھارام قىلغانلىقىنى سىلەر كۆرگەنمىدىڭلار» دېگەن سوئالنى قويىدۇ. ياق! ئۇمۇ بولمىغان، بۇمۇ بولمىغان. سىلەر پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ نامىدىن يالغانلارنى ئويدۇرۇپ چىقارغان يالغانچىسىلەر. سىلەر ئاللاھ تائالانىڭ نامىدىن بىلمىگەن نەرسەڭلارنى ئېيتىپ جۈيلۈۋاتىسىلەر.

ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ بىلمەيدىغان نادان قەۋم ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ بىلمەيدىغانلىقىنى تەن ئالماي، ئاللاھ تائالانىڭ نامىدىن ئۆزلىرىچە دىنىي بەلگىلىمىلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىۋاتقان ئەخمەقلەر ئىكەنلىكىنى قاتتىق ئەيىبلىگەندىن كېيىن، دۇنيادا ئاللاھ تائالانىڭ نامىدىن يالغاننى توقۇغان ئادەمدىنمۇ زالىم ئادەم يوقلۇقىنى جاكارلىغان. چۈنكى، مۇنداقلار ئۆزلىرىنى ئازدۇرغاننى ئاز دەپ، باشقىلارنىمۇ تېزلا ئازدۇرۇپ كېتىدىغان، نەتىجىدە، ئۆزلىرىگە ۋە باشقىلارغا زىيان سالىدىغان زالىملاردۇر.

ئەمدى مۇنداقلارنىڭ جازاسىغا كەلسەك، ئاللاھ تائالا ھەددىدىن ئاشقان زالىم قەۋمنى توغرا يولغا يېتەكلىمەيدۇ، ئۇلارنى ھەرگىزمۇ ياخشىلىققا مۇيەسسەر قىلمايدۇ، ئاخىرەتتە بولسا قاتتىق ئازاب بىلەن جازالايدۇ.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. دانلىق زىرائەتلەرنىڭ، مېۋىلەرنىڭ ۋە ئوتياشلارنىڭ ھوسۇلىنى ئالغان ۋاقىتتا، بۇلارنىڭ ئۆشرىسىنى ئايرىش پەرزدۇر. ئۆشرە ئوندىن بىرىنى زاكات ئېلىشقا تېگىشلىك بولغان پېقىرلارغا بېرىش بىلەن ئادا بولىدۇ. يامغۇر ياكى بۇلاق سۈيى بىلەن سۇغىرىلغان مەھسۇلاتلاردىن ئوندىن بىر (يەنى 10% )، ئادەم كۈچى بىلەن سۇغىرىلغانلىرىدىن ئوندىن بىرىنىڭ يېرىمى (يەنى 5% ) بېرىلىدۇ.

2. ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان پۇل-مالنى ئىسراپ قىلىش، يامان يوللارغا سەرپ قىلىش، ئۆزىنىڭ ئائىلىسىگە سەرپ قىلىشتىن بېخىللىق قىلىپ، ئۇلارنى قىيناش ھارامدۇر. شۇنداقلا، ئائىلىسىنىڭ ئېھتىياجىنى قايرىپ قويۇپ، مال-مۈلكىنىڭ ھەممىسىنى سەدىقە قىلىشمۇ جائىز ئەمەستۇر.

3. ئاللاھ تائالا ھالال قىلىپ بەرگەن ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى يېيىش

مۇباھ، ئاللاھ تائالاغا شۈكرانىسىنى ئادا قىلىش پەرزدۇر.

4. دىنىي ئىلىملەردە مۇتەخەسسىس بولمىغان كىشىنىڭ ھالال-ھارام مەسىلىسىدىن سۆز ئېچىشى، پەتىۋا بېرىشى، بىلمىگەن نەرسىسىنى دىن نامىدىن ئوتتۇرىغا قويۇشى قەتئىي ھارامدۇر. مۇنداقلار ئاللاھ تائالانىڭ نامىدىن يالغان ئېيتقان مۇشرىكلارغا ئوخشاپ قالىدۇ.

### «قۇرئان كەرىم» ۋە «تەۋرات»تا ھارام قىلىنغان يېمەكلەر

﴿قُل لَّآ أَجِدُ فِي مَآ أُوحِيَ إِلَيَّ مُحَرَّمًا عَلَىٰ طَاعِمٖ يَطۡعَمُهُۥٓ إِلَّآ أَن يَكُونَ مَيۡتَةً أَوۡ دَمٗا مَّسۡفُوحًا أَوۡ لَحۡمَ خِنزِيرٖ فَإِنَّهُۥ رِجۡسٌ أَوۡ فِسۡقًا أُهِلَّ لِغَيۡرِ ٱللَّهِ بِهِۦۚ فَمَنِ ٱضۡطُرَّ غَيۡرَ بَاغٖ وَلَا عَادٖ فَإِنَّ رَبَّكَ غَفُورٞ رَّحِيمٞ ١٤٥ وَعَلَى ٱلَّذِينَ هَادُواْ حَرَّمۡنَا كُلَّ ذِي ظُفُرٖۖ وَمِنَ ٱلۡبَقَرِ وَٱلۡغَنَمِ حَرَّمۡنَا عَلَيۡهِمۡ شُحُومَهُمَآ إِلَّا مَا حَمَلَتۡ ظُهُورُهُمَآ أَوِ ٱلۡحَوَايَآ أَوۡ مَا ٱخۡتَلَطَ بِعَظۡمٖۚ ذَٰلِكَ جَزَيۡنَٰهُم بِبَغۡيِهِمۡۖ وَإِنَّا لَصَٰدِقُونَ ١٤٦ فَإِن كَذَّبُوكَ فَقُل رَّبُّكُمۡ ذُو رَحۡمَةٖ وَٰسِعَةٖ وَلَا يُرَدُّ بَأۡسُهُۥ عَنِ ٱلۡقَوۡمِ ٱلۡمُجۡرِمِينَ ١٤٧﴾

### تەرجىمىسى

145-(ئى پەيغەمبەر! مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى«ماڭا ۋەھيى قىلىنغان ئەھكاملار ئىچىدە، ئۆزى ئۆلۈپ قالغان نەرسە ياكى ئېقىتىلغان قان ۋەياكى (ئەسلىدىن) پاسكىنىلىقى سەۋەبلىك (ھارام قىلىنغان) چوشقا گۆشى ۋە ئاللاھتىن باشقىسىنىڭ ئىسمى ئېيتىلىپ بوغۇزلىنىپ گۇناھقا سەۋەب بولغان مالدىن باشقىسىنى ھېچكىمگە ھارام كۆرمەيمەن». كىمكى چارىسىز قېلىپ ئۇلاردىن (يەنى ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن) لەززەتلىنىشنى كۆزلىمەي، (ھاياتىنى ساقلاپ قالغۇدەك مىقداردىن) ئاشۇرۇۋەتمەي يېسە (گۇناھ بولمايدۇ). چۈنكى، سېنىڭ رەببىڭ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.

146-يەھۇدىيلارغا تومتۇياقلىق ھايۋانلارنىڭ ھەممىسىنى ھارام قىلدۇق، ئۇلارغا كالا ۋە قويلارنىڭ دۈمبىسىدىكى ياكى ئۈچەيلىرىدىكى

ياكى سۆڭەكلىگە چاپلىشىقلىق ياغلىرىدىن باشقا ياغلىرىنى هارام قىلدۇق، ئۇلار هەددىدىن ئاشقانلىقى ئۈچۈن، ئاشۇ (پاك نەرسىلەرنى هارام قىلىش ئارقىلىق) ئۇلارنى جازالىدۇق، بىز ئەلۋەتتە راستچىلمىز.

147-(ئى پەيغەمبەر!) ئەگەر ئۇلار سېنى يالغانغا چىقارسا، سەن (ئۇلارغا): «رەببىڭلار

كەڭ رەھمەت ئىگىسىدۇر، ئۇنىڭ ئازابى گۇناھكار قەۋمدىن قايتۇرۇلمايدۇ» دېگىن.

## ◄ تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! ئاللاھ تائالانىڭ نامىدىن يالغاننى ئويدۇرۇپ، ئاللاھ تائالا هالال قىلغان پاك نەرسىلەرنى هارام قىلىۋالغان ئاشۇ ئازغۇن مۇشرىكلارغا ئېيتقىنكى، ماڭا ۋەھيى قىلىنغان ئەھكاملار (يەنى دىنىي مەسىلىلەر ۋە هۆكۈملەر) ئىچىدە، ئۆزى ئۆلۈپ قالغان مال، قان، چوشقا گۆشى ۋە ئاللاھ تائالادىن باشقا بىرىنىڭ ئىسمى ئېيتىلىپ بوغۇزلانغان مالدىن باشقىسىنى هارام دېمەيمەن. سىلەر شەيتاننىڭ ئارقىسىغا كىرىپ، ئۇنىڭ يولىغا ئەگىشىپ، ئۆز خاھىشىڭلار بىلەن هارام دەۋالغان نەرسىڭلارنى مەن هارام دېمەيمەن. بۇ ئايەت مەككىدە نازىل بولغان ئايەت بولۇپ، ئىسلامدا هارام قىلىنغان نەرسىلەرگە قىسقىچە ئىشارەت قىلغان. ئاندىن مائىدە سۈرىسىنىڭ 3-ئايىتىدە بۇ نەرسىلەر تەپسىلي بايان قىلىنغان. «نَهَى النَّبِيُّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ عَنْ أَكْلِ كُلِّ ذِى نَابٍ مِنَ السَّبُعِ» يەنى «پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام هايۋانلاردىن مەگەن چىشلىقى، ئۇچار قاناتلاردىن يىرتقۇچى تىرنىقى بارلىرىنىڭ گۆشىنى يېيىشتىن مەنئى قىلغان»[1]. بۇ مەسىلە فىقھى كىتابلىرىدا تەپسىلي بايان قىلىنغان.

ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، ئاللاھ تائالا ماڭا ۋەھيى قىلغان نەرسىلەرنىڭ ئىچىدىن تۆت نەرسىدىن باشقا هارامنى بىلمەيمەن. ئۇلار: ئۆزى ئۆلۈپ قالغان مالنىڭ گۆشى، قان، چوشقا گۆشى ۋە ئاللاھ تائالادىن باشقىسىنىڭ ئىسمى ئېيتىلىپ بوغۇزلانغان مالنىڭ گۆشى قاتارلىقلاردۇر. هارام-شەرىئەتتە چەكلەنگەن نەرسە دېگەنلىك بولۇپ، هارام دېيىلگەن نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىش، هارام دېيىلگەن ئىشلارنى قىلىش ئېغىر

[1] «صحيح مسلم» 3-توم، 1533-بەت، 1932- هەدىس.

گۇناھتۇر.

سىلەرگە ئۆزى ئۆلۈپ قالغان مالنىڭ گۆشىنى يېيىش ھارام قىلىندى. بۇ بوغۇلۇپ ئۆلگەن، يۇقىرىدىن چۈشۈپ ئۆلگەن، ئۈسۈپ ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋانلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مالنى بوغۇزلىغاندا ئاققان قاننى ئىچىشمۇ ھارامدۇر. ئەمما تال بىلەن جىگەر ھالالدۇر. چوشقا ۋە ئىتنىڭ گۆشى ئەڭ قاتتىق ھارام نەرسىلەر بولۇپ، بۇ نەرسىلەرنىڭ پاسكىنىلىقى ۋە نىجىسلىقى تۇپەيلىدىن ئىنسان تەبىئىتى ئۇنىڭدىن يىرگىنىدۇ ۋە نەپرەتلىنىدۇ. ئاللاھ تائالادىن باشقا بىرىنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ بوغۇزلانغان مالنىڭ گۆشى ۋە بۇتلارغا ئاتاپ بوغۇزلانغان مالنىڭ گۆشىمۇ ھارامدۇر.

ئەمما ئىنسان چارىسىزلىقتىن، ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن ھاياتىنى ساقلاپ قالغۇدەك مىقدارنى يېسە، بۇنىڭغا رۇخسەت قىلىنىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە بەكمۇ شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان زات بولۇپ، ئۇلارنى كەچۈرىدۇ. شۇڭا ئۆزىنى ھالاكەتتىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن ئۆلمىگۈدەك مىقداردا ئىستېمال قىلغان كىشىنى ئاللاھ تائالا جاۋابكارلىققا تارتمايدۇ.

بۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن ئىسلام دىنىدا ھارام قىلىنغان نەرسىلەرنىڭ قىسقىچە بايانىدۇر. ئەمما ئاللاھ تائالا ئىلگىرى يەھۇدىيلار ئۈچۈن ھارام قىلغان نەرسىلەر ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى تۇپەيلىدىن ئۇلارغا قويۇلغان ۋاقىتلىق چەكلىمە ئىدى. ﴿فَبِظُلۡمٖ مِّنَ ٱلَّذِينَ
هَادُواْ حَرَّمۡنَا عَلَيۡهِمۡ طَيِّبَٰتٍ أُحِلَّتۡ لَهُمۡ وَبِصَدِّهِمۡ عَن سَبِيلِ ٱللَّهِ كَثِيرٗا ﴿١٦٠﴾
وَأَخۡذِهِمُ ٱلرِّبَوٰاْ وَقَدۡ نُهُواْ عَنۡهُ وَأَكۡلِهِمۡ أَمۡوَٰلَ ٱلنَّاسِ بِٱلۡبَٰطِلِۚ وَأَعۡتَدۡنَا
لِلۡكَٰفِرِينَ مِنۡهُمۡ عَذَابًا أَلِيمٗا﴾ يەنى ﴿يەھۇدىيلارنىڭ قىلغان زۇلمى، نۇرغۇن كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ يولىدىن توسقانلىقى، جازانىدىن چەكلەنگەن تۇرۇقلۇق ئۇنى ئالغانلىقى ۋە كىشىلەرنىڭ پۇل-ماللىرىنى ناھەق يەۋالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارغا (ئىلگىرى) ھالال قىلىنغان پاكىز نەرسىلەرنى ھارام قىلدۇق، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن كاپىر بولغانلارغا قاتتىق ئازاب ھازىرلىدۇق﴾[1].

يەھۇدىيلارغا مەخسۇس قىلىپ تۆگە، تۆگە قۇشى، ئۆردەك، غاز قاتارلىق تىرناقلىق نەرسىلەرنى ھارام قىلغان ئىدۇق. ئۇلارغا يەنە قوي ۋە كالىنىڭ

[1] نىسا سۈرىسى: 160-161-ئايەتلەر.

ئۈستىدىكى يېغى (يەنى تارتسا ئاسانلا چىقىدىغان ياغلىرى) هارام قىلىنغان ئىدى. پەقەت مالنىڭ دۈمبىسى، قۇيرۇقى ۋە گۆشكە ئارىلىشىپ كەتكەن ياغلىرىلا هالال قىلىنغان ئىدى.

ئاللاھ تائالا يەھۇدىيلارغا يۇقىرىقى نەرسىلەرنى هارام قىلغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ئۇلارنىڭ جىنايەتلىرىگە باغلىغان. يەنى يەھۇدىيلارنىڭ پەيغەمبەرلەرنى ئۆلتۈرۈش، كىشىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىدىن توسۇش، جازانىخورلۇق قىلىش، باشقىلارنىڭ پۇل-مېلىنى يولسىزلىق قىلىپ يەۋېلىش قاتارلىق جىنايەتلىرىگە باغلىغان. يۇقىرىقى نەرسىلەر يەھۇدىيلارغا خېلى بۇرۇنلا هارام قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ياكى ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ بۇنىڭدىن خەۋىرى يوق ئىدى. شۇڭا ئاللاھ تائالا بۇ بايانلاردىن كېيىن: ﴿بىز راستچىلمىز﴾ دېگەن ئايەتنى كەلتۈرگەن. ئاللاھ تائالادىن راستچىل كىم بولسۇن؟! ئى پەيغەمبەر! يەھۇدىيلار ئەگەر سېنى ئىنكار قىلىپ، سەن ئوقۇپ بەرگەن ئايەتلەرنى يالغانغا چىقىرىپ: «ئاللاھ ئىنسانلارغا شۇنچىلىك رەھىم-شەپقەتلىك تۇرسا، ئۇ قانداقمۇ ئۆزى هالال قىلغان نەرسىلەرنى هارام قىلىۋېتىدۇ؟» دېسە، ئۇلارغا ئېيتقىنكى، توغرا دەيسىلەر، ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە ھەقىقەتەن رەھىم-شەپقەتلىك ۋە مەغپىرىتى كەڭ زاتتۇر. لېكىن سىلەرگە ئوخشىغان جىنايەتچىلەرنى، ئەمرىگە ئاسىيلىق قىلغان گۇناھكارلارنى جازالاشقا كەلگەندە، ئۇنىڭ ئازابى ھەقىقەتەن قاتتىقتۇر. ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىنى سىلەردەك جىنايەتچى قەۋمدىن ھېچكىم توسۇۋالالمايدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئىسلامدا كۆرسىتىلگەن بويىچە بوغۇزلانمىغان مالنىڭ گۆشىنى يېيىش قەتئىي هارامدۇر. بۇنىڭغا ئۆزى ئۆلۈپ قالغان مال، ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەن مال، يىرتقۇچلار يەپ ئۆلتۈرۈپ قويغان ماللارنىڭ ھەممىسى كىرىدۇ. قان، چوشقا گۆشى، ئاللاھ تائالادىن باشقىسىنىڭ ئىسمى ئېيتىلىپ بوغۇزلانغان مال، يىرتىدىغان تىرنىقى بار ئۇچار قۇش، مەگەن چىشلىق يىرتقۇچ هايۋان قاتارلىقلارنى يېيىش هارامدۇر.

2. ئىنسانلار بەزىدە ئۆزلىرىنىڭ ئاسىيلىقى ۋە ناشۈكۈرلىكى تۈپەيلىدىن ئاللاھ تائالانىڭ كۆپلىگەن نېمەتلىرىدىن مەھرۇم قالىدۇ.

3. ئاللاھ تائالانىڭ جىنايەتچىلەرنى تېز جازالىمىغانلىقى ئۇلارنى

كەچۈرۈۋەتكەنلىكىدىن ئەمەس، بەلكى تەۋبە قىلماقچى بولغانلارغا پۇرسەت يارىتىپ بېرىش، ھەددىدىن ئاشقانلارنى گۇناھقا تىخىمۇ پاتۇرۇپ، ئاندىن ئۇلارنى ئىبرەتلىك ھالدا، قاتتىق جازالاش ئۈچۈندۇر.

## ◄ مۇشرىكلارنىڭ سەپسەتىلىرى

﴿سَيَقُولُ ٱلَّذِينَ أَشْرَكُواْ لَوْ شَآءَ ٱللَّهُ مَآ أَشْرَكْنَا وَلَآ ءَابَآؤُنَا وَلَا حَرَّمْنَا مِن شَيْءٍۚ كَذَٰلِكَ كَذَّبَ ٱلَّذِينَ مِن قَبْلِهِمْ حَتَّىٰ ذَاقُواْ بَأْسَنَاۗ قُلْ هَلْ عِندَكُم مِّنْ عِلْمٍ فَتُخْرِجُوهُ لَنَآۖ إِن تَتَّبِعُونَ إِلَّا ٱلظَّنَّ وَإِنْ أَنتُمْ إِلَّا تَخْرُصُونَ ﴿١٤٨﴾ قُلْ فَلِلَّهِ ٱلْحُجَّةُ ٱلْبَٰلِغَةُۖ فَلَوْ شَآءَ لَهَدَىٰكُمْ أَجْمَعِينَ ﴿١٤٩﴾ قُلْ هَلُمَّ شُهَدَآءَكُمُ ٱلَّذِينَ يَشْهَدُونَ أَنَّ ٱللَّهَ حَرَّمَ هَٰذَاۖ فَإِن شَهِدُواْ فَلَا تَشْهَدْ مَعَهُمْۚ وَلَا تَتَّبِعْ أَهْوَآءَ ٱلَّذِينَ كَذَّبُواْ بِـَٔايَٰتِنَا وَٱلَّذِينَ لَا يُؤْمِنُونَ بِٱلْـَٔاخِرَةِ وَهُم بِرَبِّهِمْ يَعْدِلُونَ ﴿١٥٠﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

148-مۇشرىكلار: «ئەگەر ئاللاھ خالىسا ئىدى، بىزمۇ، ئاتا-بوۋىلىرىمىزمۇ (ئاللاھقا) شېرىك كەلتۈرمىگەن ۋە ھېچ نەرسىنى ھارام قىلىۋالمىغان بولاتتۇق» دەيدۇ. ئۇلاردىن بۇرۇنقىلارمۇ تاكى بىزنىڭ ئازابىمىزنى تېتىغانغا قەدەر (ئۆز پەيغەمبەرلىرىنى) مۇشۇنداق ئىنكار قىلغان ئىدى. (ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «(سۆزۈڭلارنىڭ راستلىقى ئۈچۈن) بىزگە كۆرسىتەلەيدىغان بىرەر پاكىتىڭلار بارمۇ؟ سىلەر پەقەت پەرەزگىلا ئاساسلىنىسىلەر، پەقەت يالغانلا سۆز-لەيسىلەر».

149-(ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «(سىلەرنىڭ پاكىتىڭلار بولمىسا)، ئاللاھنىڭ يېتەرلىك پاكىتى بار. ئەگەر ئاللاھ خالىسا ئىدى، ھەممىڭلارنى ئەلۋەتتە، ھىدايەت قىلغان بولاتتى».

150-(ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا يەنە) «ئاللاھ بۇلارنى ھارام قىلدى، دەپ گۇ-ۋاھلىق بېرىدىغان گۇۋاھچىلىرىڭلارنى چاقىرىپ كېلىڭلار» دېگىن، ئەگەر ئۇلار (يالغاندىن) گۇۋاھلىق بەرسە، سەن ئۇلارغا قوشۇلۇپ گۇۋاھلىق بەرمىگىن. بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغان، ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغان ۋە (ساختا ئىلاھلارنى) رەببىگە تەڭ قىلىۋالىدىغانلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئە-

گەشمىگىن.

### تەپسىرى

ئاللاھ تائالا ئالدىنقى ئايەتلەردە، كاپىرلارنىڭ ئازغۇنلۇقىنى بايان قىلغان ۋە ئۇلارنىڭ چىقىرىۋالغان دەلىلسىز بەلگىلىمىلىرىنى كەسكىن پاكىتلار بىلەن بىتچىت قىلغاندىن كېيىن، بۇ ئايەتلەردە ئۇلارنىڭ خۇددى ئۆمۈچۈكنىڭ تورىدىنمۇ ئاجىز ئاشۇ سەپسەتىلىرىنى دەلىل قىلىپ تۇرۇپ، ئازغۇنلۇقنى داۋاملاشتۇرىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. ﴿مۇشرىكلار: «ئەگەر ئاللاھ خالىسا ئىدى، بىزمۇ، ئاتا-بوۋىلىرىمىزمۇ (ئاللاھقا) شېرىك كەلتۈرمىگەن ۋە ھېچ نەرسىنى ھارام قىلىۋالمىغان بولاتتۇق» دەيدۇ﴾. يەنە بىر ئايەتتە مۇشرىكلارنىڭ مۇنۇ سۆزى بايان قىلىنغان: ﴿وَقَالُوا۟ لَوْ شَآءَ ٱلرَّحْمَـٰنُ مَا عَبَدْنَـٰهُم﴾ يەنى ﴿ئۇلار: «رەھمان ئاللاھ خالىسا ئىدى، بىز ئۇلارغا چوقۇنمايتتۇق» دېدى﴾[1]، ﴿وَقَالَ ٱلَّذِينَ أَشْرَكُوا۟ لَوْ شَآءَ ٱللَّهُ مَا عَبَدْنَا مِن دُونِهِۦ مِن شَىْءٍ نَّحْنُ وَلَآ ءَابَآؤُنَا وَلَا حَرَّمْنَا مِن دُونِهِۦ مِن شَىْءٍ ۚ كَذَٰلِكَ فَعَلَ ٱلَّذِينَ مِن قَبْلِهِمْ ۚ فَهَلْ عَلَى ٱلرُّسُلِ إِلَّا ٱلْبَلَـٰغُ ٱلْمُبِينُ﴾ يەنى ﴿مۇشرىكلار: «ئەگەر ئاللاھ خالىسا ئىدى، بىزمۇ، ئاتا-بوۋىلىرىمىزمۇ ئاللاھنى قويۇپ ھېچ نەرسىگە چوقۇنمىغان بولاتتۇق ۋە ئۇنىڭ ھۆكمىسىز ھېچ نەرسىنى ھارام دېمىگەن بولاتتۇق» دېدى. ئۇلاردىن ئىلگىرىكىلەرمۇ ئەنە شۇنداق قىلغان ئىدى. پەيغەمبەرلەرنىڭ مەسئۇلىيىتى دىنىنى چۈشىنىشلىك قىلىپ يەتكۈزۈشتىنلا ئىبارەتتۇر﴾[2].

يۇقىرىقى سەپسەتىلەر ئۆز ۋاقتىدىكى ئەرەب مۇشرىكلىرىنىڭ نەقەدەر ئەقىلسىز، نەقەدەر ئەخمەق مەخلۇقلار ئىكەنلىكىنى ئېچىپ بېرىدۇ. ئۇلار تەقدىر دېگەننى بىلمەيدۇ ۋە چۈشەنمەيدۇ. ئەگەر بىلسە ئىدى، مۇنداق ئاقماس سەپسەتىلەرنى بازارغا سالمىغان بولاتتى. ئاللاھ تائالا ئىنسانلارغا دىن تاللاش ئەركىنلىكىنى بەرگەن بولۇپ، كىشىلەر قايسى دىنغا ئېتىقاد قىلىشنى خالىسا، ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئېتىقاد قىلىدۇ، شۇنىڭدەك، گۇناھ قىلسىمۇ ئۆز ئىختىيارى ۋە ئۆز ئىرادىسى بىلەن گۇناھ قىلىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ كاپىرلارنىڭ كۇفرىلىق قىلىشىغا، مۇشرىكلارنىڭ شېرىك كەلتۈرۈشىگە يول قويغانلىقى ئۇلارغا ئىختىيار بەرگەنلىكىدۇر. ئۇ ھەرگىزمۇ ئاللاھ تائالانىڭ بۇ قىلمىشلارغا رازى ئىكەنلىكىنى

[1] زۇخرۇف سۈرىسى: 20-ئايەت.

[2] نەھل سۈرىسى: 35-ئايەت

بىلدۈرمەيدۇ. ئاللاھ تائالا ھېچكىمنى تائەت-ئىبادەتكە ياكى گۇناھ-مەئسىيەتكە مەجبۇرلىمايدۇ. ئىنسانلار قايسى يولدا ماڭسا ۋە قانداق ئەمەلنى قىلسا، ئۆز ئەقلى ۋە ئۆز ئىختىيارى بىلەن قىلىدۇ.

كاپىرلارنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلغانلىقى يېڭى بىر ئىنكار ئەمەس. چۈنكى، ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىمۇ ئۇلارنىڭ قەۋمى شۇنداق ئىنكار قىلغان. ئەگەر ئاللاھ تائالانىڭ كاپىرلارنىڭ قىلمىشلىرىنى شۇنداق تەقدىر قىلغانلىقى ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىغا رازى بولغانلىقىنىڭ ئىپادىسى بولسا ئىدى، ئۇلارنى قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن جازالىمىغان بولاتتى. ئېنىقكى، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ئەلۋەتتە جازالايدۇ، بەزىسىنى ئاخىرەتكە بېرىشتىن بۇرۇن بۇ دۇنيادىلا جازالىدى.

ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، سىلەرنىڭ بۇ قىلمىشىڭلار ۋە كۆتۈرۈپ چىققان سەپسەتىلىرىڭلارنى كۈچكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، بىزگە كۆرسىتەلەيدىغان بىرەر دەلىل-پاكىتىڭلار بارمۇ؟ ھەقىقەت شۇكى، سىلەر پەقەت خىيالىي پەرەزلەرگە تايىنىپلا شۇنداق قىلىۋاتىسىلەر، سىلەر يالغاننىلا سۆزلەيسىلەر. سىلەر يامان قىلمىشلىرىڭلارنى مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا قويغان سەپسەتىلەر ئەقىل ۋە دىن قوبۇل قىلمايدىغان نەرسىلەردۇر.

ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، ئاللاھ تائالانىڭ ئۆز ئايەتلىرىنى بايان قىلىشتا، پەيغەمبەرلىرىنى مۆجىزىلەر بىلەن كۈچلەندۈرۈشتە، مۇسۇلمانلارغا ئەمر-پەرمانلارنى چۈشۈرۈشتە ۋايىغا يەتكەن كۈچلۈك دەلىل-ئىسپاتلىرى ۋە ھۆججەتلىرى بار. ئەمما ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسى ۋە ئىلمى ئىنسانلارغا نىسبەتەن مەخپىي بولۇپ، بۇلارنى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ.

ھەرقانداق بىر ئىنسان ئەگەر ياخشى ئىش قىلىشقا بەل باغلىسا، ئۇنى چوقۇم قىلىدۇ، ئۇنى بۇ ياخشىلىقتىن توسۇۋالغۇچى بولمايدۇ. چۈنكى، بۇ ئاشۇ بەندىنىڭ خاھىشىدىكى ئىش. ياخشىلىققا مۇكاپات، يامانلىققا جازا بەلگىلەنگەن بولۇپ، بۇ ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسلىق پرىنسىپلىرىدىن بىرىدۇر.

ئاللاھ تائالا بۇ مۇشرىكلارنىڭ ئاقماس سەپسەتىلىرىگە چەك ئېسىلىۋالغانلىقىنى ۋە ئۆزلىرىنىڭ خۇراپاتلىرىنى مۇداپىئە قىلىۋاتقانلىقىنى قاتتىق ئەيىبلىگەن.

ئەگەر ئاللاھ خالىغان بولسا ئىدى، سىلەرنى ئەلۋەتتە ھىدايەت قىلغان

ۋە ياخشى، تەقۋا بەندىلىرىنىڭ قاتارىدىن قىلغان بولاتتى. لېكىن ئاللاھ تائالا سىلەرنى ئۆز خاھىشىڭلار بويىچە ئىش كۆرۈشكە، خالىغانچە يول تاللاشقا قويۇپ بەرگەن. ئەمما سىلەرنى شۇنداق قىلىشقا زورلىغان ئەمەس. شۇڭا سىلەر ھەممە ئىشنى ئۆز خاھىشىڭلار بىلەن قىلدىڭلار ۋە قىلىۋاتىسىلەر.

ئى پەيغەمبەر! مۇشرىكلارغا ئېيتقىنكى، ئاللاھ تائالانىڭ سىلەرگە بۇ نەرسىلەرنى ھارام قىلغانلىقىنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلاشتا گۇۋاھچىلىرىڭلار بارمۇ؟ ئەگەر بولسا ئۇلارنى كەلتۈرۈڭلار. ئى پەيغەمبەر! ئەگەر ئۇلارنىڭ گۇۋاھچىلىرى چىقىپ، ئۇلارنىڭ بۇ سەپسەتىلىرىنى كۈچلەندۈرۈپ گۇۋاھلىق بەردى، دەپ پەرەز قىلغان تەقدىردىمۇ، سەن ئۇلارغا قوشۇلۇپ گۇۋاھلىق بەرمىگىن. چۈنكى، ئۇلار يالغانچىلاردۇر. ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرىنى، ئاخىرەت كۈنىنى ۋە ئۇ كۈندە بولىدىغان ئىشلارنى ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ خاھىشلىرىغا ئەگەشمىگىن. چۈنكى، ئۇلار مەخلۇقاتتىن ۋە تەبىئەت كۈچلىرىدىن ئىبارەت كۆپلىگەن مەۋھۇم نەرسىلەرنى ئىلاھلىرىنىڭ رەببى بولغان ئۇلۇغ ئاللاھ تائالاغا تەڭ قىلىدۇ، ئۇ نەرسىلەرنى ئاللاھ تائالاغا شېرىك قىلىپ قوشۇۋالىدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. گۇناھ-مەئسىيەت سادىر قىلىشنى ۋە توغرا يولدا ماڭماسلىقنى تەقدىردىن كۆرۈش توغرا ئەمەس. چۈنكى، ئىنسان ئىختىيار ئىگىسىدۇر.

2. دەلىل- ئىسپاتقا تايانمىغان ھەرقانداق نەزەرىيە سەپسەتىدۇر.

3. ئاللاھ تائالانىڭ پۈتۈن ئىنسانىيەتنى ھىدايەت قىلىشقا قادىر تۇرۇپ، ھەممىسىنى ھىدايەت قىلمىغانلىقى سىناق ۋە ئىمتىھان ئۈچۈندۇر. چۈنكى، ھەممىلا ئادەم مۆئمىن، مۇسۇلمان بولۇپ كەتسە ياكى ھېچكىم گۇناھ قىلمىسا، مۇكاپاتنىڭ قىممىتى ۋە ياخشىلارنىڭ قەدرى بولمايدۇ.

4. قانداقلا بىر ئىشقا گۇۋاھلىق تەلەپ قىلىشتا ئىشەنچلىك گۇۋاھچىلار تەكلىپ قىلىنىدۇ.

5. يالغاندىن گۇۋاھلىق بېرىش ياكى ناھەق ئىشقا سۈكۈت قىلىش ئەڭ ئېغىر گۇناھتۇر.

6. ئازغۇنلارنىڭ يولىغا ئەگەشمەسلىك مۇسۇلمانلارنىڭ ئەخلاقىدۇر.

### ◄ هالال-هارام پرىنسىپلىرى ۋە ئىسلامدىكى پەزىلەتلەر

﴿قُلْ تَعَالَوْا۟ أَتْلُ مَا حَرَّمَ رَبُّكُمْ عَلَيْكُمْ ۖ أَلَّا تُشْرِكُوا۟ بِهِۦ شَيْـًٔا ۖ
وَبِٱلْوَٰلِدَيْنِ إِحْسَٰنًا ۖ وَلَا تَقْتُلُوٓا۟ أَوْلَٰدَكُم مِّنْ إِمْلَٰقٍ ۖ نَّحْنُ نَرْزُقُكُمْ
وَإِيَّاهُمْ ۖ وَلَا تَقْرَبُوا۟ ٱلْفَوَٰحِشَ مَا ظَهَرَ مِنْهَا وَمَا بَطَنَ ۖ وَلَا تَقْتُلُوا۟
ٱلنَّفْسَ ٱلَّتِى حَرَّمَ ٱللَّهُ إِلَّا بِٱلْحَقِّ ۚ ذَٰلِكُمْ وَصَّىٰكُم بِهِۦ لَعَلَّكُمْ
تَعْقِلُونَ ﴿١٥١﴾ وَلَا تَقْرَبُوا۟ مَالَ ٱلْيَتِيمِ إِلَّا بِٱلَّتِى هِىَ أَحْسَنُ حَتَّىٰ
يَبْلُغَ أَشُدَّهُۥ ۖ وَأَوْفُوا۟ ٱلْكَيْلَ وَٱلْمِيزَانَ بِٱلْقِسْطِ ۖ لَا نُكَلِّفُ نَفْسًا
إِلَّا وُسْعَهَا ۖ وَإِذَا قُلْتُمْ فَٱعْدِلُوا۟ وَلَوْ كَانَ ذَا قُرْبَىٰ ۖ وَبِعَهْدِ ٱللَّهِ أَوْفُوا۟ ۚ
ذَٰلِكُمْ وَصَّىٰكُم بِهِۦ لَعَلَّكُمْ تَذَكَّرُونَ ﴿١٥٢﴾ وَأَنَّ هَٰذَا صِرَٰطِى
مُسْتَقِيمًا فَٱتَّبِعُوهُ ۖ وَلَا تَتَّبِعُوا۟ ٱلسُّبُلَ فَتَفَرَّقَ بِكُمْ عَن سَبِيلِهِۦ ۚ
ذَٰلِكُمْ وَصَّىٰكُم بِهِۦ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ ﴿١٥٣﴾﴾

**تەرجىمىسى**

151-(ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «كېلىڭلار، رەببىڭلارنىڭ سىلەرگە نېمىلەرنى هارام قىلغانلىقىنى ئوقۇپ بېرەي: سىلەر ئاللاهقا هېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار، ئاتا-ئاناڭلارغا (قىلىشقا تېگىشلىك خىزمەتنى) ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلىڭلار، نامراتلىق تۈپەيلىدىن بالاڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار، بىز سىلەرگىمۇ، ئۇلارغىمۇ رىزىق بېرىمىز، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن قەبىھ ئىشلاردىن هېچبىرىگە يېقىنلاشماڭلار، ئاللاه (ئۆلتۈرۈشنى) هارام قىلغان جاننى ئۆلتۈرمەڭلار؛ پەقەت هەقلىق رەۋىشتە ئۆلتۈرۈش بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئەقلىڭلارنى ئىشلىتىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاه سىلەرگە بۇ ئىشلارنى بۇيرىدى.

152-سىلەر يېتىمنىڭ مال-مۈلۈكىگە يېقىن كەلمەڭلار، پەقەت ئۇ بالاغەتكە يەتكەنگە قەدەر ئەڭ پايدىلىق ئۇسۇلدىلا يېقىن كەلسەڭلار بولىدۇ. ئۆلچەمنى ۋە تارازىنى ئادالەت بىلەن قوللىنىڭلار. بىز هېچقانداق ئادەمگە كۈچى يەتمەيدىغان ئىشنى يۈكلىمەيمىز. (بىراۋ توغرۇلۇق) سۆز قىلغان چېغىڭلاردا (گۇۋاهلىق بېرىلگەن ئادەم) تۇغقىنىڭلار بولغان تەقدىردىمۇ ئادالەتلىك بولۇڭلار، ئاللاهقا بەرگەن ئەهدىگە ۋاپا قىلىڭلار، (مەسئۇلىيىتىڭلارنى) ئېسىڭلاردا تۇتۇشۇڭلار ئۈچۈن، ئاللاه سىلەرگە بۇ ئىشلارنى

بۇيرىدى».

153ـ شەكسىزكى، بۇ مېنىڭ توپتوغرا يولۇمدۇر، شۇڭا سىلەر مۇشۇ يولدا مېڭىڭلار، ناتوغرا يوللاردا ماڭماڭلار، بولمىسا (ئۇ ناتوغرا يوللار) سىلەرنى ئاللاھنىڭ يولىدىن ئايرىۋېتىدۇ، (يامان ئاقىۋەتتىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ سىلەرگە بۇ ئىشلارنى بۇيرىدى.

## ◄ بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئاللاھ تائالا ئالدىنقى ئايەتلەردە، مۇشرىكلارنىڭ ھالال-ھارام مەسىلىسىدىكى ئازغۇنلۇقىنى بايان قىلىپ، يېمەك-ئىچمەكلەردە ئىسلام دىنىنىڭ ھالال-ھارام پرىنسىپىنى بىلدۈرگەندىن كېيىن، بۇ ئايەتلەردە، ئىنسانلارغا ئىسلام دىنىنىڭ پرىنسىپلىرىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئەخلاق-پەزىلەتلەرنىڭ ئاساسلىرىنى ۋە ياخشىلىقلارنىڭ تۈرلىرىنى، شۇنداقلا، جىنايەتلەرنى ۋە چوڭ گۇناھلارنى بايان قىلغان.

## ◄ تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! بۇتلارنى ئاللاھ تائالاغا تەڭ قىلغۇلغان ۋە ئۆزلىرى ھارام قىلغۇلغان نەرسىلەرنى ئاللاھ تائالا شۇنداق بۇيرۇغان دەپ گۇمان قىلغان ئاشۇ مۇشرىكلارغا ئېيتقىنكى، كېلىڭلار، مەن سىلەرگە رەببىڭلار ھارام قىلغان نەرسىلەرنى بايان قىلىپ بېرەيمەن. كېلىڭلار، ھالال-ھاراملارنى بەلگىلەشنىڭ ئىگىسى بولغان رەببىڭلارنىڭ سىلەرگە نېمىلەرنى ھالال ۋە نېمىلەرنى ھارام قىلغانلىقىنى بىلىۋېلىڭلار. مەن پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى سىلەرگە يەتكۈزگۈچى ئەلچىمەن. كېلىڭلار! رەببىڭلاردىن ماڭا ۋەھيى قىلىنغان ئايەتلەرنى ئاڭلاڭلار.

ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بايان قىلىپ بەرگەن ئون تۈرلۈك تەۋسىيەنىڭ بەشى بۇيرۇق شەكلىدە، يەنە بەشى مەنئى قىلىش شەكلىدە كەلگەن بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1. ﴿سىلەر ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار﴾. شەكسىزكى، ئاللاھ تائالانىڭ بىر ئىكەنلىكىگە چىن ئىمان ئېيتىش ۋە ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىكتىن ئىبارەت تەۋھىد ئەقىدىسى ئىسلام دىنىنىڭ يادروسىدۇر. شۇڭا ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە قىلغان بۇ ئون تۈرلۈك تەۋسىيەنىڭ ئەڭ بىشىدا، ئۇلارنى ئاللاھ تائالاغا ھېچ نەرسىنى ۋە

ھېچكىمنى شېرىك قىلىپ قوشۇۋالماسلىقنى بۇيرۇغان. چۈنكى، مەيلى پەيغەمبەر، ياكى پەرىشتە بولۇپ كەتسۇن، ياكى قانداقلا بىر ئۇلۇغ زات بولۇپ كەتسۇن، ۋەياكى يۇلتۇز، قۇياش ۋە ئايغا ئوخشاش چوڭ مەۋجۇدات بولۇپ كەتسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ مەخلۇقاتى ۋە ئۇنىڭغا بويسۇنغۇچىدۇر. بۇلارنىڭ ھېچبىرى ئاللاھ تائالاغا شېرىك بولالمايدۇ. ﴿إِن كُلُّ مَن فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ إِلَّآ ءَاتِي ٱلرَّحۡمَٰنِ عَبۡدٗا﴾ يەنى ﴿ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا رەھمان ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىغا بەندە بولۇپ كەلمەيدىغان بىرمۇ مەخلۇق يوقتۇر﴾[1]. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، سىلەرمۇ ئاللاھ تائالاغا بويسۇنۇپ، ئىبادەتنى ئۇنىڭ ئۆزىگىلا قىلىشىڭلار، دۇئا ۋە ھاجەتلىرىڭلارنى ئۇنىڭدىنلا سورىشىڭلار لازىم. ﴿تُسَبِّحُ لَهُ ٱلسَّمَٰوَٰتُ ٱلسَّبۡعُ وَٱلۡأَرۡضُ وَمَن فِيهِنَّۚ وَإِن مِّن شَيۡءٍ إِلَّا يُسَبِّحُ بِحَمۡدِهِۦ وَلَٰكِن لَّا تَفۡقَهُونَ تَسۡبِيحَهُمۡۚ إِنَّهُۥ كَانَ حَلِيمًا غَفُورٗا﴾ يەنى ﴿يەتتە ئاسمان، زېمىن ۋە ئۇلاردىكى بارلىق مەۋجۇدات ئاللاھنى پاك دەپ تەسبىھ ئېيتىدۇ، ئاللاھنى مەدھىيەلەپ تەسبىھ ئېيتمايدىغان ھېچ نەرسە يوقتۇر. لېكىن سىلەر ئۇلارنىڭ (ئېيتقان) تەسبىھىنى سەزمەيسىلەر. شەكسىزكى، ئاللاھ جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدىغان زاتتۇر، ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر﴾[2].

2. ﴿ئاتا-ئانىڭلارغا (قىلىشقا تېگىشلىك خىزمەتنى) قېتىرقىنىپ قىلىڭلار﴾. يەنى سىلەر ئاتا-ئانىڭلارغا چىن ئىخلاس ۋە سەمىمىيەت بىلەن خىزمەت قىلىڭلار. ئۇلارنى ھەرگىز قاقشاتماڭلار، چۈنكى ئاتا-ئانىنى قاقشىتىش ئەڭ چوڭ گۇناھلاردىن سانىلىدۇ. «قۇرئان كەرىم» ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش بىلەن ئاتا-ئانىغا خىزمەت قىلىشنى يانداشتۇرۇپ كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئەھمىيىتىگە ئىشارەت قىلماقتا. ﴿وَقَضَىٰ رَبُّكَ أَلَّا تَعۡبُدُوٓاْ إِلَّآ إِيَّاهُ وَبِٱلۡوَٰلِدَيۡنِ إِحۡسَٰنًاۚ إِمَّا يَبۡلُغَنَّ عِندَكَ ٱلۡكِبَرَ أَحَدُهُمَآ أَوۡ كِلَاهُمَا فَلَا تَقُل لَّهُمَآ أُفّٖ وَلَا تَنۡهَرۡهُمَا وَقُل لَّهُمَا قَوۡلٗا كَرِيمٗا﴾ يەنى ﴿رەببىڭ پەقەت ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا-ئاناڭلارغا (قىلىشقا تېگىشلىك خىزمەتنى) قېتىرقىنىپ قىلىشىڭلارنى پەرز قىلدى، ئۇلارنىڭ بىرى يا ئىككىلىسى سېنىڭ يېنىڭدا بولۇپ ياشىنىپ قالغان بولسا، ئۇلارغا «ئوف!» دېمىگىن (يەنى شۇنچىلىك گەپنىمۇ قىلمىغىن)، ئۇلارغا قوپاللىق قىلمىغىن، ئۇلارغا ھۆرمەت بىلەن يۇمشاق

[1] مەريەم سۈرىسى: 93-ئايەت.
[2] ئىسرا سۈرىسى: 44-ئايەت

سۆز قىلغىن﴾[1]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەڭ ئەۋزەل ئەمەل قايسى ئىكەنلىكى ھەققىدە سورالغاندا، «نامازنى ۋاقتىدا ئوقۇش» دەپ جاۋاب بەرگەن. ئاندىن قالسىچۇ؟ دەپ سورالغاندا، «بِرُّ الوَالِدَيْنِ» يەنى «ئاتا-ئانىغا ياخشى خىزمەت قىلىش»[2] دەپ جاۋاب بەرگەن.

يۇقىرىقى ئايەتلەر بىلەن ھەدىس ئاتا-ئانىنىڭ قانچىلىك ئۇلۇغ ئىكەنلىكى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە قانچىلىك چوڭ ئورنى بارلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ئاتا-ئانىلارنى قەدىرلەش، ھۆرمەتلەش، ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى كۆيۈنۈپ قىلىش ھەرقانداق پەرزەنتنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەن دىنىي ۋە ئىنسانىي مەجبۇرىيەتتۇر. ھەركىم بۇلارنى ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ قىلسا، كاتتا ئىبادەتنىڭ ساۋابىنى تاپقان بولىدۇ. ھەركىم ئۆزىنىڭ ئاتا-ئانىسىغا قىلغانلىرىنىڭ ئوخشىشىنى بالىلىرىدىن چوقۇم كۆرىدۇ. چۈنكى، بۇ «ئۆتنە ئالەم»دۇر. ئاتا-ئانىلارمۇ بالىلىرىنى ئىمان، ئىنساپلىق، دىن-ديانەتلىك قىلىپ، ياخشى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈشى لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا بالىلارغا قارىتا ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلغان بولىدۇ.

3. ﴿نامراتلىقتىن قورقۇپ بالىلارنى ئۆلتۈرمەڭلار﴾. سىلەر باللىرىڭلار تۇپەيلىدىن پېقىر ۋە يوقسۇل بولۇپ قېلىشتىن قورقۇپ باللىرىڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار، چۈنكى بىز سىلەرگىمۇ، ئۇلارغىمۇ ئەلۋەتتە رىزىق بېرىمىز. سىلەر بۇ جىنايەتنى سادىر قىلىشتىن ھەزەر ئەيلەڭلار.

مەلۇمكى، پېقىرلىقتىن قورقۇپ بالىلارنى ئۆلتۈرۈش، قىزلار ئائىلىگە نومۇس كەلتۈرىدۇ، دېگەن خاتا چۈشەنچە بىلەن ئۇلارنى تىرىك كۆمۈۋېتىش ئىسلامدىن ئىلگىرىكى ئەرەب جەمئىيىتىدە بار بولغان ۋەھشىيلىك ئىدى. شۇڭا ئۇ دەۋر «جاھىلىيەت دەۋرى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۆز بالىلىرىنى ئۆز قولى بىلەن ئۆلتۈرۈش راستتىنلا جاھىلىيەت ۋە ئۇچىغا چىققان ۋەھشىيلىك ئەمەسمۇ؟! مەۋھۇم پېقىرلىق ۋە كېلىش ئېھتىماللىقى ئېنىق بولمىغان نومۇس يۈزىسىدىن ئۆز بالىلىرىنى ئۆلتۈرۈشتىنمۇ ۋەھشىيلىك بولامدۇ؟! ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ۋە تۇغۇلغان بالىلىرىنىڭ رىزقىنى بېرىشكە كېپىل ئەمەسمۇ؟!

ئى مۇسۇلمانلار! سىلەر باللىرىڭلار سەۋەبلىك پېقىر بولۇپ قېلىشتىن قورقماڭلار. ئاللاھ تائالا رىزقىڭلارنى بېرىدۇ. قىزلار سەۋەبلىك نومۇسقا قېلىشتىنمۇ قورقماڭلار! قىزلارنى ئىسلام

---

[1] ئىسرا سۈرىسى: 23-ئايەت

[2] «صحيح البخاري» 8-توم، 2-بەت، 5970 -ھەدىس.

كۆرسەتمىسى بويىچە، ئەدەپ-ئەخلاقلىق قىلىپ تەربىيەلەپ چىقىش بۇ قورقۇنچىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا يېتەرلىك. سىلەر جاھىلىيەتنىڭ بۇ ۋەھشىي جىنايىتىنى ھەرگىز قىلماڭلار.

4. ﴿ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن قەبىھ ئىشلاردىن ھېچبىرىگە يېقىنلاشماڭلار﴾. ھەتتا يامان ئىشقا ۋە گۇناھقا سەۋەب بولىدىغان ئىشلاردىنمۇ يىراق تۇرۇڭلار. كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ قارىشىچە، ئايەتتىكى ﴿قەبىھ ئىشلار﴾دىن زىنا-پاھىشە كۆزدە تۇتۇلىدۇ. چۈنكى، زىنا-پاھىشە گۇناھلارنىڭ ئەڭ يامىنى بولۇپ، ئۇنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك زىيىنى ئىنتايىن چوڭدۇر، گۇناھى بەكمۇ ئېغىردۇر. جاھىلىيەت ئەرەبلىرى ئاشكارا زىنا قىلىشنى ئەيىب سانىسىمۇ، يوشۇرۇن زىنا-پاھىشىلەرنى ئەيىب سانىمايتتى. شۇڭا ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنى ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن زىناغا يېقىنلاشماڭلار، دەپ ئاگاھلاندۇرغان.

5. ﴿ئاللاھ (ئۆلتۈرۈشنى) ھارام قىلغان جاننى ئۆلتۈرمەڭلار﴾. چۈنكى، ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش چوڭ جىنايەت، ئېغىر گۇناھ بولغانلىقى سىرتىدا، ياراتقۇچىنىڭ ئىشىغا قارشى سادىر قىلىنغان ھەقسىزلىكتۇر. جاننى بېرىش ۋە ئېلىش ئۇنى ياراتقان ئاللاھ تائالانىڭ ئىشىدۇر. بىر ئىنسان ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ھوقۇقىنى تالاشسا بۇ قانداقمۇ كەچۈرۈلسۇن؟! ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈشنىڭ گۇناھىنىڭ ئېغىر بولۇشىدىكى سەۋەبمۇ، مۇشرىكلارنىڭ ئاللاھ تائالاغا خاس بىرگانە ئىلاھلىقنى باشقىلارغا بۆلۈپ بەرمەكچى بولغانلىقى ئۈچۈن ئەمەسمۇ؟! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لاَ يَحِلُّ دَمُ امْرِئٍ مُسْلِمٍ ، يَشْهَدُ أَنْ لاَ إِلَهَ إِلَّا اللَّهُ وَأَنِّي رَسُولُ اللَّهِ ، إِلَّا بِإِحْدَى ثَلاَثٍ: النَّفْسُ بِالنَّفْسِ ، وَالثَّيِّبُ الزَّانِي ، وَالمَارِقُ مِنَ الدِّينِ التَّارِكُ لِلْجَمَاعَةِ» يەنى ««لائىلاھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ» دەپ ئىمان ئېيتقان مۇئمىن ئادەمنىڭ قېنىنى تۆكۈش قەتئىي ھارامدۇر. پەقەتلا مۇنۇ ئۈچ ئىشنىڭ بىرىنى سادىر قىلغانلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئۇلار: ناھەق ئادەم ئۆلتۈرگەن ئادەم، ئۆيلۈك-ئوچاقلىق تۇرۇپ زىنا قىلغان ئادەم، مۇرتەد بولۇپ مۇسۇلمانلار جامائىتىدىن ئايرىلغان ئادەم»[1]. شۇنى ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، قاتىللىق ۋە ئۆلۈمگە تېگىشلىك بولغان ھەرقانداق ئادەمنى ئۆلتۈرۈش ئىشى ئىسلام مەھكىمىسىنىڭ قارارى بىلەن ئەمەلگە ئاشىدىغان ئىشتۇر. خالىغان ئادەمنىڭ بىراۋنى يوقىرىقى

[1] «صحيح البخاري» 9-توم، 5-بەت، 6878-ھەدىس، «صحيح مسلم» 3-توم، 1302-بەت، 1676-ھەدىس.

جىنايەتلىرى تۈپەيلىدىن ئۆلتۈرۈش ھەققى يوق، ئۇنىڭغا ھەرگىز يول قويۇلمايدۇ.

6. ﴿ســىلەر يېتىمنىڭ مال-مۈلۈكىگە يېقىن كەلمەڭلار، پەقەت ئۇ بالاغەتكە يەتكەنگە قەدەر ئەڭ پايدىلىق ئۇسۇلدىلا يېقىن كەلسەڭلار بولىدۇ﴾. باشقىلارنىڭ ھەققىنى يەۋېلىشنىڭ ھاراملىقى ناھايىتى ئېنىق. ئەمما «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىدە يېتىمنىڭ پۇل-مېلىنى يەۋېلىشتىن ئالاھىدە مەنئى قىلىنغانلىقى بۇنىڭ گۇناھىنىڭ ئىنتايىن ئېغىرلىقىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا يېتىمنىڭ ئىشىغا مەسئۇل بولغان ئادەمنىڭ ئۇنىڭ پۇل-مېلىنى يەۋالماستىن، ئۇنىڭ تەربىيەلىنىشى، ئوقۇشى ۋە بارلىق ئېھتىياجلىرى ئۈچۈن خىراجەت قىلىپ بېرىشى ۋە ئۇنىڭدىن يولسىز پايدىلانماسلىقى لازىم. چۈنكى، يېتىمنىڭ ھەققى ئوتقا ئوخشاش بولۇپ، ئۇنى يېگەنلەرنى ئاخىرى كۆيدۈرمەي قالمايدۇ. شۇڭا ئايەتتە «يېتىمنىڭ مال-مۈلۈكىنى يەۋالماڭلار» دېمەستىن ﴿يېقىنلاشماڭلار﴾ دەپ كەلگەن. خۇددى ئىسرا سۈرىسىدە ﴿زىناغا يېقىنلاشماڭلار﴾[1] دېگەنگە ئوخشاش.

7.8. ﴿ئۆلچەمنى ۋە تارازىنى ئادالەت بىلەن قوللىنىڭلار﴾. ئۆلچەمدە، تارازىدا ئادالەتلىك بولۇڭلار، تارتقاندا دۇرۇس تارتىڭلار. ئالغاندىمۇ، ساتقاندىمۇ تولۇق تارتىڭلار، ئادالەتسىزلىك قىلماڭلار. ھەرگىز ساتقاندا كەم تارتىپ بېرىپ، ئالغاندا زىيادە تارتىپ ئالماڭلار. چۈنكى، تارازىدا كەم تارتىپ بېرىش ئىنسانلارنىڭ ھەقلىرىگە تاجاۋۇز قىلغانلىق ۋە ئوپئوچۇق ھارامنى يېگەنلىكتۇر. ﴿وَيۡلٞ لِّلۡمُطَفِّفِينَ ۝١ ٱلَّذِينَ إِذَا ٱكۡتَالُواْ عَلَى ٱلنَّاسِ يَسۡتَوۡفُونَ ۝٢ وَإِذَا كَالُوهُمۡ أَو وَّزَنُوهُمۡ يُخۡسِرُونَ ۝٣ أَلَا يَظُنُّ أُوْلَٰٓئِكَ أَنَّهُم مَّبۡعُوثُونَ ۝٤ لِيَوۡمٍ عَظِيمٖ﴾ يەنى ﴿(ئۆلچەمدە ۋە تارازىدا) ئادالەتلىك بولمىغانلارنىڭ ھالىغا ۋاي! ئۇلار كىشىلەردىن ئۆلچەپ ئالغاندا تولۇق ئالىدۇ، كىشىلەرگە ئۆلچەپ ياكى تارتىپ بەرگەندە بولسا كەم بېرىدۇ. ئۇلار بۈيۈك بىر كۈندە تىرىلدۈرۈلىدىغانلىقىغا ئىشەنمەمدۇ؟ ئۇ كۈندە ئىنسانلار ئالەملەرنىڭ رەببىنىڭ ھۇزۇرىدا تىك تۇرىدۇ﴾[2].

9. ﴿(بىراۋ توغرۇلۇق) سۆز قىلغان چېغىڭلاردا (گۇۋاھلىق بېرىلگەن ئادەم) تۇغقىنىڭلار بولغان تەقدىردىمۇ ئادالەتلىك بولۇڭلار﴾. بىرەر ئىشقا گۇۋاھلىق بېرىش ياكى بىرەر ناھەقچىلىكنى پاش قىلىش ئۈچۈن سۆزلىگەندە، گەرچە ئۆزۈڭلارنىڭ تۇغقانلىرى ياكى يېقىن كىشىڭلارنىڭ

[1] ئىسرا سۈرىسى: 32- ئايەت.
[2] مۇتەففىفىين سۈرىسى: 1-6-ئايەتلەر

زىيىنىغا بولغان تەقدىردىمۇ، راست سۆزلەڭلار. چۈنكى، ئادالەت دىنىنىڭ ئاساسى بولغىنىدەك، ھەركىمنىڭ دىيانىتىنىڭ ئاساسىدۇر. ئادالەت دىنىنىڭ ئەڭ مۇھىم چاقىرىقى، دۆلەتنىڭ ۋە ھاكىمىيەتنىڭ ئۇلىدۇر، شەخسلەر ۋە كوللېكتىپنىڭ ھەق-ھوقۇقىنىڭ كېپىلىدۇر. ﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ كُونُواْ قَوَّٰمِينَ لِلَّهِ شُهَدَآءَ بِٱلْقِسْطِۖ وَلَا يَجْرِمَنَّكُمْ شَنَـَٔانُ قَوْمٍ عَلَىٰٓ أَلَّا تَعْدِلُواْۚ ٱعْدِلُواْ هُوَ أَقْرَبُ لِلتَّقْوَىٰۖ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَۚ إِنَّ ٱللَّهَ خَبِيرٌ﴾ يەنى ﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھ (نىڭ رازىلىقى) ئۈچۈن ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇڭلار ۋە ئادىللىق بىلەن گۇۋاھلىق بېرىدىغان بولۇڭلار. بىرەر قەۋمگە بولغان ئۆچمەنلىكىڭلار (ئۇلارغا) ئادىل بولماسلىقىڭلارغا سەۋەب بولمىسۇن، ئادىل بولۇڭلار، بۇنداق قىلىشىڭلار تەقۋادارلىققا ئەڭ يېقىندۇر، ئاللاھتىن قورقۇڭلار. شەكسىزكى، ئاللاھ قىلىۋاتقان ئىشىڭلاردىن خەۋەرداردۇر﴾[1].

10. ﴿ئاللاھقا بەرگەن ئەھدىڭگە ۋاپا قىلىڭلار﴾. مەيلى ئىنسانلارغا بەرگەن ۋەدەڭلار بولسۇن، ياكى ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش ھەققىدە ساماۋى كىتابلاردا پەيغەمبەرلەرنىڭ تىلى ئارقىلىق بەرگەن ئەھدەڭلار بولسۇن، قانداقلا بىر ئەھدىگە چوقۇم ۋاپا قىلىڭلار! ئىنسانلارنىڭ بىر-بىرىگە بەرگەن ۋەدىلىرىگە ئەمەل قىلىشى تولىمۇ مۇھىم بولۇپ، بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلغۇچىلار ئاللاھ تائالانىڭ تەۋسىيەلىرىگە ئەمەل قىلمىغانلىقى ئۈچۈن چوقۇم گۇناھكار بولىدۇ. ئەپسۇسكى، نۇرغۇن كىشىلەر ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىگە قارىتا سادىر قىلغان گۇناھلىرىنى ۋە كەمچىلىكلىرىنى گۇناھ دەپ تونۇسىمۇ، ئۇلار بىر-بىرىنىڭ ھەققىگە قارىتا سادىر قىلغان يامانلىقلىرىنى گۇناھ، دەپ سانىمايدۇ. بۇ خاتا چۈشەنچىدۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالا بىز مۇسۇلمانلارنى پۈتۈن ئەھدىلەرگە ۋاپا قىلىشقا بۇيرۇغان. ئەھدىگە، ۋەدىگە، بېرىلگەن سۆزگە ئەمەل قىلىشنى پەرز قىلغان. ئى ئىنسانلار! ئاللاھ تائالا سىلەرنى ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئۆتەپ قالمىسۇن ۋە بۇيرۇلغانلارنى ئورۇنداپ، مەنئى قىلىنغان ئىشلارنى تاشلىسۇن، دەپ بۇلارنى بايان قىلماقتا.

﴿شەكسىزكى، بۇ مېنىڭ توپتوغرا يولۇمدۇر، شۇڭا سىلەر مۇشۇ يولدا مېڭىڭلار، ناتوغرا يوللاردا ماڭماڭلار﴾. چۈنكى، ھەقىقەتنىڭ يولى بىردۇر، ئەمما ئازغۇنلۇقنىڭ يوللىرى ۋە شەكىللىرى كۆپتۇر. ئاللاھ تائالانىڭ توپتوغرا يولىدا ماڭمىغان ئادەم ئازغۇنلۇق يوللىرىغا كىرىپ كېتىدۇ. «قۇرئان كەرىم» توغرا يولنىڭ يېگانە دەستۇرى بولۇپ، ئاللاھ تائالا بىزنى

---

[1] مائىدە سۈرىسى: 8-ئايەت.

«قۇرئان كەرىم»نىڭ يولىدا مېڭىشقا چاقىرىدۇ، باشقا يوللاردا مېڭىشتىن توسىدۇ. چۈنكى، «قۇرئان كەرىم» نىڭ يولى ئاللاھ تائالانىڭ يولى بولۇپ، ئۇنىڭدا قىڭغىرلىق يوق، ئەكسىچە ئۇنىڭدا ئىككى ئالەملىك بەخت-سائادەت بار. ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ مەھكەم ئارغامچىسى بولۇپ، ئۇنىڭغا چىڭ ئېسىلغان ئادەم نىجات تاپىدۇ، ئۇنىڭ يولىدا ماڭغان ئادەم ھىدايەت تاپىدۇ. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە قولى بىلەن بىر تۈز بىر سىزىق سىزىپ كۆرسىتىپ، «هَـٰذَا سَبِيلُ اللّٰهِ مُسْتَقِيمًا» يەنى «بۇ ئاللاھنىڭ توغرا يولىدۇر» دېدى، ئاندىن كېيىن بۇ سىزىقنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرەپلىرىگە بىر قانچە سىزىقلارنى سىزىپ، «هَـٰذِهِ السُّبُلُ ، لَيْسَ مِنْهَا سَبِيلٌ إِلَّا عَلَيْهِ شَيْطَانٌ يَدْعُو إِلَيْهِ» يەنى «بۇلارنىڭ ھەممىسى يوللار بولۇپ، بۇ يوللارنىڭ ئىچىدە شەيتان چاقىرمايدىغان بىرمۇ يول يوقتۇر» دېدى، ئاندىن ﴿بۇ مېنىڭ توپتوغرا يولۇمدۇر، شۇ يولدا مېڭىڭلار، ناتوغرا يوللاردا ماڭماڭلار﴾ دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى»[1].

توغرا، ھەقىقەت بىردۇر، نۇر بىردۇر، ئاللاھ بىردۇر، ئەمما ئازغۇنلۇقنىڭ يوللىرى ۋە تۈرلىرى ناھايىتى كۆپتۇر. ﴿إِنَّ ٱلدِّينَ عِندَ ٱللَّهِ ٱلۡإِسۡلَٰمُۗ﴾ يەنى ﴿ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ نەزىرىدە دىن ئىسلامدۇر﴾[2].

ئى ئىنسانلار! دىن ۋە دۇنيالىق بارلىق ئىشلىرىڭلاردا ئىسلام دىنىدىن باشقا يوللارغا ئەگەشمەڭلار، ئۇلار سىلەرنى ئازدۇرىۋېتىدۇ. يامان ئاقىۋەتلەردىن ساقلىنىشىڭلار ۋە تەقۋادارلاردىن بولۇشۇڭلار ئۈچۈن ئاللاھ تائالا سىلەرگە بۇ ئىشلارنى بۇيرۇيدۇ.

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆز تامغىسىنى بېسىپ قالدۇرغان ۋەسىيىتىنى كۆرمەكچى بولغان ئادەم ﴿قُلۡ تَعَالَوۡاْ أَتۡلُ مَا حَرَّمَ رَبُّكُمۡ عَلَيۡكُمۡۖ...﴾ دېگەن ئايەتنى ئاخىرغىچە تىلاۋەت قىلسۇن»[3] دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان.

## مۇھىم نۇقتىلىرى

1. بۇ ئايەتلەردە بايان قىلىنغان 10 ۋەسىيەت ئىنسان بالىسىنىڭ

[1] «مسند الإمام أحمد» 1-توم، 465-بەت.
[2] ئال ئىمران سۈرىسى: 19-ئايەت.
[3] «تفسير ابن كثير» 3-توم، 359-بەت.

ئىككى دۇنيالىق سائادىتى ئۈچۈن كېرەكلىدۇر.

2. ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈش، ئاتا-ئانىنى قاقشىتىش، ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش، زىنا قىلىش، يېتىمنىڭ پۇل-مېلىنى يەۋېلىش، تارازىدا كەم بېرىش، يالغان گۇۋاھلىق بېرىش ئەڭ چوڭ گۇناھلاردىن بولۇپ، بۇلاردىن بىرەرسىنى سادىر قىلغانلار دەرھال تەۋبە قىلىپ، ئۆزىنى تۈزەتمىسە، ئاللاھ تائالانىڭ ئازابى ئۇلارنى قورشايدۇ.

3. سۆزدە تۇرماسلىق، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلماسلىق ۋە ئەھدىسىنى بۇزۇش مۇناپىقلىقنىڭ ئالامىتىدۇر.

4. ئۆزىنىڭ پايدا-زىيىنىنى بىلىدىغان ئەقىللىق ئادەم ئاللاھ تائالا توسقان ھارام ئىشلارنى تەرك ئېتىدۇ. چۈنكى، ھارام ئىشلارنى قىلىش كىشىنىڭ مۇسۇلمانلىقىغا زىيان يەتكۈزۈشتىن ئاۋۋال ئۇنىڭ مەنپەئەتىگە ۋە تەن ساقلىقىغا زىيانلىقتۇر.

5. ئاخىرەتتە دوزاختىن ساقلىنىش، جەننەتكە ئېرىشىش، بۇ دۇنيادا خاتىرجەم، بەختلىك ھايات كەچۈرۈش ئىسلام دىنىنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلىش بىلەن بولىدۇ.

## «قۇرئان كەرىم»گە ئىمان ئېيتقانلار ۋە ئۇنى ئىنكار قىلغانلار

﴿ثُمَّ ءَاتَيْنَا مُوسَى ٱلْكِتَـٰبَ تَمَامًا عَلَى ٱلَّذِىٓ أَحْسَنَ وَتَفْصِيلًا لِّكُلِّ
شَىْءٍ وَهُدًى وَرَحْمَةً لَّعَلَّهُم بِلِقَآءِ رَبِّهِمْ يُؤْمِنُونَ ﴿١٥٤﴾ وَهَـٰذَا كِتَـٰبٌ
أَنزَلْنَـٰهُ مُبَارَكٌ فَٱتَّبِعُوهُ وَٱتَّقُوا۟ لَعَلَّكُمْ تُرْحَمُونَ ﴿١٥٥﴾ أَن تَقُولُوٓا۟ إِنَّمَآ
أُنزِلَ ٱلْكِتَـٰبُ عَلَىٰ طَآئِفَتَيْنِ مِن قَبْلِنَا وَإِن كُنَّا عَن دِرَاسَتِهِمْ
لَغَـٰفِلِينَ ﴿١٥٦﴾ أَوْ تَقُولُوا۟ لَوْ أَنَّآ أُنزِلَ عَلَيْنَا ٱلْكِتَـٰبُ لَكُنَّآ أَهْدَىٰ
مِنْهُمْ ۚ فَقَدْ جَآءَكُم بَيِّنَةٌ مِّن رَّبِّكُمْ وَهُدًى وَرَحْمَةٌ ۚ فَمَنْ أَظْلَمُ
مِمَّن كَذَّبَ بِـَٔايَـٰتِ ٱللَّهِ وَصَدَفَ عَنْهَا ۗ سَنَجْزِى ٱلَّذِينَ يَصْدِفُونَ
عَنْ ءَايَـٰتِنَا سُوٓءَ ٱلْعَذَابِ بِمَا كَانُوا۟ يَصْدِفُونَ ﴿١٥٧﴾﴾

### تەرجىمىسى

154-ئاندىن ئۇلار (يەنى ئىسرائىل ئەۋلادى) رەببىنىڭ ئالدىغا بارىدىغانلىقىغا

ئىشەنسۇن دەپ، ياخشى ئىش قىلغان ئادەمگە (نېمەتنىمىزنى) مۇكەممەللەشتۈرۈپ بېرىش، (ئۇلار ئېھتىياجلىق بولغان) ھەربىر نەرسىنى تەپسىلىي بايان قىلىپ بېرىش، (ئۇلارنى) ھىدايەت قىلىش ۋە (ئۇلارغا) رەھمەت قىلىش يۈزىسىدىن، مۇساغا كىتابنى ئاتا قىلدۇق.

155-بۇ (قۇرئان) بىز نازىل قىلغان مۇبارەك كىتابتۇر. ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئەگىشىڭلار ۋە (ئۇنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە خىلاپلىق قىلىشتىن) ساقلىنىڭلار.

156-157-(ئى مۇشرىكلار! سىلەرنىڭ «پەقەت بىزدىن ئىلگىرىكى (يەھۇدىيلار ۋە خىرىستىيانلاردىن ئىبارەت) ئىككى تائىپىگىلا كىتاب نازىل قىلىنغان ئىكەن، ئۇلارنىڭ ئوقۇغان كىتابلىرىدىن بىزنىڭ زادىلا خەۋىرىمىز يوق ئىدى» دېمەسلىكىڭلار ئۈچۈن، ياكى سىلەرنىڭ «ئەگەر بىزگە كىتاب نازىل قىلىنغان بولسا، بىز ئەلۋەتتە ئۇلاردىن ئارتۇق ھىدايەت تاپقان بولاتتۇق» دېمەسلىكىڭلار ئۈچۈن (بىز قۇرئاننى نازىل قىلدۇق). سىلەرگە رەببىڭلار تەرىپىدىن ھەقىقەتەن ئوپئوچۇق دەلىل، ھىدايەت ۋە رەھمەت كەلدى. ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلىپ، ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈگەن كىشىدىنمۇ زالىم ئادەم بارمۇ؟ بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزدىن يۈز ئۆرۈگەنلەرنى ئۇلارنىڭ يۈز ئۆرۈگەنلىكى ئۈچۈن قاتتىق ئازاب بىلەن جازالايمىز.

## بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئاللاھ تائالا ئالدىنقى ئايەتلەردە ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسلىق پرىنسىپلىرىنى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلارغا قىلغان تەۋسىيەلىرىنى ئوچۇق بايان قىلغاندىن كېيىن، بۇ ئايەتلەردە «قۇرئان كەرىم» توغرىسىدا، ئۇنىڭ تەسىر دائىرىسى ۋە ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتمىغانلار توغرىسىدا سۆز ئاچقان بولۇپ، سۆزنى ئاۋۋال «تەۋرات»تىن باشلايدۇ. چۈنكى، «تەۋرات»مۇ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن ۋە نۇرغۇنلىغان دىنىي مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كىتاب ئىدى.

## تەپسىرى

«قۇرئان كەرىم» بۇ ئايەتلەردە، ئاللاھ تائالانىڭ دۇنيادا ياخشىلاردىن بولۇپ، ھاياتنى ياخشى ئىشلارنى قىلىش بىلەن ئۆتكۈزگەن كىشىلەرگە نېمەتلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ بېرىش، ئىسرائىل ئەۋلادى ئېھتىياجلىق بولىدىغان ھەربىر مەسىلىنى ئوچۇق بايان قىلىپ بېرىش، ئۇلارنى ھەق

دىنغا ھىدايەت قىلىش، ئۇلارغا رەھمەت ئاتا قىلىش يۈزىسىدىن، ئىلگىرى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا «تەۋرات»نى ئاتا قىلغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

توغرا، «تەۋرات» قەدىمقى ساماۋى كىتابلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ ئۆز ۋاقتىدا ھىدايەتنىڭ مەنبەسى ۋە مۆئمىنلەرنىڭ ھىدايىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن كەلگەن دەستۇر ئىدى.

كۆردىڭىزمۇ؟ «قۇرئان كەرىم» «تەۋرات»نى قانداق مۇكەممەل سۈپەتلىگەن؟

ئى ئىنسانلار! رەببىڭلارنىڭ سۆزى بولغان بۇ «قۇرئان كەرىم» ئۆز ۋاقتىدا پاساھەت ۋە گۈزەل ئىپادىلەش جەھەتتە ئەدەبىياتنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىگە يەتكەن ئەرەبلەرنىڭ تىلىدا نازىل قىلىنغان، توغرا ۋە ھەق ئىكەنلىكىدە قىلچە شەك بولمىغان ئىلاھىي كىتابتۇر. بىز بۇ كىتابنى بەرىكەتتى كۆپ، مەرتىۋىسى ئۇلۇغ، دىن ۋە دۇنيالىق ياخشىلىقى سان-ساناقسىز قىلىپ نازىل قىلدۇق. «قۇرئان كەرىم»دىكى ئەھكاملار «تەۋرات»تىكى ئەھكاملاردىن مۇكەممەلدۇر. شۇڭا سىلەر «قۇرئان كەرىم»نىڭ بۇيرۇغانلىرىغا ئەمەل قىلىڭلار، ئۇنىڭ توسقانلىرىدىن يېنىڭلار. چۈنكى، ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ مەھكەم ئارغامچىسى، ھەقىقەتنىڭ نۇرى، دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك نىجاتلىقنىڭ ۋە مەقسەتكە ئېرىشىشنىڭ بىردىنبىر كېپىلىدۇر. سىلەر بۇ دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىگە ۋە مۇكاپاتىغا ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن، «قۇرئان كەرىم»نىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلىڭلار!

بىز سىلەرگە رەببىڭلارنىڭ يولىغا باشلايدىغان، كۇفرى ۋە ئازغۇنلۇقنىڭ ئىللەتلىرىدىن پاكلايدىغان، روھىڭلارنى يۈكسەلدۈرىدىغان بۇ كىتاب – «قۇرئان كەرىم»نى نازىل قىلدۇق. ئى ئەرەبلەر! قىيامەت كۈنى سىلەرنىڭ «بىزدىن ئىلگىرىكى يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىيانلارغا كىتابلار بېرىلگەن ئىكەن. بىز ئۇ كىتابلارنى ئوقۇشتىن، ئۆگىنىشتىن غەپلەتتە قالغان ئىكەنمىز، چۈنكى ئۇلار ئەرەب تىلىدىن باشقا تىلدىكى كىتابلار ئىدى. بىز ئۇ تىللارنى بىلمەيتتۇق، شۇڭا ئىمان ئېيتمىدۇق» دەپ تۇرۇۋالماسلىقىڭلار ۋە «ئەگەر بىزگە ئۆز تىلىمىزدا بىرەر كىتاب بېرىلگەن بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە بىز ئۇلاردىنمۇ بەك ھىدايەت تاپقۇچى كىشىلەردىن بولغان بولاتتۇق، ئەھۋالىمىزمۇ ئۇلارنىڭكىدىن ياخشى، ھىممىتىمىز ئۇلارنىڭكىدىن ئۈستۈن، ئىمانىمىز ئۇلارنىڭكىدىن كامىل بولغان بولاتتى» دەپ ئۆزرە ئېيتماسلىقىڭلار ئۈچۈن، سىلەرگە ھىدايەتنىڭ ئەڭ ئاساسلىق مەنبەسى بولغان نۇرلۇق

كىتاب ـ «قۇرئان كەرىم»نى ئەرەب تىلىدا نازىل قىلدۇق.

ئاللاھ تائالا ئۆز ۋاقتىدىكى مۇشرىك ئەرەبلەرنى ھەسرەت ـ نادامەت چەكتۈرگەن ھالدا، ئۇلارغا رەددىيە بېرىپ دېيدۇكى، ﴿ئەگەر بىزگە كىتاب نازىل قىلىنغان بولسا، بىز ئەلۋەتتە ئۇلاردىن ئارتۇق ھىدايەت تاپقان بولاتتۇق﴾ دېگەن سۆزۈڭلاردا راستچىللاردىن بولساڭلار، مانا سىلەرگە ھەقىقەتنى ئوچۇق بايان قىلىپ بېرىدىغان، دەلىل ـ پاكىتلىرى ئىنتايىن روشەن، ئەھكاملىرى، پرىنسىپلىرى ئەڭ مۇكەممەل، ئەگەشكەنلەرنى توغرا يولغا يېتەكلەيدىغان، پۈتۈن ئىنسانلارغا ۋە جىمى مەۋجۇداتقا رەھمەت بولۇپ كەلگەن ئۇلۇغ كىتاب ـ «قۇرئان كەرىم» كەلدى. ئۇنىڭدا ئىنسانلارنى ھەق دىنغا دەۋەت قىلىدىغان ئايەتلەر كۆپ بولغاندەك، ئۇلارنى گۈزەل ئەخلاققا دەۋەت قىلىدىغان ئايەتلەرمۇ كۆپتۇر. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغان ئادەمدىنمۇ زالىم ئادەم بارمۇ؟!

توغرا، ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغان ئادەمدىنمۇ زالىم ئادەم يوق. ئۇلار ئىنكار قىلىش بىلەنلا قالماستىن، كىشىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىدىن، ھەقىقەتنى تېپىش يولىدا ئىزدىنىشتىن، تەپەككۇر قىلىشتىن توسىدۇ.

كىشىلەرنى بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە ئىمان ئېيتىشتىن توسقۇچىلارنىڭ جازاسىنى چوقۇم ئەڭ ئېغىر ۋە ئەڭ قاتتىق قىلىپ بېرىمىز. چۈنكى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ گۇناھلىرىنى ئۈستىگە يۈكلىۋالغان زالىملاردۇر. ﴿ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ وَصَدُّواْ عَن سَبِيلِ ٱللَّهِ زِدۡنَٰهُمۡ عَذَابٗا فَوۡقَ ٱلۡعَذَابِ بِمَا كَانُواْ يُفۡسِدُونَ﴾ يەنى ﴿(ھەق دىننى) ئىنكار قىلغان ۋە (كىشىلەرنى) ئاللاھنىڭ يولىدىن توسقانلارنى ئۇلارنىڭ قىلغان بۇزغۇنچىلىقلىرى ئۈچۈن ئازاب ئۈستىگە ئازاب قوشۇپ جازالايمىز﴾[1].

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالا ئىسرائىل ئەۋلادىغا ئۆز ۋاقتىدا كۆپ ئىنئاملارنى قىلغان ۋە ئۇلارنى ئۆز زامانىسىنىڭ ھۆرمەتلىك كىشىلىرىدىن قىلغان. ئۇلارنىڭ پەيغەمبىرى ھەزرىتى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھ تائالانىڭ «تەۋرات»تىن ئىبارەت ھىدايەت دەستۇرىنى بەرگەنلىكى بۇ ئىنئاملارنىڭ

[1] نەھل سۈرىسى: 88 ـ ئايەت.

ئەڭ كاتتىسى ئىدى.

2. قىيامەتنىڭ بولىدىغانلىقى، ئۇ كۈندە پۈتۈن مەخلۇقاتنىڭ تىرىلىدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ ھېساب مەيدانىغا توپلىنىدىغانلىقى، ئەمەللىرىنى تارتىدىغان ئادالەت تارازىسىنىڭ قويۇلىدىغانلىقى ۋە جەننەت بىلەن دوزاخنىڭ بارلىقى ھەق ۋە راستتۇر.

3. «قۇرئان كەرىم» ئىمان ۋە ھىدايەتنىڭ مەنبەسى بولغىنىدەك، ئىككى ئالەملىك بەخت-سائادەتنىڭ كېپىلىدۇر.

4. «قۇرئان كەرىم» پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ھىدايەت تېپىشى ۋە سائادەتكە نائىل بولۇشى ئۈچۈن نازىل بولغان مۇقەددەس دەستۇردۇر.

5. ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا دۈشمەنلىك قىلغۇچىلار ئەڭ ئېبرەتلىك شەكىلدە جازاسىنى تاپىدۇ. بۇ جازا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئەمەلگە ئاشىدۇ.

### ◄ كاپىرلارنى ئاگاھلاندۇرۇش

﴿هَلْ يَنظُرُونَ إِلَّآ أَن تَأْتِيَهُمُ ٱلْمَلَٰٓئِكَةُ أَوْ يَأْتِىَ رَبُّكَ أَوْ يَأْتِىَ بَعْضُ ءَايَٰتِ رَبِّكَ ۗ يَوْمَ يَأْتِى بَعْضُ ءَايَٰتِ رَبِّكَ لَا يَنفَعُ نَفْسًا إِيمَٰنُهَا لَمْ تَكُنْ ءَامَنَتْ مِن قَبْلُ أَوْ كَسَبَتْ فِىٓ إِيمَٰنِهَا خَيْرًا ۗ قُلِ ٱنتَظِرُوٓا۟ إِنَّا مُنتَظِرُونَ ﴿١٥٨﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

158-ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) پەقەت (جان ئالغۇچى) پەرىشتىلەرنىڭ كېلىشىنى ياكى رەببىڭنىڭ (قىيامەت كۈنى بەندىلىرىنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن) كېلىشىنى ۋەياكى رەببىڭنىڭ (قىيامەتنىڭ يېقىنلاش-قانلىقىنى كۆرسىتىدىغان) بەزى ئالامەتلىرىنىڭ كېلىشىنىلا كۈتىدۇ. رەببىڭنىڭ بەزى ئالامەتلىرى كەلگەن (يەنى قۇياش كۈنپېتىشتىن چىققان) كۈندە ئىلگىرى ئىمان ئېيتمىغانلارنىڭ ياكى ئىمان ئېيتىپ (ئۇنى ئىپا-دىلەيدىغان بىرەر) ياخشى ئىش قىلمىغانلارنىڭ ئەمدى ئېيتقان ئىمانىنىڭ (ۋە قىلغان ئەمەلىنىڭ) قىلچە پايدىسى بولمايدۇ. (ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا) «سىلەر (ئاقىۋىتىڭلارنى) كۈتۈڭلار، بىزمۇ ئەلۋەتتە كۈتىمىز» دېگىن.

## ◄ بۇ ئايەتنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئاللاھ تائالا ئالدىنقى ئايەتلەردە «قۇرئان كەرىم»نى سۈپەتلەپ ئۇنىڭ تەسىر كۈچىنى بايان قىلغان ۋە «قۇرئان كەرىم»نى ئىنكار قىلغۇچىلارنى قاتتىق ئازاب بىلەن ئاگاھلاندۇرغاندىن كېيىن، بۇ ئايەتتە ئىمان ئېيتماسلىقتا چىڭ تۇرۇۋالغان مۇشرىكلارنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى ۋە ئۇلارنىڭ بېشىغا ئۆلۈم كەلمىگۈچە ياكى قىيامەت بولمىغۇچە ۋەياكى قىيامەتنىڭ كۈن مەغرىبتىن چىقىشتەك چوڭ ئالامەتلىرى كەلمىگۈچە ئىمان ئېيتمايدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

## ◄ تەپسىرى

ئىمان ئېيتىشتىن باش تارتىپ، كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغان بۇ مۇشرىكلار بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئىمان ئېيتمايدۇ، ئۇلار پەقەت جان ئالغۇچى پەرىشتىلەر كېلىپ جېنىنى ئالمىغۇچە ياكى قىيامەت قايىم بولۇپ ئاللاھ تائالانىڭ ئازابى كەلمىگۈچە ۋەياكى كۈن مەغرىبتىن چىقىپ ئىمان ۋە تەۋبىنىڭ دەرۋازىسى تاقالمىغۇچە ئىمان ئېيتمايدۇ. ئۇلار پەقەت مۇشۇ ئىشلارنىلا كۈتىدۇ. يەنى ئۇلار ئىمان ئېيتىشقا پۇرسەت بار تۇرۇقلۇق ئىمان ئېيتمايدۇ، ئۆلۈم ياكى قىيامەت كېلىپ ئىمان ئېيتىشنىڭ پۇرسىتى كېتىپ قالغاندا، ئۇلار بۇرۇن ئىمان ئېيتمىغانلىقىغا پۇشايمان قىلىدۇ. ئەمما ئۇ چاغدا قىلغان پۇشايماننىڭ قىلچە پايدىسى بولمايدۇ. چۈنكى، ئىمان ۋە تەۋبىنىڭ ۋاقتى سەكراتقا چۈشۈپ قېلىشتىن ياكى قىيامەت كېلىشتىن بۇرۇندۇر.

بەزى مۇپەسسىرلەر ﴿هَلۡ يَنظُرُونَ إِلَّآ أَن تَأۡتِيَهُمُ ٱلۡمَلَـٰٓئِكَةُ أَوۡ يَأۡتِيَ رَبُّكَ أَوۡ يَأۡتِيَ بَعۡضُ ءَايَـٰتِ رَبِّكَۗ﴾ دېگەن ئايەتتىكى «ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار ئىمان ئېيتىش ئۈچۈن) ئۆزلىرىگە (جان ئالغۇچى) پەرىشتىلەرنىڭ كېلىشىنى ياكى رەببىڭنىڭ (ئازابىنىڭ) كېلىشىنى ياكى رەببىڭنىڭ (قىيامەتنىڭ يېقىنلاشقانلىقىنى كۆرسىتىدىغان) بەزى ئالامەتلىرىنىڭ كېلىشىنى كۈتەمدۇ؟» دەپ مەنە ئېيتقان. بۇنىڭغا ئاساسەن ئايەتنىڭ تەپسىرى مۇنداق بولىدۇ: ئىمان ئېيتماسلىقتا چىڭ تۇرۇۋالغان مەزكۇر مۇشرىكلار ئىمان ئېيتىش ئۈچۈن راستتىنلا ئۆزلىرى تەلەپ قىلغاندەك پەرىشتىلەرنىڭ كېلىشىنى كۈتەمدۇ؟ ياكى رەببىڭنىڭ ئازابىنىڭ كېلىشىنى كۈتەمدۇ؟ ۋەياكى قىيامەتنىڭ چوڭ ئالامەتلىرى كېلىپ كۈننىڭ مەغرىبتىن چىقىشىنى كۈتەمدۇ؟ چۈنكى ئۇلار ﴿لَوۡلَآ أُنزِلَ عَلَيۡنَا ٱلۡمَلَـٰٓئِكَةُ أَوۡ نَرَىٰ

رَبَّنَآ﴾ يەنى ﴿بىزگە نېمىشقا پەرىشتىلەر چۈشۈرۈلمەيدۇ ياكى نېمىشقا
رەببىمىزنى كۆرمەيمىز؟﴾[1] دەيتتى. ياكى ئۇلار ئىلگىرى ئۆزلىرى تەلەپ
قىلغاندەك، ئاللاھ تائالانىڭ ۋە پەرىشتىلەرنىڭ ئۇلارنىڭ ئالدىغا
كېلىشىنى تىلەمدۇ؟ چۈنكى ئۇلار نادانلىقىدىن: ﴿وَقَالُواْ لَن نُّؤْمِنَ لَكَ
حَتَّىٰ تَفْجُرَ لَنَا مِنَ ٱلْأَرْضِ يَنۢبُوعًا ﴿٩٠﴾ أَوْ تَكُونَ لَكَ جَنَّةٌ مِّن نَّخِيلٍ وَعِنَبٍ
فَتُفَجِّرَ ٱلْأَنْهَٰرَ خِلَٰلَهَا تَفْجِيرًا ﴿٩١﴾ أَوْ تُسْقِطَ ٱلسَّمَآءَ كَمَا زَعَمْتَ عَلَيْنَا كِسَفًا
أَوْ تَأْتِىَ بِٱللَّهِ وَٱلْمَلَٰٓئِكَةِ قَبِيلًا ﴿٩٢﴾ أَوْ يَكُونَ لَكَ بَيْتٌ مِّن زُخْرُفٍ أَوْ تَرْقَىٰ فِى
ٱلسَّمَآءِ وَلَن نُّؤْمِنَ لِرُقِيِّكَ حَتَّىٰ تُنَزِّلَ عَلَيْنَا كِتَٰبًا نَّقْرَؤُهُۥ﴾ يەنى ﴿تاكى
سەن بىزگە يەر ئاستىدىن بىر بۇلاقنى ئېتىلدۇرۇپ چىقارمىغۇچە، ياكى
سېنىڭ خورمىلىق، تاللىق ۋە ئوتتۇرىسىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان
بىر بېغىڭ بولمىغۇچە، ياكى سەن ئېيتقاندەك ئۈستىمىزگە ئاسماننى
پارچە-پارچە قىلىپ چۈشۈرمىگۈچە، ياكى (راستچىللىقىڭغا) گۇۋاھچى
قىلىپ ئاللاھنى ۋە پەرىشتىلەرنى ئالدىمىزغا كەلتۈرمىگۈچە، ياكى
سېنىڭ ئالتۇندىن ئۆيۈڭ بولمىغۇچە، ياكى سەن ئاسمانغا چىقمىغۇچە
بىز ساڭا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز، تاكى (ئاللاھ تەرىپىدىن سېنىڭ پەيغەمبەر
ئىكەنلىكىڭ يېزىلغان) بىز ئوقۇيالايدىغان بىر كىتابنى ئېلىپ
چۈشمىگۈچە سېنىڭ ئاسمانغا چىققانلىقىڭغىمۇ ئىشەنمەيمىز﴾[2] دېگەن
ئىدى.

ھەقىقەت شۇكى، بۇ مۇشرىكلار ئەسلىدە، پەرىشتىلەرنىڭ ياكى ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىنىڭ ياكى قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىنىڭ كېلىشىنى كۈتمەيدۇ، پەقەت ئۇلار ئىنكاردا ئىلگىرىلەپ كەتكەن ۋە تولىمۇ ھەددىدىن ئاشقان مەخلۇقلاردۇر. ئۇلارغا جان ئالغۇچى پەرىشتىلەر ياكى ئاللاھ تائالانىڭ ئازابى كەلمىگۈچە ئۇلار ھەرگىز ئىمان ئېيتمايدۇ. ئەمما قىيامەت كەلگەن ياكى دۇنيا ئاخىرلىشىپ قۇياش كۈنپېتىشتىن چىققانغا ئوخشاش بەزى چوڭ ئالامەتلەر يېتىپ كەلگەن كۈندە ئېيتقان ئىماننىڭ ۋە قىلغان تەۋبىنىڭ قىلچە پايدىسى بولمايدۇ. چۈنكى، ئىمان سىناق ۋە ئىمتىھان بولۇپ، بۇرۇن ئىمان ئېيتماي، ياخشى ئەمەللەرنى قىلماي، پەقەت مەجبۇرىي ئىمان ئېيتىدىغان كۈن كەلگەن چاغدا ئېيتقان ئىماننىڭ ۋە قىلغان ياخشى ئەمەلنىڭ قىلچە پايدىسى بولمايدۇ. شۇ ئېنىقكى، بىرەر ئادەمنىڭ ئازابتىن ساقلىنىپ قېلىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىمان

[1] فۇرقان سۈرىسى: 21-ئايەت
[2] ئىسرا سۈرىسى: 92-ئايەت

ئېيتقانلىقلا كۇپايە ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ چوقۇم ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشى شەرتتۇر. ئىمان بىلەن ياخشى ئەمەل ئايرىلالمايدۇ. شۇڭا «قۇرئان كەرىم»نىڭ نۇرغۇن ئايەتلىرىدە ئىمان بىلەن ياخشى ئەمەلنىڭ بىر-بىرىگە يانداش قىلىپ كەلتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرىمىز.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىيامەتنىڭ چوڭ ئالامەتلىرى يەنى قىيامەت قايىم بولۇش ئالدىدا يۈز بېرىدىغان چوڭ ئىشلار توغرۇلۇق خەۋەر بېرىپ: «ثَلَاثٌ إِذَا خَرَجْنَ لَمْ يَنْفَعْ نَفْسًا إِيمَانُهَا لَمْ تَكُنْ آمَنَتْ مِنْ قَبْلُ ، أَوْ كَسَبَتْ فِي إِيمَانِهَا خَيْرًا: طُلُوعُ الشَّمْسِ مِنْ مَغْرِبِهَا ، وَالدُّخَانُ ، وَدَابَّةُ الْأَرْضِ» يەنى «قۇياشنىڭ كۈنپېتىشتىن چىقىشى، دەججالنىڭ چىقىشى ۋە زېمىندىن بىر ھايۋاننىڭ چىقىشى قاتارلىق ئۈچ ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن، بۇرۇن ئىمان ئېيتمىغانلارنىڭ ئېيتقان ئىمانى ۋە بۇرۇن ياخشى ئىش قىلمىغانلارنىڭ ياخشى ئەمەلى پايدىسىزدۇر»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

ئى پەيغەمبەر! مۇشرىكلارغا ئېيتقىنكى، سىلەر ئىسلام دەۋىتىنىڭ ئالدىنى توسۇش، مۆئمىنلەرگە دۈشمەن بولۇش، دىنغا قارشى چىقىش قاتارلىق قىلمىشلىرىڭلارنىڭ ئاقىۋىتىنى كۈتۈڭلار. بىزمۇ رەببىمىزنىڭ رەھمىتىنى ۋە ۋەدىسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنى كۈتىمىز. ئاللاھ تائالانىڭ ئازابلايدىغانلىقى ھەققىدە قىلغان ۋەدىسى كاپىرلار ئۈچۈن چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ھەقىقەتنى ئىزدەشنى خالىمايدىغانلارنىڭ ئالدىغا ھەقىقەتنىڭ ئوپئوچۇق دەلىل، پاكىتلىرى كۈندۈزدىكى قۇياشتىنمۇ روشەن ھالدا كەلتۈرۈلسىمۇ، ئۇلار يەنىلا ئىمان ئېيتمايدۇ.

2. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىش، كىتابلارنى نازىل قىلىش، ئىنسانلارنى ئىمانغا دەۋەت قىلىش ئارقىلىق بۇ دەۋەتنى ئاڭلاپ تۇرۇپ ئىمان ئېيتمىغان كاپىرلارنىڭ «ئاڭلىمىغان ئىكەنمىز، بىلمىگەن ئىكەنمىز» دەپ ئۆزرە ئېيتىشىنىڭ يولىنى تاقىۋەتكەن. شۇڭا كاپىرلارنىڭ ئۆزرىسى قوبۇل قىلىنمايدۇ.

3. ھېچبىر زۇلۇم جازاسىز قالمايدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى ئىنكار قىلىش ئەڭ چوڭ زۇلۇم ۋە ئەڭ قەبىھ قىلمىشتۇر.

---

[1] «مسند الإمام أحمد» 15- توم، 468-بەت، 9752-ھەدىس.

### تەپرىقچىلىكنىڭ ئاقىۋىتى ۋە ياخشى ئەمەلنىڭ مۇكاپاتى

﴿إِنَّ ٱلَّذِينَ فَرَّقُواْ دِينَهُمۡ وَكَانُواْ شِيَعٗا لَّسۡتَ مِنۡهُمۡ فِي شَيۡءٍۚ إِنَّمَآ
أَمۡرُهُمۡ إِلَى ٱللَّهِ ثُمَّ يُنَبِّئُهُم بِمَا كَانُواْ يَفۡعَلُونَ ١٥٩ مَن جَآءَ بِٱلۡحَسَنَةِ
فَلَهُۥ عَشۡرُ أَمۡثَالِهَاۖ وَمَن جَآءَ بِٱلسَّيِّئَةِ فَلَا يُجۡزَىٰٓ إِلَّا مِثۡلَهَا وَهُمۡ
لَا يُظۡلَمُونَ ١٦٠﴾

### تەرجىمىسى

159ـ ھەقىقەتەن شۇكى، ئۆز دىنىدا بۆلگۈنچىلىك قىلىپ تۈرلۈك پىرقىلەرگە بۆلۈنۈپ كەتكەنلەر بىلەن سېنىڭ ھېچبىر مۇناسىۋىتىڭ يوق، ئۇلارنىڭ ئىشىنى پەقەتلا ئاللاھ بىر تەرەپ قىلىدۇ، كېيىن (يەنى ئاخىرەتتە) ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئۆزلىرىگە ئېيتىپ بېرىدۇ.

160ـ كىمكى (دەرگاھىمىزغا) بىرەر ياخشىلىق بىلەن كەلسە، ئۇ ئۇن ھەسسە ئارتۇق مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ، كىمكى بىرەر يامانلىق بىلەن كەلسە، ئۇ پەقەت شۇ يامانلىقىغا باراۋەرلا جازاغا ئۇچرايدۇ، ئۇلار زۇلۇمغا ئۇچرىمايدۇ.

### نازىل بولۇش سەۋەبى

ئەللامە ئىبنى كەسىر ئۆز تەپسىرىدە مۇجاھىد، قەتادە، زەھھاك، سۇددىي قاتارلىق پېشقەدەم مۇپەسسىرلەرنىڭ ﴿ئۆز دىنىدا بۆلگۈنچىلىك قىلىپ تۈرلۈك پىرقىلەرگە بۆلۈنۈپ كەتكەنلەر بىلەن سېنىڭ ھېچبىر مۇناسىۋىتىڭ يوق﴾ دېگەن ئايەتنىڭ يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىيانلار ھەققىدە نازىل بولغانلىقىدا بىرلىككە كەلگەنلىكىنى بايان قىلغان. بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەتنىڭ خاۋارىجلارنىڭ مەيدانغا كېلىدىغانلىقى ھەققىدە نازىل بولغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

ئەللامە ئىبنى كەسىر مۇنداق دېگەن: «ئەڭ توغرىسى شۇكى، بۇ ئايەت ئاللاھنىڭ دىنىدا بۆلگۈنچىلىك قىلىپ توغرا يولدىن ئېزىپ كەتكەنلەر ھەققىدە نازىل بولغان. چۈنكى، ئاللاھ پەيغەمبەرلەرنى ھەق دىن بىلەن ئەۋەتكەن بولۇپ، بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ دىنى ۋە ئەقىدىسى بىردۇر. شۇڭا قانداقلا بىر پەيغەمبەرنىڭ دىنىدىن ئېزىپ كەتكەنلەر ئايەتتىكى ﴿ئۆز دىنىدا بۆلگۈنچىلىك قىلىپ تۈرلۈك پىرقىلەرگە بۆلۈنۈپ كەتكەنلەر﴾ قاتارىدىن سانىلىدۇ. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداقلار

بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوق ئىكەنلىكىنى جاكارلىغان. بۇ ئايەت شۇرا سۈرىسىدىكى ﴿شَرَعَ لَكُم مِّنَ ٱلدِّينِ مَا وَصَّىٰ بِهِۦ نُوحًا وَٱلَّذِيٓ أَوْحَيْنَآ إِلَيْكَ وَمَا وَصَّيْنَا بِهِۦٓ إِبْرَٰهِيمَ وَمُوسَىٰ وَعِيسَىٰٓۖ أَنْ أَقِيمُواْ ٱلدِّينَ وَلَا تَتَفَرَّقُواْ فِيهِۚ﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر!) ئاللاھ «دىننى بەرپا قىلىڭلار، دىندا بۆلۈنمەڭلار» دەپ، دىندىن نۇھقا تەۋسىيە قىلغان نەرسىنى، ساڭا ۋەھيى قىلغانلىرىمىزنى، ئىبراھىمغا، مۇساغا ۋە ئىيساغا تەۋسىيە قىلغانلىرىمىزنى سىلەرگە دىن قىلىپ بەلگىلىدى﴾[1] دېگەن ئايەتكە ئوخشايدۇ»[2].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقىقەتنى ئوچۇقلاپ: «أَنَا أَوْلَى النَّاسِ بِعِيسَى ، الأَنْبِيَاءُ أَبْنَاءُ عَلاَّتٍ وَلَيْسَ بينى وَبَيْنَ عِيسَى نبى» يەنى «مەن ئىيساغا ئەڭ يېقىن كىشىمەن، پەيغەمبەرلەر بىر ئاتىنىڭ باللىرىدۇر. مەن بىلەن ئىيسانىڭ ئوتتۇرىسىدا پەيغەمبەر كەلمىگەن»[3] دېگەن.

### ◄ تەپسىرى

ئىمام ئەبۇداۋۇد مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «أَلَا إِنَّ مَنْ قَبْلَكُمْ مِنْ أَهْلِ الْكِتَابِ افْتَرَقُواْ عَلَى ثِنْتَيْنِ وَسَبْعِينَ مِلَّةً ، وَإِنَّ هَذِهِ الْمِلَّةَ سَتَفْتَرِقُ عَلَى ثَلَاثٍ وَسَبْعِينَ: ثِنْتَانِ وَسَبْعُونَ فِى النَّارِ ، وَوَاحِدَةٌ فِى الْجَنَّةِ ، وَهِىَ الْجَمَاعَةُ» يەنى «بىلىڭلاركى، سىلەردىن ئىلگىرىكى ئەھلى كىتاب 72 پىرقىگە بۆلۈنگەن. بۇ ئۇممەت 73 پىرقىگە بۆلۈنىدۇ. ئۇلاردىن 72 پىرقىسى دوزاخقا كىرىپ، بىر پىرقىسىلا جەننەتكە كىرىدۇ، ئۇلار بولسا جامائەتتۇر»[4]. تىرمىزىنىڭ رىۋايىتىدە «وَهِىَ الْجَمَاعَةُ» دېگەن سۆز يوق، ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەرنىڭ «يارەسۇلۇللاھ! جەننەتكە كىرىدىغان پىرقە قايسى؟» دېگەن سوئالىغا: «مَا أَنَا عَلَيْهِ وَأَصْحَابِى» يەنى «ئۇلار مېنىڭ ۋە ساھابىلىرىمنىڭ يولىدا ماڭغان كىشىلەردۇر» دەپ جاۋاب بەردى دېگەن سۆز قوشۇلغان.

بۇنىڭغا بىنائەن، يۇقىرىقى ئايەت ئەھلى كىتابتىن ۋە مۇسۇلمانلاردىن بولغان دىنىي پىرقىلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئايەت بىزلەرنى بۆلۈنۈشنىڭ، نەپسى خاھىشقا بېرىلىشنىڭ، بىدئەتلەرگە ئەگىشىشنىڭ

---

[1] شۇرا سۈرىسى: 13- ئايەت.
[2] «تفسيرالقرآن العظيم» 3-توم، 377-بەت.
[3] «صحيح مسلم» 4- توم، 1837 -بەت، 2365-ھەدىس.
[4] «سنن أبي داود» 4-توم، 198- بەت، 4597-ھەدىس.

خەتەردىن ئاگاھلاندۇرماقتا.

سىلەردىن بۇرۇنقىلار كۆپ سوراش ۋە ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن دىنىنىڭ ئەھكاملىرى ئۈستىدە ئۆز پەيغەمبەرلىرى بىلەن ئىختىلاپلىشىش تۈپەيلىدىن ھالاك بولغان. ﴿وَلَا تَكُونُواْ كَٱلَّذِينَ تَفَرَّقُواْ وَٱخْتَلَفُواْ مِنۢ بَعْدِ مَا جَآءَهُمُ ٱلْبَيِّنَٰتُۚ وَأُوْلَٰٓئِكَ لَهُمْ عَذَابٌ عَظِيمٌ﴾ يەنى ﴿سىلەر ئۆزلىرىگە ھەقىقەتنىڭ ئوپئوچۇق دەلىللىرى كەلگەندىن كېيىن بۆلۈنۈپ كېتىشكەن ۋە ئىختىلاپ قىلىشقان كىشىلەردەك بولماڭلار، ئەنە شۇلارغا چوڭ ئازاب بار﴾[1]. يەھۇدىيلار ۋە خىرىستىيانلار ئارىسىدىكى ئۆزلىرىنىڭ دىنىدا ۋە دىنىنىڭ ئۆزگەرمەس مەسىلىلىرى ئۈستىدە ئىختىلاپ قىلىشقانلار ئىمان ئېيتىشقا بۇيرۇلغان مەسىلىلەرنىڭ بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ، بەزىسىنى ئىنكار قىلىشتى، ئىلاھىي كىتابلاردىكى تېكىستلەرنى ئۆزلىرىنىڭ خاھىشى بويىچە تەۋىل قىلىشتى، شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار پىرقىلارغا بۆلۈندى. ھەربىر پىرقە ئۆزىنىڭ يولباشچىلىرىغا ئەگىشىدىغان ۋە بۇ يولباشچىلىرىنىڭ تۇتقان يولى خاتا بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ تەرىپىنى ئېلىشتا چىڭ تۇرىدىغان بولۇۋالدى. ئى پەيغەمبەر! سېنىڭ مۇنداقلار بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتىڭ يوق، سېنىڭ ۋەزىپەڭ پەقەتلا ھەق دىنىنىڭ دەۋىتىنى يەتكۈزۈش ۋە بۇ دىنىنىڭ تەلىماتلىرىنى قانات يايدۇرۇشتۇر. ئۇلارنىڭ ئىشىنى ئاللاھ تائالا ئۆزى بىر تەرەپ قىلىدۇ، ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى ھەققىدە ئۇلارغا خەۋەر بېرىدۇ ۋە ئۇلارنى قىلمىشلىرىغا يارىشا جازالايدۇ.

ئىمام بۇخارىي ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئاللا تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەدىس قۇدسىيدا مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: «إِنَّ اللَّهَ كَتَبَ الحَسَنَاتِ وَالسَّيِّئَاتِ ثُمَّ بَيَّنَ ذَلِكَ ، فَمَنْ هَمَّ بِحَسَنَةٍ فَلَمْ يَعْمَلْهَا كَتَبَهَا اللَّهُ لَهُ عِنْدَهُ حَسَنَةً كَامِلَةً ، فَإِنْ هُوَ هَمَّ بِهَا فَعَمِلَهَا كَتَبَهَا اللَّهُ لَهُ عِنْدَهُ عَشْرَ حَسَنَاتٍ إِلَى سَبْعِ مِائَةِ ضِعْفٍ إِلَى أَضْعَافٍ كَثِيرَةٍ ، وَمَنْ هَمَّ بِسَيِّئَةٍ فَلَمْ يَعْمَلْهَا كَتَبَهَا اللَّهُ لَهُ عِنْدَهُ حَسَنَةً كَامِلَةً ، فَإِنْ هُوَ هَمَّ بِهَا فَعَمِلَهَا كَتَبَهَا اللَّهُ لَهُ سَيِّئَةً وَاحِدَةً» يەنى «ئاللاھ ياخشىلىقلار بىلەن يامانلىقلارنى پۈتۈپ بولۇپ، شۇنى بايان قىلدىكى، كىمكى بىرەر ياخشىلىقنى قىلىشنى نىيەت قىلىپ، ئۇنى قىلالمىغان بولسا، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئۇنىڭغا تولۇق بىر ياخشىلىقنىڭ ساۋابى يېزىلىدۇ، ئەگەر ئۇ

[1] ئال ئىمران سۈرىسى: 105-ئايەت.

ياخشىلىقنى قىلسا، ئۇنىڭغا ئون ھەسسىدىن 700ھەسسىگىچە ۋە (بەزىدە) ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ساۋاب يېزىلىدۇ. كىمكى بىرەر يامانلىقنى نىيەت قىلىپ ئۇنىڭدىن ۋاز كەچكەن بولسا، ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا تولۇق بىر ساۋاب يېزىلىدۇ، ئەگەر شۇ يامانلىقنى قىلسا، ئۇنىڭغا بىر گۇناھ يېزىلىدۇ»[1].

قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىغا سەممىي ئىمان، ئېسىل خىسلەت، ياخشى ئەمەل ۋە گۈزەل ئەخلاق بىلەن بارغان كىشىگە ئاللاھ تائالا نەچچە ھەسسە ئارتۇق مۇكاپات بېرىدۇ، بۇ مۇكاپاتلار 700 ھەسسىگىچە، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ئاشۇرۇپ بېرىلىدۇ. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ پەزل-كەرەمىگە باغلىق ئىشتۇر. ياخشى ئەمەللەرنى قىلغۇچىلارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئاللاھ تائالا خالىغان كىشىنىڭ مۇكاپاتىنى شۇنداق كۆپەيتىپ بېرىدۇ. چۈنكى، كۆڭلىدە ئاللاھ رازىلىقىنى كۆزلىمىسىمۇ، كىشىلەرگە ياخشى كۆرۈنۈش نىيىتى بىلەن مىليونلارچە پۇلنى سەدىقە قىلغان كىشى بىلەن چىن قەلبىدىن سۆيۈنۈپ تۇرۇپ، ئاللاھ رازىلىقىنى كۆزلەپ بىرەر تىيىن پۇل سەدىقە قىلغان كىشىنىڭ ئېرىشىدىغان ساۋابى ھەرگىز بىرخىل بولمايدۇ. ئەلۋەتتە كېيىنكىسىنىڭ ساۋابى كۆپ بولىدۇ.

قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىغا بىر يامانلىق بىلەن كەلگەن ئادەمگە شۇ بىر يامانلىقنىڭ جازاسى بېرىلىدۇ، ئارتۇق جازا بېرىپ ئۇنىڭغا ئۇۋال قىلىنمايدۇ. ﴿فَمَن يَعۡمَلۡ مِثۡقَالَ ذَرَّةٍ خَيۡرٗا يَرَهُۥ ۝٧ وَمَن يَعۡمَلۡ مِثۡقَالَ ذَرَّةٖ شَرّٗا يَرَهُۥ﴾ يەنى ﴿كىمكى زەررىچىلىك ياخشى ئىش قىلسا، ئۇ ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ. كىمكى زەررىچىلىك يامان ئىش قىلىدىكەن، ئۇ ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ﴾[2].

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. قىيامەت كۈنىدىكى ھېسابنى ئاللاھ تائالا ئۆزى بىۋاستە ئالىدۇ.

2. قۇياشنىڭ كۈنپېتىشتىن چىقىشى بىلەن ئىمان ۋە تەۋبىنىڭ ئىشىكى تاقىلىدۇ. بۇ قىيامەتنىڭ چوڭ ئالامەتلىرىدىن بىرىدۇر.

3. دىندا بۆلۈنۈش، بىرلىكنى پارچىلاش ۋە پىرقىلەرگە ئايرىلىپ،

[1] «صحيح البخاري» 8-توم، 103-بەت، 6491-ھەدىس.
[2] زەلزەلە سۈرىسى: 7-8-ئايەتلەر

ھەربىر پىرقە ئۆزىنىڭ تۇتقان يولى بىلەن پەخىرلىنىپ، باشقىلىرىنى چەتكە قېقىشى بەختسىزلىكنىڭ باشلىنىشىدۇر.

4. بىر يامانلىققا بىر يامانلىقنىڭ جازاسىنى بېرىش ئاللاھ تائالانىڭ ئادالىتى بولۇپ، بىر ياخشىلىققا ئون ۋە ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ، ھەتتا 700 ھەسسىگىچە كۆپ مۇكاپات بېرىش ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە بولغان پەزل-كەرىمىنىڭ ۋە رەھمىتىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

## ◄ تەۋھىد ۋە ئىخلاس

﴿قُلْ إِنَّنِي هَدَىٰنِي رَبِّيٓ إِلَىٰ صِرَٰطٍ مُّسْتَقِيمٍ دِينًا قِيَمًا مِّلَّةَ إِبْرَٰهِيمَ
حَنِيفًا ۚ وَمَا كَانَ مِنَ ٱلْمُشْرِكِينَ ﴿١٦١﴾ قُلْ إِنَّ صَلَاتِى وَنُسُكِى
وَمَحْيَاىَ وَمَمَاتِى لِلَّهِ رَبِّ ٱلْعَٰلَمِينَ ﴿١٦٢﴾ لَا شَرِيكَ لَهُۥ ۖ وَبِذَٰلِكَ
أُمِرْتُ وَأَنَا۠ أَوَّلُ ٱلْمُسْلِمِينَ ﴿١٦٣﴾ قُلْ أَغَيْرَ ٱللَّهِ أَبْغِى رَبًّا وَهُوَ رَبُّ
كُلِّ شَىْءٍ ۚ وَلَا تَكْسِبُ كُلُّ نَفْسٍ إِلَّا عَلَيْهَا ۚ وَلَا تَزِرُ وَازِرَةٌ وِزْرَ
أُخْرَىٰ ۚ ثُمَّ إِلَىٰ رَبِّكُم مَّرْجِعُكُمْ فَيُنَبِّئُكُم بِمَا كُنتُمْ فِيهِ
تَخْتَلِفُونَ ﴿١٦٤﴾﴾

## ◄ تەرجىمىسى

161-(ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «ھەقىقەتەن رەببىم مېنى توغرا يولغا، يەنى توغرا دىنغا-توغرا يولدا ماڭغان ئىبراھىمنىڭ دىنىغا باشلىدى، ئىبراھىم مۇشرىكلاردىن ئەمەس ئىدى».

162-ئېيتقىنكى، «مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھ ئۈچۈندۇر.

163-ئاللاھنىڭ شېرىكى يوقتۇر، مەن شۇنىڭغا (يەنى مۇشۇنداق دەپ ئېتىقاد قىلىشقا) بۇيرۇلدۇم، مەن مۇسۇلمانلارنىڭ تۇنجىسىمەن».

164-ئېيتقىنكى، «ئاللاھ ھەممە نەرسىنىڭ رەببى تۇرسا، مەن ئاللاھتىن باشقا رەب ئىزدەمدىمەن؟» ھەركىم ئۆزى قىلغان گۇناھقا ئۆزى جاۋابكار بولىدۇ. ھېچقانداق بىر گۇناھكار ئادەم باشقىسىنىڭ گۇناھىنى ئۈستىگە

ئالالمايدۇ. كېيىن قايتىدىغان جايىڭلار رەببىڭلارنىڭ دەرگاھىدۇر. ئاندىن سىلەر ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىنىڭ ھەقىقىتىنى ئاللاھ سىلەرگە ئېيتىپ بېرىدۇ.

## ◄ بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

بۇ ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ ئاساسلىق پرىنسىپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئۇنى شەرھلىگەن، خۇسۇسەن، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش، ھېساب بېرىش، قىلغان ياخشى-يامان ئەمەللەرنىڭ مۇكاپاتىنى ياكى جازاسىنى كۆرۈش قاتارلىق ئاخىرەت ھەقىقەتلىرىنى، ئىسلام دىنىنىڭ ھەقلىقىنى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن سۈرە-ئەنئام سۈرىسىنىڭ تۈگەنچىسى بولۇپ، بۇ تۈگەنچە سۈرىنىڭ بېشىدىن ئاخىرغا قەدەر بايان قىلىنغان مەسىلىلەرنىڭ خۇلاسىسى ھېسابلىنىدۇ.

## ◄ تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! ئۇ مۇشرىكلارغا ئېيتقىنكى، مېنى رەببىم قىلچە قىڭغىرلىقى بولمىغان تۈپتۈز يول-سىراتۇل مۇستەقىمگە، يەنى ئىسلامدىن ئىبارەت ھەق دىنغا ھىدايەت قىلدى ۋە مېنى بۇ دىنغا ئېتىقاد قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلدى. چۈنكى، بۇ دىن ئىنسانىنى ئىككى ئالەملىك بەخت-سائادەتكە ئېلىپ بارىدىغان توپتوغرا دىندۇر. ئىنسانلارنىڭ دۇنيادىكى ھاياتى ۋە ئاخىرەتتىكى ئەھۋالىنىڭ قانداق بولۇشى بۇ دىنغا ئەمەل قىلىش ياكى قىلماسلىقىغا باغلىقتۇر. ئۇلارنىڭ دىن ۋە دۇنيالىق بارلىق ئىشلىرى مۇشۇ دىن بىلەن ئوڭشىلىدۇ. بۇ دىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئېتىقاد قىلغان ۋە كىشىلەرگە ئۆگەتكەن ھەق دىندۇر. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىغا ئەگەشكەن ھەقىقي مۇئمىنلەر كۇفرىنىڭ ۋە ئازغۇنلۇقنىڭ ھەممە تۈرلىرى ۋە سەۋەبلىرىدىن پۈتۈنلەي يۈز ئۆرۈپ، بۇ دىنغا چىڭ ئېسىلغان، ھەتتا دۇئالىرىدىمۇ «ئى رەببىمىز! بىزنى توغرا يولغا ھىدايەت قىلغىن» دەپ تىلىگەن ئىدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام مۇشرىكلاردىن ئەمەس ئىدى. ئەمما بۇتلارنى ۋە ھەرقانداق ساختا ئىلاھلارنى ئاللاھ تائالاغا شېرىك قىلىپ قوشۇۋالغانلار، پەرىشتىلەرنى ئاللاھنىڭ قىزلىرى دەۋالغانلار، ئۇزەير بىلەن ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھنىڭ ئوغلى دېگۈچىلەر ھەممىسى ئاللاھ تائالاغا

شېرىك كەلتۈرگەن مۇشرىكلارنىڭ قاتارىدىن سانىلىدۇ. ئۇلار ھەرگىز ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچىلاردىن ئەمەس. ﴿وَمَنْ أَحْسَنُ دِينًا مِّمَّنْ أَسْلَمَ وَجْهَهُۥ لِلَّهِ وَهُوَ مُحْسِنٌ وَٱتَّبَعَ مِلَّةَ إِبْرَٰهِيمَ حَنِيفًاۗ وَٱتَّخَذَ ٱللَّهُ إِبْرَٰهِيمَ خَلِيلًا﴾ يەنى ﴿(تائەت-ئىبادەتنى) مۇكەممەل قىلغان ھالدا ئاللاھقا بويسۇنغان، ئىبراھىمنىڭ توغرا دىنىغا ئەگەشكەن كىشىدىنمۇ ياخشى ئادەم بارمۇ؟ ئاللاھ ئىبراھىمنى دوست تۇتتى﴾[1]. بۇ دىن ئىخلاس ۋە ئەمەل دىنى بولۇپ، ئاللاھ تائالا بارلىق پەيغەمبەرلىرىگە ۋە ئۇلارغا ئەگەشكەن مۇئمىنلەرگە يول قىلىپ بەلگىلەپ بەرگەن ھەق دىندۇر. ﴿إِنَّ ٱلدِّينَ عِندَ ٱللَّهِ ٱلْإِسْلَٰمُۗ﴾ يەنى ﴿ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ نەزىرىدە دىن ئىسلامدۇر﴾[2]، ﴿وَمَن يَبْتَغِ غَيْرَ ٱلْإِسْلَٰمِ دِينًا فَلَن يُقْبَلَ مِنْهُ وَهُوَ فِي ٱلْأَخِرَةِ مِنَ ٱلْخَٰسِرِينَ﴾ يەنى ﴿كىمكى ئىسلامدىن باشقا دىننى ئىزدەيدىكەن، ئۇ دىن ئۇنىڭدىن ھەرگىز قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئۇ ئادەم ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىدۇ﴾[3]. مانا بۇ خالىس تەۋھىدتۇر.

ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا دېگىنكى، مېنىڭ نامىزىم، دۇئايىم، ئىبادەتلىرىم ۋە ھاياتىمدا قىلىۋاتقان پۈتۈن ئەمەللىرىم، ھەتتا ھاياتىم ۋە ماماتىم ھەممىسى پەقەت ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھ تائالا ئۈچۈندۇر. ئۇنىڭ ھېچبىر شېرىكى ياكى ياردەمچىسى ۋەياكى بالىسى يوقتۇر، مەن مۇشۇنداق ئېتىقاد قىلىشقا بۇيرۇلدۇم، مەن ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى جارى قىلدۇرىدىغان مۇسۇلمانلارنىڭ تۇنجىسىمەن.

﴿مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھ ئۈچۈندۇر﴾ دېگەن ئايەت بىر مۇسۇلمان ئادەمنىڭ بىر پۈتۈن ھاياتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. مۇسۇلمان ئادەم دىن ۋە دۇنيالىق پۈتۈن ئىشلىرىنى، ھەتتا پۈتۈن ھاياتىنى دىنىنىڭ كۆرسەتمىسىگە توغرىلىشى، ئۆزىنىڭ ياشاش تەرزىنى دىنىنىڭ تەلەپلىرىگە ئۇيغۇن قىلىپ ئۇدۇللىشى، ئۇنىڭ نىيىتى، ئىبادەتلىرى، ھاياتى ۋە ھەربىر ئىشى پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن بولۇشى ۋە ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەندەك بولۇشى لازىم.

لست أبالى حين أُقتَلُ مُسْلِماَ     على أى جنب كان فى الله مصرعى

[1] نىسا سۈرىسى: 125-ئايەت.
[2] ئال ئىمران سۈرىسى: 19-ئايەت.
[3] ئال ئىمران سۈرىسى: 85-ئايەت.

پەقەت ئىمان بىلەنلا كەتسەم بولدى ماڭا، يوقكى پەرۋايىم -
شىبھەت بولۇپ يېقىلسام، سول تەرەپتىن ياكى ئوڭ ياندىن.

ھەقىقىي مۆئمىن، مۇسۇلمان ئادەم دۇنيا تىرىكچىلىكىگە قاتتىق ھېرىس قىلىپ كەتمەيدۇ، ئۆلۈمدىنمۇ قورقۇپ قالمايدۇ، بەلكى ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا ئۆلۈش ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ ئارزۇسى ۋە ئەڭ كاتتا ئارمىنى بولۇپ، جىھاد قىلىشتىن قاچمايدۇ، كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارغا تەشەببۇس قىلىپ، يامان ئىشلاردىن توسۇشتىن ھېرىپ قالمايدۇ. ھىدايەت يۇلتۇزلىرى بولغان ساھابىلەر ئەنە شۇنداق زاتلار ئىدى.

ئى پەيغەمبەر! مۇشرىكلارغا شۇنداق رەددىيە بەرگىنكى، مەن ئەمدى يېگانە ئاللاھ بولغان ئۇلۇغ رەببىمنى قويۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا رەب ئىزدەمدىمەن؟ ئۇنىڭدىن باشقىسىغا ئىبادەت قىلامدىمەن؟ ئۇنىڭ مەخلۇقاتلىرىدىن مەدەت تىلەمدىمەن؟ ئاللاھ تائالا ھەممە مەۋجۇداتنىڭ ياراتقۇچىسى، ھەممىنىڭ ئىگىسى ۋە پەرۋىش قىلىپ تۇرغۇچى رەببى تۇرسا، «قۇرئان كەرىم» ھەرقانداق ئىبادەت، دۇئا پەقەت ئاللاھ تائالا ئۈچۈنلا قىلىنىدۇ، دېگەن پرىنسىپنى ناھايىتى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويغان تۇرسا، مەن قانداقمۇ ئاللاھ تائالانى قويۇپ، مەخلۇقاتنى ئىلاھ قىلىۋالىمەن؟ مانا بۇ ھەقىقىي خالىس ئېتىقادتۇر. مانا بۇ خالىس دىندۇر.

ھەرقانداق ئادەم گۇناھ قىلسا ياكى جىنايەت سادىر قىلسا، ئۇنىڭ جازاسى ۋە ئازابى پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا بولىدۇ. ھېچكىم باشقا بىرىنىڭ گۇناھىنى ئۈستىگە ئالمايدۇ، ھېچقانداق بىر گۇناھكار ئادەم باشقا بىر گۇناھكار ئادەمنىڭ گۇناھلىرىدىن جاۋابكار بولمايدۇ. بەلكى ھەربىر ئىنساننىڭ ئۆزىنىڭ قىلمىشلىرىدىن ئۆزى ھېساب بېرىدۇ ۋە جازاسىنى ئۆزى يالغۇز تارتىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ ياخشى قىلغانلىرىمۇ، يامان قىلغانلىرىمۇ ئۆزى ئۈچۈندۇر. ﴿وَقُلِ ٱعۡمَلُواْ فَسَيَرَى ٱللَّهُ عَمَلَكُمۡ وَرَسُولُهُۥ وَٱلۡمُؤۡمِنُونَۖ﴾ يەنى ﴿(ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «سىلەر (ياخشى ئەمەللەرنى) قىلىڭلار، ئەمەلىڭلارنى ئاللاھ، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ۋە مۇئمىنلەر كۆرىدۇ»﴾[1]. مانا بۇ ئىسلام دىنىدۇر. ئۇ ئىشلەش، تىرىشىش ۋە مېھنەت قىلىش دىنىدۇر. قۇرۇق ئارزۇ بىلەن، مەغرۇرلۇق بىلەن ئىش كۆرىدىغان دىن

[1] تەۋبە سۈرىسى: 105-ئايەت

ئەمەس!

بۇ تەۋسىيەلەر ئىنسانلار جەمئىيىتىنى ئىسلاھ قىلىش يولىدىكى ئەڭ چوڭ تەشەببۇسلاردىن بولۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى، شۇنداقلا باتىل دىنلارنى بەربات قىلىشنىڭ ئەڭ كۈچلۈك قورallyرىدىن بىرىدۇر.

سىلەر چوقۇم رەببىڭلار تەرەپكە قايتىسىلەر، ئاندىن رەببىڭلار سىلەرنىڭ بارچە ئەمەللىرىڭلارنى ۋە ئەھۋالىڭلارنى سىلەرگە بىر-بىرلەپ ئېيتىپ بېرىدۇ، سىلەر ئىختىلاپقا چۈشكەن ئىشلىرىڭلار توغرۇلۇق ئادالەتلىك ھۆكۈمنى شۇ ۋاقىتتا ئۆزى چىقىرىدۇ، سىلەرگە ياخشى-يامان بارلىق ئىشلىرىڭلارنىڭ مۇكاپاتىنى ياكى جازاسىنى تولۇق بېرىدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنى ئىسلام دىنىنىڭ ئۆزى ئىدى. چۈنكى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام مۇشرىك ئەمەس، يەھۇدىي ئەمەس ۋە خىرىستىيانمۇ ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالانىڭ يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىنى جاكارلىغان مۇسۇلمان پەيغەمبەر ئىدى.

2. ھەرقانداق بىر نامازدا ساناەدىن (سۇبھانەكەللاھۇممە)نى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن: ﴿إِنَّ صَلَاتِي وَنُسُكِي وَمَحْيَايَ وَمَمَاتِي لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ﴾ يەنى ﴿مېنىڭ نامىزىم، ئىبادەتلىرىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم ئاللاھ ئۈچۈندۇر﴾ دېگەن ئايەتنى ئوقۇش مۇستەھەبتۇر.

3. ئاللاھ تائالانىڭ ئادالىتى قىيامەت كۈنى تولۇق مەنىسى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

### ◄ ئاللاھ تائالانىڭ كائىناتتىكى قانۇنىيىتى

﴿وَهُوَ ٱلَّذِي جَعَلَكُمْ خَلَٰٓئِفَ ٱلْأَرْضِ وَرَفَعَ بَعْضَكُمْ فَوْقَ بَعْضٍ دَرَجَٰتٍ لِّيَبْلُوَكُمْ فِي مَآ ءَاتَىٰكُمْۗ إِنَّ رَبَّكَ سَرِيعُ ٱلْعِقَابِ وَإِنَّهُۥ لَغَفُورٌ رَّحِيمٌ ١٦٥﴾

## تەرجىمىسى

165ـئاللاھ سىلەرنى يەر يۈزىدە (بۇرۇن ئۆتكەنلەرنىڭ) ئورۇنباسارلىرى قىلغان، سىلەرگە ئاتا قىلغان نېمەتلىرى ھەققىدە سىلەرنى سىناش ئۈچۈن، بەزىڭلارنى بەزىڭلاردىن بىر قانچە دەرىجە يۇقىرى قىلغان زاتتۇر. شەكسىزكى، رەببىڭ (زالىملارنى) تېز جازالىغۇچىدۇر، (تەۋبە قىلغۇچىلارنى) ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (مەخلۇقاتىغا) ناھايىتى مېھرىباندۇر.

## تەپسىرى

بۇ ئايەت بىزنى قانائەتكە ۋە رازىمەنلىككە ئەگە قىلىدىغان، كۆڭلىمىزنى خاتىرجەم قىلىدىغان ئەڭ ياخشى شىپادۇر. بىز ئۆزىمىزدىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنىڭ داۋامى بولغان خەلقلەرمىز، بىزمۇ بۇ دۇنيادا قېلىپ قالمايمىز، ھامان بىر كۈنى بۇ دۇنيادىن ئايرىلىمىز. چۈنكى، بىز ئاللاھ تائالانىڭ باشقۇرۇشى ۋە ئىگىدارچىلىقى ئاستىدىكى مەخلۇقاتمىز. ئەھ-ۋال شۇنداق تۇرسا، بىز نېمە ئۈچۈن بىر-بىرىمىز بىلەن دۈشمەنلىشىمىز؟ نېمە ئۈچۈن بۇ ئەرزىمەس دۇنيالىقنى تالىشىمىز؟ نېمە ئۈچۈن ئاللاھ تائالا بىزگە ئاتا قىلغان مال-دۇنيادىن ئاللاھ تائالانىڭ يولىغا سەرپ قىلمايمىز؟ ﴿أَنفِقُواْ مِمَّا رَزَقْنَـٰكُم﴾ يەنى ﴿سىلەرگە بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەردىن (ياخشىلىق يوللىرىغا) سەرپ قىلىڭلار﴾[1].

ئاللاھ تائالا سىلەرنى يەر يۈزىدە سىلەردىن بۇرۇن ياشاپ ئۆتكەن ئىنسانلارنىڭ ئورۇنباسارى قىلىپ، سىلەرنى ئۇلارنىڭ ئورنىدا ياشايدىغان قىلغان، سىلەرگە بېرىلگەن تۈرلۈك نېمەتلەر ھەققىدە سىلەرنى سىناش ئۈچۈن، بەزىلىرىڭلارنى بەزىلىرىڭلاردىن ئىلىمدە، ئەمەلدە، بايلىق ۋە پېقىرلىقتا بىر قانچە دەرىجە يۇقىرى قىلغان زاتتۇر. سىلەرگە بېرىلگەن نېمەتلەر بىر تۈرلۈك سىناق بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ بىلەن بايلارنى ۋە پېقىرلارنى سىنايدۇ. بايلار پۇل-مېلىنىڭ زاكىتىنى بېرەمدۇ؟ سەدىقە ۋە خەير-ئېھسانلارنى قىلامدۇ؟ پېقىرلارغا، موھتاجلارغا ياردەم قىلامدۇ؟ يېتىملەرنىڭ بېشىنى سىلامدۇ؟ ياكى بېخىللىق قىلىپ پۇل-مېلىنى بېسىپ ياتامدۇ؟ پېقىرلار ئاللاھ تائالانىڭ بۇ تەقسىماتىغا رازى بولامدۇ؟ ياكى تۇزكورلۇق قىلىپ، «نېمە ئۈچۈن ئاللاھ مېنى ھاجەتمەن قىلىپ قويىدى» دەمدۇ؟ بۇلارنىڭ

[1] بەقەرە سۈرىسى: 254ـئايەت.

ھەممىسى سىناقتۇر.

ئاللاھ تائالا بەزىمىزنى بەزىمىزدىن يۇقىرى قىلغان بولسا، بىزنىڭ زىممىمىزگە چۈشكىنى پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرىگە رازى بولۇش، قىتىرقىنىپ ياخشى ئىشلەش، سەۋرچان بولۇشتۇر. ﴿لِّكَيۡلَا تَأۡسَوۡاْ عَلَىٰ مَا فَاتَكُمۡ وَلَا تَفۡرَحُواْ بِمَآ ءَاتَىٰكُمۡۗ﴾ يەنى ﴿(ئاللاھ بۇنى) قولۇڭلاردىن كەتكەنگە قايغۇرۇپ كەتمەسلىكىڭلار ۋە (ئاللاھنىڭ) بەرگەنلىرىگە كۆرەڭلەپ كەتمەسلىكىڭلار ئۈچۈن (بايان قىلدۇ)﴾[1].

خۇلاسە قىلغاندا، بۇ ئايەت ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى بىر-بىرىگە ھەسەت قىلىشىش، كۆز قىزارتىش ۋە بىر-بىرى بىلەن دۈشمەنلىشىش قاتارلىق ئىجتىمائىي ئىللەتلەرگە يېتەرلىك شىپادۇر. شۇنىڭدەك، ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىشتا ئەڭ پايدىلىق چارىدۇر. زاكات، سەدىقە ۋە ئىختىيارىي خەير-ئېھسان مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدىكى ئەڭ ئەھمىيەتلىك ھەمكارلىق چارىسىدۇر.

ئى پەيغەمبەر! رەببىڭ زالىملارنى ناھايىتى تېز جازالىغۇچىدۇر، ئۇ پىرئەۋن ۋە ئەبۇ لەھەبكە ئوخشاش ھەددىدىن ئاشقان زالىملانى مۇشۇ دۇنيادىلا تېز ھالاك قىلىدۇ، ئاندىن ئاخىرەتتە دوزاختا تاشلايدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ ئازابى ناھايىتى قاتتىقتۇر، ئۇ جازالاشنى ۋاقتىلىق كېچىكتۈر-سىمۇ، ئۇنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايدۇ. زالىملار ئۈچۈن ھەق يولغا قايتىش پۇرسىتىنى بېرىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئازابى كەلگەندە بۇ زالىملار ئۇنىڭدىن قەتئىي قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ جازاسى ئۇ چاغدا ئىنتايىن تېزدۇر، زالىملارغا مۆھلەت بەرمەيلا، ئۇلارنى دەرھال ھالاك قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۆز گۇناھىغا پۇشايمان قىلىپ سەممىي تەۋبە قىلغان بەندىسىنى ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، بارلىق مەخلۇقاتقا ناھايىتى مېھرىباندۇر.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلارنى بىر خىل قىلماستىن، بەزىسىنى باي، بەزىسىنى پېقىر، بەزىسىنى ساق، بەزىسىنى كېسەل، بەزىسىنى خوجايىن، بەزىسىنى خىزمەتچى قىلغانلىقى ئاللاھ تائالانىڭ كائىناتنى ۋە ئىنسانلارنى ئىدارە قىلىشتىكى تەدبىرلىرىنىڭ بىرىدۇر.

---

[1] ھەدىد سۈرىسى: 23-ئايەت.

2. ئاللاھ تائالا زالىملارنى ۋە ھەددىدىن ئاشقانلارنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئازابى كەلگەندە ناھايىتى تېز كېلىدۇ ۋە ئازابقا ھەقلىق بولغانلار ئۇنىڭدىن ھەرگىز قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.

# ئەئراف سۈرىسى

ئەئراف سۈرىسى مەككىدە نازىل بولغان، 205 ئايەتلىك سۈرە بولۇپ، مۇپەسسىرلەر بۇ سۈرىنىڭ ﴿وَسۡـَٔلۡهُمۡ عَنِ ٱلۡقَرۡيَةِ ٱلَّتِي كَانَتۡ حَاضِرَةَ ٱلۡبَحۡرِ﴾ دېگەن ئايىتىدىن ﴿وَإِذۡ نَتَقۡنَا ٱلۡجَبَلَ فَوۡقَهُمۡ﴾ دېگەن ئايىتىگىچە بولغان سەككىز ئايەتتىن باشقا ئايەتلىرىنىڭ ھەممىسى مەككىدە نازىل بولغان دەپ قارايدۇ[1].

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۆز قەۋملىرىنى ئىمانغا دەۋەت قىلىش يولىدا تارتقان جاپا-مۇشەققەتلىرى ۋە ئۇچرىغان قىيىنچىلىقلىرىنى بايان قىلىش ئارقىلىق ئىمان بىلەن كۇفرى ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنى ۋە بۇ ئىككىسىنىڭ ئاقىۋىتىنى بايان قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

ئەئراف سۈرىسى ساد سۈرىسىدىن كېيىن نازىل بولغان ۋە خۇددى ئەنئام سۈرىسىگە ئوخشاشلا ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ ئاساسلىرى ۋە دىنىنىڭ پرىنسىپلىرى بايان قىلىنغان بىر سۈرە بولۇپ، ئۇنىڭدا يەنە پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرى، ئۇلارنىڭ قەۋملىرى بىلەن بولغان كەچۈرمىشلىرى بايان قىلىنغان. سۈرىنىڭ ئىسمى 46-ۋە 48-ئايەتلەردە كەلگەن «سېپىل» مەنىسىدىكى ﴿ئەئراف﴾ دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان.

## ◄ «قۇرئان كەرىم» ۋە ئۇنى ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ ئاقىۋىتى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿الٓمٓصٓ ١ كِتَٰبٌ أُنزِلَ إِلَيۡكَ فَلَا يَكُن فِي صَدۡرِكَ حَرَجٞ مِّنۡهُ
لِتُنذِرَ بِهِۦ وَذِكۡرَىٰ لِلۡمُؤۡمِنِينَ ٢ ٱتَّبِعُواْ مَآ أُنزِلَ إِلَيۡكُم مِّن

[1] «التفسير الواضح» 1-توم، 693-بەت.

رَّبِّكُمْ وَلَا تَتَّبِعُواْ مِن دُونِهِۦٓ أَوْلِيَآءَۗ قَلِيلًا مَّا تَذَكَّرُونَ ﴿٣﴾ وَكَم
مِّن قَرْيَةٍ أَهْلَكْنَٰهَا فَجَآءَهَا بَأْسُنَا بَيَٰتًا أَوْ هُمْ قَآئِلُونَ ﴿٤﴾ فَمَا
كَانَ دَعْوَىٰهُمْ إِذْ جَآءَهُم بَأْسُنَآ إِلَّآ أَن قَالُوٓاْ إِنَّا كُنَّا ظَٰلِمِينَ ﴿٥﴾
فَلَنَسْـَٔلَنَّ ٱلَّذِينَ أُرْسِلَ إِلَيْهِمْ وَلَنَسْـَٔلَنَّ ٱلْمُرْسَلِينَ ﴿٦﴾ فَلَنَقُصَّنَّ
عَلَيْهِم بِعِلْمٍۖ وَمَا كُنَّا غَآئِبِينَ ﴿٧﴾ وَٱلْوَزْنُ يَوْمَئِذٍ ٱلْحَقُّۚ فَمَن ثَقُلَتْ
مَوَٰزِينُهُۥ فَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلْمُفْلِحُونَ ﴿٨﴾ وَمَنْ خَفَّتْ مَوَٰزِينُهُۥ
فَأُوْلَٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ خَسِرُوٓاْ أَنفُسَهُم بِمَا كَانُواْ بِـَٔايَٰتِنَا يَظْلِمُونَ ﴿٩﴾

## تەرجىمىسى

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1-ئەلىف، لام، مىم، ساد (بۇ خىلدىكى ھەرپلەرنىڭ بايانى بەقەرە سۈرىسىنىڭ بېشىدا ئۆتتى)

2-(ئى پەيغەمبەر! بۇ، ئىنسانلارنى) ئاگاھلاندۇرۇشۇڭ ۋە مۆئمىنلەرگە ۋەز-نەسىھەت قىلىشىڭ ئۈچۈن ساڭا نازىل قىلىنغان كىتابتۇر. ئۇنىڭدىن (يەنى قەۋمىڭنىڭ ئۇنى ئىنكار قىلىشىدىن ئەنسىرەپ) يۈرىكىڭ سىقىلمىسۇن.

3-(ئى ئىنسانلار!) سىلەر رەببىڭلار تەرىپىدىن سىلەرگە نازىل قىلىنغان كىتابقا ئەگىشىڭلار، ئاللاھنى قويۇپ، (ساختا) مەدەتكارلارغا ئەگەشمەڭلار، سىلەر ۋەز- نەسىھەتنى بەكمۇ ئاز قوبۇل قىلىسىلەر.

4-بىز قانچىلىغان شەھەر (ئاھالىسى)نى ھالاك قىلدۇق، بىزنىڭ ئازابىمىز ئۇلارغا كېچىسى ياكى چۈشلۈكى ئۇخلاۋاتقان چاغلىرىدا كەلدى.

5-بىزنىڭ ئازابىمىز كەلگەن چاغدا، ئۇلارنىڭ چەككەن پەريادى: «بىز ھەقىقەتەن ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز زۇلۇم قىپتۇق» دېيىشتىنلا ئىبارەت بولدى.

6-بىز ئەلۋەتتە پەيغەمبەر ئەۋەتىلگەن ئۈممەتلەرنى سوئال-سوراق قىلىمىز، پەيغەمبەرلەرنىمۇ ئەلۋەتتە سوئال-سوراق قىلىمىز.

7-(قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى) ئۇلارغا ئېنىق مەلۇمات بىلەن ئېيتىپ بېرىمىز. بىز ئۇلاردىن ھېچقاچان ئايرىلمىغان ئىدۇق.

8-بۇ كۈندە (ئەمەللەرنىڭ) ئۆلچىنىدىغانلىقى ھەقتۇر. كىمنىڭ ياخشى ئەمەللىرى ئېغىر كەلسە، ئەنە شۇلار نىجات تاپقۇچىلاردۇر.

9-كىمنىڭ ياخشى ئەمەللىرى يېنىك كەلسە، ئەنە شۇلار بىزنىڭ ئا-يەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلىقى تۈپەيلىدىن ئۆزىگە زىيانكەشلىك قىلغۇ-چىلاردۇر.

### ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ بىرلىكىنى، پەيغەمبەرنىڭ ھەقلىقىنى، ئۇنىڭغا كەلگەن ۋەھيىنىڭ راستلىقىنى، قىيامەتنىڭ چوقۇم بولىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن سۈرىلەرنىڭ كۆپىنچىسىنى يۇقىرىقىدەك مەنىسى مۇئەييەن ئەمەس ھەرپلەر بىلەن باشلىغان. بۇ ھەرپلەرنىڭ مەنىسىنى ئاللاھ تائالا ئۆزى بىلىدۇ.

ئى پەيغەمبەر! بۇ شانلىق قۇرئان-ساڭا نازىل قىلىنغان ئاخىرقى ساماۋى كىتابتۇر. ئۇنىڭدا ھىدايەت ۋە ياخشىلىق بار. بۇ سېنىڭ كىشىلەرنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىشىڭ، ئىمان ئېيتىشتىن باش تارتقان كاپىرلارنى ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرۇشۇڭ، ئىمان ئېيتىپ، شۇ ئىماننىڭ تەلىپىگە لايىق ھالدا، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان مۇئمىنلەرگە جەننەت بىلەن خۇش خەۋەر بېرىشىڭ ۋە ئۇلارغا ۋەز-نەسىھەت قىلىشىڭ ئۈچۈن چۈشۈرۈلدى. لېكىن سەن بۇ يولدا كۆپ قىيىنچىلىقلارغا، ئەزىيەتلەرگە، تۆھمەتلەرگە، قارشىلىقلارغا، توسقۇنلۇقلارغا ۋە دۈشمەن-لىكلەرگە ئۇچرايسەن. بۇ ئىشلار ئەلۋەتتە سېنىڭ كۆڭلۈڭنى بىئارام قىلماي قالمايدۇ، كاپىرلارنىڭ قىلمىشىدىن يۈرىكىڭ سىقىلىدۇ. شۇڭا سەن تېخىمۇ كۆپ چىدامچانلىققا ۋە سەۋرچانلىققا موھتاج بولىسەن. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ئىنسانلارغا ھەق دىننى يەتكۈزۈش ئىشىدا چىداملىق بولغىن، كاپىرلارنىڭ يامانلىقلىرىدىن يۈرىكىڭ سىقىلمىسۇن. ﴿وَلَقَدۡ نَعۡلَمُ أَنَّكَ يَضِيقُ صَدۡرُكَ بِمَا يَقُولُونَ﴾ يەنى ﴿بىز ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدىن يۈرىكىڭنىڭ سىقىلىۋاتقانلىقىنى ئەلۋەتتە بىلىمىز﴾[1]. شۇنداقتىمۇ سەن يەنىلا سەۋر قىلغىن. ﴿فَٱصۡبِرۡ كَمَا صَبَرَ أُوْلُواْ ٱلۡعَزۡمِ مِنَ ٱلرُّسُلِ﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر!) سەن ئىرادىلىك پەيغەمبەرلەردەك چىداملىق بولغىن﴾[2]. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى

---

[1] ھىجر سۈرىسى: 97-ئايەت.

[2] ئەھقاف سۈرىسى: 35-ئايەت.

مۇشرىكلارنىڭ ئازارلىرىغا، سالغان جاپالىرىغا سەۋرچان بولۇپ، ئىسلام دەۋىتىنى ئاخىرىغىچە ئېلىپ بېرىشقا ئۈندەيدۇ، ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ باشلىرىغا كەلگەن مۇسىبەتلەرنى ئەسلەپ تەسەللى تېپىشقا بۇيرۇيدۇ.

ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، سىلەر ئۆزۈڭلارنى يوقتىن ياراتقان، سىلەرنى پەرۋىش قىلىپ تۇرۇۋاتقان ۋە پۈتۈن ئىشلىرىڭلارنىڭ ئىگىسى بولغان ئۇلۇغ رەببىڭلار نازىل قىلغان «قۇرئان كەرىم»گە ئەگىشىڭلار. چۈنكى، ئاللاھ تائالا سىلەرگە پەقەت ياخشىلىق، توغرىلىق ۋە ھىدايەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئايەتلەرنى نازىل قىلىدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالادىن باشقىسىنى ئىگە تۇتماڭلار، ئاللاھ تائالادىن باشقىسىنىڭ يولىغا ئەگەشمەڭلار، ساختا ئىلاھلارغا ۋە ئىنسان ۋە جىن شەيتانلارغا ئەگەشمەڭلار. چۈنكى، شەيتانلار سىلەرنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنىڭلار بولغانلىقتىن، ئۇلار ھەمىشە سىلەرنى زىيانلىق ئىشلارغا كۈشكۈرتىدۇ، يامان ئىشلارنى سىلەرگە چىرايلىق كۆرسىتىدۇ. ئەگەر سىلەر شەيتانلارغا ئەگەشسەڭلار، دىندا بىدئەت پەيدا قىلىش، ئەقىدە ئىشلىرىدا ئېزىپ كېتىش قاتارلىق تۇرغۇنلىغان يامان يوللارغا كىرىپ قالىسىلەر. شۇنى بىلىڭلاركى، شەيتانلار سىلەرگە چوقۇنۇشنى چىرايلىق كۆرسەتكەن بۇتلار تاش، ياغاچ قاتارلىق نەرسىلەردىن ياسالغان، ھېچكىمگە پايدا يەتكۈزەلمەيدىغان، ھېچكىمدىن زىياننى توسۇپ قالالمايدىغان نەرسىلەردۇر. شۇڭا شەيتانلاردىن يىراق تۇرۇڭلار. سىلەر بەكمۇ ئاز ئىبرەت ئالىسىلەر، ناھايىتى ئاز تەپەككۇر قىلىسىلەر، ۋەز- نەسىھەتنى بەكمۇ ئاز قوبۇل قىلىسىلەر.

بىز كۆپلىگەن شەھەرلەرگە پەيغەمبەرلىرىمىزنى ئەۋەتكەن بولساقمۇ، بۇ شەھەرلەرنىڭ ئاھالىلىرى پەيغەمبەرلىرىگە ئاسىيلىق قىلدى، ئۇلارنىڭ بۇيرۇغانلىرىغا خىلاپلىق قىلدى، ئۇلارغا قارشى چىقتى. شۇنىڭ بىلەن بىز ئۇلارنى ھالاك قىلىۋېتىشنى ئىرادە قىلىۋىدۇق، بىزنىڭ ئازابىمىز ئۇلارغا ئۇلار كېچىسى ياكى چۈشلۈكى خاتىرجەم ئارام ئېلىپ ئۇخلاۋاتقان چاغلىرىدا تۇيۇقسىزلا كەلدى. نەتىجىدە، ئۇلار پۈتۈنلەي ھالاك بولدى. شۇ ئېنىقكى، پەقەت زىيان تارتقۇچى قەۋملەرلا ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن قورقمايدۇ.

ئۇلارغا بىزنىڭ ئازابىمىز كەلگەن چاغدا، ئۇلارنىڭ سۆزلىرى ۋە دۇئالىرى پەقەت ئۆز گۇناھلىرىنى ئېتىراپ قىلىشتىن ئىبارەتلا بولدى. ئۇلار ﴿بىز ھەقىقەتەن ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز زۇلۇم قىپتۇق﴾ دەپ قاتتىق پۇشايمان

قىلىشتى. لېكىن بۇ ۋاقىتتىكى پۇشايمان ئۇلارغا قىلچە پايدا بەرمىدى. ﴿يَوۡمَ لَا يَنفَعُ ٱلظَّٰلِمِينَ مَعۡذِرَتُهُمۡۖ وَلَهُمُ ٱللَّعۡنَةُ وَلَهُمۡ سُوٓءُ ٱلدَّارِ﴾ يەنى ﴿ئۇ كۈندە زالىملارنىڭ ئۆزرىسى پايدا بەرمەيدۇ، ئۇلار ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن قوغلىنىدۇ، ئۇلار (دوزاختىن ئىبارەت) يامان جايغا تاشلىنىدۇ﴾[1].

ئاللاھ تائالا گۇناھكارلارنى جازالاشنى ئۆزى خالىغان ۋاقىتقا قەدەر كېچىكتۈرىدۇ. بۇ كېچىكتۈرۈش ئۇلارنى جازالاشقا كۆڭۈل بۆلمىگەنلىكتىن ئەمەس، بەلكى گۇناھكارلارنى ئىبرەتلىك ھالدا قاتتىق جازالاش ئۈچۈندۇر. گۇناھكارلارنى جازالاش ۋاقتى كەلگەندە، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى تۇيۇقسىز جازالايدۇ. بۇ چاغدا ئاللاھ تائالانىڭ جازاسى ئۇلارغا چاقماق تېزلىكىدە چۈشۈپ بولىدۇ. ئاد، سەمۇد قەۋملىرىنىڭ ھالاكىتى بۇنىڭ مىسالى.

گۇناھ-مەئسىيەت سادىر قىلىشتا ھەددىدىن ئاشقان، بۇزغۇنچىلىقتا چېكىگە يەتكەن، ئەقىل ۋە دىنىنىڭ چەك-چېگراسىدىن چەتنەپ كەتكەن، بېشىغا كەلگەن مۇسىبەتلەردىن ئىبرەت ئالمىغان، ئاگاھلاندۇرۇشنىڭ پايدىسى بولمىغان، بىر كۈن بولسىمۇ ئۆزىنىڭ خاتالىقىنى تونۇپ ئاللاھ تائالا تەرەپكە سەمىمىي تەۋبە بىلەن قايتىشنى ئويلاپ قويمىغان ئازغۇنلارنىڭ ئاقىۋىتى ھەقىقەتەن يامان بولىدۇ.

ھەددىدىن ئاشقان، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلغان ئازغۇنلارنىڭ جازاسى ئەنە شۇنداق تېز ۋە ئىبرەتلىك بولىدۇ. ئىلگىرىكى ھالاك بولغان قەۋملەرنىڭ ئاقىۋىتى بىز ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ئىبرەت بولالايدۇ. بىر ھالاكەت بىلەنلا يەر يۈزىدىن پۈتۈنلەي يوقىلىپ كەتكەن قەۋملەرنىڭ ئاقىۋىتى ئېخىمۇ ياخشى ئىبرەتتۇر. ﴿إِنَّ ٱللَّهَ لَا يُغَيِّرُ مَا بِقَوۡمٍ حَتَّىٰ يُغَيِّرُواْ مَا بِأَنفُسِهِمۡۗ﴾ يەنى ﴿ھەرقانداق بىر قەۋم ئۆزىنى ئۆزگەرتمىگۈچە ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ﴾[2]، ﴿وَإِذَآ أَرَدۡنَآ أَن نُّهۡلِكَ قَرۡيَةً أَمَرۡنَا مُتۡرَفِيهَا فَفَسَقُواْ فِيهَا فَحَقَّ عَلَيۡهَا ٱلۡقَوۡلُ فَدَمَّرۡنَٰهَا تَدۡمِيرٗا﴾ يەنى ﴿بىرەر شەھەر (ئاھالىسى)نى ھالاك قىلماقچى بولساق، ئۇنىڭدىكى ھاكاۋۇر دۆلەتمەن ئادەملەرنى (بىزگە ئىتائەت قىلىشقا) بۇيرۇيمىز، ئۇلار ئۇ يەردە ئىتائەتسىزلىك (قىلىپ بىزگە ئاسىيلىق) قىلىدۇ-دە، ئۇلارغا ئازابىمىز تېگىشلىك بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ شەھەرنى قاتتىق ۋەيران قىلىپ (ئاھالىسىنى ھالاك قىلىپ) تاشلايمىز﴾[3]. ئى ئەقىل ئىگىلىرى! بۇلاردىن

---

[1] غافىر سۈرىسى: 52-ئايەت.

[2] رەئد سۈرىسى: 11-ئايەت.

[3] ئىسرا سۈرىسى: 16-ئايەت.

ئىبرەت ئېلىڭلار! چۈنكى ئەقلى بار، ۋىجدانى ئويغاق ئادەملەر بۇلاردىن ئەلۋەتتە ئىبرەت ئالىدۇ.

قىيامەت كۈنىنىڭ ئىشلىرى ھەقىقەتەن دەھشەتلىك بولىدۇ. ئۇ كۈندە ئەھۋال بىر خىل بولمايدۇ. ﴿يَوۡمَ تَرَوۡنَهَا تَذۡهَلُ كُلُّ مُرۡضِعَةٍ عَمَّآ أَرۡضَعَتۡ وَتَضَعُ كُلُّ ذَاتِ حَمۡلٍ حَمۡلَهَا وَتَرَى ٱلنَّاسَ سُكَٰرَىٰ وَمَا هُم بِسُكَٰرَىٰ وَلَٰكِنَّ عَذَابَ ٱللَّهِ شَدِيدٞ﴾ يەنى ﴿سىلەر ئۇنى (يەنى زېمىننىڭ قاتتىق تەۋرىگەنلىكىنى) كۆرىدىغان (قىيامەت) كۈندە، ھەربىر ئېمىتىۋاتقان (ئايال قورقىنىدىن) ئېمىۋاتقان (بوۋىقىنى) ئۇنتۇيدۇ، ھەربىر ھامىلىدار ئايال بوۋىقىنى تۇغۇۋېتىدۇ، ئىنسانلارنى مەست ھالىتىدە كۆرىسەن. ھالبۇكى، ئۇلار ئەمەلىيەتتە مەست ئەمەس، لېكىن ئاللاھنىڭ ئازابى قاتتىقتۇر (شۇڭا ئۇلار ئاشۇنداق بولۇپ قالىدۇ)﴾[1]. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەۋەتىلگەن قەۋملەردىن ﴿مَاذَآ أَجَبۡتُمُ ٱلۡمُرۡسَلِينَ﴾ يەنى ﴿پەيغەمبەرلەرگە نېمە دەپ جاۋاب بەردىڭلار؟﴾[2] دەپ سورايدۇ. يەنە ئۇلاردىن ﴿يَٰمَعۡشَرَ ٱلۡجِنِّ وَٱلۡإِنسِ أَلَمۡ يَأۡتِكُمۡ رُسُلٞ مِّنكُمۡ يَقُصُّونَ عَلَيۡكُمۡ ءَايَٰتِي وَيُنذِرُونَكُمۡ لِقَآءَ يَوۡمِكُمۡ هَٰذَاۚ﴾ يەنى ﴿ئى جىنلار ۋە ئىنسانلار جامائەسى! سىلەرگە ئاراڭلاردىن مېنىڭ ئايەتلىرىمنى بايان قىلىپ بېرىدىغان، بۇ كۈنۈڭلاردىكى ئۇچرىشىشتىن سىلەرنى ئاگاھلاندۇرىدىغان پەيغەمبەرلەر كەلمىدىمۇ؟﴾[3] دەپ سورايدۇ. ﴿ٱلَّذِينَ جَعَلُواْ ٱلۡقُرۡءَانَ عِضِينَ ٩١ فَوَرَبِّكَ لَنَسۡـَٔلَنَّهُمۡ أَجۡمَعِينَ﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر!) رەببىڭنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى قىلمىشلىرى توغرىسىدا سوراققا تارتىمىز﴾[4].

قىيامەت كۈندە سوئال-سوراق قىلىنماستىنلا دەرھال دوزاخقا تاشلىنىدىغانلارمۇ بولىدۇ. ﴿فَيَوۡمَئِذٖ لَّا يُسۡـَٔلُ عَن ذَنۢبِهِۦٓ إِنسٞ وَلَا جَآنّٞ﴾ يەنى ﴿(گۇناھكارلارنىڭ ئالامەتلىرى بولغانلىقتىن) بۇ كۈندە ئىنسان ۋە جىننىڭ (گۇناھكارلىرىدىن) ھېچبىرى ئۆزىنىڭ گۇناھى توغرىسىدا سوراق قىلىنمايدۇ﴾[5]. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەۋەتىلگەن ئۈممەتلەرنى سوئال-سوراق قىلغاندەك، پەيغەمبەرلەردىنمۇ سورايدۇ. ﴿يَوۡمَ

[1] ھەج سۈرىسى: 2-ئايەت.
[2] قەسەس سۈرىسى: 65- ئايەت.
[3] ئەنئام سۈرىسى: 130- ئايەت.
[4] ھىجر سۈرىسى: 92-93- ئايەت.
[5] رەھمان سۈرىسى: 39 -ئايەت.

﴿يَجْمَعُ ٱللَّهُ ٱلرُّسُلَ فَيَقُولُ مَاذَآ أُجِبْتُمْ قَالُوا۟ لَا عِلْمَ لَنَآ إِنَّكَ أَنتَ عَلَّٰمُ ٱلْغُيُوبِ﴾ يەنى ﴿(ئى ئىنسانلار! قىيامەت كۈنىنى ئۇنتۇماڭلاركى) ئاللاھ ئۇ كۈندە پەيغەمبەرلەرنى يىغىپ: «سىلەر (قەۋمىڭلارنى ئىمانغا دەۋەت قىلغاندا، ئۇلاردىن) قانداق جاۋابقا ئىگە بولغان ئىدىڭلار؟» دەپ سورايدۇ، ئۇلار: «(سەن بىلدۈرگەندىن باشقا) بىز ھېچ نەرسە بىلمەيمىز. شەكسىزكى، سەن غەيبلەرنى ناھايىتى ئوبدان بىلگۈچىسەن» دەيدۇ﴾[1].

ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى بايانلاردىن كېيىن دەيدۇكى، بىز ئۇلارغا ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرىنى، ئۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ بېشىغا كەلگەن قىيىنچىلىقلارنى، مۇسىبەتلەرنى، ئۇ پەيغەمبەرلەرگە قەۋملىرىنىڭ قىلغان يامانلىقلىرىنى ئەڭ توغرا ۋە ئەڭ تولۇق شەكىلدە بايان قىلىپ بېرىمىز. چۈنكى، رەببىڭ ھېچ نەرسىنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ، ھەممىنى تولۇق بىلىدۇ. ئاسمان ۋە زېمىندىكى ھېچ نەرسە ئۇنىڭ ئىلمىنىڭ سىرتىدا ئەمەس، ھېچ نەرسە ئۇنىڭغا مەخپىي ئەمەس.

ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەۋەتىلگەن ئۈممەتلەرنى ۋە پەيغەمبەرلەرنى سوئال-سوراق قىلىشى ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى، كەچۈرمىشلىرىنى، بېشىغا كەلگەن ئىشلارنى بىلمىگەنلىكتىن ئەمەس، بەلكى پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلغان ئۈممەتلەرنى قىلغان-ئەتكەنلىرىگە ئىقرار قىلدۇرۇش، پەيغەمبەر-لەرنى ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىغا گۇۋاھ قىلىش ئۈچۈندۇر. ئايەتتىكى ﴿(چۈنكى) بىز ئۇلاردىن ھېچقاچان ئايرىلمىغان ئىدۇق﴾ دېگەن جۈملە بۇنىڭغا ئىشارەت قىلىدۇ.

ھەقىقەت ئۇتتۇرىغا چىقىدىغان، پەردىلەر ئېچىلىدىغان، ھەتتا دىللاردىكى سىرلارمۇ ئوچۇق-ئاشكارا ئوتتۇرىغا چىقىدىغان، ياخشى-يامان بارلىق ئەمەللەر تولۇق ھازىر قىلىنىدىغان شۇ قىيامەت كۈنىدە ئەمەللەرنىڭ ئۆلچۈلىدىغانلىقى شەكسىز ھەقتۇر. ئۇ كۈندە ئادالەت تارازىسى قويۇلىدۇ، ئىنسانلارنىڭ ياخشى-يامان بارلىق ئەمەللىرى بۇ تارازىدا ئۆلچىنىدۇ. ياخشى ئەمەللىرى يامان ئىشلىرىدىن ئېغىر كېلىپ، ساۋابى گۇناھىدىن كۆپ بولۇپ چىققان كىشىلەر نىجات تاپقان، مۇرادىغا يەتكەن ۋە جەننەتكە ئېرىشكەن بولىدۇ. ئەمما ياخشى ئەمەللىرى يامان ئىشلىرىدىن يېنىك كېلىپ، گۇناھلىرى ساۋابىدىن كۆپ بولۇپ چىققان كىشىلەر دوزاختا مەنسۇپ بولىدىغانلار بولۇپ، ئۇلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر.

---

[1] مائىدە سۈرىسى: 109-ئايەت.

دوزاخقا كىرگەن مۆئمىن ئادەم گۇناھىغا تېگىشلىك دوزاختا ئازابلىنىپ بولغاندىن كېيىن جەننەتكە كىرىدۇ. ئەمما ئاللاھ تائالانى، ئۇنىڭ ئايەتلىرىنى، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغان كاپىرلار چوقۇم دوزاخقا كىرىدۇ ۋە دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئازغۇنلۇقنى ھىدايەتتىن ئەۋزەل كۆرگەن، ھەقىقەتتىن مەنىۋى كورلۇقنى، ئىماندىن كۇفرىلىقنى ئارتۇق كۆرگەن كىشىلەردۇر. گۇناھكارلار كىرىدىغان دوزاخ نېمىدېگەن يامان جاي!

قىيامەت كۈنىدە ئەمەللەرنىڭ ئۆلچۈلىدىغانلىقى شەكسىز ھەقىقەتتۇر. ئەمەللەرنىڭ قانداق شەكىلدە ۋە قانداق ئۇسۇلدا ئۆلچۈلىدىغانلىقى بىز ئۈچۈن غەيبىي ئىشتۇر. ئۇنىڭ ھەقىقىتىنى ئاللاھ تائالا ئۆزى بىلىدۇ. بىز شۇنىڭ ھەق ۋە راست ئىكەنلىكىگە ئىمان ئېيتىشقىلا بۇيرۇلغان. شۇڭا بىزگە زۆرۈر بولغىنى «قۇرئان كەرىم» ۋە سەھىھ ھەدىسلەردە ئىمان ئېيتىشقا بۇيرۇلغان مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىگە چىن ئىشىنىپ ئېتىقاد قىلىش، ئۇلارنىڭ قانداق شەكىلدە ۋە قانداق رەۋىشتە بولىدىغانلىقىنى ئاللاھ تائالاغا تاپشۇرۇشتۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئۇنى ئۆزى بىلىدۇ. ھازىرقى زاماندىكى ئىلىم-پەن سايىسىدا ئىنسانلار كۆپلىگەن ئۆلچەملەرنى ئىجاد قىلغان يەردە، ھەممىگە قادىر، چەكسىز قۇدرەتلىك ئاللاھ تائالانىڭ ئەمەللەرنى ۋە نىيەتلەرنى ئۆلچەش ئۈچۈن ئەڭ ئىنچىكە ۋە ئەڭ توغرا تارازا ياكى ئۆلچەملەرنى بېكىتىدىغانلىقىدا قىلچە شەك يوق.

## مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلغان ۋەھيىنىڭ روھى بويىچە ئىش كۆرۈش ھەربىر مۇسۇلمان ئۈچۈن دىنىي زۆرۈرىيەتتۇر. دىن ۋە دۇنيالىق پۈتۈن ئىشلاردا «قۇرئان كەرىم» ۋە سەھىھ ھەدىسلەرنىڭ روھىغا ئەگىشىش ئەڭ پايدىلىق ئىشتۇر.

2. «قۇرئان كەرىم» دە ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ قەۋملىرىنىڭ باشلىرىغا كەلگەن ھالاكەتلەرنى قىسسە قىلىشتىن مەقسەت كىشىلەر-نىڭ ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئىبرەت ئېلىشى ئۈچۈندۇر.

3. بۇرۇن ئىمان ئېيتمىغان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلمىغانلارنىڭ سەكراتقا چۈشكەندە قىلغان تەۋبىسى ۋە ئېيتقان ئىمانى قوبۇل بولمايدۇ.

4. قىيامەتنىڭ بولىدىغانلىقىنى ھەممە پەيغەمبەر تەكىتلەپ كەلگەن.

5. ئاقىۋەتتە مەقسەتكە يېتىش ياكى زىيان تارتىش مۇشۇ دۇنيادا

قىلغان ئەمەللەرگە باغلىقتۇر. ياخشى ئىش قىلغانلار مەقسىتىگە يېتىدۇ، يامان ئىش قىلغانلار زىيان تارتىدۇ.

### ◄ ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلارغا قىلغان ئاتا-ئىھسانى

﴿وَلَقَدْ مَكَّنَّٰكُمْ فِى ٱلْأَرْضِ وَجَعَلْنَا لَكُمْ فِيهَا مَعَٰيِشَ ۗ قَلِيلًا مَّا
تَشْكُرُونَ ﴿١٠﴾ وَلَقَدْ خَلَقْنَٰكُمْ ثُمَّ صَوَّرْنَٰكُمْ ثُمَّ قُلْنَا لِلْمَلَٰٓئِكَةِ
ٱسْجُدُوا۟ لِءَادَمَ فَسَجَدُوٓا۟ إِلَّآ إِبْلِيسَ لَمْ يَكُن مِّنَ ٱلسَّٰجِدِينَ ﴿١١﴾
قَالَ مَا مَنَعَكَ أَلَّا تَسْجُدَ إِذْ أَمَرْتُكَ ۖ قَالَ أَنَا۠ خَيْرٌ مِّنْهُ خَلَقْتَنِى
مِن نَّارٍ وَخَلَقْتَهُۥ مِن طِينٍ ﴿١٢﴾ قَالَ فَٱهْبِطْ مِنْهَا فَمَا يَكُونُ لَكَ
أَن تَتَكَبَّرَ فِيهَا فَٱخْرُجْ إِنَّكَ مِنَ ٱلصَّٰغِرِينَ ﴿١٣﴾ قَالَ أَنظِرْنِىٓ إِلَىٰ
يَوْمِ يُبْعَثُونَ ﴿١٤﴾ قَالَ إِنَّكَ مِنَ ٱلْمُنظَرِينَ ﴿١٥﴾ قَالَ فَبِمَآ أَغْوَيْتَنِى
لَأَقْعُدَنَّ لَهُمْ صِرَٰطَكَ ٱلْمُسْتَقِيمَ ﴿١٦﴾ ثُمَّ لَءَاتِيَنَّهُم مِّنۢ بَيْنِ أَيْدِيهِمْ
وَمِنْ خَلْفِهِمْ وَعَنْ أَيْمَٰنِهِمْ وَعَن شَمَآئِلِهِمْ ۖ وَلَا تَجِدُ أَكْثَرَهُمْ
شَٰكِرِينَ ﴿١٧﴾ قَالَ ٱخْرُجْ مِنْهَا مَذْءُومًا مَّدْحُورًا ۖ لَّمَن تَبِعَكَ مِنْهُمْ
لَأَمْلَأَنَّ جَهَنَّمَ مِنكُمْ أَجْمَعِينَ ﴿١٨﴾﴾

**تەرجىمىسى**

10-(ئى ئىنسانلار!) شەكسىزكى، بىز سىلەرنى يەر يۈزىدە ماكانلاشتۇردۇق ۋە ئۇنىڭدا سىلەرگە تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى پەيدا قىلدۇق. (شۇنداق تۇرسىمۇ) سىلەر ناھايىتى ئاز شۈكۈر قىلىۋاتىسىلەر.

11-شەكسىزكى، بىز سىلەرنى ياراتتۇق، ئاندىن سىلەرنى شەكىلگە كىرگۈزدۇق، ئاندىن پەرىشتىلەرگە: «ئادەمگە سەجدە قىلىڭلار» دېدۇق، ئۇلار سەجدە قىلدى، لېكىن ئىبلىس سەجدە قىلغۇچىلاردىن بولمىدى.

12-ئاللاھ (ئىبلىسقا): «مەن سېنى سەجدە قىلىشقا بۇيرۇغان چېغىمدا، سەن نېمىشقا سەجدە قىلمىدىڭ؟» دېدى. ئىبلىس: «مەن ئۇنىڭدىن ياخشى، (چۈنكى) مېنى ئوتتىن ياراتتىڭ، ئۇنى لايدىن ياراتتىڭ» دېدى.

13-ئاللاھ (ئىبلىسقا) ئېيتتى: «سەن بۇ يەردىن (يەنى جەننەتتىن) چۈشۈپ

كەت! بۇ يەردە ئۆزۈڭنى چوڭ تۇتۇشقا ھەققىڭ يوق، يوقال! سەن ھەقىقەتەن پەسكەشلەرنىڭ بىرىسەن».

14ـ ئىبلىس: «ماڭا كىشىلەر تىرىلدۈرۈلىدىغان كۈنگىچە مۆھلەت بەرگىن» دېدى.

15ـ ئاللاھ: «سەن چوقۇم مۆھلەت بېرىلگۈچىلەردىنسەن» دېدى.

16ـ ئىبلىس ئېيتتى: «سەن مېنى ئازدۇرغانلىقتىن، مەن ئۇلارنى ئازدۇرۇش ئۈچۈن چوقۇم سېنىڭ توغرا يولۇڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇۋالىمەن.

17ـ ئاندىن ئۇلارغا چوقۇم ئالدىدىن، ئارقىسىدىن، ئوڭ يېنىدىن، سول يېنىدىن ھۇجۇم قىلىمەن، سەن ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ (ساڭا) شۈكۈر قىلغۇچىلار ئەمەسلىكىنى كۆرىسەن».

18ـ ئاللاھ ئېيتتى: «بۇ يەردىن (يەنى جەننەتتىن) ئەيىبلەنگەن ۋە قوغلانغان ھالدا چىق! ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ساڭا ئەگەشكەنلەرنى قوشۇپ، ھەممىڭلار بىلەن چوقۇم جەھەننەمنى تولدۇرىمەن».

### ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا قەسەم بىلەن تەكىتلەپ دەيدۇكى، ئى ئىنسانلار! بىز سىلەرنى يەر يۈزىدە ماكانلاشتۇردۇق، زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى پەقەت سىلەرنىڭ مەنپەئەتىڭلار ئۈچۈنلا يارىتىپ بەردۇق، سىلەرگە تۇرار جايلارنى قىلدۇق، تۇرمۇشۇڭلارغا ۋە ھاياتىڭلارنى داۋاملاشتۇرۇشۇڭلارغا كېرەكلىك بولغان زىرائەت، مېۋە، ئوتياش قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەرنى، سۇ، ھاۋا قاتارلىق ھاياتلىقنىڭ زۆرۈرىيەتلىرىنى، بېلىق ۋە ھايۋان قاتارلىق رىزىقلارنى سىلەر ئۈچۈن يارىتىپ بەردۇق. زېمىندىكى ھەممە نەرسىنى سىلەرنىڭ مەنپەئەتىڭلار ئۈچۈن بويسۇندۇرۇپ بەردۇق ۋە ئۇلارنى ئىشلىتىش ھەم پايدىلىنىش يوللىرىنى سىلەرگە بىلدۈردۇق.

ئىنسانلارنىڭ تاغ-داۋانلىرى، دېڭىز-ئوكيانلىرى ۋە ھەرقانداق ئۇزۇن يوللىرىنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا مۇشەققەتسىز بوسۇپ ئۆتەلەيدىغان، ھەتتا ئاسمانغا ئۆرلەپ ئايغىمۇ چىقالايدىغان بولۇشىدا ئاساسلىق رول ئوينىغان شۇ پەن-تېخنىكىنى ئاللاھ تائالانىڭ يارىتالىغىدا ۋە ئۇنى ئىنسانلارغا ئىلھام قىلغانلىقىدا قىلچە شەك يوق. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۈچۈن ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىش شۇنچىلىك زۆرۈر تۇرسىمۇ، ئىنسانلاردىن شۈكۈر قىلىدىغانلار بەكمۇ ئاز.

«نېمەتكە شۈكۈر قىلىش دېگەن ئاللاھ تائالانى مۈكەممەل تونۇش، ئۇنىڭ نېمەتلىرىنى ئېتىراپ قىلىش، ئۇنىڭغا لايىق شەكىلدە ھەمدۇسانا ۋە مەدھىيەلەرنى ئېيتىش، نېمەتنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىش، نېمەتنى ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان يەرگە ئىشلىتىش بىلەن بولىدۇ. ياخشىلىق ۋە ئىككى دۇنيالىق بەخت سائادەت بۇنىڭ بىلەن ھاسىل بولىدۇ»[1]. شۈكۈرنى ئېغىز بىلەنلا ئەمەس، بەلكى ئەمەل بىلەن ئىپادىلەش لازىم.

ئى ئىنسانلار! بىز ئاتاڭلار ئادەم ئەلەيھىسسالامنى (چەكسە) ئاۋاز چىققۇدەك قۇرۇغان قارا لايدىن ياراتتۇق. ئاندىن ئۇنى ئىنسان سۈرىتىگە كىرگۈزۈپ، ئەڭ چىرايلىق شەكىلدە قىلدۇق. ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ ﴿شەكىسىزكى، بىز سىلەرنى ياراتتۇق، ئاندىن سىلەرنى شەكىلگە كىرگۈزدۇق﴾ دېگەن ئايەت توغرۇلۇق ھەر خىل چۈشەنچىلىرى بار. ئەڭ ياخشى سۆزنى ئەللامە قۇرتۇبىي قىلىپ، مۇنداق دېگەن: «ئادەم ئەلەيھىسسالام تۇپراقتىن يارىتىلدى، ئاندىن ئۇ چىرايلىق سۈرەتكە كىرگۈزۈلدى ۋە پەرىشتىلەرنىڭ ھۆرمەت سەجدىسىگە سازاۋەر قىلىندى. ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرى بولسا، ئاۋۋال ئاتىلىرىنىڭ ئۇمۇرتقا بىلەن قوۋۇرغا سۆڭەكلىرىنىڭ ئارىسىدا، ئاندىن ئانىلىرىنىڭ بالىياتقۇ-لىرىدا يارىتىلغاندىن كېيىن، ئۇلار يەنە ئانىلىرىنىڭ قورسىقىدىكى ھالىتىدە شەكىلگە كىرگۈزۈلىدۇ»[2].

ئاندىن بىز پەرىشتىلەرگە ئەمر قىلىپ دېدۇقكى، «ئادەمنى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنى ھۆرمەتلەش يۈزىسىدىن ئادەمگە سەجدە قىلىڭلاركى، ئادەم ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئاللاھ تائالانىڭ نېمىتىنى تونۇسۇن ۋە ئۇنىڭ شۈكرانىسىنى ئادا قىلسۇن، شەيتاننىڭ ھىيلە-مىكىرلىرىدىن ھەزەر ئەيلەشنى بىلسۇن!».

پەرىشتىلەرنىڭ ھەممىسى ئادەم ئەلەيھىسسالامغا سەجدە قىلدى، لېكىن لەنەتكەردى ئىبلىس چوڭچىلىق قىلدى، ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىدىن باش تارتتى ۋە سەجدە قىلغۇچىلار قاتارىدا سەجدە قىلمىدى. ئىبلىس ئەسلىدە جىنلاردىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئىتائىتىدىن باش تارتقان مەخلۇقتۇر. ئۇ پەرىشتىلەردىن ئەمەس ئىدى. ئىبلىسنى پەرىشتىلەردىن ئىدى، دېگۈچىلەرمۇ بولغان. ﴿قَالَ يَٰٓإِبۡلِيسُ مَا مَنَعَكَ أَن تَسۡجُدَ لِمَا خَلَقۡتُ بِيَدَيَّۖ أَسۡتَكۡبَرۡتَ أَمۡ كُنتَ مِنَ ٱلۡعَالِينَ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ

[1] «التفسير الواضح» 1- توم، 698- بەت.
[2] «تفسير القرطبي» 7-توم، 169-بەت.

ئېيتتى: «ئى ئىبلىس! مەن ئۆز قولۇم بىلەن ياراتقان ئىنسانغا سەجدە قىلىشتىن سېنى نېمە توستى؟»﴾[1]. ئىبلىس ئۆزىنىڭ ئادەمگە سەجدە قىلىشتىن باش تارتقانلىقىغا سەۋەب كۆرسىتىپ: ﴿مەن ئۇنىڭدىن ياخشى، مېنى ئوتتىن ياراتتىڭ، ئۇنى لايدىن ياراتتىڭ﴾ دېگەن ئىدى. چۈنكى، ئوت ئىبلىسنىڭ نەزىرىدە تۇپراقتىن ياخشى سانالغان. ئىبلىسنىڭ كۆزىگە ئوتنىڭ يورۇقلۇق بېرىشى، يۇقىرىغا قاراپ ئۆرلىشى قاتارلىقلار تۇپراقتىن ئەۋزەل كۆرۈنگەن بولۇشى مۇمكىن.

ئىبلىسنىڭ پەلسەپىسى بويىچە ئېيتقاندا، ئىبلىس ئوتتىن ئىبارەت ياخشى ماددىدىن يارىتىلغان بولغاچقا، گەرچە ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغانلىق بولسىمۇ، قەدرى تۆۋەن تۇرىدىغان نەرسىدىن، يەنى تۇپراقتىن يارىتىلغان ئىنسانغا سەجدە قىلماسلىقى كېرەكمىش. بۇ ئىبلىسنىڭ چۈپەي پەلسەپىسى ۋە باتىل قىياسى ئىدى. ھەقىقەت شۇكى، ياخشى بىلەن يامان ئۇنىڭ تەركىبىدىكى ماددىي ئەشيالار بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدىكى مەنىلەر، جەۋھەرلەر بىلەن ئۆلچىنىدۇ. كېيىكتىن چىقىدىغان ئىپار كېيىكنىڭ كىندىكىدىن، ھەسەل ھەرىسىدىن چىقىدىغان ھەسەل ھەسەل ھەرىسىنىڭ ئاغزىدىن چىقىدۇ ئەمەسمۇ؟! ئەمما ئىبلىس بۇ ھەقىقەتلەردىن تامامەن غاپىل، ھاكاۋۇر مەخلۇق ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا ئىبلىسنى ئۆزىنىڭ رەھمىتىدىن يىراق قىلدى ۋە ئۇنىڭغا: ﴿بۇ يەردىن (يەنى جەننەتتىن) چۈشۈپ كەت! بۇ يەردە ئۆزۈڭنى چوڭ تۇتۇشقا ھەققىڭ يوق، يوقال! سەن ھەقىقەتەن پەسكەشلەرنىڭ بىرىسەن﴾ دېدى. چۈنكى، جەننەت ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر-پەرمانلىرىغا بويسۇنىدىغان، ئۆزىنى چوڭ تۇتمايدىغان، كەمتەر كىشىلەرنىڭ تۇرىدىغان جايى بولۇپ، مۇتەكەببىرلەرگە، ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلغۇچىلارغا بۇ جايدىن ئورۇن يوقتۇر. چۈنكى، مۇنداقلارنىڭ جايى دوزاختۇر.

﴿ئىبلىس: «ماڭا كىشىلەر تىرىلدۈرۈلىدىغان كۈنگىچە مۆھلەت بەرگىن» دېدى﴾. يەنى ئىبلىس ئادەم ئەلەيھىسسالامغا سەجدە قىلمىغانلىقى سەۋەبلىك ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىدىن يىراق قىلىنىپ، جەننەتتىن قوغلانغانلىقى ئۈچۈن ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان ئىنسانلارنى ئازدۇرۇپ، ئالداپ، ئۇلارنىمۇ ئۆزىگە ئوخشاش دوزاخ ئەھلىدىن قىلىش مەقسىتى بىلەن ئاللاھ تائالادىن ئۆزىگە مۆھلەت

[1] ساد سۈرىسى: 75-ئايەت.

بېرىشنى تىلىگەن. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ بۇ تەلىپىگە جاۋاب بېرىپ: ﴿سەن چوقۇم مۆھلەت بېرىلگۈچىلەردىنسەن﴾ يەنى قىيامەت قايىم بولغان كۈنگە قەدەر ساڭا مۆھلەت بېرىمەن، ساڭا بېرىدىغان ئازابىمنى ئاخىرەتكە قەدەر كېچىكتۈرىمەن، دەيدۇ.

ئاندىن ئىبلىس دەيدۇ: سېنىڭ شۇ ئادەم سەۋەبلىك مېنى ئازغۇنلاردىن قىلغۇەتكەنلىكىڭ ئۈچۈن مەن سېنىڭ توغرا يولۇڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇۋېلىپ، ئىنسانلارنى ئۇنىڭدىن چوقۇم ئازدۇرىمەن، ئۇلارغا ئازغۇنلۇقنىڭ پۈتۈن يوللىرىنى چىرايلىق ۋە ھەق قىلىپ كۆرسىتىش ئارقىلىق ئۇلارنى بۇ يوللارغا باشلايمەن، ئۇلارنىڭ ئوڭ، سول، ئارقا ۋە ئالدى ھەممە تەرىپىدىن ھۇجۇم قىلىپ كېلىپ، ئۇلارنى توغرا يولدىن چىقىرىشقا تىرىشىمەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ كۆپلىرىنىڭ ساڭا شۈكۈر قىلغۇچى ئەمەسلىكىنى كۆرىسەن.

ئاللاھ تائالا ئىبلىسقا: ﴿بۇ يەردىن (يەنى جەننەتتىن) ئەيىبلەنگەن ۋە قوغلانغان ھالدا چىق! ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ساڭا ئەگەشكەنلەرنى قوشۇپ، ھەممىڭلار بىلەن چوقۇم جەھەننەمنى تولدۇرىمەن﴾ دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىبلىس جەننەتتىن ھەيدەپ چىقىرىلىپ، يەر يۈزىدە ئادەم ئەۋلادىنى توغرا يولدىن ئازدۇرۇشتىن ئىبارەت رەزىل قىلمىشىنى باشلىۋېتىدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. چوڭلۇق ۋە ئۇلۇغلۇق پەقەت ئاللاھ تائالاغىلا خاس سۈپەتتۇر. شۇڭا ئۆزىنى چوڭ تۇتقان ئادەم ئاللاھ تائالادىن بۇ سۈپەتنى تالاشقان بولۇپ سانىلىدۇ.

2. ئىبلىس بىلەن ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى بولغان شەيتانلارنىڭ ئىنسانىيەتكە ئېلىپ كېلىدىغان زىيان-زەخمەتلىرى ۋە خەتىرى ئىنتايىن چوڭدۇر.

3. ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىش دېگەن ئالدى بىلەن ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتىپ ئىتائەت قىلىش بىلەن بولىدۇ.

## ◄ ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ جەننەتتىكى ئورنى ۋە ئۇنىڭدىن چىقىرىلىشى

﴿وَيَـٰٓـَٔادَمُ ٱسْكُنْ أَنتَ وَزَوْجُكَ ٱلْجَنَّةَ فَكُلَا مِنْ حَيْثُ شِئْتُمَا

وَلَا تَقْرَبَا هَٰذِهِ ٱلشَّجَرَةَ فَتَكُونَا مِنَ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿١٩﴾ فَوَسْوَسَ لَهُمَا
ٱلشَّيْطَٰنُ لِيُبْدِيَ لَهُمَا مَا وُۥرِيَ عَنْهُمَا مِن سَوْءَٰتِهِمَا وَقَالَ مَا
نَهَىٰكُمَا رَبُّكُمَا عَنْ هَٰذِهِ ٱلشَّجَرَةِ إِلَّآ أَن تَكُونَا مَلَكَيْنِ أَوْ
تَكُونَا مِنَ ٱلْخَٰلِدِينَ ﴿٢٠﴾ وَقَاسَمَهُمَآ إِنِّي لَكُمَا لَمِنَ ٱلنَّٰصِحِينَ ﴿٢١﴾
فَدَلَّىٰهُمَا بِغُرُورٍۚ فَلَمَّا ذَاقَا ٱلشَّجَرَةَ بَدَتْ لَهُمَا سَوْءَٰتُهُمَا وَطَفِقَا
يَخْصِفَانِ عَلَيْهِمَا مِن وَرَقِ ٱلْجَنَّةِۖ وَنَادَىٰهُمَا رَبُّهُمَآ أَلَمْ أَنْهَكُمَا
عَن تِلْكُمَا ٱلشَّجَرَةِ وَأَقُل لَّكُمَآ إِنَّ ٱلشَّيْطَٰنَ لَكُمَا عَدُوٌّ مُّبِينٌ
﴿٢٢﴾ قَالَا رَبَّنَا ظَلَمْنَآ أَنفُسَنَا وَإِن لَّمْ تَغْفِرْ لَنَا وَتَرْحَمْنَا لَنَكُونَنَّ
مِنَ ٱلْخَٰسِرِينَ ﴿٢٣﴾ قَالَ ٱهْبِطُوا۟ بَعْضُكُمْ لِبَعْضٍ عَدُوٌّۖ وَلَكُمْ
فِي ٱلْأَرْضِ مُسْتَقَرٌّ وَمَتَٰعٌ إِلَىٰ حِينٍ ﴿٢٤﴾ قَالَ فِيهَا تَحْيَوْنَ وَفِيهَا
تَمُوتُونَ وَمِنْهَا تُخْرَجُونَ ﴿٢٥﴾

**تەرجىمىسى**

19ـ(ئاللاھ يەنە) «ئى ئادەم! سەن ئايالىڭ بىلەن بىللە جەننەتتە تۇرغىن، (ئىككىڭلار) جەننەتنىڭ مېۋىلىرىدىن خالىغىنىڭلارچە يەڭلار؛ بۇ دەرەخكە يېقىنلاشماڭلار، (ئۇنىڭغا يېقىنلاشساڭلار) ئۆزۈڭلارغا زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولۇپ قالىسىلەر».

20ـلېكىن شەيتان ئۇلارنىڭ يېپىقلىق ئەۋرەتلىرىنى ئېچىۋېتىش ئۈچۈن، ئۇلارغا ۋەسۋەسە قىلىپ: «رەببىڭلارنىڭ سىلەرگە بۇ دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېيىشنى مەنئى قىلغانلىقى پەقەت سىلەرنىڭ پەرىشتە بولۇپ كەتمەسلىكىڭلار ياكى (جەننەتتە) مەڭگۈ تۇرۇپ قالماسلىقىڭلار ئۈچۈندۇر» دېدى.

21ـھەمدە ئۇلارغا: «مەن ھەقىقەتەن سىلەرگە سەمىمي نەسىھەت قىلغۇ- چىمەن» دەپ قەسەم ئىچىپ بەردى.

22ـشۇنداق قىلىپ ئۇلارنى ئالدامچىلىق ئۇسۇللىرى ئارقىلىق (يۇقىرى مەرتىۋىدىن) چۈشۈرۈۋەتتى. ئۇلار دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېگەندە ئەۋرەتلىرى ئېچىلىپ قالدى، ئۇلار جەننەت (تىكى دەرەخلەرنىڭ) يوپۇرماقلىرى بىلەن ئەۋرەتلىرىنى يېپىشقا كىرىشتى. رەببى ئۇلارغا: «مەن سىلەرگە بۇ دەرەخنى

مەنئى قىلمىغانمىدىم؟ شەكسىزكى، شەيتان سىلەرگە ئوپئوچۇق دۈشمەندۇر، دېمىگەنمىدىم؟» دەپ نىدا قىلدى.

23ـ ئۇلار: «ئى رەببىمىز! بىز ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز زۇلۇم قىلدۇق، ئەگەر سەن بىزگە مەغپىرەت قىلمىساڭ، بىزگە رەھىم قىلمىساڭ، بىز چوقۇم زىيان تارتقۇچىلاردىن بولۇپ قالىمىز» دېدى.

24ـ ئاللاھ ئېيتتى: «سىلەر بىر-بىرىڭلارغا دۈشمەن بولغان ھالدا (جەننەتتىن) چۈشۈڭلار، سىلەر ئۈچۈن يەر يۈزىدە بىر مۇددەت ماكانلىنىش ۋە پايدىلىنىش بار».

25ـ ئاللاھ ئېيتتى: «يەر يۈزىدە ياشايسىلەر، يەر يۈزىدە ئۆلۈسىلەر، (قىيامەت كۈنى) يەنە يەر ئاستىدىن چىقىرىلىسىلەر».

## تەپسىرى

ئاللاھ تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامغا: ﴿سەن ئايالىڭ بىلەن بىللە جەننەتتە تۇرغىن﴾ دېدى. بۇ ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان جەننەت قىيامەت كۈنىدە ياخشىلار كىرىدىغان جەننەتمۇ ياكى باشقىسىمۇ؟ بۇ ھەقتە ئىسلام ئۆلىمالىرى قەدىمدىن بېرى ئىختىلاپ قىلىشىپ كەلمەكتە. كۆپ سانلىق ئۆلىمالار ئۇنىڭ ئورنى ئاسماندا بولۇپ، ئۇ ئاخىرەتتە مۆئمىنلەر ئۈچۈن ۋەدە قىلىنغان مەڭگۈلۈك جەننەتنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىنى سۆزلەيدۇ، يەنە باشقا ئۆلىمالار ئۇنىڭ يەر يۈزىدە ئاللاھ تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئايالى ھەۋۋانى سىناقتىن ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن تەييارلىغان جەننەت ئىكەنلىكىنى سۆزلەيدۇ. تەپسىرى ئىبنى كەسىردە مۇنداق دېيىلگەن: «ئۆلىمالار ئادەم ئەلەيھىسسالام تۇرغان جەننەت ئاسماندىمۇ ياكى زېمىندىمۇ؟ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، كۆپ سانلىقى ئاسماندا دېگەن قاراشنى كۈچلەندۈرگەن»[1]. «ئايەتنىڭ زاھىرىدىن ئۇنىڭ قىيامەتتە ياخشىلار كىرىدىغان جەننەت ئەمەسلىكى مەلۇم. چۈنكى، ئاخىرەتتىكى جەننەتتە ئىشلەش يوق، ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلىش يوق، ئۇنىڭغا ئىبلىس كىرەلمەيدۇ»[2]. توغرىسىنى ئاللاھ تائالا ئۆزى بىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا ئالدى بىلەن ئادەم ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلغان. چۈنكى، ئۇ ۋەھيى قىلىنىدىغان بىر پەيغەمبەر ئىدى. ئاندىن يېپىش

[1] «تفسير ابن كثير» 1ـ توم، 234ـ بەت.
[2] التفسير الواضح» 1ـ توم، 701ـ بەت.

مەنئى قىلىنغان دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېيىشتە ئۇ ۋە ئايالى ئىككىسى ئورتاق بولغانلىقى ئۈچۈن خىتابنى ئىككىسىگە قىلغان. ئاللاھ تائالا ئۇلارنى جەننەتتىكى ھەرخىل مېۋىلەردىن خالىغانلىرىنى، خالىغان جايدىن ئۈزۈپ يېيىشكە بۇيرۇغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ مەلۇم بىر دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېمەسلىكىنى ئەسكەرتكەن. بۇ دەرەخنىڭ قانداق دەرەخ ئىكەنلىكىنى ئاللاھ تائالا ئۆزى بىلىدۇ.

بۇ ئايەتتىن مەلۇمكى، ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلارغا يېيىشنى ھالال قىلىپ بەرگەن نېمەتلىرى، ئۇنىڭ مەنئى قىلغانلىرىدىن ئەلۋەتتە كۆپتۇر. شەكسىزكى، ئاللاھ تائالا ھارام قىلغان نەرسىلەر ئىنسانلارغا زىيانلىق بولغانلىقى ياكى پاسكىنىلىقى ئۈچۈندۇر. ئاللاھ تائالا بىر نەرسىنى ھارام قىلغان بولسا، بىزنىڭ ئۇنى نېمە سەۋەبتىن ھارام قىلغانلىقىنى سوراش ھەققىمىز يوق. چۈنكى، ئىمانىمىزنىڭ تەقەززاسى ئاللاھ تائالانىڭ بارلىق ئەمر-پەرمانلىرىنى دەرھال قوبۇل قىلىش ۋە سەۋەبىنى سۈرۈشتە قىلماسلىقتۇر. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنىڭ پايدا-زىيىنىنى ھەممىدىن ياخشى بىلىدۇ، ئۇلارغا پايدىلىق نەرسىلەرنى ھالال قىلىپ، زىيانلىق نەرسىلەرنى ھارام قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا يەنە «قىل» ۋە «قىلما» دېگەن ئەمر ۋە چەكلىمىلەرى ئارقىلىق بەندىلىرىنى سىناش ۋە ئىمتىھان قىلىشنى ئىرادە قىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ ئايالىغا يېيىش مەنئى قىلىنغان دەرەختىكى قەتئىي يېقىنلاشماسلىقنى تاپىلىغان. ئەگەر ئۇلار مەنئى قىلىنغان دەرەخنىڭ مېۋىسىدىن يەپ قويسا، ئۇلار زىيان تارتىپ ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئۇلارغا ئالاھىدە ئەسكەرتكەن. ئەمما ئىنسان ئۇرۇغىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى بولغان ئىبلىس ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ ئايالى ھەۋۋا ئىككىسىنى جەننەتتە ھۇزۇر-ھالاۋەت ئىچىدە، ئازادە ياشىغىلى قويمىدى، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلمىدى، بۇ ئىككىسىنىڭ كۆڭلىگە ۋەسۋەسە سېلىپ، ئۇلارغا يېيىش مەنئى قىلىنغان دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېيىشنى يوللۇق كۆرسەتتى ۋە قىزىقتۇردى. ئىبلىس شۇنداق قىلىپ، تۈرلۈك ئالدامچىلىق ئۇسۇللىرى ئارقىلىق بۇ ئىككىسىنى ئازدۇرۇپ كەتتى ۋە ئۇلارنى يۇقىرى مەرتىۋىسىدىن چۈشۈرۈۋەتتى. بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ بايان قىلىشىچە، ئىبلىسنىڭ بۇ ئىككىسىنىڭ كۆڭلىگە سالغان ۋەسۋەسىنىڭ تۈرى ئىنسان نەپسىدىكى راھەتپەرەسلىكنىڭ يوشۇرۇن ئامىللىرىنى ئىچىپ بېرىدىغان ۋە نەپسى ھەۋەسىنى قوزغىتىدىغان

ۋەسۋەسىلەردىن ئىدى. ئىبلىس ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھەۋۋاغا دېدىكى، ئاللاھنىڭ سىلەرنى بۇ دەرەخنىڭ مېۋىسىدىن يېيىشتىن توسقانلىقى سىلەرنىڭ پەرىشتىلەردىن بولۇپ قالماسلىقىڭلار ياكى مەڭگۈلۈك ئۆلمەيدىغانلاردىن بولۇپ قېلىپ جەننەتتە مەڭگۈ تۇرۇپ قالماسلىقىڭلار ئۈچۈندۇر. چۈنكى، سىلەردە پەرىشتىلەرگە خاس كۈچ-قۇۋۋەت، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش قاتارلىق خىسلەتلەر بار.

ئاندىن ئىبلىس ئۇلارغا چوڭ بىر يالغان قەسەمنى قىلىپ، ﴿مەن ھەقىقەتەن سىلەرگە سەمىمىي نەسىھەت قىلغۇچىمەن﴾ يەنى مەن پەقەت سىلەرنىڭ مەنپەئەتىڭلارنى ئويلاپ، سىلەرگە خالىس نەسىھەت قىلىۋاتىمەن، سىلەرگە چىن ساداقىتىم بىلەن بۇنى دەۋاتىمەن، دېدى. ئاندىن بۇ لەنىتى ئىبلىس گاھ قىزىقتۇرۇش، گاھ ۋەدە قىلىش، گاھ قەسەم قىلىپ ئۆزىنىڭ ئۇلارغا كۆيۈنىۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق ئۇلارنى ئالداپ، ئاخىر ئۇلارنى ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى ئۇنتۇغان ھالغا كەلتۈردى، ئاندىن ئۇلارنى بۇ چوڭ خاتالىققا چۈشۈردى.

ئاللاھ تائالا ئۇلارنى چاقىرىپ، سىلەرنى مەن بۇ دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېيىشتىن توسقان ئەمەسمىدىم؟ شەيتان سىلەرنىڭ دۈشمىنىڭلاردۇر، ئۇنىڭغا ئەگەشمەڭلار، ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئىشەنمەڭلار، ئۇنىڭغا ئالدانماڭلار، ئۇنىڭدىن ھەزەر ئەيلەڭلار دېگەن ئەمەسمىدىم؟ دەيدۇ.

ئۇلار ئۆز خاتالىقىنى ئېتىراپ قىلغان ۋە ئاللاھ تائالادىن كەچۈرۈم تەلەپ قىلغان ھالدا دەيدۇكى، ئى رەببىمىز! بىز سېنىڭ ۋە بىزنىڭ دۈشمىنىمىز بولغان لەنىتى ئىبلىسقا ئالدىنىپ قېلىپ، سېنىڭ ئەمرىڭگە خىلاپلىق قىلغانلىقىمىز ئۈچۈن ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز زۇلۇم قىلدۇق. ئەمدى سەن بىزنى كەچۈرمىسەڭ، گۇناھىمىزنى ئەپۇ قىلمىساڭ، بىزگە رەھىم قىلمىساڭ، بىز چوقۇم دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچىلاردىن بولۇپ قالىمىز.

ئاندىن ئاللاھ تائالا ئۇلارغا: سىلەر بىر-بىرىڭلارغا يەنى ئىبلىس ئادەمگە، ئادەم ئىبلىسقا دۈشمەن بولۇشقان ھالدا، جەننەتتىن چۈشۈڭلار. سىلەر ئەمدى تاكى ئەجىلىڭلار كەلگەنگە قەدەر يەر يۈزىدە تۇرىسىلەر ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىسىلەر. دېمەك، سىلەر يەر يۈزىدە ياشايسىلەر، يەر يۈزىدە ئۆلىسىلەر، ئاندىن قىيامەت قايىم بولغان كۈنى ھېساب مەيدانىغا توپلىنىش ئۈچۈن يەنە يەر ئاستىدىن چىقىرىلىسىلەر. ﴿مِنۡهَا خَلَقۡنَٰكُمۡ وَفِيهَا نُعِيدُكُمۡ وَمِنۡهَا نُخۡرِجُكُمۡ تَارَةً أُخۡرَىٰ﴾ يەنى ﴿بىز سىلەرنى زېمىندىن

ياراتتۇق، (ئۆلگىنىڭلاردىن كېيىن) سىلەرنى يەنە ئۇنىڭغا قايتۇرىمىز، (ھېساب ئېلىش ئۈچۈن) سىلەرنى يەنە بىر قېتىم ئۇنىڭدىن چىقىرىمىز﴾[1].

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئىبلىسنىڭ ئادەم ئەۋلادىغا قارشى ئېلىپ بارىدىغان جەڭلەردىكى قورالى ۋەسۋەسە قىلىش ۋە يامانلىنى ياخشى، ھارامنى ھالال قىلىپ كۆرسىتىشتىن ئىبارەتتۇر.

2. ئىبلىسنىڭ تەۋەلىرى بولغان شەيتانلارنىڭ ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادى بولغان ئىنسانلارغا قىلىدىغان دۈشمەنلىكى تاقىيامەتكىچە داۋاملىشىدۇ. شۇڭا ئىنسانلارنىڭ شەيتانلارنى ئۆزىگە دۈشمەن تۇتۇشى دىن ۋە ئەقىلنىڭ بىردەك تەلىپىدۇر.

3. دىندا مەنئى قىلىنغان ھەرقانداق ئىش ھارامنى ئىپادىلەيدۇ.

4. ئەۋرەت ئەزالىرىنى يۆگەش ھەرقانداق ئادەم بالىسى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئىنسانىي ئەدەپلەردىن سانىلىدۇ.

5. تەۋبىنىڭ شەرتى ئۆز گۇناھىنى تونۇش، پۇشايمان قىلىش ۋە قايتا قىلماسلىققا بەل باغلاشتۇر.

## ◄ ئاللاھ تائالانىڭ بىزگە ئاتا قىلغان نېمەتلىرى

﴿يَٰبَنِيٓ ءَادَمَ قَدۡ أَنزَلۡنَا عَلَيۡكُمۡ لِبَاسٗا يُوَٰرِي سَوۡءَٰتِكُمۡ وَرِيشٗاۖ وَلِبَاسُ ٱلتَّقۡوَىٰ ذَٰلِكَ خَيۡرٞۚ ذَٰلِكَ مِنۡ ءَايَٰتِ ٱللَّهِ لَعَلَّهُمۡ يَذَّكَّرُونَ ٢٦ يَٰبَنِيٓ ءَادَمَ لَا يَفۡتِنَنَّكُمُ ٱلشَّيۡطَٰنُ كَمَآ أَخۡرَجَ أَبَوَيۡكُم مِّنَ ٱلۡجَنَّةِ يَنزِعُ عَنۡهُمَا لِبَاسَهُمَا لِيُرِيَهُمَا سَوۡءَٰتِهِمَآۚ إِنَّهُۥ يَرَىٰكُمۡ هُوَ وَقَبِيلُهُۥ مِنۡ حَيۡثُ لَا تَرَوۡنَهُمۡۗ إِنَّا جَعَلۡنَا ٱلشَّيَٰطِينَ أَوۡلِيَآءَ لِلَّذِينَ لَا يُؤۡمِنُونَ ٢٧﴾

[1] تاھا سۈرىسى: 55-ئايەت.

### ◄ تەرجىمىسى

26ـ ئى ئادەم بالىلىرى! ھەقىقەتەن بىز سىلەرگە ئەۋرەتلىرىڭلارنى ياپىدىغان كىيىمنى ۋە زىننەتلىنىدىغان كىيىمنى چۈشۈردۇق، تەقۋادارلىق كىيىمى ئەڭ ياخشىدۇر. بۇ ئۇلارنىڭ (ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىنى) ئەسلەپ (شۈكۈر قىلىشىڭلار) ئۈچۈن ئاللاھنىڭ (قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر.

27ـ ئى ئادەم بالىلىرى! شەيتان سىلەرنىڭ ئاتا-ئاناڭلارنى (ئازدۇرۇپ) جەننەتتىن چىقىرىۋەتكەندەك، سىلەرنىمۇ ئازدۇرۇۋەتمىسۇن. شەيتان ئۇ ئىككىيلەننىڭ ئەۋرەتلىرىنى ئۆزلىرىگە كۆرسىتىش ئۈچۈن كىيىملىرىنى سالدۇرۇۋەتكەن ئىدى. شەيتان ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلىرى سىلەرنى كۆرەلەيدۇ، سىلەر ئۇلارنى كۆرەلمەيسىلەر. شەكسىزكى، بىز شەيتانلارنى ئىمان ئېيتمايدىغانلارنىڭ دوستى قىلدۇق.

### ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا پۈتۈن ئىنسانلارغا خىتاب قىلىپ دەيدۇكى، ئى ئادەم بالىلىرى! سىلەرگە ۋە بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئاتاڭلار ئادەم ئەلەيھىسسالامغا ئاتا قىلغان نېمەتلىرىمىزنى ئەسلەڭلار، گۇناھ-مەئسىيەت سادىر قىلىپ رەببىڭلارغا ئاسىيلىق قىلىشتىن ھەزەر ئەيلەڭلار، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن پۈتۈن ئەھۋالىڭلاردا رەببىڭلاردىن قورقۇڭلار، تەقۋالىق دائىرىسىدە ئىش كۆرۈڭلار. بىز سىلەرگە بولۇتلارنىڭ ئارىسىدىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىپ، بەدىنىڭلارنى يۆگەپ تۇرۇشى ۋە چىرايلىق كىيىنىپ يۈرۈشۈڭلار ئۈچۈن سىلەر ئېھتىياجلىق بولىدىغان كىيىملەرنى تىكىشىڭلارغا پاختا ۋە باشقا ماتېرىياللارنى زېمىندىن چىقىرىپ بەردۇق، ھايۋانلاردىن چىقىدىغان يۇڭ ۋە تېرىگە ئوخشاش كېرەكلىك نەرسىلەرنى يارىتىپ بەردۇق.

مەلۇمكى، ئىسلام دىنى ئەرلەرنىڭ يىپەك رەختلەردىن كىيىم كىيىشىنى ۋە ئالتۇندىن زىننەت بۇيۇملىرىنى تاقىشىنى ھارام قىلغاندىن باشقا، ئۇلارنى ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىدىن چەكلىمىدى. بۇ ئىسلام دىنىنىڭ كەڭچىللىكىنىڭ ۋە ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتىگە ماس ئىكەنلىكىنىڭ ئايرىم بىر دەلىلىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇڭ قولىغا يىپەكنى، سول قولىغا ئالتۇننى ئېلىپ تۇرۇپ: «هَـذَانِ حَـرَامٌ عَلَى ذُكُـورِ أُمَّـتِي» يەنى «بۇ ئىككىسى ئۈممىتىمنىڭ ئەرلىرىگە ھارام

قىلىندى»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

ئالتۇن بىلەن يېپەكنى ئەرلەرنىڭ قوللىنىشىنىڭ ھارام قىلىنىشىدىكى ھېكمەتلەردىن بىرى بۇ ئىككىسىنىڭ ئايال جىنسىنىڭ زىننەتلىنىشى ئۈچۈن تېخىمۇ مۇۋاپىقلىقى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ ئىسراپچىلىققا قارشى تۇرۇش پرىنسىپى يۈزىسىدىن ئىدى.

ئەڭ ياخشى كىيىم تەقۋالىقتىن ئىبارەت مەنىۋى كىيىم بولۇپ، ئىنسانلار تەقۋالىقى بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ ۋە ئىنسانلارنىڭ نەزىرىدە ئەڭ چىرايلىق ۋە ئەڭ ھۆرمەتلىك بولالايدۇ. تەقۋالىق كىيىمى ئاللاھ تائالاغا چىن ئىمان ئېيتىش ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش بىلەن بولىدىغان تولىمۇ چىرايلىق كىيىمدۇر.

تەقۋالىق كىيىمى ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىنىڭ ئالامەتلىرى، ئادەم بالىلىرىغا قىلغان ئاتا-ئېھسانلىرىنىڭ دەلىلى ھېسابلىنىدۇ. ئىنسانلار بۇ ئاتا-ئېھسانلارغا پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ پەزل-كەرەملىرىگە شۈكۈر قىلىش، شەيتاننىڭ پىتنىلىرىدىن يىراق تۇرۇش بىلەنلا ئېرىشەلەيدۇ.

ئى ئادەم بالىلىرى! غەپلەتتە بولماڭلار، ئۆزۈڭلارنى تەقۋالىق بىلەن قوغداڭلار، ئاللاھ تائالانى ۋە ئۇنىڭ نېمەتلىرىنى ئەسلەپ تۇرۇش ئارقىلىق بۇ تەقۋالىقنى كۈچەيتىڭلار. چۈنكى، قەلبمۇ خۇددى تۆمۈر داتلاشقاندەك داتلىشىدۇ. ئۇنى پەقەت تەقۋالىق بىلەن ئاللاھنى ياد ئېتىشلا پارقىرىتىپ تۇرىدۇ. نەپسىڭلارنى شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىلىرىگە ئەگەشمەيدىغان قىلىپ تەربىيەلەش ئۈچۈن تەقۋالىقنى قولدىن بەرمەڭلار. گۇناھ-مەئسىيەت سادىر قىلىشتىن ھەزەر ئەيلەڭلاركى، ئاتاڭلار ئادەمنى جەننەتتىن چىقارغان ۋە ئەۋرەتنى ئېچىۋەتكەن نەرسە گۇناھ-مەئسىيەتتۇر.

ئىبلىسنىڭ تەۋەلىرى بولغان لەنىتى شەيتانلارغا ئەگىشىشتىن ھەزەر ئەيلەڭلار، ئىبلىس ۋە ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى بولغان شەيتانلار سىلەرنى كۆرەلەيدۇ، ئەمما سىلەر ئۇلارنى كۆرەلمەيسىلەر. مەلۇمكى، يوشۇرۇن دۈشمەن ئاشكارا دۈشمەندىن ياماندۇر، شۇڭا شەيتانلارنىڭ زىيانكەش-لىكىدىن ساقلىنىڭلار.

شەيتاندىن ساقلىنىشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى ئاللاھ تائالاغا تەقۋالىق قىلىش، ئاللاھ تائالا بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى يېقىنلاشتۇرۇش، شەيتان ۋەسۋەسە قىلغاندا، ئاللاھ تائالاغا ئېسىلىپ، ئۇنىڭغا يېلىنىپ،

---

[1] «المسند الموضوعي الجامع للكتب العشرة» 4-توم، 373-بەت.

شەيتانلارنىڭ ئازدۇرۇپ كېتىشىدىن پاناھ تىلەشتۇر.

شۇنى ئۇنتۇماسلىقىمىز كېرەككى، ئاللاھ تائالا ئىمانسىزلارنى ۋە گۇناھكارلارنى شەيتانلارنىڭ دوستلىرى ۋە ياردەمچىلىرى قىلدى. شەيتانلار ئاشۇلارنى ناھايىتى تېزلا ئازدۇرۇپ كېتەلەيدۇ، ئەمما ئاللاھ تائالاغا قەلبىدىن باغلانغان تەقۋادار مۆئمىنلەر ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلالمايدۇ. ﴿إِنَّ عِبَادِي لَيْسَ لَكَ عَلَيْهِمْ سُلْطَٰنٌ إِلَّا مَنِ ٱتَّبَعَكَ مِنَ ٱلْغَاوِينَ﴾ يەنى ﴿شەكسىزكى، مېنىڭ بەندىلىرىم ئۈستىدە سېنىڭ ھېچقانداق ھۆكۈمرانلىقىڭ يوق، پەقەت ئازغۇنلاردىن ساڭا ئەگەشكەنلەرلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا﴾[1]. بۇ ھەقىقەتەن چوڭ ئاگاھلاندۇرۇشتۇر.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىش ئۈنىڭغا چىن ئىمان ئېيتىپ، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش ۋە بەرگەن نېمەتلىرىدىن يېتىملەرنى، ئاجىزلارنى ۋە باشقا ئېھتىياج ئىگىلىرىنى بەھرىمەن قىلىش بىلەن بولىدۇ.

2. شەيتاننىڭ يامانلىقلىرىدىن ۋە ھەر خىل ئازدۇرۇشلىرىدىن ھەزەر ئەيلەش ھەربىر مۇسۇلمان ئۈچۈن زۆرۈردۇر.

3. باشقىلارنىڭ قىلغان يامان ئىشلىرىنى دوراش قەتئىي توغرا ئەمەس. بۇ مۇشرىكلارنىڭ ئىشىدۇر. چۈنكى، ئۇلار ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ شېرىك ئەقىدىسىنى داۋاملاشتۇراتتى.

### ◄ مۇشرىكلارنىڭ سەپسەتىلىرى

﴿وَإِذَا فَعَلُوا۟ فَٰحِشَةً قَالُوا۟ وَجَدْنَا عَلَيْهَآ ءَابَآءَنَا وَٱللَّهُ أَمَرَنَا بِهَا ۗ قُلْ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يَأْمُرُ بِٱلْفَحْشَآءِ ۖ أَتَقُولُونَ عَلَى ٱللَّهِ مَا لَا تَعْلَمُونَ ﴿٢٨﴾ قُلْ أَمَرَ رَبِّى بِٱلْقِسْطِ ۖ وَأَقِيمُوا۟ وُجُوهَكُمْ عِندَ كُلِّ مَسْجِدٍ وَٱدْعُوهُ مُخْلِصِينَ لَهُ ٱلدِّينَ ۚ كَمَا بَدَأَكُمْ تَعُودُونَ ﴿٢٩﴾ فَرِيقًا هَدَىٰ وَفَرِيقًا حَقَّ عَلَيْهِمُ ٱلضَّلَٰلَةُ ۗ إِنَّهُمُ ٱتَّخَذُوا۟ ٱلشَّيَٰطِينَ أَوْلِيَآءَ مِن دُونِ ٱللَّهِ وَيَحْسَبُونَ أَنَّهُم مُّهْتَدُونَ ﴿٣٠﴾﴾

[1] ھىجر سۈرىسى: 42-ئايەت.

## ◄ تەرجىمىسى

28-ئۇلار (يەنى كاپىرلار) بىرەر يامان ئىشنى قىلغان چاغلىرىدا: «ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ مۇشۇنداق قىلغانلىقىنى كۆرگەن ئىدۇق، ئاللاھ بىزنىمۇ شۇنداق قىلىشقا بۇيرۇغان» دەيدۇ. (ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «ئاللاھ (بەندىلىرىنى) ھەرگىز يامان ئىشقا بۇيرۇمايدۇ، سىلەر ئۆزۈڭلار بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى ئاللاھ نامىدىن ئېيتامسىلەر؟».

29-(ئى پەيغەمبەر! ئۇ كاپىرلارغا) ئېيتقىنكى، «رەببىم مېنى ئادالەتلىك بولۇشقا بۇيرۇدى. سىلەر ھەربىر سەجدە قىلغىنىڭلاردا پۈتۈنلەي ئاللاھقا يۈزلىنىڭلار، تائەت - ئىبادىتىڭلارنى (رىيا ۋە شېرىكتىن) ساپ قىلغان ھالدا، ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، (ئاللاھ سىلەرنى) دەسلەپتە ياراتقاندەك سىلەر (قىيامەت كۈنى يەنە بىر ھاياتقا) قايتىسىلەر».

30-ئاللاھ (بەندىلىرىدىن) بىر قىسمىنى توغرا يولغا مۇۋەپپەق قىلدى، يەنە بىر قىسمىغا ئازغۇنلۇق تېگىشلىك بولدى. چۈنكى، ئۇلار ئاللاھنى قويۇپ، شەيتانلارنى دوست تۇتتى. (ئۇلار شۇنداق تۇرۇقلۇق) ئۆزلىرىنى توغرا يولدا دەپ ھېسابلايدۇ.

## ◄ تەپسىرى

بۇ شەيتاننىڭ ئىمان ئېيتمىغانلارنى قانداق ئازدۇرۇپ كەتكەنلىكى ۋە ئۇلارغا قانداق ئىگە بولۇۋالغانلىقىنىڭ بىر ئىپادىسىدۇر. چۈنكى، شەيتان مۇشرىكلارغا ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ بۇتپەسەرەسلىك دىنىدا چىڭ تۇرۇشىنى، ھىدايەتتىن ئازغۇنلۇقنى ئەلا كۆرۈشنى ئاۋۋال چىرايلىق كۆرسەتكەن، ئاندىن ئۇلارنى قايىل قىلغان.

مۇشرىكلار كەئبىنى يالىڭاچ بولۇپ تاۋاپ قىلىشقا ئوخشاش دىن يول قويمىغان ۋە ئەقلى ساغلام، تەبىئىتى ساپ كىشىلەر راۋا كۆرمەيدىغان قانداقلا بىر قەبىھ ئىشنى سادىر قىلغان چاغلىرىدا، بۇنى ئاتا-بوۋىلىرىمىزدىن ئۆگەندۇق، چۈنكى ئۇلار شۇنداق قىلاتتى. شۇڭا بىز ئۇلارنىڭ يولىغا ئەگىشىمىز، ئاللاھ بىزنى شۇنداق قىلىشقا بۇيرۇغان، دەيتتى.

ئى پەيغەمبەر! بۇ مۇشرىكلارغا ئېيتقىنكى: سىلەرنىڭ ھالىڭلارغا ۋاي! ئاللاھ تائالا سىلەرنى ياكى باشقا ئىنسانلارنى ئەزەلدىن يامان ئىشقا بۇيرۇغان ئەمەس، چۈنكى ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنى ياخشى ئىشقا

بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشقا بۇيرۇمايدۇ. ئېنىقكى، سىلەرنى شۇنداق يامان ئىشلارغا بۇيرۇغان پەقەت شەيتاندۇر، چۈنكى شەيتان سىلەرنى ھەمىشە شۇنداق يامان، قەبىھ ئىشلارغا چاقىرىپ تۇرىدۇ. ﴿ٱلشَّيۡطَٰنُ يَعِدُكُمُ ٱلۡفَقۡرَ وَيَأۡمُرُكُم بِٱلۡفَحۡشَآءِۖ وَٱللَّهُ يَعِدُكُم مَّغۡفِرَةٗ مِّنۡهُ وَفَضۡلٗاۗ﴾ يەنى ﴿شەيتان سىلەرگە پېقىرلىق بىلەن تەھدىت سالىدۇ، سىلەرنى يامان ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ. ئاللاھ سىلەرگە دەرگاھىدىن مەغپىرەت ۋە پەزل-كەرەمنى ۋەدە قىلىدۇ﴾[1].

ئى مۇشرىكلار! سىلەر قانداقمۇ ئۆزۈڭلار سادىر قىلغان يامانلىقلارنى ئاتا-بوۋىمىزغا ئەگىشىپ قىلدۇق، دەپ ئۆزۈڭلارنى ئاقلاشقا تىرىشىسىلەر؟ ئاتا-بوۋاڭلارنىڭ قىلغانلىرىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىگە دەلىلىڭلار بارمۇ؟ ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇغىنى بويىچە ئىش كۆرگەنمۇ ياكى شەيتاننىڭ بۇيرۇقى بىلەنمۇ؟ ياكى سىلەر ئاللاھ تائالانىڭ نامىدىن بىلمىگەن نەرسەڭلارنى توقۇۋاتامسىلەر؟

شەكسىزكى، ئىبادەتلەرنى ۋە ئۇنىڭ قائىدە-تەرتىپلىرىنى پەقەت ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلەرگە ۋەھيى قىلىش ئارقىلىق ئۆزى بەلگىلەيدۇ. ئىجتىھاد بىلەن بىرەر ئىبادەتنى يولغا قويغىلى بولمايدۇ. ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم ئىنسانلارغا ئىبادەت بەلگىلىيەلمەيدۇ. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، بۇ مۇشرىكلار ۋە ئۇلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى ئۆزلىرى قىلغان بارلىق قىلمىشلارنى شەيتاننىڭ ئارقىسىغا كىرىپ قىلغان، ئاندىن يالغاندىن «ئاللاھ بىزنى شۇنداق قىلىشقا بۇيرۇغان» دەپ بىلجىرلىغان.

ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا شۇنداق دېگىنكى، رەببىم مېنى ئادالەتلىك بولۇشقا، ناھەقچىلىك قىلماسلىققا بۇيرىدى. ئىسلام دىنى ئاشۇرۇۋېتىش بىلەن كېمەيتىۋېتىشتىن خالىي بولغان، ئوتتۇراھاللىقنى تەشەببۇس قىلىدىغان بىر دىندۇر. ﴿إِنَّ ٱللَّهَ يَأۡمُرُ بِٱلۡعَدۡلِ وَٱلۡإِحۡسَٰنِ وَإِيتَآيِٕ ذِي ٱلۡقُرۡبَىٰ وَيَنۡهَىٰ عَنِ ٱلۡفَحۡشَآءِ وَٱلۡمُنكَرِ وَٱلۡبَغۡيِۚ يَعِظُكُمۡ لَعَلَّكُمۡ تَذَكَّرُونَ﴾ يەنى ﴿شەكسىزكى، ئاللاھ ئادالەتلىك بولۇشقا، (بۇيرۇلغان ھەر ئىشنى) قېتىرقىنىپ قىلىشقا، ئۇرۇق - تۇغقانلارغا (ياردەم) بېرىشكە بۇيرۇيدۇ، قەبىھ (سۆز-ھەرىكەتلەر) دىن، يامان ئىشلاردىن ۋە زۇلۇم قىلىشتىن توسىدۇ. نەسىھەتنى قوبۇل قىلىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ سىلەرگە پەند-نەسىھەت قىلىدۇ﴾[2].

---

[1] بەقەرە سۈرىسى: 268-ئايەت.

[2] نەھل سۈرىسى: 90-ئايەت.

ئاللاھ تائالا سىلەرنى ئۆنىڭغا چىن قەلبىڭلار بىلەن باغلانغان ھالدا، پۈتۈن ۋۇجۇدۇڭلار بىلەن يۈزلىنىشكە، ھەرقانداق بىر ئەمەل-ئىبادەتنى ئىخلاس بىلەن قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. شۇنىڭدەك ئىبىسىڭلاردىن چىقارماقلاركى، سىلەر قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالا سىلەرنى دەسلەپتە ياراتقان ھالىتىڭلارغا قايتىسىلەر، ئاندىن ھېساب مەيدانىغا توپلىنىسىلەر. سىلەر ئۇ چاغدا ئىككى پىرقىنىڭ بىرى بولىسىلەر. ئۇلارنىڭ بىرى، ئاللاھ تائالا ھىدايەت قىلغانلىقتىن ئىبادەتلەرنى خالىس ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقى ئۈچۈن قىلغان پىرقە، يەنە بىرى، شەيتانغا ئەگىشىپ، «قۇرئان كەرىم»دىن يۈز ئۆرۈگەنلىكتىن، ئازابقا تېگىشلىك بولغان پىرقىدۇر.

ئىككىنچى پىرقە كىشىلىرىنىڭ ئېزىپ كېتىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. چۈنكى، ئۇلار ئاللاھ تائالانى قويۇپ، شەيتانلارنى ئۆزلىرى ئۈچۈن يولباشچى قىلىۋالغانلار بولۇپ، ئۇلار ئەڭ چوڭ زىيان تارتقۇچىلاردۇر. ﴿وَإِنَّهُمْ لَيَصُدُّونَهُمْ عَنِ ٱلسَّبِيلِ وَيَحْسَبُونَ أَنَّهُم مُّهْتَدُونَ﴾ يەنى ﴿شەك-شۈبھىسىزكى، شەيتانلار ئۇلارنى توغرا يولدىن توسىدۇ، ئۇلار بولسا ئۆزلىرىنى توغرا يولدا دەپ ئويلايدۇ﴾[1].

ئەقلى زەئىپلەشكەن، تەپەككۇر قۇۋۋىتى يوقالغان ئادەمنىڭ ئاسانلا ئازغۇنلۇققا چۆمۈپ كېتىدىغانلىقى ئېنىقتۇر. مۇنداقلار ئۆزلىرىنىڭ مەغرۇرلۇقى ۋە ھاماقەتلىكىدىن ئۆزلىرىنى ھەممىشە توغرا يولدا دەپ قارايدۇ، يامان قىلمىشلىرىنى بولسا توغرا دەپ ئويلاپ قالىدۇ. ئۇلارنىڭ تولىسى شۇ غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغانماي بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىدۇ. مەغرۇرلۇق ئەنە شۇنداق يامان ئىللەتتۇر.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. گەپ-سۆزدە، ئىش-ھەرىكەتتە ۋە دەۋا ئىشلىرىدا، گۇۋاھلىق بېرىشتە ئادالەتلىك ۋە راستچىل بولۇش مۇسۇلمانلىقنىڭ ئىپادىسىدۇر.

2. ھەرقانداق بىر ئىبادەتنى خالىس ئاللاھ تائالا ئۈچۈنلا قىلىش پەرزدۇر. ئىخلاسسىز ئىبادەت قوبۇل بولمايدۇ.

3. يېمەك-ئىچمەك ۋە كىيىنىشلەردە ئىسراپ قىلىش ھارامدۇر. بايلار ئىسراپ قىلىپ بۇزۇپ-چاچقان نەرسىلەرگە زار بولۇۋاتقان يوقسۇللار ئاز ئەمەس.

---

[1] زۇخرۇف سۈرىسى: 37-ئايەت.

### يېمەك-ئىچمەك ۋە كىيىم كېچەك ھەققىدە كۆرسەتمىلەر

﴿يَٰبَنِيٓ ءَادَمَ خُذُواْ زِينَتَكُمۡ عِندَ كُلِّ مَسۡجِدٖ وَكُلُواْ وَٱشۡرَبُواْ
وَلَا تُسۡرِفُوٓاْۚ إِنَّهُۥ لَا يُحِبُّ ٱلۡمُسۡرِفِينَ ٣١ قُلۡ مَنۡ حَرَّمَ زِينَةَ ٱللَّهِ
ٱلَّتِيٓ أَخۡرَجَ لِعِبَادِهِۦ وَٱلطَّيِّبَٰتِ مِنَ ٱلرِّزۡقِۚ قُلۡ هِيَ لِلَّذِينَ ءَامَنُواْ فِي
ٱلۡحَيَوٰةِ ٱلدُّنۡيَا خَالِصَةٗ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِۗ كَذَٰلِكَ نُفَصِّلُ ٱلۡأٓيَٰتِ لِقَوۡمٖ
يَعۡلَمُونَ ٣٢﴾

### تەرجىمىسى

31-ئى ئادەم باللىرى! ھەر ناماز ۋاقتىدا (پاكىز ۋە) چىرايلىق كىيىنىڭلار، يەڭلار، ئىچىڭلار، ئىسراپ قىلماڭلار. چۈنكى، ئاللاھ ئىسراپ قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرمەيدۇ.

32-(ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «ئاللاھ بەندىلىرى ئۈچۈن چىقىرىپ بەرگەن زىننەتلەرنى، شېرىن، پاك رىزىقلارنى كىم ھارام قىلدى؟» ئېيتقىنكى، «ئۇلار بۇ دۇنيادا مۆئمىنلەر ئۈچۈندۇر (گەرچە كاپىرلارمۇ پايدىلانسىمۇ)، ئاخىرەتتە بولسا مۆئمىنلەرگىلا خاستۇر». (بۇنىڭ قىممىتىنى) بىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئايەتلەرنى مۇشۇنداق تەپسىلىي بايان قىلىمىز.

### نازىل بولۇش سەۋەبى

ئەللامە ئىبنى كەسىر مۇنداق دېگەن: «ئىبنى ئابباس، سەئىد ئىبنى جۇبەير، قەتادە، مۇجاھىد، سۇددىي، زەھھاك قاتارلىق مۇپەسسىرلەر ﴿يَٰبَنِيٓ ءَادَمَ خُذُواْ زِينَتَكُمۡ عِندَ كُلِّ مَسۡجِدٖ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ كەئبىنى يالىڭاچ تاۋاپ قىلىدىغان مۇشرىك ئەرەبلەر ھەققىدە نازىل بولغانلىقىدا بىرلىككە كەلگەن»[1]. چۈنكى، ئەرەبلەر جاھىلىيەت دەۋرىدە كەئبىنى كېچىلىرى يالىڭاچ بولۇپ تاۋاپ قىلاتتى. ئۇلارنىڭ بەزىسى «بىز كۈندۈزلىرى كىيىپ تۇرۇپ گۇناھ قىلغان بۇ كىيىملىرىمىز بىلەن كەئبىنى تاۋاپ قىلمايمىز» دەيتتى.

---

[1] «تفسير ابن كثير» 3-توم، 406-بەت.

## تەپسىرى

ئى ئادەم بالىلىرى! سىلەر ھەر ۋاقىت چىرايلىق كىيىنىپ يۈرۈڭلار، خۇسۇسەن، ناماز ئوقۇماقچى بولغان ۋاقىتلاردا ياكى كەئبىنى تاۋاپ قىلماقچى بولغان چېغىڭلاردا چىرايلىق ۋە ئېسىل كىيىمىڭلارنى كىيىڭلار. ھېچبولمىغاندا، ئەۋرەت جايلىرىڭلارنى يۆگەپ تۇرغۇدەك كىيىملەرنى كىيىڭلار.

يۇقىرىقى ئايەتتىكى ﴿زِينَةَ﴾ يەنى ﴿زىننەت﴾ زامان، ماكان، شەخس ۋە ئۆرپ-ئادەتنىڭ ئوخشاش بولمىغىنىغا قاراپ ھەر خىل بولىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنىڭ چىرايلىق كىيىنىپ يۈرۈشىنى، ئۆزلىرىگە ئاتا قىلىنغان نېمەتنىڭ ئەسىرىنى ئۇلاردا كۆرۈشنى ياخشى كۆرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كُلُوا ، وَاشْرَبُوا ، وَتَصَدَّقُوا ، وَالْبَسُوا ، فِي غَيْرِ مَخِيلَةٍ وَلَا سَرَفٍ ، إِنَّ اللّٰهَ يُحِبُّ أَنْ تُرَى نِعْمَتُهُ عَلَى عَبْدِهِ» يەنى «تەكەببۇرلۇق قىلماستىن، ئىسراپ قىلماستىن يەڭلار، ئىچىڭلار، چىرايلىق كىيىنىڭلار، يوقسۇللارغا سەدىقە قىلىڭلار، ئاللاھ نېمىتىنىڭ ئەسىرىنى بەندىسىدە كۆرۈشنى ياقتۇرىدۇ»[1]. بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: «يا رەسۇلۇللاھ! مەن كىيىمىمنىڭ چىرايلىق، ئايىغىمنىڭ چىرايلىق بولۇشىنى ياقتۇرىمەن. بۇ كىبىر سانىلامدۇ؟» دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «إِنَّ اللّٰهَ جَمِيلٌ يُحِبُّ الْجَمَالَ ، الْكِبْرُ بَطَرُ الْحَقِّ ، وَغَمْطُ النَّاسِ» يەنى «ئاللاھ گۈزەلدۇر، ئۇ گۈزەللىكنى ياقتۇرىدۇ. كىبىر ھەقىقەتنى قوبۇل قىلماسلىق ۋە كىشىلەرنى كۆزگە ئىلماسلىقتۇر» دەپ [2] جاۋاب بەرگەن. بۇنىڭغا بىنائەن، ئىسراپ قىلماستىن ۋە بۇزۇپ-چاچماستىن چىرايلىق كىيىملەرنى كىيىش دۇرۇس بولۇپلا قالماستىن، بەلكى دىنىمىزدا تەشەببۇس قىلىنغان ياخشى ئىشتۇر.

ئىسلام دىنىنىڭ چىرايلىق كىيىنىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان بۇ گۈزەل پرىنسىپى كۆپلىگەن قالاق مىللەتلەرگە مەدەنىيەت ۋە ئەخلاق ئۆگىتىپ، ئۇلارنى ئىنساني ھۆرمەتكە ئىگە قىلدى.

ھالال، شېرىن ۋە پاك نەرسىلەردىن يەڭلار، ئىچىڭلار ۋە ئىسراپ قىلماڭلار، ھەر ئىشتا ئوتتۇراھاللىقنى ئاساس قىلىڭلار، پۇل-مال سەرپ قىلىشتا ئىسراپمۇ قىلماڭلار، بېخىللىقمۇ قىلماڭلار، ئوتتۇراھال ئىش

---

[1] «مسند الإمام أحمد» 11-توم، 312-بەت، 6708-ھەدىس.

[2] «صحيح مسلم» 1-توم، 93-بەت، 91-ھەدىس.

كۆرۈڭلار. چۈنكى، ئىسراپچىلىق بىلەن بېخىللىق ئىسلام دىنىدىلا ئەمەس، بەلكى بارلىق دىنلاردا ۋە قانۇنلاردا ئەيىبلىنىدۇ. بېخىللىق دېگەن ئاللاھ تائالانىڭ ئاتا قىلغانلىرىنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ، بېسىپ يېتىش ۋە يولىدا ئىشلەتمەسلىكتۇر، ئەمما ئىسراپچىلىق دېگەن ئىشلىتىشتە ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىپ بۇزۇپ چېچىش دېگەنلىكتۇر. بۇنىڭ ئىككىلىسى ھارامدۇر. ھالالدىن چەتنەپ ھارام دائىرىسىدە ئىش كۆرۈشنىڭ ئۆزىمۇ ھارامدۇر. شەكسىزكى، ئاللاھ تائالا ئىسراپ قىلغۇچىلارنى ھەرگىز ياقتۇرمايدۇ. تاماقنى كۆپ يېيىش تەن ساقلىقىغا زىيانلىق بولغاندەك، توق قورساققا زورلاپ يېيىش دىنىمىزدا ئىنتايىن يامان كۆرىلىدىغان قىلىقتۇر.

ئى پەيغەمبەر! ئۆزلىرى خالىغانچە ھاراملارنى بەلگىلىۋالغان مۇشـ-ـرىكلاردىن سورىغىنكى، ئاللاھ بەندىلىرى پايدىلانسۇن، دەپ چىقىرىپ بەرگەن زىننەتلەرنى سىلەرگە كىم ھارام قىلدى؟ سىلەر كىيىۋاتقان چىرايلىق كىيىملەرنىڭ خام ئەشيالىرىنى ياراتقان، ئاندىن ئىنسانلارغا ئىلھام بېرىپ، رەخت توقۇشنى، تىكىشنى ۋە كىيىشنى ئۆگەتكەن زات ئاللاھ تائالادۇر. زىننەتلىك چىرايلىق نەرسىلەرنى سۆيۈشنى ئىنساننىڭ قەلبىگە سالغان، ئىنسانلارنى گۈزەللىكلەرنى سۆيىدىغان قىلىپ ياراتقان زاتمۇ ئاللاھ تائالادۇر.

ئىسلام دىنى دىن ۋە دۇنيالىقنى، نەپس بىلەن روھنىڭ تەلەپلىرىنى تەڭ ئېلىپ بېرىشقا چاقىرىدىغان، ئىنسانلارنى مەنىۋى كامالەتلەرگە ئۆرلەشكە ئۈندەيدىغان، ئەخلاق-پەزىلەتتە يۇقىرى مەرتىۋە قازىنىشقا چاقىرىدىغان مۇكەممەل بىر دىندۇر.

«قۇرئان كەرىم» تەركىدۇنيالىقنى رەت قىلىدۇ، ئەمما زاھىدلىقنى ماختايدۇ. چۈنكى، تەركىدۇنيالىق بىلەن زاھىدلىق ئوتتۇرىسىدا پەرق بار. تەركىدۇنيالىق - دۇنيانىڭ لەززەتلىرىدىن ۋە ھۇزۇر-ھالاۋەتلىرىدىن پۈتۈنلەي يۈز ئۆرۈش دېگەنلىك بولۇپ، بۇ خىرىستىيانلارنىڭ راھىبلىق تۈزۈمىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپماقتا. ئەمما زاھىدلىق - دىنىمىزدا چەكلەنگەن ئىشلارغا يېقىنلىشىپ قېلىشتىن ئېھتىيات قىلغانلىقتىن، شۈبھىلىك نەرسىلەردىن تامامەن يىراق تۇرۇش، ئاخىرەتلىكنى بۇ دۇنيالىقنىڭ ئالدىدا قويۇپ ئىش كۆرۈش دېگەنلىكتۇر. شۇڭا زاھىدلىق ئىسلام دىنىدا تەشەببۇس قىلىنىدۇ.

ئىبادەت قىلىش باھانىسى بىلەن ھالال نەرسىلەرنى ئۆزىگە ھارام قىلىۋالغۇچىلارنى ئاللاھ تائالا ياقتۇرمايدۇ. چۈنكى، ئىسلام دىنى نەپس بىلەن روھ ھەر ئىككىسىنىڭ تېگىشلىك ھەققىنى يوللۇق ئاساستا

بېرىشكە چاقىرىدىغان دىندۇر. ﴿هُوَ ٱلَّذِى خَلَقَ لَكُم مَّا فِى ٱلۡأَرۡضِ جَمِيعًا ثُمَّ ٱسۡتَوَىٰٓ إِلَى ٱلسَّمَآءِ فَسَوَّىٰهُنَّ سَبۡعَ سَمَٰوَٰتٍۚ وَهُوَ بِكُلِّ شَىۡءٍ عَلِيمٌ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ يەر يۈزىدىكى ھەممە نەرسىنى سىلەر ئۈچۈن ياراتقان، ئاندىن ئاسمانغا يۈزلىنىپ، ئۇنى نۇقسانسىز يەتتە ئاسمان قىلىپ تاماملىغان زاتتۇر. ئۇ ھەر نەرسىنى بىلگۈچىدۇر﴾[1]. دېمەك ئاللاھ تائالا ياراتقان نېمەتلەر بۇ دۇنيادا مۇسۇلمانلار ئۈچۈن يارىتىلغان بولۇپ، كاپىرلارمۇ ئورتاق پايدىلىنىدۇ. ئەمما ئاخىرەتنىڭ نېمەتلىرىدىن پەقەت مۇئمىنلەرلا پايدىلىنىدۇ. چۈنكى، كاپىرلار ئاخىرەتنىڭ ياخشىلىقلىرىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇمدۇر.

نېمەتنىڭ قەدىر-قىممىتىنى بىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ كىشىلىك ۋە ئىجتىمائىي ھاياتىدا بىلىشى زۆرۈر بولغان مەسىلىلەرنى مۇشۇنداق ئوچۇق بايان قىلىپ بەرگىنىمىزدەك، دىنىمىزنىڭ كامىللىقىغا، پەيغەمبىرىمىزنىڭ راستچىللىقىغا ۋە شەرىئىتىمىزنىڭ مۆكەممەللىكىگە دالالەت قىلىدىغان ئايەتلەرنى ئەنە شۇنداق تەپسىلىي بايان قىلىپ بېرىمىز.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالا ھالال قىلىپ بەرگەن نېمەتلەرنى تەركىدۇنيالىق قىلىپ ياكى قايسىبىر سەۋەب بىلەن ئۆزىگە ھارام قىلىۋېلىش قەتئىي توغرا ئەمەس. ئىسلام دىنى زاھىدلىقنى قوللايدۇ، ئەمما تەركىدۇنيالىقنى قوللىمايدۇ.

2. ئاللاھ تائالا يارىتىپ ھالال قىلىپ بەرگەن نېمەتلەردىن پايدىلىنىش ئەڭ ئاۋۋال ئاللاھ تائالانى تونۇغان مۇئمىنلەرنىڭ ھەققىدۇر. ئەمما نېمەتنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى بىلمەيدىغانلار ياكى ئۆز كۈچىمىز ۋە ئىقتىدارىمىز بىلەن ئىشلەپ يەردىن چىقاردۇق دېگۈچىلەر ئاللاھ تائالاغا تۆزكورلۇق قىلغۇچىلاردۇر. شۇنىڭدەك، سەۋەب قىلىشتىن باش تارتىپ، ئاللاھ رىزقىمنى بېرىدۇ، دەپ ئىشلىمەي يېتىۋالغۇچىلار مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ ناچارلىرىدۇر. مۇنداقلارنى ئاللاھ تائالا ياقتۇرمايدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئىشلەيدىغان، تىرىشچان بەندىسىنى ياقتۇرىدۇ ۋە سۆيىدۇ. ئاللاھ تائالا يەر يۈزىنى ئاۋات قىلىشنى خالايدۇ، شۇڭا ئىنسان نەسلىنى ئۆزىنىڭ بۇ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلسۇن، دەپ يەر يۈزىگە تارقاتقان.

---

[1] بەقەرە سۈرىسى: 29-ئايەت.

## ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە ھارام قىلغان نەرسىلەر

﴿قُلۡ إِنَّمَا حَرَّمَ رَبِّيَ ٱلۡفَوَٰحِشَ مَا ظَهَرَ مِنۡهَا وَمَا بَطَنَ وَٱلۡإِثۡمَ
وَٱلۡبَغۡيَ بِغَيۡرِ ٱلۡحَقِّ وَأَن تُشۡرِكُواْ بِٱللَّهِ مَا لَمۡ يُنَزِّلۡ بِهِۦ سُلۡطَٰنٗا وَأَن
تَقُولُواْ عَلَى ٱللَّهِ مَا لَا تَعۡلَمُونَ ٣٣ وَلِكُلِّ أُمَّةٍ أَجَلٞۖ فَإِذَا جَآءَ أَجَلُهُمۡ
لَا يَسۡتَأۡخِرُونَ سَاعَةٗ وَلَا يَسۡتَقۡدِمُونَ ٣٤﴾

### تەرجىمىسى

33-(ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «رەببىم ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن يامان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى، گۇناھلارنى، (كىشىلەرگە) ناھەق چېقىلىشنى، ئاللاھ ھېچقانداق دەلىل چۈشۈرمىگەن نەرسىلەرنى ئاللاھقا شېرىك قىلىۋېلىشىڭلارنى، ئۆزۈڭلار بىلمەيدىغان نەرسىلەر ھەققىدە ئاللاھ نامىدىن قالايمىقان سۆز- لىشىڭلارنى ھارام قىلدى».

34-ھەربىر ئۈممەتنىڭ (ھالاك بولىدىغان) مۇئەييەن ۋاقتى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ (ھالاك بولىدىغان) ۋاقتى كەلگەندە، ئۇلار بىردەممۇ ئىلگىرى-كېيىن بولمايدۇ.

### تەپسىرى

ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ، كەئبىنى يالىڭاچ تاۋاپ قىلىدىغان، ھالال ۋە پاك رىزىقلارنى يېيىشنى ئۆزلىرىگە ھارام قىلىۋالغان مۇشرىكلارغا مۇنداق دەپ رەددىيە بېرىشكە بۇيرۇيدۇ: ئى مۇشرىكلار! سىلەر ھارام قىلىۋالغان نەرسىلەرنىڭ ھېچقايسىسىنى ئاللاھ تائالا ھارام قىلمىدى. ئاللاھ تائالا پەقەت زىنا قىلىشنى، يامان سۆزنى تارقىتىشنى، دىنغا خىلاپ ئىشلارنى قىلىشنى، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن گۇناھ قىلىشنى ھارام قىلدى. شۇنىڭدەك ئىنسانلارغا ناھەق چېقىلىشقا ئۇخشىغان جىنايى قىلمىشلارنى قەتئىي ھارام قىلدى، بۇتلارنى ياكى باشقا ھەرقانداق بىر مەخلۇقنى ئاللاھ تائالاغا شېرىك قىلىپ قوشۇۋېلىشنىمۇ قەتئىي ھارام قىلدى. ئاللاھ تائالا يەنە ئۇنىڭ نامىدىن ئۆزۈڭلار بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى توقۇشۇڭلارنى ۋە يالغان سۆزلىشىڭلارنى ھارام قىلدى.

مەلۇمكى، ھېچقانداق دەلىل-ئىسپاتى يوق تۇرۇقلۇق، ئۆز خاھىشى بويىچە ھالالنى ھارام قىلىش ياكى ھارامنى ھالال ساناش ئاللاھ تائالانىڭ

نامىدىن ياكى دىن نامىدىن يالغاننى توقۇغانلىق قاتارىغا كىرىدۇ. مانا بۇ بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرگە كەلگەن دىنىنىڭ بۇزۇلۇشى ۋە ئۆزگەرتىلىشىنىڭ مۇقەددىمىلىرىدىن بىرى ئىدى. چۈنكى، بۇرۇنقى ئۇممەتلەر پەيغەمبەرلىرى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ھالالنى ھارام ۋە ھارامنى ھالال قىلىۋېلىش ئارقىلىق دىنىنى شۇنداق ئۆزگەرتىۋەتكەن. ئېنىقكى، يەھۇدىيلار بىلەن خىرىستىيانلارنىڭ دىنى مۇشۇنداق بۇزۇلغان. ﴿وَلَا تَقُولُوا۟ لِمَا تَصِفُ أَلۡسِنَتُكُمُ ٱلۡكَذِبَ هَٰذَا حَلَٰلٞ وَهَٰذَا حَرَامٞ لِّتَفۡتَرُوا۟ عَلَى ٱللَّهِ ٱلۡكَذِبَۚ إِنَّ ٱلَّذِينَ يَفۡتَرُونَ عَلَى ٱللَّهِ ٱلۡكَذِبَ لَا يُفۡلِحُونَ﴾ يەنى ﴿سىلەر ئاغزىڭلارغا كەلگەن يالغاننى سۆزلەپ «بۇ ھالال، بۇ ھارام» دېمەڭلار، چۈنكى (مۇنداق دېسەڭلار) ئاللاھ نامىدىن يالغاننى ئويدۇرغان بولىسىلەر، شەكسىزكى، ئاللاھ نامىدىن يالغاننى ئويدۇرغۇچىلار مەقسىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ﴾[1]. بىز ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ ئاساسلىق مەنبەلىرى بولغان «قۇرئان كەرىم»، سۈننەت، ئىجما ۋە قىياس قاتارلىقلاردىن چەتنەپ كەتمەسلىكىمىز لازىم.

ئاللاھ تائالا جەمئىيەتنى خاراب قىلىدىغان ۋە مىللەتلەرنى مۇنقەرز قىلىدىغان ھارام ئىشلارنىڭ تۈرلىرىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، ئىلگىرىكى ئۇممەتلەردىن بەزىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلغان.

ئاللاھ تائالا ھەربىر مىللەتنىڭ ھالاك بولىدىغان ۋاقتىنى، دەۋر سۈرىدىغان ئۆمرىنى بەلگىلىگەن بولۇپ، ئۇنىڭ مىقدارى ئاللاھ تائالاغا مەلۇمدۇر. ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ بەختلىك چاغلىرى، خۇشاللىق كۈنلىرى بولغىنىدەك، بەختسىز چاغلىرى ۋە غەمكىن كۈنلىرىمۇ بولىدۇ. ئاللاھ تائالا كائىناتتىكى ھەرقانداق بىر نەرسىنىڭ ئەجىلىنى بېكىتكەن.

ئىنسانلارنىڭ بەخت-سائادىتى ۋە ھۆرمەت-ئىززىتى ھەق دىنىنىڭ كۆرسەتمىلىرى بويىچە ئىش كۆرۈش، پەزىلەت ۋە ئەخلاق بىلەن يۈكسىلىش، دىنغا چىڭ ئېسىلىش بىلەن بولىدۇ. مۇنداق بىر جەمئىيەت قەدىمدە پەيلاسوپلار ئارمان قىلغان «پەزىلەتلىك جەمئىيەت» بولۇپ شەكىللىنىدۇ. ئۇنىڭمۇ چەكلىك ۋاقتى بار. شۇنىڭدەك، مىللەتلەرنىڭ بەختسىزلىكى ۋە خار-زەبۇنلۇقى ئۇلارنىڭ پەزىلەتلەردىن يىراقلىشىپ، ئەخلاقى چىرىكلەشكەندىن كېيىن بولىدۇ. قانداقلا بىر مىللەتتە ئالدامچىلىق، كۆزبويامچىلىق، زۇلۇم، پارىخورلۇق، ئىسراپخورلۇق، بۇزۇقچىلىق، ھاياسىزلىق قاتارلىق رەزىللىكلەر باش كۆتۈرگەندە، ئۇ مىللەت

[1] نەھل سۈرىسى: 116-ئايەت.

ئۆزلۈكىدىن مۇنقەرزلىككە چۈشۈپ قالىدۇ. بۇنىڭمۇ چەكلىك ۋاقتى بار. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ھېچقانداق نەرسىنى ئۆزگەرمەيدىغان قىلىپ ياراتقان ئەمەس. ھەممە ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، دۇنيا ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، جەمئىيەت ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، ئىنسانلارمۇ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، ساقلىق-كېسەللىك، بايلىق-گادايلىق، خۇشاللىق-غەمكىنلىك دېگەنگە ئوخشىغان ئۆزگىرىشلەر ئىنسانلارنىڭ بېشىدىن ئۆتىدۇ.

«ئەمما مىللەتلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغانلىقى سەۋەبلىك دۇنيا يۈزىدىن پۈتۈنلەي يوق قىلىۋېتىش ئىشى پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋەتىلىشى بىلەن ئەمەلدىن قالغان. ﴿وَمَآ أَرۡسَلۡنَٰكَ إِلَّا رَحۡمَةٗ لِّلۡعَٰلَمِينَ﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر!) سېنى بىز ئالەملەر ئۈچۈن پەقەت رەھمەت قىلىپلا ئەۋەتتۇق﴾[1]»[2].

ئاللاھ تائالا ئىلگىرىكى سەمۇد، ئاد، قەۋملىرىنى، لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنى، پىرئەۋن تەۋەلىرىنى ئۇلارنىڭ كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغانلىقى، زالىملىقى ۋە تۈرلۈك گۇناھلىرى سەۋەبلىك مۇشۇ دۇنيادىلا جازالاپ، پۈتۈنلەي ھالاك قىلىپ، يەر يۈزىدىن يوق قىلىۋەتكەن. ئۇلارنىڭ بەزىسىنى سۇدا غەرق قىلىش بىلەن، بەزىسىنى يەرگە يۇتقۇزۇۋېتىش بىلەن، بەزىسىنى كۈچلۈك بوران بىلەن، يەنە بەزىسىنى قاتتىق ئاۋاز بىلەن ھالاك قىلىۋەتكەن. ئەمما مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پۈتۈن ئالەملەرگە رەھمەت بولۇپ كەلگەن بىر رەھمەت پەيغەمبىرى بولغانلىقتىن، ئاللاھ تائالا بۇ ئۈممەتتىن چىققان كاپىرلارنى، ئاسىي-گۇناھكارلارنى ۋە زالىملارنى بۇرۇنقىلارنى ھالاك قىلىۋەتكەندەك، ئومۇمىي بىر بالا بىلەن ھالاك قىلىۋەتمەسلىكنى ئىرادە قىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ جازاسى ئاخىرەتكە قالدۇرۇلغان.

قولىغا كەلگەن ئازلا ئامەتكە كۆرەڭلەپ كېتىپ ئىسراپخورلۇق قىلىدىغان، مەنپەئەت يۈزىسىدىن بىر-بىرىنى سېتىۋېتىدىغان، پۇرسەت تاپسىلا قولىدىن كەلگەن رەزىللىكلەرنىڭ ھەممىسىنى قىلىدىغان مىللەتلەرنىڭ خارلىقتا ياشاۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتىمىز. بۇمۇ ۋاقىتلىق بولۇپ، ئاللاھ تائالا بەلگىلىگەن ۋاقىت كەلگەندە، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىمۇ چوقۇم ئۆزگىرىدۇ.

ئىسلام ئۈممىتى دىن ۋە دۇنيا ئىشلىرىدا ئوتتۇراھاللىق، ئىسراپ

---

[1] ئەنبىيا سۈرىسى: 107- ئايەت.
[2] «التفسير الواضح» 1- توم، 710- بەت.

قىلماسلىق، ناھەقچىلىك قىلماسلىق، يولسىزلىق قىلماسلىق قاتارلىق ئىبسىل پەزىلەتلەرنى چىڭ تۇتۇشقا ھەممىدىن بەك ھەقلىق ۋە ھەممىدىن بەك موھتاجدۇر.

ئاللاھ تائالا قانداقلا بىر مىللەتنىڭ زاۋال تېپىشىنى ئىرادە قىلسا، بۇ ئىرادە توسالغۇسىز ئەمەلگە ئاشىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار ۋە ناتوغرا يولدا ماڭغۇچىلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە چوڭ بىر ئاگاھلاندۇرۇشتۇر.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈش، ئۇنىڭ نامىدىن يالغان سۆزلەش ئەڭ ئېغىر گۇناھلاردىن بولۇپ، جازاسى قاتتىق بولىدۇ.

2. ھەرقانداق بىر جان ئىگىسىنىڭ ئۆلىدىغان ئەجىلى بولغىنىدەك، ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭمۇ ھالاك بولىدىغان ۋاقتى بولىدۇ. خۇددى ئىنسانىنىڭ تېنىنى ئىپلاس كېسەل ئورىۋالغاندا، ئۇنىڭ ھاياتى تۈگەشكەندەك، ھەرقانداق بىر مىللەتنى چىرىكلىك ئىللەتلىرى ئورىۋالغان چاغدا، ئۇ مىللەتمۇ تۈگىشىدۇ.

### ◄ پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋەزىپىسى ۋە ياخشى ئەمەلنىڭ نەتىجىسى

﴿يَٰبَنِيٓ ءَادَمَ إِمَّا يَأۡتِيَنَّكُمۡ رُسُلٞ مِّنكُمۡ يَقُصُّونَ عَلَيۡكُمۡ ءَايَٰتِي فَمَنِ ٱتَّقَىٰ وَأَصۡلَحَ فَلَا خَوۡفٌ عَلَيۡهِمۡ وَلَا هُمۡ يَحۡزَنُونَ ٣٥ وَٱلَّذِينَ كَذَّبُواْ بِـَٔايَٰتِنَا وَٱسۡتَكۡبَرُواْ عَنۡهَآ أُوْلَٰٓئِكَ أَصۡحَٰبُ ٱلنَّارِۖ هُمۡ فِيهَا خَٰلِدُونَ ٣٦﴾

### ◄ تەرجىمىسى

35ـئى ئادەم بالىلىرى! ئاراڭلاردىن مېنىڭ ئايەتلىرىمنى سىلەرگە بايان قىلىپ بېرىدىغان پەيغەمبەرلىرىم كەلگەندە، كىمكى (ئۇلارغا ئاسىيلىق قىلىشتىن) ساقلانسا ۋە (ئۆزىنى) تۈزەتسە، ئۇلارغا ھېچقانداق قورقۇنچ ۋە غەم-قايغۇ يوقتۇر.

36ـبىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلىپ، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىشقا

گەدەنكەشلىك قىلغانلارغا كەلسەك، ئەنە شۇلار دوزاخ ئەھلىدۇر، ئۇلار ھەمىشە دوزاختا قالغۇچىدۇر.

## ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا پۈتۈن ئىنسان ئەۋلادىغا خىتاب قىلىپ دەيدۇكى، ئى ئادەم باللىرى! سىلەرگە ئاراڭلاردىن سىلەر تونۇيدىغان، ئەھۋالىنى بىلىدىغان پەيغەمبەرلەر كېلىپ، سىلەرگە مېنىڭ ئايەتلىرىمنى تىلاۋەت قىلىپ بېرىپ، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا جەننەت بىلەن خۇش بېشارەت بېرىپ، ئىمان ئېيتىشتىن باش تارتقانلارنى ۋە يامان ئىشلارنى قىلغانلارنى دوزاختىن ئاگاھلاندۇرغان، سىلەرنى يامان، گۇناھ ئىشلارنى تاشلاپ، ئېسىل پەزىلەتلەر بىلەن ئەخلاقلىنىشقا چاقىرغان چاغدا، سىلەر ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاڭلار، ئۇلارغا ئەگىشىڭلار. چۈنكى، سىلەرگە جەننەت بىلەن خۇش خەۋەر بېرىش ۋە دوزاختىن ئاگاھلاندۇرۇش بۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسىدۇر.

پەيغەمبەرلەرگە ئاسىيلىق قىلىشتىن ساقلانغان، ئاللاھ تائالادىن قورققان، ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان ئەمەللەرنى قىلىش ۋە توسقان ئىشلاردىن يىراق تۇرۇش ئارقىلىق ئۆزىنى تەقۋالىق قىلغان، ئۆزىنى ۋە ئەھۋالىنى توغرا نىيەت ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش بىلەن تۈزەتكەنلەر ئاخىرەتتە ھېچقانداق قورقۇنچقا ئۇچرىمايدۇ، چۈنكى ئۇنى پەرىشتىلەر ئىززەت-ئىكراملار بىلەن ناھايىتى قىزغىن قارشى ئالىدۇ. ئۇلار بۇ دۇنيادا قويۇپ كەتكەنلىرى ۋە ئېرىشەلمىگەنلىرى ئۈچۈنمۇ قىلچە قايغۇرمايدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا بۇ دۇنيادا قويۇپ كەتكەنلىرىدىن نەچچە ھەسسە ياخشى ۋە مۇكەممەل مۇكاپاتلارنى بېرىدۇ. ئەمما قۇرەيش كاپىرلىرىغا ئوخشاش بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغان، چوڭچىلىق قىلىپ، ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتقانلار، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە ئىمان ئېيتىشقا گەدەنكەشلىك قىلغانلار دوزاخقا مەنسۇپ بولىدۇ، ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

**1.** ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى توغرا يولغا باشلاش ۋە ھەق دىننى بىلدۈرۈش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەۋەتكەندىن كېيىن، ئىنسانلارنىڭ بارلىق باھانىلىرى ئاقمايدىغان بولدى. چۈنكى، پەيغەمبەرلەر ئۇلارغا ھەق دىننى تولۇق يەتكۈزۈش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ۋەزىپىسىنى مۇكەممەل ئادا قىلدى.

ئۇلارغا ئەگەشمىگەنلەر ئاخىرقى زىياننى ئۆزلىرىدىن كۆرسە بولىدۇ.

2. تەقۋالىقنىڭ بىرىنچى بوسۇغىسى تەۋھىد ئەقىدىسىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىشتۇر.

3. ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىش، نەپسىنى پاكلاش ۋە روھىنى يۈكسەلدۈرۈش پەقەت ياخشى ئەمەللەر بىلەن بولىدۇ.

4. ھەقىقەتنى ئېتىراپ قىلىشتىن باش تارتىش تەقۋالىققا توسالغۇ بولىدىغان ئەڭ خەتەرلىك ئاپەتلەرنىڭ بىرىدۇر.

## ◄ ئاللاھ نامىدىن يالغان ئېيتىشنىڭ ئاقىۋىتى ۋە قىيامەتنىڭ ئەھۋالى

﴿فَمَنْ أَظْلَمُ مِمَّنِ ٱفْتَرَىٰ عَلَى ٱللَّهِ كَذِبًا أَوْ كَذَّبَ بِـَٔايَـٰتِهِۦٓ ۚ أُو۟لَـٰٓئِكَ
يَنَالُهُمْ نَصِيبُهُم مِّنَ ٱلْكِتَـٰبِ ۖ حَتَّىٰٓ إِذَا جَآءَتْهُمْ رُسُلُنَا يَتَوَفَّوْنَهُمْ
قَالُوٓا۟ أَيْنَ مَا كُنتُمْ تَدْعُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِ ۖ قَالُوا۟ ضَلُّوا۟ عَنَّا وَشَهِدُوا۟
عَلَىٰٓ أَنفُسِهِمْ أَنَّهُمْ كَانُوا۟ كَـٰفِرِينَ ﴿٣٧﴾ قَالَ ٱدْخُلُوا۟ فِىٓ أُمَمٍ قَدْ خَلَتْ
مِن قَبْلِكُم مِّنَ ٱلْجِنِّ وَٱلْإِنسِ فِى ٱلنَّارِ ۖ كُلَّمَا دَخَلَتْ أُمَّةٌ لَّعَنَتْ
أُخْتَهَا ۖ حَتَّىٰٓ إِذَا ٱدَّارَكُوا۟ فِيهَا جَمِيعًا قَالَتْ أُخْرَىٰهُمْ لِأُولَىٰهُمْ رَبَّنَا
هَـٰٓؤُلَآءِ أَضَلُّونَا فَـَٔاتِهِمْ عَذَابًا ضِعْفًا مِّنَ ٱلنَّارِ ۖ قَالَ لِكُلٍّ ضِعْفٌ
وَلَـٰكِن لَّا تَعْلَمُونَ ﴿٣٨﴾ وَقَالَتْ أُولَىٰهُمْ لِأُخْرَىٰهُمْ فَمَا كَانَ لَكُمْ
عَلَيْنَا مِن فَضْلٍ فَذُوقُوا۟ ٱلْعَذَابَ بِمَا كُنتُمْ تَكْسِبُونَ ﴿٣٩﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

37ـ ئاللاھ نامىدىن يالغاننى توقۇغان ياكى ئۇنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغان ئادەمدىنمۇ زالىم ئادەم بارمۇ؟ ئەنە شۇلار لەۋھۇلمەھپۇزدا پۈتۈلگەن نېسىۋىلىرىگە ئېرىشىدۇ، ھەتتا بىزنىڭ پەرىشتىلىرىمىز ئۇلارنىڭ جېنىنى ئېلىش ئۈچۈن كەلگەندىمۇ، ئۇلارغا: «ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنغان مەبۇدلىرىڭلار قېنى؟» دەيدۇ، ئۇلار: «ئۇلار بىزنى تاشلاپ كەتتى» دەيدۇ، ئۇلار ئۆزىنىڭ كاپىرلىقىغا (ئىقرار قىلىپ)، ئۆزىنىڭ زىيىنىغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ.

38ـ ئاللاھ (ئۇلارغا): «سىلەر ئۆزۈڭلاردىن ئىلگىرى ئۆتكەن جىنلاردىن ۋە

ئىنسانلاردىن بولغان (كاپىر) ئۈممەتلەر بىلەن بىرلىكتە دوزاخقا كىرىڭلار» دەيدۇ. ھەرقاچان بىر ئۈممەت دوزاخقا كىرىدىكەن، ئۇ ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ئۈممەتكە (ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئېزىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن) لەنەت ئوقۇيدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى دوزاخقا كىرىپ بولۇپ جەم بولغاندا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كېيىن كىرگەنلەر (ئەگەشكۈچىلەر) ئىلگىرى كىرگەنلەرگە (يولباشچىلىرىغا) قارىتىپ: «ئى رەببىمىز! بۇلار بىزنى ئازدۇرغان. شۇڭا ئۇلارغا ئىككى ھەسسە دوزاخ ئازابى بەرگىن» دەيدۇ. ئاللاھ: «(سىلەردىن) ھەممىڭلار ئىككى ھەسسە ئازابقا تېگىشلىك بولدۇڭلار، لېكىن سىلەر (ئۇ ئازابنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى) بىلمەيسىلەر» دەيدۇ.

39 ـ ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئىلگىرىكىلەر كېيىنكىلەرگە: «سىلەرنىڭ بىز-دىن ھېچقانداق ئارتۇقچىلىقىڭلار يوق، شۇڭا سىلەرمۇ قىلمىشىڭلار تۈپەيـ-لىدىن ئازابنى تېتىڭلار» دەيدۇ.

### ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالاغا بالا ياكى ۋەياكى ياردەمچى ۋەياكى شېرىك قاتارلىقلارنى مەنسۇپ قىلىۋېلىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا يوق نەرسىنى چاپلىغان، ياكى ئاللاھ تائالا ھالال قىلغان نەرسىنى ھارام قىلىش، ئۇ ھارام قىلغان نەرسىنى ھالال قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ نامىدىن يالغاننى توقۇغان ۋەياكى ئۇنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغان ئادەمدىنمۇ زالىم، ئۇنىڭدىنمۇ قەبىھ ئادەم بارمۇ؟ مۇنداق ئادەملەر بۇ دۇنيادا ئۆزىگە پۈتۈلگەن رىزىق، ئۆمۈر، نېمەتلەردىن بەھرىمەن بولۇش قاتارلىق نېسىۋىلىرىنى چوقۇم تېتىيدۇ. ئاندىن جان ئالغۇچى پەرىشتىلەر ئۇلارنىڭ جېنىنى ئالغىلى كەلگەندە، ئۇلارغا ئاچچىقلانغان ۋە كايىغان ھالدا، قېنى سىلەرنىڭ ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنغان مەبۇدلىرىڭلار؟ قېنى سىلەرنىڭ شاپا-ئەتچىلىرىڭلار؟ دەيدۇ. ئۇلار: «بىز دۇنيادا چوقۇنغان مەبۇدلىرىمىز ۋە ياردىمىنى ئۈمىد قىلغان شاپائەتچىلىرىمىز يوقاپ كەتتى، بىزدىن غايىب بولدى، بىزنى تاشلاپ كەتتى، ئۇلارنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى بىلمەيمىز. بىز ئەمدى ئۇلاردىن ياخشىلىق ياكى مەنپەئەت كۈتمەيمىز» دېيىشىدۇ. ئۇلار دۇنيادا ساختا مەبۇدلارغا چوقۇنۇپ ئۆزلىرىنىڭ كاپىر بولغانلىقىنى ئىقرار قىلىدۇ ۋە بۇ سەۋەبلىك جازاغا لايىق بولغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىپ ئۆزىنىڭ زىيىنىغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ.

بۇ بايانلار ھازىرقى زامان كاپىرلىرىنى ئىلگىرىكىلىرىنىڭ يامان ئاقىۋەتلىرىگە ئوخشاش ھالغا چۈشۈپ قېلىشتىن ئاگاھلاندۇرۇشقا

يېتەرلىكتۇر.

قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغان بۇ زالىم كاپىرلارغا: «سىلەردىن ئىلگىرى كاپىرلىقى سەۋەبلىك دوزاخقا مەنسۇپ بولغانلار بىلەن بىرلىكتە دوزاخقا كىرىڭلار، ئۇلار دۇنيادا سىلەرنىڭ ئىنسان ۋە جىندىن بولغان دوستلىرىڭلار ئىدى» دەيدۇ.

ھەرقاچان بىر تۈركۈم كاپىرلار دوزاخقا تاشلانغان چاغدا، ئۇلار كۇفرىدا ئۆزلىرى بىلەن ئورتاقلىقى بولغان ئىلگىرىكى قەۋملەرگە بولۇۋاتقان ئازاب-ئوقۇبەتلەرنى كۆرۈپ، ئۇلارغا لەنەت ئوقۇيدۇ. چۈنكى، كېيىنكىلەر شۇ ئىلگىرىكىلەرنىڭ سەۋەبى بىلەن ئېزىپ كەتكەن، ھەمدە ئۇلارنىڭ ئازغۇنلۇق يولىغا ئەگەشكەنلىكتىن، ئاللاھ تائالانىڭ دىنىدىن چىقىپ كەتكەن ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى دوزاخقا كىرىپ جەم بولغاندا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن دوزاخقا كېيىن كىرگەن ئەگەشكۈچىلەر ئۆزلىرىدىن ئىلگىرى كىرگەن كاتتىباشلارغا غەزەپلىنىدۇ ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئېزىپ كېتىشىگە سەۋەب بولغان بۇ كاپىر كاتتىباشلار توغرۇلۇق ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىپ: ﴿ئى رەببىمىز! بۇلار بىزنى ئازدۇرغان. شۇڭا ئۇلارغا ئىككى ھەسسە دوزاخ ئازابى بەرگىن﴾ دەيدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇلارغا جاۋابەن: ﴿ھەممىڭلار ئىككى ھەسسە ئازابقا ھەقلىق بولدۇڭلار، لېكىن سىلەر (ئۇ ئازابنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى) بىلمەيسىلەر﴾ دەيدۇ.

ئاندىن ئىلگىرىكىلەر كېيىنكىلەرگە: «ئەگەر ئىش سىلەر دېگەندەك بولۇپ، بىز سىلەرنى ئازدۇرۇپ كەتكەن بولساق، سىلەرنىڭ بىزدىن ھېچقانداق ئارتۇق تەرىپىڭلار يوق، شۇڭا سىلەرمۇ بىزگە ئوخشاش ئازابنى تېتىشىڭلار لازىم» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئازابقا مەھكۇم قىلىدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئەڭ چوڭ زۇلۇم ئاللاھ تائالانىڭ نامىدىن يالغان سۆزلەش ۋە ئۇنىڭ دىنىنى، ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلىشتۇر.

2. قەبرىنىڭ نېمىتى ۋە ئازابى راستتۇر. ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلىپ ئۆتكەنلەر ئاخىرەتتە دوزاخ ئوتىدىن ساقلىنىپ قالغان ۋە جەننەتلەردە نېمەتلەنگەندەك، قەبرىدىمۇ ئازابتىن، قورقۇنچتىن خالىي بولغان ھالدا ھۇزۇر ئىچىدە ياتىدۇ.

3. دوزاخ ئەھلى دوزاختا بىر-بىرىگە تاپا-تەنە قىلىشىدۇ. بۇ دۇنيادىكى

مەنپەئەت دوستلىرى ۋە ھارام ئەيشى-ئىشرەت يولىدىكى يولداشلار ئاخىرەتتە بىر-بىرىگە دۈشمەن بولۇشىدۇ. پەقەت ئاللاھ تائالا ئۈچۈن دوست بولۇشقانلارنىڭ دوستلۇقى ئاخىرەتتىمۇ داۋاملىشىدۇ، جەننەتلەردە ئۇلار مۇشۇ دۇنيادىكىدەك ۋاپادار بولۇپ ئۆتىدۇ.

## ◄ كاپىرلارنىڭ جازاسى

﴿إِنَّ ٱلَّذِينَ كَذَّبُواْ بِـَٔايَٰتِنَا وَٱسۡتَكۡبَرُواْ عَنۡهَا لَا تُفَتَّحُ لَهُمۡ أَبۡوَٰبُ
ٱلسَّمَآءِ وَلَا يَدۡخُلُونَ ٱلۡجَنَّةَ حَتَّىٰ يَلِجَ ٱلۡجَمَلُ فِي سَمِّ ٱلۡخِيَاطِۚ
وَكَذَٰلِكَ نَجۡزِي ٱلۡمُجۡرِمِينَ ۝٤٠ لَهُم مِّن جَهَنَّمَ مِهَادٞ وَمِن فَوۡقِهِمۡ
غَوَاشٖۚ وَكَذَٰلِكَ نَجۡزِي ٱلظَّٰلِمِينَ ۝٤١﴾

### ◄ تەرجىمىسى

40-شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلىپ، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىشتىن باش تارتقانلارغا ئاسماننىڭ ئىشىكلىرى ئېچىلمايدۇ، تاكى تۆگە يىڭنىنىڭ تۆشۈكىدىن ئۆتمىگۈچە ئۇلار جەننەتكە كىرەلمەيدۇ. گۇناھكارلارنى ئەنە شۇنداق جازالايمىز.

41-دوزاختا ئۇلارنىڭ ئاستىغا سالىدىغان كۆرپىسىمۇ ئوتتىن، ئۈستىگە يېپىنىدىغان يوتقىنىمۇ ئوتتىن بولىدۇ. (كۇفرىلىق قىلىپ ئۆزىگە) زۇلۇم قىلغۇچىلارنى ئەنە شۇنداق جازالايمىز.

### ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا دەيدۇكى، بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوق ئىكەنلىكىگە، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە ۋە قىيامەتنىڭ راستلىقىغا دالالەت قىلىدىغان ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغان، بۇ ئايەتلەرگە ئىمان ئېيتىشقا گەدەنكەشلىك قىلغان كاپىرلار ئۆلگەن چاغدا، ئۇلارنىڭ روھلىرىنىڭ (يەنى جانلىرىنىڭ) ئۆرلەپ چىقىشى ئۈچۈن ئاسماننىڭ دەرۋازىلىرى ئېچىلمايدۇ، ئۇلارنىڭ ئەمەللىرى يۇقىرىغا كۆتۈرۈلمەيدۇ، ئۇلارنىڭ ياخشىلىق، دەپ قىلغان ئەمەللىرى پۈتۈنلەي بىكاردۇر. چۈنكى، يۇقىرى ئۇپۇقلارغا ئۆرلەيدىغان نەرسە ياخشى سۆز (يەنى ئىمان كەلىمىسى) بولۇپ، مۇئمىنلەرنىڭ ياخشى

ئەمەللىرى ئۇنى يۇقىرىغا كۆتۈرىدۇ. ﴿إِلَيۡهِ يَصۡعَدُ ٱلۡكَلِمُ ٱلطَّيِّبُ وَٱلۡعَمَلُ ٱلصَّٰلِحُ يَرۡفَعُهُۥۚ﴾ يەنى ﴿ياخشى سۆز ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا ئۆرلەيدۇ، ياخشى ئەمەل ئۇنى كۆتۈرىدۇ﴾[1].

مۇپەسسىرلەر ﴿لَا تُفَتَّحُ لَهُمۡ أَبۡوَٰبُ ٱلسَّمَآءِ﴾ دېگەن ئايەتنى ھەر خىل تەپسىر قىلغان بولۇپ، مۇجاھىد، سەئىد ئىبنى جۇبەير قاتارلىقلار بۇ ئايەتنى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ تەپسىرىگە ئاساسلىنىپ: «ئۇلارنىڭ ياخشى ئەمەللىرى ۋە دۇئالىرى ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىغا ئۆرلىمەيدۇ» دەپ تەپسىر قىلغان. زەھھاك ۋە سۇددىي ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇماغا مەنسۇپ قىلىنغان يەنە بىر تەپسىرگە ئاساسلىنىپ بۇ ئايەتنى «ئاسماننىڭ ئىشىكلىرى كاپىرلارنىڭ روھلىرىنىڭ ئۆرلىشى ئۈچۈن ئېچىلمايدۇ، مۇئمىنلەرنىڭ روھلىرى ئۈچۈنلا ئېچىلىدۇ» دەپ تەپسىر قىلغان[2]. بىز ھەر ئىككى خىل تەپسىرگە رىئايە قىلغان ئاساستا بۇ ئايەتنى: «ئۇلارنىڭ روھلىرىنىڭ (يەنى جانلىرىنىڭ) ئۆرلەپ چىقىشى ئۈچۈن ئاسماننىڭ ئىشىكلىرى ئېچىلمايدۇ، ئۇلارنىڭ ئەمەللىرى يۇقىرىغا كۆتۈرۈلمەيدۇ» دەپ تەپسىر قىلدۇق. تۆۋەندىكى ھەدىس ئالدىنقى تەپسىرنى كۈچلەندۈرىدۇ:

ئىمام ئەھمەد بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «مۇئمىن بەندە جان ئۈزىدىغان چاغدا، ئاسماندىن ئۇنىڭ يېنىغا ئاپئاق يۈزلۈك، چىرايى قۇياشنىڭ نۇرىدىنمۇ نۇرلۇق پەرىشتىلەر ھازىر بولىدۇ، ئۇلار ئۇنىڭغا جەننەتتىن كېپەنلىك ۋە خۇشپۇراقلارنى ئېلىپ كېلىپ، ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرىدۇ. ئاندىن جان ئالىدىغان پەرىشتە ھازىر بولۇپ، ئۇ كىشىنىڭ بېشىغا ‹ئى پاك جان! ئاللاھنىڭ مەغپىرىتىگە ۋە رەھمىتىگە يېتىش ئۈچۈن ئاستا چىققىن› دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشىنىڭ جېنى خۇددى ئاسماندىن بىر تامچە يامغۇر تامغاندەكلا پەرىشتىنىڭ قولىغا چىقىدۇ. ئاندىن پەرىشتىلەر ئۇنى جەننەتتىن ئېلىپ كەلگەن ھېلىقى كېپەن بىلەن كېپەنلەيدۇ ۋە ئۇنىڭغا جەننەتنىڭ خۇشپۇراقلىرىنى چاچىدۇ، ئاندىن ئۇنى دەرھال ئاسمانغا كۆتۈرىدۇ، ئاسمانلاردا ھەربىر پەرىشتىنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە، ئۇلار ‹بۇ كىمنىڭ جېنىدۇ؟ ئەجەبمۇ خۇشپۇراق پۇرايدىكەن› دېيىشىپ قالىدۇ. ئۇنى ئېلىپ كېتىۋاتقان پەرىشتىلەر ئۇلارغا جاۋاب

---

[1] فاتىر سۈرىسى: 10-ئايەت

[2] «تفسير الطبري» 12-توم، 421-423-بەت.

بىرىپ: ‹بۇ پالانىنىڭ بالىسى پالانىنىڭ جېنىدۇر› دەيدۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا ئاسمانىنىڭ ئىشىكلىرى ئېچىلىدۇ، شۇنداق قىلىپ ئۇ يەتتىنچى ئاسمانغا يېتىپ چىققاندا، ئاللاھ پەرىشتىلەرگە: ‹بۇ بەندەمنىڭ نامە-ئەمەلىنى ئىللىيۇنغا (يەنى ياخشىلارنىڭ تىزىملىكى بار دەپتەرگە) يېزىڭلار، ئاندىن ئۇنى يەنە زېمىنغا قايتۇرۇڭلار، چۈنكى مەن ئۇنى زېمىندىن ياراتتىم، يەنە زېمىندىن چىقىرىمەن› دەيدۇ. ئاندىن قەبرىسىدە ئۇنىڭ جېنى ئۆزىگە قايتۇرۇلىدۇ، ئىككى پەرىشتە كېلىپ ئۇنى ئولتۇرغۇزىدۇ... ئەمما كاپىرنىڭ جېنى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىلغاندا، ئاسماننىڭ ھەربىر جايىدىكى پەرىشتىلەر ‹بۇ نېمىدېگەن سېسىق پۇراق؟ بۇ كىمنىڭ جېنىدۇ؟› دەپ سورىشىدۇ. يېنىدىكى پەرىشتىلەر ئۇلارغا: ‹بۇ پالانىنىڭ بالىسى پالانىنىڭ جېنىدۇر› دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئاندىن بىرىنچى ئاسمانىنىڭ ئىشىكىنىڭ ئېچىلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ، بىراق ئاسماننىڭ ئىشىكلىرى ئۇنىڭغا قەتئىي ئېچىلمايدۇ». ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ﴿ئۇلارغا ئاسمانىنىڭ ئىشىكلىرى ئېچىلمايدۇ﴾ دېگەن ئايەتنى تىلاۋەت قىلدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ دېدىكى:» ئاندىن ئاللاھ پەرىشتىلەرگە ئەمر قىلىپ: ‹ئۇنىڭ نامە-ئەمەلىنى سىججىنغا (يەنى گۇناھكارلارنىڭ تىزىملىكى بار دەپتەرگە) يېزىڭلار› دەيدۇ». ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ﴿وَمَن يُشْرِكْ بِٱللَّهِ فَكَأَنَّمَا خَرَّ مِنَ ٱلسَّمَآءِ فَتَخْطَفُهُ ٱلطَّيْرُ أَوْ تَهْوِى بِهِ ٱلرِّيحُ فِى مَكَانٍ سَحِيقٍ﴾ يەنى ﴿كىمكى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدىكەن، ئۇ گويا ئاسماندىن تاشلىنىپ، قۇشلار ئۇنى ئېلىپ قاچقاندەك ياكى ئۇنى بوران يىراق جايغا تاشلىۋەتكەندەك بولۇپ قالىدۇ﴾[1] دېگەن ئايەتنى تىلاۋەت قىلدى ۋە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ دېدىكى: «ئاندىن ئۇنىڭ جېنى زېمىنغا قايتۇرۇلىدۇ، قەبرىسىدە ئىككى پەرىشتە كېلىپ ئۇنى ئولتۇرغۇزىدۇ، ئاندىن ئۇ سوئال-سوراق قىلىنىدۇ»[2].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «مېيىت دەپنە قىلىنىپ بولۇپ، ئۇنى دەپنە قىلغۇچىلار قايتقاندا، مېيىت تىرىلىپ ئۇلارنىڭ ئاياق تىۋىشلىرىنى ئاڭلايدۇ. ئاندىن ئىككى پەرىشتە كېلىپ ئۇنى ئولتۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭدىن ‹بۇ كىشى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) ھەققىدە نېمە دەيسەن؟› دەپ سورايدۇ. مېيىت مۇئمىن بولسا، ‹مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە بەرھەق پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق

[1] ھەج سۈرىسى: 31-ئايەت.
[2] «مسند الإمام أحمد» 30-توم، 499-بەت، 18534-ھەدىس.

بېرىمەن› دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا، ‹دوزاختىكى ئورنۇڭغا قاراپ باق، ئاللاھ سېنىڭ بۇ ئورنۇڭنى جەننەتتىكى مۇنۇ ئورۇنغا ئۆزگەرتتى› دەيدۇ، ئۇلار ھەممىسى (يەنى ئىككى پەرىشتە بىلەن مېيىت) بۇ ئىككى ئورۇننى ئېنىق كۆرىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ قەبرىسى كېڭەيتىلىدۇ. ئەمما كاپىرلار بىلەن مۇناپىقلار پەرىشتىلەرنىڭ ‹بۇ كىشى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) ھەققىدە نېمە دەيسەن؟ دېگەن سوئالىغا، ‹بىلمەيمەن، كىشىلەرنىڭ دېگىنىنى دەيتتىم› دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئاندىن ئۇنى بازغان بىلەن قاتتىق بىر ئۇرىدۇ-دە، ئۇنىڭ چىرقىرىغان ئاۋازىنى ئىنسان بىلەن جىندىن باشقا ھەممە جانلىقلار ئاڭلايدۇ»[1].

كاپىرلار ھەرگىز جەننەتكە كىرەلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىدىن يىراق قىلىنغان مەلئۇنلاردۇر. ئەمما ئىمانى بار كىشىلەر قانچىلىك كۆپ گۇناھ قىلغان بولسىمۇ، تېگىشلىك جازاسىدىن تارتىپ بولۇپ جەننەتكە كىرىدۇ.

بۇ كاپىرلارنىڭ ياتىدىغان كۆرپىسىمۇ دوزاخ ئوتىدىن، يېپىنىدىغان يوتقانلىرىمۇ دوزاخ ئوتىدىن بولۇپ، ئۇلار دوزاخنىڭ قەۋەتلىرى ئارىسىدا قىينىلىپ تۇرغۇچىلاردۇر. ئوت ھەر تەرەپتىن ئۇلارنى قورشاپ تۇرىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ بارلىق قىلمىشلىرىنى تولۇق بىلىپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ قارارگاھى بولغان دوزاخ ھەقىقەتەن يامان جايدۇر. بۇنىڭدا ھېچبىر ئەجەبلىنەرلىك يوق. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئۆزىگە كۇفرىنى راۋا كۆرۈش ئارقىلىق ھەم ئۆزىگە ھەم باشقىلارغا زۇلۇم قىلغان زالىملارنى ئەنە شۇنداق جازالايدۇ.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتىشقا گەدەنكەشلىك قىلغۇچىلار جەننەتنىڭ ھىدىنىمۇ پۇرىيالمايدۇ. ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ جازاسىدىن قۇتۇلالمايدۇ. مەيلى ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىگە قارىتا قىلمىش سادىر قىلغان بولسۇن، مەيلى ئىنسانلارنىڭ ھەققىگە تاجاۋۇز قىلغان بولسۇن، ئۇلارنىڭ جازاسى مۇقەررەردۇر.

2. ئىمان بىلەن ياخشى ئەمەل ئاخىرەتتە جەننەتكە كىرىشنىڭ ۋە بۇ دۇنيادا خاتىرجەم، ھۇزۇر- ھالاۋەتلىك ھايات كەچۈرۈشنىڭ كاپالىتىدۇر.

[1] «صحيح البخاري» 2-توم، 90-بەت، 1338-ھەدىس.

## مۆئمىنلەرنىڭ مۇكاپاتى

﴿وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ لَا نُكَلِّفُ نَفۡسًا إِلَّا وُسۡعَهَآ أُوْلَٰٓئِكَ أَصۡحَٰبُ ٱلۡجَنَّةِۖ هُمۡ فِيهَا خَٰلِدُونَ ﴿٤٢﴾ وَنَزَعۡنَا مَا فِي صُدُورِهِم مِّنۡ غِلّٖ تَجۡرِي مِن تَحۡتِهِمُ ٱلۡأَنۡهَٰرُۖ وَقَالُواْ ٱلۡحَمۡدُ لِلَّهِ ٱلَّذِي هَدَىٰنَا لِهَٰذَا وَمَا كُنَّا لِنَهۡتَدِيَ لَوۡلَآ أَنۡ هَدَىٰنَا ٱللَّهُۖ لَقَدۡ جَآءَتۡ رُسُلُ رَبِّنَا بِٱلۡحَقِّۖ وَنُودُوٓاْ أَن تِلۡكُمُ ٱلۡجَنَّةُ أُورِثۡتُمُوهَا بِمَا كُنتُمۡ تَعۡمَلُونَ ﴿٤٣﴾﴾

## تەرجىمىسى

42-ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار – بىز ھېچكىمگە كۈچى يەتمەيدىغان ئىشنى يۈكلىمەيمىز – ئەنە شۇلار جەننەت ئەھلىدۇر، ئۇلار جەننەتتە مەڭگۈ تۇرىدۇ.

43-ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىدە ئۆچمەنلىك (ۋە شۇنىڭدەك سەلبىي ھېس-تۇيغۇلاردىن نىمە) بولسا، ئۇنى ئېلىپ تاشلايمىز، ئۇلارنىڭ (جەننەتتىكى سارايلىرىنىڭ) ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدۇ، ئۇلار: «بىزنى بۇنىڭغا يېتەكلىگەن ئاللاھقا شۈكۈركى، ئەگەر ئۇ بىزنى يېتەكلىمىگەن بولسا، بىز توغرا يول تاپالمىغان بولاتتۇق. شەكسىزكى، رەببىمىزنىڭ ئەلچىلىرى بىزگە ھەقىقەتنى ئېلىپ كەلدى» دەيدۇ، ئۇلارغا: «سىلەرنىڭ (ياخشى) ئەمەللىرىڭلار ئۈچۈن سىلەر ۋارىس قىلىنغان جەننەت مانا مۇشۇدۇر» دەپ خىتاب قىلىنىدۇ.

## بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئاللاھ تائالا ئالدىنقى ئايەتلەردە كاپىرلارنى دوزاختا تاشلاپ مەڭگۈلۈك ئازابلايدىغانلىقى ھەققىدىكى ئاگاھلاندۇرۇشلىرىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا يانداشتۇرۇپ، مۆئمىنلەرنىڭ ئاخىرەتتىكى مۇكاپاتىنى بايان قىلىشنى لايىق كۆرگەن. مانا بۇ ئاللاھ تائالانىڭ مۆئمىن بەندىلىرىنى جەننەتكە كىرگۈزىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ۋەدىسىدۇر. «قۇرئان كەرىم»نىڭ تەرتىپى ئەنە شۇنداق بولۇپ، ئۇنىڭدا ياخشىلار ئۈچۈن گۈزەل ۋەدىلەر ئورۇن ئالغاندەك، كاپىرلار ئۈچۈن ئاگاھلاندۇرۇشلارمۇ بار. بۇ ھەقنى باتىلدىن، مۆئمىننى كاپىردىن پەرقلەندۇرۇش ئۈچۈندۇر.

## تەپسىرى

شەكسىزكى، ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتىپ، ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان بويىچە، ئاللاھ تائالا ياقتۇرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەر بۇ دۇنيادا ھۇزۇر ۋە كۆڭۈل ئازادىلىكى ئىچىدە ياشايدۇ، ئاخىرەتتە ياخشى ئاقىۋەتكە ئېرىشىدۇ، ئۇلار جەننەتكە كىرىدۇ ۋە جەننەتلەردە مەڭگۈ تۇرىدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئىمان ۋە ياخشى ئەمەللىرى ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ مۇكاپاتىغا لايىق بولغان كىشىلەردۇر. ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە چىن قەلبىدىن ئىمان ئېيتىپ، شۇ ئىمانغا يارىشا ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرنىڭ مۇكاپاتى ئەنە شۇنداق مۇكەممەل بولىدۇ.

«يۇقىرىقى ئايەتنىڭ ئوتتۇرىسىدا كەلگەن: ﴿بىز ھېچكىمگە كۈچى يەتمەيدىغان ئىشنى يۈكلىمەيمىز﴾ دېگەن جۈملە كىشىنى جەننەتكە كىرىشكە لايىق قىلىدىغان ياخشى ئەمەللەرنىڭ قىيىن ئەمەسلىكىگە ۋە ئۇنىڭ ئىنسانىنىڭ تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشلاردىن ئەمەسلىكىگە، بەلكى قەلبىدە ئىمان نۇرى ۋە «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھىدايىتى پارلىغان ھەرقانداق ئادەمگە نىسبەتەن ئاسان ئىشلار ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىش ئۈچۈندۇر. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە ئېغىر دىنىي مەجبۇرىيەتلەرنى بەلگىلىگەن ئەمەس. شۇڭا ئىنسان دىلىدىكى ئىمانىنىڭ تەلىپى بويىچە قولىدىن كەلگەنچە ياخشى ئەمەللەرنى قىلسا، ئاللاھ تائالا توسقان ئىشلاردىن يىراق تۇرسا، ئۇ جەننەتكە كىرىشكە تېگىشلىك بولىدۇ»[1].

چۈنكى، جەننەتكە كىرىشكە لاياقەتلىك بولۇشنىڭ ئەڭ ئالدىدا ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتىش، ئۇنىڭدىن قورقۇش، ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە گۈزەل ئەخلاق دائىرىسىدە مۇئامىلە قىلىش كېلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنى ئەڭ كۆپ جەننەتكە كىرگۈزىدىغان ئەمەل ھەققىدە سورالغاندا: «تَقْوَى اللهِ وَحُسْنُ الْخُلُقِ» يەنى «ئاللاھقا تەقۋالىق قىلىش ۋە گۈزەل ئەخلاقتۇر»[2] دەپ جاۋاب بەرگەن. چۈنكى، تەقۋالىق بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىنى ئادا قىلغىلى بولىدۇ، گۈزەل ئەخلاق بىلەن مەخلۇقاتنىڭ ھەققىنى ئادا قىلغىلى بولىدۇ. مۇھىم بولغىنى ئەمەل-ئىبادەتنى كۆپ قىلىش ئەمەس، بەلكى ئۇنى ياخشى، سۈپەتلىك قىلىش ۋە ئىخلاس بىلەن توغرا يوسۇندا قىلىشتۇر.

[1] التفسير الواضح» 1- توم، 715- بەت.
[2] «سنن الترمذي» 3-توم، 431-بەت، 2004 -ھەدىس.

جەننەتكە كىرگەن كىشىلەردە ئاغرىق-سىلاق تارتىش، راھەتسىزلىنىش، غەم-قايغۇ چېكىش، قورقۇش دېگەنلەرنىڭ ھېچقايسىسى بولمايدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ قەلبىدە ھەسەت، ئاداۋەت، دۈشمەنلىك، ئۆچمەنلىك قاتارلىق ئىللەتلەردىن قايسىسى بولسا، ئۇنى ئېلىپ تاشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار قەلبى پاك، كۆڭلى سۈزۈك بولغان ھالدا جەننەتتە نېمەتلىنىدۇ. جەننەتنىڭ نېمەتلىرى ئەنە شۇنداق بولىدۇ. مېۋىلىرى دائىملىق بولۇپ، دەرەخلىرىنىڭ سايىلىرىمۇ ئادەمگە راھەت بېغىشلاپ تۇرىدۇ. جەننەت ئەھلىنىڭ جەننەتتىكى سارايلىرى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدۇ. ئۇلار ئېقىۋاتقان سۇلارغا قاراپ ھۇزۇرلىنىدۇ، سارايلىرىدا خۇشال-خۇرام، خاتىرجەم ئولتۇرىدۇ.

ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ بۇ كاتتا ئىنئامىغا شۈكۈر قىلغان ھالدا: «بىزنى جەننەتنىڭ يولىغا يېتەكلىگەن ۋە بىزنى جەننەتكە سالاھىيەتلىك قىلىدىغان ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا مۇيەسسەر قىلغان ئاللاھ تائالاغا شۈكرىكى، ئەگەر ئاللاھ تائالا بىزنى ھىدايەت قىلىپ، پەيغەمبەرلەرگە ئەگىشىشكە مۇۋەپپەق قىلمىغان بولسا ئىدى، بىز بۇ ئېسىل نېمەتلەرگە ھەرگىزمۇ ئېرىشەلمىگەن بولاتتۇق ۋە بۇ جەننەتكىمۇ كىرەلمەيتتۇق» دەيدۇ.

ئۇلار ھەممە ئىشنىڭ خۇددى پەيغەمبەرلەر دۇنيادىكى چاغلاردا خەۋەر بەرگەندەك بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: «پەيغەمبەرلەر ھەقىقەتەن راست ئېيتقان ئىكەن. بىز دۇنيادا ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە ئىشەنگەن ئىدۇق. ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ دېگەنلىرىنىڭ ھەممىسى راست چىقتى» دېيىشىدۇ. پەرىشتىلەر ئۇلارنى: ﴿سَلَٰمٌ عَلَيۡكُمۡ طِبۡتُمۡ فَٱدۡخُلُوهَا خَٰلِدِينَ﴾ يەنى ﴿سىلەرگە سالام، خوش كەپسىلەر، جەننەتكە مەڭگۈ تۇرۇش ئۈچۈن كىرىڭلار﴾[1] دەپ قىزغىن قارشى ئالىدۇ ۋە ئۇلارغا دەيدۇكى، بۇ جەننەتلەر سىلەرنىڭ دۇنيادىكى ياخشى ئەمەللىرىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە بېرىلگەن مۇكاپاتتۇر، جەننەتلەردە كەڭتاشا ھۇزۇرلىنىڭلار!

ئايەتتە، جەننەتكە ھەرقانداق ئىنساننىڭ ئۆز ئەمەلى بىلەن كىرىدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلىنغان. بۇ ئومۇمىي پىرىنسىپتۇر. مۇشۇ ئومۇمىي پىرىنسىپ بىلەن بىرلىكتە ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتى، مەغپىرىتى بولمىسا، ئىنسان جەننەتكە كىرەلمەيدۇ. چۈنكى، ئىنساننىڭ ياخشى ئەمەلى قانچىلىك كۆپ ۋە قانچىلىك مۇكەممەل بولۇپ كەتسىمۇ،

---

[1] زۇمەر سۈرىسى: 73-ئايەت.

ئۇنىڭ ئەمەلى جەننەتكە كىرىشكە يەتمەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «لَنْ يُنْجِيَ أَحَدًا مِنْكُمْ عَمَلُهُ» يەنى «سىلەرنىڭ ھېچ بىرىڭلارنى قىلغان ئەمەلى قۇتقۇزالمايدۇ (يەنى دوزاختىن قۇتقۇزۇپ جەننەتكە كىرگۈزەلمەيدۇ)» دېگەندە، ساھابىلەر: «يارەسۇلۇللاھ! سىلىچۇ؟ سىلىمۇ شۇنداقمۇ؟ دەپ سورىشقاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «وَلَا أَنَا ، إِلَّا أَنْ يَتَغَمَّدَنِيَ اللّٰهُ مِنْهُ بِرَحْمَةٍ» يەنى «ئەلۋەتتە مەنمۇ شۇنداق، مەنمۇ ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن پەزل-كەرەمى مېنى قورشىغاندىلا ئاندىن كىرەلەيمەن»[1] دەپ جاۋاب بەرگەن. بۇ ھەدىستىن مەلۇمكى، ئىنسان ئۆز ئەمەلى بىلەنلا جەننەتكە كىرەلمەيدۇ.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالانىڭ دىنىدا ئىنسانلارنىڭ كۈچى يەتمەيدىغان مەجبۇرىيەتلەر يوق. جەننەتكە كىرىشنىڭ يولى تىرىشقان ئادەم ئۈچۈن ناھايىتى ئاساندۇر.

2. ھىدايەت ئاللاھ تائالانىڭ ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ قىممەتلىك نېمىتىدۇر.

3. پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاللاھ تائالادىن ئېلىپ كەلگەن دىنى ۋە بەرگەن خەۋەرلىرى ھەق ۋە راستتۇر.

## ◄ جەننەت ئەھلى بىلەن دوزاخ ئەھلى ئوتتۇرىسىدىكى دىيالوگ

﴿وَنَادَىٰٓ أَصۡحَٰبُ ٱلۡجَنَّةِ أَصۡحَٰبَ ٱلنَّارِ أَن قَدۡ وَجَدۡنَا مَا وَعَدَنَا
رَبُّنَا حَقّٗا فَهَلۡ وَجَدتُّم مَّا وَعَدَ رَبُّكُمۡ حَقّٗاۖ قَالُواْ نَعَمۡۚ فَأَذَّنَ مُؤَذِّنُۢ
بَيۡنَهُمۡ أَن لَّعۡنَةُ ٱللَّهِ عَلَى ٱلظَّٰلِمِينَ ٤٤ ٱلَّذِينَ يَصُدُّونَ عَن سَبِيلِ
ٱللَّهِ وَيَبۡغُونَهَا عِوَجٗا وَهُم بِٱلۡأٓخِرَةِ كَٰفِرُونَ ٤٥ وَبَيۡنَهُمَا حِجَابٞۚ
وَعَلَى ٱلۡأَعۡرَافِ رِجَالٞ يَعۡرِفُونَ كُلَّۢا بِسِيمَىٰهُمۡۚ وَنَادَوۡاْ أَصۡحَٰبَ
ٱلۡجَنَّةِ أَن سَلَٰمٌ عَلَيۡكُمۡۚ لَمۡ يَدۡخُلُوهَا وَهُمۡ يَطۡمَعُونَ ٤٦ ۞ وَإِذَا
صُرِفَتۡ أَبۡصَٰرُهُمۡ تِلۡقَآءَ أَصۡحَٰبِ ٱلنَّارِ قَالُواْ رَبَّنَا لَا تَجۡعَلۡنَا مَعَ

---

[1] «صحيح مسلم» 4-توم، 2169-بەت، 2816-ھەدىس.

ٱلْقَوْمِ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٤٧﴾

### تەرجىمىسى

44-جەننەت ئەھلى دوزاخ ئەھلىگە: «بىز ھەقىقەتەن رەببىمىز بىزگە ۋەدە قىلغان نەرسىلەرگە راستتىنلا ئېرىشتۇق، سىلەرمۇ رەببىڭلار ۋەدە قىلغان نەرسىلەرگە راستتىنلا ئېرىشتىڭلارمۇ؟» دەپ توۋلايدۇ. ئۇلار: «ھەئە» دەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر جاكارچى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا (مۇنداق دەپ) جاكارلايدۇ: «ئاللاھنىڭ لەنىتى زالىملارغا بولسۇن!

45-ئۇلار كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ داغدام يولىدىن توسىدىغان، ئۇنىڭ ئەگرى بولۇشىنى تىلەيدىغان ۋە ئاخىرەتنى ئىنكار قىلىدىغان كىشىلەردۇر».

46-ئۇلارنىڭ (يەنى جەننەت ئەھلى بىلەن دوزاخ ئەھلىنىڭ) ئارىسىدا بىر سېپىل بولىدۇ [1]. ئەئرافتا (يەنى سېپىلنىڭ ئۈستىدە) ئۇلارنىڭ ھەربىرىنى سىماسىدىن تونۇيدىغان ئادەملەر بولۇپ، ئۇلار جەننەت ئەھلىگە: «سىلەرگە ئامانلىق تىلەيمىز» دەپ توۋلايدۇ. ئۇلار جەننەتكە كىرمىگەن، (ئەمما) كىرىش ئۈمىدىدە تۇرغانلاردۇر.

47-ئۇلارنىڭ كۆزلىرى دوزاخ ئەھلى تەرەپكە بۇرۇلغاندا: «ئى رەببىمىز! بىزنى بۇ زالىم قەۋم بىلەن بىللە قىلمىغىن» دەيدۇ.

### تەپسىرى

قىيامەت كۈنى جەننەت ئەھلى بىلەن دوزاخ ئەھلىدىن ئىبارەت ئىككى پىرقە ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتىدىغان دىيالوگنى «قۇرئان كەرىم» بىزگە ئەينەن بايان قىلىپ بەرمەكتە. بۇ ھەقىقەتنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ۋە كۇفرىنىڭ خەتىرىنى، ئىماننىڭ پايدىسىنى، شۇنداقلا ھەر ئىككىسىنىڭ ئاقىۋىتىنى بايان قىلىش ئۈچۈندۇر.

ھازىرقى دەۋرىمىزدە بارلىققا كەلگەن ئىلىم-پەن تەرەققىياتى جەننەت

[1] ئايەتتىكى ﴿حجاب﴾ دېگەن سۆز توسۇق، پەردە دېگەن مەنىدە بولۇپ، تەپسىرى ئىبنى كەسىر، تەپسىرى تەبەرى، تەپسىرى قۇرتۇبى، تەپسىرى بەغەۋى قاتارلىق بەزى تەپسىرلەردە، ﴿حجاب﴾ دېگەن سۆز «سېپىل» دەپ تەپسىر قىلىنغان. بۇنى ھەدىد سۈرىسىدىكى ﴿شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىغا بىر سېپىل سوقۇلىدۇ، سېپىلنىڭ دەرۋازىسى بولىدۇ، دەرۋازىنىڭ ئىچى تەرىپىدە رەھمەت، تېشىدا ئازاب بولىدۇ﴾ دېگەن ئايەت كۈچلەندۈرىدۇ. (ھەدىد سۈرىسى : 13-ئايەت).

ئەھلى بىلەن دوزاخ ئەھلى بىر-بىرىدىن يىراقتا تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ بىر-بىرىنىڭ سۆزلىرىنى قانداق ئاڭلايدىغانلىقى ۋە بىر-بىرىنى قانداق كۆرەلەيدىغانلىقى توغرۇلۇق سوئال سوراشتىن بىزنى بىھاجەت قىلىدۇ.

جەننەت ئەھلى بولغانلار دوزاخ ئەھلىنى چاقىرىپ ئۇلارغا: «ئى دوزاخ ئەھلى بولغان كاپىرلار! ئى ھاياتىنى گۇناھ-مەئسىيەت بىلەن، ھەقىقەتكە قارشى چىقىش ۋە ئازغۇنلۇق بىلەن ئۆتكۈزگەن ئاسىيلار! بىز رەببىمىز بىزگە ۋەدە قىلغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئېرىشتۇق، بۇ ۋەدىنىڭ راست ئىكەنلىكىنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆردۇق. دۇنيادا رەببىمىزنىڭ ئەلچىلىرى بولغان پەيغەمبەرلەر راستتىنلا ھەقىقەتنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى، رەببىمىز ۋەدىسىدە ھەقىقەتەن راستچىل ئىدى، مانا ئەمدى ئۇ ۋەدىنىڭ راستلىقىنى ئەمەلىيەتتە بىزگە كۆرسەتتى، ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇردى. سىلەرمۇ رەببىڭلار ۋەدە قىلغان نەرسىگە ئېرىشتىڭلارمۇ؟ سىلەرنى ئاگاھلاندۇرغان ئازاب-ئوقۇبەتنىڭ راست ئىكەنلىكىنى بىلدىڭلارمۇ؟ ئۇنى تېتىدىڭلارمۇ؟ رەببىڭلار راست ئېيتقانمىكەن؟» دەيدۇ. دوزاخ ئەھلى: «ھەئە، رەببىمىزنىڭ كاپىرلارنى ئاگاھلاندۇرغان ئازابى راست ئىكەن» دەيدۇ.

ئاندىن بىر جاكارچى ئاۋازىنى جەننەت ئەھلى بىلەن دوزاخ ئەھلىدىن ئىبارەت ھەر ئىككى پىرقىگە ئاڭلىتىپ دەيدۇكى، كۇفرىلىقنى تاللاش ئارقىلىق ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان بۇ زالىملارغا لەنەت بولسۇن! ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىدىن مەڭگۈگە يىراق بولسۇن! چۈنكى ئۇلار دۇنيادىكى چاغلىرىدا ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا قارشى چىققىدىغان، كىشىلەرنى ئۇنىڭدىن توسىدىغان، ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنىڭ قىڭغىر بولۇشىنى، كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنىشىنى ۋە يىراق تۇرۇشىنى تىلەيدىغان ئازغۇن كىشىلەر ئىدى. ئۇلار ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمەيتتى.

جەننەت ئەھلى بىلەن دوزاخ ئەھلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىشىكى بار بىر سېپىل بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە رەھمەت، تېشىدا ئازاب بولىدۇ. ﴿فَضُرِبَ بَيۡنَهُم بِسُورٖ لَّهُۥ بَابُۢ بَاطِنُهُۥ فِيهِ ٱلرَّحۡمَةُ وَظَٰهِرُهُۥ مِن قِبَلِهِ ٱلۡعَذَابُ﴾ يەنى ﴿شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىغا بىر سېپىل سوقۇلىدۇ، سېپىلنىڭ دەرۋازىسى بولىدۇ، دەرۋازىنىڭ ئىچى تەرىپىدە (مۇئمىنلەر بار تەرەپتە) رەھمەت، تېشىدا (مۇناپىقلار بار تەرەپتە) ئازاب بولىدۇ﴾[1].

---

[1] ھەدىد سۈرىسى: 13-ئايەت.

بۇ سىپىلنىڭ ئۈستىدە جەننەت ئەھلى بىلەن دوزاخ ئەھلىنى كۆرۈپ تۇرىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ ھەربىرىنى سىماسىدىن تونۇيدىغان ئادەملەر بولىدۇ. ﴿وُجُوهٌ يَوۡمَئِذٖ مُّسۡفِرَةٞ ٣٨ ضَاحِكَةٞ مُّسۡتَبۡشِرَةٞ ٣٩ وَوُجُوهٞ يَوۡمَئِذٍ عَلَيۡهَا غَبَرَةٞ ٤٠ تَرۡهَقُهَا قَتَرَةٌ ٤١ أُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلۡكَفَرَةُ ٱلۡفَجَرَةُ﴾ يەنى ﴿ئۇ كۈندە نۇرغۇن يۈزلەردىن نۇر، كۈلكە ۋە خۇشال-خۇراملىق يېغىپ تۇرىدۇ. يەنە بۇ كۈندە نۇرغۇن يۈزلەر چاڭ-توزان بېسىپ، قارىداپ كەتكەن بولىدۇ. ئەنە شۇلار كاپىرلاردۇر، گۇناھكارلاردۇر﴾[1]. سىپىلنىڭ ئۈستىدىكىلەر دۇنيادا ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىگە ئىمان ئېيتقان كىشىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ جەننەتكە كىرىشىگە بەزى گۇناھلىرى توسقۇن بولغان، دوزاخقا كىرىشىدىن بەزى ياخشى ئەمەللىرى توسۇپ قالغان (يەنى ساۋابى بىلەن گۇناھى تەڭ بولۇپ قالغان، شۇڭا جەننەتكىمۇ كىرەلمىگەن، دوزاخقىمۇ كىرمىگەن)، پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ بىر تەرەپ قىلىشىنى كۈتۈپ، جەننەتنى ئۈمىد قىلىپ، دوزاختا تاشلىنىشتىن قورقۇپ تۇرغان كىشىلەر-دۇر. ئۇلار ئايەتتە ﴿أَصۡحَٰبُ ٱلۡأَعۡرَافِ﴾ يەنى ﴿سىپىل ئۈستىدىكىلەر﴾ دەپ تەبىرلەنگەن. بۇ سۈرىنىڭ ئىسمىمۇ «ئەئراف» دەپ ئاتالغان.

سىپىل ئۈستىدىكى بۇ ئادەملەر جەننەت ئەھلى بولغانلارنى چاقىرىپ، ئۇلارغا: «سىلەرگە ئامانلىق تىلەيمىز» دەپ توۋلايدۇ. يەنى ئاللاھنىڭ ئامانلىقى بولسۇن، خۇش كەلدىڭلار، ياخشى ئەمەل قىلغۇچىلارنىڭ مۇكاپاتى نېمىدېگەن ياخشى! دەيدۇ. بۇ ئادەملەرنىڭ نەزىرى جەننەت ئەھلىدىن بۇرۇلۇپ ئىختىيارسىز دوزاخ ئەھلىگە چۈشكەندە: ﴿ئى رەببىمىز! بىزنى زالىم قەۋم بىلەن بىللە قىلمىغىن﴾ دەپ تىلەيدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاخىرەتتە مۇئمىنلەرمۇ، كاپىرلارمۇ ئاللاھ تائالانىڭ بۇ دۇنيادا پەيغەمبەرلىرى ئارقىلىق قىلغان ۋەدىسىنىڭ راستلىقىنى بىلىدۇ ۋە ھەربىر پىرقە ئۆزىگە تېگىشلىك بولغان مۇكاپات ياكى جازانى كۆرىدۇ.

2. دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى بەختسىزلىكنىڭ ئەڭ ئاساسلىق سەۋەبى كۇفرىلىق ۋە ناشۈكۈرلۈكتۇر.

3. دوزاخقا كىرمىگەنلەر ئىچىدىن جەننەتكە ئەڭ ئاخىر كىرىدىغانلار ساۋابى بىلەن گۇناھى تەڭ بولۇپ قالغانلاردۇر. ئۇلار جەننەتكە ئاللاھ

---

[1] ئەبەسە سۈرىسى: 38- 42- ئايەتلەر.

تائالانىڭ رەھمىتى ۋە پەزلى بىلەن كىرىدۇ.

### ◄ سىپىل ئۈستىدىكىلەر بىلەن دوزاخ ئەھلى ئوتتۇرىسىدا دىيالوگ

﴿وَنَادَىٰٓ أَصۡحَٰبُ ٱلۡأَعۡرَافِ رِجَالٗا يَعۡرِفُونَهُم بِسِيمَىٰهُمۡ قَالُواْ مَآ أَغۡنَىٰ عَنكُمۡ جَمۡعُكُمۡ وَمَا كُنتُمۡ تَسۡتَكۡبِرُونَ ﴿٤٨﴾ أَهَٰٓؤُلَآءِ ٱلَّذِينَ أَقۡسَمۡتُمۡ لَا يَنَالُهُمُ ٱللَّهُ بِرَحۡمَةٍۚ ٱدۡخُلُواْ ٱلۡجَنَّةَ لَا خَوۡفٌ عَلَيۡكُمۡ وَلَآ أَنتُمۡ تَحۡزَنُونَ ﴿٤٩﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

48ـ سىپىل ئۈستىدىكىلەر سىماسىدىن تونۇيدىغان (دوزىخي) ئادەملەرگە: «توپلىغان (پۇل ـ مال، بالىچاقا، قورال ـ ياراق، ئەسكەر، ئەگەشكۈچى قاتارلىق) نەرسىلىرىڭلار ۋە تەكەببۇرلۇقۇڭلار نېمىگە ئەسقاتتى؟

49ـ سىلەر ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ، دەپ قەسەم قىلغان كىشىلەر مۇشۇلارمۇ؟» دەپ (مۆئمىنلەرنىڭ پېقىرلىرىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ) تولايدۇ، (ئاندىن سىپىل ئۈستىدىكىلەرگە) «جەننەتكە كىرىڭلار، سىلەرگە قورقۇنچ ۋە غەم ـ قايغۇ يوقتۇر» (دېيىلىدۇ).

### ◄ تەپسىرى

بۇمۇ قىيامەتنىڭ كۆرۈنۈشلىرىدىن يەنە بىر كۆرۈنۈش بولۇپ، بۇ ئايەتلەردە، دۇنيا ھاياتىدا ئېگە قىلىنغان نېمەتلەر بىلەن مەغرۇرلىنىپ ھەددىدىن ئاشقان كاپىرلارغا يۈزلىنىدىغان كايىش، ئاچچىق سوئال قىلىش ۋە مەنىۋى ئازابلاش قاتارلىقلار بايان قىلىنغان.

سىپىل ئۈستىدىكىلەر سىماسىدىن ـ يۈزىنىڭ قارىيىپ كەتكەنلىكى، چاك ـ تۇزان بېسىپ كەتكەنلىكى ۋە دۇنيادىكى ئەھۋالىدىن ـ ئۆزلىرى تونۇيدىغان دوزىخي ئادەملەرگە قاراپ: ئى گۇناھكارلار! سىلەرنىڭ دۇنيادا ئاچكۆزلۈك بىلەن توپلىغان پۇل ـ مال، كۈچ ـ قۇۋۋەت ۋە قورال ـ ياراق قاتارلىق نەرسىلىرىڭلار، مۇسۇلمانلاردىن بولغان پېقىر، بىچارىلەرگە چوڭلۇق قىلغىنىڭلار ئەمدى نېمىگە ئەسقاتتى؟ دۇنيادا سىلەر ئىشەنچ باغلىغان ۋە سىلەرنى مەغرۇرلاندۇرغان نەرسىلىرىڭلار بۈگۈن سىلەرنى ئازابتىن توسۇپ قالالىدىمۇ؟ دەپ كايىيدۇ. ئاندىن ھەزرىتى بىلال ۋە ھەزرىتى

ياسىرىنىڭ ئائىلىسىگە ئوخشاش دۇنيادا ئېزىلگەن، بوزەك قىلىنغان مۇسۇلمانلارنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: دۇنيادا سىلەرگە ئوخشاش مال-دۇنياغا ئىگە بولمىغانلىقى ئۈچۈن، سىلەر «ئەگەر ئۇلار ياخشى يولدا بولغان بولسا، ئۇلارمۇ بىزگە ئوخشاش كۆپ مال-دۇنياغا ئېرىشكەن بولاتتى» دەپ، ئۇلارنىڭ ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشەلمەيدىغانلىقىغا قەسەم قىلغان كىشىلەر مۇشۇلارمۇ؟ دەپ تۇۋلايدۇ ۋە ئۇلارنىڭ جەننەتتە نېمەتلىنىۋاتقانلىقىنى، كاپىرلارنىڭ بولسا، ئازاب چېكىۋاتقانلىقىنى ئىشارەت بىلەن كۆرسىتىپ قويىدۇ.

يۇقىرىقى دىيالوگلاردىن كېيىن سېپىل ئۈستىدىكىلەرگە: ﴿جەننەتكە كىرىڭلار، سىلەرگە قورقۇنچ ۋە غەم-قايغۇ يوقتۇر﴾ دېيىلىدۇ. بۇ ئايەت ھەرقانداق ئىنساننىڭ ئۆزىنىڭ ئەمەلىگە يارىشا جازا ياكى مۇكاپات ئالىدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلىدۇ. ئەمما جەننەتكە بىرىنچى بولۇپ كىرىدىغانلار بىلەن گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن توختىتىپ قويۇلۇپ، ئاندىن ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتى بىلەن كىرىدىغانلار پەرقلىقتۇر. دېمەك، بۇ ئايەتتە جەننەتكە كىرىدىغانلار، دوزاخقا كىرىدىغانلار ۋە جەننەتكە ئەڭ ئاخىرىدا كىرىدىغان سېپىل ئۈستىدىكىلەردىن ئىبارەت ئۈچ خىل كىشىلەرنىڭ ئەھۋالى تەسۋىرلەنگەن.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. كاپىر پېتى ئۆلگەن ئادەم ئۈچۈن ئاخىرەتتە ھېچكىم شاپائەت قىلالمايدۇ. ئەمما مۇئمىنلەردىن بولغان ئاسىي-گۇناھكار كىشىلەر شاپائەت بىلەن جەننەتكە كىرەلەيدۇ.

2. بۇ دۇنيادا كاپىرلارنىڭ كۆزىدە تۆۋەن سانالغان ئاجىز، كەمبەغەل مۇسۇلمانلار ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا قىممەتلىكتۇر.

3. دۇنيانىڭ ۋاقىتلىق نېمەتلىرىگە ئالدىنىپ، ئاخىرەتلىكىنى ئۇنتۇ-غانلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر.

### ◄ قىيامەتنىڭ كۆرۈنۈشلىرىدىن بىر كۆرۈنۈش

﴿وَنَادَىٰٓ أَصۡحَٰبُ ٱلنَّارِ أَصۡحَٰبَ ٱلۡجَنَّةِ أَنۡ أَفِيضُواْ عَلَيۡنَا مِنَ ٱلۡمَآءِ أَوۡ مِمَّا رَزَقَكُمُ ٱللَّهُۚ قَالُوٓاْ إِنَّ ٱللَّهَ حَرَّمَهُمَا عَلَى ٱلۡكَٰفِرِينَ

﴿٥٠﴾ ٱلَّذِينَ ٱتَّخَذُوا۟ دِينَهُمْ لَهْوًا وَلَعِبًا وَغَرَّتْهُمُ ٱلْحَيَوٰةُ ٱلدُّنْيَا ۚ فَٱلْيَوْمَ
نَنسَىٰهُمْ كَمَا نَسُوا۟ لِقَآءَ يَوْمِهِمْ هَـٰذَا وَمَا كَانُوا۟ بِـَٔايَـٰتِنَا يَجْحَدُونَ ﴿٥١﴾

## ◄ تەرجىمىسى

50ـ دوزاخ ئەھلى جەننەت ئەھلىگە: «سۇدىن ياكى ئاللاھ سىلەرگە ئاتا قىلغان نەرسىلەردىن بىزگىمۇ بىرئاز قۇيۇپ بەرسەڭلار!» دەپ توۋلايدۇ، جەننەت ئەھلى ئۇلارغا (جاۋابەن): «ئاللاھ ئۇ نەرسىلەرنى كاپىرلارغا هارام قىلغان» دەيدۇ.

51ـ ئۇلار دىنىنى مەسخىرە ۋە ئويۇن ـ تاماشا قىلىۋالغان ۋە دۇنيا ھاياتى ئۇلارنى ئالداپ قويغان كىشىلەردۇر. ئۇلارنىڭ بۈگۈنكى كۈندىكى ئۇچرىشىشنى ئۇنتۇپ، ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلىقىغا ئوخشاش، بىزمۇ بۈگۈن ئۇلارنى ئۇنتۇيمىز (ئازابتا تاشلاپ قويىمىز).

## ◄ تەپسىرى

بۇ ئايەتلەر قىيامەت كۈنىدىكى ئەھۋاللاردىن بىر كۆرۈنۈشنى بايان قىلغان بولۇپ، جەننەتكە لايىق بولغان ياخشى كىشىلەر جەننەتكە كىرىپ بولغان، دوزاخقا كىرىدىغان ئاسىي ـ گۇناھكارلار دوزاخقا كىرىپ بولغاندىن كېيىن، يا جەننەتكە ياكى دوزاخقا مەنسۇپ بولماي، ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قالغان سېپىل ئۈستىدىكى كىشىلەرنىڭمۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن جەننەتكە كىرگەنلىكىنى كۆرگەن دوزاخ ئەھلى ئۆزلىرىنىڭمۇ جەننەتكە كىرىشىدىن ئۈمىدلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار جەننەتكە كىرگەن تۇغقانلىرىدىن ياردەم سوراشقا باشلايدۇ. ئۇلاردىن ھەربىرى ئۆزىنىڭ يېقىنلىرىغا يالۋۇرۇپ: ﴿سۇدىن ياكى ئاللاھ سىلەرگە ئاتا قىلغان نەرسىلەردىن بىزگىمۇ بىرئاز قۇيۇپ بەرسەڭلار!﴾ دەپ توۋلايدۇ. ئاندىن جەننەت ئەھلى ئۇلارغا: ﴿ئاللاھ ئۇ نەرسىلەرنى كاپىرلارغا ھارام قىلغان﴾ دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

دوزاخ ئەھلى ئۆزلىرىنىڭ بۇ تەلىپىنىڭ قوبۇل قىلىنمايدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، يەنە تەلەپ قىلىپ باقىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ دوزاخنىڭ قاتتىق ھارارىتىدە بىر يۇتۇم سۇغا قانچىلىك زور ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقانلىقىنىڭ بىر ئىپادىسى ئىدى. چۈنكى، بىر نەرسىگە قاتتىق موھتاج بولغان ئادەم ئۇنىڭغا ئېرىشىش ـ ئېرىشەلمەسلىكى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايلا

ئۇ نەرسىنى تەلەپ قىلىدۇ ۋە ئارزۇ قىلىدۇ.

ئاشۇ كاپىرلارغا ئاللاھ تائالا جەننەتنىڭ نېمەتلىرىنى خۇددى ئۇلارغا جەننەتكە كىرىشنى هارام قىلغاندەك هارام قىلدى. چۈنكى، ئۇلار دۇنيادىكى چاغلىرىدا دىننى ئويۇن-تاماشا ئورنىدا كۆرەتتى، ئۇنىڭغا ئىشەنمەيتتى، دىنغا دەۋەت قىلغانلارنى مەسخىرە قىلاتتى. ئۇلار ئۆزلىرى ئۈچۈن قىلچە پايدىسى بولمايدىغان ياكى ئۇلارنىڭ ئەخلاقىنى ئىسلاھ قىلالمايدىغان، بەلكى تېخىمۇ بۇزىدىغان، ئۇلارنى پايدىلىق ئەمەللەردىن توسۇپ قويىدىغان ئىشلارنى دىن ساناپ خۇراپاتقا ئىشەنگەن، قىسقىغىنە دۇنيا هاياتىغا ئالدىنىپ ئاخىرەتتىن غەم يېمىگەنلەردۇر.

﴿ٱلَّذِينَ ٱتَّخَذُواْ دِينَهُمۡ لَهۡوٗا وَلَعِبٗا﴾ دېگەن ئايەتنىڭ تەپسىرىدە ئەللامە ئىبنى جەرىر تەبەرىي مۇنداق دېگەن: «چۈنكى ئۇ كاپىرلار ئۆزلىرىنى دىنغا دەۋەت قىلغان كىشىلەرنى مەسخىرە قىلاتتى، ئۆزلىرىنىڭ قانچىلىك ئالدىنىپ قالغانلىقىنى هېس قىلمايتتى»[1]. ئەللامە ئىبنى كەسىر مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە كاپىرلارنىڭ دۇنيا مەنپەئەتلىرىگە ئالدىنىپ، هەممە ياخشىلىقنى دۇنيالىقتىنلا ئىزدىگەنلىكىنى، دىنىنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىغا قىلچە كۆڭۈل بۆلمەستىن، ئۇنى پەقەتلا ئويۇن-تاماشا ئورنىدا كۆرگەنلىكىنى، شۇڭا ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن ياخشى ئەمەللەرنى قىلمىغانلىقىنى بايان قىلغان»[2].

ئەمما جەننەت ئەهلى بولغانلارغا كەلسەك، ئۇلار دۇنيادا ئۆزلىرىگە پايدىلىق ئىشلارنى قىلغان، ئەخلاقىنى ئىسلاھ قىلىدىغان، نەپسىنى پاكلايدىغان، روهىنى يۈكسەلدۈرىدىغان ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەردۇر. ئۇلار راستتىنلا بۇ يولدا كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن. شۇڭا ئۇلارنىڭ تىرىشچانلىقى ئاللاھ تائالانى مەمنۇن قىلغان ۋە رازى قىلغان. نەتىجىدە، ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ مەڭگۈلۈك جەننىتىگە ۋە رازىلىقىغا نائىل بولغان.

بۈگۈن بىز كاپىرلارغا ئۇنتۇپ قالغاندەك ۋە چاقىرسا جاۋاپ بەر-مىگەندەك مۇئامىلە قىلىمىز. يەنى ئۇلارنى ئازابقا تاشلاپ قويىمىز ۋە ئازاب ئىچىدە خۇددى ئۇنتۇلۇپ قالغان ئادەملەردەك تاشلاپ قويىمىز. چۈنكى، ئۇلار دۇنيادىكى چاغلىرىدا بۈگۈنكى ئۈچرىشىشنى ئۇنتۇغان، بىزنىڭ ئالدىمىزغا كېلىدىغانلىقىغا ئىشەنمىگەن، بىزنىڭ ئايەت-

---

[1] «تفسير الطبري» 12-توم، 475-بەت.

[2] «تفسير ابن كثير» 3-توم، 424-بەت.

لىرىمىزنى ئىنكار قىلغان ئىدى.

## مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ھەق دىنىنى كۆزگە ئىلماسلىق ۋە ئۇنىڭغا دەۋەت قىلغۇچىلارنى مەسخىرە قىلىش ئوپئوچۇق كاپىرلىقتۇر.

2. بۇ دۇنيا ئاخىرەتنىڭ ئېكىنزارلىقى بولۇپ، ئاخىرەتلىكنى ئۇنتۇغانلار ئاخىرەتتە قۇرۇق قول قالغۇچىلاردۇر.

## كاپىرلارنىڭ جازاسى ۋە ئارمانلىرى

﴿وَلَقَدْ جِئْنَٰهُم بِكِتَٰبٍ فَصَّلْنَٰهُ عَلَىٰ عِلْمٍ هُدًى وَرَحْمَةً لِّقَوْمٍ يُؤْمِنُونَ ﴿٥٢﴾ هَلْ يَنظُرُونَ إِلَّا تَأْوِيلَهُۥ ۚ يَوْمَ يَأْتِى تَأْوِيلُهُۥ يَقُولُ ٱلَّذِينَ نَسُوهُ مِن قَبْلُ قَدْ جَآءَتْ رُسُلُ رَبِّنَا بِٱلْحَقِّ فَهَل لَّنَا مِن شُفَعَآءَ فَيَشْفَعُوا۟ لَنَآ أَوْ نُرَدُّ فَنَعْمَلَ غَيْرَ ٱلَّذِى كُنَّا نَعْمَلُ ۚ قَدْ خَسِرُوٓا۟ أَنفُسَهُمْ وَضَلَّ عَنْهُم مَّا كَانُوا۟ يَفْتَرُونَ ﴿٥٣﴾﴾

## تەرجىمىسى

52-بىز ھەقىقەتەن ئىلىم -ھېكمەت ئاساسىدا تەپسىلىي بايان قىلغان، ئىمان ئېيتىدىغان قەۋمگە ھىدايەت ۋە رەھمەت بولغان كىتاب (قۇرئان)نى ئۇلارغا ئېلىپ كەلدۇق.

53-ئۇلار پەقەت ئۇ (كىتابتىكى ئاگاھلاندۇرۇشلار)نىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنى كۈتىدۇ، ئۇ ئەمەلگە ئاشقان (قىيامەت) كۈنى، ئىلگىرى بۇ كىتابقا ئەمەل قىلمىغانلار: «رەببىمىزنىڭ ئەلچىلىرى (بىزگە) راستىنلا ھەقىقەتنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى (بىز ئۇلارغا ئىمان ئېيتماپتۇق، ئەمدى بۈگۈن) بىزگە شاپائەت قىلىدىغان شاپائەتچىلەر بارمىدۇ؟ ياكى بۇرۇن قىلغانلىرىمىزغا ئوخشىمايدىغان (ياخشى) ئەمەللەرنى قىلىشىمىز ئۈچۈن دۇنياغا قايتۇرۇلساق بولامدىغاندۇ؟» دەيدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنى ھەقىقەتەن زىيانغا ئۇچرىتىدۇ ۋە ئويدۇرۇپ چىققان نەرسىلىرىنى (يەنى شاپائەتچىلىرىنى) يېنىدا تاپالمايدۇ.

## تەپسىرى

ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ كاتتىلىقى ۋە ئۇلۇغلۇقى بىلەن قەسەم قىلىپ دەيدۇكى، بىز مەككىلىكلەرگە ئىنسانلارنىڭ تىلى تولۇق سۈپەتلەشكە ئاجىز كېلىدىغان، ھەر تەرەپتىن مۇكەممەل، ئۇلۇغ كىتاب ـ «قۇرئان كەرىم»نى ئاتا قىلدۇق. بۇ كىتابتا ئىلىم-ھېكمەت، ۋەز-نەسىھەت، قىسسە، ئەھكام، مۇئمىنلەرگە قىلىنغان ۋەدە، كاپىرلارغا بېرىلگەن ئاگاھلاندۇرۇش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ناھايىتى تەپسىلىي ۋە ئوچۇق بايان قىلدۇق. ﴿كِتَٰبٌ أُحۡكِمَتۡ ءَايَٰتُهُۥ ثُمَّ فُصِّلَتۡ مِن لَّدُنۡ حَكِيمٍ خَبِيرٍ﴾ يەنى ﴿بۇ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، ھەممىدىن خەۋەردار ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان، ئايەتلىرى (ھەر تەرەپتىن) پۇختا بېكىتىلگەن، ئاندىن (ئەھكاملىرى) تەپسىلىي بايان قىلىنغان كىتابتۇر﴾[1].

«قۇرئان كەرىم» دىنىنىڭ ئاساسلىرىنى ۋە ئۇنىڭ قائىدە-پىرىنسىپلىرىنى ئوچۇقلىمىدىمۇ؟ ئىسلام ئۇممىتى ئۈچۈن سىياسىي، ئىقتىسادىي، دىنىي، ئىجتىمائىي ھەممە ساھەدە يول خەرىتىسى سىزىپ بەرمىدىمۇ؟ تەپەككۇر قىلىشقا بۇيرۇپ، تەقلىدچىلىكتىن توسمىدىمۇ؟

ھەقىقەتەن «قۇرئان كەرىم»دىن ئىبارەت بۇ ساماۋى كىتاب كائىناتنىڭ سىرلىرىنى، ئىنسانلارنىڭ خاراكتېرىنى تولۇق بىلىدىغان، بارلىق ئالەملەرنى يوقتىن ياراتقان زات ـ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئايەتلىرى تەپسىلىي ۋە ئوچۇق بايان قىلىپ بېرىلگەن مۇكەممەل كىتابتۇر. ئۇ پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈن ھىدايەت يېتەكچىسى، مۇئمىنلەر ئۈچۈن ۋەز-نەسىھەت ۋە رەھمەتتۇر.

كاپىرلار بۇ كىتابنىڭ مۆجىزىلىرىگە، ۋەدىلىرىگە ۋە ئاگاھلاندۇرۇشلىرىغا ئىبرەت نەزىرى بىلەن قاراپ باقمامدۇ؟ ﴿سَنُرِيهِمۡ ءَايَٰتِنَا فِي ٱلۡأٓفَاقِ وَفِيٓ أَنفُسِهِمۡ حَتَّىٰ يَتَبَيَّنَ لَهُمۡ أَنَّهُ ٱلۡحَقُّۗ أَوَلَمۡ يَكۡفِ بِرَبِّكَ أَنَّهُۥ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ شَهِيدٌ﴾ يەنى ﴿ئۇلارغا قۇرئاننىڭ ھەق ئىكەنلىكى ئېنىق بولغانغا قەدەر، بىز ئۇلارغا ئۇپۇقلاردىكى ۋە ئۆزلىرىدىكى (قۇدرىتىمىزگە دالالەت قىلىدىغان) ئالامەتلەرنى كۆرسىتىپ تۇرىمىز﴾[2].

ئەمما «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھىدايەت مەنبەسى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇغان، ئۇنىڭ ھىدايىتى بىلەن يول تېپىشنى خالىمىغان كاپىرلار قىيامەت كۈنى

---

[1] ھۇد سۈرىسى: 1-ئايەت.

[2] فۇسسىلەت سۈرىسى: 53-ئايەت.

ئۇنىڭ خەۋەرلىرىنىڭ راستلىقى ئوتتۇرىغا چىققاندا: «ۋاي ئىست! راستتىنلا بىزگە رەببىمىزنىڭ ئەلچىلىرى كېلىپ، بىزنى ھەق دىنغا دەۋەت قىلغان ئىدى، ئۇلار ھەقىقەتەن راست سۆزلىگەن ئىكەن. بىز بولساق ئۇلارنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلماي، ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز زۇلۇم قىپتۇق» دەپ، ئۆز گۇناھلىرىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. ئۇلار يا شاپائەت قىلغۇچىلارنىڭ شاپائىتىگە ئېرىشىش ياكى دۇنياغا قايتۇرۇلۇشتىن ئىبارەت ئىككى ئىشنىڭ بىرىنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىدۇ. ھالبۇكى، ئۇلار دۇنياغا قايتۇرۇلسا، بۇرۇنقى يامان ئەمەللىرىنىڭ ئەكسىچە، ياخشى ئەمەللەرنى قىلماقچى بولىدۇ. ئەمما بۇ مۇمكىن ئەمەس!

ئۇلار ئۆزلىرىنى ئەڭ چوڭ ۋە مەڭگۈلۈك زىيانغا ئۇچراتقانلاردۇر. چۈنكى، ئۇلار ئازغۇنلۇقنى ھىدايەتكە، دۇنيالىقنى ئاخىرەتلىككە تېگىشكەن ئەخمەقلەردۇر. بۇنىڭدىنمۇ چوڭ زىيان بارمۇ؟ ئۇلار ھەممىدە زىيان تارتتى، ئۇلارنىڭ دۇنيادا «شاپائەتچىلىرىمىز» دەپ ئىشەنگەن كىشىلىرى، ئاللاھنى قويۇپ «مەدەتكارلىرىمىز» دەپ ئەقىدە قىلغان مەبۇدلىرى ئۇلارنىڭ بېشىغا كۈن كەلگەندە، ئۇلارنى يېنىدا تاپالمىدى، ئۇلارغا قىلچە ئەسقاتمىدى.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. بۇرۇن ئىمان ئېيتماي، ئۆلۈم كەلگەندە ئىمان ئېيتقانلارنىڭ ئىمانى قوبۇل بولمايدۇ.

2. بۇ دۇنيادا ۋەز-نەسىھەتكە قۇلاق سالماي، ئاخىرەتكە ئىشەنمىگەن ۋە تەييارلىقسىز بارغانلار، خۇسۇسەن كاپىرلار ئۆزلىرىنىڭ دۇنيا ھاياتىغا قايتۇرۇلۇشىنى، دۇنيادا ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشنى ئارزۇ قىلىپ باقىدۇ.

### ◄ ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكى ۋە دۇئانىڭ ئەدەبلىرى

﴿إِنَّ رَبَّكُمُ ٱللَّهُ ٱلَّذِى خَلَقَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضَ فِى سِتَّةِ أَيَّامٍ ثُمَّ
ٱسْتَوَىٰ عَلَى ٱلْعَرْشِ يُغْشِى ٱلَّيْلَ ٱلنَّهَارَ يَطْلُبُهُۥ حَثِيثًا وَٱلشَّمْسَ
وَٱلْقَمَرَ وَٱلنُّجُومَ مُسَخَّرَٰتٍۭ بِأَمْرِهِۦٓ أَلَا لَهُ ٱلْخَلْقُ وَٱلْأَمْرُ تَبَارَكَ
ٱللَّهُ رَبُّ ٱلْعَٰلَمِينَ ﴿٥٤﴾ ٱدْعُوا۟ رَبَّكُمْ تَضَرُّعًا وَخُفْيَةً إِنَّهُۥ لَا يُحِبُّ

ٱلۡمُعۡتَدِينَ ﴿٥٥﴾ وَلَا تُفۡسِدُواْ فِي ٱلۡأَرۡضِ بَعۡدَ إِصۡلَٰحِهَا وَٱدۡعُوهُ خَوۡفٗا وَطَمَعًاۚ إِنَّ رَحۡمَتَ ٱللَّهِ قَرِيبٞ مِّنَ ٱلۡمُحۡسِنِينَ ﴿٥٦﴾

**تەرجىمىسى**

54ـ شۈبھىسىزكى، سىلەرنىڭ رەببىڭلار ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئالتە كۈندە ياراتقان، ئاندىن ئەرشىنىڭ ئۈستىگە (ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە) ئۆرلىگەن، كېچە بىلەن كۈندۈزنى يېپىپ، بىر-بىرىنى قوغلىشىدىغان، قۇياش، ئاي ۋە يۇلتۇزلارنى ئۆزىنىڭ ئەمرىگە بويسۇندۇرىدىغان قىلىپ ياراتقان ئاللاھتۇر. بىلىڭلاركى، يارىتىش ۋە ئەمر قىلىش ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر. ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھنىڭ بەرىكىتى بۈيۈكتۇر.

55ـ رەببىڭلارغا يالۋۇرۇپ تۇرۇپ پەس ئاۋازدا دۇئا قىلىڭلار. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكەنلەرنى ياخشى كۆرمەيدۇ.

56ـ (ئاللاھ پەيغەمبەر ئەۋەتىپ) يەر يۈزىنى ئىسلاھ قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدا بۇزغۇنچىلىق قىلماڭلار، (ئازابىدىن) قورققان ۋە (رەھمىتىنى) ئۈمىد قىلغان ھالدا ئاللاھقا دۇئا قىلىڭلار، شەكسىزكى، ئاللاھنىڭ رەھمىتى (تائەت-ئىبادەتنى) مۇكەممەل قىلغۇچىلارغا يېقىندۇر.

**◄ تەپسىرى**

سىلەرنىڭ رەببىڭلار، سىلەرنىڭ ئىگەڭلار ۋە سىلەرنى پەرۋىش قىلىپ تۇرۇۋاتقان زات ئاللاھ تائالادۇركى، ئۇنىڭدىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوقتۇر. شۇڭا سىلەر ئىبادەتنى ۋە بارلىق تائەتنى ئاللاھ تائالاغىلا قىلىڭلار، ياردەم ۋە مەدەتنى ئۇنىڭ ئۆزىدىنلا تىلەڭلار. ئاللاھ تائالا ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئالتە كۈندە ياراتقان، ئاندىن ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە ئەرشىنىڭ ئۈستىگە ئۆرلىگەن، پۈتۈن مەۋجۇداتنى يوقتىن بار قىلغان، كائىناتنىڭ نىزاملىرىنى ھېكمەت بىلەن بەلگىلىگەن، زېمىندا ئېگىز تاغلارنى قىلغان، ئىلىم-ھېكمەتلىك، چەكسىز قۇدرەتلىك زاتتۇر. ﴿وَإِنَّ يَوۡمًا عِندَ رَبِّكَ كَأَلۡفِ سَنَةٖ مِّمَّا تَعُدُّونَ﴾ يەنى ﴿ھەقىقەتەن رەببىڭنىڭ دەرگاھىدىكى بىر كۈن سىلەر سانايدىغان مىڭ يىلچىلىكتۇر﴾[1]. ئەگەر ئاللاھ تائالا خالىسا ئىدى، بارچە مەۋجۇداتنى بىر لەھزىنىڭ ئىچىدىلا يارىتىپ بولۇشقا قادىر ئىدى. ﴿إِنَّمَآ أَمۡرُهُۥٓ إِذَآ أَرَادَ شَيۡـًٔا أَن يَقُولَ لَهُۥ كُن فَيَكُونُ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ بىرەر

[1] ھەج سۈرىسى: 47ـ ئايەت.

شەيئىنى (يارىتىشنى) ئىرادە قىلسا، پەقەتلا ئۇنىڭغا «بول!» دەيدۇ-دە، ئۇ دەرھال بولىدۇ﴾[1]. ئاللاھ تائالا ھەممىگە قادىر، ھەتتا ئاسمانلارنى ۋەزېمىننى بىر لەھزىدە يارىتىشقىمۇ قۇدرىتى يېتىدىغان تۇرۇقلۇق، ئۇلارنى ئالتە كۈندە يارىتىشىدا ئەلۋەتتە ھېكمەت بار. ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشى ھەقىقەتەن كاتتا ئىشتۇر. ﴿لَخَلْقُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ أَكْبَرُ مِنْ خَلْقِ ٱلنَّاسِ وَلَٰكِنَّ أَكْثَرَ ٱلنَّاسِ لَا يَعْلَمُونَ﴾ يەنى ﴿ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشى ئەلۋەتتە ئىنسانلارنىڭ يارىتىلىشىدىن چوڭ بىر ئىشتۇر. ئەمما ئىنسانلارنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ﴾[2].

ئىمام مالىك ﴿ثُمَّ ٱسْتَوَىٰ عَلَى ٱلْعَرْشِ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى توغرۇلۇق سورالغىنىدا: «ئاللاھنىڭ ئەرشنىڭ ئۈستىگە ئۆرلىگەنلىكى ئېنىق، ئەمما ئۇنىڭ قانداق رەۋىشتە، قانداق شەكىلدە ئۆرلىگەنلىكى ئېنىق ئەمەس، بۇنىڭغا ئىمان ئېيتىش پەرزدۇر، بۇ توغرىدا سوئال سوراش بىدئەتتۇر»[3] دەپ جاۋاب بەرگەن. ساھابىلەر ۋە ئۇلاردىن كېيىنكى تابىئىن ئۆلىمالىرى ئاللاھ تائالانىڭ «قۇرئان كەرىم»دە كەلگەن سۈپەتلىرىنى تەۋىل قىلماستىن، ئاللاھ تائالانى ھېچكىمگە ئوخشاتماستىن، «قۇرئان كەرىم» ۋە سەھىھ ھەدىسلەردە كەلگەن بويىچە قوبۇل قىلىپ، شۇ بويىچە ئېتىقاد قىلىش كېرەكلىكىنى قارار قىلغان. ئەمما كېيىنكى ئۆلىمالار بۇ سۈپەتلەرنى تەۋىل قىلىپ ھەر خىل مەنىلەرنى ئېيتقان بولسىمۇ، ئەڭ توغرىسى ساھابىلەرنىڭ ۋە تابىئىن ئۆلىمالىرىنىڭ ئەقىدىسى بويىچە، ئاللاھ تائالانىڭ سۈپەتلىرىنى تەۋىل قىلماي، كەلگەن بويىچە مەنە ئېيتىشتۇر.

ئاللاھ تائالا ئۆز ھېكمىتىگە ئاساسەن، كېچىنى قاراڭغۇلۇقى بىلەن كۈندۈزنى يۆگەيدىغان ۋە كۈندۈزنىڭ نۇرىنى ياپىدىغان قىلىپ ياراتتى. چۈنكى، كېچە دەم ئېلىش ۋە راھەتلىنىش ئۈچۈن، كۈندۈز ئىشلەپ تىرىكچىلىك قىلىش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن ۋاقىتلار بولۇپ، كېچە بىلەن كۈندۈز بىر-بىرىنى قوغلاشقاندەكلا، بىر-بىرىنىڭ كەينىدىن كېلىپ ئورۇن ئالمىشىدۇ.

ئاللاھ تائالا كۈن، ئاي ۋە يۇلتۇزلارنى ئۆزىنىڭ ئەمرىگە بويسۇنىدىغان ۋە ئۆزىنىڭ خاھىشى بويىچە ھەرىكەت قىلىدىغان قىلىپ ياراتتى.

---

[1] ياسىن سۈرىسى: 82-ئايەت.

[2] غافىر سۈرىسى: 57-ئايەت.

[3] «حلية الأولياء» 6- توم، 325-326- بەتلەر.

بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆز ئوربىتىسىدا ئاللاھ تائالا بەلگىلىگەن ۋاقتىچىلىك شۇنداق ئايلىنىپ تۇرىدۇ. ئاسماندىكى سەييارىلەر ۋە چوڭ-كىچىك ھەجىملىك بارلىق يۇلتۇزلار ئاللاھ تائالانىڭ باشقۇرۇشى ۋە ئىرادىسى بويىچە ھەرىكەت قىلىپ تۇرىدۇ. ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىمنىڭ ئۇلارغا ئارىلىشىش ياكى باشقۇرۇش ھەققى يوق، بۇنىڭغا ھېچكىمنىڭ كۈچى يەتمەيدۇ.

ئى ئىنسانلار! سىلەرگە سانسىز نېمەتلەرنى ئاتا قىلغان كەرەملىك رەببىڭلارغا كەمتەرلىك ۋە تۆۋەنچىلىك بىلەن پەس ئاۋازدا، سەمىمىي دۇئا قىلىڭلار. چۈنكى، دۇئا – ئىبادەتتۇر. دۇئانى پەس ئاۋازدا قىلىش ئاللاھ تائالاغا يالۋۇرۇشنىڭ ئەدەپلىرىدىن سانىلىدۇ. ئەمما ئۈنلۈك دۇئا قىلىسمۇ گۇناھ بولمايدۇ. چۈنكى، مەخپىي ياكى پەس ئاۋازدا دۇئا قىلىش رىيادىن يىراق، خالىسلىققا يېقىن بولىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا بىزگە بىزنىڭ جان تومۇرىمىزدىنمۇ يېقىن تۇرغان يەردە، ئاۋازىمىزنى كۆتۈرۈپ، ۋارقىراپ دۇئا قىلىشقا ھېچبىر ھاجەت يوق. «قۇرئان كەرىم» زەكەرىييا ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنى ماختاپ: ﴿إِذْ نَادَىٰ رَبَّهُۥ نِدَآءً خَفِيًّا﴾ يەنى ﴿ئۇ ئۆز ۋاقتىدا رەببىگە پەس ئاۋازدا مۇناجات قىلغان ئىدى﴾[1] دېگەن.

ساھابىلەرنىڭ كۆپىنچە ئەمەللىرى ۋە دۇئالىرى مەخپىي ھالدا بولاتتى. شەكسىزكى، ئاللاھ تائالا ھەرقانداق بىر ئىشنى چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتكۈچىلەرنى ياقتۇرمايدۇ. دۇئادىمۇ شۇنداق. چۈنكى، دۇئادا ئاۋازنى قاتتىق يۇقىرى كۆتۈرۈش، باشقىلارنى قارغاش ياكى ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق رىشتىسىنى ئۈزۈش ئۈچۈن دۇئا قىلىش ياكى باشقىلارغا ئۆزىنى تەقۋا كۆرسىتىش نىيىتىدە دۇئادا ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ يىغلاش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى دۇئادا ھەددىدىن ئاشقانلىق ۋە دىنىنىڭ چەكلىمىسىدىن ھالقىپ كەتكەنلىكتۇر.

ئى ئىنسانلار! ئاللاھ تائالا يەر يۈزىدە سىلەرگە كېرەكلىك مەنپەئەتلەرنى يارىتىپ بېرىپ، زېمىننى ئىسلاھ قىلىپ تۈزىگەندىن كېيىن، ئۇنىڭدا بۇزغۇنچىلىق قىلماڭلار. يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىش دېگەن بۇ ئىبارە ئادەم ئۆلتۈرۈش، ئوغرىلىق قىلىش، بۇلاڭچىلىق قىلىش، ھاراق ئىچىش، زىنا قىلىش، جازانە قىلىش، نېمەتكە تۈزكورلۇق قىلىش قاتارلىق گۇناھ-مەئسىيەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق تېرىغانلىقتۇر.

---

[1] مەريەم سۈرىسى: 3-ئايەت.

ئاللاھ تائالاغا ئازابىدىن قورققان ۋە رەھمىتىنى ئۈمىد قىلغان ھالدا دۇئا قىلىڭلار. ئۇنتۇماڭلاركى، ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتى دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ئىشلاردىن ھەربىر ئىشنى قىيتىرقىنىپ، مۇكەممەل قىلىدىغانلارغا ئەڭ يېقىندۇر. ﴿وَلِلَّهِ مَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِي ٱلۡأَرۡضِ لِيَجۡزِيَ ٱلَّذِينَ أَسَٰٓـُٔواْ بِمَا عَمِلُواْ وَيَجۡزِيَ ٱلَّذِينَ أَحۡسَنُواْ بِٱلۡحُسۡنَى﴾ يەنى ﴿ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەر ئاللاھنىڭدۇر، ئاللاھ (ئۇلارنى) يامان ئىش قىلغانلارنى قىلمىشلىرىغا قاراپ جازالاش، (تائەت-ئىبادەتلەرنى) قىيتىرقىنىپ قىلغانلارنى (مۇكاپاتلارنىڭ) ئەڭ ياخشىسى (بولغان جەننەت) بىلەن تارتۇقلاش ئۈچۈن (ياراتتى)﴾[1].

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالانىڭ سۈپەتلىرىنى بۇرمىلىماستىن، مەخلۇقاتنىڭ سۈپەتلىرىگە ئوخشاتماستىن، كەلگەن بويىچە قوبۇل قىلىپ ئېتىقاد قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ.

2. ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىش ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلغانلىقتۇر. بەلكى دۇئا ئەڭ خالىس ۋە ئەڭ سەممىمىي ئىبادەتتۇر. چۈنكى، كۆپ ھاللاردا دۇئادا رىيا بولمايدۇ.

3. دۇئانى ئاللاھ تائالاغا يىلىنىپ، يالۋۇرۇپ، مەخپىي ھالدا قىلىش دۇئانىڭ ئەدەپلىرىدىن سانىلىدۇ.

4.گۇناھ-مەئسىيەتلەرنى سادىر قىلىش يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق تېرىغانلىقتۇر.

5. ھەربىر ئىشنى ئىخلاس بىلەن قىيتىرقىنىپ قىلىش مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ ئاساسلىق مەجبۇرىيەتلىرىدىن بىرىدۇر.

## ◄ ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشنىڭ دەلىللىرى

﴿وَهُوَ ٱلَّذِي يُرۡسِلُ ٱلرِّيَٰحَ بُشۡرَۢا بَيۡنَ يَدَيۡ رَحۡمَتِهِۦۖ حَتَّىٰٓ إِذَآ أَقَلَّتۡ سَحَابٗا ثِقَالٗا سُقۡنَٰهُ لِبَلَدٖ مَّيِّتٖ فَأَنزَلۡنَا بِهِ ٱلۡمَآءَ فَأَخۡرَجۡنَا بِهِۦ مِن كُلِّ ٱلثَّمَرَٰتِۚ كَذَٰلِكَ نُخۡرِجُ ٱلۡمَوۡتَىٰ لَعَلَّكُمۡ تَذَكَّرُونَ ٥٧ وَٱلۡبَلَدُ

[1] نەجم سۈرىسى: 31-ئايەت.

ٱلطَّيِّبُ يَخْرُجُ نَبَاتُهُۥ بِإِذْنِ رَبِّهِۦۖ وَٱلَّذِى خَبُثَ لَا يَخْرُجُ إِلَّا نَكِدًاۚ
كَذَٰلِكَ نُصَرِّفُ ٱلْءَايَٰتِ لِقَوْمٍ يَشْكُرُونَ ﴿٥٨﴾

## ◄ تەرجىمىسى

57ـ ئاللاھ رەھمىتى (بولغان يامغۇر) يېغىش ئالدىدا شاماللارنى بېشارەتچى قىلىپ ئەۋەتىدىغان زاتتۇر، شاماللار ئېغىر بۇلۇتلارنى كۆتۈرگەن چاغدا، بىز ئۇ بۇلۇتلارنى ئۆلۈك (قاقاس) جايلارغا سۈرىمىز، ئۇنىڭدىن يامغۇر ياغدۇرۇپ تۈرلۈك-تۈرلۈك مېۋىلەرنى چىقىرىمىز. بىز (قىيامەت كۈنى) ئۆلۈكلەرنى (قەبرىلىرىدىن) ئەنە شۇنداق چىقىرىمىز، (بۇنىڭدىن) ئىبرەت ئالغايسىلەر.

58ـ مۇنبەت يەرنىڭ ئۆسۈملۈكى ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن تولۇق ئۈنىدۇ (مۇئمىن ئادەممۇ شۇنىڭغا ئوخشاش بولۇپ، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىدىن مەنپەئەت ئالىدۇ)، ناچار يەرنىڭ ئۆسۈملۈكى ناھايىتى قىيىن (ۋە ناچار) ئۈنىدۇ (كاپىرمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش بولۇپ، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىدىن مەنپەئەت ئالمايدۇ). شۈكۈر قىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئايەتلىرىمىزنى مۇشۇنداق شەكىللەردە بايان قىلىمىز.

## ◄ تەپسىرى

شەكسىزكى، يامغۇر ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىنىڭ نامايەندىلىرىدىن بىرى ۋە بەندىلىرىگە ئاتا قىلغان كاتتا نېمىتىدۇر، شۇنداقلا، ئاللاھ تائالانىڭ ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشكە قادىر ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلىدۇر.

شەكسىزكى، سىلەرنىڭ رەببىڭلار ئۆزىنىڭ رەھمىتى بولغان يامغۇرنى ياغدۇرۇش ئالدىدا مەخلۇقاتلىرىغا بۇ رەھمەتنىڭ ئەلچىلىرى بولغان شاماللارنى ئەۋەتىدىغان زاتتۇر. شاماللار ئېغىر بۇلۇتلارنى كۆتۈرگەندە، ئۇلارنى سۇسىزلىقتىن قاغجىراپ، قاقاسلىقئا ئايلىنىپ قالغان قۇپقۇرۇق جايلارغا سۈرىمىز-دە، ئۇنىڭدىن شەكلى، رەڭگى، ھەجمى، تەمى ۋە پۇرىقى ھەر تۈرلۈك بولغان مېۋىلەرنى چىقىرىمىز. خۇددى سۇسىزلىقتىن قۇرۇپ كەتكەن قاقاس زېمىنغا يامغۇر ياغدۇرۇش ئارقىلىق ئۇنىڭدىن ھەر خىل ئۆسۈملۈكلەرنى ۋە مېۋىلەرنى چىقارغىنىمىزدەك، ئۆلگەنلەرنىمۇ قىيامەت كۈنى قەبرىلىرىدىن شۇنداق چىقىرىمىز ۋە ئۇلارنى ھېساب مەيدانىغا يىغىمىز. چۈنكى، رەببىڭلار ئاللاھ تائالا ھەممە نەرسىگە قادىردۇر، ئۇ تىرىكتىن ئۆلۈكنى، ئۆلۈكتىن تىرىكنى چىقىرىدۇ. ھەر ھالدا سىلەر بۇنىڭدىن ئىبرەت، ۋەز-نەسىھەت ۋە ئۈگۈت ئېلىپ، ئۆلگەندىن

كېيىنكى تىرىلىشنىڭ راست ئىكەنلىكىگە بولغان ئىمانىڭلارنى كۈچەيتكەيسىلەر.

ئەھۋال شۇنداق تۇرسىمۇ، ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشكە ئىشەنمەيدىغانلار بار. بۇ ئەسلىدە ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. چۈنكى، ئىنسانلار چۈشىنىش ۋە ئەقىل-ئىدراكتا خۇددى زېمىنغا ئوخشاش بولۇپ، زېمىنىڭمۇ ئۆسۈملۈكلەر ياخشى ئۈنىدىغان مۇنبەت يەرلىرى، ئۆسۈملۈك ئۈنمەيدىغان، ئۈنگەندىمۇ ناھايىتى تەس ۋە ئاز ئۈنىدىغان ناچار يەرلىرىمۇ بار. ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئايەتلىرىمىزنى مانا مۇشۇنداق بەدىئىي شەكىلدە بايان قىلىپ بېرىمىز.

ئەللامە فەخرۇددىن رازىي مۇنداق دېگەن: «بۇ ئايەت شۇنىڭغا ئىشارەت قىلىدۇكى، مۇئمىن ئادەمنىڭ قەلبى مۇنبەت زېمىنغا ئوخشايدۇ، مۇنبەت زېمىن يامغۇرنى قوبۇل قىلىپ گۈزەل ئۆسۈملۈكلەرنى چىقىرىپ بەرگەندەك، مۇئمىن ئادەممۇ ئاللاھ تائالانىڭ كالامىنى ئاڭلىغان ھامان ئۇنى قوبۇل قىلىدۇ، ئاندىن ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا ھىدايەتنى ۋە بارلىق ياخشىلىقلارنى نېسىپ قىلىدۇ. كاپىر ئادەمنىڭ قەلبى ناچار، قاتتىق زېمىنغا ئوخشايدۇ. ناچار، قاتتىق زېمىن يامغۇرنى قوبۇل قىلمىغانلىقتىن، ئۇنىڭدا ھېچ نەرسە ئۈنمىگەن، ئۈنگەندىمۇ ناھايىتى قىيىن ۋە ئاز ئۈنگەندەك، كاپىر ئادەممۇ ئاللاھ تائالانىڭ كالامىنى ئاڭلىمايدۇ، ئاڭلىغان تەقدىردىمۇ، ئۇنى قوبۇل قىلمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم ئاللاھ تائالانىڭ ھىدايىتىدىن ۋە ياخشىلىقلىرىدىن مەھرۇم قالىدۇ»[1].

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. قىيامەتنىڭ بولىدىغانلىقىغا، ئۇ كۈندىكى ھېساب بېرىش، مۇكاپات، جازا، جەننەت، دوزاخ قاتارلىق ئاخىرەت ھەقىقەتلىرىگە چىن ئىشىنىش ئىماننىڭ ئاساسلىق رۇكنلىرىدىن بىرىدۇر.

2. ئىنسانلارنىڭ ئەتراپىدىكى ئۆزى كۆرۈۋاتقان شەيئىلەرنى ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن غايىب ھەقىقەتلەر ئۈچۈن مىسال قىلىش «قۇرئان كەرىم»نىڭ بەدىئىي ئۇسلۇبلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇلار كۆرۈپ باقمىغان نەرسىلەرنى ئۇلارنىڭ ئەقلىگە يېقىنلاشتۇرۇپ چۈشەندۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. مەسىلەن: «قۇرئان كەرىم» جەننەتلەردە ئانار، ئۈزۈم قاتارلىق مېۋىلەرنىڭ بارلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «فِيهَا مَا لَا عَيْنٌ

[1] «مفاتيح الغيب للرازي» 14-توم، 291-بەت.

رَأَتْ ، وَلَا أُذُنٌ سَمِعَتْ ، وَلَا خَطَرَ عَلَى قَلْبِ بَشَرٍ» يەنى «جەننەتتە كۆزلەر كۆرۈپ باقمىغان، قۇلاقلار ئاڭلاپ باقمىغان ۋە ھېچكىم خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغان نېمەتلەر بار»[1] دېگەن. بۇ ھەدىس «قۇرئان كەرىم»دە تىلغا ئېلىنغان مېۋىلەرنىڭ بۇ دۇنيانىڭ مېۋىلىرىگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى، ئۇ مېۋىلەرنىڭ ئىسىملىرى پەقەت كىشىلەرنىڭ ئەقلىگە جەننەتنىڭ مېۋىلىرىنى يېقىنلاشتۇرۇش ئۈچۈن بايان قىلىنغانلىقىنى ئوچۇقلايدۇ. باشقا مەسىلىلەرمۇ بۇنىڭغا ئوخشاشتۇر.

3. نېمەتكە شۈكۈر قىلىش، نېمەت بەرگۈچىنى ئۇنتۇماسلىق ئادەم باللىرىغا خاس ئېسىل ئەخلاق ۋە ئىنسانىي مەجبۇرىيەتتۇر.

## ◄ نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى

﴿لَقَدْ أَرْسَلْنَا نُوحًا إِلَىٰ قَوْمِهِۦ فَقَالَ يَٰقَوْمِ ٱعْبُدُوا۟ ٱللَّهَ مَا لَكُم
مِّنْ إِلَٰهٍ غَيْرُهُۥٓ إِنِّىٓ أَخَافُ عَلَيْكُمْ عَذَابَ يَوْمٍ عَظِيمٍ ﴿٥٩﴾ قَالَ
ٱلْمَلَأُ مِن قَوْمِهِۦٓ إِنَّا لَنَرَىٰكَ فِى ضَلَٰلٍ مُّبِينٍ ﴿٦٠﴾ قَالَ يَٰقَوْمِ لَيْسَ
بِى ضَلَٰلَةٌ وَلَٰكِنِّى رَسُولٌ مِّن رَّبِّ ٱلْعَٰلَمِينَ ﴿٦١﴾ أُبَلِّغُكُمْ رِسَٰلَٰتِ
رَبِّى وَأَنصَحُ لَكُمْ وَأَعْلَمُ مِنَ ٱللَّهِ مَا لَا تَعْلَمُونَ ﴿٦٢﴾ أَوَعَجِبْتُمْ
أَن جَآءَكُمْ ذِكْرٌ مِّن رَّبِّكُمْ عَلَىٰ رَجُلٍ مِّنكُمْ لِيُنذِرَكُمْ وَلِتَتَّقُوا۟
وَلَعَلَّكُمْ تُرْحَمُونَ ﴿٦٣﴾ فَكَذَّبُوهُ فَأَنجَيْنَٰهُ وَٱلَّذِينَ مَعَهُۥ فِى ٱلْفُلْكِ
وَأَغْرَقْنَا ٱلَّذِينَ كَذَّبُوا۟ بِـَٔايَٰتِنَآ ۚ إِنَّهُمْ كَانُوا۟ قَوْمًا عَمِينَ ﴿٦٤﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

59ـ شەكسىزكى، بىز نۇھنى ئۆز قەۋمىگە (پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتتۇق، ئۇ: «ئى قەۋمىم! ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە ئاللاھتىن باشقا (ھەقىقىي ئىلاھ يوقتۇر، مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ بۈيۈك كۈننىڭ ئازابىغا قېلىشىڭلاردىن ئەنسىرەۋاتىمەن» دېدى.

60ـ قەۋمىنىڭ كاتتىباشلىرى: «بىز سېنى راستىنلا ئوپئوچۇق ئازغۇنلۇقتا

[1] «صحيح مسلم» 4ـ توم، 2175ـ بەت، 2825ـ ھەدىس.

دەپ قارايمىز» دېدى.

61-نۇھ ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! مەندە قىلچىلىكمۇ ئازغۇنلۇق يوقتۇر، لېكىن مەن ئالەملەرنىڭ رەببى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرمەن.

62-مەن سىلەرگە رەببىمنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى يەتكۈزىمەن، سىلەرگە نەسىھەت قىلىمەن، مەن ئاللاھتىن (كەلگەن ۋەھيى سايىسىدا) سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى بىلىمەن.

63-سىلەرنى (كۇفرىنىڭ ئاقىۋىتىدىن) ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن، (قىيامەتنىڭ ئازابىدىن) ساقلىنىپ، رەھمەتكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەرگە ئاراڭلاردىن بىر كىشى ئارقىلىق رەببىڭلارنىڭ ۋەھيىسى كەلگەنلىكىدىن ھەيران قېلىشىۋاتامسىلەر؟».

64-ئۇلار يەنىلا نۇھنى يالغانغا چىقاردى. بىز نۇھنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن كېمىدە بىللە بولغانلارنى قۇتقۇزدۇق، ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلارنى بولسا (سۇغا) غەرق قىلدۇق. چۈنكى، ئۇلار (دىلى) كور قەۋم ئىدى.

### تەپسىرى

ئاللاھ تائالا ئىلگىرىكى ئايەتلەردە، ئۆزىنىڭ بىرلىكىگە ۋە چەكسىز قۇدرىتىگە دالالەت قىلىدىغان ئالامەتلەرنى بايان قىلىپ، قىيامەتنىڭ، ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشنىڭ ھەق ۋە راست ئىكەنلىكىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قەۋمىدىن يەتكەن ئەزىيەتلەرگە تەسەللى بېرىش ئۈچۈن، ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرىنى، ھەق دىنىنى ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ ئىبرەتلىك ئا-قىۋەتلىرىنى ياداشتۇرۇپ كەلتۈرگەن. ﴿وَكُلًّا نَّقُصُّ عَلَيۡكَ مِنۡ أَنۢبَآءِ ٱلرُّسُلِ مَا نُثَبِّتُ بِهِۦ فُؤَادَكَۚ وَجَآءَكَ فِي هَٰذِهِ ٱلۡحَقُّ وَمَوۡعِظَةٞ وَذِكۡرَىٰ لِلۡمُؤۡمِنِينَ﴾ يەنى ﴿پەيغەمبەرلەرنىڭ خەۋەرلىرىدىن سېنىڭ كۆڭلۈڭنى تىندۇرىدىغان ھەربىر خەۋەرنى ساڭا بايان قىلىپ بېرىۋاتىمىز، بۇنىڭدا (بۇ سۈرىدە) ساڭا ھەقىقەت، مۆئمىنلەر ئۈچۈن ۋەز-نەسىھەت ۋە بىر ئاگاھلاندۇرۇش كەلدى﴾[1]، ﴿لَقَدۡ كَانَ فِي قَصَصِهِمۡ عِبۡرَةٞ لِّأُوْلِي ٱلۡأَلۡبَٰبِۗ﴾ يەنى ﴿ئۇلارنىڭ (يەنى بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ) قىسسىلىرىدە ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئىبرەت بار﴾[2].

[1] ھۇد سۈرىسى: 120-ئايەت.
[2] يۇسۇف سۈرىسى: 111-ئايەت.

ئاللاھ تائالا مەككە ئەھلىگە قەسەم بىلەن تەكىتلەپ ئېيتىدۇكى، ئىلگىرى نۇھ ئەلەيھىسسالام ئۆز قەۋمىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەن ئىدى. ئۇ قەۋمىگە ۋەز نەسىھەت قىلىپ، ئى قەۋمىم! ئى تۇغقانلىرىم! سىلەرنى ئەڭ مۇكەممەل يارىتىپ، ئەڭ چىرايلىق شەكىلگە كىرگۈزگەن رەببىڭلارغا ئىبادەت قىلىڭلار ۋە ئۇنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداڭلار، توسقانلىرىدىن يېنىڭلار! چۈنكى ئۇ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەر-سىلەرنىڭ ھەممىسىنى سىلەرنىڭ مەنپەئەتىڭلار ئۈچۈن يارىتىپ بەرگەن ۋە سىلەرگە ئۇلاردىن پايدىلىنىش يوللىرىنى كۆرسەتكەن زاتتۇر. سىلەرگە ئاللاھ تائالادىن باشقا ھەقىقي ئىلاھ يوقتۇر، ئىبادەت قىلىشقا، ئىلتىجا قىلىشقا ۋە ياردەم تىلەشكە ئۇنىڭدىن باشقا لايىق زات يوقتۇر. شۇڭا مەن سىلەرنى ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇيمەن. چۈنكى، مەن سىلەرگە قىيامەت كۈنى چوڭ ئازابنىڭ يۈزلىنىشىدىن ئەنسىرەۋاتىمەن، دېگەن ئىدى.

قەۋمىنىڭ چوڭلىرى ئۇنىڭغا قارشى چىقىپ: ئەي نۇھ! بىز راستتىنلا سېنى ئازغۇنلۇقتا دەپ قارايمىز، سەن قانداقلارچە بىزنى ئىلاھلىرىمىزغا چوقۇنۇشتىن توسىسەن؟ ئاتا-بوۋىلىرىمىزمۇ بۇ ئىلاھلارغا چوقۇنۇپ ئۆتكەن تۇرسا، سەن بۇ يېڭى دىننى نەدىن تېپىپ كەلدىڭ؟ شۇڭا بىز سېنى چوقۇم ئازغۇنلۇقتا دەپ قارايمىز، دېدى. بۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. چۈنكى، مۇنداق قارشى چىقىش ئازغۇنلارنىڭ ئورتاق ئادىتى بولۇپ، ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ كاتتىباشلىرى ۋە نوپۇزلۇق ئادەملىرى ئىچىدە ئۆزلىرىنىڭ ئابرۇيىغا ۋە نوپۇزىغا زىيان يېتىشتىن ئەنسىرەپ ھەقىقەتكە قارشى چىقىدىغان، ھەقىقەتكە چاقىرغۇچىلارنى يامان كۆرىدىغانلار بار.

نۇھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ دېدىكى، ئى قەۋمىم! مەن ئەسلا ئېزىپ قالغان ئەمەسمەن، ھەق ۋە توغرا يولدىن چەتنەپ كەتكەنمۇ ئەمەسمەن، مەندە قىلچىلىكمۇ ئازغۇنلۇق يوقتۇر. مېنىڭ سىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ بىر ئىكەنلىكىگە ئېتىقاد قىلىش، ئىبادەتلەرنى ئۇنىڭ ئۆزىگىلا قىلىشقا بۇيرۇغانلىقىم ھەرگىزمۇ ئازغۇنلۇق ئەمەس، بەلكى ھەقىقەتنىڭ ئۆزىدۇر. مەن پەقەت ئالەملەرنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە يېگانە رەببى بولغان ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن سىلەرگە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرمەن. سىلەرنى توغرا دىنغا باشلايمەن، سىلەرنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە سىلەرگە سائادەت ئېلىپ كېلىدىغان ئىشلارغا بۇيرۇيمەن. مەن پەقەت سىلەرگە رەببىمنىڭ ۋەھيى ئارقىلىق ماڭا نازىل قىلغان ئايەتلىرىنى يەتكۈ-زۈۋاتىمەن. مەن ئاللاھ تائالاغا، ئۇنىڭ پەرىشتىلىرىگە، پەيغەمبەرلىرىگە، كىتابلىرىغا، قىيامەت كۈنىگە، ئۇ كۈندىكى ھېساب، مۇكاپات، جازا،

جەننەت، دوزاخ قاتارلىق ھەقىقەتلەرگە ئىمان كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ماڭا كەلگەن ھەق دىننى سىلەرگە يەتكۈزۈۋاتىمەن. سىلەرگە يەنە ئىبادەت، ئەخلاق، مۇئامىلە قاتارلىق مەسىلىلەرنىڭ قائىدە - يوسۇنلىرىنى ئۆگىتىمەن. ئى قەۋمىم! مەن راستتىنلا سىلەرگە نەسىھەت قىلىۋاتىمەن ۋە سىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرۇۋاتىمەن.

مەن بىر پەيغەمبەر بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن ۋەھيى ئارقىلىق سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى بىلىمەن. مېنىڭ بۇ ۋەز-نەسىھەتلىرىم ئۆز تەرىپىمدىن ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ماڭا نازىل قىلىنغان ۋەھيىدۇر ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ماڭا بىلدۈرگەنلىرىدۇر. مەن سىلەرنى ئاللاھ تائالاغا ئۇنىڭ مەخلۇقاتىنى شېرىك كەلتۈرۈشنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئاگاھلاندۇرۇۋاتىمەن.

سىلەر ئاراڭلاردىن بىر كىشى سىلەرگە پەيغەمبەر بولۇپ كېلىپ، ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى ئۆز تىلىڭلاردا يەتكۈزگەنلىكىدىن ئەجەبلىنىۋاتامسىلەر؟ شۇ سەۋەبتىن مېنى ئىنكار قىلىۋاتامسىلەر؟ بۇ ئەجەبلىنەرلىك ئىشمۇ؟

چۈنكى نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ئۇنىڭ پەيغەمبەر بولغانلىقىغا ھەيرانلىقتا ئىدى. شۇڭا ئۇلار: قانداقمۇ بىر ئىنسان پەيغەمبەر بولۇپ كەلسۇن؟ بۇنداق ئەھۋالنى ئاتا-بوۋىلىرىمىزدىنمۇ ئاڭلاپ باقمىغان ئىكەنمىز، ئەگەر سېنىڭ رەببىڭ پەيغەمبەر ئەۋەتىشنى خالىسا، ئەلۋەتتە پەرىشتە ئەۋەتمەسمىدى؟ دەپ ئۇنىڭغا قارشى چىققان ئىدى.

نۇھ ئەلەيھىسسالام سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ: مەن پەيغەمبەرلىك ۋە-زىپەمنىڭ تەقەززاسى بويىچە، سىلەرنى كۇفرىلىقنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئاگاھلاندۇرۇۋاتىمەن، سىلەرگە كەلگۈسى ئازابتىن خەۋەر بېرىۋاتىمەن، سىلەرنى ئاخىرەتنىڭ قاتتىق ئازابىدىن قورقۇتۇۋاتىمەن، دەيدۇ.

ئەمما كاپىرلار نۇھ ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلىشتا چىڭ تۇردى، ئۇنىڭ ۋەز-نەسىھەتلىرىنى قوبۇل قىلمىدى، ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلمىدى، ئۇلار بۇنىڭ بىلەن ئازغۇنلۇق پاتقاقلىرىغا تېخىمۇ چۆكۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئىنتايىن ئاز كىشىلا ئىمان ئېيتتى، قالغانلىرى ئۆزلىرىنىڭ كۇفرىلىقىدا چىڭ تۇرۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئىمان ئېيتمىغانلارنىڭ ئاقىۋىتى تولىمۇ ئېبرەتلىك بولدى. ئاللاھ تائالا نۇھ ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭغا ئەگەشكەن ئاز ساندىكى مۇئمىنلەرنى قۇتقۇزۇپ قېلىپ، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى توپان بالاسىدا سۇغا غەرق قىلىپ پۈتۈنلەي ھالاك قىلىۋەتتى.

بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلار، پەيغەمبىرىمىزنى يالغانغا چىقارغانلار توپان بالاسىدا سۇغا غەرق قىلىنىپ يوقىتىلدى. بۇنىڭدا ئەجەبلىنىش يوق. چۈنكى، ئۇلار ئازغۇنلۇقتا پىتىپ كەتكەن، ھىدايەت ۋە توغرا يولدا مېڭىشنى خالىمىغان، قەلبلىرى ئۆزلىرىنىڭ يامان قىلمىشلىرى سەۋەبلىك پىچەتلەنگەن قەۋم ئىدى.

ئى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى! سىلەرنىڭ ئاقىۋىتىڭلارنىڭمۇ نۇھ قەۋمىنىڭ ئاقىۋىتىگە ئوخشاش بولۇپ قېلىشىدىن ھەزەر ئەيلەڭلار! ئاللاھ تائالادىن قورقۇڭلار! كاپىرلارنىڭ يولىغا ئەگىشىپ ھەقىقەتكە قارشى چىقىشتىن ھەزەر ئەيلەڭلار!

بۇ قىسسە ھۇد سۈرىسىدە تەپسىلىي ۋە كەڭ بايان قىلىنىغان.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاممۇ خۇددى نۇھ ئەلەيھىسسالامغا ۋە باشقا پەيغەمبەرلەرگە ئوخشاش ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى توغرا يولغا يېتەكلەش ئۈچۈن ئەۋەتكەن ھەق پەيغەمبەردۇر.

2. تەۋھىد ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ يادروسى ۋە بارلىق ئەمەل-ئىبادەتلەرنىڭ جەۋھىرى بولۇپ، ئەقىدىسى دۇرۇس بولمىغان كىشىنىڭ قىلغان ئەمەل-ئىبادەتلىرى قوبۇل بولمايدۇ.

3. ئاخىرەتنىڭ ئازابىغا ئۇچراپ قېلىشتىن ھەمىشە ھەزەر ئەيلەش ۋە ئۇنىڭدىن ساقلىنىش ئۈچۈن تەييارلىق كۆرۈش ئەقىللىق مۇسۇلمانغا خاس ئالاھىدىلىكتۇر. چۈنكى، كاپىرلار قىيامەت كۈنىگە ئىشەنمىگەنلىكتىن، ئۇنىڭ ئازابىدىن ئەنسىرىمەيدۇ.

4. دۇنيالىق مەنپەئەتكە چوقۇنىدىغانلار ھەقىقەتكە دۈشمەن بولىدۇ، ئومۇم خەلققە پايدىلىق بولغان ياخشى ئىشلارغا قارشى چىقىدۇ.

5. ياخشى ئاقىۋەت مۆئمىنلەرگە خاستۇر.

6. ھەقىقىي كورلۇق دىلنىڭ كورلۇقى بولۇپ، ئۇ كۆزنىڭ كورلۇقىدىن ئەلۋەتتە خەتەرلىكتۇر.

### ◄ ھۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى

﴿ وَإِلَىٰ عَادٍ أَخَاهُمْ هُودًاۚ قَالَ يَٰقَوْمِ ٱعْبُدُواْ ٱللَّهَ مَا لَكُم مِّنْ

إِلَٰهٍ غَيۡرُهُۥٓۚ أَفَلَا تَتَّقُونَ ٦٥ قَالَ ٱلۡمَلَأُ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ مِن قَوۡمِهِۦٓ إِنَّا
لَنَرَىٰكَ فِي سَفَاهَةٖ وَإِنَّا لَنَظُنُّكَ مِنَ ٱلۡكَٰذِبِينَ ٦٦ قَالَ يَٰقَوۡمِ لَيۡسَ
بِي سَفَاهَةٞ وَلَٰكِنِّي رَسُولٞ مِّن رَّبِّ ٱلۡعَٰلَمِينَ ٦٧ أُبَلِّغُكُمۡ رِسَٰلَٰتِ
رَبِّي وَأَنَا۠ لَكُمۡ نَاصِحٌ أَمِينٌ ٦٨ أَوَعَجِبۡتُمۡ أَن جَآءَكُمۡ ذِكۡرٞ مِّن
رَّبِّكُمۡ عَلَىٰ رَجُلٖ مِّنكُمۡ لِيُنذِرَكُمۡۚ وَٱذۡكُرُوٓاْ إِذۡ جَعَلَكُمۡ خُلَفَآءَ
مِنۢ بَعۡدِ قَوۡمِ نُوحٖ وَزَادَكُمۡ فِي ٱلۡخَلۡقِ بَصۜۡطَةٗۖ فَٱذۡكُرُوٓاْ ءَالَآءَ ٱللَّهِ
لَعَلَّكُمۡ تُفۡلِحُونَ ٦٩ قَالُوٓاْ أَجِئۡتَنَا لِنَعۡبُدَ ٱللَّهَ وَحۡدَهُۥ وَنَذَرَ مَا كَانَ
يَعۡبُدُ ءَابَآؤُنَا فَأۡتِنَا بِمَا تَعِدُنَآ إِن كُنتَ مِنَ ٱلصَّٰدِقِينَ ٧٠ قَالَ قَدۡ
وَقَعَ عَلَيۡكُم مِّن رَّبِّكُمۡ رِجۡسٞ وَغَضَبٌۖ أَتُجَٰدِلُونَنِي فِيٓ أَسۡمَآءٖ
سَمَّيۡتُمُوهَآ أَنتُمۡ وَءَابَآؤُكُم مَّا نَزَّلَ ٱللَّهُ بِهَا مِن سُلۡطَٰنٖۚ فَٱنتَظِرُوٓاْ
إِنِّي مَعَكُم مِّنَ ٱلۡمُنتَظِرِينَ ٧١ فَأَنجَيۡنَٰهُ وَٱلَّذِينَ مَعَهُۥ بِرَحۡمَةٖ مِّنَّا
وَقَطَعۡنَا دَابِرَ ٱلَّذِينَ كَذَّبُواْ بِـَٔايَٰتِنَاۖ وَمَا كَانُواْ مُؤۡمِنِينَ ٧٢

### ◄ تەرجىمىسى

65ـ ئاد قەۋمىگە ئۇلارنىڭ قېرىندىشى ھۇدنى (پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتتۇق، ھۇد: «ئى قەۋمىم! ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە ئاللاھتىن باشقا (ھەقىقىي) ئىلاھ يوقتۇر. سىلەر (ئۇنىڭ ئازابىدىن) قورقمامسىلەر؟» دېدى.

66ـ ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ كاپىر كاتتىباشلىرى: «بىز سېنى ھەقىقەتەن ئەخمەق ھېسابلايمىز، بىز سېنى ئەلۋەتتە يالغانچىلاردىن دەپ قارايمىز» دېدى.

67ـ ھۇد ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! مەن ئەخمەق ئەمەس، بەلكى مەن ئالەملەرنىڭ رەببى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرمەن.

68ـ سىلەرگە رەببىمنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى يەتكۈزىمەن، مەن سىلەرگە ئىشەنچىلىك نەسىھەتچىمەن.

69ـ سىلەرنى (كۇفرىنىڭ ئاقىۋىتىدىن) ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن، سىلەرگە ئاراڭلاردىن بىر كىشى ئارقىلىق رەببىڭلارنىڭ ۋەھيىسى كەلگەنلىكىدىن ھەيران قېلىۋاتامسىلەر؟ ئۆز ۋاقتىدا نۇھنىڭ قەۋمى ھالاك بولغاندىن كېيىن،

ئاللاھنىڭ سىلەرنى ئۇلارنىڭ ئورنىغا دەسسەتكەنلىكىنى، سىلەرنى قامەتلىك قىلغانلىقىنى ئېسىڭلاردا تۇتۇڭلار، سىلەر نىجاتلىققا ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىنى ياد ئېتىڭلار».

70-ئۇلار: (ئى ھۇد!) «سەن بىزنى ئاتا-بوۋىلىرىمىز چوقۇنۇپ كېلىۋاتقان مەبۇدلارنى تاشلاپ، يالغۇز بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشىمىزغا دەۋەت قىلغىلى كەلدىڭمۇ؟ ئەگەر (سۆزۈڭدە) راستچىل بولساڭ، بىزنى ئاگاھلاندۇرغان ئازابنى كەلتۈرۈپ باققىنا قېنى؟» دېدى.

71-ھۇد: «سىلەرگە چوقۇم رەببىڭلارنىڭ ئازابى ۋە غەزىپى چۈشىدۇ، سىلەر ئۆزۈڭلار ۋە ئاتا-بوۋاڭلار (ئىلاھ دەپ) ئاتىۋالغان، بۇ ھەقتە ئاللاھ ھېچبىر دەلىل چۈشۈرمىگەن ئاتالمىش ئىلاھلار ئۈستىدە مەن بىلەن مۇنازىرىلىشەمسىلەر؟ ئۇنداقتا، سىلەر كۈتۈڭلار، مەنمۇ ئەلۋەتتە سىلەر بىلەن بىرلىكتە (سىلەرگە چۈشىدىغان ئازابنى) كۈتىمەن» دېدى.

72-بىز ھۇدنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغانلارنى رەھمىتىمىز بىلەن قۇتقۇزدۇق، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلارنى تەلتۆكۈس ھالاك قىلدۇق. ئۇلار ئىمان ئېيتمىغان ئىدى.

### ◄ ئاد قەۋمى ھەققىدە قىسقىچە بايان

ئاد قەۋمى چوڭ قەبىلە بولۇپ، ئاممان بىلەن يەمەندىكى ھەزرەمۇت شەھىرىنىڭ «ئەھقاف» دېگەن يېرىدە ياشايتتى. ئۇلارنىڭ چوقۇنىدىغان مەخسۇس بۇتلىرى بار ئىدى. ئاد قەۋمى ناھايىتى كۈچلۈك ۋە قامەتلىك قەۋم بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا ھۇد ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن. ھۇد ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نام-ئابرۇيلۇق ئائىلىدىن ئىدى. ھۇد ئەلەيھىسسالام ئۆز قەۋمىنى ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىگە ئېتىقاد قىلىش ۋە بارلىق ئىبادەتلەرنى ئۇنىڭغا قىلىش لازىملىقىنى تەكىتلەپ، ئۇلارنى ئىمانغا دەۋەت قىلغان بولسىمۇ، ئۇلار ھۇد ئەلەيھىسسالام دەۋەت قىلغان دىنىنى يالغانغا چىقىرىپ، ئۇنى ئىنكار قىلغان ۋە يامان قىلمىشلىرىنى داۋاملاشتۇرۇۋەرگەن. ئاندىن ئاللاھ تائالا ئۇلارنى يامغۇردىن مەھرۇم قىلىش بىلەن جازالىغان بولسىمۇ، ئۇلار قىلمىشلىرىدىن يانمىغان، ئىمان ئېيتقىلى ئۇنىمىغان ۋە ھۇد ئەلەيھىسسالامغا قارشى تۇرغان. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا ئۇلارغا قاتتىق بوراننى ئەۋەتىش بىلەن ئۇلارنى تەلتۆكۈس ھالاك قىلىۋەتكەن.

﴿تُدَمِّرُ كُلَّ شَىْءٍۭ بِأَمْرِ رَبِّهَا فَأَصْبَحُوا۟ لَا يُرَىٰٓ إِلَّا مَسَـٰكِنُهُمْ ۚ كَذَٰلِكَ نَجْزِى ٱلْقَوْمَ

﴿ٱلۡمُجۡرِمِينَ﴾ يەنى ﴿ئۇ (بوران) رەببىنىڭ ئەمرى بىلەن ھەممە نەرسىنى ۋەيران قىلىدۇ». شۇنىڭ بىلەن (ئۇلار ھالاك بولۇپ، ئۇ يەردە) ئۇلارنىڭ (خارابىگە ئايلانغان) ئۆي-ماكانلىرىدىن باشقا نەرسە كۆرۈنمەيدىغان بولۇپ قالدى. بىز گۇناھكار قەۋمنى ئەنە شۇنداق جازالايمىز﴾[1].

### ◄ تەپسىرى

ئاد قەۋمىگە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ھۇد ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق. ھەربىر قەۋمگە ئۆز مىللىتىدىن چىققان، ئەخلاقىنى، نەسەبىنى ۋە بارلىق ئەھۋالىنى ئوبدان بىلىدىغان كىشىلەرنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىشىمىز ئۇ قەۋمنىڭ پەيغەمبەرنى قوبۇل قىلىشى، دەۋىتىنى ئاڭلىشى ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىشى ئۈچۈندۇر. پەيغەمبەرنى ئۆز قەۋمىدىن ئەۋەتىش ئۇلارنى قايىل قىلىش ۋە ھەق يولغا باشلاش ئۈچۈن پايدىلىقتۇر.

ھۇد ئەلەيھىسسالام ئۆز قەۋمىگە: ئى قەۋمىم! ئىبادەتنى ئاللاھ تائالاغا قىلىڭلار، ساختا مەبۇدلارغا چوقۇنماڭلار، چۈنكى ئاللاھ تائالا يېگانە مەبۇدتۇر، شۇڭا بارلىق ئىبادەت ئۇنىڭغىلا قىلىنىدۇ. سىلەرگە ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر. ئاللاھ تائالانىڭ ھېچبىر شېرىكى ياكى ياردەمچىسى يوقتۇر. سىلەر ھەقىقىي ئىلاھىڭلارنى قويۇپ بۇتلارغا چوقۇنۇشىڭلاردىن ئاقىۋەتتە ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن قورقمامسىلەر؟! دېگەن.

ھۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ئۇنىڭ بۇ چىرايلىق دەۋىتىگە قارىتا نېمە دېدى؟ ئۇنىڭ قەۋمى ئىچىدىكى ئىمان ئېيتىشقا ئۇنىمىغان كاتتىباشلار، خۇسۇسەن ئۇلارنىڭ ھەقىقەتكە جان-جەھلى بىلەن قارشى تۇرىدىغان ئەشەددىي كاپىرلىرى: بىز سېنى ئەقلىدىن ئازغان، ئەخمەقلەرچە ئىش قىلىۋاتقان بىرى دەپ قارايمىز. چۈنكى، سەن ئۆز قەۋمىڭنىڭ دىنىنى ئىنكار قىلىپ، يېڭى بىر دىنغا تەرغىب قىلىۋاتىسەن، دېدى. بۇلارنىڭ ئەقىلسىزلىقىغا قارىمامسىز! ئۇلار ئەقلىنى ئىشلىتىپ، تەپەككۇر قىلىپ كۆرمەستىنلا، خۇددى نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى نۇھ ئەلەيھىسسالامغا: ﴿إِنَّا لَنَرَىٰكَ فِي ضَلَٰلٖ مُّبِينٖ﴾ يەنى ﴿بىز سېنى ئوپئوچۇق ئازغۇنلۇقتا دەپ قارايمىز﴾[2] دېگەندەك، ئۇلار ھۇد ئەلەيھىسسالامغا: ﴿بىز سېنى ھەقىقەتەن ئەخمەق ھېسابلايمىز، بىز سېنى ئەلۋەتتە يالغانچىلاردىن دەپ

---

[1] ئەھقاف سۈرىسى 25-ئايەت.

[2] ئەئراف سۈرىسى: 60- ئايەت.

قارايمىز﴾ دېدى.

ھۇد ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا قانداق جاۋاب بەردى؟ ھۇد ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: ئى قەۋمىم! ئى تۇغقانلىرىم! مەن سىلەرنى ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى ئىقرار قىلغان ھالدا، بارلىق ئىبادەتلەرنى ئۇنىڭ ئۆزىگىلا قىلىشقا چاقىرىشتا ئەخمەق ئەمەسمەن، ئەقلىمدىن ئازغانمۇ ئەمەسمەن. مەن پەقەت ئالەملەرنى ياراتقان زات ئاللاھنىڭ ئەلچىسىمەن. ئۇ مېنى بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنداشقا تاللىدى. ئاللاھ كىمنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىشنى ئوبدان بىلىدۇ ئەمەسمۇ؟!

ھۇد ئەلەيھىسسالام قەۋمىنىڭ تۆھمەتلىرىگە جاۋاب بېرىشتە، قەۋمى ئۆپئوچۇق ئەخمەقلىق ۋە ئەقىلسىزلىق قىلىپ ئاغزىغا كەلگەنلەرنى جۆيلۈگەن بولسىمۇ، ئۇلارغا ئۆزىنىڭ ئەقىلسىز ياكى ئەخمەق ئەمەسلىكىنى جاكارلىدى، ئەمما ئۇلارنى ئەخمەقلەر ياكى ئەقىلسىزلەر، دەپ ئەيىبلىمىدى. چۈنكى، كىشىلەرنى ئەيىبلەپ تۇرۇپ، ئۇلارنى ياخشى ئىشقا دەۋەت قىلغىلى بولمايدۇ. بۇنى پەيغەمبەرلەر ئوبدان بىلىدۇ. ئەسلىدە ئۇنىڭ قەۋمى ئەيىبلىنىشكە تولىمۇ تېگىشلىك ئىدى. چۈنكى، ئۇلار ئەڭ ئازغۇن، ئەڭ ئەقىلسىز قەۋم ئىدى، ئۇلار ھەق دىنغا قارشى چىقىش ئارقىلىق ئۆزىگە ۋە باشقىلارغا زۇلۇم قىلغان زالىملار ئىدى. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىنسانلارنى قايىل قىلىشى ۋە ئۇلارغا ئۈلگە بولۇشى ئۈچۈن ئۇلارنى ئەنە شۇنداق ئەدەپ-ئەخلاقلىق، سەۋرچان ۋە مۇلايىم قىلىپ يېتىشتۈرىدۇ.

ئى قەۋمىم! مەن پۈتكۈل ئالەملەرنى ياراتقان ۋە ئۇلارنى ئىدارە قىلىپ تۇرۇۋاتقان رەببىڭلارنىڭ سىلەرگە ئەۋەتكەن ھەق ئەلچىسىمەن، مېنىڭ مەسئۇلىيىتىم سىلەرگە ھەق دىننى يەتكۈزۈش ۋە دىنىي مەسىلىلەرنى تولۇق بىلدۈرۈپ قويۇشتۇر. مەن سىلەر ئۈچۈن ئىشەنچلىك نەسىھەتچىمەن. مېنى بۇنىڭدىن ئىلگىرى بىلگىنىڭلاردەك ھازىرمۇ ئىشەنچلىك كىشىڭلارمەن، مەن ھەرگىز يالغانچىلاردىن ئەمەسمەن. مەن ئىلگىرىمۇ ھېچبىر ئىشتا يالغان سۆزلىمىگەن تۇرسام، قانداقمۇ ئاللاھ تائالانىڭ نامىدىن يالغان ئېيتىپ ئۆزۈمنى پەيغەمبەر دەپ ئېلان قىلىمەن؟!

ئاراڭلاردىن بىر ئادەمنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئەلچىسى بولۇپ كەلگەنلىكىدىن ئەجەبلىنىپ كەتتىڭلارمۇ؟ شۇ ئادەم ئارقىلىق رەببىڭلار تەرىپىدىن سىلەرگە نەسىھەت كەلگەنلىكىدىن ھەيران قېلىۋاتامسىلەر؟ ئى قەۋمىم! ئاللاھ تائالانىڭ سىلەرگە ئاتا قىلغان نېمەتلىرىنى ياد

ئېيتتىڭلار. چۈنكى، ئۇ سىلەرنى نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋملىرىنىڭ مىراسلىرىغا ئىگە قىلدى، سىلەرنى ئۇلارنىڭ ئورنىغا دەسسەتتى، ئۇلارنىڭ زېمىنلىرىدە ياشاتتى، سىلەرنىڭ قامەتلىرىڭلارنى بەستلىك، ئۆزۈڭلارنى كۈچلۈك قىلدى[1]. ئى قەۋمىم! ئاللاھ تائالاغا تۈزكورلۇق قىلىپ، ئۇنىڭ ئازابىغا لايىق بولۇپ قېلىشىڭلاردىن ھەزەر ئەيلەڭلار، نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىگە كەلگەن ئازابنىڭ سىلەرگىمۇ كېلىپ قېلىشىدىن ساقلىنىڭلار، مەقسىتىڭلارغا يېتىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىنى ئەسكە ئېلىڭلار، ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىڭلار، ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىڭلار، بۇتلاردىن يۈز ئۆرۈڭلار.

ھۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ جاۋابى نېمە بولدى؟

سەن بىزنى بىرلا ئاللاھقا ئىبادەت قىلىپ، ئاتا-بوۋىلىرىمىز چوقۇنۇپ كەلگەن بۇتلاردىن يۈز ئۆرۈشكە چاقىرىش ئۈچۈن كەلدىڭمۇ؟ بۇ ئەجەبلىنەرلىك بىر ئىشقۇ؟!

ئەگەر بىزنى رەببىڭنىڭ ئازابىدىن قورقۇتۇشتا راستچىل بولساڭ، سېنىڭ بارلىق ئاگاھلاندۇرۇشلىرىڭ راست بولسا، سەن بىزنى قورقۇتۇۋاتقان ئازابنى بىر كەلتۈرۈپ باققىنە قېنى؟ راستىنىلا بىز شۇ ئازابنى كۆرۈشكە ئالدىراۋاتىمىز. شەكسىزكى، بۇ ئۇلارنىڭ ھەددىدىن ئاشقان مەغرۇرلۇق ۋە ھاكاۋۇرلۇق بىلەن ئېيتقان سۆزى ئىدى.

ھۇد ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: رەببىڭلار سىلەرگە ئازابنى بەلگىلىۋەتتى، دېدى. ئۇلارغا كەلگەن ئازاب قاتتىق بوران ئىدى. بوراننىڭ قاتتىقلىقىدىن ئۇلار يىراق-يىراقلارغا ئېتىلىپ تاشلانغان ئىدى.

ھۇد ئەلەيھىسسالام ئۆز قەۋمىگە شۇنداق چىرايلىق نەسىھەت قىلغانكى، ئى قەۋمىم! مەن سىلەرنىڭ ھالىڭلارغا ئەجەبلىنىۋاتىمەن، ئاقىۋىتىڭلاردىن ئەنسىرەۋاتىمەن. ئاللاھ تائالا سىلەرگە بۇ بۇتلارغا چوقۇنۇشنىڭ توغرىلىقى ياكى ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى توغرۇلۇق ھېچقانداق دەلىل چۈشۈرمىگەن تۇرسا، سىلەر ھەقىقەتتى يوق، پايدىسىمۇ يوق، پەقەت ئۆزۈڭلار ۋە ئاتا-بوۋىلىرىڭلار شۇنداق ئاتىۋالغان بۇ بۇتلارنىڭ ئىسىملىرى ھەققىدە مەن بىلەن مۇنازىرىلىشىۋاتامسىلەر؟ سىلەرنىڭ ھەقىقىي ياراتقۇچى ئاللاھ تائالانى قويۇپ بۇ بۇتلارغا چوقۇنۇشۇڭلارنى يوللۇق قىلىدىغان ھېچقانداق دەلىل-ئىسپاتىڭلار يوق. ئەگەر سىلەر بۇ يولۇڭلارنى ئۆزگەرتمەي، ئۇنى ئۆزۈڭلار بىلگەنچە شۇنداق داۋاملاشتۇرماقچى

[1] تارىخچى مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، ئاد قەۋمى بەستلىك ۋە تولىمۇ كۈچلۈك قەۋم ئىكەن.

بولساڭلار، بولدى سىلەر ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىنى كۈتۈڭلار. ئۇنىڭ ئازابى ھەقىقەتەن قاتتىق بولىدۇ. مەنمۇ سىلەر بىلەن بىرگە ئۇ ئازابنىڭ تېزرەك كېلىشىنى كۈتىمەن. شۇنداق قىلىپ، ئۇلارغا ئاللاھ تائالانىڭ ئازابى چۈشكەندە، ئاللاھ تائالا ھۇد ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقانلارنى قۇتقۇزۇپ قالدى. كاپىرلارنى پۈتۈنلەي يوق قىلىۋەتتى.

## مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ساختا ئىلاھلارنى ئىنكار قىلىپ، يېگانە ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتىش، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىش پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق بۇرچىدۇر.

2. پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئورتاق دەۋىتى ﴿ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە ئاللاھتىن باشقا (ھەقىقىي) ئىلاھ يوق﴾ دېيىشتىن ئىبارەت بولغان.

3. پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋەزىپىسى ھەق دىنىنى يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت بولۇپ، ھىدايەت ئاللاھ تائالادىندۇر.

4. كىشىلەرگە چىرايلىق ۋەز-نەسىھەت قىلىش جىمى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئورتاق پرىنسىپى بولغىنىدەك، ئۇلارنىڭ گۈزەل ئەخلاقىدۇر.

5. نېمەتنى تونۇغان ۋە ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلغان ئادەم ئۇنىڭ پايدىسىنى ئۆزى كۆرىدۇ. چۈنكى، ئۆزىگە ئاتا قىلىنغان سانسىزلىغان نېمەتلەرنى تونۇغان ئادەم ئۆزىنىڭ كۆپ ئارتۇقچىلىقلارغا ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ-دە، خۇشاللىق ۋە قانائەت ئىچىدە ھايات كەچۈرىدۇ.

## سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى

﴿وَإِلَىٰ ثَمُودَ أَخَاهُمۡ صَٰلِحٗاۚ قَالَ يَٰقَوۡمِ ٱعۡبُدُواْ ٱللَّهَ مَا لَكُم مِّنۡ
إِلَٰهٍ غَيۡرُهُۥۖ قَدۡ جَآءَتۡكُم بَيِّنَةٞ مِّن رَّبِّكُمۡۖ هَٰذِهِۦ نَاقَةُ ٱللَّهِ لَكُمۡ
ءَايَةٗۖ فَذَرُوهَا تَأۡكُلۡ فِيٓ أَرۡضِ ٱللَّهِۖ وَلَا تَمَسُّوهَا بِسُوٓءٖ فَيَأۡخُذَكُمۡ
عَذَابٌ أَلِيمٞ ٧٣ وَٱذۡكُرُوٓاْ إِذۡ جَعَلَكُمۡ خُلَفَآءَ مِنۢ بَعۡدِ عَادٖ
وَبَوَّأَكُمۡ فِي ٱلۡأَرۡضِ تَتَّخِذُونَ مِن سُهُولِهَا قُصُورٗا وَتَنۡحِتُونَ
ٱلۡجِبَالَ بُيُوتٗاۖ فَٱذۡكُرُوٓاْ ءَالَآءَ ٱللَّهِ وَلَا تَعۡثَوۡاْ فِي ٱلۡأَرۡضِ مُفۡسِدِينَ

﴿٧٤﴾ قَالَ ٱلۡمَلَأُ ٱلَّذِينَ ٱسۡتَكۡبَرُواْ مِن قَوۡمِهِۦ لِلَّذِينَ ٱسۡتُضۡعِفُواْ لِمَنۡ
ءَامَنَ مِنۡهُمۡ أَتَعۡلَمُونَ أَنَّ صَٰلِحًا مُّرۡسَلٞ مِّن رَّبِّهِۦۚ قَالُوٓاْ إِنَّا بِمَآ
أُرۡسِلَ بِهِۦ مُؤۡمِنُونَ ﴿٧٥﴾ قَالَ ٱلَّذِينَ ٱسۡتَكۡبَرُوٓاْ إِنَّا بِٱلَّذِيٓ ءَامَنتُم
بِهِۦ كَٰفِرُونَ ﴿٧٦﴾ فَعَقَرُواْ ٱلنَّاقَةَ وَعَتَوۡاْ عَنۡ أَمۡرِ رَبِّهِمۡ وَقَالُواْ
يَٰصَٰلِحُ ٱئۡتِنَا بِمَا تَعِدُنَآ إِن كُنتَ مِنَ ٱلۡمُرۡسَلِينَ ﴿٧٧﴾ فَأَخَذَتۡهُمُ
ٱلرَّجۡفَةُ فَأَصۡبَحُواْ فِي دَارِهِمۡ جَٰثِمِينَ ﴿٧٨﴾ فَتَوَلَّىٰ عَنۡهُمۡ وَقَالَ يَٰقَوۡمِ
لَقَدۡ أَبۡلَغۡتُكُمۡ رِسَالَةَ رَبِّي وَنَصَحۡتُ لَكُمۡ وَلَٰكِن لَّا تُحِبُّونَ
ٱلنَّٰصِحِينَ ﴿٧٩﴾

### ◄ تەرجىمىسى

73-سەمۇد قەۋمىگە ئۇلارنىڭ قېرىندىشى سالىھنى (پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق). ئۇ: «ئى قەۋمىم! ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە ئاللاھتىن باشقا (ھەقىقىي) ئىلاھ يوقتۇر. سىلەرگە ھەقىقەتەن رەببىڭلار تەرىپىدىن (مېنىڭ پەيغەمبەرلىكىمنى ئىسپاتلاپ) ئوپئوچۇق مۆجىزە كەلدى، مانا بۇ ئاللاھنىڭ (تاشتىن چىقارغان) چىشى تۆگىسىمۇ سىلەر ئۈچۈن بىر مۆجىزىدۇر، ئۇنى قويۇۋېتىڭلار، ئاللاھنىڭ زېمىنىدا (ئىختىيارى) ئوتلىسۇن، ئۇنىڭغا زىيان-زەخمەت يەتكۈزمەڭلار، بولمىسا سىلەرنى قاتتىق ئازاب ھالاك قىلىدۇ.

74-ئېسىڭلاردا تۇتۇڭلاركى، ئۆز ۋاقتىدا ئاللاھ سىلەرنى ئاد قەۋمىدىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئورنىغا دەسسىتىپ، (ھىجر) زېمىنىغا ئورۇنلاشتۇرغان ئىدى، ئۇنىڭ تۈزلەڭلىكلىرىگە قەسىرلەرنى سالغان ۋە تاغلارنى تېشىپ ئۆيلەرنى ياسىغان ئىدىڭلار. ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىنى ياد ئېتىڭلار، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ قالايمىقانچىلىق تېرىماڭلار» دېدى.

75-ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ ھاكاۋۇر كاتتىباشلىرى بوزەك قىلىنغانلارغا-ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى مۇئمىنلەرگە: «سىلەر سالىھنى رەببى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر دەپ بىلەمسىلەر؟» دېدى. ئۇلار: «بىز ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ئەلۋەتتە ئىشىنىمىز» دېدى.

76-ھېلىقى ھاكاۋۇرلار: « سىلەر ئىشەنگەننى بىز ئىنكارقىلىمىز» دېدى.

77-ئاندىن ئۇلار ھېلىقى چىشى تۆگىنى بوغۇزلاپ، رەببىنىڭ ئەمرىنى

تۆتۈشتىن باش تارتتى ۋە: «ئى سالىھ! ئەگەر سەن راستتىنلا پەيغەمبەرلەردىن بولساڭ، بىزنى قورقۇتقان ئازابنى كەلتۈرۈپ باق» دېدى.

78-شۇنىڭ بىلەن ئۇلار قاتتىق يەر تەۋرەشكە تۇتۇلدى-دە، ئۇلار ئۆيلىرىدە ئۆلتۈرگان پېتى قېتىپ قالدى.

79-سالىھ ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈدى ۋە: «ئى قەۋمىم! سىلەرگە ھەققەتەن رەببىمنىڭ پەرمانىنى يەتكۈزدۈم، سىلەرگە نەسىھەت قىلدىم، لېكىن سىلەر نەسىھەت قىلغۇچىلارنى ياقتۇرمايسىلەر» دېدى.

## ◄ سەمۇد قەۋمى ھەققىدە قىسقىچە بايان

سەمۇد قەۋمى قەدىمقى «بائىدە»[1] ئەرەبلىرىدىن كەلگەن بولۇپ، ئاد قەۋمى ھالاك قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئورنىغا كەلگەن، ئۇلارنىڭ يۇرتلىرىدا ياشىغان قەۋم ئىدى. سەمۇد قەۋمىمۇ بۇتلارغا چوقۇناتتى. ئۇلارغا ئاللاھ تائالا كۆپ نېمەتلەرنى ۋە نۇرغۇنلىغان ماددىي ئىمكانىيەتلەرنى ئاتا قىلغان. ئاللاھ تائالا ئۇلارغا سالىھ ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن بولسىمۇ، ئۇلار سالىھ ئەلەيھىسسالامغا ئەگەشمىگەن ۋە ئۇنىڭغا كەلگەن دىننى ئىنكار قىلغان. ئاللاھ تائالا سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى سۈپىتىدە ئۇلارغا تاشتىن بىر چىشى تۆگە چىقىرىپ بەرگەن، ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿ئۇنى قويۇۋېتىڭلار، ئاللاھنىڭ زېمىنىدا (ئىختىيارى) ئوتلىسۇن﴾ دېگەن ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىپ ھېلىقى چىشى تۆگىنى بوغۇزلاپ تاشلىغان. ئاندىن ئۇلارغا: ﴿تَمَتَّعُواْ فِي دَارِكُمْ ثَلَاثَةَ أَيَّامٍۖ ذَٰلِكَ وَعْدٌ غَيْرُ مَكْذُوبٍ﴾ يەنى ﴿يۇرتۇڭلاردا (ھاياتلىقتىن) ئۈچ كۈن بەھرىمەن بولۇۋېلىڭلار (ئاندىن ھالاك بولىسىلەر)، بۇ يالغانغا چىقىرىلمايدىغان بىر ئاگاھلاندۇرۇشتۇر﴾[2] يەنى ئازاب سىلەرگە بەلگىلىنىپ بولدى، ئەمدى سىلەر ئۇنى كۈتۈڭلار، دېيىلگەن.

---

[1] بائىدە ئەرەبلىرى-ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ قەدىمقى ئەسلى ئاھالىلىرىدىن بولۇپ، ئاد، سەمۇد، ئەمالىقىلەر، جۇرھۇملار، جەدىس، ئەمىم، ئەگىل ۋە ۋەبار قەبىلىلىرىنى كۆرسىتىدۇ. تارىخچىلارنىڭ نەزىرىدە، بۇ قەبىلىلەرنىڭ نەسلى ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنلا مۇنقەرز بولغان. بۇلار ھەققىدىكى مەلۇماتلار تازا ئېنىق ئەمەس. ئومۇمەن قەدىمقى ئەرەبلەرنى تارىخچىلار «بائىدە ئەرەبلىرى»دەپ ئاتىشىدۇ. «تارىخى تەبەريي»دە، بائىدە ئەرەبلىرىنىڭ نەسەبى نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغۇللىرىدىن سامنىڭ نەسلىدىن كەلگەنلىكى، سامنىڭ ئوغلى ئىرەمنىڭ ئۇۋەز ۋە جائىر دەپ ئىككى ئوغلى بولۇپ، جائىرنىڭ نەسلىدىن ئاد، ئۇۋەزنىڭ نەسلىدىن سەمۇد قەۋملىرى كەلگەنلىكى قەيت قىلىنىدۇ.

[2] ھۇد سۈرىسى 65-ئايەت.

شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا قاتتىق بىر ئاۋاز بىلەنلا ئۇلارنى پۈتۈنلەي ھالاك قىلىۋېتىپ، سالىھ ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ دىنىغا كىرگەن مۆئمىنلەرنى قۇتقۇزۇپ قالغان. مانا بۇ زالىملارنىڭ ئاقىۋىتى ئىدى.

### ◄ تەپسىرى

بىز ھەقىقەتەن سەمۇد قەۋمىگە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن سالىھ ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق. سالىھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: ئى قەۋمىم! ئىبادەتلەرنى ئاللاھ تائالاغىلا قىلىڭلار، چۈنكى سىلەرگە ئاللاھ تائالادىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوقتۇر. ئاللاھ تائالا سىلەرنى تۇپراقتىن يارىتىپ، يەر يۈزىنى سىلەر ئۈچۈن ئاۋات قىلىپ بەردى، سىلەرنى ئاد قەۋمىنىڭ دىيارلىرىغا ئىگە قىلدى. شۇڭا سىلەر بۇتلارغا چوقۇنۇشنى تاشلاپ، ئاللاھ تائالاغا تەۋبە قىلىڭلار، توغرا يولغا كىرىڭلار، ئاللاھ تائالا ھەقىقەتەن دۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلغۇچى ۋە سىلەرگە ئەڭ يېقىن رەببىڭلاردۇر. ئى قەۋمىم! مېنىڭ راستتىنلا ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىمنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن سىلەرگە رەببىڭلار تەرىپىدىن ئوپئوچۇق مۆجىزە كەلدى. مانا بۇ چىشى تۆگىمۇ ئاللاھ تائالانىڭ سىلەرنىڭ تەلىپىڭلارغا ئاساسەن تاشتىن چىقىرىپ بەرگەن مۆجىزىسىدۇر، دېدى.

«ئايەتتە تۆگىنى ئاللاھ تائالاغا مەنسۇپ قىلىپ ﴿نَاقَةُ ٱللَّهِ﴾ يەنى ﴿ئاللاھنىڭ چىشى تۆگىسى﴾ دېگەنلىك تۆگىنىڭ شەنىنى كۆتۈرۈش ۋە ئۇنى ھۆرمەتلەش ئۈچۈندۇر. چۈنكى، بۇ تۆگە سالىھ ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن بىردىنبىر مۆجىزە ئىدى»[1].

#### بۇ قانداق مۆجىزە؟

سالىھ ئەلەيھىسسالام قەۋمىگە ناھايىتى ئورۇنلۇق ۋە مەنتىقلىق ھالدا ۋەز-نەسىھەت قىلىپ، ئۇلارنى بۇتلارغا چوقۇنۇشنى تاشلاپ، گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىپ، بىر ئاللاھقىلا ئېتىقاد ۋە ئىبادەت قىلىدىغان ھەق دىنغا كىرىشكە چاقىرىدۇ. ئەمما قەۋمى ئۇنىڭ دەۋىتىنى رەت قىلىشتا چىڭ تۇرىدۇ ۋە سالىھ ئەلەيھىسسالامنى مەسخىرە قىلىپ، كەلسە-كەلمەس سۆزلەرنى قىلىپ، ئۇنىڭدىن مۆجىزە تەلەپ قىلىدۇ. بىر كۈنى ئۇنىڭ قەۋمى جەم بولۇپ، ئۇنىڭدىن «ئەگەر سەن مۇشۇ قورام تاشنىڭ ئىچىدىن بىر چىشى تۆگە چىقىرىپ بەرسەڭ، شۇ ۋاقىتتا بىز سېنىڭ راستتىنلا

[1] «التفسير الواضح» 1- توم، 732- بەت.

ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىڭنى ئېتىراپ قىلىمىز» دەپ شەرت قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سالىھ ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىپ قورام تاشنىڭ ئىچىدىن چىشى تۆگە چىقىرىپ بېرىشىنى ۋە شۇ مۆجىزە ئارقىلىق قەۋمىنى ھىدايەتكە باشلاشنى تىلەيدۇ. چۈنكى، سالىھ ئەلەيھىسسالام ئەگەر ئاللاھ تائالا تاشتىن چىشى تۆگە چىقىرىپ بەرسە، قەۋمىنى دەرھال ئىمان ئېيتىدۇ، دەپ ئويلاپ قالغان ئىدى. نىھايەت ئاللاھ تائالا سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا تاشتىن بىر چىشى تۆگە چىقىرىپ بېرىدۇ. بۇ چىشى تۆگە قورام تاشنىڭ ئىچىدىن بوتىلىقى بىلەن بىللە چىقىدۇ. لېكىن بۇ ئازغۇن قەۋم ئۆزلىرى تەلەپ قىلغان مۆجىزە بېرىلگەن تۇرسىمۇ، سۆزىدە تۇرمايدۇ، ئىمان ئېيتمايدۇ، يەنىلا ئىلگىرىكى كاپىرلىقىنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

بۇ ۋاقىتتا سالىھ ئەلەيھىسسالام قەۋمىگە دەيدۇ: ئى قەۋمىم! بۇ چىشى تۆگە سىلەرنىڭ تەلىپىڭلارغا ئاساسەن، ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن بىر مۆجىزە بولۇپ كەلدى. ئۇنى ئۆز ھالىغا قويۇپ بېرىڭلار، ئۇنىڭغا چېقىلماڭلار، ئۇ ئاللاھنىڭ زېمىنىدا ئىختىيارىي ئوتلىسۇن، ئۇنى يولىدىن توسماڭلار، ئۇنىڭغا چېقىلماڭلار.

بۇ چىشى تۆگە ناھايىتى چوڭ تۆگە بولۇپ، قۇدۇقنىڭ سۈيىنى بىر قېتىمدا ئىچىپ بولاتتى، ئاندىن پۈتۈن قەۋمىنى ئۆزىنىڭ سۈتى بىلەن تەمىنلەيتتى. ئەمما سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى «بۇ چىشى تۆگە بىزنىڭ سۈيىمىزنىڭ ھەممىسىنى ئىچىۋالىدى» دەپ شىكايەت قىلىشقا باشلىغاندىن كېيىن، سالىھ ئەلەيھىسسالام «تۆگىنىڭ سۇ ئىچىدىغان كۈنى ئايرىم، سىلەرنىڭ قۇدۇقتىن سۇ ئالىدىغان كۈنۈڭلار ئايرىم بولسۇن» دەپ قۇدۇقتىن سۇ ئېلىش ۋاقىتلىرىنى تۆگە بىلەن قەۋمى ئوتتۇرىسىدا تەقسىم قىلىپ بېرىدۇ.

ئاندىن سالىھ ئەلەيھىسسالام يەنە قەۋمىنى ھەق دىنغا دەۋەت قىلىشنى داۋاملاشتۇرىدۇ، خۇسۇسەن ئۇلار تەلەپ قىلغان مۆجىزە كەلگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىپ، بارلىق ئىبادەتلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگىلا قىلىشى لازىملىقىنى قايتا-قايتا تەكىتلەيدۇ. ئۇلارغا ئاللاھ تائالانىڭ كاتتا نېمەتلىرىنى ئەسلىتىپ، ئاللاھ تائالا سىلەرنى ئاد قەۋمىنىڭ دىيارلىرىغا ئىگە قىلدى، مەدەنىيەت ۋە بىناكارلىقتا سىلەرنى ئۈستۈن قىلدى، ئېگىز بىنالارغا ئىگە قىلدى، سىلەرگە تاغۇ-تاشلارنى ئويۇپ ئۆي-ئىمارەت ياساش سەنئىتىنى ئىلھام قىلدى، سىلەرنى كۈچلۈك قىلدى، دېگەندەك ۋەز-نەسىھەتلەرنى قىلىدۇ.

سەمۇد قەۋمى قىش كۈنلىرى تاغلاردا، قالغان پەسىللەردە تۈزلەڭلىكلەردە ياشايتتى. سالىھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا بۇ نېمەتلەرنى ئەسلىتىپ، مۇشۇنداق ياخشى، پاراۋانلىق تۇرمۇشنى ئاتا قىلغان رەببىڭلارغا شۈكۈر قىلىڭلار، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىڭلار، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلماڭلار، بىلسەڭلار بۇ سىلەر ئۈچۈن ئەڭ ياخشىدۇر، دەپ ۋەز-نەسىھەت قىلدى.

ئۇنىڭ قەۋمى ئىچىدىكى ئىنكارچى كاتتىباشلىرى سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىغا كىرگەن ئاجىز ۋە يوقسۇل مۆئمىنلەرگە قاراپ: «سىلەر تېخى مۇشۇ سالىھنى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى دەپ ئىشىنەمسىلەر؟» دەپ مەسخىرە قىلاتتى. تارىختىن بېرى پەيغەمبەرلەرگە ئەڭ دەسلەپ ئەگەشكەنلەرنىڭ كۆپىنچىسى جەمئىيەتنىڭ تۆۋەن تەبىقىلىرىدىن سانىلىدىغان كىشىلەر ئىدى. چۈنكى، كۆپىنچە كاتتىباشلار ۋە ئاقساقاللار ئۆزلىرىنىڭ خەلق ئىچىدىكى نوپۇزىنىڭ يوقاپ كېتىشىدىن ياكى تۆۋەنلەپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ ئىنكار قىلاتتى.

كاتتىباشلار تەرىپىدىن بوزەك قىلىنغان ھېلىقى مۆئمىنلەر ئۇلارنىڭ مەسخىرىلىك سۆزىگە جاۋاب بېرىپ: «بىز شەكسىز بىلىمىز ۋە ئىشىنىمىزكى، سالىھ ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسىدۇر، بىز ئۇنىڭ دىنىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمىز، شۇڭا ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتتۇق» دەيدۇ. بۇ ھاكاۋۇر كاتتىباشلار ئۇلارغا: ﴿سىلەر ئىشەنگەنگە بىز ھەرگىز ئىشەنمەيمىز﴾ دەيدۇ. گويا ئۇلار سالىھ ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن بىر دىنىنىڭ كەلگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغانلىقىمىز بولۇپ قالمىسۇن، دېگەن نىيەتتە: «سالىھ ئېلىپ كەلگەن دىنىنى ئىنكار قىلىمىز» دېمەستىن، ﴿سىلەر ئىشەنگەنگە بىز ھەرگىز ئىشەنمەيمىز﴾ دەيدۇ.

سەمۇد قەۋمىنىڭ جىنايىتىگە كەلسەك، ئۇلار مەزكۇر چىشى تۆگىنى بوغۇزلىدى، ئۇلارنىڭ قۇدار ئىبنى سالىف دېگەن ئادىمى باشلامچى بولۇپ تۆگىگە قول سالدى. ئۇلار سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەز-نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سالمىدى، ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلدى. ئۇلار ھەددىدىن ئېشىپ: «ئى سالىھ! ئەگەر سەن راستتىنلا ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى بولىدىغان بولساڭ، بىزنى قورقۇتقان شۇ ئازابنى كەلتۈرمەمسەن؟ ئاللاھنىڭ ساڭا دۈشمەنلىرىڭگە قارشى ياردەم بېرىدىغانلىقىنى سۆزلەپ كېلىۋاتىسەن، مانا بىز ساڭا دۈشمەن بولۇۋاتىمىز، قېنى گېپىڭ راست بولسا، شۇ ئازابنى تېزرەك كەلتۈرۈپ، بىزنى ھالاك قىلمامسەن؟» دەپ مەسخىرە

قىلىنىشتى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا تۇساتتىن شۇنداق قاتتىق ئازاب يۈزلەندىكى، ئۇلار ئۆيلىرىدە ئولتۇرغان پېتى قېتىپ قېلىشتى. بۇ ئازاب قاتتىق ئاۋاز بىلەن باشلاندى. ئاۋازنىڭ قاتتىقلىقىدىن ئۇلارنىڭ يۈرەكلىرى تىترەپ كەتتى، ئۆي-ئىمارەتلىرى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە يىقىلدى. ئۇلار ئۆز ئۆيلىرىدە قېتىپ قالغان پېتى پۈتۈنلەي ھالاك بولدى.

ئاندىن سالىھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئۆلگەندىن كېيىنكى قېتىپ قالغان جەسەتلىرىگە قاراپ تۇرۇپ: ﴿ئى قەۋمىم! سىلەرگە ھەقىقەتەن رەببىمنىڭ پەرمانىنى يەتكۈزدۈم، سىلەرگە نەسىھەت قىلدىم، لېكىن سىلەر نەسىھەت قىلغۇچىلارنى ياقتۇرمىدىڭلار﴾ شۇڭا سىلەرگە بۇ ئازاب ھەقلىق بولدى، دېدى.

سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆلگەن قەۋمىگە قاراپ سۆز قىلىشى خۇددى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بەدرى غازىتىدا ئۆلگەن مۇشرىك قوشۇنىغا قاراپ: «هَلْ وَجَدْتُمْ مَا وَعَدَ رَبُّكُمْ حَقًّا» يەنى «رەببىڭلار ئاگاھلاندۇرغان ئازابنىڭ ھەقلىقىنى بىلدىڭلارمۇ؟»[1] دېگەن سۆزىگە ئوخشايدىغان بىر كايىش سۆزىدۇر.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالا ھەربىر پەيغەمبەرنى مەخسۇس مۆجىزە بىلەن كۈچلەندۈرگەن.

2. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن بۇرۇن ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەربىرى ئۆز قەۋمىگىلا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەن. ئەمما پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئاللاھنىڭ دىنىنى يەتكۈزۈش بۇرچىنى ئۈستىگە ئالغان ھالدا كەلگەن ئومۇمىي پەيغەمبەردۇر.

3. بارلىق پەيغەمبەرلەر كىشىلەرنى يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىشتىن توسۇش ئارقىلىق ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ئامانلىقىنى ۋە خاتىرجەملىكىنى تىلىگەن.

4. ھەرقانداق بىر مىللەت ياكى توپنىڭ مەلۇم نوپۇزغا ئىگە بولغان كىشىلىرى ئۆز نوپۇزىنى ساقلاپ قېلىش يولىدا ھەمىشە ھەقىقەتكە

---

[1] «صحيح البخاري» 5 ـ توم، 77 ـ بەت، 3980 ـ ھەدىس.

قارشى چىقىپ كەلگەن. پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغانلارمۇ مەزكۇر پەيغەمبەرلەر دەۋەت قىلغان دىنىنىڭ ھەقلىقىنى ناھايىتى ياخشى بىلەتتى. ئەمما ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كاتتىباشلار ئۆزلىرىنىڭ نوپۇزىنى ساقلاپ قېلىش ھېرىسلىقى بىلەن پەيغەمبەرلەرگە قارشى خەلقنى كۈشكۈرتۈپ كەلگەن.

5. ھەرقانداق پەيغەمبەرگە ئەڭ دەسلەپ ئەگەشكەنلەرنىڭ كۆپ سانلىقى يوقسۇللاردىن بولغان. ئەمما بايلار ۋە نوپۇز ئىگىلىرى ئەگەر پەيغەمبەرگە ئەگەشسە ئۆزىنىڭ مۇتلەق چوڭلۇق ۋە كاتتىباشلىق مەنسىپى بۆلۈنۈپ كېتىشىدىن ياكى تۆۋەنلەپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ مەنپەئەت ۋە شۆھرەت يۈزىسىدىن ھەقىقەتنى رەت قىلغان.

## ◄ لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى

﴿وَلُوطًا إِذْ قَالَ لِقَوْمِهِۦٓ أَتَأْتُونَ ٱلْفَٰحِشَةَ مَا سَبَقَكُم بِهَا مِنْ
أَحَدٍ مِّنَ ٱلْعَٰلَمِينَ ﴿٨٠﴾ إِنَّكُمْ لَتَأْتُونَ ٱلرِّجَالَ شَهْوَةً مِّن دُونِ
ٱلنِّسَآءِ ۚ بَلْ أَنتُمْ قَوْمٌ مُّسْرِفُونَ ﴿٨١﴾ وَمَا كَانَ جَوَابَ قَوْمِهِۦٓ إِلَّآ أَن
قَالُوٓا۟ أَخْرِجُوهُم مِّن قَرْيَتِكُمْ ۖ إِنَّهُمْ أُنَاسٌ يَتَطَهَّرُونَ ﴿٨٢﴾ فَأَنجَيْنَٰهُ
وَأَهْلَهُۥٓ إِلَّا ٱمْرَأَتَهُۥ كَانَتْ مِنَ ٱلْغَٰبِرِينَ ﴿٨٣﴾ وَأَمْطَرْنَا عَلَيْهِم مَّطَرًا ۖ
فَٱنظُرْ كَيْفَ كَانَ عَٰقِبَةُ ٱلْمُجْرِمِينَ ﴿٨٤﴾﴾

## ◄ تەرجىمىسى

80-لۇتنى (سەدۇم ئاھالىسىگە پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتتۇق، ئۆز ۋاقتىدا ئۇ ئۆز قەۋمىگە مۇنداق دېگەن ئىدى: «سىلەر شۇنداق قەبىھ ئىشنى قىلامسىلەر؟ (بۇنداق قەبىھ ئىشنى) سىلەردىن ئىلگىرى جاھان ئەھلىدىن ھېچقانداق ئادەم قىلىپ باقمىغان ئىدى.

81-سىلەر ھەقىقەتەن ئاياللارنى تاشلاپ قويۇپ، ئەرلەر بىلەن جىنسىي تەلەپلىرىڭلارنى قاندۇرۇۋاتىسىلەر، سىلەر ھەقىقەتەن ھەددىدىن ئاشقۇچى قەۋم ئىكەنسىلەر».

82-لۇتنىڭ قەۋمىنىڭ بىردىنبىر جاۋابى: «ئۇلار (يەنى لۇت ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى)نى شەھىرىڭلاردىن چىقىرىۋېتىڭلار، چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىنى

پاك ساقلايدىغان كىشىلەرمىش» دېيىشتىن ئىبارەت بولدى.

83ـ لۇتنى ئۇنىڭ ئائىلە ئەزالىرى بىلەن بىللە (قەۋمىگە چۈشكەن ئازابتىن) قۇتقۇزدۇق، پەقەتلا ئۇنىڭ ئايالىنى بۇنىڭدىن مۇستەسنا. چۈنكى، ئۇ (شەھەردە) قېلىپ هالاك بولىدىغانلاردىن ئىدى.

84ـ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە (تاشتىن) يامغۇر ياغدۇردۇق، گۇناھكارلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىغا قارىغىن.

◄ تەپسىرى

يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ بېشىدىكى﴿وَلُوطًا﴾ دېگەن قىسمىنى بەزى مۇپەسسىرلەر: «بىز لۇتنى (سەدۇم ئاھالىسىگە) پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق» دەپ تەپسىر قىلغان. چۈنكى، بۇ ئايەتنىڭ ﴿وَلُوطًا﴾ دېگەن قىسمى مۇشۇ سۈرىدىكى ﴿لَقَدْ أَرْسَلْنَا نُوحًا إِلَىٰ قَوْمِهِۦ﴾ يەنى ﴿شەكسىزكى، بىز نۇھنى ئۆز قەۋمىگە (پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتتۇق﴾[1] دېگەن ئايەتكە باغلىنىدۇ، دەپ قارىلىدۇ. يەنى ئىلگىرى بىز نۇھ ئەلەيھىسسالامنى ئۆز قەۋمىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەندەك، لۇت ئەلەيھىسسالامنىمۇ سەدۇم ئاھالىسىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ھۇد، سالىھ قاتارلىق پەيغەمبەرلەرمۇ شۇنداق. يەنە بەزى مۇپەسسىرلەر ئايەتنىڭ ﴿وَلُوطًا﴾ دېگەن قىسمىنى «(ئى پەيغەمبەر!) لۇتنىمۇ ئەسلىگىن» دەپ تەپسىر قىلغان. چۈنكى، بۇ مۇپەسسىرلەر ئايەتنىڭ ئالدىدا «اُذْكُرْ» يەنى (ئەسلىگىن) دېگەن سۆز مەنە جەھەتتە بار دەپ قارايدۇ. ھەر ئىككى تەپسىر لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭمۇ ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن پەيغەمبەرلەر قاتارىدا بىر پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئۆز ۋاقتىدا لۇت ئەلەيھىسسالام سەدۇم ئاھالىسىدىكى ئەرلەرنىڭ ئاياللارنى تاشلاپ قويۇپ، ئەرلەر بىلەن جىنسىي تەلىپىنى قاندۇرۇشتەك، ئىلگىرى جاھان ئەھلىدىن ھېچقانداق ئادەم قىلىپ باقمىغان، تولىمۇ قەبىھ ۋە ئىنتايىن يىرگىنىشلىك قىلىق ـ بەچچىۋازلىقنى قاتتىق ئەيىبلەيدۇ ۋە ئۇلارغا كايىپ، ئۇلارنىڭ بۇ قىلىقى ئۇلارنى ھايۋاندىنمۇ پەس دەرىجىگە چۈشۈرۈپ قويىدىغان، سەسكىنىشلىك قىلىق ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ كۆزىنى ئازغۇنلۇق ۋە ھايۋانىي شەھۋەت شۇنداق كور قىلىپ قويغانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ دىن ۋە ئەقىل قەتئىي قوبۇل

[1] ئەئراف سۈرىسى: 59ـ ئايەت.

قىلالمايدىغان، تەبىئىتى ساپ كىشىلەر نەپرەتلىنىدىغان شۇنداق يىرگىنىشلىك قىلىقنى قىلىپ تولىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكىنى ئۇلارغا ئەسكەرتىپ، ئۇلارنى ئاللاھ تائالانىڭ جازاسىدىن ئاگاھلاندۇردى.

لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ گۈزەل نەسىھەتىگە ۋە ئاگاھلاندۇرۇشىغا قارىتا ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ جاۋابى ئازراق بولسىمۇ پۇشايمان قىلىپ توغرىلىققا يول ئېلىش ياكى بۇ قىلمىشلىرى سەۋەبلىك ئۇنىڭدىن ئۆزرە سوراش بولمىدى، بەلكى ئۇلارنىڭ جاۋابى لۇت ئەلەيھىسسالامنى ئۇنىڭغا ئەگەشكەن مۆئمىنلەر بىلەن قوشۇپ يۇرتىدىن ھەيدەپ چىقىرىۋېتىشنى قارار قىلىش بولدى. ئۇلار بۇ قارارنىڭ سەۋەبىنى ئوچۇقلاپ: ﴿چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىنى پاك ساقلايدىغان كىشىلەرمىش﴾ دېيىشتى. دېمەك، ئەخلاقسىزلىق ئومۇملاشقان بۇ جەمئىيەتتە ئەخلاقلىق كىشىلەر ئەيىبلەنگەن.

لۇت ئەلەيھىسسالام ئۆز قەۋمىنى ھىدايەتكە يېتەكلەش ئۈچۈن كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسەتتى، ئۇلارنى توختىماستىن دىنغا دەۋەت قىلدى، ئۇلارغا ھىدايەت تىلەپ ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلدى، لېكىن خۇددى بەدەنگە چۈشكەن مىكروبنى تەلتۆكۈس ئېلىۋەتمىگۈچە بەدەننىڭ ساقلىقىنى ساقلىغىلى بولمىغاندەك، جىنسىي تەلپىنى ئەرلەر بىلەن قاندۇرۇشنى ئاياللارغا كېلىشتىن ئەۋزەل كۆرىدىغان بۇ قىلىقى سەت، پاسكىنا قەۋمنى يەر يۈزىدىن پۈتۈنلەي يوق قىلىۋەتمىگەندە، ئىنسانلار جەمئىيىتىنى بۇ ئەخلاقسىزلارنىڭ پالاكەتلىرىدىن ساقلاپ قېلىش مۇمكىن بولمايدىغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارغا قارىتا جازاسى ئاللىقاچان بەلگىلىنىپ بولغان ئىدى. شۇڭا لۇت ئەلەيھىسسالاممۇ ئاللاھ تائالادىن ئۇلارنىڭ تېزرەك ھالاك بولۇشىنى تىلىگەن. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا پەرىشتىلەرنى سەدۇم شەھىرىگە ئەۋەتتى، ئۇلار لۇت ئەلەيھىسسالامغا ئۆزلىرىنىڭ كېلىشتىكى مۇددىئاسىنى ئۇقتۇرۇپ، لۇت ئەلەيھىسسالام بىلەن ئائىلىسىنى قۇتقۇزۇپ قېلىپ، ئۇنىڭ ئايالىنى ۋە بارلىق كاپىرلارنى يوق قىلىۋېتىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە ئاساسەن، ئازاب كېلىشتىن ئاۋۋال لۇت ئەلەيھىسسالام ئائىلىسى بىلەن بىرلىكتە يۇرتتىن ئايرىلىدۇ. ئۇلار يۇرتىدىن ئايرىلىپ يىراقلاشقاندىن كېيىن، ئاللاھ تائالانىڭ ئازابى باشلىنىپ، لۇت قەۋمىگە چوڭ بىر زىلزىلە يۈزلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە تاش ياغىدۇ، ئۇلارنىڭ دىيارى ئاستىن-ئۈستۈن بولۇپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار پۈتۈنلەي دۇم كۆمتۈرۈلىدۇ.

لۇت قەۋمىنىڭ ئىزى يەر يۈزىدىن پۈتۈنلەي يوقىلىدۇ. لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى كاپىرلارغا تەرەپدار بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ ئازاب كېلىدىغان بۇ شەھەردە قېلىپ، ھالاك بولغۇچىلار بىلەن بىرلىكتە ھالاك بولۇپ تۈگىشىدۇ.

ئى پەيغەمبەر! ئەخلاقسىزلىقنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇۋېلىپ، ئەدەپ-ئەخلاقلىق كىشىلەرنى جەمئىيەتتىن يەكلەيدىغان، نەپسى خاھىشىنى ئەقلىگە ھاكىم قىلىۋالغان، جەمئىيەتنىڭ ساپلىقىنى بۇلغايدىغان مۇنداق پاسىقلارنىڭ قەۋمىنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىغا قارىغىن ۋە كۆرگىن. يەر يۈزىدە پاسىقلار قىلىقلارنى قىلىپ، بۇزۇقچىلىق تېرىغان مۇنداق بىر قەۋمگە بېرىلگەن بۇ يوق قىلىۋېتىش جازاسى تولىمۇ ئادالەتلىك بىر جازا ئىدى. مانا بۇ ئاللاھ تائالانىڭ قانۇنى بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ خاتىرجەم ھاياتىغا ۋە ئەخلاقىغا تەھدىت سالغان گۇناھكارلارنى شۇنداق جازالاپ يوق قىلىۋېتىدۇ.

## ◄ بەچچىۋازلىقنىڭ جازاسى

«ئىمام مالىك: بەچچىۋاز ئەگەر بالاغەتكە يەتكەن بىرى بولسا، تاش-كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ، قىلىنغۇچىمۇ شۇنداق جازالىنىدۇ، دەيدۇ. ئىمام ئەبۇ ھەنىفە: قىلغۇچى ۋە قىلىنغۇچى ھەر ئىككىسى قامچا بىلەن ئۇرۇپ جازالىنىدۇ، دەيدۇ. ئىمام شافىئىي: بەچچىۋازغا زىنا قىلغۇچىغا بېرىلىدىغان جازانىڭ ئۆزى بېرىلىدۇ، دەيدۇ»[1]. بۇلارنىڭ ھەممىسى مەزھەپ ئۆلىمالىرىنىڭ ئىجتىھادى بولۇپ، ئىسلام قانۇنى تەتبىق قىلىنىدىغان دۆلەتلەردە، مەھكىمە شەرئىي شارائىتقا قاراپ بىر تەرەپ قىلىدۇ.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

پاھىشىنىڭ ئەڭ قەبىھ تۈرى ئەرنىڭ ئەر بىلەن، ئايالنىڭ ئايال بىلەن جىنسىي تەلەپىنى قاندۇرۇشى بولۇپ، بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ۋە ئىنسانلارنىڭ نەزىرىدە ئەڭ يىرگىنىشلىك قىلىق ۋە ئېغىر گۇناھتۇر. لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ يەرگە دۈم كۆمتۈرۈلۈپ يوقىتىلغانلىقى ئۇلارنىڭ ئەرنىڭ ئەرگە كېلىشتىن ئىبارەت بۇ قەبىھ گۇناھى يۈزىسىدىن بولغان ئىدى.

2. ئەر بىلەن ئەرنىڭ جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىشى لەۋات ياكى

[1] «التفسير الواضح» 1- توم، 736- بەت.

بەچچىۋازلىق دەپ ئاتىلىدۇ. ئاياللارنىڭ ئايال بىلەن جىنسىي لەززەت ئېلىشى سىھاق(Lesbianism) دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ قىلمىشنىڭ ئىككىلىسى زىنا ھېسابلىنىدۇ، ئەمما گۇناھى زىنانىڭ گۇناھىدىن ئېغىر بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنداق قىلمىشلارنىڭ مۇقەددىمىلىرىدىن مۇسۇلمانلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ: «لَا يَنْظُرُ الرَّجُلُ إِلَى عَوْرَةِ الرَّجُلِ ، وَلَا الْمَرْأَةُ إِلَى عَوْرَةِ الْمَرْأَةِ ، وَلَا يُفْضِي الرَّجُلُ إِلَى الرَّجُلِ فِي ثَوْبٍ وَاحِدٍ ، وَلَا تُفْضِي الْمَرْأَةُ إِلَى الْمَرْأَةِ فِي الثَّوْبِ الْوَاحِدِ» يەنى «ئەر ئەرنىڭ ئەۋرىتىگە قارىمىسۇن، ئايالمۇ ئايالنىڭ ئەۋرىتىگە قارىمىسۇن، ئەر بىلەن ئەر، ئايال بىلەن ئايال بىر يوتقاندا ياتمىسۇن» دەپ كۆرسەتكەن[1].

3. كۇفرىلىق بىلەن جىنايەت جەمئىيەت ئامانلىقىغا تەھدىت، قېرىنداشلىق رىشتىسىگە خىرىس بولۇپ، پالاكەتلىك ئىنتايىن چوڭدۇر.

### ◄ شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى

﴿وَإِلَىٰ مَدۡيَنَ أَخَاهُمۡ شُعَيۡبٗاۚ قَالَ يَٰقَوۡمِ ٱعۡبُدُواْ ٱللَّهَ مَا لَكُم مِّنۡ
إِلَٰهٍ غَيۡرُهُۥۖ قَدۡ جَآءَتۡكُم بَيِّنَةٞ مِّن رَّبِّكُمۡۖ فَأَوۡفُواْ ٱلۡكَيۡلَ وَٱلۡمِيزَانَ
وَلَا تَبۡخَسُواْ ٱلنَّاسَ أَشۡيَآءَهُمۡ وَلَا تُفۡسِدُواْ فِي ٱلۡأَرۡضِ بَعۡدَ
إِصۡلَٰحِهَاۚ ذَٰلِكُمۡ خَيۡرٞ لَّكُمۡ إِن كُنتُم مُّؤۡمِنِينَ ٨٥ وَلَا تَقۡعُدُواْ
بِكُلِّ صِرَٰطٖ تُوعِدُونَ وَتَصُدُّونَ عَن سَبِيلِ ٱللَّهِ مَنۡ ءَامَنَ بِهِۦ
وَتَبۡغُونَهَا عِوَجٗاۚ وَٱذۡكُرُوٓاْ إِذۡ كُنتُمۡ قَلِيلٗا فَكَثَّرَكُمۡۖ وَٱنظُرُواْ كَيۡفَ
كَانَ عَٰقِبَةُ ٱلۡمُفۡسِدِينَ ٨٦ وَإِن كَانَ طَآئِفَةٞ مِّنكُمۡ ءَامَنُواْ بِٱلَّذِيٓ
أُرۡسِلۡتُ بِهِۦ وَطَآئِفَةٞ لَّمۡ يُؤۡمِنُواْ فَٱصۡبِرُواْ حَتَّىٰ يَحۡكُمَ ٱللَّهُ بَيۡنَنَاۚ
وَهُوَ خَيۡرُ ٱلۡحَٰكِمِينَ ٨٧﴾

**تەرجىمىسى**

85ـ مەديەن (خەلقى)گە ئۇلارنىڭ قېرىندىشى شۇئەيبنى (پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق، ئۇ ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر. سىلەرگە رەببىڭلاردىن (مېنىڭ

[1] «صحيح مسلم»1ـ توم، 266ـ بەت، 388ـ ھەدىس.

**پەيغەمبەرلىكىمنى ئىسپاتلايدىغان) ئوپئوچۇق مۆجىزە كەلدى، ئۆلچەمنى ۋە تارازىنى توغرا ئىشلىتىڭلار، كىشىلەرنىڭ نەرسىلىرىنى كەم بەرمەڭلار. (ئاللاھ زېمىننى) ئىسلاھ قىلغاندىن كېيىن، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلماڭلار، ئەگەر ئىشەنسەڭلار، شۇنداق قىلىش سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر.**

**86ـ سىلەر (كىشىلەرگە) تەھدىت سېلىپ، ئاللاھقا ئىمان ئېيتقانلارنى ئاللاھنىڭ يولىدىن توسقان ۋە ئۇ يولنى ئەگرى كۆرستىشكە ئۇرۇنغان ھالدا يول- يولدا ئولتۇرۇۋالماڭلار، ئېسىڭلاردا تۇتۇڭلاركى، ئەينى ۋاقىتتا سىلەر ئاز ئىدىڭلار، ئاللاھ سىلەرنىڭ سانىڭلارنى كۆپەيتتى (شۇنىڭ بىلەن كۆپلەنـ ـدىڭلار). بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىغا قاراپ بېقىڭلار.**

**87ـ ئەگەر سىلەردىن بىر گۇرۇھ ئادەم مېنىڭ پەيغەمبەرلىكىمگە ئىشەنگەن، يەنە بىر گۇرۇھ ئادەم ئىشەنمىگەن بولسا، ئاللاھ بىزنىڭ ئارىمىزدا ھۆكۈم چىقارغانغا قەدەر سەۋر قىلىپ تۇرۇڭلار. ئاللاھ ھۆكۈم چىقارغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر».**

### ◄ تەپسىرى

مەديەن ـ قەدىمقى ئەرەب قەبىلىلىرىدىن بىرىنىڭ نامى بولۇپ، مەديەن خەلقى ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى جايلاردا ياشىغان. ئۇلار «ئەيكەلىكلەر ـ يېشىل ۋادىنىڭ ئاھالىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئەيكە ـ ئورمان دېگەنلىك بولۇپ، ئۇلار ياپيېشىل ئورمانلىقتا ياشىغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق دەپ ئاتالغان. ئاللاھ تائالا مەديەن خەلقىگە شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن. شۇئەيب ئەلەيھىسسالام مەديەن خەلقى ئارىسىدا ھۆرمەتكە سازاۋەر، ئابرۇيلۇق كىشى ئىدى. ئۇز ۋاقتىدا شۇئەيب ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە ئاساسەن ئۆز قەۋمىنى دىنغا دەۋەت قىلىپ ۋە ئۇلارغا نەسىھەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: ئى قەۋمىم! سىلەر ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار، چۈنكى سىلەرگە ئاللاھ تائالادىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوقتۇر. سىلەرنى يوقتىن بار قىلىپ، دۇنيادىكى ھەممە نەرسىنى سىلەر ئۈچۈن يارىتىپ بەرگەن رەببىڭلار ئاشۇدۇر. سىلەرگە مېنىڭ راستچىللىقىمنى ئىسپاتلايدىغان ئوپئوچۇق مۆجىزىلەر ۋە روشەن ئالامەتلەر ئەلۋەتتە كەلدى. سىلەر ئىلىم ـ سېتىم ئىشلىرىدا ئۆلچەمنى ۋە تارازىنى دۇرۇس تۇتۇپ، توغرا ئىش قىلىڭلار، كىشىلەرنىڭ ھەقلىرىنى ئۆلچەمدە ۋە تارازىدا كەم

بېرىپ ياكى ئالغاندا ئارتۇق ئېلىپ يەۋالماڭلار.

شۇئەيب ئەلەيھىسسالام ئۆز قەۋمىنى ئۆلچەمنى ۋە تارازىنى دۇرۇس، توغرا، لىللا تۇتۇشقا بۇيرۇغان. چۈنكى، ئۇنىڭ قەۋمى ئېلىم-سېتىم ئىشلىرىدا تارازىنى دۇرۇس تۇتمايتتى، ئۆلچەمدە ئادالەتلىك ئىش قىلمايتتى، ئالغاندا ئارتۇق ئېلىپ، ساتقاندا كەم بېرەتتى. شۇڭا شۇئەيب ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىشقا دەۋەت قىلغاندىن كېيىنلا، ئۆلچەمدە ۋە تارازىدا دۇرۇس بولۇشقا بۇيرۇغان. خۇددى لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىدە بەچچىۋازلىق ئومۇملاشقاندەك، شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىدىمۇ ئۆلچەم ۋە تارازىدا كېمەيتىش ئادەت ئومۇملاشقان ئىدى.

شۇئەيب ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا خىتاب قىلىپ يەنە مۇنداق دېگەن: ئەي قەۋمىم! ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىپ، كىتابلارنى چۈشۈرۈپ، ئىنسانلارنىڭ ئەخلاقىنى ئىسلاھ قىلىپ ئۇڭشىغاندىن كېيىن، سىلەر ئەمدى يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق تېرىماڭلار، كىشىلەرنى بوزەك قىلىش، ئۇلارنىڭ پۇل-مېلىنى يولسىزلىق قىلىپ يەۋېلىش، پارا ئېلىش، زۇلۇم قىلىش، گۇناھ-مەئسىيەتلەرنى سادىر قىلىش، جەمئىيەتنى ئەخلاقسىز قىلىقلار بىلەن بۇلغاش قاتارلىق يامانلىقلاردىن قول ئۈزۈڭلار.

بەزى مۇپەسسىرلەر ﴿(ئاللاھ زېمىننى) ئىسلاھ قىلغاندىن كېيىن، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلماڭلار﴾ دېگەن ئايەتنى مۇنداق تەپسىر قىلغان: «ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى ياخشىلىقنى سۆيىدىغان، يامانلىقتىن نەپرەتلىنىدىغان، توغرا ۋە دۇرۇس ئىش قىلىشنى ياقتۇرىدىغان قىلىپ ياراتقان، ئاندىن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىپ، ئۇلارغا ھىدايەتنىڭ يوللىرىنى كۆرسىتىش ئارقىلىق يەر يۈزىدىكى ئىنسانلارنى ئىسلاھ قىلغاندىن كېيىن، سىلەر بۇنى بۇزۇپ، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق تېرىماڭلار، كىشىلەرنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ھەق-ھوقۇقلىرىغا زىيان سالىدىغان ئىشلارنى قىلماڭلار».

ئەگەر سىلەر مېنىڭ راستتىنلا پەيغەمبەر ئىكەنلىكىمگە ۋە مەن ئېلىپ كەلگەن دىنىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە ئىشەنسەڭلار، مەن سىلەرگە بۇيرۇغان ۋە قىلىشتىن توسقان ئىشلارغا رىئايە قىلىش سىلەر ئۈچۈن دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ياخشىدۇر. شۇنى ئوبدان بىلىڭلاركى، ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇغانلىرىنى قىلىش، ئۇنىڭ توسقانلىرىدىن يېنىش ئىككى دۇنيالىق خاتىرجەملىكنىڭ ۋە بەخت-سائادەتنىڭ كاپالىتىدۇر.

ئىلىم ئۆزى يالغۇزلا ئىنسانلارنى يامان ئىشلاردىن ياندۇرغان، ياخشى ئىشلارنى قىلدۇرغان قىلىپ چىقالمايدۇ. ئىلىم بىلەن ئىمان ئىككىسى بىرلەشكەندىلا ئىنسانىنى توغرا يولغا ۋە بەخت-سائادەتكە يېتەكلىيەلەيدۇ. ئىنسانلاردىكى ياخشىلىقنى سۆيۈش، يامانلىقتىن نەپرەتلىنىش تۇيغۇسى پەقەت ئىماننىڭ كۈچى بىلەنلا ھەرىكەتكە ئۆتەلەيدۇ. چۈنكى، ئىمان مۇئمىن ئادەمنىڭ قەلبىدىكى قوزغاتقۇچ كۈچتۇر. شۇڭا مۇئمىن ئادەم ئىلىم يولى بىلەن ياخشى-يامانىنى، توغرا-خاتانى بىلىۋالغاندىن كېيىن، قەلبىدىكى ئىماننىڭ كۈچى بۇ بىلگەنلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ، ئىماننىڭ تەلىپى بويىچە ئىش كۆرۈپ بىلگەنلىرىگە ئەمەل قىلىدۇ.

شۇئەيب ئەلەيھىسسالام ئۆز قەۋمىگە يەنە مۇنداق دېگەن: ئى قەۋمىم! يوللاردا ئولتۇرۇۋېلىپ كىشىلەرنى ئىماندىن توسماڭلار، ئۇلارنى ئىمان ئېيتقانلارنىڭ ئاقىۋىتى يامان بولىدۇ، دەپ يالغاندىن قورقۇتماڭلار.

دەرۋەقە، قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ كاتتىباشلىرى مۇسۇلمانلارنى ئەنە شۇنداق دەپ قورقۇتاتتى.

ئى قەۋمىم! ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى كىشىلەرگە يامان كۆرسىتىپ، ئۇنىڭدىكى ھەقىقەتلەرنى بۇرمىلاپ، ئاللاھ نامىدىن يالغان ئېيتىپ، ئۇنىڭ دىنىنىڭ كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ۋە تەسەۋۋۇرىدا ئەگرى ۋە خاتا بولۇشىنى ئارزۇ قىلماڭلار. ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىنى ئەستە تۇتۇڭلار، ئۇنتۇماڭلاركى، سىلەر سانىڭلار ئاز، نامرات ئىدىڭلار، ئاللاھ تائالا سىلەرگە يامغۇرنىڭ بەرىكىتى بىلەن كۆپ ئېھسانلارنى ئاتا قىلدى، زىرائەتلىرىڭلارنى مول ھوسۇللۇق قىلىپ بەردى، پۇل-ماللىرىڭلارنى كۆپەيتىپ بەردى، سانىڭلارنى ئاشۇرۇپ بەردى، سىلەرگە يۈز-ئابرۇي، كۈچ-قۇۋۋەت ئاتا قىلدى. سىلەر ئىلكىڭلاردىكى بۇ نېمەتلەرنىڭ قەدرىگە يېتىڭلار ۋە بۇ نېمەتلەرنى ئاتا قىلغان زاتنى ئۇنتۇماڭلار. شۇنداق قىلساڭلار، سىلەر ئاللاھ تائالاغا قانچىلىك كۆپ شۈكۈر قىلساڭلارمۇ ئازلىق قىلىدىغانلىقىنى بىلىپ يېتىسىلەر. ئاد، سەمۇد قەۋملىرى ۋە لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ ئۆز قىلمىشلىرى سەۋەبلىك قانداق ھالاك قىلىنغانلىقىنىمۇ ئۇنتۇماڭلار. ئى قەۋمىم! سىلەردىن بىر گۇرۇھ ئادەم مەن ئېلىپ كەلگەن دىنغا ئىمان ئېيتسا، يەنە بىر گۇرۇھ ئادەم ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتمايدۇ. بۇ ئىنسانلارنىڭ قەدىمدىكى ۋە ھازىردىكى ئورتاق خاراكتېرىدۇر.

ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، ئى ئىمان ئېيتقانلار! سەۋر قىلىڭلار! ئاللاھ تائالا ئۇلار بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا ھۆكۈم چىقارغانغا قەدەر سەۋرچان

بولىۋىلار. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى ۋە ئادالەت بىلەن ھۆكۈم قىلغۇچىدۇر. ئاللاھ تائالا ھەقىقىي مۆئمىنلەرگە ياردەم قىلىدىغانلىقىنى، زالىملارنى، بۇزغۇنچىلارنى ھالاك قىلىدىغانلىقىنى ئەزەلدىن شۇنداق پۈتۈۋەتكەن. ئاللاھ تائالا ھۆكۈم قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر!

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئەقىدە تەرەپتىن بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ دەۋىتى بىردۇر. ئۇلارنىڭ ھەممىسى كىشىلەرنى بىر ئاللاھقىلا ئېتىقاد ۋە ئىبادەت قىلىشقا چاقىرغان.

2. تارازىدا، ئۆلچەمدە دۇرۇس بولماسلىق-ئالغاندا ئارتۇق ئېلىپ، ساتقاندا كەم بېرىش ئەڭ ئېغىر گۇناھلاردىن بولۇپ، بۇنداقلارنىڭ تاپقان مال-دۇنياسى ۋە يېگەنلىرى شەكسىز ھارامدۇر. ھارام يېگۈچىلەرنىڭ ئىبادەتلىرى ۋە دۇئالىرى قوبۇل بولمايدۇ.

3. كىشىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىدىن توسقۇچىلار، ھەق دىنغا ئۆچمەنلىك قىلغۇچىلار ئاخىرقى ھېسابتا بۇ دۈشمەنلىكنىڭ جازاسىنى تارتماي قالمايدۇ.

## ◄ شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ پوزىتسىيەسى

﴿ قَالَ ٱلۡمَلَأُ ٱلَّذِينَ ٱسۡتَكۡبَرُواْ مِن قَوۡمِهِۦ لَنُخۡرِجَنَّكَ يَٰشُعَيۡبُ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ مَعَكَ مِن قَرۡيَتِنَآ أَوۡ لَتَعُودُنَّ فِي مِلَّتِنَاۚ قَالَ أَوَلَوۡ كُنَّا كَٰرِهِينَ ﴿٨٨﴾ قَدِ ٱفۡتَرَيۡنَا عَلَى ٱللَّهِ كَذِبًا إِنۡ عُدۡنَا فِي مِلَّتِكُم بَعۡدَ إِذۡ نَجَّىٰنَا ٱللَّهُ مِنۡهَاۚ وَمَا يَكُونُ لَنَآ أَن نَّعُودَ فِيهَآ إِلَّآ أَن يَشَآءَ ٱللَّهُ رَبُّنَاۚ وَسِعَ رَبُّنَا كُلَّ شَيۡءٍ عِلۡمًاۚ عَلَى ٱللَّهِ تَوَكَّلۡنَاۚ رَبَّنَا ٱفۡتَحۡ بَيۡنَنَا وَبَيۡنَ قَوۡمِنَا بِٱلۡحَقِّ وَأَنتَ خَيۡرُ ٱلۡفَٰتِحِينَ ﴿٨٩﴾ ﴾

## ◄ تەرجىمىسى

88-شۇئەيب قەۋمىنىڭ ھاكاۋۇر كاتتىباشلىرى: «ئى شۇئەيب! سېنى چوقۇم ساڭا ئىمان ئېيتقانلار بىلەن قوشۇپ شەھىرىمىزدىن ھەيدەپ چىقىرىمىز ياكى

سىلەر چوقۇم بىزنىڭ دىنىمىزغا قايتىشىڭلار كېرەك» دېدى. شۇئەيب: «بىز ياقتۇرمىساقمۇ (دىنىڭلارغا مەجبۇرلامسىلەر؟» دېدى.

89ـ(شۇئەيب يەنە ئېيتتى) «ئاللاھ بىزنى دىنىڭلاردىن قۇتۇلدۇرغاندىن كېيىن يەنە ئۇنىڭغا قايتساق، ئەلۋەتتە، ئاللاھ نامىدىن يالغاننى توقۇغان بولىمىز. رەببىمىز ئاللاھ خالىمىسىلا، بىز سىلەرنىڭ دىنىڭلارغا ھەرگىزمۇ قايتمايمىز. رەببىمىزنىڭ ئىلمى ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، بىز ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلدۇق. ئى رەببىمىز! بىز بىلەن قەۋمىمىز ئارىسىدا ھەق ھۆكۈم چىقارغىن، سەن ھۆكۈم چىقارغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىسەن».

## ◄ تەپسىرى

شۇئەيب ئەلەيھىسسالام ئۆز قەۋمىنى ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىشقا، ئۆلچەمنى ۋە تارازىنى توغرا تۇتۇشقا، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق تېرىماسلىققا دەۋەت قىلغاندا، ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ ئىمان ئېيتىشتىن باش تارتقان ھاكاۋۇر كاتتىباشلىرى ئۇنى ئىمان ئېيتقانلار بىلەن قوشۇپ يۇرتىدىن ھەيدەپ چىقىرىدىغانلىقى ھەققىدە ئۇنىڭغا تەھدىت سالدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە، شۇئەيب ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن بۇ يېڭى دىن ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىدىن قالغان بۇتپەرەسلىك دىنىدىن ئەۋزەل ئەمەس ئىدى. ئەگەر ئۇلار شۇئەيب ئەلەيھىسسالامدىن قۇتۇلسا، ئەجدادلىرىنىڭ دىنىغا قارشى پىكىرلەرگە خاتىمە بېرىلگەن بولاتتى. شۇڭا ئۇلار شۇئەيب ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭغا ئەگەشكەن مۆئمىنلەرنى يا يۇرتىدىن ھەيدەپ چىقىرىلىشقا رازى بولۇش ياكى قوبۇل قىلغان بۇ يېڭى دىنىدىن يېنىپ ئەجدادلىرىنىڭ دىنىغا قايتىشتىن ئىبارەت ئىككى يولنىڭ بىرىنى تاللاشقا قىستايدۇ.

شۇئەيب ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: ﴿بىز ياقتۇرمىساقمۇ (دىنىڭلارغا مەجبۇرلامسىلەر؟)﴾ يەنى سىلەر بىزنى بىز خالىمايدىغان ئىشقا زورلامسىلەر؟ بىز ئەمدى ھىدايەت تاپقاندىن كېيىن، يەنە سىلەرنىڭ شۇ باتىل دىنىڭلارغا قايتامدۇق؟ سىلەر ئىماننىڭ قەلبتە قانچىلىك مەھكەم ئورۇن ئالىدىغانلىقىنى ۋە بىزنىڭ ئەقىدىمىزنىڭ نەقەدەر مۇستەھكەم ئىكەنلىكىنى بىلمەمسىلەر؟ دەپ رەددىيە بېرىدۇ. شۇئەيب ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلالمايدىغانلىقىنى ئىلمي يوسۇندا چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن ئۇلارغا: ﴿ئاللاھ بىزنى دىنىڭلاردىن قۇتۇلدۇرغاندىن كېيىن يەنە ئۇنىڭغا قايتساق، ئەلۋەتتە، ئاللاھ نامىدىن يالغاننى توقۇغان بولىمىز﴾ دەيدۇ. چۈنكى، كۇفرىلىق يا ئاللاھ تائالانى ئىنكار قىلىش

ياكى ئۇنىڭغا مەخلۇقاتنى شېرىك كەلتۈرۈش ۋەياكى ئاللاھ نامىدىن يالغاننى توقۇش بىلەن ئەمەلگە ئاشىدىغان نەرسە بولۇپ، شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىدىكى كۇفرىلىق مەخلۇقاتنى ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈش ۋە ئاللاھ نامىدىن يالغاننى توقۇش بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان ئىدى. چۈنكى، ئۇ قەۋم ئاللاھ تائالا بۇيرۇمىغان خۇراپاتلارنى ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان دېگەن مۇددىئا بىلەن قىلاتتى. شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارغا بەرگەن رەددىيەسى ناھايىتى جايىدا بولغان. چۈنكى، ھەقىقەتنى تونۇپ ھىدايەت يولىغا كىرىپ بولغاندىن كېيىن، ئىماندىن يېنىۋېلىشنىڭ گۇناھى ئادەتتىكى كۇفرىلىقنىڭ گۇناھىدىن ئەلۋەتتە چوڭدۇر. شۇئەيب ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقان مۇئمىنلەرنىڭ قەۋمىنىڭ تەھدىتلىرىدىن قورقۇپ ئىماندىن يېنىۋېلىشى قەتئىي مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

شۇڭا شۇئەيب ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ئىماندىن قايتماسلىقتىن ئىبارەت كەسكىن ئىرادىسىنى جاكارلاپ مۇنداق دەيدۇ: بىزنى ھېچكىم ئىمانىمىزدىن قايتۇرالمايدۇ، بىزنىڭ سىلەرنىڭ باتىل دىنىڭلارغا قايتىشىمىز مۇمكىن ئەمەس، پەقەت ئاللاھ تائالا شۇنى ئىرادە قىلغان بولسا، ئۇ چاغدا ئىش باشقىچە بولىدۇ. چۈنكى، قەلبلەرنى باشقۇرىدىغان ۋە ئۇنى ئۆزگەرتىپ تۇرىدىغان زات ئاللاھ تائالادۇر. ئەمما بىز دىنىمىزدىن ئۆز ئىختىيارىمىز بىلەن ھەرگىز يانمايمىز. ئاللاھ تائالانىڭ ئىلمى كەڭ، پەزل ـ كەرەمى چەكسىزدۇر، ئاللاھ تائالا مەخلۇقاتنىڭ پۈتۈن ئەھۋالىنى بىلىپ تۇرىدۇ، ئۇ بەندىلىرىگە پەقەت ياخشىلىقنىلا ئىرادە قىلىدۇ.

مۇنداق مەھكەم ئېتىقادنىڭ ئىگىسى بولغان مۇئمىنلەرنىڭ ئىماندىن يېنىۋېلىشى قەتئىي مۇمكىن ئەمەس، تەھدىتلەر ئۇلارنى قەتئىي تەۋرىتەلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ يۈرەك سۆزى: ﴿بىز پەقەت ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلدۇق﴾ دېيىشتىن ئىبارەتتۇر. شۇئەيب ئەلەيھىسسالام قەۋمىنىڭ ئىمان ئېيتىشىدىن ئۈمىدىنى ئۈزگەندىن كېيىن، ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىپ: ﴿ئى رەببىمىز! بىز بىلەن قەۋمىمىز ئارىسىدا ھەق ھۆكۈم چىقارغىن، سەن ھۆكۈم چىقارغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىسەن﴾ يەنى ئى رەببىمىز! بىز بىلەن قەۋمىمىزنىڭ ئارىسىنى سەن ئايرىپ قويغىن، ئارىمىزدا ئادالەتنىڭ بىلەن ھۆكۈم چىقارغىن ۋە ئۇلار بىلەن بىزنىڭ يولىمىزنى ئايرىۋەتكىن، دەپ دۇئا قىلدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ھەقىقەتنىڭ جاكارچىلىرىغا كۈچى يەتمىسە، ئىلمىي مۇنازىرە بىلەن قارشى تۇرۇشنىڭ ئورنىغا ئۇلارغا تەھدىت سېلىش، ئۇلارنى يۇرتىدىن قوغلاپ چىقىرىش نامەرد كاپىرلارنىڭ پىسخىكىسىدۇر.

2. قانداقلا بىر ئىشنىڭ توغرىلىقى ئىسپاتلانغاندىن كېيىن، ئۇنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتىش ھەقىقەتتىن يۈز ئۆرۈگەنلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

3. ھەقىقىي ئىمان ئىنساندا زۇلۇم ۋە تەھدىتلەر ئالدىدا باش ئەگمەيدىغان، پولاتتەك ئىرادىنى يېتىشتۈرىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرلىرى ئەنە شۇنداق ئىرادىلىك ئەزىمەتلەر ئىدى.

### ◄ كاپىرلارنىڭ ئاقىۋىتى

﴿وَقَالَ ٱلۡمَلَأُ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ مِن قَوۡمِهِۦ لَئِنِ ٱتَّبَعۡتُمۡ شُعَيۡبًا إِنَّكُمۡ
إِذٗا لَّخَٰسِرُونَ ﴿٩٠﴾ فَأَخَذَتۡهُمُ ٱلرَّجۡفَةُ فَأَصۡبَحُواْ فِي دَارِهِمۡ جَٰثِمِينَ
﴿٩١﴾ ٱلَّذِينَ كَذَّبُواْ شُعَيۡبٗا كَأَن لَّمۡ يَغۡنَوۡاْ فِيهَاۚ ٱلَّذِينَ كَذَّبُواْ شُعَيۡبٗا
كَانُواْ هُمُ ٱلۡخَٰسِرِينَ ﴿٩٢﴾ فَتَوَلَّىٰ عَنۡهُمۡ وَقَالَ يَٰقَوۡمِ لَقَدۡ أَبۡلَغۡتُكُمۡ
رِسَٰلَٰتِ رَبِّي وَنَصَحۡتُ لَكُمۡۖ فَكَيۡفَ ءَاسَىٰ عَلَىٰ قَوۡمٖ كَٰفِرِينَ ﴿٩٣﴾
وَمَآ أَرۡسَلۡنَا فِي قَرۡيَةٖ مِّن نَّبِيٍّ إِلَّآ أَخَذۡنَآ أَهۡلَهَا بِٱلۡبَأۡسَآءِ وَٱلضَّرَّآءِ
لَعَلَّهُمۡ يَضَّرَّعُونَ ﴿٩٤﴾ ثُمَّ بَدَّلۡنَا مَكَانَ ٱلسَّيِّئَةِ ٱلۡحَسَنَةَ حَتَّىٰ عَفَواْ
وَّقَالُواْ قَدۡ مَسَّ ءَابَآءَنَا ٱلضَّرَّآءُ وَٱلسَّرَّآءُ فَأَخَذۡنَٰهُم بَغۡتَةٗ وَهُمۡ لَا
يَشۡعُرُونَ ﴿٩٥﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

90ـ ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغان كاتتىباشلىرى: «ئەگەر سىلەر شۇئەيبكە ئەگەشسەڭلار، شۈبھىسىزكى، چوقۇم زىيان تارتىسىلەر» دېدى.

91ـ ئۇلار قاتتىق يەر تەۋرەشكە تۇتۇلۇپ، ئۆيلىرىدە ئولتۇرغان پېتى قېتىپ

قالدى.

92ـ شۇئەيبنى ئىنكار قىلغانلار (ھالاك بولۇپ) گويا بۇ يەردە ياشىمىغاندەك بولۇپ كەتتى. شۇئەيبنى ئىنكار قىلغانلار زىيان تارتقۇچىلارنىڭ دەل ئۆزى بولدى.

93ـ شۇئەيب ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈپ: «ئى قەۋمىم! مەن سىلەرگە ئەلچىتتە، رەببىمنىڭ پەرمانلىرىنى يەتكۈزدۇم ۋە نەسىھەت قىلدىم. ئەمدىلىكتە، مەن قانداقمۇ كاپىر قەۋم ئۈچۈن قايغۇراي!» دېدى.

94ـ بىز قايسىلا شەھەرگە بىرەر پەيغەمبەر ئەۋەتكەن بولساق (شەھەر ئەھلى ئۇنى ئىنكار قىلغان بولسا)، ئۇ شەھەرنىڭ ئاھالىسىنى (ئىمانغا كېلىپ ئاللاھقا يالۋۇرسۇن دەپ، نامراتلىقتا، كېسەللىككە گىرىپتار قىلدۇق.

95ـ ئاندىن بۇ كۈلپەتنى نېمەتكە ئالماشتۇردۇق. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار (مال ـ دۇنيا ۋە پەرزەنت جەھەتتىن) كۆپەيدى. ئۇلار «بىزنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزغىمۇ شۇنداق كۈلپەتلەر، نېمەتلەر كەلگەن ئىدى» دېدى (يەنى ئىبرەت ئالمىدى ۋە ئىمان ئېيتمىدى). شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تۇيماي قالغاندا، ئۇلارنى تۇيۇقسىز ھالاك قىلدۇق.

## تەپسىرى

مەديەن خەلقىنىڭ كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغان ۋە ئىمان ئېيتىشتىن باش تارتقان كاتتىباشلىرى ئۆزلىرىنىڭ نەزىرىدە ئاجىز ۋە بىچارە سانالغان مۆئمىنلەرنى شۇئەيب ئەلەيھىسسالامدىن يىراقلاشتۇرۇش ۋە ئۇلارنى ئىماندىن ياندۇرۇش ئۈچۈن ئۇلارغا: ئەگەر سىلەر شۇئەيبكە ئىمان ئېيتىشقا ۋە ئۇنىڭ دىنىغا ئەگىشىشكە داۋاملىشىدىغان بولساڭلار، سىلەر بىرىنچىدىن، ھۆرمەت ـ ئىززىتىڭلاردىن ئايرىلىپ قالىسىلەر. چۈنكى، سىلەر ئۇ چاغدا ئۆزۈڭلار بىلمەيدىغان بىر يېڭى دىننى دەپ ئەجدادلىرىڭلارنىڭ دىنىدىن ۋاز كەچكەن بولىسىلەر. ئىككىنچىدىن، مال ـ دۇنيالىرىڭلارنى كۆپەيتىش ۋە سودىدا كۆپرەك پايدا تېپىش پۇرسىتىدىن ئايرىلىپ قالىسىلەر، چۈنكى سىلەر ئۇ چاغدا ئۆلچەمدە ۋە تارازىدا كەم تارتىپ بېرەلمەيسىلەر. دېمەك، سىلەر شۇئەيبكە ئەگىشىشنى داۋاملاشتۇرساڭلار ھەر تەرەپتىن زىيان تارتىپ قالىسىلەر، دەيتتى.

شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ئىچىدىكى كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغان ھاكاۋۇر كاتتىباشلار بىر ئايەتتە ﴿شۇئەيب قەۋمىنىڭ (ئىماندىن باش تارتقان) ھاكاۋۇر كاتتىباشلىرى﴾ دەپ سۈپەتلەنگەن بولسا، يەنە بىر

ئايەتتە ﴿ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغان كاتتىباشلىرى﴾ دەپ سۈپەتلەنگەن. چۈنكى، ئالدىنقى ئايەتتە ئۇلارنىڭ چوڭچىلىق قىلىپ ئىماندىن باش تارتقانلىقى ۋە مۇئمىنلەرگە ئۇلارنى يۇرتىدىن ھەيدەپ چىقىرىش بىلەن تەھدىت سالغانلىقى بايان قىلىنغان بولسا، كېيىنكى ئايەتتە ئۇلارنىڭ كىشىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىدىن توسقانلىقى بايان قىلىنغان.

ئۇلارنىڭ جازاسى قاتتىق بىر يەر تەۋرەش بىلەن ھالاك قىلىنىشتىن ئىبارەت بولدى. ئۇلار تۇرغان مەديەن شەھىرىنىڭ قاتتىق بىر تەۋرىنىشى بىلەن ئۇلار تۇرغان يېرىدە قېتىپ قالدى. ئۇلارنىڭ يۇرتى خۇددى ئىلگىرى ھېچكىم ياشاپ باقمىغاندەك خارابىگە ئايلىنىپ قالدى. ئۇلار شۇئەيب ئەلەيھىسسالامغا يۇرتىدىن ھەيدەپ چىقىرىش بىلەن تەھدىت سېلىۋىدى، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى يۇرتىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قىلىۋەتتى ۋە جەھەننەمگە يوللىدى.

﴿شۇئەيبنى يالغانغا چىقارغانلار زىيان تارتقۇچىلارنىڭ دەل ئۆزىدۇر﴾ دېگەن ئايەت ئۇلارنىڭ ﴿ئەگەر سىلەر شۇئەيبكە ئەگەشسەڭلار، شۈبھىسىز-كى، چوقۇم زىيان تارتىسىلەر﴾ دېگەن سۆزىگە رەددىيە ئىدى. شەكسىزكى، كاپىرلار دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە زىيان ئىچىدىدۇر.

مەديەن ئاھالىسىدىن كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغانلار ھالاك قىلىنغاندىن كېيىن، شۇئەيب ئەلەيھىسسالام ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈپ: ﴿ئى قەۋمىم! مەن سىلەرگە ئەلچىلىك ۋەزىپەمنى ئورۇندىدىم، رەببىمنىڭ پەرمانلىرىنى يەتكۈزدۈم ۋە نەسىھەت قىلدىم، مەن ئەمدى قانداقمۇ كاپىر قەۋمگە قايغۇراي!﴾ يەنى ئى قەۋمىم! ھەقىقەتەن مەن سىلەرگە رەببىڭلارنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى تولۇق يەتكۈزدۈم، سىلەرنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت-سائادەت يوللىرىڭلارنى كۆرسىتىپ بەردىم، ئىماننىڭ مۇكاپاتى بولغان جەننەت بىلەن خۇش خەۋەر بەردىم، كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋېلىشنىڭ يامان ئاقىۋىتىدىن سىلەرنى ئاگاھلاندۇردۇم. شۇنداق قىلساممۇ سىلەر مېنىڭ سۆزۈمگە كىرمىدىڭلار، ئىماندىن يۈز ئۆرۈدۈڭلار. نىھايەت ئاللاھ تائالانىڭ ئازابى سىلەرنى ھالاك قىلدى، بۇ ئەھۋالدا، مەن ئەمدى سىلەرگە قانداقمۇ قايغۇراي؟ دەيدۇ.

بىز قانداقلا بىر شەھەرگە بىرەر پەيغەمبەر ئەۋەتكەن بولساق، ئۇ شەھەر ئاھالىسىنىڭ ئىماندىن باش تارتماسلىقى ۋە گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىپ، ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىشى ئۈچۈن، ئۇلارنى ئاچارچىلىقتا ۋە نامراتلىقتا مۇپتىلا قىلىش بىلەن سىنىدۇق.

بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئەزەلدىن تۇتقان يولى بولۇپ، ئۇ ئۆزگەرمەيدۇ. ئىنسان ئەس-ھوشىنى يىغىپ، ئەقلىنى تېپىپ رەببى تەرەپكە يول ئالسۇن ۋە ئۇنىڭغا يالۋۇرسۇن، دەپ ئۇلارغا ئاۋۋال قىيىنچىلىقلارنى ۋە زىيان-زەخمەتلەرنى ئەۋەتىپ قويىدۇ. بەزى كىشىلەر بۇ قىيىنچىلىقلاردىن قۇتۇلۇش يولىدا ئاللاھ تائالاغا يالۋۇرۇش ئارقىلىق ئۆز يولىنى تاپىدۇ. ئەمما كۆپ سانلىقى بۇنداق قىيىنچىلىقلار ۋە كۈلپەتلەر بىلەنمۇ توغرا يولغا كىرمەيدۇ. چۈنكى، مۇنداقلارنىڭ ئەھۋالى ﴿فَلَوْلَآ إِذْ جَآءَهُم بَأْسُنَا تَضَرَّعُواْ وَلَٰكِن قَسَتْ قُلُوبُهُمْ وَزَيَّنَ لَهُمُ ٱلشَّيْطَٰنُ مَا كَانُواْ يَعْمَلُونَ﴾ يەنى ﴿ئۇلارغا بىزنىڭ ئازابىمىز كەلگەن چاغدا نېمىشقا بىزگە يېلىنمىدى؟ لېكىن ئۇلارنىڭ دىللىرى قېتىپ كەتكەن، شەيتان ئۇلارغا قىلمىشلىرىنى چىرايلىق كۆرسەتكەن ئىدى﴾[1] دېگەن ئايەتتە بايان قىلىنغان بەختسىزلەرنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشايدۇ.

ئاللاھ تائالا ئۇلارغا ئېغىر كۈلپەتلەردىن كېيىن كەڭرىچىلىك ۋە باياشاتلىق تۇرمۇش ئاتا قىلسا، ئۇلاردىكى نامراتلىقنى بايلىققا، كۈلپەتنى راھەتكە ئۆزگەرتىپ بەرسە، ئۇلار بۇ ياخشىلىقنى ئاللاھ تائالادىن كۆرمەي، ﴿بىزنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىمىزغىمۇ شۇنداق كۈلپەتلەر، نېمەتلەر كەلگەن ئىدى﴾ يەنى بۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ بېشىغىمۇ كەلگەن نورمال ئەھۋالدۇر، بۇنىڭ شۇئەيب بىزنى ئاگاھلاندۇرۇۋاتقان ئازاب بىلەن ھېچبىر مۇناسىۋىتى يوق، دېدى. دېمەك، ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ئىلتىپاتىنى ۋە مەرھەمىتىنى تونۇمىدى ۋە ئېتىراپ قىلمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ قاتتىق جازاسىغا ئۇچراپ، تۇيۇقسىز تۇرغان پەيتىدە دەھشەتلىك ئازاب بىلەن ھالاك قىلىندى. ﴿فَلَمَّا نَسُواْ مَا ذُكِّرُواْ بِهِۦ فَتَحْنَا عَلَيْهِمْ أَبْوَٰبَ كُلِّ شَىْءٍ حَتَّىٰٓ إِذَا فَرِحُواْ بِمَآ أُوتُوٓاْ أَخَذْنَٰهُم بَغْتَةً فَإِذَا هُم مُّبْلِسُونَ﴾ يەنى ﴿ئۇلار ئۆزلىرىگە قىلىنغان نەسىھەتنى ئۇنتۇغان چاغدا، (سىناش ئۈچۈن) ئۇلارغا پاراۋانلىقنىڭ ھەممە ئىشىكلىرىنى ئېچىۋەتتۇق، ئۇلار ئۆزلىرىگە بېرىلگەن نېمەتلەر بىلەن كۆرەڭلەپ تۇرغاندا، ئۇلارنى ئۇشتۇمتۇت جازالىدۇق، ئۇلار ھەسرەتتە قالدى﴾[2].

ئى ئەقىل ئىگىلىرى! ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئاسىيلىق قىلغان، ئىمان ئېيتىشتىن ۋە ئۇلارنىڭ داغدام يولىدا مېڭىشتىن باش تارتقانلارنىڭ ئىبرەتلىك ئاقىۋەتلىرىدىن پەند-نەسىھەت ئېلىڭلار. چۈنكى، ئاللاھ

[1] ئەنئام سۈرىسى: 43-ئايەت.

[2] ئەنئام سۈرىسى: 44-ئايەت.

تائالانىڭ ئىنكارچىلارنى جازالاشتىكى يولى مۇشۇنداقتۇر، ئۇ ئۆزگەرمەيدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. قىيىنچىلىقلارغا ۋە توسالغۇلارغا چىدامچانلىق بىلەن بەرداشلىق بېرىشنىڭ مۇكاپاتى غەلىبىدۇر.

2. ھاكاۋۇرلۇقنىڭ ۋە مۇتەكەببىرلىكنىڭ ئاقىۋىتى خارلىق ۋە رەسۋا-لىقتۇر.

3. ئۆز قىلمىشلىرى سەۋەبلىك ھالاك قىلىنغان قەۋملەر ئۈچۈن قايغۇرۇش ئورۇنسىزدۇر.

### ◄ ئاللاھ تائالانىڭ ئۈممەتلەرگە تۇتقان يولى

﴿وَلَوۡ أَنَّ أَهۡلَ ٱلۡقُرَىٰٓ ءَامَنُواْ وَٱتَّقَوۡاْ لَفَتَحۡنَا عَلَيۡهِم بَرَكَٰتٖ مِّنَ
ٱلسَّمَآءِ وَٱلۡأَرۡضِ وَلَٰكِن كَذَّبُواْ فَأَخَذۡنَٰهُم بِمَا كَانُواْ يَكۡسِبُونَ
(٩٦) أَفَأَمِنَ أَهۡلُ ٱلۡقُرَىٰٓ أَن يَأۡتِيَهُم بَأۡسُنَا بَيَٰتٗا وَهُمۡ نَآئِمُونَ (٩٧)
أَوَأَمِنَ أَهۡلُ ٱلۡقُرَىٰٓ أَن يَأۡتِيَهُم بَأۡسُنَا ضُحٗى وَهُمۡ يَلۡعَبُونَ (٩٨)
أَفَأَمِنُواْ مَكۡرَ ٱللَّهِۚ فَلَا يَأۡمَنُ مَكۡرَ ٱللَّهِ إِلَّا ٱلۡقَوۡمُ ٱلۡخَٰسِرُونَ
(٩٩) أَوَلَمۡ يَهۡدِ لِلَّذِينَ يَرِثُونَ ٱلۡأَرۡضَ مِنۢ بَعۡدِ أَهۡلِهَآ أَن لَّوۡ نَشَآءُ
أَصَبۡنَٰهُم بِذُنُوبِهِمۡۚ وَنَطۡبَعُ عَلَىٰ قُلُوبِهِمۡ فَهُمۡ لَا يَسۡمَعُونَ (١٠٠) تِلۡكَ
ٱلۡقُرَىٰ نَقُصُّ عَلَيۡكَ مِنۡ أَنۢبَآئِهَاۚ وَلَقَدۡ جَآءَتۡهُمۡ رُسُلُهُم بِٱلۡبَيِّنَٰتِ
فَمَا كَانُواْ لِيُؤۡمِنُواْ بِمَا كَذَّبُواْ مِن قَبۡلُۚ كَذَٰلِكَ يَطۡبَعُ ٱللَّهُ عَلَىٰ
قُلُوبِ ٱلۡكَٰفِرِينَ (١٠١) وَمَا وَجَدۡنَا لِأَكۡثَرِهِم مِّنۡ عَهۡدٖۖ وَإِن وَجَدۡنَآ
أَكۡثَرَهُمۡ لَفَٰسِقِينَ (١٠٢)﴾

### ◄ تەرجىمىسى

96-(پەيغەمبەر ئەۋەتىلگەن) شەھەرلەرنىڭ ئاھالىسى ئىمان ئېيتقان ۋە (گۇناھ-مەئسىيەتتىن) ساقلانغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە، ئۇلارغا ئاسمان-

زېمىننىڭ بەرىكەتلىرىنى ياغدۇرۇپ بېرەتتۇق. لېكىن ئۇلار (پەيغەمبەرلەرنى) يالغانغا چىقاردى، شۇڭا ئۇلارنى ئۆز قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ھالاك قىلدۇق.

97-(پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلىدىغان) شەھەرلەرنىڭ ئاھالىسى بىزنىڭ ئازابىمىزنىڭ ئۇلار كېچىسى ئۇخلاۋاتقان چاغلىرىدا (تۇيۇقسىز) كېلىشىدىن خاتىرجەم بولالامدۇ؟

98-ئۇ شەھەرلەرنىڭ ئاھالىسى بىزنىڭ ئازابىمىزنىڭ چاشگاھ ۋاقتىدا-ئۇلار ئويۇن- تاماشا قىلىۋاتقاندا كېلىشىدىن خاتىرجەم بولالامدۇ؟

99-ئۇلار ئاللاھنىڭ چارە كۆرۈشىدىن خاتىرجەم بولالامدۇ؟ پەقەت زىيان تارتقۇچى قەۋملا ئاللاھنىڭ چارە كۆرۈشىدىن قورقمايدۇ.

100-زېمىندا ئىلگىرى ياشىغانلاردىن كېيىن، ئۇ زېمىنغا ۋارىس بولغۇچىلارنى، خالىساق، گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن ھالاك قىلىدىغانلىقىمىز ئۇلارغا ئايان بولمىدىمۇ؟ بىز ئۇلارنىڭ دىللىرىنى پېچەتلىۋېتىمىز-دە، ئۇلار (ھەق سۆزنى) ئاڭلىمايدىغان بولۇپ قالىدۇ.

101-(ئى پەيغەمبەر!) ئاشۇ شەھەر) ئاھالىسى(نىڭ بەزى خەۋەرلىرىنى ساڭا بايان قىلىپ بېرىمىز. شەك-شۈبھىسىزكى، ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرلىرى ئۇلارغا (ھەقىقەتنىڭ) ئوپئوچۇق دەلىللىرىنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى. ئۇلار ئىلگىرى (ھەقىقەتنى) ئىنكار قىلغانلىقى ئۈچۈن ئىمان ئېيتمىدى. ئاللاھ كاپىرلارنىڭ دىللىرىنى ئەنە شۇنداق پېچەتلەيدۇ.

102-بىز ئۇلارنىڭ تولىسىدا ھېچبىر ئەھدىگە ۋاپا قىلىش دېگەننى كۆرمىدۇق. ئەكسىچە، ئۇلارنىڭ تولىسىنىڭ ھەقىقەتەن (ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتقان) پاسىق ئىكەنلىكىنى كۆردۇق.

### ◄ تەپسىرى

ئۆزلىرىگە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلغان شەھەر ئاھالىلىرى ئەگەر كۇفرىلىق قىلىشنىڭ ئورنىغا ئىمان ئېيتقان، ئاسىيلىق قىلىشنىڭ ئورنىغا ئىتائەت قىلغان، پەيغەمبەرلەرگە قارشى چىقىشتىن ۋە ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلىشتىن ساقلانغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئاللاھ تائالا ئۇلار ئۈچۈن ئاسمان ۋە زېمىننىڭ بارلىق ياخشىلىقىنى ئاتا قىلغان، بەرىكەتنىڭ ئىشىكلىرىنى ئۇلارغا ئېچىۋەتكەن، ئۇلارنى باياشاتلىق تۇرمۇشقا ئىگە قىلغان بولاتتى. لېكىن ئۇلار ئىنكار يولىنى تاللىدى، پەيغەمبەرلەرنى يالغانغا چىقاردى، كۇفرىلىقنى ئىماندىن ئەلا كۆردى،

ئازغۇنلۇقنى ھىدايەتتىن ئەۋزەل كۆردى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ئۆز قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ھالاك قىلىۋەتتى. ئۇلارنى ھالاك قىلغاندىمۇ، ئۇلار خاتىرجەم تۇرغان چاغلىرىدا تۇيۇقسىز ھالاك قىلىۋەتتى. ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغان قەۋملەر ئۈچۈن تۇتقان يولى ئەنە شۇنداقتۇر. بۇ ئىلاھىي قانۇنىيەت بولۇپ، ئۇ ھەرگىز ئۆزگەرمەيدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا قارشى چىققانلار قايسى زامان ۋە نەدە بولسا بولسۇن، ئۇلار چوقۇم جازاسىنى تېتىيدۇ.

ئەھۋال شۇنداق تۇرسا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلغان مەككىلىكلەر ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن قانداقمۇ قورقمايدىغاندۇ؟ ئۇلار قانداقمۇ خاتىرجەم يۈرىدىغاندۇ؟ ئۇلار ئۆزلىرىگە بۇ ئازابنىڭ كېچىلىرى غەپلەتتە ئۇخلاپ ياتقان پەيتلىرىدە ياكى چاشگاھ ۋاقتىدا ئويۇن-تاماشا بىلەن غەپلەتتە قالغاندا كېلىشىدىن قورقمامدىغاندۇ؟ ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا قارشى چىققان، كىشىلەرنى بۇ دىنغا كىرىشتىن توسقان، پەيغەمبەرگە دۈشمەنلىك قىلغان، ئۇنىڭغا ئەزىيەتنىڭ ھەممە تۈرىنى يەتكۈزگەن تۇرۇپ، قانداقمۇ ئاللاھ تائالانىڭ جازاسىدىن خاتىرجەم بولالايدىغاندۇ؟ ئۇلار ئۆزلىرىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئىنكارچى قەۋملەرنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئىبرەت ئالمامدىغاندۇ؟!

ئىلگىرى ئۆز گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن ھالاك قىلىنغانلارنىڭ يەر-ماكانلىرىغا ئىگە بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئەرەب مۇشرىكلىرى ئۆزلىرىنىڭمۇ بۇ زېمىندىن قۇرۇق قالىدىغانلىقىنى ۋە ئىلگىرىكىلىرىگە ئوخشاش ھالاك قىلىنىدىغانلىقىنى بىلمەمدىغاندۇ؟

ئەقىللىق ئادەم ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن ھەرگىز خاتىرجەم بولالمايدۇ، ھەتتا جەننەت ئەھلى بىر پۇتى جەننەتنىڭ ئىشىكىدە بولسىمۇ يەنىلا خاتىرجەم بولالمايدۇ. ئەھۋال شۇنداق تۇرسا، بۇ گۇناھكار قەۋملەر قانداقمۇ خاتىرجەم يۈرىدىغاندۇ؟

ئەگەر ئاللاھ تائالا خالىسا ئىدى، مەككە مۇشرىكلىرىنىمۇ خۇددى ئىلگىرىكى ئىنكارچى قەۋملەرنى جازالىغاندەك جازالىغان ۋە يەر يۈزىدىن يوق قىلىۋەتكەن بولاتتى.

ئى پەيغەمبەر! بىز تىلغا ئالغان ئاشۇ شەھەر ئاھالىسىنىڭ بەزى ئىبرەتلىك قىسسىلىرىنى ساڭا بايان قىلىپ بېرىۋاتىمىز. ئۆز ۋاقتىدا پەيغەمبەرلىرى ئۆزلىرىنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، ئۇلارغا ھەقىقەتنىڭ ئوپئوچۇق دەلىللىرىنى ۋە روشەن مۆجىزىلەرنى

ئېلىپ كەلگەن ئىدى. لېكىن ئۇ قەۋملەر مۆجىزىلەر كېلىشتىن ئىلگىرى ۋە دەۋەتنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلىشتىن بۇرۇن ھەق دىنىنى ئىنكار قىلغانلىقى ئۈچۈن، دەلىللەر ۋە مۆجىزىلەر كەلگەندىن كېيىنمۇ، يەنە ئىنكار قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى، ئۇلارغا مۆجىزىنىڭ، ۋەز-نەسىھەتنىڭ ھېچقانداق پايدىسى بولمىدى.

ئى پەيغەمبەر! ئاللاھ تائالا ئىلگىرىكى ئىنكارچى قەۋملەرنىڭ دىللىرىنى پېچەتلىۋەتكەندەك، بۇ مۇشرىكلارنىڭ دىللىرىنىمۇ پېچەتلىۋەتكەن. شۇڭا ئۇلار ساڭا ئەگەشمەسلىكتە چىڭ تۇرماقتا. سەن ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتمىغانلىقى ئۈچۈن قايغۇرۇپ كەتمىگىن، ئەپسۇسلانمىغىن. ئۇلارنىڭ كۆپ سانلىقى ۋەدىگە ۋاپا قىلىش دېگەنلەرنى بىلمەيدۇ، ئۇلار ۋەدىسىنى بۇزىدۇ، سۆزىدە تۇرمايدۇ. مۇنداق بىر قەۋمنىڭ ئىمان ئېيتمىغانلىقى سەۋەبلىك ھەرگىز قايغۇرمىغىن.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئىبرەتلىك قىسسىلەرنى سۆزلەپ بېرىش كىشىلەرنى دىنغا دەۋەت قىلىشنىڭ ئۇسۇللىرىدىن بىرى بولۇپ، قىسسىلەر ئىبرەت ئالغۇچىلار ئۈچۈن پايدىلىقتۇر.

2. ئاللاھ تائالانىڭ زالىملارنى دەرھال جازالىماسلىقى ئۇلارغا قىلمىشلىرىغا تەۋبە قىلىپ ھەقىقەتكە قايتىش پۇرسىتى بېرىش ياكى تەدرىجىيلىك بىلەن گۇناھىنى كۆپەيتىپ، ئىبرەتلىك ھالدا قاتتىق جازالاپ يوق قىلىش ئۈچۈندۇر.

3. ئاللاھ تائالا ئىنسانغا سانسىز نېمەتلەرنى ئاتا قىلىپ، ھۆرمەتلىك قىلغانلىقىنىڭ بەدىلىگە ئۇلاردىن ئىمان بىلەن تەقۋالىقنىلا سورايدۇ. ئىمان ئېيتىشنىڭ ۋە تەقۋالىق قىلىشنىڭ پايدىسى ئىنسانلار ئۈچۈندۇر.

4. ئاللاھ تائالانىڭ جازاسىغا يولۇقۇپ قېلىشتىن ئەنسىرىمەيدىغانلار ئاخىرى زىيان تارتقۇچىلاردۇر، چۈنكى كاپىرلار ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ جازاسىغا ئىشەنمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن قورقمايدۇ. ئەمما ئۇلار تۇيۇقسىز جازالانغان چاغدا پۇشايمان قىلغانىنىڭ پايدىسى بولمايدۇ.

## ◄ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى

﴿ثُمَّ بَعَثْنَا مِنۢ بَعْدِهِم مُّوسَىٰ بِـَٔايَٰتِنَآ إِلَىٰ فِرْعَوْنَ وَمَلَإِيْهِۦ فَظَلَمُواْ

بِهَا ۖ فَٱنظُرْ كَيْفَ كَانَ عَٰقِبَةُ ٱلْمُفْسِدِينَ ﴿١٠٣﴾ وَقَالَ مُوسَىٰ يَٰفِرْعَوْنُ
إِنِّى رَسُولٌ مِّن رَّبِّ ٱلْعَٰلَمِينَ ﴿١٠٤﴾ حَقِيقٌ عَلَىٰٓ أَن لَّآ أَقُولَ عَلَى ٱللَّهِ
إِلَّا ٱلْحَقَّ ۚ قَدْ جِئْتُكُم بِبَيِّنَةٍ مِّن رَّبِّكُمْ فَأَرْسِلْ مَعِىَ بَنِىٓ إِسْرَٰٓءِيلَ
﴿١٠٥﴾ قَالَ إِن كُنتَ جِئْتَ بِـَٔايَةٍ فَأْتِ بِهَآ إِن كُنتَ مِنَ ٱلصَّٰدِقِينَ ﴿١٠٦﴾
فَأَلْقَىٰ عَصَاهُ فَإِذَا هِىَ ثُعْبَانٌ مُّبِينٌ ﴿١٠٧﴾ وَنَزَعَ يَدَهُۥ فَإِذَا هِىَ بَيْضَآءُ
لِلنَّٰظِرِينَ ﴿١٠٨﴾ قَالَ ٱلْمَلَأُ مِن قَوْمِ فِرْعَوْنَ إِنَّ هَٰذَا لَسَٰحِرٌ عَلِيمٌ ﴿١٠٩﴾
يُرِيدُ أَن يُخْرِجَكُم مِّنْ أَرْضِكُمْ ۖ فَمَاذَا تَأْمُرُونَ ﴿١١٠﴾ قَالُوٓا۟ أَرْجِهْ
وَأَخَاهُ وَأَرْسِلْ فِى ٱلْمَدَآئِنِ حَٰشِرِينَ ﴿١١١﴾ يَأْتُوكَ بِكُلِّ سَٰحِرٍ عَلِيمٍ
﴿١١٢﴾ وَجَآءَ ٱلسَّحَرَةُ فِرْعَوْنَ قَالُوٓا۟ إِنَّ لَنَا لَأَجْرًا إِن كُنَّا نَحْنُ ٱلْغَٰلِبِينَ
﴿١١٣﴾ قَالَ نَعَمْ وَإِنَّكُمْ لَمِنَ ٱلْمُقَرَّبِينَ ﴿١١٤﴾ قَالُوا۟ يَٰمُوسَىٰٓ إِمَّآ أَن تُلْقِىَ
وَإِمَّآ أَن نَّكُونَ نَحْنُ ٱلْمُلْقِينَ ﴿١١٥﴾ قَالَ أَلْقُوا۟ ۖ فَلَمَّآ أَلْقَوْا۟ سَحَرُوٓا۟
أَعْيُنَ ٱلنَّاسِ وَٱسْتَرْهَبُوهُمْ وَجَآءُو بِسِحْرٍ عَظِيمٍ ﴿١١٦﴾

## تەرجىمىسى

103-ئاندىن ئۇلاردىن (يەنى مەزكۇر پەيغەمبەرلەردىن) كېيىن، مۇسانى مۆجىزىلىرىمىز بىلەن پىرئەۋنگە ۋە ئۇنىڭ قەۋمىگە ئەۋەتتۇق، ئۇلار بۇ مۆجىزىلەرنى ئىنكار قىلدى، بۇزغۇنچىلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىغا قارىغىن.

104-مۇسا ئېيتتى: «ئى پىرئەۋن! مەن ھەقىقەتەن ئالەملەرنىڭ رەببى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرمەن.

105-ئاللاھ نامىدىن پەقەت ھەقىقەتنىلا ئېيتىشقا لايىقمەن. مەن راستىنىلا رەببىڭلار تەرىپىدىن سىلەرگە (مېنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىمنى ئىسپاتلايدىغان) مۆجىزە ئېلىپ كەلدىم، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىسرائىل ئەۋلادىنى مەن بىلەن كەتكىلى قويغىن».

106-پىرئەۋن: «ئەگەر سەن بىر مۆجىزە ئېلىپ كەلگەن بولساڭ، (بۇ گېپىڭدە) راستچىللاردىن بولساڭ، قېنى ئۇنى بىزگە كۆرسەتكىن» دېدى.

107. مۇسا ھاسىسىنى تاشلىۋىدى، ئۇ شۇ ھامان ئېنىق بىر ئەجدىھاغا ئايلاندى.

108. قولىنى (قوينىدىن) چىقىرىۋىدى، ئۇ شۇ ھامان قارىغۇچىلارغا (نۇر چاقنىتىپ تۇرغان) ئاپئاق بولۇپ كۆرۈندى.

109. پىرئەۋن قەۋمىدىن بولغان كاتتىباشلار ئېيتتى: «بۇ راستتىنلا ناھايىتى ئۇستا سېھىرگەر ئىكەن.

110. ئۇ سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقىرىۋەتمەكچى». (پىرئەۋن ئېيتتىكى) «ئۇنداقتا، نېمە مەسلىھەت بېرىسىلەر؟»

111. ئۇلار ئېيتتى: «ئۇنى ۋە ئۇنىڭ قېرىندىشى (ھارۇن)نى بىرئاز ساقلاتقىن، شەھەرلەرگە (سېھىرگەرلەرنى) يىغىدىغان كىشىلەرنى ئەۋەتكىن.

112. ئۇلار بارلىق ئۇستا سېھىرگەرلەرنى سېنىڭ ھۇزۇرۇڭغا ئېلىپ كەلسۇن».

113. سېھىرگەرلەر پىرئەۋننىڭ قېشىغا كەلدى، ئۇلار: «ئەگەر بىز غەلىبە قىلساق، بىزگە چوقۇم مۇكاپات بېرىلەمدۇ؟» دېدى.

114. پىرئەۋن: «ھەئە، (ئۇنىڭ ئۈستىگە) سىلەر چوقۇم مېنىڭ يېقىن كىشىلىرىمدىن بولۇپ كېتىسىلەر» دېدى.

115. ئۇلار: «ئى مۇسا! (تاشلايدىغان نەرسەڭنى) سەن ئاۋۋال تاشلامسەن، ياكى بىز ئاۋۋال تاشلامدۇق؟» دېدى.

116. مۇسا: «سىلەر تاشلاڭلار!» دېدى. ئۇلار (سېھىرگەرلىك بۇيۇملىرىنى) تاشلاپ كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىنى باغلىدى. ئۇلارنى قاتتىق چۆچۈتۈۋەتتى ۋە چوڭ بىر سېھىرنى كۆرسەتتى.

## تەپسىرى

مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرىدىن ئەلۋەتتە پەرقلىقتۇر. چۈنكى، باشقا پەيغەمبەرلەردىن ھەربىرى ئۆز قەۋمىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەن بولسا، مۇسا ئەلەيھىسسالام ھەم ئۆز قەۋمى بولغان ئىسرائىل ئەۋلادىغا ھەم پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەن ئىدى. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى ئۆز ۋاقتىدا نۇرغۇن كىشىلەرنى قايىل قىلغان ئالاھىدە چوڭ مۆجىزە ئىدى. ئۆز ۋاقتىدا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىغا ئۆزىنىڭ قەۋمىدىن باشقا نۇرغۇنلىغان قەۋملەرمۇ كىرگەن. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ

شەرىئىتى دىن ۋە دۇنيالىق ئىشلارنى رەتكە سېلىش، مۇستەقىل قانۇن ـ تۈزۈمگە ئىگە ئۆلگىلىك بىر ئۈممەتنى بەرپا قىلىش جەھەتلەردىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتىگە ئوخشاپ كېتەتتى. شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، «قۇرئان كەرىم»دە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى ئىنتايىن كۆپ بايان قىلىنغان، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ نامى شەرىپى 100گە يېقىن جايدا تىلغا ئېلىنغان.

ئالدىنقى ئايەتلەردە قىسسىلىرى بايان قىلىنغان ئاشۇ پەيغەمبەرلەردىن كېيىن، ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ۋە راستچىللىقىغا دالالەت قىلىدىغان كۈچلۈك مۆجىزىلەر بىلەن پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىگە ئەۋەتكەن ئىدى. ئەمما ئۇلار بۇ مۆجىزىلەرنى ئىنكار قىلىش ئارقىلىق مۇسا ئەلەيھىسسالامغا زۇلۇم قىلدى. شەكسىزكى، زۇلۇم بىلەن كۇفرى ئىككىسى قوش كېزەكتۇر.

پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىرى مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ۋە ئۇنىڭ مۆجىزىلىرىنى ئىنكار قىلىش بىلەن ھەم ئۆزلىرىگە ھەم باشقىلارغا زۇلۇم قىلغان زالىملار ئىدى. چۈنكى، ئۇلار مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىنى ئىنكار قىلىش بىلەنلا توختاپ قالماي، كىشىلەرنى ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىشتىن توستى، ئىمان ئېيتقانلارنى قاتتىق قىيىن ـ قىستاقلارغا ئالدى.

مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىرىگە پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلگەنلىكى بىر ھەقىقەتتۇر. ئەمما مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۆز قەۋمىگە پەيغەمبەر ئەمەس ئىدى، دېگەن مەنىگە كەلمەيدۇ، بەلكى مۇسا ئەلەيھىسسالام ئىسرائىل ئەۋلادىنى پىرئەۋنىنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر ئىدى. چۈنكى، ئىسرائىل ئەۋلادى پىرئەۋنىنىڭ تەۋەلىرى تەرىپىدىن ئېزىلگەن بىر قەۋم ئىدى. مىسىرلىقلارمۇ ئىمان ئېيتىشقا ھازىر ئىدى. ئەگەر پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىرى ئىمان ئېيتسا، پۈتۈن خەلق ئىمان ئېيتاتتى. شۇڭا مۇسا ئەلەيھىسسالام پىرئەۋنگە ئەۋەتىلگەن دېيىلىدۇ.

ئى پەيغەمبەر! بۇزغۇنچىلارنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولىدىغانلىقىغا قارىغىن، ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتى ئەلۋەتتە ئىبرەتلىك ھالاكەتتىنلا ئىبارەت بولغان.

مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى بىلەن پىرئەۋننى ئىمانغا دەۋەت قىلغىلى بارىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئالەملەرنىڭ رەببى تەرىپىدىن

ئەۋەتىلگەن راستچىل ئەلچى ئىكەنلىكىنى، ئاللاھ نامىدىن پەقەت راست سۆزنىلا ئېيتىدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى دەلىللەش ئۈچۈن ئاللاھىدە بىر مۆجىزە بىلەن ئەۋەتىلگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ئاندىن پىرئەۋندىن ئىسرائىل ئەۋلادىنى قۇللۇقتىن ئازاد قىلىپ، ئۆز يولىغا قويۇپ بېرىشىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە پەلەستىنگە كېتىشىگە رۇخسەت قىلىشىنى سورايدۇ.

ئەمما پىرئەۋن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ سورىغانلىرىغا جاۋاب بېرىشتىن بۇرۇن، ئۇنىڭدىن ئۇ ئېلىپ كەلگەن مۆجىزىسىنى كۆرسىتىپ بېقىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالام پىرئەۋنىنىڭ تەلىپىگە سۆز بىلەن ئەمەس، بەلكى ئەمەلىيەت بىلەن جاۋاب بەرمەكچى بولۇپ، قولىدىكى ھاسىسىنى يەرگە تاشلايدۇ-دە، ھاسا شۇ ھامان بىر يوغان ئەجدىھاغا ئايلىنىپ ھەرىكەت قىلىشقا باشلايدۇ. ئاندىن قولىنى قوينىدىن چىقىرىشى بىلەن ئۇنىڭ قولى نۇر چاقنىتىپ تۇرغان ھالدا ئاپئاق بولۇپ كۆرۈنىدۇ.

بۇنى كۆرگەن پىرئەۋن تەۋەلىرى ۋە مىسىرلىقلارنىڭ كاتتىباشلىرى ئۆزلىرىنىڭ ھەيرانلىقىنى باسالمايدۇ، مۇسا ئەلەيھىسسالامغا شۇ ھامان تۆھمەت قىلىشقا باشلاپ، ﴿بۇ راستتىنلا ناھايىتى ئۇستا سېھىرگەر ئىكەن﴾ دەيدۇ. ئاندىن ئۇلار ئۆز تەۋەلىرىنى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا قارشى قۇترىتىش ئۈچۈن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ سېھىر ئارقىلىق ئۇلارنى يۇرتلىرىدىن ھەيدەپ چىقارماقچى ۋە ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قولىدىن ئېلىۋالماقچى بولغانلىقىنى دەۋا قىلىدۇ. يەنە بىر ئايەتتە پىرئەۋن تەۋەلىرىنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ قېرىندىشى ھارۇن ئەلەيھىسسالامغا قىلغان سۆزى مۇنداق بايان قىلىنغان: ﴿قَالُوٓاْ أَجِئۡتَنَا لِتَلۡفِتَنَا عَمَّا وَجَدۡنَا عَلَيۡهِ ءَابَآءَنَا وَتَكُونَ لَكُمَا ٱلۡكِبۡرِيَآءُ فِي ٱلۡأَرۡضِ وَمَا نَحۡنُ لَكُمَا بِمُؤۡمِنِينَ﴾ يەنى ﴿ئۇلار: «سەن بىزگە ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ دىنىدىن بىزنى ۋاز كەچتۈرۈش ۋە (بۇ) زېمىننىڭ سەلتەنىتىنى ئىككىڭلارنىڭ قىلىۋېلىش ئۈچۈن كەلدىڭمۇ؟ بىز ئىككىڭلارغا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز» دېدى﴾[1] شۇنىڭ بىلەن پىرئەۋن ئۆز تەۋەلىرىنى يىغىدۇ ۋە ئۇلاردىن مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ قېرىندىشى ھارۇن ئەلەيھىسسالام ئىككىسىنىڭ ئىشىنى قانداق قىلىش توغرۇلۇق مەسلىھەت سوراپ: ﴿ئۇنداقتا، نېمە مەسلىھەت بېرىسىلەر؟﴾ دەيدۇ. پىرئەۋن تەۋەلىرىنىڭ

[1] يۇنۇس سۈرىسى: 78-ئايەت.

جاۋابى بۇ ئىككىسى ئۈچۈن ئالدىراپ ھۆكۈم چىقارماسلىق ۋە پۈتۈن شەھەرلەرگە مەخسۇس ئادەملەرنى ئەۋەتىپ بارلىق ئۇستا سېھىرگەرلەرنى يىغىپ كېلىپ، بۇ ئىككىسىنىڭ سېھرىنى بەربات قىلىش تەكلىپىنى بېرىشتىن ئىبارەت بولىدۇ. ﴿قَالَ أَجِئۡتَنَا لِتُخۡرِجَنَا مِنۡ أَرۡضِنَا بِسِحۡرِكَ يَٰمُوسَىٰ ۝٥٧ فَلَنَأۡتِيَنَّكَ بِسِحۡرٖ مِّثۡلِهِۦ فَٱجۡعَلۡ بَيۡنَنَا وَبَيۡنَكَ مَوۡعِدٗا لَّا نُخۡلِفُهُۥ نَحۡنُ وَلَآ أَنتَ مَكَانٗا سُوٗى ۝٥٨ قَالَ مَوۡعِدُكُمۡ يَوۡمُ ٱلزِّينَةِ وَأَن يُحۡشَرَ ٱلنَّاسُ ضُحٗى ۝٥٩ فَتَوَلَّىٰ فِرۡعَوۡنُ فَجَمَعَ كَيۡدَهُۥ ثُمَّ أَتَىٰ﴾ يەنى ﴿(پىرئەۋن) ئېيتتى: «ھەي مۇسا! سەن سېھرىڭگە تايىنىپ بىزنى يۇرتىمىزدىن چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن كەلدىڭمۇ؟ (بىلىپ قويغىنكى)، بىزمۇ ساڭا شۇنىڭغا ئوخشاش سېھىر بىلەن تاقابىل تۇرىمىز، سەن بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا يىغىلىدىغان ۋاقىتنى ۋە مۇناسىپ جاينى بەلگىلەپ بەرگىن، سەنمۇ، بىزمۇ ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلمايلى». مۇسا ئېيتتى: «سىلەر بىلەن كېلىشكەن ۋاقتىمىز بايرام كۈنى بولسۇن، كىشىلەر چاشگاھ ۋاقتىدا يىغىلسۇن». پىرئەۋن قايتىپ كېتىپ، ھىيلىسىنى (يەنى سېھىرگەرلىرىنى) توپلىدى، ئاندىن (ۋەدىلەشكەن ۋاقىتتا) كەلدى﴾[1]

مىسىرنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن چاقىرتىپ كېلىنگەن سېھىرگەرلەر ھەممىسى ھازىر بولۇپ، پىرئەۋننىڭ ئالدىغا كېلىشتى ۋە ئۇنىڭدىن ﴿ئەگەر بىز غەلىبە قىلساق، بىزگە چوقۇم مۇكاپات بېرىلەمدۇ؟﴾ دەپ سوراشتى. پىرئەۋن دەرھال جاۋاب بېرىپ: ﴿ھەئە، (ئۇنىڭ ئۈستىگە) سىلەر چوقۇم مېنىڭ يېقىن كىشىلىرىمدىن بولۇپ كېتىسىلەر﴾ دەپ ئۇلارنى خاتىرجەم قىلدى.

ۋەدىلەشكەن كۈن يېتىپ كەلگەندە، ھەممە بىر يەرگە يىغىلدۇ. سېھىرگەرلەر مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن سېھرىنى ئاۋۋال قايسى تەرەپ كۆرسىتىدىغانلىقىنى سورايدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاۋۋال ئۇلارنىڭ كۆرسىتىشىنى ئېيتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سېھىرگەرلەر ئۆزلىرى تەييارلاپ كەلگەن بارلىق سېھىرگەرلىك ھۈنەرلىرىنى كۆرسىتىدۇ، كۆزلەرنى ئالا چەكمەن قىلىۋېتىدىغان تېز ھەرىكەتلەر، سىماپ ئىشلىتىپ ھاسىنى ھەرىكەتلەندۈرۈش، كۆزلەرگە تەسىر قىلىدىغان ئىسرىقلار قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئىشلىتىدۇ. سېھىرگەرلەر بۇ ھەرىكەتلىرى بىلەن كىشىلەرنى راستىتىنلا قايىل قىلىدۇ ۋە ئۇلارنى قاتتىق چۆچۈتىۋېتىدۇ، خەلقنىڭ نەزىرىدە ئۇلار ھەقىقەتەن چوڭ بىر سېھرىنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى.

---

[1] تاھا سۈرىسى: 57ـ60ـئايەتلەر.

«قۇرئان كەرىم» مەزكۇر سېھىرگەرلەرنىڭ سېھىرلىرىنى ﴿سَحَرُوٓاْ أَعۡيُنَ ٱلنَّاسِ﴾ يەنى ﴿كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىنى باغلىدى﴾[1] ۋە ﴿يُخَيَّلُ إِلَيۡهِ مِن سِحۡرِهِمۡ أَنَّهَا تَسۡعَىٰ﴾ يەنى ﴿ئۇلارنىڭ سېھىرىنىڭ تەسىرىدە ئۇنىڭغا تېز مېڭىۋاتقان (يىلان)دەك تۇيۇلدى﴾[2] دېگەن ئايەتلەر بىلەن سۈپەتلىگەن. چۈنكى، سېھىر دېگەن ئادەمنى خۇددى راست ئىشتەك خىيال قىلدۇرىدىغان، ئەمما ھەقىقەتتە يوق نەرسە. بۇنىڭدىن سېھىر بىلەن مۆجىزىنىڭ پەرقىنى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. چۈنكى، مۆجىزە پەيغەمبەرنىڭ قولىدا ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئەمما سېھىر پاسىق ئادەمنىڭ قولىدا ئەمەلگە ئاشىدۇ. قەدىمقى مىسىرلىقلار كىشىلەرگە سېھىر قىلىشنى ئۆگىتەتتى. سېھىرنىڭ تۈرلىرىمۇ ئىنتايىن كۆپ ئىدى. ئەمما مۆجىزە ئۆگىنىش بىلەن ئەمەس، پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتى بىلەن پەيغەمبەرنىڭ قولىدىلا ئوتتۇرىغا چىقىدىغان ئادەتتىن تاشقىرى ئىشتۇر.

مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسىنىڭ سېھىرنى بەربات قىلىدىغان مۆجىزە بولغانلىقى شۇ زامانلاردا سېھىرگەرلىكنىڭ ئىنتايىن زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىقى ۋە مىسىردا سېھىرنىڭ ئومۇملاشقانلىقىدىن ئىدى.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. مۇسا ئەلەيھىسسالام «قۇرئان كەرىم»دە قىسسىسى ئەڭ كۆپ بايان قىلىنغان ۋە «ئەزىمەتلىك پەيغەمبەرلەر» دەپ ئاتالغان بەش چوڭ پەيغەمبەرنىڭ بىرىدۇر. ئۇلار نۇھ، ئىبراھىم، مۇسا، ئىيسا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاملاردۇر.

2. ھەقىقەتنى ئېتىراپ قىلماستىن، ھاكاۋۇرلۇق قىلغان ۋە ئاللاھ تائالاغا خاس بولغان ئىلاھىي سۈپەتلەرنى تەلەپ قىلغانلارنىڭ جازاسى كېچىكتۈرۈلمەيدۇ. مەسىلەن: ئۆزىنى ئىلاھ دەۋالغان پىرئەۋننىڭ سۇدا غەرق بولۇپ جازالانغىنىغا ئوخشاش.

3. سېھىرگەرلىك ئاللاھ تائالا يامان كۆرىدىغان خەتەرلىك كەسىپنىڭ بىرى بولۇپ، سېھىرگەرلىك قىلغۇچىلار «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھۆكمى بويىچە كاپىر بولغۇچىلاردۇر.

---

[1] ئەئراف سۈرىسى: 116- ئايەت.

[2] تاھا سۈرىسى: 66- ئايەت.

### مۇسا ئەلەيھىسسالام ۋە پىرئەۋننىڭ سېھىرگەرلىرى

﴿ وَأَوْحَيْنَآ إِلَىٰ مُوسَىٰٓ أَنْ أَلْقِ عَصَاكَ ۖ فَإِذَا هِىَ تَلْقَفُ مَا يَأْفِكُونَ
﴿١١٧﴾ فَوَقَعَ ٱلْحَقُّ وَبَطَلَ مَا كَانُوا۟ يَعْمَلُونَ ﴿١١٨﴾ فَغُلِبُوا۟ هُنَالِكَ وَٱنقَلَبُوا۟
صَٰغِرِينَ ﴿١١٩﴾ وَأُلْقِىَ ٱلسَّحَرَةُ سَٰجِدِينَ ﴿١٢٠﴾ قَالُوٓا۟ ءَامَنَّا بِرَبِّ
ٱلْعَٰلَمِينَ ﴿١٢١﴾ رَبِّ مُوسَىٰ وَهَٰرُونَ ﴿١٢٢﴾ قَالَ فِرْعَوْنُ ءَامَنتُم بِهِۦ قَبْلَ
أَنْ ءَاذَنَ لَكُمْ ۖ إِنَّ هَٰذَا لَمَكْرٌ مَّكَرْتُمُوهُ فِى ٱلْمَدِينَةِ لِتُخْرِجُوا۟
مِنْهَآ أَهْلَهَا ۖ فَسَوْفَ تَعْلَمُونَ ﴿١٢٣﴾ لَأُقَطِّعَنَّ أَيْدِيَكُمْ وَأَرْجُلَكُم
مِّنْ خِلَٰفٍ ثُمَّ لَأُصَلِّبَنَّكُمْ أَجْمَعِينَ ﴿١٢٤﴾ قَالُوٓا۟ إِنَّآ إِلَىٰ رَبِّنَا مُنقَلِبُونَ
﴿١٢٥﴾ وَمَا تَنقِمُ مِنَّآ إِلَّآ أَنْ ءَامَنَّا بِـَٔايَٰتِ رَبِّنَا لَمَّا جَآءَتْنَا ۚ رَبَّنَآ أَفْرِغْ
عَلَيْنَا صَبْرًا وَتَوَفَّنَا مُسْلِمِينَ ﴿١٢٦﴾

### تەرجىمىسى

117-مۇساغا: «ھاساڭنى تاشلىغىن» دەپ ۋەھيى قىلدۇق، (ئۇنىڭ ھاسىسى ئەجدىھاغا ئايلىنىپ) ئۇلارنىڭ ساختا نەرسىلىرىنى دەرھال يۇتۇۋەتتى.

118-شۇنىڭ بىلەن ھەقىقەت ئوتتۇرىغا چىقتى، ئۇلارنىڭ كۆرسەتكەن (سېھىر)لىرى بەربات بولدى.

119-بۇ يەردە (پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى) مەغلۇپ بولدى ۋە خار بولۇپ كەتتى.

120-سېھىرگەرلەر سەجدىگە ئۆزىنى ئاتتى.

121-122- ئۇلار دېدى: «بىز ئالەملەرنىڭ رەببىگە-مۇسا ۋە ھارۇننىڭ رەببىگە ئىمان ئېيتتۇق».

123-پىرئەۋن ئېيتتى: «سىلەر مەن رۇخسەت قىلماي تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتتىڭلار، بۇ چوقۇم سىلەرنىڭ شەھەردىكى چېغىڭلاردا ئاھالىنى شەھەردىن ھەيدەپ چىقىرىش ئالدىن پىلانلىغان ھىيلەڭلار ئىكەن. سىلەر (بېشىڭلارغا كېلىدىغاننى) ئۇزاققا قالماي بىلىپ قالىسىلەر.

124-سىلەرنىڭ قولۇڭلارنى، پۇتۇڭلارنى ئوڭ-سول قىلىپ (يەنى ئوڭ قولۇڭلار

بىلەن سول پۇتۇڭلارنى ياكى ئوڭ پۇتۇڭلار بىلەن سول قولۇڭلارنى) چوقۇم كېسىپ تاشلايمەن، ئاندىن ھەممىڭلارنى چوقۇم دارغا ئاسىمەن».

125ـ سېھىرگەرلەر ئېيتتى: «بىز زادى رەببىمىزگە قايتقۇچىلارمىز.

126ـ سەن رەببىمىزنىڭ ئايەتلىرى بىزگە كەلگەن ھامان ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقانلىقىمىز ئۈچۈنلا بىزدىن ئۆچ ئېلىۋاتىسەن، ئى رەببىمىز! بىزگە زور سەۋرچانلىق ئاتا قىلغىن، بىزنىڭ جېنىمىزنى مۇسۇلمان ھالىتىمىزدە ئالغىن».

## ◄ تەپسىرى

بۇ ئايەتلەر مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن پىرئەۋننىڭ سېھىرگەرلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇنازىرىنى ۋە سېھىرگەرلىك ھۈنەرلىرىنى بايان قىلغان. سېھىرگەرلەر سېھىرلىرىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئارغامچىلىرىنى ۋە ھاسىلىرىنى يەرگە تاشلاپ، كۆرگۈچىلەرنىڭ نەزىرىدە ئاجايىب قورقۇنۇشلۇق يىلانلارنى كۆرسەتكەندەك قىلىشتى، كۆرگۈچىلەرنىڭ كۆڭلىگە قورقۇنچ سالدى. بۇ ۋاقىتتا پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىرى مۇسا ئەلەيھىسسالامنى يېڭىپ غەلىبە قىلىدىغانلىقىغا رەسمىي ئىشەنچ باغلىدى. ئاندىن ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ھاسىسىنى تاشلاشنى ئەمر قىلىپ ۋەھيى قىلدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام تاشلىغان ھاسا تىرىك ئەجدىھاغا ئايلىنىپ، سېھىرگەرلەرنىڭ يەرگە تاشلىغان بارلىق نەرسىلىرىنى بىر ـ بىرلەپ يۇتۇۋەتتى. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: «مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاسىسى سېھىرگەرلەرنىڭ تاشلىغان نەرسىلىرىنىڭ ھەممىسىنى يۇتۇۋەتكەن. ئۇلارنىڭ سېھىرلىرىنى پۈتۈنلەي بەربات قىلىۋەتكەن. ئاندىن سېھىرگەرلەر مۇسا ئەلەيھىسسالام قىلغان بۇ ئىشنىڭ سېھىر ئەمەس، بەلكى ئىلاھىي مۆجىزە ئىكەنلىكىنى شۇ ھامان بىلگەن ۋە ئاللاھ تائالاغا بويسۇنغانلىقىنى ئىزھار قىلىپ سەجدىگە باش قويغان»[1].

سېھىرگەرلەر ھەقىقەتنى بىلگەندىن كېيىن، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ سېھىرگەر ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتتى.

---

[1] «تفسير الطبري» 13ـ توم، 29ـ بەت.

مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمى بىلەن بۇ ئالاھىدە كۈندە، پۈتۈن خەلقنىڭ ئالدىدا پىرئەۋن تەۋەلىرىنىڭ سېھىرگەرلىرىنى يېڭىپ چىقتى، پىرئەۋن تەۋەلىرىنى بولسا يەرگە قاراتتى. سېھىرگەرلەر ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتىپ، سەجدىگە باش قويدى. پىرئەۋن تەۋەلىرى نومۇستىن ۋە بۇنداق چوڭ خارلىقتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ تۇرالماي مەيداندىن چېكىندى. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى سېھىرگەرلەرگە قاتتىق تەسىر قىلغان ئىدى. ئۇلار كۆرگەنلىرىدىن ئۆزلىرىنى تۇتالمىدى ۋە ھەممە بىردەك ﴿بىز ئالەملەرنىڭ رەببىگە - مۇسا ۋە ھارۇننىڭ رەببىگە ئىمان ئېيتتۇق﴾ دېدى.

ھەقىقەت مەيدانغا چىقىپ، سېھىرگەرلەرنىڭ باتىل ئىشلىرىنىڭ ئۆزلۈكىدىن يوقالغانلىقى ۋە سېھىرگەرلەرنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالام دەۋەت قىلغان دىنغا ئىمان ئېيتىپ مۆئمىنلەردىن بولغانلىقى پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىرى ئۈچۈن ھەرگىزمۇ ياخشى ئىش ئەمەس ئىدى. چۈنكى، بۇ ئىش پىرئەۋن تەۋەلىرى ئۈچۈن چوڭ خەتەر ئىدى. شۇڭا پىرئەۋن قاتتىق غەزەپتىن ئۇلارغا ۋارقىراپ: سىلەر مەندىن سورىماي تۇرۇپ مۇساغا ئىمان ئېيتتىڭلار، شۇنداقمۇ؟ سىلەرگە مەن: ئەگەر سىلەر غەلىبە قىلساڭلار چوڭ مۇكاپاتقا ئېرىشىسىلەر ۋە ئەلۋەتتە مېنىڭ يېقىنلىرىمدىن بولىسىلەر، دېمىگەن ئەمەسمىدىم؟ بۇ ماڭا قارشى مۇسا بىلەن بىرلىشىپ، ئۇنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن ئالدىن پىلانلانغان ھىيلە-مىكىرلەر ئىكەن. سىلەر بۇ ھىيلە-مىكىرنى شەھەردىكى ۋاقتىڭلاردا مەسلىھەتلىشىپ ئورۇنلاشتۇرغان ئىكەنسىلەر. ئاندىن سىلەر بۇ پىلانىڭلارنى خەلقى ئالەمنىڭ ئالدىدا بۈگۈن ئىشقا ئاشۇردۇڭلار، سىلەرنىڭ مەقسىتىڭلار مىسىر خەلقىنى يۇرتىدىن قوغلاپ چىقىرىش ۋە ئىسرائىل ئەۋلادى بىلەن بىرلىشىپ مىسىرغا ئىگە بولۇۋېلىشتۇر. شۈبھىسىزكى، مۇسا چوقۇم سىلەرگە سېھىرنى ئۆگەتكەن چوڭۇڭلار ئىكەن. سىلەرنى قانداق جازالايدىغانلىقىمنى، بېشىڭلارغا كېلىدىغانلارنى پات يېقىندا بىلىپ قالىسىلەر، سىلەرنىڭ ئوڭ قولۇڭلار بىلەن سول پۇتۇڭلارنى ياكى سول پۇتۇڭلار بىلەن ئوڭ قولۇڭلارنى چوقۇم كېسىپ تاشلايمەن. بۇ سىلەرنى تېخىمۇ قاتتىق ئازابلاش ئۈچۈندۇر. ئاندىن باشقىلارغا ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن ھەممىڭلارنى چوقۇم دارغا ئاسىمەن، دېدى.

ئەمما مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئىمان كەلتۈرگەن بۇ سېھىرگەرلەر ئىمانىدا مۇستەھكەم ئىدى. ئۇلار پىرئەۋننىڭ تەھدىتلىرىگە جاۋاب بېرىپ: بۇنىڭدا بىزگە ھېچبىر زىيان يوق. چۈنكى، بىزنىڭ تەقدىرىمىز

ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە، مەيلى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرەيلى، مەيلى قىسقا ئۆمۈر كۆرەيلى، بەربىر ھەممىمىز ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىغا قايتقۇچىلارمىز. شۇڭا بىز سېنىڭ بىزنى ئۆلتۈرۈشۈڭدىن قىلچە قورقۇپ قالمايمىز.

ئەللامە مۇھەممەد مۇتەۋەللىي شەئراۋىي قاتارلىق بەزى مۇپەسسىرلەر ﴿إِنَّآ إِلَىٰ رَبِّنَا مُنقَلِبُونَ﴾ دېگەن ئايەتنى: «سەن بىزنى ئۆلتۈرۈش ئارقىلىق بىزگە ياخشىلىق قىلغان بولىسەن، چۈنكى بىز رەببىمىزنىڭ دەرگاھىغا تېزرەك بارىمىز. سەن ئۆزۈڭنىڭ ئەخمەقلىقى ۋە زالىملىقى سەۋەبلىك ئۆزۈڭ ھېس قىلماستىن بىزگە ياخشىلىق قىلغان بولىسەن» يەنى سېنىڭ بىزگە بېرىدىغان جازايىڭ ئەمەلىيەتتە جازا ئەمەس، بەلكى بىزنىڭ رەببىمىزنىڭ دەرگاھىغا تېزرەك بېرىۋېلىشىمىز ئۈچۈن بىر پۇرسەتتۇر. شۇڭا بىز سېنىڭ جازالىشىڭدىن قورقۇپ قالمايمىز، دېگەن مەنىدە تەپسىر قىلغان[1].

ئى پىرئەۋن تەۋەلىرى! سىلەر بىزنىڭ ئاللاھ تائالاغا، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرى مۇسا ۋە ھارۇن ئەلەيھىسسالاملارغا، ئۇلار ئاللاھ تائالادىن ئېلىپ كېلىپ بىزگە كۆرسەتكەن مۆجىزىلەرگە ئىمان كەلتۈرگەنلىكىمىز ئۈچۈنلا بىزدىن ئۆچ ئېلىۋاتىسىلەر، شۇ سەۋەبتىن بىزنى يامان كۆرىسىلەر. بىز سېھىرنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سىلەردىن ئەلۋەتتە ئوبدان بىلىمىز. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرسەتكەنلىرى ھەرگىز سېھىر ئەمەس.

ئى رەببىمىز! بىزگە زور سەۋرچانلىق ئاتا قىلغىن، سەۋرچانلىقنى خۇددى ئۈستىمىزگە سۇ تۆككەندەك تۆكۈۋەتكىن، قەدىمىمىزنى توغرا يولدا مۇستەھكەم، ئىرادىمىزنى چىڭ قىلغىن، بىزنىڭ جېنىمىزنى مۇسۇلمان ھالىتىمىزدە ئالغىن، سەن ھەممىگە قادىر ۋە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى زاتسەن.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ھەق بىلەن باتىل ھەرگىز تەڭ بولالمايدۇ. ھەقىقەت كىچىككىنە بولسىمۇ چوقۇم باتىلنى يېڭىدۇ.

2. سېھىرگەرلەر دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە خارلىقتىن ۋە يوقسۇللۇقتىن باشقىسىنى كۆرمەيدۇ.

---

[1] «تفسير الشعراوي» 7ـتوم، 4303ـبەت.

3. ئىلىم ھەقىقەتنى بىلىشنىڭ ئەڭ مۇھىم قورالىدۇر. سېھىرگەلەرنىڭ ئىمان ئېيتىشىغا تۈرتكە بولغان نەرسە ئىلىم ئىدى. ئۇلار ئىلىم ۋە مۆجىزە بىلەن سېھىرنىڭ پەرقىنى ئايرىۋالغان، ئاندىن ھەقىقەتنى تونۇپ ئىمان ئېيتقان.

4. مۇسۇلمانلىق ھالىتىدە ئۆلۈش ھەرقانداق بىر مۇسۇلماننىڭ ئەڭ ئالىي تىلىكىدۇر. جانابى ئاللاھ تائالا ھەممىمىزنى بۇ دۇنيادىن ئىمان بىلەن كەتكىلى نېسىپ قىلسۇن.. ئامىن!

### ◄ پىرئەۋن تەۋەلىرى بىلەن ئىسرائىل ئەۋلادى ئوتتۇرىسىدا بولغان ئىشلار

﴿وَقَالَ ٱلۡمَلَأُ مِن قَوۡمِ فِرۡعَوۡنَ أَتَذَرُ مُوسَىٰ وَقَوۡمَهُۥ لِيُفۡسِدُواْ فِي
ٱلۡأَرۡضِ وَيَذَرَكَ وَءَالِهَتَكَۚ قَالَ سَنُقَتِّلُ أَبۡنَآءَهُمۡ وَنَسۡتَحۡيِۦ نِسَآءَهُمۡ
وَإِنَّا فَوۡقَهُمۡ قَٰهِرُونَ ١٢٧ قَالَ مُوسَىٰ لِقَوۡمِهِ ٱسۡتَعِينُواْ بِٱللَّهِ وَٱصۡبِرُوٓاْۖ
إِنَّ ٱلۡأَرۡضَ لِلَّهِ يُورِثُهَا مَن يَشَآءُ مِنۡ عِبَادِهِۦۖ وَٱلۡعَٰقِبَةُ لِلۡمُتَّقِينَ
١٢٨ قَالُوٓاْ أُوذِينَا مِن قَبۡلِ أَن تَأۡتِيَنَا وَمِنۢ بَعۡدِ مَا جِئۡتَنَاۚ قَالَ عَسَىٰ
رَبُّكُمۡ أَن يُهۡلِكَ عَدُوَّكُمۡ وَيَسۡتَخۡلِفَكُمۡ فِي ٱلۡأَرۡضِ فَيَنظُرَ
كَيۡفَ تَعۡمَلُونَ ١٢٩﴾

### ◄ تەرجىمىسى

127-پىرئەۋن قەۋمىنىڭ كاتتىباشلىرى (پىرئەۋنگە): «مۇسا بىلەن ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىشىغا، سېنى ۋە سېنىڭ ئىلاھلىرىڭنى تاشلىشىغا يول قويامسەن؟» دېدى. پىرئەۋن: «ئۇلارنىڭ ئوغۇللىرىنى ئۆلتۈرۈپ، قىزلىرىنى (خىزمەتكە سېلىشقا) قالدۇرىمىز، بىز ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىمىز» دېدى.

128-مۇسا ئۆز قەۋمىگە: «ئاللاھتىن مەدەت تىلەڭلار، چىداملىق بولۇڭلار. يەر يۈزى ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭدۇر، ئۇ بەندىلىرىدىن ئۆزى خالىغان كىشىلەرنى ئۇنىڭغا ۋارىس قىلىدۇ؛ ياخشى ئاقىۋەت تەقۋادارلارغا مەنسۇپتۇر» دېدى.

129-ئۇلار: «سەن بىزگە (پەيغەمبەر بولۇپ) كېلىشتىن بۇرۇنمۇ، كەلگەندىن

**كېيىنمۇ ھامان خارلىنىپ كەلدۇق» دېدى. مۇسا: «رەببىڭلار دۈشمىنىڭلارنى ھالاك قىلىپ، يەر يۈزىدە ئۇلارنىڭ ئورنىغا چوقۇم سىلەرنى دەسسىتىپ [1]، سىلەرنىڭ قانداق ئىش قىلىدىغانلىقىڭلارغا قارايدۇ» دېدى.**

### ◄ تەپسىرى

پىرئەۋن مىسىرنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن چاقىرتىپ كەلگەن سېھرىگەرلەر بىلەن كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىپ، ئۇنىڭ دىنىغا كىرىپ كەتكەنلىكى، پىرئەۋن ئۈچۈن زىيانلىق، پىرئەۋن تەۋەلىرى ئۈچۈن چوڭ بىر تەھدىت ئىدى. چۈنكى، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنى مىسىردا غەلىبە قىلىپ قالسا، پىرئەۋن تەۋەلىرى ئىسرائىل ئەۋلادىنى ۋە مىسىر خەلقىنى خالىغانچە ئېزەلمەيتتى، پىرئەۋننىڭ سايىسىدا ھۆكۈمرانلىق قىلالمايتتى. بۇنى ئۇلار ياخشى بىلەتتى. شۇڭا ئۇلار پىرئەۋنى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا قارشى كۈشكۈرتۈپ ئۇنىڭغا: سەن مۇسا بىلەن ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ كىشىلەرنى ئۆز دىنىغا دەۋەت قىلىپ مىسىردا بۇزغۇنچىلىق قىلىشىغا، سېنى ۋە ئىلاھلىرىڭنى تاشلىشىغا يول قويامسەن؟ ئۇلارنى ۋە ئۇلارغا ئەگىشىپ ئىمان ئېيتقانلارنى مۇشۇنداق ئەركىن قويۇۋېتەمسەن؟ ئەگەر ئۇلارنى مۇنداق قويۇۋەتسەڭ، ئۇلار مىسىرلىقلارنى پۈتۈنلەي ئۆز دىنىغا تارتىپ كېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ھېچكىم ساڭا ۋە سېنىڭ ئىلاھلىرىڭغا چوقۇنۇنمايدىغان بولىدۇ. بۇ چوڭ بۇزغۇنچىلىقتۇر ۋە سېنىڭ پادىشاھلىقىڭغا ئىنتايىن چوڭ تەھدىتتۇر. ئەگەر سەن ئۇلارنى يوقاتمىساڭ، سېنىڭ پادىشاھلىقىڭمۇ قولدىن كېتىپ قېلىشى مۇمكىن، دەيدۇ.

پىرئەۋن دەيدۇ: ئۇلارنىڭ ئوغۇللىرىنى ئۆلتۈرۈپ تاشلاپ، قىزلىرىنى خىزمىتىمىزگە سېلىش ئۈچۈن تىرىك قالدۇرىمىز. مۇسا تۇغۇلۇشتىن ئىلگىرىمۇ شۇنداق قىلغان ئىدۇق، ھازىرمۇ شۇنداق قىلىشقا كۈچىمىز يېتىدۇ. چۈنكى، ھازىرمۇ بىز ئۇلارنىڭ ئۈستىدە ھۆكۈمرانمىز.

ئىسرائىل ئەۋلادى پىرئەۋننىڭ بۇ تەھدىتلىرىدىن قاتتىق قورقۇپ كەتكەن بولۇپ، تۈگىمەس غەم-قايغۇغا پاتقان ئىدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئۈمىدلەندۈرۈش ۋە ئۇلارنىڭ قورقۇنچىسىنى ئازايتىش ئۈچۈن نەسىھەت قىلىپ: ئى قەۋمىم! سىلەر قورقماڭلار، رەببىڭلار ئاللاھ

[1] ئايەتتىكى«عسى» ئۈمىد مەنىسىدە كەلگەندەك، كەسكىن ۋە چوقۇم دېگەن مەنىدىمۇ كېلىدۇ. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ تەپسىرىگە ئاساسلانغاندا، «عسى» بۇ يەردە «چوقۇم» دېگەن مەنىدە كەلگەن.

تائالادىن ياردەم تىلەڭلار، ئاللاھ تائالا سىلەرگە ياردەم بېرىشكە ئەلۋەتتە قادىردۇر. سەۋرچان بولۇڭلار. چۈنكى، سەۋرچانلىق مۇئمىنلەرنىڭ قورالىدۇر. بىلىڭلاركى، ئاللاھ تائالا يەر يۈزىگە ئۆزى خالىغان بەندىلىرىنى ۋارىس قىلىپ، ئۇلارنى پاراۋانلىققا ئىگە قىلىدۇ. ياخشى ئاقىۋەت مۇئمىنلەرگىلا خاستۇر. ئىشلار ھەرگىز پىرئەۋن پىلانلىغاندەك بولمايدۇ، ئاللاھ تائالا تەقدىر قىلغان بويىچە بولىدۇ، دېگەن مەزمۇندا ئۇلارغا تەسەللى بېرىدۇ.

لېكىن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ چىرايلىق نەسىھەتلىرى ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ قورقۇنچىسىنى پەسەيتەلمەيدۇ. ئۇلار قاتتىق ھەسرەت چەككەن ۋە غەم-قايغۇغا پاتقان ھالدا مۇنداق دەيدۇ: ئى مۇسا! سەن پەيغەمبەر بولۇپ كېلىشتىن ئىلگىرىمۇ بىز كۆپ زىيان-زەخمەتلەرگە ۋە ئازاب-ئوقۇبەتلەرگە ئۇچرىغان ئىدۇق، سەن كەلگەندىن كېيىنمۇ ئىشلار يەنە شۇنداق بولۇۋاتىدۇ. پىرئەۋن تەۋەلىرى ئىلگىرى بالىلىرىمىزنى ئۆلتۈرەتتى، ئۆزىمىزنى قاتتىق ئازابلايتتى. مانا ئەمدى سەنمۇ كۆرۈپ تۇرۇۋاتىسەن، ئەھۋالىمىز يەنە شۇنداق بولماقچى.

مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «ئاللاھ تائالادىن ئۈمىدىمنى ئۈزمەيمەن. چۈنكى، ئاللاھ تائالا خالىسا، دۈشمىنىڭلارنى ھالاك قىلىۋېتىپ، سىلەرنى يەر يۈزىدە ئۇلارنىڭ ئورنىغا چوقۇم ھۆكۈمران قىلىپ دەسسىتىپ، سىلەرنىڭ قانداق ئىش قىلىدىغانلىقىڭلارغا قارايدۇ. شۈكۈر قىلامسىلەر ياكى تۈزكورلۇق قىلامسىلەر بۇنىڭ بىلەن سىلەرنى سىنايدۇ» دەيدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئىش ئۈستىدىكىلەرنىڭ يېنىدىكى يامان نىيەتلىك مەسلىھەتچىلەر ئەڭ خەتەرلىك بۇزغۇنچىلاردۇر. زامانىمىزدا پادىشاھلار، رەئىس جۇمھۇرلار ۋە ھەرقانداق ئىش باشقۇرغۇچىلارنىڭ خەلقتىن يىراقلىشىپ قېلىشىغا ۋە خەلققە زۇلۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ غەزىپىگە ئۇچرىشىغا سەۋەبچى بولىدىغانلار يەنىلا ئاشۇ يامان نىيەتلىك، نەپسانىيەتچىلەردۇر. پىرئەۋن تەۋەلىرىمۇ پىرئەۋننىڭ سايىسىدا خەلقنىڭ قېنىنى شوراش پۇرسىتىنىڭ كېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، پىرئەۋننى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا قارشى كۈشكۈرتكەن. ئۇلار ﴿مۇسا بىلەن ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىشىغا، سېنى ۋە سېنىڭ ئىلاھلىرىڭنى تاشلىشىغا يول قويامسەن؟﴾ يەنى سەن مۇسانى مۇنداق ئەركىن قويۇپ بەرسەڭ، ئۇ كىشىلەرنى ئۆز دىنىغا تارتىپ كېتىپ، ساڭا ۋە سېنىڭ ئىلاھىرىڭغا

چوقۇندىغان ئادەم قالمايدۇ، ئاخىر تەختىڭنىمۇ گۇمران قىلىدۇ، دېگەن سۆزلىرى بىلەن پىرئەۋننى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا تېخىمۇ ئۆچ قىلىۋەتكەن. نەتىجىدە پىرئەۋن: ﴿ذَرُونِيٓ أَقۡتُلۡ مُوسَىٰ وَلۡيَدۡعُ رَبَّهُۥٓۖ﴾ يەنى ﴿مېنى مۇسانى ئۆلتۈرگىلى قويۇۋېتىڭلار، ئۇ رەببىنى چاقىرىپ باقسۇن﴾[1] دېيىشكە قەدەر يېتىپ بارغان.

2. سەۋرچانلىق بىلەن تەقۋالىق ھەرقانداق غەلىبىنىڭ ئاچقۇچى ۋە ئىنسانىي كامالەتنىڭ شوتىسىدۇر. پەيغەمبەرلەر بۇنىڭ ئەڭ ياخشى ئۈلگىلىرىدۇر. پەيغەمبەرلەرنىڭ بىرىنچى قورالى سەۋر بىلەن تەقۋالىق ئىدى.

3. «قۇرئان كەرىم»دە ﴿ياخشى ئاقىۋەت مۆئمىنلەرگە خاستۇر﴾ دېگەن ئايەتلەرنىڭ كۆپ تەكرارلىنىشى مۆئمىنلەرنىڭ مەنىۋىيىتىنى كۆتۈرۈش ۋە ئۇلارنىڭ ئاخىرقى غەلىبىسىدىن خەۋەر بېرىش ئۈچۈندۇر.

### ◄ ئاسىيلارنىڭ بۇ دۇنيادىكى جازاسى

﴿وَلَقَدۡ أَخَذۡنَآ ءَالَ فِرۡعَوۡنَ بِٱلسِّنِينَ وَنَقۡصٖ مِّنَ ٱلثَّمَرَٰتِ لَعَلَّهُمۡ يَذَّكَّرُونَ ١٣٠ فَإِذَا جَآءَتۡهُمُ ٱلۡحَسَنَةُ قَالُواْ لَنَا هَٰذِهِۦۖ وَإِن تُصِبۡهُمۡ سَيِّئَةٞ يَطَّيَّرُواْ بِمُوسَىٰ وَمَن مَّعَهُۥٓۗ أَلَآ إِنَّمَا طَٰٓئِرُهُمۡ عِندَ ٱللَّهِ وَلَٰكِنَّ أَكۡثَرَهُمۡ لَا يَعۡلَمُونَ ١٣١ وَقَالُواْ مَهۡمَا تَأۡتِنَا بِهِۦ مِنۡ ءَايَةٖ لِّتَسۡحَرَنَا بِهَا فَمَا نَحۡنُ لَكَ بِمُؤۡمِنِينَ ١٣٢ فَأَرۡسَلۡنَا عَلَيۡهِمُ ٱلطُّوفَانَ وَٱلۡجَرَادَ وَٱلۡقُمَّلَ وَٱلضَّفَادِعَ وَٱلدَّمَ ءَايَٰتٖ مُّفَصَّلَٰتٖ فَٱسۡتَكۡبَرُواْ وَكَانُواْ قَوۡمٗا مُّجۡرِمِينَ ١٣٣﴾

### ◄ تەرجىمىسى

130ـ شەكسىزكى، بىز پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ تاۋابىئاتلىرىنى ئىبرەت ئالسۇن دەپ، ئۇلارنى قەھەتچىلىك بىلەن، مېۋىلىرىنىڭ ھوسۇلىنى كېمەيتىۋېتىش بىلەن سىنىدۇق.

131ـ ئۇلار ئەگەر بىرەر ياخشىلىققا ئېرىشسە «بىز بۇنىڭغا ھەقلىقمىز»

---

[1] غافىر سۈرىسى: 26ـ ئايەت.

دەيدۇ. ئەگەر ئۇلارغا بىرەر يامانلىق كەلسە، «بۇ مۇسا ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغانلارنىڭ شۇملۇقىدىن كەلدى» دەيدۇ. ئۇلارغا يەتكەن شۇملۇق ئاللاھنىڭ تەقدىرىدۇر، لېكىن ئۇلارنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ.

132-ئۇلار: «سەن بىزنىڭ كۆزىمىزنى باغلاش ئۈچۈن ھەرقانداق مۆجىزە كەلتۈرسەڭمۇ بىز ساڭا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز» دېدى.

133-بىز ئۇلارغا كەلكۈن، چېكەتكە، پىت، پاقا، قان (ئاپەتلىرى)نى ئوپئوچۇق مۆجىزە قىلىپ ئەۋەتتۇق. ئۇلار (يەنىلا ئىماندىن) باش تارتتى. ئۇلار ئەسلىدە گۇناھكار قەۋم ئىدى.

### ◄ تەپسىرى

بۇ ئايەتلەردە، ئاللاھ تائالا پىرئەۋن قەۋمىنى ئىبرەت ئالسۇن، ئازغۇنلۇقىدىن قايتسۇن ۋە گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىپ ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلسۇن دەپ، ئۇلارنى قۇرغاقچىلىق ۋە ئاچارچىلىق بىلەن سىنىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ ھەددىدىن ئاشقانلارنى جازالاش ئۇسۇلى ئالدى بىلەن ئۇلارنى بەزى زىيان-زەخمەتلەرگە، تالاپەتلەرگە، مۇسىبەتلەرگە ئۇچرىتىش ۋە ھوسۇلىنى كېمەيتىۋېتىش بىلەن ئاگاھلاندۇرۇش، ئۇلار يەنىلا ئىبرەت ئالمىسا، توغرا يولغا قايتمىسا، ئۇلارنى پۈتۈنلەي ھالاك قىلىۋېتىشتىن ئىبارەتتۇر. چۈنكى، سىناقلار ۋە ئاگاھلاندۇرۇشلار ئىنسانلارنى ھەقىقەتكە قايتىشقا ئۈندەش يولىدىكى بىر چارە ۋە ئۇلارغا بېرىلگەن بىر سىگنالدۇر. ئەگەر ئۇلار باشلىرىغا كەلگەن مۇسىبەتلەردىن ئىبرەت ئېلىپ، توغرا يولغا ئەگەشسە، ئۇلار ئۈچۈن تولىمۇ ياخشى بولىدۇ. ئەگەر يەنىلا ھەقىقەتنى قوبۇل قىلمىسا ۋە ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلىشنى داۋاملاشتۇرسا، ئۇلارنىڭ ھالاكىتى مۇقەررەردۇر. بۇ ئاللاھ تائالا بەلگىلىۋەتكەن ئۆزگەرمەس قانۇنىيەتتۇر.

پىرئەۋن قەۋمى كېيىنكى ئۈردىكىلەردىن، يەنى ئىبرەت ئالمايدىغانلاردىن ئىدى. ئاللاھ تائالانىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىدىن ئىبرەت ئالمايدىغانلار ھەر بىر مىللەتتە ۋە ھەرقانداق جايدا مەۋجۇتتۇر.

پىرئەۋن قەۋمىگە ئۇلارنىڭ ئاشلىق ۋە مېۋىلىرىنىڭ مول ھوسۇل بېرىشى، پۇل-مېلىنىڭ كۆپىيىشى قاتارلىق پايدا-مەنپەئەتلەر يۈزلەنسە، ئۇلار بىز بۇلارنى ئالاھىدە بىلىمىمىز ۋە كۈچ-قۇۋۋىتىمىز بىلەن قولغا كەلتۈردۇق، شۇڭا ﴿بىز بۇنىڭغا ھەقلىقمىز﴾ دەيتتى. ئەگەر ئۇلارنىڭ

بېشىغا قۇرغاقچىلىق، ئاچارچىلىق قاتارلىق زىيان-زەخمەتلەر يۈزلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئاشلىق ۋە مېۋىلىرى ئازايسا، تاپاۋىتى كېمەيسە، ئۇلار بۇنى مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن مۇئمىنلەردىن كۆرەتتى ۋە ﴿بۇ مۇسا ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغانلارنىڭ شۇملۇقىدىن كەلدى﴾ دەيتتى. سۇبھانەللاھ!!!

ئەقلى كەم، ئويلاپ تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارى ئاجىز ئادەملەر شۇنداق بولامدىغاندۇ؟ ئۇلارنىڭ بېشىغا قانداقلا بىر كېلىشمەسلىك كەلسە، بۇ مۇسانىڭ كاساپىتى دەيدۇ، ئەمما ئۆزلىرىنىڭ قىلمىشلىرىنى بولسا ئۇنتۇپ قالىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىكى مۇناپىقلارمۇ شۇنداق دەيتتى. ﴿وَإِن تُصِبۡهُمۡ حَسَنَةٞ يَقُولُواْ هَٰذِهِۦ مِنۡ عِندِ ٱللَّهِۖ وَإِن تُصِبۡهُمۡ سَيِّئَةٞ يَقُولُواْ هَٰذِهِۦ مِنۡ عِندِكَۚ﴾ يەنى ﴿ئەگەر ئۇ (مۇناپىق)لار بىرەر ياخشىلىققا ئېرىشسە، «بۇ ئاللاھتىن بولدى» دەيدۇ، ئەگەر ئۇلار بىرەر زىيان-زەخمەتكە ئۇچرىسا، «بۇ سەندىن بولدى» دەيدۇ﴾[1].

ھەقىقەت شۇكى، ئىنسانلارغا كەلگەن ياخشىلىق-يامانلىق، پايدا-زىيان ھەممىسى ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كېلىدۇ. ئۇلارغا يەتكەن زىيان-زەخمەتمۇ ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرى بىلەن يەتكەن. ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى شۈكۈر قىلامدۇ ياكى تۇزكورلۇق قىلامدۇ؟ بۇنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ئۈچۈن، ئۇلارنى بەزىدە پايدا-مەنپەئەت بىلەن، بەزىدە زىيان-زەخمەت بىلەن سىنايدۇ. بۇ بىر ئىلاھىي قانۇنىيەتتۇر. ئاللاھ تائالا بۇ قانۇنىيەتنى ئىنسانلارغا يەتكەن ياخشىلىق ۋە يامانلىقلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئەمەللىرىنىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ئۈچۈن شۇنداق بېكىتىۋەتكەن. ئەمما ئىنسانلارنىڭ تولىسى ئاللاھ تائالانىڭ كائىناتنى ئىدارە قىلىشتىكى ئىلاھىي ھېكمىتىنى بىلمەيدۇ. سەۋەبلەرنىڭ نەتىجىلەرگە قانداق باغلىق قىلىنغانلىقىنىمۇ ئۇقمايدۇ. ھەر نەرسە ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا ئۆلچەملىك بولۇپ، ئۇنى ئۆز ھېكمىتىگە ئاساسەن چۈشۈرىدۇ، رىزىقلارنىمۇ شۇنداق تەقسىم قىلىدۇ. پىرئەۋن قەۋمىنىڭ بېشىغا كەلگەن مۇسىبەتلەرنى مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن ياكى باشقا بىرىدىن كۆرگەنلىكى ئۇلارنىڭ نادانلىقى ۋە ئەقىلسىزلىقىدۇر. چۈنكى، ئۇلار ھەر ئىشنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى.

ئەھۋال شۇنداق تۇرسىمۇ، پىرئەۋن قەۋمى ئۆز ۋاقتىدا مۇنداق دېگەن:

---

[1] نىسا سۈرىسى: 78-ئايەت.

ئى مۇسا! سەن ئۆزۈڭنىڭ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىڭنى ۋە دەۋىتىڭنىڭ ھەقلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن قانچىلىك چوڭ مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كېلىپ، بىزنى قايىل قىلىشقا ئۇرۇنساڭمۇ، بىز ساڭا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز، بىز سېنىڭ يولۇڭغا ئەگەشمەيمىز ۋە سېنى ئېتىراپ قىلمايمىز. شۇنىڭدىن كېيىن، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى سىناش ئۈچۈن، ئۇلارغا كەلكۈن، چېكەتكە، پىت، پاقا، قان قاتارلىق ئاپەتلەرنى ئەۋەتتى. كەلكۈن بىلەن ئۇلار ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىدى، چېكەتكە ئاپىتى بىلەن ئۇلارنىڭ زىرائەتلىرى نابۇت بولدى.

بۇلارنىڭ ھەممىسى ئويئوچۇق مۆجىزىلەر بولۇپ، ئەقىللىق ئادەم بۇلارنىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئۇلارغا بېرىلگەن ئاگاھلاندۇرۇش ۋە سىناق ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا، ئۇلارغا كېلىۋاتقان ئازابنىڭ سىگنالى ئىكەنلىكىنى ئەلۋەتتە بىلىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ راستتىنلا ئاللاھ تائالانىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىنى ۋە سۆزلىگەنلىرىدە راستچىل ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا يېتەرلىك مۆجىزىلەر ئىدى. چۈنكى، مۇسا ئەلەيھىسسالام پىرئەۋن قەۋمىگە بۇ خىل بالايىئاپەتلەرنىڭ چۈشىدىغانلىقىدىن ئالدىن خەۋەر بەرگەن ۋە ئۇلارنى كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋېلىشنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئاگاھلاندۇرغان ئىدى.

بۇ بالايىئاپەتلەر بىلەنمۇ ئۇلار ھېچ ئىبرەت ئالمىدى، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ راستچىللىقىنىڭ ئەمەلىي پاكىتلىرىنى كۆزلىرى بىلەن كۆرۈپ تۇرۇپمۇ، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىشنى خالىمىدى، يەنە بۇرۇنقىدەكلا كۇفرىلىقنى، زالىملىقنى، ھەقىقەتنى ئېتىراپ قىلىشتىن باش تارتىشنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى. چۈنكى، ئۇلار ئەسلىدىن گۇناھكار قەۋم ئىدى.

بۇ ئايەتلەر بىرىنچىدىن، سەۋەبلەرنىڭ شۇ سەۋەبلەرنى ياراتقۇچىنىڭ خاھىشى بىلەن ئۇتتۇرىغا چىقىدىغانلىقىنى ۋە شۇنداق ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ئىككىنچىدىن، زىرائەتلەرنى نابۇت قىلىدىغان ئاپەتلەرنىڭ كېلىشىگە، بەرىكەتنىڭ ئازىيىشىغا سەۋەب بولغۇچىلار دەل ئىنسانلارنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. ئىنسانلارنىڭ تۇزكورلۇقى تۈپەيلىدىن ئاللاھ تائالا بەزى بالايىئاپەتلەرنى ئەۋەتىپ ئۇلارنى جازالايدۇ. شۇڭا بالايىئاپەتلەر كەلگەندە، بىز مۇنداق مۇسىبەتلەرگە ۋە بۇنداق بالايىئاپەتلەرگە ھەقلىق ئەمەستۇق، دېمەسلىك لازىم. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ھېچكىمگە ئۇۋال قىلمايدۇ، بەلكى ھەربىر ئىشنى ھېكمەت بىلەن قىلىدۇ. ئى ئەقىل ئىگىلىرى بۇنىڭدىن ئىبرەت ئېلىڭلار.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنى ئىبرەت ئالسۇن ۋە ئۆزلىرىنى ئوڭشىۋالسۇن دەپ، ئۇلارغا بەزى بالايىئاپەتلەرنى ئەۋەتىدۇ.

2. بىراۋدىن شۇم پال ئېلىش توغرا ئەمەس. ئەمما گۇناھ ـ مەئسىيەتلەر سەۋەبلىك بەرىكەتنىڭ ئازىيىدىغانلىقى، ھەتتا يوقىلىدىغانلىقى ھەق ۋە راستتۇر.

3. جاھالەت بىلەن نادانلىق كۇفرىلىققا، گۇناھ ـ مەئسىيەتكە ۋە ناچار ئەخلاقلارغا سەۋەب بولىدۇ.

4. ئىمان ئېيتىشنى خالىمىغانلار مۆجىزىلەردىن ئىبرەت ئالمايدۇ.

### ◄ كۇفرىنىڭ ئاقىۋىتى ۋە ئاللاھنىڭ جازاسى

﴿وَلَمَّا وَقَعَ عَلَيْهِمُ ٱلرِّجْزُ قَالُواْ يَٰمُوسَى ٱدْعُ لَنَا رَبَّكَ بِمَا عَهِدَ
عِندَكَۖ لَئِن كَشَفْتَ عَنَّا ٱلرِّجْزَ لَنُؤْمِنَنَّ لَكَ وَلَنُرْسِلَنَّ مَعَكَ بَنِيٓ
إِسْرَٰٓءِيلَ ١٣٤ فَلَمَّا كَشَفْنَا عَنْهُمُ ٱلرِّجْزَ إِلَىٰٓ أَجَلٍ هُم بَٰلِغُوهُ إِذَا هُمْ
يَنكُثُونَ ١٣٥ فَٱنتَقَمْنَا مِنْهُمْ فَأَغْرَقْنَٰهُمْ فِي ٱلْيَمِّ بِأَنَّهُمْ كَذَّبُواْ
بِـَٔايَٰتِنَا وَكَانُواْ عَنْهَا غَٰفِلِينَ ١٣٦﴾

### ◄ تەرجىمىسى

134ـ ئۇلارغا ئاپەت كەلگەن چاغدا، ئۇلار: «ئى مۇسا! سەن رەببىڭگە ئۇنىڭ ساڭا ئاتا قىلغان ئەھدىسى (نىڭ ھۆرمىتى) بىلەن بىز ئۈچۈن دۇئا قىلغىن، قەسەمكى، ئەگەر بىزدىن ئاپەتنى كۆتۈرۈۋەتسەڭ، ساڭا چوقۇم ئىمان ئېيتىمىز، ئىسرائىل ئەۋلادىنى چوقۇم سەن بىلەن قويۇپ بېرىمىز» دېگەن ئىدى.

135ـ ئۇلاردىن ئاپەتنى مۇئەييەن مۇددەتكىچە كۆتۈرۈۋەتكەن چېغىمىزدا، ئۇلار شۇ ھامان ۋەدىسىنى بۇزدى.

136ـ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلىقى ۋە ئۇ ئايەتلەردىن غاپىل بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى دېڭىزغا غەرق قىلىپ جازالىدۇق.

### تەپسىرى

ئاللاھ تائالا دەيدۇكى، پىرئەۋن قەۋمىنىڭ بېشىغا يۇقىرىقى كەلكۈن، چېكەتكە، پىت، پاقا، قان قاتارلىق بەش چوڭ ئاپەت كەلگەندىن كېيىن، ئۇلار: ئى مۇسا! رەببىڭگە سېنىڭ پەيغەمبەرلىكىڭنى، يېقىنلىقىڭنى ۋە ھۆرمىتىڭنى ۋەسىلە قىلىپ، بىز ئۈچۈن دۇئا قىلغىن، رەببىڭ ئەگەر بىزدىن بۇ ئاپەتلەرنى كۆتۈرۈۋەتسە، بىز چوقۇم ساڭا ئىمان ئېيتىپ، پەيغەمبەرلىكىڭنى ئېتىراپ قىلىمىز ۋە ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ سەن بىلەن بىرلىكتە پەلەستىن زېمىنىغا كېتىشىگە يول قويىمىز. بىز بۇ ۋەدىمىزدە تۇرىدىغانلىقىمىزنى تەكىتلەپ قەسەم قىلىپ بېرىمىز، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ بېشىغا كەلگەن ئاپەتلەرنى ۋاقىتلىق كۆتۈرۈۋەتتى، ئەمما ئۇلار دەرھال ۋەدىسىنى بۇزدى، بەرگەن سۆزىدە ۋە قەسىمىدە تۇرمىدى.

ئۇلارغا كەلگەن كەلكۈن، چېكەتكە بالاسى قاتارلىق ئاپەتلەر بىر ھەپتىدىن كۆپرەك ۋاقىت داۋاملاشقان. بۇ ئاپەتلەردىن ھەربىرى كەلگەندە، ئۇلار مۇسا ئەلەيھىسسالامغا يالۋۇرۇپ، رەببىڭگە دۇئا قىلغىن، بۇ ئاپەتنى بىزدىن كۆتۈرۈۋەتسۇن، ئەگەر كۆتۈرۈۋەتسە، بىز چوقۇم ساڭا ئىمان ئېيتىمىز، دەپ قەسەم قىلاتتى، ئەمما ئازاب كۆتۈرۈۋېتىلگەن ھامان سۆزىدىن يېنىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ دەسلەپكى كۇفرىلىقىدا چىڭ تۇرۇۋالاتتى، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى يالغانغا چىقىرىشنى ۋە ئۇنىڭ دەۋىتىنى توسۇشنى داۋاملاشتۇراتتى.

﴿فَٱنتَقَمۡنَا مِنۡهُمۡ فَأَغۡرَقۡنَٰهُمۡ فِي ٱلۡيَمِّ بِأَنَّهُمۡ كَذَّبُواْ بِـَٔايَٰتِنَا وَكَانُواْ عَنۡهَا غَٰفِلِينَ﴾ يەنى ئۇلارنىڭ ئايەتلىرىمىزنى، مۆجىزىلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلىقى، زالىملىقى، پەيغەمبەرگە قارشى تۇرغانلىقى، بۇ ئايەتلىرىمىزدىن ۋە مۆجىزىلىرىمىزدىن يۈز ئۆرۈگەنلىكى قاتارلىق قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن، ئۇلارغا تېگىشلىك ئازابىنىڭ ۋاقتى يېتىپ كېلىشى بىلەنلا ئۇلارنى سۇدا غەرق قىلىپ ئىبرەتلىك جازالىدۇق. ئۇلار دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئۆزلىرىگە قاتتىق ئازاب-ئوقۇبەتلەرنىڭ كېلىشىگە ئىشەنمىگەنلىكتىن، بۇ دۇنيادىكى ئازابتىنمۇ غەم قىلمايتتى، ئۆزلىرىنىڭ يامان ئاقىۋەتكە قېلىشىدىن ھېچ ئەنسىرىمەيتتى. شۇڭا ئۇلار كۇفرىلىقىنى ۋە ھەق دىننى ئىنكار قىلىشنى داۋاملاشتۇرغان ئىدى. بۇ ئازاب ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى كاپىرلارغا چۈشتى. ئەمما ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئىمان ئېيتقان ئاز ساندىكى مۇئمىنلەرگە ئازاب كەلمىدى. چۈنكى، ئۇلاردىن بەزىلىرى

پىرئەۋننىڭ ئادەملىرىدىن قورقۇپ ئۆزلىرىنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتقانلىقىنى يوشۇراتتى.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئىنسانىنىڭ ئاجىزلىقى ئۇنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈنلەر كەلگەن چاغدا ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. شۇ ۋاقىتتا ئۇ ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىپ دۇئا قىلىدۇ، ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى بىلىدۇ ۋە ئېتىراپ قىلىدۇ. ئىنسانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئاللاھ تائالا دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ، قىيىنچىلىقتىن قۇتقۇزۇپ قويغاندىن كېيىن، تۆزكورلۇق قىلىدۇ ۋە ئىلگىرى قىلغان دۇئاسىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ.

2. ھەددىدىن ئاشقۇچىلار ۋە زالىملار ئۆزلىرىنىڭ قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى يىراق ساناپ غەمسىز يۈرگەنسېرى ئۇلارنىڭ جازاسى تېخىمۇ قاتتىق ۋە ئىبرەتلىك بولىدۇ. پىرئەۋننىڭ ئاقىۋىتى بۇنىڭ مىسالىدۇر.

### ◄ ئاللاھ تائالانىڭ ئىسرائىل ئەۋلادىغا ئاتا قىلغان نېمەتلىرى

﴿وَأَوۡرَثۡنَا ٱلۡقَوۡمَ ٱلَّذِينَ كَانُواْ يُسۡتَضۡعَفُونَ مَشَٰرِقَ ٱلۡأَرۡضِ وَمَغَٰرِبَهَا
ٱلَّتِي بَٰرَكۡنَا فِيهَاۖ وَتَمَّتۡ كَلِمَتُ رَبِّكَ ٱلۡحُسۡنَىٰ عَلَىٰ بَنِيٓ إِسۡرَٰٓءِيلَ بِمَا
صَبَرُواْۖ وَدَمَّرۡنَا مَا كَانَ يَصۡنَعُ فِرۡعَوۡنُ وَقَوۡمُهُۥ وَمَا كَانُواْ يَعۡرِشُونَ ١٣٧﴾

### ◄ تەرجىمىسى

137ـ بوزەك قىلىنغان قەۋم (ئىسرائىل ئەۋلادى)نى بىز بەرىكەتلىك قىلغان (شام) زېمىنىنىڭ شەرق ۋە غەرب تەرەپلىرىگە ۋارىس قىلدۇق. ئىسرائىل ئەۋلادى سەۋر قىلغانلىقى ئۈچۈن، (شۇ زېمىنغا ھۆكۈمدار قىلىشتىن ئىبارەت) رەببىڭنىڭ ئۇلارغا قىلغان گۈزەل ۋەدىسى تولۇق ئىشقا ئاشتى؛ پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ سالغان (ئىمارەت) لىرىنى ۋە بىنا قىلغان (باغۇ-بوستان) لىرىنى ۋەيران قىلىۋەتتۇق.

### ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا دەيدۇكى، پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى تەرىپىدىن كۆپلىگەن ئازاب-ئوقۇبەتلەرنى تارتقان، ئوغۇللىرى ئۆلتۈرۈلۈپ، قىز-

ئايالىرى قۇل قىلىنغان ئىسرائىل ئەۋلادىدىن ئىبارەت بۇ بوزەك قىلىنغان قەۋمنى بىز بەرىكەتلىك قىلغان زېمىنغا - شەرق تەرىپى شام (ھازىر سۈرىيە)دىن، غەرب تەرىپى مىسىر چېگراسىغىچە بولغان، ياپيېشىللىق، يەرلىرى مۇنبەت زېمىنغا ۋارىس قىلدۇق، ئۇلارنى شۇ جايلارغا ئىگە قىلدۇق. ئىسرائىل ئەۋلادى مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى ئورۇنداشتا چىدامچانلىق كۆرسەتكەنلىكى ۋە بېشىغا كەلگەن مۇسىبەتلەرگە سەۋر قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارغا قىلغان ۋەدىمىزنى چىرايلىقچە ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بەردۇق. ﴿وَنُرِيدُ أَن نَّمُنَّ عَلَى ٱلَّذِينَ ٱسۡتُضۡعِفُواْ فِى ٱلۡأَرۡضِ وَنَجۡعَلَهُمۡ أَئِمَّةً وَنَجۡعَلَهُمُ ٱلۡوَٰرِثِينَ ۝٥ وَنُمَكِّنَ لَهُمۡ فِى ٱلۡأَرۡضِ وَنُرِىَ فِرۡعَوۡنَ وَهَٰمَٰنَ وَجُنُودَهُمَا مِنۡهُم مَّا كَانُواْ يَحۡذَرُونَ﴾ يەنى ﴿بىز (مىسىر) زېمىنىدا بوزەك قىلىنغانلارغا مەرھەمەت قىلىشنى، ئۇلارنى يولباشچى قىلىشنى، ئۇلارنى (پىرئەۋننىڭ مۈلۈكىگە) ۋارىس قىلىشنى، ئۇلارنى ئۇ زېمىندا كۈچ-قۇۋۋەتكە ئىگە قىلىشنى، پىرئەۋنگە، (ۋەزىرى) ھامانغا ۋە ئۇلارنىڭ قوشۇنىغا (ھاكىمىيىتىدىن ئايرىلىپ قېلىش ۋە ھالاك بولۇشتىن ئىبارەت) ئۇلار ئىسرائىل ئەۋلادىدىن (كېلىدۇ، دەپ) ئەنسىرىگەن نەرسىنى كۆرسىتىشنى ئىرادە قىلىمىز﴾[1].

سەۋرچانلىقنىڭ، ئىتائەتچانلىقنىڭ ۋە چىدامچانلىقنىڭ مۇكاپاتى ئەنە شۇنداق بولىدۇ. ئەمما تەقدىردىن ئاغرىنىپ تەدبىر ئىشلەتمەيدىغانلار زىيان تارتىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالادىن كەلگەن قىيىنچىلىقلارغا چىرايلىقچە سەۋر قىلىپ، ئۇنىڭدىن ياردەم تىلىگەن ئادەم مەقسىتىگە يەتكەندەك، تەقدىردىن قاخشايدىغان، بېشىغا كەلگەن مۇسىبەتلەردىن ئىبرەت ئالمايدىغانلار زىيان تارتىدۇ.

ئاللاھ تائالا پىرئەۋن قەۋمنى ھالاك قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ زۇلۇم بىلەن ياساتقان ئېسىل قەسىرلىرى، بىنالىرى ۋە ھەيۋەتلىك ئىمارەتلىرى، گۈزەل باغلىرىنىڭ ھەممىسىنى ۋەيران قىلىۋەتكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭغا ئەگەشكەن مۇئمىنلەر ھەقىقەت ۋە دۇرۇسلۇقنىڭ ۋەكىلى، پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىرى ئازغۇنلۇق ۋە زۇلۇمنىڭ ۋەكىلى بولۇپ، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشتە، قەلبى ئىمان بىلەن تولغان، ئاللاھقا بولغان ئىشەنچىسىنى يوقاتمىغان، ئىرادىسىنى بىر مىنۇتمۇ بوشاشتۇرمىغان ۋە ھەقىقەتنى جاكارلاپ زالىملارنىڭ ئالدىدا دادىل تۇرالىغان مۇسا ئەلەيھىسسالام غەلىبە قىلدى. پىرئەۋن ۋە

[1] قەسەس سۈرىسى: 5-6-ئايەتلەر.

ئۇنىڭ ۋەزىرى هامان باشچىلىقىدىكى زالىملار قوشۇنى هالاك قىلىندى.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسى ھەقتۇر، ئۇنىڭ رەھمىتى ۋە ئىنئامى چەكسىزدۇر.

2. سەۋرنىڭ نەتىجىسى غەلىبە ئىكەنلىكى ھاياتلىق تەجرىبىلىرى ئىسپاتلاپ كەلگەن بىر ھەقىقەتتۇر.

3. ئاللاھ تائالادىن ياردەم تىلىگەنلەر ئەگەر يېتەرلىك سەۋەبلەرنىمۇ قىلسا، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا چوقۇم ياردەم بېرىدۇ. دۇنيانىڭ ئىشلىرى سەۋەبلەرگە باغلىق بولغانلىقى ئۈچۈن سەۋەبنى قولدىن بېرىشكە بولمايدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالاغا تەۋەككۇل قىلىش قانچىلىك زۆرۈر بولسا، سەۋەب قىلىشمۇ شۇنچىلىك زۆرۈردۇر.

### ◄ ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ تۈزكورلۇقى

﴿وَجَٰوَزۡنَا بِبَنِيٓ إِسۡرَٰٓءِيلَ ٱلۡبَحۡرَ فَأَتَوۡاْ عَلَىٰ قَوۡمٖ يَعۡكُفُونَ عَلَىٰٓ
أَصۡنَامٖ لَّهُمۡۚ قَالُواْ يَٰمُوسَى ٱجۡعَل لَّنَآ إِلَٰهٗا كَمَا لَهُمۡ ءَالِهَةٞۚ قَالَ إِنَّكُمۡ
قَوۡمٞ تَجۡهَلُونَ ١٣٨ إِنَّ هَٰٓؤُلَآءِ مُتَبَّرٞ مَّا هُمۡ فِيهِ وَبَٰطِلٞ مَّا كَانُواْ
يَعۡمَلُونَ ١٣٩ قَالَ أَغَيۡرَ ٱللَّهِ أَبۡغِيكُمۡ إِلَٰهٗا وَهُوَ فَضَّلَكُمۡ عَلَى
ٱلۡعَٰلَمِينَ ١٤٠ وَإِذۡ أَنجَيۡنَٰكُم مِّنۡ ءَالِ فِرۡعَوۡنَ يَسُومُونَكُمۡ سُوٓءَ
ٱلۡعَذَابِ يُقَتِّلُونَ أَبۡنَآءَكُمۡ وَيَسۡتَحۡيُونَ نِسَآءَكُمۡۚ وَفِي ذَٰلِكُم
بَلَآءٞ مِّن رَّبِّكُمۡ عَظِيمٞ ١٤١﴾

### ◄ تەرجىمىسى

138-بىز ئىسرائىل ئەۋلادىنى دېڭىزدىن ئۆتكۈزۈۋەتتۇق، ئاندىن ئۇلار بۇتلىرىغا چوقۇنۇۋاتقان بىر قەۋمنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە: «ئى مۇسا! بىزگىمۇ ئۇلارنىڭ بۇتلىرىغا ئوخشاش بۇت ئورنىتىپ بەرگىن» دېدى. مۇسا: «سىلەر ھەقىقەتەن نادان قەۋم ئىكەنسىلەر» دېدى.

139-(ئۇ بۇتپەرەسلەرگە كەلسەك) شەكسىزكى، ئۇلارنىڭ باتىل دىنلىرى

هالاكەتكە مەھكۇمدۇر، ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرى بىكاردۇر.

140ـ مۇسا: «ئاللاھ سىلەرنى جاھان ئەھلىدىن ئۈستۈن قىلغان تۇرسا، سىلەرگە ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ ئىزدەمدىمەن؟» دېدى.

141ـ ئۆز ۋاقتىدا سىلەرنى پىرئەۋننىڭ قەۋمىدىن قۇتقۇزغان ئىدۇق، ئۇلار سىلەرگە قاتتىق ئازابنى تېتىتاتتى، ئوغۇللىرىڭلارنى قىرغىن قىلاتتى، قىزلىرىڭلارنى (ئىشلىتىش ئۈچۈن) تىرىك قالدۇراتتى، بۇنىڭدا رەببىڭلارنىڭ سىلەرگە چوڭ سىنىقى بار ئىدى.

## ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا ئۆز ۋاقتىدا ئىسرائىل ئەۋلادىغا ساناپ تۈگەتكۈسىز نېمەتلەرنى ۋە كاتتا ئىنئاملارنى ئاتا قىلغان، ئۇلارنى پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ ئازاب-ئوقۇبەتلىرىدىن قۇتقۇزغان، پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنى هالاك قىلىۋېتىپ، ئىسرائىل ئەۋلادىنى ئۇلارنىڭ يەر-زېمىنلىرىغا، بايلىقىغا، قەسىرلىرىگە، قىسقىسى، ئۇلارنىڭ ھەر نەرسىسىگە ئىگە قىلغان، ئۇلارنى ئۆز زامانىسىدىكى ئىنسانلاردىن ئۈستۈن ۋە ھۆرمەتلىك قىلغان ئىدى. ئاللاھ تائالا ئىسرائىل ئەۋلادىنى دېڭىزدىن ساق-سالامەت ئۆتكۈزۈۋېتىپ، ئۇلارنى قوغلاپ كەلگەن پىرئەۋن قوشۇنلىرىنى دېڭىزغا غەرق قىلىپ يوقاتقان ئىدى. ئەمما ئىسرائىل ئەۋلادى ئاللاھ تائالانىڭ بۇ كاتتا ئىلتىپاتىغا شۈكۈر قىلىش ئورنىغا تۇزكورلۇق قىلغان، ئىمان ۋە ئىتائەت ئورنىغا كۇفرىلىق ۋە ئاسىيلىق قىلغان، مۇسا ئەلەيھىسسالامغا بولسا گەدەنكەشلىك قىلغان ئىدى. يەھۇدىيلار ئۆتمۈشتىمۇ ۋە هازىردىمۇ ئاللاھ تائالاغا شۇنداق ئاسىيلىق قىلىپ كەلمەكتە. ئۇلارنىڭ قىسسىسىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بايان قىلىپ بېرىشتىن مەقسەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز قەۋمى تەرىپىدىن تارتقان جاپالىرىغا ۋە كۆلپەتلىرىگە تەسەللى بېرىش ئۈچۈندۇر.

﴿ئىسرائىل ئەۋلادىنى بىز دېڭىزدىن ئۆتكۈزۈۋەتتۇق﴾ يەنى بىزنىڭ ئىنايىتىمىز ۋە قوغدىشىمىز بىلەن ئىسرائىل ئەۋلادى دېڭىزدىن ساق-سالامەت ئۆتۈپ كەتتى. ئۇلار دېڭىزدىن ئۆتۈپ بولۇپ، بىر يەرلەرگە بارغاندا، بىر قەۋمنىڭ بۇتلارغا چوقۇنۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا: ﴿ئى مۇسا! بىزگىمۇ ئۇلارنىڭ بۇتلىرىغا ئوخشاش بۇت ئورنىتىپ بەرگىن﴾ دېدى. بۇ ئۇلارنىڭ بۇتلارنى ئۇلۇغلاش ۋە مەخلۇقاتقا چوقۇنۇشنى ياقتۇرۇشتىن ئىبارەت ئەسلىدىكى يامان ئادەتلىرىدىن

تەلتۆكۈس قۇتۇلۇپ كېتەلمىگەنلىكىنىڭ بىر ئىپادىسى بولسا كېرەك. مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا رەددىيە بېرىپ: ﴿سىلەر ھەقىقەتەن نادان قەۋم ئىكەنسىلەر﴾، چۈنكى سىلەر ئاللاھ تائالاغا، ئۇنىڭ بىرلىكىگە ۋە كامالىي سۈپەتلىرىگە قانداق ئىمان ئېيتىش كېرەكلىكىنى تېخىچە ئۆگىنىپ بولالمىدىڭلار. بىلىڭلاركى، ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت ۋە دۇئا قىلىش ئۈچۈن ھېچقانداق ۋاسىتىگە ياكى شاپائەتچىگە ھاجەت يوقتۇر. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە ئۇلارنىڭ جان تومۇرلىرىدىنمۇ بەك يېقىندۇر. ئى قەۋم! سىلەر دىنىنىڭ ھەقىقىتىنى تېخىچە چۈشىنىپ بولالماپسىلەر، دەيدۇ.

بۇتلارغا چوقۇنۇۋاتقان ئاشۇ قەۋملەر چوقۇنغان نەرسىلىرى بىلەن ھالاك بولۇشقا مەھكۇمدۇر. ئۇلارنى ھالاكەتتىن قۇتقۇزغۇچى چىقمايدۇ، ئۇلارنىڭ بۇتلىرى ئۇلارغا قىلچە مەنپەئەت يەتكۈزەلمەيدۇ. ئۇ قەۋمنىڭ ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈپ تۇرۇپ، ياخشىلىق دەپ قىلغان بارلىق ئەمەللىرى بىكاردۇر. بۇنىڭدا، بۇتلارغا چوقۇنغۇچىلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە زىيان تارتىدىغانلىقى ۋە ئۇلار چوقۇنغان بۇتلارنىڭ ئۇلارغا ھېچ نەرسە قىلىپ بېرەلمەيدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلىنغان.

ئى مۇسا! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، ئاسمان-زېمىننى ياراتقان ۋە سىلەرگە شۇنچە كۆپ نېمەتلەرنى ئاتا قىلغان زاتنىڭ ئاللاھ تائالادىن باشقا بىرى بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ ئاللاھ تائالادىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوق تۇرسا، مەن سىلەرگە قانداقمۇ ئۇنىڭدىن باشقا ئىلاھ ئىزدەيمەن؟ مەن ئاللاھ تائالانى قويۇپ باشقا بىرىنى ئىلاھ قىلىۋالامدىمەن؟ بۇ ھەقىقەتەن ئەجەبلىنەرلىك گەپ! بۇ قەتئىي مۇمكىن ئەمەس. سىلەر قانداقمۇ ئاللاھ تائالادىن باشقا ئىلاھ تەلەپ قىلىسىلەر؟ ھالبۇكى، ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ يېگانە رەببىڭلاردۇر ۋە سىلەرنى مۇشۇ زامانىڭلاردا جاھان ئەھلىدىن ئۈستۈن قىلغان ئىگەڭلاردۇر.

ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! سىلەرنى پىرئەۋننىڭ زۇلمىدىن قۇتقۇزغان ۋاقتىمىزنى ئەسكە ئېلىڭلار، پىرئەۋن قەۋمىنىڭ سىلەرنى قۇللۇقتا ئەزگەن، ئوغۇللىرىڭلارنى ئۆلتۈرۈپ، خوتۇن-قىزلىرىڭلارنى خارلاپ خىزمەتكە سالغان ۋە سىلەرنى چىدىغۇسىز ئازاب-ئوقۇبەتلەر بىلەن قىينىغان پىرئەۋن قەۋمىدىن سىلەرنى قۇتقۇزۇپ، سىلەرنى ئۇلاردىن ۋە بارلىق ئىنسانلاردىن ئۈستۈن قىلغانلىقىمىزنى ئۇنتۇماڭلار. ئاللاھ تائالانىڭ ئۆز ۋاقتىدا سىلەرنى پىرئەۋن قەۋمىدىن قۇتقۇزغانلىقى، سىلەرگە نۇرغۇنلىغان كاتتا نېمەتلەرنى ئاتا قىلغانلىقى ۋە سىلەرنى ئۆز

زامانىمىزدىكى ئىنسانلاردىن ئۈستۈن قىلغانلىقى ئۇنىڭ سىلەرگە بىر سىنىقى ئىدى.

ئايەتلەردە ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ پىرئەۋن زۇلمىدىن قۇتۇلغان ۋاقتىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشى ئاشۇ ئۈچمەس تارىخىي كۈننى ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىغا ئەسلىتىش ئارقىلىق ئۇلارنى ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىشقا ئۈندەش ۋە ئىبادەتنى ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگىلا قىلىشقا تەشەببۇس قىلىش ئۈچۈندۇر.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. مۇسا ئەلەيهىسسالامنىڭ قەۋمى ئۇنىڭدىن ئۆزلىرىگە ئاللاھ تائالادىن باشقا بىر ئىلاھ تۇتۇپ بېرىشنى سورىغان بولسا، مۇھەممەد ئەلەيهىسسالامنىڭ زامانىدا يېڭىدىن مۇسۇلمان بولغان بەزى كىشىلەر ھۇنەين ئۇرۇشىغا كېتىۋېتىپ، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامدىن بىر دەرەخنى ئۇلارغا تەۋەررۈك دەرىخى قىلىپ بېرىشنى، مۇشرىكلار ئۇرۇشقا چىقىشتىن بۇرۇن قىلىچ ۋە نەيزىلىرىنى ئۇنىڭغا ئېسىپ مەدەت سورىغاندەك، ئۇلارمۇ بۇ دەرەخنى تەۋەررۈك قىلىشنى تەلەپ قىلغان، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئۇلارغا: «سۇبھانەللاھ! بۇ خۇددى مۇسانىڭ قەۋمى ئۇنىڭدىن ئاللاھتىن باشقا بىر ئىلاھ تۇتۇپ بېرىشنى سورىغاندەكلا بىر سوئال بولدىغۇ! سىلەر بۇرۇنقىلارنىڭ يولىغا كىرىپ كېتىۋاتىسىلەر»[1] دېگەن. بۇ پەقەت نادانلىقتىن كېلىپ چىققان بىر سوئال ئىدى. شۇڭا مۇسۇلمانلار ئۆز دىنىنى ياخشى ئۆگىنىشى ۋە ئەقىدىگە زىت كېلىدىغان ئىشلاردىن، گەپ-سۆزلەردىن ساقلىنىشى ئىنتايىن زۆرۈردۇر.

2. يامان ئىش-ھەرىكەت ۋە يامان سۆزگە رەددىيە بېرىشتە ھېكمەت بىلەن ئىش كۆرۈپ، چىرايلىقچە تۈزىتىش بېرىش پەيغەمبەرلەرنىڭ گۈزەل ئەخلاقىدىندۇر. ھەرقانداق بىر مۇسۇلمان ئادەم كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارغا تەشەببۇس قىلىپ، ئۇلارنى يامان ئىشلاردىن توسۇش بۇرچىنى ئۇنتۇماسلىقى ۋە بۇ شەرەپلىك ۋەزىپىنى گۈزەل ئۇسۇلدا ئادا قىلىشى لازىم.

3. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنى ھەر خىل سىناقلار بىلەن سىنايدۇ، ھەتتا مۇسىبەتلەر، بالا-قازالار بىلەن ئىمتىھان قىلىدۇ. قولدىن كەتكەنگە قايغۇرۇپ ئۆزىنى يوقاتماستىن سەۋر قىلغانلار پايدا تاپىدۇ، تەقدىردىن

---

[1] «تفسير الطبري» 13-توم، 81-بەت.

ئاغرىنىپ ياقا يىرتقانلار زىيان تارتىدۇ.

### ◄ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا تەۋراتنىڭ بېرىلىشى

﴿وَوَٰعَدۡنَا مُوسَىٰ ثَلَٰثِينَ لَيۡلَةٗ وَأَتۡمَمۡنَٰهَا بِعَشۡرٖ فَتَمَّ مِيقَٰتُ رَبِّهِۦٓ
أَرۡبَعِينَ لَيۡلَةٗۚ وَقَالَ مُوسَىٰ لِأَخِيهِ هَٰرُونَ ٱخۡلُفۡنِي فِي قَوۡمِي وَأَصۡلِحۡ
وَلَا تَتَّبِعۡ سَبِيلَ ٱلۡمُفۡسِدِينَ ﴿١٤٢﴾ وَلَمَّا جَآءَ مُوسَىٰ لِمِيقَٰتِنَا وَكَلَّمَهُۥ
رَبُّهُۥ قَالَ رَبِّ أَرِنِيٓ أَنظُرۡ إِلَيۡكَۚ قَالَ لَن تَرَىٰنِي وَلَٰكِنِ ٱنظُرۡ إِلَى
ٱلۡجَبَلِ فَإِنِ ٱسۡتَقَرَّ مَكَانَهُۥ فَسَوۡفَ تَرَىٰنِيۚ فَلَمَّا تَجَلَّىٰ رَبُّهُۥ لِلۡجَبَلِ
جَعَلَهُۥ دَكّٗا وَخَرَّ مُوسَىٰ صَعِقٗاۚ فَلَمَّآ أَفَاقَ قَالَ سُبۡحَٰنَكَ تُبۡتُ
إِلَيۡكَ وَأَنَا۠ أَوَّلُ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ ﴿١٤٣﴾ قَالَ يَٰمُوسَىٰٓ إِنِّي ٱصۡطَفَيۡتُكَ عَلَى
ٱلنَّاسِ بِرِسَٰلَٰتِي وَبِكَلَٰمِي فَخُذۡ مَآ ءَاتَيۡتُكَ وَكُن مِّنَ ٱلشَّٰكِرِينَ
﴿١٤٤﴾ وَكَتَبۡنَا لَهُۥ فِي ٱلۡأَلۡوَاحِ مِن كُلِّ شَيۡءٖ مَّوۡعِظَةٗ وَتَفۡصِيلٗا لِّكُلِّ
شَيۡءٖ فَخُذۡهَا بِقُوَّةٖ وَأۡمُرۡ قَوۡمَكَ يَأۡخُذُواْ بِأَحۡسَنِهَاۚ سَأُوْرِيكُمۡ دَارَ
ٱلۡفَٰسِقِينَ ﴿١٤٥﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

142ـ مۇساغا ئوتتۇز كېچىنى (ئۆتكۈزگەندىن كېيىن سۆزلىششىنى) ۋەدە قىلغان ئىدۇق. ئۇنىڭغا يەنە ئون كېچىنى قوشتۇق، شۇنىڭ بىلەن، رەببىڭنىڭ ۋەدە قىلغان ۋاقتى تولۇق قىرىق كېچە بولدى. مۇسا قېرىندىشى ھارۇنغا: «(مەن قايتىپ كەلگەنگە قەدەر) قەۋمىمگە مېنىڭ ئورۇنباسارىم بولۇپ تۇرغىن، (ئۇلارنىڭ ئىشىنى) تۈزىگىن، بۇزغۇنچىلارنىڭ يولىغا ئەگەشمىگىن» دېدى.

143ـ مۇسا بىز ۋەدە قىلغان ۋاقىتتا (تۇر تېغىغا) كەلگەن ۋە رەببى ئۇنىڭغا (بىۋاسىتە) سۆز قىلغان چاغدا: «ئى رەببىم! ماڭا ئۆزۈڭنى كۆرسەتكىن، ساڭا بىر قارىۋالاي» دېدى. ئاللاھ: «سەن مېنى (بۇ دۇنيادا) ھەرگىز كۆرەلمەيسەن. لېكىن، تاغقا قارىغىن، ئەگەر تاغ ئورنىدا مەھكەم تۇرالىسا، مېنى كۆرەلەيسەن» دېدى. رەببى تاغقا تەجەللى قىلىش بىلەن تاغنى تۈپتۈز قىلىۋەتتى، مۇسا بىھوش بولۇپ يىقىلدى. ئۇ ھوشىغا كېلىپ: « (ئى رەببىم!) سەن پاكسەن، ساڭا

تەۋبە قىلدىم، مەن (قەۋمىم ئىچىدە (مۇئمىنلەرنىڭ تۇنجىسىمەن» دېدى.

144ـ ئاللاھ ئېيتتى: «ئى مۇسا! مەن ھەقىقەتەن سېنى كىشىلەر ئارىسىدىن پەيغەمبەرلىككە ۋە مەن بىلەن (بىۋاستە) سۆزلىشىشكە تاللىدىم. مەن ساڭا ئاتا قىلغان (پەيغەمبەرلىك)نى قوبۇل قىلغىن ۋە شۈكۈر قىلغۇچىلاردىن بولغىن».

145ـ بىز ئۇنىڭ ئۈچۈن (تەۋرات) تاختىلىرىغا ۋەز-نەسىھەت ۋە (دىنىي ئەھكاملارنىڭ) ھەممىنى تەپسىلىي يازدۇق (ۋە دېدۇقكى، ئى مۇسا!) ئۇنى مەھكەم تۇتقىن ھەمدە قەۋمىڭنى بۇلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىغا ئەمەل قىلىشقا بۇيرۇغىن. پات ئارىدا سىلەرگە پاسىقلارنىڭ دىيارىنى كۆرسىتىمەن.

## ◄ تەپسىرى

بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ بايان قىلىشىچە، مۇسا ئەلەيھىسسالام ئىسرائىل ئەۋلادىغا ئەگەر ئاللاھ پىرئەۋن قەۋمىنى ھالاك قىلىپ، ئۇلارنى ئازادلىققا چىقارسا، ئۇلارغا ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ھاياتلىق ئىشلىرىنى تەرتىپكە سالىدىغان ۋە يول كۆرسىتىدىغان بىر ئىلاھىي كىتاب ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلغان ئىدى. پىرئەۋن ھالاك بولغاندىن كېيىن، مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالادىن ۋەدە قىلىنغان كىتابنى چۈشۈرۈپ بېرىشىنى تىلىگەن. ئىبنى ئابباس ۋە مۇجاھىد قاتارلىق مۇپەسسىرلەرنىڭ بايان قىلىشىچە، ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ئوتتۇز كۈن روزا تۇتۇشقا ئەمر قىلغان بولۇپ، مۇسا ئەلەيھىسسالام ساق ئوتتۇز كۈن روزا تۇتقان. ئاندىن ئۇنىڭ ئاغزىنىڭ پۇرىقى ئۆزگىچە ياقماي قالغانلىقتىن، مىسۋاك بىلەن ئاغزىنى تازىلىغان. ئاندىن پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا «سەن روزىدار ۋاقتىڭدا ئاغزىڭدىن ئىپارنىڭ ھىدى كېلەتتى، سەن مىسۋاك ئىشلىتىپ بۇ گۈزەل ھىدنى بۇزۇپ قويۇپسەن» دېگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەنە ئون كۈن روزا تۇتۇشقا بۇيرۇلغان. بەزى رىۋايەتلەردە، ئاللاھ تائالانىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا: «ئى مۇسا! مەن سەن بىلەن سەن روزىدار ۋاقتىڭدا سۆزلىشىشنى خالايمەن، سەن روزا تۇتقان كىشىنىڭ ئاغزىنىڭ پۇرىقى ماڭا ئىپاردىنمۇ خۇشبۇي كېلىدىغانلىقىنى بىلمەمسەن؟» دېگەن ۋە ئۇنى يەنە ئون كۈن روزا تۇتۇشقا بۇيرۇغان. مانا بۇ بەقەرە سۈرىسىدە قىسقىچە بايان قىلىنغان قىرىق كۈن بولۇپ، بۇ يەردە تەپسىلىي قەيت قىلىنغان.

ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئۆزى بىلەن سۆزلىشىدىغان ۋە

ئۇنىڭغا شەرىئەت ئەھكاملىرى يېزىلغان «تەۋرات»نى بېرىدىغان كۈننى بەلگىلەپ بەرگەن. مۇسا ئەلەيھىسسالام قېرىندىشى ھارۇن ئەلەيھىسسالامغا: سەن مەن قايتىپ كەلگەنگە قەدەر قەۋمىمىز ئىچىدە مېنىڭ ئورۇنباسارىم بولۇپ تۇرغىن، ئاۋۋال ئۆزۈڭنىڭ ئىشلىرىنى، ئاندىن قەۋمىنىڭ ئىشلىرىنى تۈزىگىن، ھۆكۈمدە، ئىش-ھەرىكەتتە ۋە گەپ-سۆزدە ئۇلارغا ئۈلگە بولۇپ، ئۈلگىلىك ئورۇنباسار بولغىن. بۇزغۇنچىلارنىڭ سۆزىگە بويسۇنمىغىن. مانا بۇلار ئىش باشقۇرغۇچىلارنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرىدىغان ئامىللاردۇر، دەپ نەسىھەت قىلدى.

مۇسا ئەلەيھىسسالام بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا تۇر تېغىدا ھازىر بولدى، رەببى ئۇنىڭغا بىۋاستە سۆز قىلدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ سۆزلىرىنى تولۇق ئاڭلىدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالا بىلەن ئۇچرىشىش ۋە ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاشنىڭ ھۇزۇر-ھالاۋىتىنى تېتىشقا قاتتىق ئىشتىياق باغلىغان ۋە بۇ ئۇلۇغ كۈننى ئىنتىزار بىلەن كۈتكەن ئىدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالاغا: ﴿ئى رەببىم! ماڭا ئۆزۈڭنى كۆرسەتكىن، ساڭا بىر قاراپ باقاي﴾ يەنى ئى رەببىم! مېنى سېنىڭ جامالىڭنى كۆرۈشكە تاقەت قىلالايدىغان ھالەتكە كەلتۈرگەن بولساڭ، سېنى بىر كۆرگەن بولسام ئىكەن، دەپ يالۋۇردى. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا: ﴿سەن مېنى (بۇ دۇنيادا) ھەرگىز كۆرەلمەيسەن﴾ يەنى سەن بۇ دۇنيادىلا بولىدىكەنسەن مېنى قەتئىي كۆرەلمەيسەن. چۈنكى، ئىنسان بۇ دۇنيادا مېنى كۆرۈشكە تاقەت قىلالمايدۇ، دېدى. سەھىھ مۇسلىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «ئاللاھنىڭ پەردىسى نۇردۇر»[1] دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان.

ئاندىن ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئۇنىڭ ئاللاھ تائالانى يۈزمۇ-يۈز كۆرۈشكە تاقەت قىلالمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىش ئۈچۈن ئۇنى: ﴿لېكىن، تاغقا قارىغىن، ئەگەر تاغ ئورنىدا مەھكەم تۇرالىسا، مېنى كۆرەلەيسەن﴾ يەنى سەن بۇ تاغقا قارىغىنىڭ، مەن ئۇنى قانداق تەۋرىتىۋېتىمەن. ئەگەر مەن تاغقا ئۆز نۇرۇمنى چۈشۈرگەن چېغىمدا، تاغ ئورنىدا مۇستەھكەم تۇرالىسا، سەن مېنى كۆرەلەيسەن. چۈنكى، ئۇمۇ ساڭا ئوخشاش مەخلۇق. ئەگەر تاغ ئۆزىنىڭ شۇ سالماقلىقى ۋە ھەيۋىتى بىلەن تۇرۇپ مېنى كۆرۈشكە چىداپ تۇرالمىسا، سەن قانداقمۇ مېنى كۆرۈشكە تاقەت قىلالايسەن؟ دېدى.

---

[1] «صحيح مسلم» 179- ھەدىس.

ئاندىن ئاللاھ تائالا تاغقا تەجەللى قىلىش، يەنى تاغقا ئۆزىنىڭ نۇرىنى غىل-پال چۈشۈرۈش بىلەن تاغنى پۈتۈنلەي تۈپتۈز قىلىپ، يەر بىلەن تەڭ قىلىۋەتتى. مۇسا ئەلەيھىسسالام بولسا ھوشسىزلىنىپ يىقىلدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام ھوشىغا كېلىپلا ئاللاھ تائالاغا مۇناجات قىلىپ: ئى رەببىم! سەن نىمىدېگەن ئۇلۇغ زاتسەن! سەن مەخلۇقاتلىرىڭغا ئوخشاپ قېلىشتىن ئەلۋەتتە پاك ۋە ئۈستۈنسەن. مەن ساڭا بۇنداق سوئالنى قويغىنىم ئۈچۈن تەۋبە قىلدىم، مېنى كەچۈرگىن. ئى رەببىم! سېنىڭ جامالىڭنى بۇ دۇنيادا كۆرۈشنى تەلەپ قىلىشقا جۈرئەت قىلغانلىقىم ئۈچۈن سەندىن كەچۈرۈم سورايمەن. مەن بۇ ھەقىقەتنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ سېنىڭ ئۇلۇغلۇقىڭنى تونۇغان ۋە سېنى لايىقىدا قەدىرلەيدىغان مۇئمىنلەرنىڭ ئاۋۋالقىسى بولۇشنى تىلەيمەن، دەپ دۇئا قىلدۇ.

ئاللاھ تائالانى كۆرۈش مەسىلىسىگە كەلسەك، ئىسلام ئۆلىمالىرى ئاللاھ تائالانىڭ ﴿سەن مېنى (بۇ دۇنيادا) ھەرگىز كۆرەلمەيسەن﴾ دېگەن يۇقىرىقى سۆزىگە ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «وَأَنَّكُمْ لَنْ تَرَوْنَ رَبَّكُمْ حَتَّى تَمُوتُوا» يەنى «سىلەر ئۆلمىگۈچە رەببىڭلارنى كۆرەلمەيسىلەر»[1] دېگەن ھەدىسىگە ئاساسلىنىپ، ئاللاھ تائالانى بۇ دۇنيادا كۆرگىلى بولمايدۇ، ئەمما ئاخىرەتتە مۇئمىنلەر ئاللاھ تائالانىڭ جامالىنى كۆرىدۇ، دېگەن مەسىلىدە بىرلىككە كەلگەن.

ئاندىن ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئۇنىڭ مەرتىۋىسىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ دەيدۇكى، ئى مۇسا! مەن سېنى سەن بىلەن زامانداش بولغان كىشىلەرنىڭ ئارىسىدىن پەيغەمبەرلىككە تاللاپ چىقىپ، مېنىڭ دىنىمنى يەتكۈزۈش ۋە مەن ئاتا قىلغان پەيغەمبەرلىكنى ئادا قىلىشقا بۇيرۇدۇم. يەنە سېنى ساڭا بىۋاسىتە سۆز قىلىش بىلەن شەرەپلەندۈردۈم. ساڭا ئاتا قىلغان پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى قوبۇل قىلغىن ۋە ماڭا شۈكۈر قىلغۇچىلاردىن بولغىن!

﴿بىز ئۇنىڭ ئۈچۈن(تەۋرات) تاختىلىرىغا ۋەز-نەسىھەت ۋە (دىنىي ئەھكاملارنىڭ) ھەممىنى تەپسىلىي يازدۇق﴾ يەنى بىز مۇساغا ئىسرائىل ئەۋلادى دىن ۋە دۇنيالىق ئىشلىرىدا ئېھتىياجلىق بولىدىغان، ئۇلارغا يول كۆرسىتىدىغان، بارلىق ئەھكاملار تەپسىلىي يېزىلغان «تەۋرات» تاختىلىرىنى بەردۇق. ئاندىن ئۇنىڭغا دېدۇقكى: ئى مۇسا! ﴿ئۇنى

---

[1] «مسند الإمام أحمد» 37-توم، 423-بەت، 22764 -ھەدىس.

مەھكەم تۇتقىن﴾ يەنى بارچە كۈچۈڭ بىلەن ئۇنى قوغدىغىن، مۇھاپىزەت قىلغىن ۋە قەۋمىڭگە ئۇگەتكىن، ئۇلارغا ئۇنىڭدىكى شەرىئەت ئەھكاملىرىنى بىلدۈرگىن، قەۋمىڭ بۇ ئەھكاملارنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىغا ئەمەل قىلسۇن. يەنى «تەۋرات»تا جىنايەتچىنى كەچۈرۈم قىلىش، قىساس ئېلىش، سەۋر قىلىش، ئىنتىقام ئېلىش قاتارلىق ئەھكاملار بار. سىلەر ئۇلارنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىنى ئېلىپ، قىساسنىڭ ئورنىغا كەچۈرۈم قىلىشنى، ئىنتىقامنىڭ ئورنىغا سەۋر قىلىشنى ئادەت قىلىۋېلىڭلار. سىلەرگە يات يېقىندا ئاد، سەمۇد، پىرئەۋن قەۋملىرىنىڭ خارابىگە ئايلىنىپ قالغان دىيارىنى كۆرسىتىمەن.

ئەللامە ئىبنى جەرىر تەبەرىي ﴿سَأُوْرِيكُمْ دَارَ ٱلْفَٰسِقِينَ﴾ يەنى ﴿يات ئارىدا سىلەرگە پاسىقلارنىڭ دىيارىنى كۆرسىتىمەن﴾ دېگەن ئايەتنىڭ تەپسىرىدە ئىلگىرىكى مۇپەسسىرلەرنىڭ ھەر خىل تەپسىرلىرىنى بايان قىلغان بولۇپ، مۇجاھىد بۇ ئايەتنى «يات ئارىدا سىلەرگە پاسىقلارنىڭ دوزاختىكى ئورنىنى كۆرسىتىمەن» دەپ تەپسىر قىلغان. قەتادە «يات ئارىدا سىلەرگە ھالاك قىلىنغان زالىملارنىڭ ۋەيران بولۇپ خارابىگە ئايلىنىپ قالغان دىيارىنى كۆرسىتىمەن» دەپ تەپسىر قىلغان. يەنە بەزى مۇپەسسىرلەر «يات ئارىدا سىلەرگە پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ مىسىردىكى خارابىگە ئايلىنىپ قالغان قەسىرلىرىنى كۆرسىتىمەن» دەپ تەپسىر قىلغان. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئايەتنىڭ ﴿كۆرسىتىمەن﴾ دېگەن قىسمىغا «ۋارىس قىلىمەن» دەپ مەنە بېرىپ، ئايەتنىڭ تەپسىرىنى «يات ئارىدا سىلەرنى پىرئەۋن قەۋمىنىڭ دىيارىغا ۋارىس قىلىمەن» دەپ تەپسىر قىلغان[1].

بۇ ئايەتلەر ساماۋى دىن مەنسۇپلىرىنىڭ ئۆز دىنىنى چىڭ تۇتۇشىنىڭ زۆرۈرلۈكىگە، ئۇلار دىنىغا ئەمەل قىلغان مۇددەت ئىچىدە ئەزىز ۋە كۈچلۈك بولالايدىغانلىقىغا، دىنىنى ئۆزگەرتىپ، دىنىي دەستۇرلىرىنى بۇرمىلاپ ھەقىقەتتىن يىراقلاشقانلارنىڭ خۇددى ئىسرائىل ئەۋلادىغا ئوخشاش سەرسانلىق، خارلىق ۋە ئازغۇنلۇقتا نابۇت بولىدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلماقتا.

## مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ۋاقتىدا رىئايە قىلىش ئىسلام دىنىدا ئىنتايىن زۆرۈر مەجبۇرىيەتتۇر،

[1] «تفسير الطبري» 13-توم، 111-بەت.

ۋاقىتتا رىئايە قىلمىغۇچىلار باشقىلارنىڭ قىممەتلىك ۋاقتىنى ئوغرىلايدىغان ئوغرىلاردۇر. مۇنداقلار مۇناپىقلىقنىڭ سۈپەتلىرىنى ئۆزىگە يەرلەشتۈرگەن بولىدۇ. چۈنكى، مۇناپىقلار سۆزىدە تۇرمايدۇ.

2. ۋەزىپە تاپشۇرۇپ ئالغان ئادەم بۇ ۋەزىپىنى تولۇق ۋە مۇكەممەل ئورۇنداپ، ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشى كېرەك. ئەكسى تەقدىردە، ئۇ خىيانەتچى ۋە گۇناھكار بولۇپ قالىدۇ.

3. ئاللاھ تائالانى بۇ دۇنيادا كۆرگىلى بولمايدۇ. ئەمما ئاخىرەتتە ئاللاھ تائالا مۇئمىن بەندىلىرىگە ئۆزىنىڭ جامالىنى كۆرسىتىدۇ.

4. ئاللاھ تائالانىڭ قانۇنىنىڭ ئىجرا بولۇشى ئۈچۈن ئۇنى يۈرگۈزۈشكە سالاھىيەتلىك بولغان ئۇممەتنىڭ بولۇشى شەرتتۇر.

## ◄ كۇفرىنىڭ ھەقىقىي سەۋەبى

﴿سَأَصْرِفُ عَنْ ءَايَٰتِيَ ٱلَّذِينَ يَتَكَبَّرُونَ فِى ٱلْأَرْضِ بِغَيْرِ ٱلْحَقِّ وَإِن
يَرَوْا۟ كُلَّ ءَايَةٍ لَّا يُؤْمِنُوا۟ بِهَا وَإِن يَرَوْا۟ سَبِيلَ ٱلرُّشْدِ لَا يَتَّخِذُوهُ
سَبِيلًا وَإِن يَرَوْا۟ سَبِيلَ ٱلْغَىِّ يَتَّخِذُوهُ سَبِيلًا ۚ ذَٰلِكَ بِأَنَّهُمْ كَذَّبُوا۟
بِـَٔايَٰتِنَا وَكَانُوا۟ عَنْهَا غَٰفِلِينَ ﴿١٤٦﴾ وَٱلَّذِينَ كَذَّبُوا۟ بِـَٔايَٰتِنَا وَلِقَآءِ
ٱلْءَاخِرَةِ حَبِطَتْ أَعْمَٰلُهُمْ ۚ هَلْ يُجْزَوْنَ إِلَّا مَا كَانُوا۟ يَعْمَلُونَ ﴿١٤٧﴾﴾

## ◄ تەرجىمىسى

146ـ يەر يۈزىدە يولسىزلىق قىلىپ تەكەببۇرلۇق قىلىدىغانلارنى مېنىڭ ئايەتلىرىم (نى چۈشىنىش)تىن يىراقلاشتۇرىمەن، ئۇلار بارلىق مۆجىزىلەرنى كۆرگەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭغا ئىشەنمەيدۇ، ئۇلار توغرا يولنى كۆرسە ئۇنىڭدا ماڭمايدۇ، ئازغۇنلۇق يولىنى كۆرسە، ئۇنى ئۆزىنىڭ يولى قىلىۋالىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى، ئۇلارنىڭ بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى يالغانغا چىقارغانلىقى ۋە ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگەنلىكىدۇر.

147ـ بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ۋە ئاخىرەتتىكى ئۇچرىشىشنى يالغانغا چىقارغانلارنىڭ قىلغان(ياخشى) ئەمەللىرى بىكار بولۇپ كېتىدۇ، ئۇلارغا پەقەت قىلمىشلىرىغا يارىشا جازا بېرىلىدۇ.

## تەپسىرى

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتلەردە، كۇفرىنىڭ، زۇلۇمىنىڭ ۋە بۇزغۇنچىلىقنىڭ سەۋەبىنى بايان قىلىپ، ماڭا ئىتائەت قىلىشتىن، مېنىڭ پەيغەمبىرىمگە بويسۇنۇشتىن باش تارتقان، بەندىلىرىمگە زۇلۇم قىلغان مۇتەكەببىرلەرنىڭ قەلبىنى ئىماندىن بۇرۇۋېتىمەن، ئايەتلىرىمنى چۈشىنىشتىن، ئۇلۇغلۇقۇمغا دالالەت قىلىدىغان، پەيغەمبەرلىرىمنىڭ ھەقلىقىنى ئىسپاتلايدىغان مۆجىزىلىرىمنى بىلىشتىن مەھرۇم قىلىمەن، دەپ جاكارلايدۇ.

باشقىلاردىن ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش، كىشىلەرگە ھاكاۋۇرلۇق قىلىش بىر خىل پىسخىكىلىق كېسەل بولۇپ، بۇ ئادەتتە ئەقلىي قۇۋۋىتى ئاجىز كىشىلەردىن سادىر بولىدىغان مۇرەككەپ نۇقسانلىقتۇر. مۇنداق ئادەملەر ئىچىگە كۆن نۇرى كىرمەيدىغان ساندۇقتا سولىنىپ قالغاندەك، ئۇلارنىڭ قەلبىگە ئىماننىڭ نۇرى ۋە ھېچقانداق بىر ياخشىلىق كىرمەيدۇ. چۈنكى، مۇنداق ئادەم ئۆزىنى ئەڭ چوڭ دەپ بىلىدۇ، ئۆزىنى ھېچ نەرسىگە ۋە ھېچكىمگە موھتاج ئەمەسمەن دەپ ئويلايدۇ. مانا بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنى ئايەتلەرنى چۈشىنىشتىن يىراقلاشتۇرۇۋەتكەنلىكىنىڭ سەۋەبى بولۇپ، ئاللاھ تائالا مۇتەكەببىرلەرنىڭ قەلبىنى ئەنە شۇنداق پېچەتلىۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئوپئوچۇق مۆجىزىلەرنى كۆرگەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭغا ئىشەنمەيدۇ، بۇ ھەقتە تەپەككۇر قىلمايدۇ، ئايەتلەردىن ئىبرەت ئالمايدۇ. ﴿فَلَمَّا زَاغُوٓاْ أَزَاغَ ٱللَّهُ قُلُوبَهُمۡۚ﴾ يەنى ﴿ئۇلار (ھەقىقەتتىن) چەتنەپ كېتىشۇدى، ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىللىرىنى (ھىدايەتتىن) بۇرۇۋەتتى﴾[1].

ئاللاھ تائالا پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىرىنى مۆجىزىلەردىن ئىبرەت ئېلىش ۋە ئايەتلەرنى چۈشىنىشتىن مەھرۇم قىلدى. چۈنكى، ئۇلار مۇتەكەببىر زالىملار ئىدى. ﴿وَجَحَدُواْ بِهَا وَٱسۡتَيۡقَنَتۡهَآ أَنفُسُهُمۡ ظُلۡمٗا وَعُلُوّٗاۚ فَٱنظُرۡ كَيۡفَ كَانَ عَٰقِبَةُ ٱلۡمُفۡسِدِينَ﴾ يەنى ﴿ئۇلار بۇ مۆجىزىلەرگە دىلىدا شەكسىز ئىشەنگەن تۇرۇپ، ھەقىقەتكە قارشى چىقىش ۋە تەكەببۇرلۇق قىلىش يۈزىسىدىن ئۇلارنى ئىنكار قىلدى. بۇزغۇنچىلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىغا قارىغىن﴾[2].

ئى پەيغەمبەر! قۇرەيش كاپىرلىرىمۇ پىرئەۋن تەۋەلىرىنىڭ زالىملىرىغا ئوخشاش ھەقىقەتنى قوبۇل قىلمايدىغان مۇتەكەببىرلەردىن بولغانلىقى

[1] سەف سۈرىسى: 5-ئايەت.
[2] نەمل سۈرىسى: 14-ئايەت.

ئۈچۈن ئۇلارنىڭ قەلبىنىمۇ ھىدايەتتىن بۇرۇۋېتىمىز، ئىمان نۇرىدىن مەھرۇم قىلىمىز. چۈنكى، ئۇلار ساڭا: ﴿لَوْلَا نُزِّلَ هَـٰذَا ٱلْقُرْءَانُ عَلَىٰ رَجُلٍ مِّنَ ٱلْقَرْيَتَيْنِ عَظِيمٍ﴾ يەنى ﴿«بۇ قۇرئان نېمىشقا (مەككە ۋە تائىف) ئىككى شەھەر ئەھلىدىن كاتتا بىر كىشىگە نازىل قىلىنمىدى؟» دېيىشتى﴾ [1] ئەمەسمۇ؟ شۇڭا سەن ئۇلار ئۈچۈن قايغۇرمىغىن ۋە ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتمىغانلىقى سەۋەبلىك بىئارام بولمىغىن. چۈنكى، ئۇ مۇتەكەببىرلەر ھەقىقەتنى ئىسپاتلايدىغان قانداقلا ئايەت ياكى مۆجىزە كەلسە، ھامان ئۇنى ئىنكار قىلىدۇ. ئەسلىدە ئايەت بىلەن مۆجىزە ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىدىغان ۋە ھەق گەپنى چۈشىنىدىغان ئادەملەرگىلا تەسىر قىلىدۇ. ئەمما قەلب كۆزى كور بولغانلارغا مۆجىزىلەرمۇ كار قىلمايدۇ. چۈنكى، ئۇلار ھەقىقەتنى قويۇپ يالغانغا، ھىدايەتنى قويۇپ ئازغۇنلۇققا ئەگىشىدىغان ئەقىلسىزلەردۇر. ئۇلار توغرا يولغا ئەگەشمىگەن بىلەن، نا توغرا يوللارنى ئۆزىنىڭ يولى قىلىۋالىدۇ. ئۇلار بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلىدىغان زالىم قەۋمدۇر.

بىز چۈشۈرگەن روشەن مۆجىزىلەرنى ۋە ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغۇچىلار ئەسلىدە ئىمان ئېيتىشنى ۋە ھىدايەتنى خالىمايدىغان، ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمەيدىغان مەخلۇقلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ياخشىلىق دەپ قىلغان ئەمەللىرىنىڭ ھەممىسى بىكاردۇر. چۈنكى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ نەپسى خاھىشىغا ۋە شەيتانغا ئەگىشىپ ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىنى تەرك ئەتكەن بەختسىزلەردۇر. ئۇلارغا قىلمىشلىرىغا يارىشا ئەلۋەتتە جازا بېرىلىدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. چوڭلۇق ۋە كاتتىلىق پەقەت ئالەملەرنىڭ رەببى، ھەممىنىڭ ياراتقۇچىسى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاس سۈپەت بولۇپ، ئىنسانلارغا چوڭچىلىق قىلىپ، مۇتەكەببىرلىك قىلغانلار ئاللاھ تائالانىڭ ھىدايىتىدىن مەھرۇم قالغان بەختسىزلەردۇر. مۇنداقلار ئاللاھ تائالانىڭ لەنىتىگە ۋە ئىنسانلارنىڭ نەپرىتىگە ئۇچراپ تۇرىدۇ.

2. ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلىش كۇفرى ۋە ئازغۇنلۇقنىڭ باش رولچىسىدۇر.

3. ئەمەللەرنى خالىس نىيەت ۋە ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن بويىچە

[1] زۇخرۇف سۈرىسى: 31-ئايەت.

قىلمىغانلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرى بىكار بولۇپ كېتىدۇ. چۈنكى، ھەرقانداق بىر ئەمەلنىڭ قوبۇل بولۇشى ئۈچۈن ئۇ ئەمەلنى خالىس نىيەت ۋە ئاللاھ كۆرسەتكەن بويىچە ئورۇنداش شەرتتۇر.

### ◄ موزايغا چوقۇنۇش قىسسىسى ۋە مۇسا ئەلەيھىسسالام

﴿وَٱتَّخَذَ قَوۡمُ مُوسَىٰ مِنۢ بَعۡدِهِۦ مِنۡ حُلِيِّهِمۡ عِجۡلٗا جَسَدٗا لَّهُۥ
خُوَارٌۚ أَلَمۡ يَرَوۡاْ أَنَّهُۥ لَا يُكَلِّمُهُمۡ وَلَا يَهۡدِيهِمۡ سَبِيلًاۘ ٱتَّخَذُوهُ
وَكَانُواْ ظَٰلِمِينَ ١٤٨ وَلَمَّا سُقِطَ فِيٓ أَيۡدِيهِمۡ وَرَأَوۡاْ أَنَّهُمۡ قَدۡ
ضَلُّواْ قَالُواْ لَئِن لَّمۡ يَرۡحَمۡنَا رَبُّنَا وَيَغۡفِرۡ لَنَا لَنَكُونَنَّ مِنَ
ٱلۡخَٰسِرِينَ ١٤٩ وَلَمَّا رَجَعَ مُوسَىٰٓ إِلَىٰ قَوۡمِهِۦ غَضۡبَٰنَ أَسِفٗا
قَالَ بِئۡسَمَا خَلَفۡتُمُونِي مِنۢ بَعۡدِيٓۖ أَعَجِلۡتُمۡ أَمۡرَ رَبِّكُمۡۖ
وَأَلۡقَى ٱلۡأَلۡوَاحَ وَأَخَذَ بِرَأۡسِ أَخِيهِ يَجُرُّهُۥٓ إِلَيۡهِۚ قَالَ ٱبۡنَ أُمَّ إِنَّ
ٱلۡقَوۡمَ ٱسۡتَضۡعَفُونِي وَكَادُواْ يَقۡتُلُونَنِي فَلَا تُشۡمِتۡ بِيَ ٱلۡأَعۡدَآءَ
وَلَا تَجۡعَلۡنِي مَعَ ٱلۡقَوۡمِ ٱلظَّٰلِمِينَ ١٥٠ قَالَ رَبِّ ٱغۡفِرۡ لِي
وَلِأَخِي وَأَدۡخِلۡنَا فِي رَحۡمَتِكَۖ وَأَنتَ أَرۡحَمُ ٱلرَّٰحِمِينَ ١٥١ إِنَّ
ٱلَّذِينَ ٱتَّخَذُواْ ٱلۡعِجۡلَ سَيَنَالُهُمۡ غَضَبٞ مِّن رَّبِّهِمۡ وَذِلَّةٞ فِي
ٱلۡحَيَوٰةِ ٱلدُّنۡيَاۚ وَكَذَٰلِكَ نَجۡزِي ٱلۡمُفۡتَرِينَ ١٥٢ وَٱلَّذِينَ عَمِلُواْ
ٱلسَّيِّـَٔاتِ ثُمَّ تَابُواْ مِنۢ بَعۡدِهَا وَءَامَنُوٓاْ إِنَّ رَبَّكَ مِنۢ بَعۡدِهَا
لَغَفُورٞ رَّحِيمٞ ١٥٣ وَلَمَّا سَكَتَ عَن مُّوسَى ٱلۡغَضَبُ أَخَذَ
ٱلۡأَلۡوَاحَۖ وَفِي نُسۡخَتِهَا هُدٗى وَرَحۡمَةٞ لِّلَّذِينَ هُمۡ لِرَبِّهِمۡ
يَرۡهَبُونَ ١٥٤﴾

### ◄ تەرجىمىسى

**148**ـ مۇسانىڭ قەۋمى مۇسا (تۇر تېغىغا كەتكەن)دىن كېيىن، ئۆزىنىڭ زىبۇ-زىننەتلىرىدىن مۆرەيدىغان بىر موزاي ھەيكىلىنى ياساپ چىقتى. ئۇلار بۇ

مۇزاينىڭ ئۇلارغا سۆزلىيەلمەيدىغانلىقىنى، يول كۆرسىتەلمەيدىغانلىقىنى كۆرمىدىمۇ؟ ئۇلار ئۇنى مەبۇد قىلىۋېلىپ، (ئۆزلىرىگە) زۇلۇم قىلغۇچىلار بولۇپ قالدى.

149ـ ئۇلار پۇشايمان قىلغان ۋە ئۆزلىرىنىڭ راستىنلا ئازغانلىقىنى چۈشەنگەن چاغدا: «ئەگەر رەببىمىز بىزگە رەھىم قىلمىسا ۋە مەغپىرەت قىلمىسا، بىز ئەلۋەتتە زىيان تارتقۇچىلاردىن بولۇپ قالىمىز» دېدى.

150ـ مۇسا غەزەپلەنگەن ۋە ئېچىنغان هالدا قايتىپ كېلىپ، قەۋمىگە: «مەن يوق چاغدا (مۇزايغا چوقۇنۇپ) بەكمۇ يامان ئىش قىپسىلەر-ھە! رەببىڭلارنىڭ ئەمرىنى (كۈتمەي) ئالدىراپ كەتتىڭلارمۇ؟» دېدى ۋە (غەزەپتىن تەۋرات تاختىلىرىنى (يەرگە) تاشلاپ، قېرىندىشىنىڭ چېچىدىن تۇتۇپ ئۆز تەرىپىگە تارتتى. (قېرىندىشى هارۇن) ئېيتتى: «ئى قېرىندىشىم! (بۇ) قەۋم مېنى بوزەك تاپتى، مېنى ئۆلتۈرۈۋەتكىلى تاس قالدى. مېنى دۈشمەنلەرگە كۈلكە قىلىپ بەرمىگىن، مېنى (مۇزايغا چوقۇنغان) زالىم قەۋم قاتارىدا سانىمىغىن».

151ـ مۇسا ئېيتتى: «ئى رەببىم! ماڭا ۋە مېنىڭ قېرىندىشىمغا مەغپىرەت قىلغىن، بىزنى رەھمىتىڭ دائىرىسىگە كىرگۈزگىن، سەن شەپقەت قىلغۇچىلار-نىڭ ئەڭ شەپقەتلىكىسەن».

152ـ شەكسىزكى، مۇزاينى مەبۇد قىلىۋالغانلار رەببىنىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدۇ، بۇ دۇنيادا خارلىققا قالىدۇ. يالغاننى توقۇپ چىققۇچىلارغا بىز مۇشۇنداق جازا بېرىمىز.

153ـ يامان ئىشلارنى قىلىپ قويۇپ، كېيىن تەۋبە قىلغان ۋە ئىمانىدا سەمىمىي بولغانلارغا كەلسەك، شەكسىزكى، رەببىڭ (ئۇلارنىڭ بۇ) تەۋبىسىدىن كېيىن ئەلۋەتتە بەك مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى رەھىم قىلغۇچىدۇر.

154ـ مۇسا غەزىپى بېسىلغاندا (يەردىكى تەۋرات) تاختىلىرىنى ئالدى. ئۇ-نىڭدا رەببىدىن قورققۇچىلارغا ھىدايەت ۋە رەھمەت (قىلىنىدىغانلىقى) يېزىلغان ئىدى.

### تەپسىرى

تەقلىدچىلىك قەدىمىي ئىجتىمائىي ئىللەتلەردىن بولۇپ، خۇددى مىكروب تەنگە تارالغانغا ئوخشاش تەقلىدچىلىك ئىللىتىمۇ جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ھەممىسىگە شۇنداق تېز تارقاپ كېتىدىغان نەرسىدۇر. ئىسرائىل ئەۋلادى مىسىرلىقلار بىلەن ئۇزۇن زامان بىللە ياشاش

جەريانىدا، ئۇلارمۇ مىسىرلىقلارغا ئوخشاش بۇتقا چوقۇنغان ئىدى. كېيىن ئۇلار مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىپ ئىمان ئېيتقان بولسىمۇ، پۇرسەت تېپىلغان ھامان ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى بۇددىستلىقىغا قايتىپ تۇراتتى. ئۇلار بەزىدە بىزگە باشقىلارنىڭكىگە ئوخشاش بۇت ياساپ بەرگىن دېسە، بەزىدە يەنە شۇنىڭغا ئوخشاش كۇفرى سۆزلەرنى قىلاتتى. مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالاغا مۇناجات قىلىش ئۈچۈن ئۇلاردىن ۋاقتىلىق ئايرىلىپ تۇر تېغىغا كېتىۋىدى، ئۇلار شۇ ھامان بىر موزاي ھەيكىلىنى ياساپ چىقىپ، ئۇنىڭغا چوقۇنۇشقا باشلىدى. ئەسلىدە موزاي ھەيكىلىنى ياسىغان ئادەم ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى سامىرى دېگەن ئادەم ئىدى. گەرچە بۇ ھەيكەلنى ھەممىسى ياسىمىغان بولسىمۇ، ئۇلار سامىرىنىڭ ياسىغان موزاي ھەيكىلىگە چوقۇنغانلىقى ئۈچۈن، ئايەتتە ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئەيىبلەنگەن ۋە ھەممىسىنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدىغانلىقى بايان قىلىنىپ: ﴿شەكسىزكى، موزاينى مەبۇد قىلىۋالغانلار رەببىنىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدۇ﴾ دېيىلگەن.

مۇپەسسىرلەر مەزكۇر ھەيكەلنىڭ ئىچىگە ھاۋا كىرىپ، موزاي مۆرىگەندەك ئاۋاز چىقىرىدىغان ھەيكەل ئىكەنلىكىدە بىرلىككە كەلگەندىن كېيىن، ئۇ تىرىكمىدى ياكى جانسىز ھەيكەلمىدى؟ دېگەن مەسىلىدە ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، قەتادە، ھەسەن بەسرى قاتارلىق ئۆلىمالارنىڭ قارىشىچە، سامىرى جىبرىل ئەلەيھىسسالام مىنگەن ئاتنىڭ ئىزىدىن بىر سىقىم تۇپراقنى ئېلىۋېلىپ، ئۇنى موزاي ھەيكىلىنىڭ ئىچىگە چاچقاندا، ھەيكەلگە جان كىرگەن. «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئايەتلىرىمۇ بۇ قاراشنى كۈچلەندۈرىدۇ. بەزى ئۆلىمالار مەزكۇر موزاينىڭ پەقەتلا ئالتۇن-كۈمۈشتىن ياسالغان ھەيكەل ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

بۇ ئايەتلەردە موزاي، كالا قاتارلىق مەخلۇقاتنى ئىلاھ قىلىۋالغۇچىلارغا رەددىيە بېرىلگەن. ئۇلار سۆزلىيەلمەيدىغان، چوقۇنغۇچىلىرىغا پايدا يەتكۈزەلمەيدىغان بۇ ھايۋانلارنى قانداقمۇ مەبۇد قىلىۋالىدۇ؟ بۇ ئويئوچۇق ئازغۇنلۇق ئەمەسمۇ؟! ھەقىقىي ئىلاھ ئاسمان زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بارچە مەۋجۇداتنى ياراتقان ئاللاھ تائالا ئەمەسمۇ؟!

ئاللاھ تائالانىڭ ياراتقانلىرىنى يېزىشقا بارچە دېڭىز ۋە دەريالار سىياھ بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇلار يەنە يەتمەيدۇ ئەمەسمۇ؟! ئاللاھ تائالا يېگانە ئىلاھ ۋە يېگانە مەبۇدتۇر، پۈتۈن ياخشىلىق ئۇنىڭ ئىلكىدىدۇر. كاپىرلار چوقۇنغان بۇتلار ۋە بارلىق ساختا ئىلاھلار ئىنسانلارغا ھېچقانداق پەيدا

يەتكۈزەلمەيدۇ، ئۇلارنى ھېچقانداق زىيان-زەخمەتتىن قوغداپ قالالمايدۇ.

ئىسرائىل ئەۋلادى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇر تېغىغا ئاللاھ تائالاغا مۇناجات قىلىش ئۈچۈن كېتىپ قالغانلىقىدىن پايدىلىنىپ موزاينى ئىلاھ قىلىۋالدى. ئۇلارنىڭ مۇنداق قىلىشىغا يا مۇسا ئەلەيھىسسالام ياكى ھارۇن ئەلەيھىسسالام رۇخسەت قىلغان ئەمەس. ئۇلار پەقەت ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇنقى بۇددىستلىق ئادىتىگە يېنىپ، ئىماندىن يۈز ئۆرۈپ شۇنداق قىلدى. كېيىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ قىلمىشلىرىنىڭ خاتالىقىنى بىلگەندىن كېيىن قاتتىق پۇشايمان قىلىشىدۇ ۋە شۇ ھامان قىلمىشىغا تەۋبە قىلىپ، ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىپ: ﴿ئەگەر رەببىمىز بىزگە رەھىم قىلمىسا ۋە مەغپىرەت قىلمىسا، بىز ئەلۋەتتە زىيان تارتقۇچىلاردىن بولۇپ قالىمىز﴾ دەيدۇ.

مۇسا ئەلەيھىسسالام قەۋمىنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلگەندە، بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ قاتتىق غەزەپلەندى، ھەتتا غەزىپىنى باسالماي قولىدىكى «تەۋرات»تاختىلىرىنى يەرگە تاشلىدى، ئۇلارنىڭ موزايدىن بۇت ياسىغانلىقى ۋە ھىدايەت تاپقاندىن كېيىن كۇفرىغا قايتقانلىقى ئۈچۈن ئۇلارغا قاتتىق كايىدى، قېرىندىشى ھارۇننىڭ چاچ-ساقىلىدىن سۆرەپ ئۆزى تەرەپكە قاتتىق تارتتى. ئەمما ھارۇن ئەلەيھىسسالامنى مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۆزىدىن ئورۇنباسار قىلىپ قويۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ئازغۇن قەۋم ھارۇن ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىگە كىرمىگەن ۋە ئۇنىڭ نارازىلىقىغا قارىماي ئۆزلىرىنىڭ بىلگەنلىرىنى قىلغان ئىدى. قىسقىسى، ھارۇن ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ئازغۇن قەۋمگە كۈچى يەتمىگەن ئىدى. ھارۇن ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ئۇلارنى بۇ يامان ئىشتىن توسۇشتىن ئاجىز قالغانلىقىنى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا چۈشەندۈرگەندىن كېيىن، مۇسا ئەلەيھىسسالام دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ، ئاللاھ تائالادىن ئۆزى بىلەن قېرىندىشى ئۈچۈن مەغپىرەت تىلەيدۇ. ھارۇن ئەلەيھىسسالامنىڭ ئورۇنباسارلىق ۋەزىپىسىدە كەمچىلىك سادىر قىلمىغانلىقى ۋە ئۇنىڭ قەۋمگە كۈچى يەتمىگەنلىكىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلارنى كەچۈرۈم قىلىدۇ ۋە رەھمىتىگە مۇيەسسەر قىلىدۇ. سامىرى باشچىلىقىدا موزايغا چوقۇنغان ئىسرائىل ئەۋلادىغا ئاللاھ تائالانىڭ قاتتىق ئازابى ۋە ئىبرەتلىك جازاسى كېلىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىلىدۇ. ئۇلارنىڭ يۇرتلىرىدىن ئايرىلىپ، سەرسانلىقتا، ۋەيرانلىقتا، خارلىقتا ئۆتىدىغانلىقى، ئاخىرەتتە بولسا دوزاخنىڭ ئازابىغا دۇچار بولىدىغانلىقى توغرۇلۇق خەۋەر بېرىلىدۇ.

مۇسا ئەلەيهىسسالامنىڭ غەزىپى پەسلىگەندىن كېيىن، «تەۋرات»نىڭ تېكىستلىرى يېزىلغان تاختىلارنى يەردىن ئالدۇ ۋە ئۇنىڭدا رەببىدىن قورققۇچىلارغا تەقۋالىق دائىرىسىدە ئىش كۆرگۈچىلەرگە ۋە توغرا يولدا ئىزچىل مېڭىشنى خالىغانلارغا ھىدايەت، گۇناھ سادىر قىلىپ قويۇپ، ئارقىدىن تەۋبە قىلغۇچىلارغا مەغپىرەت ۋە رەھمەت ئاتا قىلىنىدىغانلىقى يېزىلغانلىقىنى قەۋمىگە چۈشەندۈردى.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. غەزەپلىنىش، ئاچچىقلىنىش ئىنسان تەبىئىتىنىڭ بىر پارچىسى بولۇپ، ئىنسان بۇنىڭ ئۈچۈن مالامەتكە ئۇچرىمايدۇ. ئەمما ئىنسان غەزىپىنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ ئۆزىگە ياكى باشقىلارغا زىيان يەتكۈزۈش بىلەن گۇناھكار بولىدۇ.

2. باشقىلارنىڭ ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلىش پەزىلەت بولغىنىدەك، ئۆزىنىڭ خاتالىقىنى ئېتىراپ قىلىشمۇ ئۇنىڭدىن ئېسىلرەك پەزىلەتتۇر.

3. ئاللاھ تائالانىڭ گۇناھكارلارنى جازالاش ھەققىدىكى ۋەدىسى ئۇلارنىڭ تەۋبە قىلىش -قىلماسلىقىغا باغلىق قىلىنغان بولۇپ، تەۋبە قىلىپ توغرا يولدا ماڭغانلارنى ئاللاھ تائالا كەچۈرىدۇ، گۇناھلىرىنى ئەپۇ قىلىدۇ ۋە ئۇلارنى جازالىمايدۇ.

4. «قۇرئان كەرىم»دە بايان قىلىنغان رەھمەت، ھىدايەت ۋە نۇردىن پەقەت ئىمانى بار ئادەملەرلا مەنپەئەتلىنەلەيدۇ.

## ◄ مۇسا ئەلەيهىسسالامغا دۇئا ئەسناسىدا بولغان ئىشلار

﴿وَٱخۡتَارَ مُوسَىٰ قَوۡمَهُۥ سَبۡعِينَ رَجُلٗا لِّمِيقَٰتِنَاۖ فَلَمَّآ أَخَذَتۡهُمُ
ٱلرَّجۡفَةُ قَالَ رَبِّ لَوۡ شِئۡتَ أَهۡلَكۡتَهُم مِّن قَبۡلُ وَإِيَّٰيَۖ أَتُهۡلِكُنَا بِمَا
فَعَلَ ٱلسُّفَهَآءُ مِنَّآۖ إِنۡ هِيَ إِلَّا فِتۡنَتُكَ تُضِلُّ بِهَا مَن تَشَآءُ وَتَهۡدِي
مَن تَشَآءُۖ أَنتَ وَلِيُّنَا فَٱغۡفِرۡ لَنَا وَٱرۡحَمۡنَاۖ وَأَنتَ خَيۡرُ ٱلۡغَٰفِرِينَ
١٥٥ ۞ وَٱكۡتُبۡ لَنَا فِي هَٰذِهِ ٱلدُّنۡيَا حَسَنَةٗ وَفِي ٱلۡأٓخِرَةِ إِنَّا هُدۡنَآ
إِلَيۡكَۚ قَالَ عَذَابِيٓ أُصِيبُ بِهِۦ مَنۡ أَشَآءُۖ وَرَحۡمَتِي وَسِعَتۡ كُلَّ شَيۡءٖۚ

فَسَأَكۡتُبُهَا لِلَّذِينَ يَتَّقُونَ وَيُؤۡتُونَ ٱلزَّكَوٰةَ وَٱلَّذِينَ هُم بِـَٔايَٰتِنَا يُؤۡمِنُونَ ﴿١٥٦﴾

### تەرجىمىسى

155ـ مۇسا، بىز بەلگىلەپ بەرگەن ۋاقىتتا (تۇر تېغىغا) ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ئۆز قەۋمىدىن يەتمىش كىشىنى تاللىدى، ئۇلا قاتتىق يەر تەۋرەشكە تۇتۇلغاندا، مۇسا ئېيتتى: «ئى رەببىم! خالىغان بولساڭ ئۇلارنى ۋە مېنى بۇرۇنلا ھالاك قىلغان بولاتتىڭ. ئارىمىزدىكى ئەخمەقلەرنىڭ قىلمىشى تۈپەيلىدىن بىزنى ھالاك قىلامسەن؟ بۇ پەقەتلا سېنىڭ سىنىقىڭدۇر. شۇ ئارقىلىق خالىغان بەندەڭنى ئازدۇرىسەن، خالىغان بەندەڭنى ھىدايەت قىلىسەن. سەن بىزنىڭ ئىگىمىزسەن، بىزگە مەغپىرەت قىلغىن، رەھىم قىلغىن، سەن مەغپىرەت قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىسەن.

156ـ بىزگە بۇ دۇنيادىمۇ، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، بىز ھەقىقەتەن ساڭا تەۋبە قىلدۇق». ئاللاھ ئېيتتى: «مەن ئازابىم بىلەن خالىغان كىشىنى ئازابلايمەن، مېنىڭ رەھمىتىم (بۇ دۇنيادا) مەخلۇقاتىنىڭ ھەممىسىگە ئومۇمىدۇر. رەھمىتىمنى (قىيامەت كۈنىدە گۇناھتىن) ساقلانغۇچىلارغا، زاكات بېرىدىغانلارغا ۋە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە ئىمان ئېيتىدىغانلارغا تېگىشلىك قىلىمەن».

### تەپسىرى

ئەللامە ئىبنى جەرىر تەبەري ئۆز تەپسىرىدە بايان قىلىدۇكى، ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيى قىلىپ، ئىسرائىل ئەۋلادىدىن يەتمىش ئادەمنى تاللاپ چىقىپ، ئۇلارنى موزايغا چوقۇنۇشتىن ئىبارەت گۇناھى سەۋەبلىك ئاللاھ تائالادىن مەغپىرەت تىلەش ئۈچۈن تۇر تېغىغا ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇيدۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالام يەتمىش كىشىنى تاللاپ چىقىپ، ئۇلارنى روزا تۇتۇشقا، گۇناھتىن پاكلىنىشقا، ئاندىن تۇرسىناغا بېرىشقا بۇيرۇيدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالام تاغقا يېقىنلاشقان چاغدا، ئۇنىڭ ئۈستىدە بىر چوڭ بۇلۇت كۆرۈندى. بۇلۇتنىڭ چوڭلۇقى تاغنىڭ ھەممە تەرىپىنى قورشىۋالغان ئىدى. ئاندىن مۇسا ئەلەيھىسسالام قەۋمىنى تاغقا يېقىنلىششقا بۇيرۇيدۇ. ئۇلار تاغقا يېقىنلىشىپ كېلىپ سەجدىگە باش قويىدۇ. ئۇلار شۇ ۋاقىتتا، ئاللاھ

تائالانىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىشقا ئاتلانغانلىقىنى ئاڭلايدۇ. بۇلۇت ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن كەتكەندىن كېيىن، ئۇلار ئاللاھ تائالانى كۆرۈشنى تەلەپ قىلىپ، ﴿يَٰمُوسَىٰ لَن نُّؤْمِنَ لَكَ حَتَّىٰ نَرَى ٱللَّهَ جَهْرَةً﴾ يەنى ﴿ئى مۇسا! ئاللاھنى ئوپئوچۇق كۆرمىگۈچە، بىز ساڭا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز﴾[1] دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن قاتتىق چاقماق چېقىپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆلىدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىپ، ئى رەببىم! مەن ئەمدى ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ يېنىغا بارغاندا نېمە دەيمەن؟ چۈنكى سەن ئۇلارنىڭ تاللانغان كىشىلىرىنى ھالاك قىلىۋەتتىڭ، دەيدۇ.

مۇسا ئەلەيھىسسالام شۇ چاغدا ئاللاھ تائالاغا مۇنداق مۇناجات قىلىدۇ: ﴿ئى رەببىم! خالىغان بولساڭ ئۇلارنى ۋە مېنى بۇرۇنلا ھالاك قىلغان بولاتتىڭ. ئارىمىزدىكى ئەخمەقلەرنىڭ قىلمىشى تۈپەيلىدىن بىزنى ھالاك قىلامسەن؟ بۇ پەقەتلا سېنىڭ سىنىقىڭدۇر. شۇ ئارقىلىق خالىغان بەندەڭنى ئازدۇرىسەن، خالىغان بەندەڭنى ھىدايەت قىلىسەن. سەن بىزنىڭ ئىگىمىزسەن، بىزگە مەغپىرەت قىلغىن، رەھىم قىلغىن، سەن مەغپىرەت قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىسەن﴾ يەنى ئى رەببىمىز! سەن ھەقىقەتەن چەكسىز رەھىم-شەپقەتلىك زاتسەن، سېنىڭ رەھمىتىڭ ۋە شەپقىتىڭ بارلىق مەخلۇقاتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، سېنىڭ رەھمىتىڭگە پۈتۈن مەۋجۇدات سىغىدۇ. ئى رەببىمىز! بىزگە بۇ دۇنيادا كەڭ رىزىق، تەن ساقلىقى، ياخشى ئەمەلگە مۇيەسسەر قىلىش، ئامانلىق، خاتىرجەملىك قاتارلىق ياخشىلىقلارنى ئاتا قىلغىن، ئاخىرەتتىمۇ بىزنى جەننەتكە مۇيەسسەر قىلغىن، ئېسىل مۇكاپاتلىرىڭدىن بىزنى مەھرۇم قىلمىغىن. شەكسىزكى، بىز گۇناھىمىزغا تەۋبە قىلىپ ھەقىقەتكە قايتتۇق. بىزنىڭ تەۋبىمىزنى قوبۇل قىلغىن. ھەقىقەتەن سەن گۇناھلىرىغا پۇشايمان قىلىپ تەۋبە قىلغۇچىلارنى ناھايىتى بەك ئەپۇ قىلغۇچىسەن.

ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇناجاتىغا شۇ مەنىدە جاۋاب بېرىدۇ: مېنىڭ رەھىم-شەپقىتىم غەزىپىمنى بېسىپ چۈشىدۇ. مېنىڭ ئازابىم يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ گۇناھ-مەئسىيەت سادىر قىلىش ئارقىلىق ئۆزىگە ۋە باشقىلارغا زۇلۇم قىلغانلارغا خاستۇر. ئەمما نېمىتىم ۋە پەزل -كەرەمىم كائىناتتىكى ھەر نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان، ھەممىگە ئورتاق بولۇپ، مەيلى مۇئمىن ياكى كاپىر ھەرقانداق ئىنسانغا كەڭدۇر. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى بۇ دۇنيادا نېمەتلەندۈرىمەن، رىزىقلاندۇرىمەن.

---

[1] بەقەرە سۈرىسى: 55-ئايەت.

ئەمما ئاخىرەتتە بولسا مۆئمىنلەرنى مۇكاپاتلاپ، كاپىرلارنى ئازابلايمەن. مەخسۇس رەھمىتىمنى مەندىن ھەقىقىي رەۋىشتە قورققان، گۇناھ-مەئسىيەتتىن يىراق تۇرۇپ تەقۋالىق دائىرىسىدە ئىش كۆرگەن، زاكاتنى تولۇق ئادا قىلغان، شۇنداقلا مېنىڭ ئايەتلىرىمنىڭ ھەممىسىگە چىن ئىمان ئېيتقان مۆئمىن بەندىلىرىمگە خاس قىلىمەن.

يەھۇدىيلار ئەزەلدىن دۇنيالىق ئۈچۈن ئاخىرەتلىكنى ساتىدىغان، ماددىنى ئۇلۇغلاپ مەنىۋىياتقا كۆڭۈل بۆلمەيدىغان قەۋم بولغانلىقتىن، ئۇلارغا باشقا پەرزلەرنى تەپسىلىي بايان قىلماستىن، زاكات پەرزىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ، ئۇلارنى زاكاتنى ئادا قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈلگەن.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالانىڭ كائىناتتا ئەزەلدىن بەلگىلىۋەتكەن قانۇنىيىتى زالىملارغا، ھەددىدىن ئاشقۇچىلارغا بىر مۇددەت مۆھلەت بېرىش، ئەگەر ئۇلار ئازغۇنلۇقىدىن يانمىسا ياكى تېخىمۇ ھەددىدىن ئاشسا، ئۇلارنى بىرلا ئازاب بىلەن قاتتىق جازالاشتۇر. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنى جازالىغىنىغا ئوخشاشتۇر.

2. كىشىلەرنىڭ ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىشىغا سەۋەب بولىدىغان ئامىللارنىڭ ئەڭ چوڭى مۇتەكەببىرلىكتۇر. چۈنكى، مۇتەكەببىرلەر ھەقىقەتنى قوبۇل قىلمايدۇ.

3. ئېتىقادى توغرا بولمىغانلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرى بىكاردۇر.

4. تەقلىدچىلىك بىلەن پىكىردىكى قاتماللىق ئەڭ ئېچىنىشلىق جاھالەتتۇر.

5. ئاللاھ تائالا قانداقلا بىر بەندىسىگە ياخشىلىقنى ئىرادە قىلسا، ئۇنى تەۋبىگە مۇيەسسەر قىلىدۇ. چۈنكى، گۇناھ قىلىپ قويۇپ، ئارقىدىنلا تەۋبە قىلغان بەندە ھېچ گۇناھ قىلمىغان كىشىگە ئوخشايدۇ.

## ◄ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنى ۋە ئۇنىڭغا ئىشەنگۈچىلەر

﴿ٱلَّذِينَ يَتَّبِعُونَ ٱلرَّسُولَ ٱلنَّبِيَّ ٱلْأُمِّيَّ ٱلَّذِى يَجِدُونَهُۥ مَكْتُوبًا
عِندَهُمْ فِى ٱلتَّوْرَىٰةِ وَٱلْإِنجِيلِ يَأْمُرُهُم بِٱلْمَعْرُوفِ وَيَنْهَىٰهُمْ عَنِ
ٱلْمُنكَرِ وَيُحِلُّ لَهُمُ ٱلطَّيِّبَٰتِ وَيُحَرِّمُ عَلَيْهِمُ ٱلْخَبَٰٓئِثَ وَيَضَعُ

عَنۡهُمۡ إِصۡرَهُمۡ وَٱلۡأَغۡلَٰلَ ٱلَّتِي كَانَتۡ عَلَيۡهِمۡۚ فَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ بِهِۦ
وَعَزَّرُوهُ وَنَصَرُوهُ وَٱتَّبَعُواْ ٱلنُّورَ ٱلَّذِيٓ أُنزِلَ مَعَهُۥٓ أُوْلَٰٓئِكَ هُمُ
ٱلۡمُفۡلِحُونَ ﴿١٥٧﴾ قُلۡ يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ إِنِّي رَسُولُ ٱللَّهِ إِلَيۡكُمۡ جَمِيعًا
ٱلَّذِي لَهُۥ مُلۡكُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِۖ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ يُحۡيِۦ وَيُمِيتُۖ
فَـَٔامِنُواْ بِٱللَّهِ وَرَسُولِهِ ٱلنَّبِيِّ ٱلۡأُمِّيِّ ٱلَّذِي يُؤۡمِنُ بِٱللَّهِ وَكَلِمَٰتِهِۦ
وَٱتَّبِعُوهُ لَعَلَّكُمۡ تَهۡتَدُونَ ﴿١٥٨﴾

## تەرجىمىسى

157ـئۇلار ئەلچىگەـئوقۇش ۋە يېزىشنى بىلمەيدىغان پەيغەمبەرگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) ئەگىشىدۇ، ئۇلار ئۆزلىرىدىكى تەۋرات، ئىنجىللاردا (ئۇنىڭ سۈپىتىنىڭ مۇنداق) يېزىلغانلىقىنى كۆرىدۇ: «ئۇ پەيغەمبەر ئۇلارنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ، ئۇلارغا پاك نەرسىلەرنى ھالال قىلىدۇ، ناپاك نەرسىلەرنى ھارام قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئېغىر يۈكىنى ۋە ئۇستىدىكى تاقاقلارنى (قىيىنچىلىقلار) ئېلىۋېتىدۇ. ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقان، ئۇنى ھۆرمەتلىگەن، ئۇنىڭغا ياردەم بەرگەن ۋە ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان نۇر (قۇرئان)غا ئەگەشكەن كىشىلەرگە كەلسەك، ئەنە شۇلار بەختكە ئېرىشكۈچىلەردۇر».

158ـ(ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «ئى ئىنسانلار! مەن ھەقىقەتەن ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ ئىگىسى بولغان ئاللاھنىڭ ھەممىڭلارغا ئەۋەتكەن ئەلچىسىمەن. ئۇنىڭدىن باشقا (ھەقىقىي) ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھ تىرىلدۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرىدۇ. شۇڭا ھىدايەت تېپىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈڭلار، (شۇنىڭدەك) ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئىمان كەلتۈرىدىغان ئەلچىسىگە ـ ساۋاتلىق بولمىغان پەيغەمبەرگە ئىمان كەلتۈرۈڭلار ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىڭلار».

## تەپسىرى

مېنىڭ كەڭ رەھمىتىمنى مەندىن ھەقىقىي رەۋىشتە قورقىدىغان، تەقۋالىق دائىرىسىدە ئىش كۆرىدىغان، زاكاتنى تولۇق ئادا قىلىدىغان، خۇشۇسەن مېنىڭ بارلىق ئايەتلىرىمگە ئىمان كەلتۈرىدىغان مەن ئەۋەتكەن ئەلچى ـ ساۋاتلىق بولمىغان پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا

ئەگەشىدىغان مۇئمىن كىشىلەرگە تېگىشلىك قىلىمەن.

«قۇرئان كەرىم» مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ۋە ئۇنىڭ دىنىنى تۆۋەن-دىكى سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىگەن:

1. ئوقۇش ۋە يېزىشنى بىلمەيدىغان پەيغەمبەر[1]. بۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى بولۇپ، بۇ سۈپەت مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ راستچىللىقىغا ۋە «قۇرئان كەرىم»دىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ مۆجىزىنى ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئېلىپ كېلىشتە، ئۇنىڭدىكى خەۋەرلەرنى، قىسسەلەرنى، شەرىئەت ئەھكاملىرىنى، مۇسۇلمانلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي، دىنىي ھاياتىنىڭ قانۇن، مىزان-لىرىنى بايان قىلىپ بېرىشتە راستچىل ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىدۇ. ئەرەبلەردىن ئىبارەت ساۋاتسىز، بىلىمسىز بىر قەۋمنىڭ ئىچىدىن چىققان، ئۆزى ساۋاتلىق بولمىغان، ئوقۇش ۋە يېزىشنى بىلمەيدىغان بىر پەيغەمبەر ناۋادا بۇلارنى ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئېلىپ كەلمىگەن بولسا، نەدىن تاپتى؟ نەدىن ئېلىپ كەلدى؟

2. سۈپەتلىرى ۋە ئۆزگىچىلىكلىرى «تەۋرات» بىلەن «ئىنجىللار»دا يېزىلغان پەيغەمبەر. چۈنكى، يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىيانلارنىڭ مۇقەددەس كىتابلىرى بولغان«تەۋرات» ۋە «ئىنجىللار»دا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرى، ئۆزگىچىلىكلىرى، ئۇنىڭ توغرىسىدا بېرىلگەن بېشارەتلەر، ئۇنىڭ كېلىش ۋاقتى خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆلىمالىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۆزىنىڭ ئوغۇللىرىنى تونۇغاندەك تونۇيتتى. شۇ سەۋەبتىن يەھۇدىي ئۆلىمالىرىدىن ئابدۇللاھ ئىبنى سالام، خرىستىيانلاردىن تەمىم ئەل دارىغا ئوخشىغان كىشىلەر مۇسۇلمان بولغان. رەھمەتۇللاھ ھىندىينىڭ «ھەقىقەتنى ئاشكارىلاش»[2] ناملىق ئەسىرىدە بۇ ماۋزۇ تەپسىلىي بايان قىلىنغان.

4.3. كىشىلەرنى ئۇلارنىڭ ئەقلى قوبۇل قىلىدىغان، تەبىئىتى ياقتۇرىدىغان، مەنپەئەتلىرىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان، ئۇلارنى ياخشىلىققا چاقىرىدىغان، ئۇلارنى ساغلام تەبىئەتلىك ئىنسانلار ياقتۇرمايدىغان، زىيانلىق بولغان ئىشلاردىن ۋە بارچە يامانلىقلاردىن توسىدىغان، شەرىئىتى ھەر زامان ۋە ھەر ماكانغا يارايدىغان پەيغەمبەر. پۈتۈن پەيغەمبەرلەر

[1] «ئوقۇش ۋە يېزىشنى بىلمەيدىغان» دېگەن مەنىدىكى «ئۇممىي» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرىدۇر. (تەپسىرى قۇرتۇبىي، 4- توم، 7298- بەت).

[2] كىتابنىڭ ئىسمى«إظهار الحق» بولۇپ، پېقىر بۇ كىتابنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغاندا، «ھەقىقەتنى ئاشكارىلاش» دەپ ئاتىغان.

كىشىلەرنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقلاردىن توسقان بولسىمۇ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتى ئالاھىدە پەرقلىق ئىدى. چۈنكى، ئىسلام شەرىئىتىدە خىرىستىيان دىنىدا بولغىنىدەك تەركىدۇنيالىققا تەرغىب قىلىدىغان، قەدىمقى يەھۇدىيلاردا بولغىنىدەك ئۆزىنىڭ گۇناھىنى يۇيۇش ئۈچۈن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇلىدىغان ئەھكاملار يوقتۇر.

5. ساغلام تەبىئەتلىك ئىنسانلار يېيىشنى ياقتۇرىدىغان، پاك نەر-سىلەرنى ھالال قىلىدىغان پەيغەمبەر.

6. ساغلام تەبىئەتلىك ئىنسانلار يىرگىنىدىغان ۋە تەن ساقلىقىغا زىيانلىق بولغان ناپاك نەرسىلەرنى ھارام قىلىدىغان پەيغەمبەر. مەسىلەن: چوشقا ئۆزىنىڭ تەرىتىنى يەيدىغان ھايۋان. ئىسلام دىنى بۇ ھايۋاننىڭ گۆشىنى ۋە ھەممە نەرسىسىنى ھارام قىلغان بولۇپ، ھەرقانداق ئەقىللىق ۋە ساپ تەبىئەتلىك ئادەم بۇ ھۆكۈمگە قايىل بولىدۇ.

7. ئۈممىتىنى ئېغىرچىلىقلارغا بۇيرۇمايدىغان، بۇرۇنقى پەيغەمبەر-لەرنىڭ ئۈممەتلىرىگە بۇيرۇلغان مۇشەققەتلىك ئىبادەتلەرنى ۋە تەۋبە قىلىش ئۈچۈن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇشقا ئوخشىغان قىيىنچىلىقلارنى يوق قىلىپ، دىنىي مەجبۇرىيەتلەرنى يېنىكلىتىدىغان پەيغەمبەر.

بۇ پەيغەمبەرگە ئىمان ئېيتقانلار ئۇنى چىن قەلب قاتلىرىدىن سۆيۈش، قەدىرلەش ۋە چەكسىز ھۆرمەتلەش بىلەن ئۇنىڭ دىنىغا ياردەم بېرىدۇ، ئۇنىڭغا كەلگەن نۇرلۇق دەستۇر «قۇرئان كەرىم»گە ۋە ئۇنىڭدىكى شەرىئەتكە ئەگىشىدۇ. شۇڭا ئۇلار كامالەت دەرىجىلىرىدە يۈكسەلگەن، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە مەقسىتىگە يېتىدىغان بەختلىك كىشىلەردۇر. بۇنىڭغا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىدىكى بۇ سۈپەتلەرگە ئىگە بولغان ياخشى كىشىلەرمۇ كىرىدۇ.

ئەللامە ئەبۇ سۇئۇد مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا ﴿وَٱتَّبَعُواْ ٱلنُّورَ ٱلَّذِىٓ أُنزِلَ مَعَهُۥٓ أُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلْمُفْلِحُونَ﴾ دېگەن ئايەتتە ‹قۇرئان كەرىم›نى «نۇر» دەپ ئاتىغان بولۇپ، بۇ ‹قۇرئان كەرىم»نىڭ ناھايىتى ئوچۇق ۋە روشەن بىر كىتاب ئىكەنلىكى، ھىدايەت تاپقۇچىلار ئۈچۈن روشەن ۋە داغدام يول ئىكەنلىكى ۋە ھەقىقەتلەرنى ئوپئوچۇق ئوتتۇرىغا چىقىرىدىغان بىر كىتاب ئىكەنلىكى يۈزىسىدىندۇر. بۇ ئايەتنى ‹ئۇلار قۇرئانغا ئەگىشىش بىلەن بىرگە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەگەشكەن، ئۇنىڭ يولىنى يول تۇتقان، ئۇنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداپ، توسقانلىرىدىن يانغان كىشىلەردۇر› دەپ چۈشىنىشكىمۇ بولىدۇ. ئايەتتىكى ﴿أُوْلَٰٓئِكَ﴾ دېگەن

سۆز يۇقىرىقى ئىسىل سۈپەتلەرگە ئىگە بولغان كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ. ﴿ٱلۡمُفۡلِحُونَ﴾ دېگەن سۆز ‹مۇرادىغا يەتكۈچىلەردۇر›، ‹ئازابتىن ۋە قىيىنچىلىقلاردىن قۇتۇلۇپ قالغۇچىلاردۇر› دېگەننى ئىپادىلەيدۇ»[1].

ئى پەيغەمبەر! بارلىق ئىنسانىيەتكە، ھەممە مىللەتكە ۋە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى كىشىلەرگە سېنىڭ راستتىنلا ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىڭنى ئوچۇق جاكارلىغىن. ﴿وَأُوحِيَ إِلَيَّ هَٰذَا ٱلۡقُرۡءَانُ لِأُنذِرَكُم بِهِۦ وَمَنۢ بَلَغَۚ﴾ يەنى ﴿بۇ قۇرئان ماڭا سىلەرنى ۋە قۇرئان يەتكەن كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇشۇم ئۈچۈن ۋەھيى قىلىندى﴾[2] دېگىن. ﴿وَمَآ أَرۡسَلۡنَٰكَ إِلَّا رَحۡمَةً لِّلۡعَٰلَمِينَ﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر!) سېنى بىز ئالەملەر ئۈچۈن پەقەت رەھمەت قىلىپلا ئەۋەتتۇق﴾[3] ئىمام بۇخارىي ۋە ئىمام مۇسلىمنىڭ ھەدىس توپلاملىرىدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ۋە ئۆزگىچىلىكلىرى كۆپ بايان قىلىنغان بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «وَكَانَ النَّبِيُّ يُبْعَثُ إِلَى قَوْمِهِ خَاصَّةً وَبُعِثْتُ إِلَى النَّاسِ عَامَّةً» يەنى «بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەر ئۆزلىرىنىڭ قەۋمىگىلا پەيغەمبەر بولۇپ كېلەتتى. ئەمما مەن پۈتۈن ئىنسانىيەتكە پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلدىم»[4] دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان.

مەن ئالەملەرنىڭ ياراتقۇچىسى، ئۇلارنى پەرۋىش قىلىپ ۋە ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى، ھەممىگە قادىر ۋە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرمەن. ئاللاھ تائالادىن باشقا ئىبادەت قىلىشقا لايىق بولغان ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر، دۇنيادىكى ساختا ئىلاھلار كىشىلەر تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان خۇراپاتلاردۇر. ئاللاھ تائالا مەخلۇقاتنى تىرىلدۈرەلەيدىغان، ئۆلتۈرەلەيدىغان، كائىناتنىڭ بارلىق ئىشلىرى ئىلكىدە بولغان ئۇلۇغ زاتتۇر.

ئاللاھ تائالا ئۆزىنى كائىناتنىڭ يېگانە باشقۇرغۇچىسى، ھەقىقىي ئىلاھ ۋە ھاياتلىق بەخش ئەتكۈچى، دەپ ئۈچ سۈپەت بىلەن سۈپەتلىگەن.

ئىنسانلارغا پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىپ ئۇلارغا ئۆزىنىڭ ئەمر- پەرمانلىرىنى چۈشۈرۈش، پەيغەمبەرلەرنى قوغداش پەقەت مۇشۇنداق قۇدرەتلىك ۋە

[1] «تفسير أبي السعود» 3ـ توم، 280ـ بەت.
[2] ئەنئام سۈرىسى: 19ـ ئايەت.
[3] ئەنبىيا سۈرىسى: 107ـ ئايەت.
[4] «صحيح البخاري» 1ـ توم، 74ـ بەت، 335 ـ ھەدىس.

مۇتلەق ھاكىمىيەتكە ئىگە بولغان ئاللاھ تائالانىڭلا قولىدىن كېلىدىغان ئىشتۇر. ئى ئىنسانلار! بۇ ھەقىقەتنى چۈشەنگەن بولساڭلار، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىڭلار، ئۇنىڭ يېگانە ئىلاھ ۋە ھەقىقىي مەبۇد ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىڭلار. شۇنىڭدەك، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتىڭلار. ئۇ پەيغەمبەر سىلەرگە ساماۋى كىتاب «قۇرئان كەرىم»نى ۋە توغرا ئىش، توغرا سۆزدىن ئىبارەت ھېكمەتنى ئۆگىتىدۇ، سىلەرنى توغرا يولغا باشلايدۇ، سىلەرگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ياخشىلىقلارنىڭ يوللىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، سىلەرنى بارلىق خۇراپاتنىڭ، بۇددىستلىقنىڭ، گۇناھ-مەئسىيەتلەرنىڭ كىرلىرىدىن تازىلايدۇ. ئۇنىڭ دىنى كەڭچىللىكنى تەرغىب قىلىدىغان، ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتلىرىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ۋە ھەر زامانغا، ھەر ماكانغا مۇناسىپ كېلىدىغان ئۇلۇغۋار دىندۇر.

ئۇ ئاللاھ تائالاغا چىن ئىمان كەلتۈرگەن، پۈتۈن پەيغەمبەرلەرگە كەلگەن ئىلاھىي ۋەھيىلەرنى ئېتىراپ قىلىدىغان ئۇلۇغ پەيغەمبەردۇر. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، سىلەر ئۇنىڭ يولىغا ئەگىشىڭلار، ئۇنى دىن ۋە دۇنيالىق ئىشلىرىڭلاردا ئۆزۈڭلارغا يېتەكچى ۋە ئۈلگە قىلىڭلار.

ئى مۇسۇلمانلار! يۇقىرىقىلار «قۇرئان كەرىم»نىڭ نەسىھەتلىرىدۇر. ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىڭلار، پەيغەمبىرىڭلارغا ھەقىقىي رەۋىشتە ئە-گىشىڭلار. چۈنكى، ياخشىلىق ۋە نىجاتلىق پەقەت پەيغەمبىرىڭلار دەۋەت قىلغان ئىسلام دىنىدىدۇر.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پۈتۈن ئىنسا-نىيەتكە ئەۋەتىلگەن ئومۇمىي پەيغەمبەردۇر.

2. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاخىر زامان پەيغەمبىرى ۋە پەيغەمبەر-لەرنىڭ تۈگەنچىسى ئىكەنلىكى ھەققىدە كەلگەن بېشارەتلەر يەھۇدىيلارنىڭ ۋە خىرىستىيانلارنىڭ مۇقەددەس كىتابلىرىدا ئورۇن ئالغان.

3. يەھۇدىيلاردىن ئۆز ۋاقتىدا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىپ ھىدايەت تاپقان ياخشى كىشىلەر بولغىنىدەك، توغرا يولدىن ئازغان، ھەقىقەتنى ئېتىراپ قىلىشتىن باش تارتقان ئازغۇنلارمۇ بار ئىدى. ھەتتا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كەلگەندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ قولىدىكى «تەۋرات»تىن ئۇنىڭ سۈپەتلىرىنى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكى ھەققىدىكى بېشارەتلەرنى ئوقۇپ، ئىسلام دىنىغا كىرگەن يەھۇدىي ئۆلىمالىرى ۋە خىرىستىيان

كاتتىلىرىمۇ كۆپ ئىدى.

**4.** ئىنسانلارنىڭ دىن ۋە دۇنيالىق ھەممە ئىشتا توغرا يول تېپىشى پەيغەمبەرگە ئەگىشىش بىلەنلا ئەمەلگە ئاشىدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەرلەر توغرا يولنىڭ مەشئەللىرىدۇر.

## ◄ ئاللاھ تائالانىڭ ئىسرائىل ئەۋلادىغا ئاتا قىلغان بەزى نېمەتلىرى

﴿وَمِن قَوۡمِ مُوسَىٰٓ أُمَّةٞ يَهۡدُونَ بِٱلۡحَقِّ وَبِهِۦ يَعۡدِلُونَ ١٥٩ وَقَطَّعۡنَٰهُمُ
ٱثۡنَتَيۡ عَشۡرَةَ أَسۡبَاطًا أُمَمٗاۚ وَأَوۡحَيۡنَآ إِلَىٰ مُوسَىٰٓ إِذِ ٱسۡتَسۡقَىٰهُ قَوۡمُهُۥٓ
أَنِ ٱضۡرِب بِّعَصَاكَ ٱلۡحَجَرَۖ فَٱنۢبَجَسَتۡ مِنۡهُ ٱثۡنَتَا عَشۡرَةَ عَيۡنٗاۖ قَدۡ
عَلِمَ كُلُّ أُنَاسٖ مَّشۡرَبَهُمۡۚ وَظَلَّلۡنَا عَلَيۡهِمُ ٱلۡغَمَٰمَ وَأَنزَلۡنَا عَلَيۡهِمُ
ٱلۡمَنَّ وَٱلسَّلۡوَىٰۖ كُلُواْ مِن طَيِّبَٰتِ مَا رَزَقۡنَٰكُمۡۚ وَمَا ظَلَمُونَا
وَلَٰكِن كَانُوٓاْ أَنفُسَهُمۡ يَظۡلِمُونَ ١٦٠ وَإِذۡ قِيلَ لَهُمُ ٱسۡكُنُواْ هَٰذِهِ
ٱلۡقَرۡيَةَ وَكُلُواْ مِنۡهَا حَيۡثُ شِئۡتُمۡ وَقُولُواْ حِطَّةٞ وَٱدۡخُلُواْ ٱلۡبَابَ
سُجَّدٗا نَّغۡفِرۡ لَكُمۡ خَطِيٓـَٰٔتِكُمۡۚ سَنَزِيدُ ٱلۡمُحۡسِنِينَ ١٦١ فَبَدَّلَ
ٱلَّذِينَ ظَلَمُواْ مِنۡهُمۡ قَوۡلًا غَيۡرَ ٱلَّذِي قِيلَ لَهُمۡ فَأَرۡسَلۡنَا عَلَيۡهِمۡ
رِجۡزٗا مِّنَ ٱلسَّمَآءِ بِمَا كَانُواْ يَظۡلِمُونَ ١٦٢﴾

### ◄ تەرجىمىسى

159ـ مۇسانىڭ قەۋمى ئىچىدە (كىشىلەرنى) ھەق بىلەن توغرا يولغا باشلايدىغان ۋە ھەق بىلەن ئادالەتلىك ھۆكۈم قىلىدىغان بىر جامائە بار.

160ـ بىز ئۇلارنى (يەنى ئىسرائىل ئەۋلادىنى) ئون ئىككى قەبىلىلىك ئۈممەت قىلىپ بۆلۈۋەتتۇق. مۇسانىڭ قەۋمى (باياۋاندا) ئۇنىڭدىن سۇ تەلەپ قىلغاندا، مۇساغا: «ھاساڭ بىلەن تاشنى ئۇرغىن» دەپ ۋەھيى قىلدۇق. (مۇسا ھاسىسى بىلەن تاشنى ئۇرۇۋىدى) ئۇنىڭدىن ئون ئىككى بۇلاق ئېتىلىپ چىقتى، ھەر قەبىلە ئۆزىنىڭ سۇ ئىچىدىغان ئورنىنى بىلدى. ئۇلارغا بۇلۇتنى سايىۋەن قىلىپ بەردۇق، ئۇلارغا تەرەنجىۋىل بىلەن بۆدۈنەنى چۈشۈرۈپ بەردۇق. (ئۇلارغا ئېيتتۇقكى): «سىلەر بىز رىزىقلاندۇرغان لەززەتلىك نەرسىلەردىن

يەتتىلار». ئۇلار (بۇ نېمەتكە تۇزكورلۇق قىلىپ) بىزگە زىيان يەتكۈزەلمىدى، لېكىن ئۆزلىرىگە ئۆزى زۇلۇم قىلدى.

161-بىر زامانلاردا ئۇلارغا: «سىلەر بۇ شەھەر (بەيتۇلمۇقەددەس) دە تۇرۇڭلار، ئۇ يەردىكى يېمەكلىكلەردىن خالىغىنىڭلارچە يەڭلار، شەھەر دەرۋازىسىدىن (ھۆرمەت بىلدۈرۈپ) ئېگىلگەن ھالدا كىرىڭلار، (كىرىۋاتقان چېغىڭلاردا) ‹ئى ئاللاھ! گۇناھلىرىمىزنى كەچۈرگىن› دەڭلار. (شۇنداق قىلساڭلار) بىز بارلىق گۇناھلىرىڭلارنى مەغپىرەت قىلىمىز، (تائەت-ئىبادەتنى) مۇكەممەل قىلغۇچىلارغا مۇكاپاتنى ئاشۇرۇپ بېرىمىز» دېيىلگەن ئىدى.

162-ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى زالىملار ئۇلارغا ئېيتىلغان سۆزنى باشقا سۆزگە ئۆزگەرتىۋەتتى. شۇڭا بىز قىلغان زۇلۇملىرى سەۋەبىدىن، ئۇلارغا ئاسماندىن ئازاب ئەۋەتتۇق.

## ◄ تەپسىرى

﴿مۇسانىڭ قەۋمى ئىچىدە (كىشىلەرنى) ھەق بىلەن توغرا يولغا باشلايدىغان ۋە ھەق بىلەن ئادالەتلىك ھۆكۈم قىلىدىغان بىر جامائە بار﴾ مانا بۇ بىزنى ھەر ئىشتا ئادالەتلىك بولۇشقا بۇيرۇغان جانابى ئاللاھ تائالانىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىگە بەرگەن گۇۋاھلىقىدۇر. يەنى ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ئىچىدىمۇ ھىدايەتنى قوبۇل قىلغان، كىشىلەرنى ياخشىلىققا باشلايدىغان، توغرا يولغا يېتەكلەيدىغان، كىشىلەر ئارىسىدا ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى بويىچە ئادالەتلىك ھۆكۈم قىلىدىغان بىر توپ كىشىلەرنىڭ بارلىقىغا گۇۋاھلىق بېرىۋاتىدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىگە بېرىلگەن نېمەتلەرگە كۆپلىرىنىڭ تۇزكورلۇق قىلغانلىقىنى بايان قىلغاندىن كېيىن ئېيتىدۇكى، بىز مۇسانىڭ قەۋمى بولغان ئىسرائىل ئەۋلادىنى ئون ئىككى قەبىلىلىك ئۇممەت قىلىپ بۆلۈۋەتتۇق. ھەربىر قەبىلىنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيىتى، ئۆزىگە خاس قائىدە-تۈزۈمى بولۇپ، ھەربىر قەبىلە بىر جامائە ھېسابلىناتتى. ئۇلار سىنا چۆلىدە ئېزىقىپ كەتكەندىن كېيىن قاتتىق ئۇسساپ كېتىپ، مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن سۇ تەلەپ قىلغاندا، بىز مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ھاساڭنى تاشقا ئۇرغىن، دەپ ۋەھيى قىلغان ئىدۇق. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاسىسىنى تاشقا ئۇرۇشى بىلەن سۇيى ياخشى ئون ئىككى بۇلاق ئېتىلىپ چىققان ئىدى. ھەربىر قەبىلىنىڭ ئۆزىگە مەخسۇس بۇلىقى بولۇپ، ئۇ بۇلاقتىن ئۇلارنىڭ سانىغا يېتەرلىك سۇ

چىقاتتى، ھەر قەبىلە ئۆزىنىڭ بۇلىقىنى بىلەتتى. ئۇلارنى قاقاس چۆلدە قاتتىق ئىسسىق باسقاندا، ئۇلارغا شەپقەتسىز كېلىپ، ئۆز رەھمىتىمىزدىن بۇلۇتلارنى سايىۋەن قىلىپ بەردۇق، ئۇلارغا ئاسماندىن جاپا-مۇشەققەتسىز كېلىدىغان ۋە ئاچلىقنى بېسىقتۇرىدىغان تەرەنجىۋىل ھالۋىسى بىلەن بۆدۆنە كاۋىپىدىن ئىبارەت لەززەتلىك تائاملارنى چۈشۈرۈپ بەردۇق. ئاندىن ئۇلارغا بىز سىلەرگە بەرگەن پاك تاماقتىن كەڭتاشا يەڭلار، دېيىلدى. لېكىن ئۇلار ھەددىدىن ئاشتى، ناشۈكۈرلۈك قىلدى. ئۇلار بۇ تۈزكورلۇق قىلمىشى بىلەن بىزگە قىلچە زىيان يەتكۈزەلمىدى، بەلكى ئۇلار ئۆزىگە ئۆزى زىيان سالدى. چۈنكى، نېمەتكە شۈكۈر قىلغان ئادەم بۇ شۈكۈرنىڭ پايدىسىنى ئۆزى كۆرىدۇ، نېمەتكە تۈزكورلۇق قىلغان ئادەممۇ بۇ تۈزكورلۇقنىڭ زىيىنىنى ئۆزى تارتىدۇ.

ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم سېلىۋاتقانلىقىنى بىلمىگەن كىشىنىڭ باشقىلارغا زۇلۇم قىلىشى تېخىمۇ ئېغىر بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ ھەدىس قۇدسىيدا مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلغان: «يَا عِبَادِى إِنِّي حَرَّمْتُ الظُّلْمَ عَلَى نَفْسِي ، وَجَعَلْتُهُ بَيْنَكُمْ مُحَرَّمًا ، فَلَا تَظَالَمُوا» يەنى «ئى بەندىلىرىم! مەن زۇلۇم قىلىشنى ئۆزۈمگە ھارام قىلدىم. شۇڭا سىلەرنىڭمۇ بىر-بىرىڭلارغا زۇلۇم قىلىشىڭلارنى ھارام قىلدىم، بىر-بىرىڭلارغا زۇلۇم قىلماڭلار»[1].

يۇقىرىقى ئىككى ئايەتنىڭ ئوخشىشى بەقەرە سۈرىسىنىڭ 58-59-ئايەتلىرىدىمۇ ئۆتكەن. ھەر ئىككى ئايەتنىڭ تېمىسى بىر، ئەمما ئىپادىلىنىش ئۇسۇلى باشقا. بۇ «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئەقىلنى لال قىلىدىغان ئۇستۇن بەدىئىيلىكىنىڭ بىر ئىپادىسىدۇر. چۈنكى، بىر مەنىنى بىر نەچچە يەردە بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئۇسۇللار بىلەن بايان قىلىش بەدىئىيلىكنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىدۇر.

بەقەرە سۈرىسىدىكى ئايەتتە ﴿ٱدۡخُلُواْ هَٰذِهِ ٱلۡقَرۡيَةَ﴾ يەنى ﴿بۇ شەھەر (بەيتۇلمۇقەددەس) گە كىرىڭلار﴾[2] دېيىلگەن بولسا، بۇ يەردە ﴿ٱسۡكُنُواْ هَٰذِهِ ٱلۡقَرۡيَةَ﴾ يەنى ﴿سىلەر بۇ شەھەر (بەيتۇلمۇقەددەس)دە تۇرۇڭلار﴾ دېيىلگەن. «تۇرۇش» دېگەن سۆز «كىرىش» دېگەن سۆزدىن خاسراق، چۈنكى بىر يەردە تۇرغان كىشى ئۇ يەرگە كىرگەن بولىدۇ. چۈنكى، بىر يەرگە كىرمەي تۇرۇپ ئۇ يەردە تۇرغىلى بولمايدۇ. ئەمما كىرىش ئومۇمىي

---

[1] «صحيح مسلم» 4-توم، 1994- بەت، 2577-ھەدىس.

[2] بەقەرە سۈرىسى: 58- ئايەت.

مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى، بىر يەرگە كىرىپ تۇرمايلا چىقىپ كېتىش مۇمكىن. بىر يەرگە تۇرۇش ئۇچۇن كىرگەن كىشى، ئۇ يەردە تۇرغان ئىكەن، چوقۇم بىر نەرسە يەيدۇ. ئۆزى كىرمەكچى بولغان يەرگە كىرىپ بولغاندىن كېيىنلا يېگەن تائامنىڭ لەززىتى باشقىچە بولىدۇ. شۇڭا بەقەرە سۈرىسىدىكى ئايەتتە ﴿فَكُلُوا۟ مِنْهَا حَيْثُ شِئْتُمْ رَغَدًا﴾ يەنى ﴿ئۇ يەردە خالىغىنىڭلارچە كەڭتاشا يەڭلار﴾[1] دېيىلگەن.

﴿(شۇنداق قىلساڭلار) بىز بارلىق گۇناھلىرىڭلارنى مەغپىرەت قىلىمىز، (تائەت-ئىبادەتنى) قېتىرقىنىپ قىلغۇچىلارغا مۇكاپاتنى ئاشۇرۇپ بېرىمىز﴾ دېگەن ئايەتتىن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىگە ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرۈم قىلىش ۋە ئەمەل-ئىبادەتنى قېتىرقىنىپ، مۇكەممەل قىلغۇچىلارنىڭ مۇكاپاتىنى زىيادە قىلىپ بېرىشتىن ئىبارەت ئىككى نەرسە ۋەدە قىلىنغانلىقىنى كۆرىمىز.

ئايەتتىكى ﴿ئۇلارغا ئاسماندىن ئازاب ئەۋەتتۇق﴾ دېگەن سۆز ئۇلارغا بېرىلگەن جازانىڭ قاتتىقلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇلارغا مۇنداق قاتتىق جازا بېرىلىشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇلار باشقىلارنىڭ پۇل-مېلىنى يولسىزلىق قىلىپ يېۋېلىش، ئۇلارغا دۈشمەنلىك قىلىش ئارقىلىق ھەم ئۆزىگە ھەمدە باشقىلارغا زۇلۇم قىلاتتى. يەنە ئۇلار دىنىنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە خىلاپلىق قىلىپ، ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلاتتى.

مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئۆزلىرىگە دېيىلگەن سۆزلەرنى باشقا سۆزلەرگە ئالماشتۇرۇۋەتكەن ئىدى. ئەللامە تەبەرىي ﴿فَبَدَّلَ ٱلَّذِينَ ظَلَمُوا۟ مِنْهُمْ قَوْلًا غَيْرَ ٱلَّذِى قِيلَ لَهُمْ﴾ دېگەن ئايەتنى «قىلماسلىقتا بۇيرۇلغان ئىشلارنى قىلىپ ئۆزىگە زۇلۇم سالغۇچىلار ئاللاھ تائالا ئېيتىشقا بۇيرۇغان سۆزلەرنى ئېيتماي، ئۇنىڭ ئەكسىنى سۆزلىدى» دەپ تەپسىر قىلغان. سۈددىينىڭ بايان قىلىشىچە، ئىسرائىل ئەۋلادى بەيتۇلمۇقەددەسنىڭ دەرۋازىسىدىن سەجدە قىلغان ھالدا كىرىشكە بۇيرۇلغان تۇرۇقلۇق، ئۇلار بۇيرۇقنىڭ ئەكسىچە ئىش كۆرۈپ، شەھەرگە غادايغان ھالدا كىرگەن.

ئى مۇسۇلمانلار! بۇ قىسسىدىن ئالىدىغان ئىبرەت شۇكى، ئاللاھ تائالانىڭ مەخلۇقاتلارغا مۇئامىلە قىلىدىغان ئۆزگەرمەس قانۇنى بار. ئۇ بولسىمۇ، قانداقلا بىر ئۈممەت ئۆز دىنىدىن يىراقلىشىپ كېتىش، ئۆزىنىڭ دىنىي دەستۇرىغا ئەمەل قىلماسلىق ۋە ئۆزىنىڭ نەپسى خاھىشىغا

[1] بەقەرە سۈرىسى: 58- ئايەت.

بىرىلىپ كېتىش ئارقىلىق ئۆزىگە ۋە باشقىلارغا ئۇۋال قىلسا، ئۇنداق ئۇممەتنىڭ ئاقىۋىتى ئاللاھ تائالانىڭ قاتتىق ئازابىغا دۇچار بولۇشتىن ئىبارەتتۇر. ئۇلارغا ئاسماندىن چۈشىدىغان ئازاب زامان، ماكان ۋە سادىر قىلىنغان جىنايەتلەرگە قاراپ ھەر تۈرلۈك بولىدۇ.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتى پۈتۈن ئىنسانىيەتكە قارىتىلغان ئومۇمىي دەۋەت بولۇپ، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكمۇ پۈتۈن ئىنسانىيەتكە قارىتىلغان.

2. ئىنسانىيەتنىڭ بەخت-سائادىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىغا ئەگىشىش بىلەن بولىدۇ.

3. «قۇرئان كەرىم» ھەقىقەتنىڭ مەشئىلى ۋە ئادالەتنىڭ مەنبەسى بولۇپ، بۇ كىتاب ئىسلام دۈشمەنلىرى بولغان يەھۇدىيلار ئىچىدىكى ياخشىلارنىڭ بارلىقىدىن خەۋەر بەرگەن.

4. ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان نېمەتلەرگە شۈكۈر قىلمىغانلاردىن بۇ نېمەتلەر تارتىپ ئېلىنىدۇ. بۇ خۇددى ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ بېشىغا كەلگەن مۇسىبەتلەرگە ئوخشاش.

5. دىن نامىدىن يالغان ئېيتىشنىڭ گۇناھى تولىمۇ ئېغىر بولۇپ، ئاللاھ تائالا مۇنداقلارنى رەسۋا قىلماي قالمايدۇ.

## ◄ ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلغۇچىلارنىڭ ئاقىۋىتى

﴿وَسۡـَٔلۡهُمۡ عَنِ ٱلۡقَرۡيَةِ ٱلَّتِي كَانَتۡ حَاضِرَةَ ٱلۡبَحۡرِ إِذۡ يَعۡدُونَ فِي ٱلسَّبۡتِ إِذۡ تَأۡتِيهِمۡ حِيتَانُهُمۡ يَوۡمَ سَبۡتِهِمۡ شُرَّعٗا وَيَوۡمَ لَا يَسۡبِتُونَ لَا تَأۡتِيهِمۡۚ كَذَٰلِكَ نَبۡلُوهُم بِمَا كَانُواْ يَفۡسُقُونَ ١٦٣ وَإِذۡ قَالَتۡ أُمَّةٞ مِّنۡهُمۡ لِمَ تَعِظُونَ قَوۡمًا ٱللَّهُ مُهۡلِكُهُمۡ أَوۡ مُعَذِّبُهُمۡ عَذَابٗا شَدِيدٗاۖ قَالُواْ مَعۡذِرَةً إِلَىٰ رَبِّكُمۡ وَلَعَلَّهُمۡ يَتَّقُونَ ١٦٤ فَلَمَّا نَسُواْ مَا ذُكِّرُواْ بِهِۦٓ أَنجَيۡنَا ٱلَّذِينَ يَنۡهَوۡنَ عَنِ ٱلسُّوٓءِ وَأَخَذۡنَا ٱلَّذِينَ ظَلَمُواْ بِعَذَابِۭ بَـِٔيسِۭ بِمَا كَانُواْ يَفۡسُقُونَ ١٦٥ فَلَمَّا عَتَوۡاْ عَن مَّا نُهُواْ عَنۡهُ قُلۡنَا

لَهُمْ كُونُواْ قِرَدَةً خَٰسِـِٔينَ ﴿١٦٦﴾

## ◄ تەرجىمىسى

163ـ(ئى پەيغەمبەر!) ئۇلار (يەنى يەھۇدىيلار)دىن دېڭىز بويىدىكى شەھەر (ئاھالىسى) نىڭ ئەھۋالىنى سورىغىن. ئۇلار شەنبە كۈنلۈكتە (بېلىق تۇتۇش ئارقىلىق ئاللاھنىڭ چەكلىمىسىدىن چىقىپ) ھەددىدىن ئاشاتتى. چۈنكى، شەنبە كۈنى بېلىقلار سۇ ئۈستىدىن ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلەتتى، شەنبىدىن باشقا كۈنلەردە ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلمەيتتى. ئاللاھنىڭ ئەتائەتتىدىن چىقـقانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى مۇشۇنداق سىنايمىز.

164ـئۆز ۋاقتىدا ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر جامائە كىشىلەر (ۋەز-نەسىھەت قىلغۇچىلارغا): «ئاللاھ ھالاك قىلىدىغان ياكى قاتتىق ئازابلايدىغان قەۋمگە نېمە ئۈچۈن ۋەز-نەسىھەت قىلىسىلەر؟» دېگەن ئىدى. ئۇ ۋەز-نەسىھەت قىلغۇـچىلار: «رەببىڭلارنىڭ ئالدىدا (ۋەزىپىمىزنى ئادا قىلدۇق، دەپ) ئۆزرە ئېيتىـشىمىز ۋە نەسىھەت ئاڭلىغۇچىلارنىڭ (گۇناھتىن) ساقلىنىشى ئۈچۈن (شۇنداق قىلىمىز)» دېدى.

165ـئۇلار ئۆزىگە قىلىنغان ۋەز-نەسىھەتنى قوبۇل قىلمىغان چاغدا، يامان ئىشتىن توسقۇچىلارنى قۇتقۇزدۇق، ئاللاھنىڭ ئەتائەتتىدىن چىققانلىقى ئۈچۈن زالىملارنى شىددەتلىك ئازاب بىلەن جازالىدۇق.

166ـئۇلار چەكلەنگەن ئىشلارنى تاشلاشتىن باش تارتقان چاغدا، ئۇلارغا: «خارلانغان ھالدا مايمۇن بولۇپ كېتىڭلار» دېدۇق.

## ◄ تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! ئۇلاردىن بىر بۆلۈكى شەنبە كۈنلۈكتە ھەددىدىن ئاشقان، يەنە بىر بۆلۈكى كىشىلەرگە ۋەز-نەسىھەت قىلماقچى بولغانلارنى توسقان، يەنە بىر بۆلۈكى ئۆزىگە خاس يول تۇتقان مۇنداق بىر شەھەر ئاھالىسىنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ باققىن. بۇزغۇنچىلىق يامراپ كەتكەن ھەرقانداق مىللەتنىڭ ئەھۋالى ئەنە شۇنداق بولىدۇ.

بۇ قىسسىلەر ئىلگىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ، ئۇنىڭ ساھا-بىلىرىمۇ بىلمەيدىغان، ئاڭلاپ باقمىغان قىسسىلەردىن بولۇپ، ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ ۋەھيىسى ئارقىلىقلا بىلگەن. ئايەتتىكى ﴿سورىغىن﴾ دېگەن سۆز ئۇلارنىڭ «قۇرئان كەرىم»دە

بايان قىلىنغان قىسسىسىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى، بۇنىڭغا ئۇلارنىڭ ئۆزىمۇ ئىقرار ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئېيتىلغان سۆزدۇر. يەنى ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! سىلەر مۇشۇنداق ئىتائەتسىزلىكنى سادىر قىلغان ئەمەسمىدىڭلار؟ دەپ، ئۇلارغا كايىش ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام-نىڭ زامانىدىكى يەھۇدىيلارنىڭ قىلمىشلىرىنىڭ يېڭى قىلمىش بولماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىدىن تارتىپ داۋاملىشىپ كەلگەن رەزىل قىلمىش ئىكەنلىكىنى بايان قىلىشتۇر.

يەھۇدىيلار شەنبە كۈنلۈكنى ئۇلۇغلىغانلىقتىن، ئۇ كۈننى ئىبادەتكە خاس قىلىۋالغان بولۇپ، ئۇلار ئۇ كۈندە تىرىكچىلىك قىلمايتتى. ئاللاھ تائالا شەنبە كۈنلۈكتە بېلىق تۇتۇشنى ئۇلارغا مەنئى قىلغان ئىدى. ئەمما باشقا كۈنلەردە بېلىق تۇتۇشقا بولاتتى. شەنبە كۈنلىرى بېلىقلار سۇنىڭ يۈزىگە چىقاتتى. شۇڭا ئۇ كۈندە جاپا تارتمايلا بېلىق تۇتقىلى بولاتتى. باشقا كۈنلەردە بېلىقلار قېچىپ كېتىپ تۇتۇش قىيىن ئىدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن يەھۇدىيلار ئاللاھ تائالانىڭ شەنبە كۈنلۈكتە بېلىق تۇتماڭلار، دېگەن ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىپ، شەنبە كۈنلۈكتە بېلىق تۇتىدىغان بولۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا ئۇلارنى جازالاپ مايمۇنغا ئايلاندۇرۇۋەتكەن ئىدى. بۇ ئايەتتە ئەنە شۇ ۋەقەگە ئىشارەت قىلىپ، ﴿(ئى پەيغەمبەر!) ئۇلار (يەھۇدىيلار)دىن دېڭىز بويىدىكى شەھەر (ئاھا-لىسى) نىڭ ئەھۋالىنى سورىغىن﴾ يەنى يەھۇدىيلارنىڭ شەنبە كۈنلۈكتە بېلىق تۇتۇش ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ چەكلىمىسىدىن قانداق چەتنىگەن ۋە نۇرغۇن ئىشلاردا ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلغان چېغىدىكى ئەھۋالىنى سورىغىن، دېگەن. ئى پەيغەمبەر! بىز مۇشۇنداق چەكلىمىلەر ئارقىلىق بۇرۇنقىلارنى ۋە ھازىرقى ساڭا زاماندىش بولۇپ تۇرۇۋاتقانلارنى سىنايمىز، بىز ئاخىرەتتە ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە قىلغان-ئەتكەنلىرىگە تېگىشلىك مۇكاپات ياكى جازا بېرىش ئۈچۈن، ئۇلارغا شۇنداق مۇئامىلە قىلىمىز. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتقانلىقى ۋە ھەددىدىن ئاشقانلىقى ئۈچۈندۇر.

ئۇلاردا گۇناھ-مەئسىيەت ئوچۇق-ئاشكارا قىلىنىدىغان بولۇپ قالغاندا، ئۇلاردىن بەزىسى گۇناھ-مەئسىيەت سادىر قىلغانلارنىڭ قىلمىشىنى ئەيىبلىگەن ئىدى. ئۆز ۋاقتىدا ئۇلاردىن بەزىلەر قىلمىشكارلارنىڭ قىلمىشىنى ئەيىبلىگەن ۋە ئۇلارغا نەسىھەت قىلغانلارغا: ﴿ئاللاھ ھالاك قىلىدىغان ياكى قاتتىق ئازابلايدىغان قەۋمگە نېمە ئۈچۈن ۋەز-نەسىھەت قىلىسىلەر؟﴾ يەنى بۇنداق ئىنسانلارغا نەسىھەت قىلىپ نېمە قىلىسىلەر؟

ئاللاھ تائالا ئۇلارنى بۇ دۇنيادا ھالاك قىلىپ يوقىتىشقا، ئاخىرەتتە قاتتىق ئازاب بىلەن جازالاشقا ھۆكۈم قىلىپ بولغان تۇرسا، ئۇلارغا قىلىنغان ۋەز-نەسىھەتنىڭ نېمىگە پايدىسى بار؟ دېگەن ئىدى.

نەسىھەت قىلغۇچىلار ئۆزلىرىگە مالامەت قىلغۇچىلارنىڭ سۆزىگە جاۋاب بېرىپ: بىز پەقەت قىيامەت كۈنى رەببىڭلارنىڭ ئالدىدا كىشىلەرنى يامانلىقتىن توسمىغانلار قاتارىدىن بولۇپ قالماسلىقىمىز ئۈچۈنلا ئۇلارغا نەسىھەت قىلىۋاتىمىز، ئۇلار گۇناھ-مەئسىيەتتىن يېنىپ قالسا ئەجەب ئەمەس، دېگەن ئۈمىدتىمىز. قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالا بىزدىن«سىلەر دۇنيادىكى ۋاقتىڭلاردا نېمە ئىش قىلغانتىڭلار؟» دەپ سورىسا، بىز ئۇنىڭغا: «ئى رەببىمىز! بىز سېنىڭ ئەمرىڭنى تۇتۇپ، كىشىلەرنى يامان ئىشلاردىن توسقان ئىدۇق» دەيمىز-دە، شۇنىڭ بىلەن بىز ئۆزرىسى قوبۇل قىلىنغانلار قاتارىدىن بولىمىز، دېگەن ئىدى.

ئەمما ئۇ گۇناھكارلار ۋەز-نەسىھەتنى قوبۇل قىلمىدى. گويا ئۇلار ئۆزلىرىگە ھېچ نەسىھەت قىلىنمىغاندەك ياكى نەسىھەتلەرنى ئۇنتۇ-غاندەك قىلىپ نەسىھەتكە ئەمەل قىلماي، ئۆزلىرىنىڭ ئىلگىرىكى قەبىھ قىلمىشلىرىنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى. شۇنىڭ بىلەن بىز كىشىلەرنى گۇناھ-مەئسىيەتتىن توسقانلارنى قۇتقۇزدۇق، گۇناھ-مەئسىيەت سادىر قىلىش ئارقىلىق ئۆزىگە زۇلۇم قىلغانلارنى قاتتىق ئازاب بىلەن جازالىدۇق.

بەزى مۇپەسسىرلەر ئازابتىن قۇتقۇزۇلغانلارنىڭ كىشىلەرگە ۋەز-نەسىھەت قىلغۇچىلار ۋە گۇناھكارلارغا كايىغانلار ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ: «ئۇلارنىڭ بەزىسى گۇناھكارلارغا تىلى ۋە ھەرىكىتى ئارقىلىق قارشى چىقىدىغانلار بولۇپ، ئۇلار ۋەز-نەسىھەت قىلغۇچىلاردۇر؛ يەنە بەزىسى دىلى بىلەنلا قارشى چىقىدىغانلار بولۇپ، ئۇلار مالامەت قىلغۇچىلاردۇر»[1] دېگەن سۆزى بۇنى كۈچلەندۈرىدۇ.

بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، ئازاب گۇناھكارلار بىلەن كىشىلەرگە ۋەز-نەسىھەت قىلغۇچىلارنى ئەيىبلىگەنلەرگە بولىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئىككىنچى گۇرۇھنىڭ ئازابى يەڭگىلرەك بولىدۇ، ئەلۋەتتە. مەلۇمكى، گۇناھ-مەئسىيەتكە كۆز يۇمۇش، يامانلىقنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ ئۇنىڭغا سۈكۈت قىلىش ۋە نەسىھەت قىلغۇچىلارغا مالامەت قىلىش ئېغىر گۇناھتۇر. پەقەت ۋەز-نەسىھەت بىلەن ئۆزگەرتىشنىڭ مۇمكىن ئەمەس-

[1] «التفسير الواضح» 1-توم، 779-بەت.

ـىلىكىگە كۆزى يەتكەن كىشىنىڭ دىلى بىلەن شۇ يامانلىقنى يامان كۆرۈشى ئۇنىڭ ئازابتىن قۇتۇلۇپ قېلىشىغا يېتەرلىكتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مَنْ رَأَى مِنْكُمْ مُنْكَرًا فَلْيُغَيِّرْهُ بِيَدِهِ، فَإِنْ لَمْ يَسْتَطِعْ فَبِلِسَانِهِ، فَإِنْ لَمْ يَسْتَطِعْ فَبِقَلْبِهِ، وَذَلِكَ أَضْعَفُ الْإِيمَانِ» يەنى «كىمكى بىر يامان ئىشنى كۆرسە، ئۇنى قولى بىلەن ئۆزگەرتسۇن، ئۇنىڭغا كۈچى يەتمىسە، تىلى بىلەن ئۆزگەرتسۇن، ئۇنىڭغىمۇ كۈچى يەتمىسە، كۆڭلىدە نارازىلىق بىلدۈرسۇن. بۇ ئىماننىڭ ئەڭ ئاجىز نۇقتىسىدۇر»[1] دېگەن. بۇ ھەدىسكە ئاساسلانغاندا، گۇناھ-مەئسىيەتنى ۋە ھەرقانداق بىر يامان ئىشنى ئۆزگەرتىش قول بىلەن، تىل بىلەن ۋە قەلب بىلەن بولىدۇ. بۇ شۇ يامان ئىشنىڭ قانداق يامانلىقلاردىن ئىكەنلىكىگە باغلىق ئىشتۇر. بەزى ئىشلارنى ئىسلامىي ھۆكۈمەت دائىرىلىرى بىر تەرەپ قىلىدۇ، بەزىسىنى ئۆلىمالار بىر تەرەپ قىلىدۇ، ئائىلىدىكى ئىشلارنى ئاساسەن ئاتا-ئانىلار بىر تەرەپ قىلىدۇ. مەسىلەن: ئىسلام شەرىئىتى تەتبىق قىلىنىدىغان جايلاردىكى ھاكىمىيەت جەمئىيەتكە زىيانلىق بولغان يامان ئىشلارنى ھاكىمىيەتنىڭ كۈچىگە تايىنىپ تۈرۈپ توسىدۇ ۋە مەنئى قىلىدۇ، گۇناھكارلارنى جازالايدۇ، گۇناھ-مەئسىيەت سادىر قىلىنىدىغان جايلارنى تاقايدۇ. ئائىلىدىكى ئىشلارنى ئاتا-ئانىلار ھەل قىلىدۇ. ئىسلام شەرىئىتى تەتبىق قىلىنمايدىغان جايلاردا بولسا ئۆلىمالار، دەۋەتچىلەر ۋە مەسجىد ئىماملىرى كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسۇش پەرزىنى جارى قىلدۇرىدۇ. ئۇلار ئاساسەن گۇناھ-مەئسىيەتلەرنى تىل بىلەن توسىدۇ. خەلقىنىڭ كۆپ سانلىقى مۇسۇلمان ئەمەس دۆلەتلەردە ياكى كوممۇنىست دۆلەتلىرىدە بولۇپ، كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسۇش چەكلەنسە، ھەربىر مۇسۇلمان شۇ يامان ئىشلارغا دىلى بىلەن قارشى تۇرىدۇ ۋە نەپرەتلىنىدۇ. بۇ مۇسۇلمانلاردىن تەلەپ قىلىنغان ئەڭ ئەقەللىي تەلەپتۇر. بۇنىڭ بىلەن ئىسلامنىڭ «ئەمر-مەرۇپ، ۋەز-نەسىھەت» قىلىش پەرزىنى ئادا قىلغان بولىدۇ. بىر مۇسۇلمان ئادەمدە ياخشى ئىشلارنى سۆيۈش، يامان ئىشلاردىن نەپرەتلىنىش خىسلىتى بولمىسا، چوقۇم ئۇنىڭ ئىمانىدا چاتاق بار دېگەنلىكتۇر. دېمەك، كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسۇش ھەربىر مۇسۇلمان شارائىتىغا ۋە ئىمكانىيىتىگە يارىشا ئادا قىلىشقا بۇيرۇلغان پەرزدۇر. ئۆلىمالار يۇقىرىقى ھەدىستىكى «قولى بىلەن ئۆزگەرتسۇن» دېگەن

[1] «صحيح مسلم» 1-توم، 69- بەت، 49-ھەدىس.

جۈملىدىن ھاكىمىيەت مەقسەت قىلىنىدىغانلىقىنى، «تىلى بىلەن ئۆزگەرتىسۇن» دېگەن جۈملىدىن ئۆلىمالار مەقسەت قىلىنىدىغانلىقىنى، «كۆڭلىدە نارازىلىق بىلدۈرسۇن» دېگەن جۈملىدىن يامانلىققا ئاشكارا قارشى چىقىشقا پېتىنالمايدىغان شارائىتتىكى ئادەم كۆزدە تۇتۇلغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

بىر مىللەتنىڭ ئىچىدە ئۇلارنى يامان قىلىقلىرىدىن توسىدىغان ئادەم قالمىغان، بۇزۇقلۇق ۋە گۇناھ-مەئسىيەت يامراپ كەتكەن چاغدا، ئۇ مىللەتكە ئاللاھ تائالانىڭ ئازابى يۈزلىنىدۇ. ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنىڭ بېشىغا كەلگەن ھالاكەتلەر بۇنىڭ تىپىك مىسالىدۇر.

يەھۇدىيلار گۇناھ-مەئسىيەت سادىر قىلىشتا ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن، ئۆزلىرىگە نەسىھەت قىلغانلارنى يامان كۆرگەن، ھەتتا ئۇلارغا ھەر تۈرلۈك يامانلىقلارنى قىلغان چاغدا، بىز ئۇلارنى خار-زەبۇن مايمۇن بولۇپ كېتىڭلار، دېدۇق. مانا بۇ ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيادىكى جازاسى، خالاس. ئەمما ئۇلارنىڭ ئاخىرەتتىكى جازاسى ئەلۋەتتە قاتتىق بولىدۇ.

يەھۇدىيلار شۇ چاغدا راستتىنلا سۈرىتى مۇبەددەل بولۇپ مايمۇنغا ئايلىنىپ كەتكەنمۇ ياكى بۇزغۇنچىلىقتا ۋە ئەخلاقسىزلىقتا مايمۇنغا ئوخشاش بولۇپ قالغانمۇ؟ بۇ تەرىپىنى ئاللاھ تائالا ئۆزى بىلىدۇ.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. بۇ ئايەتلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا يېتەرلىكتۇر. چۈنكى، ئەگەر ئۇ ئاللاھ تائالادىن ۋەھيى تاپشۇرۇپ ئالغان بىر پەيغەمبەر بولمىسا ئىدى، ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ ئۇزاق ئۆتمۈشلەردىكى تارىخىي كەچۈرمىشلىرىنى نەدىن بىلەتتى؟

2. ئاللاھ تائالا قانداقلا بىر مىللەتكە ياكى بىرەر شەخسكە نېمەت ئاتا قىلغاندىن كېيىن، ئۇلار شۈكۈر قىلمىسا، بۇ نېمەتنى ئۇلاردىن چوقۇم تارتىپ ئالىدۇ.

3. كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسۇش ھەرقانداق بىر مۇسۇلمان ئۈچۈن پەرزدۇر. ئاللاھ تائالا يەھۇدىيلارنى ھالاك قىلغاندا، بۇرۇن كىشىلەرگە ۋەز-نەسىھەت قىلغانلار ساقلاپ قېلىپ، ئۇلارنى توسمىغانلار گۇناھكارلار بىلەن بىرلىكتە ھالاك قىلىنغانىدى.

4. گۇناھ-مەئسىيەتلەرنى «يامانلىق» دەپ ئاتاشتىكى سەۋەب گۇناھ-مەئسىيەت قانچىلىك كىچىك ۋە ئاددىي بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنى سادىر قىلغان كىشىلەرنىڭ قەلبىدە يامانلىق پەيدا قىلماي قالمايدۇ.

## ◄ يەھۇدىيلارنىڭ بۇ دۇنيادىكى ئەھۋالى

﴿وَإِذْ تَأَذَّنَ رَبُّكَ لَيَبْعَثَنَّ عَلَيْهِمْ إِلَىٰ يَوْمِ ٱلْقِيَـٰمَةِ مَن يَسُومُهُمْ
سُوٓءَ ٱلْعَذَابِ ۗ إِنَّ رَبَّكَ لَسَرِيعُ ٱلْعِقَابِ ۖ وَإِنَّهُۥ لَغَفُورٌ رَّحِيمٌ ﴿١٦٧﴾
وَقَطَّعْنَـٰهُمْ فِى ٱلْأَرْضِ أُمَمًا ۖ مِّنْهُمُ ٱلصَّـٰلِحُونَ وَمِنْهُمْ دُونَ ذَٰلِكَ ۖ
وَبَلَوْنَـٰهُم بِٱلْحَسَنَـٰتِ وَٱلسَّيِّـَٔاتِ لَعَلَّهُمْ يَرْجِعُونَ ﴿١٦٨﴾ فَخَلَفَ مِنۢ
بَعْدِهِمْ خَلْفٌ وَرِثُوا۟ ٱلْكِتَـٰبَ يَأْخُذُونَ عَرَضَ هَـٰذَا ٱلْأَدْنَىٰ
وَيَقُولُونَ سَيُغْفَرُ لَنَا وَإِن يَأْتِهِمْ عَرَضٌ مِّثْلُهُۥ يَأْخُذُوهُ ۚ أَلَمْ يُؤْخَذْ
عَلَيْهِم مِّيثَـٰقُ ٱلْكِتَـٰبِ أَن لَّا يَقُولُوا۟ عَلَى ٱللَّهِ إِلَّا ٱلْحَقَّ وَدَرَسُوا۟ مَا
فِيهِ ۗ وَٱلدَّارُ ٱلْـَٔاخِرَةُ خَيْرٌ لِّلَّذِينَ يَتَّقُونَ ۗ أَفَلَا تَعْقِلُونَ ﴿١٦٩﴾ وَٱلَّذِينَ
يُمَسِّكُونَ بِٱلْكِتَـٰبِ وَأَقَامُوا۟ ٱلصَّلَوٰةَ إِنَّا لَا نُضِيعُ أَجْرَ ٱلْمُصْلِحِينَ
﴿١٧٠﴾ ۞ وَإِذْ نَتَقْنَا ٱلْجَبَلَ فَوْقَهُمْ كَأَنَّهُۥ ظُلَّةٌ وَظَنُّوٓا۟ أَنَّهُۥ وَاقِعٌۢ بِهِمْ
خُذُوا۟ مَآ ءَاتَيْنَـٰكُم بِقُوَّةٍ وَٱذْكُرُوا۟ مَا فِيهِ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ ﴿١٧١﴾﴾

## ◄ تەرجىمىسى

167-(ئى پەيغەمبەر!) ئۆز ۋاقتىدا رەببىڭ ئۇلارغا قىيامەتكىچە ئۇلارنى چوقۇم قاتتىق ئازابلايدىغان كىشىلەرنى ئەۋەتىپ تۇرىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلغان ئىدى. شەكسىزكى، رەببىڭ ئەلۋەتتە تېز جازالىغۇچىدۇر، (تەۋبە قىلغۇچىلارنى) ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، تولىمۇ مېھرىباندۇر.

168-ئۇلارنى يەر يۈزىدە تۈرلۈك پىرقىلەرگە بۆلۈۋەتتۇق، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ياخشىلىرىمۇ بار، ياخشى ئەمەسلىرىمۇ بار، ئۇلارنى توغرا يولغا قايتۇرالىسۇن دەپ، باياشاتچىلىق ۋە قاتتىقچىلىق بىلەن سىنىدۇق.

169-ئۇلاردىن كېيىن (يامان) ئەۋلادلار كېلىپ، تەۋراتقا ۋارىسلىق قىلدى، ئۇلار (تەۋرات ئېكىستلىرىنى ئۆزگەرتىش بەدىلىگە) بۇ دۇنيانىڭ شۇ ئەرزىمەس

پۇل-مېلىنى ئېلىپ «ئاللاھ بىزنى ئەپۇ قىلىدۇ» دەپ قويىاتتى. ئەگەر شۇنداق پۇل-مال ئۇلارنىڭ قولىغا كەلسە، ئۇلار يەنە ئالاتتى. كىتابتا (يەنى تەۋراتتا) ئاللاھ نامىدىن پەقەت ھەقىقەتنىلا ئېيتىشقا دائىر ئۇلاردىن چىڭ ۋەدە ئېلىنغان ئەمەسمىدى؟ ھالبۇكى، ئۇلار كىتابتىكى مەزمۇنلارنى ئوقۇغان ئىدى. ئاللاھتىن قورقىدىغانلار ئۈچۈن ئاخىرەت يۇرتى ئەڭ ياخشىدۇر، سىلەر ئەقلىڭلارنى ئىشلەتمەمسىلەر؟

170-كىتابقا چىڭ ئېسىلىپ ئەمەل قىلىدىغانلار ۋە نامازنى تولۇق ئادا قىلىدىغانلارغا كەلسەك، شەكسىزكى، بىز ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ ئەجرىنى ھەرگىز بىكار قىلىۋەتمەيمىز.

171-ئۆز ۋاقتىدا بىز تۇر تېغىنى (قومۇرۇپ كېلىپ) ئۇلارنىڭ ئۈستىگە سايىۋەندەك كۆتۈرگەن ئىدۇق. ئۇلار تاغ ئۈستىمىزگە چۈشۈپ كېتىدىغان بولدى دەپ ئويلىدى. (ئۇلارغا ئېيتتۇقكى) «سىلەرنىڭ تەقۋادار بولۇشۇڭلار ئۈچۈن ئۆزۈڭلارغا بېرىلگەن (كىتاب)نى مەھكەم تۇتۇڭلار، ئۇنىڭدىكى (كۆرسەتمە-لىرىمىز)نى ئېسىڭلاردىن چىقارماڭلار».

### تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! بىر زامانلاردا رەببىڭ يەھۇدىيلارنىڭ ئەجدادىغا ئۇلارغا ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ تىلى ئارقىلىق، تا قىيامەتكىچە ئۇلارغا قاتتىق زۇلۇم سالىدىغان، ئۇلارنى ئېزىدىغان زالىم ھۆكۈمدارلارنى ئەۋەتىدىغانلىقىنى، ئۇ زالىملارنىڭ يەھۇدىيلارغا ھەر تۈرلۈك ئازابلارنى تېتىدىغانلىقىنى، ئېغىر باج-سېلىقلارنى قويىدىغانلىقىنى، يەھۇدىيلارنىڭ ئۈستىگە قويۇلغان بۇ باجلارنى خورلانغان ھالدا تۆلەيدىغانلىقىنى، زالىملارنىڭ يەھۇدىيلار بىلەن ئۇرۇشۇپ، ئۇلارنىڭ دۆلىتىنى ۋەيران قىلىپ، بىرلىكىنى بۇزۇپ، پارچە-پارچە قىلىۋېتىدىغانلىقىنى ۋە يەھۇدىيلارنىڭ خار ۋە چارىسىز ھالغا كېلىپ قالىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەرگەن.

تارىخ بىزگە يەھۇدىيلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغانلىقى ۋە يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئەڭ قاتتىق ئازاب-ئوقۇبەتلەرنى تارتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. يەھۇدىيلار بابىللىقلار[1] تەرىپىدىن خورلاندى، كېيىن خىرىستىيانلار تەرىپىدىن ئېزىلدى، ئۇنىڭدىن كېيىن مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى.

[1] بابىل- ئىراقتىكى بىر شەھەرنىڭ نامى بولۇپ، بابىللىقلار قەدىمقى ئىراقتا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن. ئۇلارنىڭ پايتەختى بابىل ئىدى.

20ـ ئەسىردە گىتلېر باشچىلىقىدىكى ناتسىستلارنىڭ ئۇلارنى قانداق قىرىپ تاشلىغانلىقى ۋە ئۇلارنى تاپقان يەردە ئۆلتۈرۈپ يۇرتىدىن قوغلاپ چىقارغانلىقىنى ئۇنتۇماسلىق كېرەك. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ئايەتلەردە بەرگەن خەۋىرىنىڭ ئەمەلىي ئىسپاتىدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ ﴿ئۆز ۋاقتىدا رەببىڭ ئۇلارغا قىيامەتكىچە ئۇلارنى چوقۇم قاتتىق ئازابلايدىغان كىشىلەرنى ئەۋەتىپ تۇرىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلغان ئىدى﴾ دېگەن سۆزىگە قاراڭ! ئايەتتىكى ﴿قاتتىق ئازابلايدىغان كىشىلەرنى ئەۋەتىپ...﴾ دېگەن سۆز ئۇلارنى جازالىغۇچىلارنىڭ تۈيۈقسىز كېلىدىغانلىقىنى ۋە كىمنىڭ ئەۋەتىلىدىغانلىقى مۇئەييەن ئەمەسلىكىنى، پالاكەتنىڭ قاچان ۋە قانداق رەۋىشتە كېلىدىغانلىقىنىڭ مەلۇم ئەمەسلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئەزىز قېرىندىشىم! سىز يەھۇدىيلارنىڭ پەلەستىندىكى ھازىرقى ئەھۋالىغا قاراپ ئالدىنىپ كەتمەڭ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ بۇ ھاكىمىيىتى زۇلۇم ۋە يولسىزلىق ئۈستىگە قۇرۇلغان ھاكىمىيەتتۇر. شەكسىزكى، ئاللاھ تائالا زالىملارنى جازالىماقچى بولغاندا ئۇلارنى ناھايىتى تېز جازالايدۇ. ئاللاھ تائالا يەنە بەندىلىرىگە ئىنتايىن مېھرىبانلىقىدىن، قىلمىشلىرىغا تەۋبە قىلغۇچىلارغا رەھىم قىلىپ، ئۇلارنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر. ئى ئىنسانلار! زالىملارغا تېگىشلىك ئازابنىڭ كېچىككەنلىككە قاراپ ئۈمىدسىزلەنمەڭلار. ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسى چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ.

ئەمما يەھۇدىيلارنىڭ بۇ دۇنيادىكى ئەھۋالى ھەر دائىم جىنايەت سادىر قىلىش، گۇناھ ـ مەئسىيەتتىن باش تارتماسلىقتىن ئىبارەتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى خارلىققا مەھكۇم قىلغان ۋە ئۇلارغا دۇنيادا سەرسانلىقنى، خارلىقنى پۈتتۈۋەتكەن. ئۇلار ئۆزلىرىنى بىرلەشتۈرىدىغان ۋە بىر ـ بىرىگە باغلاپ تۇرىدىغان بىرلىكتىن مەھرۇم قىلغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئاخىرەتلىكنى دۇنيالىقتىن ئەلا بىلىدىغان، شەنبە كۈنلۈكتە ھەددىدىن ئاشمىغان، بەلكى ھەددىدىن ئاشقانلارنى توسۇپ نەسىھەت قىلغان ياخشىلارمۇ بار، ياخشى بولمىغانلارمۇ بار. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بۇزغۇنچىلىقتا، گۇناھ ـ مەئسىيەتتە ۋە كۇفرىلىقتا چېكىدىن ئېشىپ كەتكەنلەرمۇ بار. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە قىلمىشلىرىغا قاراپ مۇئامىلە قىلىدۇ. ئۇلارنى شۈكۈر قىلسۇن دەپ، نېمەت بىلەن سىنىغاندەك، ئۇلارنى ھوشىنى تېپىۋالسۇن، يامانلىقتىن يانسۇن دەپ، ئۇلارنى ھەر تۈرلۈك بالا ـ مۇسىبەتلەر بىلەن سىنايدۇ. شۇڭا ئۇلار نېمەت بىلەن

مۇسىبەت ئوتتۇرىسىدا ياشايدۇ. يەھۇدىيلارنىڭ ئەجدادلىرى ئۆلۈپ تۈگىگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئورنىغا يەنە ئۇلارغا ئوخشاش ئاخىرەتلىكنى دۇنيالىقىغا سېتىۋېتىدىغان يامان ئەۋلادلار بارلىققا كەلدى. بۇ ئەۋلادلار «تەۋرات»قا ۋارىسلىق قىلغان بولدى. بۇ يەردىكى «يامان ئەۋلاد»تىن مەقسەت مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىكى يەھۇدىيلاردۇر. ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغان هالدا، پانىي دۇنيانىڭ ۋاقىتلىق مەنپەئەتلىرىگە بېرىلىپ، ئاخىرەتلىكنى ئۇنتۇپ كەتتى. ئۇلار يەنە ﴿ئاللاھ بىزنى ئەپۇ قىلىدۇ﴾ دەپ مەغرۇرلاندى، بىز دوزاخقا كىرمەيمىز، كىرگەن تەقدىردىمۇ، پەقەت بىر نەچچە كۈنلا جازالىنىمىز، خالاس، چۈنكى بىز ئاللاھنىڭ ئوغۇللىرى ۋە سۆيۈملۈك بەندىلىرىمىز، دېيىشتى.

يەھۇدىيلار شۇنداق پاسىق قەۋم بولۇپ، ئۇلار جازانە قىلىش، پارىخورلۇق قىلىش، هارامنى هالال ساناش ئارقىلىق يولسىزلىق بىلەن پۇل-مالغا ئىگە بولۇشقىلا تىرىشىدۇ. ئۇلارغا قىلىنغان ۋەز -نەسىھەت كار قىلمايدۇ. شۇڭا ئۇلار گۇناهىدىن يانمايدۇ، تەۋبە قىلمايدۇ.

ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ گۇناهتىن ۋە ئاسىيلىقتىن قول ئۈزمەي تۇرۇپ، ﴿ئاللاھ بىزنى ئەپۇ قىلىدۇ﴾ دېگەن سۆزىگە جاۋاب بېرىپ دەيدۇكى: ﴿كىتابتا (يەنى تەۋراتتا) ئاللاھ نامىدىن پەقەت هەقىقەتنىلا ئېيتىشقا دائىر ئۇلاردىن چىڭ ۋەدە ئېلىنغان ئەمەسمىدى؟﴾ ئۇلار «تەۋرات» تىكى بۇ ۋەدىنى ئوقۇغان ۋە ئۇنى ياخشى چۈشەنگەن ئەمەسمىدى؟! ئۇ ۋەدىدە يەنە كىشىنىڭ هەققىنى يېيىش هارام، باشقىلارنىڭ هەق-هوقۇقىغا تاجاۋۇز قىلىش هارام دېيىلگەن ئەمەسمىدى؟! ئۇلار ئاخىرەت يۇرتىنىڭ ۋە ئۇ يەردىكى نازۇنېمەتلەرنىڭ بۇ دۇنيادىن ۋە دۇنيادىكى بارلىق نەرسىلەردىن ئەلۋەتتە ياخشى ئىكەنلىكىنى بىلمىدىمۇ؟! ئەمما ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلىشتىن ساقلانغان، ئۇنىڭ ئازابىدىن هەزەر ئەيلىگەنلەر ئۈچۈن ئاخىرەت هەممىدىن ياخشىدۇر. سىلەر ئاخىرەتنىڭ بۇ دۇنيادىن ئەلۋەتتە ياخشى ۋە مەڭگۈلۈك ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغان بولۇپ كەتتىڭلارمۇ؟!

«قۇرئان كەرىم» هېچكىمگە يان باسمايدۇ ۋە مۇتەئەسسىپلىك قىلمايدۇ. مەيلى يەھۇدىيلاردىن بولسۇن، مەيلى باشقىلاردىن بولسۇن، كىمكى ئاللاھ تائالاغا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتىپ، ئاللاھ تائالانىڭ كىتابىغا چىڭ ئېسىلىدىكەن، ئۇنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلىدىكەن، نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلىدىكەن، زاكاتنى تولۇق

بېرىدىكەن، ئەلۋەتتە رەببى ئۇنى قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسى بىلەن مۇكاپاتلايدۇ. ﴿وَلَا نُضِيعُ أَجْرَ ٱلْمُحْسِنِينَ﴾ يەنى ﴿(ياخشى ئەمەللەرنى) قىلغۇچىلارنىڭ ئەجرىنى بىكار قىلىۋەتمەيمىز﴾.[1]

ئۇز ۋاقتىدا يەھۇدىيلار «تەۋرات»نى قوبۇل قىلغىلى ئۇنىمىغاندا، ئۇلارنى سۆزگە كىرگۈزۈش ئۈچۈن تۇر تېغىنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە سايىۋەندەك تىكلىگەن ئىدۇق، ئۇلار تاغ ئۈستىمىزگە چۈشىدىغان بولدى، دەپ قورقۇپ باشلىرىنى يەرگە قويغان ئىدى. شۇ چاغدا ئۇلارغا: بىز سىلەرگە بەرگەن «تەۋرات»نى مۇستەھكەم تۇتۇڭلار، ئۇنىڭدىكى تەلىماتلارنى ھەر دائىم ئېسىڭلاردا تۇتۇڭلار، ئۇنىڭدىكى ئەمر-پەرمانلارغا ئەمەل قىلىڭلار، شۇنىڭ بىلەن سىلەرنىڭ قەلبىڭلار تەقۋادارلىق بىلەن بېزەلسۇن، ئەمەللىرىڭلار دىنىڭلارنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئۇيغۇن بولسۇن. ئەگەر شۇنداق قىلساڭلار، سىلەر چوقۇم نىجاتلىققا ۋە ياخشى ئاقىۋەتكە ئېرىشىسىلەر، دېگەن ئىدۇق.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. يۇقىرىقى تۆت ئايەتتە يەھۇدىيلارنىڭ ئۆتمۈشى ۋە بەزى قىلمىشلىرى ئىخچام بايان قىلىنغان.

2. يەھۇدىيلارنىڭ ۋە خىرىستىيانلارنىڭ ئارىسىدا ياخشىلارمۇ ۋە يامانلارمۇ بار.

3. ئاخىرەتنى بۇ دۇنيالىقتىن ئەلا بىلىش ۋە ھەر ئىشتا ئاخىرەتلىكنى بىرىنچى ئورۇندا قويۇش مۇسۇلمانلاردا بولۇشقا تېگىشلىك خىسلەتتۇر.

4. «قۇرئان كەرىم» بىلەن ھەدىسنى چىڭ تۇتقان مىللەت ئېزىپ كەتمەيدۇ، توغرا يولنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

5. ئىبادەتلەرنىڭ ئارىسىدا ناماز ئەڭ مۇھىم ۋە ئەڭ چوڭ ئىبادەتتۇر.

6. يەھۇدىيلار ئەزەلدىن شۇنداق گۇناھكار ۋە ئىسيانكار قەۋم بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىگە كەلگەن پەيغەمبەرلەرگە چىدىغۇسىز جاپالارنى سالغان. ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىنى قوبۇل قىلماسلىق ئۈچۈن بويۇنتاۋلىق قىلغاندا، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە تۇر تېغىنى تىكلەپ تۇرۇپ قورقۇتۇش ئارقىلىق ئەمىرلىرىنى قوبۇل قىلدۇرغانلىقى ئۇلارنىڭ نەقەدەر

---

[1] يۇسۇف سۈرىسى: 56-ئايەت.

گەدەنكەش قەۋم ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا يېتەرلىك.

## ◄ ئادەم ئەۋلادىدىن ئېلىنغان ئومۇمىي ئەھدە

﴿وَإِذۡ أَخَذَ رَبُّكَ مِنۢ بَنِيٓ ءَادَمَ مِن ظُهُورِهِمۡ ذُرِّيَّتَهُمۡ وَأَشۡهَدَهُمۡ عَلَىٰٓ أَنفُسِهِمۡ أَلَسۡتُ بِرَبِّكُمۡۖ قَالُواْ بَلَىٰ شَهِدۡنَآۚ أَن تَقُولُواْ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ إِنَّا كُنَّا عَنۡ هَٰذَا غَٰفِلِينَ ﴿١٧٢﴾ أَوۡ تَقُولُوٓاْ إِنَّمَآ أَشۡرَكَ ءَابَآؤُنَا مِن قَبۡلُ وَكُنَّا ذُرِّيَّةٗ مِّنۢ بَعۡدِهِمۡۖ أَفَتُهۡلِكُنَا بِمَا فَعَلَ ٱلۡمُبۡطِلُونَ ﴿١٧٣﴾ وَكَذَٰلِكَ نُفَصِّلُ ٱلۡأٓيَٰتِ وَلَعَلَّهُمۡ يَرۡجِعُونَ ﴿١٧٤﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

172 ـ 173ـ ئۆز ۋاقتىدا رەببىڭ ئادەم باللىرىنى (ئاتىلىرىنىڭ) پۇشتىدىن چىقىرىپ ۋە ئۇلارنى ئۆزلىرىگە گۇۋاھ قىلىپ: «مەن سىلەرنىڭ رەببىڭلار ئەمەسمۇ؟» دېگەن ئىدى. ئۇلارمۇ: «ھەئە، (ئەلۋەتتە سەن بىزنىڭ رەببىمىزسەن) بىز گۇۋاھلىق بەردۇق» دېگەن ئىدى. بۇنداق قىلىشىمىز قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ: «بىز بۇنىڭدىن غەپلەتتە قالغان ئىكەنمىز» دېمەسلىكى ياكى «ئاتا-بوۋىلىرىمىز ئىلگىرى (ساختا بۇتلارنى) شېرىك كەلتۈرگەن ئىكەن، بىزنىڭ پەقەت ئۇلارنىڭ ئەۋلادى بولۇپ قالغانلا يېرىمىز بار، ئازغۇنلارنىڭ قىلمىشى تۈپەيلىدىن بىزنى ھالاك قىلامسەن؟» دېمەسلىكى ئۈچۈندۇر.

174ـ ئۇلارنىڭ (چوڭقۇر ئويلىنىپ كۇفرىدىن) قايتىشى ئۈچۈن، ئايەتلىرىمىزنى مۇشۇنداق تەپسىلىي بايان قىلىمىز.

### ◄ تەپسىرى

ئەللامە مۇھەممەد مۇتەۋەللىي شەئراۋىي ﴿ئۆز ۋاقتىدا رەببىڭ ئادەم باللىرىنى (ئاتىلىرىنىڭ) پۇشتىدىن چىقىرىپ ۋە ئۇلارنى ئۆزلىرىگە گۇۋاھ قىلىپ: «مەن سىلەرنىڭ رەببىڭلار ئەمەسمۇ؟» دېگەن ئىدى﴾ دېگەن ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇچىسىنى ئوك قولى بىلەن سىلىغىدى، ئۇنىڭدىن ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ تا قىيامەتكىچە دۇنياغا كېلىدىغان بارلىق ئەۋلادىنىڭ ئۇرۇقى يەرگە چۈشتى. ئاندىن ئاللاھ تائالا بۇ ئۇرۇقتىن كۆپىيىپ تا قىيامەتكىچە دۇنياغا كېلىدىغان ئادەم باللىرىغا خىتاب

قىلىپ: ‹مەن سىلەرنىڭ رەببىڭلار ئەمەسمۇ؟› دېدى، ئۇلار: ‹ھەئە، ئەلۋەتتە، سەن بىزنىڭ رەببىمىزسەن، بىز گۇۋاھلىق بەردۇق› دېدى. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇچىسىدىن ئېلىنغان ئۇرۇق بىرلا ئۇرۇق بولۇپ، تا قىيامەتكىچە دۇنياغا كېلىدىغان ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى شۇ بىرلا ئۇرۇقتىن كۆپىيىدۇ، ھەربىر ئۇرۇق ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ئۇرۇقتىن ئېلىنىپ، ئۆزىدىن كېيىنكى ئۇرۇققا مەنبە بولىدۇ، يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇچىسىدىن ئېلىنغان شۇ بىر تال ئۇرۇق بارلىق ئىنسانلارنى دۇنياغا كەلتۇرگەن ئۇرۇق بولۇپ، بىر ئۇرۇقتىن بىر ئۇرۇق، ئاندىن ئۇ ئۇرۇقتىن يەنە بىر ئۇرۇق بارلىققا كېلىش ئارقىلىق بۇ ئۇرۇقلار تا قىيامەتكىچە شۇنداق داۋاملىشىدۇ. پەقەتلا ئىككى كىشىنىڭ ئۇرۇقى پەرقلىقتۇر. ئۇلارنىڭ بىرى، ئادەم ئەلەيھىسسالام بولۇپ، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ئۇرۇقى ئۇنىڭدىن ئېلىنغان، ئەمما ئۇنىڭ ئۇرۇقى ھېچكىمدىن ئېلىنمىغان. چۈنكى، ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن ئىلگىرى ئادەم يوق ئىدى. ئىككىنچىسى، ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىدىن كېلىدىغان ئەڭ ئاخىرقى ئىنسان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇرۇقىمۇ ئۆزىدىن ئىلگىرىكىسىدىن ئېلىنىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئۇرۇقى ئېلىنمايدۇ. چۈنكى، ئۇ يەر يۈزىدىكى ئەڭ ئاخىرقى ئىنساندۇر. بۇ مەسىلىنى باشقىچە چۈشەندۈرگەندە مۇنداق دەيمىز: ھەربىر ئىنسان ئۆز ئاتىسىنىڭ ئىسپېرمىسىدىن بارلىققا كېلىدۇ، ئۇنىڭ ئاتىسىمۇ ئۆز ئاتىسىنىڭ ئىسپېرمىسىدىن كېلىدۇ، شۇنداق قىلىپ بۇ زەنجىرسىمان باغلىنىش ئادەم ئەلەيھىسسالامغا بېرىپ يېتىدۇ. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ھەربىر ئىنساندا ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ پارچىسىدىن بىر پارچە مەۋجۇت بولۇپ، ئۇ تا قىيامەتكىچە ئۆلمەيدۇ»[1].

«قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس مۆجىزىلىرى تەتقىقاتچىسى ئۇستاز ئابدۇددائىم كۇھەيل مۇنداق دەيدۇ: «تەبئىي پەن ئالىملىرى ئىنسان مېڭىسىنىڭ تۇنجى ئىنسان ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن باشلاپ ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدىغان قىلىپ پروگراممىلانغانلىقىنى ۋە بۇ پروگراممىنىڭ ئىرسىيەت يولى بىلەن زامانىمىزغا قەدەر داۋاملىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. بوۋاقلار مېڭىسى ئاللاھنىڭ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلىشقا ھازىر بولغان ھالدا تۇغۇلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئەقلى ۋە خاراكتېرى ئاللاھنى تونۇيدىغان قىلىپ پروگراممىلانغان بولىدۇ. قۇرئان كەرىم بۇ ئىلمىي ھەقىقەتكە ئىشارەت قىلغان بولۇپ، ئەئراف سۈرىسىدە مۇنداق كەلگەن:

---

[1] «تفسير الشعراوي» 2ـ توم، 4445ـ بەت.

﴿ئۆز ۋاقتىدا رەببىڭ ئادەم باللىرىنى (ئاتىلىرىنىڭ) پۇشتىدىن چىقىرىپ ۋە ئۇلارنى ئۆزلىرىگە گۇۋاھ قىلىپ: «مەن سىلەرنىڭ رەببىڭلار ئەمەسمۇ؟» دېگەن ئىدى. ئۇلارمۇ: «ھەئە، (ئەلۋەتتە سەن بىزنىڭ رەببىمىزسەن) بىز گۇۋاھلىق بەردۇق» دېگەن ئىدى. بۇنداق قىلىشىمىز قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ: «بىز بۇنىڭدىن غەپلەتتە قالغان ئىكەنمىز» دېمەسلىكى ياكى «ئاتا-بوۋىلىرىمىز ئىلگىرى (ساڭا بۇتلارنى) شېرىك كەلتۈرگەن ئىكەن، بىزنىڭ پەقەت ئۇلارنىڭ ئەۋلادى بولۇپ قالغانلا يېرىمىز بار، ئازغۇنلارنىڭ قىلمىشى تۈپەيلىدىن بىزنى ھالاك قىلامسەن؟» دېمەسلىكى ئۈچۈندۇر. ئۇلارنىڭ (چوڭقۇر ئويلىنىپ كۇفرىدىن) قايتىشى ئۈچۈن، ئايەتلىرىمىزنى مۇشۇنداق تەپسىلي بايان قىلىمىز﴾[1]. بۇ ئايەتلەر ئىنسانىنىڭ مېڭىسىگە مۇشۇ مەلۇماتلارنىڭ قاچىلانغانلىقىغا ۋە بۇ مەلۇماتلارنىڭ ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن تا قىيامەتكە قەدەر داۋاملىشىپ كېلىدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ ئادەم باللىرىنى ئاتىلىرىنىڭ پۇشتىدىن چىقىرىپ، ئۇلاردىن ئەھدە ئالغانلىقىنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ ئۇنى مۇنداق چۈشىنىش كېرەك: ئاللاھ تائالا تۇنجى ئىنساننى ياراتقاندىن باشلاپ ئۇلارنىڭ ئۇرۇقىغا ئۇلارنى ئۆزلۈكىدىن ئىمانغا ئىتتىرىدىغان تەبىئىي ئاڭنى ئورۇنلاشتۇرۇۋەتكەن. بۇ ئاڭ ئىنساننى ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلىشقا ئىتتىرىپ تۇرىدۇ. شۇڭا كاپىر ئىنسان ئۆز تەبىئىتى بىلەن زىتلاشقان بولىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ تەبىئىتى ئۇنى ئاللاھ تائالاغا ئىمان كەلتۈرۈشكە ئىتتىرىدۇ، ئۇ بولسا تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلى ئىماندىن يۈز ئۆرۈيدۇ. شۇڭا دەيمىزكى، كاپىرلارنىڭ ھەممىسى چىن قەلب قاتلىرىدا ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىدۇ، ئەمما ئۇلار تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن بۇ ھەقىقەتنى ئېتىراپ قىلمايدۇ»[2].

ئەللامە مۇھەممەد راتىب نابلۇسى ئۆز تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ تائالا تا قىيامەتكە قەدەر كېلىدىغان بارلىق ئىنسانلارنى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ پۇشتىغا ئورۇنلاشتۇرغان بولۇپ، ھەربىر ئىنسان ئۆزىنىڭ ئاتىسىنىڭ پۇشتىدىن كېلىدۇ، بۇ ئىش تا قىيامەتكىچە شۇنداق داۋاملىشىدۇ. ئاللاھ تائالا ھەربىر ئىنساننىڭ ئەقلىگە ۋە خاراكتېرىغا ئۆزلۈكىدىن ئىمان ئېيتىش ئېڭىنى يەرلەشتۈرۈۋەتكەن. مانا بۇ ﴿‹مەن سىلەرنىڭ رەببىڭلار ئەمەسمۇ؟› دېگەن ئىدى. ئۇلارمۇ: ‹ھەئە، (ئەلۋەتتە

[1] ئەئراف سۈرىسى: 172-174- ئايەت.

[2] «أسرار الإعجاز العلمي» ناملىق ئىلمىي تەتقىقات توردىن ئېلىندى.

سەن بىزنىڭ رەببىمىزسەن) بىز گۇۋاھلىق بەردۇق› دېگەن ئىدى﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسىدۇر»[1].

ئى ئىنسانلار! ئاللاھ تائالانىڭ سىلەرگە بۇلارنى بايان قىلىشى قىيامەت كۈنى قىلمىشىڭلاردىن ھېساب-كىتاب قىلىنغاندا، بىز غەپلەتتە قالغان ئىكەنمىز، بىز ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىنى، بىرلىكىنى، ھېچبىر شېرىكى يوقلىقىنى بىلمەيتىكەنمىز. چۈنكى، بىزگە ھېچكىم بۇلارنى ئېيتىپ بەرمىگەن، بىزنى كۇفرىلىقنىڭ ۋە ئاللاھ تائالاغا مەخلۇقاتنى شېرىك كەلتۈرۈشنىڭ خەتىرىدىن ئاگاھلاندۇرمىغان ئىدى، دېمەسلىكىڭلار ئۈچۈندۇر. ئۇنتۇماڭلاركى، ئاللاھ تائالا سىلەرگە بارچە دەلىل-ئىسپاتلارنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، سىلەرنىڭ «بىلمەيتىمىز، غەپلەتتە قالغان ئىكەنمىز» دېيىشكە ئۆزرەڭلار قالمايدۇ.

ئى ئىنسانلار! سىلەرگە يۇقىرىقى ۋەدىنى ئەسلىتىشىمىزنىڭ يەنە بىر ھېكمىتى: سىلەرنىڭ قىيامەت كۈنى: ئى رەببىمىز! ئىلگىرى بىزنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىمىز ساڭا شېرىك كەلتۈرگەن ئىكەن، بىزمۇ ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى بولغاچقا ئۇلارغا ئەگەشكەن ۋە ئۇلارنىڭ قىلغانلىرىنى قىلغان ئىكەنمىز، سېنىڭ بىر ئىكەنلىكىڭ توغرىسىدا تەپەككۇر قىلمىغان ئىكەنمىز، ئەمدى ئاشۇ ئاتا-بوۋىلىرىمىزدىن ئىبارەت ئازغۇنلارنىڭ قىلمىشى سەۋەبلىك بىزنى جازالامسەن؟! دەپ تۇرۇۋالماسلىقىڭلار ئۈچۈندۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ بۇنداق ئۆزرەڭلارنى ھەرگىز قوبۇل قىلمايدۇ.

ئۇلارنىڭ توغرا يولنى كۆرۈۋېلىپ، گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىشى ۋە ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ خۇراپاتلىرىنى تەقلىد قىلىشتىن يېنىشى ئۈچۈن، بىز ئايەتلىرىمىزنى مانا مۇشۇنداق مىساللارنى كەلتۈرۈش ئارقىلىق تەپسىلىي بايان قىلىپ بېرىمىز.

يۇقىرىقى ئايەتلەر شۇنى ئىپادىلەيدۇكى، ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرگەنلەرنىڭ ئۆزىنى ئاقلاشقا ھېچقانداق ئۆزرىسى يوقتۇر. ئەمما ئۆزلىرىگە پەيغەمبەرنىڭ دەۋىتى يېتىپ كەلمىگەن كىشىلەر دىنىنىڭ تەپسىلىي ئەھكاملىرىنى ۋە غەيبكە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى بىلمىگەنلىكى سەۋەبلىك جازالانمايدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا: ﴿وَمَا كُنَّا مُعَذِّبِينَ حَتَّىٰ نَبْعَثَ رَسُولًا﴾ يەنى ﴿پەيغەمبەر ئەۋەتمەي تۇرۇپ (ھېچكىمنى

[1] «تفسير محمد راتب النابلسي» ئەئراف سۈرىسى 172- 174- ئايەتلەرنىڭ تەپسىرى.

جازالىغىنىمىز يوق﴾[1] دەيدۇ.

## مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالانىڭ كائىناتنى ئىدارە قىلىشتىكى تەدبىرلىرى ھەقىقەتەن مۇكەممەلدۇر.

2. ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتقانلار يارىتىلىشتىكى ئەسلى ھالىتى بويىچە ئىش كۆرگەنلەر بولۇپ، ئاللاھ تائالانى ئىنكار قىلغانلار ئۆزىنىڭ يارىتىلىشتىكى ساپ ھالىتىنى بۇلغاپ قويغانلاردۇر.

## ئازغۇنلارنىڭ ئەھۋالى

﴿وَٱتْلُ عَلَيْهِمْ نَبَأَ ٱلَّذِىٓ ءَاتَيْنَـٰهُ ءَايَـٰتِنَا فَٱنسَلَخَ مِنْهَا فَأَتْبَعَهُ
ٱلشَّيْطَـٰنُ فَكَانَ مِنَ ٱلْغَاوِينَ ﴿١٧٥﴾ وَلَوْ شِئْنَا لَرَفَعْنَـٰهُ بِهَا وَلَـٰكِنَّهُۥٓ
أَخْلَدَ إِلَى ٱلْأَرْضِ وَٱتَّبَعَ هَوَىٰهُ ۚ فَمَثَلُهُۥ كَمَثَلِ ٱلْكَلْبِ إِن تَحْمِلْ
عَلَيْهِ يَلْهَثْ أَوْ تَتْرُكْهُ يَلْهَث ۚ ذَّٰلِكَ مَثَلُ ٱلْقَوْمِ ٱلَّذِينَ كَذَّبُوا۟
بِـَٔايَـٰتِنَا ۚ فَٱقْصُصِ ٱلْقَصَصَ لَعَلَّهُمْ يَتَفَكَّرُونَ ﴿١٧٦﴾ سَآءَ مَثَلًا ٱلْقَوْمُ
ٱلَّذِينَ كَذَّبُوا۟ بِـَٔايَـٰتِنَا وَأَنفُسَهُمْ كَانُوا۟ يَظْلِمُونَ ﴿١٧٧﴾﴾

## تەرجىمىسى

175ـ(ئى پەيغەمبەر!) ئۇلارغا (يەنى يەھۇدىيلارغا) شۇنداق بىر ئادەمنىڭ قىسسىسىنى ئوقۇپ بەرگىنكى، ئۇ ئادەمگە ئايەتلىرىمىزنى بەرگەن ئىدۇق. ئۇ ئايەتلىرىمىزدىن ئۆزىنى تارتتۇىدى، شەيتان ئۇنى ئۆزىگە ئەگەشتۈرۈۋالدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئازغۇنلاردىن بولۇپ كەتتى.

176ـ ئەگەر بىز خالىساق، بۇ ئايەتلەر بىلەن ئۇنىڭ دەرىجىسىنى كۆتۈرەتتۇق، لېكىن ئۇ دۇنياغا بېرىلىپ كەتتى، نەپسى خاھىشىغا بويسۇندى، ئۇ گويا بىر ئىتقا ئوخشايدۇكى، ئۇنى قوغلىۋەتسەڭمۇ تىلىنى چىقىرىپ ھاسرايدۇ، قوغلىۋەتمىسەڭمۇ تىلىنى چىقىرىپ ھاسرايدۇ. بۇ بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى يالغانغا چىقارغان ئەنە شۇ قەۋمنىڭ مىسالىدۇر. قەۋمىڭنىڭ ئويلاپ بېقىشى

---

[1] ئىسرا سۈرىسى: 15ـئايەت.

ئۈچۈن، بۇ قىسسىنى سۆزلەپ بەرگىن.

177-بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى يالغانغا چىقىرىپ ئۆزلىرىگە زىيان سالغان قەۋمنىڭ مىسالى نېمىدېگەن يامان!

### ◄ تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! يەھۇدىيلارغا ۋە باشقا بارلىق كاپىرلارغا شۇنداق بىر ئادەمنىڭ قىسسىسىنى ئوقۇپ بەرگىنكى، بىز ئۇ ئادەمگە ئايەتلىرىمىزنى ۋە ئۇنى چۈشىنىدىغان ئەقىل-پاراسەتنى ئاتا قىلغان ئىدۇق. لېكىن ئۇ ئادەم بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزدىن ئۆزىنى تارتتى، ئۇنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلمىدى، ئۇنى كۆرمەسكە سېلىپ ئۇنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتتى. بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، شەيتان ئۇنى ئۆزىگە ئەگەشتۈرۈۋالدى، ئۇنىڭغا ھۆكۈمران بولۇۋالدى. نىھايەت، ئۇنى ئازدۇرۇپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم ئازغۇنلار قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ، شەيتانغا ئوخشاش بۇزغۇنچىلاردىن ۋە لەنەتكە تېگىشلىك بولغانلاردىن بولۇپ قالدى.

سۇبھانەللاھ! ئىنسان بۇزغۇنچىلىقتا ۋە ئازغۇنلۇقتا شەيتاندىنمۇ ئېشىپ كېتىدىكەن ئەمەسمۇ!؟

ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: ئەگەر بىز خالىغان بولساق، ئۇ ئادەمنىڭ شەنىنى بۇ ئايەتلەر ئارقىلىق ئەلۋەتتە يۇقىرى كۆتۈرگەن ۋە ياخشىلار قاتارىدىن قىلغان بولاتتۇق. لېكىن ئۇ ئادەم ئاخىرەتلىكنى خالىماي، دۇنيالىققىلا بېرىلىپ كەتتى، بارلىق ھىممىتىنى بۇ دۇنيانىڭ ۋاقىتلىق نېمەتلىرىدىن بەھرىمەن بولۇشقا بېغىشلىدى، ئۆزىنىڭ نەپسى خاھىشىغا بويسۇندى. نەتىجىدە، قىلغان گۇناھلىرى ئۇنىڭ دىلىنى قارايتىپ بېرىپ، ئاخىر ئۇنى قاراڭغۇلۇقتا ياشايدىغان، شەھۋانىيلىقتىن باشقىسىنى بىلمەيدىغان، بىر ئەقىلسىز ھايۋانغا ئوخشاش قىلىپ قويدى.

بۇ ئايەت ئىنسان نېمىنى نىيەت قىلسا ۋە قايسى يولدا ماڭسا، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنى شۇنىڭغا مۇيەسسەر قىلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

بۇنداق بولۇشى شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئاللاھ تائالا ئىنسانغا يول تاللاش ئىختىيارىنى بېرىۋەتكەن بولۇپ، ئاخىرەتتە ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان مۇكاپات ياكى جازا ئۇنىڭ مۇشۇ دۇنيادىكى تاللىشىنىڭ نەتىجىسىدۇر. ئاللاھ تائالا ئىنساننى سىناش ئۈچۈن بۇ دۇنياغا كەلتۈرگەن بولۇپ، ياخشىلىقنى تاللىغان كىشىگە ئۇنىڭ يولىنى ئاسانلاشتۇرۇپ، ئۇنى شۇ ياخشىلىقنى قىلىشقا قادىر ۋە ئىقتىدارلىق قىلدى. يامانلىقنى تاللىغان كىشىگىمۇ

ئۇنىڭ يولىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىپ، ئۇنى شۇ يامانلىقنى قىلىشقا قادىر ۋە ئىقتىدارلىق قىلدى. ﴿مَّن كَانَ يُرِيدُ ٱلۡعَاجِلَةَ عَجَّلۡنَا لَهُۥ فِيهَا مَا نَشَآءُ لِمَن نُّرِيدُ ثُمَّ جَعَلۡنَا لَهُۥ جَهَنَّمَ يَصۡلَىٰهَا مَذۡمُومٗا مَّدۡحُورٗا﴾ يەنى ﴿كىمكى بۇ تېز ئۆتۈپ كېتىدىغان (دۇنيا مەنپەئەتلىرى)نى كۆزلەيدىكەن، بىز دۇنيادا (ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن) ئۆزىمىز خالىغان ئادەمگە ئۆزىمىز خالىغاننى بېرىمىز، ئاندىن ئۇنىڭغا جەھەننەمنى (تەيىن) قىلىمىز، ئۇ خارلانغان، (رەھمىتىمىزدىن) قوغلانغان هالدا جەھەننەمگە كىرىدۇ﴾[1].
دېمەك، ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسى بەندىنىڭ مۇشۇ دۇنيادىكى تاللىشىغا باغلىقتۇر. يەنى ئىنسان قايسى يولنى تاللىسا، ئاللاھ تائالا ئۇنى شۇنىڭغا يەتكۈزىدۇ.

«قۇرئان كەرىم»نىڭ كۆرسەتمىلىرىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلماي، ئۆزىنىڭ نەپسىنى بۇلغىغان ۋە روهىنى قاراڭغۇلۇققا مەهكۇم قىلغانلارنىڭ ئەهۋالى هەقىقەتەن ئەجەبلىنەرلىكتۇر. گويا ئۇ قوغلىۋەتسىمۇ تىلىنى چىقىرىپ هاسىرايدىغان، قوغلىۋەتمىسىمۇ تىلىنى چىقىرىپ هاسىرايدىغان ئىتقا ئوخشايدۇ.

پەقەت دۇنيالىققىلا بېرىلىپ ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرىنى يالغانغا چىقارغان كاپىرلارنىڭ ئەهۋالى ئەنە شۇنداق بولۇپ، ئۇلارنىڭ هاياتى غەم-قايغۇ ئىچىدە ئۆتىدۇ، ئۇلار قانچىلىك كۆپ مال-دۇنياغا ئېرىشسىمۇ، يەنىلا تويمايدۇ، ئەكسىچە، ئۇلارنىڭ غەمكىنلىكى تېخىمۇ ئاشىدۇ، هەمىشە هارغىنلىقتىن، قانائەتسىزلىكتىن هالسىراپلا يۈرىدۇ. ئۇنىڭ تۇرمۇشى باياشاتلىققا تولۇپ، رىزقى موللاشقانسېرى ئۇنىڭ تەمەگەرلىكى، ئاچكۆزلۈكى ئاشىدۇ، بۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۇنىڭ دەرد-ئەلەملىرىمۇ كۆپىيىدۇ. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرىنى يالغانغا چىقارغان، هەقىقەتنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتىپ، ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگەن، ۋەز-نەسىهەت كار قىلمىغان قەۋملەرنىڭ هەممىسىگە كەلتۈرۈلگەن مىسالدۇر.

ئى پەيغەمبەر! قەۋمىڭنىڭ گۇناهلىرىغا تەۋبە قىلىپ، ئۆزلىرى هەققىدە تەپەككۇر قىلىپ خاتالىقىنى تونۇپ، توغرا يولغا كىرىشى ئۈچۈن، ئۇلارغا مۇشۇ ۋە مۇشۇنىڭغا ئوخشىغان قىسسىلەرنى ئوقۇپ بەرگىن. شەكسىزكى، بۇ قىسسىلەردە تەپەككۇر قىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئىبرەتلەر بار.

---

[1] ئىسرا سۈرىسى: 18-ئايەت.

## مۇھىم نۇقتىلىرى

1. «قۇرئان كەرىم»نىڭ مەنىسىنى چۈشىنىپ ئوقۇش بارچە ياخشىلىق-لارغا ۋە ئىلىم-ھېكمەتكە ئېرىشىشنىڭ يولىدۇر.

2.«قۇرئان كەرىم» ئىززەت-ھۆرمەت ۋە مەنىۋى كۈچ-قۇۋۋەتنىڭ كېپىلى بولۇپ، چىن ئېتىقاد بىلەن ئۇنى ئۆزىگە يولباشچى قىلغانلار نىجاتلىققا ئېرىشىدۇ. ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگەنلەر زىيان تارتىدۇ.

3. ئىبرەتلىك قىسسىلەر كىشىلەرنىڭ ۋەز - نەسىھەتلەرنى قوبۇل قىلىشى ئۈچۈن ياردەمچى بولىدۇ.

## دوزاخ ئەھلىنىڭ سۈپىتى

﴿مَن يَهۡدِ ٱللَّهُ فَهُوَ ٱلۡمُهۡتَدِيۖ وَمَن يُضۡلِلۡ فَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلۡخَٰسِرُونَ
١٧٨ وَلَقَدۡ ذَرَأۡنَا لِجَهَنَّمَ كَثِيرٗا مِّنَ ٱلۡجِنِّ وَٱلۡإِنسِۖ لَهُمۡ قُلُوبٞ لَّا
يَفۡقَهُونَ بِهَا وَلَهُمۡ أَعۡيُنٞ لَّا يُبۡصِرُونَ بِهَا وَلَهُمۡ ءَاذَانٞ لَّا يَسۡمَعُونَ
بِهَآۚ أُوْلَٰٓئِكَ كَٱلۡأَنۡعَٰمِ بَلۡ هُمۡ أَضَلُّۚ أُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلۡغَٰفِلُونَ ١٧٩﴾

## تەرجىمىسى

178-ئاللاھ كىمنى ھىدايەت قىلسا، ھىدايەت تاپقۇچى ئاشۇدۇر، ئاللاھ كىمنى ئازغۇن قىلسا، (ھەقىقىي) زىيان تارتقۇچىلار ئەنە شۇلاردۇر.

179-شەك-شۈبھىسىزكى، جىن ۋە ئىنسانلاردىن نۇرغۇنلىرىنى دوزاخ ئۈچۈن ياراتتۇق، ئۇلارنىڭ دىللىرى بار تۇرۇپ چۈشەنمەيدۇ، كۆزلىرى بار تۇرۇپ كۆرمەيدۇ، قۇلاقلىرى بار تۇرۇپ ئاڭلىمايدۇ. ئۇلار گويا ھايۋانغا ئوخشايدۇ، بەلكى ھايۋاندىنمۇ بەتتەر ئازغۇندۇر، ئەنە شۇلار غاپىللاردۇر.

## تەپسىرى

ئاللاھ تائالا كىمنى ھىدايەت قىلىپ، ياخشىلىققا، ھەق دىنغا ۋە ھاياتلىقنىڭ دەستۇرى بولغان «قۇرئان كەرىم» نىڭ يولىغا ئەگىشىشكە مۇۋەپپەق قىلسا، ئەڭ توغرا يولنى تاپقان ئادەم ئەنە شۇدۇر. شۇنىڭدەك، ئاللاھ تائالا كىمنى ئۆزىنىڭ ئازغۇنلۇقىدا قالدۇرۇپ، ئۇنى ياخشىلىققا، ھەق دىنغا، «قۇرئان كەرىم»نىڭ نۇرىغا مۇۋەپپەق قىلمىسا، ئەڭ چوڭ

زىيان تارتقانلار ئاشۇلاردۇر.

ئىلاھىي ھىدايەتنىڭ يولى پەيغەمبەرگە ئەگىشىشتىن ئىبارەت بىرلا يول بولغانلىقتىن، ﴿ئاللاھ كىمنى ھىدايەت قىلسا، ھىدايەت تاپقۇچى ئاشۇدۇر، ئاللاھ كىمنى ئازغۇن قىلسا، (ھەقىقىي) زىيان تارتقۇچىلار ئەنە شۇلاردۇر﴾ دېگەن ئايەتتە، ھىدايەت تاپقۇچى ﴿ھىدايەت تاپقۇچى ئەنە شۇدۇر﴾ دەپ بىرلىك شەكلى بىلەن كەلگەن. ئەمما ئازغۇنلۇقنىڭ يوللىرى ۋە تۈرلىرى كۆپ بولغانلىقتىن، ئازغۇنلار: ﴿(ھەقىقىي) زىيان تارتقۇچىلار ئەنە شۇلاردۇر﴾ دەپ كۆپلۈك شەكلىدە كەلگەن. ئاللاھ تائالا يەنە جىن ۋە ئىنسانلاردىن نۇرغۇنلىرىنى دوزاخقا يېقىلغۇ بولۇش ئۈچۈن، يەنە نۇرغۇنلىرىنى جەننەت ئۈچۈن ياراتقانلىقىنى بايان قىلىدۇ. ﴿فَمِنۡهُمۡ شَقِيّٞ وَسَعِيدٞ﴾ يەنى ﴿ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بەختسىز بولىدۇ، بەزىلىرى سائادەتمەن بولىدۇ﴾[1]، ﴿فَرِيقٞ فِي ٱلۡجَنَّةِ وَفَرِيقٞ فِي ٱلسَّعِيرِ﴾ يەنى ﴿بىر پىرقە جەننەتتە، يەنە بىر پىرقە جەھەننەمدە بولىدۇ﴾[2].

دوزاخ ئەھلىنىڭ سۈپىتى شۇكى، ئۇلاردا ئۆزلىرىنىڭ نەپسىنى پاكلاشقا، مەنىۋىيىتىنى يۈكسەلدۈرۈشكە، دىلىنى ئاقارتىشقا تۈرتكە بولىدىغان ياخشى نىيەت ۋە ساغلام ئەقىل يوق. شۇڭا ئۇلار مەنىۋى ھاياتنى ۋە ئۇنىڭ دۇنيا-ئاخىرەتتىكى ھۆزۈر-ھالاۋىتىنى چۈشەنمەيدۇ ۋە ھەرگىز تېتىيالمايدۇ. ﴿يَعۡلَمُونَ ظَٰهِرٗا مِّنَ ٱلۡحَيَوٰةِ ٱلدُّنۡيَا وَهُمۡ عَنِ ٱلۡأٓخِرَةِ هُمۡ غَٰفِلُونَ﴾ يەنى ﴿ئۇلار دۇنيا ھاياتىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىنىلا بىلىدۇ، ئەمما ئاخىرەتتىن غەپلەتتىدۇر﴾[3]. ئۇلار دىندا بۇيرۇلغان ئىشلاردا ياخشىلىقنىڭ بارلىقىنى، دىندا چەكلەنگەن ئىشلاردا يامانلىقنىڭ ۋە زىياننىڭ بارلىقىنى چۈشەنمەيدۇ. ئۇلار كائىناتتىكى ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىگە دالالەت قىلىدىغان ئالامەتلەرنى كۆرمەيدۇ، «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرى ئۈستىدە تەپەككۇر قىلمايدۇ، پەيغەمبەرلەرگە نازىل بولغان ئايەتلەرنى، تارىختىكى ھادىسىلەرنى، ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنىڭ قىسسىلىرىنى ئاڭلاپ ئىبرەت ئالمايدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ كۆزلىرى بولغىنى بىلەن، ئۇلار ھەقىقەتنىڭ دەلىللىرىنى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىنى نامايان قىلىپ تۇرىدىغان كائىنات ئالامەتلىرىنى كۆرمەيدۇ. ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرى بولغىنى بىلەن، ئۇلار ھەقىقەتنىڭ ساداسىغا قۇلاق

---

[1] ھۇد سۈرىسى: 105- ئايەت.

[2] شۇرا سۈرىسى: 7- ئايەت.

[3] رۇم سۈرىسى: 7- ئايەت.

سالمايدۇ، ھەق سۆزنى، ۋەز-نەسىھەتنى ئاڭلىمايدۇ. ئۇلارنىڭ دىللىرى بولغىنى بىلەن، ئۇلار ئەقلىنى ئىشلەتمەيدۇ، نەتىجىدە، ھەقىقەتنى چۈشەنمەيدۇ. ئۇلار گويا ھايۋانغا ئوخشايدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئاساسلىق غېمى ۋە غايىسى ھايۋانلارغا ئوخشاش يېيىش، ئىچىش ۋە دۇنيا نېمەتلىرىدىن لەززەتلىنىشتىنلا ئىبارەتتۇر، خالاس. بەلكى ھايۋانلار ئىسراپخورلۇق قىلمايدۇ، ئۇلار بولسا ئىسراپخورلاردۇر. ھايۋانلاردا ئەقىل يوق، ئەمما ئۇلاردا ئەقىل-ئىدراك بار. ئۇلار ئۆزلىرىگە بېرىلگەن ئەقلىنى ۋە مەنىۋى تۇيغۇلىرىنى توغرا يولدا مېڭىش ئۈچۈن ئىشلەتمىگەنلىكتىن، ھايۋاندىنمۇ تۆۋەن ئورۇنغا چۈشۈپ قالغان. شۇڭا ئۇلار ھايۋاندىنمۇ بەتتەر ئازغۇنلاردۇر. ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرىدىن تامامەن غەپلەتتىدۇر. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھېس-تۇيغۇلىرىنى، ئەقىللىرىنى يارىتىلغان غايە ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتىن مەھرۇمدۇر، ئۇلار ئىشلارنىڭ ھەقىقىتىنى بىلىشتىن تامامەن غەپلەتتە قالغانلاردۇر.

خۇلاسە سۆز شۇكى، دوزاخ ئەھلى ئەقىلسىز ۋە غاپىللاردۇر. چۈنكى، ئۇلار مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئەھمىيەت بەرمەستىن، پەقەت ئۆتكۈنچى دۇنيانىڭ تىرىكچىلىكىگىلا بېرىلىپ كەتكەنلەردۇر. ﴿وَكَأَيِّن مِّنْ ءَايَةٍ فِى ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ يَمُرُّونَ عَلَيْهَا وَهُمْ عَنْهَا مُعْرِضُونَ﴾ يەنى ﴿ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا نۇرغۇن دەلىللەر باركى، ئۇلار ئۇنىڭ يېنىدىن پەرۋا قىلماي ئۆتۈپ كېتىدۇ﴾[1]. ئەمما جەننەت ئەھلى ئەقىللىق، ھوشيار كىشىلەر بولۇپ، دۇنيانى ئۆز ھەقىقىتى بىلەن تونۇيدۇ، ئاخىرەتلىكىنىمۇ قولدىن بەرمەيدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ھىدايەت پەقەتلا ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە بولۇپ، ئاللاھ تائالا ھىدايەتنى خالىغان بەندىلىرىگە ئاتا قىلىدۇ. نىيەتنى دۇرۇسلاپ، ئېتىقادنى توغرىلاپ ئاللاھ تائالاغا يۈزلەنگەن ئادەمنى ئاللاھ تائالا ئەلۋەتتە دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بارلىق ياخشى ئىشلارغا يېتەكلەيدۇ. ھىدايەت بارلىق نېمەتلەرنىڭ ئەڭ كاتتىسى بولۇپ، ھىدايەت ئۈستىدىكى ئادەم ئەڭ بەختلىك ئادەمدۇر.

2. ھەركىمنىڭ بەختلىك ياكى بەختسىز بولۇشى (ئۇنىڭ نىيىتىگە ۋە قىلماقچى بولغان ئىشلىرىغا ئاساسەن) تەقدىردە يېزىلىپ بولغان بولىدۇ. شۇڭا ھەركىمگە ئۆزى ئۈچۈن يارىتىلغان نەرسە ئاساندۇر. يەنى گۇناھ

[1] يۈسۈف سۈرىسى: 105- ئايەت.

قىلىدىغانلار ئۈچۈن گۇناھنىڭ يوللىرى ئاسان، ياخشى ئىش قىلىدىغانلار ئۈچۈن ياخشى ئىشنىڭ يوللىرى ئاسان ۋە ئوچۇق بولىدۇ.

3. ئىنسانىنىڭ ئاللاھ تائالانى تونۇمىغانلىقى تۆپەيلىدىن چۈشۈپ قالىدىغان تۆۋەنلىك دەرىجىسى ھايۋانلارنىڭ دەرىجىسىدىنمۇ تۆۋەن بولىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ھايۋانلارغا ئەقىل بەرمىگەن، ئەمما ئىنسانلارغا ئەقىل ـ ئىدراك ئاتا قىلىپ، ئۇنى ھۆرمەتلىك قىلغان. مۇنداق بىر ھۆرمەتلىك بەندە ئۆزىنى تۆۋەن دەرىجىلەرگە چۈشۈرۈپ قويسا، ئۇ ئەلۋەتتە ھايۋاندىنمۇ بەتتەر بولۇپ كېتىدۇ.

4. ئاللاھ تائالانىڭ كىتابىدىن يۈز ئۆرۈگۈچىلەرنىڭ ھاياتى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە خارلىق ئىچىدە بولىدۇ. چۈنكى، «قۇرئان كەرىم» ئىنسانلارنىڭ شەنىنى كۆتۈرىدىغان، ئۇلارنى ئەزىز قىلىدىغان يېگانە كىتابتۇر.

### ◄ ئاللاھ تائالانىڭ گۈزەل ئىسىملىرى

﴿وَلِلَّهِ ٱلۡأَسۡمَآءُ ٱلۡحُسۡنَىٰ فَٱدۡعُوهُ بِهَاۖ وَذَرُواْ ٱلَّذِينَ يُلۡحِدُونَ فِيٓ أَسۡمَٰٓئِهِۦۚ سَيُجۡزَوۡنَ مَا كَانُواْ يَعۡمَلُونَ ١٨٠﴾

### ◄ تەرجىمىسى

180 ـ ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرى بار، شۇڭا، سىلەر ئاللاھنى شۇ ئىسىملار بىلەن چاقىرىڭلار، ئاللاھنىڭ ئىسىملىرى ھەققىدە (توغرا يولدىن) ئېزىپ كەتكەنلەر بىلەن كارىڭلار بولمىسۇن. ئۇلار قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ.

### ◄ چۈشۈش سەۋەبى

ئەللامە ئىبنى ئەل ئەرەبىينىڭ بايان قىلىشىچە، ئۆز ۋاقتىدا مۇسۇلمانلارنىڭ دۇئالىرىدا ئاللاھ تائالاغا ﴿ئاللاھ﴾، ﴿رەھمان﴾ دېگەن ئىسىملىرى بىلەن مۇناجات قىلغانلىقىنى ئاڭلىغان مۇشرىكلار: مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرى ئۆزلىرىنى بىز بىر ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىمىز دەپ تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ «ئاللاھ، رەھمان» دەپ ئىككىسىگە مۇناجات قىلىۋاتقىنى نېمە قىلغىنى؟ دەپ ئىغۋاگەرلىك قىلىشقاندا، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا رەددىيە بېرىپ، بۇ ئايەتنى نازىل قىلغان ۋە مۇشۇ ئىسىملار بىلەن مۇناجات قىلىنىۋاتقان زاتنىڭ ئاللاھ تائالادىن ئىبارەت بىرلا ئىلاھ

ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن[1].

## تەپسىرى

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان: «إِنَّ لِلَّهِ تِسْعَةً وَتِسْعِينَ اسْمًا مِائَةً إِلَّا وَاحِدًا، مَنْ أَحْصَاهَا دَخَلَ الْجَنَّةَ» يەنى «ئاللاھنىڭ 99 ئىسمى بار، كىمكى ئۇنى يادلىسا جەننەتكە كىرىدۇ»[2]. بۇ ھەدىستىكى«يادلىسا» دېگەن سۆزنى ئۆلىمالار«بۇ ئىسىملەرنىڭ مەنىسىنى ئۆگەنسە»، «بۇ ئىسىملارنىڭ تەقەززاسى بويىچە ئەمەل قىلسا»، «ئاللاھ تائالاغا بۇ ئىسىملىرىنى ئاتاپ دۇئا قىلسا» دەپ ھەر خىل شەرھلىگەن. ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىملىرىنىڭ تەقەززاسى بويىچە ئەمەل قىلىش دېگەنلىك ئاللاھ تائالانىڭ بىر ئىكەنلىكىنى بىلگەن ئادەمنىڭ ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرمەسلىكى، ئۇنىڭ رىزىق بەرگۈچى ئىكەنلىكىنى بىلگەن ئادەمنىڭ ئاللاھ تائالادىن باشقىسىدىن رىزىق تەلەپ قىلماسلىقى، ئۇنىڭ شەپقەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلگەن ئادەمنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە شەپقەتلىك بولۇشى لازىم دېگەنلىكتۇر.

بۇ 99 ئىسىمنىڭ «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىسلەردىن ئېلىنغانلىقى توغرىسىدا بارلىق ئۆلىمالار بىرلىككە كەلگەن. دېمەك، بۇ ئىسىملار «تەۋقىفىي»دۇر (يەنى قۇرئان ۋە ھەدىستە قانداق كەلگەن بولسا شۇنداق دەپ ئاتىلىدۇ، تەۋىل قىلىنمايدۇ).

ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىملىرى 99 بىلەن چەكلىنىپ قالامدۇ؟

ئۆلىمالار ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىملىرى بۇ 99 ئىسىم بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ، دەپ قارايدۇ. چۈنكى، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مَا أَصَابَ أَحَدًا قَطُّ هَمٌّ وَلَا حَزَنٌ، فَقَالَ: اللهُمَّ إِنِّي عَبْدُكَ، ابْنُ عَبْدِكَ، ابْنُ أَمَتِكَ، نَاصِيَتِي بِيَدِكَ، مَاضٍ فِيَّ حُكْمُكَ، عَدْلٌ فِيَّ قَضَاؤُكَ، أَسْأَلُكَ بِكُلِّ اسْمٍ هُوَ لَكَ سَمَّيْتَ بِهِ نَفْسَكَ، أَوْ عَلَّمْتَهُ أَحَدًا مِنْ خَلْقِكَ، أَوْ أَنْزَلْتَهُ فِي كِتَابِكَ، أَوِ اسْتَأْثَرْتَ بِهِ فِي عِلْمِ الْغَيْبِ عِنْدَكَ، أَنْ تَجْعَلَ الْقُرْآنَ رَبِيعَ قَلْبِي، وَنُورَ صَدْرِي، وَجِلَاءَ حُزْنِي، وَذَهَابَ هَمِّي، إِلَّا أَذْهَبَ اللهُ هَمَّهُ وَحُزْنَهُ، وَأَبْدَلَهُ

[1] «أحكام القرآن لابن العربي» 2-توم، 339-بەت.
[2] «صحيح البخاري» 3-توم، 198-بەت، 2736-ھەدىس.

مَكَانَهُ فَرَحًا» يەنى «قايغۇ ياكى غەم بېسىۋالغان ھەرقانداق ئادەم: ‹ئى ئاللاھ! مەن سېنىڭ قۇلۇڭمەن، قۇلۇڭنىڭ ۋە دېدىكىڭنىڭ ئوغلىمەن، مېنىڭ كوكۇلام سېنىڭ ئىلكىڭدىدۇر، سېنىڭ ھۆكمىڭ ماڭا ئۆتكۈچىدۇر، ھەققىمدە چىقارغان ھۆكمىڭ مۇتلەق ئادىلدۇر، سەن كىتابىڭدا نازىل قىلغان ياكى بەندىلىرىڭدىن بىرەرسىگە بىلدۈرگەن ۋەياكى سەن ھېچكىمگە بىلدۈرمىگەن، سەن ئۆزۈڭلا بىلىدىغان، قىسقىسى سەن ئۆزۈڭنى ئاتىغان ۋە ئۆزۈڭگە مەنسۇپ قىلغان بارلىق ئىسىملىرىڭنى ئاتاپ سەندىن تىلەيمەنكى، سەن قۇرئاننى يۈرىكىمنىڭ باھارى، كۆڭلۈمنىڭ نۇرى، غەم-قايغۇلىرىمنى كەتكۈزگۈچى قىلىپ بەرگىن› دېسە، ئاللاھ ئۇنىڭ غەم-قايغۇلىرىنى كەتكۈزۈۋېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا خۇرسەنلىكنى ئالماشتۇرۇپ بېرىدۇ»[1]. يەنە قىيامەت كۈنىدىكى شاپائەت توغرۇلۇق كەلگەن ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «ئاندىن ئاللاھ ماڭا ئىلھام قىلىپ، ئىلگىرى ھېچقانداق بەندىگە بىلدۈرمىگەن مەدھىيەلەرنى ۋە ئەڭ ياخشى ھەمدۇسانانى ئۆگىتىدۇ»[2] دېگەنلىكى بايان قىلىنغان. «بۇ ھەدىسلەردىن مەلۇمكى، ئاللاھ تائالا بەزى ئىسىملار بىلەن ئۆزىنى ئاتىغان، بەزى ئىسىملىرىنى ‹قۇرئان كەرىم›دە نازىل قىلغان بولۇپ، بەزى ئۆلىمالار ئاللاھ تائالانىڭ ‹قۇرئان كەرىم›دىكى ئىسىم- سۈپەتلىرىنى 81 دەپ سانىغان. ئاللاھ تائالا يەنە بەزى ئىسىملىرىنى پەيغەمبەرلىرىگىلا ياكى پەرىشتىلىرىگىلا بىلدۈرگەن، يەنە نۇرغۇن ئىسىم-سۈپەتلىرىنى بەندىلىرىگە بىلدۈرمەي ئۆز دەرگاھىدا ساقلىغان. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ھەر تەرەپتىن مۇكەممەل ۋە تەڭداشسىز ئىلاھتۇر. بارچە گۈزەللىك ۋە ئېسىللىك، جىمى ئۇلۇغلۇق، بارلىق كۈچ-قۇدرەت ۋە چەكسىز ئىلىم-ھېكمەت ئۇنىڭغا خاستۇر. ئۇنىڭ ئۇلۇغ ئىسىملىرىنى ۋە گۈزەل سۈپەتلىرىنى ساناپ بولۇش مۇمكىن ئەمەس. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالاھىدە بايان قىلغان مەزكۇر 99 ئىسىم-سۈپەتنىڭ مۇئەييەن خۇسۇسىيەتلىرى بار بولۇپ، شۇ خۇسۇسىيەتلەرنىڭ بىرى شۇكى، خۇددى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتقاندەك ئۇلارنى سانىغان ئادەم (بىلىپ ئەمەل قىلسا) جەننەتكە كىرىدۇ»[3].

ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىملىرى ھەققىدە باتىل ۋە

---

[1] «مسند الإمام أحمد» 6-توم، 247-بەت، 3712 -ھەدىس.

[2] «سەھىھۇلبۇخارى» 7410- ھەدىس، «سەھىھ مۇسلىم» 193- ھەدىس.

[3] ئەللامە سەلمان ئەۋدەنىڭ «مع الله الاسم الأعظم وقضية أسماء الله الحسنى» ناملىق ئەسىرى،34-35- بەتلەر.

يالغان سۆزلەرنى قىلغان، ئاللاھ تائالانى «قۇرئان كەرىم» ۋە سەھىھ ھەدىسلەردە كەلمىگەن ئىسىملار بىلەن ئاتىغان، شۇنىڭ بىلەن توغرا يولدىن ئېزىپ كەتكەنلەر بىلەن سىلەرنىڭ كارىڭلار بولمىسۇن، ئۇلارنى ئۆز ھالىغا قويۇۋېتىڭلار. زادى ئۇلار قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى ئۆزى تارتىدۇ. ئاللاھ تائالاغا ھەركىم ئۆزى بىلگەنچە ئىسىم ۋە سۈپەتلەرنى مەنسۇپ قىلالمايدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرى «قۇرئان كەرىم» ۋە سەھىھ ھەدىسلەر ئارقىلىق سابىت بولغان بولۇپ، ئۇ «تەۋقىفىي» دېيىلىدۇ.

«ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىملىرى تەۋقىفىيدۇر» دېگەنلىكنىڭ مەنىسى شۇكى، ئاللاھ تائالا «رەھىم» دەپ ئاتىلىدۇ، ئەمما شۇ مەنىدىكى «رەفىق» دېگەن ئىسىم بىلەن ئاتالمايدۇ، ئاللاھ تائالا «ئالىم» دەپ ئاتىلىدۇ، ئەمما ئالىملىقتا تۈرتكە بولىدىغان سۆز بىلەن ئاتاپ «ئاقىل» دېيىلمەيدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. دۇئا قىلغاندا ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرىنى تىلغا ئېلىپ، ئۇنى ۋاستە قىلىپ تۇرۇپ دۇئا قىلىش ئەڭ ياخشى ۋەسىلىدۇر.

2. ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرىنى تەۋىل قىلماستىن، ئۆزگەرتمەستىن، «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىستە كەلگەن پېتى قوبۇل قىلىپ ئىمان ئېيتىش تەلەپ قىلىنىدۇ.

### ◄ ھىدايەت تاپقۇچىلار ۋە ئازغۇنلار

﴿وَمِمَّنْ خَلَقْنَآ أُمَّةٌ يَهْدُونَ بِٱلْحَقِّ وَبِهِۦ يَعْدِلُونَ ﴿١٨١﴾ وَٱلَّذِينَ
كَذَّبُوا۟ بِـَٔايَٰتِنَا سَنَسْتَدْرِجُهُم مِّنْ حَيْثُ لَا يَعْلَمُونَ ﴿١٨٢﴾ وَأُمْلِى لَهُمْ ۚ
إِنَّ كَيْدِى مَتِينٌ ﴿١٨٣﴾ أَوَلَمْ يَتَفَكَّرُوا۟ ۗ مَا بِصَاحِبِهِم مِّن جِنَّةٍ ۚ إِنْ هُوَ
إِلَّا نَذِيرٌ مُّبِينٌ ﴿١٨٤﴾ أَوَلَمْ يَنظُرُوا۟ فِى مَلَكُوتِ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ
وَمَا خَلَقَ ٱللَّهُ مِن شَىْءٍ وَأَنْ عَسَىٰٓ أَن يَكُونَ قَدِ ٱقْتَرَبَ أَجَلُهُمْ ۖ
فَبِأَىِّ حَدِيثٍۭ بَعْدَهُۥ يُؤْمِنُونَ ﴿١٨٥﴾ مَن يُضْلِلِ ٱللَّهُ فَلَا هَادِىَ لَهُۥ ۚ
وَيَذَرُهُمْ فِى طُغْيَٰنِهِمْ يَعْمَهُونَ ﴿١٨٦﴾﴾

## تەرجىمىسى

181ـبىز ياراتقان ئۇممەتلەر ئىچىدە ھەق يولغا دەۋەت قىلىدىغان ۋە ئادالەتنى ھەق بىلەن بەرپا قىلىدىغان بىر ئۇممەت بار.

182ـبىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى يالغانغا چىقارغانلارغا كەلسەك، ئۇلارنى تۇيدۇرماستىن، ئاستا ـ ئاستا ھالاكەتكە يېقىنلاشتۇرىمىز.

183ـئۇلارغا مۆھلەت بېرىمەن. مېنىڭ تەدبىرىم ھەقىقەتەن كۈچلۈكتۇر.

184ـئۇلار ئويلاپ باقمامدۇ؟ ئۇلارنىڭ ھەمراھى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) ھەرگىز جىن چاپلىشىۋالغان ئادەم ئەمەس. ئۇ پەقەت ئوپئوچۇق ئاگاھلاندۇرغۇچىدۇر.

185ـئۇلار ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ سەلتەنەتلىرىگە، ئاللاھنىڭ ياراتقان مەخلۇقاتلىرىغا نەزەر سالمىدىمۇ؟ ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەجىلى يېقىنلىشىپ قالغانلىقىنىڭ مۇمكىنلىكى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزمەمدۇ؟ ئۇلار قۇرئاندىن باشقا يەنە قايسى سۆزگە ئىشىنىدۇ؟

186ـئاللاھ ئازغۇنلۇقتا قالدۇرغان كىشىنى ھىدايەت قىلغۇچى بولمايدۇ، ئاللاھ ئۇلارنى ئازغۇنلۇقتا تېڭىرقاپ يۈرگەن ھالەتتە قويۇۋېتىدۇ.

## تەپسىرى

ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەۋەتكەن ئۇممەتلەرنىڭ ئىچىدە، خۇسۇسەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلگەن ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدا كىشىلەرنى ھەق يولغا دەۋەت قىلىدىغان ۋە ھەقىقەتتە چىڭ تۇرىدىغان بىر ئۇممەت بار. ئۇلار ـ «قۇرئان كەرىم»دە خەۋەر بېرىلگەندەك ـ ئوتتۇراھال يول تۇتۇپ ماڭىدىغان، ئىشلىرىنىڭ كەم ـ زىيادە بولماي، تەلەپ قىلىنغان بويىچە بولۇشى ئۈچۈن بار كۈچىنى سەرپ قىلىدىغان، ھەرقانداق بىر ئىشتا توغرا ۋە ئادالەتلىك ھۆكۈم قىلىدىغان بىر ئۇممەتتۇر. ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «بۇ ئۇممەت يەتمىش ئۈچ پىرقىگە بۆلۈنىدۇ، بىر پىرقىدىن باشقا ھەممىسى دوزاختا بولىدۇ، ﴿بىز ياراتقان ئۇممەتلەر ئىچىدە ھەق يولغا دەۋەت قىلىدىغان ۋە ھەقىقەتتە چىڭ تۇرىدىغان بىر ئۇممەت بار﴾ دېگەن ئايەتتە سۈپەتلەنگەن ئۇممەت دوزاختىن ساقلىنىپ قالىدىغان ئۇممەتتۇر»[1] دېگەن.

[1] «الدر المنثور للسيوطي» 3ـتوم، 617ـبەت.

ئەمدى، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى يالغانغا چىقارغان، بۇ ئايەتلەرنى تىلاۋەت قىلىپ بەرگەن زات – مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلغان كاپىرلارغا كەلسەك، ئۇلارنى ئۆزىنىڭ ئازغۇنلۇقىدا قويۇپ بېرىمىز، ئۇلارغا ئۇزۇلدۇرمەي نېمەت بېرىش ئارقىلىق سىنايمىز. شۇنداق قىلىپ ئۇلارنى تۇيدۇرماستىن، تەدرىجىي ھالدا ھالاكەتكە ئېلىپ بارىمىز-دە، ئاخىر پۈتۈنلەي ھالاك قىلىپ يوق قىلىمىز. ﴿أَيَحۡسَبُونَ أَنَّمَا نُمِدُّهُم بِهِۦ مِن مَّالٖ وَبَنِينَ ۝٥٥ نُسَارِعُ لَهُمۡ فِي ٱلۡخَيۡرَٰتِۚ بَل لَّا يَشۡعُرُونَ﴾ يەنى ﴿بىزنىڭ ئۇلارغا مال-مۈلۈك ۋە ئوغلانلارنى بەرگەنلىكىمىزنى ئۇلار ئۆزلىرىگە تېز ياخشىلىق قىلغانلىق دەپ ئويلامدۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ئۇلار (ئىشنىڭ تېگى-تەكتىنى ئۇقمايدۇ)﴾ [1]. توغرا، ئاللاھ ھەقىقەتەن زالىملارغا مۆھلەت بېرىدۇ، ئەمما ئۇلارنى جازالاشنىڭ ۋاقتى كەلگەندە، ئۇلارنى ئىبرەتلىك جازالاپ ھالاك قىلىۋېتىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ ئازابى ھەقىقەتەن قاتتىقتۇر.

بۇ مۇشرىكلار ئۆزلىرىنىڭ سان ۋە كۈچ-قۇۋۋەت جەھەتتە مۇسۇلمانلاردىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىدىن مەغرۇرلىنىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلار بۇنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن بىر ئالدىنىش ئىكەنلىكىنى تونۇمىغان ئىدى. مەككىنىڭ پەتھى قىلىنىشى بىلەن ئۇلار نەقەدەر مەغرۇر ئىنسانلار ئىكەنلىكى ۋە ئۇلارنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتىنىڭ ھەقىقەتىنىڭ كۈچى ئالدىدا پۈت تىرەپ تۇرالمايدىغانلىقىنى بىلىپ يەتتى. ئىلگىرى بۇ كاپىرلار مۇسۇلمانلاردىن يېڭىلىپ قېلىشنى ئويلاپمۇ باقمىغان ئىدى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلغان، ئۇنىڭ دەۋىتىنىڭ ھەقلىقى توغرىسىدا ئويلىنىپ كۆرمىگەن، ئەقلىنى ئىشلەتمىگەن ۋە ھەمىشە ئۆزلىرىنىڭ خۇراپىي ئېتىقادىنى توغرا دەپ كەلگەن ئىدى. ئەگەر ئۇلار تەپەككۇر قىلغان ۋە ئوبدانراق ئويلاپ كۆرگەن بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە، ھەقىقەتنى تاپقان ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلار ئويلىغاندەك مەجنۇن (ئەقلىدىن ئازغان) كىشى ئەمەسلىكىنى بىلگەن بولاتتى. «قۇرئان كەرىم»دە ئۇ مۇشرىكلار توغرۇلۇق مۇنداق دېيىلگەن: ﴿أَمۡ يَقُولُونَ بِهِۦ جِنَّةُۢۚ بَلۡ جَآءَهُم بِٱلۡحَقِّ وَأَكۡثَرُهُمۡ لِلۡحَقِّ كَٰرِهُونَ﴾ يەنى ﴿ياكى ئۇلار ئۇنى جىن چاپلىشىۋالغان دېيىشەمدۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. ئەمەلىيەتتە ئۇ (پەيغەمبەر) ئۇلارغا ھەقىقەتنى ئېلىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ تولىسى ھەقىقەتنى يامان كۆرىدۇ﴾ [2]، ﴿وَقَالُواْ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِي نُزِّلَ

[1] مۇئمىنۇن سۈرىسى: 55-، 56- ئايەتلەر.

[2] مۇئمىنۇن سۈرىسى: 70- ئايەت.

عَلَيۡهِ ٱلذِّكۡرُ إِنَّكَ لَمَجۡنُونٞ﴾ يەنى ﴿ئۇلار: «ئى قۇرئان نازىل قىلىنغان ئادەم! سەن راستتىنلا مەجنۇنسەن» دېدى﴾ [1]. مۇشرىكلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەنە شۇنداق تۆھمەتلەرنى قىلدى، ئۇنى ئىنكار قىلدى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئازغۇنلۇقىدا شۇنداق ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى. ۋاھالەنكى، ئۇ پەيغەمبەر ئۇيئۇچۇق بىر ئاگاھلاندۇرغۇچى، نەسىھەت قىلغۇچى ۋە ھەق دىننى يەتكۈزگۈچى ئىدى. ئۇ پەيغەمبەر داۋاملىق ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تۇرسا، ئۇلار نېمە ئۈچۈن ئۇنى تونۇمايدۇ؟! ئەگەر ئۇلار ئەقلىنى ئىشلەتكەن بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە توغرا يولنى تاپقان بولاتتى.

ئۇ مۇشرىكلار ئۆزلىرىنىڭ ئەجىلى ئاز قالغان بولۇشى مۇمكىنلىكىنى ئويلىمامدۇ؟ شۇنداق تۇرۇقلۇق، نېمە ئۈچۈن ئۇلار پۇرسەت كېتىشتىن بۇرۇن ھەقىقەتنى ئېتىراپ قىلىشقا، «قۇرئان كەرىم»گە ۋە پەيغەمبەرگە ئىمان كەلتۈرۈشكە ئالدىرىمايدۇ؟ ئۇلار ئۆزلىرىگە ھەقىقەت ئاشكارا بولغاندىن كېيىنمۇ يەنە نېمىگە ساقلاپ تۇرىدۇ؟ ئۇلار «قۇرئان كەرىم»دىن يۈز ئۆرۈپ قايسى سۆزنى ئېتىراپ قىلماقچى؟ ئۇلار «قۇرئان كەرىم»گە ئىشەنمەي قايسى كىتابقا ئىشىنىدۇ؟ دۇنيادا بۇ كىتابتىنمۇ ھەق ۋە توغرا كىتاب بارمۇ؟

مۇشرىكلار ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىش، پەيغەمبەرگە ئىمان ئېيتىش، «قۇرئان كەرىم»گە ئەمەل قىلىشتىن ئىبارەت ياخشىلىقتا كۆڭۈل مايىللىقى بولمىغان مەخلۇقلاردۇر. شۇڭا ئۇلار ئازغۇنلۇقتىن باشقىسىنى خالىمايدۇ. ھەقىقەت شۇكى، ئاللاھ تائالا ھىدايەت قىلمىغان كىشىنى ھىدايەت قىلغۇچى يوقتۇر. ئۇلاردا ھىدايەتكە ئىنتىلىش بولمىغانلىقتىن، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ ئازغۇنلۇقىدا تاشلاپ قويىدۇ-دە، ئۇلار ھەر يەردە تېڭىرقاپ يۈرىدۇ. ئۆلىمالار تۆمۈر داتلاشقاندەك دىللارنىڭمۇ داتلىشىدىغانلىقىنى، يامان ئىشلارنىڭ دىللارغا قېلىن توساق پەيدا قىلىپ، ئۇنى ھەقىقەتكە مەڭگۈ ئېرىشەلمەيدىغان قىلىپ قويىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ﴿كَلَّاۖ بَلۡۜ رَانَ عَلَىٰ قُلُوبِهِم مَّا كَانُواْ يَكۡسِبُونَ﴾ يەنى ﴿ئەمەلىيەت ھەرگىز ئۇلار گۇمان قىلغاندەك ئەمەس، بەلكى ئۇلار گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن دىللىرى قارىيىپ كەتكەنلەردۇر﴾[2].

[1] ھىجر سۈرىسى: 6- ئايەت.

[2] مۇتەففىفىن سۈرىسى: 14- ئايەت.

## مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ھەرقانداق بىر مىللەتتە ياخشىلار ۋە يامانلار بار بولۇپ، ھېچقانداق بىر مىللەتنى مۇتلەق ياخشى ياكى مۇتلەق يامان دەپ كېسىپ ئېيتقىلى بولمايدۇ.

2. ئاللاھ تائالانىڭ كىتابى بولغان «قۇرئان كەرىم»نى ئىنكار قىلىش ئەڭ ئۇچىغا چىققان كۇفرىلىق بولۇپ، مۇنداقلارنى ئاللاھ تائالا تەدرىجىلىك بىلەن ئىبرەتلىك ھالدا جازالايدۇ.

3. ئىنسانىنىڭ بىر كۈنى چوقۇم ئۆلىدىغانلىقىنى، بۇ دۇنيانىڭ پانىي ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ ياخشىلىقى ۋە يامانلىقى بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىغا بارىدىغانلىقىنى ھەمىشە ئەستە تۇتۇشى ئۇنىڭ ئۇچۇن ئەڭ ئۇنۇملۇك ۋەز - نەسىھەتتۇر.

3. «قۇرئان كەرىم» دىكى ئىبرەتلىك قىسسىلەردىن، ئاگاھلاندۇرۇشلاردىن ئىبرەت ئالمىغان ئادەم باشقا نەرسىدىن ئىبرەت ئالمايدۇ.

4. «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھىدايىتىدىن يۈز ئۆرۈگەنلەرنىڭ باشقا بىر نەرسە بىلەن ھىدايەت تېپىشى كۈتۈلمەيدۇ. چۈنكى، يېگانە ھىدايەت رەھبىرى «قۇرئان كەرىم»دۇر!

## قىيامەتنىڭ ۋاقتىنى پەقەتلا ئاللاھ بىلىدۇ

﴿يَسْـَٔلُونَكَ عَنِ ٱلسَّاعَةِ أَيَّانَ مُرْسَىٰهَا ۖ قُلْ إِنَّمَا عِلْمُهَا عِندَ رَبِّى ۖ
لَا يُجَلِّيهَا لِوَقْتِهَآ إِلَّا هُوَ ۚ ثَقُلَتْ فِى ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ ۚ لَا تَأْتِيكُمْ
إِلَّا بَغْتَةً ۗ يَسْـَٔلُونَكَ كَأَنَّكَ حَفِىٌّ عَنْهَا ۖ قُلْ إِنَّمَا عِلْمُهَا عِندَ ٱللَّهِ
وَلَٰكِنَّ أَكْثَرَ ٱلنَّاسِ لَا يَعْلَمُونَ ﴿١٨٧﴾

## تەرجىمىسى

187-(ئى پەيغەمبەر! مەككىلىك كاپىرلار) سەندىن قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى سورىشىدۇ. ئېيتقىنكى، «ئۇنىڭ ئىلمى پەقەت رەببىمنىڭ دەرگاھىدىدۇر، ئۇنى پەقەت ئۆزى بەلگىلىگەن ۋاقتىدا مەيدانغا چىقىرىدۇ، (قىيامەت) ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ (ئەھلىگە) ئېغىر ۋەقەدۇر، ئۇ سىلەرگە پەقەت تۇيۇقسىزلا كېلىدۇ». ئۇلار گويا سەن قىيامەت بىلەن ناھايىتى تو-

نۇشتەك، ئۇنى سەندىن سورىشىدۇ. ئېيتقىنكى، «ئۇنىڭ ئىلمى پەقەت ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىدۇر، لېكىن (بۇنداق ئىكەنلىكىنى) ئىنسانلارنىڭ تولىسى بىلمەيدۇ.

## ◄ تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! مەككىلىك كاپىرلار سېنى مەسخىرە قىلىپ، سەندىن قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى سورىشىدۇ. ﴿يَسۡتَعۡجِلُ بِهَا ٱلَّذِينَ لَا يُؤۡمِنُونَ بِهَاۖ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ مُشۡفِقُونَ مِنۡهَا وَيَعۡلَمُونَ أَنَّهَا ٱلۡحَقُّۗ أَلَآ إِنَّ ٱلَّذِينَ يُمَارُونَ فِي ٱلسَّاعَةِ لَفِي ضَلَٰلِۭ بَعِيدٍ﴾ يەنى ﴿قىيامەتكە ئىشەنمەيدىغانلار ئۇنىڭ تېز بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ، قىيامەتكە ئىشىنىدىغانلار بولسا ئۇنىڭدىن قورقىدۇ، ئۇنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. بىلىڭلاركى، قىيامەت توغرۇلۇق جېدەللىشىدىغانلار ئەلۋەتتە چوڭقۇر ئازغۇنلۇقتىدۇر﴾[1]. ئۇلارغا ئېيتقىنكى، قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك ئىلىم پەقەت رەببىمنىڭ دەرگاھىدىدۇر، شۇڭا قىيامەتنىڭ ۋاقتىنى پەقەت رەببىملا بىلىدۇ، ھەممە ئىش ئۇنىڭ ئىلكىدىدۇر، ئۇ قىيامەتنى پەقەت ئۆزى بەلگىلىگەن ۋاقتىدىلا مەيدانغا چىقىرىدۇ، ئۇنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ، ھەتتا ئاللاھ تائالاغا ئەڭ يېقىن پەرىشتىلەرمۇ، پەيغەمبەرلەرمۇ بىلمەيدۇ، قىيامەت ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىنىنىڭ ئەھلىگە يەنى پەرىشتىلەرگە، ئىنسانلارغا ۋە جىنلارغا ناھايىتى ئېغىر بىر ۋەقەدۇر، ئۇلار داۋاملىق قورقۇنچ ئىچىدە تۇرىدۇ. ئى خالايىقلار! سىلەر دۇنيالىق ئىشلارغا بەند بولۇپ قالغان غەپلەتتىكى ۋاقتىڭلاردا قىيامەت سىلەرگە تۇيۇقسىز كېلىدۇ.

بۇ كاپىرلارنىڭ سۆزى تولىمۇ ئەجەبلىنەرلىككى، گويا سەن قىيامەت بىلەن ناھايىتى تونۇشتەك، سەن ئۇنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى بىلىدىغاندەك، ئۇلار ئۇنى سەندىن سورىشىدۇ. ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا شۇنداق جاۋاب بەرگىنكى، قىيامەتنىڭ ۋاقتىنى پەقەت ئاللاھ تائالا ئۆزىلا بىلىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ھەممىنى ئېنىق ۋە تەپسىلىي بىلگۈچىدۇر. لېكىن كىشىلەرنىڭ تولىسى ئۇنىڭ ۋاقتىنىڭ مەخپىي بولۇشىدىكى ھېكمەتنى بىلمەيدۇ، ئۇلار بۇنى بىلگەن تەقدىردە، دۇنيانىڭ نىزامى باشقىچە بولۇپ كېتەتتى، يەر يۈزىنى گۈللەندۈرۈش، دۇنيانى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىشلىرى توختاپ قالاتتى. چۈنكى،

[1] شۇرا سۈرىسى: 18-ئايەت.

ئۆزىنىڭ قاچان ئۆلىدىغانلىقىنى بىلگەن ئادەم دۇنيالىق ئۈچۈن ئىشلىمەيدۇ، تىرىشمايدۇ. نەتىجىدە، دۇنيانىڭ تەرەققىياتى بىر ئىزدا توختاپ قالىدۇ. شۇنىڭدەك، ئىنسانلار ئىزدەنسۇن، تىرىشسۇن دەپ، ئاللاھ تائالا قەدىر كېچىسىنى ۋە دۇئا ئىجابەت بولىدىغان مەخسۇس سائەتلەرنىمۇ مەخپىي قالدۇرغان. قىيامەتنىڭ ھەدىسلەردە بايان قىلىنغان ئالامەت ۋە شەرتلىرى بار بولۇپ، ئۇلار كىچىك ئالامەتلەر ۋە چوڭ ئالامەتلەر دەپ ئاتىلىدۇ.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. قىيامەتنىڭ بولىدىغان ۋاقتىنى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئەمما قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى بار بولۇپ، بەزىسى «قۇرئان كەرىم»دە، بەزىسى ھەدىسلەردە بايان قىلىنغان. قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى ئۇنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى بەلگىلەش ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ مۇقەددىمىلىرى ۋە ئالدىنقى ئالامەتلىرىدىن خەۋەر بېرىشتىن ئىبارەتتۇر.

2. قىيامەتنىڭ بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىش ئىماننىڭ ئەڭ ئاساسلىق شەرتلىرىدىن بىرىدۇر. شۇنداقلا، ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىغا ۋە قىيامەتنىڭ بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىش ئىماننىڭ مۇھىم تەركىبىنى تەشكىل قىلىدۇ.

## ◄ پەيغەمبەرمۇ ئاللاھقا موھتاج ئىنساندۇر

﴿قُل لَّآ أَمۡلِكُ لِنَفۡسِي نَفۡعٗا وَلَا ضَرًّا إِلَّا مَا شَآءَ ٱللَّهُۚ وَلَوۡ كُنتُ أَعۡلَمُ ٱلۡغَيۡبَ لَٱسۡتَكۡثَرۡتُ مِنَ ٱلۡخَيۡرِ وَمَا مَسَّنِيَ ٱلسُّوٓءُۚ إِنۡ أَنَا۠ إِلَّا نَذِيرٞ وَبَشِيرٞ لِّقَوۡمٖ يُؤۡمِنُونَ ١٨٨﴾

## ◄ تەرجىمىسى

188-(ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «ئاللاھنىڭ خالىغىنىدىن باشقا، ئۆزۈمگە پايدا يەتكۈزۈش، ئۆزۈمنى زىياندىن قوغداپ قېلىش مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ. ئەگەر مەن غەيبنى بىلىدىغان بولسام، ئۆزۈمگە نۇرغۇن ياخشىلىقلارنى ئېلىپ كەلگەن، زىيان-زەخمەتكىمۇ ئۇچرىمىغان بولاتتىم. مەن پەقەت ئىمان ئېيتىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئاگاھلاندۇرغۇچى ۋە خۇش خەۋەر بەرگۈچى (قىلىپ ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرمەن)».

## تەپسىرى

«قۇرئان كەرىم» بۇ ئايەت ئارقىلىق جاھىلىيەت پىكىرلىرىگە ۋە بۇتپەرەسلىك ئەقىدىلىرىگە ئۇرۇش ئاچىدۇ. ئى مۇسۇلمان قېرىندىشىم! سىز بۇنىڭغا ۋە خىرىستىيانلارنىڭ ئىيسا ئەلەيھىسسالام ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىگە بىر قاراپ بېقىڭ! سىز شۇ ۋاقىتتا، ﴿إِنَّ ٱلدِّينَ عِندَ ٱللَّهِ ٱلۡإِسۡلَٰمُۗ﴾ يەنى ﴿ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ ئالدىدا (قوبۇل بولىدىغان) دىن ئىسلامدۇر﴾[1] دېگەن ئايەتنىڭ ھەقىقىتىگە يېتىسىز.

ئى پەيغەمبەر! ئۇ كاپىرلارغا ئېيتقىنكى، مەن پەقەت پەيغەمبەرلىك شەرىپىگە ۋە بۇ ئامانەتنى ئادا قىلىشقا بۇيرۇلغان بىر ئىنسانمەن، ئاللاھ ئىرادە قىلمىسا، مەن ئۆزۈمگە بىرەر پايدا يەتكۈزۈش ياكى ئۆزۈمنى زىياندىن قوغداپ قېلىشمۇ مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ، مەن بىر ئىنسانكى، غەيبنى بىلمەيمەن، چۈنكى غەيبلەرنى پەقەت ئاللاھ تائالا بىلىدۇ. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، مەن قىيامەتنىڭ قاچان بولۇشىنى نەدىن بىلەي؟ ئەگەر مەن غەيبنى بىلگەن بولسام، دۇنيا مەنپەئەتلىرىدىن نۇرغۇن مەنپەئەت ھاسىل قىلغان بولاتتىم، زىيان-زەخمەتكىمۇ ئۇچرىمىغان بولاتتىم، لېكىن مەن غەيبنى بىلمەيمەن. شۇڭا ماڭا تەقدىر قىلىنغان ياخشىلىق ۋە يامانلىق يېتىپ تۇرىدۇ. مەن پەقەت ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئىمان ئېيتىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئاگاھلاندۇرغۇچى ۋە خۇش خەۋەر بەرگۈچى قىلىپ ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرمەن، ئىمان ئېيتقانلارغا ئاخىرەتتىكى جەننەت بىلەن خۇش خەۋەر بېرىمەن، ئىمان ئېيتىشتىن باش تارتقانلارنى دوزاخ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرىمەن. مېنىڭ ئىشىم مۇشۇدۇر. ﴿فَإِنَّمَا يَسَّرۡنَٰهُ بِلِسَانِكَ لِتُبَشِّرَ بِهِ ٱلۡمُتَّقِينَ وَتُنذِرَ بِهِۦ قَوۡمٗا لُّدّٗا﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر!) سېنىڭ تەقۋادارلارغا خۇش خەۋەر بېرىشىڭ ۋە جېدەلخور قەۋمنى ئاگاھلاندۇرۇشۇڭ ئۈچۈن، بىز بۇ قۇرئاننى سېنىڭ تىلىڭ بىلەن ئوڭايلاشتۇرۇپ بەردۇق﴾[2].

خۇلاسە سۆز شۇكى، پەيغەمبەرلەر ئىنسانلار ئىچىدىكى ئەڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر زاتلار بولۇپ، ئۇلار ئاللاھ تائالا سۆيەتلىنىدىغان سۆيەتلەر بىلەن سۆيەتلەنمەيدۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ئىلىم -ھېكمەت ۋە تەدبىرلىرىدە ئۇنىڭغا شېرىك بولالمايدۇ، ئۇلار پەقەت پەيغەمبەرلىك شەرىپىگە نائىل بولغان ۋە بارلىق ئىنسانلارغا ياخشى ئىشلاردا ئۈلگە بولغان كىشىلەردۇر.

---

[1] ئال ئىمران سۈرىسى: 19-ئايەت.

[2] مەريەم سۈرىسى: 97- ئايەت.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. پەيغەمبەر ئۆزى ئۈچۈن پايدا كەلتۈرۈش ياكى زىياندىن ساقلىنىشقا ئىگە بولالمىغان يەردە، قانداقمۇ ئۇنىڭدىن ياكى ئۇنىڭدىن تۆۋەن ئادەتتىكى ئىنسانلاردىن مەدەت تىلىگىلى بولسۇن؟!

2. پەيغەمبەر ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلارغا ئەۋەتكەن ئەلچىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىمان ئېيتقانلارغا جەننەت بىلەن خۇش خەۋەر بېرىدىغان، كۇفرىلىقتا چىڭ تۇرغانلارنى دوزاخ بىلەن ئاگاھلاندۇرىدىغان ۋەزىپىسى بار.

3. غەيبنىڭ ئەھۋالىنى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئەمما ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلىرىدىن بەزىسىگە بەزى غەيبلەرنى بىلدۈرگەن. ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن بەزى غەيبلەر بىلدۈرۈلگەن پەيغەمبەرلەرنى غەيبنى بىلىدۇ، دېيىشكە بولمايدۇ، پەقەت ئاللاھ تائالا بەزى غەيبلەرنى بىلدۈرگەن دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى، ئۇلار غەيبنى بىلمەيدۇ.

### ◄ ئىنسان ئەنە شۇنداق تۇزكور مەخلۇقتۇر

﴿هُوَ ٱلَّذِى خَلَقَكُم مِّن نَّفْسٍ وَٰحِدَةٍ وَجَعَلَ مِنْهَا زَوْجَهَا
لِيَسْكُنَ إِلَيْهَا ۖ فَلَمَّا تَغَشَّىٰهَا حَمَلَتْ حَمْلًا خَفِيفًا فَمَرَّتْ بِهِۦ ۖ
فَلَمَّآ أَثْقَلَت دَّعَوَا ٱللَّهَ رَبَّهُمَا لَئِنْ ءَاتَيْتَنَا صَٰلِحًا لَّنَكُونَنَّ مِنَ
ٱلشَّٰكِرِينَ ﴿١٨٩﴾ فَلَمَّآ ءَاتَىٰهُمَا صَٰلِحًا جَعَلَا لَهُۥ شُرَكَآءَ فِيمَآ ءَاتَىٰهُمَا ۚ
فَتَعَٰلَى ٱللَّهُ عَمَّا يُشْرِكُونَ ﴿١٩٠﴾ أَيُشْرِكُونَ مَا لَا يَخْلُقُ شَيْـًٔا وَهُمْ
يُخْلَقُونَ ﴿١٩١﴾ وَلَا يَسْتَطِيعُونَ لَهُمْ نَصْرًا وَلَآ أَنفُسَهُمْ يَنصُرُونَ ﴿١٩٢﴾
وَإِن تَدْعُوهُمْ إِلَى ٱلْهُدَىٰ لَا يَتَّبِعُوكُمْ ۚ سَوَآءٌ عَلَيْكُمْ أَدَعَوْتُمُوهُمْ
أَمْ أَنتُمْ صَٰمِتُونَ ﴿١٩٣﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

189ـ ئۇ سىلەرنى (ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن ئىبارەت) بىر جاندىن ياراتقان، ئۇنىڭ ئۈنسى-ئۈلپەت ئېلىشى ئۈچۈن، ئايالىنى ئۇنىڭ ئۆز تېنىدىن ياراتقان

زاتتۇر. ئۇ ئايالى بىلەن يېقىنچىلىق قىلغاندىن كېيىن، ئايالى يېنىككىنە ھامىلىدار بولدى. (بۇ ھامىلىدارلىق) داۋاملاشتى، ئايالى ئېغىرلىشىۋىدى، (ئەر ـ ئايال) ئىككىيلەن رەببى ئاللاھقا: «ئەگەر بىزگە بىجىرىم پەرزەنت ئاتا قىلساڭ، ئەلۋەتتە (نېمىتىڭگە) شۈكۈر قىلغۇچىلاردىن بولىمىز» دەپ دۇئا قىلدى.

190ـئاللاھ ئۇلارغا بىجىرىم ئوغۇل پەرزەنت ئاتا قىلىۋىدى، ئۇلار (ئىنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بەزىسى) ئاللاھنىڭ ئۇلارغا ئاتا قىلغان نەرسىسى (پەر-زەنتلىرى) ھەققىدە ئاللاھقا باشقىلارنى شېرىك قىلىۋالدى. ئاللاھ ئۇلار شېرىك قىلغان نەرسىدىن پاكتۇر.

191ـئۆزلىرى يارىتىلغان، ھېچ نەرسىنى يارىتالمايدىغان نەرسىلەرنى ئۇلار (ئاللاھقا) شېرىك قىلىۋالامدۇ؟

192ـئۇ نەرسىلەر چوقۇنغۇچىلىرىغا ياردەم بېرەلمەيدۇ، ئۆزىگىمۇ ياردەم بېرەلمەيدۇ.

193ـئۇ نەرسىلەرنى توغرا يولغا چاقىرساڭلارمۇ، ئۇلار سىلەرگە ئەگەشمەيدۇ. مەيلى ئۇلارنى دەۋەت قىلىڭلار، ياكى جىم تۇرۇڭلار، بۇ ئۇلار ئۈچۈن بەرىبىر ئوخشاشتۇر (يەنى دەۋىتىڭلارغا جاۋاب بېرەلمەيدۇ).

## ◄ بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

بۇ سۈرە «قۇرئان كەرىم» ۋە تەۋھىد ئەقىدىسى توغرۇلۇق سۆز ئېچىش بىلەن باشلانغان بولۇپ، ئۇنىڭدا يارىتىلىشنىڭ باشلىنىشى، ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر، ئاندىن پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرى، خۇ-سۇسەن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى قاتارلىقلار بايان قىلىنغان، ئاندىن بۇ سۈرە يەنە «قۇرئان كەرىم» ۋە تەۋھىد ئەقىدىسى توغرۇلۇق بايانلار بىلەن ئاخىرلاشقان.

## ◄ تەپسىرى

ئى ئىنسانلار! ئاللاھ تائالا سىلەرنى ئاتاڭلار ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن ئىبارەت بىر ئىنساندىن ياراتتى، ئاندىن كۆڭلىنى ئارام تاپقۇزۇشى ئۈچۈن، جورىسى ھەۋۋانى ئۆز تېپىدىن يارىتىپ ئۇنىڭغا ھەمراھ قىلىپ بەردى. ئاندىن ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرى بالاغەت يېشىغا يەتكەندە، ئۇلار ئەر-ئايالدىن ئىبارەت ئىككى جىنسنىڭ بىر-بىرىگە موھتاج

ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆيلىنىش ئەمەلگە ئاشتى. ئېرى ئايالىغا يېقىنچىلىق قىلغاندىن كېيىن، ئايالى ھامىلىدار بولۇپ يېنىككىنە قورساق كۆتۈردى. بوۋاقنىڭ قورساقتا چوڭىيىشى بىلەن ئايالى تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ، ئۇنىڭ تۇغۇت ۋاقتى يېقىنلاشقان ۋاقىتتا، ئەر-ئايال ئىككىيلەن ئۇلۇغ رەببى ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىپ: ﴿ئەگەر بىزگە بىجىرىم پەرزەنت ئاتا قىلساڭ، ئەلۋەتتە (نېمەتلىرىڭگە) شۈكۈر قىلغۇچىلاردىن بولىمىز﴾ دەپ دۇئا قىلدى. نەتىجىدە، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا ئۇلارنىڭ تىلىگەندەك بىجىرىم ئوغۇل پەرزەنت ئاتا قىلىۋىدى، ئۇلار ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈپ، بۇتلارغا چوقۇنۇشقا باشلىدى. ھالبۇكى، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن ئەلۋەتتە پاكتۇر!

مۇتلەق كۆپ سانلىق مۇپەسسىرلەر ﴿فَلَمَّآ ءَاتَىٰهُمَا صَٰلِحًا جَعَلَا لَهُۥ شُرَكَآءَ فِيمَآ ءَاتَىٰهُمَاۚ﴾ دېگەن ئايەتتە كۆزدە تۇتۇلغانلارنىڭ ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بىر قىسىم كىشىلەر ئىكەنلىكىدە بىرلىككە كەلگەن. «بەزى مۇپەسسىرلەر ئۇلارنىڭ يەھۇدىي ۋە خرىستىيانلار ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان. يەنە بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، ئايەتتە كۆزدە تۇتۇلغانلار ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئايالى ھەۋۋا بولۇپ، ئۇلار تۇنجى پەرزەنتىنىڭ ئىسمىنى شەيتاننىڭ ۋەسۋەسە قىلىشى ئارقىلىق ‹ئابدۇ ھارىس› دەپ قويۇپ ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرگەن. بۇ ئىبادەتتە ئەمەس، بەلكى ئىسىمدا شېرىك كەلتۈرگەنلىك ئىدى»[1]. ئەللامە ئىبنى كەسىر مۇنداق دېگەن: «ئايەتتە كۆزدە تۇتۇلغانلار ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھەۋۋا ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئارىسىدىن چىققان مۇشرىكلاردۇر. ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ئايەتنى ﴿فَتَعَٰلَى ٱللَّهُ عَمَّا يُشْرِكُونَ﴾ دەپ تاماملىغانلىقى بۇنى كۈچلەندۈرىدۇ»[2]. شۇڭا بىز بۇ ئايەتنى ﴿ئاللاھ ئۇلارغا بىجىرىم ئوغۇل پەرزەنت ئاتا قىلىۋىدى، ئۇلار (نىڭ ئەۋلادلىرىدىن بەزىسى) ئاللاھنىڭ ئۆزلىرىگە ئاتا قىلغان نەرسىسى (پەرزەنتلىرى) ھەققىدە ئاللاھقا باشقىلارنى شېرىك قىلىۋالدى﴾ دەپ تەرجىمە قىلدۇق.

ئاندىن ئاللاھ تائالا مۇشرىكلارنىڭ قىلمىشىغا كايىپ مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار يېگانە ياراتقۇچى ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن يارىتىلغان، ھېچ نەرسىنى يارىتالمايدىغان ئاشۇ بۇتلارنى ياراتقۇچى ئاللاھ تائالاغا شېرىك قىلىۋا-

[1] «تفسير الطبري» 13- توم، 309- بەت.
[2] «تفسير ابن كثير» 3- توم، 525- بەت.

لامدۇ؟ ھالبۇكى، ئۇلار چوقۇنۇۋاتقان بۇتلار چوقۇنغۇچىلىرىغا ياردەم بېرەلمەيدۇ، ئۆزىگىمۇ ياردەم بېرەلمەيدۇ، بۇ بۇتلار ئېغىز- بۇرۇنلىرىغا، ئۇستى-باشلىرىغا تەۋەررۇك قىلىپ سۈرتۈلگەن شىرنىلەرگە، ئالدىغا قويۇلغان تائاملارغا قونۇۋالغان چىۋىنلەرنى ئۈركۈتۈشكىمۇ كۈچى يەتمەيدىغان تۇرسا، بۇ نەرسىلەر قانداقمۇ ئۇ مۇشرىكلارغا ياردەم بېرەلىسۇن؟! ئى مۇشرىكلار! سىلەر چوقۇنۇۋاتقان بۇ بۇتلار ھېچ نەرسىنى ئاڭلىمايدىغان، كۆرمەيدىغان نەرسىلەردۇر. سىلەر ئۇ نەرسىلەرنى توغرا يولغا چاقىرساڭلارمۇ، ئۇلار سىلەرگە ئەگەشمەيدۇ، ئۇلارنى چاقىرامسىلەر، چاقىرمامسىلەر ئۇلار ئۇچۇن بەرىبىر ئوخشاشتۇر. چۈنكى، ئۇ نەرسىلەر سىلەرگە جاۋاب بېرىشكە قادىر ئەمەس.

بەزى مۇپەسسىرلەر ﴿وَإِن تَدۡعُوهُمۡ إِلَى ٱلۡهُدَىٰ لَا يَتَّبِعُوكُمۡۚ سَوَآءٌ عَلَيۡكُمۡ أَدَعَوۡتُمُوهُمۡ أَمۡ أَنتُمۡ صَٰمِتُونَ﴾ دېگەن ئايەتنى مۇنداق تەپسىر قىلغان: «ئى مۇشرىكلار! ئەگەر سىلەر ھىدايەت تېپىش ئۈچۈن ئاشۇ بۇتلارغا دۇئا قىلساڭلارمۇ، ئۇلار سىلەرنىڭ دۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، سىلەرنىڭ دۇئايىڭلارنى ئاڭلىمايدۇ. مەيلى ئۇلارغا دۇئا قىلىڭلار، ياكى جىم تۇرۇڭلار، بۇ ئۇلار ئۈچۈن بەرىبىر ئوخشاشتۇر، چۈنكى ئۇلار ھېچ نەرسىنى ئاڭلىمايدۇ، ئۇلار ھەرگىز سىلەرنىڭ دۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلالمايدۇ. ھەقىقىي ئىلاھ ھەرگىز بۇنداق بولمايدۇ. ھەقىقىي ئىلاھ- بەندىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تۇرىدىغان، ئۇلارنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرىنى كۆرۈپ ۋە كۆزىتىپ تۇرىدىغان، ئۇلارنىڭ ھەممە ئەھۋالىنى بىلىپ تۇرىدىغان، ئۇلارغا ياردەم بېرىدىغان قۇدرەتلىك زاتتۇر. ئۇ بولسىمۇ، ئاللاھ تائالادۇر!».

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئىنسانلار ئادەم ئاتا بىلەن ھەۋۋا ئانا ئىككىسىدىن كەلگەن.

2. ئىنسانلارنىڭ ئەر-ئايال بولۇپ، ئائىلە قۇرۇپ بەختلىك ھايات كەچۈرۈشى ئاللاھ تائالانىڭ قەلبلەرنى بىرلەشتۈرۈشكە، ئىككى يات ئىنساننى بىرلەشتۈرۈپ دۇنيادىكى ئەڭ يېقىن، ئەڭ سىرداش ۋە بىر-بىرىگە ئەڭ كۆيۈمچان كىشىلەرگە ئايلاندۇرۇشقا قادىر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان ئالامەتلەردىن بىرىدۇر.

3. قەدىمدە تاشلارغا ۋە بۇتلارغا چوقۇنغانلار ئەڭ ئازغۇن قەۋملەر ھېسابلانسا، زامانىمىزدا ماددىغا چوقۇنىدىغانلار ئەڭ ئەقىلسىز ۋە ئەڭ ئازغۇن مەخلۇقلاردۇر.

## بۇتلارنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى

﴿إِنَّ ٱلَّذِينَ تَدۡعُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِ عِبَادٌ أَمۡثَالُكُمۡۖ فَٱدۡعُوهُمۡ
فَلۡيَسۡتَجِيبُواْ لَكُمۡ إِن كُنتُمۡ صَٰدِقِينَ ﴿١٩٤﴾ أَلَهُمۡ أَرۡجُلٞ يَمۡشُونَ بِهَآۖ
أَمۡ لَهُمۡ أَيۡدٖ يَبۡطِشُونَ بِهَآۖ أَمۡ لَهُمۡ أَعۡيُنٞ يُبۡصِرُونَ بِهَآۖ أَمۡ لَهُمۡ ءَاذَانٞ
يَسۡمَعُونَ بِهَاۗ قُلِ ٱدۡعُواْ شُرَكَآءَكُمۡ ثُمَّ كِيدُونِ فَلَا تُنظِرُونِ ﴿١٩٥﴾
إِنَّ وَلِـِّۧيَ ٱللَّهُ ٱلَّذِي نَزَّلَ ٱلۡكِتَٰبَۖ وَهُوَ يَتَوَلَّى ٱلصَّٰلِحِينَ ﴿١٩٦﴾ وَٱلَّذِينَ
تَدۡعُونَ مِن دُونِهِۦ لَا يَسۡتَطِيعُونَ نَصۡرَكُمۡ وَلَآ أَنفُسَهُمۡ يَنصُرُونَ
﴿١٩٧﴾ وَإِن تَدۡعُوهُمۡ إِلَى ٱلۡهُدَىٰ لَا يَسۡمَعُواْۖ وَتَرَىٰهُمۡ يَنظُرُونَ إِلَيۡكَ
وَهُمۡ لَا يُبۡصِرُونَ ﴿١٩٨﴾﴾

### تەرجىمىسى

194-سىلەر ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلىرىڭلارمۇ سىلەرگە ئوخشاشلا مەخلۇقاتتۇر، ئەگەر (ئۇلارنى ئىلاھ دېگەن) سۆزۈڭلاردا راستچىل بولساڭلار، سىلەر ئۇلارغا دۇئا قىلىپ بېقىڭلار، ئۇلار دۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلىپ باقسۇن!

195-ئۇلارنىڭ ماڭىدىغان پۇتلىرى بارمۇ؟ ياكى تۇتىدىغان قوللىرى بارمۇ؟ ياكى كۆرىدىغان كۆزلىرى بارمۇ؟ ۋەياكى ئاڭلايدىغان قۇلاقلىرى بارمۇ؟ (ئى پەيغەمبەر! مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى، «سىلەر ئاللاھقا شېرىك قىلىۋالغان نەرسىلىرىڭلارنى چاقىرىڭلار، ئاندىن ماڭا ئازراقمۇ مۆھلەت بەرمەي (قولۇڭلاردىن كېلىشىچە) زىيانكەشلىك قىلىپ بېقىڭلار».

196-شەكسىزكى، مېنىڭ ئىگەم كىتابنى نازىل قىلغان ئاللاھتۇر، ئۇ ياخشىلارغا ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ.

197-سىلەرنىڭ ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلىرىڭلار سىلەرگە ياردەم بېرەلمەيدۇ، ئۆزىگىمۇ ياردەم بېرەلمەيدۇ».

198-(ئى پەيغەمبەر!) ئەگەر ئۇلارنى ھىدايەتكە دەۋەت قىلساڭمۇ، ئۇلار ئاڭلىمايدۇ، ئۇلارنىڭ ساڭا قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرىسەن، ھالبۇكى ئۇلار كۆرمەيدۇ.

## ◄ تەپسىرى

سىلەر ئاللاھ تائالانى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان بۇتلار سىلەرگە ئوخشاشلا مەخلۇقاتتۇر، ئۇلارمۇ ئاللاھ تائالا ياراتقان مەۋجۇداتنىڭ بىر قىسمىدۇر. مەۋجۇداتلاردىن بىرەرسىنىڭ ئىنسانلار تەرىپىدىن ئىبادەت قىلىنىشى ۋە ئۇلۇغلىنىشى قەتئىي توغرا ئەمەس. چۈنكى، ئىنسان بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ ئۇلۇغى ۋە ھۆرمەتلىكىدۇر. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ئىنسانىنىڭ ئۆزىدىن تۆۋەن نەرسىلەرگە چوقۇنۇشى ئۇنىڭ ئەقىلسىزلىقى ئەمەسمۇ؟!

ئى كاپىرلار! ئەگەر سىلەر ئۆزۈڭلار چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلىرىڭلارنى «مەبۇدلىرىمىز» دېگەن دەۋايىڭلاردا راستچىل بولساڭلار، قېنى ئۇلارغا دۇئا قىلىپ بېقىڭلارچۇ، ئۇلاردىن بىر نەرسە سوراپ بېقىڭلارچۇ، ئۇلار سىلەرنىڭ دۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلىپ باقسۇن! لېكىن ئۇلار دۇئايىڭلارنى قانداقمۇ ئىجابەت قىلالىسۇن؟! ئۇلار تاشتىن ۋە ياغاچتىن ئۆزۈڭلار ياسىۋالغان نەرسىلەر تۇرسا، قانداقمۇ سىلەرنى ئاڭلىيالىسۇن؟!

سىلەر ئاللاھ تائالانى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان بۇتلىرىڭلار مەۋجۇداتنىڭ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدىكىلىرىدۇر. ئويلاپ بېقىڭلارچۇ، سىلەر چوقۇنۇۋاتقان بۇ بۇتلارنىڭ ماڭىدىغان پۇتلىرى بارمۇ؟ ياكى تۇتىدىغان قوللىرى بارمۇ؟ ياكى كۆرىدىغان كۆزلىرى بارمۇ؟ ۋەياكى ئاڭلايدىغان قۇلاقلىرى بارمۇ؟ يوق! بۇلاردىن ھېچبىرى يوق! چۈنكى ئۇ بۇتلار پەقەت تاش، لاي ۋە ياغاچلاردىن، بەزىلىرى ھەنىفە قەبىلىسىنىڭ بۇتلىرىغا ئوخشاش خورما ۋە ھەر خىل شىرنىلەردىن ياسالغان نەرسىلەردۇر. ھەنىفە قەبىلىسىدىكىلەر ئاچارچىلىق يۈز بەرگەن يىللىرىدا ئۆزلىرى چوقۇنىدىغان خورما ۋە ھەر خىل شىرنىلەردىن ياسالغان بۇتلىرىنى يېۋەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلار كىشىلەرنىڭ ئېغىزىدا «ھەنىفە قەبىلىسى ئۆزلىرىنىڭ مەبۇدىنى يېۋەتتى» دېگەن سۆز-چۆچەككە قالغان ئىكەن.

ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مۇشرىكلارغا مۇنازىرە ئېلان قىلىشقا بۇيرۇپ: ﴿سىلەر ئاللاھقا شېرىك قىلىۋالغان نەرسىلىرىڭلارنى چاقىرىڭلار، ئاندىن ماڭا ئازراقمۇ مۆھلەت بەرمەي (قولۇڭلاردىن كېلىشىچە) زىيانكەشلىك قىلىپ بېقىڭلار﴾ دېيىشكە ئەمر قىلغان ئىدى. ئەمما ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قىلچە زىيان -زەخمەت يەتكۈزەلمىگەن ئىدى. مانا بۇ مۇشرىكلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «ئى مۇھەممەد! ئىلاھلىرىمىزنىڭ ساڭا زىيان يەتكۈزۈپ قويۇشىدىن

ئەنسىرەۋاتىمىز» دېگەن سۆزىگە رەددىيەدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا بۇ مەندە رەددىيە بەرگەن: مېنىڭ ئىگەم ماڭا قۇرئاننى نازىل قىلغان، تەۋھىدكە، ياخشىلىققا، راستچىللىققا چاقىرغان ئاللاھ تائالادۇر، ئۇ مېنىڭ ئىگەمدۇر، ئۇ يەنە ياخشى بەندىلەرنىڭ ئىگىسىدۇر، ئەمما سىلەرنىڭ ئىگەڭلار شەيتاندۇر. ﴿ٱللَّهُ وَلِيُّ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ يُخۡرِجُهُم مِّنَ ٱلظُّلُمَٰتِ إِلَى ٱلنُّورِۖ وَٱلَّذِينَ كَفَرُوٓاْ أَوۡلِيَآؤُهُمُ ٱلطَّٰغُوتُ يُخۡرِجُونَهُم مِّنَ ٱلنُّورِ إِلَى ٱلظُّلُمَٰتِۗ أُوْلَٰٓئِكَ أَصۡحَٰبُ ٱلنَّارِۖ هُمۡ فِيهَا خَٰلِدُونَ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ ئىمان ئېيتقانلارنىڭ ئىگىسىدۇر، ئۇلارنى (كۇفرىنىڭ (قاراڭغۇلۇقلىرىدىن) ئىمانىنىڭ (يورۇقلۇقىغا چىقىرىدۇ؛ كاپىرلارنىڭ دوستلىرى تاغۇت (ساختا ئىلاھلار)دۇر، تاغۇت ئۇلارنى (ئىماننىڭ) يورۇقلۇقىدىن چىقىرىپ (كۇفرىنىڭ) قاراڭغۇلۇقلىرىغا كىرگۈزىدۇ. ئەنە شۇلار دوزاخ ئەھلىدۇر، ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالغۇ-چىلاردۇر﴾[1].

ئى مۇشرىكلار! سىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ ھەقىقىي ئىگەڭلار بولغان ئاللاھ تائالانى قويۇپ، چوقۇنۇۋاتقان بۇتلىرىڭلار ۋە بارلىق ساختا ئىلاھلىرىڭلار سىلەرگە ياردەم بېرەلىشكە ئەمەس، ئۆزىگە ياردەم بېرىشكىمۇ كۈچى يەتمەيدىغان نەرسىلەردۇر. ئۆزۈڭلارنى توغرا يولغا يېتەكلىشىنى تىلەپ، ئۇلارغا دۇئا قىلساڭلارمۇ، ئۇلار دۇئايىڭلارنى ئاڭلىيالمايدۇ، چۈشەنمەيدۇ. ناۋادا ئۇلارنى ھىدايەتكە دەۋەت قىلساڭلارمۇ، ئۇلار سىلەرنىڭ دەۋىتىڭلارنى ئاڭلىيالمايدۇ. ئۇ ھەيكەللەر خۇددى سىلەرگە قاراپ تۇرغاندەك كۆرۈنگىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە، ئۇلار ھېچ نەرسىنى كۆرەلمەيدۇ. ئەگەر سىلەر ئەقىل ئىگىسى بولساڭلار، قېنى ئېيتىپ بېقىڭلار! ئۇ نەرسىلەرنى ئىلاھ دەپ تىكلىۋالغىنىڭلار توغرا ئىشمۇ؟!

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. پەيغەمبەرلەر بۇتلارغا چوقۇنىدىغان مۇشرىكلارنىڭ بۇ جاھالىتىنى ۋە ئازغۇنلۇقىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، ئۇلارنى مات قىلىشتا قايىل قىلارلىق ئەقلىي دەلىللەرنى قوللانغان. مەسىلەن: سىلەر چوقۇنۇۋاتقان بۇتلىرىڭلار سىلەرنى ئاڭلىيالامدۇ، سۆزلىيەلەمدۇ؟ قېنى سۆزلىتىپ بېقىڭلارچۇ؟ سىلەر «مەبۇدلىرىمىز» دېگەن بۇ تاشلارنىڭ باشقا تاشلاردىن پەرقى بارمۇ؟ دېگەنگە ئوخشىغان سوئاللارنى سورىغانغا ئوخشاش.

---

[1] بەقەرە سۈرىسى: 257ـ ئايەت.

2. قانداقلا بىر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ سەۋەبلىرىنى ئورۇنداش بىلەن بىرلىكتە ئاللاھ تائالاغا تەۋەككۇل قىلىش پەرزدۇر.

3. ئاللاھ تائالادىن ياردەم تىلەپ، ئۇنىڭ ياردىمىگە كۆڭلىدىن ئىشەنگەن كىشى تىلىگەنلىرىدىن ھەرگىز نائۈمىد بولمايدۇ.

## ◄ شەيتاننىڭ يامانلىقىدىن ساقلىنىش چارىسى

﴿خُذِ ٱلۡعَفۡوَ وَأۡمُرۡ بِٱلۡعُرۡفِ وَأَعۡرِضۡ عَنِ ٱلۡجَٰهِلِينَ ﴿١٩٩﴾ وَإِمَّا
يَنزَغَنَّكَ مِنَ ٱلشَّيۡطَٰنِ نَزۡغٞ فَٱسۡتَعِذۡ بِٱللَّهِۚ إِنَّهُۥ سَمِيعٌ عَلِيمٌ ﴿٢٠٠﴾
إِنَّ ٱلَّذِينَ ٱتَّقَوۡاْ إِذَا مَسَّهُمۡ طَٰٓئِفٞ مِّنَ ٱلشَّيۡطَٰنِ تَذَكَّرُواْ فَإِذَا هُم
مُّبۡصِرُونَ ﴿٢٠١﴾ وَإِخۡوَٰنُهُمۡ يَمُدُّونَهُمۡ فِي ٱلۡغَيِّ ثُمَّ لَا يُقۡصِرُونَ ﴿٢٠٢﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

199 ـ (ئى پەيغەمبەر!) ئەپۇچانلىق يولىنى تۇتقىن، (كىشىلەرنى) ياخشىلىققا بۇيرۇغىن ۋە نادانلار بىلەن تەڭ بولمىغىن.

200 ـ ئەگەر سەن شەيتاندىن بىرەر ۋەسۋەسىنى ھېس قىلساڭ، دەرھال ئاللاھقا سىغىنىپ پاناھ تىلىگىن. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

201 ـ تەقۋادارلار شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىگە ئۇچرىسا ئاللاھنى ئېسىگە ئالىدۇ-دە، شۇ ھامان ھەقىقەتنى كۆرۈۋالىدۇ (شۇنىڭ بىلەن گۇناھتىن يانىدۇ).

202 ـ شەيتانلار ئۆزىنىڭ دوستلىرىنىڭ ئېزىپ كېتىشىگە مەدەت بېرىدۇ، ئاندىن ئۇلار ئازدۇرۇشتىن قالمايدۇ.

### ◄ تەپسىرى

﴿(ئى پەيغەمبەر!) ئەپۇچانلىق يولىنى تۇتقىن، (كىشىلەرنى) ياخشىلىققا بۇيرۇغىن ۋە نادانلار بىلەن تەڭ بولمىغىن﴾ دېگەن بۇ ئايەت كىشىلەرگە مۇئامىلە قىلىشنىڭ دەستۇرى، گۈزەل ئەخلاقنىڭ ئاساسىدۇر. بۇ ئەخلاق بىلەن ئىنسانلار بىر-بىرىدىن مەمنۇن بولىدۇ ۋە بىر-بىرىنى مەمنۇن قىلالايدۇ، ھەتتا بىر-بىرىنى يامان كۆرىدىغانلارمۇ بۇ ئەخلاق

بىلەن بىر-بىرىگە يېقىنلىشىدۇ ۋە ئۆزئارا ئۈلپەت ھاسىل قىلىدۇ.

ئەللامە قۇرتۇبىي ئۇز تەپسىرىدە بۇ ئايەت توغرۇلۇق مۇنداق دېگەن: «بۇ ئايەت ئىسلام دىنىنىڭ ئەمر قىلىش ۋە مەنئى قىلىشتىكى ئومۇمىي قائىدە-پىرىنسىپلىرىنى ئىخچاملىغان بولۇپ، ئايەتنىڭ ﴿ئەپۇچانلىق يولىنى تۇتقىن﴾ دېگەن قىسمى: (ئۈزۈق-تۇغقانلىق، دىنىي قېرىنداشلىق ۋە دوستلۇق قاتارلىق) بارلىق يېقىنلىق رىشتىلىرىنى ئۈزۈپ قويغانلارنى ئەپۇ قىلىپ، ئۇلارغا كۆيۈمچانلىق كۆرسىتىش، ئۆزىگە يامانلىق قىلغانلارنى كەچۈرۈش، گۇناھ سادىر قىلغانلارنىڭ قىلمىشىنى كۆرمەسكە سېلىپ، ئۇلارنى توغرىلىقتا يېتەكلەش، مۆئمىنلەرگە كۆيۈمچان ۋە مېھرىبان بولۇش قاتارلىق بىر يۈرۈش ئىسلام ئەخلاقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئايەتنىڭ ﴿(كىشىلەرنى) ياخشىلىققا بۇيرۇغىن﴾ دېگەن قىسمى: كىشىلەرنى (ئۈزۈق-تۇغقانلىق، دىنىي قېرىنداشلىق ۋە دوستلۇق قاتارلىق) بارلىق يېقىنلىق رىشتىلىرىنى داۋاملاشتۇرۇشقا، ھالال-ھارام ئىشلىرىدا ئاللاھتىن قورقۇشقا، كىشىلەرنىڭ ئەيىبىنى ئىزدىمەسلىككە، نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قارىماسلىققا بۇيرۇش قاتارلىق ئىسلامىي ئەدەپ-ئەخلاقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئايەتنىڭ ﴿نادانلار بىلەن تەڭ بولمىغىن﴾ دېگەن قىسمى: ئوقۇپ بىلىم ئېلىش، نادانلار ۋە ئەخمەقلەر بىلەن بەس-مۇنازىرە قىلىشتىن ساقلىنىش قاتارلىق گۈزەل ئەخلاق قائىدىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ»[1].

ئەللامە ئىبنى جەرىر تەبەرىي ئۆز تەپسىرىدە بۇ ئايەتتىكى مەزكۇر ئۈچ جۈملىنى تەپسىر قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ﴿ئەپۇچانلىق يولىنى تۇتقىن﴾ دېگەنلىكى كىشىلەرنىڭ ئەخلاقىدىكى ناچارلىقلارنى كۆرمەسكە سالغىن، ئۇلارنىڭ خاتالىقلىرىنى ئەپۇ قىلغىن دېگەنلىكىدۇر. ئاندىن ﴿(كىشىلەرنى) ياخشىلىققا بۇيرۇغىن﴾ دېگەنلىكى كىشىلەرنى ئىسلام دىنىدا بۇيرۇلغان بارلىق ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇغىن دېگەنلىكىدۇر. ئىسلام دىنىدا بۇيرۇلغان ياخشى ئىشلار دېگىنىمىز: تۇغقانچىلىقنى داۋاملاشتۇرۇش، يوقسۇللارغا ياردەم قىلىش، يامانلىق قىلغانلارنى ئەپۇ قىلىش، مېھماننى ھۆرمەتلەش قاتارلىق بارلىق ياخشى ئىشلارنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، ئايەتتىكى ﴿ٱلۡعُرۡفِ﴾ دېگەن سۆز ﴿المَعْـرُوفُ﴾ يەنى «ياخشىلىق» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ئىمام بۇخارىي، سۇددىي، قەتادە قاتارلىقلار مۇشۇنداق تەپسىر

[1] «تفسير القرطبي» 7-توم، 344-بەت.

قىلغان. ئاندىن ئاللاھ تائالا ﴿نادانلار بىلەن تەڭ بولمىغىن﴾ دېگەن سۆزىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى دىنني چۈشەنمىگەن ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەدرىنى بىلمىگەن نادانلاردىن يۈز ئۆرۈشكە، ئۇلار بىلەن تەڭ بولماسلىققا ۋە ئۇلارنىڭ يامانلىقىنى ئەپۇ قىلىشقا بۇيرۇغان. شۇنىمۇ ئەسكەرتىش كېرەككى، بۇ ئايەت نادانلارنى ئەپۇ قىلىشنى ئىپادىلەيدۇ، ئەمما ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا قارشى چىققان، مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش ئاچقان كاپىرلارنى ئەپۇ قىلىشقا بۇيرۇغانلىقىنى ئىپادىلىمەيدۇ، چۈنكى ئۇلارغا قارشى جىھاد قىلىش مۇسۇلمانلار ئۈچۈن پەرزدۇر»[1].

ئى پەيغەمبەر! سەن ھەمىشە ئەپۇچانلىقنى دوست تۇتقىن، كىشىلەرنى ئەپۇ قىلغىن، ئۇلارنى كۈچى يەتمەيدىغان ئىشلارغا بۇيرۇمىغىن، كەڭچىلىك قىلغۇچى، دىنني مەجبۇرىيەتلەرنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگۈچى بولغىن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «يَسِّرُواْ وَلاَ تُعَسِّرُوا ، وَبَشِّرُوا ، وَلاَ تُنَفِّرُوا» يەنى «ئاسانلاشتۇرۇڭلار، قىيىنلاشتۇرۇۋەتمەڭلار، خۇش خەۋەر بېرىڭلار، (كىشىلەرنى) قاچۇرۇپ قويماڭلار»[2]. مۆئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «مەن بىلەن خەلق ئوتتۇرىسىدا بىر تال قىل بولسىمۇ ئۈزۈلۈپ كەتمەيتتى، ئۇلار چىڭىتسا مەن بىر ئاز قويۇپ بېرەتتىم، ئۇلار قويۇپ بەرسە مەن چىڭىتاتتىم»[3].

ئى پەيغەمبەر! كىشىلەرنى ياخشى سۆز قىلىشقا، ياخشى ئىش قىلىشقا بۇيرۇغىن، نادانلار بىلەن تەڭ بولمىغىن، ئۇلاردىن يىراق تۇرغىن، يەنى نادانلارنىڭ قىلغىنىنى قىلماي، ئۇلارغا مۇلايىم بولغىن، گويا سەن ئۇلاردىن ھېچ نەرسە ئاڭلىمىغاندەك، ئۇلارمۇ ساڭا ھېچ نەرسە دېمىگەندەك ئۆتۈپ كەتكىن.

﴿(ئى پەيغەمبەر!) ئەپۇچانلىق يولىنى تۇتقىن، (كىشىلەرنى) ياخشىلىققا بۇيرۇغىن ۋە نادانلار بىلەن تەڭ بولمىغىن﴾ دېگەن بۇ ئايەت لەۋزى قىسقا، مەنىسى مول ئايەتلەردىن بولۇپ، گۈزەل ئەخلاقنىڭ يىغىندىسىدۇر. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: «فَإِنَّ خُلُقَ نَبِيِّ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ كَانَ الْقُرْآنَ» يەنى «رەسۇلۇللاھنىڭ ئەخلاقى ھەقىقەتەن قۇرئان

[1] «تفسير الطبري» 13-توم، 329-332-بەتلەر.
[2] «صحيح البخاري» 1-توم، 25-بەت، 69-ھەدىس.
[3] «التفسير الواضح» 1-توم، 799-بەت.

ئىدى»[1] دەپ راست ئېيتقان.

ئەگەر شەيتان ساڭا ۋەسۋەسە قىلىپ غەزىپىڭنى قوزغاشقا ئۇرۇنسا، ئۇنىڭ ئەڭ ئۇنۇملۇك چارىسى شۇكى، سەن شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىدىن رەببىڭ ئاللاھ تائالاغا يېلىنىپ پاناھ تىلىگىن. چۈنكى، رەببىڭ سېنىڭ سۆزۈڭنى، مۇناجاتلىرىڭنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، قىلغۇاتقان ئىشلىرىڭنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. ئۇنتۇمىغىنكى، شەيتان ئىخلاسمەن بەندىلەردىن باشقا بارلىق ئىنسانلارنى چوقۇم ئازدۇرۇپ كېتىدىغانلىقىغا قەسەم قىلغان مەخلۇقتۇر. لېكىن ئۇ شەيتان ئىمان ئېيتقان، رەببىگە چىن ئىشەنچ قىلىپ تايانغان كىشىلەرنى ھەرگىز ئازدۇرالمايدۇ. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى ساھابىلىرىگە: «مَا مِنْكُمْ مِنْ أَحَدٍ ، إِلَّا وَقَدْ وُكِّلَ بِهِ قَرِينُهُ مِنَ الْجِنِّ» قَالُوا: وَإِيَّاكَ؟ يَا رَسُولَ اللهِ قَالَ: «وَإِيَّاىَ ، إِلَّا أَنَّ اللهَ أَعَانَنِي عَلَيْهِ فَأَسْلَمَ ، فَلَا يَأْمُرُنِي إِلَّا بِخَيْرٍ» يەنى «سىلەردىن ھەرقانداق بىر كىشىنىڭ جىندىن بولغان بىر ھەمراھى بولىدۇ» دېگەندە، ساھابىلەر: «يا رەسۇلۇللاھ! سىلىگىمۇ شۇنداقمۇ؟» دەپ سوراشقان. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «ماڭىمۇ شۇنداق، لېكىن ئاللاھ ماڭا ئۇنىڭغا قارشى ياردەم بەردى، ئۇ مۇسۇلمان بولدى، شۇڭا ئۇ مېنى پەقەت ياخشى ئىشقىلا بۇيرۇيدۇ»[2] دېگەن.

ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالادىن ھەقىقىي رەۋىشتە قورقىدىغان، تەقۋادارلىق دائىرىسىدە ئىش كۆرىدىغان كىشىلەر شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىگە ئۇچرىسا، ئاللاھ تائالانى، ئۇنىڭ تەقۋادارلارغا تەييارلىغان مۇكاپاتلىرىنى ۋە ئاسىي-گۇناھكارلارغا تەييارلىغان جازاسىنى ئەسلەيدۇ-دە، ھەقىقەتنى كۆرۈۋېلىپ، شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىدىن خالاس تاپىدۇ. ئىمانى كۈچلۈك، كامىل مۇئمىن كېسەلنىڭ مىكروبلىرى كىرەلمەيدىغان، كىرگەن تەقدىردىمۇ مىكروبنى ئۆلتۈرۈپ تاشلايدىغان كۈچلۈك، ساغلام جىسىمغا ئوخشايدۇ. ئىمانى كۈچلۈك، كامىل مۇئمىنلەرگە شەيتان زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إِنَّ لِلشَّيْطَانِ لَمَّةً بِابْنِ آدَمَ وَلِلْمَلَكِ لَمَّةً فَأَمَّا لَمَّةُ الشَّيْطَانِ فَإِيعَادٌ بِالشَّرِّ وَتَكْذِيبٌ بِالْحَقِّ ، وَأَمَّا لَمَّةُ الْمَلَكِ فَإِيعَادٌ بِالْخَيْرِ وَتَصْدِيقٌ بِالْحَقِّ ، فَمَنْ وَجَدَ ذَلِكَ فَلْيَعْلَمْ أَنَّهُ مِنَ اللهِ

---

[1] «صحيح مسلم»1-توم، 512-بەت.

[2] «صحيح مسلم» 4-توم، 2167-بەت، 2814-ھەدىس.

فَلْيَحْمَدِ اللَّهَ وَمَنْ وَجَدَ الأُخْرَى فَلْيَتَعَوَّذْ بِاللَّهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيمِ» يەنى «ئادەم بالىسىغا شەيتاندىن بىر ھەمراھ بولغىنىدەك، پەرىشتىدىنمۇ بىر ھەمراھ بولىدۇ. شەيتاندىن بولغان ھەمراھ ئۇنى ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىشقا ۋە گۇناھ-مەئسىيەتلەرگە ئۈندەيدۇ. ئەمما پەرىشتىدىن بولغان ھەمراھ ئۇنى ھەقىقەتنى تونۇشقا ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئۈندەيدۇ. بۇنى ھېس قىلغان ئادەم بىلسۇنكى، ئۇ ئاللاھ تەرىپىدىندۇر، ئاللاھقا شۈكۈر قىلسۇن. ئاۋۋالقىسىنى ھېس قىلغان ئادەم ئاللاھقا سىغىنىپ شەيتاننىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلىسۇن»[1]. ئاندىن بۇ ئايەتنى ئوقۇغان: ﴿ٱلشَّيۡطَٰنُ يَعِدُكُمُ ٱلۡفَقۡرَ وَيَأۡمُرُكُم بِٱلۡفَحۡشَآءِۖ وَٱللَّهُ يَعِدُكُم مَّغۡفِرَةٗ مِّنۡهُ وَفَضۡلٗاۗ﴾ يەنى ﴿شەيتان سىلەرگە پېقىرلىق بىلەن تەھدىت سالىدۇ، سىلەرنى يامان ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ. ئاللاھ سىلەرگە دەرگاھىدىن بىر مەغپىرەت ۋە پەزل-كەرەمنى ۋەدە قىلىدۇ﴾[2]. شەيتانلار ئۆز دوستلىرىنىڭ ئېزىپ كېتىشىگە ۋە ئازغۇنلاردىن بولۇشىغا ياردەم بېرىدۇ، بارچە گۇناھ-مەئسىيەتلەردە ئۇلارغا ھەمكارلىشىدۇ، ئۇلار بۇ يولدا ھەرگىز بوشىشىپ قالمايدۇ.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. گۈزەل ئەخلاقنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى ئۆزىگە يامانلىق قىلغان كىشىدىن ئۆچ ئېلىشقا كۈچى يېتىدىغان تۇرۇقلۇق ئۇنى كەچۈرۈۋېتىشتۇر. بۇ ھەممىلا ئادەمنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ.

2. كۆڭۈلگە يامان ۋەسۋەسە ياكى يامان خىيال كەلگەندە، ياكى قاتتىق غەزەپلەنگەندە، ئاللاھ تائالاغا يۈرەكتىن ئىلتىجا قىلىپ، شەيتاننىڭ يامان ئىشلارغا كۈشكۈرتىشىدىن پاناھ تىلەش زۆرۈردۇر.

3. تەقۋادارلىق ئاخىرەتنىڭ ئەڭ ياخشى ئوزۇقى بولغىنىدەك، بۇ دۇنيادا سائادەتلىك ھايات كەچۈرۈشنىڭ يولىدۇر. چۈنكى، تەقۋا بولغان كىشى ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپىگە ۋە جازاسىغا ئۇچراپ قېلىشتىن قورقۇپ، يامان ئىشلارنى قىلمايدۇ، نەتىجىدە، ئۆزىنىڭ تەن ساقلىقىغا، ئەخلاقىغا ۋە ئائىلىسىگە زىيان يەتكۈزۈشتىن ساقلىنىپ قالىدۇ.

4. ئادىمىي شەيتانلار ئىنسانلارنى ئازدۇرۇشتا جىن شەيتانلاردىنمۇ ياماندۇر.

---

[1] «سنن الترمذي» 5-توم، 69-بەت، 2988-ھەدىس.

[2] بەقەرە سۈرىسى: 268-ئايەت..

## «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغانلىقى

﴿وَإِذَا لَمۡ تَأۡتِهِم بِـَٔايَةٖ قَالُواْ لَوۡلَا ٱجۡتَبَيۡتَهَاۚ قُلۡ إِنَّمَآ أَتَّبِعُ مَا يُوحَىٰٓ إِلَيَّ
مِن رَّبِّيۚ هَٰذَا بَصَآئِرُ مِن رَّبِّكُمۡ وَهُدٗى وَرَحۡمَةٞ لِّقَوۡمٖ يُؤۡمِنُونَ ٢٠٣﴾

### تەرجىمىسى

203ـ ئۇلارغا (ئۇلار تەلەپ قىلغان مۆجىزىلەردىن) بىرەر مۆجىزە كەلتۈرمىسەڭ، ئۇلار: «ئۆزۈڭ ئويدۇرۇپ چىقساڭ بولمامتى؟» دېيىشىدۇ. (ئى پەيغەمبەر!) ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «مەن پەقەت رەببىم تەرىپىدىن ماڭا ۋەھيى قىلىنغانغىلا ئەگىشىمەن، بۇ (قۇرئان) رەببىڭلار تەرىپىدىن (كەلتۈرۈلگەن) روشەن دەلىللەردۇر، ئىمان ئېيتىدىغان قەۋم ئۈچۈن ھىدايەت ۋە رەھمەتتۇر».

### تەپسىرى

ئۆز ۋاقتىدىكى مەككە مۇشرىكلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاجايىپ مۆجىزىلەرنى تەلەپ قىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەلەپلىرى ئورۇندالمىغاندىن كېيىن، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەنە قىلىش ۋە ئۇنى مەسخىرە قىلىش ئۈچۈن ﴿ئۆزۈڭ ئويدۇرۇپ چىقساڭ بولمامتى؟﴾ دېيىشكەن. ئۇلار بۇ سۆزلىرى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ «قۇرئان مۇھەممەدنىڭ سۆزى» دېگەن تۆھمەتلىرىنى بازارغا سالماقچى بولۇشقان ئىدى. چۈنكى، ئۇلار «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيتتى.

ئى پەيغەمبەر! ئۇ كاپىرلارغا ئېيتقىنكى، ئىش مېنىڭ ئىلكىمدە ئەمەس، مەن پەقەت رەببىم تەرىپىدىن ماڭا قىلىنغان ۋەھيىگىلا ئەگىشىمەن، ئۆزلىكىمدىن مۆجىزە يارىتالمايمەن، مەن پەقەت بىر پەيغەمبەر، سىلەر تەلەپ قىلغان مۆجىزىلەرنى ئىجاد قىلىشقا مەن قادىر ئەمەسمەن. سىلەر نېمە ئۈچۈن «قۇرئان كەرىم»دىن باشقا مۆجىزىلەرنى تەلەپ قىلىسىلەر؟ ھالبۇكى، بۇ «قۇرئان كەرىم» سىلەرگە رەببىڭلار تەرىپىدىن كەلگەن ئوپئوچۇق دەلىللەردۇر، مېنىڭ راستچىللىقىمنىڭ روشەن ھۆججىتىدۇر. بۇ كىتاب تۇرغان يەردە باشقا مۆجىزىلەرگە ھاجەت قالمايدۇ. چۈنكى، ئۇ ئىمان ئېيتىدىغان قەۋم ئۈچۈن ھىدايەتتۇر ۋە رەھمەتتۇر، ئۇنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى ئىكەنلىكىگە چىن ئىشىنىپ، ئۇنىڭغا تولۇق ئەمەل قىلغان كىشىلەر ئۈچۈن مەڭگۈلۈك نىجاتلىقتۇر.

## مۇھىم نۇقتىلىرى

1. «قۇرئان كەرىم» مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ چوڭ ۋە مەڭگۈلۈك مۆجىزىسىدۇر.

2. «قۇرئان كەرىم» تا قىيامەتكىچە پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈن ھىدايەت ۋە نۇر بولۇپ، تېكىستى، مەنىسى، ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى، مۆجىزىسى قاتارلىق ھەممە خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن ئىلىم ئەھلىلىرىنى قايىل قىلغان كىتابتۇر. ئۇنىڭ ئەدەبىي ئۇستۇنلۇكى، غەيبلەردىن خەۋەر بېرىشتىكى چىنلىقى، كىشىلەرنىڭ قەلبىنى جەلپ قىلىشتىكى سېھرىي كۈچى ۋە ئۇلۇغۋار مۆجىزىسى ئۇنىڭ راستتىنلا ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان ساماۋى كىتاب ئىكەنلىكىگە دەلىلدۇر.

## «قۇرئان كەرىم»نى ئاڭلاشنىڭ ۋە زىكرىنىڭ ئەدەبلىرى

﴿وَإِذَا قُرِئَ ٱلْقُرْءَانُ فَٱسْتَمِعُوا۟ لَهُۥ وَأَنصِتُوا۟ لَعَلَّكُمْ تُرْحَمُونَ ﴿٢٠٤﴾
وَٱذْكُر رَّبَّكَ فِى نَفْسِكَ تَضَرُّعًا وَخِيفَةً وَدُونَ ٱلْجَهْرِ مِنَ ٱلْقَوْلِ
بِٱلْغُدُوِّ وَٱلْءَاصَالِ وَلَا تَكُن مِّنَ ٱلْغَٰفِلِينَ ﴿٢٠٥﴾ إِنَّ ٱلَّذِينَ عِندَ رَبِّكَ
لَا يَسْتَكْبِرُونَ عَنْ عِبَادَتِهِۦ وَيُسَبِّحُونَهُۥ وَلَهُۥ يَسْجُدُونَ ۩ ﴿٢٠٦﴾﴾

## تەرجىمىسى

204-رەھمەتكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن، قۇرئان ئوقۇلغان چاغدا، ئۇنى دىققەت بىلەن جىم تۇرۇپ ئاڭلاڭلار.

205-رەببىڭنى يىلىنغان ۋە ئۇنىڭدىن قورققان ھالدا ئىچىڭدە ياد ئەتكىن، ئەتىگەندە-ئاخشامدا ئوتتۇراھال ئاۋازدا ئۇنىڭغا زىكىر ئېيتقىن، غاپىللاردىن بولمىغىن.

206-رەببىڭنىڭ دەرگاھىدىكى (پەرىشتە) لەر ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشتىن باش تارتمايدۇ، ئاللاھقا (كىچە-كۈندۈز) تەسبىھ ئېيتىپ تۇرىدۇ ۋە سەجدە قىلىپ تۇرىدۇ.

## تەپسىرى

ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىشىڭلار

ئۈچۈن، «قۇرئان كەرىم» ئوقۇلغان چاغدا، ئۇنى دىققەت بىلەن، پاراڭ سالماي جىم تۇرۇپ ئاڭلاڭلار. ئۇنتۇماڭلاركى، ئاللاھ تائالانىڭ سۆزىنى دىللىرىدا ئىمانىنىڭ نۇرى پارلىغان، ئەقىدىسى كۈچلۈك، ئىخلاسمەن كىشىلەرلا ئەدەپ بىلەن ئاڭلايدۇ. ئەمما دىللىرىدا ئىمانىنىڭ نۇرى بولمىغان، ئولتۇرسا-قوپسا، مال-دۇنيانىڭ غېمىنى يەيدىغان بىپەرۋا ئادەملەر «قۇرئان كەرىم»نى ئاڭلاشنى خالىمايدۇ، ئاڭلىغان تەقدىردىمۇ، كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىمايدۇ. چۈنكى، ئۇلار بۇ دۇنيانىڭ ئەرزىمەس ئىشلىرى بىلەن بەند بولۇپ غەپلەتتە قالىدۇ.

بۇ ئايەت-مەيلى نامازدا قىرائەت قىلغان چاغدا بولسۇن، ياكى خۇتبىدە ئايەت ئوقۇلغان چاغدا بولسۇن، ياكى باشقا ئورۇنلاردا «قۇرئان كەرىم» تىلاۋەت قىلىنغان چاغدا بولسۇن، ھەرقانداق يەردە پاراڭ سالماستىن، باشقا نەرسىلەرنى ئويلىماستىن، دىققەت بىلەن جىم تۇرۇپ ئاڭلاشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئىپادىلەيدۇ. «قۇرئان كەرىم» تىلاۋەت قىلىنىۋاتسا، ئاللاھ تائالانىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالماي، يېنىدىكى كىشىنىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىش مۇسۇلمانغا لايىقمۇ؟!

ئى پەيغەمبەر! رەببىڭنى ئىچىڭدە ياد ئەتكىن، رەببىڭنى ئۇنىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرىنى زىكىر قىلىش، نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىش، ئۇنىڭدىن مەغپىرەت تىلەش بىلەن ياد ئەتكىن. ﴿أَلَا بِذِكۡرِ ٱللَّهِ تَطۡمَئِنُّ ٱلۡقُلُوبُ﴾ يەنى ﴿بىلىڭلاركى، دىللار ئاللاھنى ياد ئېتىش بىلەنلا ئارام تاپىدۇ﴾[1]. رەببىڭنى ئۇنىڭغا يېلىنغان ۋە ئۇنىڭ ئازابىدىن قورققان، ساۋابىنى ئۈمىد قىلغان ھالدا، ئەتىگەن-ئاخشاملىرى ياد ئەتكىن. ﴿وَلَا تَجۡهَرۡ بِصَلَاتِكَ وَلَا تُخَافِتۡ بِهَا وَٱبۡتَغِ بَيۡنَ ذَٰلِكَ سَبِيلٗا﴾ يەنى ﴿نامىزىڭدا ئاۋازىڭنى بەك يۇقىرىمۇ قىلمىغىن، بەك تۆۋەنمۇ قىلمىغىن. بۇ ئىككىسى ئارىسىدا ئوتتۇرا يول تۇتقىن﴾ [2]. ئاللاھ تائالاغا زىكىر ئېيتىش ئۈچۈن ئەڭ مۇناسىپ ۋاقىت ئەتىگەن -ئاخشامدىكى ۋاقىتلاردۇر.

ئى مۇسۇلمان قېرىنداش! سىز ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىشتىن ھەرگىز غاپىل بولماڭ. ئۇنتۇماڭكى، رەببىڭىزنىڭ دەرگاھىدىكى پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا ئۇزلۇكسىز ئىبادەت قىلىشتىن، ئەمرىگە ئىتائەت قىلىشتىن ھەرگىز باش تارتمايدۇ، ئۇلار ئاللاھ تائالانى مەدھىيەلەپ تەسبىھ ئېيتىدۇ ۋە ئۇلۇغلاپ سەجدە قىلىدۇ. ئەھۋال شۇنداق تۇرسا، سىز قانداقمۇ

---

[1] رەئد سۈرىسى: 28-ئايەت.

[2] ئىسرا سۈرىسى: 110- ئايەت.

غاپىللاردىن بولىسىز؟!

مۇسۇلمانلار «قۇرئان كەرىم»دىكى سەجدە ئايەتلىرىنى ئوقۇغان ياكى ئاڭلىغان چېغىدا، چوقۇم تىلاۋەت سەجدىسى قىلىشى كېرەك. تىلاۋەت سەجدىسىنىڭ يولغا قويۇلغانلىقىدىكى ھېكمەتلەرنىڭ بىرى ئاللاھ تائالاغا سەجدە قىلىشتىن باش تارتقان مۇشرىكلارغا رەددىيە بېرىشىمىز ۋە ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدىكى پەرىشتىلەرگە ئەگىشىشىمىز ئۈچۈندۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «أَلَا وَإِنِّي نُهِيتُ أَنْ أَقْرَأَ الْقُرْآنَ رَاكِعًا أَوْ سَاجِدًا ، فَأَمَّا الرُّكُوعُ فَعَظِّمُواْ فِيهِ الرَّبَّ عَزَّ وَجَلَّ ، وَأَمَّا السُّجُودُ فَاجْتَهِدُواْ فِي الدُّعَاءِ ، فَقَمِنٌ أَنْ يُسْتَجَابَ لَكُمْ» يەنى «بىلىڭلاركى، مەن رۇكۇ ۋە سەجدىلەردە قۇرئان ئوقۇشتىن مەنئى قىلىندىم. رۇكۇدا ئاللاھ تائالانى ئۇلۇغلاڭلار، ئەمما سەجدىدە دۇئانى كۆپ قىلىشقا تىرىشىڭلار، سەجدىلەردە قىلىنغان دۇئا ئىجابەت بولۇشقا ئەڭ يېقىندۇر» [1]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەجدىدە مۇنداق دەپ دۇئا قىلاتتى: «اللَّهُمَّ لَكَ سَجَدَ سَوَادِي ، وَبِكَ آمَنَ فُؤَادِي ، اللَّهُمَّ ارْزُقْنِي عِلْمًا يَنْفَعُنِي ، وَعَمَلًا يَرْفَعُنِي» يەنى «ئى ئاللاھ! پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن ساڭا سەجدە قىلدىم، چىن دىلىمدىن ساڭا ئىمان ئېيتتىم، ئى ئاللاھ! ماڭا مەنپەئەتلىك ئىلىم، مەرتىۋەمنى يۇقىرى قىلىدىغان ئەمەل ئاتا قىلغىن» [2]. يەنە مۇنداق دۇئا قىلاتتى: «اللَّهُمَّ اجْعَلْ لِي فِي قَلْبِي نُوراً ، وَفِي لِسَانِي نُوراً ، وَفِي سَمْعِي نُوراً ، وَفِي بَصَرِي نُوراً ، وَمِنْ فَوْقِي نُوراً ، وَمِنْ تَحْتِي نُوراً ، وَعَنْ يَمِينِي نُوراً ، وَعَنْ شِمَالِي نُوراً ، وَمِنْ بَيْنِ يَدَيَّ نُوراً ، وَمِنْ خَلْفِي نُوراً ، وَاجْعَلْ فِي نَفْسِي نُوراً ، وَأَعْظِمْ لِي نُوراً» يەنى «ئى ئاللاھ! دىلىمنى نۇرلۇق قىلغىن، تىلىمنى نۇرلۇق قىلغىن، كۆزۈمنى نۇرلۇق قىلغىن، قۇلىقىمنى نۇرلۇق قىلغىن، ئوڭ ۋە سول تەرىپىمنى نۇرلۇق قىلغىن، ئۈستى ۋە ئاستى تەرىپىمنى نۇرلۇق قىلغىن، ئالدى ۋە ئارقا تەرىپىمنى نۇرلۇق قىلغىن، مېنى نۇرلۇق قىلغىن ۋە ماڭا ئاتا قىلغان نۇرۇڭنى كاتتا قىلغىن» [3]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «إِذَا قَرَأَ ابْنُ آدَمَ السَّجْدَةَ فَسَجَدَ اعْتَزَلَ الشَّيْطَانُ يَبْكِي ، يَقُولُ: يَا وَيْلَهُ – وَفِي رِوَايَةِ أَبِي كُرَيْبٍ: يَا وَيْلِي – أُمِرَ ابْنُ آدَمَ بِالسُّجُودِ

[1] «صحيح مسلم»1ـتوم، 348ـبەت، 479ـھەدىس.
[2] «مصنف ابن أبي شيبة» 1ـتوم، 380ـبەت، 4373 ـھەدىس.
[3] «مسند الإمام أحمد» 5ـتوم، 270ـبەت، 3194 ـھەدىس

فَسَجَدَ فَلَهُ الْجَنَّةُ ، وَأُمِرْتُ بِالسُّجُودِ فَأَبَيْتُ فَلِيَ النَّارُ» يەنى «ئادەم بالىسى سەجدە ئايىتىنى ئوقۇپ سەجدە قىلسا، شەيتان يىغلىغان ھالدا: ‹ئېسىت! ئادەم بالىسى سەجدىگە بۇيرۇلدى، سەجدە قىلدى، ئۇنىڭ ئورنى جەننەت بولدى. مەن سەجدىگە بۇيرۇلدۇم، سەجدىدىن باش تارتتىم، ماڭا دوزاخ ھەقلىق بولدى› دەيدۇ»[1]. فىقھى كىتابلىرىدا تىلاۋەت سەجدىسىنىڭ ئەھكاملىرى تەپسىلىي بايان قىلىنغان.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. «قۇرئان كەرىم» تىلاۋەت قىلىنغان ئورۇندا، ئۇنى جىم ئولتۇرۇپ ئاڭلاش پەرزدۇر. خۇشۇسەن، جۇمە نامىزىنىڭ خۇتبىسىنى ۋە ھەرقانداق قىرائەتنى ئۇنىڭدىك ئوقۇلىدىغان نامازدا ئىمامنىڭ قىرائىتىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاش تولىمۇ مۇھىمدۇر.

2. ئەتىگەن-ئاخشاملىرى ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىپ، كۈندىلىك مەخسۇس دۇئالارنى ئوقۇشنى ئادەت قىلىش ناھايىتى ياخشى ئىشتۇر ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگەشكەنلىكتۇر.

3. زىكرنى ھەركىم ئىچىدە ئېيتقىنى ئەۋزەلدۇر.

4. ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلغاندا ۋە نامازدا تۇرغاندا ئاللاھ تائالاغا تۆۋەنچىلىك بىلەن يېلىنىپ ئۇنى ئۇلۇغلاش، ئاۋازىنى پەس قىلىپ، تىلەكلىرىنى قايتا -قايتا تەكرارلاپ تىلەش زىكىر ۋە دۇئانىڭ ئەدەپلىرىدىن سانىلىدۇ.

5. ياخشى ئىشلارنى قىلىشتا ئۈلگىلىك زاتلارغا ئەگىشىش ۋە ئۇلارغا ئوخشاش بولۇشقا تىرىشىش ئەڭ پايدىلىق ۋە نىشانغا يېتىشكە تۈرتكە بولىدىغان ئىشتۇر. يامانلىقنى تاشلاشتىمۇ شۇ زاتلارنى ئۈلگە قىلىش لازىم.

6. يۇقىرىقى سەجدە ئايىتى «قۇرئان كەرىم»دىكى سەجدە ئايەتلىرىنىڭ ئاۋۋالقىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. سەجدە ئايىتىنى ئوقۇغاندا ياكى ئاڭلىغاندا ۋەياكى ئاڭلاش نىيىتى بىلەن بولمىسىمۇ ئىشىتىپ قالغاندا، تىلاۋەت سەجدىسى قىلىش لازىم بولىدۇ.

تىلاۋەت سەجدىسىنى كېرەك قىلغان ھاللاردا بۇ سەجدىنى قىلىش

[1] «صحيح مسلم» 1-توم، 87-بەت، 81-ھەدىس.

ھەنەفىي مەزھىپىگە كۆرە ۋاجىپتۇر[1]. ئەمما باشقا كۆپ سانلىقى مەزھەپ ئالىملىرىنىڭ نەزىرىدە سۈننەتتۇر[2].

[1] «بدائع الصنائع» 1 ـ توم 179ـ195 ـبەتلەر.
[2] «فقه السنة» 1ـتوم، 240ـبەت.